www.uyghurkitap.com

كرىستوفېر ئاندرېۋ (ئەنگلىيە)
ۋاسىلى مىتروخىن (رۇسىيە)

# КГБ
# مىتروخىن ئارخىبى

ئا. ئابدۇلھەق بوران تەرجىمىسى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
ئىستانبۇل ــ

ئەسلى مەنبەلىرى:

当代世界出版社 2002 北京第一版
王振西 主译
The Mitrokhin Archive: the KGB in Europe and the West
Christopher Andrew and Vasili Mitrokhin
Penguin 1999

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇرچە تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى 6
كىرىش سۆز........................................................................8
ئېنگلىزچىدىكى قىسقارتىلما سۆزلەر.................................10
ك گ ب نىڭ كېلىپ چىقىش يىلنامىسى ...........................16
خىتايچە تەرجىماندىن.........................................................17
ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ......................................................21
بىرىنچى باب
مىتروخىن ئارخىپلىرى .........................................................24
ئىككىنچى باپ
لېنىننىڭ چېكاسىدىن ستالىننىڭ ئو گ پ ئۇ سىغىچە.........86
ئۈچىنچى باپ
ئالاھىدە چوڭ جاسۇس.........................................................136
تۆرتىنچى باپ ...........................................................................171
كامبرىجنىڭ «بەش نوچىسى»...........................................171
بەشىنچى باپ ..........................................................................201
ستالىننىڭ چوڭ تېررورلۇق دەۋرى ...................................201
ئالتىنچى باپ ..........................................................................256
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلى.....................................256
يەتتىنچى باپ..........................................................................297
مانخاتتان پىلانى (ئا ق ش) ۋە قىبتىشما تۇربىسى پىلانى
(ئەنگلىيە)..................................................................................297

سەككىزىنچى باپ ........................................344
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غالىپلىرى ............................344
توققۇزىنچى باپ ........................................379
ئۇرۇش دەۋىدىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغىچە ................379
ئونىنچى باپ ........................................437
50-يىللاردىكى شىمالى ئامېرىكىدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلەر ........................................437
ئون بىرىنچى باپ ........................................470
كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى ............................470
ۋە ئۇنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى ........470
ئون ئىككىنچى باپ........................................502
«ئابىل»دىن كېيىنكى ئىشپىيۇن........................................502
ئون ئۈچىنچى باپ ........................................531
س ئى ئا بىلەن ك گ ب نىڭ بىر-بىرىگە سىڭىپ كىرىشى....531
ئون تۆرتىنچى باپ........................................576
سىياسى ساھەدىكى ئۇرۇشلار ........................................576
ئون بەشىنچى باپ........................................625
«پراگا باھارى»نى باستۇرۇش ........................................625
ئون ئالتىنچى باپ........................................661
«ئىلغارلىق» ھەرىكتى........................................661
ئون يەتتىنچى باب........................................695
ك گ ب بىلەن غەربى ئەللىرىنىڭ كومپارتىيىلىرى ............695
ئون سەككىزىنچى باب........................................720

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ك گ ب بىلەن ياۋروپا كوممۇنىزمى ....................................720
ئون توققۇزىنچى باب........................................................732
ئىدىيىۋى ئاڭ ساھەسىدىكى ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى.....732
يىگىرمىنچى باپ............................................................733
گورباچېۋنىڭ ساخاروۋنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىشى .........733
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئۆز تەرجىمەھالى .............734

# ئۇيغۇرچە تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى

شۇنچە جاپالار بىلەن يىللار بويى تەرجىمە قىلىپ، قايتا سېلىشتۇرۇپ، تۈزۈتۈپ ۋە راۋانلاشتۇرۇپ پۈتكۈزسەم بۇ تەرجىمە ئەسىرىمنى كېيىن بۇ تىل ۋە بۇ يېزىق بويىچە ئوقۇپ چۈشۈنەلەيدىغانغا ئادەم تېپىلماي قالارمۇ دەپ بەكلا ئەنسىرەيمەن.

بۇ ئەسەر ئوغۇرلاپ كېلىنگەن ك گ ب ئارخىپلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بىز يەرلىك مىللەتلەرگە قانداق زەربە بېرىش ۋە يوقۇتۇشتا بىر ئەسىر ئاۋالدىن تارتىپلا ك گ ب غا ئوخشاش بىر يول تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز، بىز بۇ كىتاپتا تەسۋىرلەنگەن س س س رنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ يىمىرىلگەن كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا قىلغان ناھاق دېلولارنىڭ پەيدا قىلىنىشى ۋە ئىشلىنىشلىرىنىڭ بۈگۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان ناھەقچىلىكلىرى، يوقۇتۇش يوللىرىنىڭ نەقەدەر ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز، بىز شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، خىتايدا بىرمۇ خىتاي، ئۇنىڭ سالاھىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن بىر تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى قەتئى قوبۇل قىلمىدى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان زالىم فاشىستىك تۈزۈمىنىڭ بۇندىن بىرەر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بېرى سوۋېت كومۇنىستلىرى يۈرگۈزگەن زوراۋانلىق سىياسىتى بىلەن نەقەدەر ئوخشاشلىقىنى كۆرەلەيمىز ۋە بۈگۈنكى كۈندە مەيلى خىتاي دۆلەت كادىرى بولسۇن ياكى ئالىي بىلىملىك ياكى ئاددى پۇخرا خىتاي تاجاۋۇزچىسى بولسۇن ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىپ بۈگۈنگىچە يۈرگۈزۈلگەن يەرلىك مىللى سىياسەتلىرىدىن بەكلا بوش قويۇۋەتتۇق دەپ ھەرگىز رازى بولغان ئەمەس ۋە بۈگۈنمۇ تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە سېلىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ زۇلۇمغا قاراپ بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېسداشلىق قىلغان بىرمۇ پۇخرا خىتاي يوق. سۈيۈنگۈن تەسەۋۋۇرلىگىنىمدەك، 50-60-يىللاردىمۇ بولمىغان، قېنى ئۇلارنىمۇ ئاللا ئىنسان دەپ ياراتقانلىقى، باشقىلار ساڭا قانچىلىك زۇلۇم قىلغان بولسا سېنىڭمۇ ئۇلارغا ئەڭ ئازىدا شۇنچىلىك زۇلۇم قىلىشىڭغا ھەققىڭ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەل قىساسى مىنەلھەق. بىزلەرنىڭ بىرلا يولىمىز بار: يا ئۆلۈم يا مۇستەقىللىق! شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، كەلگۈسىدە ھەرقانداق بىر خىتاي تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇدىغان خىتايلار ئەڭ ۋەھشى خىتايلار بولۇدىغانلىقى مۇقەررەر. مىللى مەسىلىدە دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرىگە ھەرگىز ئورۇن يوق. بۇ ئەسىر ئۆز مىللى دۈشمىنىمىزنى تونۇپلىشىمىزنىڭ ئەڭ رۇشەن ئەيىنكى، خىتايغا بىزنىڭ ئادىمىمىز ئەمەس، زېمىنىمىز كېرەك دېگەننى ئېنىق تونۇۋېلىشىمىزغا ۋاستىلىك پاكىت بولالايدۇ.

ھازىرغا كەلگىچە ۋەتىنىمىز زىيالىلىرى ئارىسىدا ۋەتىنىمىزنىڭ 2-جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختۇتۇلىشىدا، قىرىمىنىڭ يالتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 كاتتىۋاش سۆھبىتىدە شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىش قارارى ئېلىنغانىكەن دېگەن بىر ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئەسلىدە ئۇنداق بىر ئىش يوق. ئۇ يىغىن 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا جوغراپىيىسىنى قايتا سىزىش مەقسەت قىلىنغان بىر سۆھبەت يىغىنى، ئۇ دەۋرلەردە شەرقى تۈركىستان دۇنيا جامائىتى ئارىسىدا قىلچىمۇ ئورۇنغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ مەسىلىمىز ئۇنداق خەلقارا سورۇنلاردا قىلچە تىلغان ئېلىنغان ئەمەس، بۇ پەقەت بىر قىسىم ھازىرقى زامان تارىخى شەخسلىرىمىزنىڭ ياكى يېقىنقى زامان تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرماي توختۇتۇپ قويغانلىقىنىڭ گۇناھىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلۇشىنىڭ بىر باھانىسى خالاس. ھالبۇكى ئۇ دەۋرلەردە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مۇستەقىللىق، بېسىم ۋە ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشنى مەخسەت قىلىپ بەكلا كۆپ ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرغان ياكى قايتا باشلىنىپ تۇرغان. بىزدەك كومىنىستلارنىڭ سىزىقىدىن چىقماي جىم يېتىۋالغان يېرى يوق.

2019-يىلى رامىزاننىڭ 17. قېرىلار ساناتورىيىسى ياتىقىدا.

# كىرىش سۆز

ۋاسىلى مىتروخىن، 1948~1984-يىللار ئارىسىدا ئىزچىل تۈردە ك گ ب باش شىتابىنىڭ ئارخىپ بۆلۈمىدە ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن سابىق ك گ ب مەسئۇل كادىرى يەنى پولكوۋنىك. بۇ جەرياندا، ئۇنىڭ 30 يىل ۋاقتى ك گ ب مۇتلەق مەخپىي ئارخىپ بۆلۈمىدە ئىشلەش بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، مىتروخىن ئۇ يەردە ئەڭ مەخپىي ئارخىپلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ۋاسىلى بۇ يەردە ئىشلىگەن ئاخىرقى ئون يىلدا ك گ ب مۇتلەق مەخپىي ھۆججەتلىرىنى تۈيدۈرماي كۆچۈرۈپ ۋە نۇسخا ئېلىپ (كوپىيەلەپ) ماڭدۇ. كۈندۈزلىرى كۆچۈرۈۋالغان مەخپىي ھۆججەتلەرنى يوشۇرۇنچە ئىشخانىسىدىن چىقىرىپ داچا ئۆيىنىڭ گەمىسىدىكى پول ئاستىغا يوشۇرۇپ قوياتتى. 1992-يىلىنىڭ مارت ئېيىدا، ئۇ بەكلا كۆپ مەخپىي ھۆججەتلەرنى يېنىغا ئېلىپ يېڭىدىن ئەسلىگە كەلگەن بالتىق دۆلەتلىرىدىن بىرىدە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئەلچىخانىدىكىلەرنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دېكابىردا ئائىلىسىنى ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشپىيونلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئوغۇرلىغان 6 چامادان مەخپىي ك گ ب ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ ئەنگلىيىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ.

ۋاسىلى مىتروخىن ئېلىپ چىققان بۇ مۇتلەق مەخپىي ھۆججەتلەر پۈتۈن دۇنياغا يېيىلغان مىڭلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىنىڭ تەپسىلى ماتېرىياللىرىنى ئاشكارىلاپ بەرمەكتە ئىدى. بۇ جاسۇسلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئىشپىيونلار ئىدى. ئۇ ئوغۇرلاپ قاچۇرۇپ چىققان بۇ ھۆججەتلەر يەنە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تارتىپ تا گورباچېۋ دەۋرىگىچە بولغان ك گ ب نىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بىر مۇنچە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىشلىنىش جەريانىنى پاش

www.uyghurkitap.com

قىلىپ بەرمەكتە ئىدى. مەسىلەن، دۆلەتتە چېرنىشېۋسكى[1]نىڭ ئۆلۈم سىررى، تروتسكى (لېنىن- ستالىنلار بىلەن بىرلىكتە س س س ر نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى) گە سۇيىقەست قىلىنىش جەريانى، خرۇششېۋنىڭ بېرىيا (ستالىننىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ك گ ب رەئىسى بولغان ئاتاغلىق سۇيىقەستچى) نى ئۆلتۈرۈش تەپسىلاتى، شۇنىڭدەك خروشىۋوۋنىڭ ئاغدۇرۇلۇش جەريانى؛ غەرپتە بولسا، ك گ ب نىڭ غەرپلىك مۇھىم سىياسىيونلارنى قانداق قىلىپ قىلتاققا چۈشۈرگەنلىكى، ۋېنگىرىيە ۋەقەسىنى قانداق باستۇرغانلىقى، پىراگا باھىرى ھەرىكىتىنى قانداق تىنجىتقانلىقى، ئافغانىستانغا نېمە ئۈچۈن بېسىپ كىرگەنلىكى دېگەندەك بەكلا كۆپ ۋەقەلەرنىڭ سىررىنى ئوتتۇرغا چىقارماقتا ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە ك گ ب ئىشلىگەن كىشىنى چۆچۈتكىدەك بەكلا كۆپ ۋەقەلەر، ھەرىكەتلىرى ئاشكارىلانغان ئىدى. شۇڭا، ئا ق ش نىڭ FBI ئورگىنى بۇ ماتېرىياللارنى ”ھېچقانداق بىر مەنبەدىن قولغا چۈشىرگىلى بولمايدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە تولۇق ئىستىخبارات ماتېرىيالى“ دەپ باھالايدۇ.

[1] چېرنىشېۋسكى ــ لېنىندىن ئاۋالقى رۇس كوممۇنىستى ۋە يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» ناملىق رومانى بار. ــ م.

# ئېنگلىزچىدىكى قىسقارتىلما سۆزلەر

AFSA — Armed Forces Security [SIGINT] Agency [USA]

AKEL — Cyprus Communist Party

Amtorg — American-Soviet Trading Corporation, New York

ASA — Army Security [SIGINT] Agency [USA]

AVH — Hungarian security and intelligence agency

AVO — predecessor of AVH

BfV — FRG security service

BND — FRG foreign intelligence agency

CDU — Christian Democratic Union [FRG]

Cheka — All-Russian Extraordinary Commission for Combating Counter-Revolution and Sabotage: predecessor KGB (1917-22)

CIA — Central Intelligence Agency [USA]

COCOM — Coordinating Committee for East- West Trade

Comecon — [Soviet Bloc] Council for Mutual Economic Aid

Comintern Communist International

CPC — Christian Peace Conference

CPC — Communist Party of Canada

CPCz — Communist Party of Czechoslovakia

CPGB — Communist Party of Great Britain

CPSU — Communist Party of the Soviet Union

CPUSA — Communist Party of the United States of America

CSU — Christian Social Union [FRG: ally of CDU]

www.uyghurkitap.com

DCI — Director of Central Intelligence [USA]

DGS — Portuguese security service

DGSE — French foreign intelligence service

DIA — Defense Intelligence Agency [USA]

DLB — dead letter-box

DRG — Soviet sabotage and intelligence group

DS — Bulgarian security and intelligence service

DST — French security service

F Line — "Special Actions" department in KGB residencies

FAPSI — Russian (post-Soviet) SIGINT Agency

FBI — Federal Bureau of Investigation [USA]

FCD — First Chief [Foreign Intelligence] Directorate, KGB

FCO Foreign and Commonwealth Office [UK]

FRG Federal Republic of Germany

GCHQ Government Communications Head-Quarters [British SIGINT Agency]

GDR German Democratic Republic

GPU Soviet security and intelligence service (within NKVD, 1922-3)

GRU Soviet Military Intelligence

GUGB Soviet security and intelligence service (within NKVD, 1943-43)

Gulag Labour Camps Directorate

HUMINT intelligence from human sources (espionage)

HVA GDR foreign intelligence service

ICBM intercontinental ballistic missile

IMINT imagery intelligence

INO foreign intelligence department of Cheka/GPU/OGPU/ GUGB, 1920- 1941; predecessor of INU

INU — foreign intelligence directorate of NKGB/GUGB/MGB, 1941-54; predecessor of FCD

IRA Irish Republican Army

JIC Joint Intelligence Committee [UK]

K-231 club of former political prisoners jailed under Article 231 of the Czechoslovak criminal code

KAN Club of Non-Party Activists [Czechoslovakia]

KGB Soviet security and intelligence service (1954-1991)

KHAD Afghan security service

KI Soviet foreign intelligence agency, initially combining foreign intelligence directorates of MGB

and GRU (1947-51)

KKE Greek Communist Party

KKE-es breakaway Eurocommunist Greek Communist Party

KOR Workers Defence Committee [Poland]

KPÖ Austrian Communist Party

KR Line Counter-intelligence department in

KGB residencies

LLB live letter box

MGB Soviet Ministry of State Security (1946-54)

MGIMO Moscow State Institute for International Relations

MI5 British security service

MI6 alternative designation for SIS [UK]

MOR Monarchist Association of Central Russia ("The

www.uyghurkitap.com

Trust")

N Line Illegal support department in KGB residencies

NATO North Atlantic Treaty Organization

NKGB People's Commisariat for State Security (Soviet security and intelligence service, 1941 and 1943‗ 6)

NKVD People's Commisariat for Internal Affairs (incorporated state security, 1922‗3, 1934‗43)

NSA National Security [SIGINT] Agency [USA]

NSC National Security Council [USA]

NSZRiS People's [anti‗Bolshevik] Union for Defence of Country and Freedom

NTS National Labour Alliance (Soviet émigré social‗democratic movement)

Okhrana Tsarist security service, 1881‗1917

OMS Comintern International Liaison Department

OSS Office of Strategic Services [USA]

OT Operational Technical Support (FCD)

OUN Organisation of Ukrainian Nationalists

OZNA Yugoslav security and intelligence service

PCF French Communist Party

PCI Italian Communist Party

PCP Portuguese Communist Party

PFLP Popular Front for the Liberation of Palestine

PIDE Portuguese Liberation Organization

PLO Palestine Liberation Organization

POUM Workers Unification Party (Spanish Marxist Trotskyist Party in 1930s)

PR Line political intelligence department in KGB residences

PSOE Spanish Socialist Party

PUWP Polish United Workers [Communist] Party

RCMP Royal Canadian Mounted Police

ROVS [White] Russian Combined Services Union

RYAN Raketno-Yadernoye Napadenie (Nuclear Missile Attack)

SALT Strategic Arms Limitation Talks

SAM Soviet surface-to-air missile

SB Polish Security and intelligence service

SCD Second Chief [Internal Security and Counter-Intelligence] Directorate, KGB

SDECE French foreign intelligence service; predecessor of DGSE

SDI Strategic Defense Initiative ('Star Wars')

SED Socialist Unity [Communist] Party [GDR]

SIGINT intelligence derived from interception and analysis of signals

SIS Secret Intelligence Service [UK]

SK Line Soviet colony department in KGB residencies

SKP Communist Party of Finland

SOE Special Operations Executive [UK]

SPD Social Democratic Party [FRG]

Spetsnaz Soviet special forces

SR Socialist Revolutionary

S&T scientific and technological intelligence

Stapo Austrian police security service

Stasi GDR Ministry of State Security

Stavka Wartime Soviet GHQ/high command

StB Czechoslovak security and intelligence

service

SVR Russian (post-Soviet) foreign intelligence service

TUC Trades Union Congress [UK]

UAR United Arab Republic

UB Polish security and intelligence service; predecessor of SB

UDBA Yugoslav security and intelligence service; successor to OZNA

VPK Soviet Military Industrial Commission

VVR Supreme Military Council [anti- Bolshevik Ukranian underground]

WCC World Council of Churches

WPC World Peace Council

X Line S&T department in KGB residencies

# ك گ ب نىڭ كېلىپ چىقىش يىلنامىسى

Cheka: 1917. 12

Incorporated into NKVD (as GPU): 1922. 02

OGPU: 1923. 07

Reincorporated in NKVD (as GUGB): 1934. 07

NKGB: 1941. 04

Reincorporated in NKVD (as GUGB): 1941. 07

NKGB: 1943. 04

MGB: 1946. 03

Foreign Intelligence: 1947. 10

Transferred to KI: 1951. 11

Combined with MVD to form enlarged MVD: 1953.03

KGB: 1954. 03

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خىتايچە تەرجىماندىن

بۇ كىتاپ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگىنى — ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا قۇرۇلغان چېكا (ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش كومىتېتى)دىن تارتىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلىشىنىڭ ھارپىسىغىچە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن ك گ ب (دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى)نىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ چەتئەل ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان بىر ئەسەر. بۇ كىتاپنىڭ مۇنداق ئىككى ئاپتورى بار: بىرىنچىسى ۋاسىلى مىتروخىن بولۇپ، ئۇ، 1948-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىزچىل تۈردە ك گ ب باش قوماندانلىق شتابىدا ئىشلەپ كەلگەن بىرسى. بۇ جەرياندا 30 يىلنى ك گ ب ئارخىپ بۆلۈمىدە ئىشلەپ ئۆتكەزگەن بولۇپ، ئۇ يەردە ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەڭ مەخپىي ھۆججەت ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇش ئىدى. مىتروخىن بۇ ۋەزىپىدە تۇرغان 30 يىلنىڭ ئاخىرقى 12 يىلىدا ك گ ب مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ئوغرىلىقچە كۆچۈرۈش ۋە نۇسخا ئېلىش بىلەن تىنىماي شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزگەن. مىتروخىن، كۈندۈزلىرى ئىشخانىسىدىن مەخپىي ماتېرىياللارنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىپ بىر داچا ئۆيىنىڭ پول ئاستىغا يىغىپ يوشۇرۇپ قويىدىكەن. 1992-يىلى، مىتروخىن، مەخپىي ھۆججەتلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان 6 چوڭ چامداننى ئېلىپ غەرپكە قېچىپ چىقىۋالغان. ئا ق ش فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى يەنى FBI، بۇ ماتېرىياللار «ھەرقانداق بىر مەنبەدىن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ تولۇق ئىستىخبارات ماتېرىياللىرىدۇر» دەپ قارىغان بولسا، رۇسىيە مۇناسىبەتلىك تارماقلىرى بۇ گەپنى پۈتۈنلەي «قۇرۇق گەپ» دەپ دەرھال رەت قىلىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ يەنە بىر ئاپتورى كرىستوفېر ئاندرى بولۇپ، بۇ كىشى ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخ پروفېسسورى ھەمدە تارىخ

كافېدراسىنىڭ مۇدىرى. ئۇ يەنە ئەنگلىيە ئۇچۇر تەتقىقات جەمىيىتىنىڭمۇ رەئىسى. ئۇ بۇرۇن خارۋارد، تورونتو ۋە ئاۋۇستىرالىيە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دائىملىق تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسورى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىتاپ مىتروخىن ئوغۇرلاپ چىقىۋالغان 6 چوڭ ساندۇق مەخپىي ھۆججەت ئارخىپلىرى ئاساسىدا يېزىلغان ئىكەن.

گەرچە بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە راست-يالغانلىقىنى ئايرىۋېلىش بەكلا تەس بولسىمۇ، ئاپتور بايان قىلغان ك گ ب نىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى چەتئەللەردە ئېلىپ بارغان ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىدىن ك گ ب بىلەن ئا ق ش مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ، ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىستىخبارات ئۇرۇشى ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىز (بولۇپمۇ خىتايلارنى تەھلىل قىلىش، ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى قىياسەن مۆلچەرلەپ، ۋەتىنىمىزدىكى خىتايلار ئۈچۈن مۇھاكىملەردە پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ-ئۇ.ت) ئۈچۈن ئەڭ تەپسىلى بايان قىلىنغان قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىق رولىنى يوقاتمايدۇ. بۇ يەردە شۇنى كۆرسۈتۈپ ئۆتىمىزكى، ئاپتور، غەرپ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى مەيدانىدا تۇرۇپ لېنىنغا، ستالىنغا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە ھەمدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئېغىر بوھتانلارنى قىلىپ ھۇجۇم قىلغان. بەكلا كۆپ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بايان قىلىنىشىدا ھەر دائىم پاكىتلارنى بۇرمىۋلاشتىن قىلچە چېكىنمەيدىغان مىساللار بىلەن تولغان. شۇڭا بىز بەزى يەرلىرىنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىشتىن باشقا، كىتاپخانلاردىن بۇنداق يەرلەرگە دىققەت قىلىشىنى ھەمدە تەنقىدى نوقتىئىينەزەردە تۇرۇپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز بۇ يەردە كىتاپخانلارنىڭ ئوقۇشى جەريانىدا قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇنداق 3 نوقتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتۇق:

1. «ك گ ب» دېگەن بۇ ئورگاننىڭ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ رولى ئادەتتىكى مەمورى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ رولىدىن پەرقلىق ھالدا، 1917-يىلىدىن 1991-يىلىغىچە

بولغان 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا ئىش خاراكتېرى جەھەتتە ئىزچىل تۈردە بەك كۆپ ئۆزگۈرۈش ياسىماي نىسبەتەن مۇقىم ھالەتنى ساقلاپ كېلەلىگەن بىر ئورۇن. بۇ تەشكىلات، بۇ خىل مۇقۇملۇق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ك گ ب چىلار خۇددى چېكاچىلارغا ئوخشاش ھەر دائىم ئۆزلىرىنى چېكاچىلارمىز (ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى تازىلىغۇچىلارمىز) دەپ تونۇشاتتى. «ك گ ب» دېگەن بۇ ئىسىم بەزىدە پۈتكۈل سوۋېت دەۋرىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئېنىقراق ئېيتقاندا بۇ تەشكىلات 1945-يىلىدىن كېيىن بۇ ئىسىمنى ئېلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ئىستىخبارات ئورگىنىنى كۆزدە تۇتقان.

2. «چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى» دېگەن بۇ سۆز، 1920-يىلى، سوۋېت ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى تازىلاش كومىتېتىدا چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋال چەتئەل بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1941-يىللارغىچە چەتئەل ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، بىرىنچى باشقارما دەپ ئاتالدى. 1947-يىلىدىن 1951-يىلىغىچە ئىستىخبارات كومىتېتى چەتئەل ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدۇ (1953-يىلى مارتتىن 1954-يىلى مارت بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇ دەۋردە بۇ ئورگان ئىككىنچى باشقارما بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن).

3. باش شىتاپ دېگىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق چەتئەل ئىستىخبارات ئوفىسېرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ك گ ب باش شىتابىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدى. بارلىق چەتئەل ئىستىخبارات پونكىتلىرىغا بېرىلىدىغان پۈتۈن يوليورۇقلار بىر تۇتاش باش شتاپتىن تارقىتىلىدىغان بولغاچقا، ك گ ب باش شىتابى ئادەتتە «مەركەز» دەپ ئاتالغان. ئەمەلىي ئىجرائەتلەردە بولسا، «مەركەز» دېگىنى پۈتكۈل ك گ ب سىستېمىسىنىڭ قوماندانلىق باش شىتابىنى ئەمەس ئادەتتە چەتئەل ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابىنىلا كۆرسەتمەكتە.

بۇ كىتاپتا دائىم ئوتتۇرغا چىققان «مەركەز» دېگىنى كۆپۈنچىسى ك گ ب نىڭ بىرىنچى باشقارمىسىنى ـ چەتئەل ئىستىخبارات

باشقارمىسىنى كۆزدە تۇتماقتا. بۇ كىتاپ دوكتورلۇق يىتەكچىسى ۋاڭ جېنشىنىڭ باش تەرجىمانلىقى ھەمدە باش تەھرىرلىكىدە بېكىتىلگەن. كىتاپنىڭ تەرجىمە ئىشىغا مۇتەخەسسىسلەردىن جۇ يوسەن، خې شۆۋېن، ۋاڭ رەن، جاڭ شاۋپى، ۋاڭ جۇۋاڭكەي، جۇ لىشىن، جاڭ جۇشۋې، گاۋ رېنبو، ۋاڭ لىچۇن، ۋاڭ شاۋكاڭ، لۇ شياۋشيۇ، ليۇ جىڭيى، تيەن جوڭ، خې پىڭچىڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. تەرجىمىدە مۇۋاپىق بولماي قالغان يەرلىرى كۆرۈلسە كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدى پىكىر بىلەن تۈزۈتۈش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خىتايچە تەرجىمانلار گۇرۇپپىسى ـ 2001-يىلى 22-ئۆكتەبىر

www.uyghurkitap.com

# ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

بۇ كىتاپنى ۋاسىلى مىتروخىن بىلەن بىرلىشىپ يېزىپ چىقتىم. يەنى مىتروخىننىڭ ك گ ب چەتئەل ئىستىخبارات ئارخىپلىرى ئارىسىدىن ئوغۇرلاپ چىقىۋالغان زور مىقداردىكى مۇتلەق مەخپى ماتېرىياللىرى (بىرىنچى باب بايانلىرىغا قارالسۇن) ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. ئۆتكەن 25 يىل جەريانىدا مىتروخىن 12 يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بېشىنى قولتىقىغا قىستۇرۇپ قويۇپ شۇنچە خەتەرگە قارىماي يىغقان بۇ ماتېرىياللارنى يۇرۇقلۇققا چىقىرىشنى ئالاھىدە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن. بۇ كىتاپ ئەنە شۇنداق تەقەززالىقنىڭ بىر نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

مىتروخىن توپلاپ چىققان ئارخىپلار (تۆۋەندە مىتروخىن ئارخىپلىرى دەپلا ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇرچىسىدا «مىتروخىن ئاشكارىلىغان ك گ ب نىڭ مەخپى سىرلىرى» دەپ ئېلىندى) ك گ ب ھەمدە ئۇنىڭ كېيىنكى داۋامى بولغان ئورگان مەخپى تۇتماقچى بولغان ياكى مەخپى ھۆججەتلىرىنىڭ بەكلا كۆپ ئىستىخباراتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. مىتروخىن، بۇ ئىستىخباراتلارنىڭ ئاشكارىلىنىشى كۆپچىلىكنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئىدى. ك گ ب نىڭ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەت ئارخىپلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى مۇناسىۋەت تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ دۈشمەن دەپ قاراپ ھەرىكەت قىلغان دۆلەتلەر تارىخىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبى قىسمى ھېسابلىناتتى. ئەگەر ك گ ب ئارخىپلىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق بىلەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق موسكۋا، بۇ ئارخىپلارنىڭ توغرۇلۇنۇشى شۆبھىسىزكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ «ۋەتەن، خەلققە سادىق بولغان، قىلچە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي پۈتۈنلەي ئومۇم مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ئاساستا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى» دەپ ئاشكارە ئېلان قىلدى. ئەمما بىز بۈگۈن شۇ

ۋاقىتتىكى بۇرمىلىنىۋېتىلگەن تارىخنى قايتا ئەسلىگە قايتۇرۇشقا مۇھتاجمىز.

خۇددى ھەرقانداق بىر ئارخىپقا ئوخشاش، ك گ ب نىڭ ئارخىپلىرىمۇ بۇرۇنقى تەتقىقات خۇلاسىلىرىغا ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە تايىنىپ ئېنىقلىنىشقا مۇھتاج. كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن ئىزاھاتلار، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بەكلا تەپسىلىي تولۇقلاش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇلارغا تايىنىپ مىتروخىن ئاشكارىلىغان ۋەقەلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا چۈشىنىشىمىز مۇمكىن بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللار مىتروخىن تەمىنلىگەن ئارخىپلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن تەستىقلىماقتا.

پاروللار (بۇ پاروللارنى يەنە ك گ ب ئوفىتسېرلىرىنىڭ «ۋەزىپە ئۈستىدىكى ئىسمى» دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ) كىتابىمىزدا ئادەتتە چوڭ ھەرپ بىلەن ئىپادىلەندى. بەكلا كۆپ ك گ ب پاروللىرى بىرلا قېتىم ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. بۇنداق ئەھۋاللاردا رەسمىي شەكىلدە يېزىلىشى بىلەن ئىزاھلار، ئىندىكىسلار شۇ ئادەمنىڭ نەق ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ك گ ب ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۈچۈنلا پارول بەلگىلىگەن بولۇپلا قالماي، يەنە نىشان قىلىنغان ئوبېكت ئۈچۈنمۇ، ھەمدە ئۇلارغا قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەر (ئالايلۇق غەرپ دۇنياسىدىكى سىياسەت بەلگۈلىگۈچى كىشىلەر ئۈچۈن)گىمۇ پارول بەرگەن. شۇڭا، پارولنى ك گ ب نىڭ مەلۇم بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك جاسۇسى ياكى ئىشپىيونى، ھەتتا تەرەققىي قىلدۇرغان يېڭى ئەزاسى ۋەياكى تەسىر كۆرسىتىلىدىغان ئوبېكتىنىڭ دەلىلى ئورنىدا قاراشقىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، قانداقتۇ سوۋېتكە يېقىن قاراشتىكى كىشىلەرنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ك گ ب بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەر دەپ قاراش كېرەك.

ك گ ب ئارخىپلىرىدا ئېنىقلانغان بەزى سوۋېت جاسۇسلىرى بۇ كىتابتا پەقەت شىفىرلىق بەلگىسى بويىچىلا ئىپادىلەنگەن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

قىسمەن ھاللاردا ئۇلارنىڭ نامى پەقەتلا تىلغا ئېلىنماي ئۆتكۈزۈۋېتىلدى. سەۋەبى، ئاساسلىقى ئۇلار ئۇستىدە ئەرز قىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشنىلا مەخسەت قىلدۇق. بىلىشىمچە، بۇنىڭدەك قىسقارتىلىشلار ھەرقانداق بىر باپتىكى چىقىرىلىدىغان ئاساسلىق خۇلاسىغا بىرەر تەسىر كۆرسۈتەلمەيدۇ.

ــ كرىستوفېر ئاندېروۋ

# بىرىنچى باب
# مىتروخىن ئوغرىلاپ چىققان ك گ ب قەتئىي مەخپىي ئارخىپلىرى

بۇ كىتاپ، ئاپتورنىڭ ك گ ب (KGB, КГБ ) چەتئەل ئىستىخبارات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئورگىنى ـ بىرىنچى باشقارما FCD)  نىڭ نۇرغۇنلىغان ئارخىپلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشىدىن كېيىن ئوغۇرلۇقچە كۆچۈرۈپ-نۇسخىلاپ چىققان خاتىرىلەرگە ئاساسەن يېزىلغان بىر ئەسەر. مىتروخىننىڭ ئوغۇرلاپ چىققان بۇ ئارخىپلىرى دۇنيادىكى ئەڭ مەخپىي، ئەڭ يوشۇرۇن ساقلانغان ئارخىپلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوغۇرلۇنۇشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئالاھىدە بىر ۋەقەدۇر. شۇنىڭدەك، بۇ كىتاپ بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقەتەنمۇ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى، يەنى بۈگۈنكى رۇسىيە دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئورگىنى (SVR ) تەرىپىدىن بۇنداق بىر كىتاپنىڭ يېزىلىش ئىمكانىيىتى يوق دەپ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن كېسىپ ئېيتالايدىغان بىر كىتاپ. 1996-يىلى دېكابىردا، گېرمانىيىنىڭ «فوكۇس» ژۇرنىلى، بۇ كىتاپ ھەققىدە مەلۇم بىر سابىق ك گ ب ئوفىسېرى «يۈزلىگەن رۇسىيە جاسۇسىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىپ» ئەنگلىيىگە قېچىپ چىقىۋاپتۇ دەپ خەۋەر بېرىلگىنىدە بۇ خەۋەرگە سوۋېت چەتئەل ئىستىخبارات باشقارمىسى ئاخباراتچىسى بولغان تاتيانا سامولىس: *«بۇ گەپلەر پۈتۈنلەي جۆيلۈش»* ـ دەپ مازاق قىلىپ كۈلگىنىچە، ـ*«يۈزلىگەن جاسۇس تىزىمىنى ئوغۇرلاپ قاچقان-ھە ... ياق، ياق بۇنداق بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! بۇنداق بىر ۋەتەن ساتقۇچ، بەلكىم بىرەر-ئىككى ئىشپىيوننىڭ ـ مەيلى بۇنى ئۈچمۇ دەيلى ـ ئىسمىنى بىلىۋالغان بولۇشى ئېھتىمال، ئەمما يۈزلەرچىسىنىڭ تىزىملىكىنى قولغا چۈشۈرەلىشى، ياق، ياق، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!»* دەپ شۇ ھامان قەتئىي ئىنكار قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەرچە بۇ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارە ئورگىنى بۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى «ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئۇنداق بەكلا يەڭگىللىك بىلەن ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، ئەمەلىي پاكىتلار ھەرگىزمۇ ئۇنداق سەل قارالغىدەك ئاددىي مەسىلە ئەمەس ئىدى. ك گ ب دىن يۈز ئۆرۈگۈچى كىشىنىڭ برىتانىيىگە ئېلىپ كەلگەن تىزىملىكى، نەچچە يۈز كىشىنىڭ تىزىملا ئەمەس بەلكى پۈتۈن دۇنياغا يېيىلغان نەچچە مىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى ۋە ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ تەپسىلىي ماتېرىيالىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. بۇ تىزىملىكتىكى بەزى كىشىلەر شۇنچە پۇختا، شۇنچە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان جاسۇسلار ئىدىكى، ئۇلار ساختا چەتئەل گراژدانلىق سالاھىتى بىلەن نىقاپلانغان. بۇ ئارخىپلارنىڭ ئوتتۇرغا چىقىرىلىشىدىن كېيىن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي دەۋرىدىن تارتىپ تا گورباچېۋ دەۋرىگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللانغان ھەربىر ئادەم، بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ سالاھىيىتىم ئاشكارىلانمىدى دەپ ھەرگىز كېسىپ ئېيتالماس ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. 1992-يىلى، ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى (SIS) بۇ يۈز ئۆرۈپ قاچقان كىشىگە[①] ئۇنىڭ رۇسىيىدىن قېچىشى ئۈچۈنلا ياردەم قىلغانلا بولۇپ قالماي، بەلكى مەخپىي ھۆججەت بىلەن توشقۇزۇلغان 6 يەشىك ئاخبارات ماتېرىيالى بىلەن بىرگە قوشۇپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىمۇ ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېلىۋالغان. بۇ يەشىكلەردە ك گ ب غا خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ 1984-يىلى پېنسىيىگە چىققىچە بولغان ئاخىرقى 12 يىل جەريانىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك خاتىرىلەپ ماڭغان ك گ ب ئارخىپلىرىنىڭ تەپسىلىي نۇسخىسى قاچىلانغان ئىدى. ھەتتا بۇ ماتېرىياللار تا 1918-يىلقى ئارخىپلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. بۇ يەشىكلەردىكى مەلۇماتلارنى ئا ق ش نىڭ ف ب ئاي (FBI) تەشكىلاتى، «ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇيان بىرلا ئىستىخباراتچىنىڭ قولىدىن چىققان ئەڭ تولۇق، ئەڭ مۇكەممەل ئاخبارات» دەپ تەرىپلىگەن.

①

ۋاسىلى نىكىتىچ مىتروخىن پەۋقۇلئاددە قىممەتكە ئىگە بۇ ئارخىپلارنى ئوغۇرلاپ چىقان بۇ ك گ ب ئوفىسسېرى، هازىر رەسمىيي تۇردە ئەنگلىيە گىراژدانىغا ئايلانغان. بۇ كىشى، 1922-يىلى رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر يەردە تۇغۇلغان بولۇپ، 1948-يىلىدىن باشلاپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات خىزمىتى بىلەن شوغۇللۇنۇدۇغان بىر ئوفىسسېرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتدا دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنى (چېكا، يەنى ك گ ب نىڭ دەسلەپكى شەكلى)نىڭ چەتئەل ئىستىخبارات تارمىقى بىلەن باش ئىستىخبارات ئىدارىسى ۋاقىتلىق بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىستىخبارات كومىتېتى قىلىپ تەشكىللەنگەن ئىدى. 1952-يىلى، مىتروخىن تۇنجى قېتىم ۋەزىپە ئۆتەشكە چەتئەلگە چىقىرىلغان ۋاقىتدا بۇ ئىستىخبارات كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گ پ ئۇ (دۆلەت سىياسىي بىخەتەرلىك ئىدارىسى، يەنى قىسقارتىلمىسى بويىچە گ پ ئۇ) قايتا ئەسلىگە كېلىپ باش ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن يېڭىۋاشتىن ئەنئەنىۋى رىقابەتنى باشلىۋەتكەن ئىدى. مىتروخىن، ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ئىشلىگەن دەسلەپكى 5 يىلدا هەددىدىن تاشقىرى گۇمانخورلۇق بىلەن تولغان بىر مۇهىت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ ۋاقىتلار ستالىن هوقۇق تۇتقان ئاخىرقى يىللارغا توغرا كەلگەن بىر ۋاقىتلار بولۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورگانلىرى پۈتۈن كوممۇنىزم لاگىرى بويىچە سىياسىي زىيانكەشلىك يۈرگۈزۈش بۇيرۇقى بويىچە هەرقانداق بىر تىنتوچىلار بىلەن يەهۇدىي تىرىلىشچىلىرىنىڭ سۈيىقەستىدىن ساقلىنىش دەيدىغان پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر دەۋرلەر ئىدى.[1] ئەسلىدە، بۇنداق سۈيىقەست دېگەنلىرىنىڭ هەممىسىلا دېگىدەك ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان ئۇيدۇرما تۆهمەتلەر ئىدى.

1953-يىلى يانىۋاردا، بەزىلەر ك گ ب ئورگىنى يۈرگۈزۈۋاتقان سۈيىقەستچىلەرنى قولغا ئېلىش هەرىكەتلىرىدىن نارازى بولۇپ ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرىنى «سەزگۈرلۈكى كەمچىل» بىر هەرىكەت دەپ ئاشكارە

①

www.uyghurkitap.com

تەنقىتلەيدۇ. سوۋېت ئاخبارات ئورگىنى بولغان تا س س ئاگېنتلىقىنىڭ ئېلان قىلغان كىشىنى ھەيران قالدۇرۇدۇغان بىر ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىدا ئۆتكەن بىر قانچە يىل ئىچىدە دۇنيا يەھۇدىي تىرىلىشچىلىرى (سىيونىزمچىلىرى) بىلەن غەرب ئىستىخبارات ئورگانلىرى مەلۇم بىر يەھۇدىي دوختۇرى تەشكىللىگەن تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە بىر سۈيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقى ئۈستىدە توختۇلۇپ كېلىپ، ئۇلار «سوۋېتنى ئۇجۇقتۇرۇش»نى پىلانلاشقان دەپ ئەيىپلەيدۇ. ستالىن تەختتە ئولتۇرىۋاتقان ئاخىرقى ئىككى ئايدا، گ پ ئۇ بۇ خىيالى سۈيىقەست قاتناشقۇچىلىرىنى قولغا ئېلىش ئارقىلىق سەزگۈرلۈكىنىڭ نەقەدەر يوقۇرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى بولغان. ئەسلىدە، سىيونىزم ھەرىكىتى دېگەن قارىلاش نىقابى ئاستىدا يەھۇدىيلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك بىر قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنىلا مەقسەد قىلىشقان ئىدى. دەل شۇ 1953-يىلى مارت ئېيىدا، ستالىننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىن سەل ئاۋال، مېتروخىن بۇيرۇق بويىچە «ھەقىقەت» يەنى پراۋدا گېزىتىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى يۇرى ژۇكوۋنىڭ سىيونىزمچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈشكە بارغىنىدا [2]① بۇ كىشىنىڭ ئايالى يەھۇدىي ئىرقى ئارىلاش بىر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ بۇ ئىش ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغىغان. يەنى، مېتروخىن، ستالىننىڭ بىخەتەرلىككە مەسئۇل، رەھىم دېگەننى قەتئىي بىلمەيدىغان ئادىمى لاۋرېنتى پاۋلوۋىچ بېرىيا، ژۇكوۋنى بۇ ئۇيدۇرما سۈيىقەستكە چېتىشلىق دەپ قارىغان يەھۇدىي دوختۇرنى سۈيىقەست ھەرىكىتىگە قاتناشقانلار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. كۈتۈلمىگەندە، بېرىيا، ستالىننىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەي تۇيۇقسىزلا بۇنداق بىر سۈيىقەست ئەسلا مەۋجۇت بولمىدى دەپ ئېلان قىلىپ، سۈيىقەستچى دەپ قارىلانغان كىشىلەرنىمۇ گۇناھسىز دەپ جاكالايدۇ.

1953-يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە، بېرىيانىڭ سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى سېكرېتارىيات ھەيئىتىدىكى كۆپ قىسىم

---

①

كەسپداشلىرى قايتىدىن بىرلىشىپ بىر ئارىغا كېلىشىدۇ. مەقسەت، بېرىيا سىياسىي ئۆزگۈرۈش قوزغاپ ستالىندىن قالغان هوقۇقلارنى تارتىپ ئېلىشقا تەييارلىنىپ سىياسىي ئۆزگۈرۈش قوزغىماقچى بولغان دەيدىغان باشقا بىر سىياسىي سۇيىقەست پىلانىنى پىلانلاش ئىدى. ئىيۇلدا،[3]① مىتروخىن مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ پايتەختىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان ۋاقتىدا، شىفىرنى بىۋاستە ئۆزى يېشىپ ئوقۇش تەلەپ قىلىنغان بىر پارچە مۇتلەق مەخپىي تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ تېلېگراممىدىن بېرىيانىڭ «پارتىيىگە، هۆكۈمەتكە قارشى جىنايەت بىلەن ئەيىپلەنگەنلىكىنى» بىلىپ چۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىشنى ئەسلىدە بېرىيانىڭ ئاساسلىق سىياسىي رەقىبى بولغان نىكىتا سېرگېيېۋىچ خرۇششېۋ يوشۇرۇن پىلانلىغان بىر ئىش ئىدى. بۇنى 26-ئىيۇن كۈنى سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى ئىجرائىيە هەيئىتىنىڭ بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە يىغىنىدا يىغىن مەيدانىدىلا بېرىيا قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بۇ ئىشنىڭ خرۇششېۋ پىلانلىغان بىر سۇيىقەست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بېرىيا بىر كىشىلىك كامېردا يېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كەسپداشلىرىدىن مەرھەمەت تىلەپ نەچچە قېتىملاپ بەكلا ئېچىنىشلىق كەچۈرۈم تىلەش خېتى يازغان:

*ماڭا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان ئادەتتىكى ئىشتىن بىرنى تاپشۇرساڭلار، ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتكەندە مېنىڭ هەقىقەتەنمۇ ئۆزگەرگەنلىكىمنى، سىلەرگە يەنىلا پايدام تېگىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر ... مەن هازىر، بۇ خەتنى قاراڭغۇ تۈرمە كامېرىدا ئولتۇرۇپ يېزىۋاتقىنىمدا شۇنىڭدەك كۆزئەينىكىممۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن يازغانلىرىم بەكلا قالايماقان. كەچۈرگەيسىلەر يولداشلار.*

ئۇلار بېرىيادىن قورقۇپ يۈرۈشتىن قۇتۇلۇپ قالغاچقا، يولداشلىرى ئۇنىڭ قورقىنىدىن هۇلۇقۇپ نېمە قىلارنى بىلمەي قېلىپ يازغان بۇ ئېچىنىشلىق خېتىدىن هۇزۇرلۇنۇپ، ئۇنىڭ خېتىنى قاتتىق مازاق قىلغىنىچە كۈلۈشۈپ كەتكەن.

①

www.uyghurkitap.com

24-دېكابىر كۈنى، خەۋەرلەردە ئالى سوت بېرىيانى سوتلاپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئوبرازىغا زىيان سېلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىشىپ، ستالىن دەۋرىدە ئىشلەنگەن كەڭ كۆلەملىك يوقۇتۇش ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇل ئىكەنلىكى ۋە نەچچە سەبى قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللىرىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ دەپ قارىشىپ، ئۇنىڭغا ئەنگلىيە ۋە شۇنىڭدەك باشقا غەرپ ئىستىخبارات تارماقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ «كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرمەكچى، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى تىكلەش سۈيىقەستى بىلەن شوغۇللانغان» دېگەندەك جىنايەتلەر ئارتىلغان.[3][1] شۇ سەۋەبتىن بېرىيا 1930-يىللاردىن بېرى ياگودا ۋە يېژوۋدىن قالسا ئۈچىنچى قېتىم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن سوۋېت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ كاتتابېشى بولۇپ قالدۇ. ئۇنىڭغا ئەنگلىيە ئىشپىيونى (تەبىئىكى بۇمۇ مۇنداقلا بىر ئۇيدۇرما) دېگەن جىنايەت ئارتىلغان ئىدى. ستالىن دەۋرىدىن قالغان ئەنئەنىگە ئاساسەن «سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كاتتا ئانسىپكلودىيىسى»نى سېتىۋالغانلىكى مۇشتىرىلاردىن «بىرىتىۋا ياكى قەلەمتاراش بىلەن كىتاپتىكى بېرىياغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ چىقىرىۋېتىشىنى»، ئۇنىڭ ئورنىغا «بېرىڭ بوغۇزى» ھەققىدىكى بىر ئىسىمنى قىستۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان.

خرۇششېۋنىڭ 1956-يىلى فېۋرالدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى CCCP كومپارتىيىسى 20-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن مەخپى دوكلادىنى كىشىلەر ئىزچىل تۈردە بىر-بىرىگە يەتكۈزۈپ يۈرۈشتى. بۇ دوكلاد، ستالىنىزمغا قارىتا تۇنجى قېتىملىق دائىرىلەر تەرىپىدىن تەنقىت قىلىنغان بىر دوكلاد ئىدى. خرۇششېۋ بۇ دوكلاتىدا، ستالىنىنىڭ «شەخسىگە چوقۇنۇش» ئىدىيىسىنىڭ پارتىيىۋىلىك پىرىنسىپلارنى پايمال قىلىش، ھەمدە پارتىيە ئىچىدىكى بىر قاتار دېموكراتىيە بىلەن ئىنقىلابىي قانۇن-تۈزۈملەرنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزمۇلۇنۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساسلىق سەۋەب بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى نۇتۇق،

---

①

مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن مەخپىي لىپاپ ئارقىلىق ك گ ب پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يوللۇنۇدۇ. مىتروخىن ئىشلەيدىغان ئورۇننىڭ پارتىيە ياچېيكىسى تولۇق ئىككى كۈن ۋاقىت ئايرىپ بۇ دوكلادنىڭ مەزمۇنىنى مۇھاكىمە قىلىشقان. مىتروخىن مۇنداق دەيدۇ: شۇ چاغدا، پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى ۋلادىمىر ۋاسىلىيېۋىچ ژىنىخوۋ (ئۇ كېيىن ك گ ب نىڭ فىنلاندىيىدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلەنگەن) بۇ دوكلادنىڭ مەزمۇنىنى خۇلاسىلاپ كېلىپ، «ستالىن ئەسلى بىر باندىت» دېگەنلىكى ئېنىق ئىسىمدە قالغان. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر قىسىم كوممۇنىستلار قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ياكى بەكلا ئەستايىدىللىقىدىنمۇ ئەيتاۋىر، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىمىپ قالغان. ئوتتۇرلۇقتا بەزىلەر ژىنىخوۋنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلۇدۇغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. گەرچە مىتروخىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كاللىسىدا مۇنۇ مەسىلىنى، يەنى ئولتۇرغانلار «بۇ تۇر جىنايەتلەر ئىشلەنگەن ۋاقىتتا خىرۇششېۋ ئۆزى نەدە قاپتىكەن؟» دېگەن مەسىلىنى ئويلانغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسى كۆڭلىدىكى گەپنى دېيەلمەي جىمىپ قالغان.

مىتروخىن بۇ مەخپىي دوكلادنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جاسارەتلىنىپ پىكىر بايان قىلالايدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن. مىتروخىن بۇ كۈنلەردە بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەكلا ئېغىر پىكىرلەرنى قىلغانلىقىغا قارىماي، — تەبىئىيكى غەرپ ئۆلچەملىرى بويىچە مىتروخىننىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى ك گ ب نىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە قىلغان تەنقىتلىرىنى ئۇنچىۋالا ئېغىر گەپ دېيىشكە بولمايتتى، — 1956-يىلى ئۇنى يەنىلا ھەرىكەت دائىرىسىنى ف س د 1-باشقارما ئارخىپ باشقۇرغۇچىلىقىغا يۆتكەيدۇ. يېڭى ئورۇندا باشقا بۆلۈملەر ۋە جايلاردىكى يەرلىك ك گ ب ئورگانلىرى سورىغان سۇئاللارغا جاۋاب بېرىش، مىتروخىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى. بۇ جەرياندا مىتروخىن، بېرىيانىڭ شەخسىي ئارخىپلىرىنى خىرۇششېۋ بۇيرۇق قىلىپ كۆيدۈرگۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بۇ كەسىپدىشى ئۈستىدە پايدىسىز ماتېرىيال توپلاش ئىشى ھېچقانداق بىر گۇمان پەيدا قىلالمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

يەنى، 1954~1958-يىللىرى ك گ ب مۇدىرى ئۇۋان ئالېكساندروۋىچ سېرووۋ ۋەزىپىسىگە سادىق قىياپەتتە خرۇششېۋغا، بېرىيانىڭ ئارخىۋىدا بەكلا كۆپ «كۈشكۈرتۈش، تۆھمەت» خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللار بار دەپ دوكلاد بەرگەن.[4][1]

ستالىندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم رۇسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى ئوتتۇرلىرىدا قايتىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلانغان بولۇپ، مىتروخىن بۇ تۈر ئەسەرلەرنىڭ قىزغىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. دەسلىۋىدە، يەنى 1954-يىلى موسكۋادا بورىس پاستېرناكىنىڭ يېڭى شېئىرلار توپلىمى يەنى پوئېماسى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ كىتاپ پاستىرناكىنىڭ 1945-يىلىدىن بېرى ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئەسىرى ئىدى. پاستېرناك، سوۋېت ئىنقىلابىنىڭ ھارپىلىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىي ھاياتقا قەدەم باسقان رۇسسىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، ستالىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئوتتۇرغا چىققان تۇنجى چوڭ ۋەقە ئىدى. ««دوختۇر ژىۋاگو › رومانىدىن ئىلھاملار» دەپ نام بېرىلگەن بۇ ئەسەر، ئاخىرىنى چىقارمىغان يىرىك ئەسىرىنىڭ قىسقا تەسۋىرى بىلەن بىرلىكتە بىر ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش شېئىر، (پوئېما) ئۇنىڭ يىرىك ئەسىرىدىن ئورۇن ئالغان. پاستېرناك يېزىپ پۈتكەزگەن «دوختۇر ژىۋاگو» دېگەن بۇ ئەسىرىدە، ئاجايىپ بىر باش قەھرىمانىنىڭ چار پادىشاھ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئاخىرقى دەۋرلەردىن سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئەگرى-توقاي ھايات مۇساپىسى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. 1956-يىلى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ كىتاپنى بەكلا قويۇق ئاغدۇرمىچىلىق خاراكتېرگە ئىگە دەپ باھالىشىپ بېسىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ روماندا، دوختۇر ژىۋاگو سوۋېت ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، «مانا ئەندى ئۇلۇغ دەۋر باشلىنىپتۇ» دەپ قاراپ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقى، «بۇنداق بىر

①

ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيىتى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋام قىلىشىغا تىلەكداشلىق قىلىدىغان»لىقى تەسۋىرلەنگەن. ئەمما پاستېرناك بۇ ئەسىردە تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، ھاكىمىيەت روھىنىڭ پۈتۈنلەي ياساللىقى ھەققىدىكى تۈيغۇلىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بەرگەن: لېنىننىڭ ئەسلىدە بىر «قىساسچى سىمووۇل» ئىكەنلىكىنى، ستالىننىڭ بولسا «چوقۇر يۈزلۈك زومىگەر» ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.

پاستېرناك شۇ ۋاقىتلاردا 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن بۇيان ئەسىرى چەكلىنىش تەغدىرىدىن قۇتۇلۇپ چەتئەلدە ئېلان قىلىنغان تۇنجى سوۋېت يازغۇچىسى ئىدى. ئۇ، «دوختۇر ژىۋاگو»نىڭ ماشىنكىدا كۆچۈرۈلگەن ئارگېنالىنى ئىتالىيە نەشرىيات ۋەكىلى گىيانگىياكومو فېلترىنېللىغا بەرگىنىدە، فېلترىنېللى بۇ ئارگىنالنى ئوقۇپ بولۇپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن ھاياجانلانغان ھالدا پاستېرناكقا مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ ئەسىرىڭىزدىن ئۆزەمنى خۇددى تەسۋىرىڭىزدىكى جازا ئەترىتىنىڭ ئالدىغا تىزىلغاندەك قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتىم.» ئۇزۇن ئۆتمەي پاستېرناك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە فېلترىنېللىغا بىر پارچە تېلېگراما يوللاپ، ئارگىنالنى نەشرىياتتىن قايتۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما ئاستىرتتىن بىر پارچە خەت يېزىپ، فېلترىنېللىغا كىتاپنى بېسىش ئىشىنى توختاتماسلىقنى ئۆتۈنگەن. 1957-يىلى نويابىردا، «دوختۇر ژىۋاگو» تۇنجى قېتىم ئىتالىيانچە بېسىلىدۇ. كېيىن يەنە 24 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ ئەڭ بازارلىق كىتاپقا ئايلىنىدۇ. بىر قىسىم غەرپ ئوبزورچىلىرى، بۇ كىتاپنى 1899-يىلى تولستوي ئېلان قىلغان «تىرىلىش» كىتاپىدىن كېيىن يېزىلغان ئەڭ داڭلىق رۇس رومانى دەپ باھالىشىدۇ. گەرچە موسكۋا دائىرىلىرى «دوختۇر ژىۋاگو»نىڭ بۇنچە ئۇتۇقلۇق ئېرىشكەنلىكىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كىتاپ پاستېرناكنى 1958-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىششىنى توساپ قالالمايدۇ. پاستېرناك، شىۋېتسىيە ئاكادېمىيىسىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا بۇ مۇكاپات يۈزىسىدىن «قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىنى، بەكلا مەغرۇرلانغانلىقىنى، بەكلا غۇرۇرلانغانلىقىنى، بەكلا ھەيران قالغانلىقىنى ھەمدە بۇ بۈيۈك مۇكاپاتنى ئۆزىگە

بىرلىشىدىن قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلغانلىقىنى» بىلدۈردى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يازغۇچىلار كېڭىشىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئەدەبىيات»، پاستېرناكنى «30 تال كۈمۈش تەڭگە — نوبېل مۇكاپات سوممىسى — ئۈچۈن خەلقى يېتىشتۈرگەن بۇ ئەدەبىيات گىگانتى ئۆز نامىنى سېتىۋەتتى» دەپ باھالايدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا قالغان پاستېرناك، ستوكھولمغا قايتا بىر تېلېگرامما يوللاپ، «مەن تەۋە بولۇۋاتقان بۇ جەمئىيەت، بۇنداق بىر مۇكاپاتنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تېخى تەييار ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ» بۇ مۇكاپاتنى ئالالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

مېتروخىن گەرچە پاستېرناك ئەسەرلىرىگە بەك قىزىقىپ كەتمىسىمۇ، يەنىلا «دوختۇر ژىۋاگو» دېگەن ئەسەرگە قارىتا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بەرگەن تەنقىتلىرىنى خرۇشېۋنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ساۋاتسىزلىقى دەپ قارىغان. «ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى تەرەققىياتى جەريانىغا قارىتا، — دەيدۇ خرۇشېۋ ساۋاتسىز نادانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، — بۇنداق بىر باھالاش ئىشىغا ... قەتئىي تۇردە پارتىيىمىزلا قارار بېرەلەيدۇ» دەپ سۆزلەيدۇ. موسكۋا ئەدەبىيات ئورگانلىرىنىڭ پاستېرناككا قارىتا يېڭىچە ستالىنىزم ئۇسلۇبىدا تەنقىت پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىدىن مېتروخىن قاتتىق ھەيران بولۇپ، بۇ ئىشقا بەكلا غەزەپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، 1958-يىلى ئۆكتەبىردە «ئەدەبىيات» گېزىتىغا ئىسىمسىز بىر پارچە خەت يازىدۇ. گەرچە ئۇ، پوچۇركىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن خېتىنى سول قولىدا يازغان بولسىمۇ، خېلى بىر مەزگىلگىچە سالاھىيىتىنىڭ ئاشكارلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپلا يۈرگەن. مېتروخىن، ك گ ب ئارخىپلىرىدا ئىسىمسىز خەت يازغانلارنىڭ پوچۇركىسىنى تېپىش مەقسىتىدە بەكلا كۆپ ماتېرىيال ساقلانغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ ھەتتا لىپاپىنىڭ ئاغزىنى چاپلاش ۋاقتىدا شىلىم تەرىپىنى ئاغزىدا ھۆل قىلىپ چاپلىغان بولغاچقا، ك گ ب نىڭ لابوراتورىيەلىرىدە كونۋېرت چاپلىغۇچىنىڭ شۆلگىيىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىرىۋېلىشىدىنمۇ خېلى ۋاقىلارغىچە قورقۇپ يۈرگەن. بۇ تۈر ئىشلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ خرۇشېۋغا بولغان

ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خرۇشىۋ 1956-يىلقى مەخپى دوكلاتىدا ستالىنغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك ھەرىكەت باشلاشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، بۇ ۋەدىسىگە ھېچقاچان ئەمەل قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆز ھوقۇقىغا رىقابەت ئېلان قىلىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى كۆزلەپ پاستېرناكقا زىيان سېلىشنى خرۇشىۋنىڭ ئۆزى بىۋاستە بۇيرۇق قىلغانلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىپ يۈرۈدۇ.

ئۇ ۋاقىتلاردا، مىتروخىندا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش دەيدىغان بىر خىيال ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان. ئۇ پەقەت خرۇششېۋنىڭ ئورنىغا ستالىن دەۋرىدىكىدەك ئىدىيىسى ئازراق بولغان يېڭى بىر رەھبەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىنىلا ئارزۇ قىلاتتىكەن. 1958-يىلىغا كەلگەندە، سېرووۋنىڭ ك گ ب رەئىسلىك ئورنىغا، ئۇنى ئەڭ كۈچلۈك تەنقىتلەيدىغان ئالېكساندر نىكولايېۋىچ شېلېپىن ئالمىشىدۇ. بۇ چاغدا مىتروخىن، مانا ئەندى كۆڭۈلدىكىدەك يېڭى رەھبەردىن بىرسى ئوتتۇرغا چىقتى دەپ قارىغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەندىلا 40 ياشقا كىرگەن شېلېپىن، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قۇماندانى بولۇپ داڭ چىقارغان بىرسى ئىدى. 1952-يىلىدىن 1958-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، كومسومول (ياشلار ئىتتىپاقى)نىڭ رەھبىرى بولغان شېلېپىن، خرۇششېۋنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ مىليونلىغان ياشلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ[6][1] ئادەم ئايىقى تەگمىگەن بىپايان يايلاقلارنى ئېتىزلىققا ئايلاندۇرغان بىرسى ئىدى. گەرچە بۇنداق يېڭى قۇرۇلغان كولخوز يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كېيىنچە سۇ-تۇپراق ئېقىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي، شۇ ۋاقىتلاردىكى قىسقا مۇددەت ئۆچۈن ئېيتقاندا شېلېپىن يېتەكچىلىكىدىكى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى يەنىلا ئاجايىپ پارلاق بىر ھەرىكەت دېيىش مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى (س س س ر) ژۇرنال فىلىملىرىدا ھەر دائىم چەكسىز كەتكەن يايلاقتا دولقۇندەك

---

[1]

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆركەشلەپ تۇرغان بۇغدايلىقتا قاتار تىزىلىپ ئورما ئوروپ كېتىۋاتقان كومبايىنلار كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلىپ تۇراتتى.

خۇددى مىتروخىننىڭ بۇرۇندىن ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىدەك، شېلېپىن دېگەن بۇ كىشى ك گ ب دا ئۆزىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل ئىسلاھاتچى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدىغان ئوبرازىنى تىكلەپ، كومسوموللار ئارىسىدىن بىر قىسىم قابىلىيەتلىك ياشلارنى تاللاپ كونا ستالىنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئورنىغا قويۇدۇ. بولۇپمۇ شېلېپىننىڭ تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىگەندە كۆپ قىسىم سوۋېت رەھبەرلىرىدەك ئۇنداق ئارگىنالىدىن باش كۆتۈرمەي سۆزلەيدىغان ئادىتىنىڭ ئەكسىچە قولىدىكى ئارگىنالغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ قىلىچە ھولۇقماي ئىنتايىن راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقى مىتروخىنغا ھەممىدىن بەك ياقاتتى. ئۇ، ك گ ب دا يېڭى جامائەتچىلىك ئوبرازى تىكلەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئۇ، 1961-يىلىدىلا «سوتسىئالىستىك قانۇن تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىلدى، ... چېكاچىلار (ك گ ب ئوفىسسېرلىرى) بۇندىن كېيىن قىلىچە خىجىللىق ھېس قىلماي پارتىيە ۋە سوۋېت خەلقى ئالدىغا چىقالايدىغان بولدى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ①4 ئۇندىن باشقا، مىتروخىنغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان يەنە بىر ئىش، شېلېپىن ئۇنىڭ بىر تۇغقىنىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى.

شېلېپىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بېرىيا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاندروپوۋلارغا ئوخشاش يالغۇز ك گ ب نىڭلا باشلىقى بولۇشتىلا توختاپ قالماي، تېخىمۇ چوڭ نىشاننى غايە قىلاتتى. رۇسسىيە تارىخچىسى روي مېدۋېدېۋنىڭ دېگىنىگە قارىغاندا، شېلېپىن ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىدىلا، يەنى 20 ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدە كىم بولۇشنى خالايسەن دەپ سورىغىنىدا، شېلېپىن قىلىچە ئىككىلەنمەي «داھىي!» دەپ ئۇدۇللا جاۋاب بەرگەنىكەن. يەنى شېلېپىن سىياسىي ھاياتى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇش يولىغا يېتەكلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ جەرياندا ك گ ب ئۇنىڭ

---

①

ئۇچۇن يوقۇرى ئۆرلەشنىڭ پەقەت بىر باسمىقىلا ھېسابلىناتتى. 1961-يىلى دېكابىردا، شېلېپىن ك گ ب دىن ئايرىلىدۇ. ئەمما يېڭىدىن قۇرۇلغان ئالاھىدە كۈچى بولغان سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن شېلېپىن، يەنىلا ك گ ب نىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ تۇرالايتتى. ك گ ب غا يېڭىدىن رەئىس بولغان كىشى، ئەينى ۋاقىتتا 37 ياشلىق ۋلادىمىر يېفىموۋىچ سېمىچاستنى بولۇپ، بۇرۇن شېلېپىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بىرسى ئىدى. سېمىچاستنىي ياش بولغىنى بىلەن شېلېپىندەك ئۇنچىۋالا يۇكسەكلەرگە كۆزى يوق بىرسى ئىدى. ئەمما ئۇمۇ خرۇشېۋنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سېكرىتارىيات ئىچىدىكىلەر ئارىسىدا ستالىن دەۋرىدە پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ئارخىپ ماتېرىيالى بولغانلارنىڭ ئارخىپلىرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ ھەمدە مەركىزىي كومىتېت ھەيئەت ئەزاسى، ئالىي ئىستىخبارات ئەمەلدارى ۋە ستالىن دەۋرىدە موسكۋادىكى چەتئەللىك كوممۇنىزىمچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنىمۇ يوق قىلىشقا ئۆزى بىۋاستە بۇيرۇق بېرىدۇ.

ئۇ بۇنداق بۇيرۇق قىلغان ۋاقىتىدىكىگە ئوخشاش،[7]① پەقەت قوراللىق قىسىملا بۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالىتى دەپ قارايدىغان بولغاچقا، 1957-يىلى ۋېنگرىيىدىن ئايرىلىشىدىن كېيىن، ئاندروپوپ ئىزچىل تۈردە سوۋېت كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېت ئالاقە باغلاش باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ ئارقىلىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى گۇرۇھىدىكى ھەرقايسى دۆلەت كومپارتىيىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشىغا مەسئۇل بولۇدۇ. 1967-يىلى ك گ ب رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى، بىر يوقۇرى دەرىجىلىك پارتىيە ئەمەلدارىنىڭ بۇ ئورۇنغا تەيىنلىنىشىنىڭ تۇنجى قېتىملىقى ھېسابلىناتتى. بىرېژنېۋنىڭ ئۇنى بۇنداق بىر ئورۇنغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى، ئۇنىڭ بىخەتەرلىك، ئىستىخبارات سىستېمىسىنى

①

www.uyghurkitap.com

سىياسىي جەھەتتە تىزگىنلەپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئىدى. ئاندىرپوۋنىڭ كېيىن بارلىق ك گ ب كاتتىباشلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ۋەزىپە ئۆتىگەن، سىياسىي ھىلىسى ئەڭ كۆپ بىرى بولۇپ قېلىشىغا ئىمكان بەرگەن ئىدى. ئۇ 15 يىللىق ك گ ب رەئىسلىكىدە تۇرۇشى جەريانىدا، 1982-يىلىغا كەلگەندە ئەڭ يوقۇرى پەللىگە يېتىدۇ: ئۇ، بىرىژنېۋنىڭ ئورنىغا پارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرىتارلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

مىتروخىن، شېلېپىننى ئىزچىل تۈردە كەلگۈسىدە كومپارتىيە بىرىنچى سېكرىتارى بولۇدۇغان ئادەم دەپ قاراپ كەلگەچكە، 1964-يىلى خرۇششېۋنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان گورۇھنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ھەرگىز ھەيران قالمايدۇ. ئەمما كۆپ قىسىم سوۋېت كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ كاللىسىدا بىرىياغا بولغان خاتىرىلەر بەكلا چوڭقۇر ئورۇنلۇشۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدەك بىخەتەرلىك ئورگىنى مەسئۇلى بولغان بىرسىنىڭ پارتىيە رەھبىرى ئورنىغا يۈكسىلىشىنى ھېچكىم خالىمايتتى. شېلېپىندەك بىر دەۋرنىڭ ئەمەلدارلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خرۇششېۋنىڭ ئورنىغا بىرىنچى سېكرىتار (كېيىن باش سېكرىتار بولۇدۇغان) لىيونىد ئىلىچ برېژنېۋ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان بىر نامزات ھېسابلىناتتى. برېژنېۋ، گەرچە ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشىشلاردا ئالاھىدە ماھارەتلىك ھېساپلانسىمۇ، يەنىلا بەكلا مۇلايىم، مېھرىبان، ھەممىگە تەڭ مۇئامىلىدە بولۇدۇغان، زىتلىشىپ قالغان تەرەپلەرنى ياراشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن ماھىر ۋە سەۋر-تاقەتلىك بىرى ھېسابلىناتتى. 1967-يىلى، برېژنېۋ ئۆز مەۋقەسىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە مۇقۇملاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ كىشىلەر خالىمايدىغان سېمىچاستنىنى تاشلىۋېتىپ، كونا قارانىيەت شېلېپىننىمۇ ھۆل خىشقا دەسسىتىدۇ. يەنى شېلېپىننى سوۋېت كومپارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇپ تەسىر دائىرىسى نىسبەتەن ئاز ھېسابلىنىدىغان سودا كومبىنات كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ. شېلېپىن ئازادە يېڭى ئىشخانىسىغا كېلىپلا بۇ يەرنىڭ كونا خوجايىنى ۋىكتور گرىشىننىڭ يان

ئۆزىگە «مېدۋېدېۋ» دەپ ئىسىم قويۇۋالغانلىقىنى، يەنى غەلىتە ئىسىملىك ئالاھىدە ئۇسكۇنە ــ ئۇۋۇلاش بۆلۈمى قۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەملى تۆۋەنلىتىلگەنلىكىنىڭ قىساسى ھېسابىدا موسكۋادا ھەممە يەردە گىرىشىنىنىڭ بۇ تۈر قىلىقلىرى ھەققىدە مازاق قىلىپ ئاجايىپ-غارايىپ ھىكايىلەرنى تارقىتىپ يۈرۈدۇ. سېمىچاستىنىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ھەمدە شېلېپىنىنىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەتلىتىلىشىدىن كېيىن، ك گ ب رەئىسلىكىگە يۇرىي ۋىلادىمىروۋىچ ئاندروپوۋ تەيىنلىنىپ بۇ ئورگاندىكى ئاساسلىق مەنپەئەتدار بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇ كىشى قول ئاستىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرچە لەقەم قىلىپ قويۇۋالغان «ۋېنگىرىيە خۇيى» بار كىشى ئىدى. 1956-يىلى، ئاندروپوۋ، ۋېنگىرىيە توپىلىڭى پارتلىغان ۋاقىتتا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بۇداپېشتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولۇپ تۇرغان، ئەلچىخانا دېرىزىسىدىن سىرتتا بولۇۋاتقانلارنى كۆزىتىپ تۇرغىنىدا غەزەپلەنگەن ۋېنگىرلارنىڭ بىخەتەرلىك ئورگىنى ئوفىسسېرلىرىنى يول چىرىقى تۈۋرۈكلىرىگە ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىكەن. شۇندىن باشلاپ، ئۇ ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمايدىغان بۇ قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىدىن ھەرقانچە كۈچلۈك كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت، ئاغدۇرۇلۇش پەيتى كەلگىنىدە ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر سۈرئەتتە يوقۇلۇدۇكەن دېگەن خىيالدىن قۇتۇلالمايلا يۈرگەن. كېيىنكى يىللاردا، قالغان كوممۇنىزمچى ھاكىمىيەتلەر ئاغدۇرۇلۇش بوسۇغىسىدا تەۋرىنىپ تۇرۇۋاتقان پەيتلەردە (1969-يىلقى پراگادا، 1979-يىلقى كابۇلدا، 1981-يىلقى ۋارشاۋادا) خۇددى 1956-يىلقىغا ئوخشاش بۇنداق ھاكىمىيەتلەر پەقەت قورال كۈچىگە تايىنىپلا ئۆرە تۇرالايدىكەن دەپ قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى. ئاندروپوۋ، 1957-يىلى ۋېنگىرىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئىزچىل تۈردە سوۋېت كومپارتىيە ئالاقە بىيروسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سوۋېت گۇرۇھىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كومپارتىيىلىرى بىلەن ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1967-يىلى ئاندروپوۋ ك گ ب رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئاندروپوۋ، پارتىيىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ۋەزىپىسىدە بولغانلاردىن تۇنجى قېتىم بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بىرسى بولۇپ قالۇدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىژنېۋنىڭ بۇ ئىشى، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، ئىستىخبارات سىستېمىسىنىڭ سىياسىي تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇشنى مەقسەد قىلىشى ئىدى. 5① ئاندروپوۋ كېيىن بارلىق ك گ ب كاتتىۋاشلىرى ئىچىدە بۇ ۋەزىپىدە تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان، سىياسىي ھۈنىرى ئەڭ كۈچلۈك بىر رەھبەر بولۇپ قالدۇ. ئۇ 15 يىللىق ك گ ب رەئىسلىكى جەريانىدا 1982-يىلى ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە چىقىدۇ: بىرىژنېۋنىڭ ئورنىغا باش سېكرېتار بولىدۇ.

ئاندروپوۋ ك گ ب دا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا، تۇنجى چوڭ بوھران «پراگا باھارى»دىن كېلىدۇ. چېخسلوۋاكىيىنىڭ ئىسلاھاتچىلىرى كېرىملىنىنىڭ نەزىرىدە ئەنئەنىلەرگە خىلاپ قەتئىي قوبۇل قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل «ئىنسانپەرۋەرلىك قىياپىتىدىكى كوممۇنىزم» يارىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا ئىدى. خۇددى خرۇششېۋنىڭ مەخپىي دوكلاتىدىكىگە ئوخشاش 1968-يىلى ئاۋغۇستتا ۋارشاۋا قوراللىق كۈچلىرى چېخسلوۋاكىيىگە بېسىپ كىرىپ، مىتروخىننىڭ «ئىدىيىۋىي ئۆزگۈرۈش يولىدىكى ئۇزۇن مۇساپىسىنىڭ» مۇھىم بىر كۈچ تولۇقلاش پونكىتى بولۇپ قالىدۇ. «پراگا باھارى» دەۋرىدە، مىتروخىن شەرقىي گېرمانىيىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ يەردە، مىتروخىن ئەنگلىيە رادىئو ئىستانسىسى (ب ب س) خەلقارالىق ئاڭلىتىش ئۇزۇلى، ئەركىن رادىئو ئىستانسىسى، گېرمانىيە ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسى ۋە كانادا رادىئو شىركىتىنىڭ رۇسچە پروگراممىلىرىنى ئاڭلاش جەريانىدا چېخوسلوۋاكىيە خەۋەرلىرىدىن ۋاقىپ بولۇدۇ. ئەمما ئۇ ھەر قانداق بىرسىگە پراگادىكى ئىسلاھاتچىلارغا بولغان ھېسداشلىقى ھەققىدە ئىچىنى بوشىتالمايتتى. تەخمىنەن سوۋېت تانكىلىرى پراگاغا كىرىشىدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى بىر ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. بىر ك گ ب بىرىنچى باشقارما (ف س د) 5- بۆلۈمىنىڭ («پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە» بۆلۈمى) ئوفىسېرى بولغان پولكوۋنىك ۋىكتور رىيابوۋ ئۇنىڭغا، «مەن شىۋېتسىيىگە بېرىپ بىر قانچە كۆن تۇرۇپ كەلمەكچىمەن» دەيدۇ. ئەمما

---

①

ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن ئۇنىڭ مەقسىدى ھەرگىزمۇ شىۋىتسىيىگىلا بىرىش ئەمەسلىكى چىقىپلا تۇراتتى. رىيابوۋ قايتىپ كېلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە مىتروخىننىغا، ئەتىسىدىكى «ھەقىقەت» («پراۋدا») بەكلا ئەھمىيەتلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، بۇ ماقالىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالە ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. راست دېگەندەك، مىتروخىن ئەتىسى بۇ گېزىتتىن چېخوسلوۋاكىيەنىڭ «جاھانگىر ئۇنسۇرلارنىڭ بىر قورال ئىسكىلاتى پاش قىلىنغانلىقى» ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، بۇ ئىشنىڭ رىيابوۋ بىلەن باشقا 5-ھەرىكەت بۆلۈمىدىكى كىشىلەرنىڭ مەخسۇس قاپقان قۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش مەقسىتىدە قىلغان بىر زىيانكەشلىك ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملىۋالىدۇ.

«پراگا باھارى» باستۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مىتروخىن، ئاندروپوۋنىڭ بېرلىن سىرتىدىكى كارلشورست ك گ ب نىڭ شەرقىي گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق شتابىدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىنى ئاڭلايدۇ. ئۇمۇ خۇددى شېلېپىنغا ئوخشاش كۆپ قىسىم سوۋېت ئەمەلدارلىرىدەك ئالدىن يېزىۋالغان ئادەتلەنگەن كونا گەپلەرنى تەكرارلىماستىن ئارگىنالىغا تىكىلگىنىچە سۆزلىمەي يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قاراپ تۇرۇپ بەكلا ئەركىن سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئاندروپوۋنىڭ چىرايى بەكلا جىددىي بولۇپ، كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان چاچلىرى كەڭ پېشانىسىنى يېپىپ تۇراتتى، مىتال رامكىلىق كۆزئەينەك تاقىۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىملارچە قىياپىتى قوشۇلۇپ ستالىن دەۋرىدىكى مەلئۇن بېرىيا بىلەن شېلېپىندىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە باستۇرۇپ كىرىش ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى سوۋېت پۇخرالىرىنىڭ ئاڭلىغان خەۋەرلىرىدىن بەكلا تەپسىلىي ئىدى. ئۇ، بۇ قېتىمقى بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىدىن كېيىن تىكلەنگەن ياۋروپا يېڭى تەرتىپىنى قوغداشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى دەپ قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ باشتىن تارتىپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

پراگا ئىسلاھاتچىلىرىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ھېسسىداشلىق قىلىش ھالىتىدە بولغان بولسىمۇ، بۇنداق ئوبېكتىپ تەلەپ، دەيدۇ ئاندروپوۋ، ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى پيوتر كاپىتزاغا ئوخشاش ھۆكۈمەت تەرەپ قارشىغا قوشۇلمايدىغان كىشىلەرمۇ قوبۇل قىلالايدىغان بىر چۈشەندۈرۈش دەيدۇ. ئەمما مىتروخىن، ۋارشاۋا شەرتنامىسى گۇرۇھىنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خۇلاسىغا كېلىدۇ. ئۇ، چېخوسلوۋاكىيەدىكى «ئىنسانپەرۋەرلىك كۆرۈنۈشىدىكى كوممۇنىزم»نىڭ يوقۇتۇلۇشى سوۋېت تۈزۈمىدە ھەرگىزمۇ ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى. بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ كېلىۋاتقان خۇددى ئاجايىپ غەلىتە ئەپسانىلاردا تەسۋىرلەنگىنىدەك «ئۈچ باشلىق يىلان»نىڭ رۇسىيە خەلقىنى قۇللارغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى. بۇ غەلىتە ئۈچ باشلىق يىلان — كومپارتىيە، ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە بىيروكراتلار تەبىقىسى ۋە شۇ ك گ ب نىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئۇ شەرقىي گېرمانىيىدىن موسكۋاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داۋاملىق غەرب رادىئولىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇدۇ. ئەمما سوۋېتلەر دولقۇن بۇزۇۋېتىش ئەسلىھەسىدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقاچقا، ھەر دائىم قىسقا دولقۇن تەڭشەپ تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىدىغان رادىئو ئىستانسىسىنى تېپىشقا مەجبۇر ئىدى. ئادەتتە، ئۇ قىسقا خەۋەرلەردىن كېيىنلا ئاڭلاشنى توختۇتۇپ قوياتتى. بۇ تۆردىكى يېڭى خەۋەرلەردە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك تەسىر قالدۇرغىنى «نەق مەيدان خەۋەرلىرى»دىن ئاڭلىغان خەۋەرلەر بولاتتى.[6]① «نەق مەيدان خەۋەرلىرى» 1968-يىلى سوۋېتلىكلەرنىڭ ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرگە قارىتىپ تارقاتقان مەخپىي ژۇرنىلىدا ئاساسلىقى كىشىلىك ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ كۆرەش قىلىۋاتقانلار ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە بەكلا قىزىقاتتى. بۇ «نەق مەيدان خەۋەرلىرى»نىڭ باش تەرىپىگە سوۋېتلەردە «ب د ت نىڭ خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دا كۆرسىتىلگەن ئەركىنلىكلەرنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر

---

①

بولاتتى.①10

«ئىدىيىۋى سەپتە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى» بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشنىڭ كۈنسايىن شىددەتلىنىشىگە ئەگىشىپ، مىتروخىن، نۇرغۇنلىغان ك گ ب نىڭ ئەمەلىيەتتە سوۋېت قانۇن تۈزۈملىرىدىن خالىغانچە پايدىلىنىشى ھەققىدىكى مىسالالارنى كۆرۈدۇ. كېيىن ئۇ، سوۋېت ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئا. ف. گورخىنىنىڭ 1967-يىلى دېكابىردا ئاندروپوۋقا يوللىغان چېكا قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەپ چېكانىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بەكلا كۆپتۈرۈپ مەدھىيىلەپ يازغان بىر پارچە خېتىنى كۆچۈرۈۋالىدۇ. بۇ خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

*«گەرچە س س س ر سوت مەھكىمىسى بىلەن سوۋېت دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى (ك گ ب) بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىش قىلىشىمىزنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئەمەس؛ ئاساسلىق سەۋەب، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىرتۇتاش قانات يايدۇرۇلۇشى، ...*

*بىز خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنى بىلەن سوت مەھكىمىسى ئۆزئارا چۈشۈنۈش پىرىنسىپى ئاساسىدا ياخشى كەسىپىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى جەريانىدا بارلىق مۇرەككەپ خىزمەت مەسىلىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ ھەل قىلىپ كەلمەكتىمىز.*

مىتروخىن، ئېچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەخپىي ژۇرنال «ك گ ب ماقالىلار توپلىمى — سىبورنىك» بىلەن ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسى ف س د نىڭ ئارخىپلىرىدىكى بەكلا كۆپ دەلىللەر، ئاندروپوۋ تەكىتلىگەن باشقىچە سىياسى قاراشتىكى ھەر خىل كىشىلەرنى يوقۇتۇش، شۇنىڭدەك كىشىلىك ھوقۇق كۆرىشى جاھانگىرلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرخىل ساھەلەردىكى سۇيىقەست، بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلەرنىڭ تەركىۋى دەپ

①

كۆرسۈتۈلگەن ئىدى. 1968-يىلى، ئاندروپوۋ ئىمزاسى بىلەن ك گ ب باشلىقىنىڭ 0051-نومۇرلۇق بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. بۇ بۇيرۇقتا، «دۆلەت بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ساھەلەردىكى بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىگە قارشى كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكى لېكىن، كىشىلەرنى ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرگە قارىتا قارشى سەپ ئېلىپ، ئۇلارنى جاھانگىر گۇماشتىلىرى دەپ تونۇپ، ئۇلارغا قارشى تېخىمۇ پائال كۆرەش قىلىش» چاقىرىق قىلىنغان. بۇنداق ئاكتىپ كۆرەش مەسىلىدىن بىرسى، مىتروخىننى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. كرۇۋ بالېتىنىڭ قىزغىن ھەۋەسكارىدىن بىرى بولغان مىتروخىن، ك گ ب بىرىنچى باشقارما (ف س د) ئارخىپلىرى ئارىسىدا چەتكە قاچقان بالېت چولپانى رۇدولف نۇرېيېۋغا زىيانكەشلىك قىلىش پىلانىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى بېشىدا مىتروخىن، ك گ ب خاتىرىلىرىدىن ھەمدە غەرپ تەشۋىقاتلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈپ ئوخشىمىغان سىياسىي پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدىن كۈچلۈك تەسىرلىنىدۇ. «مەن ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي يۈرۈدىغان بىرسى ئىدىم. — دەيدۇ شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەپ، — ئەمما بۈگۈن شۇنى ھېس قىلماقتىمەنكى، ئەسلىدە ئۇ ۋاقىتلاردا مەن يالغۇز ئەمەس ئىكەنمەن.» گەرچە مىتروخىن كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىگە ئاشكارە تۈردە ئۆزىنى بېغىشلاشنى خىيال قىلمىغان بولسىمۇ، «نەق مەيدان خاتىرىلىرى»دا كۆرسۈتۈلگەن پاكىتلار بىلەن ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلىدىغان باشقا بەزى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئۇنىڭدا يېڭىچە بىر خىل قاراش شەكىللەنمەكتە ئىدى: بۇندىن كېيىن مەن، مەخپىي ماتېرىيال كۆچۈرۈش يولى ئارقىلىق سوۋېت تۈزۈمىدە ئىشلەنگەن ھەر تۈرلۈك رەزىللىكلەرنىڭ ئىشلىنىش جەريانىنى خاتىرلاپ مېڭىشىم كېرەك دېگەن ئويغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا ك گ ب نىڭ چەتئەللەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە شەخسى خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىش دەيدىغان ئوي ئاستا-ئاستا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

1972-يىلى ئىيۇلدا، بىرىنچى باشقارما (چەتئەل ئىستىخبارات

ئورگىنى) مۇدىرلىكى موسكۋادىكى لۇبيانكىدا تۇرۇشلۇق ك گ ب باش شتابى (ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا بۇ يەر رۇسىيە ئىستىراخوۋانىيە شىركىتى ئىدى)دىكى تارچىلىق بىنادىن موسكۋانىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يەردىكى ياسىنېۋو دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر سىرتى تاش يولىدىكى ئازادە بىر بىناغا كۆچۈپ چىققىنىدىن كېيىن مىتروخىننىغمۇ بۇ ئىشنى قىلىشقا پۇرسەت تۇغۇلۇدۇ. بىر فىنلاندىيىلىك مۇتەخەسسىس تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن 7 قەۋەتلىك بۇ ئۈچ بۇرجەك بىنانىڭ بىر تەرىپى زال ۋە كۇتۇپخانا، يەنە بىر تەرىپى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، ستادىئوم ۋە سۇ ئۈزۈش كۆلى ئىدى. ئەتراپى تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىق بولۇپ، قىيىن دەرىخى قاتارلىق دەرەخلەر بىلەن ياپ-يېشىل قاپلانغان بەكلا مەنزىرىلىك بىر يەر ئىدى. ياز كېلىشى بىلەن تۈزلۈكلەر بۇغداي ۋە سۇلۇ (ئارپىخان) بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى.[8]① ك گ ب نىڭ قالغان بۆلۈملىرى ئاساسەن موسكۋا شەھەر مەركىزىدىكى قىستا-قىستاڭچىلىقتا پائالىيەت قىلاتتى. ياسىنېۋو دېگەن بۇ يەر يەنە ئورمانلىق دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ يەرنىڭ ئورمانلىق دەپ ئاتىلىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ئۇ يەرنىڭ ئادەتتىكى يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيتى (موسكۋا ئەتراپى ھەقىقەتەنمۇ تولۇق ئورمان بىلەن پۈركۈلگەن بىر يەر، شۇڭا ئۇ يەرگە گۈزەل ئورمانلىق مەنىسىدە شۇنداق بىر نام بېرىلگەن). بەلكى ئالاھىدە جەلپ قىلارلىق مەنزىرىلىك بىر يەر بولغاچقا، ئەنە شۇنداق نام بېرىلگەن ئىدى.

شۇندىن كېيىنكى 10 يىل جەريانىدا، مىتروخىن مەيلى لۇبيانكىدىكى ياكى ياسىنېۋودىكى ئۆزىگىلا تەۋە ئىشخانىسىدا بولسۇن، تېخى يېڭى باش شتاپتىكى بىرىنچى باشقارما ئارخىپخانىسىغا كىرمىگەن 300 مىڭ پارچىدەك ئارخىپنى يالغۇز تەكشۈرۈپ پىچەتلەپ چىقاتتى. مىتروخىن، ئارخىپ باشقۇرۇش، مۇندەرىجە تۈزۈش ھەمدە ئىندېكىس كارتۇچكىسى تەييارلاش جەريانىدا قايسى ئارخىپنىڭ قايسى ئىشخانىغا لازىم بولۇدۇغانلىقىنىمۇ بىلىپ بولغان ئىدى. ك گ ب دىكى ھېچ بىر خىزمەتچى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان بۇنچە كۆپ ئارخىپنى ئوقۇپ

①

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بولالمايتى. ئەمما ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ ئارخىپنى كۆچۈرۈپ چىقالىغانلىقىغا ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالماي بولمايتى. ك گ ب نىڭ بىرىنچى باشقارمىسىدىكى ئارخىپ خادىملىرىدىن باشقا، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارلا مىتروخىننىڭ قولىدىكى بۇ تۈر ئارخىپلارنى كۆرۈش ھوقۇقى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا مىتروخىن كۆچۈرۈۋالغان بۇ ئارخىپلارنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ بولالىغىدەك ۋاقىتلىرى يوق ئىدى.

مىتروخىن ئادەتتە ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، سەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرىنى ياسىنېۋودىكى ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزەتتى. چارشەنبە كۈنى، لۇبيانكىغا بېرىپ ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىدىكى س بۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك مۇتلەق مەخپىي ئارخىپلارنى كۈزدىن كۆچۈرۈپ رەتلەپ چىقاتتى. س بۆلۈم، پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئىشلىرىغا ــ ك گ ب خادىملىرى ۋە جاسۇسلارغا مەسئۇل بولاتتى.①12 بۇ تۈر ئوفىتسېر ۋە جاسۇسلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەسلىدە سوۋېت گراژدانى ئەمما ھەر قايسى ئەللەردە شۇ دۆلەتنىڭ گراژدانلىقىغا ئۆتۈۋېلىپ مەخپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللۇنۇدىغان كىشىلەر ئىدى. مىتروخىن بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى ھەربىر ئارخىپ، ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا پېچەتلىنىپ ساندۇقلۇنۇپ، پەيشەنبە كۈنى ياسىنېۋوغا يەتكۈزۈلەتتى. ئۇ يەردە مەن بۇ ئارخىپلارنى يەنە بىر تەكشۈرۈپ چىقاتتىم. بۇ ئىدارىنىڭ قالغان باشقارمىلىرى 1972-يىلى يېڭى شىتاپ بىناسىغا كۆچۈپ چىقىۋالغان بولسىمۇ، س مۇدۇرلۇك لۇبيانكىدا قېلىپ 10 يىلغىچە كۆچمەيدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، مىتروخىن ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىغا تەۋە پەۋقۇلئاددە مەخپىي س مۇدىرلىك ئارخىپلىرىنى رەتلەش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قالغان چەتئەل ئىستىخبارات ئورگان ئارخىپلىرىنى تەكشۈرگەندىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ك گ ب ئىچكى قىسمىدا ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار غەلىتە ۋە سىرلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. يەنى ھەر بىر ئالاھىدە ۋەزىپە ئوفىتسېرى چەتئەلگە ۋەزىپىگە

---

①

ئەۋەتىلىشتىن ئاۋال چوقۇم قەسەم بېرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشى شەرت ئىدى. قەسەم سۆزلىرى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ ئاجايىپ سۈرلۈك ئىدى:

*«مەن، پارتىيە ـ ۋەتەننىڭ ئىشەنچىنى قەتئىي يەردە قويمايمەن، مېنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئەڭ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشكە لايىق كۆرگەنلىكىدىن ئۆزەمنى ئىنتايىن شەرەپلىك ھېس قىلىمەن ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىمەن ... ۋەتەنگە پايدىلىق بىر ئەۋلاد بولۇش ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ماڭا تاپشۇرۇلغان مەخپىيەتلىكنى ھەرگىز ئاشكارىلىمايمەن، مەخپىيەتلىكنىڭ دۈشمەن قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە ھەرگىز ئىمكان بەرمەيمەن. چۈنكى ماڭا بېرىلگەن بۇ مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارلىنىشى دۆلەت مەنپەتىگە سىياسىي جەھەتتە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بولغان مەخپىيى سىر. شۇڭا مەن، ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پارتىيىمىزگە، دۆلىتىمىزگە، سوۋېت خەلقىگە مەڭگۈ ساداقىتىمنى بىلدۈرىمەن.»*

ك گ ب ئارخىپلىرى شۇنى بىلدۈرمەكتىكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى كىشىلەرچە «ئالاھىدە جاسۇس» دەپ رىۋايەت قىلىنغىنىدەك ئىستىخباراتچىلار، چەتئەللەردە ھەقىقەتەنمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ ك گ ب دىپلوماتىك ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى باھانىسىدا ئۆزىنى نىقابلاپ، چەت دۆلەت پايتەختلىرىدە مۇرەككەپ ئىستىخبارات تورلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقان. ئۇلار «قانۇنلۇق ئاخبارات پونكىت»لىرىنى قۇرۇپلا قالماي «مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتلىرى»نىمۇ قۇرۇپ، ك گ ب نىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى شەرەپلىك تەشكىلات تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ تىرىشىدۇ.

S مۇدىرلىك ـ ئىدارە خاتىرىلىرىدىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قىسىم پەۋقۇلئاددە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، ك گ ب نىڭ ئىشپىيونلىرى چەتئەل سالاھىيىتى ئاستىغا ئوڭۇشلۇق تۈردە يوشۇرۇپ يۈرەلىگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ شەخسىي كەسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرلىرى شۇنچىلىك كەڭ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىكى، كوستارىكا باش ئەلچىسى[8]① پىيانو ئاۋاز تەڭشىگۈچىسى، ھەتتا نيۇيورك شىتات باشلىقى قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىرىمۇ بار ئىدى. تا گورباچېۋ دەۋرىگە كەلگىچە، ك گ ب تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىدىلا دېگىدەك بۇ تۈر ئىشپىيونلىرىنى مەخپىي ئىستىخبارات ساھەسىدىكى قەھرىمانلار ئارىسىدا ئەڭ سېھىرلىك كىشىلەر دەپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەنگلىيەدىكى پىنسىيىگە چىققان ك گ ب جاسۇسى گېيورگى بلاك، 1990-يىلى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*ئۇلۇغ غايىلىق كىشىلەرلا بۇ تۈر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ شۇغۇللانغان ئىشىنى «كەسىپ» دەپ ئاتاش تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق بىر كەسىپتە، چوڭ-چوڭ ئىشلارنى پەيدا قىلالايدىغان ئىستىخبارات ئورگانلىرىلا ئۆز خادىملىرىدىن بۇنداق بىر پىداكارلىقنى تەلەپ قىلالىشى مۇمكىن. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، دەل شۇنىڭ ئۈچۈن، تىنچلىق دەۋرلىرىدىمۇ سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرى «ئەنە شۇنداق مەخپىي ئىستىخبارات پونكىت» لىرنى قۇرۇپ چىقالىغان.*

چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى (س ۋ ر) لا ك گ ب نىڭ بۇ تۈردىكى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. 1995-يىلى ئىيۇلدا، ئا ق ش دا تۇتۇلغان داڭلىق جاسۇس موررىس كوھېن ئۆلۈپ بىر ئايدىن كېيىن پرېزىدېنت يېلتسىن ئۇنىڭغا «رۇسسىيە فېدېراتسىيە قەھرىمانى» دەپ نام بېرىدۇ.

مىتروخىن خاتىرىلىۋالغان س مۇدىرلىك ئارخىپلىرىدا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر جاسۇسلۇق ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسى (ف س د) دا پۈتكۈل جاسۇسلۇق ھاياتى بويىچە ئۆز سالاھىتىنى ئىزچىل يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن، كەسىپىي ئىنتىزامغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ كەلگەن سادىق جاسۇسلاردىن باشقا، يەنە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەشۋىق قىلىپ كەلگەن كاپىتالىزم ئېكسپىلاتاتسىيە سىمووۋۇلىدا غەرب تۇرمۇشىغا زىتلىقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق

①

بېرەلمىگەن بىر قىسىم كىشىلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. س مۇدىرلىك خاتىرىلىرىدە يەنە تېخىمۇ مەخپىي بىر سىر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ خاتىرىلەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى 25 يىلىدا، بۇ تۈر ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ئىشلاردىن بىرى، ۋارشاۋا شەرتنامىسى گۇرۇھىدىكى باشقا دۆلەتلەر ئىچىدىن ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش پائالىيەلىرى ئىدى. «ئىدىيىۋىي ساھەلەردە ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەر»گە قارشى كۆرەش، س مۇدىرلىكىنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماي ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىغا تەۋە باشقا ئورگانلارنىڭمۇ ۋەزىپىسى ئىدى.

1972-يىلى، مىتروخىن ئادەتتىكى كىشىلەر يېقىن كېلەلمەيدىغان ك گ ب بىرىنچى باشقارما ف س د ئارخىپلىرىنى تەھرىرلىگىنىدە ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئېھتىياتچان پوزىتسىيىسىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. دەسلەپكى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ ھەر ئاخشىمى ئۇ ئارخىپلاردا يېزىلغان كىشى ئىسىملىرىنى، مەخپىي پاروللىرىنى، ھەمدە ئالاھىدە ۋەقەلەرنى ئېسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئاندىن بۇلارنى قايتىدىن يېزىپ چىقاتتى. بۇنداق ئىشلەش بەكلا ئىپتىدائىي، ۋە بەكلا قالاق بولغاچقا، مىتروخىن بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە كۆچۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ئىنتايىن ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن ئارخىپتىكىلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ بۇ يازغانلىرىنى پۇرلاشتۇرۇپ ئۇۋۇلاپ ئەخلەت قۇتىسىغا تاشلايتتى.①[14] ئاندىن كەچتە ئەخلەت قۇتىسىغا چۆرۈۋەتكەن ئۇ قەغەز پارچىلىرىنى تاللاپ پېتىكى ئاستىغا سۇقۇپ يوشۇرۇن ياسىنېۋودىن ئېلىپ چىقىۋالىدىغان ئۇسۇلنى تېپىۋالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مىتروخىن بارغانسىرى قورقمايدىغان بولۇدۇ. ئادەتتە ياسىنېۋونىڭ قوغداش خادىملىرى بەزى ئەھۋاللاردىلا سومكىسى بىلەن ھۆججەت خالتىسىنى مۇنداقلا تەكشۈرۈپ

①

قويۇدىغانلىقىنى، كىيىملىرىگە قاراپمۇ قويمايدىغانلىقىنى سېزىدۇ. بىر قانچە ئايدىن كېيىن مىتروخىن ئارخىپلاردىن كۆچۈرىۋالغانلىرىنى ئادەتتىكى ھۆججەت ئارگىنالىغا كۆچۈرۈپ كاژانكا ياكى شىم يانچۇقىغا سېلىپ ئىشخانىدىن چىقىۋالىدىغان يولنى تېپىۋالىدۇ.

مىتروخىن، بىرىنچى باشقارما ئارخىپلىرىنى كۆچۈرۈپ يۈرگەن بۇ 12 يىل جەريانىدا نەچچە قېتىم تەكشۈرۈشلەرگە تۇتۇلغان، نۇرغۇن قېتىم بەكلا خەتەرلىك ئەھۋاللاردىمۇ قېلىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە خۇددى بىرىنچى باشقارمىدىكى باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ بېشىغا كەلگىنىدەك بىرلىرىنىڭ ھەر دائىم پېيىغا چۈشۈۋالغانلىقىنىمۇ سېزىپ قالغان ئىدى. ئۇلار بىر بولسا 7-بۆلۈمنىڭ (ئايغاقچىلىققا مەسئۇل) ئادەملىرى ياكى ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ (جاسۇسلۇققا قارشى ئىشخانا) ئادەملىرى بولۇپ چىقاتتى. ئۇ بىر قېتىم كەينىگە ئادەم چۈشۈۋالغىنىنى سېزىپ قېلىپ دىنامو پوتبول كلوبىنىڭ تەنتەربىيە بويۇملىرى دۇكىنىغا كىرىپ ئايلىنىپ يۈرۈۋالىدۇ. ئۇنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتكىنى، شۇ چاغدا ئىككى نەپەر ئەنگلىيىلىك ساياھەتچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىشى ئىدى. بەلكىم بۇ ئىككى كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن كۈزۈتۈپ يۈرگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئالاقە ئورنۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىشپىيون دېگەن گۇمانغا قالدۇرغان بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. ئەگەر راستىنلا شۇ پەيتتە ئۇستى ئاختۇرۇلغان بولسا ئىدى، كۆچۈرۈپ چىققان مەخپىي ھۆججەتلەر بىلەن نەق مەيداندا قولغا چۈشكەن بولاتتى. شۇڭا مىتروخىن ئۇ يەردىن دەرھال ئايرىلىپ باشقا بىر تەنتەربىيە بويۇملىرى دۇكىنىغا كىرىۋالىدۇ.[1][9] شۇ ئارقىلىق پېيىغا چۈشۈۋالغانلارغا راستىنلا سپورت كىيىمى ئېلىش ئۈچۈن ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈپتۇ دېگەن تەسىرات بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ ئائىلىلىكلەر قوراسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، پېيىغا چۈشۈۋالغان بايىقى ئىككى كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن ئالدىن كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيى بار 9 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىنا زالى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈدۇ. ئۇ بىنا زالى ئالدىغا

[1]

كەلگىنىدە بايىقى ئىككى كىشى كۆزدىن غايىپ بولۇدۇ. بىرىنچى باشقارمىنىڭ ئۈزۈندىن بېرى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دەيدىغان بىر بەلگىلىمىسى بار بولۇپ، بىرىنچى باشقارمىدىكى خادىملار بۇنىڭغا ئوخشايدىغان گۇمانلىق ۋەقە كۆرۈلگەن هامان دەرهال يوقۇرىغا مەلۇمات بېرىشى شەرت ئىدى. ئەمما مىتروخىن ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىدارىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇلار كۆرۈپ قالغان يېنىدا تۇرغان ئىككى ئېنگىلىز سایاهەتچىنىڭ راستىنلا يېنىدا تۇرۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى تەكشۈرۈش يولىغا كىرىپ قېلىشىدىن قورققان ئىدى.

مىتروخىن، هەركۈنى ئاخشىمى موسكۋادىكى ئۆيىگە قايتىش ۋاقتىدا كۆچۈرۈۋالغان ماتېرىياللىرىنى هەردائىم پېتىكىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ ئېلىپ چىقىۋالاتتى. هەپتە ئاخىرسىدا، بۇ ماتېرىياللارنى تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ موسكۋادىن 36 ك م يىراقتىكى سەهرا داچىسىغا ئاپىرىپ، ئۇلارنى ماشىنكىدا كۆچۈرۈپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما خاتىرلىۋالغان ماتېرىياللار بارغانسىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ هەممىسىنى بىر باشتىن ئاق قەغەزگە ئۇرۇپ چىقىشقا يېتىشىپ بولالماي بەزى ماتېرىياللارنى ئۆزپېتى ساقلاشقا مەجبۇر بولۇدۇ. ئۇ دەسلەپىدە ماشىنكىدا كۆچۈرۈلگەن ئارگىناللارنى بىر سۈت تۇڭى ئىچىگە سېلىپ پول ئاستىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ. بۇ داچا بىناسىنىڭ ئۇلى بىر قەدەر ئىگىز سېلىنغان بولغاچقا، پول ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرەلىگىدەك بوشلۇق بار ئىدى. ئۇ يەردە لوم تۆمۈر بىلەن هەپىلىشىپ يۇرۇپ بىر گەمە كولىۋالىدۇ. بۇ جەريانىدا پات-پاتلا كۈچۈك، مۈشۈك دېگەندەك هايۋانلارنى ئۈركۈتۈپمۇ قوياتتى. قېزىش جەريانىدا يەنە بەزىدە چاشقانلارنىمۇ ئۈركۈتۈۋېتەتتى.①[15] ئەمما ئۇ بۇنداق بىر يەرگە ئوغرىمۇ كىرەلمەيدۇ دەپ ئويلىغاچقا، بۇ يەر بەكلا ئىشەنچىلىك يوشۇرۇش يېرى دەپ كوڭلىنى تىنجىتاتتى. سۈت تۇڭى ماتېرىيالغا لىق توشقاندىن كېيىن، خاتىرلەنگەن ئارگىناللىرى بىلەن ماشىنكىدا كۆچۈرۈپ چىققان ئارگىناللىرىنى باشقا بىر كېيىم دېزىنفېكسىيە قىلىش ئىدىشىگە توشقۇزىدۇ. ئاخىرى، ئۇنىڭ ئوغرىلاپ

①

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئارخىپلىرى ئىككى تۈنۈكە يەشىك، ئىككى ئالبومىن ئىدىشنى لىق تولدۇرۇدۇ. ئۇ، لىق تولغان بۇ ئىدىش-يەشىكلەرنى داچا ئاستىغا كۆمۈۋېتىدۇ.

بىر قېتىم ھەپتە ئاخىرىدا، يۈز بەرگەن بىر ئىش مىتروخىننى قاتتىق چۈچۈتۈۋېتىدۇ: ئۇ داچىغا كەلسە، يات بىرسىنىڭ شىپ ئارىسىدىكى بالىخانا قەۋىتىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا نەچچە يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر ئىش كېلىدۇ: 1971-يىلى ئاۋغۇستتا، يازغۇچى ئالېكساندر سولژېنىتسىننىڭ بىر دوستى تۇيۇقسىز ئۇ تۇرۇۋاتقان داچىغا زىيارەتكە كەلگەن. ئەمما ئۇ كۈنى سولژېنىتسىن داچىدا بولمىغاچقا، يوقلاپ كەلگەن دوستى بالخانا قەۋىتىدە ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن ك گ ب پايلاقچىلىرىنى ئۇركۈتۈۋەتكەن. بۇ چاغدا سىرتتا كۈزۈتۈپ تۇرغان باشقا بىر ك گ ب خادىمى كېلىپ سولژېنىتسىننىڭ بۇ دوستىنى راسا كېلىشتۇرۇپ دۇمبالىغان. ۋەقەدىن كېيىن، ئاندروپوۋ، سولژېنىتسىنغا مەخسىتىمىگەن بىر قىياپەتتە، ك گ ب بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قاپتۇ دېگەن  بۇ خەۋەر پۈتۈنلەي ئۇيدۇرما يالغان خەۋەر دەپ ئېيتقان ئىكەن. شۇ كۈنى، مىتروخىن داچىغا كىرگىچە بۇلارنى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن. چۈنكى ئۇ يېقىنىدىن بۇيان خاتىرلەپ كېلىۋاتقان ئارخىپلاردىن بىرسى دەل ك گ ب نىڭ سولژېنىتسىنغا زىيانكەشلىك قىلىش ھەققىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە ك گ ب نىڭ غەرپ ئەللىرى مەتبۇئاتلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئابروينى تۆكۈش ئۈچۈن قوللانغان ئاكتىپ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان ماتېرىياللارنى كۆرۈۋاتقان ئىكەندۇق. ئۇ داچىغا كىرگىنىدە يات بىرسىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ. ئەمما رۇخسەتسىز خەقنىڭ داچىسىغا كىرىپ بالىخانىغا چىقىۋالغان بۇ ئادەم، ياتىدىغانغا يەر تاپالماي يۈرگەن بىر تىلەمچى بولۇپ چىققاندىن كېيىن مىتروخىننىڭ كۆڭلى تىنجىيدۇ.

مەلۇم بىر ھەپتە ئاخىرى دەم ئېلىش كۈنىدە، مىتروخىن پېنزا يېقىنلىرىدىكى يەنە بىر تۇغقىنىنىڭ داچىسىغا بېرىپ كۆچۈرگەن بولاق-بولاق ئارخىپلىرىنى رەتلەيدۇ. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى

قوزغىتىمەسلىك ئۈچۈن ئۇچىسىغا دېھقانچە كىيىم كىيىپ كونا كاناپ تاغاردا بۇ كۆچۈرۈلگەنلىرىنى توشۇپ كېلىۋالغان ئىدى. پېنزا دېگەن بۇ يەر، موسكۋانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 630 ك م دەك يىراقتىكى بىر يەر ئىدى. بۇ يەردە 1918-يىلى يازدا دېھقانلارنىڭ بولشېۋىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئىسيانى يۈز بەرگەن يەر ئىكەن.

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا، سولژېنىتسىن يېزىقچىلىقىنى باشلىغان ۋاقىتلاردا ئۆز-ئۆزىگە «مەن بارلىق ھەققانىيەت ئاختۇرۇپ يۈرگەن ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلماقتىمەن» دېگەن ئىكەن:

*«مەن، يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز كۆڭلىدە بىرىدە بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەد قىلىپلا يېزىپ يۈرىمەن. شۇڭا مەن چەكلىك ھاياتىمدا بۇ يازغىنىمنى نەشىر قىلدۇرۇش دەيدىغان خىيالنى كاللامدىن، خىيالىمدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدىم.»*[①]

خۇددى مىتروخىنىنىڭ تۈنجى تۈركۈم قول يازمىلىرىنى سۈت تۈگى ئىچىگە سېلىپ داچىغا ئاپىرىپ ئاستىغا كۆمۈۋەتكىنىگە ئوخشاش، سولژېنىتسىنمۇ دەسلەپكى قول يازمىلىرىنى ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن يېزىپ، پىۋا بوتۇلكىسىغا سېلىپ قوراغا كۆمۈدىكەن. «ستالىنىزمغا قارشى ھەرىكەت»نىڭ باشلىرىدا، ئالېكساندىر سولژېنىتسىنىنىڭ بىر مەزگىل قىسقا مۇددەت بوش قويۇۋېتىش دەۋرىدە «كۇلاك تاقىم ئاراللىرى»[②]ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «ئىۋان ژېنىسوۋىچنىڭ بىر كۈنى» دېگەن رومانى ئېلان قىلىنغان. شۇندىن كېيىن، سولژېنىتسىن، ك گ ب قالغان قوليازمىلىرىنىمۇ مۇسادىرە قىلىۋەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ئۆزۈن

---

① *ئەمما سولژېنىتسىن يازغان «كۇلاك تاقىم ئاراللىرى 1918~1956» دېگەن ئەسىرىنىڭ تۈركچە 1974-يىل نەشرىنىڭ ئىچكى مۇقاۋىسىدا: بۇلارنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۆمرى يەتمىگەن كىشىلەرگە بېغىشلايمەن. مېنى كەچۈرگەيسىزلەر: مەن بولغان ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ كىتەلمىدىم؛ ھەممە ئىشلارنى خاتىرلەپ بولالمىدىم؛ ھەممە ئىشنى سېزىپ بولالمىدىم دېگەنلەر يېزىلغان-ئۇ ت.*

② سوۋېت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگىرى.

www.uyghurkitap.com

مۇددەت ئەنە شۇنداق يوشۇرۇپ يۈرگەنىكەن. تا 1974-يىلى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغىچە يازغان ئەرگىناللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىقىنى بىر كۈنمۇ توختۇتۇپ قويمىغان. مىتروخىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ مىخايىل بولگاكوۋ بىلەن سولژېنىتسىنغا ئوخشاش ئەدەبىيات گىگانتلىرىغا ئوخشاش كۈنلەرنى ياشايدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەن. ئەمما ئۇمۇ خۇددى شۇ گىگانتلارغا ئوخشاش ئارخىپ توپلاپ يوشۇرۇشقا، يەنى «ھەقىقەتنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭمۇ بۇ ھەقىقي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش»قا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. بۇ جەھەتتە مىتروخىنغا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى، ك گ ب نىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپلىرى ئىدى. 1979-يىلى 28-دېكابىر كۈنى، بابراق كارمال — موسكۋا تاللىۋالغان يېڭى ئافغان رەھبىرى — ئافغانىستانغا بېسىپ كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن «قېرىنداشلارچە ياردەم» تەلەپ قىلغان. شۇنىڭدەك كابۇل رادىئو ئىستانسىسىدا ھەر كۈنى دېگىدەك بۇرۇنقى دۆلەت باشلىقى، ھافىزۇللا ئامىننىڭ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئىشپىيونى» ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ «ئىنقىلاپ سوتى» تەرىپىدىن سوتلۇنۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىتىپ تۇراتتى. ئەمما مىتروخىن، بۇ تۇر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرغان ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەسلىدە كابۇل پىرىزدېنت مەھكىمىسىدە بىر قىسىم يالغان ئافغان ئەسكىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ك گ ب ئالاھىدە قىسىمىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە ئامىن بارلىق ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە سۇيىقەست قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەقىقىدىكى مەزمۇننى دەرھال پەرق قىلىدۇ.

ك گ ب نىڭ ئۇرۇش مەزگىلىگە مۇناسىۋەتلىك بەكلا كۆپ ئارخىپ سىياسىي بيۇرو ۋە سوۋېت ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ باشقا بۆلۈملىرىدىكى كىشىلەر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئارخىپخانىدىكى ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ رەتلەپ ئارخىپلاشتۇرۇشىغا تاپشۇرۇلاتتى. بۇ ئارخىپلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولغاچقا بۇ خانىملار، تەكشۈرۈپ

تەستىقلىشى ئۈچۈن بەزىدە بىرلا قېتىمدا مىتروخىنغا 30 نۇسخىدىن ئارتۇق ئارخىپ يوللىشاتتى. بۇ ئارخىپلاردا خاتىرلەنگەن تېررورلۇق ۋەقەلەرنى سوۋېت خەلقىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن بەكلا ئېھتىيات قىلىناتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئافغان كەنتلىرىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان پىلانلىق تازىلاپ[17] قۇرۇتۇش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئۈن چىقارماسلىق يولىنى تۇتماقتا ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ كەنتلەر ئىنسى-جىن يوق چۆلدەرەپ قالغان قۇرۇق كەنتكە ئايلىنىپ، ھەر يەردە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋەھىمىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. 4 مىليونلۇق مۇساپىر خەلق، يۇرت-تاقلىرىنى كۆتۈرۈشكىنچە يۇرتىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولغان، بىر مىليون ئافغان ئۇرۇش قالايماقانچىلىقى ئىچىدە ئۆلگەن بولۇشىغا قارىماي، گورباچېيېۋ بۇ تۈر پاجىئەلەرنى «خاتا ھەرىكەت» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا باھالاپ دەپتەردىن ئۆچۈرۈپ تاشلىماقچى بولدى. بۇرۇن، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئەسكەرلەرنىڭ مېيىتى ھەيۋەتلىك ماتەم ئوركىستىر ساداسى ئاستىدا ۋەتەنگە قايتۇرۇلاتتى. ئەمما ئەندىلىكتە بولسا، بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن 15 مىڭ نەپەر قىزىل ئارمىيە ئەسكىرىنىڭ مېيىتى ئۈن-تۈنسىزلا سوۋېت ھاۋا ئارمىيە ئايرۇدرومىغا كەلتۈرۈلۈپ، مەخپى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈش بىلەنلا كۆپايىلىنىدىغان بولدى. ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى قولىغا «خەلقارالىق ۋەزىپە ئادا قىلىش جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تۇتقۇزۇش بىلەنلا قۇتۇلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈزمىنسكى قەۋرىستانلىقىغا، يەنى شۇ مىتروخىننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قەۋرىسى بار يەرگە مەخپى تۈردە كۆمۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قەۋرە تېشىغا ئافغانىستان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچ قانداق سۆز يازماسلىق توغرۇلۇق چەكلىمە قويۇلغان ئىدى. ئافغان ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مىتروخىن بەكلا تۈز سۆزلۈك بىر كەسىپدىشىدىن، بىرىنچى قېتىم سوۋېت سىياسىتىنىڭ ئاشكارە قىلىنىشىنى ئاڭلايدۇ. بىر كۈنى، ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىدىكى بىر پولكوۋنىك ئۇنىڭدىن «بۇ ئۇرۇش سېنى بىر ئورۇس بولغانلىقىڭدىن نومۇس قىلدۇرمۇدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «يەنى سىز ماڭا، بىر سوۋېت ئادىمى بولۇشتىن نومۇس قىلمامسەن

www.uyghurkitap.com

دېمەكچىمۇ؟» دەيدۇ مىتروخىنمۇ ئۇدۇللا قايتۇرۇپ سوئال سورىغاچ.

مىتروخىن، 1984-يىلى پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئافغانىستان ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىشلىرىنى توختاتمايدۇ. ئۇ پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىر يېرىم يىل جەريانىدا، ۋاقتىنى قولىدا بار خاتىرىلەرنى رەتلەش، ئافغانىستان ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى مۇھاكىمە قىلىش ھەمدە بۇ ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ بايان شەكلىگە كەلتۈرۈپ يېزىپ چىقىش قاتارلىق ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈدۇ. گورباچېۋ 1985-يىلى سوۋېت كومپارتىيە رەھبىرى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ئوچۇق-ئاشكارىلىق — گلاسنوستىنى تەشەببۇس قىلىپ چىقىدۇ. ئەمما مىتروخىن، شۇنىڭغا قارىماي سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى بۇنداق ئوچۇق-ئاشكارە ئېلان قىلىشقا ھەرگىزمۇ يول قويمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئىمكان بار تولۇق خاتىرىلەپ غەرپكە يۆتكەشنى ھەمدە شۇ يەردە ئېلان قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈدۇ.

1987-يىلى 28-ماي كۈنى، 19 ياشلىق بىر غەرپىي گېرمانىيىلىك نېمىس، يەنى ماتتىياس رۇست، تاق ماتورلۇق سېسنا دەيدىغان بىر ئايروپىلاننى ھەيدەپ سوۋېت-فىنلاندىيە چېگراسىدىن ئۆتۈپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۇچۇپ كىرگەن، ئۇ 450 مىل ئىچكىرىلەپ كىرگىچە ھېچ كىم سېزەلمىگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ياش موسكۋا قىزىل مەيدانىغا قونغان. مەيداندىكى كرېمىل سارىيى مۇھاپىزەتچىلىرى دەسلىۋىدە رۇستنى كىنوغا رول ئويناۋاتقان بىر ئارتىس بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ھېچ نېمە دېمىگەن. توپتوغرا بىر سائەت داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىقتىن كېيىنلا ئۇ ياش قولغا ئېلىنىپ ك گ ب نىڭ لېفورتوۋو يىغىۋېلىش تۈرمىسىگە قامالغان. بۇ ۋەقە مىتروخىننى قاتتىق ئۈمىدلەندۈرۈۋېتىدۇ. ئۇمۇ ك گ ب تەنتەربىيە كلۇبىنىڭ يەڭگىل تىپلىق ئايروپىلانى بىلەن[18] قولىدىكى ئارخىپلارنى باشقا بىر دۆلەتكە ... 

قولىدىكى ئارخىپلارنى باشقا بىر دۇنياغا مەنسۇپ فىنلاندىيىگە چىقىرىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ كېتىدۇ. ئەمما كېيىن قورقۇپ بۇ خىيالىدىن يېنىۋالىدۇ.

مىتروخىن، س س س ر پارچىلىنىشتىن بۇرۇن ئارخىپلارنى چەتئەلگە چىقىرىۋېلىش توغرۇلۇق بىر مۇنچە پىلانلارنى تۈزۈپ باققان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئەڭ كارغا كېلىدىغىنى يەرلىك پارتىكومنىڭ بىرەر مەسئۇلىنى تېپىپ ئۇنىڭغا چەتكە چىقىپ ساياھەت قىلىش تونۇشتۇرۇشىدىن بىرنى ھەل قىلغۇزۇش ئىدى. شۇ قاتاردا ئائىلىسىنىمۇ بىرگە قوشۇپ ساياھەت قىلدۇرۇشقا تونۇشتۇرۇش ھەل قىلىشنى ئويلىماقتا ئىدى. بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرەلىسە لېنىنگرادتىن قارا دېڭىزغا قاراپ ساياھەت قىلىدىغان پاراخوت يول ئۈستىدە يولۇقۇپ ئۆتىدىغان غەرپىي ياۋروپا پورتلىرىدىن بىرەرسىنى تاللاپ، شۇ يەرگە بارغىنىدا دەرھال پاراخوتتىن چۈشۈۋېلىپ شۇ دۆلەت ئادەملىرىدىن ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ قولىدىكى ئارخىپلارنى موسكۋادىكى بىرەر تاشلاندۇق خەت ساندۇقى ئىچىگە سېلىپ قويۇش، ئاندىن بۇلارنى قايسى بىر غەرپ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئادەملىرى ۋاستىسى بىلەن چەتكە چىقىرىۋېتىشنى پىلانلايدۇ. ئەمما ساياھەت ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۇ يەردىكى بىرەر چەتئەللىك بىلەن تونۇشۇپ، قولىدىكىلەرنى ئۇ ناتونۇش كىشىنى ئىشەندۈرۈپ تۇتقۇزۇش پۇرسىتىنى تېپىش، پىلاننى تەپسىلى چۈشەندۈرۈش، ھەمدە ئارخىپلارنى يولغا سېلىۋېتىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالىشى ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ يۈرۈدىغان ساياھەتچىلەر مەسئۇلىنىڭ كۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتەلىشى ھەمدە بۇ ساياھەت ئۈمىكىدىن ئايرىلىپ چىقالىشى ئۇنچىۋالا ئاسانغا توختايدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئاخىرى بولماي مىتروخىن بۇ پىلانىدىنمۇ يېنىۋالىدۇ.

1989-يىلى نويابىردا بېرلىن تېمى گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ سوۋېت گۇرۇھىمۇ يىمىرلىشكە باشلايدۇ. دەل شۇ پەيتتە مىتروخىن پۇرسەت كېلىدىغاندەك تۇرامدۇ قانداق دەپ ئويلاپ چىداپ كۈتۈش ئويى بىلەن، موسكۋا ئائىلىلىكلەر بىناسىدا بۇرۇن خاتىرلەپ چىققان قول يازمىلىرىنى قايتىدىن ماشىنكىدا كۆچۈرۈپ رەسمى ئارگىنال شەكلىگە كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللۇنۇدۇ. شۇ جەرياندا يەنە ھېلىقى ئىككى داچىغا يوشۇرۇپ قويغان ئارخىپلار ئىچىدىن ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تاللاپ، ئاساسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوبېكت قىلىنغان دۆلەتلەر بويىچە رەتلەپ كىتاپچە ھالىغا كەلتۈرۈلۈپ بۆلارنىڭ ئىچىدە ئا ق ش غا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيالالار مۇھىم ئورۇن تۇتماقتا، يەنى، ك گ ب تىلى بويىچە «ئاساسى رەقىب» دەپ قارىلاتتى. 1991-يىلى ئاۋغۇستتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جاھىل كۆچلەر ھەربىي سىياسىي ئۆزگۆرۈش قوزغاپ گورباچېۋنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى، شۇ قاتاردا بىر پارتىيە تۈزۈمى ئاستىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دۆلەت تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلاپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. [12] ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭدىن مىتروخىنمۇ خۇددى باشقا موسكۋالىقلارغا ئوخشاش قاتتىق خوشال ئىدى. شۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتسىز سىياسىي ئۆزگۆرۈشنىڭ ئاساسلىق كاتتاباشلىرىدىن بىرى بولغان ۋلادىمىر ئالېكساندرووۋىچ كىريۇچكوۋنىڭ بۇ ئىشتا باش بولۇپ ئوتتۇرغا چىققانلىقىدىن مىتروخىن ھەرگىز ھەيرانلىق ھېس قىلمايتى. چۈنكى كىريۇچكوۋ، 1974-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ك گ ب بىرىنچى باشقارما مۇدىرلىكىنىڭ مۇدىرى بولغان بىرسى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە 1988-يىلىدىن تا سىياسىي ئۆزگۆرۈش قوزغىغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا ك گ ب رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

گەرچە كىريۇچكوۋنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بۇرۇنقى كوپ ساندىكى ك گ ب رەئىسلىرىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ بىرىنچى باشقارما ئىدارىسىدا ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدىن مىتروخىن[19] قاتتىق يىرگىنەتتى. كىريۇچكوۋ ياش ۋاقىتلىرىدا، يەنى س س س ر نىڭ بۇداپىشتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ياش دىپلوماتى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يىللىرىدىلا، 1956-يىلى پارتلىغان ۋېنگىرىيىنىڭ «ئەكسىل ئىنقىلابى توپىلاڭ» دەپ ئاتالغان ھەرىكىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇدىغان بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسى ئەينى ۋاقىتتا باش ئەلچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۇرى ئاندروپوۋنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئاندروپوۋ 1967-يىلى ك گ ب رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە ئاتالغان ۋاقىتتا كىريۇچكوۋنى ئۆزىنىڭ شەخسى كاتىبى قىلىپ

تاللىۋالغان ئىدى. ئاندروپوۋ پۈتۈن زىھنى بىلەن ھەر تۈردىكى «تىنچ ئۆزگەرتىش» پائالىيەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ كەلگەن بولۇپ، كرىيۇچكوۋمۇ بۇ ھەرىكەتلەردە ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ قوللاپ كەلگەنلەردىن بىرى ئىدى. مىتروخىن كۆرگەن ماتېرىياللار شۇنى بىلدۈرمەكتىكى، كرىيۇچكوۋ ك گ ب نىڭ بىرىنچى باشقارمىسىغا مۇدىر بولغان ۋاقتىدا ك گ ب نىڭ 5-بۆلۈمى (تىنچ ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇش ئورگىنى) بىلەن زىچ ھەمكارلىقتا بولۇپ، مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئوخشىمىغان پىكىرلىك كىشىلەرگە زەربە بېرىپ كەلگەن. ئۇ، شۇ چاغلاردا بەشىنچى بۆلۈمدىكى سالاھىتى يوقۇرى ئى. ئا. ماركېلوۋنى ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ، بەشىنچى باشقارما (ف س د) بىلەن ھەمكارلىق ئاساسىدا «تىنچ ئۆزگەرتىشكە قارشى» خىزمەتلەرگە ئورتاق مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. 1991-يىلى ئاۋغۇست ئەمەلگە ئاشمىغان شۇ سىياسىي ئۆزگۈرۈش ۋەقەسى كرىيۇچكوۋ دېگەن بۇ كىشىنىڭ ك گ ب دىكى پەسكەش ھاياتىغا خاتىمە بەرگەن ئىدى. شۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگۈرۈش سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ھەمدە بىر پارتىيە ھۆكمرانلىقىدىكى ھاكىمىيىتىنى قۇتقۇزالمايلا قالماي، ئەكسىنچە ئۇنىڭ يىمىرىلىشىنىمۇ تېزلىتىپ بەرگەن بىر سىياسىي ئۆزگۈرۈش بولۇپ قالۇدۇ.

1991-يىلى 11-ئۆكتەبىردە، ئىتتىپاق پىرىزىدىيۇمى پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ تارقىلىپ، ئۇنىڭ دۆلەت كومىتېتىمۇ ك گ ب نىڭ تەشكىلى قۇرۇلۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇدۇ. نەتىجىدە، بۇرۇنقى ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسى (ف س د) مۇ قايتىدىن فېدېراتسىيە چەتئەل ئاخبارات ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، س ۋ ر دەپ نام بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىدارە مەملىكەت ئىچى بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا بېقىنمايدىغان مۇستەقىل بىر ئورگان ھالىغا كەلتۈرۈلۈدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى يەنىلا شۇ س س س ر دەۋرىدىكى ئۈستىگە ئالغان رولىدىن تولۇق ئايرىلىپ چىقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئۆزىنى سابىق ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىنىڭ داۋامى دەپ ھېسابلاپ كېلىدۇ. مىتروخىن، بۇرۇن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يېڭى مۇدىرى

www.uyghurkitap.com

ئاكادېمىك يېۋگېنى ماكسىموۋىچ پرىماكوۋغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرگەن بولۇپ، پرىماكوۋ بۇرۇن دۇنيا ئىقتىسادى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇدىرى بولغان، شۇنىڭدەك يەنە گورباچېۋنىڭ يېنىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك تاشقى سىياسەت مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. بۇ ماتېرىياللار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، پرىماكوف خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا ك گ ب تەركىبىدىكى مۇھىم بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇ يەردە ماكسىم دەپ تەخەللۇس قويۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پات-پاتلا ئا ق ش غا ۋە ئوتتۇرا شەرققە جاسۇسلۇق ۋەزىپىسى بىلەن بېرىپ تۇراتتى. پرىماكوف، شۇندىن كېيىن، يەنى 1996-يىلى يېلتسىن ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە، كېيىن يەنە 1998-يىلى باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ.

1991-يىلىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە ئېيىدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرلىشى ۋە شۇنىڭدەك رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ يېڭى چېگرالىرىدىكى تەكشۈرۈش ئىشلىرى بەكلا زەئىپ ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاچقا، بىر ھېسابتا مىتروخىننىڭ قولىدىكى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى[20] ئېلىپ غەرپكە قاراپ قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇلغان ئىدى. 1992-يىلى مارتتا، مىتروخىن يېڭى مۇستەقىل بولغان بالتىق جۇمھۇرىيەتلىرىدىن بىرىنىڭ پايتەختىگە قاراپ موسكۋادىن ماڭىدىغان كېچىلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ بىر چامىدان بىلەن يولغا چىققان بولۇپ، چامىداننىڭ ئۈستى تەرىپىنى ساياھەتتە يەيدىغان بولكا، قېيزا ۋە ئىچكىدەك بىر نەرسىلەر بىلەن توشقۇزۇدۇ. ئاستى تەرىپىگە يۆتكەپ كېيىدىغان كىيىملىرىنى قاتلاپ تىزىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئاستىغا بولسا، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاپ چىققان بەزى قوليازمىلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇدۇ. ئەتىسى، مىتروخىن ئۇن-تۇنسىز ھالدا ئەنگلىيەنىڭ بۇ دۆلەتتىكى باش ئەلچىخانىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلارغا ئەلچىخانا مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈدىغان بەكلا مۇھىم ئىشىم بار دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇندىن بۇرۇن ئېنگلىزلار ئۇنىڭغا بەكلا جاھىل ھەمدە بىرئاز سىرلىق بولۇپ تۇيۇلۇدۇ. ئەمما ئۇنى قوبۇل قىلغان باش ئەلچىخانىنىڭ ياش، جەلىپ قىلارلىق، سەممىيلىك بىلەن گەپ ئاڭلايدىغان رۇسچىنىمۇ سۇدەك

بىلىدىغان ياش قىز دىپلوماتى ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگە مەپتۇن قىلىۋالغان ئىدى. مىتروخىن، ئۇ قىزغا ك گ ب نىڭ بەكلا مۇھىم ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق دېگەچ چامادانىدىن بايىقى بولكا ۋە قېيزىلار ئاستىنى چۇخچىلاپ ماتېرىيالنى چىقىرىۋاتقان پەيتىدە قىز دىپلوماتمۇ بېرىپ ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي قۇيۇدۇ.[13] مىتروخىن ئۆمرىدە تۇنجى بولۇپ ئېنگىلىز چېيى ئىچىپ ھۇزۇرلۇنۇپ ئولتۇرۇدۇ. بۇ چاغدا بايىقى قىز دىپلومات ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھۆججەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كىرىشىدۇ. ئۇ قىز پات-پاتلا ئۇنىڭدىن بەزى نەرسىلەرنى سوراپ قوياتتى. مىتروخىنمۇ ئۇنىڭغا، بۇ ماتېرىياللار كۆپلىگەن ماتېرىياللار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ئاز بىر قىسىم ھۆججەت ئىكەنلىكىنى، بۇ تۈر ھۆججەتلەر ئارىسىدا ك گ ب نىڭ ئەنگلىيىدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتقاچ، بىر ئايغا قالماي قايتا بۇ يەرگە كېلىپ ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ.

مىتروخىن بۇ مارت ئېيىدىكى چېگرادىن ئۆتۈشنى سىناق قىلىش [14]جەريانىدا يۈرىكىمۇ خېلى چوڭلاپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ بالتىق دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە قايتا بىر قېتىم كەلگىنىدە يېنىغا 2000 ۋاراقلىق ئۇرۇپ رەتلەپ چىققان ئارگىنالنىمۇ قوشۇپ ئوغۇرلۇقچە چېگرادىن ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. بۇ ئارگىناللار بۇرۇن موسكۋا سىرتىدىكى داچىغا يوشۇرۇپ قويغان ماتېرىياللاردىن ئىدى. 9-ئاپرىل سەھەردە، ئۇ ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىغا كىرىپ مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارىغا پاسپورتىنى، كومپارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنى ھەمدە ك گ ب پېنسىيە مائاشى ئالىدىغان كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ ئۆز سالاھىتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاندىن ئۇ بايىقى ماشىنىكىدا بېسىپ چىقىرىۋالغان قېلىن بىر بولاق ئارخىپلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇ نەق بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزى ھەققىدە، بۇ ماتېرىياللار ھەققىدە ھەمدە بۇنچە ئىشلارنى قانداق قىلىشتۇرغەنلىكى ھەققىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن، مىتروخىن تەكلىپ بويىچە

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر قېتىم ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىغا كېلىپ ئەنگلىيە ساياھىتى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىدۇ. ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ موسكۋا پونكىتى مىتروخىننىڭ ئىيۇن ئېيىدا كەچلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋادىن ئايرىلىش پىلانىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. 11-ئىيۇن كۈنى، مىتروخىن كاناپ سومكىسىنى مۆرىسىگە ئارتقىنىچە بۇ بالتىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختىگە كېلىدۇ. سومكىسىدا ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ قالغان قىسىملىرى قاچىلانغان ئىدى.[21] شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى بىلەن يەنە بىر قانچە قېتىم كۆرۈشۈپ، شۇ يىلى كۈز ئايلىرىدا لوندونغا بېرىپ يەنىمۇ تەپسىلى دوكلات بېرىشى ئۈچۈن قايتا-قايتا مۇزاكىرىلىشىدۇ.

1992-يىلى 7-سېنتەبىر كۈنى، يەنە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 75 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. مىتروخىن ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل كىشىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەنگلىيەگە كېلىۋالىدۇ. ئۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىنكى بەكلا رەتسىز، بەكلا قالايمىقان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان موسكۋادىن ئايرىلىپ لوندوننى كۆرۈپ ھەقىقەتەنمۇ «پايتەخت بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئەڭ ئۈلگىلىك شەھەر» ئىكەن دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ بۇرۇن رەسىملەردىلا كۆرۈپ قالىدىغان يوللاردىكى ئۈزۈن كەتكەن ماشىنا ئېقىنلىرى، ئارىدا بىر كۆرۈنۈپ قالىدىغان قارا چاقماق ئىشارەتلىك تاكسىلار ھەمدە قىزغۇچ رەڭلىك ئىككى قەۋەتلىك ئاپتوبۇسلار ھەقىقەتەنمۇ لوندوننىڭ قاينام-تاشقىنلىق بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مىتروخىن، لوندون شەھىرىدە ۋە شەھەر سىرتىدا ئالاھىدە مەخپى، ئىشىك نومۇرىمۇ بولمىغان ئۆيلەردە سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا موسكۋادىن رەسمىي ئايرىلىپ ئەنگلىيەدە تۇرۇپ قېلىشقا قارار قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈدۇ: ئۇ بىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق سۆزلەپ بەرسە، شۇنىڭدەك قولىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق تاپشۇرسا، ئەنگلىيە تەرەپمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېلىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ دەپ كېلىشىدۇ. 13-

ئۆكتەبىر كۈنى، مىتروخىن يوشۇرۇن شەكىلدە رۇسىيەگە قايتىپ ۋەتىنىگە خىيانەت قىلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىشلىرىنىمۇ تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇدۇغانغا كېلىشىدۇ.

1992-يىلى 7-نويابىردا، يەنى «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» غەلىبىسىنىڭ 75-يىللىقىنى خاتىرلەش كۈنىسى، مىتروخىن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيە ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن تۇنجى قېتىم يوشۇرۇن ئۇچراشقان ھېلىقى بالتىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختىگە چىقىۋالىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە بىر مۇنچە ئايلىنىپ ئاخىرى لوندونغا كېلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەنگلىيەدىكى يېڭى ھاياتىنى باشلىۋېتىدۇ. مىتروخىنلار ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانلىق ۋە كۆڭۈللۈك بىر پەيتلەر ئىدى. ئۇ، 20 يىل بۇرۇن بۇ مەخپى ئارخىپلارنى يىغىشقا باشلىغىنىدىن بۇيان، ھەقىقەتەنمۇ بۈگۈنكىدەك خاتىرجەم ۋە ھۇزۇرلۇنۇپ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئارىلاپ بولسىمۇ ۋەتەندىن ئايرىلىشىدىن تۇغۇلغان يېتىملىك تۇيغۇسىمۇ كېلىپ قالاتتى.[22] ئەندى ئۇ قايتا ۋەتەنگە قايتىپ بارالىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلايتى. شۇنداقتىمۇ بۇ تۈر كۆڭلى يېرىملىق پاتلا ئۇنتۇلۇدۇ. ئۇ ۋەتىنى رۇسىيەنى ھەر قانچە ياخشى كۆرسىمۇ، بۈگۈن ئۇ رەسمىي ئەنگلىيە پۇخرالىقىغا ئۆتۈپ بولغان ئىدى. ئۇ يەنە ئالاھىدە گراژدان دەيدىغان كېنىشكىنى يېنىغا سېلىپ، ھەقسىز پويىزغا ئولتۇرۇپ پۈتۈن ئەنگلىيەنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. ئۇنىڭ ئەنگلىيىنى تونۇشى ھەتتا يەرلىكلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشكىدەك تولۇق ھالغا كەلگەن ئىدى. مىتروخىن، 1992-يىلدىن ئېتىبارەن، ھەر ھەپتە بىر قانچە كۈنىنى مەخپى ئارخىپلىرىنى رەتلەش ئىشىغا سەرپ قىلاتتى ياكى بولمىسا قالغان قولىيازمىلارنى ماشىنكىدا كۆچۈرۈپ تۈپلەپ چىقىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ياكى بولمىسا بۇ ئارخىپلار ئاساسىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدىن كەلگەن ئىستىخبارات بۆلۈم خادىملىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش بىلەن كۈنى ئۆتەتتى. 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ تۇنجى قېتىم كرىستوفېر ئاندرېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەتلەپ كىتاپ ھالىغا كەلتۈرۈپ تەھرىرلەپ نەشىر قىلدۇرۇش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشكەنىدۇ. «مىتروخىن ئارخىپلىرى» (خىتايچىسى «ك گ ب مۇتلەق مەخپى ئارخىپلىرى» دەپ ئېلىنغان. ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە «مىتروخىن ك گ ب مەخپى ئارخىپلىرى ياكى ك گ ب مەخپى ئارخىپ ئوغرىسى- مىتروخىن ياكى مىتروخىن پاش قىلغۇچى ك گ ب مەخپى سىرلىرى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئېلىندى ــ ئۇ.ت) كىتاپى رۇسچە نەشىر قىلىنمايدۇ. ئەمما مىتروخىن، بۇ ئارخىپلار ك گ ب نىڭ مەخپى تارىخى، شۇنىڭدەك ئۇ بىر سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تارىخىنىڭ ئاساسى تەركىبى قىسمى ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن،[22] ئورۇسلارنىڭمۇ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشىقا ھەققى بار دەپ چىڭ تۇرۇدۇ. ئۇ، 1972-يىلىلا بۇ خىل قاراشقا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ك گ ب نىڭ دۇنياۋىي خاراكتېرلىق چەتئەل پائالىيەتلىرى 20-ئەسىر خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى، كىشىلەر بۇ نوقتىغا ھەردائىم پەرۋا قىلماي كەلمەكتە دەپ ئويلايتى.

ئارخىپتىكى ماتېرىياللار شۇنچە كۆپ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ۋە بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىغا چېتىشلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەنگلىيە ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر مىتروخىن ھەمدە ئۇنىڭ قولىدىكى ئارخىپلارنى قەتئىي سىر تۇتۇدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ئارخىپلارنىڭ بەزى نوقتىلىرى بىردىن-بىردىن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش ئىدى. مىتروخىن قېچىپ چىقىپ 9 ئاي ئۆتكەندە، ئا ق ش، تۇنجى نۇسخىسىنى ــ سەل-پەل ئۆزگەرتىلگەن ھالدىكى ئارخىپ مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىيالنى قولغا چۈشۈرۈدۇ. 1993-يىلى ئاۋغۇستتا، ئامېرىكىلىق تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان بىر ئاخبارات ئاپتورى رونالد كېسلېر ئامېرىكا فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى ــ ف ب ئاي غا مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى ــ بازىرى ئىتتىك كىتاپتىن بىرنى نەشىر قىلدۇرۇدۇ. بۇ كىتاپ، ف ب ئاي نىڭ بىر قىسىم ئىچكى ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان بولۇپ، كىتاپتا، قىسقا ئەمما قۇلاققا بەكلا قاتتىق ئاڭلىنىدىغان بىر خەۋەر قىستۇرۇلغان ئىدى.

بۇ ئابزاستا «ئامېرىكا فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بىر سابىق ك گ ب خادىمىدىن ئىستىخبارات ماتېرىيالى قولغا چۈشۈرگەنلىكى، بۇ خادىمنىڭ بۇرۇن ك گ ب ئارخىپلىرىنى كۆرگەن كىشى ئىكەنلىكى» يېزىلغان:

*بۇ ك گ ب ئوفىسسېرىنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ك گ ب يېقىنقى بىر قانچە يىلدا نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ئامېرىكىلىقنى ئۇلار ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئۇچۇر شۇنچىلىك ئېنىق ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدىكى، بۇنى ف ب ئى دەرھال تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ ئىشەنچىلىك بولۇپ-بولماسلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا كىرىشتى. ... 1993-يىلى يازدا، فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەردىكى تارماقلىرىمۇ بۇ دېلو ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئىشىنى باشلىۋەتتى ھەمدە فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ دۆلەتلىك تەتقىقات ئىشخانىسىدا بىر قېتىملىق مۇتلەق مەخپىي يىغىن چاقىرىلىپ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىرىنى پىلانلايدۇ.*

ئەمما كېسلېر، بۇ ك گ ب قاچقۇنىنىڭ ئىسپاتلاپ بەرگەن «يۈزلىگەن ئامېرىكىلىق»تىن ھېچ بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارلىمايدۇ. ئۇ «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغىنىدا، «ئامېرىكا فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بۇ ھەقتە ئېنىق ئۇچۇرغا ئېرىشكەنلىكىنى، بۇ ئۇچۇرنىڭ سابىق ك گ ب نىڭ ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىش جەريانىدا تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىدىن ئىنتايىن مۇھىم ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ھەمدە بۇنىڭ داۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئەمما ئۇ زادى قانچىلىك كىشى بۇ دېلوغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاشنى قەتئىي رەت قىلغان.» «دەۋر» ژۇرنىلى بۇ ك گ ب قاچقۇنى «بۇنىڭغا ئوخشايدىغان دېلو ئۇچۇرلىرىنى پاش قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ،[23] ئۇنىڭ بۇرۇن ھەقىقەتەنمۇ سابىق ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىدا ئىشلىگەن بىر ئوفىتسېر ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇ كېسلېر دېگەن كىشى ‹يېقىندا› ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىنىڭ سانىنى بەكلا مۇبالىغە قىلىۋەتكەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ كۆرسەتكەن.

ميتروخىننىڭ قولىيازمىلىرىدا ھەقىقەتەنمۇ 20-يىللاردىن بۇيانقى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئا ق ش دا پائالىيەت قىلىپ كەلگەن نەچچە يۈز نەپەر ك گ ب خادىمى، ئالاھىدە جاسۇسلىرى ياكى ئالاقىچىلىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. ئەمما كېسلېر بۇ رەقەملەرنى سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۈتۈن دەۋرلەردىكى ئىشپىيون سانى ئىكەنلىكىنى دىققەتسىزلىك بىلەن «يېقىندىكى سان» دەپ قارىۋالغان. گەرچە كېسلېرنىڭ بۇ سانلىق رەقەملىرى ھەممىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېگىنىدەك بۇ ك گ ب قاچقۇنى ئەنگلىيىگە ئەمەس بەلكى ئا ق ش غا قېچىپ بېرىۋالغان دېگىنىگە ھېچكىم گۇمان قىلمىغان. شۇندىن كېيىن سالاھىتى ئاشكارىلانمىغان بۇ قاچقۇن ھەققىدە ھېچقانداق بىر خەۋەر تارقالمايدۇ. مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ھېكايىگە بولغان قىزىقىشىمۇ ئاستا-ئاستا سوۋۇپ قالغان.

شۇندىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە، ميتروخىن كۆچۈرۈۋالغان ئارخىپلار قايتا ئاشكارىلانمايدۇ. ئەمما 1996-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىغا كەلگەندە، فرانسىيە ئاگېنتلىقى 1981-يىلىدىن 1985-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىدە تۇرغان چارلىز خېرنۇ 1953-يىلىدىن ھېچ بولمىغاندا 1963-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت لاگېرىنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە خەۋەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، پرېزىدېنت فرانچويز مىتتېرراند فرانسىيە بىخەتەرلىك ئورنىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بۇ رەزىللىكنى ئاشكارىلىماي يوشۇرۇپ باستۇرۇپ قويغان. «دۇنيا» گېزىتى — لي موند، 1993-يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورۇنلىرى فرانسىيە بىخەتەرلىك ئورنىغا «فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن چەتئەلدە تۇرۇشلۇق خادىملىرىدىن تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىسمىنى يوللاپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئىشلىگەن» بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەسلىدە، ئەنگلىيە

مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ فرانسىيە بىخەتەرلىك ئورنىغا بىلدۈرگەن فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەمەلدارلىرى ئىسمى بىلەن چەتئەلدىكى خادىملىرىنىڭ تىزىملىكى مىتروخىن كۆچۈرۈپ چىققان تىزىملىكنىڭ بەكلا ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ھەتتا چارلىز خېرنۇ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. ئەمما ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككى دۆلەت مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەر ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ فرانسىيەگە يوللىغان ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئىشپىيونلىرىنىڭ تىزىملىكى ھەققىدە بىرەر پارچىمۇ خەۋەر بەرمىگەن، ھەمدە بۇرۇن ئامېرىكىلىق كېسلېرنىڭ بىر ك گ ب قاچقۇنىنىڭ كەڭ دائىرىدە ك گ ب ئارخىپلىرىنى كۆرۈپ تۇرالايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىسى بىلەن بۇ ئىشنى ھېچكىم بىرلەشتۈرۈپ ئويلىنىپ باقمىغان.

1996-يىلى دېكابىردا گېرمانىيىدە چىقىدىغان «فوكس» ھەپتىلىك ژۇرنىلى «ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا» ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىمۇ بۇرۇن گېرمانىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا ك گ ب غا چېتىشلىق بىر تىزىملىك بەرگەنلىكىنى،[24] بۇ تىزىملىكتە نەچچە يۈز نەپەر گېرمانىيە سىياسىيونى، سودىگىرى، ئادۋوكات ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ ئىسمى بارلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ چاغدا، ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بۇ كىشى، ئەنگلىيىنىڭ قولىدا، ھەقىقەتەنمۇ بۇرۇن ك گ ب ئارخىپلىرىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرالايدىغان بىر رۇسىيە قاچقۇنى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «فوكۇس» ژۇرنىلى كېيىنكى بىر ماقالىسىدا يەنە مۇنۇلارنى خەۋەر قىلىدۇ:

*فېدېراتىپ تەكشۈرۈش ئەمەلدارى كۆپلىگەن يىپ ئۇچلىرىنى بېرىپ بۈگۈنگىچە گېرمانىيەدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ئورگىنى — ك گ ب جاسۇسلۇق تورىنىڭ ئەڭ يېڭى يىپ ئۇچى بارلىقى دەلىللەنگەن. گېرمانىيەنىڭ تەكشۈرۈش خادىمى ك گ ب ياللىۋالغان، كېيىن رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ موسكۋاغا مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتقان ئىستىخباراتچىلارنىڭ تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ*

www.uyghurkitap.com

*قايتىدىن جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلىشۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇ تۈر تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى ك گ ب جاسۇسىنىڭ بەرگەن تەپسىلىي دوكلادى ئاساسىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقى، بۇ ئىستىخبارات ماتېرىيالىنىڭ رۇسىيەدىن قېچىپ چىققان بىرسىنىڭ موسكۋا ئىستىخبارات ئورگىنىدىن ئوغرىلىقچە ئەنگلىيەگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق ئا ق ش ئىستىخبارات ئورنى 1996-يىلىنىڭ بېشىدا بۇ ماتېرىياللار ئارىسىدىكى ك گ ب بىلەن گېرمانىيىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىستىخباراتلارنى كولوگىن گېرمانىيە بىخەتەرلىك ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ئېيتىلغان.*

1997-يىلى ئىيۇن ئېيىغا كەلگەندە، ئاۋستىرىيىدىمۇ مىتروخىن كۆچۈرۈۋالغان مەخپىي ئارخىپلىرىدىن بەزىلىرى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىنىدۇ. ئاۋستىرىيە مەتبۇئاتلىرىنىڭ ئېلان قىلغان خەۋەرلىرى ك گ ب نىڭ بىر ھۆججىتىنى نەقىل كەلتۈرگەن، بۇ ھۆججەتتە 1963-يىلى سالزبۇرگ ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق بىر خەت ساندۇقى ئىچىدە ساقلانغان، مەخپىي بەلگىسى گ ر ئو ت بولغان بىر مەخپىي قورال ئىسكىلاتىنىڭ يېرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بۇ قورال ئىسكىلاتىدا مىنا، پارتلاتقۇچ دورا، كاپسول، شۇنىڭدەك يەنە قورallıq بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن لازىملىق قورال-ياراقلار يوشۇرۇلغانلىقى مەلۇماتىنى بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتتە مۇنۇلار يېزىلغان:

*سالزبۇرگ شەھىرىدىن چىقىپ شالموسېر خاۋپىستراس يولىدىن 158 نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىغا چىقىمىز، شەھەر بويىدىن 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا، بات ئىشل-گراز يولى بويىچە ئىلگىرىلىگەندە چوڭ بىر تاش كۆۋرۈك بار جىلغا چىقىدۇ.[25] بۇ كۆۋرۈككە كەلمەي تۇرۇپ دۆلەت تاش يولىدىن چىقىپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ جىلغا بويلاپ ئېبېناۋ يەرلىك تاشيولىغا كېلىمىز. ئاندىن داۋاملىق 200 مېتىر ئالدىغا مېڭىپ تاشيولىنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا بارىمىز. پولات رىشاتكىنى باشتىن كېسىپ ئۆتۈپ، دەرھال سولغا بۇرۇلۇپ يول تاختىسىنىڭ قارشى يۆلىنىشىدىكى بىر يېزا يولى بىلەن ئىلگىرىلەيمىز. قورال ئىسكىلاتى دەل شۇ يەردىكى تاش يول بىلەن يېزا يولى كېسىشىدىغان يەرنىڭ 50 مېتىر*

گەرچە ھۆججەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بۇ ئاۋىستىرىيە مەتبۇئاتى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، بۇ ماتېرىياللار قەتئىي تۈردە مىتروخىن كۆچۈرگەن ئارخىپلاردىن باشقىسى ئەمەس ئىدى. بۇ ھۆججەت، يەنە 1964-يىلى تاشىيول رېموت قىلىش ۋاقتىدا قورال ئىسكىلاتىنىڭ كىرىش ئېغىزى ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى، ئۈستىمۇ يەردىن ئىگىزلىتىلگەنلىكىنى، ئەتراپ مۇھىتىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. ك گ ب، گەرچە ئۇ قورال ئىسكىلاتىنى ئېچىپ يۆتكەپ يۈرمەسلىك قارارى ئېلىپ ساقلاپ قالغان. ئاۋىستىرىيە دائىرىلىرى 1997-يىلى بۇ قورال ئىسكىلاتىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ تاپالمىغان. مىتروخىننىڭ قولىيازمىلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ك گ ب قورال ئىسكىلاتلىرى بىلەن رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ نوقتىلىرى ياۋروپا بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەر يېرىدە بارلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئەتراپىغا قىلتاق قويۇپ تۇسۇۋېتىلگەنلىكى ئېيتىلغان.

بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن مەتبۇئات خەۋەرلىرى ئارىسىدا مىتروخىن ئارخىپلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىك پاكىتىنى پەقەت گېرمانىيىدە چىقىدىغان «فوكۇس» ژۇرنىلىلا بىر قەدەر تەپسىلىي خەۋەر قىلغان. 1998-يىلى ئىيۇلدا، بۇ ژۇرنال، سابىق ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىنىڭ بىر كاپىتانى «سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى ھەققىدىكى بارلىق ئارخىپلار نى كۆرەلىگەنلىكى، بۇلارنى كۆرۈپلا قالماي ھەتتا ئۇلارنى كۆچۈرۈپ ك گ ب شىتابىدىن ئوغۇرلۇقچە ئېلىپ چىقىۋالغانلىقى، ئاندىن ئۇلارنى موسكۋا سىرتىدا بىر داچىسىغا يوشۇرۇپ قويغانلىقى»دىن خەۋەر بېرىدۇ. «فوكۇس» ژۇرنىلى، بۇ كىشى 1992-يىلى قېچىپ ئەنگلىيەگە بېرىۋالغانلىقىنى، كېيىندىن ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ «پارتلاش خاراكتېرىدىكى» قولىيازمىلارنى داچىدىن ئېلىپ ئەنگلىيەگە ئەكىلىۋالغانلىقىنىمۇ خەۋەر قىلىدۇ. 4 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «ھەپتە ئاخىرى» دەپ مەخپىي بەلگە قويۇلغان بىر قېتىملىق ھەرىكەتتە، ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ ئارخىپلار ئارىسىدىن گېرمانىيەگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تاللاپ

www.uyghurkitap.com

چىقىپ، گېرمانىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنى قىسقىچە خەۋەرلەندۈرگەنلىكىنى يازدۇ. «فوكۇس» ھەپتىلىك ژۇرنىلى بۇ ماقالىسىدا، بۇ قاچقۇن گېرمانىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنى موسكۋانىڭ غەرپىي گېرمانىيەگە يوللىغان ئىشپىيونلار تورى ھەققىدە نەچچە يۈز بەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. گېرمانىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە باھا بېرىپ كېلىپ، «بىز بۇ قاچقۇننىڭ شۇنچە كۆپ مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولالىشىدىن بەكلا ھەيران قالدۇق» دېگەنلىكىنىمۇ يازغان. «روشەنكى، موسكۋا دائىرىلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىزنى قورقۇتۇپ بىر نېمە ئۇندۇرۇۋېلىشقا يارايدىغان بەكلا كۆپ ماتېرىيالنى ساقلىغان ئىكەن.» خەۋەردىن قارىغاندا، فېدېراتىپ گېرمانىيە دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى 50 كە يېقىن جاسۇسلۇق دېلوسىغا[26] مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەن، شۇنىڭدەك يەنە 12 تۈرلۈك يېڭى جاسۇسلۇق دېلوسى ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش باشلىغان.

ئەمما «فوكۇس» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالە ئۇمۇمىي يۈزلۈك گۇمانلىنىشلارغىمۇ سەۋەب بولۇدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى بەلكىم رۇسىيەدىكى بىر داچىدىنلا شۇنچە نۇرغۇن ك گ ب مەخپىي ئارخىپى تېپىلىشىنىڭ ئۆزىلا قەتئىي ئىمكانى يوق دېگەننى خىيالغا كەلتۈرۈدۇغانلىقى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. گۇمان پەيدا قىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەبى بولسا، «فوكۇس» ھەپتىلىك ژۇرنىلى تەمىنلىگەن بۇ ئۇچۇرلاردىن پەقەت بىرسىنىڭلا قىزىقتۇرغىدەك ماتېرىيال بولۇشى ئىدى. بۇ ماتېرىيالدا، «گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىيە پارتىيىسىنىڭ ‹مەبۇدى› ھالىغا كەلگەن سابىق باش مىنىستىرى ۋىللىي براندتنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا بىر سوۋېت ئىشپىيونى ئىكەنلىكى»نى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. گېرمانىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يۇرى كوبالادز، براندت ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى «چېكىدىن ئاشقان بىمەنە ھېكايە» دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ماتېرىيالنى كۆرۈپ كۈلۈپلا قويغان. ئۇنىڭدىن قائىدە بويىچە ئۆزىنى رۇسىيە جاسۇسىمەن دەپ ئوتتۇرغا چىققان كىشىلەر

ئۇستىدە ھېچ قاچان باھا ئېلان قىلماي كېلىۋاتقان گېرمانىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ كېتىدۇ دەپ سورالغان سۇئالغا جاۋاب بەرگىنىدە مۇنداق دەيدۇ:

*بىزنىڭ تىزىملىك دەپتىرىمىزدە بۇنىڭغا ئوخشاش شۇنچە يوقۇرى ئورۇنغا ئىگە بىرەر سىياسىيون بار بولسا ئىدى، بىز بۇنىڭدىن چەكسىز غۇرۇرلانغان بولاتتۇق. ئەمما تارىخنىڭ چىنلىقىنى قوغداش ئۈچۈن بۇنىڭدەك بىر توقۇلمىنىڭ رەت قىلىنىشىنى زۆرۈر دەپ قارايمىز. چۈنكى بۇ تۈر بىر يالغان گەپ بىرەر سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن قالايماقانچىلىق پەيدا قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.*

ئۇ يەنە بىر ك گ ب پولكوۋنىكىنىڭ داچىسىدا مەخپى ئارخىپ يوشۇرۇپ قويغان دەيدىغان بۇنداق گەپلەرنىمۇ ئوخشاشلا پىتنە-پاسات گەپ دەپ قاراپ ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، براندت توغرىسىدىكى بۇ ھىكايىمۇ سابىق ك گ ب پولكوۋنىكى مىخايىل بۇتكوۋنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەر دەپ قارايمىز. بۇ كىشى ئىلگىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئوسلو ئىستىخبارات پونكىتىغا ئەۋەتىلگەن بىرسى ئىدى، كېيىن بۇ كىشى ھۆكۈمەتتىن يۈز ئۆرۈپ 1991-يىلى ئەنگلىيەگە قېچىپ بېرىۋالغان دەيدۇ.

كوبالادزىنىڭ مەخپى ئارخىپ توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى توغرا دەپ قارىمىساقمۇ، ئۇنىڭ براندتنىڭ سوۋېت ئىشپىيونى ئەمەس دېگەن ھۆكۈمىنى توغرا ھۆكۈم دېيىشكە بولىدۇ. مىتروخىننىڭ خاتىرىلىۋالغان ئارگىناللىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ك گ ب ئارخىپلىرىدا ھەقىقەتەنمۇ «شىمالى قۇتۇپ ئېكىسپېدىيىچىسى» دېگەن مەخپى بەلگىلىك براندت ھەققىدە بىر ماتېرىيال بار ئىدى. بۇ ماتېرىيال براندتنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ستوكھولۇمدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ خادىملىرى بىلەن ئىستىخبارات ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا بولغانلىقىنىڭ راست ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئالماشتۇرۇلغان ماتېرىياللار براندتنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىلىق ئىستىخباراتچىلار ئارىسىدىمۇ ئالماشتۇرۇلغانلار بىلەن ئوخشاش ئىدى.[27] خۇددى شۇنىڭدەك ليون

www.uyghurkitap.com

تروتسكىنىڭ سابىق كاتىبىمۇ بۇنداق ئالاقىلىشىشلارغا قاتناشقان. بۇ كاتىپ نورۋېگىيەلىك بىرسى بولۇپ، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق خائىن دەپ تونۇلغان بىرسى ئىدى. براندتنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئۇچىسىگە تەمىنلىگەن بارلىق ئۇچۇرلىرى پۈتۈنلەي ئادولف ھىتلېرنى مەغلۇپ قىلىشنى تېزلىتىشنىلا مەقسەت قىلاتتى. شۇ چاغدا ئۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يولى س س س ر نىڭ ستوكھولمدىكى بۇ ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن ئالاقىلىشىش دەپ قارىغان (روشەنكى ئۇنىڭ بۇ پەرىزى توغرا بىر پەرەز ئىدى). ئەمما «شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيىسى» دەپ بەلگە قويۇلغان بۇ ماتېرىيالنى ئۇنداق مەنا بېرىدىغان ھالغا كەلتۈرگەنلەر براندت ئەمەس بەلكى دەل ك گ ب نىڭ ئۆزى ئىدى. 1962-يىلى، ك گ ب دىكىلەر خرۇششېۋنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ براندتنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ھەرىكىتىگە ئۆتكەن. ك گ ب، براندتقا تەھدىت قىلىپ ئەگەر بىز بىلەن ھەمكارلاشمايدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا سېنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستوكھولمدىكى ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقانلىقىڭغا دائىر پاكىتلارنى ئاشكارىلىۋېتىمىز دەپ قورقۇتقان. ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئەھۋالنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشى براندتقا «بىرمۇنچە بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلار»نى تېپىپ بېرىشى ئېنىق ئىدى. شۇڭغا قارىماي ك گ ب نىڭ ئۇنى قورقۇتۇپ بىر نېمىلەر يۇلۇۋېلىشنى پىلانلىغان ھىلە مىكرى بەربىر ئىشقا ئاشمىغان.

بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە، ك گ ب مەخپىي ئارخىپى سەۋەبىدىن فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى (ب ف ۋ) بىلەن ئاۋستىرىيە جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسىغا ئوخشاش، سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ تا ياپونىيىگىچە بولغان دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەل بىخەتەرلىك ئىدارىلىرى، ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا مىتروخىن تەمىنلىگەن مەخپىي ئارخىپلاردا ئوتتۇرغا چىققان يىپ

ئۆچلىرىنى تۆتقا قىلىپ تەكشۈرۈش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ تەكشۈرۈش ئىشلىرى مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان ئىدى. بۇ تۈردىكى يىپ ئۇچلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جاسۇسلۇققا قارشى ھەرىكەتنى مەقسەت قىلىدىغان ياكى بولمىسا بۇرۇنقى ھەل بولماي تاشلىنىپ قالغان ۋە ياكى ك گ ب نىڭ بىكار قىلىنىشىدىن كېيىنكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بەزى ھەرىكەتلەر بولۇپ، ھەرگىزمۇ كىمدۇ بىرلىرىنى ئەيىپلەشنى مەقسەت قىلىدىغان تەكشۈرۈشلەر ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان دېلولارنىڭ بېكىتىلىش پاكىتلىرى يەنىلا شۇ مىتروخىن قولىدىكى ئارخىپلاردىن كەلمەكتە ئىدى.

بىر قېتىمدا ھەتتا مىتروخىنمۇ سوت مەھكىمىسىدە بىۋاستە شاھىدلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىدىن ئارانلا قۇتۇلىدۇ. تەكشۈرۈلۈۋاتقان بىر دېلوغا چېتىشلىق روبېرت لىپكا دەيدىغان بىر قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئوفىسېرى، 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئا ق ش دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا ئىشقا تەقسىم قىلىنغان (بۇ بىر ئامېرىكا تېخنىكا ئاخبارات رازۋېتكا ئورنى ئىدى). مىتروخىن بۇ كىشىنىڭ ك گ ب ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 1993-يىلى مايدا ئامېرىكا ف ب ئى (ئېف-بىي-ئاي، فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى، FBI، — ئۇ.ت) ئىشپىيونى دىمىترى دروۋژىنىسكى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات باش شتابى تەرىپىدىن ۋاشىگتوندا تۇرۇشلۇق خادىم سۈپىتىدە يوللانغان «سېرگېي نىكىتىن» دېگەن يالغان ئىسىملىك بىرسى بىلەن كۆرۈشكەندە، «نىكىتىن» ئۇنىڭغا «لىپكا ئۇنىڭغا 25 يىل ئىلگىرى سىلەرگە جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىمەن دەپ بەكلا كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىم دەپ، كېيىنكى بىر قانچە ئاي جەريانىدا مەندىن ئون مىڭ دوللار ئالغان» دەپ ئېيتقان.[28] قارىغاندا لىپكا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جاسۇسلۇق ئىشلىرىدىن بەكلا غۇرۇرلانسا كېرەك، «نىكىتىن»غا «مېنىڭ بۇ ئىشلىرىم ھەققىدە قانۇننىڭ تەكشۈرۈش چېكى ئاللىمۇقاچان ئۆتۈپ كەتكەن» دېگەن. ئەمما «نىكىتىن» ئۇنىڭغا «شۇنى ئۇنۇتما، ئا ق ش قانۇنلىرىدا جاسۇسلۇق دېلولىرىنى سۈرۈشتە قىلىشتا ۋاقتى ئۆتتى

دېيدىغان بىر بەلگىلىمە يوق» دەپ ئەسكەرتكەن. لىپكامۇ ئۇنىڭغا «ھەرقانداق بىر قانۇن ئالدىدا مەنمۇ ھېچ نېمىنى ئېتىراپ قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇندىن كېيىن ئا ق ش ئېف-بىي-ئاي ئىدارىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئىشىغا كىرىشكەن. ئاخىرى، 1996-يىلى فېۋرالدا پېنسىلۋانىيە شىتاتىنىڭ مىللېرسۋېللې كەنتىدە ئۇنى ئۆيىدىن قولغا ئالغان: لىپكا، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى مەخپىي ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان ئىدى.

لىپكا ئۈستىدىكى بارلىق ئەيىپلىنىشلەرنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئامېرىكا دائىرىلىرى مىتروخىننى 1997-يىلى ماي ئېيىدا فىلادېلفىيە شەھىرىدە ئا ق ش مەمۇرى سوتىغا چىقىپ لىپكانىڭ سوتلىنىشىدا شاھىتلىق قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئەمما «فىلادېلفىيە شەھەرلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا ئېيتىلغىنىدەك، لىپكانىڭ سوتتىكى ئىپادىسى «ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، كۆز يېشى تۆككەن ھالدا بۇرۇن ك گ ب جاسۇسلىرىغا ئۇچۇر يەتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.» ئەسلىدە، لىپكانى سوتلىغان مۇئاۋىن سودىيە رونالد ف. كىد ئۇنى ئاقلاش كېلىشىمىنىڭ شەرتلىرى ئاساسىدا ئەيىپلىنىشنى قوبۇل قىلغىنىدا 18 يىللىق قاماق جازاسى بىلەنلا ئۇنى بۇ ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگەر ئىپادىسى ئۆزگىرىپ ياخشى بولۇپ كەتسە ھەتتا بالدۇر قويۇۋېتىلىشىمۇ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، شۇنداق قىلغاندا بۇنداق تۈگىمەس ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ يۈرگىنىدىن ھەمدە ناۋادا جىنايىتى مۇقۇملۇشۇپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ قالغىنىدا قالغان ئۆمۈرىنى پۈتۈنلەي تۈرمىدە ئۆتكەزگىنىدىن مىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ ئۇنى قايىل قىلغان ئىكەن. گەرچە سوت مەھكىمىسى مىتروخىننىڭ ئىسمىنى پەقەتلا تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، قارىغاندا دەل شۇ مىتروخىن ئارخىپلىرىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار لىپكانىڭ ئىپادە بېرىشىنى ئۆزگەرتىشىگە سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ ئادۋوكاتى مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدا مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىسى ئېنىقكى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پاكىتلار

ھەقىقەتەنمۇ بەكلا مۇھىم پاكىتلار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھۆكۈمەتكىمۇ شۇنىسى ئايان ئىدىكى، ئۇلار بۇ دېلونى ئۆزۈل-كېسىل ئېنىقلاپ چىقىش ئىمكانىيىتى يوق ھەمدە بۇ مەخپىي شاھىتنى ئوتتۇرلۇقتا ئاشكارىلاشنىمۇ خالىمايتتى.» بۇ يەردە دېيىلگەن «مەخپىي شاھىت» — دەل مىتروخىن ئىدى. لىپكا ئىقرار بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا مۇئاۋىن پروكوراتورى باربارا جون كوھان «بىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا نازۇك بىر شاھىدىمىز بار ئىدى. ئەگەر ئۇنى سوتتا شاھىت بولۇشقا مەجبۇرلانغىدەك بولۇپ قالساق، قەتئىي تۈردە ئەينەك توساق كەينىدە تۇرغۇزۇپ ئېپادىسىنى ئېلىشقىلا مەجبۇر ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق تۈردە يالغان ئىسىم قوللانماي بولمايتتى. مانا ئەندى ئۇنى شاھىتلىققا چاقىرمىساق زادى بولمايدۇ دەيدىغان مەجبۇرىيەتمۇ قالمىدى» دەيدۇ. لىپكا، 1997-يىلى سىنتەبىردە قاماققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا لىپكا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزەمنى خۇددى رىپ ۋان سىپبىي تىپىدىكى بىر جاسۇستەك ھېس قىلدىم. ئەسلىدە، مەن ئۇ ئىشلارنى بۇرۇنلا كاللامدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدىم. مەن، شۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ بۈگۈنگە كەلگەندە ئاشكارىلىنىپ قالدىغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىكەنمەن» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، لىپكا 18 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئون مىڭ دوللار جېرىمانە تۆلەشكە ۋە بۇرۇن «نىكىتىن»نىڭ فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ھېسابىدىن ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ئون مىڭ دوللارنىمۇ قايتۇرۇشقا بىرلىكتە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.[29]

بۇنىڭغا ئوخشىغان يەنە نۇرغۇن «رىپ ۋان سىپبىيلار» بار بولۇپ، بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ياشىغان ئالللىمۇقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەسلىمىلىرى مىتروخىن ئارخىپلىرى سەۋەبىدىن قايتىدىن ئوتتۇرغا چىقىپ ئۇلارنى «چۆچۈتىۋېتىشى» مۇمكىن. بىز كېيىنكى بۆلۈملەردە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىدىغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، يەنە نۇرغۇنلىغان بەكلا مۇھىم دېلولارنىڭمۇ جىددى تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقىنىمۇ كىتاپخانلارغا ئەسلىتىپ ئۆتىمىز. ئەمما قانۇنىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى سوت مەھكىمىسىگە چىقىرىلىشىدىن ئىلگىرى ئاشكارىلاش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز. بۇ تۈر دېلولاردىن بەزىلىرى ھەتتا بىر قىسىم نا تو ئەللىرىگىمۇ چېتىلىدۇ. گەرچە بۇ كىتاۋىمىزدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىنىڭ نىقاپلانغان بەكلا ئاز بەلگىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇشىغا قارىماي، رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۇستىدە رۇسىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى بۈگۈنگە كەلگىچە ئوتتۇرغا چىققان ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇرەككەپ زىيانغا ئۇچراتقۇزۇش ھەرىكىتىنى مۆلچەرلىگىنىمىزدە، ئۇلار مۇنداق بىر ئەمەلى مەسىلىگە دۈچ كېلىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ: شۇنى ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، يەنە قانچە جاسۇس مىتروخىن ئىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدىن كېيىن ئىككى تەرەپلىمە جاسۇسقا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئورۇسلار ھەرگىز پەرەز قىلالمايدۇ.

مىتروخىن كۆچۈرۈپ چىققان ئارخىپلاردا يەنە قانچىلىك يوقۇرقىدەك مەزمۇنلار تېپىلسا، رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىمۇ بۇنىڭدىن تارتقان زىيانلىرىنى كۈن تەرتىپكە قويۇپ مۆلچەرلەپ ئاشكارىلىنىپ قالغان ئۇچۇرلار بىلەن بۇنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا مەجبۇر. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى 1996-يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بىر باياناتىنى ئېلان قىلىپ (1998-يىلى ئىيۇندا بۇ ھەقتە يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ كۆرسەتكەن)، ئاتالمىش بىر خائىنىنىڭ يۈزلىگەن سوۋېت جاسۇسىنىڭ تىزىملىكىنى بارلىق غەرب ئەللىرى ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا ئاشكارىلىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر پۈتۈنلەي ئاساسى بولمىغان قۇرۇق گەپ دەپ كۆرسىتىشتى. بۇ باياناتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىنكى، بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان مۆلچەرلىرى تېخى ئۇلارنىڭ يېغىرىغا تەگمىگەن. قارىغاندا، 1999-يىلى بۇ كىتاپ نەشىر قىلىنغان كۈنگە كەلگەندىلا ئاندىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ تۈردىكى بەكلا كۆپ ئۇچۇرلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خېلى بۇرۇنلا سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان.

مىتروخىن كۆچۈرۈپ چىققان بەزى ھۆججەتلەردە، ك گ ب باش

شىتابىنىڭ (ئادەتتە «مەركەز» دەپلا ئاتىلىدۇ) بۆگۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرىكى چەتئەل ئىستىخباراتلىرىنى ئاشكارىلاپ قويغان كىشىلەر ئۈستىدە ئۇسۇل تاللاپ ئولتۇرماي ئۆچ ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر ئىنتايىن تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئىدى. جون باررون 1974-يىلى سوۋېت يېزى ئۆرىگۈچىلىرى بىلەن غەرپ ئىستىخبارات ئورگانلىرى تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار ئاساسىدا «ك گ ب: سوۋېت مەخپى جاسۇسلىرىنىڭ يوشۇرۇن پائالىيەتلىرى» دېگەن كىتاپنى نەشىر قىلدۇرۇدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ھېچ بولمىغاندا 370 قېتىم زىيان مۆلچەرلەش ۋە باشقا دوكلاتلارنى تەييارلاشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا باررون ۋاشىنگتوندا چىقىدىغان «مۇشتىرىلاردىن تەرمىلەر»نىڭ ئالىي مۇھەررىرى ئىدى. مىخايىل كورنىيېنكو پولونىك شۇ ۋاقىتتا «ئاردوۋ» دېگەن پارول بىلەن ۋاشىنگتوندا تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىدى.[30] پولونىك بۇيرۇق بويىچە ئۇ يەردە «باررون ھەققىدىكى بارلىق ئەھۋاللارنى توپلاش ھەمدە ئۇنى قارىلاش» تەدبىرلىرى ھەققىدە مەركەزگە تەكلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ك گ ب باررونىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشتە قوللانغان «جانلىق تەدبىرلىرى»نىڭ كۆپۈنچىسى ئۇنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى چوخچىلاشتىن ئىش باشلاش ئىدى. ئۇلار، باررون مەلۇم بىر يەھۇدىي سىيونىست سۈيىقەستچىلەر گورۇھىنىڭ ئەزاسىمىش دېگەندەك ئۇيدۇرما يالغانلارنى تارقىتىشقا كىرىشىدۇ. بۇمۇ سوۋېتلەرنىڭ پىتنە تارقىتىش جەريانىدىكى ئىزچىل بىلجىرلاشلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەمما بۇ تۈر يالغان گەپلەر ئوتتۇرا شەرقتىن باشقا جايلاردا ھېچ بىر تەسىر پەيدا قىلالمىدى دېيىش مۇمكىن.

شۇنىڭدەك يەنە باررونىنىڭ كىتاپىدىن نەقىل كەلتۈرگەن باشقا بىر قانچە مۇخبىرمۇ ك گ ب نىڭ ئۆچ ئېلىش نىشانىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلارغا تېخىمۇ رومانتىك ئۇسلۇب قوللىنىلغان ئىدى. مەسىلەن، ئاۋۇستىرىيەلىك ئاخبارات يازغۇچىسى «ك گ ب: سوۋېتلەر مەخپى ئىشپىيونلىرىنىڭ يوشۇرۇن پائالىيەتلىرى» دېگەن كىتاپنىڭ ئىچىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ س س س ر نىڭ «تىنچلىقپەرۋەرلىك» سىياسىتىغا ھۇجۇم قىلغىنىدا، ك گ ب ئۇنىڭغا قارىتا تېخىمۇ كەسكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەدبىر قوللىنىدۇ. يەنى ئۇلار بىر-بىرسىدىن تۇيتىن پەرق قىلىدىغان نۇسخىدىكى ئاۋستىرىيە ساقچى ئىدارىسىنىڭ قۇرۇق «ماتېرىيال كارتۇچكىلىرىنى» ياساپ چىقىپ، ئۇنى ك گ ب بىرىنچى باشقارما بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ قىساس ھەرىكىتى مۇتەخەسسىسى تەرىپىدىن بۇ كارتۇچكىلارغا بۇ ماقالە يازغۇچىسى بىلەن ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى — س ئى ئا بىلەن بۇرۇندىنلا زىچ ئالاقىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ساختا مەلۇمات ياساپ، بۇلاردىن ئاۋستىرىيە ساقچى ئىدارىسى ئاللىقاچان خەۋەردار ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇيدۇرۇلغان ماددىلار توشقۇزۇلىدۇ. ئاندىن يۇتۇن ئاۋستىرىيە مەتبۇئاتلىرىغا بۇ كارتۇچكىلار بىلەن رەسىملەرنى تارقىتىۋېتىدۇ. مىتروخىن قولىيازمىلىرىدا يەنە ك گ ب باشقا ئەللەردىمۇ باررونىنىڭ تەسىرىگە قارىتا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى باشلاتقانلىقى، بۇنداق تەدبىرلەرنىڭ دائىرىسى شۇنچە كەڭ ئىدىكى، تا تۈركىيە، سىپرۇس (تۈركىيە تۈركچىسىدە قىبرىس دەپ ئېلىنىدۇ)، سىرىلانكا، لىۋىيە، لىۋان، مىسىر، ئىران، كۇۋەيت، سومالى، ئۇگاندا، ھىندىستان ھەمدە ئافغانىستانلارغىچە يېتىپ بارغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە ك گ ب تەتقىق قىلىنغان كىتاپ-ژۇرناللار ئارىسىدا ئۇلارنى ھەممىدىن بەكرەك سەكرىتىۋەتكىنى 1990-يىلى نەشىر قىلىنغان «ك گ ب: لېنىن دەۋرىدىن گورباچيېۋ دەۋرىگىچە چەتئەلدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچكى سىرى» دېگەن كىتاپ ئىدى. بۇ كىتاپ، ئولېگ گوردىيېۋسكى قولغا كەلتۈرگەن ك گ ب ھۆججەتلىرى بىلەن باشقا ئىستىخبارات ماتېرىياللىرى ئاساسىدا كرىستوفېر ئاندرېيېۋ بىلەن ئولېگ گوردىيېۋسكى بىرلىشىپ يېزىپ چىققان. گوردىيېۋسكى بولسا، 1974-يىلىدىن 1985-يىللار ئارىسىدا ئەنگلىيە ئىشپىيونى بولۇپ ك گ ب غا كىرگۈزۈۋېتىلگەن بىرسى ئىدى. بۇ ئىككىسىگىمۇ ك گ ب ئالدىنقىلارغا قىلغاندەك قەبىھ مۇئامىلە قىلىدۇ. ك گ ب بۇ كىتاپ بىلەن ئۇنىڭ يازغۇچىلىرىغا شۇنىڭغا ماس تەدبىر قوللىنىدۇ (موسكۋانىڭ گوردىيېۋسكىغا بۇ كىتاپنى يېزىشقا باشلىغاندىلا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىدىن بۇلارغا نەقەدەر قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى ئېنىق

كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇ). بۇ قېتىمقىسىدا، ك گ ب، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كاتتابېشى كرىيۇچكوۋ، ئاندرېۋ بىلەن گوردىيېۋسكىغا ئىككىسىنىڭ بىرلىشىپ بۇ كىتاپنى يېزىپ چىققانلىقى ئۈچۈن[31] يېڭى بىر جازالاش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. 1990-يىلى سېنتەبىردە، كرىيۇچكوۋ مۇتلەق مەخپىي دەيدىغان بىر پارچە «رەئىس بۇيرۇقى»نى تەستىقلاپ چۈشۈرۈدۇ. بۇ بۇيرۇقتا بۇنىڭ ئۈچۈن تەسىر پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن باشقا مۇناسىۋەتلىك تەدبىر قوللۇنۇش (بۇ، «ك گ ب چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قابىلىيەتلىرىدىن بىرى») نى تەكىتلەپ كېلىپ، «ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىپ» ك گ ب نىڭ «ياخشى» قىياپىتىنى شۇنىڭدەك «ئۇنىڭ تېخىمۇ مەدھىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش-ئىزلىرى»نى كۈچەپ تەشۋىق قىلىڭلار دەپ يوليورۇق بېرىدۇ.

ك گ ب ئۆزىنى ياخشى ئورگان قىلىپ كۆرسۈتۈش مەقسىتىدە غەرپ يازغۇچىلىرىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان بىرىنچى ئۆتكەل جون كوستېللو دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى بەكلا تۇراقسىز، بەكلا غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ، ئەسلىدە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللۇنۇدۇغان، ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەنگلىيىلىك بىرسى ئىدى. ئۇ ئادەتتە ھەر تۈرلۈك نوقتىلار بويىچە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن ھەپىلىشىدىغان، «سۇيىقەست نەزەرىيىسى» توغرۇلۇق ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە تەرىپى بولغان بىرى ئىدى. 1991-يىلى كوستېللو، 50 يىل بۇرۇن ھىتلېرنىڭ ياردەمچىسى رۇدولف ھېسنىڭ مەخپىي تۈردە ئەنگلىيەگە قېچىپ كېتىش ۋەقەسى توغرۇلۇق بىر كىتاپ نەشىر قىلدۇرۇدۇ. بۇ كىتاپ، رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ك گ ب ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ كىتاپتا، بۇ ۋەقەدىكى نۇقتىلىق مەسىلە ئەنگلىيە ئىستىخبارات تارماقلىرى تەرىپىدىن بىر قوللۇق پىلانلاپ پەيدا قىلىنغان بىر سۇيىقەست ئىدى دەپ قارىغان (بۇ خىل قاراش شۇ تارىخىي دەۋر ئۈستىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللۇنۇدۇغان مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئاسانلىقچە قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر قاراش ئىدى). ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە،

كوستېللو يەنە رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئولېگ شارىۋ (سابىق ك گ ب نىڭ بىرىنچى باشقارما ئوفىسسېرى) بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىسىدا سوۋېت ئىستىخبارات ئوفىسسېرى بولغان ئالېكساندر ئورلوۋنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىدا ئوچۇق قىلىپ «بۇ كىتاپ، تۇنجى قېتىم ك گ ب ئارخىپلىرىنى مەنبە قىلىپ يېزىلغان كىتاپ بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان ك گ ب مەخپىيەتلىكلىرى بايان قىلىنغان» دەپ يېزىلغان. بۇ كىتاپنى ئالدىنقى كىتاپقا سېلىشتۇرغاندا، كىتاپتىكى كەچۈرمىشلەر راستىنلا كىشىلەرنىڭ گۇمان قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمىغىدەك بىر كىتاپ ئىدى. كىتاپتا رەسمى ماۋزۇغا ئۆتۈشتىن ئاۋال، سابىق ك گ ب كاتتىبېشى بولغان يۈزىسىز ۋىلادىمىر كرىيۇچكوۋ بىلەن سابىق ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى لىيونىد ۋىلادىمىروۋىچ شىبارشىن بۇ پىلاننى باشلىتىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ زور كۈچ چىقارغان. كوستېللو بۇ ھەقتىمۇ ئالاھىدە ئىزاھات بېرىپ، «رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ كىتاپنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۈچۈن ئىزچىل قوللاپ كەلگىنىگە چەكسىز رەخمىتىمنى بىلدۈرىمەن، بۇ كىتاپ، مەيلى رۇسىيەگە مەيلى دۇنيادىكى باشقا ئەللەرنىڭ ئىستىخبارات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن، راستىلىق بىلەن بايان قىلىنىشى ۋە رېئاللىق تەسۋىرى جەھەتلەردە ھەقىقەتەنمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كىتاپ» دەيدۇ.

كوستېللو بىلەن شارىۋ ئىككىسى قولىيازما ئارگىنالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، قالغان ئىشلارنى رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تاللاپ بېكىتىدۇ ياكى كىتاپ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغان رۇسسىيە يازغۇچىسى بىلەن غەرپ ئەللىرىدىن يېزىقچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان بىرسى[32] (بۇنداقلاردىن رۇسىيە ۋە غەرپ دۆلەتلىرىدە ئىنتايىن داڭلىق بولغان تارىخچى بىلەن، يەنە بىر نەپەر پېنسىيونېر ـ ئا ق ش مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ئوفىسسېرىدىن بىرسىمۇ بار) بىرلىشىپ كىتاپنىڭ

قىلىپىنى بىكىتىپ چىقىدۇ. ئا ق ش «تاج كىتاپخانىسى» دەسلەپتە مەبلەغ چىقىرىپ كاستىيللو بىلەن شارىۋ ئىككىسىگە ياردەم قىلىپ بۇ كىتاپنى يازدۇرۇدۇ. ئەمما كېيىن ئۇلار بۇ خىل ياردەمنى توختۇتۇپ قويۇدۇ. بۇ تۈردىكى مەتبۇئات ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان تېمىلار ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى دەۋردىن تارتىپ سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئىككىسى ھەر بىر بۆلۈمنى يېزىش ۋاقتىدا رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يازغۇچىلارغا ھېچكىمدە يوق مۇتلەق مەخپى ھۆججەت كۆچۈرۈلمىسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار ك گ ب ئارخىپلىرى ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ماتېرىياللار ھېسابلىناتتى. نەشىر قىلىنغان بۇ تۈردىكى كىتاپ-ژۇرناللار بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىزىقتۇرغىدەك ماتېرىياللار ھېسابلانسا، بەزىسىدە يەنە پەۋقۇلئاددە يېڭى مۇھىم ماتېرىياللارمۇ تېپىلىپ قالاتتى. ھەتتا بۇ كىتاپلاردىن بىر قىسمى چوڭقۇر تارىخ تەھلىللىرى كىتاپخانىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرەلەيتى. ئەمما بۇ تۈر چىقىرىلغان كىتاپلاردىمۇ بىر يېتەرسىزلىك ساقلانغان بولاتتى. بۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنى ئاپتورلاردىن كۆرۈشكە بولمايتى. چۈنكى ئاپتورلار بۇ كىتاپنى تۈزۈپ چىقىش ۋاقتىدا تايانغان ك گ ب ھۆججەتلىرى ئاپتورلار تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەر تەرىپىدىن تاللانغان بولاتتى.

رۇسىيە يازغۇچىلارغا تەمىنلىگەن ئارخىپلارنىڭ بەزىسى بەكلا ئەستايىدىللىق بىلەن تاللانغان بولاتتى. ئالايلۇق، 90-يىللاردا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى رۇسىيەلىك ۋە غەرپ يازغۇچىسىغا ك گ ب نىڭ ئەڭ داڭدار ئەنگلىيىدىكى جاسۇسى كىم فىلبىينىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى بېرىدۇ. ئەمما فىلبىينىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى ھەمدە رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئابروينى قوغداش مەقسىتىدە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەر ئاجايىپ ئېھتىياتچانلىق كۆرسۈتۈپ فىلبىينىڭ ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئامېرىكىدىكى پونكىتىغا باشلىق بولۇۋېلىشىنى قالتىس ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇپ قالۇدۇ (بۇ ئۇنىڭ سوۋېت جاسۇسى بولۇش جەريانىدىكى

www.uyghurkitap.com

ۋەزىپە ئادا قىلىشىنىڭ ئەڭ يوقۇرى پەللىسى ئىدى). كېيىن فىلبىي لاياقەتسىز يېتەكچىسى ئارىسىدا تەمىنات مەسىلىسىدە ھەمدە ياخشى يېتەكلىيەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىشەلمەسلىك يۈز بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىناۋىتى تۆكۈلگەن بىر ھالدا موسكۋاغا قايتۇرۇلۇدۇ. مىتروخىن، فىلبىي ھەققىدىكى چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەر تا بۈگۈنگىچە ئاشكارلاشقا بولمايدىغان خاتىرىلەر دەپ مەخپى تۇتقان ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈۋېلىپ شۇ دەۋرگە ئائىت ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىشلارنىمۇ ئاشكارىلىۋېتىدۇ.

چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى، ئۆزىنى چىققىلى بولمايدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ئېھتىمال بولغان بەزى ئارخىپلارنىڭ بارلىقىنى ئاشكارە رەت قىلغان ئىدى. رۇسىيەلىك ھەمدە ئامېرىكىلىق يازغۇچى (بۇلاردىن بىرسى ئىلگىرى بىرىنچى باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان) چەتئەل ئىستىخبارات باشقارمىسى تەمىنلىگەن ئارخىپ ماتېرىياللار ئاساسىدا بېرلىن تېمى سىپلىنىشتىن ئىلگىرىكى ك گ ب بىلەن س ئى ئا نىڭ بېرلىندىكى كۈرەش ئەھۋالىنى يېزىش ۋاقتىدا، ك گ ب جاسۇسى ئالېكساندر گرىگورىيېۋىچ كوپاتزكى (يالغان ئىسمى ئىگور ئورلوۋ) نىڭ ئارخىۋىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى، بىز بۇنداق بىر ئىسىملىك جاسۇستىن پايدىلانغانلىقىمىز توغرىسىدا ھېچ قانداق بىر ماتېرىيالىمىز يوق دەپ ئېيتقان. «ئىگور ئورلوف» توغرىسىدىكى بىردىن بىر خاتىرە، 1965-يىلى بۇ كىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا كىرىپ، ف ب ئاي نىڭ ئۇنى بەكلا قىينىۋەتكەنلىكى ئۈستىدە دەرت تۆككەن ھەمدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن سىياسىي پانالىق تەلىبىدە بولغانلىقى خاتىرلەنگەنلىكى ئىدى. گەرچە بۈگۈنگىچە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدا پۈتكۈل رۇسىيە ئىستىخبارات تارىخى بويىچە ماتېرىياللاردا بۇنداق بىرسىنىڭ بارلىقى كۆزگە چېلىقمىغان بولسىمۇ، كوپاتزكى ھەقىقەتەنمۇ بىر ك گ ب جاسۇسى ئىدى. ھەتتا ئۇ ئالاھىدە ماختىلىدىغان بىر ئىشپىيون ھېسابلىناتتى. بۇنداق بىر ئادەم يوق دەپ ئېيتىلغان ئەمما مىتروخىن كۆچۈرۈۋالغان ئارخىپ شۇنى

كۆرسەتمەكتىكى، كوپاتىزكىنى تەربىيىلەپ چىقىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئاز دېگەندە 23 نەپەر يېتەكچى ئىشلىتىلگەن.

ئەجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا قويماقچى بولۇپ غەرپ مەتبۇئاتلىرىدا نەشىر قىلىنغان بىر قاتار ھەمكارلىشىپ يېزىلغان تارىخىي سىرلارنى ئاشكارىلايدىغان ئەسەرلەردىن باشقا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى يەنە رۇسىيە بازارلىرىغىمۇ بىر قىسىم قىسقا ھەجىملىك ئەسەرلەرنى تارقىتىدۇ. 1995-يىلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بۇ ئورۇننىڭ ۋارىسى دەپ ھېسابلىغان رۇسىيە ئىستىخبارات ئىدارىسى ك گ ب دەۋرىدىكى تەنقىت قىلىشقا يول قويمايدىغان شەجەرىلەردىن تاللاپ 75 نەپەر ئىستىخبارات خادىمىنىڭ كەچۈرمىشى ھەققىدىكى كىتاپلارنى ئېلان قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قولىدىن ھېچقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان قەھرىمانلار ھېسابلىناتتى. 1995-يىلى، بۇ ئورگان يەنە ك گ ب نىڭ چەتئەللەردە پائالىيەت قىلىش تارىخىي ئىنسىكلوپېدىيىسىنى ئېلان قىلىشقا كىرىشىپ، 1997-يىلىغا كەلگىچە ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان ماددىلارغا يېتىپ كېلىدۇ. گەرچە، بۇ ئىستىخبارات تارىخىغا ئائىت كاتتا توپلامنى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان ئىشەنچىلىك ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال دېيىشكە بولسىمۇ، بۇ توپلامنى يەنىلا تاللاپ بېسىلغان، «پاسكىنا ئەخلەتلەردىن تازىلانغان» سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىستىخبارات تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇڭىدەك يەنە بىر قىسىم ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان ك گ ب نىڭ ئەنئەنىۋى سۇيىقەست نەزەرىيىسى روھىغا ئۇيغۇن توپلام دېيىش مۇمكىن. بۇ دائىرىلەر تارىخنىڭ ئەدەبىي تەھرىرلىكىنى لولىي زامويسكىي ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ كىشى سابىق بىرىنچى باشقارمىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ئانالىزچىسى ئىدى. بۇ كىشى يەنە دۇنياۋى خاراكتېرلىق مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەمكارلىق جەمىيىتى — سىيونىزم، يەھۇدىي قىساسچىلىرى — نىڭ سۇيىقەستچىلىك ئېتىقادى جەھەتتە مەركەز بويىچە ھەمدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر داڭلىق ئادەمى ھېسابلىناتتى. 1989-يىلى، ئۇ «ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ پەردە ئارقىسى» دېگەن كىتابىنى نەشىر قىلدۇرۇپ، بۇ جەمىيەت ئەزالىرىنى سوغۇق ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىدا مەسئۇلىيىتى بار دەپ ئەيىپلىگەن.

چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى يەنە ھەرىكەت قىلىشنى باشلىتىش تارىخى ئۇستىدىكى تېمىلارنى تاللاش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئاساسىي پرىنسىپى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ پۇختا تەشكىللىنىش ھەمدە يوقۇرى سۈپەتلىك كەسپىلەشتۇرۇلگەن ئوبرازىغا ئەھمىيەت بېرىش بولۇپ، بۇ جەھەتتە غەرب ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلى ئىقتىدارىغا يېقىنلاشقان بىر تەشكىلات ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلەردە ھەر دائىم غەلىبە قىلغان ئورگان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ستالىن دەۋرىدە ئوينىغان [34]رولىنى تەسۋىرلىگەندىمۇ بۇ ئورۇننىڭ قاتىللىق رولى ئوينىغانلىقىنى يوشۇرۇپ ھەتتا تېررورلۇق زەربىسىگە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان بىر ئورگان شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن. ئاخىرقى دەۋرلەردە ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى چەتئەلدە «خەلق دۈشمەنلىرى»نى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈش بولغان ئىدى. بۇنداق بايان قىلىشلار يەنە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى شۆبىسىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە چەتئەلدە قانات يايدۇرغان ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەملىكەت ئىچىدىكى ك گ ب ئورگانلىرىنىڭ كىشىلىك ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكەتلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلسا، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى قانات يايدۇرغان «ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى تىرىلدۈرۈش پائالىيەتلىرى» دەيدىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن ماسلىشىپ پائالىيەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. 1956-يىلى ۋېنگىرىيە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ۋاقتىدا، 1968-يىلقى پراگا باھارىنى بېسىقتۇرۇش ۋاقتىدا، 1979-يىلقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋاقتىدا ھەمدە 1981-يىلقى پولشا دائىرىلىرىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىتتىپاقىنى تارقىتىۋېتىشكە مەجبۇر قىلىش

ھەرىكىتى قاتارلىق بىر قاتار چەتئەلدىكى ھەرىكەتلەردە ك گ ب ئاساسلىق رول ئوينىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان سىياسىي پىكىرلىك كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشلارغا زىچ ھەمكارلاشقان ھەرىكەتلەردە بىرىنچى باشقارما سوۋېت گۇروھىدىكى باشقا دۆلەتلەردە قانات يايدۇرغان «ئىلغارلىق ھەرىكىتى» ھەمدە غەرپ ئەللىرىدە سوۋېت مۇساپىرلىرىغا قارىتا زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، بىرىنچى باشقارمىسى غەرپ ئەللىرىدە قانات يايدۇرغان ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى تىرىلدۈرۈشكە قارشى ھەرىكەتلەردە موسكۋا بېكىتىپ بەرگەن پارتىيە يولىغا خىلاپلىق قىلدى دەپ قارالغان غەرپ ئەللىرى كومپارتىيە رەھبەرلىرىگىمۇ ھەرىكەت قوللىنىشلارغىچە ئۇزۇراپ بارغان ئىدى.

بۇ ھەرىكەتلەر بىلەن باشقا پائالىيەتلەر، مىتروخىن كۆچۈرۈپ چىققان ئارخىپلاردا چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تا بۈگۈنگىچە ئاشكارىلاشنى خالىماي كېلىۋاتقان بىر قىسىم ك گ ب ئارخىپلىرىمۇ بار ئىدى. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ساقلانغان ئارخىپلار ئارانلا 60-يىللاردىن بۇرۇنقىلا ھۆججەتلەر بولغان بولسا، مىتروخىن كۆچۈرۈپ چىققان ئارخىپلار ئاساسەن پۈتكۈل سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدىگە تاقالغان ئىدى. بەكلا كۆپ ئارخىپ تا بۈگۈنگىچە موسكۋا دائىرىلىرى تەرىپىدىن مۇتلەق مەخپىي قاتارىدا ساقلاپ كېلىنگەن. مىتروخىن خاتىرىلىۋالغان ياكى رەتلەپ چىققان بەكلا كۆپ ئارخىپنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بەلكىم بۈگۈنلەردە يوق قىلىۋېتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. 1989-يىلى، ئاندروپوۋ «بىرىنچى نومۇرلۇق خەلق دۈشمىنى» دەپ قارىغان ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكى ئاندرېي ساخاروۋ ئۈستىدىكى ئىنتايىن كۆپ، بولاق-بولاق يىغىلغان ئارخىپلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يوق قىلىۋەتكەن. شۇندىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي، كرىيۇچكوۋ «جازا قانۇنى» نىڭ 70-ماددىسىغا ئاساسەن (سوۋېتلەرگە قارشى كۈشكۈرتكۈچىلىك قىلغان ۋە تەشۋىقاتلاردا بولۇنغان) ئەيىپلەنگۈچىلەردىن باشقا ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنىڭ بارلىق ئارخىپلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىدۇ. بۇ نوقتىدىن

www.uyghurkitap.com

ئالغاندا، مىتروخىننىڭ بۇ تۈر كىشىلەر ھەققىدىكى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى كۆچۈرۈۋالغانلىقى بەلكىم ئۇ تۈر ئارخىپلار ھەققىدىكى بىردىن-بىر پاكىت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇڭا، ۋاسىلى مىتروخىننى جون كاستېللونىڭ 1993-يىلقى ماختاپ كۆرسەتكىنىدەك «ئىستىخبارات تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھات تەرغىباتلىرىنىڭ يېپ-يېڭى نەمۇنىسى» بولۇش ئىمكانىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى دېيىش مۇمكىن. بۇنداق ئىسلاھات دەرىجىسىنى كريۇچكوۋ بىلەن قالغان چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى ئىزباسارلىرى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

# ئىككىنچى باپ

# لېنىننىڭ چېكاسىدىن ستالىننىڭ ئو گ پ ئۇ سىغىچە

(ئو گ پ ئۇ دۆلەتلىك سىياسىي ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى)

مىتروخىننىڭ ك گ ب دا ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ك گ ب نىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە قانات يايدۇرغان ھەرىكەتلىرى، ھەقىقەتەنمۇ ئۆز تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ ئىشەندۇرمەك تەس ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بىر تارىخىي دەۋر ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئاخىرلىرىدا، ك گ ب (ئۇ ۋاقىتلاردا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى — ن ك ۋ د — دەپ ئاتىلاتتى) ستالىننىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاساسلىق قورقۇتۇش قورالى ئىدى. بۇ تەشكىلات تىنچ دەۋردە شۇنچە كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردىكى، بۇنداق بىر پاجىئە پۈتكۈل ياۋروپا تارىخىدىمۇ بەكلا كەم كۆرۈلىدۇ. ك گ ب خادىملىرى موسكۋادىكى باش شىتابى بولغان لۇبيانكادا بىر كلۇب قۇرغان بولۇپ، بۇ يەر قورقۇشتىن ھەتتا بۇرۇنقى رەئىسلىرىدىن بىرەرسىنىڭ بولسىمۇ رەسىمىنى ئېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغىدەك ۋەھىمىلىك بىر يەر ئىدى. بۇ يەرنى ئىسمى پۈر كەتكەن بىر يەر دېگەندىن كۆرە تېررورلۇقنىڭ مەنبەسى دېگەن تۈزۈك. ئىلگىرى، بۇ يەردە 3 نەپەر داڭدار كىشى تېررورلۇق بىلەن چېتىلغان دەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى قىزىق ئىدى (ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەنمۇ تېررورلۇق ۋەقەلەر بىلەن چېتىشلىقى بولسىمۇ، يەنە بەزىسى پۈتۈنلەي ئۇيدۇرما سەۋەبلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن). بۇ ئۆلتۈرۈلگەن 3 كىشىدىن بىرسى گېنرىخ ياگودا بولۇپ، ئۇ 1938-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. يەنە بىرسى نىكولاي يېژوۋ بولۇپ، ئۇ 1940-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. يەنە بىرسى لاۋرېنتى بېرىيا بولۇپ، ئۇ 1953-يىلى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۆلگەن كىشى ئىۋان سېرووۋ ئىدى. ئەمما ئۇ 1963-يىلى ئۆزىنى ئېتىۋالىدۇ. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، ك گ ب تارىخچىلىرى بۇ دەۋرلەردىمۇ بۇرۇنقى سېھىرلىك ۋە قىزىقارلىق ئىنقىلاب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پاكلىقىغا ئىگە لېنىنىزمنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى يېزىشقا ئامراق بولۇپ، ئۇلار ستالىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر بىلەن ئىستىخبارات ئورگىنىدىكى ئۇنداق ئىككى قولى قانغا بويالغان قاتىل مەسئۇللارنىڭ قانلىق تارىخىنى تىلغا كەلتۈرۈشتىن ھەر دائىم ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى.

ك گ ب نىڭ تارىخىنى بولشېۋىكلار قوزغىلىڭدىن 6 ھەپتە ئۆتكەن دەۋرلەرگىچە ئۇزارتىشقا، يەنى 1917-يىلى 20-دېكابىر كۈنىگىچە سوزۇپ ئاپىرىش مۇمكىن. يەنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى قېتىم بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخباراتقا مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئورگىنى — «چېكا»نىڭ قۇرۇلغان كۈنىدىن باشلاشقا بولىدۇ. مىتروخىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دەۋرلەردە ك گ ب خادىملىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ئۆزلىرىنى «چېكاچىلار» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارغا مائاش تارقىتىدىغان كۈنمۇ ئاي بېشى ئەمەس بەلكى ئاينىڭ 20-كۈنىگە توغرىلانغان (ئۇ كۈنى «چېكا»نىڭ قۇرۇلۇش خاتىرە كۈنى) بولۇپ، شۇ ئارقىلىق چېكانىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنىنى خاتىرلىمەكچى بولۇشاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ك گ ب ئۆزىگە خەنجەر بىلەن قالقاننى سىموۋۇل قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە قالقان ئىنقىلاپنى قوغداش، خەنجەر بولسا دۈشمەنگە زەربە بېرىش مەنىسىنى بېرەتتى. لۇبيانكا (ك گ ب موسكۋا باش شتابى)نىڭ ئالدىدا پولشادا تۇغۇلغان «چېكا» داھىسى فېلىكس دزېرزىنسكىنىڭ ئېگىز بىر ھەيكىلى تىكلەگلىك ئىدى. دزېرزىنسكى ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان شەجەرىلەردە ئۇ، قىلچە شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي پۈتۈنلەي ئومۇم مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، پۈتۈنلەي ساپ «ئىنقىلابىي قەھرىمان»، ئەكسىلئىنقىلاپ كۈچلىرى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىگە تەھدىت سېلىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا بۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلىگەن بىرسى دەپ مەدھىيىلىنىدۇ. چوڭ ئىنقىلاپ يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى 20 نەچچە يىل جەرياندا، دزېرزىنسكى رەسمىي بىر كەسپىي ئىنقىلاپچى ھالىغا كېلىپ بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ بىر بولسا چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بىر تۈرمىدە ياكى بولمىسا ئەمگەك لاگېرلىرى، سۈرگۈنلەردە ئۆتكەن دەپ تەسۋىرلىشەتتى. ك گ ب مەشىق قوللانمىسىدا ئۇنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ھەر بىر

«چېكاچى» چوقۇم «ئاق كۆڭۈل، ئېغىر بېسىق، ساپ» بولۇشى شەرت دېيىلگەن ئىدى. لېنىن ئەنە شۇنداق سەممىي ئىشتىياق بىلەن خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن، شۇڭا جىسمانى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاب مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك دەپ تەكىتلەيتى. ك گ ب نىڭ ياسېنېۋودا تەسىس قىلىنغان بىرىنچى باش شۆبە ئىدارىسى (چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى)نىڭ باش شىتابىدا كىشىلەر دوپپىسىنى ئېلىپ سالام قىلىپ ئۆتۈدۇغان ئوبىكت، ھەر دائىم گۈل-چېچەكلەرگە پۈركىۋېتىلىدىغان دزېرژىنسكىنىڭ گرانىت تاش ئۈستىدە تىك تۇرغان ھەيكىلى ئىدى.

فېلىكس رايمۇندېۋىچ دزېرژىنسكى، ئەسلىدە ك گ ب نىڭ كېلىش مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇغان — ۋەزىپىسى بەكلا چەكلىك چار پادىشاھ ئوردىسىغا مەنسۇپ ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىن بەكلا كۆپ ئىستىخبارات توپلاش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەنگەن بىرى ئىدى. ئەمما ك گ ب بۇ مۇقەددەس ھالغا كەلتۈرۈلگەن قۇرغۇچىسىنى كۈچەپ مەدھىيلىگىنىدە بۇ نوقتىنى ھېچ قاچان ئاشكارلىمىدى. سىڭىپ كىرىش ۋە پايلاقچىلىقتىن پايدىلىنىش جەھەتلىرىدە بولشېۋىكلار ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىن تېخنىكا ئىگەللەپ نىسبەتەن ئېنىق بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشكەن ئىدى. لېنىن، 1913-يىلىدىلا ئۆزىنىڭ ئىككى ئاساسلىق ياردەمچىسى لېۋ كامېنېۋ بىلەن گرىگورى زىنوۋيېۋ ھەمدە دۆلەتلىك دۇما (قۇرۇلتاي) بولشېۋىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەئىسى رومان مالىنوۋسكىلاردىن پايدىلىنىپ چار پادىشاھ ئامانلىق ئەترىتىگە سىڭىپ كىرىشتەك قىيىن مەسىلە ئۈستىدە پىكىرلىشىدۇ. كۆپچۈلۈك ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا بولشېۋىك ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇغان ئۆزىنى ئاسان ئاشكارىلىمايدىغان ئامانلىق ئەترىتى ئەزاسى ئارىسىدىن بىرەر ئايغاقچى تېپىشىمىز شەرت دەپ قارىشىدۇ. نەتىجىدە، تاپقان ئىشپىيون لېنىننىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئىشەنچلىك بىر ئايغاقچى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىچكى ئايغاقچى دەل مالىنوۋسكى دېگەن كىشى ئىدى. ئەمما كېيىن ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئارخىپلىرىدا مالىنوۋسكىنىڭ سالاھىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشكارلىنىپ قالغاچقا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش پەيتىدە كرېمىل سارىيىنىڭ گۈللۈكىدە ئېتىپ تاشلىنىدۇ.

«چېكا» (سولژېنىتسىننىڭ كىتابى «كۇلاك تاقىم ئارىلى» دېگەن كىتابىدا بېرىلگەن يېشىم بويىچە، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى ۋە بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن رۇسىيە بويىچە قۇرۇلغان پەۋقۇلئاددە كومىتېت. — ئۇ.ت )نىڭ شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك سىڭىپ كىرەلىشىنى ئاساسلىقى مالىنوۋسكى بىلەن قالغان كىشىلەرنىڭ چار پادىشاھ ئوردىسى مۇستەبىت تۈزۈم قورالىنى تەقلىت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. «چېكا»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى خىزمەت قوللانمىسى «ئىستىخبارات خىزمىتى ئاساسي پىرىنسىپلىرى» بىلەن «چېكا ئاخبارات توپلاش خىزمەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»نىڭ ئاپتورى دېمىترى گافرىلوۋىچ يېفشېيوۋ، بۇ قوللانمىنى يېزىشتىن ئىلگىرى چار پادىشاھ ئامانلىق ئەترىتىنىڭ ئىستىخبارات توپلاش ئۇسۇللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ چىققان. يېفشېيېۋمۇ خۇددى درېژىنسكىغا ئوخشاش، «چېكا» — پرولېتارىيات دېكتاتورلىقى تىكلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر ئورگان بولغانىكەن، قەتئىي تۈردە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىن ھەر دائىم ئۆگىنىشى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ھەمدە تېخنىكىلىرىنى تىنماي تەتقىق قىلىپ تۇرۇشى لازىم» دەپ تەكىتلەيدۇ.

«چېكا»نىڭ قۇرۇلغان كۈنلىرىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەملىكەت ئىچىگە قارىتىلغان ئىدى. درېژىنسكى بۇ تەشكىلاتنى «ئىنقىلابىي تەدبىر ئارقىلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئورگىنى» دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگىنى، بولشېۋىكلارنىڭ بارلىق ئۆكتىچىلىرىگە ھەمدە بارلىق «سىنىپى دۈشمەنلەر»گە بەرگەن بىر ئومۇمىي نام ئىدى. ئەمما «چېكا» قۇرۇلۇپ بىر قانچە كۈنمۇ ئۆتمەي، چەتئەل ئىستىخباراتى توپلاش ئۈستىدە بەزى سىناق خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەردىمۇ بولۇدۇ. بىرىنچى بولۇپ چەتكە چىقىپ ئىستىخبارات توپلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغان كىشى ئالېكسى فرولوۋىچ فىلىپوۋ ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىشىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى

ك گ ب تارىخچىلىرى تەرىپىدىن چىڭ تۇرۇپ ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتقان لېنىن دەۋرىدىكى قەھرىمانلىق ئوبرازىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قارالغاچقا، ئۇنى قەھرىمان ئوبرازى قىلىشنى ھېچ كىم قوبۇل قىلمايدۇ. فىلىپوۋ 1870-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئادۋوكاتلىق كۇرسى كۆرگەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە گېزىتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇپ كەلگەن بىرسى ئىدى. 1917-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ كىشى دژېرژىنسكى تەرىپىدىن تاللىنىپ مۇخپىر ۋە سودىگەر سالاھىيىتى بىلەن فىنلاندىيىدە ئىستىخبارات توپلاش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىشقا بەلگىلىنىدۇ. 1918-يىلى يانۋاردا يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇ «ئىنقىلاپ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن ئۇ يەردە سانائەتچىلەر ئارىسىدىكى، مالىيە ساھەسىدىكى، بولۇپمۇ كونسېرۋاتىپلار (مىللەتچىلەر) دائىرىسى ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىرىمدىن پايدىلىنىپ ئۈچۈر يىغىپ سىزلەرگە يوللايمەن» دەپ يازما ۋەدە بېرىدۇ.

4-يانۋاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىنى ئاشكارە ئېتراپ قىلىدۇ (ئۇنىڭ ئالدىدا فىنلاندىيە چاررۇسىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى)، كەينىدىنلا ئۇلارغا دەرھال ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئاي ئاخىرىدا، رۇسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسى ھېلسىنكىدا تۇرۇشلۇق گارنىزون قىسىملىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن فىنلاندىيە كومپارتىيىسى بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ باشلايدۇ. نەتىجىدە كومۇنىستلار پايتەخت بىلەن فىنلاندىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلارنى تىزگىنلىۋالىدۇ. ئەمما فىنلاندىيە كومپارتىيىسى شۇ ھامان چار پادىشاھ ئەمەلدارى گېنېرال كارل ماننېرھېيىم يېتەكچىلىكىدىكى فىنلاندىيە مىللەتچىلەر مۇداپىيە قىسىملىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ. فىلىپوۋنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى، ماننېرھېيىمنىڭ گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ چىقىش ھەمدە قوزغىلاڭنى ھىمايە قىلىۋاتقان ماتروسلارنىڭ كىمگە مايىللىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىدى. گېرمانىيە 1918-يىلىنىڭ ئاپرېل باشلىرىدىن باشلاپ فىنلاندىيە ئىشلىرىغا قول تىقىشقا باشلىغان بولغاچقا، فىنلاندىيە كومپارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ قوزغىلىڭى ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فىلىپپوۋنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى چەتئەل ئىستىخباراتچىسى بولۇشتەك قىسقا مۇددەتلىك ۋەزىپىسىمۇ ئاپرېل ئاخىرلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ.

1918-يىلى ماي، رۇسىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ ئىككى يىرىم يىلغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا، بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئەمما بۆلۈنۈپ پارچىمۇ-پارچە بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئاق ئۇرۇس قوشۇنلىرىغا قارشى شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولۇدۇ. بولشېۋىك رەھبەرلىرى بۇ تۆردىكى قارشى كۈچلەرنىڭ كەينىدە غەرپ بۇرژۇئازىيىسى تەرىپىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن پىلانلانغان سۇيىقەست يوشۇرۇنغانلىقىنى پەرەز قىلىشىدۇ. لېنىن، ئىيۇلدا «بىز ھازىر، سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە قارىتا قەدەم-باسقۇچلۇق، پىلانلىق، روشەنكى يەنە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەييارلىقتىن ئۆتكەن ئەسكىرى ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى ئەكسىلئىنقىلابى ھەرىكەتكە دۇچ كەلمەكتىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋەكىللىكىدە بۇ ئىش ئۈچۈن نەچچە ئايدىن بۇيان تەييارلانماقتا» دەپ بايانات بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، گەرچە يېڭى دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا بەكلا كۆپ دۈشمەنلىرى بارلىقى راست بولسىمۇ بۇ تۆردە پىلانلىق، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان ئۇلارغا ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقان جاھانگىرلار سۇيىقەستى دەيدىغان بىر ئىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

«چېكا»، ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا غەرپ ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى بىر قاتار ئېغىر سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلىپ تاشلىدى ۋە يىمىرىپ تاشلىدۇق: بۇلاردىن بىرىنچىسى، 1918-يىلى يازدا يۈز بەرگەن ئادەتتە «لوخارت سۇيىقەستى» دەپمۇ ئاتالغان«‹پەۋقۇلئاددە ئەلچى› سۇيىقەستى» بولۇپ، بۇ سۇيىقەستنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرى ئەنگلىيەلىك ياش دىپلومات روبېرت بروس لوخات دەيدۇ. 1979-يىلى نەشىر قىلىنغان بىر ك گ ب تارىخىي ماتېرىيالىدا بۇ ھەقتە توختۇلۇپ مۇنداق دېيىلگەن: «قىلچە مۇبالىغە

قىلماستىن شۇنى دېيەلەيمىزكى، ئەينى يىللاردا ‹چېكا› بۇ سوۋېتقەستچىلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان تارمار كەلتۈرۈش خاراكتېرىدىكى ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەتلەردە قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان غالىبىيەت بىلەن تەڭ قىممەتتىكى بىر ھەرىكەت.» «چېكا» 1918-يىلىمۇ ئەنە شۇنداق دەپ جاكارلىغان، شۇنىڭدەك مىتروخىننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم خىزمەتداشلىرىنىڭ ھەممىسىلا يېرىم ئەسىر مابەينىدە بۇنى ماختىنىپ سۆزلۈشۈپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا «‹پەۋقۇلئاددە ئەلچى› سوۋېتقەستى» دېگىنى ھېچ قاچان غەرپ كاپىتالىستىك ئەللەر ئىتتىپاقىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس بەلكى بىر قىسىم سىياسىي جەھەتتە بەكلا نادان غەرپ ئەللىرى دىپلوماتلىرى بىلەن تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقمايدىغان جاسۇسلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئىدى. ئۇلار بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان قالايمىقانچىلىقىنى پۇرسەت بىلىپ شۇ قېتىمقى سوۋېتقەستنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقان بولۇپ، ئۇلار بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى ھەرىكىتى كومېدىيىلىك ھەم ئاخماقانىلىق ھەرىكەت بولۇپ نەتىجىلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىشپىيون، ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى (ئۇ ۋاقىتلاردا قىسقارتىلىپ م ئى ئى س دەپ ئاتىلاتتى) دىن سىدنىي رېيللىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرسى كىشىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇدۇغان تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرى قوپال ۋە پەسكەش خاراكتېردىكى بىرى ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل ھەر ياڭزا غەلىتە ساراڭلارچە خىياللار پەيدا بولۇپ تۇرۇدۇغان بولغاچقا، كېيىن ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۇنى تەشكىلدىن قوغلاپ چىقارغان. رېيللىي، 1918-يىلى 7-مايدا بەكلا غەلىتە ئەمما بەكلا ئالاھىدە بىر شەكىلدە موسكۋاغا كىرىپ كېلىدۇ — ئۇ قىلچە ئەنسىرىمەي ئۇدۇل كرېمىل سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنى مەن ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لويد گېيورگىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسىمەن دەپ تونۇشتۇرۇپ (ئەمەلىيەتتە باش ۋەزىر بۇرۇن بۇنداق بىرسىنى ھېچ قاچان

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئېنىق)، لېنىن بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەمما پوستلار قەتئىي يول قويمايدۇ. «پەۋقۇلئاددە ئەلچى» سۇيىقەستنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق يېرى، بۇ سۇيىقەستنى پەۋقۇلئاددە ئەلچى ياكى ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشپىيونى تەرىپىدىن بىۋاستە پىلانلاپ چىققان ئىش بولماستىن، بەلكى چېكانىڭ غەرپ سۇيىقەستچىسىنى قىلتاقتا چۈشۈرۈش ئۈچۈن پىلانلىغان بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكى ئىدى. 1918-يىلى ئاۋغۇستتا، «چېكا» خادىمى يان بۇيكىس ئۆزىنى يالغاندىن شىمىدخېن دېگەن بىرىنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى سۇيىقەستكە قارشى چىققۇچىسى دەپ تونۇشتۇرۇپ، لوكخارت، رېيللىي بىلەن فرانسىيە كونسۇلى كرېمىل مۇھاپىزەتچىسى لاتۋىيە پولكىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك ئېدۋارد بېرزىننىڭ (ئەسلى بىر چېكا پايلاقچىسى) بولشېۋىكلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ دېگەنگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئىشەندۈرۈۋالىدۇ. ئاتالمىش بېرزىن قوزغىلىڭىنى قوللاش مەقسىتىدە رېيللىي ئۇنىڭغا بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ رۇبلى پۇل بەرگەن، ئەمما بېرزىن بۇ پۇلنى شۇھامان چېكاغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. رېيللىينىڭ قوزغىلاڭ پىلانى تىنىماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇ خىيالىدا ئۆزى بىۋاستە بىر گۇرۇپپا لاتۋىيە قوشۇنىنى بولشوي تىياتىرخانا سەھنىسىنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈپ ئۇ يەردە سوۋېت يىغىنى ئېچىۋاتقان لېنىن، تروتسكى ھەمدە قالغان سوۋېت رەھبەرلىرىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ شۇ يەردىلا ئۇلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش خىيالىنى قىلىدۇ. رېيللىي يەنە مۇنداقمۇ بىر پىلاننى خىيال قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى: ئەگەر لېنىننى ھەمدە تروتسكىنى ئۆلتۈرمەي، ئۇلارنى يالىڭاچلاپ كوسارلىق موسكۋا كوچىلىرىدا سازايى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى دۇنيا خەلقى ئالدىدا رەسۋا قىلىش.

كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر قاتار ۋەقەلەر، رېيللىينىڭ بۇ خىلدىكى خامخىيالىرىنى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشماس قىلىۋېتىدۇ: 30-ئاۋغۇست كۈنى، پېتىرگراد «چېكا» داھىسى مويسېي سولومونوۋىچ ئۇرىتسكىي، لېونىد كانىگىسېر دېگەن ئەمگەكچىلەر سوتسىيال پارتىيىسىنىڭ مۆتىدىللار تەرەپ سابىق ئەزاسى تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلىدۇ. يەنە شۇ كۈنى، يەنە بىر قېتىملىق قورالىق زەربىدە لېنىنمۇ سوتسىيال

ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسى فانىيە (دورا) كاپلاننىڭ تاپانچىسىدىن ئېتىلغان ئوقتا ئېغىر يارىلىنىدۇ. بۇ ئىككى قېتىملىق ئوق چىقىرىش ۋەقەسى يۈز بەرگىنىدىن كېيىن، دزېرژىنسكى «‹پەۋقۇلئاددە ئەلچى› سۇيىقەستى»نى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىغا كېلىپ، چېكانى بۇ قېتىمقى سۇيىقەستنى پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەيدۇ. 2-سىنتەبىر كۈنى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، «چېكا ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى پىلانلاپ چىققان بىر قېتىملىق سۇيىقەستنى يىمىرىپ تاشلىدى — بۇ دىپلوماتلار سوۋېت ھۆكۈمىتى ئارمىيىسىگە پارا بېرىش ۋاستىسى بىلەن خەلق كومىسسارلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشنى تەشكىللەپ پىلان قىلىشقان شۇنىڭدەك ھەربى ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىشماقچى بولغان» دەپ بايانات بېرىشتى. تەبىئىيكى، بۇ باياناتتا پارا بېرىش پىلانىنىڭ تەپسىلاتىنى تىلغا ئالمايدۇ. ھەربىي سىياسىي ئۆزگۈرۈشنى چېكانىڭ ئۆزى پىلانلىغانلىقى ھەققىدىمۇ پەقەتلا تىنمايدۇ. بۇ دىپلوماتلارنىڭ چېكا جاسۇسلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان چار ئامانلىق ئەترىتىنىڭ جاسۇسلۇق ۋاستىسىغا تايىنىپ ئالداپ بۇنداق بىر سۇيىقەست ئىچىگە چۈشۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈستىدىمۇ قەتئىي توختالمايدۇ.

5-سىنتەبىر كۈنى، دزېرژىنسكى بىلەن زىنوۋيېۋ ۋە شۇنىڭدەك پېتىرگراد پارتىيە رەھبەرلىكى قايتىدىن بايانات بېرىپ، ئەنگلىيە-فرانسىيە سۇيىقەستچىلىرىنىڭ لېنىنغا سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلىغۇچىلار ۋە ئۇرىتسكىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەن ھەقىقى قاتىللار دەپ داۋراڭ قىلىدۇ. ئەمما دزېرژىنسكى رېيىللىينىڭ لېنىن بىلەن تروتسكى ئىككىسىنى ئىشتانسىز قىلىپ سازايى قىلىش پىلانىنى بولسا پەقەتلا تىلغا ئالمايدۇ. ئۇنداق دېسە خەلقنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋېلىشىدىن ياكى خەلقنىڭ غەرپ ئەللىرى راستىنلا لېنىننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان ئىكەن دېيىشكە ئىشەندۈرەلىشى قىيىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، كىشىلەر لېنىننى مازاق قىلىپ يۈرمىسۇن دەپ ئويلاپ بۇ گەپلەرنى دېيىشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن.

لېنىنغا، ئۇرىتسكىغا سۇيىقەست قىلىش ۋەقەسىنى، شۇنىڭدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چېكانىڭ «پەۋقۇلئاددە ئەلچى سىياسىتى»نى تارمار كەلتۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېتلەرمۇ «قىزىل تېرور» دەۋرىنى باشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بولشېۋىكلەر ئىچكى ئۇرۇش ئاۋارىچىلىقىدا ئەكسىل ئىنقىلابچىلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېكامۇ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت دۈشمەنلىرى ئۈستىدە كۈچلۈك تېررورلۇق ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ. لېنىنغا سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ۋەقەدىن ئۈچ ھەپتە ئاۋال، لېنىن ئۆزى بىۋاسىتە پېنزا ئوبلاستى بولشېۋىكلىرىگە خەت يېزىپ (بەلكىم باشقا جايلارغىمۇ يازغان بولۇشى مۇمكىن)، ئۇلاردىن ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى ئوچۇق ئاشكارە ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. «ئەتراپىدىكى بىرەر يۈز كىلومېتىر دائىرە ئىچىدىكى كىشىلەرنى ئەتىدىن كەچكىچە قورقۇشتىن باش كۆتۈرەلمەي يۈرىدىغان ھالەت شەكىللەندۈرۈلسۇن» دەپ يازغان ئىدى. سالامەتلىكى ياخشىلىنىۋاتقان مەزگىلدىمۇ "«مەخپىي تۈردە، جىددىي تۈردە ۋەھىمىلىك ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تەييارلىقتا بولۇش ئىنتايىن مۇھىم» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. 15-ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇرىتسكىنىڭ پېتىرگرادتىكى ۋارىسى گلېپ ئىۋانوۋىچ بوكىي، 800 دىن ئارتۇق گۇمانلىق ئەكسىل ئىنقىلابچى ئۇنسۇر ئېتىپ تاشلاندى، يەنە 6229 نەپىرى قاماققا ئېلىندى دەپ ئىنتايىن مەغرۇرلانغان ھالدا موسكۋاغا دوكلاد قىلىدۇ. پېتىرگرادتا، قولغا ئېلىنغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدا يەنە چېكانىڭ تۇنجى چەتئەل ئىستىخباراتچىسى بولغان ئالېكسېي فىلىپوۋنىڭمۇ بار بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ھەرگىزمۇ فىنلاندىيىدىكى مەغلۇبىيىتى سەۋەب بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سەۋەبى، ئۇنىڭ قېنىدا بۇرژۇئازىيە قېنى بارلىقىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ھەممىدىن گۇمان قىلىدىغان «قىزىل ۋەھىمە پەيدا قىلىش» دەۋرىدە، پەقەت مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ بىر خەلق دۈشمىنى بولۇشى ئۈچۈن يېتىپ ئاشاتتى. 20 يىل ئۆتكەندە، بوكىي، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ستالىنىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تېررورلۇق يۈرگۈزۈش دەۋرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئىلگىرى «پەۋقۇلئاددە ئەلچى سىياسىتى» ھەرىكىتىگە ئارىلاشقان

مەخپىي پايلاقچى بېرزىن بىلەن بۇيكىس ئىككىسىمۇ ئاخىرىدا ئۆزلىرى ئۇيدۇرۇپ پەيدا قىلغان ۋەزىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇرغۇچىلارغا ئايلىنىدۇ. ئەسلىدە ئىشلار يېڭى باشلانغان ۋاقىتلاردا بېرزىننىڭ ئىشلىرى خېلى ئۇتۇقلۇق كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇ مەخپىي رازۋېتكا ئىشلىرىدا ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغانلىقى سەۋەبىدىن «قىزىل بايراق» ئوردىنىغا لايىق كۆرۈلگەن ھەمدە چېكاغا قاتناشقانلا بولۇپ قالماي، كېيىن يەنە كولىما ئالتۇن كان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىنىڭمۇ رەھبىرى بولۇپ ۋەزىپىگە قويۇلغان ئىدى (ستالىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە، بۇ لاگېردىكى ئىشچىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى). 1937-يىلى، ئۇ خەلق دۈشمىنى دېيىلىپ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئەينى ۋاقتىدا بېرزىنغا زادى قانداق جىنايەت ئارتىلغانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق مەلۇمات يوق. ئەمما ئوتتۇرلۇقتا ئۇنىڭ 1918-يىلى غەرپ سۇيىقەستچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ھەققىدە بىر جىنايىتى بار دەيدىغان گەپلەر تارقىلىپ يۈرۈدۇ. ستالىنزمچىلار «پەۋقۇلئاددە ئەلچى سۇيىقەستى» خىيالى ئۈستىدىكى ئادەتتىكىچە چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندا، بېرزىننىڭ شېرىكلىرىدىن بۇيكىس (يالغان ئىسمى شمىدخېن) نى بېرزىننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان چېكا خادىمى ئەمەس، بەلكى ئاشكارە ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ تەرىپلەنگەن. ھەتتا مىتروخىننىڭ ئىلگىرىكى ك گ ب دىكى كۈنلىرىدە، ك گ ب نىڭ مەخپىي تارىخىدىمۇ ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرۈلەتتى. بۇيكىس ئۆز سالاھىتىنى ئىنتايىن پۇختا يوشۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن قىزىل تېررورلۇق دەۋرىدىن ئامان-ئىسەن قۇتۇلۇپ چىقالىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندىلا ك گ ب ئارخىپلىرىنىڭ سىرى يېشىلىشى بىلەن ئاندىن شمىدخېننىڭ ھەقىقى سالاھىيىتى ئېنىقلىنىپ، ئۇنىڭ 1918-يىلى ئوينىغان ھەقىقى رولى ئوتتۇرغا چىققان ئىدى.

مىتروخىن ئالاھىدە خادىم بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، ك گ ب تارىخچىلىرى ئىزچىل تۈردە يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلەنگەن سۇيىقەست ۋە ھۇجۇملارنىڭ ھەممىسىنىلا دېگۈدەك ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپى دۈشمەنلەر بىلەن چەتئەل «جاھانگىر ئەللەر»نىڭ «بىرلىكتە سۇيىقەست قىلىشىنىڭ بىر ئىپادىسى» دەپ قارىشاتتى. ئەسلىدە ئۇنداق ئىش يوق ئىدى. ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بىر تىل بىرىكتۈرۈش بار ئىدى دېيىلسە، ئۇنداقتا سوۋېتلار ھەرگىزمۇ ئىچكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا غەلىبە قىلالمىغان، مۇتلەق تۈردە تارمار كەلتۈرۈلگەن بولاتتى. 1919-يىلى، ئۈچلا دىۋىزىيە غەرپ ئەللىرى قوشۇنى فىنلاندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققان بولسا، چوقۇم موسكۋاغىچە پۇسكۇرتۇپ يېتىپ كېلەلىگەن، بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىغان بولاتتى. ئەمما بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگىنىدىن كېيىنكى غەرپ دۇنياسى 2~3 دىۋىزىيىلىك قوشۇن تېپىشقىمۇ ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. قىزىل ئارمىيىگە مۇداخىلىدە بولۇنغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قوشۇنلىرى بولسا، ئاق ئۇرۇس قوشۇنلىرىنىڭ ئابروينى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتتى ئۈچۈنلا ياردەمدە بولدى دېيىشكە بولار. بۇ دېمەك، ئۇلار ئەسلىدە بولشېۋىكلارغا ياردەم قىلغان ئىدى دېگەنلىك. گەرچە ئۇلارنىڭ سانى بەكلا ئاز، ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە بېرەر تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك كۈچكە ئىگە بولمىسىمۇ، بولشېۋىكلارنىڭ ئۇلارنى غەرپ جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ قورالى دەپ تەرىپلىشىگە يېتەرلىك دەلىل بولالايتى. قىسقىسى، بەكلا كۆپ بولشېۋىك ئەزاسى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە بىز غەرپ جاھانگىر ئەللىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان ئىدۇق دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنداق خاتا تەسىرات، پۈتكۈل ستالىن دەۋرىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىزچىل تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقى غەرپ كاپىتالىزم ئەللىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەپ كېلىدۇ.

چېكانىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى چارلىق ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىگىلا يولۇقۇپ قالماستىن، يەنە بولشېۋىك يەر ئاستى پائالىيەت

دەۋرلىرىدە ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. نۇرغۇنلىغان بولشېۋىكلار 1917-يىلىدىن ئىلگىرىكى ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرۈشلەرگە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنىلا شۇ ئۆزگەرتىۋالغان ئىسىملىرىنى تاشلىمايدۇ. مەسىلەن، ئاق سۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كەلگەن ۋىلادىمىر ئېلىئىچ ئولىيانوۋنىڭ ئۆزگەرتىۋالغان ئىسمى ئىزچىل تۈردە «لېنىن» ئىدى. شۇنىڭدەك ئۆزگە ستالىن دەپ ئات قويىۋالغان كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى جوسېف ۋىسسارىبۆۋىچ جۇگاشېۋىلى ئىدى. بۇ «لېنىن»، «ستالىن» دېگەن كىشىلەر كېيىنكى خىزمەتلىرىدىمۇ ئىلگىرىكى ئۇزۇن يىللىق يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىش دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان پىكىر قىلىش، خىزمەت ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي ساقلايدۇ. بەكلا نازۇك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگىنىدە «لېنىن» قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە بەرگەن يولىيورۇقلىرىنى قەتئىي تۈردە باشقا ئارگىنال قالدۇرماسلىق، ئەسلى نۇسخىسىنىمۇ يا ئۆزگە قايتۇرۇلۇشىنى يا بولمىسا تاپشۇرۇپ ئالغۇچى كۆرۈپ بولۇپلا يوق قىلىۋېتىشىنى تەلەپ قىلاتتى. تارىخشۇناسلارنىڭ تەلىيىگە، لېنىنىنىڭ بەكلا كۆپ يازمىلىرى بۇيرۇققا خىلاپ ھالدا يوق قىلىنماي ساقلىنىپ قالغان ئىكەن.

ستالىن، 20-يىللاردا، تۇغۇلغان يىل-ئاي-كۈنلىرىدىن تارتىپ ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى ئىزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى (1878-يىلى 6-دېكابىر) 1996-يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىدۇ. مىتروخىن بىر قېتىملىق موسكۋا باش ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مەخپىي بۆلۈمىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا جۇگاشېۋىلىنىڭ چارلىق ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىكى ۋاقتىغا دائىر ئارخىپىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ مۇقاۋىسى ھەمدە تېمىسى ئۆلچەملىك ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى ئارخىپلىرى پاسونىدا بولۇپ، مىتروخىن بۇ ئارخىپنىڭ ئىچىگە قارىۋىدى، ئىچىدىكى ۋاراقلاردىن بىرسىنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈدۇ. ئېھتىمال ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىكىلەر جۇگاشېۋىلىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدىغان ماتېرىياللىرىنى قولغا چۈشەرگەن بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. ئەمما ستالىن ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق ماتېرىياللىرىنى ئارخىۋدىن چىقارتقۇزۇپ يوق قىلىۋەتكەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپ ساقلاشتىكى تىپىك شەكلى مۇنداق ئىدى: ئارخىپ ماتېرىيالى ئارخىپ قىلىپ مەڭگۈلۈك ساقلىنىشقا قارار قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن، بۇ ئارخىپ خالتىسىنىڭ سىرتقى قېپى ئىزچىل ئۆزگەرتىلمەي ساقلىناتتى. مىتروخىن بۇ يەردە ئارخىپ ماتېرىيالىنى چىقىرىۋەتكەن كىشى چوقۇم ستالىننىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلغان، كېيىن بۇ كىشى ئۇجۇقتۇرىۋېتىلگەن، شۇنداق قىلىپ بۇ سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلانغان دەپ گۇمان قىلىدۇ. ستالىن ئۆزىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدە ئايغاقچىلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەرنى يوق قىلىۋېتىشنى ھەممىدىن بەك ئارزۇ قىلاتتى. گەرچە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىشكە بولمىسىمۇ، بەزى ئۇششاق-چۈششەك يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسلىنىپ بەزى پاكىتلارغا يەنىلا ئېرىشكىلى بولاتتى. «رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمەت ئارخىۋى»دىن بىر ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى ئەزاسىنىڭ بىر پارچە دوكلاتى تېپىلىپ قالىدۇ. بۇ دوكلاتتا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋال باكۇ بولشېۋىكلىرى جۇگاشۋىلى (يەنى ستالىن) نى چارلىق ئامانلىق ساقچىسىلا بولۇپ قالماي يەنە جاسۇسىمۇ بولغانلىقىنى، شۇنىڭدەك پارتىيە مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغانلىقىنى دوكلات قىلغان.

1918-يىلى، ئىچكى ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، بولشېۋىكلارنىڭ ئەسلى سالاھىيىتىنى يوشۇرۇش ئادىتى بويىچە چېكا ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم ياكى تەخەللۇسلاردا ھەر تۈرلۈك دۈشمەن ئىستىخباراتلىرىنى توپلاش ئۈچۈن، دۈشمەن ئارقا سەپلىرىگە ۋەزىپىلىك كىشىلەرنى ياكى ئىشپىيونلارنى يوللايدۇ. 1919-يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيى ئالدىدا، چەتكە يوللانغان رازۋېتچىكلارنىڭ سانى ئېشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، بۇ جەھەتتە مەخسۇس مەخپى قوماندانلىق ئورگىنىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ (كېيىنچە ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسى تەركىبىدىكى س بۆلۈمى بولۇپ ئۆزگەرتىلىدۇ). ك گ ب مەخپى تارىخى، شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئالاھىدە ۋەزىپە ھەرىكەتلىرى «ك گ ب نىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر

قىسمىغا ئايلاندى» دەپ كۆرسىتىدۇ. 1920-يىلى 20-دېكابىردا، يەنى چېكا قۇرۇلغانلىقىنىڭ 3-يىللىق خاتىرە كۈنى، چېكادا يەنە بىر يېڭى ئورگان — چەتئەل بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەلدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىندۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، بۇ كومپارتىيە دۆلىتى خەلقئارالىق جەمئىيەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن، چەتئەل بىلەن ھۆكۈمەت بېرىش-كېلىشلىرى بەكلا ئازىيىپ كېتىپ، ئاشكارە ئاخبارات پونكىتلىرىنىڭ (چېكا كەسىپى ئاتالغۇسى بويىچە «خىزمەت پونكىتى») تېخىمۇ كۆپ ئۆزىنى نىقاپلاش ئىمكانىيەتلىرىمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئاخبارات قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرى مەخپىي پائالىيەتلەرگە تايىنىپ بېجىرىلىدىغان بولىدۇ. چەتئەل پايتەختلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇرۇلغان دىپلوماتىك ياكى سودا ئۆمەكلىرىنىڭ ھەممىسىلا بىرەر ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتى رولىنى ئوينايتى. بۇ پونكىتلارغا بىردىن مەسئۇل خادىم يېتەكچىلىك قىلاتتى. بۇ مەسئۇل خادىمنىڭ سالاھىيىتى شۇ دۆلەتتە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى ياكى ئەلچىلىك ئۆمىكىنىڭ رەھبىرىلا بىلەتتى. ئەمما يەر ئاستى ئىستىخبارات پونكىتلىرىدىكى ئىستىخباراتچىلارنىڭ ئۆزىنى نىقابلايدىغان دىپلوماتىك ياكى باشقا ھېچ بىر ھۆكۈمەت سالاھىيىتى بولمايتى. ئۇنداق خادىملار بىۋاستە موسكۋادىكى چەتئەل بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە پائالىيەت قىلاتتى.

1918-يىلىدىن 1920-يىلىغىچە بولغان گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدە چېكانىڭ قىزىل ئارمىيە ئەكسىلئىنقىلابچىلار قوشۇنىنى يېڭىپ چىقىشىتىكى مۇھىم رولىغا سېلىشتۇرغاندا، چەتئەل ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى ئۇنچە بەك مۇھىم ھېساپلانماي قالىدۇ. خۇددى كېيىنكى ك گ ب غا ئوخشاش چېكامۇ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرەتتى. 1919-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىچكى ئۇرۇش بۇرۇلۇش نوقتىسىغا كېلىشىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. چېكا ئىنتايىن ئىشەنچ بىلەن مۇنداق ئېلان قىلىدۇ: ئۇلار قۇرۇلغىنىدىن بۇيانقى 19 ئاي جەريانىدا جەمئىي 412 سوۋېتكە قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىنى تارمار كەلتۈردى. چېكانىڭ ئەكسىل ئىنقىلابچىلارغا

www.uyghurkitap.com

تاقابىل تۇرۇشىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ۋەھىمە پەيدا قىلىش. زادى قانچە ئادەم چېكىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر سانلىق مەلۇمات يوقتەك قىلىسىمۇ، شۇنى قەتئىي كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، چېكا مەيلى سىياسىي دۈشمەنلىرىگە قارشى ۋەشىيانە تەدبىر قوللىنىش دەرىجىسى بولسۇن ياكى ئۆلتۈرگەن سىياسىي دۈشمەنلەر سانى جەھەتتە بولسۇن، ئىلگىركى چارلىق ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىكىلەردىن بەكلا كۆپ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدە شۈبھە يوق. 1901-يىلى، 4000 دىن ئارتۇق سىياسىي ئۇنسۇر مەملىكەت دائىرىسىدە سۈرگۈن قىلىنغان بولۇپ، بۇلاردىن 180 نەپىرى ئېغىر ئەمگەك جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. ئۇلار پەقەت قاتىللارنى ياكى قاتىللىق قىلغان سىياسىي جىنايەتچىلەرنىلا ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىغان ئىدى. ئەمما ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، 250 مىڭ ئەتراپىدا كىشى چېكا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئادەم سانىدىن بەكلا كۆپ ئاشۇرۇۋېتىلدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدە، لېنىن ۋە ئۇنىڭ بولشېۋىك رەھبەرلىرى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنى يېڭى ۋە تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق تۈستە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا مەجبۇر بولۇدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىدى. 1917-يىلى يازدا پۈتتۈرگەن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن كىتابىدا، «ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جەمىيەت قايتا ساقچى ئىدارىسىغا ئېھتىياجى قالمايدۇ، سىياسىي ساقچىلارغا تېخىمۇ ئېھتىياجى بولمايدۇ. گەرچە بۇرۇن قۇل ھالىغا كەلتۈرۈلگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەزگۈچىلەرنى باستۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغىنى بىلەن، بۇ تۇردىكى باستۇرۇشلار نىسبەتەن ‹ئاسان›. بۇرژۇئازىيە سىنىپى تۈزۈمىنىڭ تېزلىكتە يىمىرىلىۋاتقان مۇھىت ئۈستىگە تىكلىنىدىغان ‹پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسى› ئەڭ تۆۋەن چەك ئىچىدىلا قانۇن تۈزۈملەرگە ۋە بيۇروكرات ئورگانلىرىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. ئەمما لېنىن، خەلق نامىدا ئېلىپ بارغان بىر ئىنقىلابنىڭ شۇنچە كەڭ دائىرىلىك قارشىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىدى؛ شۇنداق بولسىمۇ، ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن ئىكەن، چوقۇم پۈتۈن

چارىلار بىلەن ئۇنى قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ، ھەر دائىم بولشېۋىكلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتى بۇ «خەلق ھاكىمىيىتى»نى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ دەپ سۆزلىگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بىر پارتىيە دىكتاتۇرلىقىدىكى دۆلەتنىڭ مەڭگۈ توغرا بولۇدۇغان بىر داھىسى قىلىپ ئوتتۇرغا چىقىرىشىنىمۇ ھەرگىز قوبۇل قىلالمايتى.

سوۋېت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىلى ئىچىدە، لۇبيانكىغا يېقىن بىر يەرگە ئىنتايىن چوڭ بىر گرانىت تاش خاتىرە مۇنارىسى تىكلەيدۇ. ئەمما بۇ گرانىت تاش، ستالىننىڭ كۇلاك ئارىلىدىن كەلتۈرۈلگەن تاش بولماي، لېنىننىڭ 1918-يىلى كۈزدە شىمالى ئاق دېڭىز بويلىرىدىكى جىنايەتچىلەر لاگېرىدىن كەلتۈرۈلۈش ئارقىلىق «ھاكىمۇتلەقلىق باستۇرۇلۇشى ئاستىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار»نى خاتىرلىمەكچى بولغان بىر تاش ئىدى. كۆپلىگەن «چېكا» ئەزالىرى سىنىپى دۈشمەنلەرگە قارىتا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي پەزىلىتى دەپ تونۇيتى. بىر قېتىملىق مورمانسك «چېكا» دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

*گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىرسى، دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم قىلماسلىقى؛ نامرات خەلق ئاممىسىنى قوغدايدىغان بىرسى قەتئىي تۈردە تاش يۈرەك، قەتئىي ئىچى ئاغرىماس، شەپقەتسىز بىرى بولۇشى كېرەك.*

ھەتتا سوۋېتلەرنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان يىللاردىمۇ، سوۋېت تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چېكانىڭ ۋەھشىلىكىدىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. بەكلا كۆپ چېكاچىلار (ئۇلارنىڭ خېلى كۆپى ئەندىلا ئون نەچچە ياشقا كىرگەن ياش يىگىتلەر ئىدى) بۇ تۈر كىشىنىڭ ئىشەنگىسىمۇ كەلمەيدىغان ۋەھشى تەدبىرلەردىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى قىيىنىشاتتى. خاركوۋدا، ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قولىنىڭ تېرىسىنى شۇلۇۋېلىپ پەلەي ياساپ كەيگەن؛ ۋورونېژدا ئۇلار مەھبۇسلارنى قىپ يالىڭاچ قىلىپ ئىچىگە قارىتىپ ھەممە

تەرپىگە مىق قىقىۋېتىلگەن ياغاچ سوغىلارغا قاچىلاپ بۇ ياغاچ ئىدىشلارنى دومىلىتىپ ئوينىغان؛ پولتاۋادا، ئۇلار پوپلارنى تۇۋرۇكلەرگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەن؛ ئودېسسادا ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن ئاق ئورۇس ئوفىتسېرلىرىنى تاختاي ئۈستىگە باغلىۋېتىپ ئۇلارنى لاۋىلداپ تۇرغان پېچ ئىچىگە ئاستا-ئاستا سىرىلدۇرۇپ كۆيدۈرگەن؛ كىيېۋدا، چاشقاننى ئاستى ئوچۇق قەپەزگە سېلىپ مەھبۇسنىڭ قورسىقى ئۈستىگە قويۇپ ئۈستىدىن چاشقاننى ئاستا-ئاستا ئىسسىتىپ بېرىپ، ئۇ چاشقانلارنىڭ چىدىماي مەھبۇسنىڭ قورسىقىنى تىشىپ ئىچىگە كىرىۋېلىشىنى تاماشا قىلغان.

گەرچە لېنىن بۇ تۈردىكى رەھىمسىز تەدبىرلەرنى بەك خالاپ كەتمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا دزېرژىنسكىغا بۇ تۈردىكى «چېكىدىن ئاشقان ۋەھشى ئۇسلۇبلار»نى يۈرگۈزۈشلىرىدىن نارازى ئەمەس ئىدى. ئۇ، چېكانىڭ ۋەھشىلىكلىرىگە قىلچە چاتىقى بولمايلا قالماي ئەكسىچە بۇ تۈر تەدبىرلەرنىڭ گىراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوينىغان رولىنىمۇ ئالاھىدە ماختاپ كەتكەن. ئۇ، چېكا ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىق «بىزدىن بەكلا كۈچلۈك دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سانسىزلىغان سۇيىقەست ھەرىكەتلىرى بىلەن سانسىزلىغان سوۋېتكە قارشى غەرەزلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك قورالىمىزغا ئايلاندى»:

*رۇسىيەدىكى ۋە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل بۇرژۇئازلىرى، بىز سىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىمىزنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭلارنى ياخشى بىلىمىز، شۇنداق، سىلەر ھەقىقەتەنمۇ بۇ ھاكىمىيەتنى ياخشى كۆرمەيسىلەر! ئەمما سىلەر بىزنى ئۆلتۈرگەن، بىزگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىڭلاردا، ۋەتىنىمىز ئىچىدە بىر قاتار سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىگەن ۋاقتىڭلاردا، پۈتۈن ئاماللار بىلەن بىزنىڭ تىنچ پائالىيەتلىرىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋاقتىڭلاردا بىزدىكى چېكاچىلار بۇرۇن كۆرۈلمىگەن كۈچ قۇدرەت بىلەن سىلەرنىڭ بارلىق سۇيىقەست-ھىلىمىكىرلىرىڭلارغا قايتارما زەربە بېرىپ كەلدى!* دەيدۇ.

دزېرژىنسكىنىڭ ئارخىۋىدىكى بەزى مەخپىي ھۆججەتلەردە مۇنداق بىر قوشۇمچە بەلگىلىمە قىستۇرۇلغان: ماتېرىيالدىن پەقەت 10 نۇسخىلا

تەييارلانسۇن، بىر نۇسخىسى لېنىنغا، قالغانلىرى چېكانىڭ ھەر قايسى ئورۇن رەھبەرلىرىگە بېرىلسۇن. لېنىنىنىڭ چېكا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى كونكرېتنى مەشغۇلاتلىرىنىڭ تەپسىلاتىغىچە بېرىپ يەتكەن بولۇپ، ھەتتا قانداق ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىش ۋە قانداق پايلاش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدىمۇ دزېرژىنسكىغا تەپسىلى تەكلىپلەرنى بەرگەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا، قولغا ئېلىش ئىشلىرى ئەڭ ياخشىسى كېچىدە بولغىنى تۈزۈك دەپ يولمۇ كۆرسەتكەن. ھەتتا ئۇ ئىنتايىن ساددىلىق بىلەن يېڭىچە بىر خىل تېخنىكا قوللىنىپ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئاختۇرۇش ھەققىدە توختۇلۇپ، دزېرژىنسكىدىن بىر خىل كۈچلۈك ئېلېكترلىق ماگنىت ياسىتىپ ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇشلاردا دۈشمەن يوشۇرغان قوراللارنى تېپىپ چىقىشقا ئاسانلىق يارىتىشنى تەلەپ قىلغان. دەرۋەقە بۇنداق تەدبىر سىناق قىلىنغان بولسىمۇ ھېچ بىر ئۈنۈمى بولمىغان. شۇنداقتىمۇ دزېرژىنسكى «ماگنىت تەكشۈرۈش ئىشلىرىدا ئۇنچە بەك كارغا كېلىپ كەتمەيدۇ»غانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلارنى شۇنچە مىسال قىلىپ سۆزلىگەن بولسىمۇ لېنىن بەربىر قايىل بولمىغان.

لېنىن، چېكانىڭ پايدىلىنىۋاتقان رازۋېتكا تەدبىرلىرىگە بەكلا كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەتتا بەزىدە بۇ ئىشلارغا رەسمى مەستانە ھالىغىمۇ كېلىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئەڭ مۇھىمى، ئۇ چېكانىڭ جاھانگىرلار بىلەن ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا تاقابىل تۇرۇشتا، بولشېۋىكلارنىڭ بىر پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلاتتى. 1921-يىلى ئاۋغۇستتا، سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى ئىلاجىسىز ئا ق ش قۇتقۇزۇش جەمىيىتىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى مىليونلىغان ئاچ قالغان خەلققە قىلغان ئاشلىق ياردىمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇدۇ. ئەمما بۇ تۈردىكى ياردەمنىڭ نېمە مەقسەتتە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق گۇمان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئويلىرىدىن لېنىن بىلەن دزېرژىنسكىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن نەقەدەر قورقىدىغانلىقىنى تولۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. لېنىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتى: ئامېرىكا

قۇتقۇزۇش جەمىيىتى ئا ق ش ئۈچۈن ئىستىخبارات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى يوشۇرىدىغان بىر ۋىيۇسكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەڭ قاتتىق كۆزىتىلسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتى پائالىيەتكە كىرىشكىنىدىن كېيىن، لېنىن يەنە ئۇلار چوقۇم يىمەكلىك تەمىنلەش ۋاستىسى ئارقىلىق ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. لېنىن، دزېرژىنسكىنىڭ ياردەمچىسى جوزېف ستانىسلاۋوۋىچ ئۇنشلىختقا «چەتئەللىك جاسۇسلار كەمبەغەل دۆلەتلەرگە كەڭ كۆلەملىك پارا يىگۈزۈپ ئۆزلىرى تەرەپكە قارىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كرىزىس پەيدا قىلىشقا تىرىشماقتا» دەپ قايناپ كېتىدۇ. شۇڭا جىددى تەدبىر قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، «چېكا خادىملىرىنىڭ يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىق ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.» شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ جاھانگىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك جەلپ قىلىش ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىنالايمىز دەيدۇ.

گەرچە ئۇ دەۋرلەردە ئا ق ش دا تېخى تېنچ دەۋر ئىستىخبارات ئورگىنى دەيدىغان بىرەر ئورۇن يوق بولسىمۇ،[47] چېكا، ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتى ياۋروپا ھازىرقى زامان تارىخىدا ئەڭ ئېغىر ئاچارچىلىقنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل 300 نەپەر خادىمنىڭ ئىچىدىكى 200 نەپىرى ئەمەلىيەتتە مەخپى ئىستىخبارات خادىمى دەپ ئېلان قىلىدۇ ھەمدە: «بۇ كىشىلەر بەلكىم ئەكسىلئىنقىلاۋى توپىلاڭدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك يېتەكچىلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتى ئەينى ۋاقىتتا سىياسىي ئۆزگىرىش جەريانىدا ئاقلار ھاكىمىيىتىگە ئاشلىق ياردىمى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ۋىنادا ئىنتايىن چوڭ يىمەكلىك پونكىتى قۇرۇپ چىققان» دەيدۇ. لېنىن شۇ كۈنلەردە ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن جان تالىشىپ ياتقان 5 مىليون ئورۇس ۋە ئۇكرائىنىنىڭ ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئورنىغا پۈتۈن دىققىتىنى ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. 1922-يىلى، ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتى ھەر كۈنى 10 مىليون ئاچ كىشىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە

مەجبۇر بولۇۋاتقان بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇنچە كەڭ كۆلەملىك ئاشلىق ياردىمى بولمىسا ئىدى، ئاچارچىلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ۋەقەلەر تېخىمۇ چوڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتى ئۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىستىخبارات ئورگىنى ئۇلارنى ئىنسانپەرۋەر بىر تەشكىلات دېمەي يەنىلا باشتىن تارتىپ جاسۇسلۇق قىلىشقا كەلگەن بىر ئىستىخبارات تەشكىلاتى ئىدى دەپ قارىشىدۇ. شۇندىن كېيىنكى 25 يىل جەريانىدا، ساق قالغان ئامېرىكا قۇتقۇزۇش جەمىيىتىگە ياللىنىپ ئىشلىگەن ئۇرۇسلارنىڭ ھەممىسىنى ئامېرىكا جاسۇسلىقىنى قىلدۇق دېيىشكە مەجبۇرلاپ كەلدى.

غەرپ ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ۋەھشىلەرچە سۇيىقەست قىلىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىشقان دەيدىغان گۇمانخورلۇق قاراش لېنىن دەۋرىدىكى سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرى خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇنداق قاراش بىلەن پائالىيەت قىلىش، ستالىن دەۋرىگە كەلگىنىدە تېخىمۇ مۇھىم ھالغا كېلىدۇ. سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى پائالىيەت قىلىش ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن باشقىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك كۆزىتىشكە توغرا كېلەتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا، ئىستىخبارات ئوگانلىرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ غايىسى بىر ئېھتىمالدا بولشېۋىك پانتازىيىسىنىڭ بىر مەھسۇلى بولۇشى ياكى ھەقىقىي ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. سوۋېتلەردىكى سۇيىقەست نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى بۇ خىل بىر تەرەپلىمە قاراشنى بىر ھېسابتا بىر پارتىيىلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە خاس بىر ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن بىر ئۆزگىچىلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يەنى، بارلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئۆكتىچىلەرنى تېگى تەكتىدىن ئالغاندا قانۇنسىز ھەرىكەت دەپ تونۇيتى. شۇنداق تونىغاچقا، ھەرقانداق بىر ئۆكتىچىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى دەپلا ھۆكۈم قىلىشىدۇ. بولشېۋىك خىيالىدا ھەتتا غەرپ بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوقۇم سۇيىقەست پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ دۇنيادىكى بىرىنچى ۋە بىردىن-بىر ئىشچى-دېھقان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى نىيەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئاشكارە تۈردە قوراللىق ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانمىغان بولسا چوقۇم ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى يوشۇرۇن سۇيىقەست پائالىيەتلىرى ئارقىلىق سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىنى ئىچكى جەھەتتە ئاغدۇرۇپ تاشلاش پىلانىنى تۈزۈپ يۈرگەنلىكى مۇقەررەر دەپ ئويلىشاتتى.

چەتئەل بۆلۈمىنىڭ ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 18 ئايدىن ئاشمايتى. مىخايىل ئابراموۋىچ تىرلىسسېر، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىدىكى بىرىنچى قارارلىق مەسئۇلى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ 1922-يىلى چەتئەل بۆلۈمىگە بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىنىشتە چوقۇم لېنىننىڭ بىۋاستە ماقۇللىقىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. تىرلىسسېر، بىر رۇسىيە يەھۇدىيسى ئىدى. ئۇ، 1901-يىلىدىلا بىر كەسپى ئىنقىلاپچى ھالىغا كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەندىلا 18 ياشقا كىرگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. ئۇمۇ دېرىزىنسكىغا ئوخشاش بۇرۇنقى ھاياتىنى سۈرگۈنلەردە ياكى تۈرمىلەردە ئۆتكۈزگەن. بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى مەخسۇس بولشېۋىك لۈكچەكلەر قوشۇنى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان مەخپى ساقچىلارنى تەكشۈرەشكە مەسئۇل بولغان. 1918-يىلى چېكادا ۋەزىپە ئۆتەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا بىر توپ «باندىت»لار تەرىپىدىن تۇتىۋېلىنىپ بىر دەرەخقە ئېسىپ قويۇلغان. ئۇ دەرەختە ئېسىلىپ جېنى چىقاي دەپ قالغان بىر ۋاقىتتا شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرى كۆرۈپ قېلىپ بوينىدىكى ئاغامچىنى كېسىپ تاشلاپ قۇتقۇزۇۋېلىنغان. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ داۋقى چىقىپ كەتكەن. تىرلىسسېر ئۆزىدىن كېيىنكى ئى. ن ئو باشلىقلىرىدىن پەرق قىلىدىغان يېرى، ئۇ بەزىدە چەتكە چىقىپ چەتئەل بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ بەلكىم 1923-يىلى مارت ئېيىدا ئۈچىنچى قېتىم سەكتە كېسىلى بىلەن ئىشىنى داۋام قىلالمىغىدەك ھالغا كېلىپ قېلىشىدىن بۇرۇن، لېنىن چەتئەل بۆلۈمىنىڭ تەمىنلىگەن مەلۇماتلىرى ئۈنچە بەك توغرا بولۇپ

كېتەلمىگەندەك قىلىسىمۇ يەنىلا ئۇلار يەتكۈزگەن دوكلادلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. مەسىلەن، ئۇ 1922-يىلى ئارتۇر رانسوم (بۇ كىشى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى چېكىنىڭ بەكلا ئاز كۆرۈلىدىغان ئەنگلىيە ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇدىغان خادىملاردىن بىرى بولۇپ، كېيىن ئۇ داڭلىق باللار ھېكايىسى يازغۇچىسىغا ئايلىنىدۇ)دىن ئالغان بەزى بەك توغرا بولۇپ كەتمىگەن ئۇچۇرلىرى ھەققىدە، بۇ ئۇچۇرلار «بەكلا مۇھىم ئىكەن، ئاساسەن توغرا ئۇچۇر ئىكەن» دەپ شەخسەن تەستىق سېلىپ بەرگەن.

شۇنداق قىلىپ، لېنىننىڭ تەستىقلىشى بىلەن چەتئەل بۆلۈمىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى چەتئەل ئىستىخبارات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى مۇنداق بەلگىلەنگەن ئىدى:

1. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ دۆلەت ئىچى ئىستىخبارات باشقارمىلىرىدىكى سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى ئەكسىل ئىنقىلابى گۇرۇھلارنى ئېنىقلاپ چىقىش؛

2. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇدىغان بارلىق ئىستىخبارات ئورگانلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىش؛

3. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش؛

4. بۇ جەھەتتىكى ھۆججەت-ماتېرىياللىرىنى قولغا چۈشۈرۈش.

گىراژدانلار ئۇرۇشىدىن كېيىن لېنىن بىلەن چېكا، تارمار كەلتۈرۈلگەن «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلار» بىلەن ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى، ئۇكرائىن مىللەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق ئىشلارغا بەكرەك قىزىقىدىغان بولۇدۇ. 1920-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلۈم ئاقلار قىسىمى رۇسىيەدىن چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە ئېغىر تەھدىت سالغىدەك بىر كۈچ ھالىغا زادىلا كېلەلمەي، ئاخىرى بېرىپ پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما لېنىن ھەرگىزمۇ بۇنداق قارىمايتى. لېنىن، «مەغلۇپ قىلىنغان بىر ئارمىيە، مۇتلەق تۈردە مەغلۇبىيەتتىن نۇرغۇن تەجرىبە ساۋاق ئالىدۇ» دەپ جاكارلاپ، ئەينى ۋاقتىدا بولشېۋىك رۇسىيەسىدە يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر يېرىم مىليوندىن ئىككى مىليونغىچە بۇنداق لۈكچەكلەر بار دەيدىغان پەرىزىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ:

*بىز شۇنى ئوچۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئۇلار بۇگۈن بۇرۇنقى ئىچكى زىددىيەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ يۈرگەنلىكى چوقۇم. ... ئۇلار بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ سوۋېت روسىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش، سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىنى تارمار كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ... بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي خۇلىگەرلەر ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىنتايىن پۇختا تەشكىللەنگەن، ئىنتايىن مۇكەممەل ستىراتېگىيىلىك كۆرۈتۈش قابىلىيىتىگە ئىگە.*

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى باشلىرى ۋە ئوتتۇرلىرىدا، چەتئەل بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق زەربە بېرىش نىشانى بېرلىن، پارىژ ۋە ۋارشاۋا قاتارلىق جايلارغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن «ئاقلار مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى» ئىدى. ئۇ يەردىكى كۈچلەر ئىزچىل تۈردە بولشېۋىكلەر ھاكىمىيىتىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشنى پىلانلاپ كەلمەكتە دەپ قارايتى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ سۈيىقەست پىلانلىرى لېنىننىڭ ئويلىغىنىدىن كۆپ ئاجىز ئىدى.

لېنىن بىلەن بولشېۋىك رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنى ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىرىتىپ كېلىۋاتقىنى باشقا «ئەكسىلئىنقىلاپچىلار»، يەنى ئۇكرائىنا مىللەتچىلىرىدىن كېلىدىغان تەھدىتلەر بولۇپ، ئۇلار مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرىمىز دەپ بىر تەرەپتىن قىزىل ئارمىيە بىلەن جەڭ قىلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاقلار قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىشاتتى. 1920-يىلىنىڭ قىش مەۋسۇمى ۋە 1921-يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا بولشېۋىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغالغان ئىسيانلار پۈتكۈل ئۇكرائىنا يېزىلىرىغىچە يېيىلىدۇ. ھەتتا قىزىل ئارمىيە بىلەن چېكا بىرلىكتە ئۇكرائىنا ئىسيانىنى «تىنجىتقىنىدىن كېيىنمۇ» پولشا بىلەن رومىنىيەگە قېچىپ كەتكەن پارتىزانلار ھېلىغىچە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. 1922-يىلىنىڭ باھارىدا، ئۇكرائىنا گ. پ. ئۇ سى سىمون پېتليۇرانىڭ ئۇكرائىنا

سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى گېنېرال يۇركو تۇتيۇننىڭ رەھبەرلىكىدە «پارتىزانلىق باش شتابى» قۇرۇپ چىققان، بۇ باش شتاب بىر قىسىم جاسۇسلىرىنى ئۇكرائىناغا يوللاپ، ئۇ يەردە يەر ئاستى مىللەتچىلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى.

ئۇ گ پ ئۇ بۇيرۇق بويىچە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن ئاقلار مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى بىلەن ئۇكرائىنا مىللەتچىلىرىنىڭ پائالىيەت قىلىش ئەھۋاللىرىنى ئىگەللەش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ ئىككى ئۆكتىچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرى ئوخشاش ئىدى — ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشتا گ پ ئۇ نىڭ تىزگىنى ئاستىدىكى بولشېۋىكلارغا قارشى يالغان يەر ئاستى تەشكىلات قۇرۇپ، بۇ يالغان تەشكىلاتنى يەمچۈك قىلغان ئاساستا تۇتيۇننىك بىلەن ئاقلار قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ئوكرائىناغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ.

تۇتيۇننىكنى ئۇكرائىناغا ئالداپ كەلتۈرۈشنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكىتى (بۇ ھەرىكەتكە بېرىلگەن مەخپىي بەلگە «39-دېلو ھەرىكىتى» ئىدى)، تۇتيۇننىكنىڭ «پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان» ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى بولغان زايارنىينى قولغا ئېلىش ئىدى. 1922-يىلى زايارنىي چېگرىدىن ئۆتۈۋاتقىنىدا قولغا چۈشىدۇ. گ پ ئۇ نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پىلانلىق قىستاشلىرى نەتىجىسىدە زايارنىي تۇتيۇننىكنىڭ باش شتابىغا قايتىپ بارىدۇ. بۇ ئوفىتسېر تۇتيۇننىكقا ئۇكرائىنادا بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىتىش ئۈچۈن مەخپىي ئالىي ھەربىي كومىتېتتىن بىرنى قۇرۇپ چىققانلىقىنى، ھازىر ئۇلار تۇتيۇننىكنى بېرىپ ئۇ يەردە بىر ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇدۇ، دەپ يالغان ئېيتىدۇ. ئەمما تۇتيۇننىكمۇ ئالاھىدە ھوشيارلىق كۆرسۈتۈپ بۇ گەپكە دەرھال ئىشىنىپ كەتمەي، ئاۋال بىر قانچە ئالاھىدە ئەلچىسىنى ئەۋەتىپ ئۇ يەردە تەشكىللەنگەن ئالىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر نەچچە قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. يىغىندا، ئۇكرائىنا مىللەتچىلىرى شەكلىگە كىرىۋالغان گ پ ئۇ ئوفىتسېرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولشېۋىكلارغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولماقتا، ئۇلار ھەممىسىلا تۇتيۇننىكنىڭ كېلىپ يېتەكچىلىك قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشماقتا دەپ يالغان ئېيتىدۇ. ئالاھىدە ئەلچى بولغانلاردىن پيوتر ستاخوۋنىڭ تۇتيۇننىك بىلەن بولغان مۇناسىۋېتى يېقىن بولغىنى بىلەن، ئۇمۇ زايارنىغا ئوخشاش گ پ ئۇ غا سېتىلغان قوش تەرەپلىك جاسۇس ئىدى.

ئۇلار تۇتيۇننىكنىڭ ئۇكرائىناغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى 1923-يىلى 26-ئىيۇن كۈنى قايىل قىلىپ قايتىدىغانغا ماقۇل كەلتۈرۈۋالىدۇ. تۇتيۇننىك يارەمچىسىنىڭ كاپالەت بېرىشى بىلەن ئاۋال دنېستېر دەرياسىنىڭ رومىنىيە ياقىسىدىكى چەت بىر يېزىغا بارىدۇ. زايارنىي ئۇلارنى شۇ يەردە كۈتۈۋالىدۇ، ھەمدە ئالىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىرى بىلەن پيوتر ستاخوۋمۇ قارشى قىرغاقتا ئۇلارنى كۈتمەكتە ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە، ئۇكرائىنا قىرغىقى تەرەپتىن پانار بىلەن ئىشارەت كۆرۈنىدۇ. بۇ مەخپىي ئىشارەت، تۇتيۇننىك بىلەن ھەمراھلىرى بىخەتەر ھالدا قارشى قىرغاققا ئۆتسە بولىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتى ئىدى. ئەمما بۇ گېنېرال يەنىلا ھوشيارلىقىنى يوقاتماي ئاۋال قوغدىغۇچىسىنى قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بىرەر قىلتاق شەپىسى بار-يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ستاخوۋ بىلەن تۇتيۇننىكنىڭ قوغدىغۇچىسى بىرلىكتە قايتىپ كېلىپ ئۇلارغا قارشى تەرەپتە ھەقىقەتەنمۇ بىرەر قىلتاق قۇرۇلغاندەك ئەمەس دەپ بىلدۈرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا تۇتيۇننىك ستاخوۋ غا «پيوتر، سەن مېنى ياخشى بىلىسەن، مەنمۇ سېنى ياخشى بىلىمەن. بىز ھەر قانچە بولسىمۇ بىر-بىرىمىزنى ئالداپ يۈرمەسمىز-ھە؟ ئالىي ھەربىي كومىتېت دەيدىغان بىر تەشكىلات يوق، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، دەيدۇ ستاخوۋ، — مەن ئۇلارنى ياخشى بىلىمەن. بولۇپمۇ بۈگۈن مەن بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەرنى بەكلا ياخشى بىلىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ ...» دەيدۇ. شۇندىن كېيىن تۇتيۇننىك ستاخوۋ بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن بىرلىكتە كېمىگە چىقىدۇ. ئۇ گ پ ئۇ تەرىپىدى تىزگىنلىنىپ بولغىنىدىن كېيىن، ئۇ يازغان خەت ياكى ئۇنىڭ نامىدا يېزىلغان خەت شۇ ھامان

چەتئەلدىكى مۇھىم ئۇكرائىنا مىللەتچىلەر قولىغا يەتكۈزۈلۈدۇ. بۇ خەتتە، بۇندىن كېيىنكى ھەرىكىتىمىزدىن پەقەتلا ئۈمىد قالمىدى، شۇڭا مەنمۇ سوۋېتلەر تەرەپتە ۋەزىپە ئۆتەشكە قارار قىلدىم، دەپ يېزىلغان ئىدى. شۇندىن 6 يىل ئۆتۈپ تۇتيۇننىڭ ئىتىپ تاشلىنىدۇ.

ئاقلار گۋاردىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى بىلەن ئۇكرائىنا مىللەتچىلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى بىر-بىرىگە بەكلا ئوخشاپ كېتەتتى. 1922-يىلى، بېرلىندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى سابىق چارلىق گېنېرالى زىلېنىننى سېتىۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سۈرگۈندىكى گۇروھلار ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈدۇ. گ پ ئۇ نىڭ كېيىنكى بىر ۋاقىتلاردا سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈپ تەييارلىغان دوكلاتىدا، زىلېنىننىڭ «ئاقلار گۋاردىيە ئارمىيىسى ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك بۆلگۈنچۈلۈك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان»لىقىنى، ئاقمۇەتتە بىر مۇنچە ئوفىتسېرنىڭ كىنەز پېتىر ۋرانگېلنىڭ بۇ قوشۇندىن ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ۋرانگېل، گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەغلۇپ قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ئاقلار ئارمىيىسى گېنېرالى ئىدى. گ پ ئۇ نىڭ باشقا ئاقلار گۋاردىيە ئارمىيىسىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىغان ھەرىكەتلىرىمۇ ئالاھىدە زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقلار قوماندانلىرىغا قارشى پىلانلىغان ھەرىكەتلەردە تارمار قىلىنغان قوماندانلاردىن كازاك ئاتامان ئا. ئى. دۇتوۋنىڭ سابىق شتاب باشلىقى گېنېرال زايتسېۋ بىلەن سابىق چار پادىشاھ گېنېرالى ياخونتوۋمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشى كېيىن ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇ گ پ ئۇ، ئاقلار گۋاردىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئەڭ ئۇتۇغلۇق ئىككى قېتىملىق ھەرىكىتىنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن پىلان بويىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەر ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ شىفىرى سىندىكات ۋە ترېست ئىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ھەرىكەتتە جاسۇسلار ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. سىندىكات ھەرىكىتىنىڭ نىشانى بورىس ساۋىنكوۋ بولۇپ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەقىقەتەنمۇ ئاقلار گۋاردىيە قوشۇنىدىكى ئەڭ خەتەرلىك كىشى دەپ بىلەتتى. ئۇ ئەسلىدە سوتسىيال ئىنقىلابىي پارتىيەنىڭ بىر تېرروررچىسى ئىدى. بۇ كىشى، بولشېۋىكلار ئىنقىلابىي تەرىپىدىن ئاغدۇرىۋېتىلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بىرسى ئىدى. ۋىنستون چېرچىل (يەنە نۇرغۇن كىشىلەر) ئۇنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى قىزغىنلىقىغا بەكلا قايىل ئىدى. «ۋاڭ-چۇرۇڭلۇق، گۈلدۈر-غالدۇرلۇق مەزگىل ئۆتۈپ، چاڭ توپىلار تىنغاندىن كېيىن، — دەپ يازىدۇ چېرچىل كېيىن، — ھېچبىر رۇس، بارلىق كىر-داغلاردىن، قاراڭغۇلۇقلاردىن قۇتۇلغاندا، بەكلا ئاز كىشى رۇس خەلقىگە ئۇنىڭچىلىك خىزمەت قىلغان، ئۇنىڭدىن ئارتۇق قۇربانلار بەرگەن، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باققان، ئۇنىڭدىن ئېغىر ئازاب ئىچىدە قېنىلىپ باققان ئەمەس» دەيدۇ. 1920-يىلىدىكى رۇسىيە-پولشا ئۇرۇشىدا، ساۋىنكوۋ رۇسىيە خەلق ئارمىيىسىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولغان ئىدى، بۇ ئارمىيە پولشىلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا قىزىل ئارمىيىگە قارشى جەڭ قىلىدۇ. 1921-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۇ ۋارشاۋادا بولشېۋىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەد قىلغان «ۋەتەننى ئازات قىلىش خەلقچىل بولشېۋىكلارغا قارشى ئىتتىپاق» دەيدىغان يېڭى بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ تەشكىلات سوۋېت رۇسىيەسى تەۋەسىدە بولشېۋىكلار توغرىسىدا ئىستىخبارات يىغىشقا مەسئۇل ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قوزغىلىڭى پىلانلىماقچى بولغان بىر جاسۇسلۇق تورى تەشكىللەپ چىقىدۇ.

سىياسى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ساۋىنكوۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىغان ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكىتىگە سىندىكات-1 ھەرىكىتى دەپ نام بېرىلىدۇ. بۇ تەشكىلات ئىچىگە كىرگۈزىۋېتىلگەن چېكا ئىشپىيونىنىڭ يادىمىگە تايىنىپ بۇ ھەرىكەت دۆلەت ۋە خەلقچىل بولشېۋىكلارغا قارشى ئازاتلىق ئىتتىپاقى تەشكىلاتى تەشكىللەپ چىققان جاسۇسلۇق تورلىرىنى ئوگۇشلۇق تۈردە بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىدۇ. 1921-يىلى ئاۋغۇستتا، «ۋەتەن ئازات قىلىش ۋە خەلقچىل بولشېۋىكلارغا قارشى ئىتتىپاقى — ن. س. ز. ر. ئى. س» نىڭ

44 نەپەر مۇھىم رەھبىرى موسكۋادا ئوچۇق سوتقا تارتىلىدۇ. سىندىكات-2 ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى مەقسىدى ساۋىنكوۋنى ئالداپ كەلتۈرۈۋېلىش، ئاندىن ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئوچۇق سوتتا سوتلاش باش قەھرىمانى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ساۋىنكوۋنىڭ سۈرگۈندە يۈرگەن ھىمايىچىلىرىنىڭ جاسارىتىنى يوق قىلىش ئىدى. ك گ ب نىڭ مەخپى ماتېرىياللىرىدا شۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ ئاساسى تۆھپىسىنى گ پ ئۇ نىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنىغا مەسئۇل ئارتۇر خرىستىيانوۋىچ ئارتۇزوۋ (بۇ كىشى كېيىنچە چەتئەل بۆلۈمى — ئى. ن. ئو. غا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىنىدۇ) قا مەنسۇپ قىلىنىدۇ. بۇ كىشى قاتتىق ئىرىمچىك (كاشار پەينىر، ئىرىمچىكنىڭ بىر تۈرى) ياسايدىغان شىۋىتسارىيەدە تۇرۇشلۇق ئىتالىيان كۆچمىنىنىڭ ئوغلى ئىدى، بۇ ئادەم ئاندرېي پاۋلوۋىچ فيودوروۋ بىلەن گرىگورى سېرگېيېۋىچ سىيروپېژنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بىر ئادەم ئىدى. گەرچە سىندىكات-2 ھەرىكىتى راستىنلا ئوغۇشلۇق تۈردە ئىشپىيوننىڭ مەلۇماتلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىنغان بىر ھەرىكەت ھېسابلانسىمۇ، ك گ ب ئارخىپلىرىدا ساۋىنكوۋنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان خىياللىرىنىڭ ئاساسەن ك گ ب ياردىمى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى زادىلا ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىدى. 1921-يىلى ساۋىنكوۋ بىر قېتىمقىلىق لوندون زىيارىتىدە مېنى رۇسىيە سودا ئىشلار ئۈمىكىنىڭ رەئىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قېتىلساڭ قانداق دەپ تەكلىپ قىلدى دەيدىغان بەكلا كۈلكۈلۈك بىمەنە بىر سۆزنى قىلىپ يۈرۈدۇ. ئۇ يەنە، لويد گيورگ ۋە ئائىلىسى بىر سەھرا داچىسىدا «تەڭرى چارنى ساقلىغاي» دېگەن ناخشىنى ئورۇندۇتۇپ مېنى كۈتۈۋالغان دەپ پو ئېتىپ يۈرۈدۇ. ئەسلىدە بۇ كۈتۈۋېلىش ئوركىسترا گۇرۇپپىسى ۋېلشتىكى بىر قېتىملىق روژدېستۋا بايرىمى ئالدىدا تەبرىكلەش پائالىيىتىدە چاقىرتىلىپ دىنى خور ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىنغان بىر ئۆمەكلا ئىدى. 1923-يىلى ئىيۇلدا، فېدوروۋ بولشېۋىكلارغا قارشى يەرئاستى پائالىيەتچىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ پارىژدا (بۇ چاغدا، «ۋەتەن ئازاتلىقى خەلقچىل بولشېۋىكلەرگە قارشى ئىتتىپاق» تارمار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن شىتابىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىۋالغان ئىدى)

www.uyghurkitap.com

ساۋىنكوۋنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنى ياردەمچىسى پولكوۋنىك سىبىركى پاۋلوۋسكىنى ئۆزىگە قوشۇپ رۇسىيەگە قايتىپ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر يەرئاستى تەشكىلات بىلەن مەخپى سۆزلۈشۈپ كېلىشكە ئەۋەتىشنى دەپ ئۈندەيدۇ. نەتىجىدە، ياردەمچىسى پاۋلوۋسكى موسكۋاغا يېتىپ بېرىشى ھامان گ پ ئۇ دىكىلەر تەرىپىدىن ئەل بولۇشقا قىستىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ساۋىنكوۋنى ئالداپ قايتۇرۇپ كېلىپ بۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە بېسىم قىلىدۇ. 15-ئاۋغۇست كۈنى ساۋىنكوۋ بىلەن بىرگە بىر قانچە ھىمايىچىلىرى رۇسىيە چېگراسىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇللا گ پ ئۇ دىكىلەرنىڭ قورغان قاپقىنىغا چۈشىدۇ. قاتتىق سوراق نەتىجىسىدە، ساۋىنكوۋ ئۇزۇنغا قالمايلا باش ئېگىدۇ. بىر قېتىملىق ئۇچۇق سوتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي جىنايەتلىرىنى تولۇق ئىقرار قىلىدۇ:

*مەن بۈگۈن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رۇسىيە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىن-بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى شەرتسىز ئېتىراپ قىلدىم. مەن بۇرۇن ، ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغان ھەربىر رۇسقا قارشى ھەققەتەنمۇ قانلىق، بەكلا ئۇزۇن ئازاپلىق يولدا مېڭىپ دۈشمەن بوپتىمىز، مەن بۇرۇن سىلەرنىڭ قاراشلىرىڭلارغا پەقەتلا قۇلاق سالمىغان ئىكەنمەن دەپ ئېتىراپ قىلىمەن. مانا بۈگۈن، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي رۇس مىللىتىدىن بولساڭلار، ئەگەر مىللىتىڭلارنى راستىنلا سۆيىدىغان كىشىلەردىن بولساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر بۈگۈنكى ئىشچى-دېھقان ھاكىمىيىتىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىشىڭلار ھەمدە بۇ ھۆكۈمەتكە پۈتۈنلەي بويسۇنۇشىڭلار كېرەك دەپ مۇراجەت قىلىمەن.*

ھەتتا ساۋىنكوۋ 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىدە ياتقان كۈنلىرىدىمۇ ئۇنى ئالداش داۋام قىلىدۇ. ئۇ، يېنىدا بىرگە ياتقان كامىردېشى سىپېرانسكىينىڭ ئەسلىدە بىر گ پ ئۇ ئوفىتسېرى ئىكەنلىكىنىمۇ شۇنچە ئۇزۇنغىچە پەقەتلا سېزەلمەيدۇ. سىپېرانسكى، ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان مەزگىللەردە ساۋىنكوۋنىڭ قاتتىق ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، 8 ئايغىچە بۇ قاراڭغۇ كامىر ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەكلا كۆپ ئۇچۇرلارنى ئالىدۇ. بۇ تۆھپىسى سەۋەبىدىن سىپېرانسكىينىڭ ئۇنۋانى

ئۆستۈرۈلۈدۇ. ساۋىنكوۋ، تۈرمىدە سېپېرانسكىيغا ئەڭ ئاخىرقى مەلۇماتلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ ئۆلۈدۇ. ك گ ب ئارخىپلىرىدا ساۋىنكوۋنىڭ زادى قانداق ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرلۇقتا ئېقىپ يۈرگەن بەك ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدىغان چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر مۇنچە چېكا خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ قانغىدەك ئىچىشكەندىن كېيىن ئىگىز بىنانىڭ پەنجىرىسىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتكەنلىكى ياكى ئاتلاپ ئۆلۈۋالغانلىقى بىلىنمەكتە. گەرچە ئۇ ۋاقىتتا گرىگورى سىيروۋېژكىن چەبدەسلىك بىلەن بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ دەل بۇ كىشى تەرىپىدىن بىنادىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى كىشىنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ.

تىرېست ھەرىكىتى «سىندىكات» ھەرىكىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ھەرىكەت ئىدى. تىرېست — بۇ ئەسلىدە ئۇيدۇرما بىر مۇنارخىيە يەر ئاستى تەشكىلاتى بولۇپ، رۇسىيە ئوتتۇرا قىسىم مونارخىست جەمىيىتىنىڭ ئۆزىنى نىقاپلاش ئۈچۈن قويۇۋالغان بىر ئىسىم ئىدى. رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم مۇنارخىست جەمىيىتى، ئارتۇزوۋ تەرىپىدىن 1921-يىلى قۇرۇلغان بىر جەمىيەت بولۇپ، بۇ تەشكىلاتقا يەنە 6 يىللىق يالغان پائالىيەت جەدۋىلىمۇ تۇرغۇزۇلغان. گ پ ئۇ خادىمى ئالېكساندر ياكۇشېۋ رۇسىيە ئوتتۇرا قىسىم مۇنارخىيە جەمىيىتىنىڭ مەخپىي ئەزاسى نامىغا پۈركۈنۈپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تاشقى سودا ۋەكىلى دېگەن ئاشكارە سالاھىيىتىگە تايىنىپ چەتكە چىقىش پۇرسىتىمۇ بار ئىدى. 1923-يىلى، پارىژغا زىيارەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كىنەز نىكولاي نىكولايېۋىچ (ۋاپات بولغان چار پادىشاھ نىكولاي-2 نىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى) بىلەن ئاق ئۇرۇس ئەسكەرلەر جەمىيىتىدىن گېنېرال ئالېكساندر كوتېپوۋلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقى ئالدامچىلىقنىڭ ئاساسلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىسى سابىق ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى جاسۇسى سىدنىي رېيلېي ئىدى. ئۇ كىشى ساۋىنكوۋدىنمۇ ئېغىر مەيۈس خىيال قىلىش

www.uyghurkitap.com

كېسەلى بار بىرسى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە بەكلا تىرادىگىيىلىك، كۆلكۆلۈك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ رىياللىق بىلىشى كۈندىن-كۈنگە قالايمانلىشىپ كېتىۋاتقان كېسەل بىرى ئىدى. ئۇنىڭ كاتىبى ئېلېنور تويې، رېيلىي ھەر دائىم ئېغىر پىسىخىك كرىزىس ئىچىدە ئازاپ چېكىۋاتقان بولغاچقا، پات-پاتلا خىيالى تۇيغۇلار ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتەتتى. ھەتتا ئۇ بىر قېتىم ئۆزىنى تەڭرى ئەيسا دەپ ھېس قىلىپ قالغان ئىدى دەيدۇ. ئەمما ئۇ كۈنلەردە گ پ ئۇ دىكىلەر رېيلېينىڭ ھېچ قانداق رولى قالمىغان بىرسى ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئەنگلىيەنىڭ داڭدار جاسۇسى ھەمدە گ پ ئۇ نىڭ ئەڭ خەتەرلىك ئوبېكتلىرىدىن بىرى دەپ قارايتى. خۇددى بىر يىل ئاۋال ساۋېنكوۋنى ئالداپ كەلتۈرۈۋالغىنىغا ئوخشاش، 1923-يىلى 26-سىنتەبىر كۈنى گ پ ئۇ يەنە بىر قېتىم ئوڭۇشلۇق تۇردە رېيلىينى ئالداپ رۇسىيە چېگرا بويىدا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان رۇسىيە ئوتتۇرا قىسىم ئانارخىستلار جەمىيىتى ئاسىيلار يىغىنىغا قاتنىشقا قىزىقتۇرۇپ كېلىدۇ.

رېيلىي قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن خۇددى ساۋىنكوۋغا ئوخشاش ئۆزۈن بەرداشلىق بېرەلمەيلا باش ئېگىدۇ. ك گ ب ئارخىپلىرىدا، ئۇنىڭ 1925-يىلى 30-ئۆكتەبىردە دژېرژىنىسكىغا يازغان (بۇ خەت بىر ئېھتىمالدا راست ئۇنىڭ يازغان خېتى بولۇشىمۇ مۇمكىن) بىر پارچە خېتى كۆرۈنىدۇ. ئۇ خېتىدا، مەن بىلىدىغان ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى ھەمدە غەرپ ئەللىرىنىڭ رۇسىيە مۇساپىرلىرى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن دەپ يازغان ئىدى. 6 كۈندىن كېيىن، رېيلىي موسكۋا سىرتىدىكى بىر ئورمانلىقتا كەلتۈرۈلۈپ سەيلى قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇ يەردە ھېچ قاچان قېچىش نىيىتىدە بولۇپ باقمىغان رېيلىينى بىرسى كەينىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. گ پ ئۇ ماتېرىيالىدا، ئوق تەگكەندە ئۇ چوڭقۇر بىرنى تىنىپلا ئۈنمۇ چىقارماي يەرگە يىقىلدى، دېيىلگەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاخىرقى قېتىم ئورمان ئىچىدە شامالداپ ماڭغانلار ئارىسىدا گرىگورى سىيروييېژكىنمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشى بىر ئېھتىمالدا شۇندىن بىر يىل بۇرۇن ساۋىنكوۋنى ئۆلتۈرگەن كىشى بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. گ پ ئۇ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقنى

تەبرىكلەش يۈزىسىدىن رېيلىينىڭ جەسىدىنى لوبىيانكىدىكى بىر كېمىنىڭ تىببىي پونكىتىدا مەخپىي تۈردە كۆرگەزمە قىلىدۇ. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان غەرپتە رېيلىي ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇدەك، ھەمدە يېڭى بىر سالاھىيەت كىنىشكىسىگە ئېرىشىپتۇدەك دېگەن گەپلار تارقىلىپ يۈردى. بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشى رىياللىق بىلەن ئەپسانىلەر بىر-بىرسىگە ئارلىشىپ كەتكەن، نېمە بولغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشكىمۇ بولمايدىغان بىر كەسىپتىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بەك ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. 1927-يىلى، تىرېست ھەرىكىتىدە ئازدۇر-كۆپتۇر بۇ ئالدىتىش ھەرىكىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلاردىن بولغاچقا ئاخىرى بۇ ھەرىكەت ئوتتۇرغا چىقىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، پولشا، فىنلاندىيە ۋە شۇنىڭدەك بالتىق بويى ھەر قايسى ئەل ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى بەكلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئوتتۇرسىدىكى دەۋرلەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ( بەزىسى راست بولسا يەنە بەزىلىرى پەرەز قىلىنغان)غا قارشى توختىماي كۈرەش قىلغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئىمپېرىيالىست ئەللەرگە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنىمۇ توختاتمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتە بارغانسىرى چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرى غەرپ ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇلاردا مۇنداق ئىككى چوڭ ئەۋزەللىك بار ئىدى: بىرىنچىسى، بىخەتەرلىك مەسىلىسى موسكۋا ئۈچۈن ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغىنىدا، غەرپ ئەللىرىنىڭ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىغا بولغان قارىشى بەكلا يېتەرسىز قالاتتى. ئىككىنچىسى، غەرپنىڭ ھەر قايسى ئەل كومپارتىيىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غەرپتىكى يولداشلىرى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئۈچۈن زور مىقداردا قوبۇل قىلىشقا يارايدىغان ئىدىيولوگىيە جەھەتتىكى يولداشلار بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرى بۇ جەھەتتە بارغانسىرى كۆپ پايدىلانماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ترېست ھەرىكىتى يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە، چەتئەل بۆلۈمى، يەنى گ پ ئۇ نىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى، قۇرۇلۇپ بىرىنچى قېتىمدىلا ئەنگلىيىنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئورگىنىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئادەم كىرگۈزۈۋېتەلىدى. كىرگۈزۈۋېتىلگەن جاسۇس ئەنگلىيەنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىكى فرانسىسكو كونستانتىنىڭ ئىتالىيان خەۋەرچىسى (مەخپى بەلگىسى دۇنكان) ئىدى. بۇ ئادەم ئىتالىيە كوممۇنىزمچىلىرىدىن ئالفرېدو ئاللېگرېتتىنىڭ ياردىمى بىلەن 1924-يىلى گ پ ئۇ چەتئەل ئورگىنى ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئاۋال، ئاللېگرېتتى ئىزچىل تۈردە رۇسىيە باش ئەلچىسىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بىخەتەرلىك ئورنى تۇرماق، بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرمۇ ئادىمى يوق ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئەنگلىيە ھەر قايسى باش ئەلچىخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىمۇ بەكلا بوش ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئوتتۇرلىرىدا رىمغا ئەۋەتىلگەن باش ئەلچىخانا خادىمى سىر ئاندرېۋ نوبىل، «ئۇ ۋاقىتتا رىمدا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلساق پەقەتلا يوق دېيىش مۇمكىن» دەيدۇ. باش ئەلچىخانىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى مەخپى ھۆججەتلەر ساقلىنىدىغان قىزىل ساندۇق ۋە ئارخىپ ئىشكاپلىرىنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ ئالالايتى. ئۇلارغا ھەتتا ئەلچىخانىنىڭ ھۆججەت بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ چۆرۈپ ئاچىدىغان قۇلۇپىنىڭ مەخپى نومۇرىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىمۇ بولاتتى. ھەتتا 1925-يىلى ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىدا ئىككى پارچە شىفىر دەپتىرى يوقالغاندىن كېيىن، ئەلچىخانا خادىملىرى بۇ شىفىر دەپتەرلىرىنىڭ كونستانتىنى تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. ئەسلىدە بۇ دەپتەرلەرنى چوقۇم شۇ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكى ئېنىق.

ئون نەچچە يىل جەريانىدا، كونستانتىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورگىنىغا بەكلا كۆپ دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرى بىلەن شىفىر دەپتىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرغان. دەسلىۋىدە، بەلكىم ئىنىسى سېكوندو

(ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەلچىخانا ياللانما خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئىدى) سىرتقا ھۆججەت چىقىرىپ بېرىشتە ياردەمچى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كونستانتىننى ئەنگلىيە بىلەن، ئىتالىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئوتتۇرسىدىكى ئەنگلىيە-ئىتالىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار تېلېگراممالارنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا يەتكۈزۈپ تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە دائىم دېگۈدەك تاللانغان بىر قىسىم ھۆججەت مەخپى فوتو كوپىيىلىرىنىمۇ تەمىنلەپ تۇرغان. بۇ ھۆججەتلەر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە شۇنىڭدەك ھەر قايسى مۇھىم ئەنگلىيە دىپلوماتىك ئۆمەكلىرىدىن كەلگەن ھۆججەتلەر بولۇپ، بۇلار چەتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلارنىڭ نۆۋەتتىكى دىپلوماتىك سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا ئىگەللەپ تۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھۆججەتلەر ئىدى. 1925-يىلى يانۋاردا، ئۇ ھەر ھەپتىسى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 150 ۋاراق مەخپى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. كونستانتىننى ئۆز مەقسىدىنى ھەرگىز يوشۇرۇپ يۈرمەيتى. رىم ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا، ئۇ پۈتۈنلەي پۇل ئۈچۈن بىز بىلەن ھەمكارلاشماقتا، ئۇمۇ بۇنى ھېچ قاچان ئىنكار قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى رەسمى بىر مىليونېرغا ئايلىنىش. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشماقتا دېيىلگەن. 1925-يىلى، كونستانتىننى مەركەز ئەڭ قىممەتلىك ئىستىخباراتچىمىز دەپ ئاتىغان. گ پ ئۇ ئەنگلىيەنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سۇيىقەست پائالىيەتلىرى بىلەن ئىزچىل تۈردە كەڭ كۆلەملىك شوغۇللۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا قەتئى ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىزچىل تۈردە جاسۇس دۇنكان يەتكۈزگەن ئەنگلىيەنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئۈستىدە ئەڭ بالدۇرقى ئاگاھلاندۇرۇش ئىستىخباراتىغىمۇ ئېرىشكەن. شۇنىڭدەك يەنە رىمدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىغا مۇنداق دەپ يوليورۇق بەرگەن:

*ئەنگلىيە پات يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشكىللىگۈچىلەردىن بىرىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. غەرپ ئەللىرى بىزگە قارشى چەمبەر شەكىللىك قورشاۋ ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە. شەرقتە، پارس، ئافغانىستان ۋە ختايدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالنى*

www.uyghurkitap.com

*كۆرمەكتىمىز. ... سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئەنگلىيەنىڭ كونكرېتنى پىلانلىرىنى بىلىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ھۆججەت ۋە مەخپىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش.*

رىم ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر ئۇ گ پۇ دا ئەڭ قالتىس قابىلىيەتلىك جاسۇسىنىڭ بارلىقىدىن مەغرۇرلىناتتى. بۇنداق ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ كونستانتىننى ماختاشلىرىدىنلا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يۈز تۈزۈلۈشى قەدىمقى رىملىقلارنىڭ چىراي تۈزۈلۈشىگە ئوخشايمىش.[57] شۇڭا كۆپلىگەن قىزلار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ كىلىشكەن ئاكىمىز دەپ تەرىپلىشەركەن. 1928-يىلى، ئو گ پ ئۇ ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىتالىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىمۇ مەخپىي ھۆججەت بىلەن تەمىنلەپ يۈرىشىدىن گۇمان قىلىشقان. بۇ راست ئىدى. گەرچە گ پ ئۇ ئۇنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلىرىنىڭ مۇھىملىقىدىن يەنىلا گۇمان قىلمايتى. 20-يىللارنىڭ كېيىنكى پەيتلىرىدە دىپلوماتىيە ئىشلىرى خەلق كومىسسارىياتىنىڭ مۇھىم ئادىمىغا ئايلانغان ماكسىم لىتۋىنوۋ، بۇ ماتېرىياللار مېنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك دەيدۇ.

1927-يىلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات خىزمەتلىرىدە كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان بىرمۇنچە خاتالىقلار كۆرۈلۈپ، بۇ خاتالار كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئو گ پ ئۇ ئەنگىلىيەنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا تۇنجى بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئادەم كىرگۈزۈۋېتىش ئىشىمۇ بۇ تەنقىتلەشلەر سەۋەبىدىن گۇمانلىق ھالغا كېلىپ قالىدۇ. ئو گ پ ئۇ تېزلىكتە خىزمەت تورىنى كېڭەيتىشى ھەمدە 4-ئىدارە (ھەربىي ئىستىخبارات ئىدارىسى)نىڭ ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ. بۇ تۈر خەۋپلەر مۇنداق 3 خىل سەۋەبتىن پەيدا بولغان ئىدى: بىرىنچى سەۋەب، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى شىفىر سىستېمىلىرى نىسبەتەن ئاددى بولغاچقا غەرپ ئەللىرىنىڭ شىفىر يېشىش مۇتەخەسسىسلىرى

تەرىپىدىن بەكلا ئاسان يېشىۋېلىناتتى؛ ئىككىنچى سەۋەب، چەتئەل بۆلۈمىدىكى تۈنجى ئەۋلاد بىر قىسىم خادىملارنىڭ تەجرىبىسى كەمچىل ئىدى؛ ئۈچىنچى سەۋەب بولسا چەتئەل كوممۇنىزمچىلىرى ئارىسىدىن جاسۇس تاللاشتا بەزى خاتالىقلار كۆرۈلگەن. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئالاقىلىشىش بيوروسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىستىخبارات تەشكىلىگە قاتتىق قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى بىلدۈرگەن بەكلا كۆپ پىدائىي سۈنغان بولۇپ، بۇ كىشىلەردىن بىر قىسمى خۇددى گېرمانىيىلىك رىچارد سورگىغا ئوخشاش كىشىلەر بۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئېسىل جاسۇسلىرى دەپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما يەنە بەزى كىشىلەر ئەنئەنىۋىي ئىستىخبارات تېخنىكىلىرىغا بولغان تەلەپكە سەل قارايدىغان بولغاچقا، ئۇنداق كىشىلەر نورمال بىخەتەرلىك قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمايتتى.

1927-يىلى ئەتىيازدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ 8 دۆلەتتىكى ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ بەكلا كۆپ يامان تەسىر كۆرسەتتى. مارت ئېيىدا، ئۇ گ پۇ نىڭ پولشادىكى مۇھىم بىر جاسۇسلۇق تورى ئاشكارىلىنىپ قالدى؛ تۈركىيەدە، بىر نەپەر سوۋېت سودا ئىشلىرى خادىمى جاسۇسلۇق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىندى؛ شىۋېتسارىيەدە، ساقچى تەرەپ ئىككى نەپەر رۇسىيە جاسۇسىنى قولغا ئالغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاپرېلدا، بېيجىڭدا ساقچىلار سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ كۆپ مىقتاردا ئىستىخباراتقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈردى؛ فرانسىيەدە، بىخەتەرلىك ئىدارىسى بەكلا مۇھىم بىر فرانسىيە كومپارتىيە ئەزاسى بولغان ژان كرېمېت يېتەكچىلىكىدىكى سوۋېت جاسۇسلۇق تورىنى پاش قىلدى؛ مايدا، ئاۋستىرىيەدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خادىملىرى ئارىسىدا بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇ گ پ ئۇ ئىستىخبارات پونكىتىغا مەخپىي خەت-چەكلەر بەرگىنىدىن خەۋەردار بولدى؛ ئەنگلىيەدە، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئاۋام پالاتاسىدا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بەكلا پۇختا، ئەڭ پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر جاسۇسلۇق تورىدىن بىرنى پاش قىلىپ چىقتۇق دەپ ئېلان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوقۇردا بايان قىلىنغىنىدەك بىر قاتار جاسۇسلۇق تورلىرىنىڭ پاش قىلىنغانلىقى ــ ئەينى ۋاقىتدا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ئەنگلىيەنى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت، ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن دەپ تونۇيدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى ــ ئەنگلىيەنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بەزى يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يەنە ئاۋام پالاتاسىدا قولغا چۈشۈرۈلگەن بىر قىسىم سوۋېت شىفىرلىق تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. سوۋېتلەرنىڭ شىفىرلىرىنى ئەنگلىيە ئوقۇشلۇق تۈردە يېشىپ چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىك پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ بىخەتەر قانات يايدۇرۇش شۇنىڭدەك ئو گ پ ئۇ نىڭ خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى تېخىمۇ بىخەتەر ھالغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە بىرلا قېتىم قوللىنىلىدىغان شىفىر دەپتىرىدىن ئىبارەت شىفىر سىستېمىسىدىن پايدىلىنىشقا كۆچىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، گەرچە بەكلا ئاۋارىچىلىق بولغان بىلەن شىفىرلارنى ئاسان يەشكىلى بولمايتى. شۇنداق قىلىپ، تا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا غەرپ شىفىر مۇتەخەسسىلىرى سوۋېت ئالىي دەرىجىلىك مەخپى تېلېگرامما ئالاقىسىنى زادىلا يېشەلمەيدۇ.

1927-يىلى، ياپونىيە ئۇستىدىكى ئىستىخباراتلار ھەممىدىن كۆپ، ھەمدە ھەممىدىن بەكرەك دىققەت تارتىدىغان ئۇچۇرغا ئايلانماقتا ئىدى. 1925-يىلىدىن كېيىن، چەتئەل بۆلۈمى ياپونىيە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي شىمال شەھىرى خاربىن باش كونسۇلخانىسىنىڭ مەخپى ئالاقىلىشىش ئىستىخباراتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ يۈرەتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، خاربىندا تۇرۇشلۇق ياپونىيە ۋەكىللىرى، دىپلوماتىك خالتا ياكى ئۆز پوچتالىيونلىرىدىن پايدىلىنىش ئورنىغا يەرلىك پوچتا خىزمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ توكيو بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ئو گ پ ئۇ ياپونىيە دائىرىلىرىنىڭ تېلېگراممىلىرىنى خاربىن پوچتىخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان يەرلىك ياللانما خادىملارنى سېتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ يەرگە كونۋېرت ئېچىپ چاپلاش

مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتىپ، خەت-چەك ۋە ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ رەسىمىنى ئېلىۋالاتتى. ئاندىن يېڭى كونۋېرتلارغا سېلىپ كۆچۈرۈپ ياسالغان ياپون پېچەت تاسمىلىرىنى، پوچتا ماركىلىرىنى چاپلاپ قايتا يولغا سېلىۋېتەتتى. موسكۋادىن كەلتۈرۈلگەن ياپون مۇتەخەسسىسى پروفېسسور ماتسۇكىنمۇ چەتئەل بۆلۈمى تەرىپىدىن ياللىنىپ خاربىندىكى خەت-چەكلەرنى تەكشۈرۈش ئىشىغا مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. ئۇ، ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان مەزمۇنلارنى دەرھال تەرجىمە قىلىپ ئى ن ئو شتابىغا ئەۋەتىپ تۇرۇدۇ. موسكۋاغا ئەۋەتىلگەن بۇ قولغا چۈشۈرۈلگەن خەت-چەكلەر ئارىسىدا ياپونىيەنىڭ خىتاي ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ئەسكىرى پىلانلىرىغا دائىر بەكلا كۆپ مەلۇماتلار چىقىپ تۇراتتى. ئەمما بۇ تۈردىكى كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان خەت-چەكلەر 1927-يىلى ئىيۇلدا قولغا چۈشكەن بىر پارچە ياپونىيە باش ۋەزىرى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بارون گى ئىشى تاناكا يازغان مەخپىي خانلىق مەلۇماتنامىسى بولۇپ، بۇ مەلۇماتنامىدا مانجۇرىيە بىلەن موڭغۇلىيەنى ئىشغال قىلىش تەكىتلىنىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل چىيۇگوكۇگو (جۇڭگو) نى يۇتۇۋېلىش ئۈستىدىكى چوڭ تۇسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا بولىدۇغانلىقىنى، بۇ جەرياندا رۇسىيە بىلەن يەنە بىر قېتىم تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكىمۇ قىياس قىلىنغان ئىدى.

بۇ باياننامىنىڭ ئىككىنچى قوشۇمچىسىدا چەتئەل بۆلۈمىنىڭ سېئۇلدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى قولغا چۈشۈرگەن ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردا ياپونىيە كورىيەنى ئىشغال قىلىپ بولغان ۋاقىتلار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىستىخبارات پونكىتىغا مەسئۇل بولغان خادىم ئىۋان ئاندرىيېۋىچ چىچىبېۋ (بۇ كىشى كېيىن لوندون پونكىتىنىڭ مەسئۇللىقىغا قويۇلىدۇ) ئىدى. بۇ چەتئەل بۆلۈمى خادىمى ئانو دەپ نام بېرىلگەن بىر ياپون تەرجىمانىنى سېتىۋېلىپ بۇ باياننامىنى ھەمدە قالغان بەزى مۇھىم مەخپىي ماتېرىياللارنى ياپونىيىنىڭ سېئۇلدا تۇرۇشلۇق مۇھاپىزەتچىلەر مەسئۇلىنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن ئوغۇرلىۋالغان ئىدى. كېيىن تاناكانىڭ بۇ باياننامىسىنى چەتئەل

بۆلۈمىدىكىلەر ئا ق ش ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ئاشكارىلاپ چەتئەلدە بۇ ماتېرىيال ئامېرىكا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر جاسۇس ۋاستىسىغا تايىنىپ قولغا چۈشۈرۈپتۇ دەيدىغان خاتا تونۇشنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. 1997-يىلى، سوۋېت دائىرىلىرى ھەققىدىكى بىر تارىخ كىتابىدا بىرلا ۋاقىتتا خارېن بىلەن سېيۋول ئىككى يەردە بۇ ئىككى پارچە باياناممىنىڭ قولغا چۈشۈرۈلۈشىنى كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەپ كېلىپ، بۇ ھەرىكەت جاسۇسلۇق تارىخىدا تەڭدىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ۋەقە دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ دېيىش گەرچە بەكلا مۇبالىغە بولسىمۇ، تاناكانىڭ رۇسىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشنى پەرەز قىلالىغانلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت مۆلچەرى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر ئىش ھېسابلىناتتى.

موسكۋا، ئۇ ۋاقىتلاردا ئەنگلىيە بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەمدە ياپونىيىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆرۈنەرلىك تەھدىت كۈچى ھالىغا كېلىۋاتقانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قايغۇرماقتا ئىدى. ئۇ گ پ ئۇ تاناكانىڭ باياناممىسىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، ستالىن تەھدىت خاراكتېرلىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماقالىدا ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ساھەسىنىڭ ۋەزىيەتتىن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئەنسىرىشىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە ئىدى:

*ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش، يېڭى ئىمپېرىيە ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىمىز بولۇپ، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەرگىزمۇ قۇرۇق خىياللار ئاساسىدا ئوتتۇرغا چىقىدىغان بىلىنمىگەن سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىغا پارتلايدىغان ئۇرۇش بولمايدۇ. دەل ئەكسىچە بىز ئومۇمىي يۈزلۈك ئەمەلىي ئۇرۇش تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتىمىز، يەنە كېلىپ بۇنداق بىر ئۇرۇش تەھدىتىنىڭ نىشانى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى.*

گەرچە كونستانتىننى تاناكانىڭ يازغان باياناممىسىغا ئوخشايدىغان ھەرقانداق بىر ئەنگلىيە ئىستىخباراتى بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسىمۇ، ستالىن بىلەن ئۇ ك گ ب شىتابىدىكىلەرنىڭ سۇيىقەست نەزەرىيىسىگە

ئىشىنىدىغانلار يەنىلا ئەنگلىيەنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى بار دەيدىغان خۇلاسىنى كەلتۈرەلمەيتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، غەرپ ئەللىرىدىكى ئۇرۇشقاقلارنىڭ مەخپى كومىسسىيىلىرى ئىچىگە سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ بەكرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىكەن. لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 3 يىللىق ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە ستالىن ئاخىرقى غالىب بولۇپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ، غەرپ ئەللىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش سۈيىقەستلىرىگە دائىر — گەرچە بۇ تۈردىكى سۈيىقەست دېگەنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پۈتۈنلەي خىيالى پەرەز قىلىپ چىقىرىۋالغان يوق ئىشلار بولسىمۇ — تېخىمۇ كۆپ ئىستىخباراتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ستالىن، سۈيىقەست دېگەن ئىشلار چوقۇم بار ئىش دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى ئاسانلىقچە سېزىۋالالماس ھالغا كەلتۈرۈش، باشقىلارغا ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىستىخبارات توپلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى بۇرۇنقىدەك ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرىغا تايىنىشتىن مەخپى پونكىتلاردىن پايدىلىنىشقا ئۆزگەرتىش، بۇ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دىپلوماتىك، سودا ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىن ئايرىپ مۇستەقىل پائالىيەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى قۇرۇش ئىشى زور كۆلەملىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر قۇرۇلۇش ھالىغا كېلىپ، ئۇ گ پ ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن يىل سەرپ قىلىپ خادىملىرىنى سىستېمىلىق تەربىيىلەشكە تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ خادىملار ئۈچۈن يالغان كىملىك كارتۇچكىسى چىقارتقۇزۇش مەقسىدىدە مىڭىسىنىڭ قېتىقى چىققىچە باش قاتۇرۇشۇپ ھەر تۈرلۈك قىسقىچە تەرجىمھال ياساپ چىقىشىدۇ. 20-يىللار بىلەن 30-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ گ پ ئۇ مەخپى ئىستىخبارات تورلىرىنى تېزلىكتە كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئەتراپلىق تەييارلىق ئىشلىرى (كېيىن بۇنداق تەييارلىق ئىشلىرى پۈتۈنلەي مەجبۇرى ۋەزىپە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھالىغا كەلتۈرۈلىدۇ) بەكلا يېتەرسىز بولغاچقا، ئالدىراپ-سالدىراپ ئىش پۈتتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. نەتىجىدە چەتئەل جاسۇسلۇق تورلىرىدا گەرچە ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيەتلىك تالانتلىق جاسۇسلار ئوتتۇرىغا چىققاندەك قىلغىنى بىلەن، يەنە قىلچە مەلۇماتى بولمىغان ئالدامچىلارمۇ كۆپلەپ چىقىدۇ. مىتروخىن، ك گ ب ئارخىپلىرى ئارىسىدا ئاشكارىلانمىغان بەكلا كۆپ شەرمەندىچىلىكلەرنى سەزگەن بولۇپ، بۇلاردىن بىرسى 1927-يىلى بېرلىندا قۇرۇلغان مەخپىي پونكىتقا مۇناسىۋەتلىك ۋەقە ئىدى. شۇ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ئاۋستىرىيەلىك بېرتولد كارل ئىلك، ياردەمچى پونكىت باشلىقى مورىتز ۋېينىستېين ئىدى. كېيىنكى بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق دەپ خۇلاسە قىلىنغان ئىدى: ئەينى ۋاقىتتا مەركەز ئىلك-ۋېنىستېين ئىستىخبارات پونكىتى ئېيتقان جاسۇسلۇق تورىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى گۇمانلىق سۈرئىتىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسەن قىسقىغىنە 2 ئاي ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيىتى ئەنگلىيە، فرانسىيە، پولشا ۋە گېرمانىيىلەرگىچە كېڭەيتىلگەنمىش. ئىلك يەنە بىخەتەرلىك باھانىسىدا يىغقان جاسۇسلىرىنىڭ سالاھىيەت ماتېرىياللىرىنى بېرىشنى رەت قىلغان. ئۇ ۋاقىتتا مەركەز يەنە شۇ 1927-يىلى ئەتىيازدا ئۇ گ پ ئۇ نىڭ جاسۇسلار تورىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشكارىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن بەكلا بېشى قېتىپ تۇرۇۋاتقان پەيتلەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ سالاھىيەتلەرنى ئاشكارىلاشقا ئۇنىمىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما ئىشلار ئاستا-ئاستا ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ يۇشۇرۇن جاسۇسلۇق تورىنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولۇپ چىقىدۇ. جاسۇسلۇق تورىنىڭ باشقا كىشىلىرى ھەتتا پۈتۈنلەي ئويدۇرما بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بىرلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىكى جاسۇسلۇق ھەرىكىتى دېگىنىمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق داۋراڭلار بولۇپ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق مەركەزدىن مەبلەغ ئوندۇرۇۋېلىشنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرلىرىلا ئىكەندۇق. ئەمما گېرمانىيە بىلەن پولشادىكى جاسۇسلۇق تورى قالغانلاردەك ئۇنداق

پۈتۈنلەي يالغان مەلۇمات ھېسابلانمايتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەرلىك ساقچى ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن قاتتىق كۆزىتىش ئاستىدا تۇرۇدۇكەن. 1933-يىلى مەركەز بۇ ئىستىخبارات پونكىتىنى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم 1927-يىلىقى جاسۇسلۇق ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغىنىدەك ئۇنداق جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ.

ستالىن دەۋرىدە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دۆلەت سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇ گ پ ئو نىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسى بولغانلارغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە ستالىنىزم دېگىنى ئەمەلىيەتتە بىر ئېھتىمالدا لېنىننىڭ ئىجادىيىتى ئىدى: رەھبەرلىككە قارغۇلارچە چوقۇنۇش، بىر پارتىيە دىكتاتورلۇقى، ئىنتايىن كەڭ ساقچى ئامانلىق ساقلاش سىستېمىسى قۇرۇپ پۈتۈن ئەتراپنى كۆزىتىش، شۇنىڭدەك بەكلا كۆپ يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بىلەن ھاكىمىيەت ئۆكتىچىلىرىنى قورقۇتۇش بىلەن شوغۇللۇنۇدۇ. ئەمما لېنىن بەرپا قىلغان بىر پارتىيە دىكتاتورلۇقىدىكى دۆلەتتە يەنىلا پارتىيە ئىچىدە يولداشلارچە مۇھاكىمىلەرگە يول قويۇلاتتى. ئەمما ستالىن ئۇ گ پ ئو دىن پايدىلىنىپ بۇ تۈردىكى مۇھاكىمىلەرنى چەكلەپ، ئۆزىنىڭ تار قاراشلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ مەجبۇرى يولغا قويماقچى بولىدۇ. بۇلاردىن لېنىن دەۋرىدىكى دۆلەت مۇداپىيە خەلق كومىسسارى تروتسكىغا زىيانكەشلىكى ئەڭ دەھشەتلىك، داۋام قىلغان ۋاقتىمۇ ئەڭ ئۇزۇن ئىدى.

ئۇ گ پ ئو، تروتسكى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا قارشى قوزغىغان ھەرىكىتىنىڭ دەسلىۋىدە بەكلا ۋەھشىي ھەمدە بەكلا كۈلكۈلۈك ئىدى. تروتسكى خاتالىقىنى ئوچۇق ئاشكارە ئېتىراپ قىلىشنى رەد قىلىپ پارتىيەگە قارشى جىنايەتلىرىنىمۇ قەتئىي ئېتىراپ قىلماي تۇرۇۋالغىنىدا، ئۇ گ پ ئو ئۇنى ئالمۇتا شەھىرىگە سۈرگۈن قىلىش قارارىنى ئالۇدۇ. بۇ شەھەر قازاقىستاننىڭ سوۋېت-خىتاي چېگراسىغا يېقىن بەكلا چەتتىكى بىر يەر ئىدى. 1928-يىلى 17-يانۋار ئەتىگىنى، ئۇ گ پ ئو نىڭ مەخسۇس يالاش ئەترىتى تروتسكىنىڭ موسكۋادىكى تۇرغان يېرىگە كېلىپ ئۇنى سۈرگۈنگە ئېلىپ ماڭماقچى بولغىنىدا، تروتسكى تېخىچىلا ياتاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خالىتىنى كېيىپ ئولتۇراتتى. تروتسكى ئۆيىدىن چىقىشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالغىنىدا مەخسۇس ئەترەت ئەسكەرلىرى ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا تروتسكى، ئەترەتنىڭ مەسئۇلى بولغان ئەسكەرنىڭ گىراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۆزىگە كانۋايلىق قىلغان بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالىدۇ. بۇ سابىق كانۋايمۇ ئۆيگە كىرىپ قارىسا تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ بىر زامانلاردا ئۆزى كانۋايلىقىنى قىلغان بۇرۇنقى دۆلەت مۇداپىيە خەلق كومىسسارى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازاپ ئىچىدە قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا يىغلامسىراپ تۇرۇپ: يولداش تروتسكى، مېنى ئېتىپ تاشلاڭ، مېنى ئۆلتۈرۈڭ! دەپ يالۋۇرىدۇ. ئەمما تروتسكى ئۇنىڭغا «ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپىڭىز ھەر قانچە خاتا بىر ۋەزىپە بولسىمۇ، بىر ئەسكەرنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇشى ئەڭ ئالىي بۇرچ» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەترەتتىكىلەر تروتسكىنىڭ ئۆيىقا خالاتىلىرىنى سېلىپ كىيىملىرىنى كېيىشىگە يول قويۇشىدۇ. ئاندىن ئۇنى سىرتتا ساقلاپ تۇرغان ئاپتوموبىلغا ئولتارغۇزۇپ سىبىرىيىگە سۈرگۈنگە ئېلىپ ماڭىدىغان پەۋقۇلئاددە تېز يولوچىلار پويىزىغا ئېلىپ بارىدۇ. يول بويى تروتسكى ئۇلارغا پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلىدا مۇئامىلە قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

سۈرگۈن يېرىگە بارغاندىن كېيىن، تروتسكى بىر قانچە قېتىم ئۆز قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتىدىن كەچكىچە كىتاب بىلەن توشقان ئۇستەلدىن قوپماي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇرىدۇ. 1928-يىلى ئاپرېلدىن ئۆكتەبىرگىچە ئۇ ھىمايىچىلىرىغا قارىتىپ 550 پارچىدەك تېلېگرامما، 800 پارچىدەك سىياسىي خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەتلەرنىڭ بەزىسى ئۇزۇن يېزىلغان مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى خەتلەر ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 700 پارچىدەك تېلېگرامما ۋە 1000 پارچىدەك خەت تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ يەنە شۇنچىلىك خەت-چېكى چوقۇم يول ئۈستىدە تەكشۈرۈلۈپ تۇتۇپ قېلىنغان. ئۇ گ پ ئو قولغا چۈشۈرگەن خەتلىرىنى بىرمۇ-بىر تەكشۈرۈپ

چىققاندىن كېيىن ھەر ئايدا بىر باغلام رەتلەپ، بۇ ماتېرىيالنى ۋياچېسلاۋ رۇدوفوۋىچ مېنژىنسكىي (بۇ كىشى دژېرزىنسكىنىڭ ئورنىغا چېكا باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى) بىلەن ستالىنغا يوللاپ تۇرۇدۇ. ستالىن، بۇ خەت-چەكلەردە شۇنىڭدەك ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ خەتلىرىدە يېزىلغا ستالىننى چىرىكلەشكەن ئادەم دەپ تەرىپلىشىنى كۆرگىنىدە[62] ھەر دائىم قاتتىق غەزەپلىنىپ چىدىيالمايتى.

ئۇ گ پ ئو دىكىلەر، تروتسكى بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەققىدە دوكلاد تەييارلىغىنىدا قاتتىق ئىبغىر قارىلاپ تەييارلاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشاتتى. ئۇلار يازغان دوكلاتلىرىدا، بىز ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بېرى ھېچ بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ تروتسكى ۋە ئۇنىڭ گوماشتىلىرىدەك بۇنچە ھەددىن ئاشقان جاھىل، قاپ يۈرەك، زومبىلىق قىلىشىدەك بۇنداق ئەھۋال پەقەتلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى؛ ھەتتا ئۇ گ پ ئو سوتىدىمۇ تروتسكى ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى قىلچە پېتىدىن چۈشمەي، مۇتلەق كۆپ قىسمى سورالغان ھەر قانداق بىر سۇئالغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىشتى. ئۇ يەنە قىلچە رازى بولماي يوقۇرىغا يېزىق بويىچە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، مەن دۆچ كېلىۋاتقان بۇ كۈرەشنى پارتىيىمىزنىڭ ئىچكى مەسىلىسى دەپ قارايمەن، مەن بۇ ئىشتا ئۇ گ پ ئو نىڭ چۈشەندۈرۈش بېرىشىنى ئەمەس بەلكى پارتىيە مەركىزىي تەپتىش كومىتېتىدىن چۈشەندۈرۈش بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن دەيدۇ. 1928-يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ گ پ ئو، تروتسكىچى ئۇنسۇرلار ئۈستىدە تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش ھەرىكىتى باشلىتىپ، نەچچە يۈز كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ موسكۋادىكى بۇتىيىركا تۈرمىسىگە قامىشىدۇ. ئەمما ئۇ كۈنلەردە بۇتىيىركا تۈرمىسى دەھشەتلىك يەر دەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نامىغا ئېرىشمىگەن ۋاقىتلار ئىدى (ئون يىلدىن كېيىنكى چوڭ تېررورلۇق دەۋرىدە، بۇ يەرنىڭ ۋەھشىلىك يېرى دەيدىغان سېسىق نامى چىقىشقا باشلىغان)، شۇڭا تروتسكىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تېخى روھى يىمىرىلىش دەرىجىسىگە كەلمىگەن ئىدى. ئۇلار بىرىنچى كۈنى ئاخشىمىلا بىر مەيدان توپىلاڭ قوزغۇشۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشىكلەرنى تېپىپ، پەنجىرىلەرنى ئۇرۇپ چېقىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن خاتا سىياسىي

شۇئارلارنى تووۋلىشىدۇ. ئۇ گ پ ئو دىكىلەر قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا، مانا بۇ پارتىيە ۋە دۆلەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئىشلىرى دەپ دوكلات قىلىشىدۇ.

ستالىن، تروتسكىدەك بۇنداق ئوخشىمايدىغان قاراشتىكى ئەگەشكۈچىلەرنى سىمۋول قىلىپ، ئۇنسۇرلارنى تازىلىۋېتىش، كومپارتىيە بىر پارتىيە دىكتاتۇرلۇقىدىكى بىر خىل ئىدىيولوگىيە ئەنئەنىسىنى ساقلىيالىشى ئۈچۈن قەتئىي تۈردە تروتسكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن يوقۇلۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1929-يىلى يانۋاردا، ئۇ بۈيۈك ئوخشىمىغان پىكىردىكى ئۇنسۇرنى تۈركىيەگە سۈرگۈن قىلىپ، نازارەت قىلىپ بىرگە ماڭغان بىر نەپەر ئۇ گ پ ئو ئادىمى ئۇنىڭ چەتئەلدە تۇرۇپ قىلىشى ئۈچۈن قولىغا 1500 دوللار تۇتقۇزۇدۇ. تروتسكى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇ گ پ ئو تروتسكىنىڭ تەسىرىنى تۈگۈتۈش ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىنى تازىلاش ھەققىدىكى دوكلاتىدا، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئازلاپلا كەتكەن بولماي، يەنە جاسارىتىمۇ كۈنسايىن ئاجىزلاپ ئۇنى ئۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، يېزىق ئۇسلۇبىدىمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ئېشەنچگە تولغان ئىدى. ئۇلار تەييارلىغان بىر پارچە دوكلادتا، 1929-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بەكلا كۆپ كىشى تروتسكىچىلىقتىن چەك-چېگرا ئايرىشتى؛ تروتسكىچىلىقتىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەر ئارىسىدا بەزى كىشىلەر ئۇ گ پ ئو جاسۇسىغىمۇ ئايلىنىپ دوستلىرىنى پاش قىلىشقا كىرىشتى دەپ يازىدۇ. يەنە شۇ دوكلاتتا، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تىپىك ئۇنسۇرلىرىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلانغان ئۇستۇلۇقلىرىدىن ماختىنىپ ئۆتىدۇ. يەنى، تروتسكىچىلار ئۇ گ پ ئو تەرىپىدىن ئىش ئۇستىدە چاقىرتىلىپ ئىشخانىغا كەلتۈرۈلەتتى، ئۇلار ئىشخانىدا تام ياقىلاپ بىر قانچە سائەت تۇرغۇزۇۋېتىلەتتى، ئاندىن ئۇلارنى ھېچ نېمە دېمەي قويۇۋېتەتتى. ئۇلار ئىدارىسىغا قايتقىنىدىن كېيىن نېمە ئۈچۈ ئۇ گ پ ئو غا چاقىرتىلغانلىقىنى پەقەتلا چۈشەندۈرەلمەيتى. بۇ ئىش قايتا-قايتا تەكرارلىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ خىزمەتداشلىرى بۇلاردىن كۈندىن-كۈنگە گۇمانلىنىدىغان بولىدۇ. بۇ ئارىدا ئۇ گ پ ئو تارقاتقان سۆز-چۆچەكلەرگە ئىشىنىشكە باشلايدۇ: بۇ كىشىلەر ئۇ گ پ ئو غا سېتىلغان پاش قىلغۇچى كىشىلەر دەپ گەپ تارقىتىۋېتىدۇ.

ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار جاسارىتى تولۇق سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن سىياسىي جىنايەتچى نامىدا بىرمۇ-بىر قولغا ئېلىنىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي ستالىنىنىڭ غېمى پەقەتلا ئازايمىغان بولۇپ، ھەتتا تروتسكىنى چەتئەلگە سۈرگۈن قىلىۋەتكىنىدىن بارغانسېرى پۇشايمان قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا قالدۇرۇپ قويغان بولسا ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرۇش پۇرسىتى بولاتتى. تروتسكى سۈرگۈن قىلىنىپ يېرىم يىل ئۆتكەندە، بىر ئىش ستالىنغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. 1929-يىلى يازدا، ئۇ گ پ ئو نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تروتسكىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلاردىن ياكوۋ بليۇمكىن بېرىپ تروتسكىنى مەخپىي زىيارەت قىلىدۇ. 1918-يىلىدا، چېكادىكى بىر ياش، ھېسسىياتچان بىر سوتسىيال ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسى، دېرژىنسكىنىڭ بۇيرۇقىنى كۆزگە ئىلماي گېرمانىيە باش ئەلچىسىنى سۈيقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ياش تروتسكىنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەمدە ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. كېيىن بليۇمكىن دېگەن بۇ ئادەم، تروتسكىغا ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇھىم بىر قوللىغۇچىسى بولغان كارل رادېكقا خەت ئاپىرىپ بېرىشكە ھەمدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئوخشاش ئىدىيىۋى قاراشتىكىلەر دەپ قارايدىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇشىغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇ. بىر ئېھتىمالدا چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ترىلىسسېرنىڭ تروتسكىنى كۆزىتىشكە يوللىغان بىر ئۇ گ پ ئو جاسۇسى بليۇمكىنىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى سېزىپ قالسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئۇنى دەرھال قولغا ئالماي، كېينچە شىرىن قىلتاق دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىلتاق قۇرۇدۇ. يەنى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇغان يېلىزاۋېتا يۇلىيېۋنا گورسكايا ئىسىملىق بىر گ پ ئۇ ئايال جاسۇسىنى ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. بۇ ئايال لىسا — تۈلكە دەپ داڭقى بار بىر ئايال ئىدى. باشلىقى ئۇنىڭغا بۇرژۇئازىيە ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ بليۇمكىننى قولغا چۈشەرگىن، تروتسكى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشى ھەققىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارلىق ئەھۋاللارنى ئىگەللىگىن، ئاندىن ئۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە كاپالەتلىك قىل دەپ ۋەزىپە تاپشۇرۇدۇ. بلىيۇمكىننى ئالداپ موسكۋاغا قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ گ پ ئو ئۇنى سوراققا تارتىدۇ. ئاندىن ئۇنى يوشۇرۇن سوتلاپ ئېتىپ تاشلىشىدۇ. كېيىنچە ئۇ گ پ ئو دىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلغان ئالېكساندر مىخايلوۋىچ ئورلوۋنىڭ ئېيتىشىچە، بلىيۇمكىن ئۆلۈش ئالدىدا ياشىسۇن تروتسكىي! دەپ توۋلاپ ئۆلگەن بولۇپ، بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي لىسا گورسكايا بېرلىندا تۇرۇشلۇق ئۇ گ پ ئو ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەسئۇلى (كېيىنچە بۇ كىشى نيۇيوركتا تۇرغان) ۋاسىلى مىخايلوۋىچ زاروبىن بىلەن توي قىلىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى باشلىرىدا، ستالىن كومپارتىيە ئىچكى قىسمىدىكى ئۆكتىچىلەر تەرىپىدىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئۇ، چەتئەل بۆلۈمىدە يەنە بلىيۇمكىنغا ئوخشايدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىدىنمۇ قاتتىق ئەنسىرەپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ تروتسكىنى يەنىلا سۈيىقەست قىلىنىدىغانلار تىزىمىگە كىرگۈزمىگەن ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سىرتىدىكى ئاساسلىق خەلق دۈشمەنلىرى يەنىلا شۇ ئاقلار گۋاردىيە قوشۇنىنىڭ ئادەملىرى ھېسابلىناتتى. چارلىق ئەسكەرلىرى جەمىيىتىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق كاتىپى گېنېرال كۇتېپوۋ جاسارەتلىك، تۈز كۆڭۈل، ھاراقتا قەتئىي يېقىن يولىمايدىغان كىشى بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە بەكلا ساددا كۆرۈنۈشتە بىرسى ئىدى. شۇڭا بۇ كىشى ئو گ پ ئۇ ئۈچۈن ئېيتقاندا بەكلا ئاسان تاقابىل تۇرۇشقا بولۇدىغان بىرسى ھېسابلىناتتى. سوۋېتلىك جاسۇس ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئارىسىغا بەكلا ئۇستۇلۇق بىلەن سۇقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ. جاسۇسلار ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدە بولشېۋىكلارغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتى بارلىقىدىن خوش خەۋەر يەتكۈزۈدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق بىر تەشكىلات مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلۇغ بىر ھەرىكەت پۈتكۈل رۇسىيەنى قاپلىماقتا! — دەپ ئۇقتۇرۇدۇ كوتېپوۋ 1929-يىلى نويابىردا. — بۇ چاققىچە مېنى كۆرگىلى، مەندىن ئۇلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىشىش تەلىپىدە بولۇپ ئۇ تەرەپتىن ھېچ قاچان بۇنچە كۆپ كىشى كېلىپ باقمىغان ئىدى. — دەپ ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ساۋىنكوۋ بىلەن رېيلىيدىن پەرقلىق ھالدا،

كوتېپوۋ بۇنداق ئازدۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان كوممۇنىزمغا قارشى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن رۇسىيەگە قايتمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ستالىننىڭ ماقۇللىشى بىلەن، ئو گ پ ئۇ ئۇنى قاچۇرۇپ موسكۋادا سوراقتا تارتىپ كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قارار قىلىشىدۇ.

كوتېپوۋنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈش پىلانى ياكوۋ ئىساكوۋىچ (ياشا) سېربرىيانسكىغا تاپشۇرۇلۇدۇ. ياشا، سىلىق ئاتىلىشىدا ئالاھىدە ۋەزىپىلەر ئىدارىسى دېگەن تەشكىلنىڭ كاتتىبېشى ئىدى. بۇ ئورگانمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋال چەتئەل ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىۋاسىتە مەركەزگە ۋەزىپىسىدىن مەلۇمات بېرىدىغان، مەخسۇس چەت دۆلەتلەردە بۇزغۇنچىلۇق، ئادەم قاچۇرۇش ۋە سۇيىقەست پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللۇنۇشقا مەسئۇل نىسبى مۇستەقىل ئورۇن ئىدى. ھۆكۈمەت تارىخشۇناسلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىنى 30-يىللاردىكى قانلىق باستۇرۇش جىنايەتلىرىدىن ئايرىم ئورۇنغا قويۇش ئۈچۈن بۇ تەشكىلاتنى چوڭ تېررورلۇق دەۋرىدە قانلىق قىرغىن قىلغۇچىلار ئەمەس بەلكى قۇربانلىق ئورگىنى ئىدى دەپ تەرىپلەشكەن ئىدى. ئەمما كېيىن سېربرىيانسكى ئۇلارنى بەكلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇدۇ. 1993-يىلى چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن چىقارتىلغان بىر تارىخ كىتابىدا، سېربرىيانسكى ھېچقاچان دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ مۇقىم ئەزاسى بولۇپ باققان ئەمەس، ئۇ ئالاھىدە ۋەزىپە ئادا قىلىشتا پايدىلىنىلغان بىر ياللانما خادىملا ئىدى دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ك گ ب ئارخىپلىرىدا ئۇنىڭ بىر ئو گ پ ئۇ ئالىي دەرىجىلىك خادىمى ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن، ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە ئادا قىلىش ئىدارىسى دېگەن ئورگىنى تەرەققى قىلىپ 200 نەپەر تاللانغان قاۋۇل كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنى بولغان، بۇ قوشۇن مەخسۇس ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا خەلق دۈشمەنلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆۋلاش بىلەن شوغۇللۇنۇدۇغان بىر ئەترەت دەپ يېزىلغان.

سېربرىيانسكى بۇ قېتىمقى كوتېپوۋنى بۇلاپ كېلىشنىڭ تەپسىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەييارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭ پارىژدىكى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەسئۇلىغا تاپشۇرۇدۇ. بۇ كىشى ۋ. ئى. سىپىرانسكى ئىسىملىك بىرسى بولۇپ، شۇنىڭدىن 6 يىل بۇرۇن ساۋىنكوۋنى ئالداپ كېلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئىدى. 1930-يىلى 26-يانۋار، بىر يەكشەنبە ئەتىگىنى، پارىژنىڭ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ئولتۇراقلاشقان 7-رايوندا، كوتېپوۋ يول ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر تاكسىغا تارتىپ كىرگۈزۈۋېتىلىدۇ. سىپىرانسكى يەنە بىر نەپەر كوممۇنىزمغا ئېتىقات قىلىدىغان پارىژ ساقچىسى يېقىندا بىر يەردە تۇرۇپ ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇنداق قىلغاندا بۇ ئادەم بۇلاش ۋەقەسىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىرسى، ساقچى ئادەم تۇتۇۋاتقان ئوخشايدۇ دېگەن خاتا ئۇقۇمغا كېلەتتى (دەرۋەقە بۇ ئىشنى بىرسى كۆرۈپ قالغان ئىدى). گەرچە مەركەز بۇ قېتىمقى ئادەم قاچۇرۇش ئىشىنى قالتىس كىلىشتۇرۇپ ئورۇندالغان ھەرىكەت دەپ ماختىغان بولسىمۇ، ئادەم بۇلىغۇچىلارنىڭ كوتېپوۋنى ھوشسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن دورىنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكى بۇ مىقتاردىكى ھوشسىزلاشتۇرۇش دورىسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي رۇسىيەگە قايتۇرۇپ كېلىش يولىدا پاراخوتتا جان ئۈزۈدۇ.

بۇ قېتىمقى كوتېپوۋنى قاچۇرۇش ھەرىكىتى مۇھىم بىر ئۆلگە ھالىغا كەلگەن ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى بېشى ۋە ئوتتۇرلىرىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن ئىستىخبارات توپلاشلا ئىدى. ئەمما شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە باشقا ھەرقانداق بىر ھەرىكەت پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئورنىغا تاپشۇرۇلۇدۇغان بولۇدۇ.

# ئۈچىنچى باپ
# ئالاھىدە چوڭ جاسۇس

1930-يىلى 30-يانۋاردا، سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى سىياسىي بيۇروسى يەنى پولىتبيۇرو (ئەمەلىيەتتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى پارتىيە بىلەن دۆلەت ئىككىسىنىڭلا رەھبەرلىك ئورگىنى) يىغىن چاقىرىپ چەتئەل بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىنى باھالايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا 3 رايوننى نىشان قىلغان ھالدا ئىستىخبارات توپلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىلىق بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ 3 رايون مۇنۇلار ئىدى: بىرىنچى رايون، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيە (ياۋروپادىكى 3 كۈچلۈك دۆلەت)؛ ئىككىنچى رايون، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ غەربىدىكى قوشنا دۆلەتلەر — پولشا، رومىنىيە، فىنلاندىيە ۋە بالتىق بويىدىكى دۆلەتلەر؛ ئۈچىنچى رايون، ياپونىيە — سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاسىيادىكى ئەڭ مۇھىم رەقىبى. 1933-يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت باغلىغان ئا ق ش بۇ قاتاردا تىلغا ئېلىنمايدۇ. گەرچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى 1921-يىلىدىلا ئىشپىيون يوللاپ ئاتلانتىك ئوكياننىڭ نېرقى قىرغىقىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئا ق ش ئەينى ۋاقىتلاردا دۇنيا ئىشلىرىدا نىسپىي بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكىدىن ئىستىخبارات توپلاش ئىشلىرى بەرىبىر ئالدىنقى ئورۇندا تۇرالمايتى.

سىياسىي بيۇرونىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، چەتئەل بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىنى كېڭەيتىشى ئاساسلىقى مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى سانىنى ئارتتۇرۇشقا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا ئىدى. ئادەتتە ھەر بىر ئىستىخبارات پونكىتىدا 7 كىشىلىك جاسۇس بولاتتى (ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئەڭ كۆپ بولغاندا 9 نەپەر خادىم بولالايتى). بۇنىڭ بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇدىغىنى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىلىرىدا قانۇنلۇق ئىستىخبارات پونكىتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قۇرۇلغان بولسىمۇ، دىپلومات كۆرۈنۈشىدىكى جاسۇستىن ئارانلا 3 نەپەر بار ئىدى. ھەتتا بەزىدە بۇ سان بىرگىمۇ چۈشۈپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇھىم جاسۇسلىرىغا مەركەز بىلەن ئالاقىلىشىش ۋاستىچىسى بولۇپ بېرىشلا ئىدى. 20-يىللاردا، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا جاسۇس قوبۇل قىلىش ئوبىېكتلىرىنى ئۆزلىرى بېكىتىش ھەمدە جاسۇسلۇققا ئادەم تويلاشنىڭ كونكرېتنى تەدبىرلىرىنى ئۆزى بېكىتىش ھوقۇقى بولاتتى. 1930-يىلى، ئارتۇر ئارتۇزوۋ، سىندىكات بىلەن تىرىست ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمانى بولغانلىقى ئۈچۈن تىرىلىسىپرنىڭ ئورنىغا چەتئەل بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ، ھازىرقى جاسۇسلۇق تورلىرىدا بەزى ناچار ئۇنسۇرلارنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا كەلتۈرەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇندىن كېيىن جاسۇس قوبۇل قىلىشتا مەركەزنىڭ تەستىقىنى ئېلىش كېرەك دەپ بەلگىلىمە چىقىردۇ. ئالاقىلىشىش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ بۇ يوليورۇقى ئۇنچە ئاسان ئەمىلىلىشىپ كېتەلمەيتى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات خىزمەت تارىخىدا، 30-يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى چوڭ جاسۇسلار دەۋرى دېيىش مۇمكىن. چوڭ جاسۇس دېگىنى، ھەرخىل كۆرۈنۈشلەرگە پۈركەنگەن ئاجايىپ قابىلىيەتلىك جاسۇسلار كۆزدە تۇتۇلغا بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە ئو گ پ ئۇ نىڭ جاسۇس تويلاش ۋە ئىستىخبارات يىغىش ئىشلىرىنى ئىسلاھات قىلىشقان ئىدى. جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن جاسۇسلار يالغان سالاھىيەت تۇرغۇزۇش، ئۆز نىقابىنى ساقلاش ۋە غەرپ ئەللىرىگە قارىتا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيىلىنىشلەردىن ئۆتكۈزۈلۈدۇ. ئەمما ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى كونىلارنىڭ شۇنچە ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلىشىدىكى بىر سەۋەپ، ئۇلار بىيروكراتچىلىقنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىش بىجىرىش ئاۋارىچىلىقلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي تېخىمۇ چوڭ ھەرىكەت قىلىش ئىختىيارىغا ۋە تېخىمۇ كۆپ سوبىكتىپ ئاكتىپچانلىقنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولغانلىقىدىن دېيىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئوبىېكتلىرى ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئوبىكتلىرىغا

قارىغاندا تاقابىل تۇرۇشى كۆپ ئاسان ئىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئۆلچەم بويىچە ئالغاندا، ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى يىللاردا كۆپ ساندىكى غەرپ ئەللىرىنىڭ بىخەتەرلىك تەشكىلللىرى بەكلا چېچىلاڭغۇ ئىدى. بۇ داڭلىق جاسۇسلار ھەرىكەت ئوبىكتلىرىنىڭ نىسبەتەن زەئىپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ سوغۇق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ رەڭدار، ھەتتا بەزىدە ئادەم ئىشىنەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاجايىپ پائالىيەتلەرنى پەيدا قىلالىغان ئىدى.

بۇ جەرياندا بىر قىسىم ئالاھىدە قابىلىيەتلىك چوڭ جاسۇسلار رۇسىمۇ ئەمەس بەلكى دۇنيانىڭ ھەر يېرىنى ئۆزىگە ماكان تۇتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇ كىشىلەر بىر قانچە خىل تىلنى ئىنتايىن راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، كوممۇنىزم ئەسىرىنىڭ چوقۇم كېلىشىدىن بەكلا ئۈمىد كۈتىدىغان ئوتتۇرا ياۋروپا ئادەملىرىدىن ئىدى. ئۇلار ئو گ پ ئۇ غا قاتنىشىشتىن ئاۋالمۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدا يەر ئاستى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللۇنۇپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدە بەكلا كۆپ ستۇدېنت ۋە ئاسپىرانتنى تارتىپ كېلەلىگەن ئارنولد دويىتچ (بۇ ھەقتە 4-بابتا تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ) ئەنە شۇ تۈردىكى قابىلىيەتلىك بىر ئاۋستىرىيەلىك يەھۇدىي ئىدى. 4-ئىدارە (ھەربىي ئىستىخبارات بۆلۈمى) دىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك جاسۇسمۇ رىچارد سورگ Richard Sorge ئىسىملىق بىر نېمىس ئىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدا پائالىيەت قىلغان ئۇنىڭغا بەكلا چوقۇنۇدۇغان بىرسىنىڭ دېيىشىچە، سورگ ئىنتايىن قاملاشقان، ... رومانتىك، ھەر جەھەتتە پارلاق بىر ئالىم ئىكەنمىش. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى، ياپونىيەدىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ يەردە سورگ بىر ناتسىست مۇخبىرى سۈپىتىدە ياپونىيىدە پائالىيەت قىلغان. ئەمما ئو گ پ ئۇ - ن ك ۋ د بىلەن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم جاسۇسلار ئۇتۇقلىرىنى ئاساسەن ياۋروپادا قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەرچە كىشىلەر، بولۇپمۇ ئەنگلىيەدىكى كىشىلەر چوڭ ئىشپىيونلارنىڭ نەتىجە قازىنالىشىدا ئۇلارنى ياش، قابىلىيەتلىك، غايىلىك كىشىلەر ئارىسىدىن تاللانغانلىقىدا دەپ قارايدىغان بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ تۈر كىشىلەر دەسلىۋىدە ئۇنچە بەك پارلاق نەتىجىلىك پائالىيەت قىلغان كىشىلەرمۇ ھېسابلانمايتى. بۇ تۈر كىشىلەر، دەسلەپتە غايىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەس بەلكى پۇل ۋە چىرايلىق قىزلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ جاسۇسلۇق قىلىپ دىپلوماتىك شىفىر ۋە ھۆججەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى بۇ جەھەتتىمۇ كېيىنكى پائالىيەتلىرىگە قارىغاندا يەنىلا ئاجايىپ قابىلىيەتلىك پائالىيەتلەر دەپ قاراشقا بولاتتى. شىفىر يېشىش ئىشى ئۇ ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن ماتېماتىكچىلارنىڭ شىفىر ئانالىز قىلىش قابىلىيىتىگە تايىنىدىغان بىر ئىش بولغىنى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە بۇ تۈر ئىشلار چوڭ تىپتىكى كومپيۇتېر تورلىرى ياردىمى بىلەنلا ئىشلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، 20-يىللاردا، خاتىرلەنگەن شىفىر يېشىش جەھەتتىكى زور ئۇتۇقلار ھەر دائىم جاسۇسلارنىڭ شىفىر ئوغۇرلىشى ۋە كودلاشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپلا قولغا كەلتۈرۈلەتتى. ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا جاسۇسلارنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەنمۇ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇراتتى. چاررۇسىيە شىفىر يەشكۈچىلىرىنىڭ ھەر دائىم دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ھېسابلىنىشىدىكى ئاساسى سەۋەپلەردىن بىرىمۇ ئۇلارنىڭ چەتئەل كودلىرى بىلەن شىفىرلىرىنى ئوغۇرلاش ياكى سېتىۋېلىش جەھەتلەردە كۆرسەتكەن ئاجايىپ قابىلىيەتلىرىدۇر. ئالايلۇق، بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلاشتىن 10 يىل ئاۋال، ئەنگلىيەنىڭ سان پېتربۇرگتىكى باش ئەلچىسى سىر چارلىز ھاردىنگ Charles hardinge ، ئارخىپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرىنى 1000 پوند ستېرلىڭدەك يوقۇرى باھاغا سېتىۋېلىپ، ئەلچىخانىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئاساسلىق شىفىرلارنى ئوغۇرلاپ بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى سېزىپ قالغان. ئۇ ۋاقىتلاردا مىڭ پوند ستېرلىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ قېتىم چارلىق جاسۇسى مەقسىدىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇنداق شىفىر سېتىۋېلىش ئىشىنى بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىملاپ قىلغان ئىدى. رۇسىيەلىك

بىر سىياسىيون هاردىنگقا hardinge مۇنداق دېگەن: مەن سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى ماڭا ئاشكارلىغان مەزمۇنلار بويىچە يازما شەكىلدە بېرىشىڭىزگە هەرگىزمۇ نارازى ئەمەسمەن. ئەمما مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ دوكلادنى هەرگىزمۇ تېلېگراممىا ئارقىلىق يوللىماڭ. چۈنكى بىزنىڭ بارلىق شىفىرلىرىمىز بىرسىلىرى تەرىپىدىن يېشىۋېتىلىپتۇ! بۇ گەپتىن باش ئەلچى قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن. چارلىق ئامانلىق ساقلاش نازارىتى چەتئەل شىفىرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ قوشۇمچە شىفىرلارنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان هازىرقى زامان ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرىنىڭ تۇنجىسى هېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇ نەتىجىسى بىلەن ئۆزلىرىدىن كېيىن هاكىمىيەت ئۈستىگە چىققىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى دېگەن ۋارىسىغا هەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك بىر ئۈلگە بولۇپ بېرىدۇ.

چوڭ ئىشپىيونلار هەمدە شىفىر يەشكۈچىلەر غەرپ ئەللىرىنىڭ دېپلوماتىك خەت-ئالاقە ئىشلىرىغا ئائىت بەكلا كۆپ ئۇچۇرلارنى تەمىنلىگىنىگە قارىماي، ستالىنىنىڭ تاشقى سىياسەتلىرى ئۈستىدە تەتقىق قىلغۇچىلار بۇگۈنگىچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە پەقەتلا توختالمىدى.

1924-يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيىنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا خىزمەت قىلىدىغانFrancesco Constantini فرانسېسكو كونستانتىنى КГБ غا يەتكۈزگەن هۆججەتلەر ئارىسىدا ئىنتايىن مۇهىم شىفىر ماتېرىياللىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما ك گ ب، دەسلەپكى چاغلاردا ئو گ پ ئۇ نىڭ چەتئەل مەخپى كودلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش نەتىجىلىرىنىڭ هەممىنى «خانس» Hans ياكى «ئاندرى» Andrei بەلگىلىك چوڭ جاسۇسقا مەنسۇپ قىلىۋېتىدۇ. بۇ چوڭ جاسۇس — دىمترى ئالكساندرووېچ بىستروليېتوۋ Dmitri Aleksandrovich Bystroletov ، مەركەزدىكى بارلىق چوڭ ئىشپىيونلار ئارىسىدىكى ئابرويى ئەڭ يوقۇرى بولغان بىرسى ئىدى. ئۇ، چەتئەلدە پائالىيەت قىلىش جەريانىدا، بەكلا كۆپ يالغان ئىسىم قوللانغان بولۇپ، هەتتا بۇ يالغان ئىسىملار ئارىسىدا كاتتىلار تەبىقىسىگە تەۋە ئاق سۆڭەك ئۇنۋانىمۇ بار ئىدى، ئۇ چەتئەل

ئىستىخبارات خىزمىتىدە ئەڭ داڭلىق قەھرىمان ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ رەسىممۇ ياسېنېۋو (بۇگۇن ئۇ يەر رۇس yasenvo چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باش شتابى svr) دىكى ك گ ب بىرىنچى باشقارمىسىنىڭ «شۆھرەتلىكلەر ئۆيى» دېگەن يوشۇرۇن ئىشخانىدا ئېسىغلىق تۇرماقتا. ئۇ شۇنداق قامەتلىك، ئوچۇق مىجەز، بىر قانچە تىلنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بىر جاسۇس ئىدى؛ ئۇ 1901-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، نىكاھسىز تۇغۇلغان بىر ھارامزادە؛ ئاپىسى كوبان (Kuban) كازاك (Cossack)لىرىدىن؛ دادىسىنى ئاتاغلىق يازغۇچى ئالېكسى تولستوي (Aleksei Tolstoy) دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى.

1995-يىلى، رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭ كەسپى ئىش-ئىزلىرى تەرجىمىھال شەكلىدە كىتاپ قىلىپ نەشىر قىلىندۇ. ئەمما بۇ كىتاپتا بىسىترولېتوۋ ھەرگىز خىيالىدىن چىقىرالماي يۈرگەن ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بولسا پەقەتلا تىلغا ئالماي ئۆتكۈزۈۋەتكەن. شۇنىڭدەك يەنە بۇ كىتاپتا ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئو گ پ ئۇ دا بىر مەزگىل داڭ چىقارغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىڭ بەزى چەتئەل ئەلچىخانىلىرى ۋە دېپلوتىيە مىنىستىرلىقلىرىدا مەخپى ئارخىپلارغا يېقىنلىشالايدىغان ئايال خىزمەتچىلەرنى ئوڭۇشلۇق تۇردە ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغانلىقى ھەققىدىمۇ زادىلا توختالمىغان. ئۇنىڭ بۇ تۇردىكى قىزلارنى ئازدۇرۇش ئۇسۇلى كېيىنچە سوۋېتلەر گۇرۇھىدىكى ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشقا سېلىنغان ئىدى. ئالايلۇق غەربىي گېرمانىيەدە قانات يايدۇرۇلغان «كاتىپلارنى جەلپ قىلىش» ھەرىكىتى بۇنىڭ بىر مىسالى. مىتروخىن كۆچۈرۈپ چىقىۋالغان ئارخىپلار ئارىسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق غەلىتە بىر خاتىرە يېزىلغان: بۇ يازمىدا، «بۇ ئادەمدە ئايال خىزمەتچىلەر بىلەن بەكلا تېز يېقىنلىشىپ كېتەلەيدىغان ھەمدە دەرھال بىرگە يوتقانغا كىرىپ كېتەلەيدىغان قابىلىيەت بار» دېگەنلەر يېزىلغان. 1927-يىلى، پراگادا (prage) تۇرۇشلۇق فرانسىيە ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان 29 ياشلىق بىر ئايال خىزمەتچىنى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق قولغا كىرگۈزۈۋالغان. مەركەز بۇ ئايالغا

لاروچ laroche دېگەن مەخپى پارولا بەرگەن. شۇندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە، بۇ خانىم يەنە فرانسىيە دىپلوماتىك شىفىرلىرىنى ھەمدە مۇتلەق مەخپى خەت-چەكلەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرىنى ئوغۇرلاپ بەرگەن.

بىسترولىتوۋ بەلكىم يوقۇرقىغا ئوخشايدىغان ئاجايىپ ئاشىق ھىكايىلىرى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ھېچقاچان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا بىرەر ئەمەلگە تەيىنلىنەلمەي، ئىزچىل تۆردە جاسۇسلۇقتا قالدۇ. ئۇ، 30-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 40-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بېرلىن مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بورىس بازاروۋ (Boris Bazarov) (پارول لەقىمى ئالتۇن kin)نىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ يۈرۈدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەكسىچە ئو گ پ ئۇ نىڭ بەكلا كۆپ قابىلىيەتسىز ئەمەلدارلىرى دىپلوماتىك شىفىرلەرگە يېقىنلىشالايدىغان جاسۇسلارنى جەلپ قىلىش پۇرسەتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ستالىنمۇ بىر قېتىمدا بۇ سەۋەبتىن ئو گ پ ئۇ مەسئۇللىرىنى تەنقىتلەپ كېتىدۇ. 1928-يىلى ئاۋغۇستتا، كۆتۈلمىگەن بىر مېھمان پارىژدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بىرەر ئەسكىرى مەسلىھەتچى بىلەن ياكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەلچىخانا كاتىبى بىلەن كۆرۈشمەن دەپ تەلەپ قىلىدۇ. كېيىن بۇ كىشىنىڭ شىۋىتسارىيىلىك بىر سودىگەر ھەمدە بىر ئىكسپىتىدسىيەچى ئىكەنلىكى، ئىسمى Ry Giovanni گىئوۋاننى راي (مەخپى بەلگىسى روسسى rossi) ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇدۇ. كېيىن بىسترولىتوۋ ئەلچىخانا دوكلاتىغا قاراپ بۇ ئىشنى خاتىرلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىغا قارىغاندا، گىئوۋاننى راي پاكار بويلۇق بىرى بولۇپ، قىزىل بۇرنى بىلەن قولىدىكى ساغۇچ چامادانى رەڭ جەھەتتە ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرۇشى بەكلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتىكەن. بۇ كىشى ئو گ پ ئۇ ئىشپىيونى ۋلادىمىر ۋوينوۋىچ (Vladir Voynovich) قا قولىدىكى چامادانىنى كۆرسۈتۈپ مۇنداق دېگەن:

بۇ چامادانىدىكىلەر ئىتالىيەنىڭ شىفىر ۋە كودلىرى. بەلكىم سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىمۇ بۇ يەردىكى ئىتالىيە ئەلچىخانىسىنىڭ شىفىر ۋە تېلېگراف كودلىرىنىڭ بىرەر نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزەڭلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەڭلار، ئەگەر مېنىڭكى راست بولغىنىدا رەسىمنى تارتىۋېلىپ ماڭا 200 مىڭ فرانك ھەق بەرسەڭلار دەپ تەلەپ قىلغان.

Giovanni راي، بۇنىڭدەك نەرسىلەرنى مەن يەنە تاپالايمەن، ئۇلارغىمۇ تەخمىنەن 200 مىڭ فرانك ھەق تەلەپ قىلىمەن دېگەن. ۋوينوۋىچ Voynovich ئۇنىڭ چامادانىنى ئېلىپ كېيىنى ئۆيدىكى ئايالغا بېرىپ ئىچىدىكى ماتېرىياللارنىڭ دەرھال رەسىمنى تارتىۋال دېگەن. سۈرىتىنى تارتىپ بولغان ماتېرىياللارنى قايتا چامادانغا سېلىپ ئۇنى گىئوۋاننى رايغا تۇتقۇزۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ساختا ئىكەن، شۇڭا سىزنى دەرھال ئەلچىخانىمىزدىن ئايرىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن، بولمىسا ساقچى چاقىرىشقا مەجبۇرمەن دەپ ئۇنىڭغا تەھدىت قىلغان. گەرچە شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ تۆر ئەقىللىق ئىش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئو گ پ ئۇ ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ پۇل خەجلەتمەي ئىتالىيە مەخپى شىفىرلىرىنى قولغا چۈشەردىك دەپ مەركەز ئۇنى ئالاھىدە ماختىغان. ئەمما كېيىن مەركەز ئۇنى ماختىغانلىقىدىن يېنىۋالىدۇ.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندە، يەنى 1929-يىلى ئاۋغۇستتا يەنە بىر كۈتۈلمىگەن مېھمان يەنە شۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارىژدىكى ئەلچىخانىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم كەلگەن كىشى، فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئالاقىلىشىش بىيروسىنىڭ خىزمەتچىسى ئېرنېست خوللوۋاي ئولدھام (Ernest Holloway Oldham) دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى مەخسۇس مەخپى شىفىرغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرسى ئىدى. بۇ كىشى شۇ كۈنلەردە ئەنگلىيەنىڭ بىر سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ھەمرا بولۇپ يۈرەتتىكەن. بۇ چاغدا ۋوينوۋىچ يەنە بۇرۇنقى ھۈنىرىنى ئىشقا سالماقچى بولغىنىدا، ئولدھام بۇ قېتىم بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا ئېھتىياتلىقراق بولۇدۇ. ئۇ مەخپى شىفىرلەرنى يېنىدا ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ ئاشكارلىمايدۇ. بۇ كىشى ئو گ پ ئۇ دىكىلەرگە ئىمكان بار بەك ئىشىنىپ كەتمەسلىككە تىرىشىپ، ئاددى سودىلىشىش تەلىپىنى قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئىسمىم «چارلىي» دەپلا

تونۇشتۇرغان ھەمدە ۋوينوۋچقا ئۆزىنىڭ فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خەت بېسىش بۆلۈمىنىڭ بىر خادىمى بولسا كېرەك دەيدىغان سىرىنى قالدۇرغان. بۇ كىشى، مەن سىلەرگە بىر نۇسخا ئەنگلىيە دىپلوماتىك شىفىر كودىنى تېپىپ بېرەلەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن 50 مىڭ پوند سىتېرلىڭ تەلەپ قىلىمەن دەيدۇ. ۋوينوۋچ ئۇنىڭ تەلەپ قىلغان باھاسىنى ئون مىڭ پوندقا چۈشۈرۈدۇ. ئىككىسى كېلەر يىلىنىڭ باشلىرىدا بېرلىندا ئۇچرىشىشقا كېلىشىدۇ.

ئەمما بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ ئالدىدا، يەنى 1929-يىلى ئۆكتەبىردە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق ئەلچىسى گرىگورى بېسېدوۋسكى ئەكسىلئىنقىلابىي «سۇيىقەست»كە قاتناشقان دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىپلىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشتەك ئېغىر ئاقىبەتكە قالماسلىق ئۈچۈن ئەلچىخانا كەينى تېمىدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى بىلەن ئو گ پ ئۇ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئىشلىرىنى ئېغىر قالايماقانچىلىققا پاتۇرۇۋېتىدۇ. ئو گ پ ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرى بۇيرۇق بويىچە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ موسكۋاغا يالاپ ئاپىرىدۇ. ئۇنىڭغا چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى مۇمكىن ئىدى. 1930-يىلى، بېسېدوۋسكىنىڭ ئەسلىمىسى ئېلان قىلىنىدۇ. نەتىجىدە مەركەز بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. بېسېدوۋسكى بۇ ئەسلىمىسىدە ستالىننى «ئەڭ رەھىمسىز شەرق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نامايەندىسى» دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە ئو گ پ ئو نىڭ بەكلا كۆپ مەخپىيەتلىكلىرىنى پاش قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇلار ئىچىدە يەنە ئىككى نەپەر سالاھىيىتى نامەلۇم كىشى پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىغا ئىتالىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ مەخپى شىفىر ئەھۋالىنى يەتكۈزگەن دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىدى.

بۇ قېتىمقى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ۋەقەسى بىستىرولېتوۋنى دەرھال موسكۋاغا چاقىرتىلىشىغا سەۋەپ بولۇدۇ. لۇبيانكادا ئابرام ئالانوۋىچ سلۇتسكى (بۇ كىشى كېيىن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇدۇ) ئۇنىڭ ئالدىغا بېستىرولېتوۋنىڭ ئەسلىملەر دېگەن

www.uyghurkitap.com

كىتاپنى قويۇدۇ. راي ئالدامچىلىق ۋەقەسى ــ يەنى 1928-يىلى ئىتالىيە مەخپى كودلىرىنى بەرگەن كىشىنى ئالدىغان ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن بەتنى ئېچىپ، شۇ ۋاراقتىكى بوش يەرگە ستالىننىڭ قېرىنداشتا «ئالاقىلىشىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلسۇن!» دەپ تەستىق سالغان خېتىنى كۆرسىتىدۇ. سىلۋىتسكى ئۇنىڭغا دەرھال پارىژغا قايتىپ ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ ئالدىۋەتكەن بىرىنچى كۆتۈلمىگەن مېھماننى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈر ھەمدە ئۇنىڭدىن مەخپى كودنى ئېلىپ كەل دەپ بۇيرۇيدۇ. «مەن ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟» دەيدۇ بىسترولېتوۋ. «ئۇنى نەدىن تاپالىشىڭنى مەن نەدىن بىلەي، ئۇ سېنىڭ ئىشىڭ. ــ دەيدۇ سىلۋىتسكى، ــ ئۇنى 6 ئاي ئىچىدە چوقۇم تېپىپ كەل.» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

بىسترولېتوۋ جەنۇەدىكى بىر قاۋاقتا دې راينى ئۇچرىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى يىل ئاۋۋالقى ئالدانغانلىق تەجرىبىسى بولغاچقا، بۇ قېتىم ئو گ پ ئۇ غا ھەرگىز يېقىنلاشماس دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا «يالغان نام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇستىلۇق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى مەن ياپونىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئادىمىمەن دەپ تونۇتىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ بۇ ئالدامچىلىقى بەربىر راينى بەك ئۇزۇن ۋاقىت ئالدىيالمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىتالىيە مەخپى كودلىرىنى سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. راي، بۇ مەخپى كودلار چىرىكلەشكەن دىپلوماتىك ئەمەلداردىن قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئېيتقان. شۇڭا ئو گ پ ئۇ ئادەملىرى ئۇنىڭ بىلەن ھەردائىم بىرلىكتە ئۇچرىشىپ تۇرۇدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بايىقى چىرىگەن دىپلوماتمۇ بۇ شەھەردە تۇرارمىشكەن. ئو ك گ ب خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا ــ بەلكىم بەك تولۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن ــ راي ئۇلاردىن ھېچ بولمىغاندا 200 مىڭ فرانك ئۇندۇرۇۋالغانمىش.

بىسترولېتوۋنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى ئۇچۇن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىشلىتىپ يۈرگەن مەخپى شىفىرلارنى تېپىپ بېرىشكە رازى بولغان ھېلىقى ئىنگلىز (ئېرنېست ئولدھام) نى تېپىش ئىدى. 1930-يىلى ئاپرېلدا، بىر يىل ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇچرىشىشتا، ئولدھام ئالدىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ (ئو

گ پ ئۇ ئۇنىڭغا ئارنو arno دەپ مەخپى بەلگە قويغان ئىدى) بىر پارچە دىپلوماتىك مەخپى شىفىرىنىڭ بەزى مەزمونلىرىنىلا چىقىرىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال 6 مىڭ دوللار زاكالەت بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئو گ پ ئۇ ئۇنىڭ پېيىغا چۈشىۈدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بەرگەن ئادرىسىنىڭ بىر يالغان ئادرىس ئىكەنلىكىنى كۆرۈدۇ.

بېستىرولېيتوۋ، راي بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشىۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي پارىژدىكى بىر باردا ئولدھامنى تاپىدۇ. ئۇ كۆرۈشىۈپ شىۇ ھامان قارشى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. ھەمدە ئولدھام تۇرغان مېھمانخانىغا جايلىشىدۇ. ئۇ يەردە، بېسترولېتوۋ ئولدھام ۋە ئايالىغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، مەن نامراتلىشىپ ۋەيران بولغان ۋېنگىرىيەلىك بىر ئاقسۆڭەكمەن، ئولدھامغا ئوخشاش سوۋېت ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ تىزگىنىغا چۈشىۈپ قالغانمەن، دەيدۇ. ئايالىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن بېسترىلېتوۋ ئارقىلىق ئو گ پ ئۇ غا يەتكۈزۈلىشى ئۈچۈن ئولدھام تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىشلىتىپ يۈرگەن مەخپى شىفىر بىلەن باشقا مەخپى ھۆججەتلەرنى تېپىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئولدھام بىرىنچى ئېيىدا 6 مىڭ دوللار، ئىككىنچى ئېيىدا 5 مىڭ دوللار ئېلىپ، شىۇندىن كېيىنكى ئايلىرى ئۈچۈن تەدرىجى ئازايتىپ ئېيىغا مىڭ دوللار پۇل ئېلىپ يۈرۈدۇ. بۇ جەريانلاردا، بېستېرولېيتوۋ ئىزچىل تۈردە ئۆزىنى ئولدھام ئاتىۋالغان بۇ كىشى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالىۇدۇ. بىر قانچە قېتىم يەنە لوندون كېنسىنگتوندىكى رەڭدار لېنتا پېمبروكې گاردېنس كېنسىنگتون باغچىسىدىكى ئۆيىگە بېرىپ مېھمانمۇ بولىۇدۇ. ئەمما مەخپى ھۆججەتلەر ھەر دائىم گېرمانىيەدە ئۇچراشقىنىدا ئالماشتۇرۇلاتتى.

ئولدھام، باشتىن تارتىپلا ئۇ گ پ ئۇ دىكىلەر بىلەن بەلگىلىك بىر ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇناسىۋەت قىلىشنى ئويلايتى. شۇنىڭدەك يەنە سوۋېت جاسۇسى بولغانلىقىدىن بىرەر خىيىم-خەتەرگە دۇچ كېلىشتىن بەكلا ئەنسىرەيتى. بېسترولېتوۋمۇ ئۇنىڭغا توختىماي بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم بېرلىن مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بورس بازاروۋ (مەخپى بەلگىسى ئالتۇن) ئولدھام بىلەن ئۇچرۇشۇشقا بىرگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باردۇ. بازاروۋ ئۆزىنى دا ۋىنچى، بەكلا ۋەھشى ئىتالىيان كومپارتىيە ئەزاسى قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بورىس بازاروۋ ھېلى تاتىرىپ ھېلى قىزىرىپ تەھدىت قىلىش ئويۇنى ئوينىشى نەتىجىسىدە ئولدھام ئاخىرى ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىرگە ئىشلەشكە ماقۇل بولۇدۇ. ئەمما ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنى ھاراقتا بېرىشكە باشلىغان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بىستىرولېتوۋ ئو گ پ ئۇ دوكلاتىدا ئېيتقىنىدەك ئولدھامنىڭ ئايالى لۇسىي ئولدھام بىلەن يېرىم ئاشكارە يېرىم يوشۇرۇن يېقىن مۇناسىۋەت تىكلەپ، ئۇنىمۇ تېزگىنلەشنى كۈچەيتىدۇ (بۇ ئايالغا «خانىم» يەنى مادام دېگەن مەخپى بەلگە بېرىدۇ).

گەرچە بىستىرولېتوۋ، ئولدھامنى ئۇخۇشلۇق تۈردە ئالدىۋالالىغان بولسىمۇ، ئولدھام ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭمۇ ئۇنى ئالداپ يۈرگىنىدىن ئاساسەن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇلار تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىنىدە ئولدھام بىستىرولېتوۋغا «مەن بىر ئىسىلزادىلار سۇلالىسىدىن كەلگەن بىرىمەن، ھازىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە مەخپى كود خىزمىتىگە مەسئۇلمەن. مەن تەسىرى بەكلا كۈچلۈك بىرىمەن» دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەسلىدە ئادەتتىكىلا بىر خىزمەتچى ئىدى. كېيىن ئۇ يەنە پو ئېتىپ، مەندە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى كېمپ (Kemp) دېگەن دوستۇم ھەل قىلىپ بەرگەن پاسپورتۇم بار، بۇ دوستۇممۇ سوۋېت ئىستىخبارات بۆلۈملىرى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ دەپ لاپ ئاتىدۇ. ئەسلىدە بۇمۇ بىر يالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئولدھام يەنە بىستىرولېتوۋغا ياردەملىشىپ روبېرت گرېنۋىللىي (Robert Grenville) نامىدا بىر ئەنگلىيە پاسپورتى ھەل قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئولدھام ئۇنىڭغا، بۇ پاسپورت تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سىر جون سىمون (Sir John Simon) ئۆزى بىۋاستە ئىمزالاپ چىقىرىپ بەرگەن پاسپورت، ئۇ ۋەزىر بۇ پاسپورتنى مېنىڭ بىر يېقىن تونۇشۇم — شۇ چاغلاردا كانادادىكى بىر ئەنگلىيە ئۇششاق ئىسىلزادىسى لورد روبېرت گرېنۋىللىي (Lord Robert Grenville) — ئۈچۈن چىقارتقانلىقىنى ئويلاپ قالغان، سىر سىمون ماڭا يەنە «مەن نېمىشقا لورد روبېرتنىڭ ئەنگلىيىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋىرىم بولماي قالدى» دېگەندەك گەپلەرنى توقۇپ چىقىدۇ. ئولدھام خانىممۇ گەپ توقۇشتا بەكلا

ئۇستا ئىدى. ئۇ بىسترولېتوۋغا ئاكام بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىسېرى، ئىسمى مونتگومېري (montgomery) ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىستىخبارات خىزمەتلىرىگە مەسئۇل (ئەسلىدە ئۇنداق ئىش يوق) دەيدۇ. كېيىن، (بەلكىم 40-يىللار بولسا كېرەك) بىر ك گ ب ئارخىپىدا بۇ سىرلىق ئەمما بىر ئېهتىمالدا ئويدۇرۇلغان مونتگومېرىينى ئەل ئالامىن ئوپېراتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋىسكونت مونتگومېري (Viscount Motgomery) دەپ قاراشقانلىقى يېزىلغان! گەرچە بىسترولېتوۋ ھەقىقەتەنمۇ جاسۇس تېپىشقا مەسئۇل مۇتەخەسسىس ھېسابلانسىمۇ، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى خىزمەت مودىلىدىن، ئەنگلىيە تۈزۈمىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق، بەكلا ئاسان ئالدىنىپ كېتىدىغان بىرى ئىدى. مەركەزمۇ ئالدىنىشتا ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ.

راي، بېرلىندا بىسترولېتوۋ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا راستىنلا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئائىت ھۆججەتلەردىن تېپىپ بەرگەن (بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى بەلكىم ئىتالىيە مەخپى كودلىرى بولۇشى ئېهتىمال) بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئويدۇرۇپ تىزىپ چىققان يالغان ھۆججەتلەر ئىدى. بىسترولېتوۋ كېيىن ئەسلىگىنىدە، ئۇ رايدىن، تاپقان بۇ ھۆججەتلىرىنىڭ راست ھۆججەتمۇ ياكى يالغان ھۆججەت دەپ سورىغىنىدا، راي خاپا بولۇپ «بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ ھۆججەتلەر تەبىئىيكى راست ھۆججەت. ... سىلەر ياپونلۇقلار راستىنلا دۆت نېمىلەر-دە! سىز ئۇلارغا قورقماي ئېيتىڭ، مېنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا دوللىرى بېرىشنى باشلىسۇن. ماڭا 200 مىڭ راست فرانك بېرىمەن دېمەي بىر مىليون يالغان دوللار بەرسىلا يېتەرلىك. شۇنداق بولغاندا مەنمۇ ئالدىغىنىمنى ئېلىپ بولغان بولۇمەن» دەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان بەزى يالغان ئىستىخباراتلىرى ھەقىقەتەنمۇ مەركەزنى بىر چاققىچە ئاخماق قىلالىغان ئىدى. بەلكىم ئۇ بىرلا ۋاقىتتا فرانسىيە بىلەن باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ئىتالىيە مەخپى كودلىرىنى سېتىپ يۈرگىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، مۇسسولىنىنىڭ كۈيئوغلى كونت گالىياززو سىيانو دى كورتېللاززو (كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىتالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇدۇ) بىلەنمۇ بەكلا كۆپ مەخپىي كود سودىسى قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدا بىر پارچە مەخپىي كود يوقاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن بىر كىشىنى قۇربانلىق ھېسابىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە گۇمان پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىدۇ. ئو گ پ ئۇ دىكىلەر غەرپ ئىستىخبارات ئورۇنلىرىدىمۇ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش مەخپىي سۈيىقەست ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنۇنۇشىغا ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ دې راي توقۇپ چىققان بۇ ھېكايىلارغا ئىشىنىۋېرەتتى. بۇنىڭغا ھەيران قالماي مۇمكىنمۇ؟ دې راي يەنە ئىككى قېتىم ئو گ پ ئۇ نى ئالداشقا ئۇرۇنغان ئىدى: ئۇ ئۇلارنى بىر قىسىم يالغان ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقە قىلدۇرۇپ، بۇ كىشىلەردە گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيەگە ئائىت مەخپىي كودلار بار، خالىسىڭىز سېتىپ بېرەيلى دەيدۇ.

دې راي يەنە ئو گ پ ئۇ غا ئۆزىنىڭ يېقىن بىر دوستىنى، يەنى پارىژدا تۇرۇشلۇق بىر تىجارەتچى بولغان رۇدولف ستالمان دېگەن بىرسىنى تونۇشتۇرۇدۇ. ئۇ فرانسىيە ئىستىخبارات ئورگىنى — ھەربىي ئىشلار ئىككىنچى باش ئىدارىسىنىڭ بىر ئالاھىدە خادىمى ۋە جاسۇس كۆپەيتكۈچى خادىمى ئىدى. مەركەز بۇ خەۋەرنى بەكلا مۇھىم دەپ قارايدۇ. ستالمان دېگەن بۇ كىشى بېرلىندىكى بىر باي زىننەت بۇيۇملار سودىگىرى بولۇپ، بورياۋ رۇدولف ستالماننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ، 1918-يىلىدىن باشلاپ ھەربىي ئىشلار ئىككىنچى باشقارمىسىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان، فرانسىيە گراژدانلىقىغا ئۆتۈۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىخبارات خىزمىتى ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىككىنچى كەسپى ھېسابلىناتتى. ئۇ، ئىككىنچى باشقارمىنىڭ بىر ئەمەلدارىغا «مەن ئىستىخباراتچىلىق دېگەن بۇ كەسىپنى خۇددى بىر ھاراقكەشنىڭ ھاراققا بېرىلگىنىدەك بەكلا ياخشى كۆرىمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆتۈقى 1931-يىلى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر نەپەر گېرمانىيە مەخپىي كود ۋە تېخنىكا رازۋېتكىچىسى بولغان خانسىنى — تىلو شمىدتنى تارتىپ كېلەشى ئىدى. بۇ كىشى فاھىشە ئوينايدىغان يامان قىلىقى بار، ئۆزىنى بەكلا چوڭ چاغلايدىغان بىرى ئىدى. كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە شمىدت (فرانسۇزلار ئۇنىڭغا خې ۋە ئاشې دېگەن مەخپىي نام بەرگەن) ئىككىنچى

باشقارمىدىكى ئەڭ مۇھىم چەتئەللىك جاسۇس ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ يەتكۈزگەن بەزى ئىستىخباراتلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيەنىڭ مەخپىي كود ئانالىز مۇتەخەسسىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېشىپ چىققان گېرمانىيە ئېناگما كود ماشىنىسىنىڭ ئاساسىغا ئايلانغان ئىدى.

بىستىرولېتوۋنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئولدھامنى تېزگىنلەش مەقسىتىدە ئۇنى لىموين (ئىككىنچى باشقارما ئۇنىڭغا رىكس دەپ لەقەم قويغان بولۇپ، ئو گ پ ئۇ ئۇنىڭغا جوزېف دەپ لەقەم قويغان) بىرگە بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەركەز ئۇنىڭغا بۇ كىشىنى ئۇنىڭچىلىك نام چىقارمىغان سوۋېت ئالاھىدە ۋەزىپە خادىمى ئىگناس لېس (يالغان ئىسمى ئىگناس پورېتسكى، لەقىمى، پارولاسى رايموند) قا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە لىموين بىلەن ئۇچرۇشۇش ۋاقتىدا رېيس ئۆزىنى ئا ق ش ھەربىي ئىشلار ئىستىخبارات ئورنىنىڭ بىر ئوفىتسېرى قىلىپ تونۇتۇدۇ. لىموين ئۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ۋە باشقا چەتئەل مەخپىي كود سىستېمىسى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنى ئالماشتۇرۇشقا بەكلا قىزىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىككىنچى باشقارمىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش نىيىتىدە بىر قىسىم راست-يالغان ئارلاشتۇرىۋېتىلگەن ئىستىخباراتلاردىن بېرىدۇ. ئۇنىڭ 1931-يىلى مايدا تەمىنلىگەن ئىتالىيە مەخپىي كودى راست كودتەكلا قىلاتتى. ئەمما 1932-يىلى فېۋرالدا، ئۇ ئاجايىپ غەلىتە يالغان خەۋەردىن بىرنى بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتىدا ھىتلېر (بۇ كىشى بىر يىلدىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى بولۇدۇ) ئىككى قېتىم پارىژ زىيارىتىگە مەخپىي بارغانلىقى ھەمدە ئىككىنچى باشقارما تەرىپىدىن يالالنغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. «بىز فرانسۇزلار، — دەيدۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇنىڭ بالدۇرراق تەختكە چىقىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشماقتىمىز.» مەركەز بۇ ئۇچۇرنى چوقۇم يالغان مەلۇمات دەپ قارايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەق بېرىپ تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ بەلكىم ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ جاسۇسلۇققا تارتىشنىڭ بىر قاپقىنى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1933-يىلى نويابىردا لىموين ئىككىنچى ئىدارە تېخنىكا رازۋېتكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گۇستاۋ بېرتراند (بۇ كىشىگە قۇرغۇي دەپ لەقەم قويۇلغان)نى باشلاپ بېرىپ رېس بىلەن كۆرۈشتۇرۇدۇ. رېس، بېرتراندقا مەخپى كود ئالماشتۇرۇشنى خالايدىغان ئامېرىكا ئىستىخبارات خادىمى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇپ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مەخپى كودىنى بېرىدۇ. ئەمما بېرتراند، ياۋروپانىڭ مەخپى كودلىرىغا بەكرەك قىزىقاتتى. بېرتراند بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشىدىن كېيىن رېس ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ئىشپىيونى ئەمەس بەلكى سوۋېت ئو گ پ ئۇ سىغا ئىشلەيدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەركەز، لىموييىننى قاپقانغا چۈشتى دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغىنىدا ئۇنى بىر بولسا باشلىقىغا ئۆزىنىڭ ئو گ پ ئۇ نىڭ پولىنى ئېلىپ خەجلىگەنلىكىنى ھەمدە ئالدانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك ياكى بولمىسا بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىشقا بولاتتى. ئەمما لىموين بۇنىڭلىق بىلەن قورقۇپ كەتمەيدۇ. بەلكىم لىموييىنمۇ يېڭى تونۇشقان ۋالتېر سكوت دېگەن بۇ ئادەمنى، يەنى رېسنىڭ سوۋېت ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا تونۇپ قالغان بولغاچقا قورقمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇندىن كېيىن رېس يەنە لىموين ھەمدە بېرتراند بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇچرىشىپ ئىتالىيە، چېخسلاۋاكىيە ھەمدە ۋېنگرىيە قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىتىۋاتقان مەخپى شىفىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىستىخباراتلارنى ئالماشتۇرۇدۇ.

رېس بىلەن لىموين مۇناسىۋەت باغلاپ يۈرگەن پەيتلەردە، بىسترولېتوۋمۇ ئۇلدھامنىڭ ئو گ پ ئۇ دىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش خىيالىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ. 1932-يىلى يازدا، بىسترولېتوۋ ئۇلدھامنىڭ بارغانسىرى ئۆزىنى ھاراقتا بېرىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەمدە خىزمىتىدىمۇ بەكلا دىققەتسىز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئېھتىياتسىز كېتىۋەرگىنىدە ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيدۇ. مەركەزمۇ ئۇلدھامنىڭ بۇ تۆردىكى كۆندىن كۆنگە غەلىتە ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈشى بەكلا قەبىھ دەپ

تونۇلغان ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ بىسترولېيتودىن ئۈچ ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى پەرەز قىلىشىدۇ. 17-سىنتەبىر كۈنى، ئەنگلىيەنىڭ سۈيىقەست قىلىش تەھدىتى ئالدىدا جاسارىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە مەركەز ئۇنىڭغا بىر تال تاپانچا بېرىدۇ. بۇ تاپانچىدا مۇنداق بىر قۇر خەتمۇ يېزىلغان ئىدى: «ئو گ پ ئۇ دىكى بارلىق يولداشلار، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلىڭلار!» تەبىئىكى، بۇنداق بىر سۈيىقەست پىلانى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

بىسترولېتوۋ قورالنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىككى ھەپتە بولمايلا، يەنى 1932-يىلى 30-سىنتەبىر كۈنى، ئولدھام ئىككى خىل سالاھىيىتىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما مەركەز ئۇنىڭغا قويۇۋەتمەي چىڭ چاپلىشىۋېلىپ جېنىدىن جاق تويغۇزۇۋېتىدۇ. شۇندىن كېيىنكى بىر يىل جەريانىدا بىسترولېتوۋ ئۇنىڭ ئورنىغا قويغۇدەك بىرەرسى چىقىپ قالارمۇ دېگەن نىيەت بىلەن ئۇنىڭدىن ئالاقىلىشىش بۆلۈمىدىكى بۇرۇنقى خىزمەتداشلىرىنىڭ تەپسىلى ئەھۋاللىرىنى سوراپ بىلىۋالىدۇ. ئولدھام، مېنى قولغا ئالىدىغانلىقى چوقۇم، ئۇلار ۋاقىت كۈتۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى ھاراققا تېخىمۇ بەك ئۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئايالىمۇ بىسترولېتوۋغا، ئولدھام، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆمۈرلۈك كاندىدات ۋەزىرى سىر روبېرت ۋانسىتتارت بىۋاستە بۇيرۇق قىلىپ ئۆزىنى نازارەت قىلىپ يۈرگەنلىكى ھەمدە ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭمۇ بىسترولېتوۋنىڭ پېيىغا چۈشۈۋالغانلىقىنى ئويلاپ يۈرۈدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ ھېچقانداق بىرەر ئاساسى بولمىسىمۇ، مەركەز بۇ ئىشلارغا يەنىلا قاتتىق كۆڭۈل بولمەكتە ئىدى. گ پ ئۇ نىڭ جىددى ئەھۋاللارنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل ئۇچقۇر ئىشپىيون دەپ ئاتالغان تيودور مالى، 6-ئىيۇل كۈنى مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا بىسترولېتوۋنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەكلا خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ:

*ئاندرى (بىسترولېتوۋنى دېمەكچى) نىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*جايلىشىۋېتىلىش ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك. ئەمما مەن ئۇنىڭغا دەرھال ئۇ يەردىن ئايرىلىشنى كېرەكلىكى ھەققىدە تېخى بۇيرۇق بەرمىدىم، ئەگەر ئۇنى قېچىشقا تەشەببۇس قىلسام، بۇ يەردىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىستىخبارات مەنبەلىرىدىن بىرىدىن (ئولدھام كۆزدە تۇتۇلماقتا) مەھرۇم بولۇپ قېلىشىمىزدىن قورقىمەن. ئۇنداق بولغاندا بىزنىڭ مۇداپىيە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك يەنە دۈشمەننىڭ كۈچلۈنۈۋېلىشىغىمۇ پۇرسەت بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. بۈگۈن بىز ئاندىردىن ئايرىلىپ قالغىدەك بولساق، ئەتە يەنە باشقا يولداشلىرىمىزدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قېلىشىمىز ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن. تەبىئىيكى، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمىزدا بۇنداق ئېھتىماللىقلاردىنمۇ ساقلىنالىشى تەس.*

10-ئاۋغۇستتا مەركەز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ:

*ئاندىرىغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ: بىز ئۇنىڭ ئانو بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلغان بۇ ۋاقىتلىرى ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۈل ھەمدە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ مەزگىللەردە ئىپادىلەپ كەلگەن ئۆزىنى پىدا قىلىش روھىغا، ئىنتىزامچانلىقىغا، ئەقىللىق بىلەن ھىلە ئىشلىتىشى ۋە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز.*

بىستىرولېتوۋنىڭ ئەنگلىيە پاسونىدا يېتىشكەن ئىشپىيون سېرېبريانسكى ئۈستىدىن پونكىتتىن پايدىلىنىپ يېگىپ چىقىش جەريانىدا ئىپادىلىگەن قابىلىيىتى ئو گ پ ئۇ تەرىپىدىن داۋاملىق تەقدىرلەنمەكتە. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ تۆر ئىشپىيون پەقەت ئو گ پ ئۇ ھىلە-مىكىرى بار دەپ پەرەز قىلىنىدىغان بىر ۋەزىيەت ئىچىدىلا مەۋجۇت.

1933-يىلى 29-سىنتەبىر كۈنى، يەنى ئولدھام تاشقى ئىشلار ۋازارىتىدىن ئىستىپا بېرىپ بىر يىل تولۇشقا بىر كۈن قالغان كۈنىسى، پېمبروك باغچىسىدىكى ئۆيىنىڭ ئاشخانا ئۆيىدە ھوشسىز ياتقان يېرىدىن تېپىلىدۇ. ئاشخانا ئۆي تەبىئىي گاز بىلەن تولغان ئىدى. دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىلغان بولسىمۇ دوختۇرخانىغا كىرەر-كىرمەيلا جان ئۈزىدۇ. پاتولوگىيەلىك تەكشۈرەش نەتىجىسىدە مېڭىسى سەگەك

بولماسلىقى سەۋەبىدىن گازدىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولۇدۇ. مەركەز ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارايدۇ. مەركەز، ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى دوكلاتىدا «ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئارنونىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ سىرىنى قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆلۈمنى ئۆزى ئۆلۈۋالغان قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەركەز يەنە بىسترولپتوۋنىڭ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوشۇرۇپ كېتەلىگەنلىكىگىمۇ ئىشەنگەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكى ئولدھامنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئىرچىل تۈردە فرانسىيە ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا ئىشلەپ يۈرگەن دەپ قارايدۇ.

ئولدھامنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىدە ئۇزۇندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ھەمدە چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدە بىرەر سەزگۈرلۈكنىمۇ پەيدا قىلالمايدۇ. بىسترولپتوۋ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ ھېلىغىچە مۇداپىەلىنىش جەھەتتە بەكلا ئاجىز ئىشلىگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ھەر دائىم ئەنگلىيەنىڭ بىر سىۋىيقەستىن قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈۋالغانلىقىدىنلا گۇمانلىنىپ يۈرەتتى. ئاخىرى ئۇ، جەنۇۋنى جاسۇس جەلپ قىلىش جەھەتتە ئەڭ ئىشەنچلىك يەر دېگەن خۇلاسىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە ئولدھامنىڭ بۇرۇنقى بىر قانچە كەسپداشىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدە مەخپى كود خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنىمۇ ئويلايدۇ. 1933-يىلى ئاۋغۇستتا، رايموند ئۇئاك (مەخپى بەلگىسى شىپلى) ئىسىملىك ئولدھام تەرىپىدىن ئەڭ ئۈمىدلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدىغان ئوبيېكت دەپ تونۇلغان كىشى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇئاك، بۇگۈنكى مۇقىم بولمىغان خىزمەت دەرىجىسىدىن پەقەتلا رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ، 1920-يىلى تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە ئىشقا كىرگىنىدىن كېيىن تا شۇ كۈنلەرگىچە تۆۋەن دەرىجىلىك ۋاقىتلىق خىزمەتچى سۈپىتىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، پېنسىيىگە چىققىنىدا ھەتتا سۇغۇرتا پۇلىنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى. بىسترولپتوۋ ئۇئاك ئۈچۈن سۇغۇرتا بېرىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئىشىنى ئو گ پ ئۇ نىڭ ئىسكىلات دەپ مەخپى بەلگە بېرىلگەن بىر ئىشپىيونىغا تاپشۇرغان ئىدى. بۇ كىشى ھېنرى كرىستىيان (خان) پىيېك ئىسىملىك گوللاندىيىلىك بىر گۈزەل سەنئەتچىسى ئىدى.

پىيېك دېگەن بۇ كىشىمۇ خۇددى بىسترولېتوۋغا ئوخشاش ئۇچۇق مىجەزلىك، ھەرىكەتچان بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىغەم مىجەزى ئۇنىڭ جەنۋەدە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇخبىرلار ئارىسىدا بەكلا كۆپ دوست ۋە يېقىن كىشىلەرنى تېپىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇئاك بىلەن بىر قاتاردا مەخپى شىفىر ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان خىزمەتچىلەرنى ھاگوئېيدىكى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرتىپ يۇرۇپ ئۆز ئورنىنى ۋە دوستانىلىقىنى كۆرسىتىپ يۈرۈدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بۇ كىشىلەر ئارىسىدا قايسىلىرىنىڭ ئىشپىيونلۇققا تەربىيىلەشكە مۇۋاپىق كېلەر دەپمۇ كۆزىتىپ يۈرەتتى. ئۇئاكىنىڭ سوۋېتلەر ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئۈچۈن قوشقان ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى، ئۇلارغا كاپىتان جون ھ. كىڭنى تونۇشتۇرۇشى ئىدى. كىن، 1934-يىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىلىشىش بۆلۈمىدە ۋاقىتلىق خىزمەتچىلىككە كىرىدۇ. كېيىن ئوكتىنمۇ مۇھىم بىر ئىشپىيونغا ئايلاندۇرۇدۇ. پىكنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، كىڭ، ئىرلاندىيىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇمۇ ئۆزىنى مەن بىر ئىرلاندىيەلىك، ھەرگىز ئىنگلىز ئەمەسمەن دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەرقانچە ئۆچمەنلىك قىلغاندەك قىلسىمۇ ئەنگلىيىگە ئىچ-ئىچىدىن ئۆچلۈك قىلاتتى. ئۇ ئايالى بىلەن چىقىشالماي، ئامېرىكىلىق ئاشنا ئويناپ يۈرەتتى. شۇڭا پىيېك ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىدىن ئالىدىغان ئازغىنا مائاشىغا تايىنىپلا بۇ ھالىتىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى پەرق قىلىدۇ. پىيېك ئۇنى ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن ھۆنەر ئىشلىتىپ جەلپ قىلىدۇ. بىر قېتىم پىيېك ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى ئىسپانىيىگە بېرىپ ھەشەمەتلىك بىر قېتىملىق ساياھەت قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار ساپلا ئەڭ ئىسىل مېھمانخانىلارغا چۈشىدۇ. پىيېك خانىم پۈتكۈل ساياھەت جەريانىدا كىڭ بىلەن ئاشنىسى ئىككىسىنىڭ ئۆزىنى بەكلا بىزار قىلىۋەتكەنلىكىدىن بۇ سەپىرىمىز ئادەمنى بەكلا بىزار قىلىدىغان

بىر قېتىملىق ساياھەت بولدى دەپ قاخشاپلا چىقىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي پىيېك ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ بۇ قېتىمقى مېھماندوستلۇقى ھەقىقەتەنمۇ كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەن ئىدى. ئۇلار تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىنىدىن 7 ئاي ۋاقىت ئۆتىشى بىلەن، كىڭ (ئۇنىڭغا كېيىنچە ماگ دەپ مەخپى نام بېرىدۇ) ئۇنىڭغا بەكلا نۇرغۇن مەخپى ھۆججەتلەرنى تېپىپ بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر ئارىسىدا تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ تېلېگراممىلىرى، مەخپى شىفىرلىرى ھەمدە دىپلوماتىيىلىك ئالاقە خەتلىرىنىڭ كۈندىلىك، ھەپتىلىك مۇھىم نوقتىلىرى قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مەركەزنىڭ بىر پارچە ئانالىز دوكلاتىدا، كىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئەنگلىيەنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا سىڭىپ كىرىۋالغان ئو گ پ ئۇ ئىشپىيونى فرانسىسكو كونستانتىنى (مەخپى بەلگىسى دۇنكان) تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار بىلەن يۈزدە 30 قىسمىنىڭ ئوخشاش بولۇپ چىققانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇلار ئۈچۈن بۇ تۈردە ئىككى يەردىن ئېرىشىلگەن ئوخشاش ئىستىخبارات ماتېرىياللىرىنىڭ راستلىقىنى بىر-بىرسىنىڭ ئىسپاتلاپ تۇرالىشى ھەقىقەتەنمۇ پايدىلىق بىر ئەھۋال ھېسابلىناتتى. 1934-يىلى ئارتۇزوۋنىڭ ئورنىغا چەتئەل بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا كەلتۈرۈلگەن ئابرام ئارنوۋىچ سلوتسكى، يەنە بىر چوڭ ئىشپىيون مويسېي ماركوۋىچ ئاكسېلرود (مەخپى بەلگىسى ئوست ياكى ئوستو) رىم ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەسئولى قىلىپ كونستانتىنىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا بېكىتىلىدۇ. بۇمۇ چەتئەل بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلىرىغا ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. ئاكسېلرودمۇ داڭلىق جاسۇس يېتەكچىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ كىشى 1898-يىلى سمولېنسكتىكى بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن رۇسىيەدىكى يەھۇدىي سىيونىستلار تەشكىلاتىنىڭ بىر ياچېيكىسىغا ئەزا بولغان. 1922-يىلى بۇ تەشكىلات تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ كىرىپ، 1925-يىلىدىن باشلاپ چەتئەل بۆلۈمىدە ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇمۇ خۇددى كۆپ قىسىم جاسۇسلارغا ئوخشاش چەت تىلى جەھەتتە ئالاھىدە تالانتلىق بىرسى ئىدى. ئۇ ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە ۋە ئىتالىيانچىنى راۋان سۆزلىيەلەيتى. شۇنىڭدەك باشقا بىر ئىشپىيوننىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئالاھىدە يوقۇرى سەۋىيىلىك تەربىيىلەنگەن، ھەمدە تەۋەككۇلچۇلۇقتىن قورقمايدىغان بىرى ئىدى. 1934-يىلى، ئۇ ئاۋستىرىيە پاسپورتى بىلەن ئىتالىيىگە كېلىپ، ئۇ يەردە مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ھەمدە كونىستانتىنىنغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئىككىسى تونجى قېتىم 1935-يىلى يانۋاردا ئۇچرۇشىدۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بەكلا ئاز يېتەكچى (ئەگەر بۇنداق بىرسىنى بار دېيىشكە بولغىنىدا) ئاكسېلرودقا ئوخشاش كونىستانتىنىنى بىلەن بۇنچە كۆپ ئۇچرىشالايتى. ئۇلار ھەتتا بەزى كۈنلىرى ھەر كۈنى دېگىدەك كۆرۈشۈپ تۇراتتى. 1935-يىلى 27-ئۆكتەبىردە مەركەز ئاكسېلرودقا تېلېگىراما يوللاپ، «24-سىنتەبىردىن 14-ئۆكتەبىرگىچە كونىستانتىنىنى بىلەن 16 قېتىم كۆرۈشۈپسىز، بۇندىن كېيىن ھەپتىدە كۆرۈشۈش قېتىم سانىڭىز 2~3 قېتىمدىن ئېشىپ كەتمىسۇن» دەپ يولىيورۇق بېرىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ دۇنكان Duncan دېگەن بۇ جاسۇسقا نېمىشقا شۇنچە بەك قىزغىن بولۇپ كېتىشىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. كونىستانتىنىنى ئۇنى بەكلا كۆپ ھۆججەت ۋە شىفىر ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بەزىسى ئەلچىخانىنىڭ قىزىل خەت ساندۇقىدىن، دېپلوماتىك ھۆججەت پوپكىلىرىدىن ئېلىنغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئارخىپ ئىشكاپلىرىدىن، ھەتتا بەزىسى بىخەتەرلىك ساندۇقىدىكى ھۆججەتلەردىن ئىدى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئەنگلىيە بىلەن ئىتالىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئالاقىدار ھۆججەتلەر بولۇپ، شۇنىڭدەك يەنە رىم باش ئەلچىخانىسىغا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بەرگەن ئۇقتۇرۇشلىرى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ چەتئەل ئەلچىلىرىنىڭ چوڭ خەلقئارالىق مەسىلىلەر ھەققىدە تەمىنلىگەن جىددى ھۆججەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1935-يىلى 15-يانۋار كۈنى، مەركەزنىڭ دوكلاتىدا بۇ بىر

يىل ئىچىدە كونستانتىننىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاز 101 پارچىسى بىۋاستە يولداش ستالىننىڭ ئالدىغا سۇنۇلغىدەك بەكلا مۇھىم ھۆججەتلەر بولۇپ، بۇ ئىستىخباراتلار تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى سىر جون سىمونغا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئىككىنچى باشلىقى ئانتوني ئەدېن Anthony Eden (شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىدۇ) نىڭ ھىتلېر بىلەن بېرلىندا ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى؛ ئەدېن بىلەن لىتۋىنوۋنىڭ موسكۋادا ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى، ئەدېننىڭ پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پولكوۋنىك جوزېف بېك joseph beck بىلەن ۋارشاۋادا ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىلىرى؛ ئەدېننىڭ چېخسلوۋاكىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئېدۋۋارد بېنېس بىلەن پراگادا ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى ۋە شۇنىڭدەك ئەدېننىڭ مۇسسولىنى بىلەن رىمدا ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى قاتارلىق ماتېرىياللارمۇ بار ئىدى.

مەركەز قولغا چۈشۈرگەن تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا ستالىنغا سۇنمايدۇ. بۇلاردىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، 1935-يىلى مارت ئېيىدا موسكۋادا ستالىن بىلەن كۆرۈشكىنىدىن كېيىن ئەدېنغا ستالىننىڭ بەرگەن باھاسى ئىدى. بۇ ھۆججەت ئەنگلىيىنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغىمۇ ئەۋەتىلگەن بولۇشى، شۇنىڭدەك كونستانتىنو ئۇنىمۇ قولغا چۈشۈرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ستالىننىڭ بۇ قوبۇل قىلىشى غەرپ ئەللىرى ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرىنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىشى بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سۆھبەت ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر سۆھبەت ھېسابلىناتتى. مەركەزنىڭ بۇ ھۆججەتنى ستالىنغا يوللىمىغانلىقىنى سىروسكىنىڭ ئەدېننىڭ ستالىن ھەققىدىكى باھالىشىنى ئۇنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورققانلىقىدىن سۇنۇلمىغان دەپلا ئىزاھلاش مۇمكىن. ئەگەر ستالىن خەلقئارا مەسىلىلەر ھەققىدىكى چوڭقۇر ۋە تولۇق بىلىمى ئەدېنغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان دېگەنلا قىسمىنى سۇنغىنىدا چەتئەل بۆلۈمى بەكلا كۆپ ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالالايتى. ئەمما ئەدېننىڭ باھاسىدىكى ستالىن دېگەن بۇ ئادەم تىپىك شەرق ئادىمى خاراكتېرىدىكى كەسكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بىر ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشتىكى سىپايىلىقى ئۇنىڭ رەھىمسىز مىجەزىنى ھەرگىز يوشۇرۇپ قالالمايدىكەن دېگەن باھاسىنى ستالىننىڭ بىلىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتى. شۇنىڭدەك مەركەز يەنە ئەدىبنىڭ ستالىنغا قارىتا بۇندىن باشقا قاراشلاردا بولۇشىنىمۇ دوكلاد قىلىشتىن قورقاتتى: ئەدىب، ئۇ لىتىۋنوۋ ئەپەندىگە قارىغاندا نېمىسلارنىڭ قارىشىنى بەكرەك خالايتى دېگەن باھالىرىنىڭ ستالىنغا يوللۇنۇلىشىنى پەقەتلا خالىمايتى. چۈنكى موسكۋادا ستالىنغا قىلىنغان تەنقىتلەرنى تەكرارلاپ ئالدىغا قويۇش ياكى ئۇنىڭ بەزى قائىدىنىڭ سىرتىغا چىقىپ سۆزلىگەن قاراشلىرىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشتىنمۇ خەتەرلىك ئىش يوق ئىدى.

ئەنگلىيەنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋىسكونت خېلىستون ئۈمىدۋارلىق بىلەن دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: *ئەسلىدە سوۋېتلىكلەر بىزنى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقتىكى بىخەتەرلىك پىلانىغا قارشى چىقىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلايتى، ئەمما ئەدىبنىڭ زىيارىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئىدىيىسىدىكى بۇ تۈرلۈك قورقۇنچتىن چىقارغان ئىدى.* ئەمما ستالىن، سۇيىقەست قارىشىدىن — ئەگەر بۇنداق بىر ھەرىكەت بار دېيىلگىنىدە — كەمدىن-كەم ۋاز كەچكەن ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ئەنگلىيىنىڭ بۇنداق بىر سىياستىنىڭ بارلىقىدىن ھېلى ھەم قاتتىق گۇمانلىنىپ يۈرەتتى. ئەدىب موسكۋا سۆزلۈشۈشىدىن كېيىن ئېلان قىلغان بىر پارچە ئاخباراتىدا ئۆتكەن يىلىدىن بېرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىگە (سوۋېتلىكلەر بۇ جەمئىيەتنى ئىزچىل تۈردە بۇرژۇئازىيە ئىتتىپاقى دەپ تونۇپ كېلىۋاتقان ئىدى) قاتناشقىنىدىن باشلاپ كوللىكتىپ بىخەتەرلىك دېگەن پىرىنسىپىنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىنى قارشى ئالىمىز دەپ بىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ ھۆججەتلىرىدىن ستالىن، ئەدىبنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ناتسىستلار گېرمانىيىسىنى تېزگىنلەش مەقسەت قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر كوللىكتىپ بىخەتەرلىك پىلانىغا قاتنىشىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىپ بولغان ئىدى. ستالىننىڭ قەتئىي ئىشىنىدىغان ئويى بويىچە ئەدىبنىڭ بۇنداق

ئۆز پىكىرىنى ساقلاپ قىلىش ئىپادىسىدە بولغانلىقى، ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرققە ھۇجۇم قىلسىكەن دەيدىغان سۈيىقەستلىك خىيالدا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەن ھېسابلىناتتى. گەرچە ستالىن كۈندۈلۈك دىپلوماتىك ئىشلارنى قابىلىيەتلىك ھەمدە ئەمەلىي ئىش بېجىرىش قابىلىيىتى يوقۇرى بولغان ماكسىم لىتۋىنوۋغا خاتىرجەم تاپشۇرغىنى بىلەن، ئۇ بەرىبىر سوۋېت دىپلوماتىك سىياسەتلىرىنىڭ ستراتېگىيە يۈزلۈنۈشىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى يەنىلا قولدىن بەرمەيدۇ.

خېلىدىن بېرى، ئون يىل مابەينىدە پايدا-مەنپەئەتنىلا دەپ ئەنگلىيە ھۆججەتلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان جاسۇس فرانسېسكو كونستانتىنى (دۇنكان) نىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا بېرىپ كېلىۋاتقان ئىستىخباراتلىرىنى ئەينى ۋاقتىدا يەنە ئىتالىيانلارغىمۇ سېتىپ يۈرگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالغان ئىدى. 1936-يىلى فېۋرالدا، ئۇلارنىڭ بۇ تۈر گۇمان قىلىشى بەكلا قىزىق بىر شەكىلدە ئىسپاتلىنىپ قالدۇ. ئۇ چاغدا «ئىتالىيان» گېزىتىنىڭ بىرىنچى بېتىدە كونستانتىنىنىڭ ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىدىن ئوغۇرلاپ چىققان ئەنگلىيەنىڭ ئىتالىيە-ئېفىيوپىيە ئۇرۇشىغا بەرگەن باھاسى بېسىلىدۇ. ئاكسېلرودنىڭ تەھدىت قىلىشى نەتىجىسىدە كونستانتىنى ئىلگىرى بەزى ھۆججەتلەرنى راستىنلا ئىتالىيە دائىرىلىرىگىمۇ بەرگەنلىكىگە مەجبۇرى ئىقرار بولۇدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆپ قىسىم ئىشلارنى يەنىلا يوشۇرۇپ دېمەيدۇ. 1936-يىلى، باش ئەلچىخانىدىكى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ساداقەتسىزلىكى سەۋەبىدىن ئىشتىن چىقىرىلغانلىقىنى ئېيتمايدۇ. ئۇ، ئاكسېلرودقا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەلچىخانىدىكى مېنىڭ كونا دوستۇم مەخپىي ھۆججەتلەرنى داۋاملىق ئوغۇرلاپ بېرەلەيدۇ، دەپ خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇنۇدۇ. كېيىن ئىسپاتلىنىدۇكى، بۇ كەسپىدىشىم دېگەن كىشى ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىنىسى سېكوندو (مەخپىي بەلگىسى دۇدلېي) بولۇپ، ئۇ 20 يىل مابەينىدە ئەلچىخانا ئارخىپ بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئەمما سېكوندو كونستانتىننى ئەكسىچە ئۈنچە بەك ئېھتىياتچان بىرىمۇ ئەمەس ئىدى. يانۋاردا ئۇ قۇلۇپلاقلىق بىر قىزىل قۇتا (بۇ قۇتا ئادەتتە مۇجەۋھەر قۇتىسى ئەمەس بەلكى دىپلوماتىك ھۆججەتلەرنى ساقلايدىغان بىر قۇتا ئىدى) ئىچىدىن باشئەلچى خانىمىنىڭ بىرلىيانت مېداليون زىنجىرىنى ئوغۇرلىۋالغان. بۇ قۇتا ئەلچىخانا ئارخىپخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئەلچىخانىغا قوشنا بىر ئۆيدە ساقلانغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتاليان گېزىتىدە بېسىلغان ئەنگلىيە دىپلوماتىك ھۆججىتى ھەرگىز ئەلچىخانىدىن ئوغۇرلانمىغانلىقىنى پەرەز قىلغان ئەلچى ئەپەندىم — سىر ئېرىك دروممونىد (ئۇزۇن ئۆتمەي لورد پېرت بولۇدۇ)، ئاخىرى ئەلچىلىكنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىدە بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرەر ئەمەلدار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئامال يوق مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى مەسئۇلى مايور ۋالېنتىن ۋېۋىياندىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ۋېۋىيان كەمتەرلىك بىلەن ئەلچىخانا بىخەتەرلىك خىزمەتلىرى ھەققىدە تىلغا ئالغۇچىلىك بىرەر قابىلىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، يەنىلا تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىدە بۇ جەھەتتە بىرەر تېخنىكا بولمىغاچقا بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ماقۇل بولۇدۇ. ئۇ رىمغا كېلىپلا كىشىنى چۆچۈتكىدەك بىر قاتار ئېغىر مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئەلچىخانىدىكى ھۆججەتلەر، بىخەتەرلىك ساندۇقى ۋە قىزىل ئىشكاپلارنىڭ ھېچبىرى بىخەتەر ئەمەسلىكىنى، ئارخىپخانىغا كىرىش ھوقۇقى بولمىغان بىرسىنىڭمۇ قىلچە قىينالمايلا ئۇ يەرگە كىرەلەيدىغانلىقىنى قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا كىرىپ سائەتلەپ تۇرالايدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مايور ۋېۋىيان، سكوندو كونستانتىنىنىڭ ئالماس مېداليوننى ئوغرىلىغان كىشى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ھەمدە ھېچ بولمىغاندا بەزى ھۆججەتلەرنى ئىتاليە ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن كىشى بولۇشى ئېھتىمالىنى بېكىتىپ چىقىدۇ:

*سكوندو كونستانتىنى ئارخىپ بۆلۈمىدە ئىشلەپ يۈرگىنىگە 21 يىلدەك بولغان (يۇقۇرىدا 20 يىل دېيىلگەن؟ — ئۇ.ت) ئىدى. شۇڭا، ئۇ*

*ئەلچىخانىدا بىر قىسىم ياكى بارلىق ھۆججەتلەرنىڭ، ماللارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مەسئۇلىيىتى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئاكىسى (فرانسېسكو) مۇ بۇرۇن ئارخىپخانا خىزمەتچىلىك ئىشىنى قىلغان، تېخى يېقىندىلا قانۇنسىز سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى سەۋەبىدىن ئىشتىن قوغلانغان. مېنىڭچە ئۇنىمۇ بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتتى بولغان گۇماندارلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، گەرچە دىپلوماتىك خادىملار ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى بۇ ئىشقا چېتىشلىقى بار دەپ قارىمىغان بولسىمۇ، مېنىڭچە ئۇنى ياكى ئۇنىڭ ئاكىسىنى ۋەياكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى 1925-يىلى ئارخىپخانىدا قۇلۇپلانغان ھۆججەت ئىشكابىدىن ئىككى پارچە R تىپلىق مەخپىي كود ماتېرىيالىنى ئوغرىلىغان كىشىلەر دەپ قارايمەن.*

گەرچە سىر ئېرىك درۇمموند نازاكەت يۈزىسىدىن ۋېۋىياننىڭ ئوتتۇرغا قويغان ئەلچىخانا بىخەتەرلىكى تەدبىرلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆزگەرتىپ چىقىش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي تەدبىر قوللانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەلچىخانا خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئائىلىمىزنىڭ دوستى دەپ تونۇپ كەلگەن سېكوندو كونستانتىنىنى دېگەن كىشىنىڭ گۇماندار ئىكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىشتىن بوشىتىش تۇرماق، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەلچىخانىدا ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى مۇكاپاتلىشىدۇ. يەنى ئۇنى 1937-يىلى ماي ئېيىدا، ھەيران قالارلىق ھالدا لوندونغا تەكلىپ قىلىپ ئەنگلىيە كارولى 6-جورجقا تاج كەيدۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتۇرۇدۇ.

سېكوندو كونستانتىنى لوندوندىكى ھۆكۈمەت چىقىمى بىلەن قىلغان ساياھىتىدىن قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىنمۇ يەنە ئاكىسىغا ئەنگلىيە مەخپىي ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزۈش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇدۇ. فرانسېسكو بۇ ھۆججەتلەرنى ئاكسېلرودنىڭ ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن ئىتالىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ كۆچۈرۈۋېلىشىغا بېرىپ، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى سېكوندوغا جايىغا سېلىپ قويۇشى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋېۋىيانىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىن كونستانتىننى قىلچە تەپ تارتماستىن ئەلچىخانا ھۆججەتلىرىگە چېقىلىشنى داۋام قىلىۋېرەلىشىدىن مەركەزنىڭ گۇمانخورلۇقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇلار، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ ئەلچىلىكتىكى بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىگە بۇنچىۋالا سەل قارىشىغا پەقەتلا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار، بۇ ئىش بەلكىم ئەنگلىيە ياكى ئىتالىيەنىڭ ياكى بولمىسا ھەر ئىككىسىنىڭلا بىرلىكتە ئويناۋاتقان ھىيلە ئويۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1937-يىلى ئاۋغۇستتا فرانسىسكو كونستانتىننى بىلەن بولغان ئادەتتىكىچە مۇناسىۋەت قىلىشنىمۇ ئۈزۈپ تاشلىشىدۇ.

كونستانتىننى ئاكا-ئۇكىلارنىڭ، كاپىتان كىننىڭ ۋە شۇنىڭدەك غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىخانىلىرىغا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكلىرىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان جاسۇسلار تەمىنلەپ تۇرغان مەخپىي شىفىر ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى ئو گ پ ئۇ بىلەن رازۋېتكا 4-باشقارمىسى سىگنىتدىكىلەردىن ئورتاق تەشكىللىشىدىن قۇرۇلغان رازۋېتكا ئورنىغا يەتكۈزۈپ تۇرۇلىدۇ. بۇ ئورۇن مۇتلەق يوشۇرۇن ئىستىخبارات ئورگىنى بولۇپ، بۇ ئورۇن لۇبيانكا بىناسىنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئاففايرس كۆۋرىكىدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىك بىناسى ئىچىدە تۇراتتى. 1933-يىلىدىن باشلاپ بۇ يەردە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئېۋدوكىيا كارتسېۋا (كېيىن پېترووۋاغا ئۆزگەرتىلگەن) بۇ يەرنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، بۇ ئورۇندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھېچقايسى ئىش ئورنىنىڭ نەدىلىكىنى ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ ئاشكارىلاش چەكلەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان كۆپ ساندىكى قىزلارغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ بۇ ئىدارىنىڭ مەسئۇلى بولغان گلېب ئىۋانوۋىچ بوكىيدىن بەكلا قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بوكىي، ۋەھشىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، 1918-يىلى پېتربورگدىكى قىزىل تېررورلۇققا قاتناشقان، گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىستاننى تېررورلۇق ھاكىمىيەتكە تايىنىپ باشقۇرغان بىرى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇ يېشى 50 تىن ئاشقان بىرى بولسىمۇ يەنىلا ئاجايىپ

جىنسى قابىلىيىتىدىن ماختىنىپ يۈرۈدىكەن، شۇنىڭدەك يەنە شەھەر ئەتراپىدىكى داچىسىدا پات-پاتلا شەنبىلىك شەھۋەت يىغىلىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇدۇكەن. كارتسېۋا بۇنداق مەشئەت كەچلىكلىرىگە تەكلىپ قىلىنىشتىن بەكلا قورقاتتىكەن. ئىدارىسىدا كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكلا خەتەرلىك ئىكەن. شۇڭا ئۇ ھەر دائىم ئەڭ ئاددى، ئەڭ كۆركەمسىز كىيىملەرنى تاللاپ كىيىپ، بوكىنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

گەرچە ئو گ پ ئۇ بىلەن 4-باشقارما بىرلىشىپ تەشكىللەپ چىققان بۇ ئورگاننىڭ مەسئۇلى تۇرمۇشتا چىرىگەن بىرسى بولسىمۇ، بۇ ئورگان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئورگىنى ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ بېستروليېتو بىلەن قالغان بەزى كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى نەتىجىسىدە بۇ ئورگاننىڭ جاسۇسلاردىن ئالىدىغان ياردىمى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەرقانداق بىر غەرپ ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. مىتروخىن ئارخىپلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بوكىي يېتەكچىلىكىدىكى بۇ ئورگان ئەڭ كامىدا ئەنگلىيەنىڭ، ئاۋستىرىيىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ ۋە ئىتالىيىنىڭ بىر قىسىم دىپلوماتىك خەت-ئالاقە شىفىرلىرىنى يېشىپ بېرەلەيتى. يەنە شۇنىڭدەك بەزى پاكىستلاردىن قارىغاندا، ئۇلار يەنە ياپونىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭمۇ بىر قىسىم تېلېگراممىلىرىنى ئۆرۈپ چىقالايدىكەن.

شۇنىڭدەك يەنە، كېيىپ ئېيتالايمىزكى، ئۇلار يەنە ئامېرىكا بىلەن فرانسىيەنىڭمۇ تېلېگراممىلىرىنى يېشەلەيتى. 30-يىللاردا، غەرپ دۇنياسىدىكى ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ تېخنىكىلىق رازىۋېتكا ئورگىنى ئۇلاردەك كۆپ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيەلىك ئىستىخبارات توپلىيالمىغان ئىدى.

بۇ ئورگان يېشەلىگەن مەخپى شىفىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانى بولمىغاچقا، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن ئىستىخباراتلارنىڭ سوۋېت دىپلوماتىك سىياسىتىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدىمۇ ئانالىز يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتى يوق. شۇنىڭغا قارىماي، سوۋېت تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئورۇنلىرى ياپون تەرەپ يوللىغان گېرمانىيە-ياپونىيە

www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە «كوممۇنىزمغا قارشى كېلىشىم» سۆھبىتى ھەققىدىكى شىفىرلىق تېلېگراممىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بۇ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئورنى تەرىپىدىن يېشىۋېتىلگەن. 1936-يىلى نويابىردا گېرمانىيە-ياپونىيە بۇ ھەقتە كېلىشىم ئىمزالىغان بولۇپ، بۇ كېلىشىمنامىنىڭ ئاشكارە قىسمىدا گېرمانىيە-ياپونىيە ئىككى تەرەپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىستىخباراتلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇدۇ ھەمدە بۇنداق پائالىيەتلەرنى ئورتاق چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئالىدۇ دەپلا كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەمما بۇ كېلىشىمنامىنىڭ بىر مەخپىي ماددىسىدا ئەگەر شەرتنامە ئىمزالاشقان تەرەپلەردىن خالىغان بىرسى «(سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ) سەۋەبسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغىنىدا ياكى سەۋەبسىز ھۇجۇم تەھدىتىگە دۇچ كەلگىنىدە» شەرتلەشكەن ئىككى تەرەپ دەرھال ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ ھەرىكەت قوللىنىدۇ شۇنىڭدەك «سوۋېتلار ئىتتىپاقى ۋەزىيىتىنى يۇمشۇتۇشقا ھەرگىز ئۇرۇنمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. گەرچە ياپونىيە ئەسلىدە بىر قېتىملىق ياۋروپا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدىغان، شۇنىڭدەك بىرەر ھەربىي ئىتتىپاق كېلىشىمى تۈزۈش نىيىتى بولمىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ تۈردىكى ئايلاندۇرۇپ يۇرۇتۇپ ئۆتۈش شەكلىدىن يەنىلا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قارا نىيىتىنى پەرق قىلالىغان. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىقى يوق ئىدى. «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى شەرتنامە» ئىمزالىنىپ 3 كۈن ئۆتكەندە، لىتۋىنوۋ سوۋېتلار قۇرۇلتىيىدا نۇتۇق سۆزلەپ، موسكۋانىڭ بۇنداق بىر مەخپىي كېلىشىمنامىدىن خەۋىرى بارلىقىنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇدۇ. ئۇ نۇتقىدا مۇجمەلرەك بولسىمۇ مەخپىي شىفىرلەرنى يېشىش ئىشىدىنمۇ بىشارەت بېرىدۇ:

نۇرغۇن كىشى گېرمانىيە-ياپونىيە كېلىشىمنامىسىنىڭ بىر تۈرلۈك ئالاھىدە مەخپىي كود بىلەن يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشىدۇ بۇنداق شىفىرنىڭ يېشىلگەنلىكىگە ھېچكىم ھەيران قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كېلىشىمدە كوممۇنىزمغا قارشى بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى لوغەت مەنىسىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ، كىشىلەر ھەر خىل ئۇسلۇبلار بويىچە

ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى.

بوكىي يېتەكچىلىكىدىكى بۇ ئورگان يەنە ئىتالىيە دىپلوماتىك خەت-چەكلىرىنىڭمۇ شىفىرىنى يېشىۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئىش يەنە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىتالىيىنىڭ كېيىنكى يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۈزۈش كىلىشىمنامىسىنىڭ ئاخباراتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىمۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەنگلىيەدە يوشۇرۇنغان سوۋېت جاسۇسى ۋە شىفىر يەشكۈچى كىشىلەرنىڭ بارلىقى، شۇنىڭدەك يەنە ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ مەخپىيەتلىك تەدبىرلىرىنىڭ بەكلا ئاجىز بولۇشى تۈپەيلىدىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئوبيېكت قىلىپ تاللىۋالغان دۆلىتى — بېرىتانىيەنىڭ دىپلوماتىك سىياسەتلىرىگە ئالاقىدار بەكلا كۆپ ئىستىخباراتلارنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. ئەمما كۆلەم جەھەتتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭكىدىن كۆپ كىچىك بولغان ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرى بولسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسەتلىرىدىن بەكلا ئاز خەۋەردار بولالايتتى. 1927-يىلىدىن بويان ئەنگلىيە شىفىر يەشكۈچىلىرى (گەرچە ئۇلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر قەدەر ئاددى مەخپى كودلارنى يېشىش جەھەتتە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەندەك قىلغىنى بىلەن) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك خەت-ئالاقىلىرىنىڭ كودىنى پەقەتلا يېشەلمەي كەلمەكتە ئىدى. ھەتتا ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ موسكۋادا بىرەر ئىستىخبارات پونكىتىمۇ يوق ئىدى. 1936-يىلى، ئەنگلىيە باش ئەلچىسى ۋىسكونت خىلىستون ئەگەر ئۇ يەردە بۇنداق بىر پونكىت قۇرۇلسا بەكلا ئېغىر قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دەپ سەۋەب كۆرسىتىپ، موسكۋادا ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇش تەكلىپىدىنمۇ ۋاز كەچكەن ئىدى. ئەمما ئۇ مەخپى ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ بىرەر ئورگىنى بولمىغىنىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بەلگىلىگەن مۇھىم سىياسەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ بەكلا ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توپلىغان سىياسىي ۋە دىپلوماتىك ئىستىخباراتىنى چۈشۈنۈش كۆچى باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتە توپلىغان ئىستىخباراتىنى چۈشۈنۈشكە قارىغاندا بەكلا كېيىن تۇرۇدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ جاھانگىرلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى قورشاۋغا ئالماقتا دېگىنىنى ئانالىز قىلىشىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىر تۈرلۈك سۇيىقەست نەزەرىيىسى بويىچە تەھلىل قىلىشنى ئوبىكتىپ تەھلىل قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالغان. 30-يىللاردا بولسا ستالىنىنىڭ ئىستىخباراتلارنى ئۆزىلا ئانالىز قىلىشقا يۈزلىنىشى ئىستىخبارات ئانالىز ئىشىنى تېخىمۇ ئېغىر بىر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىشقا يۈزلەندۈرۈۋېتىدۇ. ئەسلىدە، ستالىن ئىستىخبارات ئانالىزىدا خەتەرلىك پەرەزلىرى بەكلا ئېغىر دېگەننى باھانە قىلىپ ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئىستىخبارات ئانالىز ئىشلىرىغا قول تىقىشىنى خالىمايتى. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ستالىن مۇنداق دەيدىكەن: ماڭا قانداق ئويلىغىنىڭنى ئېيتماي، پاكىتلارنى ھەمدە بۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىلا دېسەڭلارلا يېتىدۇ! شۇڭا، چەتئەل بۆلۈمىدە بىرەرمۇ ئىستىخبارات ئانالىز ئىشخانىسى يوق ئىدى. پۈتكۈل ستالىن دەۋرىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئىستىخبارات دوكلادلىرى بەلگىلىك تېمىلار بويىچىلا رەتلىنىپ ھېچبىر مۇھاكىمە ياكى ئانالىز قىلىنىشلار بولمايتى. بۇ تۈردىكى ئۈچۈرلارنى رەتلەشكە مەسئۇل بولغۇچى كىشىلەر ستالىن خالايدىغان مەزمۇنلارنى يىغالىدىمۇ دەپ ئۆز ھاياتىدىن ئەنسىرەپلا ئۆتەتتى. شۇڭا ئۇلار مەركەز قولغا كەلتۈرگەن ئەنگلىيەنىڭ قىممەتلىك دىپلوماتىك ھۆججەتلىرى بىلەن شىفىرىنى يېشىپ چىققان ئىستىخباراتلارنى تاللاش ۋاقتىدا ئەڭ ئاۋال سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا سۇيىقەست ھەرىكىتى قىلىنىۋاتامدۇ-يوق دېگەن مەسىلىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ماتېرىيال رەتلىشەتتى. چۈنكى، يولداش ستالىن، بۇ لېنىننىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسى، بولشېۋىكلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئوغلانى، لېنىن ئىشلىرىنىڭ ئەڭ لايىق ئىز باسارى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ۋارىسى بولغان يولداش ستالىن، ھەقىقەتەنمۇ بۇ تۈر سۇيىقەست ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇنداق بولغاچقا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى چەتئەل ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ستالىننىڭ

غەرپ دۇنياسى ھەقىقىدىكى خاتا چۈشۈنۈۋېلىشىنى يېڭىشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى بۇنداق چۈشىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بېرىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلاتتى.

بۇ جەھەتتە، مەركەزنىڭ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ 1935-يىلى مارت ئېيىدا سىر جون سىمون، ئانتونىي ئەدېنلارنىڭ ھىتلېر بىلەن ئۆتكۈزگەن بېرلىن سۆھبەتلىرى ھەققىدىكى يىغىن خاتىرىسىنى تاللاش ئىشلىرىدا مەركەز سىياسىي جەھەتتە توغرا ئەمما بۇرمىلانغان ئىستىخباراتلارنى سۇنغانلىقى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولۇدۇ. تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىدىكى كاپىتان كىڭ بىلەن رىم باش ئەلچىخانىسىدىن فرانسىسكو كونستاندىنىلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇ سۆھبەتلەر ھەققىدىكى يىغىن خاتىرىسىنىڭ نۇسخىلىرىنى يەتكۈزگەن ئىدى. بۇ سۆھبەت باشلىنىشتىن 9 كۈن ئىلگىرى، ھىتلېر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىمزالانغان ۋېرسال شەرتنامىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، گېرمانىيەدە ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە — ھىتلېرنىڭ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق سۆھبىتىنىڭ ئۆزىلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ گۇمانىنى قوزغاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ئەنگلىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى سۆھبەت بىر قېتىملىق تومۇر تۇتۇپ بېقىشنى مەقسەد قىلغان بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش ھېسابلىناتتى. يەنى ئۇلار ھىتلېرنىڭ ۋېرسال شەرتنامىسى ئۈستىدە قانداقراق بىر ئۆزگەرتىش قىلىنىشىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانلىرىنىڭ بار-يوقلىقىنى بىلىپ بېقىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ سۆھبەت موسكۋانىڭ قاتتىق گۇمانىنى قوزغايدۇ. ھىتلېر بىر تەرەپتىن سوۋېتلەرگە ھۇجۇم قىلىش غەرىزى يوقلۇقىنى رەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش قوزغاش خەۋپى بارلىقىنى تىلغا كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالغان ئىدى. شۇڭا ھىتلېر، چوقۇم بىر كۈنى كىشىلەر بولشېۋىكلارنىڭ ياۋروپاغا تەھدىت پەيدا قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن بىرلىكتە ھەمكارلىق ئورنۇتۇشقا مەجبۇر بولۇدۇ دەپ تۇرۇۋالۇدۇ. سىمون بىلەن ئەدېن ئىككىسى بولشېۋىكلارغا قارشى بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرتنامە ئىمزالاش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھىتلېر بىلەن ئالماشتۇرغان ئادەتتىكىچە دىپلوماتىك سۆز-ئىبارىلىرىدىن موسكۋا چوقۇم بىرەر يامان غەرەز يوشۇرۇنغان دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار ئىدى: ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بېرلىندا قىزغىن كۈتۈۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەنچىلىك بىلەن رەخمەت ئېيتىدۇ. گېرمانىيە تەرەپ كۆرسەتكەن قىزغىنلىق ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئەنگلىيە تەرەپنىڭ يىغىن خاتىرىسى 23 مىڭ ھەرپلىك ئۇزۇن بىر سۆھبەت خاتىرىسى ئىدى. ئەمما مەركەزنىڭ ستالىن ۋە باشقا سوۋېت رەھبەرلىرىگە سۇنغان ئۇرۇسچە تەرجىمىسى ئارانلا 4 مىڭ ھەرپلىكلا ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە قىسقارتىلىشتىن دېرەك بەرمەيتى. بەلكى ئۇلار سىمون، ئەدېن، ھىتلېر ۋە باشقا كۆرۈشۈشكە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم سۆزلىرىنىڭلا خاتىرىسى بولۇپ، ئۇلار بۇ خاتىرىنى خۇددى ئىزچىل سۆھبەت تۈيغۇسىنى بېرىدىغان بىر تۇتاش ھالغا كەلتۈرۈپ يىغىنچاقلىغان ئىدى. تەرجىمىدە ئالدى-كەينىدىكى بىر قىسىم تەپسىلاتلار قىسقارتىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن مەنىسىمۇ كۆپ ئۆزگۈرۈپ كەتكەن ئىدى. بەلكىم، شۇندىن باشلاپ سىموننىڭ بىر جۈملە سۆزى گېرمانىيىنىڭ ئاۋستىرىيىنى ئىشغال قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن دەپ خاتا چۈشۈنۈۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىش مۇمكىن.

شۇنىسى ئېنىقكى، مەركەز ستالىننىڭ سۈيىقەست نەزەرىيىسى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن سىمون بىلەن ئەدېننىڭ بېرلىن زىيارىتىنى ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار سۆھبەتلىرىنىڭ باشلىنىشى دەيدىغان ئۇقۇمنى پەيدا قىلغان ئىدى. بۇ يىغىنلاردا ئەنگلىيە سىياسىيونلىرى پۈتۈن چارىلار بىلەن ھىتلېرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئويلىغانلا بولۇپ قالماي يەنە ئۇنى رۇسىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈنمۇ مەدەت بەرگەن دەپ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەنگلىيەدىكى بەزى دىپلوماتلار گەرچە بۇ ئىككى مۇستەبىتنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئۇرۇشنى پەيدا قىلىشىدىن خوشاللىق ھېس قىلغىنى

بىلەن ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ياكى ھۆكۈمىتى بۇنداق بىر توقۇنۇش چىقىرىش ئويۇنى ئويناشنى ھەرگىز خالىمايتى. ئەمما 30-يىللاردا ستالىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى موسكۋادا ئوتتۇرغا چىققان بۇ تۈر سۈيىقەست نەزەرىيىسى تا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقان كۈنلىرىگىچىلا تەسىرىنى يوقاتماي ساقلىنىپ كېلىدۇ. تاشقى ئىستىخبارات ئىدارىسى، 1997-يىلى نەشىر قىلغان ھۆكۈمەت تەرەپ تارىخ كىتابىدا ئاشكارە ئېلان قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكى ھۆججەتلىرى ھەمدە ئارخىپ ئىدارىسىدا ساقلانغان بەكلا كۆپ ئارخىپلار ئۇنچە بەك ئىشەنچىلىك ماتېرىيال ھېسابلانمايدۇ دەپ چىڭ تۇرۇدۇ. بۇ ماتېرىيالدا يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەنگلىيە دىپلوماتىك سىياسەتلىرىنىڭ قورقۇنۇشلۇق ماھىيىتىدىكى ھۆججەتلەرنى يوشۇرۇپ كەلدى دەپ قەتئىي چىڭ تۇرۇدۇ.

30-يىللاردىكى ئەنگلىيە رەھبەرلىرىنىڭ فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ھۆكۈمرانى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى، بولۇپمۇ ھىتلېرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆھبەت ھۆججەتلىرى تا بۈگۈنگىچە ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ مەخپى ئارخىپلىرى ئارىسىدا ساقلانماقتا. ئېنگىلىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ۋاقتىدا ھىتلېر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ھەمدە گېرمانىيىنى شەرققە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىق پاكىتلىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىماي كەلدى.

www.uyghurkitap.com

# تۆرتىنچى باپ
# كامبرىجنىڭ «بەش نوچىسى»

(ئەسلى ماۋزۇ: كاتتا بەشەيلەن)

ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى دەۋرلەردە چەتئەل ئىستىخبارات سېپىدىكى بەكلا كۆپ قەھرىمانلىرىنىڭ رەسمى، بۇلاردىن ياسىنىپۋونىڭ رەسمى چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خاتىرە سارىيىدا تا بۈگۈنگىچە ئېسىغلىق، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسلى ئاۋستىرىيىلىك يەھۇدىي بولغان ئارنولد دۇتىشنىڭمۇ رەسمى بار بولۇپ، بۇ كىشى بارلىق چوڭ ئىشپىيونلار ئارىسىدا ئەڭ تالانتلىق بىرى ھېسابلىنىشى مۇمكىن. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى دائىرىسىنىڭ مەدھىيە بېغىشلىمىسىدا مۇنۇلار يېزىلغان: «بۇ رەسىمدىكى ئۇنىڭ سەزگۈر، ئۆتكۈر قاراشلىرى ۋە قەتئىي چىرايى ئېكىسكۇرسىيەچىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى شۇ ھامان ئۆزىگە جەلپ قىلىشۋالىدۇ.» تا 1990-يىلىغا كەلگەندىلا ك گ ب دۇتىشنىڭ جاسۇسلۇق سالاھىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ھەتتا بۈگۈنمۇ موسكۋا دائىرىلىرى ئۇنىڭ كەسپى پائالىيەتلىرىدىكى بەزى تەرەپلىرىنى يەنىلا ئاشكارىلاشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ قارىماقتا.

دۇتىشنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات تارىخىنىڭ ئەڭ ئاجايىپ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. 1928-يىلى ئىيۇلدا، ئۇ ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئۇنىۋېرسىتېت دەرسلىرىنى 5 يىلغا قالمايلا تاماملاپ ئەلا نەتىجە بىلەن پەلسەپە دوكتور (PhD) لۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئەندىلا 24 ياشتىن ئىككى ئاي ئاتلىغان ۋاقتى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيىسى خىمىيە ئۈستىدە ياقىلانغان بولسىمۇ، ئۇ پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ باققان بىرسى ئىدى. بەلكىم كوممۇنىستلىقىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە بولسا كېرەك، پۇتكۇل

ستۇدېنتلىق دەۋرىدە ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت ئارخىپىدا ئۆزىنى يەھۇدىي دىنى مىزانلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بىر يەھۇدىي دەپ تونۇتۇپ كېلىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ دىنى ئېتىقاتىنىڭ ئورنىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىگەللىگەن ئىدى. ئېزىلىش، باي-كەمبەغەللىك پەرقى بولمىغان يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇنىڭ غايىسى ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، دۇنيادىكى تۇنجى ئىشچى-دېھقان ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئىنقىلاب سىموۋۇلى، دېيىش دۇتىش ۋە ئۇنىڭ كېيىن تارتىپ كەلگەن غايىۋىي جاسۇسلىرىنىڭ كۆزىنى پەردىلەپ، ستالىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى رۇسىيىنىڭ كۈندىن-كۈنگە رەھىمسىزلىشىپ كېتىۋاتقان ئەمىلىيىتىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ خەلقئارالىق ئالاقە بۆلۈمىدە مەخپىي ئالاقىچىلىقنى قىلىپ، رومىنىيە، گرېتسىيە، پەلەستىن ۋە سۈرىيە قاتارلىق ئەللەر ئارىسىدا قاتناپ يۈرۈدۇ. 1929-يىلى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئاۋستىرىيەلىك خانىمى جوزېفىنمۇ 3-ئىنتېرناتسىيونال خەلقارا ئالاقە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

دۇتىشنىڭ يېڭىچە دۇنيا قارىشى بويىچە جىنسى ئازاتلىق بىلەن سىياسىي ئازاتلىقنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئۈچۈن مەخپىي خىزمەت قىلىشقا كىرىشكىنىدىن تارتىپ، «جىنسى سىياسەت» ھەرىكىتىنىڭمۇ ئاشكارە ئىشتىراكچىسى بولۇدۇ. بۇ ھەرىكەت، گېرمانىيە كومپارتىيە ئەزاسى، پسىخولوگ ۋە جىنسى ئىلىم ئالىمى ۋىلھېلم لېيشى تەرىپىدىن باشلىتىلغان بىر ھەرىكەت بولۇپ، ۋېنا ئىشچىلىرىغا پىلانلىق تۇغۇت ۋە جىنسى ئۇيغۇتۇش جەھەتلەردە لېكسىيەلەر سۆزلەيتتى. لېيشى، بۇ جەرياندا فرېئۇد تەلىماتلىرى بىلەن ماركسىزم ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش سىنىقىغا ئاجايىپ كۈچلۈك غەيرەت بىلەن كىرىشكەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ۋاقىتلار ئۇنىڭ ئىنسان جىنسى ھەرىكىتى ئۈستىدە ئۆزىگە خاس بىر شەكىلدە تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى ئىدى. كېيىنچە بۇ تۈردىكى تەتقىقاتلىرى گەرچە ئۇنىڭغا بەكلا ماس كەلمىگەندەك

قىلىشىمۇ «تېخىمۇ ياخشى جىنسىي يوقۇرى پەللە تەرغىباتچىسى» دېگەن ئاتاققىمۇ ئېرىشتۈرۈدۇ. لېيشىنىڭ قارىشىچە سىياسەت بىلەن جىنسىي باستۇرما بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، ئىككىسى بىرلىشىش نەتىجىسىدە فاشىزم ئۈچۈن يول ھازىرلاش رولىنى ئوينىدى دەپ قارايدۇ. دۈتىشىمۇ ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ چىقىدۇ. ئۇ ۋېنادا «مىنىست» دېگەن گېزىت چىقىرىپ، لېيشىنىڭ ماقالىلىرى بىلەن باشقا جىنسىي سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇدۇ. ۋېنا ساقچى تەرەپ دۈتىشىنىڭ 3-ئىنتېرناتسىيونال خەلقئارا ئالاقىلىشىش بۆلۈمىدە يوشۇرۇن خىزمەت قىلىۋاتقان بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەھۋانىلىق ئەدەبىيات ئورۇنلىرىدا «جىنسىي سىياسەت» ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ يۈرۈش ئەھۋالىغا ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ.

دۈتىش، ھېچ بولمىغاندا شۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە ئاشكارە سالاھىيىتىدە لېيشىنىڭ مۇرتى، يوشۇرۇن سالاھىيىتىدە سوۋېت جاسۇسى بولۇشتەك قوش رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئويناپ كېلىدۇ. 1932-يىلى، ئۇ 3-ئىنتېرناتسىيونال خەلقارا بۆلۈمىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب نىڭ چەتئەل بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، گ پ ئۇ نىڭ بىر جاسۇسى سۈپىتىدە موسكۋاغا بېرىپ مەشىق قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ستىفېن لانگ دېگەن يالغان ئىسىم قويۇپ، ستىفېن دېگەن مەخپىي بەلگە بېرىدۇ (كېيىنچە ئۇ يەنە ئوتتو دېگەن يالغان ئىسىمنىمۇ ئىشلىتىدۇ). ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تۇنجى بىكىتى فرانسىيە ئىدى. ئۇ يەردە، بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە گېرمانىيە چېگراسىدىكى مەخپىي ئۆتۈش پونكىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە فرانسىيە بىلىقچى كېمىسىگە ئورۇش مەزگىلىدە ئۇ گ پ ئۇ نىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن رادىست ئاپاراتىدىن بىرنى قۇرۇپ تەييار قىلىپ قويۇدۇ.[90] ئۇنىڭ ئىككىنچى بىكىتى ئەنگلىيە ئىدى. دەل بۇ يەردە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنى ك گ ب نىڭ ئۆلمەس كىشىسىگە ئايلاندۇرۇدۇ.

30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، جاسۇسلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتى ۋە ئارخىپلىرىغا قارىتا مەخپىيەتلىك قائىدىلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكىدەك

ئۇنچىۋالا بەك چىلىق ۋە ئىنچىكە ئەمەس ئىدى. 1934-يىلىنىڭ باشلىرىدا، دۇتىش راست ئىسمى بىلەن لوندونغا كېلىپ، كەسپىنى ئۇنىۋېرسىتېت لېكتورى دەپ تونۇتۇدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىگە تايىنىپ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئارىسىغا كىرىۋالىدۇ. دۇتىش، لوندونغا كەلگىنىدىن كېيىن ئۆزىنى قالمايلا ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىدىن كۆچۈپ چىقىپ خومپۇستادنىڭ لوۋىن يولىدىكى بىر سارايغا جايلىشىدۇ. لوۋىن يولى لوندوندىكى ئاشقىن زىيالىلار توپلاشقان بىر يەر ئىدى. بۇ يەردىكى بىنا كېيىن لوۋىن يولى سارىيى دەپ ئاتىلىپ، ئەنگلىيەدە ئالدى كارىدورلۇق ئۆزۈن بالكونلۇق كىرىش شەكلىدىكى بىر ساراي ئىدى (بۇ تۈر بىنا پاسونى كېيىنچە بەكلا كۆپ شەھەردە ئۈچچە ياتاق بىنالىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالىدۇ)، ئۇ دەۋرلەردە، بۇ بىنا خومپۇستاد تەۋەسىنىڭ ئەڭ چىرايلىق بىنالىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. دۇتىش بۇ بىنادا 7-نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرىدۇ. يان خوشنىسى داڭلىق جىنايەت رازۋېتكا رومان يازغۇچىسى ئاگاتا كرىستىننىڭ ياتىقى ئىدى. بۇ يازغۇچى خانىم ئۇ ۋاقىتلاردا «شەرق تېز پويىزىدا قاتىللىق» دېگەن رومانىنى يېزىۋاتقان ئىدى. بەزىلەر دۇتىش بىلەن كرىستى ئىككىسى بۇ يېڭى ئەسەردىكى تەسۋىرلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشقان ئىكەن دېگەندەك خىيالى پەرەزلەردە بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسى پەقەتلا ئۇچرىشىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى ئۇ ۋاقىتلاردا كرىستى باشقا بىر يەردە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئەگەر كېلەتتى دېيىلگەندىمۇ بۇ ساراي بىناسىدىكى ياتىقىغا كامدىن-كام كېلىپ تۇرۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇتىشمۇ ئۇ دەۋرلەردە كىشىلىك مۇناسىۋەت پائالىيەتلىرىنى بەك جانلاندۇرۇۋېتىشنىمۇ خالىمايدىغان بىر دەۋرلەر ئىدى. بۇ سارايدىكى ياتاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇدۇل كورىدورغا ئېچىلىدىغان بولغاچقا، تۆۋەندىن كىرىپ چىقىۋاتقانلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما دۇتىش ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى پەلەمپەي تۇتقىنى تەرىپىدىن توسۇلغان بولغاچقا، ئۇنى كۆرگىلى كەلگەنلەر ھېچكىمگە كۆرۈنمەستىنلا غىپلا قىلىپ ياتاققا كىرىپ چىقالايتى. دۇتىشمۇ ئۆزىنىڭ ئىلمى قىياپىتى بىلەن تېخىمۇ پۇختا نىقاپلىنىۋېلىش ئۈچۈن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلار پسىخولوگىيە دەرسىنى

www.uyghurkitap.com

تاللاپ ئوقۇيدۇ. ھەتتا يەنە بوش ۋاقىتلىرىدا دەرس بېرىشكىمۇ قاتناشقان بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. 1935-يىلى، ئۇنىڭ ئايالى موسكۋادىكى رادىستلىق مەشغۇلات مەشقىنى تاماملىغاندىن كېيىن لوندونغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇدۇ.

ك گ ب ئارخىپلىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، دۇتىش ئەنگلىيىدە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا جەمئىي 20 نەپەر جاسۇس يېتىشتۈرۈپ، يەنە 29 نەپەر كىشى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن 5 نەپەر ياش ئاسپىرانتمۇ بار ئىدى. ئۇ بەش ئاسپىرانت، بۇ جاسۇسلار ئارىسىدىكى ئەڭ پەيزىلىرى بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ئۇ بەشەيلەن «يەتتە نوچىلار» دېگەن نام ئالىدۇ.[91] بۇلار ئانتونى بلۇت، گايى پوجىس، جون كېنكروس، تانناد مېكلېين ۋە جىم فىلبىيي دېگەن ياشلار ئىدى. «يەتتىلىك داڭدار» دېگەن قالتىس بازارلىق غەرپ رومانى 1960-يىلى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بلۇت قاتارلىق بۇ بەشەيلەنمۇ دائىم «بەشلىك داڭدار» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇدۇ. دۇتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ تۈگۈنى، ئۇنىڭ يېڭى جاسۇس تېپىش ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىشنى تەستىقلىشى بولۇپ، دۇتىش داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ياش ئاشقىنلارنى تىزگىنىدە تۇتۇشتىن ئاۋال ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ھوقۇقى بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ مەركەزگە يوللىغان خېتىدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

*بۇ تۈردىكى ئالىي مەكتەپلەردە كوممۇنىزم ھەرىكىتى بەكلا ئومۇملاشقان، شۇنىڭدەك كىرىپ-چىقىپ تۇرۇدۇغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بەكلا كۆپ بولغاچقا، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىن ئايرىم كىشىلەرنى تاللاپ چىقىشتا پارتىيە ۋە باشقا جەھەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئاسانلىقچە ئۆزىگە تارتالمايدۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى كومپارتىيىگە ئەزا بولغانلىق سەرگۈزەشتىسىنى ئاسانلا ئەسلىرىدىن چىقىرىۋېتەلەيدۇ. گەرچە بەزىلەر ئۇلارنىڭ بۇرۇن كوممۇنىست بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدىمۇ بۇ باللار ئۇ چاغلاردا ياشلىق قىلىپ ئۆتكۈنچى ھاياجىنىغا بېرىلىپ شۇنداق قىلىشقان دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتىشىدۇ. بولۇپمۇ ئاردىكى*

*بۇرژۇئاز تەبىقىدىن كېلىپ چىققانلارغا تېخىمۇ شۇنداق قارىشىدۇ. بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز، ئۇلارغا (جاسۇسلۇققا جەلپ قىلىنىدىغان ئوبيېكتلارغا) يېڭى بىر سىياسىي سالاھىيەت (پارتىيىسىزلىك سالاھىيىتى) بەرسەكلا كۇپايە.*

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدىغان ياشلىرى ئاساسلىقى ئوكسفورد بىلەن كامبرىچتىن ئىبارەت ئىككى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى بولغاچقا، باشقا جايلاردا قۇرۇلغان يېڭى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەمەس بەلكى بۇ ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئادەم تاللايتى. شۇنداق بولغاچقا، دۈتنىشمۇ بۇ ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتنى جاسۇس نامزاتلىرىنى ئاختۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق مەنبەسى دەپ ھېسابلىغان ئىدى. بەلكىم پۇرسەت كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، دۈتنىشنىڭ جاسۇسلۇققا جەلپ قىلىشىنىڭ كۆپ قىسمى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىقماي، كامبرىجتىن چىققانلىق ھادىسىسىنى مۇنۇ ئىشقا باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: كامبرىجنىڭ ترىنىتى ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان جىم فىلبىي تۇنجى بولۇپ دۈتنىشنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئوقۇغۇچى ئىدى. قالغان «تۆت نوچى»نىڭ ھەممىسىلا فىلبىينىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن كېيىن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق كۆپەيتىلگەنلەر ئىدى. بلۇت، پوگىس ۋە كىنكروسلارمۇ ترىنىتى ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، 4-كىشى (تانناد مېكلېيىن) بولسا ترىنىتى مىسىيونېرلار مەكتىپىدىن كەلگەن ئىدى.

دۈتنىشنىڭ جەلپ قىلىش تاكتىكىسى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بىر نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەن ئىدى. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ دەسلىۋىدە، «كاتتا بەشەيلەن»نىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ياكى ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا ئوخشىمىغان تۈردە كىرىپ ئالالايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئىنتايىن كۆپ ئالىي دەرىجىلىك ئىستىخبارات بىلەن موسكۋانى تەمىنلەپ تۇراتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇلار يېتىشىپ بولالمىغىدەك كۆپ ئەۋەتىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

1933-يىلى ئىيۇن ئېيىدا، فىلبىي بارلىقىمنى كوممۇنىزمغا بېغىشلايمەن دەيدىغان ئەقىدە بىلەن كامبرىج دەرۋازىسىدىن چىقىدۇ. 1934-يىلىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ۋېنا خەلقارالىق ئىشچىلار قۇتقۇزۇش تەشكىلاتىدا ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاۋستىرىيە كومپارتىيىسىنىڭ يەرئاستى ئالاقىچىلىقىنىمۇ قىلىدۇ. ئۇ ۋېنادىكى ۋاقتىدا، توي قىلىپ ئاجراشقان كومپارتىيە ئەزاسى لىتز فرىدمان بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاۋالمۇ فىلبىي قىسقا مۇددەتلىك شەھۋەتپەرەسلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان بولۇپ، شۇ قاتاردا قار ئۈستىدە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتەك بىر جەرياننىمۇ باشتىن كەچۈرگەن ئىدى (بۇنىڭغا كۆنۈپ قالساڭ قالتىس ئىللىق ۋە راھەت ھېس قىلىسەن دەيدۇ كېيىن ئەسلەپ كېلىپ). فىلبىينى سوۋېت جاسۇسلۇقىغا لايىق كۆرگەن كىشى لىتزنىڭ دوستى ئېدىس سۇسكېنىسكى ئىدى. بىر ئېھتىمالدا بۇ قىز سەۋەبىدىن دۇتىش ئۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. ئېدىسنىمۇ دۇتىش جاسۇسلۇققا كىرگۈزگەن بولۇپ، مەركەز بۇ قىزغا تۇلا بەك باش قاتۇرۇپ يۈرمەيلا ئىدىس دېگەن مەخپىي نام بەرگەن ئىدى.

1934-يىلى ماي ئېيىدا، دۇتىش لوندونغا يېتىپ بېرىپ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن جىم بىلەن لىتز فىلبىي ئىككىسىلا لوندونغا قايتىپ كېلىدۇ. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ئىدىس سوسكېنىسكىمۇ لوندونغا يەرلىشىپ، دۇتىش تەرىپىدىن جەلپ قىلىنغان ئالېكس تۇد خات دېگەن ئەنگلىيىلىك دوختۇر جاسۇس بىلەن توي قىلىۋالىدۇ. بۇ ئەر-خوتۇنغا بىرلىكتە ئۇقيا دېگەن مەخپىي نام بېرىلىدۇ. 1934-يىلى ئىيۇندا، ئىدىس تۇد خاد، فىلبىينى باشلاپ لوندوندىكى رىگىنت باغچىسىغا كېلىدۇ. فىلبىي باغچىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردىن بىرسىگە ئولتۇرۇپ دۇتىش بىلەن بىرىنچى قېتىم سۆزلىشىدۇ. فىلبىي كېيىنچە ك گ ب ئۈچۈن يازغان بىر پارچە ئەسلىمىسىدە شۇ چاغدا دۇتىش ئۇنىڭغا: بىزگە بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىۋېلىپ پائالىيەت قىلىدىغان بىر ئادەم لازىم. سىز بىز ئۈچۈن شۇنداق قىلالامسىز؟ دېدى. ئەمما ئۇ، ھە دېگەندىلا ئۇ يەردە فىلبىينىڭ سوۋېت جاسۇسى سۈپىتى بىلەن پائالىيەت

قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان. ئەكسىنچە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ خەلقئارا فاشىزىمغا قارشى يەر ئاستى كۈرىشى بىلەن شۇغۇللانغان بىرسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلغان. دۈتىش ئۇنىڭغا بىرىنچى ۋەزىپە قىلىپ ئۇنىڭ كومپارتىيە بىلەن بولغان ئاشكارە بىلىنگەن بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈش، ئەنگلىيەدىكى گېرمانپەرەس ئۇنسۇرلار ھەمدە فاشىزمپەرەس ئۇنسۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرغان. فىلبىي شۇ قېتىم دۈتىش بىلەن كۆرۈشكىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا شۇ ھامان بىر مەخپىي بەلگە قويۇلغان بولۇپ، بۇ مەخپىي بەلگىسى نېمىسچە سونچېن ۋە ئۇرۇسچە سىنوك دېگەن ئىككى تۈرلۈك مەنىگە ئىگە ئىدى. بۇ سۆزلەر تەخمىنى ئالغاندا ئېنگىلىزچىدىكى يىگىت دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇنداق قوش لەقەم قويۇش ئۇ مەزگىللەردە خېلى ئومۇمىي بىر ئەھۋال ئىدى.

50 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، فىلبىي ئۆزىنىڭ ئۇتتو دېگەن بىرسى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقانلىقىنى ئېنىق ئەسلىيەلەيتى. شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ھەقىقەتەنمۇ قىزىق بىر كۆرۈشۈش بولغانلىقىنى ئەسلىگەن فىلبىي مۇنداق دەيدۇ:

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئادەم ئىدى. مەن بۇنى شۇ ھامان سېزىۋالغان ئىدىم، بۇ جەھەتتە گەپ يوق، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىرى. مەندىكى بۇ تۈر تۇيغۇ شۇندىن كېيىن مەڭگۈ كاللامدىن چىقمىدى. ... بىرلا كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزەڭنى ھەرگىز قاچۇرالمايتىڭ. ئۇ سېنى دىققەت بىلەن كۈزىتەتتى. گويا بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلۈشۈۋاتقان ئىشتىنمۇ مۇھىم بىر ئىش يوقتەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈۋېتەتتى. ... يەنە كېلىپ، بۇ كىشى بەكلا قىزىقچى بىرى ئىدى.

ك گ ب تارىخىدا خۇددى دۈتىشنىڭ كامبرىج «بەش نوچى» لىرى بىلەن بۇنچە پۇختا ماسلاشقاندەك باشقا بىر جاسۇس يېتەكچىسىنى تاپقىلى بولمايتتى. گەرچە «بەش نوچى» ئارىسىدىكى 4 ياش ئەڭ لاياقەتلىك نەتىجە بىلەن كامبرىجنى پۈتكەزگەن كىشىلەر ھېسابلانسىمۇ، دۈتىشنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى يەنىلا ئۇ بەش نوچىنىڭ ھەرقاندىقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىسىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈتىشنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنى بەكلا چوڭقۇر تونۇيدىغانلىقى ھەمدە ئۆزىمۇ ئېخىمۇ مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى سېھىرلىك خاراكتېر، جەمئىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىش قابىلىيىتى ھەمدە كەلگۈسىدە ئىنسانىيەت بۇرژۇئازىيە ئېكسپالاتاتسىيەسىدىن، نامراتلىق-باياشاتلىق پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمئىيەتتىن چوقۇم ئازات بولۇدۇ دەيدىغان ئەقىدىگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇق پۈتۈنلۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەركىنلىك ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى ھەقىقەتەنمۇ كامبرىج «بەش نوچىسى» نى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىۋالغان، ئۇنىڭ تەرغىپ قىلىدىغىنى سىياسىي جەھەتتىكىلا ئازاتلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولماي، يەنە جىنسىي ئازاتلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر چۈشەنچە ئىدى. ئۇلار بەشەيلەن قاتتىق جىنسىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ھەمدە ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى دەۋرلەردە ئەنگلىيەدە بولغان كونىراپ چىرىپ كەتكەن سىنىپى تۈزۈملەرگىمۇ قەتئىي قارشى ئىدى. پوجىس بىلەن برونت ئىككىسى بەچچىۋازلاردىن بولۇپ، تانناد مېكلېين بولسا بىر ھېجىقىز ئىدى. فىلبىي بولسا جىنسىي كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر يات جىنسقا قىزىققۇچى ئىدى. كىنكروسمۇ قەتئىي يات جىنسقا قىزىققۇچى بىرى ئىدى. كېيىن ئۇ كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىك تارىخ ھەققىدە بىر كىتاپ يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ كىتابىنىڭ خاتىمىسىدە گېورگ بېرنارد شاۋنىڭ بىر مەشھۇر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: بارلىق ئاياللار ئادەتتىكى بىر ئەردىن يالغۇز بەھرىمەن بولۇشقا قارىغاندا ئىقتىدارلىق ئەرنىڭ 10 % قىسمىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. كىنكروس، ئۆزىنى ئەنە شۇنداق قابىلىيەتلىك بىر ئەر ھېسابلايتتى. گراھام گرىن بۇ كىتاپقا بەكلا قايىل بولاتتى: مانا ئاخىرى مۇشۇنداق بىر كىتاپىمىز بار بولدى! ـــ دەيدۇ كىنكروسقا يازغان خېتىدە، ـــ بۇ كىتاپ، كۆپ خوتۇنلۇقنى تەرغىپ قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى.

دۈتىش ئەنگلىيىدىكى جاسۇسلارنى تىزگىنلىگۈچى ئالاھىدە ۋەزىپە

خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېقىنقى 4 يىل جەريانىدا ئۇمۇ 3 نەپەر ئالاھىدە ۋەزىپە خادىمى تەرىپىدىن يېتەكلەنمەكتە بولۇپ، بۇ 3 كىشىنىڭ ھەممىسى بەكلا كۆپ مەخپىي نام قوللانغان ئىدى: ئىگناتيو لېيف، لەقىمى مال؛ ئالېكساندىر ئورلوۋ، لەقىمى سۆند؛ تيودور مارى، بۇ كىشى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ پاۋۇل، شىيو ۋە مان دېگەندەك بىر قانچە خىل مەخپىي ناملارنى ئالغان. 1938-يىلى، بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسىلا چوڭ تېررورلۇق دەۋرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. لېيف بىلەن مارى ئۇيدۇرما جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئورلوۋ ئۇ ۋاقىتىدا جېنىنى ئېلىپ شىمالى ئامېرىكىغا قېچىپ كېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، ئەگەر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى تەرىپىدىن پېيىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى بولغىنىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىلگەن بارلىق جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى ئاشكارىلىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالغانلىقى سەۋەبىدىن ك گ ب نىڭ پېيىغا چۈشۈشىدىن قۇتۇلۇپ جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ. 1993-يىلى نەشىر قىلىنغان ك گ ب بىلەن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ تۈزۈپ چىققان ئورلوۋ سەرگۈزەشتىلىرى دېگەن كىتاپتا، ئۇنى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەلپ قىلىنغان جاسۇسلارنى تەييارلىغۇچى ئاساسلىق كىشى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنداق دېيىش ھەقىقەتەنمۇ كىتاپخانلارنى ئاز-تولا قايمۇقتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇنى بۇنداق مۇبالىغە قىلىۋېتىش مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەپتىن ئوتتۇرغا چىققان بولۇشى مۇمكىن: بىرىنچى سەۋەب، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دەرىجە تۈزۈمى سەۋەب بولغان. سوۋېت ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە يوقۇرى دەرىجىلىك بيروكراتلارنىڭ ھەممىسى قول ئاستىدىكى تارماقلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى بىزنىڭ نەتىجىمىز دەۋېلىپ، بۇنىڭدىن قولغا كېلىدىغان شەرەپنىمۇ ئۆز ھېسابىغا ئېلىۋالىدۇ. ئورلوفنىڭ 30-يىللاردا ئەنگلىيەدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ئەڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ئىستىخبارات خادىمى فىلبىينى تەرەققى قىلدۇرغان دېيىشى دەل شۇخىل دەرىجە تۈزۈمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئومىي ئەھۋالغا تىپىك بىر مىسال بولالايدۇ. ئىككىنچىسى، ئورلوۋنىڭ تارىخىي ئورنىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئەھۋالى دەۋرنى تىپىكلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېيىش مۇمكىن. ئۆزلىرىنى ك گ ب بىرىنچى باش ئىدارىسىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى دەپ كۆرسەتمەكچى بولغان چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى، پاكىتلار ئارقىلىق غەرپ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى ھەمدە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ نەقەدەر دۆتلىكىنى كۆرسىتىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقىدىن شۇنداق مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن: 30 نەچچە يىللىق پائالىيەت جەريانىدا غەرپلىكلەر كامبرىج «بەش نوچىسى»نى جاسۇسلۇققا جەلپ قىلغۇچى كىشىنىڭ دەل بۇرنىنىڭ تېگىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ــ يەنى ئامېرىكىدا تۇرغانلىقىنى پەرق قىلالمىدى دېمەكچى. ئورلوۋ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇنقى بىر قانچە يىل جەريانىدا، ك گ ب ئۇنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلسەڭ دەپ كۆپ قېتىم نەسىھەت بەرگەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ئاجايىپ راھەت ئائىلىك بىناسىدىن ئۆي ھەمدە كەڭتاشا يەتكىدەك پېنسىيە تەمىناتى بېرىدىغانلىقى بىلەن قىزىقتۇرۇپ باققان، ئېنىقكى، بۇ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەشۋىقات مەقسەتلىك بولۇپ، ك گ ب ئۇنى تېپىك بىر ئۈلگە قىلىپ تەشۋىق قىلىشنى ئويلىغان: ستالىننىڭ چوڭ تېررورلۇقى دەۋرلەردە چەتئەلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئەمما قىلبىيغا ئوخشاش، يەنىلا لېنىن ئىنقىلابىغا بولغان ئەقىدىسىنى ساقلاپ كەلگەن، ئۆزىدىكى ئالاھىدە ئۈستۈن جاسۇسلۇق تالانتىغا تايىنىپ غەرپ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى نۇرغۇن يىل ئاخماق قىلىپ كېلەلىدى.

ئەسلىدە، ئورلوۋ پەقەت بىر يىلدىن ئارتۇقراقلا ۋاقىت لوندوندا تۇرغان بولۇپ، 1934-يىلى ئىيۇل ئېيىدا لوندوندا 10 كۈن تۇرغان، ئاندىن 1934-يىلى سىنتەبىردىن 1935-يىلى ئۆكتەبىرگىچىلا تۇرغان. بۇ جەرياندا، دەرىجىسى ئۆزىدىن كۆپ تۆۋەن بولغان دۇتىش بىرەر ئىستىخبارات پائالىيىتىگە ئاتلىنىشتىن ئاۋال ئۇنىڭ تەستىقلىشىغا مۇھتاجلىق ئىدى. بەزىدە ئورلوۋمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۇتىشقا بىر قىسىم يوليورۇقلارنى بېرىپمۇ قويىتتى. ئەمما مىتروخىننىڭ خاتىرلەپ چىققان ئارخىپلىرىدىن قارىغاندا، فىلبىيى بىلەن قالغان كامبرىج قابىلىيەتلىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش نىشانى قىلىپ بېكىتىشنىڭ ئاساسلىق تەدبىر ئادىمى ئورلوۋ ئەمەس بەلكى دۇتىش ئىكەنلىكى بەكلا

ئېنىق كۆرسۈتۈلگەن. شۇنىڭدەك يەنە فىلبىينىڭ ئۆزىمۇ بۇ تەدبىر يولغا قويۇلۇش ماھارىتى جەھەتتە ھېچقانداق بىر يېتەكچى دۇتىشقا تەڭ كېلەلمەيدۇ دەپ ئېتراپ قىلىدۇ.

فىلبىينىڭ سوۋېت ئىستىخبارات ئورنى ئۈچۈن ئىشلىگەن تۇنجى خىزمىتى، دۇتىش بىلەن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشقا ئىككى نەپەر تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبىكتلىرىنى — تېنارد مېكلايىن بىلەن گايى بۇرگېس ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇش ئىشى ئىدى. 1931-يىلى تېنارد مېكلاۋىن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدە مىسيونېر مەكتىبىگە قەدەم باسىدۇ. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى تېخى مۇستەھكەم كوممۇنىست دەپ قارالمىغىنىدا، ئۇ ھالدا بىر يىل ئىچىدە ئۇ رەسمىي تەۋرەنمەس كوممۇنىزمچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. مېكلاۋىن بەكلا قاملاشقان بىرسى بولۇپ، ئىلمىي سەۋىيىسىمۇ خېلى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىدى. دادىسى ئىلگىرى ئەركىنلىك پارتىيىسىدىن كەلگەن سابىق ئىچكى ئىشلار كابىنېتىنىڭ ۋەزىرى بولغان بىرى ئىدى. مېكلاۋىن، چوقۇم دۇتىش تەرىپىدىن ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىن بىرسىگە كىرگۈزۈۋېتىشكە بولىدۇغان ئەڭ لايىق نامزات دەپ قارالغان. 1934-يىلى 6-ئايدا مەكتەپ پۈتتۈرگىنىدە، تانناد مېكلېيىن  ھازىرقى زامان تىل كەسپىدە ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا دەرھال ئەنگلىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىپ خىزمەت قىلىش خىيالىمۇ يوق ئىدى. ئەسلىدە ئۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئېنگلىز تىلى ئوقۇتۇشنى ياكى بولمىسا كامبرىجدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش كويىدىكى بىرسى ئىدى. ئەمما شۇ يىلى يازدا، بۇ ئويىدىن ياندۇ. ئۇ ئانىسىغا، كىلەر يىللىق تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ ئادەم تاللاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئويىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگۈرۈش قىلغانلىقىنى دۇتىشنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ فىلبىي ئارقىلىق تۇنجى ئۇچرىشىشى 1934-يىلى ئاۋغۇست ئېيى ئىدى. دۇتىشنىڭ دوكلاتىدا، ئۇ فىلبىيغا تانناد مېكلېيىن  بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن كەسىپ تاللاش ئىشى ھەققىدە ھەمدە سىرت بىلەن ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرىلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇنىڭدىن كومپارتىيە بىلەن بولغان ئاشكارە مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مىكلايىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلغان. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا مەركەز دۈتىشنىڭ تانناد مېكلېيىن بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشىغا قوشۇلمىغان بولۇپ، شۇندىن كېيىنكى ئىككى ئاي جەريانىدا ئۇنىڭ تانناد مېكلېيىن بىلەن ئالاقىلىشىشىغا يەنىلا شۇ فىلبىي مەسئۇل بولغان. تانناد مېكلېيىنمۇ خۇددى فىلبىيغا ئوخشاش ئىشلەتكەن تۇنجى قېتىملىق مەخپى بەلگىسى ئىككى مەنىلىك ئىدى: نېمىسچە ۋايس ۋە ئۆرۈسچە سىروتا. بۇ ئىككىلا سۆز يېتىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى (ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنىڭ دادىسى ۋاپات بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان ئىدى).

ئەينى ۋاقىتتا، تېخى تىرىند ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ تەتقىقات كەسپىنىڭ ئىككىنچى يىللىق ستۇدېنتى بولۇپ ئوقۇۋاتقان گايى پوگس مەڭگۇ تاماملىيالمايدىغان دېسسېرتاتسىيىسىنى تەييارلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىر قانچە ئاي مابەينىدە، ئۇ كومىنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا ۋاكالەتەن فاشىستىزمغا بىر مەيدان يەر ئاستى جەڭ باشلاش خىيالى بىلەن قاتتىق ھەۋەسلىنىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا «بەش نوچىلار»نىڭ بىرىگە ئايلىنىدىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنى «بەش كىشىلىك گۇرۇھ» مەخپى تەشكىلاتى ــ گېرمانىيە كومپارتىيىسىدىكى دوستى بىلەن ئەمەلىيەتتە پەقەتلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدىغان گېرمانىيە بەش كىشىلىك گۇرۇھى ھەققىدە ئىزچىل سۆزلۈشۈپ يۈرەتتى. مىكلايىنىمۇ ئەنە شۇ دوستلار ئارىسىدىكى بىرسى دېيىش مۇمكىن ئىدى. مىكلايىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ ئۇنىڭغا مەخپى خىزمەت قىلىش تەلىپىنى بەرگەن ۋاقىتتا پوگس ئۇنىمۇ بۇ خىزمەتكە بىرگە قوبۇل قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان.

1934-يىلى دېكابىردا، تانناد مېكلېيىن دۈتىش بىلەن بوگس ئىككىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى دۈتىش بۇ كامبرىجلىق داڭدار ئەربابنىڭ ئەھۋالىنى بۇرۇندىنلا

ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. پوگس دېگەن بۇ ئادەم زېرەك، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە ماھىر بىرسى بولۇپ، دىن تەرغىباتى ئۈستىدە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە چەتكە قېقىلىپ كېلىۋاتقان، ئەمما ھاراقتا بېرىلىپ كەتكەن پېتىر كلۇبىدىكىلەر ئۈستىدە گەپ بولغاندا، شۇنىڭدەك جاھاندىن جاق تويغان ۋائۇدېۋىللارنى مازاق قىلىش قاتارىدىكى نازاكەتلىك مەدەنىيەت پاراڭلىرىغا كەلگەندە ئوخشاشلا ياخشى بىلىدىغان ئىشلىرى قاتارىدا سۆزلىشەلەيتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كومۇنىستلارنى قوللايدىغانلىقىنى ھەمدە ئوخشاش جىنس مۇناسىۋىتى ساراڭلىقىنىمۇ قىلچە يوشۇرۇپ كەتمەيتى. گەرچە ئۇ ۋاقىتلاردا ئوخشاش جىنس مۇناسىۋىتى قانۇنسىز ھەرىكەت ھېسابلانسىمۇ ئۇ بەرىبىر ياش ئىشچىلار سىنىپى ئەرلىرى بىلەن قوپال جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن يانمايتى. ئەمما دۇتىشتىن بەكىرەك كاج، ئۇنىڭدەك تەسەۋۋۇر كۈچى بولمىغان باشقا بىر يېتەكچى بولغىنىدا بۇنداق خالىغىنىنى قىلىپ جاھانغا پاتماي يۈرۈدۇغان بوگسنى بىر تۈرلۈك بايلىق دەپ چۈشەنمەي ئۇنى ئىشىغا يۈك دەپ قارىشى ئېنىق ئىدى. ئەمما دۇتىش، ئۇنىڭدىكى بۇ تۈرلۈك قىلغىلى قىلىق تاپالماي يۈرۈدىغان خاراكتېرىنىڭ ئۆزىلا بوگسنىڭ جاسۇسلۇق خىزمىتى ئۈچۈن بەكلا ياخشى — بەزى بىنورماللىقلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي — نىقاب بولالايدۇ دەپ قارايدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تارىخىدا بوگسقا ئوخشايدىغان بۇنداق غەلىتە قىلىقلىق جاسۇس كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ فاشىزىمغا قارشى يەرئاستى كۈرىشىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغىنىدا، بوگس دەرھال دۇتىشقا بۇ تەكلىپىڭىزدىن قاتتىق پەخىرلەندىم، بۇ ئىش يولىدا جېنىمنى پىدا قىلىشقا تەييارمەن دەپ ھاياجىنىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ مەخپىي بەلگىسى قىزچاق (دەل فىلبىينىڭ ئوغۇل دېگەن بەلگىسىنىڭ ئەكسىنچە) بولۇپ، ئۇنىڭ ھېجىقىزلىق مىجەزىنى ئېنىق ئىشارەت قىلغان بىر مەخپىي ئىسىم ئىدى.

دۇتىش خۇددى فىلبىيغا تاپشۇرغىنىدەك تانناد مېكلېيىن بىلەن بوگس ئىككىسىغىمۇ تۈنجى ۋەزىپە قىلىپ ئۇلارنى سولچىل ئەربابلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قەتئىي ئۈزۈش، ئىدىيىۋى جەھەتتە ھۆكۈمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئۆگۈشلۈق شەكىلدە كىرىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تانناد مېكلېيىن ئايىسىنى ــ تانناد مېكلېيىن خانىمنى ــ ئوغلىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت دەۋرىدىكى كوممۇنىزم خام خىيالىنى پۈتۈنلەي تاشلىغانلىقىغا بەكلا ئاسان ئىشەندۈرەلەيدۇ. 1935-يىلى ئاۋغۇستتا، ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنىڭ ئادەم تاللاش سىنىقىدىن ئۆتۈدۇ. ئىمتىھان ئالغۇچىلار ئۇنىڭدىن كامبرىجدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى كوممۇنىزىمغا بولغان قاراشىنى سورىغىنىدا، ئۇ قىلچە يوشۇرماي ئوچۇق ئېتراپ قىلىدۇ:

ــ شۇنداق، مەن بۇرۇن ھەقىقەتەنمۇ ئەنە شۇ ئەقىدىدىكى بىرى ئىدىم. ھەتتا بۈگۈنمۇ ئۇ قاراشلىرىمدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلىدىم دېيەلمەيمەن. ــ دېدىم. پەرىزىمچە ئۇلار مېنىڭ بۇنداق سەمىمىيلىك بىلەن ئوچۇق سۆزلۈگۈنۈمنى ياخشى كۆردى ئەتىمالىم، ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ باش لىڭشىتىپ كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئىمتىھانغا مەسئۇل بولغىنى ماڭا ــ رەخمەت سىزگە، سورايدىغانلىرىمىز تۈگىدى، تانناد مېكلېيىن ئەپەندىم، ــ دېدى.

1935-يىلى ئۆكتەبىردە، تانناد مېكلېيىن ئەنگلىيە خانلىق تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىك مەھكىمىسىدە «بەش نوچى» ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا سىڭىپ كىرەلىگەن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

بوگس ئۆزىنىڭ بۇ تۈردىكى روشەن مىجەز-خاراكتېرىدىن پايدىلىنىپ ئىلگىرى كومپارتىيە تەشكىلىگە قاتناشقانلىق تارىخىنى يوشۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدۇ. 1935-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئوڭچىلىرىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى پولكوۋنىك جېك مېكنامارانىڭ شەخسى ياردەمچىسىغا ئايلىنىدۇ ــ بۇ پولكوۋنىكمۇ بىر بەچچۋاز ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە بېرىپ ئىسپات يىغىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان ئىدى، ئەسلىدە ئۇلار ئاساسلىق قىلغان ئىشى ــ بوگسنىڭ ئېيتىشىچە ــ ئۆزلىرى بىلەن ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان قاراشتىكى ھىتلېر ياشلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىش ئىدى. بوگس، ياۋروپا قىتئەسىدىكى كۆپلىگەن

بەچچىۋازلار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئېدۋارد پۇفايېۋ دېگەن بىرسى ئىدى. بۇ كىشى ئېدۋارد دالادېرنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئىدى. دالادېر 1936-يىلى يانۋاردىن 1940-يىلى مايغىچە فرانسىيە دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى، 1938-يىلى ئاپرېلدىن 1940-يىلى مارتقىچە باش مىنىستىر بولغان ئىدى. بوگس ئۇنىڭ دوستىغا ماختىنىپ «مەن پۇفيېۋ ۋە يەنە ئىككى فرانسىيە ئىچكى كابىنېت ئەزاسى بىلەن ... بىرلىكتە پارىژدىكى بىر بەچچىۋازلار زالىدا بىر كېچە ياشىۋالغان ئىدىم. بىز ئۇ يەردە بىر ئۈستەل ئەتراپىغا يىغىلىپ بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغاچ ئۈستەل ئۈستىگە باغلانغان يالىڭاچلانغان بىر ئوغۇل بالىنى تىنماي قامچىلاپ ئوينىدۇق» دەيدۇ.

1935-يىلى فېۋرالدا، لوندون مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىدا بىخەتەرلىك كىرىزىسى يۈز بېرىدۇ. ئۇ چاغدا «ماكس ئورلىچ» دېگەن يالغان ئىسىم بىلەن پائالىيەت قىلىپ يۈرگەن لېيف دۆلەت ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىگە چاقىرتىلىپ ئېغىزچە سوراق قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ سوراقتا تارتىۋاتقان خادىمنىڭ ئالدىدا ئۈستىگە ئورلىچ دېگەن ئىسىم يېزىلغان قېلىن ئارخىپ قويۇلغان ئىدى. ئورلوۋ مەركەزگە دوكلات قىلىپ، قارىغاندا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بەزى يىپ ئۇچلىرىنى قولغا چۈشۈرىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇنداقتىمۇ تېخى بىرەر نەق پاكىتنى قولغا كەلتۈرەلىگەندەك ئەمەس. شۇڭا مېنى ۋەزىپەمدىن قالدۇرماقچى بولۇشتى» دەيدۇ. دۆلەت ئىچكى ئىشلار بۆلۈمى دەرھال لېيفنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىلىق يوليورۇق بەرگەن. لېيفمۇ ئامالسىز بوي سۇنغان. ئورلوۋ، ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى بەلكىم دۈتىش ئۈستىدىمۇ تەكشۈرۈش يۈرگۈزىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن فىلبىي، تانناد مېكلېيىن ۋە بوگس قاتارلىقلارنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالىدۇ. بۇ ئۈچ كىشى بۇ كۈنلەردە «ئۈچ مەرگەن» دەپ ئاتالماقتا ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئورلوۋ ئامېرىكىلىق سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان بولۇپ، رىگىنت بازىرىدا بىر توڭلاتقۇ ماگازىنىدىن بىرنى ئېچىۋالغان ئىدى. ئۇ، شۇ كۈنلەردە بۇنداق بىر نىقابقا پۈركۈنۈۋېلىش ھەقىقەتەنمۇ بىخەتەر بىر چارە دەپ ئىشىنەتتى. ئەمما ئۆكتەبىردە يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

قېتىم بىخەتەرلىك كىرىزىسى يۈز بېرىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز نەچچە يىل بۇرۇن ۋېنادا ئېنگلىزچە دەرسىگە قاتناشقان ئۆزىنىڭ ھەقىقى سالاھىيىتىنى بىلىدىغان بىرسىگە دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ-سالدىراپ لوندوندىن ئايرىلىپ، شۇندىن باشلاپ لوندونغا قەتئىي ئاياق باسمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، كامبرىژدا سېپىگە قېتىلىۋالغان جاسۇسلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشى قايتىدىن دۇتىشنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا فىلبىي، تانناد مېكلېيىن ۋە بوگىس تېز ئارىدا يېتىلگەن سوۋېت جاسۇسلىرىغا ئايلىنىدۇ. بەلكىم КГБ ئۇلارغا سىلەر كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا ھەمكارلىشىپ فاشىستلار بىلەن يەر ئاستى كۈرەش بىلەن شۇغۇللۇنۇش ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئۈچۈن ئىشلەۋاتىسىلەر دەپ ئېنىق ئېيتمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتە رەسمى ئۇقتۇرۇشقىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. خۇددى دۇتىشنىڭ مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك: ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار. ئۇلار بۇ تەرىپىنى ئېنىق بىلىدۇ. مېنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىمۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىقىمىز ئاساسىغا تىكلەنگەن دەيتى. مۇنداق ئېيتقاندا، دۇتىش ئۇلارنى ھەرگىزمۇ تېزگىنلەپ كېلىۋاتقان قول ئاستىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك جاسۇس دەپ قارىمايتى. ئەكسىچە ئۇلارنى ئورتاق ۋەزىپە، بىرلا غايە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان يولداشلار دەپلا قارايتى. كېيىن، دۇتىشقا ئوخشاش جانلىق يېتەكچىلىك قىلمايدىغان خادىملار فىلبىي، بوگىس ۋە تانناد مېكلېيىن قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىر جاسۇس ئەمەس بەلكى سوۋېت ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ بىر خادىمى دەپ قارىشىدىن بەكلا خاپا بولۇشىدۇ. 1963-يىلى، فىلبىي موسكۋاغا قېچىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باشقا چەتئەل جاسۇسلىرىغا ئوخشاش ھەربى ئۇنۋانىنىڭ يوقلۇقىنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئۇلارغا ھەرگىز بۇنداق بىر ئۇنۋان بېرىش نىيىتىدە ئەمەسلىكىدىن خەۋەر تېپىپ بەكلا ھەيران قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەر تۈرلۈك چارىلاردىن پايدىلىنىپ غەرپ مۇخبىرلىرىنى ئۆزىنىڭ بىر ك گ ب

پولكوۋنىكى ئىكەنلىكىگە، ھەتتا بىر گېنېرال ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ يۈرۈدۇ. 1968-يىلى نەشىر قىلىنغان ئەسلىمىلەر كىتاپىدا فىلبىي يەنە بىر قېتىم يالغان ئېيتىپ «ئۆزىنى 30 نەچچە يىللىق ستاژى بار سوۋېت ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ بىر ئوفىتسېرى» دەپ يازىدۇ.

1935-يىلىدىكى بىختەرلىك كىرىزىسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، دۇتىش ۋە مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى بەكلا كۆپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ ئەنگلىيە بىختەرلىك ئىدارىسى بىلەن باشقا ئالاھىدە ۋەزىپە ئورۇنلىرىنىڭ نازارىتىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا، دۇتىش بىرەر جاسۇس بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى — كۆرۈشۈش يېرى ئۈچۈن ئادەتتە لوندون تاللىناتتى — ھەردائىم ئاۋال ماشىنىسىنى بىرسىگە ھەيدىتىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ماشىنىسىغا بىرەرسىنىڭ ئەگىشىپ-ئەگەشمىگەنلىكىنى تەپسىلى كۆزۈتۈپ چىقاتتى. ھېچكىمنىڭ كەينىگە چۈشۈۋالمىغانلىقىغا قانائەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاپتوزغا ئولتۇرۇپ بىر قانچە قېتىم ئاپتوۋۇز ئالمىشىپ يۈرۈپ لوندونغا قايتىپ كېلەتتى. ئاندىن مەخپىي ھۆججەت تارتىلغان نىگاتىپ لېنتىنى تاغىقىغا يوشۇرۇپ ساياھەت ئەشيالىرى ۋە ئۆيدە ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم نەرسىلىرى ئارىسىغا تىقىپ قوياتتى. مەركەزگە يوللايدىغان دوكلاتنى ئادەتتە كۆرۈنمەس سىيا بىلەن يېزىپ كوپىنخاگىندىكى بىر ئادرىسقا ئەۋەتەتتى، ئاندىن ئۇ يەردىن موسكۋاغا يوللىناتتى.

گەرچە ك گ ب بىلەن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر قىسىم «ئۈچ مەرگەن»نىڭ بەكلا قىزىقارلىق ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار نورمان جون (ئومس) كروكمان دېگەن بۇ ئىسىمنى ھېچبىر ۋاقىت تىلغا ئالمايتى. بۇ كىشى ئەسلىدە دۇتىشنىڭ 1936-يىلى كېڭەيتكەن بىر جاسۇسى ئىدى. كروكمان بىلەن ياش ماركسىست شائىر جون كامپۆت ئىككىسى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەڭ قالتىس كومپارتىيە پائالىيەتچىلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۇلارنى «ئومس بىلەن جون» دەپ ئاتىشاتتى. گەرچە 1937-يىلى ئەندىلا 21 ياشقا كىرگەن كامپۆت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا قۇربان بولۇدۇ. ئەمما كروكمان يەنىلا كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرماقتا ھەمدە ئەنگلىيە كومپارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات ۋە مائارىپ ئىشلىرى مەسئۇلى، سىياسىي كومىتېت (سىياسىي بىيروغا تەڭ) ئەزاسى ھەمدە پارتىيىنىڭ تارىخچىسى ئىدى. ئۇ خورتىنىڭ گىرىسىم مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا كومپارتىيە ئەزاسى بولغان ئىدى. ئۇ، تانارد تانناد مىكلىيېن بىلەن تەڭ ياشتا ھەمدە ئۇنىڭ دوستى ئىدى. كروكمان، تىرىنىتى ئىنىستىتۇتىدا ھازىرقى زامان تىلى كەسپىدە ئوچۇق رىقابەتلىشىش ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، تانناد مىكلىيېنمۇ يېقىندىكى تىرىنىتى مىسسىيونېرلار مەكتىپىدە گەرچە ئۇنىڭكىگە يەتمىسىمۇ بىر خىل ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىرى ئىدى. بۇ ئىككىسىلا ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. تانناد مىكلىيېن غا ئوخشاش ئانتونى بۇلۇتنىڭ كوممۇنىزم ئەقىدىسى بەلگىلىك دەرىجىدە كروگماننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. بۇلۇت، كروگماننىڭ «قالتىس مۇنەۋۋەر سىياسەتچى ئىكەنلىكىنى، باي ماھارەتلىك ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنى بىلەن پارتىيە تەشكىلاتىنى باشقۇرۇپ يۈرگەن بىرسى ئىكەنلىكىنى، ... كوممۇنىستلارنىڭ كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قايسى تەشكىلات ياكى قايسى جەمىيەتكە سىڭىپ كىرىشى كېرەكلىكىنى ھەر دائىم ئۇنىڭ قارار قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى» بايقايدۇ. كلوگماندا بىر قەتئىي ئەقىدە بار بولۇپ، ئۇ، «ئەنگلىيىدىكى بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىنىڭ بىر پۈتى ئاللىقاچان گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان» دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. «بىز، ھەممىمىز ئىنقىلاپ پات يېقىندا پارتلايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتۇق، — دەيدۇ كېيىن ئەسلەپ، — ئۇ كۆڭلىدە ئەگەر بىرەرسى چىقىپ ئەنگلىيىدە بۇ 30 يىل ئىچىدە ئىنقىلاپ پارتلاش ئېھتىمالى يوق دەپ سالسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە كۈلۈپ تىلىقىپ قالغان بولاتتىم» دەيدۇ.

كلوگمان ئەنگلىيىدىكى ئەڭ پائال ياش كومپارتىيە ئەزالىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئۇ ھەرگىز «بەش نوچىلار»دەك كومپارتىيە تەشكىلاتىدىن ئايرىلغانلىقىغا كىشىلەرنى ئۇنچىۋالا ئاسان ئىشەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەت

سىستېمىسىغا كىرىۋالىشى تەس بىر ئىش ئىدى. ئەمما دۈتىش، كلوگماننىڭ باشقا بىر رول ئالىشى مۇمكىنلىكىنى بايقايدۇ: ئۇنى سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا جەلپ قىلىش ئوبيېكتى بولۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرسى ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلتۈرگىلى بولۇدۇغانلىقىنى ئويلايدۇ. زورۇر تېپىلغاندا ئۇقۇغۇچى كوممۇنىستلارنى پەۋقۇلئاددە يەر ئاستى كۆرەشلەرگە قاتنىشىشقا قايىل قىلدۇرالىشىغا ئىشىنىدۇ. دۈتىش، كلوگماننى بايقىشىدىن ئىلگىرى، ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى بۇ ھەقتە ئەنگلىيە كومپارتىيە رەھبەرلىرىنى بۇ ھەقتە ماقۇل قىلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە كومپارتىيە باش سېكرېتارى خالى پولىت بۇ ئىشقا ھەرگىز قارشى چىقمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەن ئىدى. خۇددى غەرپ ئەللىرىدىكى كۆپ ساندىكى كومپارتىيە رەھبەرلىرىگە ئوخشاش پولىتمۇ مەيلى كرېمىل سارىيىنىڭ سىياسەتلىرىدە ھەرقانچە ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشىدىن قەتئىي نەزەر، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى شەرتسىز قوللاپ قۇۋۋەتلەش كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ مەنپەتىنى كۆزلىگەنلىك دەپ قارايتى. شۇڭا ئۇنىڭ قوللىشى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دۈتىشمۇ كلوگماننى جاسۇسلۇققا قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا مىېر دېگەن مەخپىي بەلگە بەرگەن ئىدى. رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئەنگلىيە كومپارتىيىسىگە چېتىلىپ قالىدىغانلىقتىن قورقۇپ تا 1998-يىلىغا كەلگىچە كلوگماننى جاسۇس قىلىپ تاللىۋالغانلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ. ك گ ب نىڭ ساقلاپ كەلگەن ئەڭ مەخپىي سىرلىرىدىن بىرسىمۇ تا 80-يىللىرىغىچىلا شۇنداق ئارزۇدا ئىدىكى، غەرپ ئەللىرى «قېرىنداش پارتىيە-گۇروھلار» رەھبەرلىرىنى جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش ھەمدە ئالاھىدە ۋەزىپىلىك كىشىلىرى ھەقىدىكى ئۇيدۇرما ئارخىپلىرىنى تەمىنلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بولۇپ كېلىدۇ.

1936-يىلى باھاردا، مەركەز يەنە بىر ئىشپىيون — تيودور مارى (مەخپىي بەلگىسى مان) نى لوندون مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن بۇ كىشىمۇ خۇددى دۈتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشــاش ســوۋېت ئىســتىخبارات ســېپىدىكى ئۈچمەس نام قالدۇرغان قەھرىماندىن بىرىگە ئايلىنىپ، بىرىنچى باش ئىدارىنىڭ خاتىرە سارىيىغا ئۇنىڭمۇ رەســمى ئېســىلىدۇ. مارى بىر ۋېنگىر ئىدى. بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ئۇ كاتولىك چىركاۋىدا دىنى ئادەم بولۇپ ئىشلىگەن بىرى ئىدى. 1914-يىلى پىدائىي بولۇپ ھەربىيلىككە قاتناشقان. 1916-يىلى ئاۋۇسترو-ۋېنگىر ئارمىيىسىنىڭ بىر مىلادشى لېيتېناتى سۈپىتىدە رۇسىيە ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەن؛ ئۇ بىر قانچە ئەسىرلەر لاگىرىدا تا ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە قاماقتا ياتىدۇ. مارى كېيىن ئۆزىنىڭ بىر جاسۇسقا مۇنداق دېگەن:

— مەن بەكلا كۆپ قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىلەرگە شاھىت بولغان ئىدىم، يەنى قول-پۇتى ئۈششۈپ كەتكەن ياش ئەسكەرلەرنىڭ ئاكوپ ئىچىدە ئاستا-ئاســتا جېنى چىقىشــىنى كۆرگەنمەن. ... شــۇڭا مەن تەگرىگە بولغان ئىشــەنچىمنى يوقاتقان ئىدىم. شــۇڭا ئىنقىلاب پارتلىغان كۈنلەردە بولشېۋىكلارغا قوشۇلدۇم. مەن بۇرۇنقى ئەقىدىلىرىمدىن پۈتۈنلەي چەك-چېگرا ئاجرىتىپ ... رەســمى بىر كوممۇنىزىمچىغا ئايلانغان ئىدىم. مەن بۇ ئەقىدىدىن ھەرگىز بوشاشمىدىم.

مارىينىڭ دەســلەپتە لوندونغا ئەۋەتىلگەن ۋاقتى 1936-يىلى يانۋار ئىدى. ئۇ چاغدا ئەنگلىيە تاشــقى ئىشــلار ۋەزىرلىكىدە مەخپى شــىفىر ئىشــلىرى بىلەن شــوغۇللىنىدىغان كاپىتان كىڭ (بۇرۇن ئۇنىڭغا پىك مەســئۇل ئىدى)غا يېتەكچىلىك قىلىشــى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇ كىڭغا، ئۆزىنى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان گوللاندىيە بانكىســىنىڭ دىرېكتورى دەپ تونۇتىدۇ؛ كىڭمۇ دەل بۇ بانكا ئۇ بەرگەن مەخپى ھۆججەتلەر ئۈچۈن پۇل تۆلەپ تۇرۇۋاتقان بانكا دەپ ئويلايدۇ. ئاپرىل ئېيىدا، مارى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن دۈتىش بىلەن بىرلىكتە كامبرىج ئۇنىۋېرســىتېتىدىكى تەرەققى قىلدۇرۇلغان جاسۇسلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇمۇ خۇددى دۈتىشــقا ئوخشــاش كىلەچەك كوممۇنىزم جەمىيىتىدىكى گۈلــلەنگەن دەۋرگە بولغان قەتئىي ئېتىقادى جەھەتتە بۇ بىر قانچە جاســۇســقا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

1937-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، دۇتىش بىلەن مارى ئىككىسى «بەش نوچىلار»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تاماملايدۇ. بۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىنىڭ پروگراما تۈزگۈچىسى بوگس، دۇتىش بىلەن ئانتونى بۇلۇت — فرانسىيە تىلشۇناسى — ھەمدە سەنئەت تارىخچىسى ۋە كامبرىج تېرىنىتى ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسىنى تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. گەرچە «تۆتىنچى ئادەم» دېگەن بۇ لەقەم ك گ ب دىكىلەرنىڭ بۇلۇتقا بەرگەن يالغان ئىسىم ئەمەس بەلكى تەشۋىقات ۋاستىسىدىكىلەرنىڭ ئىجادىيىتى بولسىمۇ، بۇ كىشى بەش كىشى ئارىسىدىكى تۆتىنچى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان كىشى بولۇپلا قالماي، يەنە ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەندە، يەنى بۇ بەش كىشى ئارىسىدىكى ئاشكارىلانغان 4-كىشى ھېسابلىنىدۇ. تا ئۇرۇش پارتلىغان كۈنلەرگە كەلگىچە بۇلۇت ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىدىكى ۋەزىپىسى يەنىلا شۇ جاسۇس تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبېكتلىرىنى تاللاش بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. دۇتىشنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان ئادىمى تېرىنىتى ئىنىستىتۇتىدىن ياش ھەم باي بىر ستۇدېنت بولۇپ، بۇ ياش ئامېرىكا كومپارتىيە ئەزاسى مەيكىر ستېرىت (مەخپىي بەلگىسى ناجىر) بولۇدۇ. دۇتىش بىلەن تۇنجى كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن بۇلۇت، ستىرىتنى تېرىنىتىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ستېرت تېخى يېقىنلا ئەڭ يېقىن دوستى جون كانپۇتنىڭ ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. شۇڭا ئۇ ھېلىغىچىلا ئالاقىزادىلىقتىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. بۇلۇت ئۇنىڭغا «دوستلىرىمىز كېلەچەكتىكىگە بەكلا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ئۇلار ماڭا ... سېنىڭ قىلىشىڭغا تېگىشلىك ئىشىڭنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى بىلدۈردى»، دەيدۇ. «دوستلىرىمىز دېدىڭىزمۇ؟» سورايدۇ ستېرت ھېچ نېمىنى چۈشەنمەي. «ئىنتېرناتسىيونالدىكىلەر، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدىكى دوستلار»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ بۇلۇت. دوستلىرى ستېرتنىڭ پارتىيە تەشكىلى بىلەن بولغان بارلىق ئاشكارە مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى كېرەك دەپ بېكىتىپ بولدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن (شۇ يىلى كۈزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېقىن مەكتەپ پۈتتۈرشى كېرەك ئىدى) ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرى ۋال ستىرىتتا بىرەر ئىش تېپىۋېلىشى، ئاندىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئۈچۈن ئىچكى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ستىررت بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. «كامپۇت كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى، بۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟» دەيدۇ بۇلۇت ستېرىيتقا. بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ستېرت ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈدۇ. «مەن بىر ھەپتە ئىچىدىلا شاۋقۇنلۇق، قىستاقچىلىق كامبرىجدىن بىراقلا سايىلار ۋە ئەكسادالار بىلەن تولغان بىر دۇنيا ئىچىدە پەيدا بولغان ئىدىم» دەيدۇ ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئەسلىمىسىدە. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن لوندوندا دۇتىش بىلەن پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشى ئىدى. ئۇ دەسلەپتە دۇتىشنى بىر ئورۇسمىكىن دەپ قالىدۇ. كۆرۈشۈش جەريانىدا دۇتىش ئۇنىڭدىن ئۆزىگىلا خاس بىرەر شەخسى بەلگە سورايدۇ. ستېرت ئۇنىڭغا يېنىدىن بىر پارچە رەسىمنى چىقىرىپ بېرىدۇ. دۇتىش ئۇ رەسىمنى ئوتتۇردىن ئىككىگە يىرتىپ بىرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ: قالغان يېرىمىنى نيويوركتا سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان كىشىنىڭ قولىدىن ئالىسىز، دەيدۇ.

«بەش نوچى»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەرەققى قىلدۇرۇلغان ئادىمى، يەنى ئەڭ ئاخىرى ئاشكارىلانغان «بەشىنچى ئادەم» ئۆتكۈر شوتلاندىيىلىك بىرسى بولۇپ، ئىسمى جون كېنكروس ئىدى. 1934-يىلى، ئۇ ئەندىلا 21 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق ئوقۇش مۇكاپاتىنى ئېلىپ تىرىنىتى دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇندىن بۇرۇن، ئۇ گلاسكوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىل ئوقىغان ھەمدە سوۋبان ئىلاھىيەت ئىنىستىتۇتىنىڭ شاھادەتنامىسىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ماركسىزمغا بولغان قىزغىنلىقى «تىرىنىتى» ژۇرنىلى ئۇنىڭغا «قانلىق كىرىست» دېگەن لەقەمنى قويۇشقا سەۋەب بولغان ئىدى؛ بۇ ژۇرنال ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتە تەگرى نىمىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، كېنكروس ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر تىلنى ئىگەللىيەلەيدىغان بالا دەپ ماختاپ كەتكەن. ئانتونى بۇلۇت ئۇنىڭغا فرانسۇز ئەدەبىياتىنى ئۆگەتكەن ئوقۇتقۇچىلاردىن

بىرى ئىدى. ئەمما كېينكروس كىشىلەرگە بىز ئۇ مۇئەللىم بىلەن كوممۇنىزم ھەققىدە پەقەتلا سۆزلىشۈپ باقمىدۇق دەيدۇ. 1936-يىلى، ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىرىنچىلىك نەتىجىسى بىلەن تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئادەم تاللاش سىنىقىدىنمۇ ئۆتتۈدۇ. ھەتتا ئىككىنچى نومۇرلۇق نەتىجىسىمۇ 100 نومۇردىن ئاشقان.

بۇلۇت جاسۇسلۇققا تاللايدىغان ئوبيېكت ئىزدەش ئىشىغا كىرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1937-يىلىنىڭ بېشىدا، دۇتىش كېينكروس بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ۋەزىپىسىنى بۇرگېسقا تاپشۇرۇدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇسلۇبى 1934-يىلى بىرىنچى قېتىم فىلبىينى تۇنجى قېتىم جاسۇس تاللاشقا كىرىشكەن ۋاقتىدىكى تانناد مېكلېيىننىڭ ئەھۋالىغا بەكلا ئوخشاپ كېتەتتى. ئارقىدىن، كىنكروسنى قوبۇل قىلىش ئىشىنى يەنە ئومس كروگمانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. 9-ئاپرىل كۈنى، مارى مەركەزگە خەۋەر قىلىپ، كىنكروسنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى رەسمى تاماملاندى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن مەخپى بەلگە موربي بولدى دەپ ئۇقتۇرۇدۇ. ئەگەر كېينكروس ئۆزىگە بېرىلگەن مەخپى بەلگىنى بىلسە ئىدى، چوقۇم بۇ ئىسىمنىڭ ئاشكارىلىنىش ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك دېيىشى مۇمكىن، ئەمما يەنىلا بۇ ئىسىمنى ياخشى تاللاپسىلەر دەردى. چۈنكى بۇ ئىسىم، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈدۇغان فرانسۇز يازغۇچىسىنىڭ ئىسمى ئىدى. كېيىن ئۇ، فرانسۇزچە بۇ فرانسۇز يازغۇچىسى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىدىن ئىككى پارچە يېزىپ ئېلان قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەخپى بەلگە لىست دېگەنگە ئالماشتۇرۇلۇدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھەققىدىكى ك گ ب ئارخىپلىرىدا مەخپى بەلگە ئالماشتۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبى تىلغا ئېلىنمايدۇ. ماي ئېيىدا، كروگمان، دۇتىش بىلەن كىنكروس ئىككىسىنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. كىنكروسنىڭ ئەسلىمىسىدە — بۇ ئەسلىمە ئۇنچە بەك ئىشەنچلىك ھېسابلانمىسىمۇ — شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش بىر ئاخشىمىغا، ئورنى رېيگىنت باغچىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان:

تۇيۇقسىزلا دەرەخ كەينىدىن پاكار بويلۇق 40 ياشلار ئەتراپىدىكى چەبدەس بىر ئادەمنىڭ سايىسى پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا كروگمان غايىپ بولدى ...

www.uyghurkitap.com

دۇتىش موسكۋاغا قىلغان دوكلاتىدا، كىنكروس مۇناسىۋەت باغلىشىمىزدىن بەكلا خوشال، ھەمدە بىز ئۇچۇن دەرھال خىزمەت قىلىپ بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، دەپ يازىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئاۋال، مىكلايىن بىلەن كىنكروس ئىككىسى ئېرىشەلەيدىغان ــ تەبىئىيكى سوۋېت ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىمۇ ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۆرەلەيدىغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ كېنكروس «ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرلەش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن قىممەتلىك ئىستىخبارات» دېگەن ماتېرىياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈردۇ. ئەمما ئاز بىر قىسىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئىستىخباراتلارنىڭ مىكلايىن بىلەن كىنكروس ئىككىسى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنىڭ مەركەز ستالىنغا تاپشۇرغان ماتېرىيالنىڭ نەق ئۆزى بولۇشى ناتايىن ئىدى. بەلكىم بۇ ماتېرىياللار تەھرىرلەنگەندىن كېيىن قايتا قىسقارتىلىپ ئاندىن ستالىنغا سۇنۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. بۇلاردىن بىر پارچىسى قارىغاندا ستالىنغا بەك قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇپ، 1937-يىلى نويابىردا ھىتلېر بىلەن ئەنگلىيە پارلامېت باشلىقى لورد خالىفاكس (ئۇ شۇندىن 3 ئاي ئۆتۈپ ئەدىنىنىڭ ئورنىغا تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ) بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى ئىدى. خالىفاكس ھىتلېرنىڭ بىر تاغ تۆپىسىگە سالدۇرغان ئۆۋىسىغا، ــ ئۇنىبېرتىشگادېندىكى بۇ بۇركۇت ئۆۋىسىغا ئەندىلا يېتىپ بېرىشىغا، مۇنداق بىر كۈلكۈلۈك ئىش يۈز بەرگەن: ئېسىلزادىلىق سالاپىتى بەكلا كۈچلۈك بولغان خالىفاكس پىكاپتىن چۈشۈۋېتىپ ئالدىغا كەلگەن ھىتلېرنى كۈتكۈچىلەردىن بىرسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغان، ھەتتا پەلتوسى بىلەن قالپىقىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشقا قىل قالغان. ھېلىمۇ ياخشى شۇ يەردىكى بىر مىنىستىر لوردنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ ئالدىڭىزدىكى داھىمىز، فۇھرېر! دەپ تونۇشتۇرۇپ قويۇدۇ. مەركەز بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنى خەتەرلىك بىشارەت دەپ قارىغاچقا، خالىفاكس بىلەن ھىتلېر ئىككىسىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىدىكى تاللاپ چىقىرىلغان بىر قىسىم مەزمۇنلار ستالىننىڭ ئەنگلىيە سىياسىتىگە

قەتئى ئىشەنمەسلىكىگە بەكلا ئۈيغۇن ھالغا كەلتۈرۈلگەن بولۇشى ئېھتىمال. مەركەز سۇنغان دوكلاتتا، ئەنگلىيە ناتسىستلار گېرمانىيىسىنى «غەرپنى بولشېۋىكلىكتىن ساقلايدىغان قورغان» دەپ قاراش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىش ھەرىكىتىنى قوللاش قارىشىدا ئىكەنلىكى شەرھلەنگەنلىكى ئېنىق. گەرچە خالىفاكس ھىتلېرنىڭ بولشېۋىكلار ھەققىدىكى ھۆكمىگە بەكلا سادىدلىق بىلەن قارىغان — خالىفاكس بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ سەمىمي ئىدى دەيدۇ — بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاتىرىلىرىدە گېرمانىيىنىڭ كوممۇنىزمنىڭ غەرپكە قاراپ يېيىلىشى ھەققىدىكى باھاسى مەركەزنىڭ خاتىرىسىدىن كۆپ ئېنىق ئىدى. ئۇ ھىتلېرغا مۇنداق دېگەن:

— گەرچە ئەنگلىيە ناتسىستلار تۈزۈمىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەردىن (ئالايلۇق مىسيونىرلار جەمئىيىتىگە بولغان مۇئامىلىسى؛ يەھۇدىيلارغا بولغان مۇئامىلىسى — بەلكىم بۇ مەسىلا مىسيونىرلار جەمئىيىتىگە تۇتقان مۇئامىلىسىدەك ئېغىر مەسىلە ھېسابلانمىسىمۇ — شۇنىڭدەك سانائەت ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسىغا تۇتقان مۇئامىلىسى) بەكلا نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۇنىڭ گېرمانىيە ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى، كوممۇنىزمنى دۆلىتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىنى كۆرمەسكە سېلىۋالالمايمىز، — تەبىئىيكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆزقارىشى — شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزى ھېس قىلغىنىدەك كوممۇنىزمنىڭ غەرپكە كېڭىيىشىنى توساش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىنىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالالمايمىز.

خالىفاكس ھېچقاچان گېرمانىيىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللاش ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان. ئۇنىڭ مەقسىدى — گەرچە ئەمەلىيەتكە ماس كەلمىگەندەك قىلسىمۇ — مۇستەملىكىلەر جەھەتتە يول قويۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ھىتلېرنى ياۋروپانىڭ ياخشى پۇخراسىغا ئايلاندۇرۇش، ئۇنىڭ ياۋروپا ئۈستىدىكى غەرىزىنى تېنچلىق ئۇسلۇبى بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ تۇتۇشقا تىرىشىش ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي خالىفاكس يەنە ئەنگلىيە ۋېرسال تىنچلىق شەرتنامىسى ھەققىدە تېنچ يوللار ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈزۈتۈش كىرگۈزۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئېپادىلىگەن ئىدى:

— مەن بۇرۇنلا ئېيتتىم: شۇنىسى ئېنىقكى، ۋېرسال شەرتنامىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلار مەسىلە پەيدا قىلىشقا باشلىدى، ئالايلۇق دانزىگ، ئاۋستىرىيە، چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئەگەر بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمايدىغان بولساق، چوقۇم بېشىمىزغا بالا بولۇپ بېرىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەردە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشىمىزنىڭ ئورنى يوق. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدىغان تەرەپكە قاراپ كېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئاساسىدا ھەل قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ مەسىلىلەرگە ئالاقىدار دۆلەتلەر بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش نوقتىسىدا ئويلاپ بۇرۇنقى ئاساسلار بويىچە مۇۋاپىق ھەل قىلىش تەرىپىدىلا بولىدىكەن، بىزمۇ ھەرگىز نارازى بولمايمىز.

بۇ سۆزلەر ھىتلېر ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ لەرزەتلىك مۇزىكا ئاۋازىدەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ھېسسىيات، ھەرگىزمۇ ۋېرسال شەرتنامىسىنى تەلەپلىرىگە ماس ھالغا كەلتۈرۈلۈشىگە قىزىققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خالىفاكسنىڭ ئۆزىنى رازى قىلىش ئۈچۈن شۇنچە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇپ كېتىشىگە بەكرەك قىزىققان ئىدى. ھىتلېر بۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئەگەر تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ قالغىدەكلا بولسا، ئەنگلىيەنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى چىققىدەك قىلچە جاسارىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ قاتتىق خوشال بولۇپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئەمما ستالىن بولسا، خالىفاكسنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن تېخىمۇ رەزىل مەقسەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋالغان ئىدى — بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى — ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەنگلىيە ناتسىستلارنىڭ شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن رەسمىي يېشىل چىراق يېقىپ بەردى دەپ قارىماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەنگلىيىنىڭ ھىتلېرنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى جەھەتتە تۈزگەن تەپسىلى سۈيىقەست دەلىللىرىنى قولغا كەلتۈرۈشلار دەپ مەركەزگە بۇيرۇق قىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، تاتناد

مېكلېيىن بىلەن كىنكروس ئىككىسى تەمىنلىگەن ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئەنگلىيە پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ ھىتلېرنى قايىل قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەتلەر مەركەزگە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغانلىقىنى كۆرسۈتۈدىغان تەييار ماتېرىيال بولۇپ بېرىدۇ.

گەرچە جىم فىلبىي ئاخىرى «بەش نوچىلار» ئارىسىدا ئەڭ مۇھىم جاسۇستىن بىرىگە ئايلانغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى يۈكسۈلۈش سۈرئىتى يەنىلا قالغان تۆتەيلەننىڭكىدىن ئاستا بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىدە خەلق ئىشلار ئورنىدا بىرەر ئىش تېپىۋېلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئۇستازى ھەمدە ئائىلىسىنىڭ بىر دوستى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، گەرچە ئۇنىڭ غەيرىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىغا ھەممە بىردەك قايىل بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئەسكەرتىشنى زۆرۈر تاپماقتا ئىدى: ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىكى ناھەقچىلىكلەرگە قارىتا نارازىلىق ئىپادىسىدە بولۇشى ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا بىرەر خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ جېكىلەيدۇ. شۇڭا فىلبىيمۇ بۇ ھەقتىكى خىياللىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. 1937-يىلىدىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن بىردىن-بىر كىچىك ئۇتۇقى، تۈزۈك تەسىرى بولمىغان لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ ئايلىق ژۇرنىلى «ئومۇمى مۇلاھىزە» تەھرىراتىدا بىر ئىش تېپىۋېلىشى ھەمدە ئەنگلىيە-گېرمانىيە دوستلۇق جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇۋېلىشى ئىدى. چېرچىل بۇ تەشكىلاتنى پەقەتلا كۆزگە ئىلماي، ئۇنى «مانا قاراڭلار بۇ ھىتلېر تەرەپبازلىرىغا!» دەپ مازاق قىلاتتى. فىلبىي ئەسلىمىسىدە، ئۇ پات-پاتلا دۈتىش بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭغا بەرگىدەك تۈزۈك بىرنېمە تاپالماي يۈرگەنلىكىنى، پەقەت ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەشكىلا ئېھتىياجلىق بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى فىلبىيغا تۇنجى قېتىملىق مۇھىم ئىستىخبارات ۋەزىپىسى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. ئۇ ئاخىرى لوندوندىكى بىر ئاخباراتچىلىق ئورنىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇرۇش مەيدانى ئىختىيارى مۇخبىرى دەيدىغان، ۋاكالىتەن ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر كىنىشكا بېرىدۇ. 1937-يىلى

فېۋرالدا، ئۇ ئىسپانىيىگە يېتىپ باردۇ. ئۇ كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەزىپەم، فاشىستلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىكى بىرىنچى قول ئاخباراتلارنى ئىگەللەش ئىدى، دەپ يازغان بولسىمۇ، ئۇ ئەسلىمىسىدە پۈتۈن جەريانلار ھەققىدە بىر ئىزاھات بەرمىگەن ئىدى.

فىلبىي لوندوندىن ئايرىلىپ بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەي، لوندون مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى بىر يولىيورۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ يولىيورۇق، شۆبھىسىزكى ستالىن بىۋاستە تەستىقلىغان بىر يولىيورۇق ئىدى. ئۇ، فىلبىيغا ئىسپانىيە مىللەتچى كۈچلىرىنىڭ داھىسى گېنېرال فرانسىسكو فرانگنى (فرانكو؟) مەخپىي جايلىۋېتىش توغرۇلۇق بېرىلگەن بىر بۇيرۇق ئىدى. مارى بۇ بۇيرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا يوللىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ مەركەزگە فىلبىينىڭ بۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كېتەلىگىدەك قابىلىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىدىن گۇمان قىلىدىغانلىقىنىمۇ مەركەزگە بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. راس دېگەندەك، ماي ئېيىدا فىلبىي بىرەر نەتىجە ئالالماي لوندونغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ھەتتا فرانگنى ئۆلتۈرۈش تۇرماق بىرەر قېتىممۇ كۆرەلمىگەن ئىدى. مارى مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا فىلبىينىڭ بەكلا كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئەمما كېيىن فىلبىي تايمىس گېزىتىنىڭ ئىككى نەپەر مۇخبىرىنىڭ بىرى سۈپىتى بىلەن مىللەتچىلەر تەرەپ ھوقۇق ئىگەللىگەن ئىسپانىيەگە بارغىنىدا، ئۇنىڭ تەلىيى كېلىدۇ. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا ئۇ ئىككى نەپەر مۇخبىر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان ماشىنا توپقا تۇتۇلىدۇ. گەرچە فىلبىي بېشىدىن يەڭگىل يارىلانغان بولسىمۇ، ئۇ رەسمىي ئۇرۇشتا يارىلانغان كىچىك قەھرىماندىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. «تايمىس» گېزىتىدە ئۇ كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇشتىرىلىرىغا مۇنداق دېگەنلىكى يېزىلىدۇ: مۇخبىرلىرىمىز ... شۇ ھامان جىددى قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ يەردە بېشىمدىكى يەڭگىل يارام تېڭىلدى. ئۇ كېيىن ئەسلىمىسىدە يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ: مېنىڭ ئىسپانىيىدە يارىلانغانلىقىم، مۇخبىرلىق ۋە ئىستىخباراتچىلىق خىزمىتىم ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت بولۇپ بېرىدۇ. 1938-يىلى 2-مات كۈنى، فرانگ

ئۇنىڭغا قىزىل كىرىست ئوردىنى بېرىپ ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويۇدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ فرانگنى تۇنجى قېتىم كۆرەلەيدۇ. شۇندىن باشلاپ، فىلبىي دوكلات بېرىپ، بارلىق يوللار ماڭا كېچىككەن بولسىمۇ داغدام ئېچىلدى، دەيدۇ.

ئەمما بۇ يولنىڭ ئېچىلىشى بەكلا كېچىككەن ئىدى: فىلبىي فرانگ بىلەن يېقىنلىشالايدىغان بولغىنىدا، سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكەن ئىدى. 1937-يىلى ئەتىيازدىن ئېتىبارەن، مەركەز فرانگقا قارشى كۆرەشكە بولغان دىققىتى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا كېيىنكى ۋاقىتلاردا «گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دېگەن بىر ۋەقە ئوتتۇرغا چىققان بولۇپ، تروتسكىچىلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى فرانگنى تازىلاشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. 1937-يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا، چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان «خەلق دۈشمىنى» ئىستىخباراتىنى توپلاش پائالىيىتى تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپە ھالىغا كەلگەن ئىدى. «بەش نوچى»نىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتى تېخى تولۇق جارى بولمىغان بىر ۋاقىتلار ئىدى. ئەمما بەختكە قارشى، چوڭ تېررورلۇق (چوڭ تازىلاش) دەۋرىدىكى ھەر تۈرلۈك بىر تەرەپلىمە قاراشلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، چەتئەل بۆلۈمى ئىنتايىن قالايماقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. مۇتلەق كۆپ سانلىق چەتئەل بۆلۈمى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل خادىملار دۈشمەن سۈيىقەستكە قاتنىشىپ دۈشمەن بىلەن سۈيىقەست پائالىيەتلىرىگە كىرىشكەنلىكى ھەققىدىكى گۇمان ئىچىدە قالۇدۇ. «چوڭ تازىلاش» دەۋرىمۇ تېز ۋاقىت ئىچىدىلا پاجىئەلىك تۈردە ئاخىرلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باپ

# ستالىننىڭ چوڭ تېررورلۇق دەۋرى

گەرچە «پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت» 1937-يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئېچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ن ك ۋ د چەتئەلگە قارىتىلغان خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھالىغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، 30-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە قارشى تەرەپ كۈچلىرى تەرىپىدىن باش كۆتۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈلگەن ستالىن، چەتئەلدىكى «خەلق دۈشمەنلىرى» دېگەن مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. 1932-يىلى كۈزدە، موسكۋانىڭ بۇرۇنقى پارتىيە سېكرېتارى مىخايىل رىيۇتىن Mikhail Ryutinبىلەن ئۇنىڭ بىر گۇرۇھ گۇماشتىلىرى مەركىزىي كومىتېتقا بىر پارچە نارازىلىق خېتى يوللاپ، ستالىن ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رۇسىيەدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان پاجىئەلەر ئۈستىدە مەردانىلىق بىلەن تەنقىت قىلغان ئىدى. 1989-يىلىغا كەلگەندىلا، «رىيۇتىن مەيدانى» دەيدىغان بۇ خەت ئاندىن ئاشكارىلىنىدۇ. خەتتە ستالىن ۋە ئۇنىڭ تېررورلۇق ھاكىمىيىتى، بىرىنچى بەش يىللىق پىلاندا ئىجرا قىلىنغان كوللېكتىپلەشتۈرۈش سىياستى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسەتلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىنغان. بۇ خەتنى كۆرۈپ باققان تروتسكىچىلار: بۇ خەت، دۆلەت سىياسىي ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىدىكىلەر ستالىننىڭ جېنىغا تېگىشنى مەقسەت قىلىپ قەستەنگە ئۇيدۇرغان بىر خەت دەپ قارىشىدۇ. خەتتە ستالىننى «رۇسىيە ئىنقىلابىدىكى ئالۋاستى، ئۇ قىساس پسىخولوگىيىسى ۋە ھوقۇققا بولغان ئاچ-كۆزلەرچە ھەۋەس قىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنقىلابنى چوڭقۇر ھاڭ ئىچىگە سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ ئەيىپلەپلا قالماي، ئۇنىڭدىن ھوقۇقنى تارتىپ ئېلىپ ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈش كېرەكلىكىنى تەرغىب قىلغان. شۇنىڭدەك يەنە «ستالىننىڭ تۆمۈر زەنجىرى ئاستىدا ياشاشقا داۋاملىق بەرداشلىق بېرىش، ئۇنىڭ مۇستەبىت قىلىقلىرىغا ھەمدە ئۇنىڭ پارتىيە ۋە ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن

زىيانلىرىغا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇش، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ئۈچۈن نومۇس!» دەپ كۆرسۈتۈلگەن.

سىياسىي بىيورونىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا، ستالىن ريۇتىنغا Ryutin ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن دەپ تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا پەقەت سېرگېي مىرونوۋىچ كىروۋ (Sergei Mironovich Kirov) ئوتتۇرىغا چىقىپ قارشى تۇرالايدۇ. «بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلالمايمىز!» دەيدۇ كىروۋ كەسكىنلىك بىلەن، «ريوتىن Ryutin ھەرگىزمۇ قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان بىرسى ئەمەس. ئۇ يولىدىن ئازغانلا بىرسى.» شۇ چاغدا، ستالىن ئىلاجىسىز يول قويۇپ ريۇتىنغا 10 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىدۇ. ئەمما ئارىدىن 5 يىل ئۆتكەندە، يەنى چوڭ باستۇرۇش ھەرىكىتى يىللىرىدا، ستالىن ھەر سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانىغا ياشاش ياكى ئۆلۈش ھوقۇقى بېرىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىغان ۋەزىيەت يارىتىۋالغان يىللاردا، ريۇتىنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈدۇ.

30-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ستالىن ئۆزىگە قارشى تۇرغانلارنى ھەمدە «خەلق دۈشمەنلىرىنى» پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان مەزگىللەر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قارىشىدا ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن، چەتئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن لېيون تروتسكى Leon Trotsky (مەركەز ئۇنىڭغا «قېرى» دېگەن مەخپىي نام بەرگەن) ھەمدە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى ھېسابلىناتتى. تروتسكى 1933-يىلى «بۈگۈنكى كۈندە نورمال قانۇنى يوللارغا تايىنىپ ھوقۇقدارلارنى (ستالىنچىلارنى دېمەكچى) تەختتىن چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بىر زوراۋان تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھوقۇقنى پرولېتارىيات ئاۋانگارتلىرىنىڭ قولىغا قايتا تۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى قوراللىق كۈچكە تايىنىش» دەپ يازىدۇ. شۇندىن كېيىن ستالىنمۇ تروتسكىنىڭ بۇ تەشەببۇسى بويىچە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دۆلىتى قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە، بىزمۇ پەقەت قوراللىق كۈچتىن پايدىلىنىش ئارقىلىقلا بۇنداق بىر خەۋپنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنالىشىمىز مۇمكىن، دەپ تەكىتلەيدۇ.

1934-يىلى پارتىيە قۇرۇلتىيىدا، ستالىنغا قارشى پىكىرلەر قايتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇتتۇرغا چىقىشقا باشلايدۇ. ئەمما بۇنداق قارشى پىكىرلەر سۈكۈت قىلىش شەكلىدە ئوتتۇرغا چىققان پىكىرلەر بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايدۇ. مەركىزى كومىتېت سايلىمىدا ستالىننىڭ ئالغان ئاۋازى كىروۋنىڭكىدىن نەچچە يۈز ئاۋاز ئاز چىقىدۇ. ئەمما كىروۋ يىل ئاخىرىدا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ياكى ستالىن ئۆزى بۇيرۇق قىلىپ ئۆلتەرگۈزگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ستالىننى كۈندىن-كۈنگە پەرىشان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقىنى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ كېلىۋاتقان، ئۇنداق قولىدا ھوقۇقىنىڭ تايىنى يوق كىشىلەر ئەمەس بەلكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مەخپى ئورگانلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تروتسكىچىلار تەرىپىدىن ياللىنىۋېلىنغانلار يوشۇرۇن تۈردە چوڭ ھەم سىھىرلىك بىرەر سۇيىقەست پىلانلاپ يۈرۈۋدۇ دەپ ئويلۇشى ئىدى. گەرچە ستالىننىڭ بۇ خىلدىكى ئازغۇن خىياللىرىنى ئومۇمەن ئالغاندا خىروشىۋونىڭ (Khrushchev) «گۇمانخورلۇق كېسىلى» دەيدىغان كېسەللىكى بويىچە چۈشەندۈرۈشكىلا بولاتتى. شۇنداقتىمۇ مۇكەممەل لېنىنىزم مەنتىقىسىلا بۇنداق ستالىنچە غەمنى پەيدا قىلغان دېيىش مۇمكىن. لېنىن، جاھانگىرلار دۇنيادىكى تۈنجى ۋە بىردىن-بىر ئىشچى-دېھقانلار خوجايىن بولغان بىر دۆلەتكە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشىنى ھەرگىز توختاتمايدۇ دەپ قارىغان ئىدى. ستالىن بۇ گەپكە قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق قارايتتى:

*بىز بىر دۆلەت ئىچىدىلا ياشاپ كېلىۋاتقان ھېسابلانمايمىز، بىز يەنە دۆلەتلەردىن تەشكىل تاپقان بىر سىستېما ئىچىدە ياشىماقتىمىز دەيتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇش ۋەزىيىتى يەنە قانچە ۋاقىت داۋام قىلالىشىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. ئەمما بۇنداق بىر ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىشىدىن ئاۋال سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتى ئوتتۇرسىدا شىددەتلىك توقۇنۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش تەس.*

ستالىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ، «چەتئەلدىكى دۈشمەنلەر تەبئىي ھالدا ۋەتەن ئىچىدىكى خائىنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشىدۇ. شۇڭا قارغۇلارچە ئۆزگە ئىشىنىپ يۈرۈدىغان كىشىلەر بىلەن

يوشۇرۇن خەلق دۈشمەنلىرىلا بۇنداق بىر ئاساسىي مەنتىقىدىن گۇمانلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق قاراشقا قارشى تۇرۇدۇغانلار تەبىئىيكى ئۆزىنىڭ خائىنلىق قىياپىتىنىمۇ ئاشكارىلاپ بەرگەن ھېسابلىنىدۇ.»

گەرچە پۈتكۈل 30-يىللار جەريانىدا، ستالىن ئىزچىل تۈردە تروتسكىچىلار ئېقىمى تەرىپىدىن غەمگە پاتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، تروتسكى ھېچقاچان ستالىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ماھىيەتلىك بىرەر تەھدىت شەكىللەندۈرەلىگەن ئەمەس. تروتسكى بۇرۇنقى سۈرگۈن ھاياتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى تەشكىللىيەلەش ئۈچۈن ياۋروپا تەرەپلەردىن بىرەر پۇت دەسسەپ تۇرالىغۇدەك يەر ئاختۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمىگەن ئىدى. 1933-يىلى، تروتسكى تۈركىيىدىن ئايرىلىپ فرانسىيىگە بېرىۋالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ يەردىنمۇ چىقىپ نورۋېگىيىگە يۆتكۈلۈدۇ. ئۇنىڭ، بۇ ئۈچ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي پائالىيەتلىرى بۇ ئەللەرنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىغا كەسكىن چەكلىمە پەيدا قىلىپ كەلگەن ئىدى. 1937-يىلى، تروتسكى ئاخىرى ياۋروپادا باش شتاپ قۇرۇش دەيدىغان ئۈمىدىنى يوقۇتۇپ، مېكسىكىغا كېتىۋېلىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئىدى. ئۇ يەرگە بېرىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈدۇ. 30-يىللاردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا ياۋروپادا تروتسكىچىلارنى تەشكىللەپ ھەرىكەت قىلىشقا مەسئۇل بولغان كىشى ھەرگىزمۇ تروتسكىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى لېۋ سېدوۋ Lev Sedov ئىدى. 1933-يىلىدىن باشلاپ، سېدوۋ ئىزچىل تۈردە پارىژدا پائالىيەت قىلىپ كېلىدۇ. 1938-يىلى ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى، ئىزچىل تۈردە دادىسى نەشىر قىلدۇرغان «ئۆكتىچىلەر خەۋىرى» دېگەن گېزىتنى چىقىرىش ئىشىنى تەشكىلەش ھەمدە ھەر قايسى جايلاردىكى قوللىغۇچىلىرىغا تارقىتىش ئارقىلىق ئالاقە قىلىش بىلەن شوغۇللۇنۇدۇ. دادىسىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ يېنىدىمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سىياسىي بىخەتەرلىك باش ئىدارىسى بىلەن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ جاسۇسلىرى يوشۇرۇنغان ئىدى. 1934-يىلىدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ پارىژدىكى ئەڭ ئىشەنگەن ھەمدە ئىزچىل ھەمكارلىق ئورنۇتۇپ كېلىۋاتقان ئادىمى مارك ژوروۋسكى ئەنە شۇنداق

www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ بىر جاسۇسى ئىدى. بۇ كىشى ئەسلىدە رۇسىيىدە تۇغۇلغان پولشالىق كوممۇنىست بولۇپ، سىدوۋمۇ ئۇنىڭ ئىتتىپنى دېگەن ئىسمىدىن باشقا ھېچنىمىسىنى بىلمەيتى. مەركەز بۇ ئىشپىيونغا ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ماكس، ماك، تولىپ ۋە كانت دېگەندەك بىر قانچە خىل مەخپىي ئىسىم بەرگەن ئىدى. سىدوۋمۇ ئىتتىپنى دېگەن بۇ كىشىگە بەكلا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭغا ھەتتا ئۆزىنىڭ خەت ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن تارتىپ بېرىپ ساقلاتقۇزغان بولۇپ، ئۆزىگە كەلگەن خەت-چەكلەرنى كۆرۈشتىن باشقا دادىسىنىڭ ئەڭ مەخپىي ھۆججەت ۋە ئارخىپلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىپ ساقلىتىپ يۈرگەن ئىدى.

پارىژ، تروتسكىچىلار ھەرىكىتى ھەمدە ئاق ئۇرۇس گۋاردىيىچىلىرىنىڭ ئاساسى شتابى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئىي ھالدا «ياشا» سېرېبريانسكى (Yash Serebryans) مەسئۇللۇقىدىكى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدۇ. پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، يوشۇرۇن سۈيىقەست قىلىش ھەمدە قىزىقتۇرۇپ ئاپىرىپ قولغا ئېلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى. سېرېبريانسكىنىڭ پارىژ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە پونكىتىنىڭ تروتسكىچىلار بىلەن ئاقلار گۋاردىيىچىلىرىنى نىشان قىلىشتىن باشقا يەنە، مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، ئۆتكۈر زېھنىلىك ياكوس دورىئوت (Jacques Doriot) نى كۆزلەش ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ كۈشكۈرتكۈچى قابىلىيىتى ئۈستۈن بولغان ناتىق، 30-يىللارنىڭ بېشىدىلا فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ كەلگۈسى رەھبىرى دەپ كۆزلىنىپ يۈرگەن بىرسى ئىدى. 1934-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇ فرانسىيە كومپارتىيىسى بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بىرلىشىپ فاشىزىمغا قارشى بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىش چاقىرىقىدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى موسكۋانىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىۋىدۇ. تا بۈگۈنگىچە موسكۋا بۇ تەشكىلات ئەزالىرىنى «سوتسىيال فاشىستلار» دەپ تىللاپ كەلمەكتە. موسكۋا دورىئوتنى سوۋېتكە كېلىپ تەربىيىلەن، قاراشلىرىڭدىن ۋاز كەچ

دەپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ دورىئوت بېرىشقا ئۇنىمايدۇ. 1934-يىلىدا، دورىئوت، تەشكىلى تۈزۈمگە بوي سۇنمىدى دېگەن گۇناھ بىلەن پارتىيىدىن چىقىرىلىدۇ. قىزىق يېرى، دەل شۇ پەيتتە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال خەلق فرونتى سىياسىتىنى يولغا قويۇش قارارى ئېلىشىدۇ؛ فرانسىيە كومپارتىيىسىمۇ بۇرۇلۇش ياساپ دورىئوتنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشىدۇ.

ئەمما، دورىئوت ستالىننىڭ بىر قاتار شەرقچە مۇستەبىت ھۆكمۈرانلىقىنى «ستالىننىڭ قۇلى» دەپ ئاتالغان فرانسىيە كومپارتىيە رەھبىرىگە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ بۇ تۈر ئۆزگۈرۈش ياسىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇدۇ. مەركەز، دورىئوتنىڭ بۇ تۈر كۈشكۈرتۈش خاراكتېرىدىكى نۇتۇقلىرى فرانسىيە سولچىلىرىغا بۆزغۇنچىلىك رول ئوينىشى مۇمكىن دەپ قاراپ سېرىبېريانسكىنى ئۇنى ھەر يەردە كۈزۈتۈش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. 1935-يىلى، دورىيوتنىڭ بەرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا كومۇنىستلارنىڭ قولىدا بولمىغان بارلىق گېزىت-ژۇرناللار بىرلا ۋاقىتتا فرانسىيە كومپارتىيىسى موسكۋانىڭ مەخپى مەبلىغىنى ھەمدە يوليورۇقلىرىنى قوبۇل قىلماقتا دەيدىغان خەۋەر باسىدۇ. كەينىدىنلا مەركەز سېرىبېريانسكىغا دورىيوتغا سۇيىقەست تەييارلاش پىلانى تۈزۈپ چىقىش ھەققىدە تەلىمات بېرىدۇ. ئەمما مەركەز بەلكىم ھېچقاچان سېرىبېريانسكىغا بۇنداق بىر يوليورۇق بەرمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ گەپ بەلكىم دورىيوت رەھبەرلىك قىلىۋاتقان خەلق سېپى 1936-يىلىقى سايلامدا بەكلا چوڭ نەتىجە قازانغانلىقى سەۋەبىدىن ئوتتۇرغا چىقىرىلغان بىر كوچا خەۋىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. خەلق فرونتىمۇ تېزلىكتە يېڭى فاشىزمچى فرانسىيە خەلق پارتىيىسىگە ئۆزگۈرۈپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. كوممۇنىستلار دورىيوتنى فاشىستلارنىڭ گوماشتىسى دەپ قارىلىماقتا ئىدى، دورىيوتمۇ بۇنىڭغا قارشى ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر بولۇدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى مەركەزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتلىرىنىڭ بىر غەلىبىسى ھېساپلانسىمۇ، بۇ غەلىبە سۇيىقەست قىلىش ھەرىكىتى ئۈچۈن بىرە ئوڭشايلىق پەيدا قىلماق تۇرماق، بۇنداق بىر مەخپى ھەرىكەتكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىۋېتىدۇ.

سېربىرانسكىنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەست قىلىش ئوبيېكتلىرىدىن يەنە بىرسى فاشىستلار كاتتىبېشى هېرمان گيۆرىڭ ئىدى. گيۆرىڭنىڭ پارىژنى زىيارەت قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئالغان ئالاهىدە هەرىكەت گۇرۇپپىسى پارىژدىكى ئىستىخبارات پونكىتىغا بىر نەپەر مەرگەن تېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ. هەمدە ئامال قىلىپ ئۇ مەرگەننى بورگېت ئايرودرومىغا كىرگۈزۈۋېتىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. گيۆرىڭ ئولتۇرغان ئايروپىلان دەل شۇ يەرگە قونۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما گيۆرىڭ فرانسىيە زىيارىتىگە كەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ يالللىۋېلىنغان هېلىقى مەرگەننىمۇ ئىشتىن چىقىرىدۇ. مىتروخىن كۆرگەن ئارخىپلاردا مەركەز شۇبهىسىزكى ستالىن بىۋاستە تەستىقلىغان سۇيىقەست قىلىش بۇيرۇقىنىڭ مەقسىدى هەققىدە هېچقانداق بىر چۈشەندۈرۈش ئۇچراتمىغان. ئەمما بۇنىڭ ئاساسىي مەقسىدىنىڭ فاشىستلارغا زەربە بېرىشنى ئەمەس بەلكىم فرانسىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشىمۇ بىر ئېهتىمال ئىدى. 1932-يىلى، كوممۇنىست بولمىغان بىر جاللاتنىڭ فرانسىيە تەۋەسىدە جۇمهۇرىيەت پرېزىدېنتى بىلەن يۇگوسلاۋىيە پادىشاهىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، مەركەزنى ئەگەر پۇرسەتلا بولۇدىكەن، بۇ يەردە گيۆرىڭغا سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلىغاندا ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلىلا بولۇپ قالماي بەلكى يەنە بۇ جىنايەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدىنمۇ قۇتۇلغىلى بولۇدۇكەن دېگەن قاراشقا كەلتۈرگەنىدى.

گەرچە سېربىريانسكى پارىژدىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئۈستىدە باشقا بەكلا كۆپ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولۇشىغا قارىماي فرانسىيىدىكى تروتسكىچىلارنى پايلاش ۋە ئۇلار ئارىسىغا بۆلگۈنچۈلۈك سېلىش ئىشى يەنىلا ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى. لېۋ سېدوۋ خاتا هالدا ئېتىبېنگە (Etienn) ئىشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىمۇ سوۋېتلەر ئىنتىپاقىنىڭ تىيىن (مەركەزنىڭ تروتسكىچىلارغا بەرگەن مەخپىي بەلگىسى) دېگەن ئىستىخباراتىنىڭ مۇهىم مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، 1937-يىلى، ئۇ تېخى سۇيىقەس بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش نىشانى قىلىنمىغان ئىدى. 1936-يىلى كۈزدە، ژبوروۋسكى Zborowski مەركەزگە

جىددى دوكلات يوللاپ، مالىيە جەھەتتىكى مەسىلە تۈپەيلىدىن تروتسكى ئامىستىردام خەلقارا جەمىيەت تارىخى تەتقىقات جەمىيىتىنىڭ پارىژ شۆبىسىگە بىر قىسىم ئارخىپلارنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇدۇ (ئىلگىرى سېدوۋنىڭ سىبورۇۋېسكىنىڭ ساقلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن ئارخىپلارنىڭمۇ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى). سېرېبرىيانسكىغا بىر پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى (مەخپى نامى ھېنرى HENRy گۇرۇپپىسى) قۇرۇپ چىقىپ بۇ ئارخىپلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلىنىدۇ. سېرېبرىيانسكى ئاۋال مىچېلېت Michelet كوچىسىدىكى تەتقىقات شۆبىسى جايلاشقان بىنادىن بىر ياتاق ئىجارىگە ئېلىپ بۇ شۆبىنى كۈزۈتۈشكە باشلايدۇ؛ ئاندىن، شۇ ۋاقىتلاردا پارىژدىكى بىر تېلېپون كوندوكتور مەركىزىدە ئىشلەيدىغان ژوبروۋسكى شۆبە جەمىيەتنىڭ تېلېپون يولىغا كىچىك بىر ھىلە ئىشلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئارخىپلارنىڭ قويۇلغان يېرىنى رازۋېتكا قىلىش ۋە ئىشىك قۇلۇپىنىڭ شەكلىنى كۈزۈتۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتى. شۇنداقتىمۇ بۇ تەتقىقات شۆبىسىدە دەسلەپتە تېلېفون لىنىيەسىدە كاشىلا چىققانلىقى سېزىلگىنىدە، كوندوكتۇر مەركىزى سىبورۇۋسكىنى يوللىماي ئۇنىڭ بىر كەسپدىشىنى كاشىلا ئوڭشاش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. شۇنداق قىلىپ سىبورۇۋسكى يەنە بىر قېتىم سىم يولىغا ھۆنەر ئىشلىتىپ قايتىدىن شۆبە تېلېفونىدا كاشىلا پەيدا قىلىشقا مەجبۇر قالىدۇ. بۇ قېتىم كوندوكتور پونكىتى ئاخىرى ئۇنى كاشىلا ئوڭشاشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ شۆبىنىڭ تېلېفون يولىنى ئوڭشاپ بولۇپ ئالدى-كەينى ئىشىكلارنىڭ قۇلۇپ تۈرلىرىنى تەپسىلى كۆرۈپ ئالىدۇ. شۆبىنىڭ مەسئۇلى بورىس سېدوۋ نىكولايېۋسكى Boris Nikolayevsky ئۇنىڭغا يەنە 5 فرانك چاي پۇلىمۇ بېرىدۇ. نىكولايېۋسكى دېگەن بۇ ئادەم مىنشېۋىكلارنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بىرى، ھەمدە ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى تەرىپىدىن «خەلق دۈشمىنى» دەپ بېكىتىپ بولغان كىشى ئىدى.

شېرېبرىيانسكى ئىشخانىغا كىرىپ ئۇ ئارخىپلارنى ئوغۇرلاپ چىقىش ۋاقتى ئۈچۈن 1936-يىلى 7-نويابىر يېرىم كېچە سائەت 2 نى بېكىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئەڭ كېچىككەندىمۇ سەھەر سائەت 5 تىن بۇرۇن ئوغۇرلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۆبە جەمىيەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئىشپىيونلار چارىسىز قۇلۇپنى توك ھەرىسى بىلەن كېسىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار توك ھەرىسىنى بىر قۇتىغا سېلىپ، شاراخشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۈستىگە ھەرە كېپىكى بىلەن پاختا توشقۇزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تىروتسكىينىڭ ئارخىپلىرىنى ئوغۇشلۇق تۈردە ئوغۇرلاپ چىقىدۇ. ئەمما شېدورف بىلەن پارىژ ساقچى دائىرىلىرى ئارخىپ ئوغۇرلاش جىنايەت ئۇسلۇبىنىڭ پۈتۈنلەي كەسپىي ئوغۇرلۇق شەكلىدە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۆيدىكى نەق پۇل ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەردىن ھېچ قايسىغا تەگمىگەنلىكىگە قاراپ بۇ ئوغۇرلۇق ئىشىنىڭ ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بىر ئوغۇرلۇق دەپ دەرھال گۇمان قىلىدۇ. شېدروۋ ساقچىلارغا، ياردەمچىسى ئىدىيان سىبورووۋسكىدىن گۇمانلىنىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ كاپالەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىم ھۆججەتلەر سىبورووۋسكىنىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. قىزىق يېرى، سىبورووۋسكى بۇنىڭ ئەكسىچە گەپ قىلىپ، شۆبە مەسئۇلى نىكولايېۋچىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقى سەۋەبىدىن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى ئارخىپ ئالماشتۇرۇش مەلۇماتىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

مەركەز «ھېنرى گۇرۇپپىسى»غا قىزىل بايراق ئوردېنى مۇكاپاتى بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇدۇ. بۇنىڭدىن شېردوف بىلەن پارىژساقچىلىرى تېزلا بۇ قېتىمقى دېلونىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. چۈنكى دېلو سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ئۇسۇلى بەكلا كەسپىيلەشكەن بولۇپ، ئۇلار ئارخىپتىن باشقا تارماق جەمىيەتنىڭ نەق پۇل ياكى قىممەتلىك زىننەت بويۇملىرىنىڭ ھېچبىرگە قول تەككۈزمىگەن. شېردوف ساقچىلارغا كاپالەتلىك قىلىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى «ئىدىيان» قىلغان ئىش ئىكەنلىكىدىن قەتئىي گۇمانلانمىسىقا بولمايدۇ، ئارخىپ ئوغرىسى گۇمانىدىن شىبىرووۋسكىنى چىقىرىپ تاشلاش پۈتۈنلەي مۇمكىن دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىم بولغان ئارخىپلار يەنىلا شىبىرووۋسكىنىڭ ئۆيىدە ساقلاماقتا دەيدۇ. قىزىق يېرى سىبورووۋسكى ئەكسىنچە مۇنداق دەيدۇ،

ئېھتىمال تارماق جەمىيەتنىڭ مەسئۇلى بولغان نىكولايېۋسكىنىڭ گەپ سۆز مېڭىش تۇرۇش ئەھۋالى سەل غەلىتىرەك، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئارخىپ ئالماشتۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋەردار. ئەمما بۇلاردىن ئارخىپلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئارخىپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كەسىپى نوقتىدا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ بەك ئەھمىيىتى بولمىغان بىر ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى شۆبە جەمىيەتتىن ئوغۇرلانغان ئارخىپلار (ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گېزىتلاردىن كېسىۋېلىنغان نەرسىلەر ئىدى)نىڭ تۈزۈك بىر ئەمەلىي قىممىتى يوق ئىدى. شۇنىڭدەك سىبوروسكىنىڭ قولىدىكى ئارخىپلاردەك ئۇنچىۋالا تارىخىي ئەھمىيىتىمۇ بولمىغان ئارخىپلار ئىدى. سىبوروۋسكىنىڭ قولىدىكى ئارخىپلار كېيىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا قويۇلۇدۇ. 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تروتسكىچىلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ يۈرگەندە — بۇنىڭ راست-يالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر — بۇ ئىش ستالىنىنىڭ كىشىلەرگە ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنى يوقاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى. تروتسكى ئۇنىڭ پۈتۈن كۈن بويىچە بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر مەسىلە ھالىغا كەلگەنلا بولۇپ قالماي، بەزىدە يەنە بۇ ئىش سەۋەبىدىن جۆيۈلۈپ ئويغۇنۇپمۇ كېتەتتى. خۇددى تروتسكىنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان يازغۇچى ئىساق دوچېر (Isaac Deutscher) نىڭ دېگىنىدەك:

ستالىنىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى قاتتىق غەزەپلىنىش تۇتۇمى بۇ مەسىلىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ھەرىكىتى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن جىددى مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپلا قالماي يەنە بۇ مەسىلىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ستراتېگىيە، كۆزقاراش مەسىلىلىرىگە بېرىپ چېتىلىدىغان بەكلا كۆپ تەرەپلەردىكى مەنپەئەت مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بىرلا ئادەمگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ساھەلەرنى قوزغۇتۇپ، ھەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇرۇش ھادىسىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ھادىسە ھېسابلىناتتى.

ئەنگلىيە دىپلوماتى ر. ئا. سېيكس Sykes كېيىنچە ستالىنىنىڭ دۇنيا قارىشىنى «ماھارەتلىك بىلەن ئاخماقلىقنىڭ غەلىتە ئارىلاشمىسى»

www.uyghurkitap.com

دەپ دانالىق بىلەن سۈپەتلەپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: *ئۇنىڭ ماھارىتى لېنىن ئۆلگەندىن كېيىن ھەر تۈرلۈك ھىلىمىكىرلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز رەقىپلىرىنى مەغلۇپ قىلالىشى، باسقۇچمۇ-باسقۇچ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى، ئاخىرىدا پارتىيىنىڭ باش سېكرېتارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چېرچىل ۋە روزىۋېلت بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلەردە ئۆزىنىڭ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. تارىخشۇناسلار، شۇنچە ئەقىللىق بىرسىنىڭ قانداقلارچە شۇنچە كۆپ سەپسەتىلەرگە ئىشەنگەنلىكىنى پەقەتلا ئۇقۇقىلى بولمايدىغانلىقىنى پەرق ئەتكەن. ئەمما ستالىننى ئىنچىكە بېشىنى ئاغرىتىپ كەلگەن، ئۆزى توقۇپ چىقىرىۋالغان تروتسكى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى تۈرىدىكى ئۇيدۇرمىلارنى ئوتتۇرغا چىقىرىشىنىمۇ چۈشۈنۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خۇددى ھىتلېر ئۆزى توقۇپ چىقىرىۋالغان تىخىمۇ قورقۇنۇچلۇق ھەم بەكلا كۈلكۈلۈك يەھۇدىي سۇيىقەستى دېگىنىدەك ستالىننىڭ بۇنداق ئەسەبى ئەقىدىسىنى چۈشۈنۈش مۇمكىن بولمىغىنىدەكلا چۈشۈنۈكسىز بىر ھادىسە ئىدى.*

1934-يىلىدىن 1936-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىغا رەئىس بولغان گېنرىخ گرىگورىۋىچ ياگودا (Genrikh Grigoryevich Yagoda) ستالىندەك ئۇنچىۋالا تروتسكى قورقۇنچىسىغا مۇپتىلا بولغان بىرسى ھېسابلانمايتى. ستالىننىڭ قارىشىچە، ياگودا پۈتۈن كۈچى بىلەن تروتسكىچىلار خائىنلىقىنىڭ يىپىغا چۈشۈش ئىشىغا بەك كۈچ چىقارمىغانمىش. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ياگودادىن كۈندىن-كۈنگە ئۈمىدىنى يوقۇتۇشقا باشلىغان. 1936-يىلى سىنتەبىردە، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆچىنى ئېلىۋالدۇ. ستالىن ۋە ئۇنىڭ سادىق مورتى ئاندرېي ژدانوۋ (Andrei Zhdanov) مەركىزىي كومىتېتقا بىر پارچە تېلېگرامما يوللاپ، ياگودانى «تروتسكى-زىنوۋىيېۋ (Zinovyev) گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرىنى قېزىپ چىقىرىش قابىلىيىتى بولمىغان بىرسى» دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، نىكولاي ئىۋانوۋىچ يېژوۋنى (Nikolai Ivanovich

(Yezhov) ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىگەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ ئۆتۈدۇ.

شۇندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ياگودا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن جەرياندا ياۋروپا تارىخىدا ھەمدە تېنچلىق دەۋرىدىكى ئەڭ كەڭ دائىرىلىق سىياسىي زىيانكەشلىك پائالىيىتىنى قوزغاپ قانلىق سىياسەت يۈرگۈزۈدۇ. بۇ دەۋر، كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن چوڭ تېررورلۇق دەۋرى دەپ ئاتالدى. ياگودا دەۋرىدىكى بىر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى ھۆججىتىدە: *«نۇمۇسسىز ياگودا» ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش پائالىيىتىنى ئۇستۇلۇق بىلەن يەرئاستى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئايلاندۇرۇۋالغان «ئوڭچىل تروتسكىچىلارنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق» تروتسكىچىلار ئېقىمىنىڭ ھەقىقىي رەھبەرلىرى بولغان زىنوۋيېۋ، بۇخارىن، رىكوۋ، (Zinovyev, Bukharin Rykov) تومسكى، كامىنېۋ ۋە سمىرنوۋ (Tomsky, Kamenev Smirnov) قاتارلىق كىشىلەر ئۈستىگە دىققەتنىڭ مەركەزلىشىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى،* دەپ باھالىغان ئىدى. بۇ ھۆججەتتە يەنە، ياگودا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدا لېنىن دەۋرىدىكى بۇ داڭلىق كىشىلەرنى قارىلاشقا قاتناشقان — ئەگەر راست دېيىلگىنىدە — ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى ئۇلارنى چەتتە قالدۇرۇشتەك تەبىرلەر بىلەن ئەدىۋىنى بەردى دېيىلگەن. شۈبھىسىزكى، بۇ ھۆججەتلەر ستالىنىنىڭ قاراشلىرىغا قۇللارچە باش ئېگىشىنى ئىپادىلىگەنلىكتىن باشقا ھېچ نېمە ئىپادىلىيەلمەيتى. ئەمما بۇ تروتسكىچىلار ئېقىمىنىڭ رەھبەرلىرى، تومسكىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدىن باشقا قالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى 1936-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقلاردا ئوچۇق سوتقا تارتىلغان. ئەسلىدە بۇنداق سوت قىلىشلارمۇ بىر تۈرلۈك كىشىنى يىرگەندۈرۈدىغان ئەخلاقى ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق سوتلاش كۆرۈنۈشلىرى دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇلاردىن بەكلا غەلىتە سۈيىقەست نەزەرىيىسى ئۇيدۇرۇپ چىقىش، شۇنىڭدەك «تروتسكىچىلىق ئەسلىدە فاشىزىمنىڭ بىر تۈرلۈك تۇغۇندىسى، زىنوۋيېۋنىڭ ئىدىيىسى

www.uyghurkitap.com

يەنە كېلىپ تروتسكىچىلىقتىن تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرغا چىققان، دەيدىغان مۇتلەق تەڭلىمە ھالىغا كەلتۈرۈلگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوچۇق سوتتا، ياگودا «يەرگە تىزلانغىنىچە» كەڭچىلىك قىلىڭلار دەپ كېچىرىم تىلىگەن بولسىمۇ، بەربىر تروتسكىچىلار ئىچىدىكى ئاساسلىق سۇيىقەستچى دېگەن قارىلىنىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ قەتئىي گۇمان قىلىنمايدىغان سۇيىقەست نەزەرىيىسىنىڭ ئەسلى پىلانلىغۇچىسى، چوڭ تېررورلۇق دەۋرىدىكى روھىي تىرىكى ھېسابلانغان كىشى ئەسلىدە ستالىننىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ھۆكۈم ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئالدىن بېكىتىلىپ بولغان قاراردا بىرەر ئوخشىماسلىق كۆرۈلۈپ قالماسلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئويدۇرۇلغان جىنايەتلەر ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنامە بىلەن ئاقلىغۇچىنىڭ ئاقلاش نۇتقىنى ستالىننىڭ ئۆزى بىۋاستە كۆزدىن كۆچۈرۈپ سىلىشتۇرۇپ چىققان. شۇ كۈنلەردىكى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ دوكلاتىدا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بىر شەكىلدە مۇنداق يازغان: «يولداش ستالىن ئۆزى تروتسكىچىلارنىڭ مەخپىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي تەشكىلى پائالىيەتلىرىنى بىۋاستە كۆزىتىپ پاش قىلدى. 1936-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بۇ بىر توپ قاغىلارغا ئېغىر زەربىلەرنى بەردى.»

ۋەتەن ئىچىدە بولغاندەك سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەلدىمۇ ھەقىقىي ۋە خىيالى تروتسكىچىلار ئېقىمى بولغان «قاغىلار توپى» غىمۇ ئېغىر زەربىلەرنى بېرىدۇ. 1936-يىلى ئىيۇلدا پارتلىغان ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا شېرىبىرانىسكى رەھبەرلىكىدىكى پەۋقۇلئاددە گۇرۇپپىسى بىلەن پۈتكۈل چەتئەل بۆلۈمى ئۈچۈن پايانسىز پائالىيەت سورۇنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىسپانىيە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، گېنېرال فرانسىسكو فرانكو (Francisco Franco) رەھبەرلىكىدىكى مىللەتچى ئىسيانچىلارغا قارشى كۈرەشتە پۈتكۈل ياۋروپا سولچىل كۈچلىرى بىلەن خەلقارا فاشىزىمغا قارشى ھەققانىيەت ئۇرۇشى مەيدانىغا كېلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. 35 مىڭ نەپەر چەتئەل پىدائىيلىرى — ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى —

ئىسپانىيىگە يېغىلىپ خەلقارالىق قوشۇن بولۇپ تەشكىللىنىپ جۇمھۇرىيەتنى قوغداش كۈرىشىنى باشلىۋېتىدۇ. 1936-يىلى ئۆكتەبىردە، ستالىن ئىسپانىيە كومپارتىيىسىگە يازغان ئوچۇق خېتىدا «ئىسپانىيىنى ئەكسىلئىنقىلابچىلار قولىدىن ئازاد قىلىش ھەرىكىتى ئىسپانلارنىڭ ئۆز ئىشى ھېسابلىنىپلا قالماي، بارلىق ئىلغار كۆچلەرنىڭمۇ ئورتاق ئىشى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. دەرۋەقە باشتىن تارتىپلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئىسپانىيىدىكى ئىككى ئۇرۇش سېپى بويىچە ئۇرۇش قىلىدۇ: بىر تەرەپتە جۇمھۇرىيەتچىلەر ھەمدە خەلقارالىق بىرلەشمە قوشۇندىكى تروتسكىچىلارغا قارشى جەڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن فرانكو ۋە فاشىست كۆچلىرىگە قارشى جەڭ قىلىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش پارتىلىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى لوندوندا پائالىيەت قىلىپ يۈرگەن ئالېكساندر ئورلوۋ ئىسپانىيەدە ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇش ۋەزىپىسى بىلەن ئىسپانىيىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى: «تروتسكىچىلار تەشكىلاتىنى ــ ئىسپانىيە ماركسىزمچى (تروتسكىچى) ئىشچىلار بىرلىكى پارتىيىسىنى قىلچە كۆچ سەرپ قىلمايلا تارمار قىلىۋېتەلەيمىز.»

ئورلوۋ، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ن ك ۋ د بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىسپانىيىدىكى ئىككى مەخپى سەپ بىلەن كۆرەش قىلىش ۋاقتىدا، سىېررېبرىيانسكى چەتئەلدە ھەرىكەت باشلىۋېتىدۇ. ئۇ پارىژدا خەلقارا بىرىگادا (International Brigades) جەڭچىلىرى ئۈچۈن بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش ئۆگىنىش كۇرسى ئاچىدۇ. بۇ كۇرسنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا گىگى GIGI ــ فرانسىيە كومپارتىيە ئەزاسى، مېخانىك، ئۇ ئادەتتە بۇزغۇنچىلىق كۇرسانتلىرى ئۈچۈن ھەقسىز دەرس بېرىدۇ؛ فرانىيە ــ ئۇ بىر پولشالىق قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئېيىغا 1500 فرانك ئىش ھەققى ئېلىپ دەرس بېرىدۇ؛ ئۈچىنچى كىشى بولسا لېگراند LEGRAND دېگەن بىرسى بولۇپ، بۇ كىشى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. سېرېبرانسكىنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، بالتىق دېڭىزىدا

www.uyghurkitap.com

ھەمدە سكاندىناۋىيە رايونىدا پائالىيەت قىلىدىغان ئېرنست تولست ERNST TOLST ئالاھىدە ۋەزىپە گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى ئىنتايىن زور ئۇتۇغلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار فرانكوغا قورال يۆتكەۋاتقان 17 پاراخوتنى پارتلىتىپ چۆكتۈرۈۋەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نەتىجىلىك پائالىيەت قىلغىنى بىر نەپەر گېرمانىيە كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئېرنست ۋولۋېبېر (Ernst Wollweber) ، ئۇ 20 يىلدىن كېيىن دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇدۇ. ھالبۇكى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى تەييارلىغان بىر پارچە دوكلاتىدا، شىرېبرانسكىنىڭ دوكلاتىدا چۆكتۈرۈلگەن پاراخوت سانى ھەققىدە يالغان مەلۇمات بەرگەن دەپ يېزىلغان.

ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ پارتىزان يېتىشتۈرۈش يېرى بىلەن بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسى ئاساسەن ئىسپانىيە ئىچىدە، باروسنىيە، بارسېلونا، بىلباۋ ۋە ئارگېن رايونىدىكى مەشىق قىلدۇرۇش لاگېرىغا ئورلوۋ رەھبەرلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر قانچە پارتىزان ۋوزنۇۋتى مىللەتچى كۆچلەر ئارقا سېپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە سىمتاناپ تۈرۈكلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىش ھەمدە نۇرغۇن قېتىم دۈشمەن ترانسپورت كالونىغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن ئورلوۋ ئۆزى قىلغان تۆھپىلەر قىلىنىۋېلىنىدۇ. ئورلوۋ، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىدە نەشىر قىلدۇرغان ئەسلىمىسىدە، ئۇنىڭ مەقسىدى «ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى تېزگىنى ئاستىدىكى مەخپى ساقچى كۈچلىرىنى قۇرۇپ چىقىش، بۇ كۈچكە تايىنىپ ئىسپانىيەدە ستالىن قېلىپىدا ھاكىمىيەت تىكلەشنى مەقسەت قىلغانلىقى» بىلدۈرۈلگەن. سابىق قىزىل ئارمىيە ئىستىخبارات تارمىقىنىڭ مەسئۇلى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق تۇنجى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى گېنېرال جان بېرزىن (General Jan Berzin) شۇ

ۋاقىتلاردا ئورلوۋ بىلەن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى تەنقىتلەپ كېلىپ، ئۇلار ئىسپانىيەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئەمەس بەلكى بىر مۇستەملىكىسى دەپ قارىدى دەپ تەنقىتلەيدۇ.

1937-يىلى كۈزدە، ئورلوۋ بىلەن شىرىبىرانسكى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى تروتسكىچىلارنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلارنى پارچىلاشتىن تروتسكىچىلار رەھبەرلىرىنى يوقۇتۇش ئىشىغا بۇراش ھەققىدە يوليورۇق تاپشۇرۇپ ئالۇدۇ. سىبرىبىريانسكى سىبدوۋ نى ئالداپ كېلىپ قولغا ئېلىش تەييارلىقىغا كىرىشكەن ۋاقىتىدا، ماركسىست ئىشچىلار بىرلىكى پارتىيىسى POUM نى «گېرمانىيە-فرانكو گۇروھىنىڭ جاسۇسلۇق تەشكىلى قىلىپ كۆرسۈتۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئورلوۋ ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنى يالغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش ئىشىغا كىرىشىدۇ. 16-ئىيۇن كۈنى، ماركسىست ئىشچىلار بىرلىكى پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئاندرېيوۋ نىن (Andreu Nin) بىلەن يەنە باشقا 40 نەپەر مۇھىم رەھبىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا، باش شىتابىنىڭ پېچەتلىنىشى، قوراللىق تەشكىلاتىنىڭمۇ تارقىتىۋېتىلىشىگە سەۋەبچى بولۇدۇ. بىر ھەپتىمۇ ئۆتمەي، نىن تۈرمىدە سىرلىق بىر شەكىلدە غايىپ بولۇدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئەسلىدە ئۇ ئورلوۋ رەھبەرلىكىدىكى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ بىر مەخسۇس سۈيىقەست قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنۇدۇغان «ھەرىكەتچان ئەترىتى»نىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن تروتسكىچىلار بىلەن تروتسكىچى بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ تەغدىرىگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە يولۇققان. 1938-يىلى، ئورلوۋمۇ يوقۇرقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەندەك ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئۇجۇقتۇرۇلۇدۇغان كىشىلەر تىزىملىكىگە كىرىپ قېلىشىدەك ئاقىۋەتكە دۈچ كېلىشىدىن قورقۇپ ، ئامېرىكىغا قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئالدىدا، ئۇ «خەلق دۈشمەنلىرى»نى تازىلاش ھەرىكىتىنى تەشكىللەش جەريانىدا ئىزچىل تۈردە كەيپىساپالىق تۈرمۇش

ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى. خەلقارالىق بىرىگادا ئەسكىرى بولغان بىر نەپەر ياش جەڭچى ئىش بىجىرىش ئۈچۈن بۇيرۇق بويىچە ئورلوۋنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. بۇ ياش ئورلوۋنىڭ تۇرغان جايىغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىدە قويۇق كلون ئەتتىر پۇرىقى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، ئاق ياقىلىق كاستۇم-بىرۇلكا كەيگەن بىر نەپەر خىزمەتچى ئەسكەرنىڭ تاماق يېيىش غالتىكىنى ئىتتىرىپ ئاجايىپ مول ناشتىلىقنى ئېلىپ كىرىۋاتقانلىقى ئىدى. ئۇ بىر سوتكىدىن بېرى ئېغىزىغا بىر كاپامۇ بىر نەرسە يېمىگەن بولۇشىغا قارىماي، ئورلوۋ ئۇنى دەستىخانغا تەكلىپ قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ.[118]

گەرچە ئورلوۋ ھەر دائىم كىشىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە مەدھىيلىنىپ تىلغا ئېلىنىدىغان قالتىس كىشى ھېسابلانسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنچە خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ھەرگىزمۇ ك گ ب قەھرىمانلىرى قاتارىدا مەدھىيلىنىدىغان بىرسى بولالمايدۇ. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم قەھرىمان خادىملىرىنىڭ شان شەرىپىگە زىيان كەلتۈرۈدۇ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە دائىر ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاشنى پەقەتلا خالىمايتى. ئالايلۇق، ستانىسلاۋ ئالكسىيېۋىچ ئۇپساسوۋ دېگەندەكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى ھەرگىز خالىمايتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە دۈشمەن ئارقا سېپىدا قەھرىمانلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ داڭ چىقارغان ۋائۇپشاسوۋ (Vaupshasov) ، 4 قېتىم لېنىن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان، ئىككى قېتىم ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى ئالغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ مېداللىرى ئۇنىڭ پۈتۈن كۆكرىكىنى تولۇق بېزەشكە يېتەتتى. ئۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات سېپىدىكى ئەڭ شەرەپلىك قەھرىمانى ھېسابلىناتتى. 1990-يىلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇنىڭ ئۈچۈن خاتىرە پوچتا ماركىسى چىقىرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سۇيىقەست قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تا بۈگۈنگىچە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان

مەخپىيەتلىك دەپ قاراپ كېلىنمەكتە. 20-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇ مىللىي سىياسىي ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان مەخپىي قوراللىق كۈچلەردىن بىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەر دائىم پولشا ۋە لاتۋىيە ئارمىيىسىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ بۇ ئىككى دۆلەت چېگراسىدىكى كەنتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. 1929-يىلى، ئۇ سەبداشلىرىدىن بىرىنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن 10 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي قويۇپ بېرىلىپ قايتىدىن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ سۈيىقەست مۇتەخەسسىسى كەسپى بىلەن ياشاپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىسپانىيىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، ئۆلۈك كۆيدۈرۈش خۇمدانىدىن بىرنى لايىھىلەش ۋە ئۇنى ياساپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇش ئىدى. ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى بۇ خۇمداننى زىيانكەشلىك قىلىنغان كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بولۇپ، جەسەتتىن ھېچنېمە قالدۇرماسلىق ئىدى. نۇرغۇنلىغان سۈيىقەست قىلىنغان ئوبېكتلار بۇ بىنا ئىچىگە ئالداپ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن پاجىئەلىك شەكىلدە ئۆلتۈرۈلەتتى ھەمدە شۇ يەردىلا كۆيدۈرۈۋېتىلەتتى.

بۇ ئۆلۈك كۆيدۈرۈش خۇمدانىغا ئىچكى ئىشلار خەلق كومسارىياتىنىڭ جاسۇسى جوسې كاستېلو پاچېكو (Jose Castelo Pacheco) (يوشۇرۇن نامى جوس، پانسو، تېئودور) مەسئۇل ئىدى. بۇ ئادەم ئىسپانىيە كومپارتىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، 1910-يىلى سارامىنكادا تۇغۇلغان، 1936-يىلى ئورلوۋنىڭ كاندىدات پونكىت باشلىقى لېونىد ئالېكساندروۋىچ ئېيتىنگون (Leonid Aleksandrovich Eitingon) تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بىر جاسۇس ئىدى. كاستېلو ئۆلۈپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر جىيەن قىزى 1982-يىلى ك گ ب غا خەت يېزىپ سۇغۇرتا مىراس پۇلى تەلەپ قىلغان ھەمدە كاستېلو ھايات ۋاقتىدا ئۆزىگە «ئەگەر چارىسىز بىرەر قىيىنچىلىق ئەھۋالدا قالساڭ، يەنى ھېچقانداق بىر ئامالىڭ قالمىغىنىدا مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يولداشلىرىم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالاقىلاش» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانمىش. كاستېلونىڭ ئارخىپىدا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇشى ھەققىدە قىلچىمۇ مەلۇمات ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە قەسەم قىلغانلىقى يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي، بىر ئېھتىمالدا ئۇنىڭ بۇ تۇغقىنى كاستېلونىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا ئائىت ئۆلۈك كۆيدۈرۈش خۇمدانىدا ئىشلەيدىغانلىق ئەھۋالىنى بىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، مەركەز، ئۇنىڭ تەلىپىنى يامان ئاقىبەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دېيىشىپ رەت قىلىشقان. 1983-يىلى يانۋاردا، بۇ خانىم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مادرىتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىك كونسۇلخانىسىغا چاقىرتىلىدۇ. ئۇ يەردە مەسئۇل خادىملار بۇ خانىمغا ئەسلىدە سىز بۇنداق بىر سوغۇرتا مائاشى ئېلىشقا قىلچە قانۇنىي ھوقۇقىڭىز بولمىسىمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يەنىلا سىزگە ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ 5 مىڭ روبلى بېرىشىنى قارار قىلدى دەپ ئۇقتۇرۇدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا بۇ پۇل 6680 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ كېلىدىغان بىر پۇل ئىدى. شۇندىن كېيىن، كاستېلونىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ن ك ۋ د ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىقىپ باقمىغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ستالىن دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك ماختاشقا ئەرزىگىدەك نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى بار بولسىمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي ياۋروپادا يوشۇرۇن يۈرگۈزۈلگەن «خەلق دۈشمەنلىرى»گە قارىتا رەھىمسىزلەرچە قوغلاپ يۈرۈپ سۇيىقەست قىلىش ھەرىكەتلىرى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى تاشقى سىياسەتلىرى ئۈستىدە ئالاھىدە ماختىنىپ ئەمما بەكلا كۈچسىز چۈشەندۈرۈشلەر بېرىپ، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى كۈچەپ ئىنكار قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇدۇ. ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ ئىسپانىيىدىن باشقا يۇشۇرۇن سىياسىي سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللۇنۇپ كەلگەن ساھەلىرىدىن بىرى فرانسىيە بولۇپ، ئۇلار

فرانسىيىدە لېۋ سېدوۋ بىلەن گېنېرال يېۋگېنى كارلوۋىچ مىللېر (كۇتېپوۋنىڭ ئىزباسارى، ئورۇس ھەربىيلەر جەمىيىتىنىڭ ئاقلار گۇۋاردىيە رەھبىرى) ئاساسلىق سۇيىقەست ئوبىكتى قىلىنغان ئىدى. 1937-يىلى ياز ئايلىرىدا، شېرېبرانسكى بۇ ئىككى كىشىنى يوقۇتۇش ھەققىدە بىر-بىرسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى پارچە پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇ، ئاۋال پارىژدا بۇ ئىككى كىشىنى قاچۇرۇش، ئاندىن ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلتۈرۈۋېلىپ سوتقا چىقىرىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى پىلانلايدۇ. بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، ئۇلارنىڭ يېقىن ئادەملىرى ئارىسىغا ئادەم كىرگۈزۈش ئىدى.

سېدوۋنىڭ يېنىدىكى «ئىديان» سىبرووۋسكىغا ئوخشاش مىللېرنىڭ يارىدەمچىسى گېنېرال نىكولاي سكوپلىنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ بىر جاسۇسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شېرېبرانسكى مىللېرنى كۆزۈتۈش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئالاھىدە جاسۇس ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. بۇ جاسۇس مىللېر ئابېبئات (Abbiate) (مەخپى بەلگىسى ئاۋياتورشا AVIATORSHA بولۇپ، «ليوتچىك خانىمى» دېگەن مەنىدە ئىدى) ئىسىملىك بىرسى ئىدى. بۇنى ھەتتا سكوبلىنىمۇ سەزمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئالىنىيات دېگەن بۇ قىز ئەسلى پېتربۇرگتىكى بىر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قىزى بولۇپ، رۇسىيىدە تۇغۇلۇپ شۇ يەردە چوڭ بولغان. 1920-يىلى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر فرانسىيىگە قايتىشىدا ئۇنى رۇسىيىگە قويۇپ كەلگەن ھەمدە ئۈچقۇچى ۋاسىلى ئىۋانوۋىچ يېرمولوۋ (شۇڭا ئۇنىڭ مەخپى بەلگىسى پىلوت قىزى دەپ ئاتالغان) بىلەن توي قىلغان ئىدى. 1931-يىلى، ئالىنياد فرانسىيىگە ئاتا-ئانىسىنى يوقلاشقا مېڭىش ئالدىدا ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى ئۇنى جاسۇس قىلىپ تاللىۋېلىشىدۇ. ئۇ فرانسىيىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئۇكىسى رولاند لودىۋىكوۋىچ ئابىياتىنىمۇ مەخپى بەلگىسى پىلوت دەپ ئاتالغان ئىشپىيون قىلىپ يېنىغا تارتىۋالىدۇ. ئاۋىياتورسا، گېنېرال مىللېر تۇرغان ئۆينىڭ يېنىدىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئۇ يەردىن گېنېرالنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇقچە كىرىپ بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى ئوغۇرلايدۇ ھەمدە مەخپى بىر يەرگە مىكروفون جايلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇ

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق گېنېرالنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاپ تۇرۇدۇ. 1937-يىلى 22-سېنتەبىردە خۇددى يەتتە يىل ئاۋالقى كۇتېپوۋغا ئوخشاش مىللېرمۇ كۈپ-كۈندۈز پارىژ كوچىسىدا غايىپ بولۇدۇ. پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مىللېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىغا قاچۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئۇ ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىدى چوڭ بىر ساندۇققا قاچىلىنىپ فورت ماركىلىق يۈك ماشىنىسىغا سېلىنىپ لىيافىر پورتىغا ئېلىپ بېرىلغان. بىر قانچە نەپەر كۆرگۈچى شاھىتنىڭ دېيىشىچە بۇ ساندۇق سوۋېت ئىتتىپاقى يۈك پاراخوتىغا يۈكلەنگەن. ئەمما ساندۇقتىكى مىللېرنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكى، ئەمما بەكلا كۆپ مەس قىلغۇچى دورا ئوكۇل قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. 1930-يىلقى كۇتېپوۋ ۋەقەسىگە ئوخشىمايدىغىنى، مىل ساندۇق ئىچىدە موسكۋاغا ئېلىپ مېڭىش جەريانىدا يېرىم يولدا قايتا ھوشىغا كەلگەن، ھەمدە موسكۋادا سوتلۇنۇپ ئېتىپ تاشلانغان. ۋەقەدىن كېيىن سكوپلىن ئۆزىنىڭ مىلنىڭ قوللىغۇچىلىرى تەرىپىدىن گۇمانغا قالغانلىقى ئۈچۈن ئىسپانىيىگە قېچىپ بېرىۋالغان. سالاھىيىتى ئاشكارىلانمىغان مىللېر ئابيات قىزىل يۇلتۇز ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ ھەمدە سېدووۋغا تاقابىل تۇرۇش يېڭى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالۇدۇ.

مىللېر غايىپ بولغان مەزگىللەردە، سېدووۋنى قىزىقتۇرۇش ھەرىكەت پىلانىمۇ تەڭ باشلانغان ئىدى. ئەسلىدە بۇلوگن (Boulogne) پورتىدا بىر بېلىقچى كېمىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىش يولىدا ئۇنى مەلۇم يەرگىچە كېمىلىق ئاپىرىش پىلانلانغان بولسىمۇ، مىللېرنىڭ غايىپ بولuشى فرانسۇزلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىدىن گۇمانلىنىشىنى ھەمدە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىشنى پەيدا قىلىۋەتكەن بولغاچقا، بۇ پىلاننى ئەلاجىسىزلىقتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە سېدووۋمۇ، مىللېرنىڭ ئاقىۋىتىدىن تۈپتىن پەرقلىق بىر شەكىلدە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ: 1938-يىلى 8-فېۋرال كۈنى، سېدووۋ جىددى سوقۇر ئۈچەي كېسىلى سەۋەبىدىن بالىنىسقا كىرىپ قالۇدۇ.

«ئېتيېن» زبوروۋسكى (Zborowski) ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ پېيىغا چۈشۈۋېلىشىدىن ساقلىنىش دېگەننى باھانە قىلىپ سېدوۋنى فرانسىيە دوختۇرخانىسىغا ئەمەس بەلكى بىر رۇسىيىلىك مۇھاجىر ئاچقان كىچىك بىر كېسەل كۆرۈش دوختۇرخانىسىغا كىرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا قايىل قىلىندۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق كىچىك دوختۇرخانىغا سىڭىپ كىرىش ئىشى بەكلا ئاسان بىر ئىش ھېسابلىناتتى. كېيىنچە زبوروۋسكىنىڭ ئېتراپ قىلىشىدىن قارىغاندا، دوختۇر ماشىنىسى چاقىرتىپ بولۇپ ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا خەۋەر يوللىۋەتكەن. بىخەتەرلىك ئۈچۈن دېگەننى باھانە قىلىپ فرانسىيىدىكى تروتسكىچىلارغا بۇ كېسەلخانىنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى ئېيتقىلى ئۇنىمايدۇ. سېدوۋقا قىلىنغان ئوپېراتسىيە بەكلا ئوڭۇشلۇق بولۇدۇ. قارىغاندا ياخشىلىنىشىمۇ خېلى كۆرۈنەرلىك تېزلىشىدىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەمما دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىزلا ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دوختۇرىمۇ تۈزۈك بىر نىمە ئۇقالماي قالۇدۇ. دوختۇرلار ئۇنىڭغا توختىماي قان بېرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ سېدوۋ ئاغرىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي 16-فېۋرال كۈنى جان ئۈزۈدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئەندىلا 32 ياشقا كىرگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدىكى ئارخىپلىرىدا ئۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇدۇغانلىقى توغرۇلۇق ھېچ نېمە ئۇچرىمايتى. ئەمما ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىدىكى مەلۇم ئىلغار مىدىتسىنا بۆلۈمى ــ كامېرا ئادەمنى ئۆلۈمگە يولليالايدىغان بىر خىل زەھەرلىك دورا سىناق قىلىپ چىققانلىقى، ھەمدە بۇنىڭدىن سېدوۋنى زەھەرلەشتە پايدىلىنىش ئېھتىمالى بارلىقى ئېنىق. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ھەقىقەتەنمۇ خۇددى تروتسكى بىلەن ئۇنىڭ قالغان ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش پىلانىغا ئوخشاش سېدوۋنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئويلايتى. ئەمما سېدونىڭ 1938-يىلى فېۋرالدا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدىكىلەر تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنمۇ ياكى ئۇلار قول سېلىشتىن بۇرۇن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنمۇ بۇ ھەقتە ھېچ كىم بىر نېمە دېيەلمەيتى.

سىيدوۋنىڭ ئۆلۈمى تروتسكىچىلار ئارىسىدا ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنى ئاساسلىق دۈشمەن ئورنىغا كۆتۈرۈدۇ. زبرووۋسكى «ئۆكتىچىلەر خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ تارقاتقۇچىسى ئورنىغا كۆتۈرۈلۈدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى يەنە تروتسكىنىڭ ياۋروپادىكى مۇھىم قوللىغۇچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ھالىغا كەلتۈرۈدۇ. زبرووۋسكى تروتسكى بىلەن ئوخشىمىغان قاراشتىكى باشقا تەرەپپازلىرى ئارىسىدا رەھىمسىزلەرچە ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىشلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۈشكۈرتۈش ھەرىكىتى جەريانىدا ئۆز سالاھىيىتىنى ئوڭۇشلۇق تۈردە سىر قىلىپ ساقلاپ يۈرەلەيدۇ. بىر قېتىم، ئۇ تروتسكىغا خەت يېزىپ، «ئۆكتىچى خەۋەرلىرى» گېزىتىدا «تروتسكىنىڭ ھاياتى تەھدىت ئاستىدا» تېمىلىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلماقچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ماقالە ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا مېكسىكىدىكى پائالىيەتلەرنى ئاشكارىلىۋەتكەن بىر ماقالە ھېسابلىناتتى. 1938-يىلى يازدا، سوۋېتلەردىن يۈز ئۆرۈپ ئامېرىكىغا قېچىپ كەتكەن ئالېكساندىر ئورلوۋ (Aleksandr Orlov) تروتسكىغا بىر پارچە ئەسكەرتىش خېتى يازىدۇ. بۇ خەتتە تروتسكىنى، ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ تروتسكىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت قىلىش مەقسىدىدە بىر نەپەر جاسۇسىنى پارىژغا يوللىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئورلوۋ خېتىدە بۇ جاسۇسنىڭ فامىلىسىنى بىلەلمىگەنلىكىنى، ئەمما ئۇ كىشىنىڭ مارك («ئېتىيىن» زبورووۋسكىنىڭ ئەسلى ئىسمى) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىدىنلا خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتىپ، بۇ كىشىنىڭ قىياپىتىنى، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئەھۋالىنى تەپسىلى بايان قىلىپ چىقىدۇ. ئەمما تروتسكى بۇ خەتنى خۇددى باشقا مۇشۇنداق خەتلەردىكىدەك ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىدىن بىرسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ تاشلاپ قويىدۇ. زبرووۋسكىمۇ ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە قوشۇلىدۇ. ئەمما بەزىلەر تروتسكىغا بۇنداق قارىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ تۈزۈتۈش بەرگىنىدە، زبورووۋسكى بۇ تۈزۈتۈشنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن خوش بولۇپ قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن.

سېدوۋ ئۆلگەندىن كېيىن، گېرمانىيىلىك رۇدولف كلېمېنت (Rudolf Klement) ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ياۋروپادىكى كېيىنكى قېتىملىق سۇيىقەست قىلىنىدىغان ئادىمىگە ئايلىنىدۇ. بۇ كىشى تروتسكىنىڭ 4-ئىنتېرناتسيونالدىكى كاتىبى بولۇپ، بۇ ئىشنى بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا بېكىتىشىدۇ. 1938-يىلى 13-ئىيول كۈنى، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى كلېمېنتنى ئۆيىدىن ئالداپ چىقىرىپ تۇتۇپ كېتىدۇ. بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بېشى كېسىۋېتىلگەن بىر جەسەت سېن دەرياسىدا قىرغاقنا لەيلەپ چىقىپ قالىدۇ. بۇ جەسەتنىڭ كلېمېنتنىڭ جەسىدى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. سىنتەبىردە چاقىرىلغان تۆتىنچى ئىنتېرناتسيونالنىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلتىيى خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر قۇرۇلتاي بولۇپ قالىدۇ. پەقەت بىر قانچە دۆلەتتىنلا كەلگەن تروتسكىچىلار ئۆمىكىنىڭ 21 نەپەر ۋەكىلىلا بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتنىشالايدۇ. رۇس تارمىقىدىكىلەر پۈتۈن قابىلىيەتلىك نامزاتلارنى بىرمۇ-بىر يوق قىلىۋەتكەچكە، ئىلاجىسىز زىبوروۋسكىنى ۋەكىل سۈپىتىدە بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتۇرۇشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئامېرىكىدىكى تروتسكىچىلار ۋەكىلى — قۇرۇلتاي تەرجىمانلىرىدىن بىرى — سىلۋىيا ئانگېلوف (Angeloff Sylvia) خانىم ئىسپانىيىلىك ئاشىنىسى رامون مېركادەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. مېركادەر ئەسلى س س س ر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ بىر جاسۇسى بولۇپ، بېلگىيە مۇخبىرى دېگەن نام بىلەن ئۆزىنى نىقاپلىۋالغان ئىدى. ئارقىدىنلا كۆرسىتىلىدىغىنىدەك، مېركادەر دېگەن بۇ كىشى، مېكسىكا شەھىرىدە تروتسكىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

1938-يىلىغا كەلگەندە، سېرېبريانسكى يېتەكچىلىكىدىكى ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش گۇرۇپپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىدە ئەڭ چوڭ ئورگان بولۇپ، بۇ تەشكىلات ئامېرىكا، فرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، نورۋېگىيە، دانىيە، شىۋېتسىيە، فىنلاندىيە،

گېرمانىيە، لاتۋىيە، ئېستونىيە، پولشا، رومىنىيە، بولغارىيە، چېخوسلوۋاكىيە ۋە خىتاي قاتارلىق 16 دۆلەتكە 212 نەپەر ئىشپىيون كىرگۈزۈۋەتكەن ئىدى. تروتسكىچىلاردىن باشقا، چەتئەل ئىستىخبارات ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىملىرى چوڭ تېررورلۇق دەۋرلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ چەتئەلدە پېيىگە چۈشۈپ نوقتىلىق ئۇجۇقتۇرۇش ئوبيېكتلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەر ئارىسىدا بەكلا كۆپ كىشى «خەلق دۈشمىنى» ھېسابلىنىدىكەن. موسكۋا، ئۇلارنىڭ ئىشداشلىرىنى جاھانگىرلارنىڭ ئىشپىيونى دەپ ئەيىپلەپ ئۇلارنى سوتقا تارتىش ھەققىدىكى دوكلاد يوللىغان ۋاقتىدا چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات ئوفىتسېرلىرى گەپ-سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز چىراي ئىپادىسى بىلەن بەدەن تىلىغىمۇ ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ئىدى. موسكۋادىن كەلگەن دوكلادتا بايان قىلىنغان ئەمەلىيەتتە ھېچقاچان مەۋجۇت بولمىغان سۇيىقەست ھەققىدە يېتەرلىك، قولدا تۇتقىلى بولىدىغان، قەلبىگىدىن چىققان ھەقىقىي غەزىپىنىڭ ئىپادىلەنمەيدىغانلا بولىدىكەن، چوقۇم مەركەزگە دوكلاد قىلىنىسەن؛ ئەگەر مەركەزگە دوكلاد قىلىنغانلا بولىدىكەنسەن، ئاقىۋىتىڭ چوقۇم ئەجەللىك بولىدۇ.

1936-يىلى ئاۋغۇستتا، بۇرۇنلاردا لېنىننىڭ ياردەمچىلىرى ھېسابلانغان زىنوۋيېۋ، كامىنېۋ ۋە باشقا بەزى «ئايىنىغان ئۇنسۇر» لار سوتلانغاندىن كېيىن، مەركەز پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى ئىنكاس قىلغان ھەربىي ئىستىخبارات ئوفىتسېرى ئابرام مىرونوۋىچ ئالبام Abram Mironovich Albam (مەخپىي بەلگىسى بېلوۋ) بۇ كىشىلەر ئۈستىدە كېسىنى قايىل قىلارلىق نەپرەت كۆرۈنۈشىدە بولمىغانلىقى دوكلاد قىلىنىدۇ. بۇ دوكلادتا بەكلا غەلىتە بىر شەكىلدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

*بېلوۋ، بۇ سىياسىي لۈكچەكلەر ئۈستىدە نەپرىتىنى ھەمدە ئۆتكۈر تەنقىت ئىپادىسىنى كۆرسەتمىدى. تروتسكى-زىنوۋيېۋ گۇرۇھى ئۈستىدە تەنقىت ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىلەر جەريانىدا، بېلوۋ ئىنچىكىل تۇردە سۈكۈتتە تۇرۇۋالدى. بېلوۋ، بۇ 16 نەپەر جىنايىتى بېكىتىلىپ بولۇنغان*

*كىشىلەرگە ھېسسىداشلىق قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۈگۈنكى گېزىتتىن ئۇلارنىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىق خەۋىرىنى كۆرۈپ ھەتتا چوڭقۇر بىرنى تىنىپ قويدى.*

ئۇنىڭ بۇ تىنىقى ئۆزىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ بەزى كەسىپداشلىرىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇپ ئىسمىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك گۇناھ بىلەن قالپاق كەيگۈزۈلۈشىگە سەۋەب بولۇدۇ. ئۇنىڭ ماتېرىيالىغا چېتىشلىق بولغان 13 نەپەر يېقىنى بۇ سەۋەپدىن قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇلاردىن ھېچ بولمىغاندا بىر قىسمى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئالبامىنىڭ ئايالى فرىدا لۋونا (Frida Lvovna) ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يولدىشىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. «سەمىيمىي سادىق بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، — دەپ يازىدۇ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىغا يازغان خېتىدە نەپرەتلەنگەن ھالدا، — ئەڭ قورقۇنۇچلۇق بولغىنى، ئۇنىڭمۇ بىر خەلق دۈشمەنلىرىدىن بىرسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىم ئىدى.»

مەيلى مەملىكەت ئىچىدە بولسۇن ياكى چەتئەلدە بولسۇن، شۇ قېتىملىق چوڭ تېررورلۇقتىن ساق چىقالىغانلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئىنتايىن ئەخلاقسىز نەرسىلەر ئىدى. ئۆز ئىشداشلىرىغا خوشاللىق بىلەن بوھتان قىلىپ جىنايەت ئارتقان كىشىلەر دەل شۇنداق ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغان ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىدى. چوڭ تېررورلۇق دەۋرىنىڭ دەسلىۋىدە بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولغان ياكوۋ سۇرىتس ھايات قالغان بەكلا ئاز ساندىكى يوقۇرى دەرىجىلىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ باشقىلارنى قارىلاشقا ئاجايىپ ئۇستىلىقى جېنىنى ساقلاپ قالالىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىدى. سۇرىتس، ئەلچىخانىنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان ب. م. گوردون نى Gordon ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاۋال مۇش كۆتۈرۈش تاكتىكىسىنى ئىشقا سالۇدۇ. چوڭ تېررورلۇق دەۋرى باشلىنىش ۋاقتىدا سۇرس مەركەزدىكى گوردىن بىلەن ئالاقىسى قويۇق بىر دىپلوماتنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا پۈتۈن چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئەمەلدارنى *بۇرۇن سوتسىيال ئىنقىلابىي*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پارتىيىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىنى، شۇنىڭدەك پات-پاتلا پراگاغا بېرىپ تۇققان يوقلايدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە يەنە باشقا بىر قانچە سوتسىيال ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. 1937-يىلى يانۋاردا، «تروتسكى-زىنوۋىيېۋ تېررورلۇق تەشكىلاتى» ئۈستىدىكى ئوچۇق سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سۇرتىس مەركەزنى گوردوننىڭ تروتسكىغا ھېسسىداشلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2-فېۋرال كۈنى، بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانادا بىر قېتىملىق پارتىيە يىغىنى چاقىرىلىدۇ. يىغىندا ئىستىخبارات پونكىتى خىزمەتلىرى بىلەن پارتىيە گۇرۇپپىسى قوشۇمچە ئەزاسى بولغان گوردون تروتسكى گۇرۇھى ئۈستىدە ئېچىلغان سوت ھەققىدە دوكلاد يەتكۈزۈلدى.

گوردون بۇ سىياسىي لوكچەكلەرنىڭ ئېنىق ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىققانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلار توغرىلىق قىلچە تىنمايدۇ؛ شۇنىڭدەك بۇ جەمىيەت داشقاللىرىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بارلىق ئىشچى يولداشلاردىن بۇ پىلانىنى نېمە ئۈچۈن يوشۇرغانلىقىنى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئىككى يۈزلىمە ھايات ياشىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن يەرئاستى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللۇنۇپ كەلگەنلىكىنىمۇ قەتئىي ئىزاھلىماي ئۆتكۈزۈۋەتتى؛

شۇنىڭدەك يەنە دۆشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلەلىگەنلىكى ئۈستىدىمۇ تەپسىلىي دوكلات بەرمىدى؛ شۇنىڭدەك يەنە دۆشمەننىڭ پەيدا قىلغان ئاپەتلىرى، بۇزغۇنچىلىقلىرى، تېرروچىلىقلىرى ھەمدە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بار تۇرۇغلۇق دۆلىتىمىز سانائىتى بىلەن ترانسپورت ئىشلىرى قانداق قىلىپ توختىماي تەرەققىي قىلالىغانلىقى ئۈستىدىمۇ پەقەتلا سۆز قىلمايدۇ. ئۇ يەنە بۇ قېتىمقى سوتنىڭ خەلقارالىق ئەھمىيىتى ئۈستىدىمۇ ھېچ بىر چۈشەنچە بەرمىدى.

ئەمما سۇرتىسنىڭ گوردونغا قارشى ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ كەينىدىمۇ ئوت يېنىۋاتقانلىقىغا پەقەتلا دىققەت قىلمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كاتىپىدىن بىرسى مەركەزگە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى ھەققىدە ئىنكاس يوللىۋېتىدۇ:

بۇ كۈنلەردە يولداش سۇرىسنىڭ ئىشخانىسىدا بۇخارىنىنىڭ رەسمى

*ئىسسىغلىق بولۇپ، رەسسىم ئاستىدا «چىن قەلبىمدىن سەممىيلىك بىلەن ياخشى كۆرۈدىغان كونا دوستۇم، سۆيۈملۈك يولداش سۇرىتىسقا — بۇخارىن» مەن بۇ رەسىمنى ماڭا قاراپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئەمەس بەلكى قەستەن ئېلىۋەتمىدىم. مەن پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدا يىنوچىزنىڭ رەسىمنى ئېلىۋەتكىنىمدە يولداش سورسىنىڭ ماڭا ئالىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا بۇخارىننىڭ رەسىمنى ئېلىۋەتمىگەن ئىدىم.*

*بۇخارىن پارتىيىمىز ھەمدە پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن،[125] ئۇنىڭ رەسىمنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ تاشلىشىنى كۈتكەن ئىدىم. ئەسلىدە يولداش سورس رامكىدىكى بۇخارىننىڭ رەسىمنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈۋېتىشى كېرەك ئىدى.*

*مەن، سىزلەرگە بۇلارنى ئىنكاس قىلىشىمدىكى سەۋەب، بۇنداق ئەھۋاللارنى پارتىيىگە دوكلاد قىلىش ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇيمەن. ستالىن ئاساسىي قانۇنى (1936) يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ قانۇن بىزگە ئىنتايىن كەڭرى ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى بېرىپ، بىزدىن ئىنتىزامغا بوي سۇنۇش، سەممىي ساداقەت بىلەن ئىشلەش ھەمدە سەزگۈرلۈكىمىزنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. شۇڭا مەن، يوقۇرقىدەك ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۈن چىقارماي جىم تۇرۇشنى خالىمىدىم.*

1937-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەمەلدارلار چاقىرتىلغان ھەمدە ئېتىپ تاشلانغان ئىدى. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ خىزمەتلىرى توختۇتۇپ قويۇلغان ئىدى. گەرچە لوندون، بېرلىن، ۋېنا ۋە توكيودىكى ئىستىخبارات پونكىتلىرى تاقىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردىكى پونكىتلارنىڭ ھەر بىرسىدە ئارانلا بىرەردىن ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى نەپەردىن ئىستىخبارات خادىمى قالغان ئىدى. بەكلا كۆپ چوڭ ئىشپىيونلار زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. بىرىنچى بولۇپ مەركەز تەرىپىدىن نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىپ قالغان چوڭ جاسۇس تيودور مالى Teodor Maly ئىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭ تېررورلۇق تەدبىر قوللۇنۇشقا قارىتا نارازىلىق ئىپادىسىدە بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەركەزنىڭ ئۈنىڭدىن گۇمانلىنىشىنى قوزغاپ قويغان ئىدى. 1937-يىلى ئىيۇندا، ئۇ كوممۇنىزم غايىسىدە چىڭ تۇرغاچقا موسكۋاغا قايتىش بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇپ قايتىپ كېتىدۇ. «مېنىڭ بۇرۇنلاردا پوپ بولغانلىق تەرجىمىھالىم ماڭا پايدىسىز ۋەزىيەت پەيدا قىلىشىنى ياخشى بىلەتتىم. — دېگەن ئىدى ئالېكساندىر ئورلوۋغا Aleksandr Orlov ، — شۇڭغا قارىماي قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىمدىن ھېچ كىم ماڭا بۇ پوپ بەلكىم راستىنلا گېرمانىيە جاسۇسى ئىكەن دېگەن گەپنى قىلالمايدۇ دەپ قارايمەن» دەيدۇ. ئەمما ئۇ موسكۋاغا بارار-بارماي گېرمانىيە جاسۇسى دەپ قارىلىنىشىقا دۇچ كېلىپ سوتلىنىدۇ؛ بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئىتالىيىدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى (شۇنىڭدەك دوركىنىڭ يېتەكچىسى) بولغان مويشېي ئاكسېلرود Moisei Akselrod مۇ موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ. ئۇن نەچچە يىل بويىچە بەكلا كۆپ ئەنگلىيە ئىستىخباراتى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن بۇ جاسۇس، قىسقا مۇددەتلىك تۈرمە ھاياتىدىن كېيىن ئۇمۇ «خەلق دۈشمىنى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاشلىنىدۇ.

چوڭ تېررورلۇق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، بىر يەھۇدىي ھەمدە ئاۋستىرىيىلىك قېنىدىن بىرسىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى، ھەمدە كەسپى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەنئەنچى ئارنولد دېۋتىش Arnold Deutsch قا بوي سۇنمىغانلىقىدىن مەركەزنىڭ گۇمانىغا قېلىپ مالى ئاكسېلرود ھەمدە باشقا بىر قىسىم ئالاھىدە جاسۇسلارمۇ بىرلىكتە ئارقا-ئارقىدىن چاقىرتىلىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئۆزۈنغا قالماي چوقۇم باشقىلارغا ئوخشاش تەغدىرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇ، پاسپورتىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ تۇرۇش ئۈچۈن پات-پاتلا بىرمىڭخا دا تۇرۇشلۇق تاغىسى ئوسكار دېۋتىش بىلەن پات-پات ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. ئوسكار، شۇ يەرلىك يەھۇدىيلار سىناگوگىنىڭ باشقۇرغۇچىسى شۇنىڭدەك بىر تىياتىرخانا مۇدىرى ئىدى. بەزىدە ئارنولد Arnold جۈمە ئاخشاملىرى بۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېيتلىق زىياپەتكە قاتنىشىپ قوياتتى. ئوسكارمۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيىدە داۋاملىق تۇرۇپ قالالىشىغا پايدىسى بولار دەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر خىزمەت تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇدۇ. بۇ

تۇردىكى قويۇق مۇناسىۋەتلەر مەركىزىنىڭ ئارنولد ئۇستىدىكى گۇمانىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي دۈتىش يەنىلا جېنىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىشىغا بەلكىم باشقا بىر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ جاسۇسى بولغان بىرسىنىڭ يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كېتىشى سەۋەبچى بولۇپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خائىنلىق قىلغان جاسۇس، پارىژدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەزىپىلىك جاسۇس ئىگناس پورىسكى (Ignace Poretsky) (يالغان ئىسىم بولۇپ، مەخپىي بەلگىسى رايموند Raymond) ئىدى. 1937-يىلىنىڭ ئىيۇلىدا، «سىبىرىيانسكى كۈرژۈكى» نىڭ فرانسىيىلىك ئىشپىيونى رولاند ئابىئات (Roland Abbiate) (يالغان ئىسمى روزى Rossi بولۇپ، مەخپىي بەلگىسى ليوتچىك RAYMOND) شىۋىتسارىيىدە پورېتسكىنى تونۇپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، رولاندنىڭ سىڭلىسى (ئۇمۇ سىربولانسكىي كۈرژۈكىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى) مىليا پارىژدا گېنېرال مىلېرنى قىلتاققا چۈشۈرۈش كويىدا يۈرەتتى. پورىسكىينى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئاپياد ئۇنىڭ دوستى گېترود سىربىستىن پايدىلىنىدۇ. ئۇ، مۇساپىرلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بۇ نېمىس كومپارتىيە ئەزاسىنى جىددىي ياردەمگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ پروسكىغا خەت يېزىشى ئۈچۈن قايىل قىلىۋالىدۇ. گەرچە سىربىس ستېنىن سۈركەلگەن بىر قۇتا شاكىلاتنى پولىسقا- ساقچىغا تاپشۇرۇش ئىشىنى رەت قىلغان بولسىمۇ (كېيىن شىۋىتسارىيە ساقچىلىرى بۇ شاكىلات قۇتۇسىنى سېزىپ قالىدۇ)، يەنىلا ئۇنى لوزان سىرتىدىكى بىر تار كوچىغا ئاپىرىدۇ. ئۇ يەردە ئابىياي Abbjaie ئاپتوماتلىق ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئاخىرقى پەيتتە، ئۆزىنىڭ قاپقانغا چۈشۈپ قېلىشىنى ھېس قىلغان پولىسكى سىربىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالىدۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ بىر قولىدا سىربىسىنىڭ بىر تۇتام كۈلرەڭ چېچىنى قاماللىغىنىچە ۋۇجۇدىنىڭ ئوق بىلەن غەلۋىردەك ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىلگەن جەسىدىنى تاپىدۇ.

دۈتىش، پولىسكى بىلەن بىر قانچە يىل بۇرۇن پارىژدا بىرگە ئىشلىگەنلىكى سەۋەبىدىن پولىسكى يۈز ئۆرۈپ ساتقۇن بولۇپ كەتكەندىن

كېيىن، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ زىيان مەلۇماتىدا ئۇنىڭ دۆتىشنى غەرپ ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا پاش قىلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشىدۇ. دۆتىشنىڭ تروتسكىنى غەرپ سۇيىقەست قارىشىنىڭ قۇربانى دەپ قارايدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى ئۇ تۇردىكى سۇيىقەستچىلەر ئىچىدىكى بىرسى بولۇشى مۇمكىن دەيدىغان گۇمانلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. 1937-يىلى نويابىردا، ئۇ موسكۋاغا چاقىرتىپ كېلىنىدۇ. مەركەز ئۇنىڭ پولسكى بىلەن باشقا خائىنلارنىڭ قىلتاق قۇرۇشى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى دەپ ئىشىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇ مارىيغا ئوخشاش ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنمىغان ئىدى.

مالىينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن دۆتىشنىڭ قايتۇرۇپ كېلىنىشى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئىستىخبارات ئىشلىرىنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىۋېتىدۇ. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ زىيان تارتىش ئەھۋالى دوكلاتىدا مالىينىڭ «كاپىتان كىڭ (ماگ) نى دۈشمەنگە پاش قىلىۋەتكەن» دەپ قارالغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان، 1935-يىلى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بۇ جاسۇسنىڭ بارلىق ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. مىتروخىن كۆچۈرۈۋالغان ئارخىپلار ئىچىدە كامبىرىجدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان جاسۇسلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانغا قارىتا باھالاش ئېلىپ بېرىلغان دوكلاد كۆرۈنمەيتى. شۇنىڭغا قارىماي مالىينىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، مەركەز ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سېتىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىپ بەكلا غەم ئىچىدە قالغان ئىدى. نويابىردا، گوللاندىيىدە تۇرۇشلۇق جاسۇس ۋالتېر كرىيىتسك (Walter Kriyitsk) نىڭ خائىنلىق قىلىشى مەركەزنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. گەرچە كرىيىتسك كامبىرىج بەش نوچىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىدىن خەۋىرى بارلىقى، يەنى ئۇلار ئارىسىدىكى بىرەيلەن مۇخبىرلىق سالاھىيىتىدە فرانكوغا سۇيىقەست قىلىش

ۋەزىپىسى بىلەن ئىسپانىيىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلەتتى.

دۇتش موسكۋاغا چاقىرتىپ كېتىلگىنىدىن كېيىن، ئەنگلىيىدە قالغان 5 نوچىلاردىن ئۈچىسىنىڭ ــ بۇرگېس، بلۇنت Burgess, Blunt ۋە كېينكروسلار Cairncross ـنىڭ مەركەز بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقىلىرى 9 ئايدەك ئۈزۈلۈپ قالۇدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلار ئاجايىپ قىزغىنلىقىنى يوقۇتۇپ قويمىغان، ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ داۋاملىق يېتەكچىلىكىگە پەقەتلا ئېرىشەلمەي قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ يەنىلا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ خىزمىتىنى داۋام قىلىپ ماڭىدۇ. دوئىچ بىلەن مالىي Maly تەرىپىدىن يېتەكچىسىگە بېقىنماي ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇپ ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ جاسۇسى دەپ تونۇشىغا رۇخسەت بېرىلگەن بۇرگېسBurgess، ئۆز ئارزۇسى بويىچە جاسۇس كېڭەيتىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى دۇتشنىڭ جاسۇس تەرەققىي قىلدۇرۇش پىرىنسىپىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىزباسارى دەپ تونۇپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىش ئىمكانىيىتى بار داڭلىق ستۇدېنتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرۈدۇ.

بۇرگېس، گورونۋاي رىسنى Goronwy Rees ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەڭ ئىستىقباللىق تەرەققى قىلدۇرۇشقا بولىدىغان ئوبېكتىۋ دەپ قارايدۇ. ۋېلش Welsh Fellow ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولغان بۇ ياش، يەنە كېلىپ «كۆزەتكۈچى» ژۇرنىلىنىڭ ياردەمچى تەھرىرى ئىدى. ئۇنىڭ پورگىس بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتى 1932ـيىلى ئىدى. گەرچە ئۇ پورگىسنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالىغان بىرسى بولغىنى بىلەن بەربىر ئۇنىڭغا خېلى كۈچلۈك تەسىر قالدۇرالىغان ئىدى: «مېنىڭچە، بۇ كىشىدە بىر تۈرلۈك تۇغما قابىلىيەتلەر باردەكلا كۆرۈنىدۇ، گەپ-سۆزلىرىدىنمۇ روشەن ئالاھىدىلىكى بىلىنىپ تۇراتتى» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قاراشقا كەلگەنلىكىگە رىسنىڭ 1937ـيىلىنىڭ كېيىنكى مەۋسۇمىدە ئېلان قىلغان بىر پارچە كىتاپ ئوبزورى پورگىسنىڭ ئۇنى جاسۇس قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋاقتى كەپتۇ دېگەن تونۇشقا كەلتۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. رىس، ۋېلشنىڭ جەنۇبىي

www.uyghurkitap.com

تەرەپلىرىدە يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك ئىشسىزلىق ھادىسىلىرى ھەققىدە مۇنداق باھالاشتا بولغان ئىدى:[128]

*بۇ ھادىسە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئالاھىدە، بەكلا كام كۆرۈلىدىغان بىر ئاپەت. ... نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ھادىسە بۇنداق ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمىيەتنىڭ ئەيىبى. ... ئەگەر سىز چېچىلىپ قايناپ كەتكەن ھەمدە ئەنئەنىۋي ئىنقىلابىي تونۇشتىكى كىشىلەرگە سىلەر دۇچ كېلىۋاتقان بۇ تۈردىكى جاپالارنى رەھىمسىز ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان دېسىڭىز، ئۇلار ئۈچۈن بىر چىقىش يولى بەرگەن ھېسابلىنىسىز. بۇنىڭدىن باشقا بۇنداق قىيىنچىلىققا لېنىنمۇ تۈزۈك چارە تاپالىشى ناتايىن.*

بەلكىم 1938-يىلى يېڭى يىل بايرىمى ئاخشىمى بۆرگېسنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغىنىدا خۇددى بۇرۇنقى كۆنلەردىكىدەك ئىككىسىنىڭ ئالدىدا بىر شىشە ۋىسكى تىكلەكلىك ئىدى؛ بۆرگېس ئۇنىڭغا «كۆزەتكۈچىلەر» دە ئېلان قىلىنغان بۇ ئوبزور شۇنى ئىسپاتلىماقتىكى، «ئۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تۇتقا قىلالىغان» دەيدۇ. بورگېس كېيىن ئەسلىگىنىدە، بۆرگېس كەينىدىنلا بەكلا جىددى بىر تۈستە «مەكتەپ پۈتتۈرگۈنۈمدىن بويان مەن ئىزچىل تۈردە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ بىر جاسۇسى بولۇپ كەلدىم» دەيدۇ. كېيىنكى بىر قانچە يىل جەريانىدا گېسمۇ ئىزچىل تۈردە جاسۇسلۇقنى خالىمايدىغانلىقى ھەققىدە پىكرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما ك گ ب ئۇنىڭ ئارخىۋىدا ئېنىق قىلىپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ جاسۇسلۇققا كېڭەيتىلگەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ ئۆتكەن ئىدى؛ گەرچە ئارخىپتا خاتىرلەنگىنىمۇ بۇنى كۆرسۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بورگېس ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى ئۈچۈن ئىشلىشىنى تەلەپ قىلغىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن پەقەتلا «پارتىيىگە ياردەمدە بولۇش»نىلا تەلەپ قىلغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىسى، بورگېس بىلەن ئالاقە قىلىشقان ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ بىر نەپەر مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش خادىمى كېيىنچە مەركەزگە دوكلاد قىلىپ، گېس (شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەركەز ئۇنىڭغا بەرگەن پارول ئىسمى فرېيت ياكى كروس ئىدى)نى ئوكسفورت بىلەن كامبرىجتا تەرەققىي

قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا دەپ تونىغان ئىدى:

ئۇنى روھىي جەھەتتە ھەممىدىن بەكرەك رازى قىلالايدىغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭمۇ ھەممىدىن بەكرەك ئىشەنچ قىلىدىغان، كۆچلۈك رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان خىزمىتىمۇ دەل شۇنداق، بىز ئۈچۈن ئوكسفورت بىلەن كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياش، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئىشلەشكە تەييار مەكتەپ پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلار ئارىسىدا ئەزا كۆپەيتىش ئىشى ئىدى. بۇ ۋەزىپە بىلەن شوغۇللانغىنىدا تونىبولت ئۇنىڭ كامبىرىجدىكى ياردەمچىسى، كروس (گېس) بولسا ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ياردەمچىسى بولغان ئىدى. ھەر قېتىملىق يىغىنىدا بورگېس دائىم دېگىدەك بۇ ئويىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتەتتى. ...

گەرچە بورگېسنىڭ ئىنتىزامغا بوي سۇنماي جاسۇس كېڭەيتىش ئۇسۇلىدىن بەكلا نارازى بولغاندەك قىلسىمۇ، مەركەز يەنىلا گىسنى ئىنتايىن قىممەتلىك ئىستىقبالغا ئىگە بەكلا مۇھىم جاسۇسىمىز دەپ تونۇيتى. تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سىر جون سىمون بىلەن «تايمىس» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى جېفرىل داۋسىن، ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم تىنچلىق تەرغىباتچىلىرى بولغان بۇ ئۈچ نەپەر ئادىمىنىڭ ھەممىسىلا ۋېرس ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئىدى. گىسنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن. بۇ ھەقتە مەركەز يەنە ئۇ ھەر دائىم ئالى دەرىجىلىك يىغىنلاردا بۇ ئۈچ نەپەر كاتتا ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرۇشۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى تىلغا ئالاتتى. مەركەزمۇ گىسنىڭ دوستى، پىنسىيونېر گېنېرال مايور سىر ئېرنىست سۋېنتوننىڭ تەسىرىنى بەكلا يوقۇرى باھالىۋەتكەن، بۇ كىشى 1925-يىلىدىن باشلاپ چېرچىلنىڭ ھەربىي تارىخ پروفېسسورى بولغان؛ مەركەزمۇ ئۇنى «گېنېرال سۋېنتون» دەپ ئاتىشاتتى.

بورگېسنىڭ ئوكسفورت-كامبىرىجلاردا ستراتىگىيلىك كېڭەيتىش پائالىيتى بىلەن پائال شوغۇللىنۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، چەتئەل ئىشلىرى بۆلۈمى پۈتۈنلەي قالايماقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالغان ۋاقىتلار ئىدى. 1938-يىلى 17-فېۋرال كۈنى، چەتئەل ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى

بولغان ئابرام سىروسكى ئىشخانىسىدا ئۆلۈك تېپىلىدۇ. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغۇلۇپ ئۆلگەن دېيىلىسىمۇ، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ھەربىي ئوركىستىر ئۆمۈكىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ باشلىقى ئۆلۈكنىڭ يۈزىدە سىيانىدتىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرىنى سېزىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياگودا سوراق قىلىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە پولشا ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىنى، ھەمدە بۇرۇنقى باشلىقى مېنژىنسكىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۇندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئىزباسارى ياناۋنى جايلىۋەتكەنلىك جىنايەتلىرىنى بىرگە قوشۇپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بىروسكىنىڭ ئىككى نەپەر ئىز باسارى زورمان پاسوۋ بىلەن سېبرگىي سېبىرگلاس ئىككىسىلا «خەلق دۈشمىنى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاشلانغان. 1938-يىلى، چەتئەل بۆلۈمى ھەقىقەتەنمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەردە تا 127 كۈنگىچە ستالىنغا چەتئەل ئىستىخباراتى توغرىلىق بىرەر پارچىمۇ دوكلات سۇنۇلمىغان. دېكابىر ئېيىدا، لاۋرېنتى پاۋلوۋىچ بېرىيا، يانوۋنىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئالىدۇ؛ بىر قانچە ئايدىن كېيىن، يانوۋ ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە پولشا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلدى دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىپلىنىدۇ. شۇ كۈنلەردىكى ئاخشاملىرى ئۆيىگە قايتىۋاتقان ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەھەر ۋاقتىدا ئىشىكنىڭ ئۇرۇلۇشىنى ئاڭلاش ھەقىقەتەنمۇ پالاكەت خەۋىرىدىن دېرەك بېرەتتى.

چەتئەل بۆلۈمىدىكى كۆپ قىسىم خادىملار ستالىن ۋە ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى كاتىباشلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك خائىنلىق قىلىش قائىيدىلىرى تەلىماتلىرى ئاستىدا 30-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھەممەيلەن دېگىدەك سوراققا تارتىلىپ چىقىدۇ ياكى رەھىمسىزلەرچە قىياشلارنى باشتىن كۆچۈرۈپ جېنىدىن ئايرىلغان بولغاچقا، بىشىغا كەلگەنلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگىدەك پۇرسىتىمۇ بولمىغان ئىدى.

كېيىنكىلەرگە بۇ دەۋر تارىخىنى ئېيتىپ بېرەلىگەن تۇنجى ئالاھىدە جاسۇسلاردىن بىرى بولغان دېمىترى بىسترولېيتوۋلا جېنىنى ساقلاپ قالالىغان تەلەيلىك بىرى ئىدى. 1937-يىلى، بېستروۋلېيتوۋ، گېرمانىيە ئارمىيىسى باش شىتابى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى بىلەن ئالاقىلىشىشى ئۈچۈن بېرلىنغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. يولغا چىقىش ئالدىدا يانوۋ ئۇنى قۇچاغلىغىنىچە «بىزنى شۇنچە ئېسىل ئىستىخبارات مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغىنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزەڭدىن پەخىرلىنىشىڭ كېرەك. ستالىن ۋە ئانا ۋەتىنىڭ بۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما بېسترولېيتوۋنىڭ ۋەزىپىسى 1938-يىلىنىڭ باشلىرىدا توختىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى موسكۋا سودا جەمىيىتىگە يۆتكىشىدۇ. تا سىنتەبىر قولغا ئېلىنىش ئالدىغىچە شۇ يەردىن ئايرىلماي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. بىر قېتىم، پولكوۋنىك سولوۋيېۋ ئۇنى سوراققا تارتقان ۋاقتىدا يانوۋ ئۆلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ نېمە جىنايەت ئىشلىگەنلىكىنى سورۇشتە قىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ 4 چوڭ دۆلەت ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغانلىق جىنايىتى بىلەن سوراق قىلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يانوۋ شۇ ھامان: «ياق بۇ جىنايەتلەر ئۇنىڭغا بەكلا ئازلىق قىلىدۇ!» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆكچىسىنى ئۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغىنىچە سوراق يېرىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بېسترولېيتوۋ ئۆزىگە ئارتىلغان بۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ جىنايەتلەرنى ئىقرار قىلىشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالغىنىدا، سوروۋيېۋ بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى تۆمۈر سىمنىڭ بىر ئۇچىغا چېتىلغان يۇمۇلاق ئۇمۇتتەك نەرسە بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ ئىككى قوۋۇرغىسىنى چېقىپ سۇندۇرۇۋېتىدۇ. سۇنغان قوۋۇرغىسى ئۆپكىسىدىن تىشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كاللىسىمۇ پاختا بىلەن ئورالغان بولقا بىلەن ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈلۈدۇ؛ سوراقچىمۇ سوراق قىلىۋېتىپ پات-پاتلا قورسىقىغا تېپىپ قارنىنىڭ ئىچكى پەردىلىرىنى يىرتىۋېتىدۇ. سوراق بۇ ھالەتتە داۋام قىلىۋەرسە تاياقتىن ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلاپ ئامال يوق سوروۋيېۋ ئۆزارتقان جىنايى قىلمىش ئىقرارنامىسى دېگەن قەغەز ئۈستىگە قول قويۇپ قۇتۇلۇدۇ. كۆپ ساندىكى ئۇرۇپ قورقۇتۇپ ئىقرار قىلدۇرۇلغان چەتئەل بۆلۈمىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خادىملىرى «جىنايىتىگە ئىقرار بولغىنى»دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ سوراقخانىنىڭ يېقىنلىرىدىكى بىر جازا ئىجرا قىلىش بۆلۈمىگە سۆرەپ كىرگۈزۈلۈپ بىر پاي ئوق بىلەن كەينىدىن مېڭىسىگە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. ئەمما بېستىرپىلېيتوۋ ھەيران قالارلىق بىر شەكىلدە بۇنداق ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنى سوراق قىلىنغان سوراق خاتىرىلىرىمۇ ساقلىنىپ قالۇدۇ. گەرچە ئۇ، 1939-يىلىدا 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سالامەتلىكى تەدرىجى ياخشىلىنىپ ساقىيىدۇ. ئۇ قويۇپ بېرىلگىنىدە، ئايالى شېرماتوۋا «خەلق دۈشمىنى» دەپ جىنايەت ئارتىلىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازا لاگېرىغا قامىۋېتىلگەن، ئۇ يەردە قىڭغىراق بىلەن بوغۇزىنى كېسىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئىكەن. بېستىرپىتوۋنىڭ قېرى ئانىسىمۇ زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئىكەن.

مارىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن دوئېچنىڭ موسكۋاغا چاقىرتىلىشى لوندون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەركەز، كىنىستونغا تۇرغۇزغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى ئىستىخبارات پونكىتىدىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيىدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق تىزگىنلەپ تۇتۇشنى پىلانلايدۇ. 1938-يىلى، يېڭىدىن ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ پونكىت مەسئۇللىقىغا تەيىنلەنگەن گرىگورى ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقىدۇ. چەتئەل بۆلۈمىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم تەجرىبىلىك خادىملارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك تازىلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ خىزمەت سۈپىتىگە ھەقىقەتەنمۇ دراماتىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. دۈتىش، ئورلوۋ ۋە مارى قاتارلىق كىشىلەر ئۆز ساھەسى بويىچە جاسۇسلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىنچىكىلىك بىلەن پىلان تۈزۈپ پائالىيەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭغا قارىماي مەركەز نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن گراف

ئىسىملىك ئىستىخبارات پونكىتى ھەققىدە قىلچە تەجرىبىسى بولمىغان ئەلچى بۇ تۈردىكى ئۆچرۈشۈش پائالىيەتلىرى ھەققىدە پەقەتلا ساۋادى يوق بىرى ئىدى؛ ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەلچىخانىغا تايىنىش ئارقىلىق پائالىيەت قىلىنىدىغانلا ئىش بولۇدىكەن مۇتلەق تۈردە بىخەتەر پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى بولۇدۇ، دەپ ھېسابلايدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ بەكلا ساددىلىق بىلەن موسكۋاغا مۇنداق دوكلات بېرىدۇ: «ئەلچىخانا يېنىدىكى بىر باغچىسى (كېنسىتون باغچىسى دېمەكچى) جاسۇسلار بىلەن ئۇچرۇشۇشنىڭ ئەڭ ئەپلىك ماكانى، ئۇچراشماقچى بولغانلار ئۇ يەردە سەيلى قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بىرىپ ئۇچرۇشۇشنى بىخەتەر ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن.»

گرافۇننىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپىسى، تانناد مېكلېيىن ئىسىملىك ئۆز ۋاقتىدا كامبىرىج بەش نوچىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇتۇغلۇق، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن زور مىقتاردا مۇتلەق مەخپى ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاپ چىقالايدىغان جاسۇس بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. 10-ئاپرىل كۈنى، بىر قاراشتىلا تەجرىبىسىزلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ياش بىر قىز، نورما تەخەللۇسلۇق ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ھەيئىتى بولغان بىر ئايال كادىر، لەيست مەيدانىدىكى ئىمپىرىيە كىنوخانىسىدا تانناد مېكلېيىن بىلەن مەخپى ئۇچرۇشىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن تانناد مېكلېيىن چوڭ بىر بولاق تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ قەتئىي مەخپى ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ نورما تۇرۇۋاتقان ئائىلىكلەر بىناسىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە، نورما بۇ ھۆججەتلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋالىدۇ. ئاندىن يۇيۇلمىغان رەسىم نىگاتىپ غالتىكىنى گرافونغا تاپشۇرىدۇ. بۇ ماتېرىياللار يەنە شۇ كىشى ئارقىلىق موسكۋاغا ئەۋەتىلىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ياش ئەنگلىيە جاسۇسى بىلەن ئۇنىڭ باشلىقى بۇ ھۆججەتلەرنى رەسىمگە ئېلىۋېلىش بىلەنلا قالماي، بۇ قىز بىلەن بىرگە بولۇپمۇ ئالىدۇ. نورمانىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئىش ھەرىكەتلىرىدىن يەنە بىرسى تانناد مېكلېيىنغا — بەلكىم بىرگە ياتقان ۋاقتىدا — ھازىرقى مەخپى بەلگىسىنىڭ لىنىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويغانلىقى ئىدى

(بولمىسا تانناد مىكلىيىن بۇ مەخپىيەتلىكنى بىلەلمەس ئىدى.)

1938-يىلى سىنتەبىردە، تانناد مىكلىيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ يىزىپ بەرگەن بەكلا ئىشەندۈرگۈچى سۆزلەر بىلەن يېزىلغان تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردە تۇنجى قېتىم چەتئەلدە تۇرۇشلۇق بىر ئورۇندا ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىپە ئۇنۋانى 3-دەرىجىلىك كاتىپ ئىدى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇش قەغىزىدە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

تانناد مىكلىيىن ، ياشانغان سىر تاناد تانناد مىكلىيىننىڭ ئوغلى، ... ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمىتى جەريانىدا ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە ئۆتۈغلۇق ئىشلەپ، غەرپ ئىشلىرى بۆلۈمىدە ھەقىقەتەنمۇ غوللۇق كىشىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى، ئۆتكۈر ھەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭدەك يەنە، كۆرۈنۈشىمۇ كىلىشكەن بىرى. ئۇنىڭ مول جەمىيەت تەجرىبىسى ھەمدە خىزمەت ئىپادىسى جەھەتلەردىن ئالغاندا بىز ئۇنى پارىژدا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمەت ئىشلىيەلەيدۇ دەپ قارىدۇق.

تانناد مىكلىيىن پارىژغا بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىت مىيونخېن كىرىزىسى ئەڭ يوقۇرى پەللىگە چىققان ۋاقىتلارغا توغرا كەلگەن، چېخسلوۋاكىيىنىڭ سۇدېت رايونى نۇمۇسسىزلارچە ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە ئىككى قوللاپ سوۋغا قىلىنىۋېتىلگەن ئىدى. 30-سىنتەبىر كۈنى، بىرىتانىيە باش ۋەزىرى نېۋىر چىمبىرلىن لوندونغا قايتىپ كەتكەن، ھەمدە قەھرىمانلار قاتارىدا قارشى ئېلىنىدۇ. چىمبىرلىن بىر قولىدا ھىتلېر ئىمزا قويغان بىر ۋاراق قەغەزنى پولاڭلاتقىنىچە، بۇ قەغەز «شەرەپلىك تىنچلىق»تىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن يەنە «بۇ دەۋرىمىزدىكى تىنچلىق»تىنمۇ دېرەك بېرىدۇ دەپ خىتاب قىلىدۇ. كامبرىج بەش نوچىسى ئۈچۈن مىيۇنخېن سۇيىقەستى شۇنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئىسپاتلىماقتىكى، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەققانىيەت ئۈچۈن قىلىنغان ئىشلار ھېسابلىناتتى. ئەمما ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئارىدىن بىرەر يىلمۇ ئۆتمەي ستالىن ھىتلېر بىلەن

بىر شەرتنامە ئىمزالىشىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ قىياس قىلىشالمايتى.

مىيونخېن بوھرانى دەۋرلىرىدە ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان كېنكروسنىڭ ئەنگلىيە سىياستى جەھەتتىكى بىر قىسىم ئىستىخباراتلار بىلەن ئۇچرۇشالىغان ئىدى. بورگس، بۇ ئىستىخباراتلار «قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ قىممەتلىك ئىستىخبارات دەپ پەرەز قىلىشقا بولۇدۇ» دەپ ھېسابلايتتى. بۇ مەخپى ماتېرىياللار كرۇگمان بىلەن بۇرگېس ئىككىسى تەرىپىدىن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا يوللاپ بېرىلىدۇ. كىنكروس تەمىنلىگەن ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيىگە ياخشى كۆرۈنۈشنى مەقسەت قىلىپ تەييارلىغان ئىستىخبارات، بولۇپمۇ مىيونخېن كېلىشىمى ھۆججەتلىرى مەركەزنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىغا تىل بىرىكتۈرۈپ بىرلىكتە قارشى چىقىش نەزەرىيىسى» ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىمەكتە ئىدى. بۇ نەزىرىيە، فرانسىيىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن ئەنگلىيە تاشقى سىياستىنىڭ مەخپى نىشانى، گېرمانىيىنى رۇسىيىگە قارشى ھۇجۇم قىلىش يولىغا يېتەكلەش ئىدى. گەرچە بۇ نەزىرىيىنى ئوتتۇرغا قويغان ئەسلى ئىگىسى ستالىن بولسىمۇ، بۇ تەلىمات چەتئەل بۆلۈمى تەرىپىدىن قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىنىدۇ. پۈتكۈل سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى جەريانىدا ك گ ب نىڭ تارىخشۇناسلىرى بەربىر ئەنگلىيە، مىيونخېن مەسىلىسى ئۈستىدە مەقسەتنىڭ ھىتلېرغا ياخشىچاق بولۇپ كۆرۈنۈشنىلا مەقسەت قىلغانلىق بولماستىن بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم مەقسەدى، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىنى تېزلەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. تا 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىچە، يۇرى مودېن — كامبىرىج 5 نوچىسىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېتەكچىسى — «بۇ قاراش ھەرگىزمۇ تەشۋىقات مەقسىدىدە ئوتتۇرغا قويۇلغان بىر پىكىر ئەمەس، شۇنىڭدەك يالغان ئىستىخباراتمۇ ئەمەس، بەلكى قەتئىي ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان بىر ئەمەلىيەت ئىدى. بۇرگېس، بىز ئۈچۈن تەمىنلىگەن ھۆججەتلەر دەل بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.» (ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ھەقتىكى كۆپ قىسىم ھۆججەتلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېنكروس تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئىدى)
مىيونخېن بوھرانى دەۋرلىرىدە، تانناد مېكلېيىن پارىژغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، مەركەز پىلان بويىچە كىنكروسنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىدە ئاساسلىق ئىستىخبارات مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا قويماقچى ئىدى. ئەمما لوندون ئىستىخبارات پونكىتىدىكى گرافىن بۇ ئىشنى بوزۇپ قويۇدۇ. كېنكروس دېگەن بۇ ئادەم بىر پاينەكباش بولۇش بىلەن بىرگە سالاپەتلىكتىن يوقسۇن بىرى، شۇڭا ئۇنىڭ كەسپداشلىرى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكىلەر ئۇنىڭغا مىكلايىننىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە قىياپىتىدىنمۇ بەكلا تۆۋەن باھا بېرەتتى. 1938-يىلى دېكابىردا، كىنكروس مالىيە مىنىستىرلىكىگە ئالماشتۇرۇلۇدۇ. ئۇنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە يۆتكەلگەن ۋاقىتلاردا، گرافېن باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ. ئۇ ئەندىلا دۆلىتىگە قايتىشى بىلەن، تروتسكىچى دەپ «پاش قىلىنىدۇ». شۇنىڭغا قارىماي ئۇ لۇبيانكىدىكى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلماي 5 يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىدۇ. 1938-يىلى دېكابىردا، گرافېن موسكۋاغا قايتىش يولىدا نورما (بۇرۇن يۈز بەرگەن ئېھتىياتسىزلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭ مەخپى لەقىمى ئادا دەپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى) ھەمراھلىقىدا پارىژغا بارىدۇ. ئۇ يەردە، بۇ ئايالنىڭ ۋەزىپىسى تانناد مېكلېيىن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئادا دوكلاتىدا، تانناد مېكلېيىن بىلەن سۇربانى ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق قىز ستۇدېنت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى بەكلا يۇمشاق ئىدى. بۇ ستۇدېنتنىڭ ئىسمى مىلىندا مارلىن بولۇپ، كېيىنچە مىكلايىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئادا يەنە مىكلايىننىڭ ئېغىر زابوي ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سېزىدۇ. شۇنىڭدەك مىكلايىن يەنە ئېغىر مەس بولۇپ قالغان ۋاقتىدا مىلىندا بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان. ئادا بولسا پارىژدا تۇرۇپ مىكلايىننىڭ ئەلچىخانىدىن ئوغۇرلاپ چىققان ھۆججەتلەرنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ بۇ رەسىم نىگاتىپلىرىنى فورت

مەخپىي بەلگىلىك بىر ئىشپىيونغا تاپشۇرۇپ، شۇ كىشى ئارقىلىق بۇ نىگاتىپ لېنتىلىرىنى مەركەزگە يوللاش ئىشىغا مەسئۇل بولاتتى.

بەكلا چوڭ بىر ئۆتۈك، كىشىلەرنىڭ تانناد مېكلېيىننىڭ زابويلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بىخەتەرلىك بوشلۇقىقا قارىتا دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىدۇ. 1938-يىلى دېكابىردا، بورگېس دوكلاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوڭۇشلۇق تۈردە ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرەلىگەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ (بەلكىم پارىژ ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بولۇشى مۇمكىن). شۇنداق قىلىپ ئۇ يىل بېشىدا قۇرۇلغان يېڭى بىر ئىدارە — د باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ باشقارما، كىلەچەكتىكى ئۇرۇشلاردا پايدىلىنىدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن پىسخولوگىيىلىك ئۇرۇش (ئۇلار بۇ ئۇرۇشنى «ھەربىي تەدبىرسىز يوشۇرۇن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ئۇسۇلى» دەيدىغان قاملاشتۇرۇپ ئات قويۇۋېلىشىدۇ) دېگەندەك ھەر تۈردىكى قوشۇمچە تەدبىرلەرگە مەسئۇل بولۇدۇغان بىر ئورگان ئىدى. ھالبۇكى، مەركەز بۇ خەۋەردىن ئۇنچە بەك ھاياجانلانمايدۇ، ئەكسىنچە بۇنىڭدىن بەكلا ئېغىر غەم ئىچىگە گۇمانغا پېتىپ قالماقتا ئىدى.[134]

لوندوندىكى ئىككى ئىشپىيون — لىف بىلەن مارلىيىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى، گرافىنىڭ دۈشمەن جاسۇسىمىدۇ دەيدىغان گۇمان پەيدا قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇنىڭغا يەنە ئورلوۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى كىلەچەكتە بىلىنمەسلىك ئىچىگە پاتۇرۇپ قويغان ئىدى. لوندون ئىستىخبارات پونكىتى تاقىلىپ، بىر نەپەر ئىستىخباراتچىنىڭ باش ئەلچىخانا سىرتىدا قالغاندىن باشقا قالغان بارلىق جاسۇسلار موسكۋاغا قايتۇرۇلغان ئىدى. ئۇ يەردە قالغان بۇ چەتئەل بۆلۈمىنىڭ ئەمەلدارى ئاناتولى ۋېنيامىنوۋىچ كورسكى ئىسىملىك بىرى ئىدى. بۇ ئادەم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەڭ مۇھىم جاسۇسىنىڭ ئەھۋالىدىن بەكلا ئاز خەۋەردار ئىدى. 1939-يىلى يازدا، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىنىدا، فىلبىينىڭ ئىسپانىيەدىن لوندونغا قايتىشىدا كورسكىنىڭ مەركەزگە بەرگەن دوكلاتىدا مۇنۇلار بىلدۈرۈلۈدۇ: «سىزلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاچانلىقىدا زىيىنلىنىگە قانداق تەدبىر قوللىنىشىمىز توغرىلىق بىزگە بۇيرۇق بېرىسىزلەر؟ ئەگەر سىزلەر ئۇنىڭ ھەققىدە ئېنىق قاراش بېكىتىسىڭىزلەر بەكلا رازىلىق بىلدۈرگەن بولاتتۇق. چۈنكى بىز ئۇ كىشى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز بەكلا ئاز، بىز ئۇنىڭ ھەققىدە پەقەتلا تەخمىنى مەلۇماتلارغىلا ئىگىمىز.»

مەركەزنىڭ بۇ ھەقتىكى بىر پارچە باھالاش دوكلاتىدا، ئەنگلىيىدىكى ئىستىخبارات خىزمەتلىرى «گۇمانلىق ئىستىخبارات مەنبەلىرى بىلەن بىر مەزگىللىك ‹خەلق دۈشمەنلىرى› يېتەكچىلىكىدىكى جاسۇسلۇق تورى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلماقتا، شۇڭا بەكلا خەتەرلىك.» بۇ باھالاشنىڭ خۇلاسە قىسمىدا مۇنداق تەكلىپ بېرىلگەن ئىدى: بەش نەپەر نوچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەنگلىيە جاسۇسلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش كېرەك. گەرچە مەركەز بۇ بەش نوچى بىلەن ئالاقىسىنى تولۇق ئۈزمىگەن بولسىمۇ، 1939-يىلىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇناسىۋەت قىلىنماقتا. گەرچە مەركەز ھېلىغىچە ئۇلار تەمىنلەۋاتقان ئىستىخباراتلارنى قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە بىرەر قىزىقىشنى ئىپادىلىگىنى يوق؛ شۇنىڭدەك يەنە مەركەز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن قوينىدىكى كىشىلەرمۇ-ئەمەس دەپ تالاش-تارتىش قىلىپ كەلمەكتە. ئادانىڭ دوكلاتىدا، فىربى «ھەر دائىم» تانناد مېكلېيىنغا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئۆزى بىلەن يېتەرلىك دەرىجىدە مۇناسىۋەت باغلىماي كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭغا بەك قىزىقماي كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە قاخشاپ بېرىدۇ. 1938-يىلىدىن 1939-يىلىغىچە، پورگىس بىلەن باشقا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىك قىلىۋاتقان لېست فىلبىي (مارىي مەخپى بەلگىلىك) ھەمدە ئىدرىس تۆپېن خارت (مەخپى بەلگىسى ئىدرىس) ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىشىغا مەسئۇل ئىدى. ئەمما ئۇلارمۇ چىقىملىرىنىڭ تۆلەنمەي كېلىشىدىن قاخشايتى. كورسكى 1939-يىلى ئىيۇلدا مەركەزگە ئەۋەتكەن دوكلاتىدا مۇنۇلارنى دەيدۇ:

مارىي، 4 ئايدىن بېرى ئۆزى بىلەن ئالاقىلاشمىغانلىقى ئۈچۈن بىز

ئۇنىڭ بىلەن مادرىلىنغا 65 ستېرلىڭ قەرزدار بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى چوقۇم ئۆيدىن (مەركەزدىن دېمەكچى) سوراپ باقىمەن دېگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا 30 ستېرلىڭ بېرىپ تۇرغان؛ ئۇلار بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنى، ... بەزى سەۋەبلەردىن مارىيىنىڭ يەنىلا فرانسىيىدىكى بىر بەكلا چوڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ مەركەزنىڭ بۇيرۇقى ئاساسىدا دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان.

مەركەز بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ:

*ئىلگىرى، خىزمەت ئېھتىياجىدىن مارىيمۇ پارىژدىكى ئائىلىلىكلەر قوراسىدا قوزغالماي چىداپ تۇرۇشى ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن ئىدى. بۈگۈن بۇنىڭغا ئېھتىياج يوق. ئۇنى ئۇ قورادىن كۆچۈرۈپ چىقىپ ئاددى تۇرمۇش كۆچۈرسۇن. چۈنكى بىز بۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا پۇل بېرەلمەيمىز. مارىيمۇ ئۇ 65 ستېرلىڭنى ئالالمايدۇ. چۈنكى بىز ئۇنىڭ قەرزدار ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلالمايمىز. بىز ئۇنىڭغا 30 ستېرلىڭ تۆلەشنى قوبۇل قىلىمىز. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇنىڭغا بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن قايتا تېخىمۇ ئارتۇق پۇل تۆلىيەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتقىن.*

گەرچە مەركەز ئېچىدە قالايمىقان ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەنگىلىيىدىكى ئاساسلىق جاسۇسنىڭ ئىدىيىسى يەنىلا بەكلا تۇراقلىق ھالەتتە. 1938-يىلى، بۇرگېس ئۆزىنىڭ بىر ئاشنىسى بولغان شىۋىتسارىيىلىك مۇخبىر ئېلىك كىنسلىنى جاسۇسلۇققا تەرەققىي قىلدۇرغان. كېيىن كىنسلى بىر دىپلوماتقا ئايلىنىپ، شىۋىتسارىيىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ۋەزىپە ئۆتەشكە تەيىنلەنگەن. مەركەزنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مەخپىي بەلگىسى «ئولۇند» ۋە «شىۋىت» ئىدى. كىنسلى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك بىر ئىستىخباراتچى ئىكەنلىكىنى، شىۋىتسارىيە بىلەن گېرمانىيە مۇناسىۋىتى جەھەتتە كۆپلىگەن ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلەپ ئىسپاتلىغان ئىدى. بەلكىم 1939-يىللىرىدا بولسا كېرەك، بۇرگېسنىڭ يەنە بىر چەتئەللىك ئويىنىشى — بىر ۋېنگىر بولغان ئادىرو لىيوئىمۇ جاسۇسلۇققا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. كېيىن بۇ كىشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە لوندوندا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ۋېنگىرىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرىگە ئايلىنىدۇ. مەركەز ئۇنىڭغا «مەلىكە

شىپكىرى» دېگەن مەخپىي نام بەرگەن؛ ك گ ب ئارخىپلىرىدا، بۇ كىشى ئەر بەچچىۋاز دەپ تەرىپلەنگەن. يەنە بەزىلەر «ئۇ بىر دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە بىر ئەمەلدار بىلەن بەچچە قىلىپ يۈرۈدۇ» دەيدىكەن. قىزىق يېرى، 1942-يىلى، بۇرگېس يەنە بۇ كىشىنى ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن سىرتقا ئىستىخبارات توشۇپ بېرىدىغان ئادەم قىلىپ ئىشلىتىشنى پىلانلىغان.

ك گ ب ئارخىپلىرىدا، جىم بىلەن لىست فىلبىينى ياخشى يولداش دەپ خاتىرلەنگەن؛ گەرچە ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ باشقا-باشقا ئاشنىلىرى بار بولسىمۇ، ئۇلار 1939-يىلى ئالدىنقى ئىككىسىدىنمۇ مۇھىم بولغان بىر جاسۇسنى — ئاۋستىرىيىلىك مۇخبىر ھ. پ. سمولكانى تەرەققىي قىلدۇرغان. 1938يىلى، ئاۋستىرىيە بىلەن ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىرلەشكەندىن كېيىن، سموركا بىتەرەپ ئېنگلىزگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى پېتىر سمولېت بولۇدۇ. مەركەزنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مەخپىي بەلگىسى ئابوۋ ئىدى. سموركا كېيىن ئۇرۇش دەۋرى ئىستىخبارات بېيروسىنىڭ گېرمانىيە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇدۇ.

1939-يىلى 23-ئاۋغۇست كۈنى، سوۋېت-گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى موسكۋادا ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈدۇ. بۇنىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە پەيدا قىلغان زەربە مەركەزدە كۆرۈلگەن قالايماقانچىلىقتىنمۇ ئېغىر بولۇدۇ. ھىتلېرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جۇۋاشىم ۋون رىبېنتروپ بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ستالىن ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىزگە شەرىپىم بىلەن كاپالەت بېرىمەنكى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەرگىز ئۆز شېرىكىگە خائىنلىق قىلمايدۇ.» 30-يىللاردا ئىدىيولوگىيە تۈرتكىسى ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى بولغان بۇ كىشىلەر ئەڭ كامىدا بىر قىسمى فاشىستلار بىلەن كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىدىيىۋى كۈرەشتىن كېيىن سوۋېت-گېرمانىيە شەرتنامىسىنىڭ ئۇلاردا ئۇشتۇمتۇت پەيدا قىلغان قاتتىق ھەيرانلىقىدىن قۇتۇلۇدۇ. ئۆتكەن بىر قانچە يىل جەريانىدا

ئۇلارغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىۋى جەھەتتىكى تەربىيىلەر ھەقىقەتەنمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە بېرىلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ تەربىيىلىنىشلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىكىدىن تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرغا چىققان ئۆزگىرىشلەر ئىدى. ئۇلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيادىكى تۇنجى ئىشچى-دېھقانلار ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇمۇدى دەپ تونۇلغان بۇ ئېتىقادىنى ساقلاپ قالالىشى ئۇچۇن ئۇلار قەتئىي تۈردە ستالىننىڭ قوش تەپەككۇرىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭدەك ئىدىيولوگىيە جەھەتتە قەتئىي تۈردە دەل ۋاقتىدا چوڭ بىر ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇشى شەرت ئىدى.

تەبىئىي ھالدا بىر قىسىم غەرپ ئەللىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقان جاسۇسلار سوۋېت-گېرمانىيە شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى سەۋەبىدىن ئىدىيىۋى جەھەتتە بەكلا ئېغىر تەۋرىنىش ياشايدۇ. شۇڭا بۇ تۈر كىشىلەر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەنگلىيىدىن فرىت، يەنى گرووېن لىس ئىدى. 1993-يىلى، لىسىنىڭ قىز جىيەنى موسكۋاغا بارغىنىدا چەتئەل ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ ۋەكىلى ئۇنىڭغا، «سوۋېت-گېرمانىيە شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن لىسمۇ ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدى. شۇندىن كېيىن بىز ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات ئالالمىدۇق» دەپ ئېنىق ئېيتقان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جىيەنى ئۇلاردىن مۇنداق بىر ئۆتكۈر سوئالدىن بىرنى سورايدۇ: «سىلەر لىس ھەققىدە ماڭا ئېيتمىغان باشقا ئەھۋاللارمۇ بارمىدى؟» چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەر ھەقىقەتەنمۇ باشقا بەزى ئىشلارنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان سىر، ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بۇرگېس، لىسىنىڭ چېكىنىپ چىققىنىدىن ھەقىقەتەنمۇ بەكلا جىددىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ ھامان مەركەزگە بىر پارچە جىددىي تېلېگراممىا يوللاپ بەلكىم مېنى ھەمدە بىرۇنتنى سېتىۋېتىشى مۇمكىن دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ يەنە لىسنى مەخپىي ئۆلتۈرۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما مەركەز ئۇنداق قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. ئەكسىچە، ك گ ب

www.uyghurkitap.com

ئارخىپلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بورگېس بىلەن ئۆزۈن يىللىق دوستلۇقى سەۋەبىدىن لىس ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنتىن يۈز ئۆرىمىگەن ئىدى. لىسنىڭ خائىنلىق قىلىش ئېھتىماللىنى يوق دېيەرلىك دەيدىغان تەسىرات پەيدا قىلىش مەقسىتىدە بىر قېتىم بورگېس ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭمۇ سوۋېت-گېرمانىيە شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالانغانلىقىدىن بەكلا ئۇمىدسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك كومپارتىيە ئۇچۇن قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشنىمۇ توختاتقانلىقىنى ئېيتقان. تانناد مېكلېيىنمۇ لىسنىڭ «يۈز ئۆرۈشى» دىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خېلى يىللاردىن كېيىن ئۇ بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە دېپلوماتى بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جاسۇسى بولۇشتەك ئىككى خىل نىقاپ بىلەن ياشاشقا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى قالمىغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ لىس بىلەن تالىشىپ قالغان: «ئىلگىرى سەنمۇ ئارىمىزدىكى بىرسى ئىدىڭ. ئەمما سەن بىزگە خائىنلىق قىلدىڭ!»

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئەنگلىيىدىكى بەزى جاسۇسلىرىنىڭ موسكۋادىن گۇمان قىلىش ئەھۋالى ھېچ قاچان مەركەزنىڭ ئۇلاردىن گۇمان قىلىش دەرىجىسىگە يەتمەيتى. مەركەز فىلبىيغا قارىتا ئۇنىڭ زادى گېرمانىيە جاسۇسىمۇ ياكى ئەنگلىيە جاسۇسى دەيدىغان دېلو مەسىلىسىدە تەكشۈرۈش باشلىۋەتكەن. فىلبىينىڭ بورگېس بىلەن تانناد مېكلېيىن  ئىككىسى كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدە تەرەققى قىلدۇرغان تۇنجى جاسۇسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا قارىتا ئىشەنمەسلىكى پۈتكۈل ئەنگلىيىدىكى جاسۇسلۇق تورىدىن گۇمانلىنىشى دېگەنلىك بولاتتى. 1940-يىلى، بىر نەپەر ئىستىخباراتچى بولغان كورسكىنىڭ موسكۋاغا قايتۇرۇپ كېتىلىشى سەۋەبىدىن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى ئەنگلىيىدىكى ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشەرگەن؛ ئەنگلىيىدە بىرمۇ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىغا تەۋە ئىستىخبارات خادىمى قالمايدۇ. ك گ ب نىڭ باشقا بىر ئارخىپىدا خاتىرلەنگىنىگە قارىغاندا، «بېرىيا بۇيرۇق قىلىپ ئىستىخبارات پونكىتىنى تاقاتتۇرىۋەتكەن» دەپ يېزىلغان. بۇ ئارخىپتا بېرىيانىڭ بۇنداق بىر بۇيرۇق چۈشەرگەنلىكىنىڭ

سەۋەبى كۆرسىتىلمىگەن. ئەڭ بولمىغاندا مىتروخىن كۆرگەن ئارخىپلار ئىچىدە بۇنىڭدەك بىر چۈشەندۈرۈش ئۇچرىمايتى. شۇنداقتىمۇ، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە جاسۇسلۇق تورلىرىدىن قاتتىق گۇمان قىلىشلاردىنمۇ ئارتۇق مەسىلە ئەمەس ئىدى. 1940-يىلى فېۋرالدا مەركەز، قىلىپى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈشى ھەققىدە بۇيرۇق قىلىدۇ؛ بورگېس بىلەن بولغان ئالاقىمۇ ئاساسەن شۇ مەزگىللەردە توختىتىلىدۇ.

30-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، «خەلق دۈشمەنلىرى» قوغلاپ تۇتۇش ھەركىتى ئىستىخبارات توپلاش بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇلۇپ، بۇ ھەرىكەت ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ چەت دۆلەتلەردىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسىگە ئايلىنىدۇ. ئىستىخبارات توپلاشنىڭ ئەڭ ئاكتىپ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى سېربۇرانسكى رەھبەرلىكىدىكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە گۇرۇپپىسى ئىدى؛ بۇ تەشكىلنىڭ چەتئەل بۆلۈمىدىكى خادىملار ئۈستىدىكى زىيانكەشلىكلىرى چەتئەل ئىستىخبارات مىقدارىنى ئازايتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەركەزنىڭ بۇ تۈر ئىستىخباراتلارنى تەھلىل قىلىپ باھالاپ دەرىجىگە ئايرىش سەۋىيىسىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، چەتئەلدە تۇرۇپ پىيىغا چۈشۈپ قولغا ئېلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇدىغان كىشىلەرمۇ ۋەتەن ئىچىدىن كېلىدىغان تازىلاش دولقۇنىدىن ساقلىنالمايدۇ. شىپىگېلبۇلانسكىمۇ ئۆزى رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتقان قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ "«خەلق دۈشمەنلىرى»نى قوغلاپ تۇتۇش جەھەتتىكى تۆھپىسى سەۋەبىدىن ئوردىن ئالغان بىرسى بولۇشىغا قارىماي، 1938-يىلى نويابىردا ئۇمۇ موسكۋاغا چاقىرتىلىپ «ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ جاسۇسى» دېگەن قالپاقنى كېيىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تەكشۈرۈشلەرنىڭ خۇلاسىلىشى بويىچە، ئۇنىڭ تەشكىلى «بەكلا كۆپ خائىن ۋە باندىتلار»نى قوينىغا ئالغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقان ئىدى. گەرچە ئۇنى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيىنىڭ جاسۇسى دەپ ئەيىپلىگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاشقان ئاخماقانىلىق بىر بوھتان ھېسابلانسىمۇ، مەركەز قولغا چۈشۈرگەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق تورىنى قۇرۇپ پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن دېگەن دوكلاتىنىڭ سانى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

پاۋېل ئاناتولىيوۋىچ سۇدۇپۇلاتوۋ شىپربۇلانسكىنىڭ خىزمىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن، ئۇ ئىجاتچانلىق بىلەن بىر قۇتا زەھەر سىپىلىنغان شاكىلاتتىن پايدىلىنىپ چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان ئۇكرائىنا مىللەتچىلەر رەھبىرى بولغان يېفكېخان كنوۋالىزىچ،... 1939-يىلى مارتتا، سۇدوپۇلاتوۋ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئالاھىدە ۋەزىپە بويىچە ھەمدە چەتئەل بۆلۈمى بىلەن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ زىچ ئالاقە ئورنۇتۇدۇ. ستالىن ئۇنىڭغا بىۋاستە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنىڭ مېكسىكىغا بىر پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتى ئەۋەتىپ ليون تروتسكىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان «غاز» دەپ مەخپىي نام بېرىلگەن سۇيىقەست ھەرىكىتى ستالىن دىپلوماتىك سىياسىتىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك نىشانى قىلىنغان ئىدى. 1939-يىلى سىنتەبىردە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئادولف ھىتلېرنىڭ ستراتېگىيىلىك مەقسىدىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋەزىپىسى بىلەن بۇ غەلىتە مەخلۇقنى يوق قىلىش ئىشىغا سېلىشتۇرۇلغاندا، بۇ ئىشىنى يەنىلا كېيىنكى ئورۇنغا قويۇش كېرەك بولغىنىدىمۇ، سۇدوپۇلاتوۋنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە گۇرۇپپىسى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى دەۋرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئىسپانىيە بىلەن مېكسىكىلاردىكى جاسۇسلۇق گۇرۇپپىسىدىن تەشكىل قىلىنىپ، سۇدوپولاتوۋنىڭ ياردەمچىسى لېيكوند ئېيتىگىن بىر قىسىم كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئىسپانىيىدە خەلق دۈشمەنلىرىنى يوقۇتۇش ھەرىكەت تەجرىبىلىرىنىمۇ توپلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەرىكەتلىك جاسۇسلۇق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشىنى تەشكىللەپ چىقىدۇ.

تروتسكىغا سۇيىقەست قىلىش پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئەترىتى ئۈچۈن تەشكىل قىلىنغان بىرىنچى كىچىك گۇرۇپپا ئىسپانىيە كومپارتىيە

ئەزاسى كاردا مېركاد دې لېو (مەخپىي بەلگىسى ئانا) باشچىلىقىدىكى ئىشپىيونلۇق توردىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى. بۇ ئايال، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ئايال قاتىل دەپ قاراشقا بولىدۇغان ئېتىكىن تەرىپىدىن قىزىقتۇرۇلغان ھەمدە جاسۇسلۇققا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان بىرى دەل ئۇنىڭ ئوغلى رېمون (مەخپىي بەلگىسى رېموندو) ئىدى. ئۇ، ئەڭ تىپىك يالغان پاسپورت قوللانغان بولۇپ، پاسپورتتىكى ئىسىم-فامىلىسى فرانك جېكسون ئىدى. ئېيتىكىن ئۇسۇلىغا ئوخشاش، رېمون مېركادمۇ ئۆزگە جەلپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، ئۇ ئا ق ش لىق بىر تروتسكىچى[139] سېرۋىيا ئانگلوۋ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ بۇ مېكسىكىدا يېقىنلىرىدىكى تروتسكىي تۇرۇۋاتقان داچىغا چاندۇرماي كىرىۋالىدۇ. 1940-يىلى، ئانگلوۋ تروتسكىنىڭ كاتىبى بولۇۋالغان ۋاقىتىدا، رېمونغىمۇ پۇرسەت كەلگەن ھېسابلىناتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە، ماشىنىلىق ئانگلوۋنى داچىغا ئاپىرىپ قوياتتى. ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدا يەنە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ تەدرىجى ھالدا كۆزەتچى بىلەن تروتسكىنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقان بەزى كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنى تونۇۋېلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ؛ 1940-يىلى مارت ئېيىدا، ئۇ بۇ داچىغا كىرىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا، مېركادنىڭ ۋەزىپىسى تروتسكىنىڭ تۇرغان ئۆيىگە كىرىپ، بۇ داچىنىڭ مۇھاپىزەت تەدبىرلىرى، تۇرۇۋاتقان باشقا كىشىلەر ھەمدە مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى قاتارىدىكى ھەققىدە مەلۇمات توپلاپ دوكلات بېرىشلا ۋەزىپىسى بار ئىدى؛ شۇڭا ئۇنى سۇيىقەست قىلغۇچى ھېسابلاشقا بولمايتتى.

ئىككىنچى گۇرۇپتىكىلەر داچىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىدىكىلەر ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر قىسىم كونا ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ يېتەكچىلىكىگە داڭلىق مېكسىكا كومپارتىيە ئەزاسى، رەسسام داۋىد ئارفالو سېكونلوس (مەخپىي بەلگىسى كوھن) بەلگىلەنگەن ئىدى؛ ئۇ، سەنئەت تەربىيىسى، ئىنقىلاب ئەقىدىسى، ستالىنىزم

نەزەرىيىسى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىشقا ئامراقلىقى قاتارلىق مىجەزلىرىنىڭ بىرلىشىشى، ئۇنى ئالاھىدە جانلىق بىرى قىلىپ كۆرسىتەتتى. كېيىن، مېركاد بىلەن سىكروز ئىككىسىلا غاز ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى سەۋەبىدىن نام چىقارغان ئىدى. ك گ ب ئارخىپلىرىدا كۆرۈلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ داڭلىق سوۋېت جاسۇسى بولغان جوزېف لومىئاردوۋىچ گرىگورىۋىچ (مەخپى بەلگىسى ماكس ۋە فىلىپ) يېتەكچىلىكىدىكى 3-ئورۇندىكى تېخىمۇ يوشۇرۇن گۇرۇپپىمۇ بۇ ھەرىكەتكە قوشۇلۇدۇ. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى دەۋرىدە جوزېف، تروتسكىچىلارنى يوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان ئورۇندىكى بىرسى بولغان ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۇ يەنە فرانكو تېزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان تەۋەلەردە بۇزغۇنچىلىق ۋە ئوت قويۇش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇغان ئالاھىدە قىسىملارنى تەربىيىلەشكىمۇ مەسئۇل بولغان بىرسى ئىدى. يالغان سالاھىيەت بىلەن يۈرۈش ئۇنىڭ باشقا بىر ئۇستۇلۇقى ئىدى، ئۇ ئەسلىدە لىتۋىيىدە تۇغۇلغان بىر يەھۇدىي بولۇشىغا قارىماي، 10 يىلدىن كېيىن بىر سىلكىنىپلا كوستارىكالىق بىر دىپلوماتقا ئايلىنىپ پەيدا بولغان ئىدى. 1940-يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ سىكورزىنىنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىسى ئانتونو پۇخور (مەخپى ئىسمى چياۋس) نى جاسۇسلۇققا تەرەققىي قىلغان ئىدى. جوزېف بۇ رەسسامغا قارىتا ئىجادىيەت ئىقتىدارى كام بىرى دەپ باھا بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇنى بەكلا ساداقەتلىك، قەتئىي ئىشىنىشكە بولىدىغان، شۇنىڭدەك ئاجايىپ جاسارەتلىك ئادەم دەپ باھا بەرگەن ئىدى؛ كېيىن تروتسكىنىڭ داچىسىغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدا ئانتونىيو، سىكىروزنىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالىدۇ. گرىگورىۋىچ تەرەققىي قىلدۇرغان جاسۇسلاردىن يەنە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئايالى ھەمدە ياردەمچىسى بولۇپ قالىدىغان مېكسىكىلىق كومپارتىيە ئەزاسى لاۋرا ئارونو ئاگيار (مەخپى ئىسمى لويىزا) مۇ بار ئىدى.

داچىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە، ياش بىر ئا ق ش لىق ئىشپىيوننى بۇ داچىغا 1940-يىلى ئاپرېلدا گىرگۇزۇۋېتىش ئىشى ئىدى. بۇ جاسۇسنىڭ ئىسمى روبېرت شېلدۇن خارت (مەخپى ئىسمى

ئامور) ئىدى؛ ئۇ ئۆزىنى نيۇ يوركتىن كەلگەن تروتسكى مورتلىرىدىن بىرى قىلىپ نىقاپلاپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ داچىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىگە قاتنىشىدۇ. بۇ يەردە خارتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سۇيىقەستچىلەر گورۇپپىسىنىڭ يېرىم كېچىدە داچىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلىشى ۋاقتىدا داچىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. ئۇ، بۇ ئىشقا ئالاھىدە قىزىققان بولسىمۇ، سىياسىي قاراشلىرى بەكلا ئاددى بىرى ئىدى. گرىگورىۋىچ، ئۇنىڭغا دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلار ھەققىدە تىنمىغان ئىدى.

ك گ ب ئارخىپلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، تروتسكى داچىسىغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىگە ئەسلىدە گرىگورىۋىچ قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى: بۇلاردىن بىرسى، سىكروزنىنىڭ ھۇجۇم قىلىش گورۇپپىسىنى داچا قوراسىغا ئوغۇشلۇق تۈردە كىرگۈزۈش؛ ئىككىنچى ئىش بولسا تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋاقتىدا ئىمكان بار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىنتىزاملارغا قەتئىي بوي سۇنۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. سىكروس بولسا بەكلا ئەركىن ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، ئادەملىرىنى باشلاپ بەكلا ئەركىن بىر قىياپەتتە يولغا چىققان. بەلكىم ئۆز ئىزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پەقەتلا ئورۇنىمىغان. 1940-يىلى 23-ماي كۈنى، سىكروس بىلەن 20 نەپەر جاسۇس ھەربى فورمىلىق ھەمدە ساقچى كىيىملىرىنى كەيگىنىچە تاپانچىلىق ھەمدە غالتەكلىك تاپانچا ئېلىپ ماڭغان بولۇپ، پەقەت پوخورلا پىلىموت كۆتەرگىنىچە ماڭغان. ئۇلاردىن بىرسىنىڭ كېيىن ئەسلىشىچە، شۇ چاغدا ئۇلار چاخچاق قىلىشىپ، خۇددى بايرام قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە گرىگورىۋىچ بىلەن ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە ئەترىتىدىكىلەر ئەنە شۇنداق قىياپەت بىلەن بېرىپ تروتسكىنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈشكەن. 1940-يىلى24-ماي سەھەردە، ئۇلار داچىغا يېتىپ باردۇ. گرىگورىۋىچ ئامېرىكىلىق پىدائىي مۇھاپىزەتچىگە بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلىدۇ. خارتمۇ شۇنىڭ بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىدۇ. پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىمۇ تروتسكىنىڭ ياتقان ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگىنىچە قالايماقان ئوق چىقىرىشىدۇ. مېكسىكا ساقچىلىرى ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

تروتسكىينىڭ ياتاق ئۆيىدىكى تامدا 73 تال ئوق ئىزى تاپقان. شۇنداقتىمۇ كاربۋات ئاستىغا مۆكۈۋالغان تروتسكى ئەرخوتۇن ئىككىسى بۇ قېتىمقى پاجىئەدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. گەرچە بىر تال ياندۇرغۇچى بومبا تروتسكىينىڭ نەۋرىسى ياتقان ئۆيگە ئېتىلغان بولسىمۇ كاربۋات ئاستىغا مۆكۈنگەن ئۇ نەۋرىمۇ بۇ بالادىن ساق قالغان. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت، بولۇپمۇ تروتسكىينىڭ كىچىك نەۋرىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى خاردىنى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ، قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىغا ۋارقىرىغىنىچە، ئەگەر بۇنداق قىلىشىڭلارنى بىلگەن بولسام مەن سىلەرنىڭ داچىغا كىرىشىڭلارغا ھەرگىز يول قويماس ئىدىم دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى سىرتقا ئاشكارىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ خارد ئېلىپ كېتىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىر قانچە ئايدىن كېيىن سكروسنى تېپىپ كېلىپ قولغا ئېلىشىدۇ. ئەمما گرىگورىۋىچ بولسا ئۇنىڭ سالاھىتىنى ئوڭۇشلۇق تۈردە ئېنىقلاپ چىقىدۇ. 1942-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە، ئۇنى ئارگېنتىنادا بىر ئىستىخبارات پونكىتىدا تىجارەت قىلىپ يۈرگەن؛ گەرچە ك گ ب ئارخىپلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئىستىخبارات پونكىتى گېرمانىيىگە ماڭىدىغان پاراخوت بىلەن گېرمانىيىگە يولغا سېلىنغان ماللار ئارىسىغا 150 تالدىن ئارتۇق سۇ مىناسى يوشۇرۇپ قويغان.

ك گ ب ئارخىپلىرىدا بىلدۈرۈلىشىچە، تروتسكى داچىسىغا قىلىنغان ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك سكروسىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى تارقىتىلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، رېمون مېركاد ئادەتتىكى بىر سىڭىپ كىرگەن جاسۇستىن رەسمى بىر قاتىلغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ بىرقىسمى سەۋرچانلىقىدىن كەلمەكتە ئىدى. ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدىن 5 كۈن بۇرۇن، ئۇ بىرىنچى قېتىم بېرىپ تروتسكىينى يوقلايدۇ. خۇددى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئالاھىدە قىزغىن قىياپەت ئىپادىلىگەن بولۇپ، يەنە تروتسكىينىڭ نەۋرىسىگە بىر تال ئويۇنچۇق پلانېر سوۋغات ئالغاچ بېرىپ، ئۇنى قانداق ئۇچۇرۇشنىمۇ ئۆگىتىپ قويىدۇ. شۇندىن كېيىنكى 3 ئاي جەريانىدا ئۇ داچىغا يەنە ئون نەچچە قېتىمدەك زىيارەت قىلىپ بارىدۇ. بەزىدە ئۇششاق-

چۈششەك سوۋغاتلار بىلەنمۇ باراتتى. بۇ جەرياندا، ئۇ ھەر قېتىملىق زىيارىتىنى بەك ئۇزارتىۋەتمەي قىسقا ۋاقىتلا ئولتۇرۇپ قايتاتتى. 20-ئاۋغۇست كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تروتسكىنى يوقلاپ بارغان ۋاقتىدا ئۆزى يازغان بىر پارچە ماقالىسىنى سۇنۇپ، تروتسكىغا بۇ ماقالىسى ئۈستىدە تەنقىت بېرىشىنى ئۆتۈنۈدۇ. تروتسكى ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ بۇ ماقالىنى ئوقۇشقا كىرىشكىنىدە مېركاد ئۇنىڭ كەينىگە چاندۇرماي ئۆتۈۋېلىپ يانچۇقىدىن بىر مۇز قىرىش پىچىقىنى چىقىرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تروتسكىنىڭ باش سۆڭىكىگە قارىتىپ ئۇرۇدۇ.

ئەسلىدە ئۇ، بۇ زەربىدىن كېيىن تروتسكى شۇھامان جېنى چىقىپ جىمىيدۇ دەپ ئويلاپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال سىرتقا چىقىپ داچا يېنىغا توختىتىپ قويغان ماشىنىسىغا يۈگۈرمەكچى بولغان ئىدى. بۇ چاغدا ماشىنىدا ئاپىسى بىلەن سۆيگۈنى ئېيتىكىن ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئەمما تروتسكى ئەجەللىك زەربە يېگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئېچىنىشلىق بىر ئاۋازدا ۋارقىرايدۇ (مەن ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئېچىنىشلىق ۋاقىرغان ئاۋازىنى ھەرگىزمۇ ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم، دەيدۇ مېركاد كېيىن ئەسلىگىنىدە). ئۇ قولغا ئېلىنىپ 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئېيتىكىن بولسا مېركادنىڭ ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشكە قايىل قىلىدۇ. ئەگەر سوۋېتكە بېرىشقا ماقۇل بولغىنىدا، ئۇ يەرگە بارغىنىدا دەرھال مېركاد بىلەن توي قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرىدۇ. موسكۋادا، سەينورا مېركاد ئىككىسى بېرىيا تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كرېمىل سارىيىدا ستالىن تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنىپ لېنىن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتمەيلا ئېيتىكىن مېركادنىڭ ئاپىسىنى تاشلىۋېتىدۇ. سوۋېت تەرەپ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سوۋېتتىن ئايرىلىشىغا يول قويمىغاچقا، ئوغلىنى قاتىلغا ئايلاندۇرۇلۇپ مېكسىكا تۈرمىلىرىدە ئازاپلانغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ يۈرۈدۇ.

20 يىللىق تۈرمە ھاياتى جەريانىدا رېمون مېركاد ئىزچىل تۈردە ستالىنىزم ئەقىدىسىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ياشايدۇ. ئۇ، ئۆزىنى چوقۇم بىر كۈنى ئىشچىلار سىنىپى ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن بىر خائىننى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تازىلاپ بەرگەن بىر جەڭچى دەپ قوبۇل قىلىنىمەن دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. ك گ ب ئارخىپلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە (كۆپ قىسىم ئاشكاره ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەردە بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر بىردەك ئەمەس ئىدى)، 1960-يىلى، مېركاد تۈرمىدىن بوشىتىلىپ موسكۋاغا قايتۇرۇلغان. موسكۋادا ئۇنىڭغا سوۋېت قەھرىمانى دەپ نام بېرىپ گېنېرال دەرىجىسىدە پېنسىيە تەمىناتى ھەمدە ئائىلىكىلەر بىنالىرىدىن ئۈچ ئېغىزلىق بىر ئۆي بېرىلگەن. شۇنىڭدەك يەنە خروششېۋنىڭ تەبرىكنامىسىنىمۇ ئالىدۇ. تروتسكى ئۆلتۈرۈلۈپ 10 يىلدىن كېيىن، چەتئەللەردە خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسى تارايتىلغان بولۇشىغا قارىماي، بۇ تەشكىلات يەنىلا ك گ ب نىڭ چەتئەل پائالىيەتلەر بۆلۈمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئورگىنى سۈپىتىدە داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ.[89]

# ئالتىنچى باپ
# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى

1940-يىلىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە ئېيىدا، تروتسكىينىڭ ئۆلۈمى ھەمدە چەتئەل بۆلۈمىدىكى ئەڭ رەھىمسىز قان تۆكۈشلەرنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەركەز چەتئەللەرگە قارىتىلىدىغان ئىستىخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تورلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. چوڭ تېررورلۇقتىن ئاۋال، يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان چەتئەل بۆلۈمىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا موسكۋادىكى مەخپىي نوقتىلاردا ئايرىم-ئايرىم مەشىقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى، شۇنىڭدەك ئۇلار بىر-بىرسى بىلەن پەقەتلا ئۇچرىشىپ باقمىغان، ئەمما 1938-يىلىغا كەلگەندە، چەتئەل بۆلۈمىدىكى نۇرغۇنلىغان خادىملار تۆھمەت بىلەن «خەلق دۈشمىنى» دەپ قالپاق كەيگۈزۈلگەنلىكى سەۋەبىدىن، دەرھال يېڭىدىن ئەزا سەپلەشنى تېزلىتىش ئۈچۈن مەركەز يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇدۇغان خادىملارنى بىر يەرگە يىغىپ مەشىق قىلدۇرۇشنى قارار قىلىشىدۇ. 3-ئۆكتەبىر كۈنى، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ 00648-نومۇرلۇق بۇيرۇقىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىستىخبارات مەكتىپى قۇرۇشنى قارار قىلىشىدۇ. بۇ مەكتەپنى مەخپىي تۇتۇشنى مەقسەد قىلىپ مەكتەپ ئورنىنى موسكۋا شەھەر سىرتى تاشىيولىنىڭ شەرقىدە 15 مىل يىراقلىقتىكى بالاشىخا دېگەن يەردىكى بىر ئورمانلىق ئىچىگە سېلىشنى تاللاپ ئېلىشىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ رەسمى ئىسمى ئۈچۈن ئالاھىدە ۋەزىپىلەر مەكتىپى دېگەن ئىسىم تاللىنىۋېلىنىدۇ. ئەمما كىشىلەر بۇ ئىسىمنىڭ باش تەرىپىنىلا تاللىۋېلىپ قىسقارتىپ ئالاھىدە مەكتەپ — ش و ن دەپلا ئاتىشىدۇ. بۇ مەكتەبنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كوممۇنىستلار ئارىسىدىن، ئالى مەكتەپ تەلىمى كۆرگەن ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى (كومسۇموللار) ئارىسىدىن ھەمدە يېڭىدىن موسكۋا، لېنىنگراد، كىيېۋ ۋە شۇنىڭدەك باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلار ئىچىدىن تاللىناتتى.

بۇ مەكتەپنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلىرى شەھەر ئاھالىلار رايونلىرىدا، كولخوزلاردا شۇنىڭدەك ھەربىي گازارمىلارغا ئوخشايدىغان تارچىلىق، پاسكىنا، ھەمدە قىستاقچىلىق تۇرمۇش مۇھىتىدىلا ياشاپ كەلگەن ياشلار بولغاچقا، ئۇلارنى كەلگۈسىدە غەرپ ئەللىرىدىكى راھەت-پاراغەت جەمىيەت تۇرمۇشىغا ماسلىشالىشىنى كۆزلەپ، بۇ مەكتەب ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېسىل تۇرمۇش شارائىتى تەمىنلەشكە كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياتاق شارائىتىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، مەكتەب دائىرىلىرىنىڭ قالدۇرغان مەكتەب تارىخى ھەققىدىكى خاتىرىلەردە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «ياتاقلارنىڭ ھەممىسىگە گىلەم سېلىنغان، راھەت ۋە كۆركەم ئۆي سايمانلىرى قويۇلغان، تاملاردا سۈپەتلىك ماي بوياق رەسىملەر ئېسىلغان، يوتقان-كۆرپىلىرىمۇ ماۋۇق، يۇڭ ئەدىيال دېگەندەك ئالاھىدە ئېسىل نەرسىلەر سېلىنغان، ھەتتا كىرلىكلىرىمۇ يىپەك دېگەندەك ئېسىل رەختلەردىن تەييارلانغان.» ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم ياتقىدەك يالغۇز كىشىلىك ياتاقلار يەتكىدەك تەييارلانغانلىقىغا قارىماي، بۇ ياشلار ھېچقاچان بۇنداق ئېسىل ياتاقلاردا يالغۇز يېتىپ كۆرمىگەن باللار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق يالغۇز ياتاقلارنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ ئالاقىزادە بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا مەكتەپ دائىرىلىرى ئۇلارنى ئىككىدىن-ئىككىدىن ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. دەرس سېتكىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق ئىدى: ئوقۇغۇچىلار كۈندە 4 سائەت چەتئەل تىلى، 2 سائەت ئىستىخبارات ئىشلىرىنىڭ تېخنىكىلىرى قاتارلىق دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئۇنىدىن باشقا يەنە سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيە تارىخى(سوۋېت كومپارتىيە تارىخى)، ئومۇمىي تارىخ، دېپلوماتىيە نەزەرىيىلىرى، پەلسەپە، دىن ۋە رەسىم سىزىش دېگەندەك قوشۇمچە دەرسلەرمۇ ئۆتۈلەتتى. بۇ تۆردىكى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئىدىيىۋىي قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەرپ بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. مەكتەپ يەنە،

مۇددەتلەر بويىچە موزىكا كەچلىكى سورۇنلىرىنىمۇ تەشكىللەپ تۇراتتى. ئىلگىرى غەرپ ئەللىرىدە ياشىغان ئوقۇتقۇچىلار يەنە بۇرژۇئازىيە يۈرۈش-تۇرۇش قائىدىلىرى، دىپلوماتىك ئەدەپ ئەخلاقلار، كىيىم-كېچەك بىلىملىرى ھەمدە «ئەلا سۈپەتلىك نەرسىلەردىن ھوزۇر ئېلىش» جەھەتلەردىمۇ تېز يېتىشتۈرۈش كۇرۇسلىرىنى ئېچىپ تۇراتتى. دەسلەپكى 3 يىل بويىچە، ئالاھىدە ۋەزىپە مەكتىپى ھەر يىلى 120 نەپەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلاتتى. بۇلاردىن 4 نەپىرى قىز بولاتتى.

پاۋېل مىخايلوۋىچ فىتىن بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچى ئىلگىرى مەلۇم بىر دېھقانچىلىق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن بولۇپ، 1938-يىلى فېۋرالدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ـ ن ك ۋ د غا قاراشلىق شوۋغا ئوقۇغۇچىلۇققا قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭدەك كىشىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسەت «خەلق دۈشمەنلىرى» نى تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى تەركىبىدە بوشاپ كەتكەن بەكلا كۆپ شتاتنىڭ ئورنىنى توشقۇزۇش ئىدى. ئۆكتەبىردە، فىتىن پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە مەكتىپىگە ئالماشتۇرۇلدۇ. مەلۇم بىر ھۆكۈمەت تەرەپ خاتىرىسىگە قارىغاندا، «ئۇنىڭ ئۆتكۈر ھەمدە ئىقتىدارلىق بولۇشى، شۇنىڭدەك كۆرۈنەرلىك تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭمۇ بولۇشى» دەرھال باشقىلارغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتمەي تېخى تولۇق چېنىقىپ چىقىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا فىتىن، چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىغا قوبۇل قىلىنغان ئىدى. 1939-يىلى ماي ئېيىدا، فىتىننى بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈشىدۇ. تېخى ئەندىلا 31 ياشقا كىرگەن فىتىن، سوۋېتلەر تارىخىدىكى ئەڭ تەجرىبىسىز، ئەمما ئەڭ ياش چەتئەل ئىستىخبارات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قالۇدۇ. ئۇنىڭ بۇنچە تېز ئۆستۈرۈلۈشىگە قاراپلا ئۇنىڭ بەكلا ئىستىقباللىق بىرسى ئىكەن دېيىشكىمۇ بولمايتى. ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈش ۋاقتىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلەن تولغان 15 ئاي جەريانىدا جەمئىي 3 نەپەر چەتئەل ئىستىخبارات بۆلۈمىگە تەيىنلەنگەن بۆلۈم باشلىقى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە بىرسى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىلگەن ئىدى. ئەمما بۇ جەرياندا فىتىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ ۋەزىپىدە تا 7 يىلغىچە مىدىرلىماي قىلىپ 20-يىللاردىن بېرى بۇ ۋەزىپىدە تۇرۇۋاتقانلار ئىچىدە ستاژى ئەڭ ئۇزۇن تۇرالىغان رېكوتنى ياراتقان بىرسى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تايانچىدىن ئايرىلىپ قېلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ قايتىدىن تەلەيسىزلەر قاتارىدا مىدىرلاپ يۈرۈدۇغان بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

1940-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، چەتئەل ئىستىخبارات بۆلۈمىنىڭ 4 نەپەر خادىمى فىتىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لوندونغا بېرىپ ئۇ يەردە ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتى پائالىيىتىنى بەرپا قىلىشقا تەيىنلىنىدۇ. بۇ ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىقى، دەل 2-ئايدا بۇ ئىستىخبارات پونكىتى تاقىلىش ئالدىدا ئەڭ كەينىدە موسكۋاغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئاناتولى ۋېنامىنوۋىچ گورسكى دېگەن بىرسى ئىدى. گورسكى دېگەن بۇ كىشى ئىشىنى ئىنتايىن پۇختا ئىشلەيدىغان، ئەمما بەكلا كەسكىن، چاخچاقنى بىلمەيدىغان ئەنئەنىۋي ستالىنىست بىرى ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى چوڭ ئىشپىيونلار تىپىغا ئوخشىمايتى. شۇڭا بۇلۇنت ئۇنى ھېسسىياتسىز، رەھىمسىز ئادەم دەپ تەرىپلەيتى. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن يەنە بىر جاسۇس ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيتى: «بۇ ئادەم 30 نەچچە ياشلىق خام سىمىز پاكىنەك بىرى ئىدى، سېرىق چاچلىرىنى رەتلىك قىلىپ كەينىگە تاراپ يۈرەتتى، كۆزئەينەك تاقىۋالغىنىدىمۇ ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ئەكس ئېتىدىغان سوغۇق، رەھىمسىز ئىپادىسىنى بىر قاراپلا پەرق قىلغىلى بولاتتى.» ئۇمۇ خۇددى فىتىنغا ئوخشاش يېقىندىن بېرى سەبداشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تازىلىۋېتىلگىنى ئۈچۈن باشقا ئادەم قالماي تېز ئۆستۈرۈلگەنلەردىن بىرى ئىدى.

بۇ قېتىم لوندونغا قايتىپ كېلىپ ئىشقا كىرىشكەن ۋاقتىدا گورسكىغا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقىتلىرىدا بىلىدىغانلىرىدىن بەكلا كۆپ ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا كىم فىلبىينىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى

بولغىنىدا بۇنىڭ ئۈچۈن مەركەزگە مۇراجەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. 1940-يىلى ئىيسا تۇغۇلغان كۈنى بايرىمىدا «شاكچىك» (فىلىبىينى دېمەكچى) بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تىكلىشۋالغانلىقى ھەققىدە يوقۇرىغا مەلۇمات بېرىدۇ. مەركەز، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق مەمنۇن بولۇپ كېتىدۇ. 1940-يىلى يازدا، بۇرگېس، مۇۋەپپىقىيەتلىك بىلەن فىلىبىينى ئەنگىلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ D بۆلۈمىگە كىرگۈزەلەيدۇ. بۇ ئورگان، ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئەنگىلىيە ئالاھىدە ھەرىكەت قىلىش بۆلۈمى دەيدىغان يېڭى بىر تەشكىلات بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇ ئورگان چېرچىلنىڭ «ياۋروپادا ئوت قويۇش بىلەن شوغۇللىنىش» كېرەك دېگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بىر ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسلىقى دۈشمەن ئارقا سېپىدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش ئىدى. فرانسىيە بىلەن جەنۇبىي ياۋروپادا قىسقىغىنە 6 ھەپتە ئىچىدە پاجىئەلىك مەغلوبىيەتكە ئۇچرىشىدەك ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىماقتىكى، باش ۋەزىرنىڭ بۇ قېتىمقى بۇيرۇقى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا كۆڭۈلچەكلىك بىلەن بېرىلگەن بىر بۇيرۇق ئىدى. ئەمما مەركەز گورسكىنىڭ يوللىغان دوكلادى بەربىر بەكلا ھاياجانلىق بىر مەلۇمات ھېساپلىناتتى. بۇ دوكلاتتا فېلبىي «ئەنگىلىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ بىر مەشىق قىلدۇرغان گۇرۇپپىسىنى ياۋروپادا بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللۇنۇدۇغان جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللۇنۇشقا ئەۋەتىپ ئۇ يەردە ئېچىلغان بىر مەكتەپتە سىياسىي ئوقۇتقۇچىلىقتا» تەيىنلەنگەن ئىدى. گورسكى مەركەزگە دوكلاد يوللاپ مۇنداق دەيدۇ، «شاكچەك تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار ئەنگىلىيە پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئىجرا قىلىش ئورگىنى سوۋېتكە جاسۇس يوللىمىغان بولۇپ، ھەتتا سوۋېتكە جاسۇس يوللاش ئۈچۈن بىرەرمۇ جاسۇس يېتىشتۈرمىگەن ئىكەن. ئەنگىلىيىنىڭ جاسۇس يوللاش ئوبېكتلىرى ئارىسىدىكى تىزىملىك ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئونىنچى ئورۇندا تۇراتتىكەن»، دېمەك ئۇلارنىڭ سوۋېتكە جاسۇس يوللاش ھەققىدە بىرەر تەييارلىقىمۇ يوق ئىكەن. ئۇلار خاتا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگىلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىۋالغىنى ئۈچۈن، مەركەزدىكى بىر

ئىشخانا مەسئۇلى بۇنىڭدىن قاتتىق گۇمانلانغان، شۇڭا ئۇ بۇ خەۋەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويغان، شۇنىڭدەك بوش يېرىگە ئىككى دانە چوڭ قىزىل سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغان.

1940يىلىنىڭ باشلىرىدا لوندون ئىستىخبارات پونكىتى «بەش نوچى» ئارىسىدىكى قالغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىۋالغان. ئۇلاردىن مىكلېيىن كۆپلىگەن دىپلوماتىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھۆججەتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە باشلىغان. ئەمما ئۇلاردىن پورگىس فىلبىيغا ئوخشاش مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى د بۆلۈمىدىن ئەنگلىيە ئالاھىدە ھەرىكەت بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ ئىش قىلالمىغان بولغاچقا، چارىسىز ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۆلۈنت بولسا 1940-يىلى يازدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا كىرىۋالغان، شۇنىڭدەك ئۇ بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ زور مىقتاردىكى ھۆججەتلىرىنى تەمىنلەپ تۇرۇش بىلەن بىر قاتاردا يەنە بۇرۇن كامبىرىجدا بىللە ئوقىغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھەربىي ئىستىخبارات ساھەسىدە ئىشلەيدىغان لېئو ران (مەخپى بەلگىسى ۋانلى) نى تۆۋەنكى ئالاقىلاشقۇچى قىلىۋالغان. بۆلۈنت دەسلىۋىدە تەمىنلىگەن بىر پارچە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئىستىخباراتىدا مۇنۇلار ئىپادىلەنگەن، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىككى يىل ئاۋال، ئېچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئەنگلىيىدە ئەڭ ئېسىل ئورۇنلاشقان جاسۇسىنى بىكار قىلىدۇ.1937-يىلى، چوڭ تېررورلۇق ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتكىنىدە، مەركەز تۇيۇقسىزلا ئاخماقلارچە بىر ھۆكۈم چىقىرىدۇ: ئۈچ يىل ئاۋال تەرەققىي قىلدۇرۇلغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە مەخپى شىفىر ئىشىنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۈز بېشى كېيىنى لوندوندىكى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەسئۇلى تېيودور مارى تەرىپىدىن ئەنگلىيە ئىستىخبارات بۆلۈمىگە سېتىۋېتىلىدۇ. ئەمما بۆلۈنتنىڭ پاش قىلىشىچە، تا ئىككىنچى دۇنيائۇرۇشى پارتلىغان ۋاقىتلاردا، كىمنىڭ سالاھىيىتى ئاندىن سوۋېتنىڭ بىر خائىنى تەرىپىدىن پاش قىلىنىدۇ.

كېيرنكروسCairncross مۇ ئوغۇشلۇق تۈردە ئەنگلىيە ھۆكۈمەت

تارماقلىرىدا مەركەز بەكلا مۇھىم دەپ قارىغان بىر ئورۇنغا ئېرىشكەن. 1940-يىلىنىڭ سىنتەبىرىدە، ئۇ مالىيە مىنىستىرلىكىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ سىر خانگنىڭ خۇسۇسى كاتىپى بولۇۋالغان. سىر خانگ بولسا چېرچىل ھۆكۈمىتى ئىچىدە بىر مىنىستىر ئىدى. لانكاستېر كىنەزلىكىدە بىر بەگ، شۇنىڭغا قارىماي، خانگ ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىچكى كابىنېت ئەزاسى ھېسابلانمايتتى. (ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇش يىللىرىدا ئىچكى كابىنېت 5 نەپەر مىنىستىردىن تەشكىل تاپاتتى)، ئەمما ئۇ ئىچكى كابىنېتنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالالايدىغان بىرسى ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە بىر مۇنچىلىغان مەخپى كومىتېتلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى، يىل ئاخىرىغا كەلگىنىدە كىنكروس بەكلا كۆپ مەخپى ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش پەيتىدىكى ئىچكى كابىنېت ئىستىخباراتلىرىنى ھەمدە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش مۆلچەر دوكلاتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ تەمىنلىگەن ھۆججەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولۇپ، ھەتتا گورىسكىنىڭ تىرىكىپ بۇنچە كۆپ ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مەخپى شىفىر بەلگىلەپ ئەۋەتىشتە بەكلا قىينالدىم دەپ شىكايەت قىلغىدەك ھالغا كەلگەن.

1941-يىلى، لوندون پونكىتى روشەنكى سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئەڭ كۆپ ئىستىخبارات قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بىر ئىستىخبارات پونكىتى ھېسابلىناتتى. مەركەزنىڭ مەخپى ئىستاتىكىلىق سانلىق مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ موسكۋاغا مەخپى سىياسى ۋە تاشقى ئىشلاغا ئەۋەتىلگەن ھۆججەتلىرىنىڭ سانىلا 7867 پارچىغا يەتكەن بولۇپ، ھەربىي ئىشلارغا چېتىشلىق ئىستىخباراتلارنىڭ ئۆزىلا 715 پارچىغا يەتكەن، ئىختىسادى ئىشلارغا تەۋە بولغانلىرىمۇ 127 پارچە بولۇپ، ئەنگلىيە ئىستىخباراتلىرىلا 51 پارچىغا يەتكەن، ئىستىخبارات پونكىتى يەنە باشقا بەكلا كۆپ جەھەتلەدە «5 نوچى» ۋە شۇنىڭدەك باشقا جاسۇسلانىڭ ئېغىزچە تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلىرىدىن تۈزگەن دوكلاتلاردىن بەكلا نۇرغىنى بار. ئەمما كىشىلەر مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىدىن بۇرۇن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قىممەتلىك ئالى دەجىلىك ئىستىخباراتلارنىڭ كۆپ قىسمى بىكارلا زايا بولۇپ كەتكەن. ستالىننىڭ ئەنگلىيە سىياسەتلىرىگە قارىتا پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەر قانچە ئېسىل ئىستىخباراتلارمۇ ئۇنىڭ ھىلەمىكىر ئىشلىتىش دەپ قارايدىغان مەنا بېرىش نەزەرىيىسىنى ئۆزگەرتىشى، ئەسكەرتىشىگە يەتمەي قالغان. گەرچە ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككىسى ئۇرۇش ھالىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ستالىن يەنىلا ئۇلارنى 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلانغان ۋاقىتلاردىن تارتىپلا ئىزچىل تۈردە ئەنە شۇنداق قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلار پىلانلىرىنى ئەسلىدە بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىشىدۇ دەپ قاراپ، ئەسلىدە مەۋجۇت بولمىغان سۈيىقەست نەزەرىيىچىسىنىڭ، ھەقىقى سوۋېتكە ئۇرۇش قوزغاش پىلانلىغۇچىنىڭ نىمىسلار ئىكەنلىكىنى ستالىن پەقەتلا سېزەلمىگەن.

ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىمۇ بۇرۇن گېرمانىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم جاسۇسلىرىنى پەقەتلا تونىماي كەلگەن، ئىختىسادى بىيرو ئەمەلدارى ئارۋىد خارناك (ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىسىم كورسىكانCorsican ) ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغان ئىدى. 1940-يىلى سىنتەبىرنىڭ بىر سەھىرىدە، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بېرلىن ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئورۇن باسار باشلىقى ئالىكساندىر مىخايلوۋىچ كوروتكوۋ (پارول ئىسمى بېرگ Erdberg بولۇپ. يەنە بىر ئىسمى ساشا ۋە دلىنىي) ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈدۇ. كروتكوۋ ئۇدۇل بېرىپ خارناك (Harnack)نىڭ ئىشىگىنى چالىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە كېيىنكى قىتىملىق سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىدا كۆرۈشۇدۇغان ۋاقتىنى بېكىتىشىۋالىدۇ، بۇنداق ئۇسۇلدا كۆرۈشۇش بىر تەرەپتىن چەتئەل بۆلۈمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم تەجرىبىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ تازىلىۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن جاسۇسلارنىڭ ھەرىكەت تېخنىكا جەھەتتە سەۋيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنىڭ، شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ۋاقىتلاردا گېستاپونىڭ ھەرگىزمۇ كىشىلەر دەپ يۈرگىنىدەك ھەممىلا يەردە تىمىسقىلىشىپ يۈرۈدۇ دېگىنىدەك ئەمەسلىكىنى

كۆرسۈتەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا يەر ئاستى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ رېيىن خولد شون (Reinhold Schon) — برۇنن (brunn) كېيىنكى كۈنلەردە ئەسلەپ بەرگىنىدەك ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكتە:

*خارناك ..... يۇمۇرلۇق. مىجەزى بەكلا تۈۋەن بىرسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەسىپدىشى بولغان بىزلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغىنىمىزدا ئەركىن بولالمايتۇق. يەنى بۇ ئادەم گويا بىرەر دىنى ئېتىقادى كۈچلۈك بىرسىدەكلا قىلاتتى. ئۇنىڭ پىكىر قىلىشلىرى بەكلا تار ھەمدە بەكلا قائىدىلىكتەكلا بىلىنەتتى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ ئادەم كەسىپكە بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى.*

خارناكنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى خۇددى پورگېس بىلەن فېلبىلارغا ئوخشاشلا بەكلا يوقۇرى ئىدى. يەنى ئۇ مەركەز بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان شۇ ئىككى يىل ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدىمۇ، ئۇ يەنىلا جاسۇس ئوبىكتلىرىنى ئاختۇرۇپ تەرەققى قىلدۇرۇپ كەلگەن ئىدى. كوروتكوۋ (Korotkov) بۇ ھەقتىكى دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ، خارناكنىڭ 60 نەپەر ئەتراپىدا ئەزاسى بار تارقاق جاسۇسلۇق تورى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ كەلمەكتە ئىدى. «گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ جاسۇسلۇق تورىدىكى ھەر بىر كىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ كېتەلمىسىمۇ» كورسىكا ئۇلارنىڭ قۇللانغان نىقاپلىنىش تەدبىلىرى ھەققىدە شۇنداق تەرىپلىگەن ئىدى:

*جاسۇسلۇق تورىدىكى كىشىلەر ھېچ قاچان بىر-بىرى بىلەن تونۇشمايتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈرلۈك زەنجىرسىمان مۇناسىبەت مەۋجۇتتى. گەرچە كىرشكىن بۇ تەشكىلىنىڭ مەركىزىدە ئورۇن ئالغان بىرسى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى پەردە ئارقىسىدا كۆرسۈتۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.*

خارناك جەلىپ قىلغان مۇھىم ئىستىخباراتچىنىڭ بىرسى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىدىكى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان لېيتنانت خاررو شۇلز- بويسېن (Harro Schulze-Boysen) بولۇپ، ئۇنىڭ مەخپى بەلگىسى «چوگام» ئىدى. شۇلز- بويسېن جانلىق مىجەزلىك بىرسى بولۇپ، خارناكنىڭ

سوغۇق مىجەزى بىلەن تۆپتىن پەرق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى لېيوپولتتىن تېلى بولغان بوردا شۇئىسىدە سۆزلvشەتتى، « شۇلز- بويسېن قىزغىن ئەمما بەكلا ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىرسى ئىدى، ئەمما خارناك بولسا بەكلا سوغۇققان ھەمدە خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرسى ئىدى». شۇلز- بويسېن بولسا، ئېگىز بويلۇق، تەنتەربىيەچىلەردەك بەدەنگە ئىگە، قىزغۇچ چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، خۇددى ئارىيانلاردەك تىپىك كۆرۈنۈشتە بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى گېستاپولارنىڭ تەرپلىگىنىدەك بۇزغۇنچى كوممۇنىستلارغىلا ئوخشاپ كېتەتتى. 1941-يىلى 15-يانۋاردا، مەركەز كوروتكوۋنى شۇلز-بويسېن بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت باغلا دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك خارناكتىن ئايرىم ئۆزىگە تەۋە بىر جاسۇسلۇق تورى تەشكىل قىلىشنى بۇيرىدۇ، بۇ ئىش دەل شۇلزنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشى ئىدى.

گەرچە كوروتكوۋدىن تەجرىبىلىك ئىستىخباراتچى بولغىنىدىمۇ خارناك، شورس-بويسېن ۋە شۇنىڭدەك جاسۇسلۇق تورى ھەقىقەتەنمۇ قىيىن بىر ئىش. ئۇلار ئىككىسىنىڭ جاسۇسلۇق تورى بارغانسېرى ناتسىستلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق پائالىيىتى بىلەن شوغۇللىنىشتەك بۇ ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈرۈۋېلىشى، ئۇلارنى بارغانسېرى خەتەرلىك ئەھۋالغا قويماقتا. كەچلىكى، شورس-بويسېن بىلەن ئۇنىڭ ئۇماق ئايالى رىبوتاسىنى ھەر دائىم ھىتلېرگە قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ھەمدە جاسۇس كېڭەيتىش ئۈچۈن مۇھاكىمە يىغىلىشى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىنى ئارتتۇرۇۋەتمەكتە. رىبوتاسىنىڭ بەكلا كۆپ ئاشنىلىرى ئۇنىڭ پاش قىلىنىش ئېھتىمالىنى ئارتتۇرۇۋەتمەكتە ئىدى. ياش قارشىلىق كۆرسەتكۈچى باللار بىرلىن تاملىرىغا ناتسىستلارغا قارشى شوئارلارنى چاپلاش ۋاقتلىرىدا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى كىيىۋالغان شورس-بويسېن ئوقلانغان، قولۇپى ئېچىپ قويۇلغان ناگان بىلەن ئۇلارغا كۆزەتچىلىك قىلىپ بېرەتتى.

1941-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، خارناك بىلەن شورس-بويسېننىڭ جاسۇسلۇق توردىكىلەر تەمىنلىگەن ئەڭ مۇھىم

ئىستىخباراتلارمۇ ھىتلېرنىڭ سوۋېتكە قارشى «باربarosسا» ــ (Barbar ossa) ــ ھەربكتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش خەۋىرى بولاتتى. 16-ئىيۇل كۈنىسى، كوروتكوۋ مەركەزگە تېلېگراممىا يوللاپ مۇنداق دەيدۇ، بۇ ئىككى توردىن كەلگەن ئاخباراتلار شۇنى ئۇقتۇرماقتىكى، «گېرمانىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قىلغان ھەربى مەشىقلىرى ئاساسەن تاماملاندى. ئۇلار تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىشقا ھەر دائىم تەييار ھالدا تۇرماقتا.» ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى خىتاي بىلەن ياپونىيىگە كىرگۈزۈۋەتكەن جاسۇسلىرىدىنمۇ ئوخشاشلا ئىستىخباراتلار ئېلىنماقتا. كېيىن، ك گ ب نىڭ تارىخشۇناسلىرى شۇنى پەرق قىلدىكى، 1-ئىيۇلدىن 21-ئىيۇلغىچە، فىتىن «يۈزلەرچە» پارچە گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇم تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ستالىنغا سۇنغان. شۇ قاتاردا بىر قىسىم ھەربىي ئىستىخباراتلارمۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ ئىستىخباراتلارنىڭ ھېچبىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. خۇددى ئەنگلىيىدىن ئېلىنغان ئىستىخباراتلارغا ئوخشاش، ستالىن گېرمانىيىدىن كەلگەن ھەقىقى ئىستىخباراتلارغا بىرەك ئېتىبار قىلمايدۇ.

چوڭ تېررورلۇقتىن قالغان سوۋېت ئىستىخبارات ئورۇنلىرى تەھلىل قىلىنغان دوكلاتلارغا بىر تۈرلۈك بىر تەرەپلىمىلىك قارىشىنى يۇقتۇرۇۋەتكەن ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدىكى ئەمەلدارلارمۇ ستالىننىڭ سۇيىقەست نەزىرىيىسىنى ماقۇللىشاتتى. گەرچە ئادەتتە ھەممىلا كىشى ستالىندەك كىرىستىمىتىس ئىچىگە پېتىپ قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. نېمىلا بولسا بولسۇن، دەل ستالىن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغان گېرمانىيىنىڭ 22-ئىيۇل كۈنىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىدەك ھادىسىگە سەل قاراشتا ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان يىگانە بىرسى ئىدى. چۈنكى بۇ سەل قاراشنىڭ ئاقىۋىتى ئاپەت خاراكتېرلىق ئىدى. ستالىن باشتىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ئىستىخبارات ئانالىز قىلىش رولىغا ئالاھىدە ئىشىنىپ كەلگەن ئىدى. ستالىن بىر قاتار توغرا تەخمىن خاراكتېرىدىكى ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلىگەن بەكلا كۆپ كىشىنى ئەيىپلەپ چىقتى. ئىيۇلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

16-كۈنى، ستالىن ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا شورس- بويىس تەرىپىدىن سۇنۇلغان دوكلات ئۈستىگە بەكلا رەزىل بىر قۇر خەت يېزىپ قويغان. «سىلەر بۇ گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئىستىخبارات مەنبەسىنى، يەنى فاھىشە ئانىسىنىڭ يېنىغا ھەيدىۋېتىڭلار» دەپ يېزىپ قويغان. ئۇ قانداقلارچىسىغا ئىستىخبارات مەنبەسىگە لايىق بولالىسۇن، ئۇ ئەسلىدە بىر ئالدامچى! ئاتاغلىق ئىستىخباراتچى ئالاھىدە ئىشپىيون رىچارد زورگىمۇ توكيودىن ئەنە شۇنداق بىر ئاگاھلاندۇرۇش يوللىغان. زورگى گېرمانىيە باش ئەلچىسىنىڭ ئايالى بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ يۈرۈپ بۇ تۈردىكى ئىستىخباراتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ كەلگەن ئىكەن. ۋاھالەنكى ستالىن تەرىپىدىن ئوخشاشلا ئېغىر ھاقارەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرغا قويغان «بارباروسسا» ھەرىكىتىگە بولغان پەرىزى ستالىن تەرىپىدىن «ياپونىيىدە ئەتىدىن كەچكىچە كىچىك بىر رېموتخانا بىلەن پاھىشىۋازلار ئارىسىدىلا قاتراپ يۈرۈدىغان، ئۇچىغا چىققان بىر ئالدامچى»نىڭ سۇنغان ئىستىخباراتىغا قەتئىي ئىشىنىشكە بولمايدۇ دېگەن.

ستالىننىڭ ۋىنىستىن چېرچىلگە بولغان ئىشەنمەسلىكىمۇ ئادولف ھىتلېرگە بولغان ئىشەنمەسلىكىدىن ئېشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا چېرچىل دېگەن بىر ئالۋاستى ئىدى. 20 يىلنىڭ ئالدىدا دەل بۇ ئادەم ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان بىرسى ئىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ كويىدا پىلان تۈزۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. گېرمانىيە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغىدەك دەيدىغان ئۇچۇرلارنىڭ كەينىدە ستالىننىڭ دېيىشىچە ھەممىسىدىلا چېرچىل پىلانلىغان يالغان ئىستىخبارات ياتماقتا بولۇپ، ئۇلاردا ھىتلېر بىلەن ئۆزىنى دۈشمەنلەشتۈرۈش يوشۇرۇنغان سۇيىقەست ياتماقتا ئىدى. مانا بۇلار ئەنگلىيىنىڭ ئۆزۈن يىللىق سۇيىقەستىنىڭ داۋامى. چېرچىلنىڭ ئۆزىمۇ «بارباروسسا» ھەرىكىتى بىلەن ستالىننى ئاگاھلاندۇرۇشى ستالىننىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ ئارتتۇرۇۋەتتى. لوندوندىن يوللانغان دوكلاد ستالىننى 1941-يىلى ئىيۇلدىن ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ ئاساسلىق ئىستىخبارات ئانالىزىغا مەسئۇل ئورگانلىرىنىڭ بىرلەشمە ئىستىخبارات كومىتېتى ھىتلېرنىڭ

سوۋېتكە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيتى. تا 23-ماي كۈنىسى بىرلەشمە ئىستىخبارات كومىتىتى چېرچىلغا داۋاملىق دوكلاد سۇنۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە ئىمزالاش گېرمانىيە ئۈچۈن بەكلا چوڭ پايدىلىق ئىش بولغان ئىدى». بىرلەشمە ئىستىخبارات كومىتىتىنىڭ بۇ تۈردىكى ئانالىزىنى ستالىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا بىر پاكىت قىلىپ كۆرسىتىپ، چېرچىلنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقى دەپ قارايدۇ. نېمىسلارمۇ دەل شۇ ستالىننىڭ چېرچىلغا ۋە ئەنگلىيە سىياسىتىگە قارىتا كۆڭلىدە گۇمان بولغانلىقىدەك بۇ ئالاھىدىلىكتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. بۇنى «بارباروسسا» ھەرىكىتىنى باشلاشتىن بۇرۇنقى ئالدامچىلىق ھەركىتى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. گېرمانىيە ھەربىي ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ھەممە يەرگە دوكلاد تارقىتىپ گېرمانىيە پات يېقىندا س س س ر گە ھۇجۇم قىلىشى ھەققىدىكى پىتنە ئېغىۋىلىرىنى ئەنگلىيىنى قايمۇقتۇرۇش ھۇجۇملىرىنىڭ بىرى قىلىپ پايدىلىنىدۇ. ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت چېگراسىغا ئەسكەر يۆتكىگەنلىكى ھەققىدىكى دوكلادلار بارغانسىرى كۆپىيىپ، ستالىنمۇ بۇ ئەخۋالنى «ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تارقاتقان ئىستىخباراتلىرى» دەپ چۈشەندۈرۈشكە ئىمكانسىز قالىدۇ. موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىنىڭ بىر قېتىملىق شەخسىي زىياپىتىدە گېرمانىيە باش ئەلچىسى كانت فىڭ دې شۇلېنبېرگ ھىتلېر ھەققەتەنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا باستۇرۇپ كىرىدىغانلىقى ھەققىدە قارار قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىدۇ. «سىز بەلكىم مەندىن سورىشىڭىز مۇمكىن، سىز نېمە ئۈچۈن بۇ خەۋەرنى ماڭا ئېيتتىڭىز دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن» ئۇ بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالغان سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى ۋىلادىمىر گېيورگىۋىچ جىكانوۋغا مۇنداق دەيدۇ. «چۈنكى مەن خانىسىبى روھى بويىچە يېتىلگەن بىرىمەن، ئۇ ئىزچىل تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەزەلدىن قارشى تۇرۇدۇغان بىرسى ئىدى. » ئۇنىڭ جىكانوۋغا يەتكۈزگەن بۇ ئىستىخباراتىغا قارىتا ستالىننىڭ ئىنكاسى سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا مۇنداق بولىدۇ: «مانا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەندى بۇ تۈردىكى يالغان ئىستىخبارات تارقىتىش ئىشلىرىنى باش ئەلچى دەجىلىكلەرمۇ ئۈستىگە ئېلىشقا باشلاپتۇ-دە!» شۇنداقتىمۇ 9-ئىيۇن كۈنى، ياكى ئۇنىڭدىن سەل ۋاقىت ئۆتكىنىدە، ستالىن بىر پارچە دوكلاد تاپشۇۋۇپ ئالدۇ، بۇ دوكلادتا گېرمانىيە باش ئەلچىخانىسى تېلېگامما ئارقىلىق بىر پارچە بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇيرۇقتا ئەلچىخانىدىكىلەرنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ چىقىشى بۇيرۇق قىلىنغان. ئۇلار ھازىر گەمە قەۋىتىدە ھۆججەت كۆيدۈرۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماقتىكەن.

ئەملىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان ئەنگلىيىنىڭ سۇيىقەستى سوۋېتلىكلەرنى ۋە ستالىننى ھېلىمۇ قىيناپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇلار گېررمانىيىنىڭ سۇيىقەستىدىن گۇمان قىلىشقا باشلايدۇ، شۇنداقتىمۇ ھېلىغىچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش سۇيىقەستى بولۇشتىن يىراق ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەر يۆتكەش ھەركىتىنى يوشۇرۇپ كېتەلىشى ھازىرچە ئىمكانسىز بولغاچقا گېرمانىيە ھەربى ئىستىخبارات ئورگانلىرى تەرپىدىن يالغان گەپ يارىتالىشى تەسكە توختايتى. ھىتلېر ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق قورال كۈچىنى كۆرسىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى يېڭىدىن بىر يول قويۇشقا قىستىماقچى بولغان ئىدى. «بارباروسسا» ھەركىتى باشلىنىشتىن ئاۋالقى كۈنلەردە، ستالىننى راستىنلا ئەنسىرەتكەن ئىش خىيالدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنىڭ تەھدىتى بولۇپ، ئەملىيەتتە ھەرگىزمۇ گېرمانىيىنىڭ ھوجۇم قىلىشى ئۇنى بەك قورقۇتمايتى. بۇنداق خىيالدا بولغانلاردىن يالغۇز ئۇلا ئەمەس ئىدى. نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك سىياسىيونلار بىلەن مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئەنە شۇنداق مەخسۇس تارقىتىلغان پىتنىلەرگە چۈمپۈتۈپ ئالداندى.

ئىچكى ئىشلار رەئىسلىكىدىن ئىبارەت ئورۇننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بېرىيا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغۇدەك دەيدىغان خەۋەرنى دوكلاد قىلىشقا پېتىنىدىغان كىشىلەرنى، مەيلى ئۇنداق بىرسى كومىتېتتا مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان كىشى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قاتتىق ۋارقىراپ كېتەتتى، 1941-يىلى 21-ئىيۇن كۈنى

بېرىيا ئەنە شۇنداق دوكلادنى سۇنۇشقا جاسارەت قىلغان 4 نەپەر ئادەمنى«ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىغا سولۇتۇۋېتىدۇ». يەنە شۇ كۈنى ، ئۇ ستالىنغا بىر پارچە خەت يېزىپ خەتتە ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ۋە كەسكىنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: مەن يەنە بىر قېتىم شۇ گېپىمدە چىڭ تۇرىمەنكى، ۋەتىمىزنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چىكانوۋنى قايتۇرۇپ كېلىشىنى ھەمدە، ئۇنىڭغا ئىغىر جازا بېرىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن. ئۇ باش ئەلچى ئىزچىل تۈردە  ھىتلېرنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى «دوكلاتىنى» سۇنۇپ بىزنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. ئۇ دوكلاتىدا يەنە مۇنداق دېمەكتە، ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىشنى ئەتە باشلىغىدەك....

ئەمما، مەن ۋە قول ئاستىمدىكى يولداش يورىنوفوزوف ۋىسارىنوۋىچ بۇ كۈنلەردە سىزنىڭ داھىلارچە ھۆكۈمىڭىز بولغان: ھىتلېر ھەرگىزمۇ 1941-يىلى بىزگە ھۇجۇم قوزغاش نىيىتىدە ئەمەس دەپ قەتئىي چىڭ تۇرماقتا. يەنە بىر نەپەر گېرمانىيە يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى قوزغىغىدەك دېگەن ئىستىخباراتنى يوللاپ ھاياتىنى خەۋپ  ئاستىغا قويغان بىركىشى چەتئەل بۆلۈمىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋاسىلى مىخايلوۋىچ زاروبىك بولۇپ. ئۇ كېيىن ئا ق ش دىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. 1941-يىلى، زاروبىك خىتايغا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇ يەردە خىتاي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ داھىسى جىياڭ كەيشىنىڭ نېمىس مەسلىھەتچىسى ۋارت سىگۇنىس بىلەن كۆرۈشىدۇ. سىگۇنىس بۇرۇن ھىتلېرنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھۇجۇمچىلارئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان بىرسى ئىدى. ئەمما 1931-يىلى ۋەزىپىسىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ تەدرىجى ھالدا ھىتلېرغا قارشى بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. 1939-يىلى، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى چوڭچىڭدا تۇرۇشلۇق پونكىتىدا سىگۇنىس بىلەن يېقىنلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، سىگۇنىسمۇ ھىتلېر ھەققىدىكى كىشىلىك مەخپىيەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇل كەلگەن. 1941-يىلى فېۋرالدا زاروبىك مەركەزگە دوكلاد يوللاپ مۇنداق دەيدۇ، «گېرمانىيە بۇ يىلنىڭ ماي ئېيى ئاخىرلىرىدا سوۋېت

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقىغا قارىتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغان» دەيدۇ. (بۇ ۋاقىت ھىتلېرنىڭ ئەسلىدە بەلگىلىگەن ۋاقتى بولۇپ، كېيىن بۇ ھۇجۇم ۋاقتى كەينىگە تارتىلغان). 20-ئىيۇن كۈنىسى، ئۇ بىر پارچە تېلېگراممىنى يوللاپ: «بىزنىڭ دوستىمىز (ستىڭنىسنى دېمەكچى) نۇرغۇن قېتىم ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ۋە كاپالەت بېرىپ قەتئىي ئىشەنچلىك ئىستىخباراتلار بىلەن ھىتلېر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى تاماملىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.» فىتىڭ بۇ تۆردىكى ئىستىخباراتلارغا كەسكىن ئىپادە بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بېرىيا قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتكەن. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ دائىرىلەر تەرىپىدىن چىقىرىلغان تارىخىدا مۇنداق بىر خۇلاسە چىقارغان: «دەل ئۇرۇش پارتلىغانلىق سەۋەبىدىن فىيتىڭ ئېتىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن.» چىقىرىلغان بۇ خۇلاسە توغرا بولۇشى مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئىستىخبارات خىزمىتىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىدىكى شەخسى خاتالىقى، گېرمانىيىنىڭ 22- ئىيۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغانلىقىدا بولۇپ، مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىبەتلەرگە سەۋەبچى بولغان. ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ھەر قايسى كومىتېتلاردىن ئېلىنغان ئىستىخباراتلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمما ئېجاتچانلىقى بولمىغان بىر شەكىلدە تەھلىل قىلىپ، ئاخىرىدا كىشىلەرنى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالاشقان «تىنچلىق شەرتنامىسى ئىنتايىن پايدىلىق بىر شەرتنامە بولدى» دېگەن قاراشلىرىنى ئۆزگەرتەلىدى. شۇ ئارقىلىق ھىتلېرنىڭ ئالىلا بۇرۇنلا ھۇجۇم قىلىش ئىرادىسى بارلىقىغا ئىشەندۈرەلىدى. موسكۋادا، بارلىق ئىستىخبارات ئانالىز قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قورقۇنۇچلۇق قەتئىي قارارلىق ئىرادىسىنىڭ تېزگىنىدە بولغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. ۋە پۈتۈنلەي يېپىق «بىر شەكىلدە ئىستىخباراتقا سەل قاراشتەك سۇس قاراشتىن بىراقلا قۇتقۇزغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇلارنى ھايات قېلىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىغا كەلگەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندۈردى. نەتىجىدە سۈيىقەست نەزەرىيىسى ئېقىمىغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ستالىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى

كىشىلەرنى باشتىن ئاخىرى بىر تۈرلۈك جىددىلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار قىلدى، شۇنىڭدەك «سىياسەت مۇتلەق توغرا» دەيدىغان گويا چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بارغان قەتئىي بوي سۇنۇش دەيدىغان جىددىلىك ھالىتىگىمۇ قويغان بولدى، گەرچە 1941-يىلىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەن قوغداش ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ تۈردىكى تەسىرلەر ئازدۇر كۆپتۇر ئىستىخبارات ئانالىز خىزمىتىنى ئۆزگەرتەلىدى. 1942-دىن 1944-يىلىغىچە، ئۇرۇش دەۋرىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك جاسۇسى كامبىرىج نوچىلىرى بەكلا ئەھمىيەتلىك ھەمدە بەكلا مەخپىي ئالاھىدە ئىستىخباراتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما بۇ ئىستىخباراتلارنىڭ بەزىلىرى ستالىننىڭ ھىلىمىكىر تەلىماتىغا ئۇيغۇن كەلمەيتى، مەركەز بۇ جاسۇسلارنىڭ ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن تېزگىنلىنىۋاتقان جاسۇس بولۇشىدىن گۇمان قىلىشاتتى. شۇنداقتىمۇ پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى يالغۇز ستالىننىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇشقىمۇ بولمايتى. پۈتكۈل سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پارتىيىلىك سىستېمىسى ئىستىخباراتلارنىڭ ئانالىز قىلىنىشىدا مەلۇم دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمۇ تەس ئىدى. مەركەزمۇ ھەر دائىم كېرىمىل سارىيىدىن ئۇلار ئاڭلاشنى خالىمايدىغان مەزمۇنلارنى يۇشۇرۇدۇغان ئىشلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. ك گ ب نىڭ چەتئەللەرگە قارىتا ئىستىخبارات خىزمىتىدىكى ئەڭ ئاخىردىكى مەسئۇلىيەتنى لىكوند شابارشىن 1992- يىلىدىكى ئېتىراپىنى، تا گورباچېۋ ئوچۇق ئاشكارە بولۇشنى ئوتتۇرغا قويغىنىدىن بۇرۇن، سىياسى داھىلارنىڭ مىجەزىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ك گ ب «يالغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان توغرا قاراشلارنىمۇ دوكلاد قىلماي ئامالى يوق ئىدى».

ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە ئېيىدا، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى توساش ئىمكانى بولمىغان كۆچىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچىگە ئىلگىرىلىشى ۋاقتىدا، بىرلا ۋاقىتتا غەرپ بىلەن شەرقتە ئىككى سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىش ئېھتىمالى ستالىن دۇچ كېلىدىغان ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ئىشلاردىن ھېساپلىناتتى. رىبىنتروپ گېرمانىيىنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق باش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەلچىخانىسىغا بۇيرۇق قىلىپ «بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ياپونلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا كۈشكۈرتىدۇ. ... ... بىزنىڭ نىشانىمىز يەنىلا قىش يېتىپ كېلىشتىن ئاۋال سىبىرىيە تۆمۈر يولىدىن ئۆتۈپ ياپونلار بىلەن ئۇچراشماقچى» دەسلەپتە توكيونىڭ قارشى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر گۇرۇپپىدىكىلەر «شىمالغا يۈرۈش قىلماقچى» (يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇشماقچى)؛ يەنە بىر گۇرۇپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلماقچى (ئەنگىلىيە بىلەن ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئاچماقچى). ستالىن تەرىپىدىن بەك ئىشەنمەيدىغان زورگىنىڭ توكيو تەرىپىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەستىقلىنىشى قۇۋەتلەنگەن «جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشى» كىشىلەر تەرىپىدىن كۈچلۈك ھىمايىگە ئېرىشمەكتە ئىدى. ئەمما 18-ئۆكتەبىر كۈنى زورگى قولغا ئېلىنىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ جاسۇسلۇق تورىمۇ شۇنىڭ بىلەن تېزلىكتە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ستالىن تەرىپىدىن ياپونلار زورگىغا زەربە بەرمەيدۇ دەپ ئىشەنگەن بۇ مەسىلىدە رازۋېتچىكلار ئورگىنى زورگىغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك سەگەكلىك قىلىدۇ. 1938-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقى بىلەن 4-ئىدارىنىڭ بىرلەشمىسى تېخى يېپىقلىق، رازۋېتچىكلار تەرىپىدىن ئىستىخبارات ئورنى تارقىتىۋېتىلىدۇ. ئىچكى ئىشلار كومىتېتى خەلق كومىسسارىياتىنىڭ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئورنى چېرنىشېۋسكى كوچىسىغا جايلاشقان بۇرۇنقى كۆكتاتچىلىق مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىغا كۆچۈپ كېلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ رازۋېتكا مەركىزى تاشقى ئىشلار جەھەتتىكى ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنىڭ ئالاقىلىرىغا باغلىنىپ قالىدۇ؛ ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسىم (ئەلۋەتتە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى ئالاقىلىشىش ئىشلىرى (4-ئىدارىنىڭ كېڭەيتىشىدىن ئورتىغا چىققان) باش ئىستىخبارات ئورنىنىڭ مەخپى شىفىر يېشىش مۇتەخەسسىلىرى مەسئۇل بولىدۇ. 1941- يىلى يانۋاردا ئىچكى ئىشلار كومىتېتى خەلق كومىسسارىياتىنىڭ مەخپى شىفىر خادىملىرىمۇ بۇ يېڭى ئورۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ، يەنى 5-كېڭەيتىلگەن ئىدارە (يەنى مەخپى شىفىر ئىدارىسىغا) ، بۇ يەرنىڭ

مەركىزى قۇرۇلمىسى بىر تاشقى ئىشلارنىڭ مەخپى شىفىرلىرىنى يېشىش ۋە سۈنئىي شىفىرلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگانغا ئايلىنىدۇ . بۇ ئورگاننىڭ ئاساسلىق مۇتەخەسسىسى بىر ياپونلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى سېرگى تولستوي، بۇ كىشى كېيىن ئۇرۇش دەۋرىدىكى شان شەرەپكە ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن سوۋېت شىفىر يەشكۈچى مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىككى قېتىم لېنىن ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. 1941-يىلى ياز كۈنلىرىدە، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر يەشكۈچى گۇرۇپپا خۇددى بىر يىل ئاۋالقى ئامېرىكا شىفىر ئانالىز قىلغۇچى  مۇتەخەسسىسلىرى قولغا كەلتۈرگەن شىفىر يېشىشىگە ئوخشاش نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈدۇ. ئامېرىكىلىقلار ياپونلارنىڭ ئاساسلىق دېپلوماتىيىلىك شىفىرلىرىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يەشكەندىن كېيىن، ئامېرىكىلىقلار بۇ گۇرۇپپىنىڭ شىفىرىسىگە « يېشىل» دەپ نام بېرىدۇ، شۇندىن كېيىن غەرىپ تارىخشۇناسلىرى بۇ شىفىرنى ئىزچىل تۈردە شۇ ئىسىم بىلەن ئاتاپ كېلىدۇ. ئۇلار قولغا كەلتۈگەن بۇ ئۇتۇغىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەرگىز ھاراق ئىچمەيدىغان ئامېرىكىلىق بۇ ئىستىخباراتچىلارغا بىر يەشىك كوكا كولا سوغات قىلىشىدۇ.

شۇنداقتىمۇ تولۇستوينىڭ بۇ نەتىجىسىنى تەبرىكلەشكە ھېچ قاچان ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. ئەمما ئۇ تەمىنلىگەن ياپون دېپلوماتىك تېلگراممىلىرىنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئېنىقلىقى بەكلا مۇھىم ئىدى. تېلگراممىلاردا مۇنداق ئېنىق مەلۇمات بەرگەن: بۇنىسى بەكلا مۇھىم ئىدى. تېلېگراممىلاردا ياپونلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن ئىدى. رازۋېتكا ئىستىخباراتلىرىنىڭ تاكتىكىلىق مۇدداسى بۇنى يەنىمۇ ئېنىق بېكىتتۈۋېتىپ، ستالىننى يىراق شەرق شتابىنىڭ تەۋەسىدىكى دىۋىزىيە كورپۇسلارنىڭ يېرىمىمۇ غەرپ فۇرونتقا ئىشلىتەلمەيدىغانلىقى ئېنىق كۆرسۈتۈلگەن ئىدى. 1941-يىلى ئۆكتەبىردىن نويابىرغىچە، 8 دىن 10 غىچە بولغان پىيادىلار دىۋىزىيىسى بىلەن تەخمىنەن مىڭدەك تانكا ۋە مىڭدەك ئايروپىلاننى غەرپ فرونت ئۇرۇشىغا  ئىشلەتكەنلىكى

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرۈلگەن. دەل شۇ كۈچلەر بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ تاكتىكىلىق زاپاس دىۋىزىيە كورپۇسلىرى بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قالغان دېيەلىشىمىز مۇمكىن. خۇددى پروفېسسور رىچاد ئوفرىنىڭ شەرق فرونتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدا خۇلاسىلاپ كۆرسەتكىنىدەك: «(1941-يىلى دىكابىردا) گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى توساپ قالالىغان كۈچلەر ھەرگىزمۇ ناچار ھاۋا شارائىتى بولماستىن، بەلكى يازدىن كۈزگىچە بولغان زەربىلەردە كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈزگەن ئىستىخبارات ئورۇنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربى كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاساسلىق سەۋەپتۇر.» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رازۋېتكا ئورۇنلىرى ياپونلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماسلىقىدىن باشقا يەنە ياپونلارنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇرۇنۇشىنىڭ بارلىقىنى سەزگەن. گەرچە يەشكەن شىفىرلەردە ياپونىيىنىڭ پېرل خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر پىلانىنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەندەك قىلسىمۇ. 1941-يىلى 27-نويابىردا، يەنى ياپونىيىنىڭ مارجان ئاراللىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن 10 كۈن ئىلگىرى، توكيو ياپونىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا يوللىغان بىر تېلېگراممىسىدا (بۇ تېلېگرامما بىر ئېھتىمالدا كۆچۈرۈلۈپ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا يوللانغان بولۇشى ئېھتىمال)، ئۇ يەردە تېلېگرامما يېشىلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ تېلېگرامىدا ياپونىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا شۇنداق بىر بۇيرۇق قىلغان بولۇشى مۇمكىن: ھىتلېر بىلەن رىبىنتروپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا مەخپى شەكىلدە بىزنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بەرگەن بولۇشى مۇمكىن...... ھىتلېرگىمۇ بۇ ھەقتە بىر قۇر چۈشەندۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، ياپونلانىڭ ئاساسى كۈچى جەنۇپقا يىغىلغان بولۇپ، شۇڭا بىز شىمال تەرەپتە(سوۋېتكە قارىتا) ھەركەت قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە، سوۋېت مەخپى شىفىر ئانالىزچىلىرى بىلەن نەتىجە قازىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە بەرىبىر ئۇلارنىڭ رازۋېتكا خادىملىرىغا تەڭ كېلەلمەيمىز. بۇروكلىن (تەرجىمىسى باشقا) باغچىسىدىكى ئەنگلىيە رازىتچىكلار

ئۆرگىنىنىڭ نەتىجىلىك تۈردە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قوللانغان ئاساسلىق ئالىي دەرىجىلىك شىفىرلىرىنى ئوقۇشلۇق تۈردە يېشەلىشىمىز مۇمكىن. بۇلار بەلگىلىك دەرىجىدە تېخنىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار. سوۋېت ئىستىخبارات ئورۇنلىرى بىرەر كۈچلۈك ئېلېكترونلۇق «بومبا» چىقىرالمىدى؛ ئەمما ئەنگلىيىلىكلەر 1940-يىلى شۇ (بۇرۇكلىن) باغچىسىدا بىرىنچى قېتىملىق ئېلېكترونلۇق بومبا ياساپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئېنىگما تىپلىق شىفىر ماشىنىسىنىڭ كۈندۈلۈك ئەسۋاپلىرىنى قالايماقانلاشتۇرۇۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇنداق «پەۋقۇلئاددە ئادەم» ياساش دۇنيادىكى تۇنجى كومپيۇتېر ياساش زادىلا قولىدىن كەلمەيتى. 1943-يىلى ئەنگلىيىلىكلەر (برۇكلىن)دىكى غەيرى نۇسخىسىدىن باشلاپ تېخىمۇ يۇقۇرى مەخپىي ئۈچۈرلارنى (ئاپتوماتىك مەخپىي شىفىر قويۇش ۋە شىفىر يېشىش ئېلېكترونلۇق فاكس خەت ئۈرۈش ماشىنىسىنىسىدا دولقۇن سىگنالىنى ئاساس قىلغان رادىئو ئېلېكترون سىگنالى يوللاش ئاپاراتىنى ياساپ چىقتى.) ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇرۇش ئاخىرلىشىدىغانغا ئىككى يىل قالغاندا، گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ خىلدىكى ئالاقىلىشىش شەكلىنى كۆپ قوللاندى. ئەمما بۇ جەرياندا ئېنىگما تىپلىق شىفىرلەش ماشىنىسى ئارقىلىق تاكتىكىلىق ئىستىخباراتلارنى يوللاشنى تاشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيىسى ئەنگلىيىگە يەتمەيتى. بۇ ئىشتا تېخنىكىلىق ئامىللاردىن باشقا، يەنە سۇنئىي ئامىللارمۇ بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈمى بۇنداق بىر ئاتاغلىق قابىلىيەتلىك ئادەم چىقىشىغا ھەرگىز يول قويمايتى. شۇنداقتىمۇ ئۆلچەمسىز سەۋىيىدىكى ياشلارنى قوبۇل قىلىشنى، تەبىئىكى بۇنداق قابىلىيەتلىك ئادەم كۈچى ئېلىشقا ھەرگىزمۇ چىدىمايتى. ئەنگلىيە رازۋېتكا ئىستىخبارات ئىشلىرىدا زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ لوندوننىڭ ئەنە شۇنداق «ئۇستۇن ئادەم»ياساش جەھەتتە غەلىبە قازانغان، نەتىجىلىك ئادەملىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئەقىللىق بىرى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەلىتە ئىدى. ئۇ بۇرۇن ھاياتى بويىچە يىغقان ئىقتىسادىنىڭ ھەممىسىنى (بىرلېنزا ئېلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەجلىۋەتكەن بىرى ئىدى) (برۇكلىنىن)نىڭ كىچىك دەرەخلىقى ئارىسىغا ئۇنىڭ پۈتۈن بايلىقى كۆمۈلگەن ئىدى. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي كۆمگەن يېرىنى ئۇنتۇپ قالدۇ. نۇرغۇنلىغان ئەنگىلىيىلىك شىفىر ئانالىزچىلىرىغا ئوخشاش، ئۇ ھەرگىز ستالىنىزىم تۈزۈمىگە ئوخشاش «سىياسىي ئۆلچەم» شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى دۆلەتلەرنىڭ رازۋېتكا ئىستىخبارات ئورۇنلىرى دۈشمەننىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ئاقىلىشىش شىفىرلىرىنى يېشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئىستىخباراتلىرىنى بىر تۈرلۈك نىقاپلاشلار ئارقىلىق موسكۋاغا يوللىۋېتىدۇ؛ ياكى بولمىسا، بىر قانچە نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىغا تايىنىپ خۇددى كېيىنكى كۈنلەردە پەيدا قىلغان ستالىنچە تېررورلۇق ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش ئۆزىنى لېنىن دەۋرىدىكى ئىنقىلابىي ساپلىقىغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسۈتۈش، ئۆزىنى 1941-يىلىدىن 1945-يىلىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرلىرىدىكىگە ئوخشاش شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدىغان قەھرىمانلىق قىياپىتىگە پۈركەپ دۈشمەن ئارقا سېپىدا ئالاھىدە ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى تەشكىللەش مەنپەئەتلىنىشىنىڭ ئەڭ پايدىلىق دەلىلى بولاتتى. ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئالاھىدە ھەرىكەت ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پاۋېل ئاناتولىيېۋىچ سۇدوپولاتوۋ مۇنداق دەيدۇ: «ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ بۇ دەۋردىكى جەريانى بىردىن بىر دائىرىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىش قىلىنمايدىغان بىر قىسىمدۇر. چۈنكى بارلىق ئۇتۇقلارنىڭ ھەممىنى ئۇلار ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىۋېلىشاتتى، شۇنىڭدەك بۇ جەرياندا ھېچقانداق بىر ستالىننىڭ جىنايىتى پەردازلانمايتى.» ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئۇرۇش دەۋىدىكى خاتىرىلىرىدە، باشقا ۋاقىتلاردىكى خاتىرلەنگىنىگە ئوخشاش، پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتەتتى.

گېرمانىيە بىلەن رومىنىيە قوشۇنلىرى ئوكرائىنانىڭ قارا دېڭىز پورتى بولغان ئودىسسانى 907 كۈن بېسىپ ياتقان كۈنلىرىدە، سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى كىچىك بىر تارماق ئەترەتنى ئۇيەرگە

يەرئاستى كۆرەشكە قاتنىشىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ تارماق
ئەترەتنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھەر دائىم سوۋېت ئىتتىپاقى
ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەن ئارقا
سەپلىرىدە قانات يايدۇرغان قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغانلىقى دەپ
ماختاپ كۆرسىتىشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى قىلىۋېلىشاتتى. ئودېسسا
شەھرىدە بۇرۇن قۇم كولاش ئۈچۈن قازغان بەكلا نۇرغۇن تۇنېللەر بار بولۇپ،
19ئەسىرلەردە كولانغان قۇم- شېغىللاردىن ياسالغان ھەيۋەتلىك
قۇرۇلۇشلار بۇگۈنمۇ ئودېسسا كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مىڭلەرچە
كىلومېتىرغا سوزۇلۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھېچقانداق بىر خەرىتىدە
سىزىپ كۆرسىتىلمىگەن ھەمدە بەكلا كۆپ چىقىش ئېغىزلىرى بولغان بۇ
تۇنېللەر پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش ئۈچۈن بەكلا مۇۋاپىق مۇھىت بىلەن
تەمىنلەيتى. سوۋېت ئىچكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ كىچىك بىر ئەترىتى
ئەنە شۇ تۇنېل ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىشقان.
1969-يىلى، ئۇرۇشنىڭ ياۋروپادا غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 25 يىللىقىنى
خاتىرلەش كۈنلىرىدە، ئودېسسا رايونىدىكى بىر قىسىم تۇنېللەر
ئېچىۋېتىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ خاتىرە سارىيىغا ئۆزگەرتىلگەن.
ئۇندىن كېيىنكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋىدە بۇ خاتىرە سارىيى
يىلىغا بىر مىليوندىن زىيارەتچى قوبۇل قىلىپ تۇرۇدۇ.
ئەمما ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ك گ ب بۇ بىر مەزگىل
شەرەپلىك ئىز قالدۇرغان ئودېسسانى ئازات قىلىش قەھرىمانلىق
ھېكايىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدە گۇمان پەيدا قىلىدىغان ئاجايىپ
ۋەقەلەر بىلەن تولغان دەۋرنى ئۆزلىرىگە شەرەپ بېغىشلىشى ئۈچۈن
تەرىپلەشكەن. پاتىزانلىق ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىنىڭ ئىچىدىن مەخسۇس
بىر يەر ئاجرىتىپ ۋىلادىمىر ئالېكساندىرۋىچ مولوزوف
يېتەكچىلىكىدىكى خەلق ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ كىچىك ئەترىتى
قولغا كەلتۈرگەن ئۇرۇش غەلىبىسى قىلىپ كۆرسىتىشۋالغان. ئۆلگەندىن
كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانىغا ئايلانغان مولوزوف، ئۆز ۋاقتىدا
يەنە پۈتۈن ھاياتى بويىچە ستالىن قېلىپىدىكى تاتارغان غەلىتى نۇمۇسچان
بىرسى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى بىرىنچى 5 يىللىق پىلان دەۋرىگىچە ئۇزارتىپ، ئۇ ۋاقىتلاردا ئادەتتىكى بىر كانچى بولغان مولوزوفنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان شەخسىي مەنپەئەتنى قەتئىي كۆزلىمەيدىغان ساداقەتلىك تۆھپىكارغا ئايلاندۇرغان. ئېيتىلىشىچە ئۇ 1930-يىللاردىلا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىش دېگەن نېمە دېگەن ياخشى نەرسە! ئىشقا چۈشكىنىڭىزدە ئىش ۋاقتى بىلەن ئىشىڭىز يوق، قاچان ئىشتىن چۈشۈدىغىنىڭىزنى ئېسىڭىزگە ئېلىپ قويمايسىز. پەقەتلا ئويلايدىغىنىڭىز ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنىڭ يەنىمۇ ئۇزۇنراق بولۇشىنىلا خىيال قىلىسىز. كۆمۈر توشۇش ۋاگونىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ يۈگۈرگىنىڭىزدە ئىشلەپ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كېتىسىز، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدا، بىر قارايسىزكى ئىشىڭىزنى پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقىڭىزنى كۆرىسىز، نېمە دېگەن بەختلىكسىز!»

پارتىزانلىق ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىدا «قايتىدىن تۇزۇتۇلگەن» كىچىك ئەترەتنىڭ يەر ئاستى قوماندانلىق بۆلۈمىنى كۆرىسىز، بۇ شتاپ بەكلا مۇكەممەل بولۇپ، ياتاقلار، ئوقدورا ئىسكىلاتى، سىخ، يېقىلغۇ ئىسكىلاتى، تاماقخانا، شۇنىڭدەك ژىغىن زالى قاتارلىقلار بار ھەممە نەرسە پۈتۈنلەي تولۇق، يىغىن زالىنىڭ بىر تېمىغا كام بولسا بولمايدىغان نەرسە، بىر پارچە لېنىننىڭ رەسىمى ئېسىغلىق (ئەمما بۇ تامدا ستالىننىڭ رەسىمى يوق ئىدى). ياندا بىر 17 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر تىك قۇدۇق بار بولۇپ، بۇ قۇدۇق قوماندانلىق شتاب بىلەن يەر ئۈستىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ قۇدۇق تۈنېلدىكى قوماندانلىق شتابى بىلەن يەر ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئالاقە قىلىشىدىغان جاي. كانالغا يوشۇرۇنغان كىشىلەر ئودىسسالىقلار بىلەن ئەنە شۇ قۇدۇق ئارقىلىق ئالاقە ئورنۇتۇپ تۇراتتى. شۇ يەر ئارقىلىق ئودىسسادىكى جاسۇسلاردىن ئۇچۇر، يېمەك-ئىچمەك نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىشاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بەكلا كۆپ كىنو سىنارىيىسى، كىتاپلار، ژۇرناللار ۋە گېزىتلاردىكى ماقالە ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ك گ ب تەلىماتى بويىچە بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا يوشۇرۇنغان كىچىك ئەترەتنىڭ مىگىلغان نېمىس ۋە بولغارىيە قوشۇنلىرىنى ئودىسسادا ۋەتەن ئۇرۇشى

ئاخىرغىچە ھاياتىنى بېغىشلاپ دۈشمەننى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانلىق ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان.

مىتروخىن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ س تارمىقىدىكى بىر كەسىپدىشىدىن تۇنىل ئىچىدىكى ھەقىقى ئەھۋاللارنى ئىگەللىگەن. ئۇ كەسىپدىشى ئودېسسا ھەققىدىكى بەكلا كۆپ ئارخىپلاردىن ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ھەقىقى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ چىققان ئىكەن. ئۇ كەسىپدېشىنىڭ بۇ ئارخىپلارنى مىتروخىنغا قايتۇرغان ۋاقتىدا دېيىشىچە بۇ ئارخىپتىكى ھېكايىلەر ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قىزىقارلىق ئىكەنمىش. بۇ ئارخىپلار 1940-يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ يېزىلغان ئىكەن، بۇ ۋەقەلەر ئودېسسا قولدىن كەتكەندىن كۆپ ئۆتمەي، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى مولوزوف قاتارلىق 6 نەپەر ئوفىتسېردىن تەشكىل تاپقان كىچىك بىر ئەترەتنى ئودېسساغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلانغان ئىكەن. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ، بىر يەر ئاستى ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇپ چىقىشقا بۇيرىغان. بۇ پونكىت گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپىدا رازۋېتكا پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئالاھىدە پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللۇنۇشنى بۇيرىغان. ئودېسساغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە ھەركەتلىرى بۆلۈمىنىڭ 13 نەپەر ئەزاسى مولوزوفنىڭ گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان، بۇ ئالاھىدە ھەركەت بۆلۈمى لېيتېنانت كوزموزوفنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان. دائىرىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى تارماق ئەترەت 15-ئۆكتەبىر كېچىسى يەنى تۇنىلغا كىرگەندىن كېيىن بازا قۇرۇپ چىقىشتىن بۇرۇن پارتىيە ئىتتىپاق يىغىنى چاقىرغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، ك گ ب نىڭ ئارخىپلىرىغا قارىغاندا ئۇلار پەقەتلا بىر قېتىم چوڭ زىياپەتلا ئۆتكۈزۈشكەن بولۇپ، موسكۋا بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ ئودېسسادا تۇرۇۋاتقان ئىككى تارماق ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ ئەترەتلىرى يەنە بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتكەن. ئىككىنچى كۈنى، غەزەپلىرى يانمىغان بۇ ئىككى ئەترەت بىرلىكتە شۇ بويى تۇنىلگە كىرىشكەن. مولوزوف بىلەن كوزنوزوف ئىككىسى ئودېسسادىكى ئىككىسىلا بۇ ئەترەتتىكىلەرنىڭ باش قوماندانى

مەن بولمەن دېيىشىپ تالىشىپ كەتكەن. كېيىنكى 9 ئاي ئىچىدە، بۇ ئىككى خىل كۈچ بىر تەرەپتىن گېرمانلار بىلەن رومىنىيىلىكلەر بىلەن جەڭ قىلىشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى جېدەلنىمۇ توختاتمىغان.

مولوزوفنىڭ ئۆلۈشى بىر ھېساپتا ھەقىقى قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇش ئىكەن، ئۇ 1942-يىلىنىڭ ئىيونىدا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئەمما ئۇ ئۇلاردىن ھاياتىنى تىلىمىگەن، ئۇ قەھرىمانلارچە ئۆزىنى قولغا ئالغانلارغا گۈكۈرىگەن: «بۇ يەر ئەسلىدە بىزنىڭ دۆلىتىمىز. شۇڭا بىز دۈشمەندىن ھېسداشلىق تىلىمەيمىز.» ئەمما ئودېسسا تۇنېلىدە يۈز بەرگەن باشقا ھادىسىلەر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئادەتتىكىچە تېررورلۇق ھىكايىلىرى ئىكەن. مولوزوف قۇربان بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ئۇلارنى تۇنېلدە نازارەت ئاستىغا ئېلىشقان. ئابلاموۋدىن باشقىلار، مولوزوفنىڭ قالغان بىر قانچە ئادىمى كوزنىزوف تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە سۇيىقەست قىلىنىپ، ئۇلارغا قارشى تۇرماقچى بولۇشقان دېگەن جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاشلانغان. تۇنېل ئىچىدىكى شارائىتلارنىڭ بارغانسېرى ناچارلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئودېسسا كىچىك ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىمۇ بىر-بىرسى بىلەن ئىلىشىشقا باشلىغان. كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان يېمەك-ئىچمەكلەرمۇ بۇزۇلۇپ كۆكۈرۈشكە باشلىغان، كىرىسىنمۇ تۈگەيلا دەپ قالغان ئىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار يېرىم قاراڭغۇلۇق مۇھىت ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان. 28-ئاۋغۇست كۈنى، كوزنوزوف مولولىنىڭ ئىككى تىلىم بولكا ئوغۇرلىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ. 27- سىنتەبىر كۈنى، يەنە ئىككى نەپەر پارتىزان پورسىلىنكوف بىلەن كۈۋارچىكمۇ تاماق ئوغۇرلىغان ۋە «ئىنتىزامغا بوي سۇنمىغانلىقى سەۋەبىدىن» ئۇلارمۇ كوزنوزوف تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. كېيىنكى قېتىمدا ئېتىلىدىغاننىڭ نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان كوزنوزوفنى ئابلاموۋ بىر ئاي كېيىن ئېتىپ تاشلايدۇ. كېيىن كىشىلەر تۇنېلدە ئابلاموۋنىڭ كۈندۈلۈك خاتىرىسىنى تېپىۋالىدۇ. بۇ خاتىرە دەپتىرى بۈگۈن ك گ ب نىڭ ئودېسساغا دائىر ئارخىپلار ئارىسىدا ساقلانماقتا. ئابلاموۋ خاتىرە

دەپتىرىدە مۇنۇلارنى يازماقتا ئىدى:

1942-يىلى 8-نويابىر كۈنى، يەر ئاستى «ئەينەك زاۋۇتىدا» (تۇنېلدىكى قۇماندانلىق شتاب)، مەن ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ ئودىسسا رايونلۇق 3-ئالاھىدە بۆلۈمىنىڭ سابىق بۆلۈم باشلىقىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم. دۆلەتلىك بىخەتەرلىك قىسىملارنىڭ لېيتنانتى كوزنوزوفنى دېمەكچىمەن؛ مەن ئىككى پاي ئوق چىقارغان ئىدىم، ھەر ئىككىسىلا ئۇنىڭ ئارتىلىيە تومۇرىغا تەگدى.

بۇ ۋاقىتلاردا، قالغان بىر قانچە كىشىمىزنىڭ ھەممىسىلا دۈشمەن ئوقىدا ئۆلگەن ئىدى. تۇنېلدە پەقەتلا ئابلاموۋ، گروشىنكو بىلەن لىتىۋىنوف قاتارلىق 3 كىشى قالغان. ھەممەيلەن بىرلىكتە لىتىۋىنوفنى ئۇجۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئابلاموۋ بىلەن گروشىنكو ئىككىسى يېرىم قاراڭغۇلۇق بۇ تۇنەلدە بىر- بىرسىدىن گۇمانلىنىپ قارىشىپ يۈرۈشەتتى.

گروشىنكوف خاتىرە دەپتىرىدە مۇنۇلارنى يازغان ئىدى: «بىز مەغلۇپ بولدۇق. ئەندى غەلىبە قىلىشىنىڭ قىلچىمۇ ئۈمىدى قالمىغان ئىدى. ئۇ ماڭا، ئەندى قورقۇدۇغان ھېچنېمەڭ قالمىدى. قوقماي بېرىپ تەسلىم بولغىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەرسى كېلىپ سېنى ئېتىۋېتىشىدىنمۇ قورقما. چۈنكى ئۇنىڭ نېمىس ئىستىخباراتچىلىرى ئىچىدە دوستلىرى بار.»

1943-يىلىنىڭ 18-فېۋرال كۈنى، خىيال ئىچىدە تۇرغان گروشىنكوۋ يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ: (ئابلاموۋ) بېلىنى ئەگكىنىچە پۈتۈن زېھنى بىلەن بىر ھۆججەتنى ئوقۇۋاتاتتى. مەن يېنىمدىن بېلىمگە قىستۇرۇۋالغان تاپانچامنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بېشىنى چەنلەپ ئاتتىم . ئوق بېرىپ ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە تەگدى. ئۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي بويىچە گروشىنكو ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئودىسسادىكى ئايالىنىڭ ئائىلىلىكلەر قوراسىدىكى ئۆيىدە يۇشۇرنۇپ ئۆتكۈزۈدۇ؛ 1943-يىلى 10-نويابىر كۈنى، ئۇ بۇئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتويدۇ. 1945-يىلى ئاپرىلدا، قىزىل ئامىيە ئودىسسانى ئازات قىلغاندىن كېيىن، گروشىنكو ئوكرائىن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە تونېلگە قايتىپ كېلىپ ئۇ يەرنى رەتلەشكە كىرىشىدۇ، شۇ قاتاردا يامان تەسىر قالدۇرۇدۇغان ھۆججەتلەرنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ جەرياندا بىر گراناتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پىلىكى تاتىلىپ كېتىپ قولىدا پارتلاپ كېتىدۇ. بۇ ھادىسىدىن ئۇ ئېغىر يارىلىنىپ داۋالاش كار قىلماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

20 يىلدەك ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئىچىدە، مەكەز ئىزچىل تۈدە ئودىسسا تونىلىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن بۇ دۇنيادا بىرمۇ كىشى قالمىدى دەپ قەتئىي ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئۇيدۇرۇپ چىقىرىشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئېغىر گۇمانلانى پەيدا قىلغان ئىدى. ئەمما 1963-يىلى، ك گ ب دائىرىلىرى ئابلاموفنىڭ ئەسلىدە گروشىنكو تەرپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولماي، بەلكى ئابلاموۋغا ئوق جايىغا تەگمەي ساق قېلىپ، ئودىسسادىن قېچىپ كەتكەن ئىكەن. ھازىر ئۇ فرانسىيىدە ياشىماقتا ئىكەنلىكىنى ئۇققان ك گ ب دىكىلەر چۆچۈپ كەتكەن. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئودىسسادىكى ھەقىقى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولغانلار يالغۇز ئابلاموۋلا بولۇپ قالماستىن، بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ دادىسىمۇ خەۋەر تاپقان بولۇپ، ئۇ ھازىر ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېتىپ ياشىماقتا ئىكەن. ئابلاموۋنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن قىزى نىنا ئابلاموۋا ئۇندىن بۇرۇن ئىزچىل تۈردە ك گ ب نىڭ 1-باش ئىدارىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن ئىكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن چاندۇرماي بۇرۇنقى ئورنىدىن باشقا بىر ئىشقا ئالمىشىپ كەتكەن ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئىچكى ئىشلا خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئودىسساغا ئەۋەتكەن قەھرىمانلىرىنىڭ ھىكايىسى يوقاپ كەتمەي ساقلىنىپ قالغان.

ك گ ب ئارخىپلىرىدىكى سانلىق ستاتىكا رەقەملىرىگە قارىغاندا، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرلىرىدە، سوۋېت ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقى دۈشمەن ئارقا سەپلىرىگە جەمئىي 2222 گۇرۇپ «جەڭگىۋار ئەترەت» يوللىغان. ئەمما مىتروخىن پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ زادى قانچىلىك ئەمەلى رولى بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت تەشۋىقات ئورۇنلىرىنىڭ تەشۋىق قىلغان قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنىڭ تەشۋىق قىلىنغانلارنىڭ دەل ئەكسىنچە بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. يەنى بۇ ئەترەتلەر پەقەت ئىنتايىن ئاز ئەھۋاللاردىلا سانى ئۆزىدىن ئارتۇق نېمىس قوشۇنلىرىنى

توساپ قالالىغان. پارتىزانلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ھەيئەتلىرى ياكى كوممۇنىست ئەمەلدارلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ھەر دائىم يەرلىك دېھقانلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ تۇرۇدۇ. بۇ دېھقانلار بولسا پارتىزانلارنىڭ ئېھتىياجى بولغان يەرلىك كۈچلەردۇر. ئالايلۇق، ئۇكرائىنانىڭ غەربىدە قانات يايدۇرۇلغان پاتىزانلىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋبى، يەرلىك ئاھالىنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ساقلىغانلىقىدىن بولغان. گەرچە ستالىنگراد ئۇرۇشىدىن كېيىن، پارتىزانلىق ئۇرۇشلار بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا ياخشى ئۈنۈملەرنى بەردى. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم مۇھىم يەرلەردە، مەسىلەن، قىرىم ۋە يايلاقلاردا پارتىزانلار ھېچقاچان شەرقى سەپلەرنىڭ مۇھىم تەركىبى بولالمىدى.

ياۋروپانىڭ سىرتىدىكى جايلاردا، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئارگېنتىنادا قۇرغان مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرى گېرمانىيە نىشانلىرىغا قىلغان ھۇجۇملىرى ئەڭ بەك ئۇتۇغلۇق بولدى. بۇ پونكىتنىڭ باشلىقى يۈسۈف لوماردۇۋىچ گىرىيگورىۋېچ (بەلگىسى ئارتۇر) بۇرۇن ئىسپانىيە ئىچكى ئۇۇشىغا قاتناشقان ۋاقىتلىرىدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى مېكسىكىغىچە قاناتيايدۇرۇپ، تروتىسكىگە دەسلەپتە سۈيىقەست قىلغان كونا ئەسكەر ئىدى. 1941-يىلىنىڭ سىنتەبىرىدە، ئارگېنتىنا دائىرىلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر ئاخماقانە خۇلاسىنى چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە گېرمانىيەنىڭ ئارگېنتىنادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكى لاتىن ئامېرىكىسى قىتئەسىدە يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىۋاتقان 50 مىڭدىن ئارتۇق ناتسىست س ئا چىسىنىڭ باش قۇماندانلىق شتابىنىڭ بارلىقىنى كەشپ قىلغانمىش. ئۇلارنىڭ بۇ خۇلاسىسىنى خەلق قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىشقان، ئەمما ئارگېنتىنا ھۆكۈمىتى بۇنداق دېيىشكە قارشى چىقىدۇ. پېرل خاربىر ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ئارگېنتىنا بىلەن چىلى ئىككىسىلا لاتىن ئامېرىكىسىدا گېرمانىيە ۋە ياپونىيە بىلەن دېپلوماتىيىلىك مۇناسىۋېتىنى ساقلاپ قالغان دۆلەتلەر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

250 مىڭ نەپەر نېمىسچە سۆزلۈشىدىغان ئارگېنتىنالىق ئوفىتسېر ئىچىدە ناتسىست جاسۇسلىقى بىلەن پائالىيەت قىلىدىغان ئادەم بار دېگەن گەپلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارگېنتىنا ئوفىتسېرلىرى ئىچىدە نېمىسپەرەست ئۇنسۇرلارنىڭمۇ بارلىقى ھەققىدە گەپلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئارگېنتىنا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ھەربىي مۇلازىمەتلەر سېتىۋالغۇچى ئۆمىكى بېرلىندا تا 1944-يىلىغىچە ئىش قىلىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ مەركەزنى ئارگېنتىنانى ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئارقا سەپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرماقتا دېگەن ئويغا كەلتۈرمەكتە. گەرچە بۇ خىلدىكى ئويلار سەل ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان. ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسى شۇنىڭدەك بىر دوكلاد بەرگەن ئىدى. 1941-يىلىدىن 1943-يىلىغىچە بولغان يىللاردا ئارگېنتىنا پرېزىدېنتى بولغان دوكتور رىموند كاستىللونىڭ ھېتلېرغا خىزمەت قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ھەمدە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار كومىتېتىنىڭ جاسۇسلىرى مەركەزگە يوللىغان بۇنىڭغا ئوخشىغان دوكلادلار موسكۋانىڭ ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئارگېنتىنادا پىلانلىغان سۇيىقەستلىرىگە تېخىمۇ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، گېرمانىيە سودا پاراخوتلىرى ئەنگلىيە خانلىق پىلوتىنىڭ قامال ئاستىدىكى دېڭىز يولىدىن ئارگېنتىنا پورتلىرىغا پەقەتلا ئۆتەلمەيدۇ.

1942-يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 1944-يىلىنىڭ يازلىرىغىچە، ك گ ب نىڭ ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغىنىمىزدا، گىرىگورىۋىچنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ئوڭۇشلۇق تۈردە 150 قېتىمدىن ئارتۇق گېرمانىيە ماللىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە شىۋېتسىيەنىڭ بەزى پاراخوتلىرىنى پارتلىتىپ چۆكۈرۈۋېتىش ھەرىكىتىدە بولۇنغان (زادى قانچە پاراخوتنى پارتلىتىپ چۆكتۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى كونكرېتنى سان ئېنىق ئەمەس). بىر

ئېھتىمالدا مەركەز تەرىپىدىن بەكلا كېڭەيتىۋېتىلگەن ئانالىز دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، 1944-يىلىنىڭ ئەتىيازلىرىدىن تارتىپ قانات يايدۇرۇلغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بۇيىنىس ئايرىستىن گېرمانىيىگە ئېكسپورت قىلىنىش ئوڭۇشلۇق تۈرده چەكلەنگەن. شۇنداقتىمۇ گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلىرى پەيدا قىلغان ئوڭۇشلۇق بۇزغۇنچىلىقلىرىدىنمۇ ئېغىر بولغىنى ئارگېنتىنا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى بەكلا يامان ئىدى. 1943-يىلى يازدا، ئارگېنتىنادا بىر قېتىملىق ھەربى ئۆزگۈرۈش يۈز بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ناتسىستلار جاسۇسلۇق تورى قولغا چۈشۈدۇ، بۇلار 1944-يىلى يانۋاردا ئارگېنتىنا بىلەن گېرمانىيىنىڭ دېپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۈزۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇرۇش دەۋرىدە، گرىگورىۋىچنىڭ ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن مەركەز ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت بەكلا ئاستىلاپ، بەزەن ئۈزۈلۈپ بەزەن داۋاملىشىپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئۇلار پەقەتلا نىيو يوركتىكى ئىستىخبارات پونكىتى ياكى بۇيىنىس ئايرىسقا ئەۋەتىلگەن ئالاقىچى ۋاستىسى بىلەنلا مۇناسىۋەت تىكلەپ كېلەلىگەن. 1944-يىلى يازدا، دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئورگىۋايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، گرىگورىۋىچ موسكۋاغا چاقىرتىلىپ، ئىستىخبارات پونكىتىغا تەۋە ئۇرۇشتىن بۇيانقى ئۇنىڭ شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىستىخبارات خىزمەتلىرى، مالىيە ۋە جاسۇسلۇق تورى ھەققىدىكى ئەھۋاللار تەپسىلى دوكلاد قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇچاغدا مەركەز ئۇنىڭ ئوت قويۇپ كىملەرگە زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىتەرەپ دۆلەتلەر ئىچىدە بەكلا كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا مەركەز ئۇنىڭدىن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋاقىتنچە ئازايتىشى توغرىلىق بۇيرۇق بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاساسلىق دىققىتىنى ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە ۋە چىلىلەردىكى ئىستىخبارات توپلاش خىزمەتلىرىگە توپلاشىنى تەلەپ قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

گىرىگورىۋىچ پائالىيەتلىرىنى توختۇتۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدىن كېيىن، ۋىلىرىبىيىسكى ئارگېنتىنادىكى يەر ئاستى كومپارتىيە تەشكىلاتى ئۈچۈن گرانات ياساشقا كىرىشىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۆكتەبىردە ئۇنىڭ گرانات ياساۋاتقان سېخىدا بىر قېتىم كۈتۈلمىگەن پارتلاش يۈز بېرىپ ئۇ سول بىلىكى بىلەن بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. گىگورىۋىچ بۇ ھەقتە دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ساقچى تەرەپنىڭ تەكشۈرۈشى جەريانىدا، ۋىلىرىبىيىسكى بەكلا مەردانىلىق كۆرسەتكەن. ئۇ ئۆزى توقۇپ چىقىرىۋالغان بىر ھېكايىنى دەپ تۇرۇۋېلىپ ساقچىلارنىڭ ھەر قانداق بىر سوئالىغا جاۋاب بېرىشتە باشتىن ئاخىرى چىڭ تۇرۇۋالغان، يەنى ئۇ بۇ ۋەقەنى ئۆزىگە ئۆچ بولغان بىرسىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىدە بىر قۇتا ئىرىمچىك ئىچىگە بومبا قويۇپ يوللىغان دەپ تۇرۇۋالغان. شۇنداق قىلىپ 1945-يىلى ۋىلىرىبىسكى تۈرمىدىن ساق قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ھەمدە ئارگېنتىنا كومپارتىيىسىنىڭ يادىمى بىلەن، ئورگىۋايىغا قېچىپ ئوتىۋالىدۇ. ئۇ يەردە پارتىيە ھەل قىلىپ بەرگەن پېنسىيە پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. گەرچە بويىنىس ئايرىستىكى ئېلىپ بېرىلغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلىۋالسىمۇ، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى تۈزۈك بىرەر تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. 1944-يىلى ياز كۈنلىرىدە بۇ پارتلاش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا بولغان تۈتۈش بۇيرۇقى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، گرىگورىۋىچنىڭ ئىش ئىزلىرى ئائىلىدە يەنى مەركەزدە ئۇنى بۇزغۇنچى ۋە سۈيىقەست مۇتەخەسسىسى شەكلىدە نام چىقارتقۇزۇدۇ. ئۇرۇش دەۋرىدە ئارگېنتىنادا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، ئۇنى سوغۇق ئۇرۇشتا ئۇنى تاللاپ چىقىرىپ سوغۇق ئۇرۇشلاردىكى ئەڭ مۇھىم سۈيىقەست ۋەزىپىسىگە بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ياردەمچىسى بولغان ۋىلىبىرسكى بولسا بەدىنى ناكا بولغانلىقى سەۋەبىدىن كېرەكسىزلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىلىدۇ. 1946-يىلى ۋىلىبىرسكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچمەن بولۇپ بېرىشقا ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىلتىماسى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. 1955-يىلى ئىككىلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن

قايتا بىر قېتىم ئىلتىماس سۇنۇدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئوينىغان رولى ھەققىدە ھەممىنى ئاشكارىلىۋېتىشتىن قورققانمۇ قانداق، بۇ قېتىم سوۋېت دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىشىدۇ. ۋېلىرىبىسكى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بىلەن 1943-يىلى ئۇنى قايتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئورگىنى دۆلەتلىك بىخەتەرلىك كومىتتىتىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر قىسىم ياخشى ۋە ئاتاغلىق ئىش ئىزلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆزلەپ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى دۇنيائۇرۇشىدا بىر قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئەمەس بەلكى ئۇرۇشتا كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى 1939-يىلى يازدا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى بىلەن 1943-يىلى قايتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئورگىنى دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتى2-دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ھەقىقەتەنمۇ بەزى كۆرۈنەرلىك ئىپادىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەسلىيەلەيدىغىنى ئۇلارنىڭ 2- دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرلىرىدە پەقەتلا ئۇنىڭ ياردار بولغانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئەمەس. 1939-يىلى سىنتەبىردە پولشانىڭ شەرق تەرىپىدىكى زېمىنلارنى زورلاپ تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى 1940يىلى يازدا يەنە بالتىق دېڭىزىنىڭ بويلىرىدىكى ئۆلكىلەرنى ھەمدە مولداۋىيە رايونىدىكى بىر قانچە دۆلەتنىمۇ زولاپ ئۆز تېرتورىيىسى تەۋەسىگە قوشۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى دەرھال بۇ رايونلاردىكى قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەرنى يەنى «سىنىپى دۈشمەنلەرنى» تازىلاشقا ئاتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قورقۇتۇپ تەھدىت سېلىشتەك چارىلار بىلەن يەرلىك خەلقنى باش ئەگدۈرۈشكە ئۇرۇنۇدۇ. 1941-يىلى 25-ئىيول كۈنى، ھىتلېر سوۋېتلەر ئىيتتىپاقىغا زەربە بەرگەندىن كېيىنكى 3- كۈنى، ئىچكى ئىشلارخەلق كومىسسارلىقى قاچقۇن ئەسكەرلەر بىلەن دۈشمەن جاسۇسلىرىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خەت ئالاقىلارنىڭ راۋانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ھەمدە يېتىم قالغان ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن ئۇششاق نېمىس قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈشكە كىرىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. 1941-يىلى ئاۋغۇستتا نېمىس ئارمىيىسى پاراشوتچىلىرى قىياپىتىگە كىرىپ ياسانغان سوۋېت پاراشوتچىلىرى ۋولگا يېيىقىنىڭ نېمىس توپىسى ئاپتونۇم رايون يېزىلىرىغا تاخلاپ، ئۇ يېزىدىكى يوشۇرۇنغان «نېمىس ياردەمچى قىسىملىرىنى ساقلاۋاتقان قىياپەتتىكى يالغان نېمىس پاراشوتچىلىرىنى» يوشۇرۇشقا ۋە ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك ياردەم قىلىشقا زورلىغان. ئارقىدىن بۇ يېزىدىكى نېمىسلارنى بىرنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلايدۇ. ۋولگا رايونىدىكى قالغان نېمىسلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ سوۋېتكە سادىق بولۇش-بولماسلىقىغا قارىماي، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدىكىلەر بىراقلا سىبىرىيە ۋە قازاقىستاننىڭ شىمالىغا سۈرگۈن قىلىشۋەتكەن. بەكلا كۆپ قىسمى ئەنە شۇ سۈرگۈن يولىدا جان بېرىدۇ.

1943-يىلى قىزىل ئارمىيە قايتارما ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ قىسىملىرى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتكەن قوشۇنلارنىڭ كەينىدىن تازىلاپ مېڭىپ ، قالدۇق قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ئۇنسۇرلار بىلەن بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى تازىلاپ ماڭغان. 1943- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بېرىيا ستالىنغا خەت يېزىپ مەغرۇرلانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

1943-يىلى، قىزىل ئارمىيە ئاساسىي كۈچىنىڭ ئارقا سەپتىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مەسئۇل ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ بىخەتەرلىك قىسىملىرى دۈشمەن قولىدىن ئازات قىلىنغان رايونلارنى تازىلاش جەريانىدا، جەمئىي 80296 كىشىنى قولغا ئېلىپ سوراق قىلدۇق.

بۇلاردىن 80296 نەپىرى جاسۇس، خائىن، ئەسكەر قاچقۇنى، باندىت ياكى «جىنايەتچى ئۇنسۇر» دەپ «پاش قىلىندى»، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نۇغۇنى يالغان تۆھمەتكە قالغان، خاتا دېلولار ئىدى. بۇ كىشىلەردىن مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاساسەن قىلچىمۇ گۇمان قىلىنىدىغان يېرى يوق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلىدۇق.

ستالىن، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا بۇيرۇق بېرىپ ھەمدە

ئۇلار تەرىپىدىن خائىن دەپ قارالغان مىللەتلەردىن چېچەنلەر، ئىنگۇشلار، بالقارلار، قاراچايلار، قىرىم تاتارلىرى، قالمۇقلار، شۇنىڭدەك مەسكەت تۈركلىرى قاتارلىقلارنى قىرغىن قىلدۇرغان ئىدى. ستالىن تەرىپىدىن بۇيرۇق قىلىنغان «سۈرگۈن قىلىنىشىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىرىنى مۇكاپاتلاپ تەغدىلەش لازىم» دېگەن بۇيرۇقىغا جاۋاب بەرگىنىدە، بېرىيا مۇنداق دەيدۇ:

سىزنىڭ يوليورۇقىڭىزغا ئاساسەن، سىزگە شۇنداق دوكلاد بېرىمەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالى سوۋېت رەئىسىيەت بىيرۇسى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى، دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتى ۋە «ئاتاغلىق جاسۇسلانى» چېچەن ۋە ئىنگۇشلانىڭ سۈرگۈن قىلىنىش ھەرىكەتلىرىدىكى ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى تەغدىرلەش ۋە مۇكاپاش قارار لايىھىسىنى تەييارلىدۇق. يوقۇرقى 3 ئورگاندىن جەمئىي 19000كىشىنى يوقۇرقىدەك ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى، شۇنىڭدەك يەنە ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدىن بىر تۈمەن ئوفىتسېر بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق .......

بۇ قېتىم، ئۇرۇشتا تەغدىرلەنگەنلەر ئىچىدە ئىچكى ئىشلارخەلق كومىسسارىياتى بىلەن دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئەزالىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇلار دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلاچە جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن تەغدىرلەنگەن بولماستىن بەلكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى توساش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن مۇكاپات ئالغان ئىدى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە، شەرقى سەپتىكىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا قوشقان تۆھپىسى بەكلا ئاز ئىدى. 1942-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىنىدە، ناتسىستلار گېرمانىيىسى بېسىۋالغان ياۋروپا رايونىنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلىرىنىڭ ئاساسلىقىنى تەشكىللىنىشى بەكلا بوش بىر باش ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش تۈرى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن بولۇپ، بۇ تەشكىل بىلەن خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ خاراك ۋە شورۇس -بويىسىن گۇرۇپپىسىدىكىلەر مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن. ناتسىستلار

www.uyghurkitap.com

گېرمانىيىسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى ئورگانلىرى ئۇلارغا «قىزىل ئوركېستېر ئۆمىكى» دەپ ئات قويغان ئىدى، بۇ «ئوركېستېر ئۆمىكى» نىڭ «ئەزالىرى» موسكۋاغا مەخپى ئىستىخبارات دولقۇنى يوللايدىغان خادىملار بولۇپ، بۇ ئۆمەكنىڭ رىجىسسورى بولسا پولشادا تۇغۇلغان بىر يەھۇدىي ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى رىيوپولد تېرىپېر، ياسالما ئىسمى گېلپورت ئىدى. بۇ تەشكىلاتنى ئىچكى قىسىمدا «چوڭ ئاشپەز » دەپ ئاتاپ، بۇ ئۆمەكتە جەمئى ن نەپەر جاسۇس بار ئىدى: بولاردىن گېرمانىيىدە 48 نەپىرى، فرانسىيىدە 35 نەپىرى بىلگىيىدە 17 نەپىرى، شىۋىتسىيىدە بىر قىسمى جايلاشتۇرۇلغان ئىدى. 1942-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مۇزىكانتلارنىڭ بىر-بىرلەپ نېمىسلارنىڭ رادىئو دولقۇن تەكشۈرۈش ئاپاراتىغا چۈشۈپ قېلىشى بىلەن بۇ جاسۇسلۇق تورى پاش بولۇپ يىمىرىلىپ كېتىدۇ. 5-دىكابىر كۈنى ئەينى ۋاقىتدا ئىشغال قىلىنغان پارىژدا چىش دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللىنۇۋاتقان تېلىپېرمۇ قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇنى قولغا ئالغان نېمىس جاسۇسلۇققا قارشى ئەمەلدارى كېيىن ئەسلىگىنىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ پەيتتە تېلىپېر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپلا كېتىدۇ. ئەمما ئۇ پاتلا ئىنتايىن چىرايلىق بىر ئېغىز نېمىسچە سۆزلەيدۇ: «ھەقەتەن قاملاشتۇردۇڭلار.» شۇندىن كېيىن، پەقەت باش ئىستىخبارات بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ شىۋىتسارىيىدە قۇرغان يوشۇرۇن ئىستىخبارات پونكىتى گېرمانلارنىڭ ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ يوشۇرۇنۇشى بىلەن پائالىيىتىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇدۇ. بۇ ئىستىخبارات پونكىتى ساندول رادىئونىڭ رەھبەرلىكىدە، قولىدا بار 3 دانە ئاساسلىق رادىئو تارقاتقۇچى بىلەن ئاتىلىدۇ- «ئۈچ قىزىل» . بىر يىلدىن كېيىن، بۇ ئىستىخبارات پونكىتىمۇ شىۋىتسىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلىدۇ. گەرچە تېلىپېر بىلەن سادور ئىككىسى ئۇرۇشتىن كېيىن موسكۋادا 10 يىلغا قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «قىزىل ئوركېسترا ئۆمىكى» دەپ ئاتاپ ، ئۇلار تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلارنىڭ قىزىل ئارمىيىگە بەكلا زور ياردىمى تەگكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، تېلىفىر قولغا ئېلىنىپ ۋە ئۇنىڭ ئىستىخبارات تورى ئاساسەن پاش قىلىنىشتىن بۇرۇن،

ئۇلارنىڭ ئىستىخباراتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىستىخبارات تارماقلىرى بويىچە ھەربىي پائالىيەتلەردە تۈزۈك بىر رولى بولمىغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. 1941-يىلى سىنتەبىردە، سوۋېت ھەربىي ئىشلار ئىستىخبارات ئورۇنلىرى نېمىسلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىنى بىلىپ بولالمىغان ئىدى. نېمىس ئارمىيىسى تۇيۇقسىزلا ئەسكەرلىرىنى جەنۇبقا بۇراپ كىيېۋنى بىراقلا ئىشغال قىلغىنىدىن كېيىن، نېمىسلار ئارمىيىسىنىڭ يۆلىنىشىنى شىمالغا بۇراپ موسكۋاغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشىدىن كېيىن، بۇ ئىشمۇ سوۋېت ھەربىي ئىشلار ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان بولدى.

1942-يىلى مايدا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ خاركوۋنى قولدىن بېرىپ قويۇشىنىڭ بىر قىسىم سەۋەبى ئالى قۇماندانلىق باش شتابىنىڭ (ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇماندانلىق شتابى بىلەن ئالى قوماندانلىق بۆلۈمىنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىدىن ئوتتۇرغا چىققان بىر ئورگان) قارىشىچە گېرمانىيە ئارمىيىسى موسكۋاغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما بۇ يىل يازدا، گېرمان قوشۇنلىرى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ھۇجۇم باشلىشىمۇ ئالى قۇماندانلىق باش شتابىنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋەتكەن بىر ئىش بولۇدۇ. نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ستالىنگراد بىلەن كاپكازىيىگە ھۇجۇم قىلغىنىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى گېرمان ئارمىيىسىنىڭ ئەندى نەگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ھەر دائىمقىغا ئوخشاش بىلەلمىگەن ئىدى. 1942- يىلى نويابىر ئېيىدا، ستالىنگراد شەھىرىدە گېرمانىيە قوشۇنلىرى باشلىق ئوق مەركىزى قىسىملىرىدىن 85 مىڭدىن 90 مىڭغىچە ئادىمىنى قورشاۋغا ئېلىنىۋالغانلىقىنى ئويلىغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ سان بۇنىڭدىن 3 ھەسسە ئارتۇق ئىدى.

ستالىنگرادتا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئاساسلىق ئىشى لازىملىق ئىستىخباراتلارنى توپلاش ئەمەس بەلكى قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىدا قاتتىق ئىنتىزام يۈرگۈزۈش ئىدى. شۇڭا 13500 نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكىرى «مەغلۇبىيەتچىلىك ھېسسىياتىدا بولغانلىقى» ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا باشقا ھەربى ئىنتىزاملارغا خىلاپلىق قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئېتىپ تاشلانغان. ئۆلۈم جازاسى بېرىش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋەزىپىسىنى ھەر دائىم ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ زاپاس قىسىملىرىدىن بىر ئونلۇق ئەترەت ئىجرا قىلاتتى. ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمىغا كىيىملىرىڭلارنى سېلىپ قىپ يالىڭاچ بولۇڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىناتتى. سەۋەبى ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى باشقا ئەسكەرلەرگە پاسكىنا قىلىۋەتمەستىن كىيىش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلەتتى.

ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ پوچتا تەكشۈرۈش تارمىقىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتكەن خەت-چەكلىرىنى تەكشۈرەيتى. ئەگەر خەتلەر ئىچىدە ئادەتتىكىدىن باشقىچە ياكى سىياسىي جەھەتتە توغرى بولمىغان سۆزلەر ئۇچراپ قالغىدەكلا بولۇدىكەن، ئۇ خەت ئىگىسىنى خائىنلىق قىلماقچىلىقىنىڭ دەلىلى دەپ قارىشاتتى. بىر لېيتنانت مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «نېمىسلارنىڭ ئايروپىلانلىرى بەك يامان ئىكەن. ... بىزنىڭكىلەرنىڭ ئاۋاتسىيە قوغدىغۇچىلىرىمىز ئۇلارنى كامدىن كام ئۇرۇپ چۈشۈرەلەيدىكەن.» ، نەتىجىدە بۇ لېيتنانت خائىن قالپىقىنى كىيىپ قالغان. ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ، 1942-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پەقەت 62- توپ كورپۇستىلا نۇغۇن پارچە خەتتىن 12747پارچە خەتتە، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلايدىغان مەزمۇن بايقالغان. 1943-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ستالىنگراد ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدىلا گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيە قوماندانى جېنفىلىش پاۋلوس ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 22 نەپەر گېنىرال ۋە 940 مىڭ كىشىلىك قىسىم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغان. ئەمما ستالىنگرادتىكى بۇ ئۇلۇغ غالىبىيەت پۈتۈنلەي ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ «تۆھپىسى» ئارقىلىقلا قولغا كەلگەن ئەمەس، ستالىنگراد ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقى ئۇرۇش سېپىدىكى ھەربىي ئىشلار ئىستىخبارات خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن، بۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە تەمىنلىگەن زور مىقداردىكى رادىئو قۇرۇلمىلىرىنىڭ تۆھپىسىگە مەنسۇپ دېيىشكە بولۇدۇ. 1942-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئالى قوماندانلىق باش شتابىنىڭ بەرپا قىلغان ئالاھىدە

ۋەزىپىدىكى رادىئو ئۇرۇشى باتالىيونىنىڭ ھە بىر باتالىيوندا 18 بىلەن 20 دانىگە يېقىن سىگنال قوبۇللىغۇچ ئاپاراتى بىلەن 4 دانە يۆلۈنۈش بەلگىلىگۈچى ئاپاراتىنىڭ سەپلەنگەنلىكىدىن بولغان. نەتىجىدە، بىر نەپەر بۇنىڭدەك رادىئو ۋاكوئۇم لامپىلىق ئارخىپلار بىلەن ئۇچرىشالايدىغان سوۋېت تارىخشۇناسىنىڭ ئېيتىشىچە، «بۇ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ رادىئو ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ». گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىفىر ئانالىز قىلىش مۇتەخەسسىسلىرى ئېنىگما ۋە گ تىپلىق ئالى دەرىجىلىك شىفىرلەرنى يېشىشنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكىلىرىنى تېخى ئىگەللىيەلمىگەن بولسىمۇ، 1943-يىلى ستالىنگراد ئوپېراتسىيىدە گېرمانىيە شىفىرلىرىنى يېشىش مەشغۇلات خادىملىرىنىڭ خالماي تۇرۇپ قىلغان ياردىملىرىنى ئالغان بولسىمۇ، سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ يۆلۈنۈش بەلگىلەش تېخنىكىسى، ئالاقە ئانالىز قىلىش ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك قول كۈچى بىلەن شىفىر يېشىش جەھەتلەردە زور ئىلگىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. 1942-يىلدىن 1943-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇرۇكىلىن باغچىسىدىكى ئەنگلىيە تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئورۇنلىرىنىڭ جاسۇسلىرى ئارقىلىق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئورۇنلىرى ئەنگلىيە تەرەپنىڭ گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئېنىگما شىفىرلىق تېلېگراممىلىرىنى يېشىشنى ئىگەللىگەنلىكىنى، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايتتى.

بۇ يۆكسۈلۈشلەر 1943يىلى ياز كۈنلىرىدىكى يولغا قويغان كۇرسكى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە تولۇق نەتىجىسىنى كۆرۈدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە، قىزىل ئارمىيە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شەرقتىكى ئۇرۇش سەپلىرىدە قوزغىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىنى تارمار كەلتۈرەلىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە قولغا چۈشۈرگەن قىزىل ئارمىيە تەرەپنىڭ ئىستىخباراتلىرىدىن شۇنى بىلمەكتىكى، قىزىل ئارمىيەنىڭ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئەترەتلىرى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىدە قولغا چۈشۈرگەن قىزىل ئارمىيە تەرەپنىڭ

ئىستىخباراتلىرىدىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئەترەتلىرى گېرمانىيە ئارمىيىسى 6-، 7- ۋە 11-بىرروۋنىك دىۋىزىيىسىنىڭ ، 2-ۋە 3-بىرروۋنىك كورپۇسىنىڭ ھەمدە 2-توپ كورپۇسىنىڭ باش شتابى بىلەن باشقا قىسىملىرىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ چىققانلىقىغا قاراپ، بۇ ئىشنى بىلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقان. كورسكا ئوپېراتسىيىسىدىن بۇرۇن شۇنىڭدەك ئوپېراتسىيە جەريانىدا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ رازۋېتكىلىرىدىن، دائىرە جەھەتتىلا ئەمەس بىلىدىغانلىرىنىڭ بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا خېلىلا كېڭەيگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك دائىرە جەھەتتىمۇ تېخىمۇ ئۈتۈغلۇق بولغانلىقىنى سىزەلىگەن.

كورسك ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ غەلبىسى شەرقىي ئۇرۇش سېپىدا كەيىنى كەينىدىن يېڭىشىنىڭ يولى ئېچىلغان ئىدى. بۇ بىر قاتار غالىب چىقىشلار ئاقىبىتىدە 1945-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا مارشال ژۇكوۋ گېرمانىيىنى تەسلىم قىلىپ بېرلىنگە كىرىشىنىڭ يولىنى ئاچقان ئىدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرىدىن 4 ھەسسە كۈچلۈك ئەسكىرى كۈچ بىلەن غەرپ ئىتتىپاقداشلار ئەللىرىنىڭ تەمىنلىگەن زور مىقدادىكى قورالىغا ئېرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى قەدەممۇ-قەدەم ۋەزىيەتنى تېزگىنلەش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئىمكانىنى يارىتىدۇ. گەرچە بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بەكلا ئېغىر بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەندى ئۇلارنى توختۇتۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش يولىدا، قىزىل ئارمىيە بەزىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قوللۇنۇپ كېلىۋاتقان ئېنىگما تىپلىق شىفىر يېشىش ماشىنىسىنى، شىفىر جەدۋىلىنى ھەمدە مەشغۇلات خادىملىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈدۇ. بۇ شىفىرلەرنىڭ بەزىلىرى كۆندۈلۈك قوللىنىشچانلىقىنى بىرەر ئايغا ئۇزارتىپ لايىھىلەشكەن ئىكەن. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا، بۇ ئۇرۇش غەنىمىتى بولغان شىفىر يېشىش ماشىنىلىرى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپى شىفىر يېشىش ئانالىزچىلىرىغا ئېنىگما مەخپى ئۈچۈرلىرى بىلەنمۇ تەمىنلىگەن ئىدى، شۇنداقتىمۇ زادى قانچىلىك بۇ تۆردىكى شىفىرلەرنى يېشەلىگەنلىكى نامەلۇم.

گەرچە ستالىنگراد ئۇرۇش ئوپېراتسىيونىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات خىزمەتلىرىدە بەكلا زور ئىلگىرلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ شەرقىي ئۇرۇش فرونتىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىستىخباراتلارنىڭ سۈپىتى، بولۇپمۇ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئىستىخباراتى جەھەتتە، غەرپ ئىتتىپاقداشلار ئەللىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن گېرمانىيە ئىستىخباراتلىرىغا سېلىشتۇرۇلغىنىدا يەنىلا كۆپ ئاجىز دېيىشكە بولۇدۇ. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكىلىق رازۋېتكا قىلىش قوماندانلىق شتابلىرىغا بېرىلگەن ئىستىخباراتلارنى ئۇرۇش تارىخىدا سۈپىتى ئەڭ يوقۇرى دېيىشكە بولۇدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات جەھەتتىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ ئۇتۇقىنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئالغان بولماي، بەلكى ئۇنىڭ فاشىزىمغا قارشى ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئالغان بولماي، يەنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا قارىتىلغان ئىستىخباراتلاردۇر. 1936-يىلىدا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ۋە 1943-يىلى قايتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئورگىنى قىلىپ دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئالاھىدە روللارنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر يەنىلا ئۇلارنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى پاجىئەلىك ھەرىكەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باپ
# مانخاتتان پىلانى (ئا ق ش) ۋە قېتىشما تۇربىسى پىلانى (ئەنگلىيە)

## ــ ئاتوم بومبا ياساش پىلانى

ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى ئوتتۇرىسىدا كۆپ ۋاقىتلاردا، چەتئەل بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق ھەركەت نىشانى ئەنگلىيە بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى نىشانىسى دەل ئامېرىكا. ھەتتا 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق جاسۇسلۇق تورلىرى يەنىلا 4-ئىدارە (ھەربىي ئىستىخبارات ئىدارىسى، كېيىنچە باش ئىستىخبارات بىيروسىغا ئۆزگەرتىلگەن) بولۇپ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا مەسئۇل ئەمەس. 4-ئىدارىنىڭ جاسۇسلىرى ئىچىدە بىر تۈركۈم ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئىشلەيدىغان كۈچلۈك رەڭدار ئىدىيالىست ئادەملەرمۇ بار ئىدى، بەكلا غايىلىك ياشلاردىن مۇنۇلار بار ئىدى:

1936-يىلى دۆلەت ئىشلار مەھكىمىسىگە ئىشقا كىرگەن كىشى ئالجېر، شىسىۋە جۇلىيان. ئاۋستىرىيە مالىيە مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان خالىي، شۇنىڭدەك يەنە ھۆكۈمەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى گۇورگى شېرمان (خايتى بەلكىم ئۇنىڭ تەرىپىدىن جاسۇسلۇققا تونۇشتۇرۇلغان). ھەممە خۇددى كامبىرىجلىق «5نوچى»غا ئوخشاش، ۋاشىنگتوندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەر ئاستى خىزمەت قىلىۋاتقان، مەنمۇ فاشىزىم دولقۇنىغا چەكلىمە قويۇش ئۈچۈن ئۆزەمىنىڭ ئازغىنە بولسىمۇ تۆھپەمنى قوشۇپ يۈرگەن بىرىمەن. 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق ئىستىخبارات پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى 1934-يىلى قۇرۇلغان مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. بۇ ئىستىخبارات پونكىتىغا بۇرۇنقى بېرلىن ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ

باشلىقى بورىس بازاروۋ (پاۋلى نود) قوماندانلىق قىلاتتى. ئىساق ئابدۇللىۋىچ ئاخمەدوف (قويۇلغان ئىسمى ياك) — بۇ كىشى ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىلىق تاتارلاردىن — مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بازاروۋنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىدا ئىشلەيدىغان ئاۋستىرىيىلىك جاسۇسى ھىد ئىدى. ماشىن بازاروۋغا قارىتا بەكلا گۈزەل ئەسلىمىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە بازاروۋ ئۇ قىزنىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدا ئۇچراتقان ئەڭ قىزغىن مىجەزلىك بىرسى ئىدى. 1935-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غالىبىيىتىنىڭ خاتىرە كۈنىدە، بازاروۋ ئۇ قىزغا بىر دەستە 50 چېچەكلىك قىزىل ئەتىرگۈل سوغات قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، گۈل دەستىسىنىڭ كارتوچكىسىغا مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان ئىدى:

*بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بەكلا سۇنئىي ھالەتتە تۇرماقتا، شۇنداقتىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن، بۇنداق كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرىشىمىز شەرت. گەرچە بىز ھەر ۋاقىت ھېسسىياتىمىزنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ كېتەلمىسەكمۇ، بىز ھامىنى ئۆزئارا قەدىرلىشىدىغان ئۆم بىر كوللىكتىپمىز. سىزنى قاتتىق سېغىندىم.*

ماشىنىڭ تەسىراتىدا، ئەخمەتوۋ بىلەن بازاروۋ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېردىكى كىشىلەر بولسىمۇ، بازاروۋ تىپىك بىر «موسكۋا ماشىنا ئادىمى» تىپىدىكى بىرسى ئىدى. ئەسلىدە ئەخمەدوۋ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىكىدەك ئۇنچىۋالا جاھىل بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. ماشىنىڭ ئەخمەدوۋنىڭ ئامېرىكا كومپارتىيە رەھبىرى ئۇر پلوتىنىڭ جىيەنى ھېلىن راۋلى بىلەن قىزغىن مۇھەببەت ئىچىدە ئىدى. مەركەزمۇ ئۇلار ئىككىسىنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن ئىدى. بازاروۋ بىلەن ئەخمەدوۋ تەرەققى قىلدۇرغان جاسۇسلار ئىچىدە 3 نەپەر ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغانلار بار ئىدى. ئۇ ئۈچىسى مۇنۇلار ئىدى: ئىلىك، كېئى ۋە «19-نومۇر» ئىدى. بۇلاردىن سالاھىتىنى ئېنىق ئۇققىلى بولۇدۇغان بىردىن بىر ئادەم، شۇنىڭدەك يەنە بىر ئېھتىمالدا ھەممىدىن بەك مۇھىم بولغىنى، يەنە شۇ «19-نومۇر» لۇق لاۋرىنس دارگىن ئىدى، ئۇ كېيىنرەك لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ پونكىت

باشلىقى بولۇدۇ. ماشىنىنىڭ قارىشىچە، ھېد «بەكلا ئالدىراقسان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان شۇنىڭدەك يەنە بەكلا بىلىملىك بىر ياش ئىدى». ئۇنى تارتىپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى ئارچىر ئىدى. شىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى4- ئىدارىنىڭ جاسۇسۇسى قىلماقچى بولغان ئىدى. 1936-يىلىسى ئافرىلدا، بازارو مەركەزگە ئاچچىغلىنىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «جاھىل شىس» ئۇ داگىننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەۋرەپمۇ قويمايۋاتىدۇ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، موسكۋادىكى ئۈچۈق سوت ۋاقتىدا، داگىن ئەخمەتوۋغا مۇنداق دەيدۇ، ئەگەر سوۋېت ئىستىخبارات ئورۇنلىرى «ھەمكارلاشقان بولسا» ئۆزىمۇ تروتسكىچى بولۇپ پاش بولۇپ قالاتتى. ئەمما 1938-يىلى باھاردا، داگىن ئەخمەدوۋغا دۆلەت ئىشلار مەھكىمىسىدىكى ھۆججەتلەرنى بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى رەسمىگە تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن. مارتتا، داگىن دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. ئۇنىڭ يوشۇرۇن دوستى، 1938-يىلىدىن 1945- يىلى سۋامۇنا دۆلەت مۇئاۋىن مىنىستىرلىقىنى ئۈستىگە ئالۇدۇ. ۋېرسى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ. ئۇ ماركسىزمغا بەكلا ھەۋەس قىلىدىكەن، شۇنىڭدەك ئۇ سولچىلار بىلەن بۇ ئىش ھەققىدە مۇناسىۋەت قىلىشقىنىدا ئۇلار ئاگاھلاندۇرغان، گەرچە بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشلار ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش ھېساپلانسىمۇ، داگىن دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدىكى ئىستىقبالىنى خۇددى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەن تانارد مېكلايىنغا ئوخشاش بەكلا پارلاق دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارمۇ مايكىل سىستىلت (مەخپىي پارولاسى نوماد نەيجېر) نىڭ ئىستىقبالىدىن بەكلا ئۈمىدۋار ئىدى. مەركەزمۇ مايكېل سىستېلتتىن بەكلا ئۈمىدۋار ئىدى. بۇ يىگىت ياش ھەمدە قول ئىلكىدە بار بىر ئامېرىكىلىق ئىدى. 1937-يىلى، يەنى ئۇنىڭ كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ستېرت سوۋېت جاسۇسلۇقىغا تەربىيىلىنىش ئالدىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدۋارلىقىقا تولغان روھى، ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئائىلە مۇناسىۋېتىدىن كەلگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مەخپىي جاسۇس بولۇش ھەۋىسىدىن كەلگەن ئەمەس. ئامېرىكىغا

قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىش تەلىبى ئاق ساراي بىلەن فرانكىلىن ۋە ئەلىنوۋدا ئىشلەش بولۇدۇ. روزۋېلت بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن چاي ئۇستىلىدە ئولتۇرۇپ سۆزلۇشۇدۇ. روزۋېلت خانىمنىڭ ياردىمى ئاستىدا، 1958-يىلى باشلىرىدا، ئۇ دۆلەت ئىشلار مەھكىمىسىدە ئىش ھەققى بېرىلمەيدىغان بىر كىشىلىك ئىش تېپىۋالۇدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئەخمەتوۋنىڭ تېلېپونىنى تاپشۇرۇپ ئالۇدۇ. ئەخمەتوۋ ئۇنىڭغا «كامبىرىجدىكى دوستلار سېنىڭدىن ئەھۋال سورىدى». شۇنىڭدەك ئۇنى شۇ يەردىكى بىر رېستورانغا تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەخمەدوۋ ئۆزىنى «مايكىل گرېن» دەپ تونۇتۇدۇ. ئاندىن كېيىن ئېسىل كەچلىك تاماق بۇيرۇتۇدۇ. ئەخمەتوۋ تاماق يېيىشكە كىرىشكەن ۋاقىتىدا ستېرىد ئۇنى كۆزۈتۈشكە باشلايدۇ: ئەخمەدوۋ قارامتۇل كۆچلۈك بەدەنلىك بىرسى ئىدى، كالپۇكلىرى چوڭ، ئاغزىدىن كۆلكە ئۆكسىمەيدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ ئېنگلىزچىنى سۇدەك سۆزلەيتى، ھەركەتلىرى بەكلا يېقىملىق ۋە تەبىئى ئىدى. قارىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقانلىقىدىن بەكلا مەمنۇندەك كۆرۈنەتتى. ئەخمەدوۋغا گويا ستېلت بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مەخپى ھۆججەتلەرگە يېقىنلىشالايدىغانلىقى ھەققىدە ماقۇللۇق بەرگەندەك كۆرۈنەتتى. شۇنىڭدەك بۇ ئىشنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىقتا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرگەندەك قىلاتتى. بۇ سودىنى كېلىشىشتىن ئاۋال، ئۇ خەلقارالىق مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ستېرىتقا ئاددى بىر دەرس بېرىپ ئۆتۈدۇ. ستېرىتمۇ قايمۇققاندەك كۆرۈنەتتى.

گەرچە ستېرىت ئۆزىنىڭ « سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئامېرىكىغا سىزدۇرۇلغان بىر جاسۇس بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك كۆرۈنەتتى.» شۇنداقتىمۇ ستېرىت ئەخمودوۋغا بۇ ھەقتە بىر نېمە دېمەيدۇ. بۇ ئىككى كىشى خۇددى «كونا دوستلاردەك، خوشال خوشلۇشۇپ ئايرىلىدۇ»، ستېرىت كۆرۈشۈشنى بۇندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ ماقۇللۇق بېرىدۇ. ياۋروپا ئۇرۇشىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، مەركەزمۇ ئامېرىكىغا بارغانسېرى قىزىقىشقا باشلىغان ئىدى. 1983-يىلى، سوۋېت ئىچكى ئىشلار كومىسارىياتى 4- ئىدارىسىدا ئاساسلىقى خۇيتەكنى ئالاقچى قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

بولۇدۇ. ھەم بۇسىنىڭ ساتقۇنلۇق قىلغانلىقىدەك بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ 4-ئىدارە مەسئۇل بولۇۋاتقان كۆپ قىسىم ئامېرىكىدىكى ھەربىي ئىشلار جاسۇسلۇقىنى ئۆتكۈزۈپ ئالۇدۇ. ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نوقتا شۇكى، ئارجېر شېس بۇ ئۆتكۈزۈۋېلىنغانلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئەمما باشقا رايونلارنىڭكىدەك، پېيىغا چۈشۈش جەريانىدا خىيالىغا كەلگىنى «خەلق دۈشمىنى» دېگەن بۇ سىياسىي دولقۇن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ 1938-يىلىدىن 1939-يىلىغىچە بولغان ئامېرىكىدىكى ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئىدى. نيۇ يوركتا ئاشكارە شەكىلدە ئىستىخبارات پونكىتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىۋان ئاندرېيېۋىچ موروزوۋ (پارولا ئىسمى يۇزا1. ۋە گېبل ئىدى) ئۆزىنىڭ مەركەزگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى پېتر داۋۇدوۋىچنى شىكايەت قىلىدۇ. گۇدنېيت (پارولا ئىسمى نىكولاي) ۋە ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئىشداشلىرىنى يوشۇرۇنىۋالغان تروتسكىچىلار دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. 1938-يىلى، ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى گۇتنېيت بىلەن مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بازاروۋلارنىمۇ قايتۇرۇپ كېتىپ ئېتىپ تاشلايدۇ. بادالوۋىچ ئۇۋاگىمىران (پارولا ئىسمى گېناجى) نىڭ قىلغان ئەرزى ئۇنىڭچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. ئەكسىنچە ئۇنىڭ ئۆزىنى 1939-يىلى موسكۋاغا چاقىرتىپ كېتىشكە سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ. بازاروۋنىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىسى ئىساق ئاخمەدوۋ بازاروۋنىڭ ئورنىغا مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىغا باشلىق بولۇدۇ. شۇنىدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكىدىكى كۆپ قىسىم سىياسىي ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى باشتىن ئاخىرى قولىدا تۇتۇپ كېلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىغىچە، مەركەز بۇ 8 نەپەر جاسۇسقا ئالاھىدە ئۈمىد باغلايدۇ. مىتروخىن ئۇلارنىڭ قويغان پارول ئىسىملىرىنى خاتىرىلىۋالغان ئىدى: ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغىنى لاۋرىنس. تاگىن (پارول بەلگىسى 19-نومۇر بولۇپ، كېيىنچە فرانكقا ئۆزگەرتىلگەن)، مايكېل ستېرېت (بېرىلگەن پارول نامى نەجىر)، ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى ۋېلھېلىم دودىنىڭ قىزى،

مىليونېر ئارفىلىد كوفمان ستېئىن (ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى) نىڭ ئايالى ماشا دودستېئىن (بېرىلگەن پارول ئىسمى رىشا)، ماشانىڭ ئىنىسى، بۈرۈنقى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نامىدا پارلامېنت داھىسى كىچىك ۋېلھېلم پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىشىپ قازىنالمايدۇ. ئەمما يەنىلا سىياسى جەھەتتىكى نىيىتىدىن قايتمىغان كىچىك ۋېلھېلىم دود (پارولى پىرىزدېنت)، مالىيە مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان خالى دېكىستېر خۇۋەيت (پارولى كاشىر بولۇپ كېيىن يۈرى سېت بولغان)؛ قانۇن پالاتاسىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان موررىس دەپ نام بېرىلگەن جاسۇس (بىر ئېھتىمالدا جون ئابىت، خولىۋوود كىنو ئىشلىگۈچى، ئىلگىرى لاۋرېل خاربۇت)، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىدە پارولى موررىس، ئىلگىرى لاۋرىل خاد ئاساسلىق رولچى ۋە رېژىسسور، ئىلگىرى لاۋرىر ۋە خادتا ئاساسلىق رول ئالغان «ئۇچار شەيتان» شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تاماشىبىنلار رېكورتىنى ياراتقان كىنوسى بار بورىس مورس (پارولاسى فروست)، ئاتاغلىق ئوبزورچى ئورت لىپماننىڭ كاتىپلىقىدا، مەخپى كوممۇنىست مارىئورف (پارولىسى جىدە ۋە دېل)، شۇنىڭدەك بالتىمورلار ئائىلىسى قىياپەت زالىنىڭ غوجايىنى ھېنرىگ (پارولاسى ساھىپخان). ئۇ 1939-يىلى ئاۋغۇستتا، ئەنگلىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئوخشاش، سوۋېت-گېرمانىيە تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسى ئىستىخبارات خىزمىتىمۇ يەڭگىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇدەپ قارايدۇ. لوۋرېنس دارگىن نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەخمەدوف بىلەن ئالاقىسىنى توختىتىۋېتىدۇ. مايكىل ستېرىت قاتارلىقلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يەرىپىدىن ئېغىر گۇمانلىنىشقا ئۇچرايدۇ. ئۇ بىردە، ۋاشىنگتوندىكى فىدىراتىف پويىز ئىستانسىسىنىڭ پەس تەرىپىدىكى بىر رېستۇراندا كۆرۈشىدىغان ۋاقتىدا ئەخمەتوۋ ستېرىسقا مۇنداق دەپ ۋەدە بېرىدۇ:«ئۇلۇغ كۈنلەر كېلەي دېدى. ئەخمەتوۋ يەنە دەيدۇكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنقىلاپمۇ گېرمانىيە بىلەن فرانسىيىدە يانغۇنغا ئوخشاش يېيىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما ستېرىت بۇ گەپلەردىن قىلچە تەسىرلەنمەيدۇ، شۇنىڭدەك بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشۈشلەرگە قېتىلمايدۇ. يوقۇرقى ئىككىسىدىن باشقا يەنە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بەزى كىشىلەر ھېچ بولمىغاندا ۋاقىتىنچە بولسىمۇ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويىدۇ. سىتېلىستى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەخمەتوۋ موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى بىلەن خەلق ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ ئامېرىكىدىكى خىزمەتلىرى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇلدى. موسكۋادا بولسا، بېرىيا ئەخمەدوۋ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنى «خەلق دۈشمەنلىرى» بىلەن سۈيىقەستچىلىك مۇناسىۋەت قىلىشتى دەيدۇ. ئەمما نېمە سەۋەپ بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس،بۇ قارىلاشقا ھېچ كىم پەرۋا قىلمايدۇ. ئەخمەدوۋمۇ خەلق ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ زاپاس قىسمىغا يۆتكىۋېتىلىدۇ. شۇندىن كېيىنكى 2 يىل ئىچىدە ئۇ بەربىر گۇماندار بولىۋەردى. ئۇنىڭ ھەر دېگەن گېپى بىلەن قىلغان ھەر ئىشى ئومۇمي يۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئەخمەتوۋ چاقىرتىلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئامىرىكىدىكى خىزمەتلىرى باش ئەلچىخانىدىكى بىرىنچى قېتىملىق يۆتكىلىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانا ئىچىدىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتى ئورنىدا بولىدۇ. بۇ ئىستىخبارات پونكىتى كېيىنكى دەۋرلەردىكى فىدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى «كونا سۈيىقەستچى ھېساپلىنىدىغان ئامېرىكىلىقلار» دىن گېپىك ئوۋاجىمىياك رەھبەرلىك قىلاتتى. ئوۋاجىمىياك ئۆزىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق ئىشلەش شارائىتىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، مەركەز يەنە ئۇنىڭدىن مېكسىكىدىكى تروتسكىغا سۈيىقەست قىلىشتەك مۇرەككەپ تەييارلىق ئىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇلار قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق چارچىتىۋېتىدۇ، بۇنداق تەلەپلەر بەزىدە ئوۋاجىمىياكنى كۆنگە ئون نەچچە جاسۇس بىلەن كۆرۈشۈشكە مەجبۇرلىنىپ ئۆيىگە قايتقىنىدىن كېيىن چارچاپ پەقەتلا ھالى قالمايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆتۈقى سىياسىي ئىستىخبارات جەھەتتە ئەمەس بەلكى پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى يىغىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئوۋاجىمىياك موسكۋادا ئالىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتىدا تەبئىي پەنلەر بويىچە دوكتورلۇقتا ئېرىشكەن ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە 1933-يىلىدىن تارتىپ،

ئامېرىكا سوۋېت سودا شىركىتىنىڭ ئېنجېنېرى دېگەن سالاھىيەتكە پۈركىنىپ ئىستىخبارات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇنداق ئەھۋال چەتئەل بۆلۈمىدە بەكلا كام كۆرۈلىدىغان بىر ئەھۋال ئىدى. 1940-يىلى، تەرەققى قىلدۇرۇشقا بولىدىغاب جاسۇس نامزاتلىرىنى تېپىش ئۈچۈن، ئۇ نيۇ يوركتىكى بىر خىمىيە ئىنىستىتۇتىدا دوكتورلۇق دەرسىنى ئوقىغان ئىدى. ئوۋاجىمىياڭ ئامېرىكىدا پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى توپلايدىغان ئەڭ چوڭ يۇشۇرۇن كۆچكە ئىگەبىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 1939-يىلى بىر يىل ئىچىدىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلارخەلق كومىسسارىياتى ئامېرىكىدىن 18000بەتلىك تېخنىكىلىق ماتېرىيال قولغا چۈشۈردۇ، 397 يۈرۈش لايىھە ۋە 54 خىل يېڭى يېخنىكا ئەۋرىشكىسى قولغا كەلتۈرۈلەيدۇ.

ئوۋاكىميان ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش نىقابى ئاستىدا چەتئەل تېخنىكا ئەمەلدارلىرىنى ئامېرىكا ماسسا چۇستس تېخنىكا ئىنىستىتۇتىغا بىرىنچى قېتىم ئادەم كىرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. 1948-يىلى، بىرىنچى قېتىملىق ئۆزئارا ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇشتا ماركوۋېچ (كود ئىسمى تۆېل) بۇ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن تۇنجى بولۇپ كىرىپ كېلىدۇ.

ئۇ كېيىنكى ئىككى يىلدا پەن-تېخنىكا ساھەسىدە مۇناسىۋەت باغلىغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالىدۇ. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى توپلاش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچى بولۇپ قالىدۇ. 1940-يىلى، ئۇنىڭ نىقابلانغان ئىشى، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى سودا شىركىتىنىڭ ئېنجېنېرىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. «كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكىنىدە، ئۇنىڭ دۇمباق چوڭ كۆزلىرى خۇددى يۇمىلاق ئانتىناغا ئوخشاش توختىماي ھەركەتلىنىپ ئويناپ تۇراتتى»، ئۇنىڭ بۇ تەرىپى نيۇ يورك ئىستىخبارات پونكىتىدىكى بىر ئىشدېشىمىزغا قاتتىق تەسىر قالدۇغان. 1941-يىلى ئافرىل ئېيىدا، ئىچكى ئىشلا خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات توپىدىكىلەردە 221 نەپەر جاسۇس كېڭەيتىش دەرىجىسىگە كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە 49 نەپە كىشى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىدا «ئېنجېنېر»

www.uyghurkitap.com

دەپ قارالغانلار (بۇ ئۇقۇم بىر ھېساپتا دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك «ئالىم» دېگەننى بىلدۈرەتتى). يەنە شۇ ئايلاردا، مەركەز تۇنجى قېتىم مۇھىم ھېساپلانغان ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا مەخسۇس پەن تېخنىكىلىق ئىستىخباراتلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ئورۇنلارنى بەرپا قىلغان (كېيىن بۇ ئورۇن ئېكس نۇرى دەپ ئاتالغان)، پەن تېخنىكا ئىستىخبارات ئىشلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى.

چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىلىرىنىڭ دائىرىلەرچە تارىخى خاتىلىرىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، بەكلا كۆپ جاسۇسنىڭ ئۇۋاگىمىيانغا يېقىنلاشقانلىرىدا ئۇلارنىڭ سەزگۈرلىكىنى نەقەدەر بوشاشتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن. 1941-يىلى ماي ئېيىدا،ياسالما ئىسمى ئوكتان OCTANEبولغان جاسۇس ھۆججەت تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ف ب ئى نىڭ نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن بۇ ئەھۋاللارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. تۇتۇپ تۇرۇلۇپ ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇنى قويغۇزۋەتكەن. شۇنىڭدەك ئىيۇن ئېيىدا ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسات قىلىنغان. ئەگەر روزۋېلت ھۆكۈمىتىنىڭ بىخەتەرلىك سىستېمىسى ئۇنچىۋالا بوشاڭ بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئىستىخبارات ئوغۇرلاش پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىلىشىمۇ ھەرگىز ئۇۋاكىميان Ovakimyan نىڭ قولغا ئېلىنىشىدەك ئۇنچىۋالا ئاسان بولماس ئىدى. 1939-يىلى 2-سېنتەبىر كۈنى، ئۇرۇش ياۋروپادا پارتىلىغانلىقىدىن 2 كۈن ئۆتكەندە، خۇيتەك چەن بوس ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا قانات يايدۇرغان جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ سانىنى ياردەمچى پىرىزدېنت، روزۋېلتنىڭ دۆلەت ئىچكى ئىشلار بىخەتەرلىك ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئادولف بېرلې تولۇق دوكلات قىلغان بولاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بېرلى دەرھال پىرىزدېنت ئۈچۈن بىر نۇسخا مېمراندۇم تېزىسىنى يېزىپ تەييارلايدۇ، بۇ دوكلادتi ئالگېر ھېس، خارري دېكستېرHarry Dexter نى ئاتاپ كۆرسەتكەن. خارري بىلەن باشقا بىر قىسىم مۇھىم سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى

(چىئەن بۇسمۇ بۇرۇن بۇلارغا ئالاقچىلىق قىلىپ بەرگەن ئىدى) لىرىنىڭ ئىسمىنى كۆرسەتكەن بولاتتى. بۇ تىزىملىكتە يەنە پرېزدېنتنىڭ بىر نەپەر مۇھىم ياردەمچىسىمۇ بار ئىدى، توكىلىن خېرر (بېرري ئۇنىڭ ئىسمىنى خاتا قىلىپ توكۋود خېرلىي قىلىپ يېزىۋالغان) ئەمما روزۋېلىت بۇنىڭ بىلەن چاتىقى يوق ئىدى. قارىغاندا، روزۋېلىتنىڭ قارىشىچە هۆكۈمىتى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى ھەققىدىكى گۇمانلارنى قۇرۇق تۆھمەت دەپ قارىسا كېرەك. خۇددى شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى، بېررىمۇ دوكلاتىنى تاختى بېشىغا ئېلىپ قويىدۇ. ئۇ ھەتتا دوكلاتىدىن بىرەر نۇسخىسىنىمۇ ف ب ئى غا سۇنمىغان. تا 1943-يىلى،ف ب ئى ئۇنىڭدىن دوكلادنى سورىغىنىدىلا ئاندىن چىقىرىپ بەرگەن. 1941-يىلى دېكابىردا،ياپونىيە پېرل خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، گېرمانىيە ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغىنىدىلا ۋاسىلى زاروبىن (يالغان ئىسمى زۇبىلىن؛ بەلگىسى ماكسىم) نيۇ يوركتىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئاتىلىدۇ. ستالىن ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە بۇرۇندىن تارتىپلا ئىشەنمەيتتى. شۇنىڭدەك ئۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىرادىسىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. زاروبىن ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، ستالىن زاروبىننى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا سىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپەڭ روزۋېلىتنىڭ «ئامېرىكا رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھىتلېر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى بىلەن ئايرىم ئىمزالاشقان تېنچلىق كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلىپ كېلىشتىن ئىبارەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نيۇيوركتا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قانۇنلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان زاروبىن بىرلا ۋاقىتتا ۋاشىنگتون، سانفرانسىسكو ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ خىزمىتىگىمۇ بىرگە مەسئۇل بولۇش.

پاكىتلار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى (گەرچە بۇ پاكىتلار ھەممىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلمىسىمۇ)، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا بەكلا قىزىقاتتى. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر پارچە ئاددىي ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ خاتىرىلىرى ئۇرۇش دەۋرىدىكى زارۇبىننىڭ نىيۇيوركتىكى (كېيىن ۋاشىنگتوندىكى) ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەرقانداق بىر قۇسۇرى بولمىغان، ئۆتۈغلۇق ئۆلگىلىرىنى تەسۋىرلىگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان مىجەزى ۋە مۇۋاپىق بولمىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشلىرىنى دەرھال ئىستىخبارات پونكىتىدىكى كېلىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشلىرى زارۇبىننىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان ئىستىخبارات خادىملىرى (مىيلى ئۇنىڭ ئايالى يېلىزاۋېتا يۇلىيېۋنا زاروبىنىۋانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) نىڭ ياخشى كورىدىغان نەرسىلىرى بىلەن بۇرۇن ئىستىخبارات پونكىتىدا خىزمەت قىلغان باشقا ئەمەلدارلار قىلچە يوشۇرمايلا ئاشكارە قارىشى چىقاتتى، بۇرۇن ئۇنىڭ تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغان ئىككى نەپەر ئىستىخباراتچى بولغان، ئۇلارنىڭ بىرسى ۋاسىلى دېمىتىرېيوۋىچ مىرونوۋ بىلەن ۋاسىلى دمىترىيېۋىچ مىرونوۋ ئىدى. يەنە بىرسى ۋاسىيلى گېورگىيېۋىچ دوروگوۋ دەسلەپتە ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن زېرىكىپ مەركەزگە دوكلات قىلغان ئىدى: «بۇ ئادەم بەكلا قوپال، سالاھىيەتسىز،ئاغزىنى ئاچقان ھامان ئارقا كوچىلارنىڭ تىلىدا قوپال گەپ قىلىپ چۇشىدىكەن. ئىشىغىمۇ بەك دىققەت قىلمايدىكەن. ئەتىدى كەچكىچە تۈزۈك ئىش قىلمايدىكەن»، شۇڭا مەن بۇ ئادەمنى ماڭا خوشياقمايدىغان ئايالى بىلەن قوشۇپ موسكۋاغا قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىمەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئىستىخبارات پونكىتىدا ئىچكى جېدەللەر پەقەتلا تۈگىمەيدۇ.

زارۇبىننىڭ جاسۇس كېڭەيتىش تاكتىكىسى بەكلا ئاددىي ھەمدە بەكلا تۈز ئىدى. ئۇ ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمەت دائىرىسىدە ئىشلەيدىغان، جاسۇسلۇق قىلىشقا ئۈيغۇن كېلىدىغان كومپارتىيىنى ھىمايە قىلىدىغان شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلا بىرسى بولسا بولۇۋېرىدۇ دەپ تەلەپ قويۇدۇ. زارۇبىن نيۇيوركقا يېتىپ بارغىنىدا ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ

رەھبىرى بولغان كىشى ئور پىلوت (ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئات رولچى) ئىدى، ئۇ سوۋېتكە كىرىپ چىقىشى بەكلا كۆپ بولغاچقا ئىشلەتكەن يالغان ۋىزىسى يەنە شۇ جازا كېسىلگەن ۋاقتىدىكى ۋىزا ئىدى. شۇڭا، زارۇبىن نىڭ تۇنجى كۆرگەن ئامېرىكىلىقى ئامېرىكا كومپارتىيە رەھبىرى يۈگىن دانىس ئىدى. (تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى ئىسمى ئارانسىسكو ئوردىلون بولۇپ، لەقىمى رۇيىئەن ئىدى). بۇ كىشى موسكۋادا مەشىق قىلدۇرۇلغان كومىنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ بىر جاسۇسى ئىدى. كېيىن ئۇ پلوتنىڭ ئورنىغا ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ ئالماشقان. دانىس دوكلات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بەزى كومىنىستلار (ئاساسلىقى يوشۇرۇن كومىنىست پارتىيە ئەزالىرى) ئامال قىلىپ ئامېرىكىدىكى بىرىنچى كەسىپى تاشقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا ئىستىخبارات تەگشەش ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىشنىڭ خىيالىدا ئىدى. 1942-يىلى ئېيلۇلدا بۇ ئورگان قايتا تەشكىللىنىپ ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇ ئورگان قۇرۇلۇشتىن سەل ئاۋال، پلوت تۈرمىدىن چىقىپ ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى قايتا ئۈستىگە ئالىدۇ. نانىش موسكۋاغا دوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ روھى ھالىتى بەكلا ياخشى». دېنكىن ساپولىن لى (بەلگىسى كېك) تۇنجى قېتىم ئىستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىدىن بىرى ئىدى، شۇنىڭدەك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى «ساراڭ بىل» گېنېرال دونوۋەننىڭ ياردەمچىسى بولىدۇ. دونوۋەن كومىنىستلارنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدارىسىغا قوبۇل قىلىنىشىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن يول قويىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ، «ئەگەر بۇنداق قىلىشىم ھىتلېرنى يېڭىپ چىقىشىمىزغا ياردىمىلا بولىدىكەن مەن ستالىنىنىمۇ ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىغا قوبۇل قىلغان بولاتتىم.» ئىككىنچىي دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنى چوقۇم بىلىدۇ. پلوتنىنىڭ جاسۇس تەرەقى قىلدۇرۇش ئوبىكتىۋىغا يەنە بىر قىسىم چەتئەللىك كومپارتىيىلىكلەرمۇ ھەمدە ئامېرىكىدا سىبغىنىشىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن چەتئەللىكلەرمۇ كىرەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغانلار قاتارىغا فرانسىيىلىك ئاكتىپ پائالىيەت قىلغۇچى سىياسەتچى پىيېر كېتتىمۇ كىرەتتى. بۇ كىشى ئۇرۇشتىن ئاۋال قىسقا ۋاقىتلىقىقا بولسىمۇ فرانسىيە 3-جۇمھۇرىيىتىنىڭ 6-نۆۋەتلىك ئاۋىياتسىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، ئىككى قېتىم سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن بىرسى ئىدى. ئۇ بەلكىم 30-يىللاردا ئىچكى ئىشلار خەلق كومسارىياتىنىڭ جاسۇسلۇقىغا كېڭەيتىلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات خادىملىرىنى تازىلاشتىن كېيىنكى ئۇ دەۋرلەردىكى قالايمىقانلىق كۆلەردە مەركەز بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرتنامە ئىمزالىشىدىن ئۇلارنى ئەيىپلەيدۇ. ئۇ يەنە 1940-يىلى فرانسىيە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئەركىن فرانسىيە ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى گېنېرال چارلىز دېگولنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ، كېت ئامېرىكىغا كېلىپ بىر قانچە يىل ياشايدۇ. نويابىردا، پلوتى موسكۋاغا دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«كېتى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىكىنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار تاپشۇرغان ھەرقانداق بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭدەك يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى قاراشلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىدىغانلىقىغا تەييار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈردى. «بىر ئېھتىمالدا كېتى نيۇيوركقا يىپىپ كەلگىنىدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، زارۇبىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەدەپسىز قىلىقلىرىنىمۇ تاشلاپ، كېتنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن جاسۇسلۇق بىلەن شوغۇللىنىشقا ئۈندەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ك گ ب نىڭ كېت ئۈچۈن تىكلىگەن ئارخىپلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، زارۇبىن بۇيرۇق چۈشىرىدىكەن، قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان ئۆزگۈرۈشىدىن ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بەرگەن بۇيرۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغانلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇساپىر بولغان فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ بىرەر رەھبىرىنىڭ تەستىقلىتىدىغانلىقىنى

بىلدۈردى. 1-ئىيۇل كۈنى، زارۇبىن مەركەزگە دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ «جاسۇس پېپېر كېتنى رەسمىي تۈردە ئىسمىزگە سالدۇق.» ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىسىم دەيدالۇس بولدى. 1944-يىلى، كېتى موسكۋاغا ئەۋەتىلىپ دې گولنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە 3 ئاي سۈرىدىغان بىر ۋەزىپە ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىدا چىقارغان خۇلاسە دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەركىنلەر كاپىتالىستىك ئەللەردە تەدرىجى يۇسۇندا ئېكسپىلاتسىيە قىلىنماقتا، ئەمما سوتسىيالىستىك جەمىيەتلەردە بولسا بارغانسىرى بېيىتىلماقتا.»

گەرچە مەركەز پلوتىنىڭ كېڭەيتكەن جاسۇسىنىڭ سۈپىتىگە قارىتا مۇنداق بىر تەسىراتقا ئىگە، ئەمما، زارۇبىنغا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ ئۇلارغا ئۇنچىۋالا بەك يۆلىنىۋالما:[177]

بىز كومپاتىيىدىن (پارتىيە ئەزالىرىغا دىمەكچى) پايدىلىنىشقا ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئىستىخبارات توپلاش ئىقتىدارىغا ..... ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەمچى بولىشىغا قارشى ئەمەسمىز. ئەمما بۇ كۈچلەرنى خىزمەتلەرنىڭ ئاساسى قىلىۋېلىشىمىز توغرا ئەمەس.

بىر ھېساپتا 1942-يىلى دېكابىردا زارۇبىن نىيۇيوركقا يېتىپ بېرىپ ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىغا باشلىق بولۇپ ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە، ئىسخاك ئەخمەلوف (كرىين ئۇ ژان ۋە ئاربۇت لەقىمىنى قوللانغان) دىن كېيىن نىيۇيوركقا قايتىدۇ، ئۇ يەردە ئىككى يىل ئاۋال مەركەز تەرىپىدىن مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنى ئەپكەس قىلىۋېتىش بۇيرۇقى بېرىلگەن ئىدى. گەرچە ئۇ بۇرۇن تۈركىيە ۋە كانادا پاسپورتىنى قوللانغان بولسىمۇ، بۇ قېتىم، ئۇ 1938- يىلى تاپقان يالغان ئامېرىكا پاسپورتىنى ئىشلىتىدۇ. گەرچە ئەخمەدوۋنىڭ ئايالى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ياردەمچىسى خەيلون رولا (سۇنئىي ئىسمى مادېلوڭ ئەيدا) ئەسلىدە پلوتىنىڭ نەۋرىسى، شۇنداقتىمۇ ئۇ زارۇبىنغا ئوخشاش پلوتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. 1942-يىلى مارت ئېيىدا، ئاخمەتوۋ ئەر خوتۇن ئىككىسى نىيۇيوركتىن بالتىمورغا كۆچۈپ كەلگەن (بۇ يەردە ۋاشىنگتوندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىغا تېخىمۇ ئاسان يېتەكچىلىك قىلىشقا بولاتتى). ئەخمەدوۋنىڭ بوۋىسى بۇ يەردە تېرىچىلىك قىلاتتى. شۇڭا ئەخمەتوۋمۇ يەنە

www.uyghurkitap.com

بىر ئەۋلاد كەسىپى بەلگىسى خوجاخۇن دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى بىلەن بىرلىشىپ بالتىموردا بىر تېرە كىيىم دۇكىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى يوشۇرماقچى بولىدۇ.

ئىلگىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئاۋال ئەخمەتوۋ تەرىپىدىن مەيكىل سىتېرت قايتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىشىدىن بەكلا كۈچلۈك ئۈمىد قىلغان ئىدى. 1942-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئەخمەتوۋ بىلەن ۋاشىنگتوندا ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكىنىدە، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرۇشۇشىنى رەت قىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتوۋ بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ ۋىدالاشقان ئىدى. قالغان كۆپ ساندىكى ئۇرۇشتىن ئاۋال بىلىشىدىغان جاسۇسلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەتوۋ تەرىپىدىن قايىل قىلىنىپ قايتىدىن ئىش بېشىغا كېلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە لاۋرىنس دېارگىن (فرانك) بىلەن خالى دېكست خايت (يۈرى سېت) مۇ بار ئىدى. روزۋېلتنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىدا (1941يىلىدىن 1945يىلىغىچە) مۇئاۋىن پىرىزدېنتلىككە تەيىنلەنگەن ھېنرىگ خۇۋارز كېيىن مۇنداق دەيدۇ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشى بولغان روزۋېلت 3-قېتىم ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئۆلۈپ تارتىپ قالسا، ئورنىغا مەن چىقىپ قالغىدەك بولسام، دارگىننى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قىلىشىم مۇمكىن. خۇۋەيتنى بولسا مالىيە مىنىستىرى قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، روزۋېلت تارىختىن بۇيانقى تۇنجى ئۇدا 4 قېتىم پرىزدېنتلىققا سايلانغان كىشى بولۇپ قالىدۇ. دېگەندەك ئۇ دەل شۇ 4-قېتىملىق ۋەزىپىگە چىققان ۋاقتىدا 3 ئاي پرىزدېنتلىك قىلغاندىن كېيىن 1945-يىلى يانۋاردا خېرلى ترومىن خۇۋالىنىڭ ئورنىغا چىقىپ مۇئاۋىن پرېزدېنت بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورگىنى ئاساسلىق غەرپ ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەت قارمىقىغا سۇقۇنۇپ كىرىشتەك ئەڭ شەرەپلىك ئۇتۇق قازىنىش پۇرسىتىدىن ئەنە شۇنداق مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ.[178] شۇنداقتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى روزۋېلت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ نازۇك بۆلۈمىگە سىڭىپ كىرىشتە يەنىلا ئالاھىدە ئۇتۇغلۇق دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەخمەتوۋنىڭ ۋاشىنگتوندىكى

جاسۇسلۇق توردا، نىسسىن-گېرىگورىشېرىفۇرماست (ئېلگىرى كېيىن بولۇپ پار ۋە پورت دەيدىغان ئىككى خىل ئىسىم قوللىنىدۇ. ئۇ رەھبەرلىكىدىكى جاسۇس گۇرۇپپىسىدا كادىرلىق قىلىدىغان يول سورىغۇچىدىن تەشكىل تاپقان بۇ كىچىك گۇرۇپپىدىكى بىر ئۇچۇم كومىنىست بىلەن ھۆكۈمەت ئورگىنىدا كادىرلىق قىلىدىغان بىر يولدىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان شېر فۇماست يېزا ئىگىلىك بىخەتەرلىك باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى ستاتىستىكچى، كېين ئەقتىسادى ئۇرۇش كومىتېتىغا يۆتكىلىپ ئۇ يەردىكى 1-باشقارمىدا ئىنتايى پارلاق نەتىجىلىك ئىشقا ئېرىشىپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ۋاشىنگتون ئورگانلىرىدا سىڭىپ كىرىشنىڭ يەنىلە ئالاھىدە ئۇتۇقلارغا ئېرىشىدۇ.

ئەخمەدوۋنىڭ ۋاشىنگتوندىكى جاسۇسلۇق توردا، نىيىسىن، گىرى گورىبېرفۇماست (ئىلگىرى كېيىن بولۇپ  پار ۋە پورپارت دەيدىغان ئىككى خىل پارولا قوللىنىدۇ.) رەھبەرلىكىدىكى جاسۇسلار گۇرۇپپىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگىن ئىستىخپاراتلار ئەڭ كۆپ بولىدۇ. بۇ گۇرۇپ كومىنىست ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا كادىرلىق قىلىدىغان بىر يولدىكى كىشىلەر ئەڭ كۆپ بولغان  كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. شېرفۇماست بولسا دېھقانچىلىق بىخەتەرلىك باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ستاتىستىكچىلىق قىلاتتى، كېيىن ۋاقتىنچە ئىقتىسادى ئۇرۇش كومىتېتىغا ئالمىشىپ چىقىدۇ. "گىرىك" شېرمىستىنىڭ باشتىن ئاخىرغىچى ساقلاپ كەلگەن ئىنقىلابى غايىسىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيتتى: "مېنىڭ ھاياتىم بەكلا چەكلىك ئەگەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسام كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بىرتۇرمۇش ئىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشتۇم دەپ ئۆلۈپ كېتىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن".

ئەخدوۋنىڭ قارىشىچە ، گەرچە شېرفۇماستىنىڭ ئېرىشكەن ئالاھىدە بىرەر ئۇسۇلدا بەلگىلىك بىر تەۋەككۈلچىلىكى بار بولغىنىدا، ئەمما، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەۋجۇت بولغان ئۇچۇرمەبەسى بەكلا كۆپ بولغاچقا، ئۇ بەكلا كۆپ ئىستىخباراتلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئادەتتىكى

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنستەرەكتۇرىنىڭ بىرلا جاسۇس ئىستىخبارات توپلىغىنىدىن كۆپ ئارتۇق توپلىيالايدۇ. بۇنداق قاراش بەلكىم توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، شىپرۇماست ئادەتتە ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئۇ خىلدىكى بىيروكرات شەكلىدىكى "كىلاسسىك ئۇسۇلى" نى بەك يارىتىپ كەتمەيتتى. گەرچە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر بىر جاسۇسنىڭ ئۆزى تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلارنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا نەگە كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن تەغدىردىمۇ، پۈتكۈل جاسۇسلۇق توردىكىلەرنىڭ ئەخمەدووۋنىڭ دېگىنىدەك "كومۇنىستلار بايرىقى ئاستىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى، شىپرۇماستىنىڭ جاسۇسلىرىنىڭ قارىشىچە ئۇلارئامېرىكا كومپارتىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئامېرىكا كومپارتىيىسى ئۆزلىرىنىڭ يولداشلىرى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقلىق يولداشلىرىغا ياردەم قىلىدۇ دەپ قارىشاتتى.

ئامانلىق خەتىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئەخمەتوۋ ئۆزى بىلەن شىپرۇماست ئىستىخبارات گورۇپپىسى ئوتتۇرسىدائىككى قات توساق قويىدۇ، بىرىنچى توساق ئىلىزابىت بېنتلى دەپ ئاتىلىدىغان (پارولاسى مېرنا، كېيىن يەنە تېخىمۇ نازاكەتلىك بولغان بىر تەخەللۇس قويىدۇ. "ياخشى قىز") دەيدىغان بىر ئالاقىچى. بېنتلى ۋاكۇن ئۇنىۋېرستىتىنى تۈگەتكەن بولۇپ، 1938-يىلى ، 30 ياشلىق بېنتلى ئامېرىكا كومپارتىيىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىغا خاتىمە بېرىشكە قايىل قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان قىلىنىدۇ. ھەر ئىككى ھەپتىدە، بېنتلى شىپرۇماتس[179] تەييارلىغان كۆچۈرۈپ مىكرو نىگاتىۋ لېنتىسى ھالىغا كەلتۈرۈپ تەييارلىغان مەخپى ھۆججەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ يۇڭ توقۇش سومكىسىغا سېلىۋالاتتى. ھەمدە ئۇ ھەرگىزمۇ ئەخمەتوۋ بىلەن بىۋاستە ئۇچراشماستىن ئەخمەتوۋنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىدىكى باشقا بىر جاسۇس ياقۇپ گلوس (پارولاسى "ئاۋاز") قا مەلۇمات بېرەتتى. ھەمدە شۇنىڭغا مىكرو لېنتىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان قىلىنىۋالغان ئىدى. بېنتلى ئۇ ئادەمنى دىمى دەپ ئاتايتتى. نيۇيوركتىكى بىر قېتىملىق قار شىۋىرغاندا. گروس ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئىنتىزام قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ بېنتلى

بىلەن بىر قېتىم مۇناسىۋەت قىلىشىۋالىدۇ. بىنتېلى بۇ ئىشتا قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئۇ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ بۇ قىلغان ئىشىنى: ئۇ ئۆزىنى ئاسماندا لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ، ۋە چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلغانلىقى دەيدۇ. گروس دېگەن بۇ كەسپى ئەخلاقى كامچىل كىشىنىڭ تەسىرىدە، بىنتېلى ھېسسىيات بىلەن جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنى بىلەن بىر-بىرسىنى قالايماقانلاشتۇرىۋېتىشكە باشلايدۇ.ئەمما مەركەز بۇنداق قىلىشىدىن بەكلا ئەنسىرىشىدۇ. ھەر روژدېستۋا بايرىمىدا، بۇ خانىم ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدىن كېلىدىغان پۇل شېر فۇماست گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالارغا بىر قىسىم ئۇنىڭ دىققەت بىلەن سوز

غاتلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋېسكىدىن تارتىپ ئايااللار كىيىمىگىچە نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئېرىشەلەيتتى. ئۇ خانىم كېيىن شۇ كۈنلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ دېگەن ئۆتكەن گۇزەل كۈنلەرنىڭ ئاجايىپ بىر ئەسلىمىدۇر. بۇ ئورگان ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىغىدا، بېرفۇلىچ بولسا ئۆزئىختىيارى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورنىغا ئىشلەپ بېرىدۇ. كۆپلىگەن ئامېرىلىقنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىۋاتقان ئامېرىكىلىقئوخشاش، ئەڭ دەسلەپتە ئۇچراشقان ئادىمىم ئور پلوتى، ئاندىن ئۇ گرۇسقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىستىخبارات ئئورگانلىرىنىڭ ئۆزئارائالماشتۇرىدىغان مەخپى .ىستىخبارات سانىنىڭ ھېساۋى يوق، شۇڭا، بېرفۇلىچ نىڭ قولى تەگكەن ئىستىخباراتلارمۇ ئاجايىپ مول.

ئەخمەتوۋنىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى نيۇيوركتىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتى ئالماشتۇرۇشتىن كېيىن مەركەزگە تاپشۇرىلىدىغان مىكرو نىگاتىۋغالتىگىنىڭ سانىمۇ بىر يىلدا 3كە قاتلاندى. 1942-يىلقى 59 غالتەكتىن 1943-يىلىدىكى 211 غالتەككە ئارتتى.شۇنىڭغا قارىماي، زاروبىنىنىڭ قارىشىچە [180] ئەخمەتوۋ يەنىلا ئامېرىكا كومپارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلىشىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. ھەمدە شېرفۇماست

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گورۇپپىسىنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلىنى ئۈنۈمى تۆۋەن ۋە مۇرەككەپ دەپ رەت قىلىۋېتىدۇ.زاروبىن رەجىگەن ھالدا ئەخمەتوۋنىڭ ئىستىلى بەكلا مۇتەئەسسىپ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، ئەخمەتونىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە دېيىلگىنىدە ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ باھا ھەقىقەتەنمۇ توغرا باھا ئىدى. زاروبىن ئەخمەتوۋنىڭ ئايالى ھېلىن لاۋراغا بولغان باھا ئېرىگە قارىغاندا كۆپ يۇقۇرى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئەخمەتونىڭ ئايالى ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ جانلىق، ئىشش بېجىرىشىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. كىچىكىدىن تارتىپلا ئامېرىكىدا تەربىيە كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئايال سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشتا ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشتە كۆپ ياخشى.

شۇنداق قىلىپ، ستالىن ئىگەللىگەن ئامېرىكىنىڭ ئىستىخباراتلىرى روزۋېلتنىڭ ئىگەللىگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخباراتلىرىن بەكلا كۆپ. مەركەز روزۋېلت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر بىر مۇھىم ئورۇنلىرىغا سىڭىپ كىرگىنىدە، ئامېرىكا ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىغا ئوخشاش، تېخىچىلا موسكۋاغا بىرەر جاسۇس كىرگۈزەلمىدى. 1943-يىلى نويابىردا، 3 چوڭ كاتتىباش تېھراندا يىغىن ئېچىشقا باشلىغىنىدا ـ بۇ ستالىن بىلەن رروزۋېلتنىڭ تۇنجى كۆرۈشىشى ئىدى.ـ ستالىن ئىستىخبارات جەھەتتە ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ سوھبەت جەريانىدا پۈتۈن چارىلىرىنى ئىشقا سالغانلىقى ئىدى، گەرچە كىشىلەر تا بۈگۈنگىچە يىغىنىدىن بۇرۇن، ستالىن زادى قايسى تۈرلۈك ئىستىخباراتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ. ئەمما شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدىكى، ستالىننىڭ ئىگەللىگەن ئىستىخباراتلىرى ئىنتايىن تولۇق. ئۇ چوقۇم روزۋېلتنىڭ تېھرانغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ بىلەن مۇتلەق تۈردە بىر كېلىشىمگە كېلەلەيدىغانلىقىغا قەتئى ئىشەنچ قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا چېرچىلنى رەنجىتىپ قويۇش ھېساۋىغا بولسىمۇ ماقۇل بولاتتى. روزۋېلت تېھرانغا كېلىشى ھامان نىيىتىنى ئاشكارلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ چېرچىل ئوتتۇرغا قويغان يىغىن

باشلىنىشتىن بۇرۇن ئەنگىلىيە ئامېرىكا ئىككىسى ئۆز ئالدىغا بىر كۆرىشىۋالايلى دەپ تەلەپ قىلغىنىدا روزۋېلت رەت قىلغان ئىدى. ئەمما بۇنى رەت قىلىنىدىغانلىقىنى چېرچىل پەقەتلا ئويلىمىغان ئىدى،ئەمما ستالىننىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قىلغان تەكلىپىنى (دەرۋەقە بۇنى بىخەتەرلىكنى باھانە قىلىپ ئۆتتۈنگەن ئىدى.) روزۋېلتنى ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسىدا ئەمەس بەلكى سوۋېت ۋەكىللەر ئۆمىگى ياتقان يەردە يېتىشىنى تۈۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىدۇ، قارىغاندا روزۋېلت ئۆزىنىڭ ياتقان يېرىدا دېيىشكەن ھەرقانداق بىر سۆزىنى سوۋېت جاسۇسلىرى تەرىپىدىن ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىۋېلىشىنى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەندەك قىلىدۇ. (بۇ ئەھۋالدىن ئەسلىدە ساقلىنىشقا بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى)، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. روزۋېلت يېقىنلىرى بىلەن ھەمدە بارلىق كىشىلەرنىڭ دېيىشكەن پۈتۈن سۆزلىرىنى لېنتىغا ئېلىۋېلىشىدۇ. ئاندىن بۇلارنى رەتلەپ ۋاقتىدا ستالىنغا دوكلاد قىلىپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن ستالىن شۈبھىسىزكى ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ستالىن يەنە روزۋېلتنىڭ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇش دەۋرلىرىدىكى ەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ھول خوپكىنس بىلەن .امېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كېدېر خېلىنۋەتەندە قويۇپ كە؛گەنلىكىدىنمۇ ئالاھىدە خۇشال بولۇپ كەتكەن. خوپكىنس ئەنگىلىيىكلەرگە بەكلا ئىشىنەتتى.ئۇنىڭ بۇ تەرىپى موسكۋادىكىلەرگە داڭلىق ئىدى.[181]

يىل بېشىدا، خوپكىنس يالغۇز يەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكىلەر زاروبىننى ئوغۇرلۇقچە تېلېفونىنى ئاڭلىۋېلىپ، (قارىغاندا خوپكىنس بۇ ئەلچىخانا خادىمىنى ئادەتتىكىچىلا بىر ئەلچىخانا خىزمەتچىسى دەپ تونۇسا كېرەك.) ئۇنىڭ ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەزاسى ستىۋ نارسۇنغا پارتىيە پۇلىنى تاپشۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغان. نيۇ يورك ئىستىخبەتەي پونكىتى موسكۋاغا تەمىنلىگەن روزۋرلت بىلەن چېرچىلنىڭ 1943يىلى ماي ئېيىدا كۆرۈشكەندىكى سۆھبەت مەزمۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئىهتىمالدا يەنە شۇ خوپكىنىستىن كەلگەن بولىشى كېرەك. ئەمما يەنە بىر قىسىم ئىنتايىن ئېنىق ئەمما تالاش تارتىش ئىچىدىكى پاكىتلار شۇنى كۆرسەتمەكتىدىركى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىغا مەخپى ئىستىخباراتلارنى يوللىغاندىن تاشقىرى، خوپكىنىس بەزەن يەنە ئەخمەدوق دېگەن بۇ ۋاستىسىنىڭ جاسۇسى بولغان ئورگى بولىشاكوفتىن پايدىلانغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. خوپكىنىس تەمىنلىگەن مەخپى ئۇچۇرلار مەركەزگە بەكلا چوڭقۇر تەسىر قىلغان، شۇڭا كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم ك گ ب خادىملىرىهەتتا پو ئېتىپ خوپكىنىس .ەسلىدە بىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسى دېيىشكەن. ئەمما بۇ پەقەتلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. خوپكىنىس دېگەن بۇ ئادەم تىگى تەكتىدىن ئالغاندا ئامېرىكا ۋەتەنسۆيەر بىرسى، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە قىلچىلىكمۇ ياخشى قارىمايدۇ، ئەمما رۇسىيىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى نەتىجىسىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن، ھەمدە ئۇلارغا قارىتا بىر قاراشنى تىكلىۋالغان. " رۇسسىيە گەرچە ئۇرۇشتىكى بىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغانىكەن، ئۇ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەمدە بولىشىمىز شەرت، شۇنىڭدەك پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت تىكلىشىمىز زۆرۈر." ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچۈن تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان، چىپ پولۇن كېيىن مۇنداق دەيدۇ، تېهران سۆھبىتىدە، گوپكىنىسنىڭ پىرىزدېنتا كۆرسەتكەن تەسىرى بەكلا كۈچلۈك ئىدى".

بۇ ھەقتە چېرچىل كېيىن مۇنداق دەيدۇ، دەل شۇ تېهران يىغىنىدا ، ئۇ تۇنجى قېتىم ئەنگلىيىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كىچىك بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان:

مېنىڭ بىر تەرىپىمدە ۋەھشى تىرناقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرغان رۇسسىيە ئېيىقى ئولتۇراتتى، يەنە بىر تەرىپىمدە ئىنتايىن چوڭ بىر دېۋىدەك قوتاز ئولتۇراتتى، ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ قالغان بىچارە ئەنگلىيە خېچىرىنى كۆرمەكتىمەن....

ئېيىق ـ رۇسسىيىنى تەمسىل قىلاتتى، قوتاز ئامېرىكىنى كۆرسىتەتتى. (خېچىر ياكى ئېشەك بولسا ئەنگلىيىنى تەمسىل

قىلاتتى- بۇ بىر خەلقارالىق شاخخو- ئۇ. ت)
گەرچە ئۇرۇش دەۋرىدە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا "پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت بار" دەپ قىلىنىمۇ، شۇنىڭدەك يەنە روزۋېلت بىلەن چېرچىلئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتى بەكلا ياخشى بولسىمۇ، تېھران يىغىنىدا، روزۋېلتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نىشانى ئەلىۋەتتە ستالىن بىلەن كېلىشىمگە كېلىش ئىدى. روزۋېلت كونا دوستىنى، ئەمگەك ئىشلار مىنىستېرىنىڭ مىنىستىرى فىرانشىس پورگىنىسقا مۇنداق دەيدۇ:[182]
سۆھبەت سورۇنىدا ۋېنىستون چېرچىل بىردەم يۈز كۆزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتەتتى، يۈزلىرىمۇ غەزەپتىن تاتىرىپ پۈرلىشىپ كېتەتتى، ئەمما ئۇ قانچىكى بۇ خىل ھالەتكە كەلگەنسىرى، ستالىنمۇ شۇنچە بەك كۈلۈمسىرەپ كېتەتتى، ئاخىردا، ساتالىن كۈلكىسىنى يوشۇرالماي قاتتىق كۈلۈپ تاشلايدۇ. بۇ 3 كۈن ئىچىدە، مەن بىرىنچى قېتىم شەپەق نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن باشتىن ئاخىرى مىدىر قىلماي چىرايىمنىمۇ ئۆزگەرتمەي ئولتۇراتتىم. تا ستالىن بىلەن ئىككىمىز كۈلۈشمىگۈچە كەتكىنىمىزدىلا مەن ئۇنى چۈۋاشىۋېللى تاغا دەۋەتتىم، تۈنۈگۈن ستالىن مېنى ھەددىدىن ئېشىپ ئەدەپسىزلىك قىلدى دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن شۇ كۈندىكى قاھقاھلاپ كۈلۈشكىنىمىزدىن باشلاپ ئۇ يېنىمغا كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كەتتى.
شۇندىن باشلاپ بىز ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بىر تۈرلۈك شەخسىي مۇناسىۋەت تىكلىنىپ.... ئىككىمىز خۇددى ئاكا ئۇكىلاردەك ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇڭدىشىپ كەتتۇق.
تېھران يىغىنى مەزگىلىدە، خوپكىنىس ئۆز ئالدىغا ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىغا چېرچىلنى ئىستەپ بارىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا، ستالىن بىلەن روزۋېلت كەلەر يىلى ئەتىيازدا بۈيۈك پادىشا ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. يەنى، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ دېڭىز قانىلىدىن ھۇجۇم قىلىپ ئۆتۈپ فرانسىيىنى ئىشغال قىلىشىمىز شەرت، شۇڭا ئەنگلىيە قەتئىي تۈردە بۇ پىلانغا قارشى تۇرۇشنى توختىتىشى لازىم، چېرچىلمۇ دەل ۋاقتىدا بۇ پىلانغا يول قويىدۇ. ستالىنغا نىسبەتەن ئۇنىڭغا قارىتا ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم

www.uyghurkitap.com

سىياسىي جەھەتتىكى يول قويۇش ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى 1941-يىلقى چېگراسىنى، ئۇرۇش تاماملانغىنىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويۇشى ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ يول قويۇشى ئىدى. بۇ دېمەكلىك سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت گېرمانىيە شەرتنامىسىدىكى قولدىن تارتتۇرۇپ قويغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى، بۇلارغا: پولشانىڭ شەرق تەرىپى، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى بىر قانچە دۆلەت ھەمدە مولداۋىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۆز ۋاقتىدا لوندوندا تۇرۇۋاتقان پولشا سەرگەندار ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەتلا پىكرىنى ئالماي بولغان ئىدى.

ستالىن ئىنتايىن خۇشال ھالدا موسكۋاغا قايتىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قارىغاندا بۇلارغا چىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن رۇسىيىلىك بىر دېپلومات قوشنا ئەللەردە ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇشقا يول قويغانلىق دەيدۇ. روزۋېلت تېھران يىغىنىدا ستالىننى بۇنچىۋالا رازى قىلىۋېتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، روزۋېلتنىڭ قارىشىچە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى يېرىمدىن ئارتۇق نېمىس قوشۇنىنىڭ ۋەھشىلەرچە ھۇجۇم قىلىشىغا بەرداشلىق بەردى. شۇڭا غەرپ دۇياسى ئەسكىرى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىرمۇنچە قەرزدار ئىدى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ستالىن سۆھبەت ئۈستىدىكى ئۇتۇغىنىمۇ ئاز مۆلچەرلەشكە بولمايتتى، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، روزۋېلتنىڭ قولىدىكى كوزۇرىنىڭ قانچىلىك ئاجىزلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

گەرچە ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ روزۋېلت ھۆكۈمىتىگە سىڭىپ كىرىشى ئىشىدا خېلى زور ئۇتۇققا ئېرىشكەن ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۇلار يەنە بىر مۇھىم تەرەپتە پۈتۈنلەي مەغلۇب بولغان،[183] مەركەز دەسلىۋىدە زارۇبىنغا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەر ئارىسىدا ئامېرىكىدا ئىنتايىن كۆپ مىقداردا نېمىس جايلاشقان بولۇپ ئۇلار ئارىسىدىن جاسۇس يېتىشتۈرۈپ شۇلار ئارقىلىق گېرمانىيىگە قارشى كېلىشىنى پىلانلىغان ئىدى. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا زارۇبىن بىرمۇ نېمىس جاسۇسى يېتىشتۈرەلمەيدۇ. مەركەز بۇ ئەھۋالنى ئىزاھلىشىنى تەلەپ قىلغىنىدا، زارۇبىن بۇنى مەركەزگە مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ،

ئامېرىكىدا تۇرۋاتقان نىمىسلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك يەھۇدىي بولغاچقا، ئۇلاردىن جاسۇس يېتىشتۈرۈش مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن. زاروبىننىڭ دېگىنىگە ئوخشاشلا، مەركەز پۈتۈن زېھنىمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىستىخبارات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشىغا قارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار زاروبىنىدىن دۈشمەننىڭ ئىستىخبارات ئىشلىرىدىكى خاتالىقلىرىغا كەڭ قۇرساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدىكى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىستىخبارات توپلاش ئىشلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1942-يىلىنىڭ دەسلىۋىدە، ئاناتولى گورسكىدىن باشقىلىرىنىڭ (ئۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ھېنرىك ۋە ۋادىم دېگەن ئىككى خىل پارول قوللىنىدۇ) رەھبەرلىكىدىكى بىر ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىدا، ئىۋان ئاندروېيوۋىچ چىخايوف (پارولى جوخان) مەسئۇللۇقىدا يەنە بىر ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىمۇ لوندوندا ئىش باشلىۋېتىدۇ، ئەمما گورسكى يەنىلا پۈتكۈل ئىستىخبارات تورلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. ۋە گورسكىنىڭ ئەكسىنچە، چىخايوف ئەنگلىيە دائىرىلىرىگە ئۆزىنىڭ لوندوندىكى سالاھىتىنى مەلۇم قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئەنگلىيەدە ۋە شۇنىڭدەك باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىستىخبارات ئورۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇللۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە ئوتتۇرا ياۋرۇپا بىلەن شەرقى ياۋروپا سەرگەردانان خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىستىخبارات تورلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭغا ئىزچىل تۈردە ئەنگلىيە ۋە پولشا سەرگەردان ھۆكۈمىتى، شۇنىڭدەك چېخسلوۋاكىيەنىڭ ئىبدۋارد ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشىنى تەلەب قىلىدۇ. پرىزدېنت بېناس، يۇگسلاۋىيەنىڭ پېتر پادىشاھى ۋە شۇنىڭدەك ۋەزىر ئىۋانلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى سۇ باشى بولغان سۆھبەت ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنى تەمىنلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، كامبرىژ "5 نوچىسى" دىن توختىماستىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپ ساندا كۆرنەرلىك ئىستىخباراتلارنى تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت 1942-يىلى بىر يىلدىلا، مىكلايىن تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ھۆججەت مىقتارىنىڭ ئۆزىلا مەركەزدە 45 دانە ئارخىپ خالتىسىنى توشقۇزغان. فىربىيمۇ نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە مەخپى ھۆججەتلەرنى يەتكۈزىدۇ. 1941-يىلى سىنتەبىردىن باشلاپ، ئۇ ئەنگىلىيىنىڭ مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر بۆلۈمىگە (ئىستىخباراتچىلىققا قارشى بۆلۈم) يۆتكۈلۈپ ئىشلەيدۇ. گەرچە بۇ بۆلۈمنىڭ ئۇ چاغدىكى ئورنى سان ئالبىندا بولسىمۇ، ئاق سۆڭەكلەر كوچىسىدىكى مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ لوندوندىكى مەركىزىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ يەرنىڭ بىر ئەپلىك يېرى ئۇنىڭ يېنىدىلا مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئارخىپخانىسى جايلاشقان ئىدى. فىربىي ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇ يەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر قىزىل دېۋىرقاي ھارىقىنى ياخشى كۆرىدىغان ئارخىپلارغا قارايدىغان خىزمەتچىسى ئۇدفېردنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ ھەقتە فىربى كېيىن ئەسلىگىنىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ خىل دوستانە يېقىنلىشىش[184] ياخشى نەتىجە بەردى. بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە فىربىي ئەنگىلىيە جاسۇسلىرىنىڭ چەتئەللەردە قانات يايدۇرۇۋاتقان پائالىيەتلىرى ھەققىدە بەكلا كۆپ ئارخىپ ماتېرىيالىنى ئارىيەتكە ئالىدۇ. ھەممە بۇ ماتېرىياللارنى توپ بويىچە گورسكىغا رەسىم تارتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. 1942-يىلى ئافرىلنىڭ دەسلىۋىدە، مەركەز فىربىنىڭ تەمىنلىگەن، ئۆتكەن يىلنىڭ يىل ئاخىرىغىچە بولغان مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئارخىپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىپ چىقىدۇ. گەرچە مەركەز "شاكچىمەك" مۇددەت بويىچە تەمىنلىگەن ئىنتايىن قىزىقارلىق ماتېرىياللار ئۈچۈن ئۇنى تەقدىرلەشنى ئۇيتۇرغا قويىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئەكسى ئەتتۈرگەن ئەھۋاللارنى پەقەتلا چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى بۇ ماتېرىياللار گويا شۇنى ئىپادىلىمەكتىكى، مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ رۇسىيىدىلا بىرەر ئىستىبارات تورى بولمايلا قالماستىن، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارىتىلغان جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغان. بۇلار ئەسلىدە تامامەن توغرا خۇلاسىلار ئىدى، مەركەزنىڭ ئانالىزچىلىرى ئىككى خىل

گۇمانلىق ئانالىز سەۋەبىنى ئوتتۇرغا قويغان. بىرىنچى بولۇپ ھېچ بولمىغاندا قىسمەنلىكتە بولسىمۇ شۇنى ھېس قىلىشقان ئىدىكى، ئۇلارنىڭ تەرىپىدىن تازىلىۋېتىلگەن كونىلار ئەسلىدە ئەنگلىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا بولغان جاسۇسلار بولۇپ، بۇنداق دېيىلىشنىڭ ئىسپاتى تولۇق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئانالىزچىلار يەنىلا ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى پۈتكۈل 30-يىللار ئىچىدە "ئەڭ قابىلىيەتلىك جاسۇسلار "سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەت قىلىپ كەلگەنمىش، مەركەزگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى موسكۋادا بىرەر ئىستىخبارات پونكىتى قۇرمىغانلىقى ھەققىدە ئەمەلىيەتتە قەتئىي ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر ماتېرىيال ئىدى. ئەسلىدە ئەنگلىيە سوۋېت ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتىپلىرىنىڭ بىرى. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئۇلارنىڭ بىزدە بىرمۇ پونكىتى يوق بولىشىغا زادىلا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ دېمەك سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئاخىرقى ئورۇندا كېلىدىغان بىر يەر دېيىشىگە ھېچ كىم ئىشەنمەيتتى. (ئەسلىدە ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورۇنلىرى پۈتۈن زېھنىنى ئۇرۇش ئاخباراتلىرىنى توپلاشقا مەركەزلەشتۈرگەن.):

ئەگەر ئۆتكەنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، مېھمان ساراي (مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى) ياۋروپادا، ئاساسلىقى گېرمانىيە بېسىۋالغان دۆلەتلەر ئىچىدە بىرەر يۈز نەپەر جاسۇس تەرەققى قىلدۇرالىغاب ئىش بولسا، ئۇ ھالدا ۋەتىمىزنى ئۇنداق ئاسانلىقچە بوش قويىۋەتمىگەن بولاتتى. بۇنداق بىر دوكلاد پەقەت ستالىنىنىڭ شەخسىيىتىنىڭ ئۇنىڭ ئەنگلىيە ئىتتىپاقداش دوستلىرى ئۈچۈن گۇمانلىنىشىغىلا يارىغان بولاتتى.

ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى يىلىسى، لوندون ئىستىخبارات پونكىتى يوللىغان ئەڭ ئاخىرقى ستالىنغا قارىتا ھەمدە مەركەزگە قارىتا ئەڭ مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىستىخباراتلار كېنكروستىن كەلگەن بولاتتى. 1941-يىلى 25-سىنتەبىردە گروسكى موسكۋاغا تېلېگرامما يوللاپ:[195]

مەن ئالاھىدە يىغىنچاق قىلىپ شۇنى بىلدۈرمەكچىمەنكى ئەنگلىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ بىر پارچە بەكلا مەخپىي دوكلادىنىڭ بىر نۇسخىسىنى يوللىدىم. بۇ دوكلادتا بۇ كومىتېتنىڭ 1941-يىلى 24-سىنتەبىردە، ئۇرۇش دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت كابىنېتىغا يوللانغان. دوكلادنىڭ مەزمۇنى ئۇران ئاتوم ئېنېرگىيە تەتقىقاتى بىلەن پارتلىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە دائىر ئەھۋاللار تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ دوكلادنى سۇنغان مەخپىي كومىتېت سىر خانىسىنىڭ رەئىسلىكىدە بىر پەن-تېخنىكا مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىغا تەۋە. مەركەز سىرخانىغا بەرگەن تەخەللۇسى "غوجايىن" ئىكەن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ كىنكروسنىڭ غوجايىنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كىنكروس گورسىكىغا تاپشۇرغان دوكلادى، مەركەزنى تۇنجى قېتىم ئەنگىلىيە ئاتوم بومبىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكتە. گەرچە بۇ دوكلاد شۇنىڭدەك كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە لوندومدىن يوللىنىلىدىغان ئاتوم بومبىسى بىلەن مۇناسىبەتلىك باشلا دوكلادلار ھەقىقەتەنمۇ بەكلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. ئەمما بۇ دوكلادلار موسكۋادا دەرھال ئەكس تەسىر قوزغىيالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى كىنكروسنىڭ تۇنجى دوكلادى موسكۋاغا ئەۋەتىلگىنىدە. ستالىن ۋە ئەڭ ئالى باش قوماندانلىق شتابى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. 1941-يىلى ئۆكتەبىردە، ئۇلار ۋاقىتلىق موسكۋادىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنىڭ غېمى ئىچىدە ئىدى. تا 1942-يىلى مارت ئېيىدا، بېرىيا ئاندىن ئەنگىلىيىنىڭ ئاتوم بومبىسى تەتقىقاتىنى ئىنچىكىلىق بىلەن باھالاش ئۈچۈن بۇ دوكلادنى ستالىنغا سۇندۇ. ئۇ دوكلادقا مۇنۇلارنى ئەسكەرتىدۇ، ئەنگىلىيە ئەڭ ئالى قوماندانلىق شتابىدىكىلەر ئاتوم بومبىسى تەتقىقاتىدا دۇچ كەلگەن نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ ئاساسەن ھەل قىلىنغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق قايىل بولۇپ كېتىشكەن. ئەنگىلىيىنىڭ ئەڭ داڭدار ئەڭ قابىلىيەتلىك ئالىملىرى بىلەن بىر قانچە شىركەت ھەمكارلاشقان ئاساستا بۇ تەتقىقات تۈرىنى بېرىيانىڭ تەكلىۋى بويىچە قانات يايدۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنى بىر يەرگە يىغىپ تەپسىلى مەسلىھەتلىشىدۇ.

1942-يىلى ئىيۇندا، پرېزدېنت روزۋېلت :"مانخاتتان " دەپ نام بېرىلگەن پىلانغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. بۇ پىلان ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانى ئىدى. گەرچە ئەنگلىيە 2-يىلى بۇ پىلانغا رەسمى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى روزۋېلت بىلەن چېرچىلنىڭ 20-ئىيۇلدىلا ۋاشىنگتون سۆھبىتى ۋاقتىدا ئاتوم بومبىسى ياساشتا ھەمكارلىشىپ ئىش باشلاشتا بۇ تۈر پىلانغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىكەن. 6 -ئۆكتەبىردە سوۋېت ئالىملىرى بىلەن كەڭ دائىرىلىك مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، جاسۇسلۇق مەركەز ۋە پارتىيە مەركىزى كومىتېت بىلەن دۆلەت مۇداپىيە كومىتىتى (بۇ ئىككىلا كومىتېتنىڭ رەئىسى ستالىن ئىدى) غا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككىسى تەتقىق قىلىپ ياسايدىغان ئاتوم بومبىسى تەپسىلى لايىھەسىنىڭ دوكلادىنى سۇنۇدۇ. يىل ئاخىرىغا كەلگىنىدە، ستالىن غەيرەت قىلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ ئۆزىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ياساماقچى بولىدۇ. ستالىنگراد ئۇرۇش[186] ئوپېراتسىيىسىنىڭ شەرقى فرونتىدىكى ئاساسلىق سەپلىرىدە بۇرۇلۇش ياسىغىنىدىن كېيىن - بۇ چوڭ قارارنى ئېلىشىدۇ. بۇ چاغدا ستالىننىڭ ئويلىغىنى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئەمەس بەلكى، ستالىنغا ئېنىقكى، ئاتوم بومبىسى ئەندىلىكتە گېرمانىيە فاشىستلىرىنى يېڭىپ چىقىش ئۇرۇشىدا كارغا كېلىشى ناتايىن ئىدى. ئەكسىنچە، ستالىن ئەندىلىكتە رەسمى تۈردە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئويلىغان ئىدى. چۈنكى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئىككىسىنىڭ قولىدا رەسمى تۈردە يادرو قورالىرى بار ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىدىمۇ بولىشى كېرەك ئىدى. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ كۆپ ۋاقتىدا موسكۋا ئەنگلىيىدىن ئاتوم بومبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىستىخباراتىنى ئامېرىكىلىقلاردىن كۆپ ئېرىشكەن ئىدى. 1942-يىلى دېكابىردا، لوندون ئىستىخبارات پونكىتىدىن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا قانات يايدۇرغان ئاتوم بومبىسى تەتقىقاتىنىڭ تەپسىلى دوكلادىنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. بۇ دوكلادنى پارولاسى "ك" بولغان بىر كومۇنىست ئالىمى بەرگەن ئىدى. ئىستىخبارات

پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات خىزمىتىنىڭ مەسئۇل بولغان كىشى ۋلادىمىر ئىدى. باركوۋسكى كېيىن دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. پارولاسى ك بولغان كىشى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بەكلا قىزغىن ... شۇنىڭدەك بىز ئۇنىڭغا ماددى ھەق بېرىشتە ھەرقانداق قىلساقمۇ ئۇنىڭ كەسكىن رەت قىلىنىشىغا ئۇچۇرىدۇق. بۇ K ك دېگەن كىشى بىزگە يەنە بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىدىنمۇ بىر نۇسخا چىقىرىپ بەردى. قولىمىزدا بۇ ئاچقۇچلا بولىدىكەن بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدىنلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ باشقا كەسىپداشلىرىنىڭ بۇنداق ساندۇقىدىن نۇرغۇنلىغان مۇتلەق مەخپى ھۆججەتلەرنى ئېلىۋالايمىز.

مەركەزنىڭ قارىشىچە، ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى "ئۇران رېئاكتىپ قازىنىنىڭ (ئاتوم قازىنى،ئاتوم رېئاكتىپ قازىنى، ئاتوم يادرو رېئاكسىيە قازىنى) ياسىلىشى ھەققىدىكى مەخپى ھۆججەتلەر، ھېچ بولمىغاندا يەنە ئىككى نەپەر ئالىم ئۇلارنىڭ پارولاسى مور ۋە كېلى لارمۇ "قېتىشما تۇربىسى پىلانى " (ئەنگلىيىنىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانى) نى بەردى. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئىستىخباراتلىرى بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ يادرو قورالى ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىنى ئەڭ مۇھىم بولغان جاسۇسىمىز بولغان بىر نەپەر كومپارتىيە ئەزاسى فىزىك ئالىمى كلاۋس ۋە فوكس ئەنگلىيىلىكلەردىن ئوغۇرلاپ بەردى. ئۇ ناتسىستلار گېرمانىيىسىدىن كەلگەن بىر قاچقۇن- مۇساپىر، مۇلتەجىچى. ئۇلار ھازىر ئەنگلىيە گراجدانى. دەسلىۋىدە ئۇ كىشى سوۋېت ئومۇمىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدا (دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتىدا) ئىشلەيدىغان بىر جاسۇس بولۇپ، ھەرگىز ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا تەۋە ئەمەس.

تېھران يىغىنى ۋاقتىدا، خوپكىنس ئۆزى يالغۇز ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ چېرچىل بىلەن كۆرۈشىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى دەيدۇ: ستالىن بىلەن روزۋېلىت قەتئىي تۇردە كېلەر يىلى باھاردا "زوراۋان-ئۆكتەم پادىشا ھەرىكىتىنى" قەتئىي باشلىتىش قارارى ئېلىشتى. - يەنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ قانالدىن ئۆتۈپ ئىشغال

قىلىنغان فرانسىيە تۇپراقلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ۋەدە قىلىشتى، شۇڭا ئەنگلىيە قەتئىي تۈردە بۇ پىلانغا قارشى چىقىشنى توختۇتىشى شەرت، چېرچىلمۇ بۇ قارارغا ۋاقتىدا يول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ستالىنغا بەرگەن بۇ ئەھمىيەتلىك سىياسىي يول قويۇش ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككىسىنىڭ بۇ يول قويۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1941-يىلىدىكى چېگراسىنى ئۇرۇشتىن كېيىن قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇ دېگەنلىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت گېرمانىيە شەرتنامىسى بىلەن قولدىن كەتكەن تۇپراقلىرىنى قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىغا ھەق قازانغانلىقىنى كۆرستەتتى. بۇ يەرلەرگە پولشانىڭ شەرقى قىسىملىرىنى، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى بىر قانچە دۆلەتلەرنى شۇنىڭدەك مولداۋىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇنداق قارار قىلىنىشتا ئۆز ۋاقتىدا لوندوندا سەرگەردان بولۇپ تۇرىۋاتقان پولشا سۇرگۈندىكى ھۆكۈمىتىدىن قىلچىمۇ پىكرى ئېلىنمىغان ئىدى.

ستالىن ئىنتايىن خۇشال ھالدا موسكۋاغا قايتىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قارىماققا بۇنىڭغا چىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. - بىر نەپەر رۇسسىيە دىپلوماتىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، رۇسسىيە شۇنداق قىلىپ "خوشنا ئەللەردە دوستانە ھۆكۈمەت قۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىۋالغان بولدى،" روزۋېلىت تېھران يىغىنىدا ستالىننى شۇنىڭ ئۈچۈن رازى قىلغان ئىدىكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭغا شۇنىڭ ئۈچۈن يول قويىدىكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى يېرىمدىن ئارتۇق نېمىس ئارمىيىسىنىڭ تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلىشىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە قارىتىۋالىغان ئىدى. شۇڭا غەرىپ ئەللىرى ھەربى كۈچ جەھەتتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قەرزدار ئىدى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ستالىن سۆھبەت جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇغىمۇ خېلى زور تەرەپتىن ئۇنىڭ روزۋېلىتنىڭ قولىدىكى كوزۇرىنىڭ ئاجىز قالغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

گەرچە ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئىستىخبارات پونكىتلىرى روزۋېلىت ھۆكۈمىتىگە سىڭىپ كىرىش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن ئىدى. ئەمما ئۇلار يەنە بىر جەھەتتىن بىر ئىشتا پۈتۈنلەي

مەغلۇپ بولغان ئىدى. [183] مەركەز دەسلىۋىدە زاروبىنغا مۇنداق بىر ۋەزىپە تاپشۇرغان ئىدى: مەركەز ئىستىخباراتچىلارغا مۇنداق بىر ۋەزىپە بەرگەن ئىدى، ئۇلاردىن زور كۆلەمدە ئامېرىكىغا يەرلەشكەن نېمىسلار ئارىسىدا جاسۇس يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ كۆچمەنلەر بىلەن گېرمانىيىگە تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىغان ئىدى. ئەمما زاروبىن بىرىنمۇ يېتىشتۈرەلمەيدۇ. مەركەز ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، زاروبىن مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن گېرمانىيىلىك كۆچمەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نېمىس ئەمەس يەھۇدىلار ئىدى. شۇڭا ئۇلاردىن بۇ ئىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرمۇ ئادەم تاپالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما زاروبىنغا ئوخشاشلا مەركەزمۇ پۈتۈن دىققىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى ئىستىخباراتلارغىلا مەركەزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار زاروبىننىڭ دۈشمەنگە قارشى ئىستىخبارات ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنالماسلىقىدەك خاتالىقىغا تولا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ.

فوكس قەتئىي ئىرادىلىك بىر ستالىنىزىمچى ئىدى، كېيىن ئۇ دۇنيا تونجى قېتىملىق ئاتوم بومبىسى تەتقىقات خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، ئەنگلىيە سوۋېت مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى جەمئىيىتى تەشكىلاتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئوچۇق سوت مەيدانىنى رولغا ئالىدىغان بىر تىياتىرىدا ئۇ شىكايەتچى ۋىيشىنىسكىنىڭ رولىغا چىقىپ ئۇنى رولغا ئېلىشتا ئوينىغان رولى پەيدا قىلغان ھاياجان - تەتقىقات يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى كېيىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دوكتور نېۋىل ئىدى. ئۇنىڭغا ـقاتتىق تەسىر قىلغان، ئۇ ئوقۇتقۇچى كېيىن مۇنداق دەيدۇ: مەن پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن، بۇ جىغۇر، تىنچ، كەمسۆز بالىنىڭ بۇنداق بىر قابىلىيىتىنىڭمۇ بارلىقىغا ئەقلىم ھەيران. ئۇ جىنايەتچىنى ئەيىپلىگىنىدە شۇنچە سوغۇققان، قەبىھلىكنى ئىپادىلىيەلىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىش. 1941-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فوكس مىنىڭدىن ئەنگلىيىدىكى گېرمانىيە كومپارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئەركىنلىكچى كۆچمىنسكىنىڭ فوكسقا ئۆزىنى بومىنخام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگىنىدە

خەۋەر تاپقان "قېتىشما پولات تۇربا پىلانىنى " باش ئىستىخبارات ئورنىنىڭ يېتەكچىسى ئۇرسۇلا بوتىۇنغا (ئۇنىڭ پارولىسى سونىيە)، ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. روشەنكى بۇ خانىم فوكسقا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. بەلكىم فوكس بۇ قىزنىڭ كېرىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز بىلەلمەيتتى. ئۇ ئىككىسى تۇرغان يەر ـ بومىنخام بىلەن ئوكسفورد ئوتتۇرسىدىكى بىنبولى دېگەن يەر ئىدى.ـ شۇ يەردە كۆرۈشەتتى. سونىيەنىڭ ئۇ يەردىكى سالاھىيىتى ناتسىتلار گېرمانىيىسىدىن قېچىپ كەلگەن يەھۇدى مۇساپىرى بولۇرخانىمى ئىدى. بوتىۇن ئۇنىۇتمايدىكى، ئۇ فوكسدىن ئېرىشكەن ماتېرىياللار "تۇگۇك- تۇگۇك ئۇششاق بىر قارىماققا قالايماقان جىجىلاپ قويغان كونا رەسىم سىمۇۋۇللارغا ئوخشاش ھەمدە يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن فورمىلالاردەكلا بىر نېمىلەر ئىدى. "

كىلاشىيۇس بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە بولغان ۋاقىتلاردا ھېچقاچان يېرىم سائەتتىن ئارتۇق بىرگە تۇرمايتتۇق. گەرچە ئىككىمىزگە ئىستىخبارات ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن 2 مىنوت ۋاقىتمۇ يېتەرلىك بولاتتى، ئەمما ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدىكى خۇشاللىقتىن باشقا يەنە بىرلىكتە سەيلى قىلىپ ماڭغاچ ماتېرىياللارنى ئۆتكۈزۈشۈپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئايرىلىمىز شۇنداق قىلساق باشقىلارنىڭ گۇمانىنى پەيدا قىلىپ قويمايمىز. يالغۇز ياشاۋاتقان بۇنداق تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىمىغان بىرسى مېنىڭدەك بۇنداق قىسقا ئۇچرۇشۇشلارنىڭ لەززىتىنى پەقەتلا ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار باشقا بىر يۇرتلۇق نېمىس بىلەن بىرگە سەيلە قىلىشنىڭ لەززىتىنى پەقەتلا ھېس قىلالمايدۇ.

كېيىن، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئىستىخبارات ئورنىدىن ئالاھىدە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن سونىيە قىزىل ئارمىيە ئىچىدە شەرەپ بىلەن پولكوۋنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بىردىن بىر ئايال بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر مەركەز ئاياللاردىن مۇھىم جاسۇس يېتەكچىسىدەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى بەكلا كام كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولغاچقا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتە بىر ئايال جاسۇسنىڭ قابىلىيىتىنى مۆلچەرلىيەلىشىمۇ يېتەرلىك بولمايتتى.. بۇنىڭدىن باشقا مىساللارمۇ بار.[188] مىتروخىننىڭ ئارخىپلىرىدا خاتىرلەنگىنىگە قارىغاندا ئەمما ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقى ئىسمى مىلىتا سىتېپتمان ئىكەن (توي قىلىشىدىن بۇرۇنقى ئىسمى مىلىتا شىنىس ئىكەن). ئۇ 1912-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى لاتۋىيىلىك، ئانىسى ئەنگىلىز ئىكەن. ھازىر بۇ موماي نوۋۇدي خانىم بولۇپ لوندون ئەتراپىدا بىر يەردە تۇرىدىكەن، قولىمىزدا بار ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ك گ ب تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەنگىلىيەلىك ئايال جاسۇس ئىكەن، ھەم بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى ئىچىدىكى ھەركەت قىلىپ كەلگىنىگە ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر ئايال جاسۇس بولىدىكەن.

1932-يىلى، تېخى بويتاق ۋاقتىدىكى مىلىتا شىنىس ئەنگىلىيە رەڭلىك مېتال تەتقىقات جەمىيىتىدە كاتىپلىق قىلار ئىكەن، ئۇ يەردە بىراقلا 40 يىل تا پېنسىيىگە چىققىچە ئىشلەپتۇ. خىزمىتىدىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي ئۇ ئەنگىلىيە كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ مەخپى پارتىيە ئەزاسى بولغانىكەن. 1935-يىلى ئەنگىلىيە كومپارتىيىسىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى بولغان ئاندرو رۇستەم بۇ ئايالنىڭ قابىلىيىتىنى پەرق قىلغاندىن كېيىن ئەنگىلىيە رەھبەرلىكى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسارىياتىغا تونۇشتۇرىدىكەن. ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئايال رەسمى سوۋېت جاسۇسلۇقىغا كېڭەيتىلگەن ئىكەن. ئۇ يەردە ئىدىيالىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇقەددەس تەسۋىرىنىڭ ئىلھامى بىلەنلا ستالىن ھۆكمرانلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھىمسىز ئەملىيىتىدىن يىراقلىشالىغان. شۇنداق قىلىپ 40 يىللىق جاسۇسلۇق ھاياتىدا ئەندىلا باشلانغان بۇ ئەقىدىسىگە بىر سۇئال بەلگىسى قويۇپ قويغانىكەن، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇنىڭ ئۇلىچ ھەربى زاۋۇتىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان جاسۇسلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشى سەۋەپ بولغانىكەن. ئۇ جاسۇسلاردىن ئۈچىسى مۇھىم جاسۇسلار بولۇپ، 1938-يىلى يانۋاردا، يەنى 3 ئايدىن كېيىن بۇ 3 جاسۇس سوتلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدىكەن. ئاندىن ئەنگىلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەسئۇل كىشى توغرىسىدا قولغا چىققىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن كومپارتىيە ئەزاسى بوش گلادىن (پارولىسى گېت) نىڭ كۆندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە شىنىسنىڭ سالاھىتى توغرىسىدا قىلچىمۇ ئىسپات تاپالمايدۇ. بىر قانچە ئايلىق بۇنداق مۇز دەۋرى ئۆتۈپ

كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئايال 1938-يىلى ماي ئېيىدا قايتىدىن خىزمەتكە قويۇلىدىكەن. شۇندىن كېيىنكى 22 ئاي جەريانىدا، ئەينى ۋاقتىدا تاشقى ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ تازىلىنىشى ھەرىكىتى باشلىنىپ مەركەز بىلەن "5 نوچى" لار ئېچىدىكى بىر قانچە كىشى شىنىس بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بۇمۇ مەركەزگەزنىڭ "5 نوچىلار" نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە كىشىنىمۇ قوشۇپ نۇرغۇنلىغان جاسۇسلار مەركەز بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىشى بىلەن، مەركەز ئىزچىل تۈردە شىنىس بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان، بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ ئايالنىڭ ئۇلارغا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، مەركەز شىنىسقا بولغان قىزىقىشى روشەنكى فېربىيغا بولغان قىزىقىشىدىن يوقۇرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ لوندون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ۋاقتىنچە تاقىلىشىدىن كېيىن، مەركەز 1940يىلى مارت ئېيىدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويىدۇ.

1941-يىلى يەنە قايتىدىن ئىشقا سالغان ۋاقتىدا بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا ئېتمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا شىنىس[189] سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئىستىخبارات ئورنىدىكى ئۇرسۇلاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى مەخسۇس دېلو خادىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس بەلكى پوتۈنلەي (سونىيە) نىڭ تېزگىنلىشىدە بولىدۇ. شۇڭا، شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئەڭ مۇھىم ئايال جاسۇسىمۇ بىر ئايال كىشى بولىدۇ، سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ يېتەكچىسى ئايالالارمۇ مۇھىم ئورۇنغا چىقىپ قالىدۇ. ئەنگلىيىدە رەڭلىك مېتال تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى خىزمىتى، شىنىسنى پەن -تېخنىكا ئىستىخبارات ماتېرىياللىرىغا قولى يېتىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. قايتا ئۇچۇرۇشۇش ۋاقتىدا ئۇنى يەنە بىر يېتەكلىگۈچىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈش شەكلى پوتۈنلەي فوكسنىڭ ئۇچۇرۇشۇش شەكلىگە ئوخشايدۇ. يەنى بىرلىكتە بىر ئاز سەيلى قىلاتتى، يېتەكلىگۈچى بولغان جاسۇسلار ئۆزئارا بىلىشىۋالغىنىدىن كېيىن يەنى ئۇلۇغ مۇقەددەس ئىشلار ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشتەك يولداشلارچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىپادىلارنى بىلدۈرۈشكىنىدىن كېيىن ئۇچۇرۇشۇش تاماملىناتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىنىس بىر ئوتتۇر مەكتەپ ماتىماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ھەم بىر كومىنىست بىرسى بىلەن توي قىلىشقالىدۇ، ھەمدە ئىسمىنى مىلىتا ستېدمان نوۋۇدقا ئۆزگەرتىۋالىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرقى ئايلىرىغا كەلگىنىدە نوۋۇد خانىم"قېتىشما پولات تۇربىسى لايىسىنىڭ ئىستىخباراتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە باشلايدۇ. مىتروخىنىنىڭ ئۇ ئايال توغرىلىق خاتىرلىۋالغان ماتېرىيالىدا، ئۇنىڭ پۈتكۈل جاسۇسلۇق ھاياتىدا، ئۇ ئايالنى دۇنيا قارىشىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان، ئىشەنچىلىك ۋە ئىنتىزامغا قەتئىي بوي سۇنىدىغان، ئىستىخبارات ئىشلىرىغا ئەڭ زور تۆھپە قوشقان جاسۇس دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

1943-يىلىنىڭ باشلىرىدا، مەركەز ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى تەتقىقات پىلانى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىغا دىققىتىنى بېرىشكە باشلىغىنىدىن كېيىن، مەركەز ئاتوم بومبىسى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنى ئەنگلىيىدىن ئەمەس بەلكى ئامېرىكىدىن توپلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولىدۇ. 1943-يىلى يانۋاردا پەن-تېخنىكا مەسئۇلى قىلىپ لېئوند رومانوۋىچ ئۋانوۋىچ كۋاسنىكوفنى نيۇيوركقا تەيىنلەيدۇ (پارولاسى ئانتون).كۋاسنىكوف ئۇ يەردە مەخسۇس پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل كاندىدات باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىدۇ، بۇ شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، مەركەز ئەندى مانخاتتان پىلانىنى رازۋېتكا قىلىشنىڭ مۇھىم باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يېقىندىن تەيىنلەنگەن سوۋېت ئاتوم بومبا لايىھەسىنىڭ پەن -تېخنىكىغا مەسئۇل ئادىمى ۋاسىلىۋىچ كورچاتوف 7-مارت كۈنى بېرىياغا بىر دوكلاد سۇنىدۇ:

بېرىيا ئۇنى تەپسىلى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ۋەتىنىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرى ئۈچۈن توھپىسى زور بولىدىغانلىقىنى بۇنىڭ قىممىتىنى پەرەز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى سەزدىم. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ماتېرىياللار ئەنگلىيىنىڭ ئۇران تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىۋاتقانلىقىنى ۋە شۇنىڭدەك تەتقىقاتىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا

تەتقىقات خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلىمەكتە. شۇ ئارقىلىق بىزمۇ ئاتوم ئېنېرگىيە تەتقىقاتىدا ئىنتايىن قىيىن[190] بىر باسقۇچتىن بۆسۈپ ئۆتەلەيمىز ھەمدە، سوۋېت ئىتتىپاقى فىزىكا تەتقىقاتى ئۈچۈن 3 خىل يېڭى ساھە ئېچىپ بېرەلەيدىكەن، بۇلاردىن بىز شۇنى ئۇقماقتىمىزكى، بىز ئۇران- 235 تىنلا پايدىلىنىپ قالماستىن يەنە كوبالت- 238دىنمۇ پايدىلانىشىمىزنى كۆرسەتمەكتە.

بېرىيا بۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، ئامېرىكا يېڭى مېكسىكىنىڭ لوس ئالامۇس دېگەن يېرىدە يېپ يېڭى ئالاھىدە يوقۇرى مەخپىيەتلىكتىكى بىر لابۇراتۇرىيىسىدە تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى ياساشقا باشلايدۇ. لوس ئالامۇس تەجرىبەخانىسى بەكلا نۇرغۇن ئاتاغلىق ياش ئالىملارنى يىغىپ بولغان. بۇ ئالىملارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئەھۋال. ئاتوم بومبىسىنىڭ تەتقىقات ۋە ياسىلىشىغا قاتناشقان ئالىملارنىڭ كۆپۈنچىسى ئارانلا 20 نەچچە ياشتا بولۇپ، يېشى ئەڭ چوڭ بولغان بىرسى تەجرىبە خانىنىڭ مەسئۇلى روبېرت ئوبىنخەيىم دېگەن بىر ياش بولۇپ، ئۇمۇ ئارانلا 39 ياشتا ئىكەن. كېيىن بۇ لابوراتۇرىيىدىن 12 كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1943-يىلى ئاۋرىلدا، يەنى لوس ئالامۇس تەجرىبەخانىسى ئىش باشلاپ بىر ئايدىن كېيىن نيۇ يورك ئىستىخبارات پونكىتى دوكلاد بېرىپ بىز بىر كىشىنى تېپىۋالدۇق. بۇ كىشى مانخاتتان پىلانى ئىستىخباراتلىرىنى ئىگەللىگەن ئىنتايىم مۇھىم ۋە نەق مەيداندا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم ئىكەن. ئەمما بۇ كىشىنىڭ سالاھىتى نامەلۇم ئىكەن. يەنى سالاھىيتى مەلۇم بولمىغان بىر ئايال كىشى نيۇ يورك باش كونسۇلىغا كېلىپ بىر پارچە ئاتوم بومبا قورالى توغرىسىدىكى مەخپى ئىستىخباراتتىن بىرنى تاشلاپ قويۇپ كەتكەن، بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئايال يەنە بىر پارچە خەت ئەكىلىدۇ. بۇ خەتتە ئاتوم بومبىسى قورالىنىڭ يومشاق ماتېرىياللىرى ھەققىدىكى ئەھۋاللار تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما بۇ ئايال يەنىلا ئىسىم فامىلىسى بىلەن ئادرىسىنى بېرىشنى رەت قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانلار جەمىيىتىدىكى دوستلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر ئاخىردا بۇ ئايالنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادرېسىنى تاپالايدۇ. ئەسلىدە بۇ ئايال (پارولىسى ئولغۇيە) باشقا بىرسى ئۆچۈن ئوتتۇردىكى ئادەملىك ۋەزىپىسىنى ئالغان بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ قېيىنى ئاكىسى دۇپون شىركىتىنىڭ بىر ئالىمى ئىكەن. بۇ ئالىم ئۇزۇنغا قالمايلا جاسۇسلۇققا كېڭەيتىلىدۇ (پارولاسى مار بولىدۇ). ھازىرقى ئىگەللىگەن ماتېرىياللار جەدۋىلىدىن قارىغاندا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا يادرو قوراللىرى تەتقىقات ساھەسىدىكى تەرەققى قىلدۇرۇلغان تۇنجى جاسۇس ئىدى.

ئىيۇلدا، نيۇ يورك ئىستىخبارات پونكىتى يەنە بىر قېتىم ئۇران ئىزوتوپلىرىنىڭ دىپپوزىيىلىنىشىدىن (گاز ھالەتتە تارقىلىشى) يىمىرلىشى توغرىسىدىكى ئىستىخباراتى ئىدى. بۇ ئىستىخبارات مانخاتتان پىلانىغا قاتناشقان بىر "قۇرت قوڭغۇز" دەپ پارولا قويۇلغان بىر جاسۇس تەرىپىدىن تەمىنلىگەن. بۇنى تەمىنلىگەن كىشىنىڭ سالاھىتى ئېنىق ئەمەس."قۇرت قوڭغۇز" نىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنىڭغا 300 دوللار ھەق بېرىلىدى. ئىيۇل كۇنلىرىدە، كورچاتوف ئامېرىكا تەرەپنىڭ[191] تەتقىقات تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يوللىغان يېڭى ئىستىخباراتلاردىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى (بەلكىم بېرىيانىڭ ئۆزىگە يوللانغان بولىشىمۇ مۇمكىن) غا يوللانغان دوكلاتىدا يېزىلىشىچە، ئىستىخباراتتا قوشۇمچە قىلىنغاب ئامېرىكىنىڭ ئۇران تەتقىقات تۈرىنىڭ تىزىملىك جەدۋىلىنى تەتقىق قىلىپ چىقتىم. بارلىق تۈرلەر بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەكلا مۇھىم تۈرلەر ئىكەن.... بۇ ماتېرىياللارغا ئوخشايدىغان تېخىمۇ كۆپ ئالاھىدە قىممىتى بار ۋە بەكلا ئەھمىيەتلىك بۇنداق ماتېرىياللارنى داۋاملىق يوللىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىڭغا قارىماي، ئامېرىكىدىن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ئاتوم بومبىسىغا مۇناسىۋەتلىك دوكلادلار يەنىلا 1941-يىلىدىن 1942-يىللارغىچە ئەنگلىيىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئوخشاش تۈردىكى ئىستىخباراتلارنىڭكىدەك ئۈنچىۋالا تەپسىلى ئەمەس ئىكەن. كورچاتوفنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەنە بىر قىسىم جاسۇسلار بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ شۇنداق تەپسىلى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپتۇ. بۇلاردىن مارىنىڭ

تەمىنلىگەنلىرىمۇ بار ئىكەن. مارنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ مەخسىدى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاتوم بومبىسىنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى يوشۇرغانلىقىدەك بۇنداق "جىنايى" ئۇرۇنۇشىنى يېڭىپ چىقىش. 1943-يىلى روژدىستىۋا بايرىمىغىچە ئۇ بىزگە ئاتوم قازىنى ۋە ئۇنىڭ سوۋۇتقۇچى سىستېمىسىنىڭ ياسىلىشى، رادىئاكتىپلىقتىن كېيىن قالغان ئۇران ئېلېمېنتى ئىچىدىن تاللىنى شۇنىڭدەك رادىئو ئاكتىپ جەھەتلەردىكى ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلىدى. يەنە بىر كالىفورنىيە بېركىلى تەجرىبەخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئالاھىدە ئۇتۇق قازانغان بىر پروفېسسور ئۇ ياكى مانخاتتان پىلانىنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېتاللورگىيە لابوراتورىيىسىدە ئىشلەيدىغان ئالىملاردىن بىرسىمۇ ئاتوم بومبىسى تەتقىقات ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنى يوللىدى، كۆپ ئەسقاتىدىغان "قۇرت قوڭغۇز" خۇددى ئۈن تۈنسىز يوقاپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەمما 1944-يىلى يەنە بىر پارولاسى ۋوگېر بولغان كومپارتىيە ئەزاسى، قۇرۇلۇش ئىنجېنېرى بىزگە مانخاتتان پىلانىدا كېرەكلىك ماشىنا ئەسۋاپ ئۈسكۈنىلەر ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنى بېرىشكە باشلىدى، شۇنداقتىمۇ ئەينى ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ لوس ئالاموس تەجرىبىخانىسىغا جاسۇس كىرگۈزگەنلىكى ھەققىدە قولىمىزدا ئىشەنچلىك بىرەر پاكىت يوق.

مانخاتتان پىلانىنىڭ بەزى ئىستىخباراتلىرىنى پەقەت ئۇرۇش دەۋرلىرىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى كەڭ كۆلەمدە ئىستىخبارات پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى توپلاش ھەرىكىتىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ بەك دىققىتىنى جەلپ قىلغان بىر قىسمى ئاتوم بومبىسىدىن باشقا يەنە شۇ ئامېرىكىدىن ۋە ئەنگلىيىدىن كەلگەن ئىستىخباراتلار سوۋېتلەرگە رادار، سىمسىز رادىئو تېخنىكىسى، سۇ ئاستى پاراخوتى، رېئاكتىپ ماتور، ئايروپلان ۋە سۇنئى كاۋۇچۇك قاتارلىقلاردا زور ئىلگىرلەشلەرنى ياراتقان. ئاتوم ئېنېرگىيىسى جەھەتتىكى ئىستىخبارات پارولاسى دېۋە، رېئاكتىپ ماتورنىڭ پارولاسى[192] ھاۋا، رادارنىڭ پارولاسى ھەسەن ھۈسەن، ئايروپلان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لايىھىلىگۈچى، سوۋېت ئاۋاتسىيە سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ كاندىدات خەلق كومىسسارىياتى ياكوۋلېۋ پەن - تېخنىكا ئىستىخبارىتىغا ئۆزى ئالاھىدە يوقۇرى باھا بېرىدۇ، ئۇ ئۆز نامىدا ئاتالغان ئايروپىلان تەتقىقات يۇرتىغا ئىستىخباراتنىڭ قوشقان تۆھپىسىگە ئالاھىدە يوقۇرى باھا بېرىدۇ.

ئەخمەتوۋنىڭ سەۋەبىدىن ۋاشىنگتون جاسۇسلۇق تورىنىڭ پائالىيەتلىرى كۈندىن كۈنگە ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پرېزىدېنت روزۋېلىت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىن ئوغۇرلانغان سىياسىي ۋە ھەربى ئىشلار ئىستىخباراتلىرىنىڭ سانىمۇ كۈندىن كۈنگە ئارتىپ بارماقتا ئىدى. ئەخمەتوۋنىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى نۇيۇيوركتىن موسكۋاغا يوللىغان ئىستىخبارات سانى كۈندىن كۈنگە ئارتىپ رېكورت ياراتقان. يەنى 1943-يىلى 211 بولغان نىگاتىپ غەلتەك مىقدارى 1944-يىلىغا كەلگەنەدە 600 غالتەككە يەتكەن.

ئەنگلىيىدىن ئوغۇرلانغان سىياسىي ئىستىخباراتلار سانى بەلكىم ئامېرىكىدىن ئوغۇرلانغانلارنىڭكىدىن كۆپ. بۇنداق بولىشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىچكى كابىنىت بىلەن بىرلەشمە ئىستىخبارات كومىتېتى (گەرچە ئامېرىكىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىسىملىك بىر ئورگان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر بىرسىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىق ئورنىتىشىدۇ. ئۇرۇش دەۋرىدە لوندوندىن يوللانغان ئىستىخباراتلار مىتروخىن ئۆزىنىڭ چىقارغان خۇلاسىسىدا دېگىنىدەك "ئەنگلىيە ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىچكى كابىنىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەخپىيەتلىكلىرى" چېرچىل بىلەن روزۋېلتىنىڭ خەت ئالاقىلىرىدا، دېپلوماتىيە مىنىستىرى بىلەن موسكۋا، ۋاشىنگتون، ستوكھولۇم، ئەنقەرە ۋە تېھران باش ئەلچىخانىلىرى ۋە قاھىرەدە دائىملىق تۇرۇشلۇق ۋاكالەت خانىسى ئارىسىدىكى تېلېگىراممىا ئالاقىسى ۋە ئىستىخبارات دوكلاتلىرى قاتارلىقلار. 1942-يىلى يازدىن تارتىپ 1943-يىلى يازغىچە، لوندوندىكى بىروكچىللى باغچىسى- ئۇرۇش دەۋرلىرىدە ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى رازۋېتكا قىلىش ئورنى، - دا ئىشلەيدىغان جون كېنكروسنىڭ

يىتەكچىلىكىدە كۆپلىگەن ئەنگلىيە تېخنىكا ئىستىخبارات رازۋېتكىچىلىرىنىڭ يەشكەن مەخپىي ئۇچۇرلار ئېلىنىپ تۇراتتى. كىنكروسنىڭ يېتەكچىسى ئاناتولى گرۇسكى (كىنكروس بىلەن "5 نوچى" لار ئىچىدىكى باشقىلارغا ئوخشاش بۇ يېتەكچىنىڭ ئىسمىنىڭ ھېنرىگ ئىكەنلىكىدىنلا خەۋەردار ئىدى)  پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئىككىنچى قول ماشىنىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىستىخباراتلارنى لوندونغا ئاپىرىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ماشىنىلىق تېخىمۇ كەڭ دائىرىلەر بويىچە ئىستىخباراتنى لوندونغا ئاپىرىشى ئۈچۈن ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇرۇش دەۋرى بولغاچقا، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىستىخبارات جەھەتتە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلەردە ھەمكارلىشىدۇ. شۇڭا، لوندون ئىستىخبارات پونكىتى ئەنگلىيىنىڭ ئۇچۇرلىرىغىلا ئېرىشىپ قالماي، ئامېرىكىنىڭ ئىستىخباراتىغىمۇ ئېرىشەلەيدۇ.

باشتىن ئاخىرى بىرلا خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ گۇمانىدا قالغان مەركەزنىڭ قارىشىچە بۇ ئىستىخباراتلار ھەقىقەتەنمۇ نوچى ئۇچۇرلار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ ئۇچۇرلار ھەقىقەتەنمۇ راست ئىستىخباراتلار ئىدى. مەركەزنىڭ مەسئۇل كىشىسى كىرىمىل سارىيىنىڭ تەلىماتى ئەتراپىدا ئەڭ ئاخىرى مۇنداق بىر خۇلاسىغا كېلىدۇ: سىرتتىن قارىماققا [193] ئەڭ قىممەتلىكتەك بىلىنگەن بۇ ئىستىخباراتلار، مەيلى قايسى جاسۇسلۇق ئورنىدىن ئەنگلىيىلىكلەر ئېرىشكەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كەينىدە ھەممىسىدىلا ئەنگلىيە سۇيىقەستى يوشۇرۇنغان ھېسابلىناتتى. كېيىن ك گ ب تارىخى بويىچە ئەڭ قابىلىيەتلىك جاسۇسلار ھېسابلانغان "5نوچى" لار ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەملىك سۇيىقەست قىلىش پاكىتلىرىنى يەتكۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ـ گەرچە بۇنداق سۇيىقەستلەرنىڭ بىرسىمۇ راست بولمىغىنى بىلەن، بەربىر مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ گۇمانىنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ستالىن بۇ سۇيىقەستلەرنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىستىخبارات مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا بۇنداق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇيىقەستنىڭ بارلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. 1942-يىلى، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىۋان مەسچىغا ئەۋەتكەن خېتىدا مۇنداق دەيدۇ:

*بىز موسكۋالىقلارنىڭ ھەممىسىدە مۇنداق بىر گۇمان بار، چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ئاندىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا بولسىمۇ ھىتلېر بىلەن ياكى بۇرۇندىن بىر شەرتنامىگە كىلىشنى ئويلايدۇ.*

ستالىن سۆزلەپ كۆپتۈرۈۋەتكەن چېرچىل ئۆزىگە قارىتا بىر سۇيىقەست قىلماقتا دېگىنىچە ئوتتۇرلۇقتا چوقۇم بىرسىنى خىيالىدا گەۋدىلەندۈرەتتى. ئۆكىشى دەل ھېتلېرنىڭ ياردەمچىسى رۇدولف ھېس بولۇپ كۆرىنەتتى. ستالىن ۋانىسكىغا ھېس دېگەن بۇ ئادەم چېرچىلنىڭ ساقلاپ يۈرگەن بىر كوزۇرى دەيتتى. 1941-يىلى ماي ئېيىدا، كىشىلەر خاتا ھالدا ھېس دېگەن ئېھتىمال ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيىنى تېنچلىققا ئولتارغۇزۇشنى پىلانلاپ يۈرگەندە، ھېس ئوققىلى بولمايدىغان بىر شەكىلدە شوتلاندىيىگە ئۈچۈپ بارىدۇ. لوندون بىلەن بېرلىننىڭ ھەر ئىككىسىلا ھېسنىڭ بۇ قىلغىنى ئۇنىڭ چوقۇم قىسمەن ئېلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ قارىشىدۇ. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى توغرا ئىدى. ئەمما ستالىن ھېسنىڭ بۇ قېتىمقى ئۈچۈشىنى ئەنگلىيىنىڭ چوڭ مەخپى سۇيىقەستىنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇيدۇ. ئىيۇن ئېيىدا گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى ستالىننىڭ ئەنگلىيىگە قارىتا ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە بولغان ساداقىتى ئۈستىدىكى گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ھېچ بولمىغاندا كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە، ئۇ ئىزچىل تۈردە ھېس ۋەقەسى ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىشى دەپ قارايدۇ. گېرمانىيە بىلەن ئىمزالاشقان تىنچلىق كېلىشىم سۇيىقەستىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. 1944-يىلى ئۆكتەبىردە، چېرچىل كرېمىل سارىيىدا كەچلىك تاماققا ئولتۇرغىنىدا، ستالىن تەكلىپ قىلىپ "ھېسنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئالداپ ئەنگلىيىگە ئەكىلەلىگەن ئىستىخبارات ئورۇنلىرىڭىزنى

تەبىرىكلەپ بىر قەدەھ كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. "ئەگەر سىلەر تەڭ سىگنال بېرىپ تۇرمىساڭلار ھېسىنىڭ ئايرۇپلانى ئەنگلىيىگە قۇنالىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك ئىستىخبارات ئورۇنلىرىڭلار چوقۇم بۇ ئىشقا ئارىلاشقان دېگەن گەپ." زىياپەت ئۈستىدە، ستالىن خۇددى يېرىم چاخچاق قىلغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئەنگلىيىلىكلەرگە گۇمانلىنىپ روھكا سوقۇشتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چىن كۆڭلىدىن چىققان سۆزلەر ئىدى.[194] ئەگەر ئۇنىڭ ھېسىنىڭ ئەنگلىيىگە كېلىش مەقسىتى ئۈستىدە خاتا خۇلاسە چىقىرىدىغان ئانالىز قىلماي بۇنى مەركەز تەمىنلىگەن ئىستىخبارات ئانالىزى دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇنداقتا بۇ ئىستىخباراتلار ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بۇنداق خاتا خۇلاسە چىقىرىدىغان قارىشىنى كۈچلەندۈرۈپ بەرگەن بولىدۇ. ھەتتا 90-يىللارنىڭ باشلىرىدىمۇ، ك گ ب نىڭ بىر نەپەر باياناتچىسى ئاشكارە بىر شەكىلدە بۇ خىل سۇيىقەست نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. 1941-يىلى ھېسىنىڭ يېنىغا تېنچلىق تەكلىپلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئېلىپ ئەنگلىيىگە كەلگەن. رۇشەنكى رۇسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تا بۈگۈنگىچە بۇ يالغان سۇيىقەست نەزەرىيىسىگە ھېلىمۇ ئىشىنىدىكەن.

1943-يىلى 25-ئۆكتەبىردە، مەركەز لوندوندىكى ئىستىخبارات پونكىتىغا ئۇختۇرۇش قىلىپ، "5 نوچىلار" تەمىنلىگە زور مىقداردىكى ئىستىخباراتلارنى ئۇزۇندىن بۇيان ئەنگلىيىنىڭ سۇيىقەست قارىشى بويىچە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، بىز ئۇلارنىڭ يەنى "5نوچىلار" نىڭ ئىككى تەرەپلىمە جاسۇسلار ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەشتۇق. ئەسلىدە ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ قوماندانلىقىنى ئېلىپ يۈرەتتىكەن. ئۇلار تا كامبىرىژدا ئوقۇۋاتقان يىللىرىدىلا ۋېلبى، مىكلېيىن ۋە پوگىرسلار بىر ئېھتىمالدا ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى سولچىل تەشكىلاتلار ئىچىگە سىڭىپ كىرگەنلىكى ئېھتىمالى بار. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار تېخى سوۋېت ئىچكى

ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئادەملىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىمىغان ۋاقىتلار ئىكەن، مەركەزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشى پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار نىمە ئۈچۈن ئەنگىلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن دۆلەت ئامانلىق ئىدارىسىغا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ سادىق مورتلىرى بولغان كامبىرىژ مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر شۇنچىۋالا سەزگۈر ئورۇنلارغا كىرىپ ئىشلىيەلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. "شاكىچىك" (فىلبىينى دىمەكچى) مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىدىن شۇنىڭدەك تونىي (بۇلۇنتنى دىمەكچى) دۆلەتلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىدىن تەمىنلىيەلىگەن بىرمۇ سوۋېت جاسۇسى بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئەھۋال شۇنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرمەكتىكى، ئۇلار ئەسلىدە ئەنگىلىيىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىزنىڭ دۆلەت ئامانلىق خەلق ئىشلاركومىسسارلىقىنى يالغان ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان ئىكەن:

پۈتكۈل بۇ جەرياندا، "شاكىچىك" بىلەن تونى ئىككىسىلا ئەنگىلىيە ئالاھىدە ئورۇنلىرىغا ئىشلەيدىغانلار ئىكەندۇق، "ئارال" (ئەنگىلىيىنى دىمەكچى) نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىدىكى مۇھىم ئەنگىلىيە جاسۇسلىرى ھىچقاچان بىزگە ياردەملىشىپ باقمىغان.

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئەسلىدىنلا "مۇھىم جاسۇس " بولۇپ باقمىغاچقا، فىلبىي بىلەن بۇلۇنتنى پاش قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇنداق بىر ئېھتىماللىق ئېنىق مەلۇم بولىدىغاندەك قىلىسىمۇ، مەركەزنىڭ سۈيىقەس نەزەرىيىچىلىرى بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. فىلبىي تەمىنلىگەن نۇۋەتتە "ئارال" (ئەنگىلىيىنى دىمەكچى، مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى) تېخى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت ھەقىقى ئىستىخباراتلار مەركەزنىڭ قارىشىدا پۈتۈنلەي يالغان ئىستىخباراتلار ھېساپلىنىدىكەن. 195

گەرچە " 5 نوچىلار" ئىككى تەرەپلىك جاسۇس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداقتا ئۇلار يېتىشتۈرگەن ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىيەتىغا تەمىنلىگەن جاسۇسلارمۇ ئېنىقكى ئۇلار سۇقۇپ كىرگۈزگەن ئىشپىيونلار

بولىدۇ خالاس. پېتىر سىمولىست (پارولى ئابۇ) دەل ئەنە شۇنداق ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى قاتتىق ئەنسىرەيدىغان تىپىك ئۆلگىلەردىن بىرسى. 1941-يىلى ئۇ مۇۋەپپىقەت بىلەن ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىستىخبارات مىنىستىرىنىڭ رۇسسىيە باشلىقى بولىۋالغان. 1943-يىلى ئۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەملىك سوۋېتكە يېقىنلىق قىلىدىغان تەشۋىقات ھەركىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. فېۋرال ئېيىدا ئۇ ئىرپۇت زالىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 25 يىللىق خاتىرە كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، بارلىق پارتىيە تەشكىلاتلارنىڭ مۇھىم سىياسىيونلىرىنى بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرغان. بارلىق پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ پروگىراممىلىرىدا جون جېرگۇدنىڭ ۋە لاۋرىنس ئولىۋېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ياتلاتقان. سىمولىت ئىشچىلارنى تەشكىللەپ "ئۇرۇش دەۋرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى" دېگەن كىنونى كۆرسەتكەن. كىنونى كۆرگەنلەر بىر مىليون 250 مىڭ كىشىگە يەتكەن. پەقەت 1943-يىلى سىنيەبىردە، ئىستىخبارات بۆلۈمىدىنلا 34 ئورۇندا سەھنە بولۇپ، 9 مەكتەپ، 1 ۋاسكىتبول مەيدانىدا 35 زاۋۇد، 100 ئىختىيارى جەمئىيەت تەشكىلاتلاردا، 28 خىل مۇداپىيە تەشكىلاتىدا سوۋېت ىتتىپاقىنى ئاساس تېما قىلىنغان يىغىلىشلار بولغان؛ ئەنگىلىيە رادىئو شىركىتى بۇ ئايدا جەمئى 30يۈرۈش مەزمۇندىكى مول مەزمۇنلۇق نۇمۇرلارنى كۆرسەتكەن. شۇنداقتىمۇ، سىمولىت كېڭەيتكەن جاسۇس بولغاچقا، مەركەزنىڭ كۆزىدە ئۇ چوقۇم ئەنگىلىيە جاسۇسى ھېساپلىناتتى. ئۇ باشقا كەڭ دائىرىلىك سوۋېتكە يېقىنلىق تەشۋىقات پائالىيىتى تەشۋىقات ھەرىكىتىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلار مەركەز تەرىپىدىن ئەنگىلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىشلار كومىسسارىياتىنى مەدەھلەپ گۈل-چېچەكلەر بىلەن پۈركىۋەتكەن. ئەمما، مەركەزدىكى ئەڭ جاھىل ئۇنسۇرلار ئىچىدىكى سۈيىقەستچىلارمۇ بۇنىڭغا ھېچ قانداق مەنا بېرەلىگىدەك بىرەر ئىستىخباراتقا ئىگە بولالماي قالىدۇ. مەركەز 25-ئۆكتەبىردە، لوندون ئىستىخبارات پونكىتىغا يوللىغان مەكتۇبىدا بۇ چۈشىنىكسىز مەسىلىگە بىر قىسىم ئېھتىماللىق ئىزاتلىرىنى بېرىپ ئۆتىشىدۇ. مەركەزنىڭ قارىشىچە، "5 نوچىلار" بۇيرىق بويىچە ئەنگىلىيىگە زىيان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈرمەيدىغانلىقى گېرمانىيە مۇھىم ئىستىخباراتلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يوللىغان ئەنگلىيە سىياسىتى توغرىلىق ئىستىخباراتلارنىڭ تېخىمۇ زور ئىشەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

1943-يىلى ئاپرىلدا، ئەڭ قىممەتلىك "نېمىسلارنىڭ ھەركىتىگە دائىر ھۇججەت ماتېرىياللار" نى كىنكروس بولىچى باغچىسىدىن تەمىنلىگەن شىيفىرسى يېشىلگەن گېرمانىيە تېلگراممىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. چەتئەل ئىستىخبارات[196] ئىدارىسى نەشىر قىلغان ۋىيتىگىنىڭ قىسقىچە تەرجىمە ھالىدىن ئەنگلىيىدىن قولغا كەلتۈرگەن، ئەنگلىيە رازۋېتچىكلىرى يەشكەن گېرمانىيە ئەھۋاللىرى تەييارلانغان كورسك ئوپېراتسىيىسىدىن ئاۋال ئىستىخباراتلار، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە قىزىل ئارمىيە ھىتلېرنىڭ شەرق فرونتتا قوزغىغان ئەڭ ئاخىرقى چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىنى توساپ قالالىغانلىقىدەك ماتېرىيالنى ئەۋەتكەن. كىنكروس يېشىپ تەييارلىغان گېرمانىيە ئايرىدروملىرىغا ھۇجۇم قىلىش، شۇنىڭدەك 500 گېرمانىيە ئايروپىلانىنى ۋەيران قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئىستىخباراتىنىمۇ ئۇ ئەۋەتكەن. بۇ ئىستىخبارات ئوپېراتسىيىسىدە بەكلا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەمما مەركەز سۈيىقەست نەزەرىيىسىگە بەكلا چوڭقۇرپېتىپ قالغاچقا، كورسك ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئىستىخبارات يوللىغانلارنى ئەنگلىيە تەپسىلى لايىھىلىگەن ئادەم ئالدايدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇڭا، ئۇ لوندون ئىستىخبارات پونكىتىدىن "5 نوچى" بىلەنمۇناسىۋەتى بولمىغان يېڭى بىر ئىستىخبارات تورى قۇرۇپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار "5 نوچىلار" نى قوش تەرەپلىك جاسۇس دەپ گۇمان قىلاتتى. ئەمما ئىستىخبارات پونكىتى بەربىر بۇيرۇق قىلغۇچى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاچ، بۇ ئوچۇق زىددىيەتلىك لارغىمۇ مەركەز مۇنداق 3 تۈرلۈك سەۋەبنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرمەكچى بولىشىدۇ. بىرىنچى خىل چۈشەندۈرۈش، ئەگەر ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئەگەر ئۇلار "5 نوچىلار" قاتارىدىكى جاسۇسلاردىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ پاش قىلغىدەكلا

بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەنگىلىيە تەرەپ چوقۇم دەرھال ئۇلارنىڭ ئورنىغا چىقىدىغان يېڭى بىر جاسۇسلۇق تورىنى قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر، ئىككىنچىسى، "يەنە بىر قىسىم " 5 نوچىلار" زادى نېمە قىلماقچى بولىدىغانلىقى ئېنىقلانسىمۇ، مەركەز يەنىلا بۇ ھەقتە كۆڭلىدە بىرەر سان يوق. چوقۇم شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇركى، بۇ جاسۇسلار تەشكىلاتى قەتئىي تۈردە بىزنى خاتا يولغا باشلىماقچى بولغانىكەن" ھېچ بولمىغاندا ئۇلار يەنىلا بىر قىسىم گېرمانىيە بىلەن باشقا جەھەتلەردىكى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. " ئۈچىنچىسى، بىر قىسىم جاسۇسلۇق تەشكىلاتى توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى تولۇق ئېنىقلىيالمىغىنىدا" مۇنداق ئېيتقاندا "5 نوچىلار نىڭ زادى نېمە قىلماقچىلىقى توغرىلىق مەركەزنىڭ كۆڭلىدە يەنىلا بىرەر سان يوق.

ئۈچىنچىسى ئەنگىلىيە ئىستىقبارات ئورگىنىنىڭ سۈيىقەستلىرىنى تەل تۆكۈس ئاشكارىلاپ چىقالىغىنىدا مەركەز بىرىنچى قېتىم لوندون ئىستىخبارات پونكىتىغا 8 كىشىلىك رازۋېتكا گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ "5 نوچىلار" بىلەن قالغان گۇمانلىق ئىككى تەرەپلىمىلىك جاسۇس دەپ بىلىنگەن جاسۇسلارنى ئايرىم ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بۇ جاسۇسلارنىڭ ئەنگىلىيە تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان كىشىلەرنى تېپىپ چىقىش. بۇ گۇرۇپ يەنە سوۋېت باش ئەلچىخانىسىنىڭ زىيارەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش، مەركەز شۈبھىلىك دەپ قارىغان ئەنگىلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلسىلا ئەۋەتىلگەن بۇ تەكشۈرگۈچىلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھېچبىرى ئېنگىلىزچىنى بىلمەيدىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى تىپىك سوۋېت ئىتتىپاقى كىيىمىنى كىيىدىغان بولۇش، ئەنگىلىيە مۇھىتىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەركىن بولالماسلىقتەك تەمتىرەش ئىچىدە كۆرۈنۈپ بىر قاراش بىلەنلا ئۇلارنى تونۇۋالغىلى بولىدىغان قىلىش، نەتىجىدە ھەر دائىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە پايلاقچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىندۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش تەس. " 5 نوچىلار" نى پېيىغا چۈشۈش[197] باشقىچە سۆز قىلمايدىغانلا بولىدىكەن، بۇ ئاخماقانىلارچە ھەرىكەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات سىستېمىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەيىبى ئىكەنلىكىنى نامايىش

www.uyghurkitap.com

قىلىش. مەركەز غەرپ ئەللىرىدە ئىستىخبارات يىغىش قابىلىيىتىنىڭ ھەر دائىم ئۆلارنىڭ بۇ تۈردىكى ئىستىخباراتلارنى تەھلىل قىلىشقا ئىمكان قالدۇرماسلىق تەسىراتىنى بېرىش، موسكۋا ئەنگلىيە ئىتتىپاقدىشىنىڭ سۈيىقەست قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن تەسىرگە ئۇچراپ سوۋېت رەھبەرلىكى لوندوننىڭ سىياسەتلىرىنى چۈشىنىشتە گويا بىرىنچى پاي ئاتوم بومبىسىنى دورىغانغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش (بۇ بىر ئابزاسنىڭ تەرجىمىسى پەقەتلا چۈشىنىكسىز)[198] .

# سەككىزىنچى باپ
# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غالىپلىرى

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى "ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتلەر" سەۋەبىدىن، مەركەز پىرىزدېنت رووۋېلتتىنمۇ گۇمانلانمايمۇ تۇرالمايتتى. بىر قىسىم مەسلىھەتچىلەر مۇ ئۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان چېرچىلنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پىلانىغا ئىشىنەتتى، ئەمما روزۋېلتنىڭ ئۆزىگە قارىتا گۇمانى ھەرگىزمۇ چېرچىلگە بولغان گۇمانىدەك ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. مەركەزمۇ كامبرىج "5 نوچىلىرى" دىن گۇمانلانغىنىدەك ئاخماقانىلارچە ئامېرىكىنىڭ جاسۇسلىرىدەك ھەممىنى قوش تەرەپلىك جاسۇس دەپ قارىمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى بىر ھېسابتا ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسى قۇرۇلغان كۈنىدىن تارتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ جاسۇسلىرى ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن دەپ قارىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورۇنلىرىمۇ سوۋېتنى ئالداپ يۈرگىنىدەك ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرىدۇ دەپ ئويلاپ كەتمەيتتى. خۇددى ئۇلارنىڭ خىيالىدىكىدەك ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا ئوخشاش "5 نوچىلار" نى تېزگىنلەپ يۈرىدۇ دېگەندەك ئويلاپ كەتمەيتتى. ئامېرىكا كومپارتىيىسى تروتسكىغا يوشۇرۇن سۇيىقەست قىلىشنى قوللاپ بەرگىنىدەك "جاسۇس ۋە خائىنلارنى تازىلاش" ھەرىكىتىدە كۆرۈلگىنىدەك ئۇنچىۋالا قىزغىن بولۇپ كەتمىگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ كومىنىستلارنىڭ يەر ئاستىدا تەشكىللىنىپ جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇشىنىڭ ئىشەنچىلىك بۆشۇكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشمىغان ئىدى. ۋاسىلى زاروبىن مەخپى جاسۇسلار بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغان ئامېرىكا كومپارتىيە رەھبىرى ئور پلوتى بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت قىلىشنى بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خالاپ كەتمەيتتى. ئۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتىكى، مەخپىي ئىستىخبارات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەر ئاستى كومپارتىيىلىكلەرنىڭ تولۇق ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلاتتى،

شۇنداقتىمۇ، 1943-يىلى كىرىشلىرىدە، مەركەز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىكى ھەددىدىن چوڭ ، شۇنىڭدەك توختىماي كېڭەيتىلىۋاتقان ئىستىخبارات تورلىرىنىڭ بارغانسېرى بىخەتەرلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىنمۇ ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. زارۇبىن ئامېرىكا كومپارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكىنىدە ۋە ئۇلارغا موسكۋا يەتكۈزگەن يوشۇرۇن پارتىيە چىقىم پۇلى بىلەن تەمىنلىگىنىدە بارغانسېرى ئېھتىياتسىزلىشىپ كېتىدۇ. مىتروخىن خاتىرلاپ چىققان بىر پارچە ئارخىپتا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: "زارۇبىن مەركەزنىڭ [199] تەستىقىنى ئالمايلا، مەخپىيەتلىك ئىنتىزامىغا كەسكىن خىلاپلىق قىلغان". بىر قېتىمدا ، پىلوتى زارۇبىندىن پارتىيە پۇلىنى ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ چىكاكودا تۇرۇشلۇق بىر مەخپىي تەشكىلاتىغا ئاپىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ك گ ب نىڭ ئارخىپلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، زارۇبىن ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلغان. يەنە بىر قېتىمدا، 1943-يىلى ئاپرېلدا، زارۇبىن كالىفورنىيىگە بېرىپ شىمىدىز نارسۇن بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىدۇ. ئۇ چاغدا نارسۇن بىر كومپارتىيە كالىفورنىيە ياچېيكىسىدا جاسۇس ۋە ئىستىخبارات تەمىنلەيدىغان بىرسىنىڭ يوشۇرۇن يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىغا مەسئۇل بولماقتا ئىدى. بىرىنچى قېتىم زارۇبىن نارسۇننىڭ تۇرغان ئۆيىنى تاپالمايدۇ، ئىككىنچى قېتىم زارۇبىن ئۇنىڭ ئۆيىنى تېپىپ نارسۇن بىلەن كۆرۈشكىنىدە، ئاندىن پارتىيە پۇلىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرالايدۇ. ئەمما بۇ چاغدا، ف ب ئا نارسۇننىڭ ئۆيىگە تىڭشىغۇچ ئورنىتىپ بولغان ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇلار ئاڭلىۋالغان ئىكەن. كېيىن روزۋېلتنىڭ مەسلىھەتچىسى ھاك خوپكىنىس چاندۇرماي بېرىپ ۋاشىنگتوندىكى سوۋېت ئەلچىخانىسىدىكىلەرگە ئېيتىپ قويىدۇ. ئۇ يەردە بىر نەپەر خىزمەتچى ئۇلارنىڭ كالىفورنىيە كومپارتىيىسى تەشكىلاتىغا پارتىيە پولى تاپشۇرغانلىقىنى بىلىپ قالغانىكەن.

گەرچە بۇ ئاق نىيەتلىك بىلەن دېيىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، زاروبىن بەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ سالاھىيىتى ئاشكارلىنىپ قالغان ئىدى، تېخىمۇ يامان يېرى كېيىن ئوتتۇرغا چىقىدۇ. 4 ئايدىن كېيىن، نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋاسىلى مىرونوۋ ف ب ئاي غا زاروبىننى مەخپى دوكلات قىلىۋېتىدۇ. بۇرۇنلاردا مىرونوۋ قاتارلىق كىشىلەر مەركەزدىن زاروبىننى قايتۇرۇپ كېتىشى توغرىلىق تەلەپتە بولغان ئىكەن. ئەمما بۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان ئىكەن. 1943-يىلى 7-ئاۋغۇست كۈنى، خۇفىغا جىددى يوللىغان بىر نامسىز مەكتۇپتا مىرونوۋ بىلەن ئۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قالغان 10 نەپەر نيۇ يورك ئىستىخبارات پونكىتىغا تەۋە كىشىنى، دېپلومات دېگەن سالاھىيەت ئاستىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخباراتچىسىنى، پلوتى سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بار دەپ پاش قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە خولىۋودتىكى فىلىم ئىشلىگۈچى بورىس مولوس (پارولاسى روست) مۇ بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى دەپ پاش قىلىۋېتىلىدۇ. مىرونوفنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ قىسمەن مەقسىدى زاروبىنغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن كەلگەن بولسا، ئۇ ئىككىنچى كىشىلىك نامى بىلەن خۇفىغا دوكلات قىلغان. زاروبىن بىلەن مىرونوۋ ئىككىسى بىر بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالغان. قارىماققا مىرونوۋمۇ ئۆزىنىڭ 1940-يىلى پولشالىق ئوفىتسېرلارنى قىرغىن قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدە بىر تۈرلۈك غۇم ساقلاپ يۈرەتتىكەن. زاروبىننى سۇتلاپ ۋە قىزىل سكادا نۇرغۇنلىغان پولشالىق ئوفىتسېرنى قىرىپ تاشلىغان، ئەمما مىرونوۋ ستروسكادىمۇ بەكلا كۆپ پۇلشالىقنى ئۆلتەرگەن (ئەسلىدە زاروبىن ئۇلارنى سوراق قىلىشقا قاتناشقان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشمىغان ئىكەن)، شۇنداقتىمۇ مىرونوۋنىڭ مەكتۇبىدىن بۇنى ئوچۇق كۆرىۋېلىشقا بولاتتى،[200] ئەگەر ئۇنىڭ نېرۋىسىدا بىرەر مەسىلە كۆرۈلمىگەنلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا چوڭ تېررورلۇقنىڭ تەسىرىدە بىر تۈرلۈك غەلىتە بىر تەرەپلىمىلىك تەپەككۈر قىلىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان بولىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ زاروبىننى ياپونىيە جاسۇسى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايالنى گېرمانلار ئۆچۈن ئىشلەيدىغان بىرسى دەپ شىكايەت قىلىپ ھەيران قالارلىق خۇلاسە چىقارغان. "ئەگەر مىرونوۋغا زاروبىننى گېرمانىيە ۋە ياپونىيە ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مىرونوۋ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئالى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولىدىكەن ئۇنداقتا سوتقا تارتىلماستىن زاروبىننى دەرھال ئېتىپ تاشلاشقا توغرا كېلەتتى".

مىرونوۋنىڭ بۇ تۈردىكى نورمال ئەھۋالغا ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتى شىكايەت مەخپىي س ئى ئا غا تاپشۇرۇلغىنىدا، زاروبىن چوقۇم نيۇيوركتىن ۋاشىنگتونغا يۆتكىلىپ ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولاتتى. بۇ قېتىمقى يۆتكەش چوقۇم روزۋېلىت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك ئىستىخباراتلار كۆپىيىۋاتقان بىر ئەھۋالدا بولغان بولىشى كېرەك ئىدى. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئامېرىكىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولغان زاروبىن ۋاشىنگتوندا نيۇيورك بىلەن سان فرانسىسكو ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك مەسئۇلى بولۇپلا قالماي، شۇنىڭدەك يەنە ئامېرىكا كومپارتىيىسىگە مەسئۇل بولغان پىلوتى ۋە شۇنىڭدەك مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەتوف بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ بەكلا رازى بولىدىغاب بىر قىسىم جاسۇسلارغىمۇ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك ئىدى، بۇلاردىن فرانسىيە سىياسىيونى پىيىر كېت ۋە ئۇنىڭ گروس قولىدىن ئۆتكۈزىۋالغان ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئەمەلدارى، شىندېلىك بېرىۋلىچقىمۇ مەسئۇل بولىش كېرەك بولاتتى.

ئەمما سالسەھتى ئاشكارلىنىپ قالغىنىدىن كېيىن، زاروبىن ۋاشىنگتۇندىكى كۈنلىرى بەكلا تەسكە توختايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇنى ھەممىدى بەك نۇمۇسقا قالدۇرىدىغان بىر ئىش 1044-يىلى نىڭ باشلىرىدا لويىيس ئاننا شىتاتىنىڭ سام شيۇستون جىنىس سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىدىكى بىر قېتىملىق زىياپەتتە يۈز بېرىدۇ. زىياپەتتە مېھمانلار 3 تىن تۆتتىن بولۇپ شىتات سارىيىدا خالى بىر يەردە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، بىر نەپەر گويا زاروبىننىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بار بىر خانىم زاروبىنغا: "ئولتۇرۇڭ گېنېرال!" دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

ھېچقانداق بىر چاخچاقچى مىجەزلىك ئەمەستەك ھەمدە قوپال مىجەزلىك كۆرۈنگەن زاروبىن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ: "مەن گېنېرال ئەمەسمەن!" يەنە بىر ئۆزىنى ھەربى ئىستىخبارات ئورگىنىدا بىر ئوفىتسېرمەن تونۇشتۇرغان مىھمان ئۇ ئايال بۇنچىلىك ئىچكى ئەھۋاللارنىڭ خەۋىرىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى قاتتىق مەدھىيلەپ كېتىدۇ.ئاندىن ئۇ زاروبىننى تەكلىپ قىلغىنىدا 16 مىڭ نەپەر پولشالىق ئوفىسسېرنى قىرغىن قىلىنغانلىق (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ جەسىدى كاتىن ئورمانلىقىدا تېپىلغان) ۋەقەسىگە قارىتا ئۆز قارىشىڭىزنى بايان قىلىپ باقماسىز، دەيدۇ، بۇ زاروبىننى تېخىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا قويىدۇ، زاروبىن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، نېمىسلار بۇ ئىشنى سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى قىلغان. ئۇلار ئۇ يەردە ئاشۇ پولشالىقلارنى قىرىۋەتكەن دەيدۇ. بۇلار نېمىسلارنىڭ ۋاشىزىم ئىتتىپاقداشلىقىغا زىددىيەت ئۈيدۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرغا چىقارغان ئۈيدۇرما[201] . بۇنداق گەپلەرگە ساددە بالىلارلا ئىشىنىدۇ، دەيدۇ،

شۇندىن كېيىن زاروبىن مەركەزنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىرايىدىكى رەزىل قىياپەتنىڭ ئىشكارلىنىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ دىققەتسىزلىكىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىلىقلار بىلمىدىم قانداق يوللار بىلەن مېنىڭ كېرىسكىدىكى پولشالىق ئوفىتسېرلارنىڭ سوراق قىلىنىش ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بولغىيتى. ئەمما ، مەركەز ئۇنىڭ گەپلىرىنى قەتئى ئىلىك ئالمىدى. مەركىزىي كومىتىتقا يوللىغان بىر مەكتۈپتە، دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارلىقىنىڭ باشلىقى مۇنداق دەيدۇ، زاروبىن ئامېرىكىدا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، خىزمىتىدى بىر قاتار زور خاتالىقلار كۆرۈلگەن ئىدى، تېخى يېقىندىلا خۇۋى زاروبىننىڭ مىرىنوۋنىڭ گۇيا ستالىنغا بىر پارچە خەت يېزىپ ، زاروبىننىڭ ۋ ب ئاي بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى پاش قىلغان. 1944-يىلى زاروبىن بىلەن مىرونوۋنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا موسكۋاغا قايتۇرۇپ كەلگەن. تا بىر قانچە ئاي ئاۋاللا لوندون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئانا تولى گورسكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاروبىننىڭ ئامېرىكىدىكى ئىشىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان، زاروبىن موسكۋاغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن مىرونوۋنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا تېزلا ئۆزىنىڭ ئورنىنىقايتا تىكلىۋالىدۇ. ھەمدە چەتئەل ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى قولىدە تۇتىدىغان ئىككىنچى قول كىشىگە ئايلىنىۋالىدۇ. 3 يىلدىن كېيىن زاروبىن سالامەتلىكى ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرسىتىپ پېنسىيىگە چىقماقچى بولغىنىدا، ئۇ ئۇڭۇشلۇق تۈردە ئۇرۇش دەۋرلىرىدە ئامېرىكا ئىستىخبارات ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىلىق نەتىجىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، شەرەپ بىلەن ئىككى تال لېنىن مېدالىغا، ئىككى تال قىزىل بايراق مېدالىغا، بىر تال قىزىل يۇلتۇز مېدالىغا ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مېداللارغا ئېرىشىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىنچە، مىرونوۋ موسكۋاغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ئۇزۇنغا قالمايلا سوتلىنىپ 5 يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە مەھكىم قىلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىر ئېھتىيالدا زارابىنغا تۆھمەت قىلىش بولىشى مۇمكى. 1945-يىلى مىرونوۋ جازا ئۆتەۋاتقان پەيتلىرىدەئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ پولشالىق ئوفىسسېرلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسىدىكى س ئى ئا ئىدارىسىدىكىلەرگە سۇنۇشقا تىرىشقان.[202] ئىككى يىل ئاۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىستىخباراتنى فېدېرال يەكشۈرۈش ئىدارىسىغا سۇنغان ئىدى، بۇنىڭدىن مەركەزنىڭ پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى، ئەمما بۇ قېتىمدا ئۇ نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ، ئىككىنچى قېتىم سوتلىنىپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ.

گەرچە زاروبىن بىلەنمىرونوۋقايتۇرۇپ كېلىنگىنى بىلەن، ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا بىر بىرىنى ئەيىپلەش ئىشلىرى تۈگەپ قالمايدۇ. خۇددى مىرونوۋنىڭ زاروبىنغا سوتقا تارتىلغىدەك ئەرلەرگە ئوخشاش، بەزى شىكايەتلەر ۋوتۇنلەي ئۇيدۇرما ئىدى، 1944-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن سان فىرانسىسكو ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى گېرىگورى پاۋلوۋىچ كاسپاروۋ مەركەزگە سۇنغان بىر تېلېگراممىسىدا، مېكسىكا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى[202] لېۋ تاراسوۋنى تروتسكىينى ئۆلتۈرگەن رامىن مېركادىنىڭ

ھەرىكىتىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن، شۇڭىدەك ئۇ راھەت پاراۋانلىق تۇرمۇش ئىچىگە پېتىپ قالغان، يېنى دېيىشلەردىن قارىغاندا تاراسۇۋ بىر تىياتىرخانىنىڭ بىر بىناسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇ يەرنى خىزمەتچىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەننىڭ ئۈستىگە يەنە ئىككى نەپەر خىزمەتچى يالىغان، شۇڭىدەك يەنە توخو قۇشلارنى باقىدىغان ئىشلىرىنىمۇ مەركەزگە ئېيتىناي، ئۇلارغىمۇ نۇرغۇن ۋاقىت سەرىپ قىلىۋەتكەن، ئەمما توخو بېقىشى ئىشىنى مەركەز ئەنگە ئالمىغان.

نيۇ يورك ئىستىخبارات پونكىتىدىمۇ چىقىشالماسلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، 1944-يىلىنىڭ كىرىشىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زادىلا سىرتقا چىقىپ باقمىغان سىچىۋان ئاپولىچ (پاروﻻسى مىي) نيۇ يورك ىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىشىدۇ. تېخى ئەندىلا 28 ياشنىڭ قارىسىنى كۆرگەن جاسۇسنىڭ پەقەتلا تەجرىبىسى يوق، ئۇنىڭ تەيىنلىنىشى ئۇنىڭ كاندىتى بولغان مول تەجرىبىلىك رولاند ئابىيات (يالغان ئىسمى ۋىلادمىر پولاۋكىن، پاروﻻسى سېرگېي) نىڭ قاتتىق غەزىۋىنى كەلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئىلگىرى خائىنئىنىياس پولىسكىنى جايلىۋېتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان پىشقەدەم جاسۇس، تىس ئاگېنتلىقى نيۇيورك ئىش بىرىش ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى سالاھتىگە پۈركۈنۈپ، ئامېرىكانىڭ ئىستىخباراتىنى ئاۋئىچىنغا قارىغاندا پىششىق بىلىدىغانلىقى ئېيتىدۇ. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئۇنىڭ كەسپى سەرگۈزەشتىلىرى .... داۋاملىق ئوڭۇشلۇق بولماي كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ 1902-يىلپېتىربورگدا تۇغۇلغان. ئەمما دادىسى بىر فرانسۇز بولۇپ، شۇڭىدەك 1920-يىلى فرانسىيىگە قايتىپ كەتكەن بېرىپ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە فرانسىيىنىڭ ئابىيات دېگەن يېرىگە كېتىپ 1920-يىلى فرانسىيىگە قايتىپ كەلگەن بىر فرانسۇز. ئاندىن تا 1932-يىلىغىچە فرانسىيىدە ياشىغان شۇ چاغدىلا دۆلەت سىياسى ئامانلىق باش ئىدارىسىنىڭ بىر ئىشپىيونلۇقىغا كېڭەيىلگەن.

ئاپولىچىنىڭ قابىلىيەت جەھەتىدىكى كۆرىنەرلىك يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، 1944-يىلى كۈزدە، مەركەز ئەمەلىيەتتە ئابىيات يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئىستىخباراتپونكىتىغا ئاپولىچىن بىلەن تەڭ

www.uyghurkitap.com

ئورۇندىكى بىرسىنىڭ يېنىغا يۆتكىگەن. ئۇ ئاپولچىننى تەنقىتلەپ كېلىپ ئۇنى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغىدەك قابىلىتى يوق دەپ تەنقىت قىلىپ موسكۋاغا ئۇنى قاتتىق تەنقىتلەپ بىر پارچە خەت يازىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭدا قول ئاستىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىدەكمۇ قابىلىيەت يوق دەيدۇ:

مىي دېگەن بۇ ئادەم كىشىلەر بىلەن ياخشى ئۆتكىدەك ئازراقمۇ ماھارەت يوق، ھەر دائىم بەكلا قوپال ئىش ھەرىكەت قىلىدۇ ھەمدە قاخشاپلا يۈرىدۇ. ئۇ خىزمەتچىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە پەقەتلا ۋاقىت ئاجراتمايدۇ. ... بىر جىددى مەسىلە چىقىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغىدەك بولسىمۇخېلى كۆنلەرگىچە ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب چىقمايدۇ. ... بۇ كىشىدە چەتئەلدە خىزمەت ئىشلەشنىڭ قىلچىمۇ تەجرىبەيوق،[203] بۇ كىشى تېز (نىيويورك ئىستىخبارات پونكىتى)'ىش بىجىرىش ئورنىڭ خىزمەتلىرىنى قەتئىباشقورالمايدۇۋە يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ.

ئابىيات ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتىكى، بۇنىڭدەك بىر مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ۋە ماس كەلمەيدىغان ئىستىخبارات پونكىتى مەسئۇللىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چوقۇم مەركەز ئۈستىگە ئېلىشى شەرت. بۇ ھالەتتە نيۇيورك ئىھتىخبارات پونكىتى بىرەر يىلدەك داۋاملاشقاندىن كېيىن،پونكىت باشلىقى بىلەن مۇئاۋىن پونكىت باش؛ىقئوتتۇرسىدىكى ئىختىلاپتىن كېيىن ئاخىرى ئابىياتىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. 1945-يىلى مارت ئېيىدا، ئاپولىكىن ساب فرانسىسكوغا ئالماشتۇرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئابىيات نيۇيورك ئىستىخنارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ.

1944-يىلى يازدا،ۋاشىنگتون بىلەن نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتئىبغىر قالايماقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالغان ۋاقىتىدا، لوندون ئىستىخبارات پونكىتى نورمال ھالەتكە كېلىدۇ. شۇ يىلى "5 نوچىلارنىڭ ئەنگلىيە يولىيورىقىدا ھەرىكەت قىلىدىغان جاسۇسلار دەيدىغان شۆبھە رەسمى يوق بولىدۇ. 29ئىيۇل كۆنى مەركەز ئەينى ۋاقىتتىكى كونىستانتىن، مىخايلۇۋچ كوكىن (پارولاسى ئىگور) باشلىقلىقىدىكى

لونـدون ئىسـتىخبارات پونكىتى ئۈچۈن ئېيتقانـدا يېقىنـدا فېلبىي تەمىنلىگەن ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ھۆججەتلىرى باشقا يوللاردىن كەلگەن پاكىتلار بىلەن راستلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. (بۇنىڭ بەزىلىرى بىر ئېھتىمالدا ئامېرىكا مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن ئامېرىكا ئىستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان يوقۇرى دەرىجىلىك مۇتلەق مەخپىي ماتېرىياللاردىن كەلگەن بولىشى ئېھتىمال.) قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ ماتېرىياللارنىڭ راستلىقى بىلەن شاكىچىكنىڭ بىزگە ئىشلىگەن ۋاقتىلىتىدا راسىچىللىقى پۈتۈنلەي ئىسباتلاپ چىقتى. بۇلار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىپادىسىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرىشىمىز شەرت ئىكەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئىش ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ھەر قانداق ئىش بولمىسۇن ساقلىشىمىز كېرەكلىكىنى زۆرۈر قىلدى:

بىزنىڭ شاكىچىك نىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك..... ئەگەر ئەپلىك بولىدىغانلا ئىش بولسا. ئەڭ سىلىق ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا 100فوند ستېرلىڭ ياكى شۇ قىممەتتە سوغات ئېلىپ ئۇنى تەغدىرلىشىمىز كېرەك.

فېلبىنى ئوبىكتىپ ئەللەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن جاسۇسىنىڭ ئاجايىپ ئىشلىرى ئۈچۈن مەركەزنىڭ يېقىنقى 6 يىل بويىچە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى پەس كۆرۈش، سەل قاراش، ۋە گۇمانلىنىشلارغا ئۇچرىدى.ئاخىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا خاتىما بېرىلىپ، بۇ قېتىمقى بەكلا كىچىككەن مۇقىملاشتۇرۇشقا ئۇ بەكلا ئەپسۇسلانغاندەك بولسىمۇ بەرىبىر رەخمەت بىلدۈردى.ئۇ موسكۋادىن سوراپ مۇنداق دوكلاد قىلىدۇ سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنچە كېچىكتۈرۈپ بېكىتتىڭلار: "بۇ ئون يىللىق خىزمىتىم جەريانىدا مەن ھېچ قاچان بۇ قېتىمقىدەك سوغات قوبۇل قىلغىنىمدەك ھاياجانلىنىپ باقمىغان ئىدىم. ھەمدە سىلەرنىڭ سوغىتىڭلارنى ئالغىنىمدەك (سىلەرنىڭ رەخمىتىڭلارنى ئالغىنىمدەك)بۇنداق بىر خەۋەردىن بۇنچىلىك ھايانلىنىپ باقمىغان ئىدىم. "

مەركەز فېلبىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى فېلبىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىستىخباراتلىرىدىن ئىشەنگەنلىرىدىن مۇنۇلار بار ئىدى، ئۇنىڭ 1944-يىلىنىڭ باشلىرىدا تەمىنلىگەن ئەنگىلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلغان "سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ بۇرۇن قانات يايدۇرغان پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش" مەقسەت قىلىنغان 9-باشقارمىنىڭ دوكلادى بولۇپ، ئۇنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن يول كۆرسەتكۈچىسى باۋلۇس كېلىتىڭشىبىرد (پارولاسى كروتوف قىيۇلغان ئىسمى لىبلىلىڭ) نىڭ چىڭ تۇرۇپ ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن، فىلبى شۇ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن كېڭەيتىلگەن 9- باشقارمىنىڭ باشقارما باشلىقى بولىدۇ. ھەمدە بىر پارچە دوكلات سۇنىدۇ " ئۇنىڭ مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى ئىشدېشى روبېرت سېشىر كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ابلبى دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىر،،،، ئۇنىڭ كېرىملىل سارىيىدا ئەنگىلىيىنىڭ ئۇرۇشتى قېيىن قانات يايدۇرۇلغان بارلىق كومىنىزەمغا قارشى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى جاسۇسلۇق يارىخىدا بەك كام ۆرۈلىدىغان بىر ئەھۋال. -ئەگەر بۇنداق بىر ئەۋالنى بار دېيەلىسەك- ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىرسىنى كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە، پەقەتلا ئۆلگىسى ئاز ئۇچرايدۇ."

فىلبى مەركەزنىڭ سوغىتىنى تاپشۇرىۋالغىنىدا، كېنكروس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كورسىكتا قولغا كەلتۈرگەن كومىدىيىلىك غالىبىيىتى ئۇغچغىن قوشقان تۆھپىسىمۇ كېچەكەپ بولسىمۇ مۇكاپاتلاندى، كىلىتىڭ شېرد كىنكروسقا خەۋەر بېرىپ ئۇنىڭ سوۋېت ئەڭ يوقۇرى ئابروي قازاندۇرىدىغان تەغدىرنامە- قىزىل بايراق مېدالىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئوختۇرىدۇ. كرىتىڭ شېرد يىپىك بىلەن بىزەلگەن قۇتىنى ئېچىپ ئىچىدىن مېداليوننى چىقىرىپ كېنكروسنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. ئۇ مەركەزگەدوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. كىنكروس بۇ ئوردىنىنى قولىغا ئېلىپ قاتتىق ھاياجانلانلىنىپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇنىڭغا بۇ ئوردىنىنى قەتئىي تۇردە موسكۋادا ساقلىنىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان. گەرچە بۇ ئوردىن بەك كېچىكىپ بېرىلگەن، رولىنى پەقەتلا جارى قىلدۇرالمىغان بولسىمۇ، 19430يىلى يازدا، ئۇ بىر تەرەپتىن بەلگىلەنگەن

ۋاقىتلار بويىچە لوندون رازۋېتكىچىلىرى يېشىپ چىققان مەخپىي ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا لوندونغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ قىيىنچىلىق تارتقان بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتە گورسىجىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىنغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلىكتە قالىدۇ. كىنكروس بۇرچىلى باغچىسىدىكى تېخنىكىلىق رازۋېتكا قىلىش ئىشىدىن ئايرىلىپ ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىدا ئىش تېپىۋالغىنىدىن كېيىن، ئاۋال [205] 5-باشقارمىسىغا (سىياسىي ئىستىخبارات باشقارمىسى) ئالمىشىدۇ، ئەمما مەركەزنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ ئورنى روشەنكى فىلبىنىڭ ئورنىدەك ئۇنچىۋالا ماس كەلمەي مۇھىم بولماي قالىدۇ. بىرىنچى باشقارمىنىڭ باشلىقى دېۋىت فۇتماننىڭ دېيىشىچە كېنكروس دېگەن بۇ كىشى " شەلتە بىر ئادەم، پازىتسىيىسىمۇ بەكلا مەغرۇر"

مەركەزنىڭ ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە قارىتا يېڭىدىن سىناق قىلىشىنىڭ ئىلھامى بىلەن، "5 نوچى" ئارىسىدىكى يەنە بىرسى ــ مېكلېيىن ، پورگىس ۋە بۇلۇتىد ــ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار بۇرۇنقىسىدىن كۆپ، 1944-يىلى كۈزدە، مىكلېيىن ئەنگلىيەنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق بىر قىيىنچىلىق يوق. خىزمەت ۋاقتى ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ كېرەك يوق. بۇ جەرياندا باشقىلارغا خاكىس ياردەمدە بولىدىغان ياخشى نام قازاندى. ئۇ ھەرقانداق بىر كېسەللىكتىن قورقمايدۇ. ياكى دەم ئېلىشلارنى قويۇپ تۇرالايدۇ، ياكى بولمىسا بەك ئاكتىپ ئىشلەپ كەتمەيدىغان سەبداشلىرىنىڭ تاشلاپ قويغان ئىشلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ئۇگىشىيالايدۇ، " 1945-يىلى باھاردا، ئۇ ئوگۇشلۇق تۈردە ئەڭ يوقۇرى ئىلھامغىمۇ ئېرىشەلىگەن ئىدى. شۇنىڭدەك دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىيتىنىڭ قارىشىدائەڭ مۇھىم سىياسەت ساھەسىدە، يەنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكابىرلىشىپ ئاتوم بومبىسىنى تەتقىق قىلىش ئورگىنىدا ئىشلەشكە كىرىپ ئالىدۇ.

مېكلايىن ۋاشىنگتونغا ئاماشتۇرۇلۇپ ئۇزۇنغا قالماي. پورگىسمۇ دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدەئاخبارات باشقارمىسىدا بىر ئىش تېپىۋالىدۇ، بۇ ئۇنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتىدىكى قىممىتىنى

www.uyghurkitap.com

ئارتۇرىدۇ. پورگىس مۇددەت بويىچە چوڭ بىر سومكا دىپلوماتىك ھۆججەتلىرى بىلەن توشقۇزۇپ (بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىرى يوقۇرى مەخپىيەتلىكتىكى ھۆججەتلەر ئىدى.) ـ بۇنىڭدىكى مەقسەد ئاخبارات ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن تولۇق ئۇچۇردىن خەۋەردار بولۇشنى مەقسەت قىلىش بولۇپ، ئۇ كەڭ دائىرىلىق ماتېرىياللاربىلەن ئۇچرىشىۋالماقچى. ـ ئاندىن بۇ ھۆججەتلەرنى دۆلەت ئامانلىقنى ساقلاش كومىسسارىياتىغا تاپشۇرۇپ رەسىمىنى تارتىۋېلىشقا تاپشۇرۇش ئىدى. ئاندىن بۇ سومكىقىسى خۇددى ئۇنىڭ بىر ماتېرىيال مەنبەسىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى كىشىدە مەمورى ئوغۇرلۇق قىلىش ئەسۋاپلىرى يوقلىقىغا ئىشەنچ قىلغىنىدىن كېيىن، سومكىسىغا بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى سېلىۋالغاندىن كېيىن، كۆزدىتكىچى ساقچىلار ئۇنىڭدىن كەچىرىم سورىشاندىن كېيىن، داۋاملىق ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى. گەرچە كېيىن بورگىس ئوغرىلاندەك قىلمايدىغان باشقا بىر خالتىغا ئالماشتۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەش قابىلىيىتى ھەرگىز بۇ سەۋەپتىن بىرەر تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. مىتروخىننىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىنكى بىئارخىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، 1945-يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پورگىس تەمىنلىگەن دىپلوماتىك ھۆججەتلەر ئارىسىدا 389 پارچە "مۇتلەق مەخپى" ھۆججگتلەرگە مەنسۇپ ئىدى.[206]

بۇلۇنتنىڭ ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىمۇ ئالاھىدە يوقۇرى. ئۇ، ئەنگىلىيىدىن دۆلەت ئامانلىق ئىدارىسىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئىستىخباراتلاردىن تاشقىرى، ئۇ يەنە ھەربىي ئىستىخبارات بۆلۈملىرىدىن بىرىدە ئىشلەيدىغان لىيوۋ راننى تېزگىنلەپ ئىتتىپاقداش ئەللەرنىڭ نورماندىيەدىن قۇرۇغلۇققا چىقىش بەكلا مۇھىم بىر قانچە ئاي ئىچىدە ، بۇلۇنت لوندون ئىستىخبارات پونكىتىدىن خالىغان ۋاقىتدا ئەنگىلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ يېقىندىكى ئىتتىپاقداش لارنىڭ ئۇزۇن سەپەر ئارمىيە ئالىي قوماندانلىق شتابىدىن، بۇلۇنت لوندوندىكى ئىستىقبارات پونكىتىدىن ھەر دائىم ئەنگىلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى رازۋېتكا ھەرىكەت لىرىنىڭ خاراكتېرىدىن چىقارغان تۆھپىلىرىدىن بىرسى ـ 1945-يىلى، لوندون تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلارنىڭ ئىنكاسلىرىدىن،

ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئۇنىڭ تەۋ ۋاقىتتىلا كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتىدە ئوقىغان ئومۇس كىروگمان نىڭ بىر كومىنىست جاسۇسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، 1942-يىلى، كىروگمان ئەنگلىيە قاھىرەدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ يۇگوسلاۋىيە گورۇپپىسىغا قاتنىشىپ، بىلىمى، قابىلىيىتى ۋە سېرىپ-كرودىيەتىللىرى راۋان بىلىدىغانلىقى كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا نىسبەتەن تۆۋەنىرەك ھەربى ئۇنۋان (ئاخىرىدا ئۇ كاپىتانلىقتا يۈكسەلتىلگەن) نىغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان - گېنېراللار دۇچ كەلگەن يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقداش ئوفىسېرى غا ئەخۋال تونۇشتۇرۇپ يۈرگەن. ئۇ يەنە دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىغا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمدە قانات يايدۇرۇلغان مەخپى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلاد بېرىپ تۇردۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، تىتو رەھبەرلىكىدىكى كومۇنىستلار پارتىزانلىرىنىڭ مىخايلوۋىچ رەھبەرلىكىدىكى خانلىق پارتىزانلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئىستونلۇككە ئېرىشىشۇ. 1945-يىلى ئۇ يۇگوسلاۋىيىدە 4 ئاي تۇرۇش جەريانىدا، تېتو رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار ئارىسىدىكى ئەنگلىيە ھەربىلەر مەسلىھەتچىلەر ئىتتىپاقىدا خىزمەت قىلىشقا باشلايدۇ، لوندون ئالاھىدە ۋەزىپىلىك ساقچى كلوبۇشېردقا، ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ لوندون كوچىسىدا ئەنگلىيە كومپارتىيىسىنىڭ باش شتابى غا تېلېفون تىڭشىغۇچ قويۇپ كلوگماننىڭ يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىگە مەخپى يەتكۈزگەن ئىستىخباراتلىرى ھەققىدىكى سۆھبەتلەرنى ئاڭلايدۇ.

"5نوچىلار"دىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگكىيىدىكى ئەڭ مۇھىم ماتېماتىكچى، يادرو فىزىكچىسى، كلاۋس فوكس ئىدى. 1941-يىلى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى قىلىپ تەرەققى قىلدىرىلىدۇ. 1943-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەنگلىيە مۇتەخەسسىسلەر گورۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، فوكس ئامېرىكىغا تاللىنىپ مانخاتتان پىلانىغا قاتناشتۇرۇلغىنىدا، - گەرچە ئۇنىڭ ئۆزى بۇنى ھېس قىلالمىغان بولسىمۇ - ئۇنى باش ئىستىخبارات

ئورنى دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارلىقىغا يۆتكەيدۇ. ھەمدە لىست دېگەن پارولا بېرىلىدۇ، (كېيىنچە يەنە چارسقا ئۆزگەرتىلىدۇ.) 207 بىزنىڭ ئىستىخبارات پائالىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ". باش ئىستىخبارات ئورنى ئۇنىڭغا مەجبۇرى تۈردە كۈچلۈك بىر قوشۇننىڭ تەلۋى بىلەن يول قويۇپ بېرىشى بۇ تۈنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. 1944-يىلى، ئەنگىلىيەنىڭ رەڭلىك مىتال تەتقىقات جەئىيىتىدە ئىشلەيدىغان كونا جاسۇس مىلىتا نوۋۋد مەركىزىي ئىستىخبارات ئورنىدىكى سونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختىتىدۇ. بىر نەپەر دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارلىقى نىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى سونىيەنىڭ ئىشىنى ئۆتكۈزىۋالىدۇ. 1945-يىلى مارت ئېيىدا، نوۋۋدنىڭ خوجايىنى "قېتىشما پولات تۈربىسى پىلانى" نى قولغا كەلتۈرۈشتە بىر كىلىشىم تۈزىشىۋالغىنىدىن كېيىن، نوۋۋد مۇ ئاتوم بومبىسى جەھەتلەردىكى ئىستىخباراتلار بىلەن ئۇچرىشالايدىغان بولىدۇ. مەركەز بۇ ئىستىخباراتلارنىڭ "بەك چوڭ ئەھمىيىتى بار دەپ قاراپ، ھەمدە دۆلەت بۇ ساھەدە ئىشلىرىنى كېڭەيتىمەكچى بولغىنىدا ئىنتايىن قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشالايدۇ". ئۇ بۇيرۇق بويىچە بۇ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك جاسۇسلۇق ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن يولدىشىغا تىنماسلىق بولۇپمۇ يادرو ئىستىخباراتلىرىنى ئوغرىلاش پائالىيىتىگە قېتىلغانلىق توغرىلىق يولدىشىغا قەتئىي تىنماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق ئالىدۇ. ئەنگىلىيە بىلەن ئامېرىكادىن يادرو ئىستىخباراتلىرىنى ئۆز ئارا تولۇقلا ۋە ئۆز ئارا تولۇلىشىدۇ ۋە بىر بىرىنى ئىسپاتلىشىدۇ. لوندون يەن تېخنىكا ئىستىقباراتىغا مەسئۇل ۋىلادىمىر باركوۋسكى مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئامېرىكىدا، بىز قولغا كەلتۈرگەن ئاتوم بومبىسى ياساش جەريانىدىكى ئىستىخباراتلار، ئەنگىلىيىدىن ئىگەللىگەن ئاتوم بومبىسى ياساشنىڭ ماتېرىيالىغا دائىر ئىستىخباراتلاردىن كۆپ ئارتۇق، شۇڭا (بۇ ئىككى دۆلەتتىن قولغا كەلتۈرگەن ئىستىخباراتلار) نى بىر يەرگە قوشقىنىمىزدا، پۈتكۈل مەسىلىنى ھەل قىلالايدىكەنمىز."

1944-يىلى 5-فېۋرالدا، فوكس تۈنجى قېتىم نيۇيوركنىڭ شەرقى رايونىدا ئۆزىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتىدىكى سىياسى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يول كۆرسـەتكۈچىسـى خول گېردى (ئۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ گۇس ۋە ئـارنوۋ قـاتـارلىق ئىككى خـىل پـارولا ئىشـلەتكەن.) ئۇ بىر سـانـائەت خىمىيەچىسى بولۇپ، ئەسلىدە شۋېتسارىيىدە تۇغۇلغان. ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىسـىلا رۇسـىيىلىك. ڧوكس قولىدا تۇتۇپ تۇرغان چويلا توپىنى كۆرسـىتىپ ئۆزىنىڭ سـالاھىيىتىنى بىلدۈردى. ئۇ قولىغا بىر پاي پەلەي كىيىۋالغان بىرسـىنى ئىسـتەيدىغانلىقىنى ، ھەمدە يەنە بىر قولىدا بىر جۈپ پەلەي تۇتقان بىرسـىنى ئىسـتەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. گېردى ڧوكسـقا ئۆزىنىڭ رىمىند ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. گېردى نيۇيورك ئىسـتىخبارات پونكىتىنىڭ پەن تېخنىكا ئىسـتىخباراتى ئىشـلىرىغا مەسـئۇل (كېيىن بۇ ئىشـقا ئېكس نۇرى دەپ ئات قويىدۇ.) لىكۇنىد كۋاسـىنكوۋ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا "خۇشـاكلىقىدىن ئۇنىڭغا قول ئىشـارىتى قىلىدۇ. ئەمما دەسـلىۋىدە بەكلا ئېھتىياتلىق بولىدۇ. " 1949-يىلى قولغا ئېلىنغىنىدا ڧوكس مۇنداق دەيدۇ، ئۇچراشـقىنىمىزدا "لىمىندىنىڭ پوزىتسـىيىسـى بىر تۆۋەن دەرىجىلىك قىياپەتتە كۆرۈنگەن ئىدى. گېرد ڧېدېرال تەكشـۈرۈش ئىدارىسـىدىكەر قولغا ئالغىنىدا مەن ڧوكسنىڭ تەمىنلىگەن ئالاھىدە ئىستىخباراتىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ كەتكەن ئىدىم. مەن ئاتوم بومبىسـىنىڭ قورقۇنۇشـلۇق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇ نەرسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەي، قانچە پاكىز ئۇنتۇپ كىتەلىسەم شۇنچە ياخشى. ئۇنى ھەرگىز ئويلىماسلىقىم كېرەك " دەيتتىم.

1944-يىلى 27- ئىيۇن كۈنىسـى، نيۇيورك ئىسـتىخبارات پونكىتى مەركەزگە يوللىغان تېلېگراممىسـىدا مۇنداق دېيىلگەن:[208] "لىسـت (ڧوكس) بۇ يېرىم يىللىق مۇناسـىۋەت قىلىشـىدىن شـۇنى كۆرىۋېلىشـقا بولىـدىكى، ئۇنىـڭ بىزگە قىلغـان خىزمىتىنىـڭ قىممىتى تولۇق ئىسـپاتلاپ بېرىدۇ. " "ئىسـتىخبارات پونكىتى ئۇنىڭغا 500 ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىشكە قوشۇلدى. مەركەز بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئەمما بۇ يۇلنى ئۇنىڭغا تاپشـۇرۇشـتىن ئاۋال ڧوكس غايىپ بولىدۇ. 3 ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ لوس ئالامۇس لابوراتورىيىسىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما ئۇ دەۋردە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقە ئەسـلىگە كەلتۈرۈلمەيدۇ. تا 1945-يىلى نويابىردىلا، ڧوكس شـەرقى دېڭىز بويىغا

قايتىپ دەم ئېلىش قىلىشۋاتقىنىدىلا گوردى ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىيالىغان.

1944-يىلى، كۋاسىنكوۋنىڭ قولىدىكى هوقۇق كېڭەيتىلىدۇ. ئۇ ئامېرىكا پەن تېخنىكا ئىستىخباراتىنىڭ باش مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇنىڭدىن يادرو ئىستىخباراتىنىڭ بارغانسىرى مۇهىم ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. 1944-يىلى يىل ئاخىرىدا، ئۇنىڭ مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا، فۇكىستىن باشقا، لوس ئالاموستا يەنە كېڭەيتىشكە بولىدىغان باشقا ئىككى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىدىغان ئالىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر بوقماقتا ئىدى. بۇلاردىن بىرسى يۇلىيۇس روزىنبېرگ (ئۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئاتانا ۋە لىبرال دەپ ئىككى خىل پارولا قوللانغان) رەھبەرلىكىدىكى پەن تېخنىكا ئىستىخبارات جاسۇس گۇرۇپپىسىدىن داۋىد گىلىنگاس تەرەققىي قىلدۇرىلىدۇ. روزىنبېرگ دېگىنى ئەندىلا 26 ياشقا كىرگەن نيۇيوركلۇق بىر كومۇنىست، ئۇ ئېلېكترون سانائەت ساھەسىنىڭ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇمۇ خۇددى فۇكىسقا ئوخشاش روزىنبېرگ يېتەكچىلىكىدىكى ئايالى ئەيسەر بىلەن بىرلىكتە بىر جاسۇسلۇق گۇرۇپپىسى قۇرغان. بۇ يىل يازدا يېڭىدىن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەن. روزىنبېرگ گۇرۇپپىسىنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولۇپ، ھەتتا نيويورك ئىستىخبارات پونكىتىدىن ئۇلارغا مىكرو نىگاتىپ لېنتىسىنى ئۆلگىرتىپ بولالمىغىدەك كۆپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر روزىنبېرگ ئەزالىرىدىن ئالغان ئىستىخباراتلار شۇنچە جىق ئىدىكى بۇ ئىستىخباراتلارغا ھەتتا روزىنبېرگنىڭ ئۆزىمۇ يېتىشەلمەي كەتكەن: " بىز ئەنسىرەيمىزكى بۇنداق ئارتۇق ئىشلىسە، بۇ 'لىبىراللار'مۇ تەڭ كېلەيمەي قېلىشى مۇمكىن. "

1944-يىلى نويابىردا، كۋاسىنكوف مەركەزگە خەۋەر قىلىپ، روزىنبېرگنىڭ ھەدىسى روس گېرىنگراس (پارولىسى گۈل ھەرىسى) بېرىپ لوس ئالاموس تەجرىبەخانىسىدىكى ماشىنىسازلىق ئېنجېنېرى بولغان يولدىشىمغا ئاستىراق ئىشلەشكە قايىل قىلاي دېگەن. داۋىد گىلىنگراس (پارولاسى بوڭ بوڭ ھەرىسى، كوربدورئىشىكى) كېيىن دېيىشىچە: "ئۇ

ۋاقىتلاردا مەن بەكلا ياش ئىدىم، ئاخماق ھەمدە تېخى خام ئىدىم. شۇنداقتىمۇ مەن بىر ئۆلچەملىك كوممۇنىست ئىدىم. " دەيدۇ. ئۇ ستالىنغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە بولغان ئىشەنچىم تولۇق ئىدى" . "باللارنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقى قابىلىيەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرى ئىدى". "سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. خەلقىنىڭ بارغانسىرى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق. " گېرىنگراس ئايالىغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دەيدۇ: "قەدىرلىكىم، ئەگەر جۇلىيېسنىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ (رۇسسىيىلىكلەرنىڭ) خىيال قىلغۋاتقان ئۇ كوللىكتىپ پىلانلىرى (جاسۇسلۇق ھەرىكەتلەر)[209] نى ئويلىسامىلا چەكسىز ھاياجانلىنىپ كېتىمەن،"

نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىمۇ 1944-يىلى نويابىردىكى يوللىغان دوكلاتىدا، ئەينى ۋاقىتدا لوس ئالامۇستا خىزمەت قىلىۋاتقان تيودور ئارۋىن (پارولاسى تېد) مۇ ئەندىلا 19 ياشقا كىرگەن بىر تالانت ئىگىسى بولۇپ، خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر فىزىكا ئالىمىمۇ ھەمكارلىششقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇمۇ سوۋېت ئىشچى دېھقان ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىرلىك ئوبرازىغاچوقۇنىدۇ – بۇمۇ كۆپ قىسىم ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتە سوۋېتكە جاسۇس بولۇشىنىڭ ئورتاق چىقىش نوقتىسى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قارىشىچە ئامېرىكىنىڭ يادرو مونوپوللىقى ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن بىر تەھدىت، شۇڭا مانخاتتان پىلانىنى موسكۋاغا يوللاش سوۋېتكە ياردەم قىلىشنىڭ بىر چارىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى دۇنياغا ياردەم قىلىشنىڭمۇ بىر يولى دەپ قارايتتى، ئەڭ ياش يادرو ئىستىخبارات جاسۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خېرنىڭ ئىنتايىن ئۇيغۇن بىر پارولاسى بار ئىدى. "ياش بالا" ، گەرچە بۇ پارولا بەكلا ئاشكارە بىسىم بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، خېرغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق دۆلەت بىختەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. خېرنىڭ خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ساۋاقدىشى ۋېر سائويى ساكس گەرچە خېردىن بىر ياشلا چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭ پارولىسى "چوڭام" ئىدى. خېر بەلكىم

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 2 يىل ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا ئىستىخبارات توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى بەكلا قىزغىن بولۇپ، لوس ئالاموس تەجرىبىخانىسىغا سىڭىپ كىرىشى ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا ئىدى. قىزىل ئارمىيەنىڭ بېرلىنگە قاراپ توساشقا بولمايدىغان شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقىنىدا ھەمدە ئىككىنچى ئۇرۇش فرونتى ئېچىلىش بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارلىقىنىڭ جاسۇسلىرى بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ۋاشىستلارنى مەغلۇپ قىلىپ غەلىبە قىلىش ئۈمىدى كۈچلىنىدۇ. ئەخمەدوۋنىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى نيويوركتىن ئەۋەتىلگەن موسكۋا مىكرو نىگاتىۋ غالتەكلىرىنىڭ مىقدارىمۇ 1943-يىلىدىكى 211 غالتەكتىن 1944-يىلىدىكى 600 غالتەككە يۈكسەلدى. 1945-يىلى يەنە 1896غالتەككە يۈكسەلدى. ئەمما مەركەز سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ ئامېرىكىدىكى ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ بۇنچىۋالا بىۋاستە بولۇشىغا ئىشەنمىكى تەسكە توختايدۇ. 1944-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە مەركەز كۈندىن كۈنگە ئامېرىكىدىكى قانات يايدۇرۇلغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنى بىۋاستە تىزگىنلەش خىيالىغا چۈشىدۇ. ئالاقىلاشقۇچى ئىلىزابىت بېنتىلى ئۆزىنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقان ئوبيېكتىۋىنىڭ مۇناسىۋىتى مەركەزنىڭ ئەڭ بەك ئەنسىرەيدىغان ئىشلارنىڭ بىرسى ئىدى. بېنتىلىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى قوشۇمچە سۆيگۈنى ياكۇپ گروس 1943-يىلى ئەيسا تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلەش بايرام كۈنى تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلگىنىدىن كېيىن، ئەخمەتوۋ ئارىدا ماڭغۇچى ئادەملىرىنى قىسقارتىپ ئۆزى بىۋاستە ئۇ خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىنى قىلماقچى بولىدۇ. بېنتىلىنىڭ ئەخمەتوۋغا بولغان تۇنجى تەسىراتى[210] رەتلىك كېيىنىدىغان، "26 ياشلىق (ئەمەلىيەتتە ئو چاغلاردا ئەخمەدوۋ 42 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى.) ئۆزگىچە قاتتىق ئىشىنىدىغان بىر ئەر ئىدى"، شۇنىڭدەك قولى ئوچۇق، ئەمما ئۇ قىز دەرھاللا ئۇنىڭ "كۆرۈنۈشتە بىر شاھزادىدەك يۈرگىنى بىلەن، ئۇمۇ بەكلا قاتتىق بىرسى ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ". شۇنىڭدىن كېيىنكى 6 ئاي ئىچىدە، گەرچە بېنتىلى بەرىبىر

ۋاشىنگتون مەسئۇللىقىدا شىرفوست خانىمغا ئۇچۇر يەتكۈزىۋاقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۆزى ئۇچراۋاتقان بېسىمنىڭ كۈندىن كۈنگە ئارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

1944-يىلى مارت ئېيىدا، ئور پلوتى ئۇنىڭغا تەمىنلىگەن ئىستىخبارتلارنىڭ ئەسلىدە گروس مەسئۇل بولۇپ تۇرغان يەنە بىر گۇرۇپپا ۋاشىنگتون خادىمىنىڭ بىنتېلىغا تاپشۇرۇۋاتقان ئىستىخباراتلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، بىنتېلىنىڭ قارىشىچە ئايروپىلان ياساش جەھەتتىكى ئىستىخباراتلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىستاتىكا خادىمى ۋېكتور بولۇپ ("پارولاسى ھۇجۇمچى" ) بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى ئىكەن دەپ قارايدۇ. بۇنداق تۇيغىغا كېلىپ قېلىشى ئۇنىڭ بۇ گۇرۇپپىدا تۇنجى قېتىم كۆۈرۈشكىنىدىلا پولونىڭ بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى رولىدا كۆرۈنىشى ئىدى. ئەمما ئەخمەتوۋنىڭ قارىشىچە بۇ گۇرۇپپىنىڭ ھەقىقى تەشكىللىگۈچىسى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى بىر نەپەر ئېختىسادشۇناس چارس كىلىمۇ (پارولاسى لورت) ، شۇنىڭدەك ئەخمەتوۋنىڭ پلوتى لوك- كىلىمۇنى تاپشۇرغىنى بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇرماسلىقىدىن قاتتىق خاپا بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېيىنكى بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ ھەر دائىم مەركەزدىن ئاچچىغلاپ، زاروبىن بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ گۇرۇپپىسى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىكەن. ئەمما پلوتى ئۇلارغا بۇنداق ئورۇنلاشتۇرماپتۇ. ئەخمەتوۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر بىز بۇ گۇرۇپپا بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدىغانلا بولىدىكەنمىز، چوقۇم بىنتېلىنى يېتەكلەپ مېڭىشىمىز شەرت. "

بىتېلى، پلوتىدىن ئۇنىڭ ۋاشىنگتون جاسۇس تورىدىكەرنى ئالاقچىلىققا قويۇش كېرەك. بىتېلى كېيىن مەكتۇپ يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ھەر كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن (ئەخمەتوۋ) تارتىشىشتىن كېيىن. مەن ئۆيۈمگە ئۆملەپ كەتكىدەك چارچاپ ئۇخلاپ كېتىمەن. بەزىدە ھەتتا چارچىغانلىقىمدىن كېيىملىرىمنى سالغىدەكمۇ ماجالىم قالمايدۇ. "ئاخىرىدا بىنتېلىنى ئەخمەتوۋنىڭ مەغرۇرلانغانلىقىدىن ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ چىققىدەك بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ. "ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي. ئور (پلوتىنى دېمەكچى) مېنىڭ گىلەيگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(شېرىۋماست) نى تاپشۇرۇپ ئېلىشىمغا ماقۇل بولدى، ... بولمىسا بىرىنى ئۆزىدىن سورا. " ئەتىسى، پلوتى بىنتېلىغا مۇنداق دەيدۇ: "بەك ساددىلىق قىلما، بۇنى بىلىسەن ئەسلىنى دېسەك مەن بەرىبىر ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنماقتىن باشقا چارەم يوق. " ئەخمەتوۋ مەركەزگە دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىنتېلى ئۇ خانىمنى شېرىۋماست گۇرۇپپىسىدىن يۆتكەپ كېتىشىنى ئويلاپ يۈرىدۇ" ..... ئەندى ۋاقتى كەلدى. روشەنكى ئۇنىڭچە بولغىنىدا، مەن ئۇ خانىمغا ئىشەنمىگۈدەكمەن.[211] بىنتېلىمۇ بەكلا خاپا، بىز ئۇنىڭ قولىدىن پلوتنى پور بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشتۇرۇشىمىزغا قوشۇلىدىكەنمىز."

بىنتېلى بىلەن بولو كىرىمو گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. گۇرسكىنى ۋاشىنگتوندىكى بىر سۇ بويى رېستورانىغا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولىشىدۇ. ئەمما ھە دېگەندىلا ۋەزىيەت بۇزۇلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەرنىڭ تاماق قورىمىلىرىنىڭ نىسبەتەن ياخشىراق بولىشىنى تىلەيمەن. ئامېرىكىلىقلار ھەقىقەتەنمۇ ئاخماق بىر خەلق، ھەر ۋاقىت مۇھەببىتنى بوغۇۋېتىدۇ. بۇ ئامېرىكىلىقلار ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئامراق. تاماق ئېتىشتەك ئۇششاق ئىشلارنىمۇ كېلىشتۈرەلمەيدۇ. " بىنتېلىنىڭ بىر ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايى تۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئەخمەتوۋ دەرھال بۇنى پەرق قىلىپ ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دەيدۇ، "ھە راست، مەن دائىم بۇنى ئۇنتۇپ قالىمەن، راست سەنمۇ بىر ئامىرىكىلىق ئىدىڭ ھە" ئۇ يەنە بىنتېلىغا ئۇ بىر قىزىل يۇلتۇز ئوردېنىغا ئېرىشتى. (بۇ دېگەن بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەسكەرلىرىمىزگە بېرىلىدىغان ئەڭ يوقۇرى بىر شەرەپ مېدالى) ھەمدە ئۇ خانىمغا بىر ۋاراق فاكىس تېلېگرامىسىنى كۆرسىتىدۇ. تېلېگرامىدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى: بىزنىڭچە سىزنىڭ ئىپادىڭىز ئالاھىدە ياخشى دەپ قارايمىز،شۇنىڭدەك ئىستىقبالىڭىزمۇ پارلاق. شۇنىڭغا قارىماي ياخشى قىز ئۇنى يەنىلا تىنچلاندۇرالمىدى، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ خانىم مەخپى تۈردە س ئى ۋ بى ئا غا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى بارغانسىرى ئاشكارە ئىستىخبارات

پونكىتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نيۇيوركتا تۇرۇشلۇق كونسۇلۇقىنى تېخىمۇ چىڭ كۆزىتىشكە باشلايدۇ. دېنكىن لى (كېك) 1944-يىلى سىنتەبىردە، ئۇلارغا ئەسكەرتىش بېرىپ، ستراتېگىيىلىك ئىدارە بىخەتەرلىك بۆلۈمى توپلىغان ئىستىخبارات ئىدارىسى ئىچىدىكى كومپارتىيەلىكلەر ۋە كومپارتىيىگە يېقىنلارنىڭ تىزىملىكىنى توپلاۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار مەركەزنى بەكلا ئەنسىرىتىۋەتتى. سوۋېتنىڭ بەزى يوقۇرى دەرىجىلىك ئېسىل جاسۇسلىرىمۇ بۇنىڭدىن بەكلا غەمدە قالىدۇ. بىنتېلى ئۆزىنىڭمۇ روھى جەھەتتىن گۇمران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالىدۇ.... ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئېھتىياتكار بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇ پولغا يېتىۋېلىپ تۇرۇپ تېلېفون سىملىرىنىڭ بىرەرسى تەرىپىدىن مىدىرلىتىلدىمۇ قانداقلىقىنى تەكشۈرگىدەك ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. يەنە بىر ستاجى بەك ئۇزۇن بولغان سوۋېت جاسۇسى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالى دەرىجىلىك بىر خادىمى بولغان خالى دېكسىت خۇنت (جۇلىست) ، ئۆزىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسىگە، گەرچە مەن ئۆزەمدىن ياكى ئايالىممۇ ھېچنىمىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيمىز. شۇنداقتىمۇ بىز ئىككىمىزلا قۇربان بېرىشكە تەييارلىنىپ قويدۇق دەپ ھەممە ئىشقا تەييارلىنىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۇنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى "يېڭى يولىمىز (سوۋېت ئىشلىرىنى دېمەكچى) غا بىرمۇنچە زىيان كەلتۈرىشى مۇمكىن، شۇنداق ئىكەن كېيىن كۆرۈشۈش سانىمىزنى ئازايتساق دەيمەن. يەنى ھەر قېتىملىق كۆرۈشىشىمىزنى يېرىم سائەتكە ئازايتساق دەيمەن. ئەڭ ياخشىسى ئاپتوموبىل ئىچىدە ئۇياق بۇياقنى كۆزىتىپ تۇغان قىياپەتتە كۆرۈشسەك دەيمەن.

بىتېلىنىڭ دېيىشىچە، نويابىردا ۋەزىيەت يەنە بىر قېتىم جىددىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئا سارايدىكى بىر نەپەر جاسۇس، روزۋېلتنىڭ مەمورى ياردەمچىسى لاۋكلىن خالىفا بىر جىددى ئۇقتۇرۇش چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكىلىقلا دەرھال سوۋېت مەخپىيەتلىكىنى يېشىۋاپتۇ. خالىدېنىڭ بۇ خاتا خۇلاسىسى سەۋەبلىك، ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسى فىنلاندىيىلىكلەرنىڭ قولىدىن بۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېرىشكەنمىش. [212] بىر پارچە ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارلىقىنىڭ بىر مەخپى دەپتىرىنى قولغا چۈشەرگەنمىش، شۇڭا سوۋېتلەرنىڭ مەخپى ئالاقە شىفىرلىرى ئۇلار تەرىپىدىن يېشىۋېلىنىشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىشماقتا. ئەمەلىيەتتە بولسا، سوۋېت مەخپى ئالاقىلىرى يەنىلا ئىككىنچى دەرىجىلىك شىفىرلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپ شىفىرلىنىپ يوللىنىشى مۇمكىن. نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، يېشەلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ، سوۋېت تەرەپ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قارىغاندا ۋەزىيەت يەنە قايتىدىن بوشاپ قالغاندەك كۆرۈندۇ. (ئەنگىلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ شىفىر يەشكۈچىلىرى گېرمانىيە بىلەن ياپونلار قوللانغان ئالى دەرىجىلىك شىفىرلەرنى يېشىش جەتتىكى ئۇتۇقلىرى، كېلىنىڭ خاتالىقلىرىنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ.) روزۋېلىت چېك تۇرىۋالغان دونوۋاننىڭ ئۇ سوۋېت شىفىرسىنى سوۋېت باش ئەلچىخانىسىغا بېرىۋەتكەن. بۇ چۈشىنىش قىيىن بولغان ۋېيتىڭنىڭ دونوۋانغا بىلدۈرگەن چىن قەلبىمدىن رەخمەت بىلدۈرىمەن دېيىشىنى چۈشەنمەك تەس.

گەرچە مەركەز جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئىستىخبارات پونكىتىدا چۈشىنىشمەسلىكلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارىياتى ئىشەنچىلىك بىلەن ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيە يەنىلا ئۇنى كۆپ، سۈپىتى ياخشى ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلىمەكتە دېيىشمەكتە. ئۇرۇشتىن كېيىن،دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارلىقى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىدىن شۇنى كۆرىۋالايمىزكى، 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ سانى 1240 نەپەر بولۇپ، بۇكىشىلىرىمىزتەرىپىدىن تەمىنلىگەن ئىستىخبارات سانى 41718 گە يەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 3000 دانىسى چەتئەل ئىستىخبارات ۋە ھۆججەتلەر ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ئۇلار دۆلەت چەتئەل ئىستىخبارات مۇداپىيە كومىتېتىغا ۋە مەركىزى كومىتېتقا بېرىلگەن، 87 نەپەر چەتئەل ئىستىخبارات خادىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىككىنچى دۇنيا

ئۇرۇشىدا ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى. دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارىياتى بۇ نەتىجىلەردىن بەكلا غۇرۇرلىنىدۇ. موسكۋانىڭ پەن تېخنىكا ئىستىقباراتلىرىدىن پايدىلىنىشى سىياسى ئىستىخباراتلاردىن پايدىلىنىشتىن تېخىمۇ تولۇق بولدى. ستالىننىڭ سۆيىقەست نەزىرىيىسى ياكى مەركەزنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنى تەقلىت قىلىپ شەكىللەندۇرگەن قارا شلار بويىچە سىياسى ئىستىخباراتلارنى ئىشەنچىلىك ئەمەس دەپ قاراشتى ياكى ئېتىبار قىلىنمىدى، ئەمما غەرپتىن ئوغۇرلاپ كەلگەن پەن تېخنىكا ئىستىخباراتلىرى سوۋېت ئالىم ۋە ئېنجىنېرلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى، ھېچقانداق گۇمانلىنىشى بولمىغانلىرى قىزغىن قارشى ئېلىندى. سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى باشلىقى قوشۇمچە لېلىنگىراد ڧىزىكا تېخنىكا ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ئا ڧ يوۋڧى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پەن تېخنىكىلىق ئىستىخباراتلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

*بۇ ئىستىخباراتلارئاساسەن ئالغاندا توغرا ئىدى شۇنىڭدەك كۆپ قىسمى ئىنتايىن مۇكەممەل. .... مەن بىرمۇ خاتا مەزمۇن بارلىقىنى سەزمىدىم، ھەر تۈردىكى ڧورمىلا ۋە تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسى سىناق قىلىنىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماتېرىاللار ئىچىدىكى كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار ئېنىق ۋە توغرا بولىشى مۇھىم ئەمەس ئىدى.*[213]

بۇنداق ماتېرىياللار ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغانلىرى ئاتوم بومبىسى تەتقىقات پىلانىغا دائىر پەن تېخنىكا ماتېرىياللىرى بولۇپ، 1944-يىلى 29-سىنتەبىر كۈنى ، كورچاتوۋ بېرىياغا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ: ئىستىخباراتلارغا ئاساسلانغاندا شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مانخاتتان پىلانىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىدا "دۇنيا پەن-تېخنىكا تارىخى بويىچە تۇنجى قېتىم بۇنچە كۆپ ئالىملار، ئېنجىنېرلار بىرلىكتە ياراتقان نەتىجىلەر ھەقىقەتەنمۇ بىباھا نەتىجىلەردۇر. دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارىياتى پەن-تېخنىكا ئېنجىنېرلارستاستىستىكىسىدىن قارىغاندا، 1944-يىلى نويابىرغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار جەمئىي 1167 خىل يادرو تەتقىقاتى جەھەتتە ھۆججەت چىقارغان بولۇپ، بۇلاردىن 88 خىلى ئامېرىكا ۋە 79 خىلى ئەنگلىيىدىن كەلگەن ئەڭ مۇھىم ھۆججەتلەردۇر. ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغان ھۆججەتلەر تېخى كەينىدە.

1945-يىلى 28-فېۋرال كۈنى دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارىياتى بېرىياغا تاپشۇرغان ئىككى يىل جەريانىدا بىرىنچى بولۇپ ئاتوم بومبىسى تەتقىق قىلىپ ياساش ھەققىدىكى ئىستىخبارات دوكلاتلىرى ئىدى، بۇنىڭمۇ تۆنجىسى لوس ئالاموس تەجرىبىخانىسىدىن چىققان دوكلات ئاساسىدا تەييارلانغان بىر دوكلاد. يەنى تۇنجى پاي ئاتوم بومبىسى يېڭى مېكسىكا شىتاتىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى ئالامۇ گىدۇ تەجرىبىخانىسىدا تەجرىبە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەقت قازىنىلغان 5 ئايدىن ئىلگىرى، مەركەز ئۇنىڭ تۈزۈلىشىدىكى ئاتوم بومبىسىنىڭ بارلىق مۇھىم دېتاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. فۇكس 2-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا شەرقى دېڭىز قىرغاقلىرىدا گېردىغا بېرىلگەن ئىستىخباراتلار بەكلا كىچىكىپ كەتكەن. شۇڭا، مەركەزنىڭ باھالاش دوكلادى بۇ باھالاش دوكلاتىنىڭ ئىچىگە قېتىلمىدى. بېرىياغا سۇنۇلغان دوكلاد، ئاساسلىقى 19 ياشلىق تىئودور خور بىلەن تېخنىكا ئارمىيىسىنىڭ يۈز بېشى گرىنگراس تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار ئاساس قىلىندى، شوبھىسىزكى، خور دوستى ساۋئېر ساكس نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىغا يوللىغان ئىستىخباراتلار تېخىمۇ مۇھىم. خور بەلكىم بىرىنچى بولۇپ پارتلىغۇچ ئاتوم بومبىسىنىڭ ئىچىدىن پارتلاش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغۇچى كىشى. گەرچە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنىڭ تېخىمۇ تەپسىلى ئىستىخباراتى فۇكسنىڭ 6-ئايلىرىدا كورچاتوۋغا بەرگەنلىرىدۇر.

1945-يىلى باھاردا، پارولاسى لىسلى بولغان لىكوندىنا (لونا) كېيىن نۆۋەتلىشىپ ساكس بىلەن ئىككىسى خور بىلەن نيويورك ئىستىخبارات پونكىتى ئارىسىدا ئالاقىچىلىق قىلىدۇ. "لونا" 1941-يىلى يولدىشى (ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، خەلقارا بىرىگادىدا جاسۇسلۇققا تەرەققى قىلدۇرۇلغان بىرسى ئىدى) مولىس (پارولاسى لويىس) تەرىپىدىن جاسۇسلۇققا تەرەققى قىلدۇرۇلغان. كېيىن ئۇ ئىككىسى

بىرلىكتە سوۋېت ئىستىخبارات فرونتىنىڭ قەھرىمانىغا ئايلانغان. بۇ بىر جۈپ ئەر خوتۇننىڭ پارولاسى داجىنج بولىدۇ. ئەمما 1942-يىلى مولى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق ھاياتى شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. 1945-يىلىنىڭ باشلىرىدا "لونا" قايتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. شۇندىن كېيىن لوس ئالاموس تەجرىبىخانىسىدا ئەنگىلىيە بىلەن كانادا ئاتوم ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنىدا مەركەزنىڭ مۇناسىۋەت باغلىغۇچى ئالاقىچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ: ئەنگىلىيە-كانادا ئاتوم ئېنېرگىيىسى تەتقىقات مەركىزىدە ئوتتاۋاغا يېقىن بىر يەر چياۋكې دەرياسى ۋە گېلىنگىلاستا خەۋەرچى بولىدۇ. بۇ جاسۇسلار بىر بىرسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. [214] .

بەلكىم فوكس بىلەن خور ئايرىم ئايرىم ھالدا ئاتوم بومبىسىنىڭ بىرىنچى پايىنىڭ تەتقىق قىلىپ ياسىلىش پىلانى ھەققىدىكى ئىستىخباراتنى، مەركەز ئۇ ئىككىسىنىڭ يەتكۈزگەن ئىستىخباراتلىرىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇراتتى، فوكس بىلەن خور يەنە تۇنجى ئاتوم بومبىسىنىڭ 1945-يىلى 10-ئىيۇل كۈنى سىناق قىلىپ پارتلىتىلغانلىق ئىستىخباراتىنى يوللايدۇ. ئەمما ھاۋا كېلىمات سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ قېتىمقى سىناق قىلىپ پارتلىتىش ۋاقتى 6 كۈن كېچىكتۈرۈلىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن، تېنچ ئوكيان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىدۇ. 6- ۋە 9- ئاۋغۇست كۈنلىرى ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ ناگاساكى بىلەن خىروشىما شەھىرىدە ئايرىم ئايرىم ئىككى ئاتوم بومبىسى تاشلىغاندىن كېيىن، ياپونىيە تەسلىم بولىدۇ.

تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ئاخىرقى بىر قانچە ھەپتىگە كەلگىنىدە، لونا يېڭى مېكسىكادا بىر مەزگىللىك قىزىقارلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. — خور ئالاموگېدقا قايتىپ كېلىپ تەجرىبە دوكلاتىنى تەييارلاۋاتقىنىدا. خور ئۇدا 3 ھەپتە ئابوكجىنىڭ ئۇچرۇشۇش يېرىغا بارمايدۇ. كېيىن ئوتتۇرلۇقتا پەيدا بولىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ خەۋەرچىسىگە بىر يۈرۈش ئالاھىدە مەخپى ھۆججەتنى بېرىدۇ. ئۇ چاغدا ياپونىيە ئەندىلا تەسلىم بولغان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك، نىيۇيوركقا قايتىش پويىزىغا ئولتارغىنىدا، لونا كېئىن قاتتىق ھۇلۇقۇپ كېتىدۇ.سەۋەبى ۋاگوندا بىر ساقچى نەرسە كېرەكلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. خەتەرلىك بىر پەيت ئىدى ئالدىراشچىلىقتا خورنىڭ بەرگەن ھۆججەتلىرىنى گېزىتكە قىستۇرۇپ، ئۇنى بىر تەكشۈرگۈچى ساقچىغا تۇتۇپ تۇرۇشقا بېرىدۇ. ئۆزى تەكشۈرۈلىدىغان پورتمال ۋە چامادانلىرىنى ئېچىپ ساقچىغا كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈپ بولغان ساقچى قولىدىكى مەخپى ھۆججەتلەر قىستۇرۇلغان گېزىتنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېيىن خانىم بىخەتەر ھالدا نيويوركقا قايتىپ بېرىۋالىدۇ.

تۆت يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن، سوۋېتنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن سىناق قىلىپ پارتلىتىلدى. بۇ بومبا ئامېرىكىنىڭ ئالاموگېدىتا پارتلاتقان بومبىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. بۇنىڭ ئاساسى تۆھپىسى خور بىلەن فوكسقا مەنسۇپ ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مەركەز ئامېرىكا تارىخىدا ئەڭ مۇھىم مەخپى پىلاننىڭ ئوغۇرلىنىشىنى زادىلا سەزدۇرۇلمەي قىلىنغانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى. بۇنىڭغا ئادەم ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ،مانخاتتان پىلانىغا سىڭىپ كىرىشنىڭ بۇنچە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى بۇ ئىشنى دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتى مەركىزىنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى ئامېرىكىلىقلار تېزلا پەرق قىلىدۇ.

1945-يىلى، لوس ئالموستىن توپلانغان ئىستىخباراتلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئادىمى ئاناتولى ئانتونوۋىچ ياسكوۋ، پارولى ياكېدالېۋ، بەلگىسى ئالېكسى ئىدى. 1939-يىلى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى[215] جاسۇسلۇققا كېڭەيتىلگەن ئېنجىنېر كۋاسنىكوۋنىڭ ئىشىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئامېرىكادا يەن تېخنىكا ئىستىخباراتىنى يىغىش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانغان. ھازىر ئۇ رۇسسىيە چەتئال ئىستىخبارات فرونتىدىكى بىر قەھرىمان كىشى بولۇپ، ئەمما ئۇ چاغلاردا، ئۇ مەركەزنىڭ ھەر قەدەمدە قۇسۇر ئىزدىلىپ تۇرىدىغان بىرسى ئىدى. 1945-يىلى ئىيۇلدا، مەركەز خۇلاسە چىقىرىپ، ئۇ بەلكىم "ياش بالا"نىڭ زىيىنىغا ئۇچۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا ، مەركەز ئۇنى تەنقىدلەپ "چوكام بىلەن 'دېۋە ' (مانخاتتان پىلانىنى دېمەكچى) دە جاسۇسلۇق قىلغانلار بىلەن ھەمكارلىشىشى ھەرگىز كىشىنى قايىل

قىلالمايدۇ". سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى ئاتوم بومبىسى توغرىسىدىكى ئىستىخباراتىدا ـ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا، مەركەز ئۇنى خاتا هالدا 'دېۋە هەركىتىنى خەتەرگە قويۇپ قويىشى مۇمكىن دەپ خاتا ئەنسىرىگەن ئىدى.

خۇددى دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتىتىغا ئوخشاش، سوۋېت ئارمىيىسى باش ئىستىخبارات بولۇمىنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقىتلىرىدا ئامېرىكىدىنمۇ ئارتۇق ئۇتۇق قازانغان ئىدى، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى هەربى ئىشلار ئىستىخبارات ئورگانلىرى مەجبۇرى هالدا ڧوكس بىلەن تېخىمۇ هوقۇقلۇق دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارىتاتىغا تاپشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن 1945-يىلىدىن بۈگۈنگىچە مەركەز قايىل بولىدىغان جاسۇسلارنى تۇتۇپ تۇرالىغان ئىدى. گېرسكى مەركەزگە ئەخمەتوۋ بىلەن ئالېيشى (ئارچىل شىس) نى دوكلاد قىلىپ (بۇ شەخس باش ئىستىخبارات ئورنىدا ئون يىلدىن ئارتۇق جاسۇسلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن) ئۇلارنىڭ سۆهبەت ئەهۋالىنى دوكلاد قىلغان. گەرچە شىس سىرتتىكى بىر دېپلومات بولغىنى بىلەن، ئەخمەتوۋ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئېيتقان، باش ئىستىخبارات ئورگىنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار مەهكىمىسىنىڭ هۆججەتلىرىگە هېچقانداق قىزىقمىغان بولمىسىمۇ، ئۇ شىس بىلەن بىر جاسۇسلار گۇرۇپپىسىدىن "ئاسالىقى شىسىنىڭ ئۇرۇغ تۇققانلىرىدىن تەشكىل تاپقان" زېهنىنى توپلاپ هەربى ئىشلار ئىستىخباراتىنى توپلىغان 1944-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شىس ئۈچ چوڭ كاتىۋاشنىڭ 1945-يىلى ڧېۋرالدا قىرىمنىڭ يالتا دېگەن يېرىدە ئەڭ ئاخىرقى نوۋەتلىك بىر يىغىنى ئۈچۈن قىلغان تەييارلىق ئىشلىرىغا پائال قاتناشقان، شۇڭا ئۇسوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېپ يېڭى ئەهمىيەتكە ئىگە بىرسى هېساپلىناتتى.

سوۋېت ئىئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات ئورنى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يالتا يىغىنىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى هەتتا تېهران يىغىنى ۋاقتىدىكىدىنمۇ زور ئۇتۇلۇق بولغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قېتىم ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇتۇغلۇق بىر شەكىلدە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۇرغان يېرىنى (ئېسىل بىزەلگەن ئولۇڭ زوۋ بىلەن لىۋادىر

www.uyghurkitap.com

مېھمانخانىسى) دا ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ مەخپىي سۆھبەتلىرىنى لېنتىغا ئالغان، ۋە كۆچۈرۈپ نۇسخا ئالغانلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئاياللار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تاللىغان، ھەمدە ئۇلارنى مۇتلەق مەخپىي بىر شەكىلدە قىرىمغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار قىرىمغا يېتىپ كەلگىنىدىلا ئاندىن ئۇلار نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان [216] ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىنىشىدىن دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى ئىنتايىن مەرتلىك بىلەن ھەمدە قاتتىق تىرىشىپ كۈتۈۋالغان. ھەمدە بويى قاملاشقان گېنېرال سېرگى نىكىفۇلوۋىچ كىلوگىلوۋ ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرى بەلگىلىك نەتىجىسىنىمۇ بەرگەن. بىر قېتىم چېرچىلنىڭ قىزى سارايدا بىلمەستىنلا بىلىق تۇخۇمىنىڭ لىمونات بىلىن بەكلا تەملىك بولىدىغانلىقىنى دەپ سالغان. شۇنىڭ بىلەن ۋويۇزوۋنىڭ لىمون باغچىسىدا سېھىرلىك بىر شەكىلدە بىر تۈپ لىمون كۆچىتى پەيدا بولۇپ قالغان، كېيىن گېنېرال كىلوگېلوۋ پوتىستام يىغىنى ۋاقتىدا سېرلىق يوقۇرى تەبىقىلىك ئاق سۆڭەكلەر ئۇنۋانى بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ بۇنداق شەرەپ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن سوۋېت ئىستىخبارات ئوفىسسېرىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ قالغان.

يالتا يىغىنى ۋاقتىدا، ستالىن ئېگەللىگەن ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىستىخباراتلىرى تېھراندىكى ۋاقتىدىكىلەردىن بەكلا كۆپ بولغان ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە قەتئىي گۇمانلىنىش ھاجەتسىز بولغان ئىككى تەرەپلىمىلىك جاسۇس دەپ قارالغان كامبرىژ 5 نوچىسىلىرىنىڭ يىغىن تەييارلىق باسقۇچلىرىدا كەينى ئۈزۈلمەي مەخپىي ئىستىخباراتلار بىلەن ھەمدە دىپلوماتىك ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە قايسىخىلدىكى ئىستىخباراتلارنىڭ ستالىننىڭ قولىغا يېتىپ تۇرغانلىقىنى بىلىشىمىز ئىمكانسىز. ئۇ چاغدا ئارچىل شىمس مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كىرىۋالغان. يالتا يىغىنىدىكى ئەڭ كۆپ مۇزاكىرى قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى پولشا

مەسىلىسى بولۇپ، تېھران يىغىنىدا يول قويۇشلار بولغىنى بىلەن، يەنى سوۋېت ئىشغال قىلىۋالغان پولشا ـ پولشانى قايتىدىن پارلامېنت بىلەن ئەركىن سايلام ئارقىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئەمما ستالىن قارشىسىدىكىلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇن قەغىزىنى ئوچۇق كۆرۈپ ئولتارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرغا قويغان بۇ تەلەپلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئىشقا ئاشمىغان يەنى بۇنداق تەلەپلەر ستالىن تەرىپىدىن ئوڭايلا رەت قىلىنىۋەتكەن. مەسىلەن، ستالىن ئىتتىپاقداشلار رۇسلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان پولشا ۋاقىتلىق قورچاق ھۆكۈمىتى ئىچىگە بىر قىسىم دېموكراتىك سىياسىيونلارنى كىرگۈزۈۋېلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلغان ئىكەندۇق. بۇ مەسىلىدە، ئەڭ دەسلەپتە قارشى پىكرىنى ئوتتۇرغا قويغىنىدىن كېيىن، ستالىن مەردانىلىق بىلەن ئۇششاق چۈششەك ئىشلاردا يول قويۇش ئىپادىسىدا بولىۋالغان. چۈنكى ستالىنغا مەلۇمكى، بۇ دېموكراتىك كىشىلەر ئۈستىدە كېلەچەكتە تازىلاش ئېلىپ بارغىلى بولاتتى، شۇڭا ئۇ خەستەنگە پولشا مەسىلىسىنى بىرمەزگىل ئۈزارتىپ ئولتۇرىۋالغان. ئاندىن ستالىن بەزى مەسىلىلەردە يول قويۇشتا بولىۋالغان،شۇنداقتىمۇ، بۇ يول قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ تۇرىۋالغان،بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، غەربىي ئىتتىپاقداشلىرىدىن سوۋېت تېزگىنلەپ تۇرغان پولشا مەسىلىسىنى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇۋالماقچى ئىدى. ئەنگىلىيىنىڭ بىر ئۆمۈر كاندىدات تاشقى ئىشقار ۋەزىرلىكىنى قىلىپ كەلگەن سېر ئالېكساندىر كادوگان ستالىننىڭ يالتا يىغىنى جەريانىدىكى ئىپادىسىنى كۆرگىنىدىن كېيىن، بىر سۆھبەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ چېرچىل ۋە روزۋېلىتقا ئوخشىمىغان تۈستە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ دېگەن ئۇلۇغ بىر ئادەم. قالغان ئىككى يىل مابەينىدە باسقان سىياسەتۋازلىقى روزۋېلىتقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئەمما ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى تېز سۈرئەتتە ناچارلىشىپ كېتىۋاتماقتا. ئارانلا 2 ئايلىقلا ۋاقتى قالغان[217] روزۋېلىت كادوگانغا بەرگەن تەسىراتى "تەپەككۇرلىرى قالايمىقان،ھەمدە ھېچ بىر ئىشتا تۇراغلىق ئەمەس".

www.uyghurkitap.com

يالتادىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، روزۋېلت بىلەن چېرچىلنىڭ ھەر ئىككىسىلا ستالىننىڭ ھەقىقى غەرىزىنى ھېس قىلالمىغان، گەرچە روزۋېلتقا قارىغاندا گۇمانخورلىقى كۈچلۈك بولغان چېرچىلمۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بىچارە نېۋىل چىمبېرلىننىڭ قارىشىچە، مەن ھىتلېرغا ئىشىنىدىكەنمىشمەن، ئۇ خاتالاشقان ئىدى. گەرچە مەن ئۆزەم ستالىنغا بولغان ئىشىنىشىم خاتا ئىدى. " يىغىندىن كېيىن موسكۋا ھىتلېرغا تەبرىكنامە يوللىدى. بۇ بەلگىلىك دەرىجىدە موسكۋانىڭ يوقۇرى سۈپەتلىك ئىستىخباراتىنىڭ ستالىننىڭ يالتا يىغىنىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقىغا نىسبەتەن كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە قايىل بولغانلىقى ئىدى. 1945-يىلى مارت ئېيىدا، گېرسىكى ئەخمەتوۋ ۋە شىس بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن مەركەزگە دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

*يېقىندىن بۇيان ئالەيشى (شىس) بىلەن ئۇنىڭ خانىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالى ئوردىنىغا ئېرىشتى. يالتا يىغىنىدىن كېيىن، ئالەيشى موسكۋاغا بارغىنىدا ۋەزىپىسى بەكلا يوقۇرى بولغان بىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارىغا (ئالەيشى بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەن دەپ يۈرىدۇ. ئۇ كىشى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يولداش ۋىشىنىسكى ئىدى.) بىلەن ئۇچىراشقان، ھەمدە خوشىنىغا (باش ئىستىخبارات ئورنىنى دېمەكچى) بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا رەخمەت بىلدۈرگەن.*

ئاۋرىلدا، شىس سانفىرانسىسكودا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەييارلىق يىغىنىنىڭ ئىجرائىيەت كاتىبات باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگىنىدە، باش ئىستىخبارات ئورنىنى قولىدىن ئېلىۋېلىپ پۇشايمان قىلغان دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسارلىقى غەم ئىچىگە پېتىپ قالغان.

قىزىل ئارمىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە ئېيىدا، ئارقا ئارقىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەر نەتىجىسىدە توساپ قىلىشقا بولمايدىغان كۈچ بىلەن ئوتتا ياۋروپاغا ئىلگىرلەۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ھەرىكەتچان بىر ئەترەت ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ

ئەتىرەتنىڭ ئىسمى جاسۇسلار يۇلتۇزى دەيدىغان بىر ئالاھىدە ھەركەت ئەترىتى ئىدى. بۇ ئەسكىرى جاسۇسلۇققا قارشى ئورگاننى 1943-يىلى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى يوللىغان بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۆلەت مۇداپىيە كومىتېتى بىلەن دۆلەت مۇداپىيە سىياسى كومىسسارىياتى رەئىسى بولغان ستالىن بىۋاستە قوماندانلىق قىلاتتى بۇ ئورگاننىڭ ئاساسلىق ۋەزەپىسى خائىنلارنى ۋە بۇرۇن دۈشمەن بىلەن ھەمكارلاشقان سوۋېت گراژدانلىرىنى قېزىپ چىقىرىش ئىدى. ستالىننىڭ تەلىماتى بىلەن ئۇنىڭ يايغان بۇ كەڭ تورى 5 مىليون ئىنسانىنى تەكشۈرۈپ چىقىش، گېرمانىيە لاگىرلىرىدا ساق قالغان بىر مىليوندىن ئارتۇق ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەر قاچقۇنى دەپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى [218] سىبىرىيە يايلاقلىرىغا سۈرگۈن قىلىدۇ، بەكلا كۆپى ئۇ يەرلەردە ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ئىتتىپاقدىشىغا ۋەزىپىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئادا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بەزىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋەھشىلىك بىلەن تۇتۇلغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تەڭ ئىشلەيدۇ، ئەنگلىيىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 1945-يىلى ئىيۇلدا، ئەنگلىيىلىكلەر ۋەھشىلىك بىلەن ئاۋستىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇس كازاكلىرى بىلەن يۇگسلاۋىيىدىكى ئوخشىمىغان قاراشتىكىلەرنى ئايرىم ھالدا قىزىل ئارمىيە بىلەن تېتونىڭ قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئادەملىرى ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىلگىرى فاشىستلار بىلەن ھەمكارلاشقانلار ئىدى. گەرچە بەزىدە بۇ تۈردىكى ھەمكارلىقلار ھېچنىمگە ئەرزىمگىدەك ئىشلار بولمىسىمۇ 1-ئىيولدا، ئۇرۇشتا تازىلانغان 8-كورپۇس، بۇيرۇق بويىچە تېتو بىلەن بىرلىشىپ دىنى مۇراسىم ئۆتكۈزىۋاتقان كازاكلارنى بەزى ئەسكەرلەر يىغلاپ تۇرۇپ مىلتىق پاينەكلىرى ۋە كۈرەكلەر بىلەن قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان نەچچە مىڭ ئەرلەرنى، ئاياللارنى ۋە ئۇششاق باللارنى كالا هاراۋىلىرىغا هايداپ چىقىرىپ، جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىشقان. كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قورقۇنۇشلۇق ۋەقەلەر كۆرۈلۈپ تۇرغان. بەزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كازاكلار ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان. سەۋەبى ئۇلارنىڭ بالا چاقىلىرىنىڭ قىيناپ ئۆلتۈرۈلىشى ياكى ئۇزاق يايلاقلارغا سۈرگۈن قىلىنىپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلۈشىدىن بىراقلا ئۆلۈپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىدى. (ئەمما بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىنمۇ ۋەھشى ئازاپلارغا قويغان دۈشمەنلىرىنى، دۈشمەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئاياپ ئۆلتارماقتا.) 45000 نەپەر قايتۇرۇپ كېلىنگەن كازاكلاردىن مۇتلەق كۆپ قىسمى سوۋېت گراژدانلىرى ئىدى. يالتا يىغىنىدا روزۋېلىت بىلەن چېرچىل ئىككىسى بۇ كازاكلارنىڭ سوۋېتكە قايتۇرۇلىشىغا قوشۇلغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، بەكلا ئاز بىر قىسىم، تەخمىنەن 3000 دىن 10000 غىچە بولغان ئادەم كونا كۆچمەنلەر ھېساپلىناتتى، بۇ كىشىلە رۇسسىيە ئىچكى ئۇرۇش دەۋرلىرىدىن كېيىن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلەر ئىدى، ئۇلارنى ھېچقاچان سوۋېت گراژدانى دېيىشكە بولمايتتى، شۇنىڭدەك يالتا يىغىنىدىمۇ قايتۇرىلىدىغانلار ئارىسىدا بۇ كىشىلەر يوق ئىدى. ئەمما بۇكىشىلەر ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ھالدا مەجبۇرى تۇستە يۇرتىغا سۈرۈپ قايتۇرۇلغان ئىدى.

بۇ كونا كۆچمەنلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇھىم گېنېراللار مەسىلەن پېتىر راسنوۋ، ئاندرى سكولوۋ ۋە سۇلتان كېلىشگېلىيېۋ، 25 يىل بۇرۇن دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىزچىل ئىزدىنىۋاتقانلار ئىدى، بىر ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىكىلەر ئاۋۇستىرىيىگە ئەۋەتىلىپ بۇ كىشىلەرنىڭ نەدىلىكىنى ئاختۇرۇشۇپ يۈرەتتى، دەسلىۋىدە ئۇلار ئەنگلىيە دائىرىلىرىدىن بۇ كىشىلەرنىڭ نەدە مۆكۈنۈپ يۈرگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ ئەنگلىيىلىكلەر بىلمەيمىز دەپ جاۋاب بېرىشكەن. بىر قېتىملىق ئەنگلىيە رۇسسىيە بىرگە ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق كەچلىك زىياپەتتە، بىر نەپەر ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېلىپ مەس بولۇپ قالغان ئەنگلىيە ئەسكىرى ئۇ گېنېراللارنىڭ نەدىلىكىنى ئېغىزىدىن قاچۇرۇپ قويىدۇ، بۇ گېنېراللار تېخى يېقىن كۈنلەرگىچىلا گرېستوف كەنتىدە بىر يەردە تۇراتتى دەپ سالىدۇ. بۇ چاغدا ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىدىكىلەر

دەرھال ئاتلىنىپ شۇ يەرگە باردۇ. گەرچە گېنېراللار ئۇ يەردىن ئاللىمۇقاچان ئايرىلغان بولسىمۇ، سكلونىڭ بىر ئاشنىسى يېلېنا (ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچ كىم بىلمەيتتى) يەنىلا شۇ يەردە قالغان ئىكەن. ئالاھىدە ئەترەتنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئۇ ئايالغا سىزنى بىرسى كۆرگىلى كەپتۇ دەپ يالغان ئېيتىدۇ، شۇنداق قىلىپ يېلېنانى ئالداپ كامپىتىن سىرتقا چىقىرىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ ئايال ئالاھىدە ھەركەت ئەترىتىنىڭ ماشىنىسى يېنىغا كېلىپ قارىسا [219] ئاپتوموبىل ئىچىدە قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئولتارغانلىقىنى كۆرۈپ ھوجۇقۇپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ئەسكەرلەر ئۇنى دەرھال زورلاپ ماشىنىغا تىقىشىدۇ. ھەمدە (تەبىئىيكى بۇ ئارىدا ئۇنى چوقۇم قىيىن قىستاققا ئالغان بولىشى كېرەك.) ئۇنى مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ، ئاق ئۇرۇس گېنېرالى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئالى قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ ئەمەلدار قۇرۇغلۇغ ئارمىيە مارشالى ئالېكساندىردىن ئۇلارنى قوغداپ قېلىشىنى ئۆتۈنىدۇ، ئېلېنا يەنە بۇ گېنېراللاردا 14 كىلو ئالتۇن بارلىقىنىمۇ ئېيتقان، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەنلەر ئىنتايىن مۇھىم. مىتروخىننىڭ خاتىرلىۋالغان دەپتىرىدىكى يازغانلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە تولۇق كۆچۈرۈپ كۆرسىتىمىز:

*بىر قېتىملىق يىغىندا چېكاچىلار (ئالاھىدە ھەركەت ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرلىرى) يەنە بىر قېتىم ئاقلار گېنېراللىرى مەسىلىسىنى بىر ئەنگىلىيە پولكوۋنىكىغا دېگەن. ئۇلار گېنېرالنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنىڭ يېرىنى ئېيتقان. چېكاچىلار ئۇلارغا مۇنداق بىر سودا قىلايلى دەپ مەسلىھەت بەرگەن. شۇنداق قىلساڭلار ئالتۇن سىلەرنىڭ بولىدۇ. بۇ پولكوۋنىك سەل ئويلانغاندىن كېيىن بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر خىزمەتدىشى بۇ ئىشنى قانداق كېلىشتۇرۇش ھەققىدە تەپسىلى سۆزلىشىدۇ. ئەنگىلىزلار ئۇلارنى مارشال ئالېكساندرنىڭ شتابىغا ئاپىرىپ سۆھبەتلىشىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ يېنىغا ھېچقانداق نەرسە ئالمىغان ئاقلار گېنېراللىرىنى ئاپتۇوبلغا ئاپىرىپ ئۇلارنى ئوۋدىنبورگقا ئاپىرىدۇ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بۇ ئاقلار گېنېراللىرى چېكاچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئالاھىدە*

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

*ھەربىكەت ئەترىتىدىكىلەر ئۇلارنى موسكۋاغا ئاپىرىپ لۇبىيانكىنىڭ جازا مەيدانىغا ئاپىرىپ تىزىدۇ.*

ك گ ب نىڭ بۇ ئارخىپىدىن باشقا، ئەنگىلىزلارنىڭ بىر ئوفىسىپىرى (بەلكىم يەنە باشقا ئىككى كەسپىدىشىمۇ بار بولىشى مۇمكىن) سوراقتىن كېيىن ئۇلارنى ئاقلار گېنېراللىرىنى شۇ يەرگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، نەق مەيداندىكى ئاز بىر قىسىم سوۋېت گىراژدانى بولمىغان كازاكلارنى باشقا كازاكلاردىن ئايرىۋالغىلى بولمىغاچقا، بۇ گېنېراللارنى ھېچقانداق بىر ئىش بولماي تۇرۇپلا سوۋېت پەۋقۇلئاددە ئەترىتىكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئاندىن ئەگەر مارشال ئالكساندىر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا ئىدى بەلكىم ئۇلار[220] ھايات قالغان بولاتتى. ئەمما مارشال دىنكىن ئۇلارناتونىڭ تەلىپىنى تەستىقلىغان بولىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى يول يېرىمىغا كەلگىنىدە غايىپ بولىدۇ.

قايتۇرۇلۇش تېزلىكى بىلەن بۇ ئىشلاردىكى ناھەقچىلىكلەر پۈتۈنلەي نەق مەيداندىكى ئوفىسىپىرلارنىڭ ئارزۇسىن كېلىپ چىققان. بۇ كوماندىرلار بۇ ئاۋارچىلىق ئىشتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىشىچە بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ كىملەرنىڭ كازاك ۋە سوۋېت گىراژدانى بولۇپ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ يۈرگەندىن كۆرە بۇيرۇق قىلىپ، پولكوۋنىك قول ئاستىكى رۇسلار توپىنى پۈتۈنى بىلەن سوۋېت گىراژدانى ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىپ قايتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ، ئەمما كراسنوۋ باشچىلىقىدىكى كىشىلەرنى ئاتامانلار توپىنىڭ ئادەملىرى ۋە گېنېرال سكورونىڭ ئادەملىرى ئۇلار سوۋېت گىراژدانلىرى بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن گېنېرال لو يەنە مۇنداق بىرمادىدىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. بىسىمغا ئۇچرىمىغانلا بولىدىكەن، بەزى دىپلوملار (سوتلىنىشلار) غا قاراش ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك سالاھىيىتى ئېنىقلىنىشقا بولمايدىغانلارنى پۈتۈنلەي سوۋېت گىراژدانى دەپ ئايرىش كېرەك دەپ قارايدۇ.

گەرچە بىرلا ۋاقىتتا ھەم سەممىيلىكنى ھەمدە ئىنتىپاقداشلاردىن كازاكلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىنى تىزلا ۋاقىتتا

تەلەپ قىلىش ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۇل بىر ئىش. بۇ قېتىمقى يۇرتىغا قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى يەنىلا 20-ئەسىردىكى ئەنگلىيە ئارمىيە تارىخىدىكى نومۇس قىلغىدەك بىر ھەرىكەت دەپ قارىساق بولىدۇ. 76 ياشلىق ئاقلار گېنېرالى كراسنوۋ كېيىن دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىدىكىلەرگە دېگىنىدەك: مەن پەقەت بىرلا ئىشىم ئۈستىدە ئۆزەمنى ئەيىپلەيمەن. يەنى مەن نېمىشقا ئەنگلىزلارغا ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتتىم؟ 27-ماي كۈنىسى سەھەر سائەت 3 دېگەن ۋاقىت سوۋېت بىخەتەرلىك قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاقتى. بىر نەپەر كىملىكى ئېنىق بولمىغان ئەنگلىيە ئەمەلدارى، سەھەر سائەت 3 تە گېنېرال سكورۇنى ئويغۇتۇپ، سىز قولغا ئېلىنىدىڭىز دەپ ئۇختۇرۇش قىلىدۇ. قاتتىق كۈزىتىش ئاستىدا سكورۇ كازاكلار گازارمىسىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. بەلكىم يەنە شۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ئەنگلىيە ئوفىتسېرى قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنرالى ئالېكساندىرغا ۋاكالىتەن گېنېرال كراسنوۋدىن مۇنداق دەپ تەلەپ قىلىدۇ. (ئۇ ئىككىسى رۇسسىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا يەنى گىراژدانلار ئۇرۇشى دەۋرىدە مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ بىرلىكتە جەڭ قىلغانمىش. ) بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. بەلكىم ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر جەڭ مەيدانىدا بولغانلىقىمۇ بىر يالغان بولىشى مۇمكىن ئىدى. سوۋېت ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىكى رەسىم تارتقۇچى بۇرۇنلا مەيداندا بۇ تارىخى پەيتنى خاتىرە قالدۇرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەڭ پىشقەدەم دۈشمىنى ئەنە شۇنداق قىلىپ قولغا چۈشكەن ئىدى، ئەنگلىيە قوشۇنى ئۈچۈن بۇ بىر نومۇس قىلغىدەك بىر پەيت ھېساپلانسا، ستالىن ئۈچۈن ھەمدە پەۋقۇلئاددە ئەترەت بىلەن دۆلەتلىك ئارمىيە كومىتېتىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق داڭلىق بىر غەلىبە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باپ
# ئۇرۇش دەۋىدىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغىچە

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىتتىپاقداش ئەللەرگە قارىتا قانات يايدۇرغان ئىستىخبارات ئىشلىرى چوڭ بىر كرىزىسقا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. مەركەز بۇنداق بىر بوھراننىڭ ھەر دائىم پارتلاش ئېھتىمالىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. بۇنىڭ ئەڭ ئېغىر بىرىنچى ئاگاھلاندۇرۇشى ئوتتاۋادىن كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتاۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىكى قانۇنلۇق قىياپەتكە پۈركىنىۋالغان دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارىياتى ۋە شۇنىڭدەك باش ئىستىخبارات ئورنىنىڭ خادىملىرى بىردەك جىددىيچىلىك ئىچىدە ئىدى. باش ئىستىخبارات ئورنىنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىدىكى ئەھۋال بەكلا يامان ئىدى. 1945-يىلى 5-سىنتەبىر كېچىسى، ئوتتاۋا سوۋېت باش ئەلچىخانىسىنىڭ شىفىرچىسى ئىگور گۇسىنكوۋ مەخپىي ھۆججەتلەرنى كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قېچىشقا تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى كېيىن مۇنداق دەيدۇ: "يولدۇشۇم بىر قاراشتا راستىنلا ھامىلە بىر ئايالغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى".

قېچىش گۇسىنكوۋنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنداق ئاسانغا توختايدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ كانادا ئەدلىيە ئورنىغا ھەمدە "ئوتتاۋا كۈنلىكى" گېزىتخانىسىغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغىنىدا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەتە كەلگىن دەپ يولغا سالىدۇ. ئەمما 6-سىنتەبىر كۈنى ئەدلىيە مەھكىمىسى بىلەن گېزىتخانىغانىدىكىلەر ئۇنى تۈنگۈن ئاخشىمىسىدەك ئۇنداق قىزغىن كۆتۈۋېلىشمايدۇ. ئۇلار بىلمىگەن ئىدىكى، ئۇلار بەلكىم بۇنىڭ سەۋەبىدىن 10 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بولار ئىدى، بۇ ئاخشىمى، سوۋېت ئەلچىخانىسىدا قارىسا گۇسىنكوۋ بىلەن مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى غايىپ

بولغانلىقىنى سېزىدۇ. گۇسېنكوۋ بىلەن ئايالى بالىلىرى بىلەن خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە يۇشۇرۇنىۋالغان ئىكەن، دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى پەرق قىلىپ ئىشىكنى چېقىپ ئىچكىرىگە كىرىدۇ. ئاندىن ئۆيىنى تەكشۈرەيدۇ. يەرلىك ساقچىلار يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىلا ئاندىن يېتىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ گۇسىنكوۋ ئائىلىسى قۇتۇلۇپ قالىدۇ. گۇسىنكوۋ پۈتۈن بىر ئائىلە شۇنداق قىلىپ تۇتۇلۇشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.[222]

گۇسىنكوۋ باش ئىستىخبارات ئورنىنىڭ مۇھىم بىر جاسۇسى بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتى ئىجرا قىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ تولۇق بولمىغان ئۇچۇرلىرىنى تەمىنلىيەلەيتتى. بىر قانچە ئايدىن كېيىن، سوۋېت ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى ئالى رەھبىرى لاۋلىيەنكى بېرىيا بارلىق ئىستىخبارات پونكىتلىرىغا ئوتتاۋادىكى دۆلەت ئامانلىق ساقلاش خەلق كومىسسارىيات ئورگىنىنى كۆرسىتىپ ئىستىخبارات ئورنىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى قاتتىق تەنقىتلىلەيدۇ.

ئۇلار ئەڭ ئەقەللى بىخەتەرلىك پىرىنسىپلىرىغا سەل قارىدى. مەغرۇرلارچە ۋە ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ھېسسىياتى بىلەن تۈپكى پىرىنسىپلارغا سەل قارىدى. دېمەك بۇ ھادىسە ئۇلارنىڭ سىياسىي ھوشىيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىنىڭ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇلارغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىدىن بولدى. گۇسىنكوۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەتكەنلىكى ۋەتىنىمىزگە ئىنتايىن زور زىيانلارنى كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەردىكى خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتتى.

ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتى بىخەتەرلىك ئىنتىزام جەھەتتە يەنە بىر قېتىم تەنقىتلىنىشكە ئۇچۇرىشىدىن قورقۇپ، يېڭىدىن جاسۇس كېڭەيتىشتىنمۇ ئەنسىرەپ پاسسىپ ھالەتكە ئۆتىۋالدى، كېيىن زىياننى سۈرۈشتە قىلىش دوكلاتىدا، گۇسىنكوۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات ئىشلىرى خېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىللارغىچە پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن شۇنىڭدەك يەنە بۇ ئىستىخبارات پونكىتىدا 1960-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلىرىنىڭ ئىزچىللىقىغىمۇ پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان. 1949-يىلى ياز ئايلىرىدا، موسكۋادىن ئەندىلا ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتىغا ۋاكالىتەن پونكىت باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋىلادىمىر پاۋلوۋىچ بوركىن (يەنە بىر ئىسمى بروجىن) مەركەزگە مەكتۇپ يوللاپ كەسپداشلىرىنىڭ ئۇرسام تەۋرىمەس بولىۋالغانلىقىدىن رەنجىگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان:

*ئىستىخبارات پونكىتىمىز بۇرۇنقى كانادا ئىچىدىكى جاسۇسلىرىمىز بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىدىن ئايرىلىپلا قالماي، يەنە ھەتتا يېقىندىن مۇناسىۋەت قۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالماس بولۇپ قالغان .... ئۆز ئىچىگە قامىلىۋېلىپ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىلاردا كەسكىن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈۋالغان، ئۇلار ھازىر ئۆز ئىچىدىكى ئىشلار بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان بولىۋالدى.*

مەركەزمۇ ئۇنىڭ بۇ دېگىنىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچىمۇ ئىستىخبارات پونكىتىمىز "بىر ئىزدا توختىۋالغان".

تا گۇسىنكوۋ تۈگەپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، ك گ ب ئارىلاپ بولسىمۇ ئۇنى ئاختۇرۇشنى داۋام قىلىپ تۇرغان. ئەمما ھېچ بىر نەتىجىسى بولمىغان. 1975-يىلى، ئىلغار كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى توماس [223] سىيت گۇسىنكوۋنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ ئۇنىڭغا سىگورتا بېرىش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ كۆرۈش تەكلىپىدە بولۇنغان. بۇ تەكلىپ ئوتتاۋا ئىستىخبارات مۆلچەرلىرىدىن گۇسىنكوۋنىڭ كوستت ئەتىراپىدا بىر يەرلەردە تۇرىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا سەۋەپ بولغان. ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر يەنە دوكلاد قىلىپ سوۋېت دۆلەتلىك مۇز توپ ئەترىتى كاناداغا كېلىپ زىيارەت خاراكتېرىدىكى مۇسابىقە ئويۇشتۇرۇش ۋاقتىدا قايسى بىرسى گۇسىنكوۋنى كاسىي بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان، ئوتتاۋادا تۇرۇشلۇق ك گ ب ئەمەلدارى مىخايىل نىكولايېۋىچ خۇۋاتوۋ كاۋسىتنىڭ يېنىغا يېقىنلاشماقچى بولۇپ گۇسىنكوۋنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ،

ھېچقانداق ئۆنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئىستىخبارات پونكىتى دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، كاۋسىتىنىڭ پارلامېنتقا سۇنغان لايىھەسىدە ئېنىق توندا سوۋېتكە قارشى سۆزلەيدۇ. بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ك گ ب كاۋسىتىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئۇيدۇرۇشقا باشلايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنى پەس كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئەمما بۇ ھەرىكەتتىن بۇرۇن يەنى 1982-يىلى ئۇ ئۆلىدۇ.

1945يىلى سىنتەبىردەكوسىنكوۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشى دۆلەت ئامانلىق ساقلاش خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكادىكى ئىستىخبارات پونكىتلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چالىدۇ. ئەنگلىيىدىكى مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ 9-باشقارمىسى (جاسۇسلۇققا قارشى باشقارما) نىڭ باشقارما باشلىقى بولغان فىلبى گۇسىنكوۋ ۋەقەسىنىڭ بارلىق ماتېرىيال دوكلادلىرىنى تولۇق ئىگەللەيدۇ، بۇ دوكلادتا لوندون سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىگە بولغان قارشى تەدبىرلەرنى ھەددىن ئارتۇق كۈچەيتىۋەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مەركەز بۇ مەلۇمات دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدىن كېيىن، كەسكىن بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، قىممەتكە ئىگە جاسۇسلۇق تورلىرى زىيانغا ئۇچرىمىدى دەپ كاپالەت بېرىدۇ. لوندون ئىستىخبارات پونكىتىدا مۇھىم جاسۇسلارنى ئىگەللەپ تۇرغان يېتەكلىگۈچى پاۋلىس كلوتىڭشورد (پارولا ئىسمى كروتوف) بۇيرۇق قىلىپ فىلبىدىن باشقا جاسۇسلارنى باشقا مەخسۇس دېلو باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ مەسئۇللىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ھەر ئايدا بىر قېتىمغا قىسقارتىشنى تەلەپ قىلىدۇ: بارلىق يولداشلارغا سىرتقا چىقىپ كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن ئادەتتىكىچە كۈرىشىش، ئەگەر پىيىغا چۈشكەنلەرنىڭ بارلىقى سېزىلگەن ھامان كۆرۈشۈشكە بارماسلىق..... زۆرۈر تېپىلغىنىدا ئەنگلىيە جاسۇسلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇش لازىم.

سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىگە قاراشلىق يەنە بىر جاسۇس قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ مۇۋەپپەقىيەت

www.uyghurkitap.com

قازىنالمىغانلىق ۋەقەسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇدۇ. 1945-يىلى 27-ئاۋغۇست كۈنى، دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىتېتىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى كونستانتىن دىمىترىيېۋىچ ئوركوف ئەنگلىيىنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇل فۇچىغا بىر مەكتۇپ يېزىپ ئۆزى بىلەن بىر قېتىم جىددى كۆرۈشۈش تەلىپىدە بولىدۇ. ئەمما فۇچى بۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەيدۇ. 4-سېنتەبىر كۈنى ئوركوف ئۆز كونسۇلخانىسىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئايالىغا سىياسى سېغىنىش تەلىپىدە بولۇشنى مەسلىھەت قىلىدۇ ۋە ئەگەر ئەنگلىيە ئۇنىڭغا سىياسى پانالىق تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن 50 مىڭ فوند ستېرلىڭ بىلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ سىياسى سېغىنىش ۋە يەنە 50 مىڭ فونتستېرلىڭ پۇل بەرسە، (بۈگۈنىنىڭ پۇلىدا تەخمىنەن بىر مىلىيون ستېرلىڭغا تەڭ،) [224].

ئەنگلىيىلىكلەرگە مەركەزنىڭ ئەنگلىيە بولۇمىدە ئىشلەيدىغان مۇھىم ئىشلارغا كىرىۋالغان بەزى مۇھىم جاسۇسلارنى ھۆججەت ۋە ئىستىخباراتلارنى بېرىمەن، دېيىلگەن ئەڭ يوقۇرى قاتلامدىكى سوۋېت جاسۇسلىرىغا ئىككى نەپەر ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە كىرىۋالغان جاسۇسنى (بەلكىم پوگىس بىلەن مىكلايىننى كۆرسەتكەن بولىشى مۇمكىن.) ئۇندىن باشقا 7 نەپەر ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگىنىغا كىرىۋالغان جاسۇسلارنى، بۇلاردىن بىرسى ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى ئورگىنىدىكى بىر مەسئۇل خادىم (دېگىنى بەلكىم فىلبى بولىشى مۇمكىن ئىدى.) پاش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتان.

19-سېنتەبىر كۈنى، فىلبى ئىستانبۇل كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىك پوشتاخالتىسىدا ھەيران قالارلىق ھالدا ئوركوۋ بىلەن فۇچى ئىككىسى كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋالنىڭ دوكلادىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال كلوتىشېردقا بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇش يوللايدۇ، 21-سېنتەبىر كۈنى، تۈركىيىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى دىپلوماتىك پوسۇلكا ھالىدا نىقاپلانغان دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسارىياتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ ئىككى نەپەر ئەزاسىغا ۋىزا تارقىتىدۇ. ئەتىسى، فىلبى ئوڭۇشلۇق تۈردە مەخپى ئىستىخبارات

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دوكتور ستورت مىن تۇركىيىگە قاراپ ئۇچۇپ بېرىپ ئوركوف دىپلوسىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ھوقۇقىغا ئېرىشىپ رەسمىي ئاپاراتى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دوكلادتىن قارىغاندا، ئۇ ئايالى بىلەن بىرلىكتە بەكلا جىددىلىشىپ كەتكەن. ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇچۇشنى كېچىكتۈرۈپ 26-سىنتەبىردىلا ئاندىن ئىستانبۇلغا يېتىپ بارالايدۇ. ئىككى كۈن ئاۋال، نوسۇلكىدا ياتقان پۈتۈنلەي ھوشسىزلانغان ئوركوفنى كۆتۈرۈپ موسكۋاغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا سالىدۇ. ئاندىن لوندونغاقايتىش يولىدا ۋېلبى مىنشىسىدىقا بېرىلىدىغان بىر پارچە ئىسسىق ئۇرۇپ تۇرىدىغان بىر دوكلاد يازىدۇ. بۇ دوكلادتا دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارلىقى ئوركوفنىڭ قېچىشى ھەققىدىكى سەۋەبلەرنى تەتقىق قىلىپ يازىدۇ. ۋە سەۋەبىنى پەرق قىلىدۇ. ئۇ كېيىن يازغان دوكلاتىدامۇنداق دەپ يازىدۇ:

*ئوركوفنىڭ ئۆيى بىلەن ئىشخانىسىنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش ئەسۋابى قويۇلۇپ ئاڭلانغان. دوكلادتىن قارىغاندا، ئۇ ئايالى بىلەن ئىككىسى بەكلا جىددىلىشىپ كەتكەن. بەلكىم ئەنە شۇنىڭ ئۇچۈن ئۇلارنىڭ پاش بولىشىغا سەۋەپ بولۇپ قالغان ياكى بولمىسا ھاراقنى بەك كۆپ ئىچىۋېتىپ مەسچىلىكتە كۆپ سۆزلەپ قويغان ياكى بولمىسا ئۇ خىيالى ئۆزگىرىپ قېلىپ ئەتىراپىدىكىلەرگە پىلاننى ئېتىراپ قىلغان، ئەلىۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىر قىياس، ھەقىقى ئەھۋالنى بەلكىم مەڭگۈ بىلەلمەيمىز. يەنە بىر خىل دېيىشتە بەزىلەر ئۇنىڭ ئەنگىلىيىلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىنى رۇسلارغا ئېيتىپ قويغان. شۇنداقتىمۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنداق پەرەزلەرنى بۇ يەردە يېزىپ يۈرۈشۈمنىڭمۇ ھاجىتى يوق دەپ قارايمان.*

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشتىن بۇرۇن،ئوركوف سوراق جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەنگىلىيىدىن سىياسى پانالىق تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇلاردىن 50 مىڭ ستېرلىڭ تەلەپ قىلغان. شۇنىڭدەك ئۇلارغا ھېچ بولمىغاندا 314 نەپەر سوۋېت جاسۇسىنى پاش قىلىپ بېرىدىغان بولغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان.[225] ئەگەر ئۇ قېچىشتا مۇۋەپپىقىيەتلىكلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدىكەن.فىلبىينىڭ قىچىپ قۇتۇلۇشى ئۇچۇن زادىلا پۇرسىتى قالمىغان بولاتتى. ئەگەر گۇسىنكوۋنىڭ تەلىيى ناچارلا بولىدىكەن، بىر قانچە ھەپتە ئاۋال ئوتتاۋادا ئوخشۇشلۇق قېچىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىستانبۇلدىكى ئوركوفنىڭ ئازىراقلا تەلىيى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئوخشۇشلۇق تۈردە فىلبى بىلەن سوۋېت دۆلەت ئامانلىق ئىدارىسىنىڭ ئەنگلىيىدە كېڭەيتكەن ھەرىكەتلىرىنىمۇ پاش قىلىۋەتكەن بولاتتى.

گۇسىنكوۋ بىلەن ئوركوف ۋەقەسى ئەنگلىيىدىكى لوندون ئىستىخبارا پونكىتى ئەڭ ئالدىرىش بولغان كۈنلەردە، ئۇ چاغدا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان كىشى كونستانتىن كۆكىن بولۇپ، ئۇ بۇ ۋەزىپىدە تا 1947-يىلىغىچە ئىشلەيدۇ. 1945-يىلى 11-سىنتەبىر كۈنىدىن 2-ئۆكتەبىرگىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر بىخەتەرلىك يىغىنىنىڭ 5 نەپەر دائىمى ھەيئەت دۆلەتلەردىن ئامېرىكا،سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، خىتاي بولۇپ بەش دۆلەت لوندوندا تۇنجى قېتىملىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ئاچىدۇ. يىغىندا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر تىنچلىق شەرتنامىسىغا قول قويىدۇ. ھەمدە باشقا بەزى ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ، سوۋېت جاسۇسلىرى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سىڭىپ كىرىشىدە لوندون ئىستىخبارات پونكىتى بەكلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، يىغىن مەزگىلىدە ك گ ب نىڭ ئارخىپىغا ئاساسەن، سوۋېت باش ئەلچىسى ئۇۋان مەسكى ئىستىخبارات پونكىتىغا بولغان يۆلۈنۈۋېلىشى ئۆزىنىڭ دىپلوماتلىرىغا يۆلىنىۋالغىنىدىنمۇ بەكرەك ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇ ھەر دائىم ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن كېچىدىمۇ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپ تۇراتتى، ئەمما يىغىندىكىلەر بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىرىنچى قېتىم ئاشكارىلانغىنىدا شەرق بىلەن غەرب سەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ھاڭ، 1972-يىلى ئەڭ ئاخىرى بىرىپ سوغۇق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ قېتىمقى ۋە شۇنىڭدەك كېيىنكى بىخەتەرلىك يىغىنىدا، ستالىننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋىياچېسلاۋ مىخايلوۋىچ مولوتوۋمۇ

دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرىنىڭ غەربىتىكى جاسۇسلىرىنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتىغا بەكلا تايىنىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ بەكلا نورمال بىر ھادىسە. بىر قېتىم ئۇ تىرىككىنىچە "نېمىشقا ھۆججەت يوق؟" دەپ قايناپ كېتىدۇ. 1947-يىلى نويابىردا لوندون يىغىنى ۋاقتىدا مولوتوۋ ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىنمۇ ئالدىراپ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ھۆججىتىنى ئاۋال تاپشۇرىۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىدۇ.

1945-يىلدىن 1949-يىلغىچە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ يىغىنىدا سوۋېت دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرىنىڭ يىغىنىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىستىخباراتلارنىڭ مەنبەسە ئەنگلىيە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئۇركوف قاچۇرۇپ كېتىلگەن ئىكەن، " 5 نوچىلار" ئىچىدىكى 4 كىشى ئۇرۇشتىن كېيىن پۈتۈن قەلبى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئىشلىمەكتە ئىدى. بىرسىلا كام بولۇپ، ئۇ ئانتون بۇلۇنت ئىدى. ئۇ روشەن ھالدا ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتكىنى ئۈچۈن مەركەزمۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن ئايرىلىشىغا قارار بېرىدۇ. 1945-يىلى بۇلۇنت قايتىدىن گۈزەل سەنئەت ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. خان سارىيى رەسىم كورىدورىنىڭ مۇقىم خادىمى بولىدۇ. بۇندىن ئۇزۇن بولمىغان بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتتە بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىغان ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىدا [226] كەسىپدېشى پولكوۋنىك تار روبىسۇن:"دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكى ھەر بىر ئوفىسېرنىڭ ئىسمىنى رۇسسىيىلىكلەرگە ئېيتىپ بەرگىنىمدە ماڭا بەكلا كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى،!" دەيدۇ. ئەسلىدە، مەركەز ھەربى ئىستىخبارات ساھەسى بويىچە ئىشلەيدىغان ئوۋ راڭ (پارولاسى ئەيلى) ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇ بۇلۇنتنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ھەربى ئىشلار ئاخباراتچىسى ئىدى. ئۇ يەردە بۇلۇنت بىخەتەرلىك ئورنىدا ئىشلەيتتى. بۇلۇنتمۇ راڭنى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدا ئالى ۋەزىپىگە قويغان ئىدى، ئەمما تاللاش كومىتېتى ئۇنى تاللىمايدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ، مەن تاللىغان ئۇ ئادەم بىلەن پەرقىم بەكلا ئاز ئىدى. نەتىجىدە لاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق كۆزەتكۈچىلەر ئۆمىكىنى ئىشلەيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئۇ يەردىكى ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇۋالدۇ. گېرمانىيىدە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۇنى ئىستىخباراتچى قىلىپ مۇددەت بويىچە كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. مەركەزنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ قارشى چىقىشى مەلۇم دەرىجىدە بۇلۇنتىنىڭ يول كۆرسىتىشى پەيدا قىلىۋەتكەن بولۇشىنى قوبۇل قىلمىدىم. شۇندىن كېيىن بۇلۇنتمۇ ئارىلاپ مەركەزگە بىر قىسىم خىزمەتلەرنى قىلىپ قوياتتى، بۇ ئىشنى قايتا قىلمايمەن دېدىم. قىلغانلىرىم ئىككى ئۈچ قېتىم گېرمانىيىگە بېرىپ لاگېدىن ئىستىخبارات ئېلىش ئىدى."

بۇلۇنتقا ئوخشىمايدىغان يېرى، "5 نوچىلار" ئىچىدىكى قالغان ئىككىسى (ئۇلار فېلبى، پورگىس ۋە مېكلايىن)سوۋېت ئىتتىپاقىغا جاسۇسلۇق قىلىش جەريانىدا راسا روناق تاپقان ۋاقىتلىرى ئىدى. سوغۇق ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن كېنكروسنىڭ جاسۇسلۇق كەسپى روناق تاپقانلاردىن بىر قەدەملا كەينىدە تۇراتتى. 1947-يىلى، شۇندىن سەللا ئاۋال، ئىرچىل تۈردە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسى 9-باشقارمىنىڭ باشلىقى بولغان فېلبى تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقىغا ئاتاندى. بۇ ۋەزىپە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتۈشىنىڭ جاسۇسى قىلغان ئىدى. ھەمدە بۇ جاسۇسلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆز ئادىمى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت قىلىشىدىغان ئادىمى ئەھۋالدا ئىدى. مېكلايىن ۋاشىنگتون باش ئەلچىخانىسىدا راسا يوقۇرى ئۆچۈۋاتقان بىر ياش دېپلومات قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۇ يەردە توختىماي 1947يىلغىچە ئىشلەيدۇ، 1944-يىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان پورگىس 1946-يىلى ئۇرۇشتىن كېيىن جۇن كىنكروس مالىيە مىنىستىرلىكىگە قايتىپ ئىشنى داۋام قىلىدۇ. 1948-يىلى لوندون ئىستىخبارات پونكىتى ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ كەسپدىشى روبىنسون ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

*كىنكروس ئاتوم قورالىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىنىلا خەۋەر تېپىپلا قالماي، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قورالى، بىئولوگىيىلىك ئۇرۇش قورالى،*

*خىمىيەلىك قوراللار، سۇ ئاستى قوراللار ۋە شۇنىڭدەك باشقا بارلىق تىپلاردىكى قوراللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش پىلانلىرىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ يەنە باشقا جەھەتلەردىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ياسىلىش لايىھەلىرىدىن ئالايلۇق رادار، ئاۋىئاتسىيە، سۇ ئاستى پاراخوتلىرىغا قارشى رازۋېتكا قىلىش تەتقىقات تۈرلەرنىڭ چىقىملىرىنى، پوچتا تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش سىگنال ئىستىخباراتى ۋە ئۇلارنى ئوغۇرلاش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات قاتارلىقلارنى، يەنى ئۇ ..... قانۇنلۇن بىر شەكىلدىكى تەلەپلەرنى ئىگەللەش ۋە تېخىمۇ كۆپ دېتاللىرىغىچە، ئەگەر بۇ دېتاللارنىڭ چىقىمىنى مالىيە مىنىستىرلىكى پۇل ئاجرىتىشىنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلىكىگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسىن خەۋىرى بار ئىدى.*

شۈبھە يوقكى، كىنكروسنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى يۈرى ئىۋانوۋىچ موكىن "بۇ يوقۇرى سۈپەتلىك ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن بەكلا ھاياجاندا ئىدى".

گۇسىنكوۋ بىلەن ئوركوۋ ئىككىسىنىڭ قېچىش ۋەقەسىدىن كېيىن، لوندون ئىستىخبارات پونكىتى ئالغان بىخەتەرلىك تەدبىرلەر جاسۇسلارنى تېزگىنلەش جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىكىدىن بەكلا كۆپ ۋاقىت سەرىپ قىلاتتى. ئورتا ھېساپتا ھەر بىر يېتەكچى ھەر قېتىمدا جاسۇسلار بىلەن ئۇچرۇشۇشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن 5 سائەتتەك ۋاقىت سەرپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. بەزەن پىيادە مېڭىش ياكى ئاپتوۋۇزلارغا ئولتۇرۇش (ئاساسەن لوندون يەر ئاستى تۆمۈر يولى يەنى لوندون مىتروسى بىلەن) تەكشۈرۈپ كۆرگەن ھەر قايسى ئۇچرۇشۇش نوقتىلىرىنى قايتا قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھېچكىمنىڭ پېيىغا چۈشمىگەنلىكىگە قارار قىلىنىشى كېرەك ئىدى. پۈتۈشكەن كۆرۈشۈش نوقتىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قايتا بىر قېتىم تەكشۈرلەتتى. يېتەكچى بىلەن ئۇنىڭ كۆرۈشمەكچى بولغان جاسۇسى ئاۋال قارشى تەرەپنى كۈزىتەتتى. ئۇ ئىككىسى ئۆز ئارا كەينىگە ئادەم چۈشۈۋالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇچۇرىشاتتى. ئەگەر قايسى بىر تەرەپ ھەر قانداق بىر گۇمانلىنىشنى سەزگەن ھامان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋال كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىشىپ قويغان باشقا زاپاس نوقتىلاردىن بىرسىدە كۆرۈشەتتى. لوندون ئىستىخبارات پونكىتى تۈنجى بولۇپ كەشىپ قىلغان بۇ ئۇسۇل كېيىن بارلىق پونكىتلارغا كېڭەيتىلىدۇ.

لوندون ئىستىخبارات پونكىتى بىرىنچى بولۇپ سىمسىز رادىئو ئاپاراتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئەنگلىيە ساقچى تەرەپىنىڭ ھەمدە ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن كۆزىتىپ كۆزىتىلمىگەنلىكىگە قارىلىدۇ. ئىستىخبارات پونكىتىدا قۇرۇلغان ئاساسلىق قوبۇل قىلغۇچ سىستېمىسىدىن تاشقىرى، ئىستىخبارات پونكىتى يەنە ئاپتوموبىللارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرىكەتچان كۆپ ئىختىدارلىق رازۋېتكا قىلىش ئەسۋاپلىرى بىلەن كۆرۈشۈش نوقتىلىرى تەكشۈرۈلەتتى. ئەمما بۇ مەركەز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە لوندونغا ئەۋەتىلگەن 8 نەپەر كۆزىتىش گۇرۇپپىسى قوللانغان بىر ئۇسۇل ئىدى، تەكشۈرۈلۈشتە يارىتىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىدا قوللۇنىلغان تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆزىتىش ئۇسۇلى، بۇ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئېنگلىزچىسى شەرتكە توشمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ گۇرۇپپا تۈزۈك بىرەر ئۇتۇققا ئېرىشەلمەي قالغان ئىدى. ياكى بۇ قېتىمقى تەجرىبە قىلچە ئۇتۇققا ئېرىشەلمىگەن دېيىشكە بولاتتى.[228]

شۇنداقتىمۇ لوندون ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، بىخەتەرلىك جەھەتتە قوللىنىلغان كەسكىن تەدبىرلەر گاي پوجىسقا ھېچ بىر پايدا كەلتۈرمىگەن ئىدى. بىر قېتىمدا، پورگىس بىلەن يەنە بىر مۇتەخەسسىسلەر خادىملىرى بىر كىچىك قاۋاقخانىدا كۆرۈشمەكچى بولىۋاتقىنىدا، كۆزلەر ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئەندىلا سىرتقا قاراپ مېڭىۋىدى، نەتىجىدە ئۇنىڭ قولىدىكى كىچىك چامادان يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، دىپلوماتىك مىنىستىرلىكىنىڭ مەخپى ھۆججەتلىرى چېچىلىپ يەرگە بىر كېلىدۇ. ئادەتتە بەزىلەر پورگىسنىڭ ئۇچۇرۇشۇشقا بارغىنىدا دائىم غىق مەس بولۇپ ئۆزىنى باشقۇرالمىغىدەك رەتسىز كېيىنگەن ھالەتكە كەلگەن پىتى باراتتى دەپ تەنقىتلەيتتى. دىپلوماتىيە مىنىستىرىدا يىغىدىن قۇرۇلغان بىخەتەرلىك ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى جونسۇن رىچارد فوستېر 1947-يىلى تۈنجى قېتىم پوگىس

بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ كۆرگەن ئادىمىنىڭ چاچلىرى چۈۋۈلغان، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ۋۇجۇدىدىن سېسىق ھاراق پۇراپ تۇرغان بىرسى ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ئېتىڭ نىمە، نەدە ئىشلەيسەن دەپ سورىغان ئىدىم. شۇنىڭغا قارىماي پورگىس يەنىلا بەزەن كامبرىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچى ۋاقىتلىرىدىكى قىياپىتى ۋە ئەقلى بىلەن 1947-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بەلكىم پورگىستىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، خېكت مېكنىيېر ئۇنى كرىستوفېر مىساغا تەۋسىيە قىلدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرىدا ئىشلەيدىغان بۇ پارلامىنت مۇئاۋىن ھەيئەت باشقا ۋاقىتلاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارىتا "پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش" قىلىشتىن باشقا ئىستىخبارات بۆلۈمىنىڭ تەشكىللەش ئىشلىرىنى قىلىۋاتاتتى. كېيىن مىسا ئۆزىنىڭ ئېغىر بىر خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلدۇ. "مەن پورگىس بىلەن ئۇچرۇشۇش ۋاقتىمدا ئۇ كومىنىستلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى بەك بىلىۋاتقانلىقى قىياپىتىدە ئىدى، شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولغىنىمچە ئۇنى قوبۇل قىلغان ئىدىم. "پورگىس بىر تەرەپتىن ئەنگلىيىدىكى ھەر قايسى ئەلچىخانىلارغا ئىستىخبارات تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىستىخبارات تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ساتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يورى ئىۋانوۋىچ مورگىنغا 1947يىلى پورگىسنىڭ يېتەكچىلىكىنى قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ساھەسىنىڭ ئەڭ ئېسىل جاسۇس يېتەكچىسىنىڭ بىرى بولغانلىقىنى سۆزلەيتتى. 1948-يىلى ئەتىيازدا، ئۇ ئىستىخبارات تەتقىقات ئورنىدىن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ يىراق شەرق بۆلۈمىگە ئالماشقانلىقىنى ئېيتاتتى. گەرچە بۇلار مەركەزدە بەلگىلىك تەسىرلەرنى يارىتالىغان بولسىمۇ، بۇلار يەنىلا ئادەمنى دائىم بىزار قىلىۋېتىدىغان ھەرىكەتلەر ئىدى. بۇ ئىشلار پورگىسنى تېخىمۇ پۇختا نىقاپلىنىۋېلىشىغا يارايتتى. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ رەنجىتىشىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئۇنى ھەرگىزمۇ سوۋېت جاسۇسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى.

مورگىنمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. 1947-يىلى كورگىننىڭ ئورنىغا لوندون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىكولاي باۋرىسوۋىچ روتىن (پارولاسى رووىن) ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ روتىن ئۇنىڭ كەسكىن بىخەتەرلىك بەلگىلىمە تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇ يەنە روتىننىڭ مورگىنىغا ئۇ "دائىم ئەلچىخانىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگىنىچە يوشۇرۇن كۆرۈشۈشكە بارىدىغانلىقىنى، بەزىدە ھەتتا ئاخماقانىلارچە جاسۇسنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ كىرىپ[229] زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى" ئېيتاتتى. ئەمما دەرىجە تۈزۈمى قاتتىق بولغان سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا، مورگىننىڭ قارىشىچە، "بىز بۇنىڭغا زادىلا ئامالسىزمىز. مەن ھەر قانچە بولسىمۇ ئۆز باشلىقىم ئۈستىدە شىكايەت قىلالمايمەن. " شۇنداقتىمۇ 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاندىرىپوۋ ئىنىستىتۇتىنىڭ بىر ڤاكولتىتىدا (سىياسىي ئىستىخبارات ڤاكۇلتىتى) مۇدىر بولغىنىدىن كېيىن، مورگىن بۇرۇنقى كۈنلىرىدىكىدەك ئۇنچىۋالا مۇجىمەللىك قىلماس بولىدۇ. ئۇ روتىننى ئەيىپلەپ بەكلا ماختانچاقلىق قىلىپ كېتىدۇ. ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ. ئەسلىدە ئۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەس بىرسى ئىدى.

40-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئەڭ مۇھىم جاسۇسلىرى تېخى بىلىنمىگەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىلىق كەسىپداشلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ كېتىدۇ. 1945-يىلىنىڭ باشلىرىدا، مەركەز رەنجىگەن ھالدا، شېرڤۇماستىنىڭ جاسۇسلۇق تورى نۇرغۇنلىغان ۋاشىنگتون كومىنىستلىرى ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئاشكارە مەخپىيەتلىككە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. شۇڭدەك، كىشىلەرمۇ خالى دېكىستېت خۇيتىنىڭ سوۋېتلىكلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىماقتا ئىدى. مەركەز كۆرسىتىدۇكى، "نىيورك ئىستىخبارات پونكىتى مەيلى پراكتىكانت جاسۇسلارنى تېزگىنلەشتە بولسۇن كەسكىن بىر چېكىنىش بولدى. شۇڭدەك بىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىز خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىدا يېتەرلىك تونۇشى يوق."

1945-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەگەر گوسىنكوۋ بىلەن ئېلىزابېت بېنتلېنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىش ۋەقەسى مەركەزنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ئىدى. سىنتەبىردە، ئېدگار خۇۋى ئاق

سارايغا ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ. گۇسىنكوۋ ئامېرىكىدىكى بەزى سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى تەمىنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە "تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسىغىچە بارغان بولۇپ، (بۇ يەردە دەۋاتقىنى ئارچىل شىس بولىشى مۇمكىن). 7-نويابىردا، يەنى تۇنجى قېتىم ف ب ئاي بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقاندىن كېيىنكى 6 ھەپتىدىن كېيىن، بىنتېلى ف ب ئاينىڭ نيۇيورك تارمىقىغا سوۋېت جاسۇسلىرىنى بىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان. ئەتىسى، خۇف پىرىزدېنت ترومىنىنىڭ ھەربى ئىشلار مەسلىھەتچىسى گە بىرىنچى تۇركۇم 14 نەپەر ئىسىمنى سوۋېت ئىستىخبارات سىستېمىسىغا ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى دەپ تاپشۇرىدۇ. بۇلارنى دەل شۇ بىنتېلى دېگىنى تەمىنلىگەن. بۇ ئىسىملىك تىزىمىدا مالىيە مىنىستىرلىكى خالى دېكسىت خۇۋەيت، ستراتىگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەمورى مۇئاۋىنى دىنكىن لى ، پرېزدېنت روزۋېلتىنىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىسى، كلارك، خېرلى، لار بار ئىدى. بىنتېلىنىڭ يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتكەنلىكى، ف ب ئاي نىڭ بۇرۇن بىر زامانلاردا تەمىنلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىكى جاسۇسلىرىنىڭ پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئىسپاتىغا قايتىدىن قىزىققانلىقىدۇر. چىيەن بۇ زانمۇ شىسنى خۇۋەيتنى ۋە باشقا بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

20-نويابىردا، ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى گورسكى بۇنىڭ ھەقىدە بىنتېلىنىڭ[230] "ئار" دەپلا ئاتىلىدىغانلىقىنى ھەمدە، 23-كوچا، 6-چوڭ يول ئېغىزىدىكى بېكفۇد قەھۋەخانىسى ئالدىدا بىنتېلىنى كۆرگىنىلىنىلا ئېيتالايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار ف ب ئاي ئادەملىرى تەرىپىدىن كۈزىتىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغان ئىكەن. گورسكى كېيىنكى كۆرۈشۈشنى 20- يانىۋار كۈنى قىلىپ بېكىتىشكەن. بېنتىلىنىڭ دېيىشىچە، گورسكى ئايالغا بەلكىم ئۇنى ئۇزۇنغا قالماي موسكۋاغا چاقىرتىشىمۇ مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان. بەلكىم مەركەز بىنتېلىنىڭ خائىنلىق قىلىپ تۇيۇقسىز قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان. بىر قانچە ئايدىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى رولاند ئابىيات (پارولاسى پولاۋدىن بولۇپ بىنتىپلى ئۇنىڭ ئايالىنى تونۇيدىكەن.) ئۇمۇ چاقىرتىلغان. مەركەزنىڭ زىيان ئانالىز دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىنتىپلى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى يول كۆرسەتكۈچىسىنى بىلمەيدىكەن. ئامېرىكىدىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ئىيساقخان ئەخمەدوۋلارمۇ موسكۋاغا چاقىرتىلىپ كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن ئامېرىكىدا بىرەرمۇ ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسقىدەك تەجرىبىلىك ئىستىخباراتچى جاسۇس قالدۇرمىغان. قانداقلا بولمىسۇن، خۇددى يورى مورگىنىنىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا: "بىزنىڭكىلەر چەتئەلگە ئادەم ئەۋەتىشتە بەكلا دىققەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەندىشە قىلىنغىنىدا قاچىدىغانلار بولۇپ قالىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى خادىملار ئاساسەن موسكۋادا ئىشلەيدىغان بولغاچقا، بەكلا ئاز بىر قىسمى چەتئەللەردە ئىشلەشنىڭ ئېغىر بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار كۆپ ۋاقىتلاردا خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ." تا 1948-يىللىرىدىلا بەزى كىشىلەر ئەخمەدوۋنىڭ ئورنىنى تولۇقلىيالىغان. گورسكىنىڭ ئىككى نەپەر ئىز باسارىنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا مەركەز قابىلىيەتسىز دەپ قارىغان 1946-يىلى گورسكىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان گرىگورى گرىگورىۋىچ دوربىنىدا روھى جەھەتتە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەچكە، (موسكۋادىكى قۇرۇق گەپلەردىن قارىغاندا ئۇنىڭدىكى ئېرىسىيەت خاراكتېرىدىكى زەنبۇرۇغلار كۈچىنى كۆرسەتكەنمىش.) قېچىپ كەتكىنىدىن كېيىن، گېورگى ئالېكساندىرىۋىچ سوكولوۋ 1948-يىلى دوربىنىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان. ئەمما 1949-يىلى چاقىرتىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن، سوكولوۋمۇ دائىم دېگىدەك مەركەزنىڭ تەنقىتىگە ئۇچراپ تۇرغان.

بىنتىپلى قېچىپ كەتكىنىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش دەرىجىسىنى ئەڭ ئازغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىككىنچى

دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە تەرەققى قىلدۇرۇلغان. يەنى خۇددى بىنتېلىغا[231] ئوخشاشلارنىڭ ھەقىقى سالاھىيىتى ــ باشقا جاسۇسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈشنى قەتئىي رەت قىلدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن. شۇڭا، بىنتېلى تەمىنلىگەن بەكلا كۆپ يىپ ئۇچلىرى قانۇنى سوتلىنىشقا كارغا كەلمىگەن. ف ب ئاي نىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى باشلىشىمۇ بەكلا كېيىن قالغان بولغاچقا، مەخپى ئىستىخبارات ئالماشتۇرىۋاتقان پەيتىدە نەق مەيداندا بىنتېلى پاش قىلغان جاسۇسنىمۇ قاچۇرۇپ قويۇپ سوت ئۈستىدە ئۇنىڭ دەلىلىدىن پايدىلانماي قالغان ھەمدە سوتتا ئاۋاز خاتىرلىگۈچتىكى سۆزلەرنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتەلمىگەن. شۇنداقتىمۇ، مەركەز ف ب ئاي نىڭ دۈچ كەلگەن قانۇنى تۇساقنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىن بىر قانچە يىل جەريانىدا ئۇلار يەنىلا ف ب ئاي مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە كەڭ كۆلەملىك بىر جاسۇسلۇق سوتى ئېچىپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرىگەن.

ئامېرىكىنىڭ مەخپى شىفىرلارنى يېشىش جەھەتتە زور ئۇتۇق قازانغانلىقى (كېيىنچە پارولاسىنى ۋىنونا دەپ ئاتىغان) مەركەزنىڭ غېمىنى ئارتتۇرىۋەتكەن. 1927-يىلىدىن بۇيانغا، سوۋېت يوقۇرى دەرىجىلىك بىر قېتىملىق شىفىرلەش ئىستىخبارات ئالاقىلىرىنى تا غەرىپلىكلەر بىر قېتىملىق شىفىرلەش دەپ يوشۇرۇپ شىفىرلەشنى ئۇدا ئىشلىتىپ كەلگەن. شۇڭا غەرىپلىكلەر بۇنداق شىفىرلەنگەن ئىستىخباراتلارنى قەتئى يەشكىلى بولمايدۇ دەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەن ۋاقىتلاردا بىر قىسىم بىر قېتىملىق شىفىرلەر قايتا ئىشلىتىلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ تۈردىكى شىفىرلەش شەكلى بەكلا ئاجىز شىفىرلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئامېرىكا بىلەن ئەنگىلىيە شىفىر يەشكۈچىلىرى يەنىلا بىر قانچە يىللىق ۋاقىت سەرىپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلار يەنىلا سوۋېت شىفىرلەشلەردىكى دىققەتسىزلىكىدىن ئەۋەتكەنلىكلىرىدە، ئۇلار ئۈچۈن تېپىلماس بىر شىفىر يېشىش پۇرسىتى بولۇپ بەرگەن. 1946-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئامېرىكا قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك (تېخنىكا رازۋېتكا ئىستىخباراتى)

www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىدىكى مىلىدىس گادىنا (بىر نەپەر ئاتاغلىق شىۋىرە يەشكۈچى مۇتەخەسسىس) ئۇرۇش دەۋرىدىكى سوۋېت ك گ ب سىنىڭ باش شىتابى بىلەن ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئالاقىلىرىنى يېشىۋېتىدۇ. 1947-يىلى يازدا گادىنا يېشىپ چىققان ئىستىخبارات دۆۋىسىدىن زور مىقتاردا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكى ئامېرىكىدا پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ كۆپلىگەن پاكىتلىرىنى يىغىدۇ، 1948-يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ف ب ئايغا بۇ ھادىسىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ تەدبىردىن باشلاپ، ئىشپىيون روبېرت، بىلەن لانفىيېر ئىككىسى ۋىنونا خىزمىتىگە يۆتۈنلەي مەسئۇل بولغان ھالدا بۇرۇن ۋىنونادا مەخپى ماتېرىياللاردا ئورتىغا چىققان پارولاغا ۋەكىللىك قىلىدىغان جاسۇسلارنى يېشىپ چىقىدۇ (بۇلاردىن بەزىلىرى ھېلىمۇ پائالىيەت قىلماقتا ئىدى.) ئەمما كىشىنى يىرگەندۈرىدىغىنى تا 1952-يىلىغىچە س ئى ئا ئاران ئىگەللىگەن ۋىنونا نىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللىۋالىدۇ. ئادەمنى تېخىمۇ يىرگەندۈرىدىغىنى پىرىزدېنت ترومىن ھېلىغىچە ۋىينونا يېشەلىگەن شىۋىرلىق ماتېرىيال دوكلاتىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ياكى بولمىسا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ترومىننىڭ ھەر ھەپتىسىدە س ئى ئا ئىدارە باشلىقى بىلەن ھەپتىلىك كۆرۈشكىنىدە بۇ ئىشتىن باشقىلارنىڭمۇ خەۋەردار بولىشىنى ساقلىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋىنونا شىۋىرسىنىڭ يېشىلىشىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەسىرلەندۈرەرلىك بىر ئۇسلۇپتا سوۋېت جاسۇسلىرىغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشىدىن ھەمدە ستىراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەرگە (س ئى ئا نىڭ ئىككىنچى دۇنيا دەۋرىدىكى شەكلى) سىڭىپ كىرىپ بولغانلىقىغا ۋە ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىۋېتىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەن، خۇۋى بىلەن شىتاپ باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنىدا رەئىس گېنېرال مار، برودىلىلارنىڭ ھەممىسىدىنلا شۇنداق دەپ گۇمان قىلىپ يۈرەتتى. [232] (بۇ خىل گۇمانلىنىشلار ئەلىۋەتتە توغرا ئەمەس ئىدى) س ئى ئا دىكى سىۇقۇنۇۋالغان سوۋېت جاسۇسلىرىدىن ئەنسىرىشەتتى. 1947-يىلى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا يوشۇرۇنىۋالغان بىر جاسۇستىن مەركەز ۋىنونا دېگەن بۇ

مەخپىيەتلىكنى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇ خەۋەر تېپىش س ئى ئا دىن 5 يىل بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى. بۇ جاسۇسنىڭ ئىسمى ۋىلىيىم ۋىسبېند (پارولاسى زورا). بۇ ئادەم ئامېرىكىغا مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالغان بىر رۇسىيىلىكنىڭ ئوغلى ئىدى. ۋىسبېند قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر تىل مۇتەخەسسىسى ئىدى. بۇنى باھانە قىلغان ۋىسبېند كەينىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ يۇشۇرنۇقچە ئىشلارنى كۈزىتىپ يۈرگەن. ئۇ چاغلاردا گادىنا تۇنجى قېتىمقى مۇھىم بىر ئىستىخباراتنى يېشىۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. بۇ مەخپى ئىستىخبارات دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ 1944-يىلى 2-دېكابىردىكى بىر تېلېگراممىسى ئىكەن. مەركەز ئۈچۈن ئېيتقاندا ۋىنونا دېگەن بىر قاتار تىزىلغان بىر نەچچە يىل ئىچىدە پارتلايدىغان ۋاقىت تېزگىنلىك بومبا ئىكەن. دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ ئۇ بۇرۇنقى تېلېگراممىلىرىنىڭ تولۇق ياكى بىر قىسمىنى يېشىۋېتىلگەنلىكىنى ھېچ كىم بىلمەيتتى. ياكى بولمىسا قايسى جاسۇسنىڭ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيتتى. موسكۋا ئەڭ بەك ئەنسىرەيدىغىنى بۇ ئىش ئىدى. مانا ئەمدى بۇ غەم بېشىمىزنى ئاغرىتىدىغان ۋاقتى كەپتۇ، بۇ ئىش 1948-يىلىنىڭ ياز ۋاقتىدا يۈز بەردى. ئامېرىكا خەلقى سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن كۆڭۈلسىز بولىشى ئاخىرى پارتلاپ چىقىپتۇ، 1948-يىلى ئىيۇلدا ئېلىزابىت بىنتېلى بىرىنچى بولۇپ ئاۋام پالاتاسىدا يەرلىك بولمىغان بىرسى بولۇپ ئاشكارە شاھىد بولۇپ بېرىپتۇ. ھەممە دەرھال مەتبۇئات تەرىپىدىن ماختاپ "قىزىل جاسۇس مەلىكە" دەپ كۆككە كۆتۈرىۋېتىلىپتۇ. 8-ئاينىڭ باشلىرىدا خۇيتىكي جىيەن بوزەن مۇ بۇ يىغىندا شاھىتلىق قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ شىسنى، خۇۋەيتنى، ۋە باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى كومپارتىيىنىڭ مەخپى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى دەپ ئىسپات بولۇپ بېرىپتۇ، مەركەزنىڭ بۇنداق يىغىنلىرى ئوچۇق سوت ئۇيۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بۇنچىۋالا ئەندىشە قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

40-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا. 1947-يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيىدا ئوتتۇرىغا چىققان "ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى"نىڭ تەسىرىدە، موسكۋادا زور بىر قېتىملىق ئورگان تەڭشىشى قىلىنغان. بۇ ئىش سوۋېت تاشقى ئىستىخبارات خىزمەتلىرىگە قارىتا بىر قېتىملىق تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ قىلىنغان مۇداخىلە بولۇپ قالدى. ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك قانۇنىدا بەلگىلىنىشىچە، مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ قېتىملىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ھەر قايسى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مىنىستىرلىكلىرى قانات يايدۇرۇلغان ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنى گەرچە مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بۇ خىلدىكى تەڭشەش رولى مەڭگۈ رەسمىي ئىشقا ئېشىپ باقمىدى، ئەمما مولوتوۋ بايانات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، "ئامېرىكا دۆلەت ئامانلىق قانۇنى" ئويلىغان بۇنداق بىر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارقاق ئىستىخبارات تۈزۈلمىسىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە[233] ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ، ئوتتۇردىكى پەرقنى تۈگىتىشنىڭ چارىسى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى ۋە باش ئىستىخبارات باشقارمىسى چەتئەل ئىستىخبارات باشقۇرۇش سىستېمىسى بىرلا ئورگاننىڭ ئاستىغا يىغىلغان بولىشى كېرەك، دەيدۇ. مولوتوۋنىڭ تەكلىپىنىڭ بىر ياخشى تەرىپىمۇ بار بولۇپ، ستالىنچە قاراشتىن قارايدىغان بولساق، ئۇ يەنە بېرىيانىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا بېرىيا ئىشىنىدىغان ئادىمى ۋىكتور سىمىيونوۋىچ ئاباكوموۋ دۆلەت ئامانلىقىنى پۈتۈنلەي يالغۇز قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. 1947-يىلى 7-ئىيۇلدا، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى بىلەن باش ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بىرلا ئورگانغا يىغىنچاقلىغاندا، يەنى ئىستىخبارات كومىتېتىغا يىغىنچاقلىنىدۇ. بۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك كۈچكە ئىگە قۇرۇلغان بۇ يېڭى ئورگاندا گەرچە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇھىم جاسۇسلار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بۇنداق بىر ھەرىكەت پىلانىدا، چوقۇم ئاۋال ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ ماقۇللىقىنى

ئېلىش شەرت.

مولوتوۋ ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ قىرىقىنچى رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ دېمەك دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ سىرتقا قارىتا ئىستىخبارات خىزمىتى مەسىلىسىدە بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان تەسىر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۈندىلىك خىزمەتلەردە موسكۋاغا جاۋاب بېرىدىغان بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىس مولوتوۋغا مەسئۇل بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىس، بىر يىل ئاۋال دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا سىرتقا قارىتا ئىستىخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل نىسبەتەن گەپ ئاڭلايدىغان بىر ئادەم پېتىر ۋاسىلىۋىچ فېدوتوۋ مەسئۇل قىلىنىدۇ. ئۇ نىسبەتەن گەپ ئاڭلايدىغان ئادەم ئىدى. مەركەزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەسئۇل كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇمۇ ھېچقانداق غەرىپ خىزمەتلىرىدىن تەجرىبىسى يوق بىر ئادەم. رولان ئابىيات دېگەن بۇ ئىلگىرى نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان بىرى (بەلكىم غەرىپ ئەھۋاللىرىنى ئەڭ پىششىق بىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئىستىخبارات خادىمى.) ئىستىخبارات كومىتېتى قۇرۇلغان ۋاقىتتا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. ئۇنىڭ ئارخىپىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدە بىرەر سەۋەپ كۆرسەتمىگەن. ھەمدە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر قورقۇنۇشلۇق زەربە بولغان ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئارخىپىدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى ھەققىدە بىرەر سەۋەپ كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىش بەلكىم ئۇنىڭ يەھۇدى قېنىدىن بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسى ئارخىپىغا يېزىلغان. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئابىيات بىر مەزگىل قايتىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغان، ئەمما كەينىدىن يەنە ئېلىپ تاشلانغان. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ تېزگىنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مولوتوۋ سوۋېتىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم ئەللەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىنى ئوچۇق (بۇرۇنقى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ) ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى قىلىدۇ. خەلق

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ۋە ھەربىي ئىشلار ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ (بۇرۇنقى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى) باشلىقى قىلىنغان. كېيىن چەتئەلگە قاچقان ك گ ب ئىشپىيونى ئېلىيار چېركوۋىلوۋمۇ بۇرۇن بىر تۈرلۈك بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن باھا بېرەتتى:[234]

*بۇنداق قىلغاندا كىشى ئىشەنگۈسى كەلمىگىدەك قالايمىقانلىشىپ كېتىدىكەن. دىپلوماتىك ئەمەلدارلار ئىستىخبارات خىزمىتى بىلەن جاسۇسلۇق ئۇسۇلىنى پەقەت بىر تۈرلۈك تېيىز چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئىستىخبارات پونكىت باشلىقلىرى، بۇ كەسىپنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرى، ھەر تۈرلۈك ئادەم ئىشەنگىسى كەلمىگىدەك ۋە خىيال قىلالمىغىدەك چارىلەر بىلەن باش ئەلچىلىرىمىز چۈشىنەلەيدىغان خىزمەتلەرنى پىلانلاپ ئىشلىشى كېرەك.*

شۇنداقتىمۇ بەزى دىپلوماتلار يەنىلا قىلچە بىلمەي تۇرۇپ بىۋاستىلا ئىستىخبارات خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتكەن. 1948-يىلى بىلەن 1949-يىلدا ئىككى نەپەر ئۇتۇغلۇق ئىستىخبارات پونكىت باشلىقى موسكۋاغا چاقىرتىپ ئەكىتىلدى. ۋاشىنگتون كىرزىسى ئۆتۈپ كەتكەندى كېيىن، سوۋېت باش ئەلچىسى ئالېكساندىر شىمونېۋىچ پانيۇشكىن بىر يىللىق ئىستىخبارا خىزمەتلىرىگە ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئېسىل سۈپەتكە ئىگە بىرسى بولۇپ، ئۇ ك گ ب نىڭ بىرىنچى باش ئىدارىسىغا (چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنى دېمەكچى) نىڭ ئىدارە باشلىقى بولىدۇ.

1949-يىلى مولوتوۋنىڭ يارەمچىسى ئاندېرى ۋىشىنىسكى ئورنى بوشاپ قالغاندا ستالىنىنىڭ مولوتوۋدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسى بوشاپ قالغىنىدىمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋال ئاندېرى ۋىشىنىسكى ئوچۇق سوتتا رەھىمسىز قارىلىغۇچىلىق رولىنى ئويناپ داڭ چىقارغان بىرسى بولغان ئىدى. بىر ئادەمنىڭ رولى ئەنە شۇنداق ئىشلاردا جارى بولۇپ داڭ چىقىرىدىكەن. ئۇنىڭ بېرىياغا قارىتا بىر تۈرلۈك قۇللارچە ساداقىتى بار ئىدى، ھەتتا تېلېفونىدىمۇ بېريانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسىلا

بۇنداق قۇللۇق مىجەزى دەرھال ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئىز باسار مۇئاۋىنى بولغان ئاندرى گرومىكوۋنىڭ دېيىشىچە، "ئىش قىلىپ بېرىيانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىمۇ بولدى، ۋىشىنىسكى تەمترەپ ھۇلۇققىنىچە ئورۇندۇقتىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلەشكەن ۋاقتىدىكى قىياپىتىدىمۇ ئەنە شۇنداق نورمال بولمىغان بىر ھالەت بار ئىدى. ۋىشىنىسكى ڤېدوتوۋنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلۇپ، كۈندىلىك ئىستىخبارات خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغىنىدىمۇ ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق شىددەتلىك،تېخىمۇ كەسكىن بىرسى ئىدى. ئۇ گويا يالغۇز بېرىياغىلا ھېساب بېرىشكىلا مەسئۇل بولۇپ، دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە ھېساپ بەرمەيدىغاندەكلا قىلاتتى.

ۋىشىنىسكى مولوتوۋنىڭ ئورنىغا چىققان ۋاقتىدىمۇ، ئىستىخبارات كومىسسارلىقى ئاساسەن بۆلۈنۈپ پارچىمۇ پارچە تارقىلىپ كەتكەن ۋاقىتلار ئىدى. 1948-يىلى يازدا، مولوتوۋ بىلەن ئۇزۇنغىچە تالاش-تارتىش قىلىشىپ، قوراللىق قىسىملار (دۆلەت مۇداپىيەسىنىڭ بۇرنقى ۋاقتى) مىنىستىرى بولغان گېنېرال نىكولاي ئالكساندىروۋىچ بولگانىن[235] ئىستىخبارات كومىتېتىنى تېزگىنلەپ تۇرغان ھەربى ئىستىخبارات خادىملىرى قايتىدىن باش ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ تېزگىنى ئاستىغا ئۆتىدۇ. ئاباكۇموۋ ئېھتىمال بېرىيانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن قالغان ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ قالغان كۈچلىرىنى تېزگىنىگە ئېلىش ھوقۇقىنى كۈندىن كۈنگە كېڭەيتىش كۈرىشىدە ئۇنى قولغا ئېلىشقا باشلايدۇ. 1948-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىستىخباراتلارنىڭ بارلىق م ڤرونتىنى (لۈكچەكلەردىن باشقا رۇسسىيەلىكلەر باشقارمىسى)بىلەن س ك ڤرۇنتى (سوۋېت گراجدانلار باشقارمىسى) ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا قارىتۋالىدۇ. 1951-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىستىخبارات كومىتېتى ئۇزۇل كېسىل تارقىتىۋېتىلىدۇ. قالغان تاشقى ئىستىخبارات ئىشلىرىنىڭ رولى پۈتۈنلەي دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئىشلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇنىڭ مەخپى ئىستىخبارات

www.uyghurkitap.com

پوكتلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا تەكىتلەش بولىدۇ. ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ قارىشىچە، مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتلىرى چەتئەل ئىستىخباراتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلىرىدە باش ئەلچىخانىدىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا بولىشى ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ يوشۇرۇن ئاساسقا ئېرىشەلەيدۇ. ئالېكساندىر مىخايلوۋىچ كروتكوۋ (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن چەتئەلدە "خەلق دۈشمەنلىرىگە" يۇشۇرۇن سۇيىقەست يۈرگۈزۈشتە نام چىقارغان بىر كىشى)رەھبەرلىكىدە دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى بىلەن باش ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق بۆلۈمىدە تەشكىللىگەن ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ 4-(ئىشپىيونلۇق) ئىدارىسىدا جەمئىي 87 نەپەر جاسۇسى بار ئىدى. 1949-يىلى، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەربى ئىشلار ئىستىخبارات خادىملىرىدىن قايتىدىن باش ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ قوماندانلىقىغا ئايرىلىدۇ. 4-ئىدارىدا يەنىلا 49 نەپەر ئىشپىيون چېنىقىشقا قاتنىشۋاتاتتى. كروتكوۋ مەخسۇس تاللاپ چىققان ۋە مەشىق قىلدۇرۇلغان ۋە ئىشپىيونلۇق سالاھىيتى مەخسۇس تەييارلاپ ئىشلىگەن يەرلىرىدە نىقاپلىنىشىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان. 1952-يىلى، ھۆججەت ئىدارىسى 78 دانە پاسپورتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 364 دانە چەتئەل سالاھىيەت كىنىشكىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى ياساپ چىقىدۇ. مەركەز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم دۆلەت باش ئەلچىخانىلىرىدا ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرى ئۈچۈن ئىشپىيون ياردىمى (ن سېپى) ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىش ئىدى.

4-ئىدارىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى نيۇيوركتا يېڭىدىن مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى قۇرۇپ چىقىش. ئامېرىكىدا ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىدى. ئەخمەدوۋ 1946-يىلى ئامېرىكىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ يولغا سېلىنىپ ئامېرىكىدىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتىلگەن كىشى ۋىلھېم (ۋىلى) ئىدى. ھېنرىكېۋىچ فىشېر، پارولاسى ماك. ئۇ بەلكىم تۇنجى بولۇپ ئەنگلىيىدە تۇغۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئىستىخباراتچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئاتائانىسى چارلىق

دەۋرىدىكى بىر ئىنقىلاپچى بولۇپ، 1901-يىلى بۇ بىر جۈپ ئەرخوتۇن رىبىن دەرياسىنىڭ نىيۇكاسىر دېگەن يېرىدە تۇرۇپ قالغانلار ئىدى. 1903-يىلى ۋىشىر ئەنە شۇ جايدا تۇغۇلغان. 1921-يىلى، پۈتۈن ئائىلىسى بىرلىكتە موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ يەردە ۋىشىر كومىنىستىك ئىنتېرناتسىيونالىنىڭ بىر تەرجىمانى بولغان. 1925-يىلىدىن 1926-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋىشىر بىر نەپەر سىمسىز رادىئو مەشغۇلاتچىسى بولۇپ تەربىيىلەنگەن.[236] 4-ئىدارىدا (ھەربى ئىستىخبارات ئىدارىسى) دا بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1927-يىلى، ۋىشىر چەتئەل بۆلۈمى (دۆلەتلىك سىياسى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىدا ئىشلەيدۇ)، ئۇ ئىلگىرى نورۋېگىيە، تۈركىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا رادىست بولۇپ ئىشلەپ باققان. 1936-يىلى، ئۇ مەخسۇس مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىغا رادىست يېتىشتۈرىدىغان بىر مەكتەپنىڭ مودىرلىقىغا ئاتالغان.

چوڭ تېررورلۇق دەۋرلىرىدە، ۋىشىر تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئېتىپ تاشلىنىش تەغدىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئارخىپلىرىدا يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ ئەنگلىيىدە تۇغۇلغانلىقىلا ئەمەس بەلكى بىر قاتار "خەلق ئورتاق دۈشمەن" لىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇنى "بولىدىغان ئادەم" دەپ باھالىشىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاكىسى تروتسكىچى دەپ ئەيىپلىنىدۇ. شۇڭا تەبىئى ھالدا ئۇمۇ گۇمانلىق ئۇنسۇرغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گەرچە 1938-يىلى ۋىشىر ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ يەنە بىر رادىست يېتىشتۈرۈش كورسىغا تەكلىپ قىلىنىپ ئىشقا سېلىنىدۇ. بۇ كورۇس نېمىسلارنىڭ ئارقا سەپتە پارتىزانلىقنى قانات يايدۇرۇش جېڭى ۋە ئىستىخبارات خىزمىتىدا رادىس تەربىيىلەش كورسى تەشكىللەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1946-يىلى ، ۋىشىر كروتكوۋ (دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشپىيونلۇق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) نىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىشپىيونلۇق مەشىقىغا قاتنىشىدۇ. شۇڭدەك ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر پارچە توغۇلۇش تارىخى بەكلا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇرەككەپ ئىدى. 1948-يىلى، ﯞىشېر ئامېرىكىغا ماڭغان ۋاقىتتا قۇللانغان ئىسمى ئاندرى يورگوسوۋىچ كايودىس دېگەن بىر سالاھىيەت ئىدى. كايودېس ئامېرىكىغا بارغىنىدىن كېيىن، تېز ئارىدىلا يەنە بىر سالاھىيەت كېنىشكىسىغا ئالماشتۇرغان، كايودېس 1895-يىلى لىتۋانىيىدە تۇغۇلغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ يەردىن كېيىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئامېرىكا گراژدانلىقىغا ئۆتكەن. 1947-يىلى كايودېس ئۆكتەبىردە ئاتلانتىك ئوكيانىنى بېسىپ ئۆتۈپ ياۋروپاغا بارىدۇ. ئۇ يەردە تۇغقان يوقلاش يولىدا دانىيىگە يولۇققىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسى ئۇنىڭغا زىيارەت جەريانىدا رۇسسىيىنى زىيارەت قىلىش ھۆججىتى بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ پاسپورتىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى ﯞىشېرغا بەرگەن. 1948-يىلى ئۆكتەبىردە ﯞىشېر سوۋېت پاسپورتىدىن پايدىلىنىپ ۋارشاۋاغا بارغىنىدىن كېيىن، كايودىسنىڭ پاسپورتى بىلەن چېخسلاۋاكىيە ھەمدە شۋېتسارىيە ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيانىنى بېسىپ ئۆتۈشكە تەييارلىنىدۇ. 6-نويابىردا، ئۇ لىياﯞوردىن يولغا چىقىپ كۋېبېككە بارىدۇ. ئاندىن يەنىلا شۇ كايودېسنىڭ پاسپورتى بىلەن مونتىرىيالغا بارىدۇ. 17-نويابىردا ﯞىشېر ئۇ يەردە ئامېرىكىغا كىرىپ كېتىدۇ.

26-نويابىردا ﯞىشېر نيۇيوركتا ئاتاغلىق سوۋېت ئىشپىيونى گىرىگورېۋىچ (پارولاسى ماركىس) بىلەن ئۇچرۇشىدۇ، گىرىگورېۋىچ بۇرۇن مېكسىكىدىكى تروتىسكىغا بىرىنچى قېتىم سۇيىقەست قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇ يەنە بىر لاتىن ئامېرىكىسى بۇزغۇنچىلىق قىلىش تەشكىلاتىغا رەھبەرلىك قىلىپ، گېرمانىيىگە مال توشۇپ ماڭغان كىملەرگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. گىرىگورېۋىچ ﯞىشېرغا 1000 دوللار ھەمدە 3 پارچە ئەمىل روبورت گېتلىﯞوست نامىدا تەييارلانغان ھۆججەت بېرىدۇ. بىر پارچىسى ھەقىقى تۇغۇلغان يېرىنىڭ تونۇشتۇرىشى، مەركەز ياساپ بەرگەن ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىش كارتۇچكىسى ۋە بىر پارچە باج تاپشۇرۇش تونۇشتۇرىشى. بۇ يەردە ﯞىشېر يەنە يېڭىدىكى كايودېسنىڭ پاسپورتىنى قايتۇرۇپ بېرىپ. بىرلا دوملاپ گېدﯞۇسقا ئايلىنىۋالىدۇ. ھەقىقى گېدﯞۇس 1902-يىلى 2-سېنتەبىردە نيۇيوركتا تۇغۇلغان بولۇپ، 14 ئايلىق ۋاقتىدا ئۆلۈپ

كەتكەن ئىكەن. ۋىشېرنىڭ ئارخىپىدا كۆرسىتىلىشچە گېدېۋوسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى تونۇشتۇرۇشىدا سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىنىدا ئىسپانىيىدىن توپلىغان ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا خەلق ئىشكى ئىشلار كومىسسارىياتى خەلقارا بىرگادىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ قالارمىز دەپ يىغقان سالاھىيەت كىنىشكىلىرى ئىكەن. ئەمما ئارخىپلاردا بۇنداق بىر تۇغۇلغان كۈنىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق بىرەر ھۆججەت يوق ئىكەن. مەركەزنىڭ ئۇيدۇرۇپ ياساپ چىققان تەرجىمىھالىدا، گېدىۋوسنىڭ تۇغۇلغان يېرى نيۇيوركتىكى بىر رەسسامنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىلا بار بولۇپ، بالا ۋاقىتلىرىدا شەرقى 120-رايون، 87-كوچا، 1916-يىلى مەكتەب پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دىتروئىددىن قوزغالماي 1926-يىلىغىچە ئىشلىگەن ئىكەن. كېيىن، چوڭ ساھىل شەھىرىگە بارغان. ئۇ يەردىن دىتروئىد بىلەن چىكاكوغا بېرىپ تۇرغان. 1947-يىلى نيويوركقا قايتىپ كەلگەن. شۇنداقتىمۇ، مەركەز ئۇيدۇرغان بۇ تەرجىمىھال ھەرگىزمۇ مۇكەممەل تونۇشتۇرۇش بولالمايدىكەن، شۇڭا دائىرىلەر تەرىپىدىن سوراققا تۇتۇلۇش ئېھتىمالى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بۇ ھۆججەتلەر بىلەنلا ئىش ئىستىگىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان. مەركەز جېكىلەپ ۋىشېرغا رەسىمخانا ئاچتۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئۇنى بىر ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىغا ئايلاندۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ قابىلىيەتلىك ئەمما يەنىلا ئادەتتىكىچە بىر رەسسام بولۇپ قالغان. ئۇ دوستلىرىغا مۇنداق دەيتتىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ بەك قايىل بولىدىغان رەسسامى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرسىدىكى رۇسسىيە رەسسامى لاۋىدان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەتراپىدىكى دوستلىرى ھەر دائىم ھەيران قالاتتىكەن. چۈنكى ئۇلار ھېچقاچان بۇ رەسسامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن. ئەمما ۋىشېر ھېچقاچان ستالىن پاسونىدا باھالاشتا بولۇپ باقمىغان. ئۇ لاۋىداننىڭ ئىجتىمائى رىيالىزىملىق ئۇسلۇبىنى تەرغىپ قىلىدىكەن. ئۇ يەنە بىر رەسسام ھەققىدە مۇنداق دەيدىكەن. بىلەمسىلەر، مېنىڭچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى مودەرنىست رەسساملارنىڭ ھەممىسىلا يوقۇلۇش يولىدا كېتىۋاتقانلار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1949-يىلى، مورىس كېن (پارولاسى لويىس، ئىختىيارى قىلغۇچى)، فىشېرنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىغا بېرىلىدۇ. بۇ گۇرۇپ فىشېرنىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. ئىلىزابىت[238] بېنتلى ساتقۇنلۇق قىلغاندىن كېيىن، مەركەز 1946-يىلى باشلىرىدا كېن بىلەن ۋاقىتلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن پارىژدا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. 1948-يىلى، مەركەز ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىشلار دەيدۇ. "ئىختىيارقىلغۇچى" گۇرۇپپىدىكى ئەڭ مۇھىم جاسۇس بىر فىزىك ئالىمى تېد خول "ياش بالا" . 1945-يىلى خول لوس ئالاموس تەجرىبىخانىسىدا ئاتوم بومبىسى ئەھۋالىنى تەمىنلىگەن ۋاقىتتا، لونا كېنىئۇ ئۇچۇن ئالاقىچىلىكنى ھۆددىگە ئالىدۇ. 1948-يىلىنىڭ باشلىرىدا، چىكاكو ئۇنىۋېرسىتىتىدە دوكتورلۇق ئاسپىراتورىيىسىدە ئوقۇۋاتقان خول بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى كومپارتىيىگە ئەزا بولىدۇ. ئېنىقكى خول جاسۇسلۇق پائالىيىگە چەك قويۇپ تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ پىرىزدېنت سايلىمىغا قاتناشماقچى بولىدۇ. ئاق كۆڭۈل سادده سوۋېت پەرەست ھېبىرگ خۇۋارسى يوللىرىنى ئىشلەپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ مورىس كېن ئۇنى جاسۇسلۇق ئىشى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشقا قايىل قىلىدۇ. 1948-يىلى 2-ئاۋغۇستتا، ۋاشىنگتوندىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

لويىس "ياش بالا" نى كۆرگەن ئىدى. لويىس ئۇنى تەرەققىيات پارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى، پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات توپلاش ئىشلىرى بىلەن پۈتۈن قەلبى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قايىل قىلىدۇ."ياش بالا"نىڭ ئىككى نەپەر يېقىندىن ئالاقە باغلىغۇچىسى مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار دىۋە (يادروقورال ياساش پىلانى) توغرىلىق بەزى ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇللىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قويغان ئىككى شەرتىنى رازى قىلىشى كېرەكلىكىنى شەرت قىلىدۇ: بىرىنچىسى، ياش بالا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان بىردىن بىر ئادەم بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئارتچىكىنىس (سوۋېت ئىستىخبارات ئورنى) نىڭ خادىملىرى ئىسىم فامىلىلىرىمىزنى بىلىشى كېرەك.

كېڭەيتىلگەندىن كېيىنكى پىدائىلار گۇرۇپپىسىدىكى ياشلاردىن باشقا يەنە 3 نەپەر جاسۇس بار بولۇپ: ئادىن، سەلپا ۋە شېرىفلەر بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 كىشى چوقۇم خول مۇناسىۋەت تىكلىگەن ئىككى نەپەر يادرو فىزىكا ئالىملىرى بولىشى كېرەك. گەرچە ئۇ ئىككىسىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ دائىرىلەر تەرىپىدىن بىلىنگەن تارىخى خاتىرلەردىن قارىغاندا: پىدائىلار گۇرۇپپىسى .... مەركەزگە تەمىنلەيدىغان ئامېرىكا ئاتوم بومبىسى تەرەققى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنىڭ مەخپى ئىستىخباراتلىرىنى بىلدىغانلىقى ئېنىق.

پىدائىلار گۇرۇپپىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، فىشېر 1949-يىلى ئاۋغۇستتا قىزىل بايراق ئوردىنى بېرىلىدۇ. ئاندىن شۇندىن بىر يىل كېيىن، جۇلىيېس بىلەن ئەيسەر لىيۇكسىمبېرگنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن ئىشېرنىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى بۇزغۇنچىلىققا يولۇقىدۇ. لونا كېئىن، جۇلىيېس بىلەن ئەيسەرنىڭ ئالاقىچىلىك قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، كېئىن ئەر خوتۇن ئىككىسى شۇ ھامان مېكسىكاغا يۆتكىۋېتىلدى، موسكىۋاغا قاراپ مېڭىشتىن ئاۋال، ئۇلار پارولاسى بۇركۇت ۋە بېلىق بولغان سوۋېت جاسۇسلىرى (چەتئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئىسپانىيە كومپارتىيە ئەزالىرى) نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مېكسىكىدا بىر قانچە ئاي، بىر قانچە يىل كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىشلەتكەن ھېلون كىر دېگەن ئىسىملار ھەر يەردە كۆرۈلۈشكە باشلاپ، لوندوندىكى بىر يېڭى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىدا ئىشلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ خولنىڭ جاسۇسلۇق ھاياتىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. 1951-يىلى مارت ئېيىدا، ف بى ئاي ئۇلاردىن ئېغىزچە سوراق قىلىدۇ. تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ قارىشىچە، ئۇلار جاسۇسلۇق جىنايىتى سادىر قىلغان بولۇپ، ئەمما ف ب ئاي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئېنىق پاكىت تاپالماي سوتقا بېرەلمەيدۇ، كېيىن "رۇدولف ئابېر دېگەن پارولا بىلەن داڭلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشپىيونلىرىدىن بىرى بولغان، ك گ ب ئۇنى سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدىكى غەرپ ئەللىرىدە جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇتۇغلۇق بولغان

تېپىك تەشۋىقات ئۆلگىسى قىلىپ تەشۋىق قىلىنىدۇ. ئەسلىدە بولسا ئۇنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش دەۋرلىرىدىكى ئىساقخان ئەخمەتوۋغا قەتئى سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. 8 يىللىق جاسۇسلۇق خىزمىتى جەريانىدا، ئۇ بىرمۇ كاندىدات نى ئۇچۇرتالمايدۇ، بىرەرمۇ پىدائىلارنىڭ ئورنىغا قويغىدەك بىرمۇ جاسۇس تاپالمىغان ئىدى. ئەمما ئەخمەتوۋ تۇرغان ئوخشىمايدىغان بىر مۇھىتتا ۋىشىبىر ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەخمەدوۋنىڭ ئۇ يىللىرىدا، مۇكەممەل ئامېرىكا كومپارتىيىسى كۆرىنەرلىك جاسۇس ئوبيېكتىنى تېپىشىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىشلارشۇنىڭدەك ئەخمەتوۋنىڭ ياردەمچىسى بولىدىغان ئىشلاردا ئامېرىكا كومپارتىيىسىدىن ئادەم تېپىلىپ تۇراتتى. ۋىشىبىرنىڭ بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىدىكى بىر سەۋەپ، ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ كۈچى ئۇرۇشتىن كېيىن بەكلا زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. تەشكىلىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە كېڭەيتەلىگەن ئەڭ مۇھىم ئامېرىكا جاسۇسى ئالېكساندر (پارولاسى ساشا). گىرىگورىۋىچ كاپوسكى دېگەن بۇ ئادەم، كەلگەن جاسۇسلۇق ئورنىدىن ساپ كەلمىگەن ئىدى. 1923-يىلى، كاپوسكى برونشىست شىتاتىدىن سولوز دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1941-يىلىدىن باشلاپ، ئۇ ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر كاپىتانى ئىدى. 1943-يىلى دېكابىردا، كاپوسكى جەڭدە يارىدارلىنىپ نېمىسلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان، گېرمان ئارمىيە ھەربى دوختۇر خانىسىدا ئۇ نېمىس ئىستىخباراتىدا ئىشلەشكە رازى بولغان. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئېيىدا [240] ئۇ گېنېرال ئاندرى ۋلاسوۋنىڭ قىسمىدا سوۋېتكە قارشى رۇسسىيە ئازاتلىق ئارمىيىسىدە ئىستىخباراتچىلىق قىلغان. بۇ قىسىم نېمىسلارنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىغا ماسلىشىپ قىزىل ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا، ئۇ ئامېرىكا تەرىپىدىن بىر مەزگىل نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان. ئۇ گېرمانىيىدىكى داخاۋ دېگەن بۇرۇنقى يەھۇدىلار لاگېرىغا سولاپ قويۇلغان.

گەرچە ئۇ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىدا ئەسكەرلىك قىلغان بولسىمۇ، كاپوسكىنىڭ تىكلىگەن سوۋېتكە قارشى شەكلى قىلچە

قۇسۇرسىز ئىدى. ھەتتا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شەرقى فرونت ئالدىدىكى ئىستىخباراتقا مەسئۇل كىشىسى گېنېرال لېينخارد گېرن 1946-يىلى قۇرغان شەرقى فروند ئامېرىكىلىقلارنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى گېرمانىيە ئىستىخبارات ئورگىنى خىزمەتلىرى بۇ ئورگاننىڭ مىيونخېن يېنىدىكى بۇلاچتا 1948-يىل، تەسىس قىلىنغان، كېپاسكى بۇرۇنقى س س ئوفىسسېرى ئەيلەي نۇلى شىتىنانىڭ قىزى بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تېخىمۇ كامايتىدۇ، ئۇنىڭ ئايالى بۇرۇن ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتچىسى ھەمدە بىر مەزگىل تۈرمىگە قامالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ئۇنۇرى يولدىشىنى ئەسلىگىنىدە مۇنداق دەيدۇ: "(ئۇ) ۋۇتكا ئىچىشىنى ياخشى كۆرەتتى، ئايالالارنىڭ قولىدىن سۆيۈپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن.... ئۇ چۈشەنچىلەرنى ئۆگۈنۈشكە بەكلا ۋاقىت ئايرىيتتى، دائىم ئايىقىنى ئەينەكتەك پاقىرتىپ يۈرەتتى. شۇنىڭدەك ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە تەنتەربىيە مەشقى قىلاتتى، بىر ئۆمۈر بويىچە رەتلىك ياسىتىلغان قىسقا چاچ قويىۋالاتتى. ئۇنىڭ قارىغا ئېلىشى بەك توغرا بولۇپ، ساشا ئوۋغا چىقىشىنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر دائىم دادىسى بىلەن ئىككىسى سىبىرىيىگە بېرىپ يولۋاس ئوۋلايدىغىنىنى سۆزلەپ بېرەتتى، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، (ئۇ ۋاقىتلاردا ساشا ئۆلۈپ بولغان ئىدى) جوھن لى كېنلىنىڭ رومانىدىن ئۆزگەرتىلگەن تېلېۋىزور تىياتىرىنى كۆرىۋېتىپ ئەلى نۇرى تۇيۇقسىز ساشانى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. بۇ ئۆزلىرىنى تېخىمۇ تولۇق نىقاپلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇ خىيال " خۇددى چوڭ بىر تاغدا ئوتۇرغىنىمدەك، مېنى خاتىرجەم بېسىپ تۇراتتى" دەيتتى، توي قىلغاندىن كېيىنكى كۈنلەردىن باشلاپ كاپوسكى پىلان بويىچە سوۋېت ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن مۇناسىۋېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىۋالىدۇ.

چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تا بۈگۈنگىچە كاپوسكىنىڭ دىلوسىغا بەكلا دىققەت قىلاتتى. تا 1997-يىلىغىچە ، مەندە ھېچقانداق بىر ئارخىپ كاپوسكىنىڭ قانداقلا بىر ئىسىم ئاستىدا بولسۇن سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى توغۇرلىق ھېچقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ئىز يوق دەيتتى. شۇنىڭغا قارىماي، مىتروخىن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەردە مەۋجۇت بولمىغان ئارخىپتىن كۆچۈرۈۋالغان تەپسىلى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ ئارخىپلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، 1949-يىلى كاپوسكى بادىنغا بارغان، ئۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربى ئىشلار ۋەكىللىرى ئۇمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەن، ھەمدە يوشۇرۇن تۈردە دېموگراتىك گېرمانىيىگە ئەۋەتىلگەن. ئۇ يەردە، سوۋېت جاسۇسى بولۇشقا رازى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ سوۋېتكە قارشى كۆچمەنلەرتەشكىلاتىغا كىرىۋالغان. يەنى رۇسسىيە خەلق ئازاتلىق بىرلەشمىسىنى دېمەكچى. بۇ تەشكىلات مىيونخىننى بازا قىلغان ئا ق ش ئارمىيىسى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان[241] بىر تەشكىلات. 1951-يىلى، كاپوسكى س ئى ئاي غەربى گېرمانىيە پونكىتى "تۈنجى جاسۇس قىلىپ تەرەققى قىلدۇرغان. مانا بۇلار سوۋېت يېتەكچىلىرىنىڭ كۆرۈشكە ئامراق ئارخىپلاردۇر. ئۇ مەركەز ئۇنىڭ ئۈچۈن لايىھىلىگەن ياۋروپا تىلىدا خېپوت ۋە رىچارت قاتارلىق پارولارنى قوللانغان. ھەر ئايدا 500 ماركتىن مائاش ئېلىپ تۇرغان. شۇنىڭدەك يەنە س ئى ئا دىنمۇ ئايلىق ئېلىپ تۇرغان، 1951-يىلى 5-نويابىر كۈنى ئۇ س ئى ئا جاسۇسى، ئېستونىيىلىك ئېتنوئەن ۋىلادىمىر كىۋى (كاپوسكىنىڭ ئارخىپىدا خاتا ھالدا ئۇنى ئامېرىكا س ئى ئا نىڭ مۇھىم ئادىمى دەپ خاتا يېزىلغان.) ھاراق ئىچىرىپ مەس قىلىنغاندىن كېيىن شەرقى بېرلىنغا قاچۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. مانا بۇلار ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاجايىپ ئىش ئىزلىرىدۇر. كاپوسكى گەرچە س ئى ئا نىڭ رەسمى ئەزاسى بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۈچۈنمۇ ئىشلەپ باقمىغان. ئەمما ئون يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە س ئى ئا گېرمانىيە پائالىيەتلىرىدە ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارنى پەيدا قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئارخىپلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھېچ بولمىغاندا 23 نەپەر ك گ ب ھەرىكەت خادىمى بىلەن بىر نەپەر بۇرۇن ئۇلار بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇلار بىلەن ئىشلەپ باققان. دېمەككى، بۇلاردىن مەركەز ئۇنى نەقەدەر ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن.

پۈتكۈل سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا، سوۋېت ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئامېرىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسى دەپ قارايتتى. سوغۇق

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، سوۋېتنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى رەقىبى ئامېرىكىنىڭ يېقىن سەبدىشى ئەنگلىيە ئىدى. فىرانسىيە بولسا ئۈچۈنچىسى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، فىرانسىيە سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىقى بازىسى ئىدى. ئەمما 1940- يىل ماي ئېيىدىن باشلاپ فىرانسىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، نېمىسلار فىرانسىيىنىڭ شىمالى قىسمىنى بېسىۋالىدۇ، جەنۇبىدا بولسا ۋىشى قورچاق ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. (كېيىن جەنۇپ تەرىپىمۇ نېمىسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنىدۇ)، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1941-يىلى ئىيۇلدا ھىتلېر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىڭىپ كىرىش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە تارايتىۋېتىدۇ. ئەمما، فىرانسىيە قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەر ئارىسىدا كومپارتىيە تەشكىللى ئىچىدە دۆلەت ئامانلىق خەلق ئىشلىرى كومىسسارىياتىنىڭ سايىسى ھەممەلا يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، فىرانسىيىنىڭ سوۋېت جاسۇسلىرىدىن ئاساسلىقى ئىككى تەشكىلات بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر گۇرۇپپىسى پارىژادا بولۇپ،50 نەپەر كومۇنىست ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. لىموۋانا بۇ تەشكىلىنىڭ مەسئۇل كىشىسى ئىدى. يەنە بىر گۇرۇپپا بولسا، تولۇن رايونىنى بازا قىلغان بولۇپ، تەخمىنەن 25 نەپەر ئەزاسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى ھېنرىگ. 1941-يىلى ھېنرىگ رەھبەرلىك قىلغان گۇرۇپ پارىژدا تەرەققى قىلدۇرۇلغان بىر تەشكىلاتىمۇ بار ئىدى. لىموۋا گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەزالىرى[242] ئۆزلىرىنى سوۋېت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى فىرانسىيە كومپارتىيىسى ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمىز دېيىشىدۇ، بۇ تەشكىلات كېيىنچە خائىنىنىڭ ساتقۇنلىقى بىلەن تارقىلىپ كېتىدۇ. گەرچە ھېنرىگ گۇرۇپپىسىدا 6 نەپەر ئەزا بولسىمۇ (كرود، لۇزىيان، مورىس، روبورت ۋە زانودا قاتارلىقلار) نېمىسلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي گۇرۇپپىنىڭ يادرو كۈچى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا،سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرى فىرانسىيىدە ئېرىشكەن ھەرىكەت ئەركىنلىكى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىلەرنىڭكىدىن كۆپ ئازادە ئىدى. فىرانسىيە كومپارتىيىسى، ئوچۇق ئاشكارە ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدە ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان قەھرىمانلىق ئوبرازىنى مەدھىيىلەپ ناخشىلار ئېيتىشاتتى. مەغرۇرلارچە ئۆزلىرىنى جەڭگىۋار پارتىيە دەپ ماختىناتتى. شۇنىڭدەك يەنە قۇربان بولغان كومپارتىيە سانىنى ھەۋەس بىلەن جىق كۆرسىتىشەتتى. 1944-يىلى ئاۋغۇستتىن باشلاپ، گېنېرال دېگولنىڭ قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلىشى بىلەن فىرانسىيە كومپارتىيىسىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتناشقىنىدىن كېيىن، فىرانسىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم كومىنىستلارنىڭ ھۆكۈمەت مىنىستىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. 1945-يىلى ماي ئېيىدىكى بىر قېتىملىق خەلق رايىنى ئۆلچەش سىنىقىدا كومۇنىستلارنىڭ 57% كىشى گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلغان ئاساسلىق كۈچ دەپ قارىغان. (20% كىشى قارىشىچە ئامېرىكا دېسە 26% كىشى ئەنگلىيىنى كۆرسەتكەن.) 1945-يىلى ئۆكتەبىردە ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا فىرانسىيە كومپارتىيىسى 26% ئاۋازغا ئېرىشىپ، فىرانسىيىدە بىرىنچى چوڭ پارتىيىگە ئايلانغان. يىل ئاخىرىدا، ئۇلار 80 مىڭ پارتىيە ئەزاسى بار بىر پارتىيىگە ئايلانغان. گەرچە فىرانسىيە كومپارتىيىسىنى قوللاشنىڭ ئەڭ يۇقۇتىرى نوقتىسىغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئۇلاردىن ئەنسىرەيدىكەن ياكى ئۇلاردىن قورقىدىكەن. بولۇپمۇ 1946-يىلىنىڭ باشلىرىدا دېگول ھۆكۈمەتتىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، فىرانسىيە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىك دۆلىتىگە قاراپ كېتىۋاتقىنىدىن بەكلا قورقىدىكەن. بىر نەپەر سوتسىيال پارتىيىلىك مىنىستىر ئۆزى يالغۇز ۋاقتىدا غەزەپلىنىپ مۇنداق دەپ قايناپ كەتكەن: "كوپلىگەن ئالى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار (ھەتتا بىرىنچى قول كىشىلەرمۇ) كومپارتىيىنىڭ غەلىبىسىنى قولايدىغان بولىۋالغان!"

1944-يىلى 18-نويابىر كۈنى، مەركەز يېڭىدىن قۇرۇلغان پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىغا تۇنجى بۇيرۇقنى بېرىپ، ئىستىخبارات پونكىتى

نۆۋەتتىكى پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىپ ئۇرۇشتىن ئاۋالقى جاسۇسلۇق باغلىنىشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۇيرۇقىنى بەرگەن. شۇنىڭدەك تاشقى مۇناسىۋەت ۋە ئىچكى سىياسەتلەردە، ئىستىخبارات ئورگىنى ۋە سىياسى پاتىيە تەرەپپازلىرى ۋە گۇرۇھلار ئىچىدە يېڭىدىن جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش بۇيرۇقىنى بەرگەن، مەركەزمۇ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى توپلاش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، 1945-يىلى 20-فېۋرال كۈنى، ئىستىخبارات پونكىتلىرىغا يېڭى بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ، ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش نىشانى بويىچە باست-كيورى ئىنىستىتۇتى بىلەن باشقا مۇھىم تەتقىقات ئورگانلىرىغا كىڭەيتىش يوليۇرىقىنى بەرگەن. فىرىدېرىخ جولىيۇ-كيورى (فىرانسىيە كومىنىستى ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى) نى فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پەن-تېخنىكا تەتقىقات يۈرتىنىڭ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەش [243] كە مەركەز بەكلا خوش بولۇپ كەتكەن، جۈلىئو كيورى موسكۋاغا كاپالەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "فرانسىيە ئالىملىرى .... مەڭگۈ سىزلەرنىڭ يوليورۇقىڭىزلارنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئىستىخبارات قايتۇرۇش تەلىپىدە بولمايدۇ"

1945-يىلى،پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى موسكۋاغا 1123-نومۇرلۇق 70 نەچچە مەنبەدىن تەمىنلەنگەن ئىستىخبارات توپلىمىنىڭ دوكلاتىنى يوللايدۇ. پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى ھەرىكەت جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر جاسۇس يېتىشمەسلىكىدىن ئەمەس بەلكى يېتەكچى كاملىقىدىن بولغان. 1945-يىلى فېۋرالدا، ئىستىخبارات پونكىتىدا پەقەت 3 نەپەرلا ھەرىكەت خادىمى بار ئىدى. ماي ئېيىدا، ئۇرۇش دەۋرىدە ھېنرىگ گۇرۇپپىسىدىكى مارسېلدە بۇيرۇق بويىچە بىر يېڭى گۇرۇپپا قۇرۇلىدۇ. بۇ گۇرۇپ فرانسىيىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن قۇرۇلغان ئىچكى تاشقى ئىستىخبارات ئورگانلىرى، دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋە ھەر قايسى سىياسى پاتىيىلەر سىڭىپ كىرمەكچى بولىدۇ،، شۇنىڭدەك يېڭىدىن قۇرۇلغان سىرتقى ئۆلكىلەردىكى جاسۇسلارنى تېزگىنلەيدىغان سىتېمىدا ئىشلەيدۇ. نويابىردا، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىدا خادىملار سانى 7 نەپەرگە

www.uyghurkitap.com

كۆپەيتىلدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە 6 نەپەر تېخنىك خادىم ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ. ئەمما بۇ سان كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە قايتا كۆپەيتىلمەيدۇ. يېڭىدىن جاسۇس كېڭەيتىشتە ئىستىخبارات پونكىتى يەنە بۇيرۇق بويىچە ھەر بىرسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن تەرەققى قىلدۇرۇلغان جاسۇسلار ئۈستىدە مەخسۇس قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ. ئىستىخبارات پونكىتى 1945-يىلىقى دوكلاتىنى تەنقىتلىگىنىدە يېتەرلىك چوڭقۇر بولمىغان ھەمدە ئەڭ قىممەتلىك جاسۇسلارغا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمىغان، ئۇ دەۋرلەردە بۇ ئىشلار بىر ھېساپتا بەكلا تەبىئى بىر ئىش ھېساپلىناتتى.

پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى يوللىغان يەنە بىر 1946-يىلى 1-ئىيۇلدىن 1947-يىلى 30-ئىيۇلدىكى ئىستىخبارات ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ بىر يىل ئىچىدە، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى تەمىنلىگەن دوكلاد ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمى سانى جەمئى 2627پارچە بولۇپ، 1945-يىلىغا قارىغاندا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتقان. ئىستىخبارات پونكىتى يېڭىدىن جاسۇس كېڭەيتىش جەھەتتە زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. 1944-يىلى، ھېنرىگ تەرىپىدىن ئالدىنقى يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغان بۇرۇنقى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېست يېڭىدىن تەشكىللەپ قۇرغان فىرانسىيىنىڭ چەتئەللەردىكى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ (1946-يىلى يانۋاردا فىرانسىيىنىڭ چەتئەللەردىكى ئىستىخباراتلىرى ھەمدە جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسى)؛ ۋېست دەسلىۋىدە ئەنگىلىيە باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ، كېيىن يەنە ئىتالىيە باشقارمىسىغا ئالماشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئارخىۋىدا خاتىرلەنگەنلەردىن قارىغاندا، ئۇ بەكلا كۆپ "فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئەنگىلىيە ئىستىخبارات تارماقلىرى قىممەتلىك ئىستىخباراتلار" بىلەن تەمىنلىگەن. گەرچە ۋېست (كېيىن ئىسمىنى لانۇر دەپ ئۆزگەرتىۋالغان) 1945-يىلى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، ھەمدە شۇندىن باشلاپ نەشرىيات ساھەسىدە ئىشلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى بەزى كەسىپداشلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. مىتروخىننىڭ خاتىرلىرىدىكى ئارخىپلاردا ئېنىقلىنىشىچە، ۋېست تەرەققى قىلدۇرغان

تۇنجى جاسۇسى لاتىيىن 1946-يىلى فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخباراتىدا جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. 1947-يىلى، [244] ۋىست فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخباراتى ھەمدە جاسۇلۇققا قارشى ئىدارىسىدا 2 نەپەر تېخىمۇ مۇھىم خادىم كېڭەيتكەن. ئۇلارنىڭ پارولاسى ئايرىم ھالدا شۇئەن (ياكى تورما) بىلەن نور (ياكى نورمان) ئىكەن. فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخباراتى ھەمدە جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىدارە باشلىقلىقىغا ئاتالغان ئاندىرى دېۋانفىلان (پارولاسى پوشى) خىيانەت قىلىش جىنايىتىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. ئەمما كېيىن پاك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە دېۋافىلاننىڭ ئىز باسارى ھېنىرىگ لىبىئەن بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى پىيېر فۇركو ئارىسىدىكى كۈرەش بەكلا كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا بىر قېتىمدا فوركو لىبىئەينىڭ ئەيىپلىشىنى رەت قىلىپ مەن ھېچقاچان لىبىئەينىڭ ماشىنىسىنىڭ تورمۇزىغا بىرەر ئىش قىلمىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ تورمۇزى تۇتماي تاس قالدۇ ئۆلگىلى. يەنە بىر قېتىم فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ھەمدە جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن ئىنتايىن جىددى ھەر قايسى تارماقلار مەسئۇللىرى يىغىنىدا لىبىئەي قولىدىكى ھاسىسى بىلەن فوركوۋنى يىغىن زالىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ. خۇددى فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ھەمدە جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسىدىكى بىر خادىم غەزەپلىنىپ دېگىنىگە ئوخشاش: "باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىق چۈشۈرگەن ئۆز ئارا زىت بۇيرۇق ھەرقايسى تارماق مەسئۇللىرىنى چىدىغىدەك ھالغا قويمىغان ئىدى."1946-يىلى ئىيۇلدىن 1947-يىلى 30-ئىيۇنغىچە ئارىلىقتا،پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى مەركەزگە جەمئى 1147 پارچە فىرانسىيە ئىستىخبارات تارماقلىرىغا دائىر ھۆججەت تەمىنلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 92 پارچىسى فىرانسىيەنىڭ سوۋېتتە ئىستىخبارات پائالىيىتى بىلەن شوغۇللىنىشقا قارىتىلغان، 50 پارچىسى فىرانسىيىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان پائالىيەتلىرى ئىدى. مىتروخىن كۆچۈرىۋالغان ئاخىپلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، شۇئەن بىلەن نورنىڭ ئىككىسىلا سىياسى ئىستىخبارات تارماقلىرىدا (فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ھەمدە جاسۇسلۇققا قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدارىنىڭ سىياسىي تەتقىقات باشقارمىسىدا) ئىشلەيتتى. شۇئەن ئىلگىرى فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ھەمدە جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن، ئەمما 1949-يىلى، ئۇ سوۋېت گۇرۇھى باشقارمىسىغا ئالماشتۇرۇلغان، نور ئىتالىيە تەرەپنىڭ ئىستىخبارات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى ھەر ئايدا ۋىستقا 30 مىڭ فىرانك بېرەتتى. شۇنىڭدەك 1957-يىلى يەنە ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋېلىشقا 360 مىڭ فىرانك پۇل بەرگەن. 1946-يىلىدىن 1948-يىلىغىچە پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ئىۋانوۋىچ ئاگاياگىسى ئۆزىنىڭ فىرانسىيە چەتئەل ئىستىخبارات ھەمدە جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارىسىدا سىڭىپ كىرىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ماختىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. 1952-يىلى، مەركەز ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش يىغىنىدا، ئۇ يەڭگىللىك بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئىستىخبارات بۆلۈمىنى[245] بايان قىلىپ كېلىپ ئۇلارنى مەن خالىغان ۋاقىتتا چاقىرالايدىغان بىر پاھىشىگە ئوخشىتىشىم مۇمكىن".

فىرانسىيە دىپلوماتىك مىنىستىرلىكىگە سىڭىپ كىرىشتە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق زور ئىدى. كومپارتىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىدىن پانوۋا فىلاشىڭ 1946-يىلى ئىيۇندا موسكۋانى زىيارەت قىلغىنىدا ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

*تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى دىپلوماتلار ئاجايىپ مۇتەئەسسىپ بىر كوللېكتىپ ئىكەن..... ئۇلار ئەكسىيەتچىل قاراش بويىچە داڭ چىقارغان ئىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھالىتىمىز بەكلا خەتەرلىك ئىكەن. بىزدە بىرلا پارتىيە ئەزاسى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىكەن. ئۇ كىشى دىپلوماتىيە مىنىستىرىمىز گيۇرگ بىدونىڭ خۇسۇسى كاتىپى، شۇنىڭدەك بىدو بىلەن ئۇنىڭ كوممۇنىستلىرىغا شۇ سەۋەبتىن تولۇق ئىشىنىپ كېتەلمەيمىز، سىرتتا تۇرغان كىشىلەردىن، پەقەتلا پراگادا تۇرغان ئەلچىلا كوممۇنىست ئىكەن.*

بۇ كوممۇنىست ئەلچىخانا كاتىپىنى ئاساسەن كېيىنكى (1969-1975-يىللىرىدىكى) فىرانسىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دېئان مانىاك بولىدىكە. ماناكىنىڭ پارولاسى تاكشىم بولۇپ، ئۇ سوۋېت

ئىستىخبارات ساھەسىنىڭ تونجى ئۇچۇرشىشى 1942-يىلى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ تېخى تۈركىيىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىرسى ئىكەن. تا 1971-يىلى يەنىلا "ئىدىيىۋى سىستېمىدا. سىياسىي جەھەتتىكى ئىنتىلىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان" سوۋېتلەر ئۇچۇن ئىستىخبارات يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلا بىرسى ئىكەن. ئۇنىڭ يەتكۈزىۋاتقان ئىستىخباراتلىرى مەركەزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ تۇرىدىكەن، ك گ ب بىلەن 29 يىللىق ئۇچۇرشىشى جەريانىدا، مەركەز ئۇنىڭغا 6 نەپەر مۇتەخەسسىس خادىم بەرگەن ئىكەن. ئەڭ ئاخىردا بەرگىنى ك گ ب بىرىنچى باش ئىدارىسىنىڭ 5- باشقارما باشلىقى تېبار بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىرانسىيىدە تۇرۇشلۇق جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىكەن.

سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە، فىرانسىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەڭ مۇھىم سوۋېت جاسۇسى ھەرگىز بىر دىپلومات ئەمەس، ئۇ بىر مەخپى شىفىر خىزمەتچىسى ئىكەن. سوۋېتنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىنىدا تەرەققى قىلدۇرۇلغان جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ياشلىق شىفىر ئەڭ قىممەتلىك جاسۇسى بولۇپ، بىر ئېھتىمالدا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان بىر نەپەر 23 ياشلىق شىفىر يەشكۈچى خادىم ئىكەن. ئۇنىڭ پارولاسى مەخسۇس ساندۇق (ئۇنىڭ ئارخىپىدا ئەنە شۇنداق يېزىلغان ئىكەن) تا ، پارىژدىن موسكۋاغا ئەۋەتىلەتتىكەن. بۇ ئىستىخباراتلار فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى فىرانسىيىنىڭ چايلاردىكى ئەلچىخانىلارغا يوللىنىدىغان مەخپى تېلگراممىلارنىڭ يېشىلىشىنى مۇمكىن قىلاركەن. 1957-يىلى، مور 246
مەخپى تۈردە قىزىل يۇلتۇز ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدىكەن.25 يىلدىن كېيىن ئۇ يەنىلا ئىستىخبارات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرىدىكەن، 1982-يىلى "ئۇزۇندىن بۇيان ئالاھىدە ئۆنۈملۈك ھەمكارلىشىپ بەرگىنى ئۈچۈن"، ئۇ خەلق دوستى ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدىكەن.

1947-يىلى ماي ئېيىدا، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى كوممۇنىست مىنىستىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. بۇ ئىش سوۋېتلەر

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقىنىڭ فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىۋېتىدۇ، 1948يىلى فېۋرالدا مەركەز غەزەپلەنگەن ھالدا: "ئىستىخبارات پونكىتى دېگول خەلق فىرانسىيە ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشالمىغان" دەپ رەنجىيدۇ. خىرىستىيان دېموكىراتلار پارتىيىسىنىڭ "فىرانسىيە خەلق جۇمھۇرىيەت ھەرىكىتى" بىلەن باشقا ئەكسىيەتچى سىياسى پارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمى ئىچىدىكى جاسۇسلار ئىدارىسىنىڭ سوۋېت ئىشلىرى باشقارمىسى، ئىستىخبارات پونكىتى ئەنگىلىيە ۋە ئامېرىكا ئەلچىخانىلىرىدىن ئېرىشكەن ئىستىخباراتلىرىمۇ بەكلا ئاز ئىدى، شۇنىڭدەك سىڭىپ كىرىش جەھەتىمۇ تۈزۈك بىر ئىلگىرلەشنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوۋېتنى ۋە فىرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئابروينى ۋە دۈشمەن كۆزى بىلەن قارىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ پائال تەدبىرىنى ئىلىش ئۈچۈن مەركەز بىر پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ، ئەمما بۇ پىلانىنىڭ نەتىجىسىگە موسكۋا دېگەندەك قايىل ئەمەس. 1948-يىلى 1-سىنتەبىردىن 1949-يىلى 1-فېۋرالغىچە، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى 923 پارچە دوكلاد سۇندى. بۇنىڭ ئىچىدە21% قىسمى مەركىزي كومىتىتقا سۇنۇلغان، ئەمما ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى سىياسى پارتىيە بىلەن دېموكراتىك (سوۋېتكە يېقىن) كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىش پىلانى" ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئەمەس ئىدى.

1949-يىلى پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى مەركەزگە يوللىغان دوكلاد سانى يېرىمىغا ئازىيىپ كەتكەن. يەنى تەخمىنەن ھەر ئايدا 1948-يىلىغا قارىغاندا 40 پارچە ئازايغان. بۇ ئەھۋالنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئارخىپلاردىكى ئېيتىلغان 1949-يىلىنىڭ دەسلىۋىگە قارىغاندا "ھەرىكەت مۇھىتىنىڭ يامانلىشىشى" كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەينى ۋاقىتدا فىرانسىيە ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن ساقچىلارنىڭ سوۋېت ئەلچىخانىسىنى كۆزىتىشى كۈچىيىپ كەتكەن. 1949-يىلى 12-مارت كۈنى، مەركەزنىڭ پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىنى ئاگاھلاندۇرۇشى، داۋاملىق تۈردە كوچىلاردا، قەھۋەخانىلاردا ۋە رېستۇرانتلاردا جاسۇسلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ھەپىلىشىش ئىنتايىن خەتەرلىك. شۇنىڭدەك ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى

تېخىمۇ كۆپىرەك كونا خەت ساندۇقلىرىدىن پايدىلىنىش، جىددىي خەت شەكلىدىن پايدىلىنىش،[247] يۇشۇرۇن سىيا قوللىنىش ۋە رادىئو ئارقىلىق ئۇچۇر يوللاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىستىخبارات پونكىتلىرىدىن يەنە بۇيرۇق بويىچە جاسۇسلارنى كۈزىتىشتىن قانداق قۇتۇلۇش ۋە سېزىپ قېلىشىدىن قانداق قۇتۇلۇش جەھەتلەردە چېنىقتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى سوراق قىلىنغاندا، ۋە قولغا ئېلىنغاندا قانداق قىلىش توغرىلىق مەشىق قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئىستىخبارات پونكىتى مەركەزگە دوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، گەرچە كوچىلاردا جاسۇسلار بىلەن ئۇچرىشىشنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرالمىساقمۇ، بىخەتەرلىك دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئارتتى. مەخسۇس دىپلوغا مەسئۇل خادىملار سارايلاردا ياكى سوۋېتكە تەۋە بىنالارنىڭ ئىچىدە بىۋاستە سىرتقا چىقىپ جاسۇسلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئىشلىرى چەكلەنگەندىن كېيىن، جاسۇسلىرى بىلەن ھەر قېتىملىق ئۇچرۇشۇشتىن ئاۋال، ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ شوپۇرلىرى پۈتۈشۈپ قويغان يەرلەرگە بۇ خادىملارنى ئاپىرىشتىن ئاۋال ئىنچىكىلىك بىلەن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، پىيىغا چۈشۈۋالغان ھېچكىم يوقلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن پۈتۈشكەن يەرگە كۆرۈشكۈچىنى ئاپىراتتى، كۆرۈشۈش تاماملانغاندىن كېيىن، جاسۇس بىلەن كۆرۈشىدىغان مەخسۇس دىپلوغا مەسئۇل خادىم يەنە بىر ئىستىخباراتچى خادىم بىلەن مۆرىسىنى سۈركەپ ئۆتۈشىدۇ. بۇ چاغدا ئالغان ئىستىخباراتىنى بۇ خادىمغا بېرىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئۇچرۇشۇش ئۇسۇلى "تېز كۆرۈشۈش دەپ ئاتىلىدۇ. جاسۇسلار بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتى ۋە يېرى ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇچرۇشۇشنى كۆپۈنچە ھاللاردا چىركاۋ، موزىيلاردا تىياتىرخانىلاردا ياكى پارىژ شەھەر سىرتىدىكى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك بىخەتەرلىك تەدبىرى بولسا، جاسۇس بىلەن كۆرۈشۈش قېتىم سانىنى ئازايتىشتۇر. پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ قىممەتلىك 6 نەپەر جاسۇس بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچرۇشۇش، قالغان 10 نەپەر جاسۇس بىلەن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇچۇرۇشۇش، يەنە قالغان 7 نەپەر جاسۇس بىلەن ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئۇچرۇشىدۇ. بىرقىسىم بەك

www.uyghurkitap.com

مۇھىم بولمىغان جاسۇسلار بىلەن ۋاقىتىنچە ئۇچراشماسلىق، ياكى زۆرۈر تېپىلمىغىنىدا ئالدىن دېيىشىپ قويغان سىگنال ئارقىلىق مۇناسىۋەت باغلاش. يېڭى بىختەرلىك تەدبىرلىرى بىرەر يىلدەك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە ھەركەت مۇھىتى كۆپ ياخشىلىنىپ قالغان. 1950-يىلى 22-ئاپرېل كۈنى، ئىستىخبارات پونكىتى مەركەزگە بەرگەن دوكلاتىدا ئۇلار 50 نەپەر جاسۇس بىلەن مۇناسىۋەت قىلالىغان. بۇ رەقەم گويا بىر يىل ئاۋالقىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ ئىكەن، كېيىنكى 10 يىل جەريانىدا، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى تەمىنلىگەن ئىستىخبارات سۈپىتىمۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان، 40-يىللاردا، سوۋېتنىڭ چەتئەللەرگە قارىتىلغان ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنىڭ تەشكىلىدە بىر قىسىم قالايمىقانچىلىقلار كۆرۈلگەن. شۇنىڭدەك دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، ھەتتا جىم فېلبىيمۇ 1947-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە ئەنگلىيىنىڭ تۈركىيىدىكى پونكىتىغا باشلىق بولغان ۋاقىتلاردا، سوۋېت تەرەپمۇ ئۇنىڭغا بىرەر مۇقىم يېتەكچى ئەۋەتمىگەن. لوندونغا قايتقىنىدىن باشقا، ئۇنىڭ سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىشىشى پۈتۈنلەي گېيى پورگىس بىلەن تىكلەنگەن. ئۇ كۈندىن كۈنگە غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى، بۇنداق قوش تەرەپلىك ھاياتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيلا قېلىۋاتاتتى، 1949-يىلى كۈزدە، بورگىس جىبرالتار بىلەن دانزىكقا بېرىپ 248 بىر قېتىملىق ساياھەتتە بولىدۇ. بۇ قېتىمدا گىرنۆي جىس يەڭگىللىشىپ ئۆزىنى بوشىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئۆزۈن يوللۇق ساياھەتتە، پورگىس ھەتتا مېھمانخانا ھېساۋىنى قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئىستىخباراتچىلىق ۋەزىپىسىدىكى بىر خادىملىق سالاھىيىتىنى قەتئىي بوشىتىۋالغان ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇ بىر قاۋاقخانىدا غىق مەس بولۇپ قالغىنىدا "بۇگۈنكى كۈنلەردە يىگىتلەر بەكلا پەسكەشلىشىپ كەتتى. بۇرۇنقىلاردىنمۇ بەكىرەك پەسكەش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ،" لوندونغا قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىشتىن

چىقىرىۋېتىلمىگىنىگە بەكلا ھەيران قالىدۇ. ئەمما ئۇ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن قايتىدىن ساداقەتلىك بىر جاسۇسنىڭ كۆنىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. يەنى ئۇ سوۋېت ئۈچۈن كۆپ مىقتاردا مەخپى ھۆججەتلەرنى تەمىنلەشكە باشلايدۇ، مەسىلەن، 1949-يىلى 7-دېكابىردا ئۇ موگىنغا 168 پارچە 660 بەت كېلىدىغان ئۈزۈن بىر ھۆججەت يەتكۈزىدۇ. ئۇ ئەنگىلىيە ئامېرىكىنىڭ 1949-يىلى 1-ئۆكتەبىردە قۇرۇلغان خىتاي خەلق رىسپوبلىكىسى سىياسىتى ئۈستىدە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ "ئالاھىدە مۇناسىۋىتى" ئوتتۇرسىدىكى كۆز قاراش پەرقىنى ك گ ب بۇ نىمۇ پورگىسنىڭ ئۆتۈقى ئارىسىغا قوشۇپ ئارخىپلايدۇ.

تاناد مېكلېيىننىڭ دۆچ كېلىۋاتقان بېسىملار پورگىسنىڭكىدىن ئېغىر . 1948-يىلى ئۆكتەبىردە ئەندىلا 35 ياشقا كىرگەن مېكلايىن ئەنگىلىيىنىڭ قاھىرەدە تۇرۇشلۇق كونسۇللىقىغا ھەمدە كونسۇلنىڭ ئارخىپ خانىسىنىڭ خىزمىتىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قارىماققا دىپلوماتىيىنىڭ ئەڭ يوقۇرى كەسپىگە يەتكەنلىكى ياكى شۇنىڭغا يېقىن بىر يولدا كىتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. گەرچە سوۋېتنىڭ قاھىرەدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى ھېچ نىمە بىلەن كارى بولماسلىقتەك مۇئامىلىسى ئۇنى قاتتىق بېسىپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلىرى ھېچ بىر قوللىنىشقا قويۇلمىغان ئىدى. بۇ ھەقتە مەركەزمۇ تۇزۇك بىرەر يوليورۇق بەرمىگەن ئىدى. 1949-يىلى دېكابىردا، مېكلايىن بىر ئورام مۇتلەق مەخپى دىپلوماتىك ھۆجەتلەر ئارىسىغا كىچىك بىر پارچە قەغەزگە مېنى سوۋېت جاسۇسلىرى بىلەن بىرگە ئىش قىلىش خىزمىتىمدىن ئايرىلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلا دەپ يېزىپ قويىدۇ. مېكلايىن ۋە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ھەۋىسى بولمىغان قاھىرە ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر بۇ كىچىك قەغەز پارچىسىنى كۆرمەي ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. تا 1950-يىلى ئاپرىلغىچە مېكلايىن بۇنداق چىداشقا بولمايدىغان ئىككى تەرەپلىمىلىك خىزمەت قىلىش ھاياتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاقتى كەلدى دېگىنىدە، مەركەز ئاندىن 4 ئاي ئىلگىرى ئەۋەتكەن بىرىنچى پارچە قەغەز پارچىسىنى سېزەلەيدۇ.

مەركەز ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئويلىشىۋاتقىنىدا مېكلايىن رەسمى

www.uyghurkitap.com

ئېلىشىپ قالىدۇ. ماي ئېيىنىڭ بىر ئاخشىمى، ئۇ كەسپدېشى فىلىپنى تويىنىبېر بىلەن بىرگە هاراق ئىچىپ مەسچىلىكتىن كېيىن هاياجانلىنىپ ئىككى نەپەر ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئايال خىزمەتچىسىنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياتىقىنى تولۇق قالايماقان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرىنى يىرتىپ ئاندىن ئۇلارنىڭ مونچىخانىسىنى بوزۇشقا كىرىشىدۇ. مونچىدا بولغانلارنى تويىن ئەسلىگىنىدە مۇنداق دەيدۇ. تانناد مونچىدا بىر پارچە تام ئەينىكىنى يۇلىۋېلىپ ئۇنى ئىگىز كۆتەرگىنىچە ۋاننىغا قارىتىپ ئاتقىنىدا مېنى بەكلا هەيران قالدۇرىۋېتىدۇ. مېنى خوش قىلىۋەتكىنى قىزىق ئاتقان ئەينەك هېچنىمە بولماي ۋاننا ئىككى پارچىغا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، مېكلايىن لوندونغا قايتۇرىۋېتىلىدۇ. دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا يازلىق دەپ ئېلىش رۇخستى بېرىدۇ. هەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن پسىخولوگىيىلىك داۋالاش دوختۇرىغا داۋالاش هەققىدىن تارتىپ بېرىدۇ. پسىخولوگىيە دوختۇرىنىڭ چىقارغان دىياگنوزى خىزمىتى بەكلا ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، تويى مەسىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا بېسىپ بولىۋاتقان ئوخشاش جىنىسلىقلار خاهىشىمۇ ئۇنى تېزگىنلىۋالغان. كۈزلەردە، كېيىنچە دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە ئەۋەتىلگان ئامېرىكىلىق ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشقارما باشلىقىغا ئاتانغان.

1950-يىلى ئىيۇندا كورىيە ئۇرۇشى پارتىلاش بىلەن، پورگىس ۋە مېكلايىن تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار موسكىۋاغا تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىن، مېكلايىننىڭ ياردەمچىسى روبېرت سەيشېر چىقارغان خۇلاسىسى مۇنداق ئىدى، كېرىمىل سارىيى چوقۇم مېكلايىننىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتىدا "خىتاي بىلەن شىمالى كورىيەچوقۇم ئىشقا سالىدىغان ستراتېگىيە ۋە سۆهبەت پرىنسىپلىرى جەهەتتە، مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگە." ئالاهىدە مەخپىي هۆججەت بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مېكلېيىن بىلەن پورگىس يەنە ئۇلار ئۆزىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئىپادىسىنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ. بۇنداق قىلغىنىدا سوۋېت ئامېرىكا كورىيە توقۇنۇشىنى دۇنيا ئۇرۇشىغا

كۆتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىر پارچە يىغىن خاتىرىسىدە، مىكلايىن ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاشكارە تۈردە ستالىننىڭ ئانالىزىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە بۇرجۇئازىيىسى ئەسلىدىنلا تاجاۋۇز قىلىش خاراكتېرىغا ئىگە. ئۇ، ئامېرىكا ئىختىسادى، ھەربى ماشىنىسىغا بەكلا تايىنىدۇ دەيدىغان گېپىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار گەپلەر. قارىغاندا، كەڭ كۆلەمدە ھەربى ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشتىن پەيدا بولغان ئىختىسادى پاسكىنىچىلىق، بىر مەيدان ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش، بىر قارىماققا ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ ياخشى تاللىنىش بولۇپ ھېساللىنىشى مۇمكىن.

ئەمما مەركەزنىڭ قارىشىدا ئەڭ ياخشى جاسۇس يەنىلا فىلبى بولۇپ، ئۇلار فىلبىنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ باش مەسئۇلىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. 1949-يىلى ئاخىرلىرىدا، فىلبىي ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋاشىنگتون پونكىتىنىڭ باشلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇنىڭدىن فىلبى قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، بۇ ھەقتە ئۇ كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ، بۇ يېڭى ۋەزىپەم مېنى "ئىستىخبارات سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش جەريانىدا" ئۇنىڭ "ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىش ئىمكانىغا ئىگە قىلىدۇ" دەپ يازىدۇ.

ئامېرىكىغا ئاتلىنىشتىن ئاۋال، فىلبىيغا "ۋېنونا" مەخپىيەتلىكىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن يېشىپ ئوتتۇرغا چىقىرىدىغان ماتېرىياللار ئېھتىمال ئۇنىڭ جاسۇسلۇق قىياپىتىنى تونۇتۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سېزىشىچە "ۋېنونا"نى يېشىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ماتېرىياللار دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ ئەنگلىيىدە قانات يايدۇرۇلغان[250] پائالىيەتلىرى بەك ئاز بولغاچقا ئۇلارنىڭ چۇۋۇلۇپ ئوتتۇرغا چىقىپ قېلىشىدىن ئۇ يەنىلا خاتىرجەم. ئۇنىڭ ئىنكاس قىلغان ئادەملىرىنىڭ كۆپۈنچىسى بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارلىقىنىڭ ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان كىشىلىرى بولۇپ، 1949يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇردە تۇنجى ئاتوم بومبىسى سىنىقىنى ئۆتكەزگىنىدىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي، فىلبىي "ۋېنونا" نىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلغىنىدا شۇنى ھېس قىلدىكى، لوس ئالاموس تەجرىبىخانىسىدا ئاتوم بومبىسى ئىستىخباراتىنى ئوغۇرلاشتا سوۋېت جاسۇسى چارس تەجرىبىخانىغا يېقىنلىشىشتىن كلۇۋس فوكس چەكلىۋېتىلگەن، مەركەز دەرھال فوكس بىلەن ئالاقىسى بار جاسۇسلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئۇلارغا ئۇختۇرۇش قىلىپ ئېھتىمال بولىدىغان يوللاردىن مېكسىكىغا قېچىپ كېتىشىنى، ئاندىن، بۇ ئۇچۇرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇردە فوكسقا يەتكۈزەلمەي قالغان. 1950-يىلى ئافرىلدا، فوكس قولغا ئېلىنىپ 14 يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىۋېتىلگەن.

1949-يىلى ئۆكتەبىردە ۋاشىنگتونغا بارغىنىدىن كېيىنلا، فىلبىي تېزلا مۇددەتلىك"ۋېنونا"نىڭ يېشىلىشىدىن خەۋەر تېپىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئىككىنچى يىلى، ۋىلھېلىم ۋىسبان دېگەن بۇ كىشى تۇنجى قېتىم مەركەزگە "ۋېنونا"مەخپىيەتلىكىنىڭ ئامېرىكىدىكى جاسۇسلارنىڭ قولغا ئېلىنىپ جازاغا تارتىلغانلىق ئەھۋالىنى ئاشكارىلىغان. شۇنداق قىلىپ فىلبىينىڭ بۇ ھوقۇقى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالغان. فىلبىي يەنە مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىگىمۇ مەسئۇل بولغان. بۇ ئۇنى مەركەزگە ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قانات يايدۇرىۋاتقان سوۋېتكە قارشى ھەرىكەتلەردىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش خاراكتېرىدىكى ئىستىخباراتلارنى تەمىنلىيەلەيدىغان قىلىدىكەن. ئۇ ھەتتا يەنە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا جاسۇسلىرىنىڭ پاراشوت بىلەن تاخلىغان يېرىنىڭ جوغراپىيىلىك كوئوردىناتلىرى بىلەن تەمىنلىيەلىگەن. كېيىن ئەسلىمە يازغان ۋاقتىدا، بىراقلا 100 دىن ئارتۇق ئۆزى سېتىۋەتكەن جاسۇسلارنىڭ تەغدىرى ئېسىگە كەلگەن. فىلبى ئۆزىنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى پەقەتلا ئۇنۇتالمىغان ئۇ پاراشوتتىن ئاتلىغان بىر سوۋېت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ قوچىقىغا چۈشكەن جاسۇسلار ھەققىدە سۆز بولغىنىدا، ئىچىتىپ تۇرۇپ ئۇلانى مازاق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: "ئۇ ئادەملەرنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەرنىڭ

كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما بۇنى ئۆزەمنىڭ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن پەرەز قىلالايمەن."

فىلبى ۋاشىنگتوندا ئۇتۇغلۇق بولغان ئىدى. ئەمما ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ ياكى بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى خادىملىرىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە ئېرىشەلمىدىم. ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىدىكى قالايماقانچىلىق ھالەت ئىككى نەپەر ئۇتۇغلۇق بولغان ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1948-يىلىدىن 1949-يىللىرىغىچە موسكۋاغا چاقىرتىلدى. دەل شۇ سەۋەپتىن، فىلبىي سوۋېت ئەلچىخانىسىدا ئىستىخبارات پونكىتى قۇرغان خادىملار بىلەن يېقىنلىشىشنى يېقىنقى بىر يىل مابەينىدە، پوگىس فىلبى ۋە مەركەزنىڭ بىردىن بىر ئالاقىلىشىش يوللىرىدىن ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلمىدىم.

1950-يىلى يازدا، فىلبى ئۇشتۇمتۇتلا بورگىستىن كەلگەن بىر مەكتۇپ تاپشۇرىۋالدۇ. پوگىس خېتىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق دېگەن ئىكەن: مېنىڭدە سېنى چۆچۈتكىدەك بىر خەۋەر بار. مەن يېقىندىن ۋاشىنگتونغا خىزمەتكە تەيىنلەندىم.[251] "كېيىن فىلبى ئەسلىمىسىگە مۇنداق يازىدۇ، پوگىسنىڭ نامىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان لەيلەپ يۈرىدىغان لالمىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ قالغاي، شۇڭا ئۇنى ئىچكى بۆلاسكا يولىنىڭ 4100 نومۇرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. يەنى فىلبىينىڭ كەڭتاشا، يېڭىچە قېدىمقى پاسۇن پۈرىقىغا ئىگە ئائىلىسىگە يەرلەشسۇن دېمەكچى. ئەمما بۇنداق لالمىلىقلار ھېلىھەم داۋام قىلماقتا. 1951-يىلى يانىۋاردا، فىلبىي ئەر-ئايال ئۆتكەزگەن بىر قېتىملىق كەچلىك ئولتۇرۇشتا، پوگىس يەنە بىر قېتىم قوزغىلىپ قالغان، ئۇ لىب خارۋېي دېگىنى، بىر نەپەر مەركىزى ئىستىخبارت ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى.

ئايالىغا بىر پارچە شەھۋانە رەسىم سىزغان (باشقىلارنىڭ دېيىشىچە ھەۋەسكار بىرسىنىڭ ھايات رەسمى ئىكەن) . خارۋېي ئەرخوتۇن ئىككىسى ئەسەبىلەرچە بىربىرىنى قۇچاغلىشىۋالغان. ئېلىن فىلبى بىر قازناق ئۆيگە مۆكىۋالغان، ھەمدە جىم يەردە ئولتۇرغان ئىكەن. بېشىنى ئىككى قولىدا قامالىغىنىچە پوگىسقا غۇدۇڭشۇپ "ساڭا نېمە بولدى، سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىمىشكە بۇنداق؟"دەپ كەتكەن.

گەرچە پورگىسىنىڭ ئامېرىكىدىكى كاشىلىسى توختىماي چىقىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا فىلبى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېقىندىن تەيىنلەنگەن مەخسۇس دېلوسى ئۈچۈن خەۋەرچىلىك قىلىپ بەرگەن. يېڭى دېلو باشيازغۇچى بولغان خادىم پارولاسى خارلى بولغان رۇسىيىلىك بىر ئىشپىيون ئىكەن. بۇ ئادەم پورگىس ئامېرىكىغا كېلىپ ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇپ بىر قانچە ئاي ئىلگىرى نيويوركقا كەلگەن ئىكەن. خارلى 1918-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقى ئىسىم فامىلىسى ۋالېلى مىخايلوۋىچ ماكايىۋ ئىكەن. ماكايىۋ 1947-يىلى ماي ئېيىدا، ۋارشاۋاغا ئەۋەتىلگەن ئىكەن. چۈنكى ئۇ بۇرۇن پولشادا بىر قانچە يىل تۇرغان ئامېرىكا گراژدانىنىڭ سالاھىيىتىنى ئالغان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ يالغان كىملىك كىنىشكىسى مەركەزنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن 1930-يىلى تارقىتىلغان ۋاقتى ئۆتكەن ئامېرىكا پاسپورتى ئىكەن. بۇ پاسپورت ئىۋان مىخايلوۋىچ كۋالىك بولۇپ (بۇ كىشى 1917-يىلى چىكاگودا تۇغۇلغان ئىكەن. ئاتا ئانىسى ئۇكرائىنالىق ئىكەن). 1930-يىلى، ھەقىقى كۋالىك (ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك بالا ئىكەن ) ئاتا ئانىسى بىلەن بىرگە پولشاغا بېرىپ كېيىن شۇ يەردە بۇ ئائىلە سوۋېتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1957-يىلى، كۋالىك ماشىندا يابۇنسك شتاتىدا ئۆلگەن ئىكەن.

ماكايىۋ ۋارشاۋادا ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، بىر ئامېرىكىلىق ئەلچىخانا ئەلچىسىنىڭ قىز خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كۋالىكنىڭ ئىسمىدىن پايدىلىنىپ بىر يېڭى ئامېرىكا پاسپورتى ئالغان. 1948-يىلى نويابىردا، دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى بۇ قىز خىزمەتچىنىڭ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ئۇقتۇرماي تۇرۇپ بىر پولشالىق ۋەتەنداش بىلەن توي قىلىۋالغان. ئۇ قىز خىزمەت ۋاقتى توشقاندىن كېيىن بۇ بالا بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىغا قايتىپ كەتمەكچى بولغان. توي قىلىش سىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بېسىمىغا باش ئېگىپ كۋالىكنى ۋە ئاتا ئانىسىنى ياخشى تونۇيمەن. مەن ئۇلارغا كاپالەتلىك قىلالايمەن دەپ قەسەم بەرگەن. ماكايىۋنىڭ ئارخىۋىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەلچىخانىدىن ئىلتىماس قىلغان پاسپورت تەلىپى

"ھەل قىلىنىشى بەكلا تېز بولۇپ كەتكەن، ھەمدە ھەل قىلىنىش جەريانىدا بەكلا چوڭ تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلىنىش ئىشى بار ئىكەن." بۇنىڭدەك چىرىگەن ئەلچىخانا خادىمى پاسپورت ئۈچۈن 750 دوللار پارا ئالغانىكەن.

1950-يىلى 5-مارت كۈنى ماكايوۋ بارتولى ئىسسىلىك پاراخوتقا ئولتۇرۇپ دىنىيادىن ئايرىلىپ ئامېرىكىغا قاراپ ماڭغان. مەركەزنىڭ قارىشىچە، تەركىبى مۇرەككەپ بولغان نيۇيوركتىكى سەنئەتچىلەر توپىدىكى ماكايوۋ، فىشېر بىلەن ئوخشاش شەكىلدە ئىشەنچىلىك بىرەر نىقاپلىنىشقا ئىش تاپالىشى مۇمكىن ئىدى. ئامېرىكىغا بېرىپ ئۇزۇنغا قالماي ئۇ بىر نەپەر پولشالىق بالىت سەنئەتچىسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ كەتكەن (پارولاسى ئەيلىس) ؛ ئەيلىس مانخاتتاندا بىر بالىت ئىشخانىسى ئاچقان. ماكايوۋ مۇزىكا جەھەتتە فىشېرنىڭ راسسامىلىقىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى. بىر مەزگىل تېرە سودىسى قىلغاندىن كېيىن، نيويۇرك ئۇنىۋېرسىتىدە مۇزىكا نوتا يېزىشنى ئۆگىتىش ئىشىدىن بىرنى تېپىۋالغان.

مەركەز ماكايوۋغا بولغان ئۈمىدى بەكلا چوڭ ئىدى. ھەمدە ئۇنىڭغا 25 مىڭ دوللار نى يېڭى بىر، فىشېر پائالىيەت قىلىشقا ئىستىخبارات پونكىتىدىن بىرنى تەڭ ئېچىۋال دەپ پۇل بېرىدىكەن. مەركەز يەنە ئۇنىڭغا ئىككى نەپەر جاسۇسنى ياردەمچىلىككە بېرىدىكەن. بىرسى يالغان فىنلاندىيە پاسپورتلۇق لىنو خەيخائىن پارولاسى ۋىك، يەنە بىرسى مەركەز يېڭى ئىستىخبارات پونكىتى ئۈچۈن ئىككى مەخسۇس ئالاقىلىشىش يولى تەييارلاپ بېرىدىكەن. بىرسى نيويۇرك جاسۇسى[353] مىي بىلەن لوندون جاسۇسى گېلى ئوتتۇرسىدىكى پوچتىكەش، يەنە بىر يول نيويوركلۇق پارولاسى ئاسكىت بولغان بىر ماتروسنى خەۋەرچى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ دائىم فىنلاندىيە بىلەن نيۇيورك ئوتتۇرسىدا قاتناپ يۈرىدۇ. مەركەزنى ھاياجانلاندۇرغان بىر ئىش بولسا، ماكايوۋ بىر مۇنچە فورمېنت شىتاتلىق جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىلىق پالاتا ئەزاسى لارفۇ فۇلەندي ئائىلىسى ئىدى. ئەمما ماكايوۋنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يەنىلا موسكۋاغا ئەڭ مۇھىم ئەنگلىيە جاسۇسى جىم فىلبىغا يول كۆرسەتكۈچلۈك قىلىش ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

1950-يىلى نويابىردا، پوگىس تۇنجى بولۇپ ۋاشىنگتوندىكى فىلبى بىلەن نيۇيوركتىكى ماكايۋغا ئالاقىچىلىق قىلىپ بېرىش. ئۇ نيۇيوركقا بېرىشىدىكى باھانىسى دوستۇمنىنى يوقلايمەن دېيىش بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى گرادۋىن جىبۇنىڭ خۇسۇسى كاتىبى ئېلون مېكلايىن (تانناد مېكلايىنىنىڭ ئىنىسى) نى يوقلاش ئىدى. بورگىس تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ مۇناسىبەت يولى راۋان ئېچىلىپ كەتكەندىن كېيىن، فىلبىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ماكايۋ بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى. ئاندىن پگىس يەنىلا فىلبىنىڭ مەخسۇس دېلو خادىمى ئارىسىدىكى ئادەتتىكىچە باغلىنىش يولىنى قىلىش، ئۇ نيۇيوركقا پاتپات بېرىپ ئاغىنىسى ئەيلۇن مېكلايىننى يوقلاپ تۇرۇش، ھەتتا جىبنى ئۇلار ئىككىسى "بىر ياتاقتا بىرگە تۇرىدىغان ئوخشايدۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرۈش.[253] ئەيلۇن بىلەن سۆھبەتلەردىمۇ شەكسىز پورگىسنى ۋاقتىدا مكلائىيىننىڭ تۇراقسىز روھىي ھالىتىنى كۆزىتىش ئىدى.

فىلبىي ماكايۋغا تاپشۇرغان بەزى بەكلا مۇھىم ئىستىخباراتلارتامامەن مېكلايىنغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. فىلبىي ئۇچراشقان ۋىنونا شىفىر يېشىش ماتېرىياللىرىدىكى كۆپ قېتىم ئوتتۇرغا قويۇلغان ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان ۋاقتىدىكى ۋاشىنگتون پائالىيەتلىرى، پارولاسى خوم بولغان جاسۇسقا مۇناسىۋەتلىك، ئەمما دەسلەپتىلا بۇ جاسۇسنىڭ ھەقىقى سالاھىيىتىنىڭ يىپ ئۇچى بەكلا مۇجمەل. فىلبى تېزلا سىرلىق يەردىكى بۇ جاسۇسنىڭ ھەقىقى سالاھىتىنىڭ مېكلايىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما مەركەز ئۇنىڭغا مېكلايىن چوقۇم ئۆز ئورنىدا تۇرىۋېرىشى كېرەك دەپ ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ۋاقتى قانچىكى ئۇزارسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ دەيدۇ. مەركەز دۈشمەن تورىنى يىغىۋاتقىنىنىڭ ئالدىدا مكلايىنىنىڭ پىلانى بىلەن ھەپىلىشىدۇ. تا 1950-1951-يىللىرىنىڭ قىش ۋاقتىدا، بۇ تور ئاندىن ئاستا ئاستا كىچىكلەپ بارىدۇ. 1950-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، گۇمانلىنىش ئوبيېكتى 35 كە چۈشۈپ قالىدۇ. 1951-يىلى ئافرىلنىڭ باشلىرىدا يەنە كامىيىپ 9 غا چۈشۈپ قالىدۇ. مىلىدىئىن كادىنا يەشكەن بىر پارچە

ماتېرىيال شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مېكلېين دېگىنى دەل شۇ ئىكەن. چۈنكى بۇ ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، 1944-يىلى ئىيۇندا خومنىڭ ئايالى تۇغۇت ئۈچۈن نيۇيوركتىكى ئانىسىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ، گۇمانلىنىش ئوبىكتىپلىرى ئىچىدە پەقەت تانىنادىنىڭ ئايالىلا مىلىنىدا مېكلايىنلا بۇ ئەھۋالغا توغرا كېلىدۇ.

ھېچ بولمىغاندابىر قانچە ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە مىكلايىننىڭ قېچىشىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولاتتى. ئەنگىلىيە تەرەپ ھەرقانداق بىر ئەرز قىلىشتا ۋىنونانى پاكىت ماتېرىيالى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا قارار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ ماتېرىياللارنى دەلىل قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ مېكلائىننىڭ ئۈستەدە ئۇنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىل توپلاش ئىشلىرى بارغانسىرى مۇرەككەپلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەنگىلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى بىر مەزگىل ۋاقىتتىن كېيىنلا ئاندىن مېكلايىننى قولغا ئالالايتتى. مېكلايىنغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش (ئۇنىڭ بىر سوۋېت جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولىدۇ) پىلان مەركەز تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى ڤېلبى بىلەن پورگىس تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىدى. 1951-يىلى ئاڤرىلدا، بىر قاتار ئىشلار ڤۇجىنىيا ساقچىلىرىنى، دۆلەت ئىشلار مەھكىمىسىنى ۋە ئەنگىلىيە باش ئەلچىخانىسىنى غەزەپلەندۈرۈپ يولدىن چىقىرىش ئىشلىرىغا قوزغىغانلىقى سەۋەبىدىن، پورگىس شەرەپسىز بىر شەكىلدە قايتۇرۇلۇپ كېتىشكە بويرۇق قىلىندى. مارىيە ئىسىملىك كېمە نيۇ يوركتىن قوزغىلىشتىن ئاۋالقى ئاخشىمى، ئۇ ڤېلبىي بىلەن بىرلىكتە بىر خىتاي رېستورانىدا كەچلىك تاماق يېيىشىدۇ. رېستوراندىكى جاراڭلىق مۇزىكا ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىۋېلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى گەپنى پىشۇرۇپ، پورگىس ئەنگىلىيىگە قايتار قايتمايلا بۇ خەۋەرنى مېكلايىنغا ئۇقتۇرۇش ھەمدە لوندون ئىستىخبارات پونكىتىغا خەۋەر بېرىشنى كېلىشىدۇ.

مېكلايىننىڭ بىخەتەرلىككە قارىغاندا ڤېلبى ئۆزىنىڭ خەتىرىنى بەكرەك ئويلايدۇ. ئەگەر مىكلايىن قولغا چۈشۈپ قالغىدەك بولسا، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سوراق قىلىنىشىنىڭ بىسىمىغا بەراشىلىق بېرەلمەي، نۆۋەتتىكى ۋەيرانلىق[254] هالغا چۈشۈپ قالغان روهى هالەتتىن قارىغاندا، بۇ خىل ئەهۋال چوقۇم يۈز بېرىشى مۇمكىندەك قىلاتتى، ئۇ هالدا فېلبىي بىلەن 5 نوچىلارنىڭ قالغان كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى خەتەر ئاستىدا قالىدۇ دېگەن گەپ. مىتروخىن ك گ ب ئارخىپلىرىدىن كۆچۈرىۋالغىنىدىن قارىغاندا، "سىبىنلى (فېلبى) دەرھال خومونى ئوغۇرلۇقچە سىۋېتكە ئۆتكىزىۋېتىش، شۇنداق قىلغاندا ئۆزىنىمۇ ئاماندا دېيىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ تېخى پورگىسىنى مېكلايىن بىلەن بىرلىكتە چوقۇم موسكۋاغا ھەمرا بولۇپ بېرىشىنى ئويلىمايتتى. ئۇنداق قىلسا بەرى بىر ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەهدىت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. 7-ماي كۈنىسى، پورگىس ئەنگلىيىگە قايتار قايتماس بېرىپ بۇلۇتنى تېپىشى، ئۇنىڭدىن بۇ خەۋەرنى " پورتىرغا يەتكۈزىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولىدۇ.

تېز ئارىدىلا خومىنىڭ دەل مېكلايىنىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما مەركەز ئۇلارغا "مېكلايىن قەتئى تۇردە ئۇ ھازىرقى ئىش ئورنىدا قېلىشى شەرت، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانچىكى ئۇزۇن قالالىسا شۇنچە ياخشى " دەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن تورىنى يىغىشتىن بۇرۇن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. تا 1950-1951-يىلىنىڭ قىش كۈنلىرىدىن باشلاپ، بۇ تور ئاستائاستا تارىيىپ بارىدۇ. 1950-يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇمانلىق نوقتىلار ئازىيىپ 35 كە چۈشىدۇ. 1951يىلى ئاۋرىلدا يەنە ئازىيىپ 9 غا چۈشىدۇ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن مىلىدىئىن گادىنا يېشىپ چىققان بىر ماتېرىيالدا خومىنىڭ دەل مېكلايىن دېگەننىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، 1944-يىلى ئىيۇندا خومىنىڭ ئايالى تۇغۇت ئۈچۈن نىيويۇركتىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن. گۇمانلىق ئوبيېكتىپلار ئارىسىدا تانناردىنىڭ ئايالى مىلىندا مېكلايىنلا بۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلەتتى.

ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قانچە ھەپتە ئىچىدىلا مېكلايىننى قاچۇرۇۋېتىشىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولاتتى. ئەنگلىيە تەرەپ ھەر قانداق بىر سوتقا بېرىشتە ھەرگىزمۇ ۋىنونا ماتېرىياللىرىنى سوتقا سۇنغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەمدە بەرسىمۇ سۈت نەتىجىسىگە تەسىر

قىلالمايدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ. مېكلايىننىڭ جاسۇسلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە دەلىل تولپلاش ئىشى بارانسىرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى خېلى بىر مەزگىل سەرىپ قىلىش ئارقىلىقلا ئاندىن مېكلايىننى قولغا ئالغىلى بولىدىغان قىلاتتى. مېكلايىنغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش (ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ بىر سوۋېت جاسۇسى ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى بولاتتى.) پىلانىنى مەركەز تۈزگەن بولماستىن بەلكى فىلبى بىلەن پورگىس تۈزگەن ئىدى. 1951-يىلى ئافرېلدا، بىر قاتار فوگىنىيە ساقچىلىرىنى، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنى ھەمدە ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىنى رەنجىتىپ يولدىن چىقارغانلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، پورگىسقا شەرەپسىز بىر شەكىلدە سوۋېتكە قايتۇرۇلۇش بۇيرۇقى بېرىلىدۇ، ئۇ "مارىيە" ئىسىملىك كېمە بىلەن نيۇيوركتىن ئايرىلىشتىن ئاۋالقى ئاخشىمى ئۇ فىلبى بىلەن بىر خىتاي رېستورانىدا بىر ۋاخ كەچلىك تاماق يېيىشىدۇ. رېستوراندىكى كاناي سۇنايلىق مۇزىكا ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئوغرىلۇقچە ئاڭلىۋېلىشقا توسالغۇ بولۇپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككىسى خاتىرجەم ھالدا سۆزلىشىپ پورگىس ئەنگلىيىگە قايتىش ھامان بۇ خەۋەرنى مېكلايىن بىلەن لوندون ئىستىخبارات پونكىتىنى خەۋەردار قىلىشقا كېلىشىدۇ.

فىلبى مېكلايىننىڭ بىخەتەرلىكىدىن كۆرە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى بەكرەك ئويلايتتى. ئەگەر مېكلايىن قولغا ئېلىنغىدەك بولسا، سوراق قىلىنىشىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشى مۇمكىن ئىدى، نۆۋەتتە ئۇ روھى جەھەتتىن رەسمى ناچارلىشىپ كەتكەن ئىدى،[254] شۇڭا ئۇ روھى جەھەتتىن ئالغاندا بۇنداق بىر ئېھتىماللىقنى يوق دېيىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇنداقتا فىلبى بىلەن "5 نوچى" ئارىسىدىكى قالغان كىشىلەر خەتەر ئىچىدە دېمەكلىكتۇر، مىتروخىننىڭ ك گ ب ئارخىپلىرى ئىچىدىن كۆچۈرۈۋالغانلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار ئىدى. "ستەنلى (فىلبىنى دېمەكچى)خومونى دەرھال سوۋېتكە ئۆتكۈزىۋېتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئۆزىنى ساقلاپ قالالايتتى. "ئۇ يەنە پورگىسنى مېكلايىن بىلەن ھەمرا بولۇپ موسكۋاغا بارما دەپ مەجبۇرلايدۇ. ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولمىغاندا ئۇنىڭغىمۇ تەھدىت كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. 7-ماي كۈنى پورگىس ئەنگلىيىگە بارا بارماي بۆلۈنتنى ئىستەيدىغان، ئۇنىڭدىن بۇ خەۋەرنى پىرتىرغا يەتكۈزۈپ قويىشىنى يەنى موكىنىغا دېمەكچى، موكىن مۇنداق دەيدۇ، تېخى ئېغىزىنى ئېچىپ بىرنېمە دېگىنى يوق. ئۇ بۆلۈنتنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن قىياپىتىدىن چوقۇم چوڭ بىر ئىش چىققان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ. بۆلۈنت ئۇنىڭغا "پېتردىن چوڭ بىر ئىش چىقىپتۇ. كەيىندىن پورگىسمۇ يېڭىلا لوندونغا قايتىپ كەپتۇ. خوپمو يېقىندا قولغا ئېلىنىشى مۇمكىن. .... تاننادنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. مەن كېسىپ ئېيتالايمەنكى ئۇ سوراققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ." ئىككى كۈندىن كېيىن مەركەزمۇ مېكلايىننى ئەنگلىيىدىن چېقىرىۋېلىشقا قوشۇلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پورگىس مېكلايىن بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى گەرچە بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەندەك قىلسىمۇ (ياكى شۇ سەۋەپتىن) مىكلايىن قېچىپ كېتىشكە ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. پورگىس موركىن بىلەن لوندون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى نىكولاي لودىنغا دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، مېكلايىن ھازىر ئايالى مېلىندادىن ئايرىلغۇسى يوق. چۈنكى بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن مىلىندا 3-بالىسىنى تۇغۇش ئالدىدا. لودىن مېكلايىننىڭ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ موسكۋاغا دوكلاد قىلغاندىن كېيىن، مەركەز ئۇنىڭغا تېلېگراما بىلەن ئۇقتۇرىدۇ: "خومو چوقۇم ئەنگلىيىدىن قېچىپ چىقىشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. "مىكېلايىن ئۇنىڭغا توي تەكلىپىنى قويغان ۋاقىتتا، يولدىشىنىڭ بىر جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. يولدىشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ دەرھال موسكۋاغا كېتىشىنى ئويلايدۇ. ئەمما ئېنىقكى، مىكلايىن بىر قوغدىغۇچى ھەمراغا ئېھتىياجى بار ئىدى، 17-ماي كۈنى مەركەز لوندون ئىستىخبارات پونكىتىغا يوليورۇق بېرىپ، پورگىسنىڭ مېكلايىنغا ھەمرا بولۇپ موسكۋاغا بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ. دەسلىۋىدە پورگىس بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ، چۈنكى پورگىس فىلبىغا مەن ئەنگلىيىدىن قەتئىي ئايرىلمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىمۇ موكىننىڭ قارشىچە، ئاساسەن ھېستېرىيە

بولۇپ قالغان ئىدى". شۇنداقتىمۇ لودىڭ پورگىسنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن مېكلايىن بىلەن بىرلىكتە موسكۋاغىچە بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەكسىنچە ھەر قانداق بىر ئەھۋالدا لوندونغا قايتىپ كېلەلىشى كېرەك. شۇنداق قىلىپ پورگىس ھەمرالىقىقا ماقۇل كېلىدۇ. ئەسلىدە، مەركەز پورگىس ئاللىمۇ قاچان بىر يۈك ھالىغا كېلىپ قالدى دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇنىمۇ موسكۋاغا قايتۇرۇپ كېلىشۋېلىشى كېرەك دەپ قارار قىلىشقان ئىدى، زۆرۈر تېپىلغىنىدا ئالداش ۋاستىلىرى بىلەن قايتۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويساق، موركىن كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئەگەر ئۇ مېكلايىن بىلەن بىرلىكتە قايتىپ كېتىغانلا بولىدىكەن،[255] قالغان ئىشلار ئاسانغا توختايدۇ. بۇنداق بىر ئىش ھەقىقەتەنمۇ بەكلا كۆلكىلىك بىر ئىش. مەركەزنىڭ قارىشىچە.... بىزنىڭ قولىمىزدا بىرلا ئەمەس بەلكى ئىككى نەپەر ئىشلىتىپ خورتىپ بولغان جاسۇسىمىز بار."

گەرچە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى خوبورت مولىسىن مەخپى بۇيرۇق قىلىپ مېكلايىننى سوراق قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما سوراق قىلىشنىڭ كونكىرىتنى ۋاقتىنى بېكىتمەيدۇ. ئەمما لوندون ئىتتىخبارات پونكىتى خاتا ھالدا مېكلايىننى بەلكىم 28-ماي كۈنى (دۈشەنبە كۈنى) قولغا ئېلىنىدىكەن، دەپ ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى ۋە پورگىسنى ئالدىقى ھەپتىنىڭ ھەپتە ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرسىدە، ئەنگىلىيىدىن ئايرىلىشنى پىلانلاپ بېكىتىشىدۇ. لوندون ئىستىخبارات پونكىتى دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. ئەنگىلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى بىلەن مەخپى ساقچى ھەر كۈنى ئاخشىمى سائەت 8 دىن كېيىن ۋە ھەپتە ئاخىرغىچە مىكلايىنغا بولغان كۆزىتىشنى توختىتىدىغان بولىدۇ. (ئۇ بەلكىم بۇنى ھېس قىلالمىغان ئىدىكى، كېنت بىلەن سالى مەركىزىدىكى تۇتاشقان يېقىنلىرىدىكى تاسڧورد ئولتۇراق يېرىدە قەتئى كۆزىتىش يوق ئىدى. ) ئىستىخبارات پونكىتى يەنە شۇنى سەزگەن ئىدىكى، ڧالەيسى ئىسىملىك ساياھەت كېمىسى ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمەن جەنۇبى ئەنپۇدۇن پورتىدىن چىقىپ، ڧرانسىيە پورتى 11غا بېرىپ قايتىپ كېلىدىكەن.

شۇنىڭدەك كېمىگە چىققان ساياھەتچىلەرنىڭ بىرسىنىڭمۇ

پاسپورتىنى تەكشۈرۈپ قويمايدىكەن. پورگىس بۇيرۇققا بىنائەن يالغان ئىسىم بىلەن ئۆزگە ھەمدە مىكلايىنغا بولۇپ ئىككى دانە 25 ماي (جۈمە كۈنى) ئاخشىمىنىڭ كېمە بېلەتىنى ئالدۇ. شۇ ئاخشىمى، پورگىس كىراغا ئالغان ئاپتوموبىللىق تاسفوردقا ھەيدەپ باردۇ. مىكلايىن ئائىلىسى بىلەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، تانناد ماشىنىلىق جەنۇبى ئەنپۇدۇنغا كېلدۇ. ئۇيەرگە ۋالەيسى كېمىسىغا نەق ئۈلگۈرۈپ باردۇ ۋە قوزغىلىشتىن بۇرۇن پارىژغا ماڭىدىغان پويىزغا ئولتۇردۇ. ئۇلار پارىژدىن يەنە پويىزلىق شىۋىتسارىيەگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇرنىدا، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىدىن يالغان پاسپورتىنى ئالدۇ. ئاندىن، ئۇلار ئىككىسى پراگادا ئالمىشىدىغان ئايروپىلان بىلەن ستوكھولۇم ئاۋاتسىيە ئايروپىلانىغا قاراپ ماڭدۇ. ئەمما ئۇلار پراگادا ئايروپىلاندىن چۈشىشى ھامان سوۋېت ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن بىرلىشىدۇ. مىلىنىدا دوكلاد قىلىپ يولدىشىنىڭ ھەپتە ئاخىرسىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەن ۋاقىتلاردا، دېمەك پورگىس بىلەن مىكلايىن ئىككىسى تۆمۈر پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

پورگىس سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان ھامان ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىنىدۇ، ئەندى ئۇ ئەنگىلىيەگە قايتالمايدۇ. ئەمما ئۇ يىلىغا 2000 روبلى پېنسىيە پولى ئالىدىغان بولىدۇ. كېيىن غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ، مەركەز بىر تالانتلىق جاسۇسنى ئىسراپ قىلىۋەتتى: "بەزەن كىتاپ ئوقۇش، سەيلى قىلىش ۋە بەزەن كەينى بوش ئەركەكلەر بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن باشقا... ئەسلىدە ئۇ ك گ ب غا ئىنتايىن ئەسقاتىدىغان ئىشلىتىش قىممىتى بار بىرسى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوق. چۈنكى ئۇنىڭغا قىلغۇزغىدەك بىرەر ئىشمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئادەم ئۆزى ئىش تېپىپ قىلالايدىغان بىرسى ئەمەس." مىكلايىننىڭ ئىش ھەققى پوگىسىنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى، ئۇ بېرىپ كۇيبىشېۋغا يەرلىشىدۇ،[256] ئۇ ماك پېترووۋىچ ۋلارىن دېگەن ئىسىم بىلەن سوۋېت گىراجدانى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئېرىشكەن پېنسىيە پۇلىمۇ پوگىسىنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق. كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە، گۆشىپىۋ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا دەرس بېرىدۇ. 1953-يىلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىنتەبىردە، مەركەز پىلانلىغان پارولاسى سىلا ھەرىكىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئايالى ۋە 3 بالىسى ئەنگلىيىدىن قاچۇرۇپ كېلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئائىلىسى كۈيىبېشۋدا جەم بولىدۇ.

مەركەزنىڭ قارىشىچە "مۇۋەپپىقىيەتلىك بىر شەكىلدە پوگىس بىلەن مىكلايىن" لارنى قۇتقۇزۇپ كېلەلىگەنلىكى ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت جاسۇسلىرى ئارىسىدىكى قاراشلىرىدا ئىستىخبارات باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولدى". ئەمما فېلبى بۇنداق قارىمايتتى، 24 ماي كۈنى ماكايوۋ بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ماكايوۋ فېلبىنىڭ "بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ھەمدە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن بەكلا ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى سەزگەن." ئۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنگەن ئىدىكى، ئەگەر پوگىس بىلەن كلېيىن بىرلىكتە موسكۋاغا قېچىپ بېرىۋالان بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئۆزى "خەتەر ئىچىدە قالىدىغانلىقتۇر"، 5 كۈندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ۋاشىنگتوندىكى بىر ئالاقىلاشقۇچىسى ئۇنىڭغا پوگىس بىلەن مېكلايىننىڭ قېچىپ كېتىش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلغان. شۇ چاغدىلا فېلبى پوگىسمۇ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. فېلبى كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "مېنىڭ بۇ خەۋەرگە ھەيران قالغانلىقىم (بۇ خەۋەردىن) ھەرگىزمۇ سۈنئىيلىك ئەمەس ئىدى. "شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇماشىنىسىنى ھەيدەپ فۇجىنىيا سەھراسىغا بارغان. ئۇ يەردە ھۆججەتلەرنى كوپىيەلەيدىغان رەسىم ئاپاراتىنى بىر ئورمانلىق ئىچىگە كۆمىۋەتكەن. يەنى ئىككى يىل ئاۋال ئۇ ۋاشىنگتونغا يېڭى بارغان ۋاقتىدا بۇ ھەرىكەتنى كاللىسىدا بىر قانچە قېتىم تەسەۋۋۇر قىلىپ چىققان ئىدى. فېلبىنىڭ يېتەكچىسىنىڭ ياردىمىگە بەكلا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىۋاتقان ۋاقتىدا، ماكايوۋ ئوتتۇرلۇقتا يوق ئىدى. نيۇيورك كونسۇلخانىسىدىكى سوۋېت ئىستىخبارات پونكىتىدا بىر كونا خەت ساندۇقىغا بىر پارچە خەت بىلەن 2000 دوللار خالىنىڭ فېلبىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن پۇل قويۇپ قويغان. ئەمما ماكايوۋ بۇ نەرسىلەرنى تاپالماپتۇ. تەبىئىكى، فېلبىمۇ بۇلارنى تاپشۇرۇپ ئالالمىغان.

فېلبىغا بېرىلىدىغان ياردەمنى بېرەلمىگەچكە، مەركەز ماكا يوۋنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نيۇيوركتىكى قىلغان ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلغىنىدا، ئۇنىڭغا ئىپادە تەنقىت بەرگەن. مەركەز ماكا يوقنى "ئىنتىزام قارشى كامچىل" "مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى كەلگەن" دەپ قاراپ. " ئىستىلى قوپال" دېگەن. بۇ كامچىلىقلىرىنى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا تەربىيىلىنىشى يېتەرسىزلىكىدىن كۆرگەن. شۇنداق قىلىپ ماكايوقنىڭ ئامېرىكىدا يېڭى بىر مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكەن. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزىتىشىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى فىشېرنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىدىكى ئىشقا ئالماشتۇرىۋەتكەن، شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ ئىپادىسىدە بىرەر ئىلگىرىلەش كۆرۈلمىگەن. موسكۋادا دەم ئېلىپ نيۇ يوركقا قايتىش يولىدا، ماكايوق بىر سۈنئىي ياسالغان بىر شىۋتسىيە تەڭگىسىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ تەڭگىنىڭ ئىچىگە مەخپىي ھەرىكەت بۇيرۇقى يوشۇرۇنغان رەسىمگە تارتىلغان مىكرو نىگاتىۋ غالتىكى يوشۇرۇنغان ئىكەن.[257] پورگىسنىڭ قىچىپ كېتىشى بىلەن، ئۇنى دەرھال گۇمانلىق ئۇنسۇر قاتارىغا ئالىدۇ. مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال ۋولتېر بىدېر شمىس دەرھال ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىغا ئۇختۇرۇدۇ. ئەندى فىلبى ئەنگلىيەنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئالاقىچىسى بولالايدۇ دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ لوندونغا قايتقاندىن كېيىن، فىلبى مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدىن چېكىنىپ پېنسىيىگە چىقىدۇ. 1951يىلى دېكابىردا، ئۇ ئەنگلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى مەركىزىگە چاقىرتىلىپ "ئەدلىيە سورىقىغا" تارتىلىدۇ. (ئەسلىدە رەسمىي بولمىغان بىر قېتىملىق سوراق ئىدى)، بۇنىڭ ھەققىدە ئۇ ئەسلىمە كىتابىدا كىشىلەرنى خاتا چۈشىنىشكە سەۋەب بولىدىغان بىر ئىشنى يازىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا نەق مەيداندا بولغان بىرسىنىڭ دېيىشىچە، سوراقنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئاڭلاپ بولغانلارنىڭ ھەممىسىلا فىلبىنى گۇناھكار دەپ ئىشىنىدىغان تەسىراتقا كەلگەن." فىلبىنىڭ موسكۋاغا قىچىپ كېتىشى 12 يىل كېيىن كىشىلەرگە ئىشەندۈرگۈزۈشنى مۆلچەرلىگەننىڭ دەل ئەكسىنچە تەسىراتنى بېرىپ، فىلبىنىڭ ئەنگلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم سەبداشلىرى ئىستىخبارات

ئىدارىسىنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدۇ. ئەمما ئەدىلىيە ئورۇنلىرىنىڭ سوراقتا قىلىنىشىدىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە بىر ئېتىمالدا ئوخشۇشلۇق سوراق قىلىنىشىنىڭ دەلىلىنى مەڭگۈ تاپالماسلىقتا يېتەكلىشى مۇمكىن. ئەنگىلىيە مەخپىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدا، فىلبىنىڭ يەنە بىر تۈركۈم ساداقەتلىك دوستلىرى يەنىلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ئۇنى قوللاپ بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ ئالدىدا فىلبى ئەقىللىق بىلەن ئۆزىنى مېكائىنىزمىنىڭ بىگۇنا قۇربانى قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما فىلبى ئۇنىڭ موسكۋادىكى تەمىناتى ئۇنى تېخىمۇ نارازى قىلىپ، فىلبى ئىنچىل تۈرە ئۆزىنى سوۋېت چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر ئوفىتسېرى دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇ ھەيرانلىق بىلەن شۇنى ھېس قىلىدۇكى، بىر چەتئەل جاسۇسى بولۇش بىلەن ھەرگىزمۇ ھەربى ئۇنۋانغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتكەن. تېخىمۇ يامان تەرىپى، ك گ ب ياكى ئۇنىڭ 1-ئىدارىسى (چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى) نىڭ رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنمەيدىكەن. تا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىق خاتىرىلەش مۇراسىمىدا (يەنى ئۇنىڭ موسكۋاغا بارغىنىدىن كېيىن 14 يىل كېيىن) بۇ ك گ ب نىڭ ئاتاغلىق غەرپ جاسۇسى ئاخىرى ك گ ب شتابىغا كىرگۈزۈلىدۇ.[259]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باپ
# 50 ـ يىللاردىكى شىمالى ئامېرىكىدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلەر

1951 ـ يىلى 6 ـ نويابىردا كوستارىكا ۋەكىللەر ئومىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى سوپىتىدە، "تيودور ب كاسترو" پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن مىللەتلەر ب د ت 6 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشىدۇ. بۇمۇ سوۋېت ئىشپىيونلىرىنىڭ ئەڭ دىققەت قىلدۇرىدىغان ئۆزىنى ئوچۇق كۆرسىتىش تەرەپلىرىدىن بىرى. ئەسلىدە، بۇ "كاسترو دېگىنى" نىڭ ئەسلى ئىسمى يونوف لوموئاردووىچ گرىگورېۋىچ (بۇرۇن ماكس، ئارتور ۋە داكس قاتارلىق ئۈچ خىل پارولا قوللانغان.) لىتۋانىيىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر يەھۇدى. ئىلگىرى ئاساسلىقى بۇزغۇنچىلىق ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەست ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كەلگەن ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئۇنى پارتىلىتىش مۇتەخەسسىسلىكىدە ئادەم تەربىيىلەشتە ئىشلەتكەن. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە مېكسىكا شەھرىدە تروتسكىغا سۇيىقەست قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق قاتنىلى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ ئارگېنتىنادا گېرمانىيە پاراخوتلىرى ۋە ماللىرى ھەققىدە ئۇچۇر توپلايدىغان مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىدا رەھبەرلىك قىلغان. ئارگېنتىنادىكى ۋاقتىدا گرىگورېۋىچ ئۆزى ئۆيدۈرغان لاتىن ئامېرىكىسىدا ھەرىكەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى تەرجىمىھالى بار. بۇنى ئۇرۇش تەييارلىقى ھەرىكىتىدىن كېيىن پايدىلانماقچى بولغان.

1949 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، گرىگورېۋىچ ئايالى لاۋرا ئالاۋياۋ ئاجىلار (مېكسىكىلىق بىر كۆچمەن، سوۋېت جاسۇسى، پارولاسى لۇيىسا) رىمدا بىر مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى قۇرغان. گرىگورېۋىچ بىر نەپەر ئۆلۈپ كەتكەن داڭلىق بىرسىنىڭ (بۇ ئاتاغلىق شەخسنىڭ ئەسلى قىزى يوق ئىدى) نىكاسىز تۇغۇلغان بالىسى تيودور كاسترو دېگەن نامدا بىر

كىچىك ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتى قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنى نىقاپلاپ يۈرگەن. 1950-يىلى كۈزدە، ئۇ زىيارەتكە كەلگەن كوستارىكىلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ،[260] بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ئارىسىدىكى ئۆزى بىلەن تەڭ دېگىدەك بولغان كوستارىكا داڭلىق سىياسىيونى خېسەي فىگېلىس فۇلېر قۇرۇپ چىققان 2-جۇمھۇرىيەت ئىجرائىيەت ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى بولىۋالغان. بۇ ئىجرائىيەت ئىتتىپاقىدا قانۇنلۇق سىياسىي ھۆكۈمەت بەرپا قىلىپ، فىگېرىسنىڭ ئۆزىمۇ 1953-1955-يىللىرىدا ھەمدە 1970-1974-يىللىرى ئىككى قېتىم كوستارىكا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرىزدېنتى بولىۋالغان. ئۇنىڭ ئۆزى فىگېرىسنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىۋالغان، بۇنىڭدىن گىرىگورىۋىچ قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن، گىرىگورىۋىچنىڭ بۇ خىل ئۆزىنى ساختىكارلىق بىلەن نىكاسىز بالا بولىۋېلىشتىن فىگېلىسنىمۇ بەكلا خوش قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ گىرىگورىۋىچقا بىز ئىككىسىز يىراق تۇغقانلاردىن بولىمىز، بۇندىن كېيىن گېرىگورىۋىچنىڭ ئارخىپىدا مۇنۇلار يېزىلىدۇ، ئۇ ئەندى بۇ كەلگۈسىنىڭ پىرىزدېنتى بولغان كىشى بىلەن دوست ۋە سىرداش بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە مەركەزنىڭ پۇلى ۋە فىگېرىسنىڭ ئىتالىيىدىكى شىرىكى دەسمايىچىلىرى بىلەن بىرلىكتە شىركەتكە سەرمايە قوشۇپ، كوستارىكا قەھۋىسىنى ئېكسپورت ئىمپورت قىلىدىغان بولىدۇ.

1951-يىلى ئۆكتەبىردە، "تېيودور كاسترو" بولىۋالغان گىرىگورىۋىچ كوستارىكانىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى بولىۋالىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ كوستارىكانىڭ پارىژدىكى ب د ت نىڭ 6-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىگە مەسلىھەتچى بولۇپ سايلىنىۋالىدۇ. يىغىن جەريانىدا، ئۇ يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دىيان ئاچېسۇنغا ھەمدە ئەنگىلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئانتون ئەيدىنغا تونۇشتۇرىلىدۇ. ئەمما روشەنكى سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاندرى ۋىشىنىسكىغا تونۇشتۇرۇلمايدۇ. ۋېشىنىسكى خەلقارا يىغىندا سۆز قىلىش ئۇسلۇبى ئەزەلدىن بىرلا خىل ۋە زېرىكتۈرەرلىك ئۇزۇن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇ يىغىنغا قەپەزگە سولانغان بىر كەپتەر ئالغاچ كەلگەن ئىدى، ئۇ بۇنى

www.uyghurkitap.com

جاھانگىرلار تاجاۋۇزى ئاستىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلارغا تەمسىل قىلىندۇ. ئاندىن بۇ ئوخشىتىش ئارقىلىق جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقانلارغا ئوخشىتىپ ئاندىن بايىقى ئېچىتقۇلۇق بىلەن تولغان نۇتقىنى باشلايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى چوڭ تېررورلۇق دەۋرلىرىدە ئۇ ئۇچۇق سوتتا قارىلىغۇچى بولۇپ، بايىقىدەك ئېچىتقۇچىلىق پاسونى بىلەن سۆزلەپ ئۆزىنى پۈتۈن دۇنياغا تونىتىۋەتكەن بىرسى ئىدى. پرىزدېنت ترومىننىڭ ھەربى تەييارلىقلارنى تېزگىنلەش دەيدىغان نۇتقى، ۋىشىنسكىنى توختىماي مازاق قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پۇرسەت بەرگەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ. "ئاخشام بۇ نۇتۇقنىڭ تېزىسىنى ئوقۇپ پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى. چۈنكى بۇ نوتۇق مېنى توختىماي كۈلدۈرۈۋەتكەن ئىدى."

ۋىشىنسكىنىڭ ئەيىپلىگەن يەنە بىر ئوبيېكتىۋى كوستارىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىدى. بىخەتەرلىك يىغىنى گىرىتسىيىلىك باللارنى ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىكى يىغىن لايىھىسى ئىدى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى (گۇۋۇۋچىڭ) ئاچىسۇنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كوستارىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى قوللاپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كوستارىكا گروگېرىۋچىنىڭ جورج مولىنوۋ قەلەمگە ئالغان بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى قوللايدىغان بىر نۇتۇق تېزىسى ئىدى. ئۇ بۇنى شۆبھىسىز بەكلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن[261] قۇرۇق سۆزلەر بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سوۋېت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئاز رەنجىتىش ئۇسۇلى بويىچە كوستارىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزەلدىن دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت ئۇنسۇرى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىدىن بەكلا ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ب د ت نىڭ بالقان مەسىلىسى ئالاھىدە كومىتېتى" قانات يايدۇرغان كۆزىتىش ۋە ھەمكارلىقلار خىزمىتى ئارقىلىق گەرچە بالقان رايونىدىكى مەسىلىلەردە ھېلىغىچە خەتەر تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېساپتا ب د ت نىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى مەدھىيىلەپ تەبرىكلىگەن بولسىمۇ، سوۋېت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى بەربىر

تەسىرلەندۈرەلمىدى، بۇ يەردە بەلكىم كاستروننىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكىنى كۆزىتىپ بولالمىغانلىقى سەۋەپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ۋىشىنىسكى سوۆز قىلغان بۇ كىشىنىڭ دېپلوماتىيە گۇرۇپپىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى قالايمىقان بىلجىرلاش دەپ تەنقىتلەيدۇ.

ۋىشىنىسكىنىڭ بۇ ئەيىپلەشلىرى گروگورىۋچنىڭ دېپلوماتىيەلىك ھاياتىغا ھېچقانداق بىر ئەكىس تەسىر يارىتالمايدۇ. 1952-يىلى 14-ماي كۈنىسى، گرىگورىۋچ ئىتالىيە پىرىزدېنتى لويىج ئېودقا ئۆزىنىڭ كوستارىكا نىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئالاھىدە ئەلچىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى سۇنىدۇ. ئارخىپلاردا يېزىلىشىچە، گرىگورىۋچ بىلەن ئامېرىكا ئەلچىسى ئېرسىۋوس بانك ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماشقان كلېپير بۇئىن بىلەن روسىنىڭ مۇناسىۋىتى بەكلا يېقىن ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە ئوڭۇشلۇق تۈردە پاۋل 12نىڭ نەۋرىسى كوستارىكانىڭ ۋاتىكاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى جۇلىيو پاسلى شاھزادىنىمۇ ئوڭۇشلۇق تۈردە تەسىرلەندۈرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ باھانىسىدا گرىگورىۋچ ۋاتىكان پاپىسى بىلەن 15 قېتىم كۆرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىتالىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاساسلىق سىياسىيونىدىن بىرى بولغان كاتولىك دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئادىمى ئارچىد دې گاسپىل (1945-1953-يىلىغىچە مىنىستىر بولغان) بىلەن دوستلۇق ئورنىتىۋالىدۇ. بۇ سىياسىيون يەنە ئۇنىڭغا بىر دانە رەسىم ئاپىراتى سوغات قىلىپ" دوستلۇقىمىزنىڭ سىمۋولى بولسۇن" دەيدۇ.

ئەسلىدە مەخسۇس سۇيىقەست ھەمدە بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بىر سوۋېت جاسۇسى. بىر لاتىن ئامېرىكىسى رايونىغا كېلىپلا بىراقلا بىر دېپلوماتقا ئايلىنىۋالىدۇ. گرىگورىۋچنىڭ بۇ ھەيران قالدۇرارلىق ئۆزگۈرۈشىگە، "ۋىلى" فىشېرنىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئامېرىكا يادرو قوراللىرى جەھەتتىكى "مۇتلەق مەخپى" ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بولىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەركەزنى سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەۋرلىرىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان چوڭ ئىشپىيون دەۋرىنىڭ ھەشەمەتلىك نەتىجىلىرىنى ياراتقان ئالدىنقىلارنىڭ تېخىمۇ زور يوشۇرۇن رولىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتى. ئىشپىيونلارنىڭ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى رولى ئالدىنقىلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ ئۇتۇقلىرىنىڭ تېخىمۇ زور يوشۇرۇن رولى بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە دەپ قارايدۇ. سوغۇق ئۇرۇش ناۋادا ئىسسىق ئۇرۇشقا ئۆزگىرىپ قالغىدەكلا بولسا، مەركەز بۇنداق بىر ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېمەيدۇ. ئۇ ھالدا سوۋېت ئەلچىخانىسىدىكى ۋە بۇ يوشۇرۇنغان ئىشپىيونلار ئۇرۇشنى كېڭەيتىش ئىستىخبارات ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلا بولسا، [262] گەرچە سوغۇق ئۇرۇشنىڭ باشلىرىدا گېرىگورىۋىچ بىلەن ۋىشىر شەرەپلىك نەتىجىلەرنى، قولغا كەلتۈرەلىگەن 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ك گ ب مەركىزىدە ھېچقانداق بىر غەلىبىنى تەبرىكلەش پۇرىقى يوق ئىدى. ۋنونا شىيفىرلەرنى يېشىپ بىر قىسىم سوۋېت جاسۇسلىرىنى ئوتتۇرغا چىقارغىنىدا، يېقىنىدىلا بىنتېلى، چەمبوس ۋە گۇسىنكوۋ يۈز ئۆرۈپ بەزى ئەھۋاللارنى پاش قىلالىغان بولسىمۇ، مەركەز يەنىلا پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىدىكى جاسۇس تورلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولماقتا. شۇنىڭدەك ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرىسىدە سوۋېت جاسۇسلىرىغا ياردەم قىلىپ روزۋېلىت ھۆكۈمىتى ئىچىگە سۇقۇۇپ كىرەلىگەن ئىدى، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورۇنلىرى شۇنىڭدەك مانخاتتان پىلانىدىكى ئامېرىكا كومپارتىيىسى بۇندىن كېيىن ئەمەلىي ياردەم قىلالمايتتى، 1949-يىلى ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى گېئىن دائىس بىلەن باشقا 10 نەپەر ئامېرىكا كومپارتىيە رەھبىرى ۋېدېراتىپ ھۆكۈمەتنى قوراللىق ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەرغىپ قىلىش جىنايىتى بىلەن، دانىس ۋە ئۇلاردىن 9 كىشىنى ئەرز قىلىپ 5 يىللىق قاماق جازاسىغا كەستۈرۈۋېتىدۇ، يەنە بىرسىنىمۇ 3 يىلغا كېسىۋېتىدۇ. سوراق قىلىش جەريانىدا، بارلىق قارىلىغۇچى ئادۋۇكاتلارنى سوتنى بۇرمىلاشتا بولغان دەپ، 1951-يىلى، ئالى سوت بۇ ھۆكۈملەرنى قايتا كۆرۈپ چىقىپ، يەنە بىر قانچە كومۇنىستنىمو شۇنىڭغا ئوخشاش جىنايەت بىلەن ئەيىپلەيدۇ. ئاقىۋەتتە 50-يىللارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا، ئامېرىكا كومپارىيىسى يەر ئاستى

ھەرىكەتكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا يۈرگۈزگەن كام كۆرۈلىدىغان ھەرىكەتلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. شۇنداق قىلىپ مەركەز ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن. 1950-يىلى 4-يانۋاردا، كلاۋۇس فۇكستىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئەنگلىيە سوتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى لوس ئالاموستىن باشلاپ شۇغۇللانغان جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ بەش يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلغان. ئەتىسى، نيۇيوركتا، ئارچىبىل شىس چوڭ سوتچىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىدە يالغان شاھىتلىق قىلغىنى ئۈچۈن 5 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. 2-يانۋار كۈنى، فۇكس لوندوندا رەسمى سوتقا بېرىلىپ، سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ ئاتوم بومبىسى ئىستىخباراتلىرىنى ئوغۇرلىغانلىق قەبىھ ئىش ھەرىكەتلىرىمۇ ئامېرىكا گېزىتلىرىنىڭ پادۋال ئۈستىگە تېمىلىرىغا بېسىلىپ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىققان. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇرۇن زادىلا ئوتتۇردا كۆرۈلمىگەن ۋىسكانسىن شىتاتىنىڭ پالاتا ئەزاسى يورىن مېكاسىن يالغاندىن ئۆزىدە 205 نەپەر دولەت ئىشلار مەھكىمىسى (گوۋۇيۇۋەن، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، باش مىنىستىرلىك) ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىنى باشقۇرىۋاتقان كومىنىستلارنىڭ تىزىملىكىنى بەرگەن. گەرچە مېكاسىن پاكىتلارنى ئۇيدۇرغان ۋە مۇبالىغىلەشتۈرىۋاتقان بولسىمۇ، پاتلا ئامېرىكا ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇندق نەتىجە بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى ئۆزگە قارىتىۋالالىغانلىقىدا. نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىلىقنىڭ كاللىسىدىكى "ئىچكى دۈشمەن، " نىڭ خىيالى شىس بىلەن فۇكس قاتارىدىكى بۇ جاسۇسلارنىڭ جىنايىتى (شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىنكى روسېنبېرگ جىنايىتىنىڭ بېكىتىلىشى) تەرىپىدىن دەلىللىنىدۇ. ئامېرىكىلىقلار[263] ئامېرىكىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئىچكى دۈشمەنلەر سەۋەبىدىن، بۇنچە كۈچلۈك چوڭ بىر دۆلەتنى كومۇنىزىمنىڭ تىزلىكتە تەرەققى قىلىپ سوۋېتنى بىر يادرو قورالىغا ئىگە بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. 1954-يىلى يانۋاردا بىر قېتىملىق خەلق رايىنى سىناش نەتىجىسى شۇنى

www.uyghurkitap.com

ئۇختۇرماقتىكى، ئامېرىكىدا مېكاسىنىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ سانى 50% گە، ئۇنىڭغا قارشى چىقانلارنىڭ سانى 29% گە چۈشۈپ قالغان.

پرېزىدېنت ترومىن 1951-يىلى مۇندىق دېگەن: "كرېمىل سارىيىنىڭ ئەڭ چوڭ دەسمايىسى پالاتا ئەزاسى مېكاسىن" ئىدى دەيدۇ. ئۇزۇننى ئويلىغىنىمىزدا، بۇنداق دېيىش ھەقىقەتەن توغرا ئىدى. ئەسلىنى ئېيتقاندا، مېكاسىن سوۋېت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ھەر قانداق بىر چوڭ تەسىر كۆرستەلەيدىغان ك گ ب جاسۇسىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ قىزىل تېرروغا ئەسەبىلىك بىلەن قارشى چىقىشتا ئاخماقانىلىق دىرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولۇپ، دۇنيادا ئەركىنلىك قارشىغا ئىگە كىشىلەر ئۇلاردا بۇنداق بىر ئىشنىڭ راستىنلا بولۇپ بولمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. ھەتتا 1953يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە نيۇيورك شىمىن شىمىن تۆرمىسىدە بىرلا ئېلېكترىك ئورۇندۇقىدا ئۆلۈمگە يوللانغانلار ئارىسىدا ئەيۋىن جۇلىيېس بىلەن ئەيسەر روزىنبېرگكە ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دەپ قارالدى. ئەمما مەركەز بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن مېكاسىنچىلىق كېڭەيتۋەتكەن زور تەشۋىقات ھۇجۇمىدىن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى ئاندىن ھېس قىلىشقان. ئەمما ئەينى ۋاقىتىدا، مەركەز ئاساسلىق زېھنىنى ئامېرىكىنىڭ ئىشپىيولارغا بولغان سەزگۈرلۈك كېسىلىگە مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تەرەققى قىلدۇرۇلغان ۋە تېزگىنلىگەن يېڭى جاسۇسلارنىڭ پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقلار ئۈستىگە ئارتىپ قويغان.

مېكاسىنچىلىق مەركەزنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىگە قارىتىلغان دۆلەت ئىچىدىكى كېڭەيتىۋېتىلگەن مەخپى ئىستىخبارات سىستېمىسىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىپ بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەلچىخانا ۋە كونسۇلخانىلاردا قۇرغان ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرى مۇتلەق تۈردە پاش قىلىنىشى، ئامېرىكا فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بارغانسىرى قاتتىق كۆزىتىشىنى پەيدا قىلىۋەتكەن. ئەمما مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرى پاش قىلىنمايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلار ئىشلىرىنى ئىنتايىن ئەركىن قانات

يايدۇرۇپ كەلمەكتە. ۋىلى فىشېر (مارك) 1940-يىلىدا ئامېرىكىغا بارغىنىدىن باشلاپ ھېچ قاچان ھېچقانداق بىر گۇمان پەيدا قىلىپ باقىغان. گەرچە ئۇنىڭ بىر جاسۇسى تېد خورنىڭ سالاھىتى ۋىنونا تەرپىدىن يېشىۋېتىلگەن ھۆججەتلەردە ئوتتۇرغا چىقىپ قېلىپ 1951-يىلى فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ (ف ب ئا) سوراق قىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىش بولمىغان. مەركەزمۇ ئىنتايىن كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇكى، بىرەر ئۇرۇش ياكى باشقا بىرەر كىرىزىس پەيدا بولۇپ قالغىنىدا، مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى چوقۇم بارلىق ئىستىخبارات ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى كېڭەيتىش تەييارلىقى ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىشلىنىدىغان بىر ئىش. 1954-يىلى، ئىشپىيون باشقۇرش ئىدارىسى بىر پارچە 130 "ئارخىپلىق جاسۇس" تىن تەشكىل تاپقان جاسۇسلار تورى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ جاسۇس تورى تۇغۇلغان كۈنى تونۇشتۇرۇش قەغىزى ۋە رەسىم، ھەمدە باشقا [264] لازىملىق ھۆججەتلەرنى ئىشپىيونلار سالاھىيىتى ئۈچۈن تونۇشتۇرۇش ياساپ چىقىدۇ، يالغان ھۆججەت ياسايدىغان خادىملار غەربىي ئەللىرى ۋە ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ 22 دانە ئىستىخبارات پونكىتلىرى شۇنىڭدەك خىتايدا تەسىس قىلىنغان ۋە بارلىق سوۋېت گۇرۇھى دۆلەتلىرىدىكى ك گ ب ئالاقىلىشىش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ.

ئەمما ئىشپىيون تورلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتى دۈچ كېلىۋاتقان ئەمەلى قىيىنچىلىقلار مەركەز ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپ ئېغىر ئىدى. ئالاھىدە چوڭ ئىشپىيون دەۋرى - خۇددى دويىچ بىلەن مارىنا دەۋرلىرىدىكىدەك ئۇنداق ئۆزىدىكى كەلگۈسى سوۋېت تۈزۈمىگە ئىنتىلگىنىدىكىدەك باشقا جاسۇسلارنى ئىنتىلدۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچىگە ئىگە ئىشپىيونلۇق دەۋرلىرى ئەندى كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. ستالىن ھۆكمرانلىق قىلىۋاتقان پىلانلىق ئىختىسادى تۈزۈم ئاستىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى سوۋېت گراژدانلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيسىنى ئۆستۈرۈپ غەرب دۇنيا سەۋىيسىدىكىدەك سەۋىيىگە كەلتۈرەلىشى ئامېرىكا خەلقىدەك ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئەركىن بىر خەلق بولالىشى خىيالى ئۈزۈن يىللىق خىزمەت تەلەپ قىلىنىدىغان ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمىگىدەك ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. سوغۇق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، غايىلىك، بۇرچۇم دەپ قارايدىغان، قەتئىي ئىرادىلىك بولغان ئامېرىكا جاسۇسلىرىنى، 30-يىللاردىكىگە ياكى 2-دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا تاپماق بەكلا مۈشكۈل ئىش ئىدى. سوۋېتنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى پاراۋانچىلىقتا ھەۋەسلىنىدىغان ۋە ناھەقچىلىكلەردىن نارازى بولىدىغان، ئاكتىپ ياش ئۇنسۇرلارنى جەلىپ قىلىدىغان بۇرۇنقىدەك ئۇنداق غايىۋى كۈچىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى. ھەممىدىن بەك قىزىق بولغىنى، مېكاسىن ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ قوللىغان قىزىل تېررورلۇق ھەرىكىتىمۇ ئەڭ يوقۇرى پەللىسىگە چىققان ۋاقتىدا، يەنى دەل شۇ 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، سوۋېتلەرنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىچىگە سىڭىپ كىرىش جەھەتلەردە ئەڭ تۆۋەن دەرىگە چۈشۈپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىدى.

ئېغىر بىروكراتىسىيە ئىستىللىرى بارغانسىرى قاپلاپ كەتكەن بىر ئەھۋال ئاستىدا مەركەزنىڭ ئىشلىرىغىمۇ يامان تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئەمما ستالىن دەۋرىنىڭ كېيىنكى ئىستىخبارات كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇل ئورگانلىرىدىكى ئۆز ئىچىدە كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈپ تۇرۇش ھالىتىمۇ مەركەزنىڭ رولىغا بەلگىلىك دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە، ئىشپىيونلۇققا مەسئۇل ئىدارىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىمۇ 8 قېتىم تەڭشەلدى، ئەمما ئۇلارغا يۈكلەنگەن قابىلىيەتلەرمۇ 14 قېتىمدەك ئۆزگەرتىلدى. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ئون يىلى ئىچىدە، ئىشپىيونلار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى ئالېكساندىر كروتكوۋ غەرىپنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان غەرب تەجرىبىسى يوق بىرسى ئىدى. شۇڭا ئامېرىكىدىكى سوۋېت ئىشپىيونلىرىنىڭ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپ چىققان سوۋېتكە قارىتا تۈزگەن ئاساسلىق رەقىپ دەيدىغان ئۇلۇغۋار ئىشپىيونلۇق ھەرىكەت پىلانىمۇ ھېچ قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى.

پۈتكۈل 50يىللاردا، ۋىشېرنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىدىن باشقا،

مەركەز ئەزەلدىن ئامېرىكىدا ھېچ بولمىغاندا بىرسى بولسىمۇ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇلسىكەن دەپ ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما تۇنجى بولۇپ ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇشنى سىناپ باققان كىشى 1951-يىلى بۇ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىغا باشلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ماكايوۋ (خارلى) نى چاقىرتىپ قايتىپ كېتىدۇ. ھەمدە 9000 ئامېرىكا دوللىرى ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ پائالىيەت راسخوتىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچ كىم بىلمەيتتى.[265] شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ شەرەپسىز بىر ھالدا ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. شۇڭا، مەركەزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سىناق قىلىشى تېخىمۇ دىققەتلىك بولىدۇ، مەركەز بىر نەپەر ئىدىيال بىر مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقىنى كاناداغا يوللايدۇ. ئۇنىڭ كانادا پىشىپ يېتىلگىنىدىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى ئىستىخباراتلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئاساسلىق رەقىپ يېرىگە ئەۋەتىشىدۇ، كېيىن بۇ تاكتىكىدىن مەركەز ھەردائىم پايدىلىنىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا كانادانى ئامېرىكىغا سەكرىتىشنىڭ تۇنجى ئاتلاش تاختىسى قىلماقچى بولغان سوۋېت ئىشپىيونى 30 ياشلىق يېۋگېنى ۋىلادىمىرووۋىچ بۇلىك (پارولاسى خارت) بولىدۇ. ئۇ مونتىرىيالدا تۇرۇپ قېلىش بۇيرۇقى بويىچە 1951-يىلى نويابىردا يېڭى نىۋشىت شتاتىنىڭ خالىفاكسىغا يېتىپ كېلىدۇ.

قوش تىللىق مائارىپ كۆرگەنلىك بۇلىكنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. 1932-1933-يىللىرى، ئۇ موسكۋادا ئەنگلىزچە-ئامېرىكانىسكى مەكتەپتە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. كېيىن دادىسىنىڭ نيويوركتا سوۋېت ئامېرىكا سودا ھەسسىدارلار چەكلىك شىركىتىدە ئىشلەش باھانىسىدا، دادىسى بىلەن بىرگە نيويوركتا بىر قانچە يىل تۇرىدۇ. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدە بولىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىدۇ. 1948-يىلى بولىك بۇيرۇق بويىچە ئوقىغان مەكتىپىگە قايتىپ غەربلىك ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنى شىمالى ئامېرىكىدىكى ئىستىخبارات خىزمىتىدە ئىشلەشتە ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى كۆزىتىدۇ، شۇ قېتىمقى سىناقتا ئۇ مەركەزنى قايىل قىلىۋېتىدۇ. 1949-يىلىدىن باشلاپ، ئۇ 2 يىللىق

مەشـــقـقـه قاتـنـشـــىدۇ. ئۇ يەردە، شـــىڧـر، مەخپـى خەت، قـىسـقا دولقۇنلۇق رادىئودىن پايدىلـىـنـىش ئۇسـۇلـى قاتارلـىقلارنى ئۆگـىنـىدۇ. شـۇنـىڭ بـىـلەن بـىـر ۋاقىتتا بلۇك يەنە ســـائەت رېمونـت قـىلـىش ھۈنـىرىـنى ئۆگـىنىش بـىـلەن كـانـادادا مۇشـــۇنـداق بـىـر ھۈنەر بـىـلەن تۇرمۇشـــىـنى قامداش ئۈچۈن ئىش قـىلـىش ھۈنـىرىـنى ئـىگەللەيدۇ.

بۇ قـېتـىـمـقـى كانادا سەپـىرىدە، بولـىـك كانادادا پاشاشـىـنىڭ ئـىككـى يۈزلۈك سـالاھـىـيـىـتـىنى ئـىـشـقا سـالـىدۇ، ئۇ يەردە ئۇنـىڭغا ئـىۋان ۋاسـىـلـىـۋىچ گـرادىش يالغان ئـىـسـمـىـنى بېرىـدۇ، مەركـەزنـىـڭ بۇيرۇقـىـغا بـىـنائەن، گـلادىش (پارولاسى ڧـىـلـىد) ئاتلانـتـىـك ئوكـيانـىدىن ئۆتۈپ ئەنگـىـلـىـيـىگە بارىدۇ، 1951-يـىـلـى ئـىيۇلدا جاسۇسـلـۇقـقا قوبۇل قـىـلـىـنـىدۇ. بۇنـىڭدىكى مەخسـەت، بۇلـىكقا بـىـر يالغان ســـالاھـىـيەت بېرىش ئـىدى، مەركـەزنـىـڭ كـۆرســـەتمـىســـى بويىچە، گـلادىش ئاتلانـتـىك ئوكـيانـىـنى بـىـســـىـپ ئۆتۈپ ئەنگـىـلـىـيـىگە كـەلگـىنـىدىن كـېيـىن، ڧـىرانســـىـيـىدىن ۋە غەربـىي گـېرمانـىـيـىدىن ئۆتۈپ ۋىـيـېناغا كـېلـىـدۇ. ئۇ يەردە ئۇ بلۇتـېد بـىـلەن كـۆرۈشـــىـدۇ، گـلادىش بۇلـىكقا ئۆزىنـىڭ كـانـادىـكى كـەچۈرمـىشـــلـىرىـنى ئاڭلـىـتـىـدۇ. ئانـدىن ياۋروپا ســـەپـىرىـنـىڭ جەريانـىـنى ســـۆزلەپ بېرىـدۇ. ئانـدىن كـېيـىن، كانادا ئـىـشـــلـىـتـىپ يۈرگەن پاســـپورتـىـنى بېرىـدۇ. بۇلـىك ئۇنـىڭ رەسـمـىـنى سـۆكـۈۋېتـىپ ئورنـىغا ئۆزىنـىڭ رەسـمـىـنى چاپلـىـۋالـىـدۇ. شـــۇنـدىن كـېيـىن ئاتلانـتـىك ئوكـيانـىـنى بـىـســـىـپ ئۆتۈپ كانادا ســـەپـىرىـنى باشـــلايدۇ. خالـىـڧاكـىســـقا بارغانـدىن كـېيـىن، بۇلـىك پويىز ئـارقـىـلـىق مونـتـرېـيـالـغـا بـارىـدۇ. ئۇ يەرگە بـارغـانـدىن كـېيـىن، پويىز ئـىســـتـانـىســـىـنـىـڭ قول يۈيۈش ئۆيـىگە كـىرىـىـپ، كـىچـىك بـىـر بۆلۈمـدە ئاختۇرماقچى بولـىۋاتقان ئـاق بوردا يېزىلـغان بەلگـىنى ئۈچۈرىـدۇ. ئۇ بۇ كـىچـىك بۆلۈمگە كـىرىـپ سـۇ سـاندۇقـىـنـىڭ ئاغزىنى ئـېچـىپ ئـىچـىدىن شـــىـلـىـمـلـىق لېنتا بـىـلەن چاپلانغان ئـىشـــكـتە يەنە بـىـر نـىقاپلانغان كـىشـــىـنى كـۆرىـدۇ. بۇ كـىـشـــى داۋىـد ســـىـنـىـيونوۋىـچ ســـۇبۇلوۋ ئـىدى، ئۇنـىڭ تۇغۇلغان يەر ۋە باشـــقا ھۆججەتلـىرىنى ئالـىدۇ. ســـۇبۇلوۋ 1951-يـىـلـى تورونتودا تۇغـلـغـان بولۇپ، 16 يـاش ۋاقـتـىـدا ئـائـىـلـىســـى بـىـلەن بـىرلـىكـتە ســـوۋېت ئـىتـتـىـپاقـىـغا كـۆچـمەن بولۇپ كـەتكەن، 1951-يـىـلـى ســـۇبۇلوۋ مـاگـىـيتوگـىرىكـســـت كـۆمۈر كـانـىدا ۋە مېتـاللورگـىـيە ئـىنـىســـتوتـىـدا

پروفېسسورلۇق قىلغان ئىكەن. سۇ ساندۇقىدىن ھۆججەتلەرنى تاپقاندىن كېيىن بۇلىك دەرھال داۋىد سىۋبۇروۋغا ئايلىنىدۇ. شۇندىن كېيىن ئاخىرغىچە بۇ سالاھەت بىلەن يۈرىدۇ، شۇ يىلى ئىيۇلدا ئۇ بۇ ئىسىم بىلەن كانادا پاسپورتى ئېلىۋالىدۇ.

بۇلىك مەركەزنى قايىل قىلىپ مونتىرىيالدا سائەتچىلىك قىلالمايدىغانلىقىغا ماقۇل قىلىپ باشقا بىر ئىش يېرى ئېچىشقا يەنى شەخسىي رەسىمخانە ئېچىشقا ماقۇل كەلتۈرۈۋالىدۇ. مەركەز ئۆزىنىڭغا كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكىدا ئىشلىتىش پىلانلانغان بىر خىل ئىش قىلىشقا بۇيرۇق قىلىنىدۇ. ئەمما بلۇك ئۆزىنىڭ ماكايوۋتىن ئاۋراپچىلىق بولغان ئامېرىكا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىق نامزاتلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ؛ ئەمما مەركەزگە ئۇقتۇرماي تۇرۇپ 1953-يىلى ئۆكتەبىردە، ئاندا ئۆلكىسىنىڭ كىنىستوندىكى بىر كانادا ئەسكىرىنىڭ ئايالى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ مۇھەببەتلىشىۋالغانلىقى، ئايال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇلىك مەركەزنى قايىل قىلىپ ئۇنى ھازىرچە ئامېرىكىغا كۆچۈرۈشىنىڭ بەك بالدۇر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزۈنغا قالماي بۇلىك ھېلىقى مۇھەببىتىگە ئۆزىنىڭ يالغان پاسپورت قوللىنىپ يۈرگەن سوۋېت ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ ئۇنى يولدىشىدىن ئايرىلىشقا ماقۇل كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ ئايال ئۇنداق قىلىشنى رەت قىلىپ، بىرلىكتە كانادا ساقچىسىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدۇرۇشقا رازى قىلىدۇ.

1953-يىلى نويابىردا، بۇلىك ئاخىرى سويگىنىنىڭ دېگىنىگە قايىل بولىدۇ. ئاندىن كانادا ساقچىسىغا تېلېفون قىلىدۇ. تېخىمۇ كۆپ سوۋېت ئىستىخبارات ئورىندىكىلەرنىڭ كانادا پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن كانادا ساقچىسىنىڭ مەركىزى ساقچى ئىدارە تارماقلىرىنىڭ ب باشقارمىسى (ئىستىخبارات باشقارمىسى) باشلىقى تېلى گېئىنچىنىڭ بۇلىكتىن پايدىلىنىشىنى (ب باشقارمىغا بېرلگەن پارول گۇدېئىن) ئىككى تەرەپلىمە جاسۇسلۇق قىلىۋاتقان بىرسى، نەتىجىدە گېئىنچىنىڭ بەكلا تەستەقولغا چۈشىدىغان بىر ئادەم ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۆيگۈنى ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئۇ كىشى دائىم ھاراقتا بېرىلىپ، ھەر دائىم ئۆزىنى تېزگىنلىيەلماي، بىر قېتىمدا ئۇ نەق بىر شىشە "كونا تام" نى بوشاتقاندىن كېيىن، مونتىرىيال گېزىتخانىسىغا تېلېپون قىلىپ،ھاراقتىن كېيىنكى غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ئېيتقان بۇيرۇقىدىن كانادا ساقچىسى ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالغان. مەن بىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسى بولىمەن، مېنىڭ ھېكايەمنى بىلىشنى خالامسىز؟ دەپ سورايدۇ، خۇددى "ئوتتاۋا گېزىتى" 1945-يىلى سىنتەبىردە گۇسىنكوۋنىڭ سۆزىگە چاتىقى بولمىغاندەك، بۇ گېزىتخانىمۇ ئۇنىڭ يالغۇز بىلگەن ئاخىرقى ئون يىللىق سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلۇق پائالىيەت ئەھۋالىنى سۆزلەپ كەتكەن. بۇ ئارىدا ئۇنى بۇ ھاراقكەش تېلېپوننى ئۈزىۋەتتى دەپ ئويلاپ قالغان.

تا 1955-يىلى ياز ئايلىرىدىن بۇرۇن، ك گ ب ئىدارىسى خارتنى سېزەلمىگەن. (خارت ئىسمىلىك بۇ ئىشپىيوننىڭ پارولاسى بۇلىك) ئۇنى بەلكىم قوش تەرەپلىك جاسۇس بولسا كېرەك دەپ قالغان. مەركەزنىڭ قارىشىچە بۇلىك ھازىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە يالغان سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ كەسىپىنى نىقاپ قىلىپ مونتىرىيالدا مۇقىم يەرلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەخپى جاسۇسلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ يېتىشتۈرگەن (ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى) ئادىمى ھەققىدە ئىككىنچى قەدەملىك ھەرىكىتىگە ئۆتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتاۋا ئەلچىخانىسىنىڭ ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ گۇسىنكوۋ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىش ۋەقەسىدىن كېيىن خىزمىتى ئىزچىل تۈردە تۇختاپ قالغاندەك ئىدى. شۇڭا مەركەزنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەيىپلىنىشلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن 1951-ۋە 1953-يىللىرىدا، ئۇ ئىستىخبارات پونكىتى كانادا كومپارتىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە 11 نەپەر جاسۇس كېڭەيتتى . (رۇشەنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەرىجىسى تۆۋەن جاسۇسلار ئىدى) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 5 نەپىرى كوممۇنىست بولۇپ بۇ ئادەملەر تەمىنلىگىنى ئاساسەن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى ئىدى. مەركەز بەزى جاسۇسلارنى مەخپى

يېتەكچىلەرنىڭ تېزگىنلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان. شۇ ئارقىلىق كانادا ساقچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكى ئوتتاۋا ئەلچىخانىسىدا يۈرگۈزۈلگەن قاتتىق كۈزىتىشتىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولغان.

ك گ ب بۆلىكىنىڭ كانادا خانلىق ئاتلىق ساقچىلار تەرىپىدىن تېزگىنلىنىۋاتقىنى سەزگەندىن كېيىن، لىست، 1919-يىلى تۇغۇلغان ئۇكرائىنانىڭ تورونتو كەنتىدىكى كوممۇنىست؛ لىندا، بىر نەپەر ئىسرائىلدىن كاناداغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن كوممۇنىست، ئا ۋ لويى ئايروپىلان شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن. ئۇ ھازىر تورونتوغا يەرلەشكەن؛ كومۇنىست پورمۇسېرنىك، ئوتتاۋادا بىر رادىئو تېلېۋىزور سېتىقچىلىق شىركىتىدە غوجايىن ئىكەن. لىدى تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلاردا س ف-105 تىپلىق ئاۋۇلو ئوقيا ماركىلىق ئۇرۇشچى ئايروپىلان پىلانى ئىكەن، بۆلىكمۇ ئېيما بىلەن ئېرنونىڭ كىملىكىنى بىلىدىكەن. بۇ ئىككى ئايال جاسۇس مەركەز بىلەن ئالاقىلىشىدىغان تىرىك خەت ساندۇقلىرى ئىكەن. 1951-يىلى، ئەيما سوباندا ئوقۇۋاتقىنىدا جاسۇسلۇققا كېڭەيتىلگەن ئىكەن، ئۇ بۇرۇن كانادا چەتئەل ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتناشقان. ئەمما ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان. 1954-يىلى ۋىبېكتا بىر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلەر دۇكىنى ئاچقان. ئېرنو بولسا ڧرانسىيىنىڭ مودا كىيىملەر لايىھىلىگۈچىسى، 1939-يىلى پارىژدىكى بىر ئۆي سايمانلىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئىدى، ئۇمۇ پاسۇلكا توشۇغۇچى قىلىپ كانادادىكى ك گ ب ئۇچۇر يەتكۈزگۈچىلىك قىلىدىغان تىرىك خەت ساندۇقى [268] ئىكەن.

كېيىن، مەركەز بۆلىك ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان بۇ 5 نەپەر جاسۇسنى سېتىۋەتتى. بۆلىك شۇ خامبۇلدونى پەقەتلا تونىمايدىكەن. 50-يىللارنىڭ بېشىدا ئوتتاۋادا ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتى ئەڭ مۇھىم بىر جاسۇسنى ئۆزلىرىگە كېڭەيتىۋالغان. ئۇنىڭ ھەقىقى سالاھىتى 1922-يىلى خامبولدۇن ئوتتاۋادا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى ڧرانسىيىدە بولغاچقا ئائىلە بويىچە كانادا گېزىتخانىسىدا ئىشلەيدۇ. خامبۇلتون ئوتتاۋادا بىرمەزگىل بالىلىق ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، بالىلىق ۋاقىتلىرىدا ئىككىنچى دۇنيا

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشــى مەزگىلىدە ئەركىن فرانســىيە تەشــكىلاتىنىڭ ئالجىرىيىدە تۇرۇشــلۇق بىر ئىســتىخباراتچىســى بولىدۇ، فرانســىيە ئازات بولغاندىن كېيىن، پارىژغا قايتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ فرانســىيىنىڭ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تۇرۇشــلۇق 103 ـ دىۋىزىيىســىنىڭ ئالاقىچى ئوفىتســېرى بولىدۇ. 1954 ـ يىلى ئۇ كانادا ئارمىيىســىگە ئالماشتۇرۇلىدۇ. ستراسبۇرگدا بىر يىلــدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالــدۇ. گېرمانىيە ئىشــغالىيىتىنىڭ ئىســتىخباراتلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى سوراق قىلىشــقا مەسئۇل قىلىنىدۇ. ئۇ كۆنلەرنى ســېلىشــتۇرغاندا، ئۇرۇشــتىن كېيىنكى كۈنلىرى نىسبەتەن مەنىسىزدەك بىلىنەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئۆزەڭنى قىممەتلىك بىرســىگ ئايلاندۇرىمەن دەيدىكەنســەن، ئۇ ھالدا تېخىمۇ كۆپىرەك ئادەمنى ئۆزەڭگە دىققەت قىلدۇرۇشۇڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا ھاياتىڭ مەنىلىك بولىدۇ. " ك گ ب، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغان بۇ ئاددى ساۋاتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

خانبۇلتوننىڭ ك گ ب ئارخىپىدا دەسلەپكى كۆرۈنگىنى، ئۇرۇشــتىن كېيىن ئۇ بىر مۇســتەھكەم كومۇنىزمچى بولغانلىقى ئىدى. مەركەزدىكى "كانادالىق دوســتلار " ئۇنىڭدىكى بۇ قابىلىيەتنى بىلىپ قالىدۇ. خالى بېك، كانادا كومىنىســتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. پارتىيە يىغىنىدا ئۇنى كەشىپ قىلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتىن ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىگە ئىشــەنچ قىلىدۇ. يەنە بىر پارولاســى ســۋاياشــىنىك بولغان كومىنىســت خامبۇلتوننىڭ ئارقا كۆرۈنىشــىنى تەكشــۈرىدۇ. 1952 ـ يىلى، خامبۇلتون ســوۋېت ئوتتاۋا ئىســتىخبارات پونكىتىدىن ۋلادېمىر تروفىموۋىچ بورجىن تەرىپىدىن جاســۇســلۇققا جەلىپ قىلىنىدۇ. بورچىننىڭ خامبولتونغا قويغان پارولاســى رىمان بولۇپ، (كېيىن يەنە لىدوفقا ئۆزگەرتىلىدۇ.) ئىككى يىلدىن كېيىن، خامبۇلتون پارىژغا كېلىدۇ، ئۇ يەردە سوربۇندا ئىقتىساد ئاسپىرانتلىق دەرسلىرىنى ئالىدۇ. 1956 ـ يىلى، ئۇ ن ت ئو نىڭ ئىختىســادى كومىتىتىدا بىر ئىش تېپىۋالىدۇ. بۇ كومىتېتنىڭ شــتابى ئەينى ۋاقىتىكى پارىژنىڭ ســىرتىدىكى بىر يەردە بولۇپ، قالغان 5 يىلىدا، خامبۇلتون ك گ ب نىڭ ئارخىپىدا ئاتالمىش "زور مىقداردىكى ھۆججەتلەر" نى ســۇنىدۇ. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى

مەركەز تەرىپىدىن "مەزمۇنى مۇھىم بولغان ھەتتا بەكلا مۇھىم بولغان" ھۆججەتلەر دەپ باھالىنىدۇ. گەرچە بۆلۈك بۇلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەمما 20 يىلدىن كېيىن، خامبۇلتون يەنە بىر سوۋېت جاسۇسى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلىدۇ.

1955-يىلىنىڭ باشلىرىدا، بۆلۈكنى بەلكىم ئامېرىكىغا كىرىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن مەركەز يەنە بىر پارولاسى "دەرس بەرگۈچى" بولغان ئىشپىيوننى كاناداغا بېرىشقا پىلانلىشىدۇ. دەرس بەرگۈچى دېگەن كىشى 49 ياشلىق بىر رۇسسىيەلىك بولۇپ. ئەسلى ئىسمى خائىر ئىۋانوۋىچ ۋرونېنكوۋ ئىدى. ئۇنىڭ قوللانغان [269] ئىسمى يوسۇف ئىلىنوۋىچ كوردا دېگەن تۇغۇلغان يېرى تۇنۇشتۇرۇشى ئىدى. شۇنىڭدەك كېيىن بۇ يالغان سالاھىيىتىنى ئىزچىل قوللىنىپ كېلىدۇ. كوردا 1914-يىلى، 7- ئىيۇلدا ئامېرىكىنىڭ ئوكلاخوما شىتاتىنىڭ ئالىيئىستە تۇغۇلغان 1922-يىلى ئاتا ئانىسى بىلەن بىرلىكتە كۆچمەن بولۇپ چېخسلوۋاكىيىگە كېتىدۇ. ۋرونېنكوۋنىڭ ئايالى ئانىنا ۋېئودورشاۋا (پارولاسى مارتا ئېلېنا) قوللانغان كىملىكى مارىيە ناۋتۇنايا (پارولاسى مارتا يېلېنا) ئىدى. قوللانغان كىملىكى مارىيە ناۋتونايا دېگەن يالغان كىملىك ئىدى. مارىيا 1920-يىلى ئۆكتەبىردە چېخىيىنىڭ مانكۇلىيا دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئۇ دادىسى بىلەن بىرلىكتە چېخ گىراژدانلىقىنى ئالىدۇ. ۋلونېنكوۋغا تەگكىنىدىن ئاۋال، ئۇ ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە چېخسلوۋاكىيىدە ئۆزىنىڭ تىل قابىلىيىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ، چېخسلوۋاكىيە مۇساپىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ۋرونېنكوۋ ئەر ئايال ئىككىسى تۇنجى قېتىم كانادا پاسپورتىغا ئىلتىماس قىلىپ رەت قىلىنىدۇ. ئەمما ب د ت نىڭ مۇساپىرلار كومىتېتىنىڭ ياردىمى بىلەن (كېيىن ب د ت مۇساپىرلار ئىشلىرى يوقۇرى دەرىجىلىك خادىمى بولىدۇ) ئۇلار 1954-يىلى بىرازىلىيىگە كېلىۋالىدۇ. 1955-يىلى، مەركەز ۋرونېنكوۋنى كاناداغا بېرىپ بۆلۈك بىلەن بىرلىكتە ئىشلىشىنى پىلانلايدۇ، ئۇنىڭ كانادا ئىشلەتكەن يېڭى پارولاسى خېكتو بولىدۇ. بۆلۈكمۇ يۇۋاشلىق بىلەن خېكتو كەلگىنىدىن كېيىن، ئۇچۇرلارنى كانادالىق خانلىق ئاتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقچىسىغا دوكلاد قىلىدۇ.

ئەسلىدە، ك گ ب چوڭ بىر ئاپەتكە دۇچ كېلىدۇ. فىلوننىكوۋنىڭ قولغا ئېلىنىشى ھەمدە سوتلىنىشى قاتارلىقلار، ئەمما بىر نەپەر ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتىدىن كېلىپ قالغان بىر چاقىرىلمىغان مېھمان شۇنچە جىددى بىر شارائىتتا ك گ ب نى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. 1955-يىلى 21-ئىيۇل كۈنى بوغىزغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن كانادا خانلىق ئاتلىق ساقچىسى ئومۇس مورىسىن ئوستىرووۋىسكى (پارولاسى گروبىۋ) بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. ھەمدە بۇلىكنىڭ 18 ئاي ئاۋال خائىن بولۇپ كەتكەنلىكى خەۋىرىنى ئاشكارىلايدۇ. مورىسىننىڭ يېشى 39 بولۇپ، نۇرغۇن يىل ئوتتاۋا سوۋېت باش ئەلچىخانىسىدا كۆزىتىش ئېلىپ بارغان. مورىسىن بولسا مېنىڭ بۇ قىلغىنىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھېسداشلىق قىلغانلىقىمدىن بولغان دەپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە 10 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن گۇسىنكوۋ ۋەقەسىنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكىنى توسىماقچى بولغان ئىدىم. چۈنكى بۇ ۋەقە ھەقىقەتەنمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كانادا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاتتىق زىيان يەتكۈزگەن ئىدى. ئەمما مورىسىن 5000 ئامېرىكا دوللىرى تەلەپ قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئەسلى غەرىزىنى پۈتۈنلەي ئاشكارلاپ بېرىدۇ. ئوستىرووۋىسكى بۇنى بىلمەيتتى. مورىسىن تۇرمۇشىنى ياخشىلىۋېلىش ئۈچۈن بەك كۆپ قەرزگە بۇغۇلۇپ كەتكەن ئىكەن. ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى مورىسىن ھېچقاچان ئىشتىن چىقىرىلمىدى، ئۇنى پەقەت ئىشلەتكەن ئومۇمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇشنىلا تەلەپ قىلاتتى. ئەك قىزىق تەرىپى، ئۇ ك گ ب نىڭ 270 پۇلىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن كەلگەنمۇ ياكى كانادا خانلىق ئاتلىق ساقچىسىغا قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنمۇ ئەڭ قىزىق يېرى مۇشۇ ئىدى.

مەركەز دەسلىۋىدە، مورىسىن تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلاردىن گۇمانلانغان ئىدى. (ئۇنىڭ كېيىنكى پارولاسى دوست ئىدى)، ئۇ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلار كانادا خانلىق ئاتلىق ساقچىلىرىنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلىگەن بىر ھەرىكەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ موسكۋا بىلۈكنى سوتلىغىنىدا ئۇدۇل كېلىپ قالغان يېرى ك گ ب 6-ئايدا

بىلۈك ياز كۈنلىرىدە موسكۋادىن كانىكول قىلغىنىدا ئايالىم بىلەن بىرگە بۇلالارمەنمۇ دەپ سورىغان، ئۇ بۇنى بالدۇرلا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇغىنىسى بىلوك 1-ئايدا موسكۋاغا قايتىشتىن قورقاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا 1-ئايدا ك گ ب نى داۋاملىق ئاخماق قىلىشقا ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى. بىلوك كانادادىن ئايرىلىشتىن ئاۋال، كانادا خانلىق ئاتلىق ئەسكەر ساقچىسى سارس سۋىنى بىلەن ۋاشىنگتوننىڭ ئەنگىلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئالاقىلاشقۇچى ئەمەلدارى لىسلى مىچېل ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ بىر يۈز كۆرۈشۈپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پورگىس بىلەن كلىپىئىننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىپ ئۇچراشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ساياھەتنى جەريانىدا ئىمكان قەدەر كۆپرەك ك گ ب خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ئۈمىد قىلدى، ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا موسكۋانىڭ ياردىمىگە ئېھتىياج بولغىنىدا، بىر، ئىككى كونا خەت ساندۇقىنىڭ ئورنىنى ھەمدە بۇ خەت ساندۇقىدا ئەنگىلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ كونا خەت ساندۇقىدا ئىستىخبارات بارلىقىنىڭ بەلگىسى، ئەگەر قىچىپ كېتىش زۆرۈر بولۇپ قالغىدەك بولسا قانداق قېچىش، ئەنگىلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ كونا خەت ساندۇقىغا سىگنال ئاپاراتى قويۇپ قويمىغانلىقى، ئەگەر زۆر بولغىنىدا قاچماقچى بولغىنىدا ئەنگىلىيە مەخپى ساقچى ئىدارىسى كونا خەت ساندۇقىغا بىرەر قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئارقان قويۇپ قويمىغانلىقىنى، ئاۋارىسىز تاپانچا قويۇپ قويمىغانلىقىنى، ئۇ ئايالىنىڭ يالغان سوۋېت پاسپورتى بىلەن سوۋېتكە بارغىلى بولۇپ بولمايدىغانلىقىنى، ھەمدە نورۋىگىيە چېگرىسىدىن چېدىر بار يەردىكى كىچىك يېزىدىن ساياھەت ھۆججىتىنى لازىم قىلىپ قىلمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يەنە چېگرادىن ئۆتىدىغان يەرنىڭ خەرىتىسى بار يوقلىقىنى بىلمەكچى بولىدۇ.

يولغا چىقىشتىن ئاۋال بىلوكنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەركەز بەكلا دىققەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 6-ئايدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇنىڭ بىرىنچى بېكىتى بىرازىلىيە بولۇپ، 8-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بېرىپ فلونىنكوۋ (خېكتور)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆرۈشىدۇ، فىلونىنكوۋ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمايدۇ. ئەمما ك گ ب بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئۇچرىشىش نوقتىسىنى تولۇق كۆزىتىدىغان بولىدۇ. 8-ئاينىڭ 7-كۈنى بلۇك ئۇچرىشىش نوقتىسىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان ك گ ب كىشىلىرىگە ئىككى ھەمراسى بىلەن بىرگە كەلگەنلىكىنى دوكلاد قىلىدۇ، بۇ شۇنى چۈشەندۈرمەكتىكى بلۇك ھەقىقەتەنمۇ قوش تەرەپلىك جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى، شۇنداقتىمۇ بلۇك بۇلارنىڭ يەنى فىرولىنكوۋنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆرۈشۈش نوقتىسىغا كەلمىگەنلىكى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇ داۋاملىق باشقا يوللار بىلەن پارىژغا ۋە خېلسىنكىغا بېرىپ ئۇ يەردىن موسكۋاغا قاراپ سەپىرىنى داۋام قىلىدۇ. بۇ ئىككى پايتەختتىكە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئىستىخبارات پونكىتلىرىدىن بۇيرۇق ئالىدۇ. بلۇكنى قىزغىن كۈتىۋېلىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن كانادادا مېڭىش ھەققىدە پىكىرلىشىدۇ. ئەمما ئاخىرقى دەقىقىلەردە بلۇكنىڭ ئۆزگىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، موسكۋاغا قايتماي، ك گ ب بىر نەپەر قاتىلنى ئەۋەتىپ ئۇنى [271] فىللاندىيىگە بۇرىۋەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ يەرگە مۆكۈنگەن بىر نەپەرك گ ب جاسۇسىنى ماقۇل قىلىپ، زۆرۈر بولغىنىدا بلۇكنى مەجبۇرى ھالدا سوۋېتكە ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ.

1955-يىلى 19-ئاۋغۇست كۈنى، بلۇك موسكۋا ئايرۇدرومىغا چۈشكەن ھامان دەرھال قولغا ئېلىنىدۇ. دەسلىۋىدە ئۇ ئۆزىنىڭ قوش تەرەپلىك جاسۇس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرىۋالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئارخىبىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغىنىمىزدا، بېسىم ئاستىغا ئېلىنىش بىلەن ھەممىگە ئىخرا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىخرا سۆزلىرى ئو مۇلىسىنىڭ، مورىسىنىڭ (دوست) ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتىغا بەرگەن ئىستىخباراتىدا خاتالىق يوق ئىدى. شۇڭا ئو مۇلىسن تېزلا 5000 دوللار پولغا ئېرىشىدۇ. مورىسىن تېخىمۇ كۆپ ھەققە ئېرىشىش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەركەزگە كانادا خانلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر ساقچى تەشكىلاتى ھەقىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئادەمنىڭ ئەھۋالى ۋە ھەرىكەت پىلانىنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلار، بولۇپمۇ كانادا خانلىق ئاتلىق ئەسكەر ساقچىلىرىنىڭ

بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ ئىستىخباراتى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

1956-يىلى 4-سىنتەبىر كۈنى، سوۋېت ئالى سوتى ھەربى ئىشلار كومىتىتىنىڭ مەخپى يىغىنىدا، بلۇك 15 يىللىق تۈرمىگە قامىلىدۇ. بىلۇكنىڭ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئارخىپلاردا ئورۇنلاشتۇرۇلغان "ھەركەت تېپىشمىقى" بىلەن قاتتىق ماسلىشىپ بەرگەنلىكى سەۋەپ بولغان بولىشى مۇمكىن ئىدى. بىلۇك تەقىپ قىلىنىپ ئەنگلىيەنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىشى، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىراشلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئىدى. ئەمما ئۇ بۇيرۇق بويىچە بىر قېتىملىق سۆزلىشىش كۆرۈشىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ كۆرۈشۈشكە ئېھتىياجى يوق ئىدى، ئۇچرىشىش نوقتىسىنىڭ كۈچلۈك نازارەت قىلىنىشى ئارقىلىق، ك گ ب قاتتىق كۈزىتىش ۋاقتىدا كۆرۈشۈش نوقتىسىغا كەلگەن ئەنگلىيە ئەلچىخاسىدىن كەلگەن ئەلچىخانا خىزمەتچىسى داۋنى بېك (كېيىنچە ئۇ بارونىس بېك دەپ ئاتالغان.) نى ئېنىقلىۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكىنلىكىنى كەسكىن ئېنىقلىۋېلىش ئىدى. بۇ قېتىمقى تېپىشماق ئويۇنى جەريانىدا بىلۇكنى ئائىلىدىكەر بىلەن ئۆيىدە، ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىغا ھازىر بىلۇكنىڭ داۋاملىق ئەركىن ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئىدى. ك گ ب بىر ئېھتىمالدا بىلۇك ئارقىلىق ئائىلىسىدىكىلەرنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش ئارقىلىق، بىلۇكنى بۇرۇن ئويلىغىنىدەك ئايالىنى چەتئەلگە قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن يالۋۇرىدۇ دەپ ئويلىغان بولسىمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

مولىسىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن 3 يىل ئىشلەپ بېرىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ بىلۇكنى تۇتۇپ بەرگىنى ئۈچۈن 5000 دوللار ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ك گ ب جەمئىي ئۇنىڭغا 14000 دوللار بەرگەن بولىدۇ. ئەمما مەركەز ئۇنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلارنىڭ سۈپىتىدىن كۈندىن كۈنگە رازى بولماي قالىدۇ. شۇنداق بۇرۇندىن ئۇچۇرۇشۇپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كانادالىق خانلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر ساقچىلىرىغا دوكلاد بىرىشتىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. 1957-يىلى 7-دېكابىر كۈنى، [272] ئۇنىڭ سوۋېت سىياسىي يېتەكچىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈشەلەيدۇ. مورىسىن ئۇنىڭدىن دوللار قەرزىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ئوم سېرگېيىۋىچ كلاشىنىكوۋ (ئارتور) ئۇنىڭغا ئارانلا 150 دوللار بېرىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئالماقچى بولساڭ. چوقۇم سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىدىن كېيىن ئوتتاۋاغا قايتىشىڭ ھەمدە تېخىمۇ كۆپ كانادالىق خانلىق ئەسكەر ساقچىلىرىغا يولۇقۇپ ئىستىخبارات توپلىشىڭ كېرەك بولىدۇ دەيدۇ. بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە كلاشىرنىكوۋنىڭ قايتا ئۇچراشقىنىڭدا، مورىسىن ئوتتۇرغا چىقماسلىقى كېرەك، ھەمدە شۇندىن كېيىن ك گ ب بىلەن مۇناسىۋەتتىن ئايرىلىشىڭ كېرەك. 1958-يىلى، ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتى يېڭى خەۋەرلەردىن خەۋەر تېپىشىچە مورىسىن كانادا خانلىق ئاتلىق ئەسكەر ساقچىلىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. شۇنىڭدەك ئالدامچىلىق بىلەن شوغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، 2يىللىق قاماققا سولانغان.

گەرچە 1955-يىلى مورىسىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ك گ ب نى بۇلۇكنىڭ 21 ئايلىق قوش تەرەپلىك جاسۇسلىقىدا كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانىنى تۆلىتىۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىلۇك سوۋېت ئىستىخبارات ئىشلىرىغا كەلتۈرگەن زىيىنى يەنىلا بەكلا ئېغىر ئىدى.  مەركەز بىلۇك بىلەن ئالونېنكوۋنى ئاساس قىلغان ئامرىكىدا قۇرۇپ چىقماقچى بولغان 2-مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى پىلانىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك، ك گ ب نىڭ 5-جاسۇستىن باشقىلار، بىلۇك يەنە كانادا خانلىق ساقچى قىسىملىرىنى ئوتتاۋا ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ كۆپلىگەن ك گ ب خادىملىرى بۇ كىشىلەرنىڭ ۋەقەدىن كېيىن كانادىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قالىدۇ.

50-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، مەركەز قايتىدىن مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىدىن يەنە بىرنى قۇرۇپ چىقىش پىلانىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ.  ك گ ب پىلانىدا مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ۋىلادىمىر ۋاسىلىيېۋىچ گېرىنكو (پارولاسى لوئىن كرود) نى  نامزات قىلىپ

كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن يالغان سالاھىيەت ياڭ بېسكوۋ ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى سلوۋاكىيىلىك بولۇپ، ئانىسى ئۇكرائىنالىق. 1948-يىلىدىن باشلاپ، گرېرنكوبىلەن ئايالى سىمىنا ئىساكوۋنا كېرىمكېر (پارولاسى مىلا) بويىنىس-ئايرىستا ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، 1951-يىلى ياش ۋاقتىدا ئارگېنتىنا ۋەتەندىشى ئىدى. 1954-يىلى مەركەز ئۇلارنى ئامېرىكىغا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئاخىرقى مىنوتلاردا مەركەز ئامېرىكا ف ب ئاي گېلىلىنىنىڭ شىمالى ئامېرىكىغا كىتىۋاتقان بىر سوۋېت كېمىسىدە جاسۇسلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇلىنىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىۋالىدۇ. گېلىلىنكو دەرھال فىرانسىيىگە يۆتكىلىدۇ. بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جاسۇسلۇق ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ ئارخىۋىنىڭ خاتىرلىشىچە "ئېغىر دەرىجىدە بىخەترلىك ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش" ئىدى. 1955-يىلى ئاۋغۇستتا، ئۇنىڭ ئارگېنتىنا پاسپورتىنى، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىنى، ۋە نەرسە سېتىۋېلىش ھېساۋات دەپتىرىنى فىرانسىيە مۇسادىرە قىلىۋالغان بولۇپ، پارىژدا ئۇ تۇرىۋاتقان مېھمانخانىدا [273] ئوغۇرلىنىدۇ. ئوغۇرلانغان نەرسىلىرى ئىچىدە يەنە ك گ ب نىڭ يەنە بىر پارولاسى پاۋلىس بولغان مەخپى تارتىلغان رەسىمى ۋە بىر پارچە روسچە يېزىلغان خەت بىرلىكتە ئوغۇرلانغان. گېلىلىن بىلەن پاۋلۇس ئىككىسىلا دەرھال موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ.

مەركەز ئۇنىڭ ئامېرىكىدا قۇرغان بىردىن بىر ئىستىخبارات پونكىتىنىڭمۇ بېشى بالادا ئىكەنلىكىدىن مەكەز تېخى خەۋەرسىز ئىدى. ماكايوۋ (خالى)، بىلۇك (خارت) ۋە گېلىلىنكو (كلودى) غا ئوخشىمايدىغان يېرى، ھېنرىگ فىشېر (ماك) دىن ئىنتىزاملىق ۋە ئېتىقادى مۇستەھكەم بىرسى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى لىنو خەيخانەن بىلۇكقا قارىغاندا ئۇنچە بەك ئىشەنچلىك بىرسى ئەمەس.

قورقماي ئىشلەتكىنى خەيخانەن" قوش تەرەپلىك يۇكىن نىكولاي مىگىنىڭ سالاھىيىتى بولۇپ، مىگىي 1919-يىلى ئامېرىكىدا تۇغۇلغان، دادىسى ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بىر فىنللاندىيىلىك ئىدى. ئانىسى نيۇيوركلۇق، مىيگى 8 ياش ۋاقتىدا ئاتا ئانىسىغا ئەگىشىپ

www.uyghurkitap.com

فىنچە سۆزلىشىدىغان سوۋېت كاللىيا رىسبوپلىكىسىنىڭ نوپوسى بىلەن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن، 1938-يىلى، مىگى جاسۇسلۇق گۇمانى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. ئەمما شۇ هامان قويۇپ بېرىلىدۇ. كېيىن سوۋېت ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقى تەرىپىدىن ئىشقا ئېلىنغان، پارولاسى داۋىد، سوۋېت ئىتتىپاقى چوڭ تېررورلۇق دەۋرىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كاللىيا ئائىلىسىگە مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. 1949-يىلى، مىگى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى خەيخانەنگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. خەيخانەن شۇندىن كىينكى 3 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە مىي گىنىڭ تونۇشتۇرۇش قەغىزى بىلەن فىنلاندىيە كومۇنىستى ئورىۋىل ئومانىنىڭ ياردىمى بىلەن كوپۇنچە ۋاقتىنى فىنللاندىيەدە تۇرۇپ ئۆتكۈزىدۇ، ئۇ ئومۇمەن سوۋېتنىڭ 1939-يىلى قولغا كەلتۈرگەن بىر جاسۇس.

1952-يىلى 20-ئۆكتەبىردە، خەيخانەن (هازىرقى پارولاسى ۋىك) "مارىيە مەلىكە" ئىسىملىك كېمىگە ئولتۇرۇپ نيويۇركقا بارىدۇ. شۇندىن كېيىكى ئىككى يىل جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ۋاقىت سەرىپ قىلىپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تۇرغۇزىدۇ. مانخاتتان بىلەن بۇرانسىكنىڭ كونا خەت ساندۇقىدىن مائاشىنى ئېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ تىنىماي هاراق ئىچىپ غىق مەسلا يۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە دائىم دېگىدەك ئۆزىنىڭ فىنلاندىيىلىك ئايالى خاننا بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ كىتىدۇ. بۇ ئىش باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇراتتى، مەركەز خەيخانەننىڭ بۇ خىلدىكى بىنورنال ئىش هەركەتلىرىگە پەقەتلا دىققەت قىلمىغان ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە بۇ يەرگە قايتىپ بارغانلىسنى تەبرىكلەپ ئۇچۇر تارتىلغان لېنتىسى بولغان مىكرو لېنتىغا ئېلىۋېلىنغان يوشۇرۇن ئىچى كاۋاك نىكېل تەڭگە ئىچىگە يوشۇرۇپ ئۇنىڭا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. خۇددى بىر يىل ئاۋالقى ماكايوفقا ئوخشاش خەيخانەنمۇ نىكىل تەگنى يانچۇقىنىڭ بىر يېنىغا سېلىپ قۇيۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. كېيىن بىر ئېهتىمالدا 1953-يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، برۇكلىنىدىن بىر گېزىت ساتقۇچى بالىسىدىن ئۇ نىكېل تەڭگىگە گېزىت سېتىپ ئالغان بولىشى مۇمكىن. بەكلا تۇيۇقسىز بىر شەكىلدە بۇ گېزىت ساتقۇچى بالا دىققەتسىزلىكىدىن ئۇ

كاۋاك تەڭگىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. شۇچاغدا ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرىدۇ. تەڭگە يەرگە چۈشۈپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئىچىدىن ھېلىقى يۇشۇرۇپ قويۇلغان نىگاتىپ مىكرو لېنتا ئوتتۇرغا چىقىپ قالىدۇ. [274] بالا ئۇ لېنتىنى ئېلىپ تەڭگە بىلەن قوشۇپ شۇ يەرلىك ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ساقچىلار بۇ لېنتىنى دەرھال ف ب ئا غا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. گەرچە ف ب ئا دىكىلەر بۇ مىكرو لېنتىنى بىر قانچە يىل تەكشۈرۈپمۇ ئىچىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھېچنىمىسىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا بىلەلىگىنى دېمەك نيويۇركتىمۇ سوۋېت جاسۇسلىرى پەيدا بولغان دېگەنلا بولىدۇ، بۇنىمۇ نىگاتىپتىكى خەتلەرنىڭ روسچە خەت بېسىش ماشىنىسىدا بېسىلغانلىقىنى بىلەلىگەنلىكىدىن كەلگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ۋىك تەڭگە يۇتتۇرۇپ قويغان ئىشتىن مەركەزنى پەقەتلا خەۋەرلەندۈرمىگەن.

1954-يىلى ياز كۈنى، خەيخانەن ئاخىرى فىشېرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ قىلغان ئىشى نيويورك ب د ت كاتىۋات باشقارمىسىنىڭ ئىچىگە يۇشۇرۇنغان سوۋېت جاسۇسلىرىنى تېپىش بولىدۇ.

يەنى بىر نەپەر فىرانسىيىلىك يادرو فىزىكچىسى، (پارولاسى ئولىزوۋ) نىڭ دوكلادىنى كونا خەت ساندۇقىغا سېلىپ قويۇش بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق نيويورك ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەرنىڭ ئۇ ماتېرىيالنى ئېلىۋېلىشىنى قولايلاشتۇرۇش ئىدى، ئولىزوۋ نىڭ دوكلادى بىر ئېھتىمالدا ئۇنىڭدا 2 نەپەر ئامېرىكا يادرو فىزىكچىسى ھەققىدە بولۇپ، ئۇلار بۇيرۇق بويىچە بۇ ئىككى كىشىنى سوۋېت جاسۇسلىقىغا كېڭەيتمەكچى ئىكەن. ئەمما دوكلاد جايىغا بارالمىغان. بۇ قېتىمقى زور بىخەتەرلىك ھادىسىسىدىن كېيىن، ئولىزوۋ ئەندى مەن ك گ ب ئۈچۈن ئىشلىمەيمەن دەپ ھەمكارلىقتىن يېنىۋالغان. شۇنداقتىمۇ كېيىن ئۇ ئىككىسى يەنىلا ك گ ب ئۈچۈن ئىشلەپ كەتكەن.

گەرچە خەيخانەنىنىڭ قوپال ئىپادىسىدىن ھەممە نارازى بولسىمۇ، فىشېر ئۇنىڭ بىر ئالكاش ئىكەنلىكىنى بىر ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن. بۇ ئەسلىدە فىشېرنىڭ مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى

ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت ھېسابلىناتتى. 1955-يىلى ئەتىيازدا، ۋىشېر بىلەن خەيخانەن بېرموند باغچىسىدا 5000 دوللار پۇلنى كۆمۈپ قويىدىكەن. ئەسلىدە كېيىنكى مەلۇم بىر ۋاقىتلاردا بۇ پۇلنى روزىنبېرگ جاسۇسلۇق تورىدىكىلەردىن ھۆكۈم قىلىنىپ 30 يىللىق تۈرمىگە قامالغان بىر خادىمغا بېرىپ قويماقچى بولغان. ئۇ ئادەم سوۋېت جاسۇسى ھېلىن سۇۋبىيېرنىڭ ئايالى ئىكەن. خەيخانەن كېيىنچە بەرگەن دوكلاتىدا مەن ھېلىن سۇۋبىيېرنى تاپتىم ھەمدە پۇلنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېدىم، بۇ پۇلنى ئاياپ خەجلەڭ، ئەسلىدە خەيخانەن بۇ 5000 ئامېرىكا دوللىرىنى پۇلنى ئۆزى يۇتىۋالغان ئىكەن.

1956-يىلىنىڭ باشلىرىدا، خەيخانەن بىلەن ئايالى ئىككىسى ھاراق ئىچىپ ئۆلگۈدەك مەس بولۇشۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەنلەر ساقچىغا تېلېفون قىلىپ خەۋەر قىلىشىپتىدىكەن. ساقچىلار خۇددى قىيالىقلىرى ئارىسىدا پىكىس جىرنىڭ مىگى ئەر خوتۇنلار ئۆيىدە ئۇلارنى تېپىۋالىدىكەن. قارىسا خەيخانەننىڭ ئايىقىدا ئېغىر بىر پىچاق يارىسى بارلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. خەيخانەن ساقچىلارغا يالغان ئېيتىپ بۇ يارا بىر قېتىملىق ماشىنا ھادىسىدە يارىلانغان دېگەن. شۇ يىلى كېيىنكى بىر ۋاقىتلاردا خەيخانەن يەنە بىر قېتىم ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەپ پراۋىسىنى تارتقۇزۇپ قويىدىكەن. 1957-يىلى يانۋاردا، خەيخانەن ئەسلىدە موسكۋاغا قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىش قىلىشى كېرەك ئىدى. دەسلىۋىدە ئۇ قايتىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا ئۇ يالغاندىن بىرمۇنچە باھانە توقۇپ چىقىرىدۇ. شۇ ئارقىلىق موسكۋاغا ۋاقتىدا ماڭالمىغانلىقىنىڭ باھانىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاۋال[275] ۋىشېرغا مېنىڭ كەينىمگە 3 كىشى پىيىمغا چۈشىۋاپتۇ دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا مەن ماريا خانىش ئىسىملىك كېمىدىن بىلەت ئېلىپ يولغا چىقىشقا تەييار بولغان ئىدىم. ئەمما ف ب ئاينىڭ ئادەملىرى مېنى كېمىدىن ئېلىپ قالدى. ئۇنىڭغا قارىتا قىلچە مۇداپىيىسى بولمىغان ۋىشېر خەيخانەنگە تېزدىن ئامېرىكىدىن ئايرىل دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ف ب ئاينىڭ نازارىتىدىن قاچ دەيدۇ. ۋە ئۇنىڭغا 200 دوللار يول خىراجىتى بېرىدۇ. 24-ئاپرېل كۈنى، خەيخانەن "ئەركىنلىك" ئىسىملىك كېمىگە

ئولتۇرۇپ فرانسىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. 1-ماي كۈنى، پارىژغا يېتىپ باردۇ. ھەمدە شۇ يەردىكى ك گ ب ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن يەنە 200 دوللار موسكۋاغا قايتىش راسخوت پۇلى ئالىدۇ. 4 كۈندىن كېيىن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتماستىن، ئامېرىكىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا كۆرۈنگەن. ئۇ، ئۇ يەردىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ك گ ب جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا قىلغان ئىشلىرىدىن سۆزلەپ بەرگەن.

گەرچە ئاۋغۇستتا ك گ ب دىكىلەر خەيخانەنىنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن ئاندىن خەۋەر تاپىدۇ. بەلكىم ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياكى ئىيۇننىڭ باشلىرىدا ك گ ب فىشېرغا بۇ ئىشنى دىگەن. ئۇنىڭغا خەيخانەنىنىڭ موسكۋاغا قايتمىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ باشقا بىر سالاھىيەت قەغىزى بىلەن ئامېرىكىدىن ئايرىلىشى ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن. ئەمما فىشېر بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغان. خەيخانەن داۋاملىق ئامېرىكىدا تۇرىۋەرگەن. 21-ئىيۇن كۈنى، سەھەردە، نيۇيوركنىڭ شەرقىدىكى 28-كوچىدىكى بىر مېھمانخانىدا ئۇ ئىككىسى قولغا ئېلىنغان. ئاندىن ئايروپىلانلىق تېكساس شتاتىنىڭ مېكلون چەتئەللىكلەرنى سولايدىغان مەركىزي سوراق خانىسىغا ئاپىرىۋەتكەن. سوراق بىلەن بىر قانچە كۈن ھەپىلەشكەندىن كېيىن، فىشېر ئۆزىنىڭ يالغان سالاھىيەت قەغىزى بىلەن ئامېرىكىدا ياشاپ يۈرگەن بىر رۇس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ھەمدە ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلغان ھەقىقى ئىسمى بىر ئۆلگەن ك گ ب خىزمەتدېشىنىڭ ئىسمى لۇدورف ئىۋانوۋىچ ئابېل ئىكەن. شۇنداق قىلىپ مەركەزدىكىلەرمۇ ئامېرىكا گېزىتلىرىدىن باش تەرىپىدىلان "ئابېل" دېگەن ئىسمىنى كۆرىشى ھامان دەرھال ئامېرىكىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى تولۇق مۆلچەرلەشكەن.

فىشېرنىڭ قولغا ئېلىنىشى ك گ ب نىڭ "مۇھىم رەقىبى" ئۈستىدىكى ھەرىكىتىنىڭ ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپلىرىدە، مەركەز يۈرگۈزگەن ھەرىكەت ستراتىگىيىسىنىڭ بىر جاسۇسلار تورى قۇرۇش ئاساسىغا تىكلەنگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىدى. بۇ جاسۇسلار تورى مۇھىم بولغان جاسۇسلارغا مەسئۇل بولۇپ قوماندانلىق قىلماقچى ئىدى. مەسىلەن خور بىلەن فېربېغا ئوخشاشلارنى. ئاخىردا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىكىدەك بۇ جاسۇسلارنى ئامېرىكا ھۆكۈمەت مەركىزىنىڭ يوقۇرى قاتلاملىرى ئىچىگە سىڭىپ كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولغان. ئەمما بۇ ئىشتا قىشىر مەغلوپ بولغىنىدىن كېيىن، ك گ ب نىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرى پەقەتلا قالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ مەركەز تېخىمۇ ئەمەلىيەتچان بولغان نىشانلار بويىچە تېخىمۇ چەكلىك ستراتېگىيىلەرنى ئىشقا سېلىپ، "چوڭ تېررورلۇق "دەۋرىدىكى پارلاق ۋەزىيەتنى قايتىدىن تىكلىۋېلىشنى پىلانلىشىدۇ. ھەمدە بۇرۇنقى مەغلوبىيەتلەرنى پۈتۈنلەي بىر قاتار ھەركەت ئۇستىدىكى نوخسانلارغا تەۋە قىلماقچى ئىدى.[276]

مەركەز ماكايوف (خارلى)، بۇلك (خارت) ۋە خەيخانەن (ۋىك) دېلولىرىنى تەكشۈرۈشلىرى شۇنى بىلدۈرمەكتىكى. ئۇ سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىن تۇنجى ئەۋلاد ئىشپىيوننى تاللىغان ۋاقىتدا ئېغىر مەسىلە بار ئىدى. خەيخانەننىڭ ك گ ب ئارخىپىدا ھۇشىيار بولۇشقا تېگىشلىك يېتەرلىك ۋەقەلەر بارلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ ھادىسىلەر 1952يىلى ئامېرىكىغا ئاتلىنىشتىن ئاۋاللا روشەنلەشكەن ئىدى. ئۇ سوۋېت بىلەن فىنلاندىيە پايتەختلىرىدە مەسئۇلىيىتى بار ھەمدە باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىشنىڭ رېكورتىنى ياراتقان. شۇنىڭدەك ئاجايىپ مۇرەككەپ جىنسى مۇناسىۋەت ساقلانغان. گەرچى ئۇ سوۋېتتىكى ۋاقتىدا، توي قىلغان بولسىمۇ، مەركەزگە خەۋەر بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇ يەنە فىنلاندىيىدە خاننا كۈلكا بىلەن توي قىلىۋالغان. كېيىن ئۇ ئۇنى ئېلىپ ئامىرىكىغا بىرىپ ياشىغان. ئەمما 1949-يىلى ئىستىخبارات كومىتېتىغا خەيخانەننىڭ دوكلادىنى ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدىكى خاراكتېرىنى بىزەپ يېپىپ كۆرسەتكەن دەپ مەلۇمات بەرمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭدەك مەشىق قىلىش ئارقىلىق خەيخانەننىڭ ھەركەت جەھەتتىكى يېڭىلىشلىرىنى پۈتۈنلەي تۈزىتىشكە بولىدۇ دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. متروخىن ك گ ب ئارخىبىدىكى خەيخانەن ھەققىدىكى ماتېرىيالالنى ئوقىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە خەيخانەن (ۋۇك) دە بىر ئاۋارىچىلىق كۆرۈلگەن، ئەمما ك گ ب بەرىبىر ئۇنى ئىستىخبارات خىزمىتى بىلەن داۋاملىق شوغۇللىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئەسلىدە ئۇ نىمىلا ئىش قىلمىسۇن، ك گ ب ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاشكارلاپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغان يەنە بىرسىنى مەشىق قىلدۇرۇش بەكلا مۈشكۈل شۇنىڭدەك بەكلا ۋاقىت ئالىدىغان بىر ئىش، شۇنىڭدەك يەنە ك گ ب مۇ ۋىكنىڭ ئۈستىدە ئۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرىپ قىلىش بىلەن ئۇنچە كۆپ پۇل سەرىپ قىلىشنى قۇرۇق يەرگە پۇل سەرىپ قىلىش دەپ ئويلايتتى.*

خەيخانەننىڭ ئوروس ئايالى يولدىشىنىڭ يۈز ئۆرىگەنلىكى ھەققىدىكى ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ھەمدە درھال توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىسىم فامىلىسىنى قوللىنىشقاباشلايدۇ. 1957-يىلى ك گ ب رەئىسى گىرىدىنا دېگەن بىر ئايال كىشىنىڭ يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، خەتتە خەيخانەننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلغان. رۇشەنكى ك گ ب مويىشېيوۋاغا تۇتقاندەك پوزىتسىيىدەك ئۇنچىۋالا ساداقەت كۆرسەتمەيدۇ. ك گ ب ئۇ ئايالغا بىز ھېچقاچان ئۇنداق بىرسىنى ئىشلىتىپ باقمىدۇق، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نەگە يوقالغىنىدىنمۇ خەۋىرىمىز يوق دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەمما ئۇلارخەيخانەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەكلا ئېغىر جىنايەت ئىشلىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئىكەن. ھازىر ئۇنى ساقچىلار جىددى تۇتۇش قىلىپ ئاختۇرۇپ يۈرگەنمىش. گىلىدىنا بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن. مەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە داداڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانلار بىلەن [277] ئۇرۇشتا قۇربان بولغان دەپ ئېيتىمەن دېگەن. ئەسلىدە خەيخانەن 1961-يىلى ئامېرىكىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى پېنسىلىۋانىيە يوقۇرى سۈرئەتلىك تاش يولىدا ماشىنا قازاسىغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن دەيدۇ. ئەسلىدە ئۇ جىگەر قېتىشىدىن ئۆلگەن ئىكەن.

1957-يىلى 15-نويابىردا 55 ياشلىق رۇدولف ئابېر 30 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىكەن. ئابېر ئەسلىدە ئۆزىگە ئۆمۈر بويى

www.uyghurkitap.com

قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ "ئاجايىپ غەلىتە بىر تۇرلۇك جىمىپ قالغانمىش، ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق ئادۇۋكاتى ئومۇس دونوۋان بۇ ئىشقا بەكلا ھەيران قالغان: بۇ تىنچىغان كەسپى جاسۇسنىڭ ئۆزىنى تۇتىۋېلىش قابىلىيىتى ماڭا بەكلا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، ئابېلنىڭ ئايالى ئېلىيا ئۆيكەن قايتقېنىدا يەنى شۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يولدىشىنى كۆرگىنىدە ۋاقىت 1955-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى. "ئابېل " ئۇنىڭدىن موسكۋادا يۇرگىنىمدە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئېلىيا يولدىشىچىلىكمۇ ئۆزىنىڭ مەيۇسلەنگەنلىكىنى يوشۇرۇپ كەتمىگەن. ئۇ ئىنتايىن مەيۇسلەنگەن ھالدا مەركەزگە مۇنداق دەپ يازغان، بۇ ھەرگىزمۇ 25 يىل ياكى 30 يىل ساقلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددى ئىش ئەمەس، "مەن يولدۇشۇمنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىش كېلەلمەسلىكىنىمۇ بىلمەيمەن." ئۆتكەن 7 يىل جەريانىدا بۇ ئايال ئىزچىل تۇردە كونتراباس ئۇركېستىر ئۆمىكىدە كونتراباس ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلىپ كەلگەن. ئاخىرى شۇ يەردىن پېنسىيىگە چىققان. مەركەزمۇ ئېلىيا، ئابېرنىڭ ماڭا يەنە بىر ئىش تېپىپ بېرىشكە ياردەم قىلىڭلار دېگەن تەلىپىنى رەت قىلىۋەتكەن، پەقەت ئۇنىڭغا ئېيىغا 51 روبلى پېنسىيە پۇلى بېرىشكىلا ماقۇل كېلىشكەن.

ئادولف ئابېر جورجىيە شىتاتىنىڭ ئاتلانتا تۈرمىسىدە جازا چىكىشكە يولىندىغانلىقىنى بىلدۇردۇ. ئۇ يەردە، ئۇ يەنە ئىككى نەپەر سوۋېت جاسۇسى بىلەن يېقىن دوست بولۇۋالغان، ئۇ مودۇن سوبېر بىلەن شاخمات ئوينايدىكەن. خەيخانەنىڭ خىيانەت قىلىۋالغان 5000 دوللار پۇلىنى موتۇنىنىڭ ئايالىغا بەرمەكچى بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ كۇرت لوڭجې ئۇنىڭغا بەرگەن تاپان ھەققىنى ئېلىپ تۇرغان. لوڭجې ئاۋستىرالىيىدە تۇغۇلغان بىر ئامېرىكىلىق، ئۇ تۈرمىدىكى چىش دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيتتى. ئۇ 1953-يىلى ئاۋستىرالىيە ئامېرىكا ئارمىيىسىدە ئەسكەر بولغان ۋاقتىدا جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانغانلىقى ئۇچۇن 5 يىلدىن 15 يىلغىچە قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. ك گ ب نىڭ لوڭجې ھەققىدىكى ئارخىپلار شۇنى كۆرسەتمەكتىدۇركى، ئۇ 1936-يىللىرىدىلا سوۋېت جاسۇسلۇقىغا

كىرگەن. ئەمما ئۇ قولغا ئېلىنغىنىدىن كېيىن، مەركەز ئۇنى خاتا ھالدا قوش تەرەپلىمىلىك جاسۇس دەپ قارىۋالغان. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دېيىشىچە سوۋېتنىڭ ئاۋۇستىرالىيە جامائەتچىلىكى ئارىسىدىكى قىياپىتىگە زىيان سېلىش ئىشى قەستەنگە بولۇنغان دەپ قولغا ئېلىشقان. ئەمما ئابېر ئۇنىڭ ئۇچۇر ھەقىقى بىر سوۋېت جاسۇسى ھېساپلىناتتى. بۇنىڭدىن ئۇ قەتئىي گۇمان قىلمايتتى. ئۇ يەنە بىر ۋاقىتلاردا ك گ ب نىڭ لوجېبغا قارىتا ئىقتىسادى جەھەتتە قۇتقۇزۇش بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

ئابېر قاماقتا 4 يىلدىن سەل جىقىراقلا ۋاقىت ياتقان. 1962-يىلى فېۋرالدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى غەرپى بېرلىننى تام توسۇپ تۇتاشتۇرىۋالغان ھەمدە پوتىسدامدىكى گرېنىك كۆرۈكى ئۈستىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن ئامېرىكا ئۇ-2 ئايروپىلانىنىڭ پلوتى گالى بورس بىلەن ئالماشتۇرۇشتىن باشلاپ بۇ كۆۋرۈككە تىگىشىش دەپ پارولا قويۇلغان. بۇرۇنى ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ۋىلادېمىر پاۋلوۋىچ بور مەسئۇللىقىدا بۇ ئىش ئىشلەنگەن، ك گ ب نىڭ بىر مەخپى ھەرىكەت گۇرۇپپىسى غەرپى بېرلىنگە ئەۋەتىلىپ ئەتىراپتىكى رايونلاردىكى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان. بىر چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شەرقى گېرمانىيە تاموژنا ئىشخانىسىدا يەنە بىر ك گ ب قوراللىق ھەركەت گۇرۇپپىسى يېقىندىكى كۆۋرۈكنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر يەردە يەنە بىر گۇرۇپ پاۋۇلۇسىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشىنى كۆزىتىشكە مەسئۇل بولغان. سوۋېت تەكشۈرۈش پونكىتىدا 105- پولكىنىڭ ئالاھىدە تەربىيە كۆرگەن ئوفىسېرى ئاپتوماتلىك كىشىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان، يەنە بىر تەرەپتە شەرقى گېرمانىيە يەنە 20 نەپەرلىك بىر ئاپتوماتلىق قوراللانغان ، ئۇچىسىغا گرانات ئېسىشقان ھەربىلەردىن تەشكىل تاپقان زاپاس قوشۇن تەييارلانغان.

بۇنچىۋالا چوڭ، بىر قارىماققا ھەربىلەرگە كۆلكىلىك بىلىنىدىغان مەخپى ئەسكەرلەر پەقەتلا بىلىنمەي يۇشۇرۇنۇپ ياتقان. مەركەز بۇنىڭ ئۇچۇن ئالاھىدە مەمنۇن قالغان. ئابېرنىڭ ئاديۇتانتى شاھىدى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە كوۋرۇكنىڭ بېشىغا بارغان ئامېرىكا قوغدىغۇچىلىرىن قاتتىق چوڭقۇر تەسىرلەنگەن: ئالماشتۇرۇلغان ئۇ ئادەم مەن ئۆمۈرۈمدە كۆرگەن ئەڭ بەستلىك ۋە ئەڭ كۈچلۈك بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بويى قەتئىي تۆردە 6 ئېنگلىز غېرىچ 7 ئىلىك كېلەتتى. ئېغىرلىقىمۇ ھېچ بولمىغاندا 300 ئېنگلىز پونت كېلەتتى. ئابېر بىلەن بورس ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كۆۋرۈك سوغۇق ئۇرۇشتىكى داڭلىق "ئىشپيونلار كۆۋرۈكى" دەپ نام قازانغان. ك گ ب نىڭ ئالماشتۇرۇش ھەركىتى ھەققىدىكى ئارخىپلاردا يېزىلىشىچە، ئۇلارنىڭ پۇخراچە مۇداپىيە ئىشلىرىغا سەرىپ قىلغان (ئابېل ۋە ئايالى، قىزىنىڭ تاماق پۇلى، پويىز بىلىتى، ۋە ياتاقتا سەرىپ قىلىنغان ياتاق پۇلى، ۋە باشقا خىراجەتلىرىگە ئىشلىتىلگەن چىقىم رەسمى بىر زىياپەت بېرىشكە يېتىدىغان پۇل ئىدى.) يەنى جەمئىي 5388 مارك 90 سىنت پۇل خەجلەنگەن. ئەينى ۋاقىتنىڭ شەرتلىرىدە گېرمانىيە رەھبىرى ۋولت ئۇبۇلىش مەركەزگە بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ھەققىدە ئېغىزچە نارازىلىقىنى بىلدۈرگىنىدىن كېيىن، يەنە سوۋېتنىڭ بۇ قېتىمقى كۆزگە ئىلماسلىقى توغرىلىق دىپلوماتىك نوتا تاپشۇرغان.

ئامېرىكىدا ئابېلنىڭ رەسىملىرى ئەسەر يىغقۇچىلارنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان، چوڭ ئادۋوكات [279] پات كېنىبدى سوۋېت باش ئەلچىسىدىن ئابېلنىڭ ئاتلانتا تۈرمىسىدە سىزغان ئاكىسى (ئامېرىكا پىرىزدېنتى كېنىبدى) نىڭ يېرىم رەسىمىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بېرىلىشىنى خالامسىز، بۇ رەسىمنىڭ ئاق سارايغا ئېسىپ قويۇلۇشىنى خالامسىز دەپ سورايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنداق بىر ھەرىكەت بىزگە كۆشكۆرتكۈچىكلىك قىلغانلىق دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار بۇ تۆردىكى كۆشكۆرتكۈچىلىكىنىڭ زادى قايسى كۆلەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. روبېرت كېنىبدىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىپىمۇ رەت قىلىنىدۇ.

موسكۋاغا قايتقىنىدا ئابېل ئاشكارە بولمىسىمۇ قەھرىمانلارچە قارشى ئېلىنىدۇ. ك گ ب رەئىسى ۋلادىمىر يېفموۋىچ شىمىچاستىنى ك گ ب نىڭ بىرىنچى باش ئىدارىسى (چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى) نىڭ باشلىقى ئالېكساندىر مىخايلوۋىچ ساخاروۋىسكى سوۋېت باش ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال پېتر ئىۋاشكىن ئىلگىرى

كېيىن بولۇپ ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. سىمچاستىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئابېل ئۆز نامىدا خروشېۋغا بىر پارچە ئۇنى قويۇۋېتىلىشى توغرىلىق كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىش خېتى يوللايدۇ: مەن بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، سىز پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ شۇنچە چوڭ ئىشلىرىنى بىجىرىپ يۈرگەن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ماڭا يادەم قىلالىغانلىقىڭىزنى قاتتىق هۆرمەت قىلىمەن.

مەركەزمۇ ئۆزىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئابېرنى ئامېرىكىدىكى ۋەزىپىسى ئۈچۈن بىر سادىق چېكاچى سۈپىتىدە زور ئۇتۇقلار قازاندىڭىز دەپ مەدىھىلەيدۇ. ھەمدە، ئابېرنىڭ ۋەزىپىسى بىر كىشىنىڭ خائىنلىق قىلىپ يۈز ئۆرىشچىلىكلا بىر ئىش دەپ بۇنداق ئىشلاردىن بالدۇر قايتالىغانلىقى ۋە تاماملىيالىغانلىقى ئەڭ مۇھىم بولغىنىدۇر. ئەسلىدە مەركەز ئابېرنىڭ ئامېرىكىدا ھېچقانچە بىر تەسىر كۆرسەتكىدەك بىر ئىش قىلمىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ 1957-يىلى قولغا ئېلىنغىنىدا، سەۋەپ قىلىپ خەيخانەنى موسكۋاغا قايتۇرمىغانلىقىنى مەركەزنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ ئۇنى شۇ هامات ئامېرىكىدىن ئايرىلىشىغا كۈچ چىقارمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىشكەن ئىدى.

ئامېرىكا تەشۋىقات ئورۇنلىرىمۇ ئابېلنى ماختاپ بىر قەھرىمان چوڭ ئىشپىيون قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن مەركەزمۇ كۆپ مەنپەتدار بولىدۇ. ئابېلنىڭ ئادۋوكاتى 1964-يىلى نەشر قىلغان "چوڭ كوۋرۇك ئۈستىدىكى ناتونۇش ئادەم" دېگەن كىتاپىدا، ئۇ مەدىھىلەش قەلىمى بىلەن ئۇنىڭ سوتلىنىشى،قاملىشى ھەمدە بورس بىلەن ئالماشتۇرۇلىشىدىكى ئىپادىلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ تۆردىكى بايانلار ئابېلنىڭ چوڭ ئىشپىيونلۇق ئوبرازىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. دونوۋەن كىتاپىدا شۇنى ئېنىق يازىدۇكى، "مەن خروششوۋ دېگەن بۇ ئادەمگە چوقۇنىمەن. ئۇ يەنە 1953-1961-يىللاردا ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېلون دورىسىنىڭ گېپىنى نەقىل قىلىپ  مۇنداق دەيدۇ: مەن بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئادىمىمىزدىن موسكۋادا 3-4 جاسۇسىمىز بولىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتىم. ... ئۇ كىتاپىنىڭ ئاخىردا ئابېلنىڭ [280]

موسكۋادىن ئۆنىڭغا يېزىلغان بىر مەكتۇبىدا قوشۇمچە قىلىنغان بەكلا قىممەتلىك 2 پارچە 16 ئەسىرگ تەۋە قاتتىق قەغەزگە يېزىلغان "چارلىز قانۇننامىسى" قىستۇرۇلغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ كىتاپىنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: بۇ سوغات خاتىرىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغايسىز. مەن كۆرگەزمىخانىدا بىر بۇلۇڭغا قويۇلغان بىر ئەسەرمەن.[281]

www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باپ
# كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى
# ۋە ئۇنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئىستىخبارات
# پائالىيەتلىرى

ئېزىنخاۋېر (1953ـ`1961ـيىللاردا ئامېرىكا پرېزدېنتى بولغان.) بىلەن پرېزدېنت كېنېدى (1961ـ1963ـيىللىرى ئامېرىكا پرېزدېنتى بولغان) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ك گ ب "ئاساسلىق رەقىپ" لەر ئۈستىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئاساسلىق نەتىجە ئۇلارنىڭ "يېڭى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇش" چوڭ ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىققانلىقىدىن ئەمەس، (بۇ ستراتېگىيە ۋەشېرنىڭ قولغا ئېلىنىشىدىن بىر قانچە يىل كېيىن مەغلۇب بولىدۇ) بەلكى نەتىجىنى بىر قاتار "ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزلىرى ئىستەپ ئالدىغا كەلگەن" لەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغانلىرىدىن بەلكىم ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ۋە غەربى بېرلىندا تۇرۇشلۇق "چوڭ جاسۇس" ئالكساندر (پارولاسى ساشا بولغان) گرىگورىيېۋىچ كاپوسكى يالغان ئىسمى كوۋاشىۋىچ (ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ياۋروپا تىلى، خۇبوت ۋە رىچاردىن ئىبارەت ئۈچ پارولا بىلەن ئاتالغان) . 1949ـيىلى ئۇ سوۋېت ك گ ب تەرىپىدىن ئىشپىيونلۇققا كېڭەيتىلگەن، ئاندىن مەخپى يېزىق ۋە مىكرو رەسىم تارتىش تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيىلەنگەن. 50ـ يىللاردا ك گ ب جەمئى ئۇنىڭغا 40 مىڭ مارك غەربى گېرمانىيە پۇلى ۋە 2117 شەرقى گېرمانىيە ماركى ئۆتىگەن. ھەمدە ئالاھىدە تۆھپىسىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قانچە تال ئالتۇن سائەت مۇكاپات بەرگەن.

كاپوستكى ئامېرىكىدا ئەڭ سەزگۈر بولغان بىر ئىستىخبارات ئورنىدا ئىشلەيدۇ. ئامېرىكا س ئى ئا غەربى بېرلىندىكى چوڭ ئىشپىيونلۇق پونكىتى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تۇرغان يېرىدىن نەچچە مىل يىراقتا بىر

www.uyghurkitap.com

يەردە، بۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تۇرغان يېرى سوۋېت ئارمىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توپلانغان يەر، كاپوستىكىنىڭ بىر ۋەزىپىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئەيشى ئىشرەتكە جەلىپ قىلىش، ئاندىن س ئى ئا غا ئىشپىيون بولۇشقا رازى بولىدىغان شەرقى گېرمانىيىلىك ئاياللارنى ئىستىخبارات پونكىتىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئىستىخبارات پونكىتىغا يېيىش ۋە سوۋېت ئارمىيىسىگە قارشى ئەسكەرلەرنىڭ ئىشپىيونلۇق قىلىپ بېرىشىنى تەشكىللەش، شۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان بۇزغۇنچىلىق قىلىش پۇرسەتلىرىنى يارىتىش، ئۇلار تەمىنلىگەن كۆپ مىقداردىكى ئىستىخبارات[282] لار ئارىسىدىن يەنى 100 دىن ئارتۇق ئامېرىكىنىڭ شەرقى بېرلىندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن، بۇ كىشىلەر ئارىسىدا بىر قىسىم قولغا ئېلىنىشقا يولۇققان، يەنە بىر قىسىم ئىككى تەرەپلىمىلىك جاسۇس بولۇپ كەتكەن. ئۇلار يەنە ك گ ب غا ياردەم قىلىپ خەستەنگە بىر قاتار يالغان ئىشپىيونلارنىڭ ھەرىكىتىنى پاش قىلىپ بېرىش شۇ ئارقىلىق ف ب ئاي نىڭ ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى ئالداش. 1950-يىلى ئۇلار سوۋېت ئىشپىيونى ۋېكتورنىڭ يالغاندىن قېچىشىنى پەيدا قىلىپ كېيىن ۋېكتورنى ئامېرىكا ئاۋازىدا خىزمەتچى قىلىپ ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان كاپوستىكىنىڭ ئارخىپ ماتېرىيالىنى ئاتالمىش قىممىتى بار ئىستىخبارات ھۆججەتلىرى دەپ تەمىنلىگەن.

1954-يىلى كاپوستىكى مەستچىلىكتە ماشىنا ھەيدەپ قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىگور ئورلوۋقا ئۆزگەرتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىلتىماس قىلغان ئامېرىكا گراجدانلىق ھوقۇقىنىڭ ماتېرىيالىغا بۇنداق بىر جىنايەت خاتىرىسى بولمىغان ئەنە شۇنداق بىر ئىش خاتىرلەپ قويۇلىدۇ. 1957-يىلى، ئورلوۋ بىر مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى قىلىپ كۆرسىتىپ (سوۋېت جاسۇسى ئەمەس) سالاھىيىتىنى بېرلىندا ئاشكارىلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئامېرىكىدا يەنمۇ ئىلگىرلەپ مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېتىدۇ. كېيىن، ئورلوف قايتىدىن ياۋروپاغا ئەۋەتىلىپ س ئى ئا نىڭ گېرمانىيىدىكى ۋە ئاۋۇستىرىيىدىكى بىر قاتار ھەرىكەتلەرگە

قاتناشتۇرۇلىدۇ. 1960-يىلى، س ئى ئا دا ئورلوۋنى ك گ ب ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ دەيدىغان گۇماننى پەيدا قىلىپ، مەركەزنىڭ بىر زىياننى ئانالىز قىلىش دوكلاتىدا، نۇرغۇنلىغان ك گ ب خادىملىرى ئورلوۋ بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆتكەن 10 يىل جەريانىدا ئورلوۋ بىلەن ئۇچراشقانلىقى خادىملاردىن 20دىن ئارتۇق كىشى گۇمانلىق ئۇنسۇرغا ئايلاندۇرۇلغان. ئوۋرۇلوۋنىڭ ئەنزىسى تىكلىنىشتىن بۇرۇن قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۇنىڭغا ۋاشىنگتوندىن ئىش تېپىپ بېرىمىز دەپ ماقۇل قىلىنىدۇ. 1961-يىلى يانۋاردا ئۇ ۋاشىنگتونغا كېلىشى ھامان دەرھال ئۇنى يېڭى بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئورلوۋ بىلەن ئۇنىڭ سوۋېت يېڭى غوجايىنى سوۋېتنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ھەرىكەتكە مەسئۇل خادىمى سىۋاستىيانو بىلەن مۇناسىۋەت قۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يۇك ماشىنا شوپۇرلۇق خىزمىتىگە ئېرىشىدۇ، شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا س ئى ئا بىلەن ف ب ئاي ئۇنىڭ توغرىلىق ھېچقانداق بىر خەۋەر ئالالمايدۇ. 1964-يىلى، ئورلوۋ مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەيدىغانغا پۇلتۇشۇپ ۋىرگىنىيە شىتاتىدا ئالكساندىردىن بىر رەسىم سىزىش سالونى سېتىۋالىدۇ. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى چوقۇم ك گ ب دىن تاپقان بولىشى مۇمكىن.

رەسىم سالوننى ئاچقان ۋاقتىدا، ئورلوۋ چوقۇم ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن بولىشى كېرەك، ئەندى مېنىڭ دېلويىمنى ھېچكىم مەڭگۈ تېپىپ ئېنىقلىيالمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، 1965-يىلى ئەتىيازدا، ف ب ئاي رازۋېتچىكلىرى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولغان ۋاقتىدا ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىمۇ شۇ ھامان غايىپ بولىدۇ. رازۋېتچىكلار ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن ئاختۇرۇش قىلىپ ئايالىنىمۇ سوراق قىلىدۇ. ھەمدە بولمىسا بېرىپ يالغان ئۆلچەش ماشىنىسىغا چۈشكىن دەپ قورقىتىدۇ. ئورلوۋ روشەنكى [283] بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ. س ئى ئاي نىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئورلوۋ ك گ ب ئادەملىرى بىلەن مەخپىي ئۇچرىشالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئامالسىزلىقتىن كەينى

ئىشــكتىن قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردىن 16-كوچىدىكى ســوۋېت ئەلچىخانىســـىغا غىپلا قىلىــپ كىرىۋالــدۇ. ھېچ كىم كۆرمــدى دەپ ئويلىدى ئەتىالىم، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق ئويلىشى بىر قۇرۇق خىيال ئىدى. موسكۋانىڭ ماقۇل بولىشى ئارقىلىق، ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتى ئۇنى قېچىپ كېتىش ئۈچۈن بىر لايىھە تۈزۈپ چىقىدۇ. يەنى بىر مەخپى قېچىش پىلانلايدۇ. ئابېلنىڭ ماختاپ كۆپتۈرۈشى بىلەن ئالاھىدە ئىشپىيون ئۇستازى دەپ قارالغان ۋە ئامېرىكىدىكى ئادۋوكاتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئالاھىدە ھاياجانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ بىئوگرافىيىسىنى يېزىپ، ئاخىرىدا مەركەزمۇ ئورلوۋنىڭ قېچىشىنى ئىنتايىن قەھرىمان قىلىپ داغدۇغۇلۇق ۋە خەتەرلىك بىر كىشى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. مەركەز موسكۋادا بىر موخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىدۇ. يىغىندا ئورلوۋ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا نېمىسلار بىلەن شەرقتە قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغان قىلىپ تونۇشتۇرىلىدۇ. ئۇ يەردىن كېيىن س ئى ئا غا كىرگۈزۈۋېتىلگەن بىر ك گ ب ئىشپىيونى قىياپىتىدە ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئاندىن ئورلوۋ نەشىر قىلدۇرغان بىئوگراايىسى ئۈستىدە ئىشلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ مىتروخىنمۇ ئۆزىنى مەدھىلىۋالغان بولىدۇ، ھەمدە سوۋېتنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسىنى كىچىك چۈشۈرگەنمۇ بولىۋالىدۇ.

ئاندىن، بۇ پىلاننى ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرماي بولمايتتى. چۈنكى ئورلوۋنىڭ ئايالى ئىككى كىچىك بالىسىنى ئېلىپ موسكۋاغا بېرىشقا قەتئى ئۇنىمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئورلوۋمۇ چارىسىز ۋاشىنگتوندىن ئايرىلماي چەتكە تۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. گەرچە س ئى ئاي داۋاملىق ئۇنىڭ دىلوسىنى تەكشۈرمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ توغرىلىق ھېچقانداق بىر باھانىغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار خاتا يولدا تەكشۈرۈشكە كېتىپ قالغان ئىدى. 1961-يىلى دېكابىردا، ك گ ب نىڭ پولكوۋنىكى ئاناتولى گېلىن ساتقۇنلۇق قىلىپ مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىدىن ئورلوۋنىڭ گۇمان پەيدا قىلغىدەك يىپ ئۇچلىرىنى پاش قىلىۋەتكەن ئىدى. گېلىلىن ، ك گ ب گېرمانىيىدىكى ۋە غەربى بېرلىندا ھەقىقى ئىسمى ك دىن باشلىنىدىغان بۇ جاسۇسنىڭ "ساشا"

ئىكەنلىكىنى دەپ قويىدۇ. بۇيەردە ئۇ خاتا سۆزلىگەن ئىدى. بۇ يىپ ئۇچى بىلەن، ئامېرىكا س ئى ئا بىلەن ف ب ئاي خاتا ھالدا ئالېكساندرنى (ساشا) كاپوستكى دەپ، (پارولاسى ئىگېر ئورلوۋ) نى جاسۇس ساشا دەپ بىلىۋالغان ئىدى. ئەمما ئورلوۋنىڭ ك گ ب ئارخىپلىرىدا ئۇنى ك بۇرۇن ئۇۋىن، خېپوت، رىچارد قاتارلىق بىرقانچە خىل پارولابىلەن ئاتالغانلىقىنى ئەمما ھېچ بىر زامان ساشانى قۇللانمىغان ئىدى. تا 1982-يىلىغىچە ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىر قانچە يىل ئاۋالغىچە، ئۇ يەنىلا سوۋېت ئىشپيونى ھېساپلىناتتى. 1978-يىلى، بىر پارچە دوكلاددا مۇنداق دېيىلىدۇ. ئورلوۋ سوۋېت جاسۇسى، شۇنىڭدىن كېيىن ك گ ب رىچارد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى. 1992-يىلى ئورلوۋ پاپات بولغىنىغا 10 بولغىنىدا، ئۇنىڭ مىراسلىرىنى ساتىدىغان ئورلوۋ رەسىم كورىدورى يەنىلا [284] بىر ۋاشىنگتون كۆرسەتمىلىرىدە ئۇ يەرنى جاسۇس ئاپتورلارنىڭ ئۇۋىسى دەپ تەرىپلىگەن.

غەرپى گېرمانىيە بىلەن غەرپى بېرلىن ك گ ب نىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسى ئىچىدە رىياللىقتىن نارازى بولىۋاتقان خادىملارنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك جايى دېيىشەتتى. ئۇ دېگەن جاي دەل مۇشۇ يەر ئىدى. كاپوستكى (پارولاسى ئورلوۋ) 1949-يىلى تۇنجى قېتىم ك گ ب ئۈچۈن ئىش قىلىشنى باشلىغان بىر يەر ئىدى. ك گ ب نىڭ جەلىپ قىلغان جاسۇسلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم دېيىلگەنلەردىن پارولاسى گيورگ بولغان روبېرت لى جوھونسۇن ئىدى. رىياللىقتا رازى بولمايدىغان ئامېرىكا ئوفىسسېرى غەرپى بېرلىندا رېزىنگە خورجۇن (ھالقا) ساتاتتى. 1953-يىلى جوھونسۇن بىلەن ئۇ ئىككىسى پاھىشىلىك قىلىدىغان ئوبىكتۇى خېدى توساقلاردىن ئۆتۈپ شەرقى بېرلىنغا قېچىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەردە سوۋېتلەر ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىش تەلىپىدە بولىدۇ. مەخسەت بىر تەرەپتىن جىقىراق پۇل تېپىۋېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن ھېساب سورىۋېلىش ئىدى. گەرچە جونسۇن پاھىشىۋازلىق قىلىشىم ھاراقكەشلىك قىلىش ۋە قىمارئويناش قاتارلىق ئوسال مىجەزلىرىم بار بولسىمۇ، (جاسۇسلۇق بىلەن شوغۇللىنىش ئەيىبىنى دېمەيلا تۇرايلى). 1957-1959-يىلى ئۇ كالىفورنىيىگە ۋە تېكساس شىتاتىغا ئەۋەتىلىدۇ.

ئۇ يەردە باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىدا قورۇلۇش خادىمى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ يەردە ك گ ب ئۇچۇن ھۆججەت ۋە رەسىملەرنى ئوغۇرلاپ بېرىدۇ. بىرقېتىمدا ھەتتا راكېتا ئىتتىرگۈچنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئوغۇرلىغان.

1961-يىلى جونسوننىڭ جاسۇسلۇق پائالىيىتىنىڭ راسا روناق تېپىۋاتقان دەۋرلىرى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ پارىژ يېقىنلىرىدىكى ئورلى ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بازىسىدا تېز يەتكۈزۈش مەركىزىدە قوغداش خادىمى بولغان ئىدى. بۇ مەركەز ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ مەخپى تېز ئالاقىلىشىش سىستېمىسىنىڭ مىڭە قىسىملىرىدىن بىرى ئىدى. كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە، جونسون يېتەكچىسىنى 1600 بەت مۇتلەق مەخپى ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاداگىنىس، ك ۋ-9 ۋە شۇنىڭدەك خ ۋ - 18 تىپلىق شىفىرلەش ماشىنىكىسى، پاروللىرى ۋە كۈندىلىك شىفىرلەش جەدۋىلى قاتارلىقلار بار ئىدى. ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىش پىلانلىرى، ئامېرىكا يادرو قورال ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ھۆججەتلىرى، ئامېرىكا يادرو قوراللىرىنىڭ سوۋېت گۇرۇھى دۆلەتلەرنىڭ نىشانلىرىنى ھەمدە ئورۇنلىرىنى نىشانغا ئېلىش، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ سوۋېت پەن-تېخنىكا تەتقىقاتلىرى، ئاۋىياتسىيە ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا شۇنىڭدەك شەرقى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئەھۋالى تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ تېخنىكىلىق رازۋېتكا قىلىش سەۋىيىسىنىڭ ئىستىخباراتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئىستىخباراتلارنى يىغىنچاقلىغاندا، سوۋېتنىڭ ئومۇمي يۈزلۈك ۋە چوڭقۇرلاپ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىگەللىگەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ ھەربى كۈچىنىڭ مۇتلەق مەخپى ئىستىخبارات ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. 1964-يىلى، ك گ ب ئالاھىدە ئىشپىيونى يۇرى نوۋشىنكوۋنىڭ يۈز ئۆرۈپ خائىنلىق قىلىپ مەخپىيەتلىكلەرنى سېتىۋېتىشى نەتىجىسىدە، جونسون قولغا ئېلىنىدۇ.

ئېزىنخاۋېر ئامېرىكا پىرىزدېنتلىقىنى ئۈستىگە ئالغان دەۋرلەردە، ئامېرىكا تۇپراقلىرىدا ئەڭ بەك تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئۆزلىكىدىن

كېلىپ جاسۇس بولۇپ بەرگەنلەرنىڭ بىرسى 31 ياشلىق بېرنوئىن ف مىچېل ۋە [285] 29 ياشلىق ۋېلھېلىم خ مارتىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى (تېخنىكىلىك رازۋېتكا باشقارمىسى) نىڭ ياللىۋالغان خادىملىرى. 1960-يىلى 6-سىنتەبىر كۈنى، ئۇ ئىككىسى موسكۋادىكى مۇخبىرلار ئائىلىسىدە بىر قېتىملىق ئامېرىكا ئىستىخبارات تارىخىدا كىشىنى ھەممىدىن بەك قايىل قىلىدىغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۇلار ئامېرىكا دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسىدا ئامېرىكىنىڭ بەزى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش شىرفىرلىرىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ. بۇ ئامېرىكىنى ئىستىخبارات ساھەسىدە بەكلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇنى مارتىن مۇنداق دەيدۇ "بۇ دۆلەتلەر ئىتالىيە، تۈركىيە، فىرانسىيە، يۇگسلاىيە، ئەرەپ بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى (يەنى مىسىر،ۋە سۈرىيە) ، ھىندونىزىيە ۋە ئورگۋاي ـ مېنىڭچە بۇلار مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە."

گەرچە بۇ ئىككى كىشىنىڭ ساتقۇنلۇقى بىر قېتىملىق داۋراڭ پەيدا قىلىۋەتكەن تەشۋىقات ھۇجۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما مىچېلنىڭ ك گ ب دىكى ئارخىپىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇ بەربىر مەركەزنىڭ كۈتكەن ئۈنۈمىنى بېرەلمىگەن. كىشىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغىنى، گەرچە مىچەل 19ياشنىڭ ئالدىدا 6 يىل ۋاقىتقىچە ئىزچىل تۈردە، توخو بىلەن ئىشتىنىڭ "جىنسىي تەجرىبىسىنى،" سىناق قىلغان. ئەمما 1957-يىلى ئۇنى بەربىر دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى ياللىۋالغان. چۈنكى بەزىلەر ئۇنىڭ قابىلىيىتىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدە قوشىدىغان تۆھپىسى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قىلغان ئاخماقانىلىق ئىشلىرىنىڭكىدىن كۆپ مۇھىم دەپ ھېسابلىغان. مارتىن تەكشۈرۈشتىن چىقارغان خۇلاسىدا، ئۇنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە مارتىن ھەقىقەتەنمۇ مەسئۇلىيەتچانلىقى يوق، كىشىنى چىدىغۇسىز بىزار قىلىۋېتىغاب بىر مىجەزلىك، ھەر قانداق بىرسى ئۇنىڭ بىلەن بەكلا تەس قاملىشالايدىغان لىبىرالىست بىرسى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە- ئۇمۇ خۇددى مىچېلغا ئوخشاش، - ماتېماتىكا تالانت ئىگىسى

www.uyghurkitap.com

ئىكەن. سىياسىي جەھەتتىكى تۆزلىكى، ساددىلىقى بىلەن جەمىيەتتە ئۆزلىشەلمەسلىكى ئۇلارنى سوۋېتنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشەندۈرۈۋەتكەن. ئۇلار سوۋېت دېگەن پۈتۈن كۈچى بىلەن تېنچلىقنى ھىمايە قىلىدىغان بىر دۆلەت. ئۇنىڭدىكى ئىلغار جەمىيەت تۈزۈمى ئۇلار ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان شۇنىڭدەك ئامېرىكىدا قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان مەنىنىڭ (ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان) قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر دۆلەت دەپ قارىشىدىكەن.

1959-يىلى دېكابىردا، مىچېل دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قارىماي، ۋاشىنگتوندىن مېكسىكا شەھىرىگە ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇ يەردە سوۋېت ئەلچىخانىسىغا كىرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سىياسىي پانالىق تىلىگەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى پۈتۈنلەي ئىدىيىۋى ئاڭ ساھەدىكى تونۇشلىرىدىكى پەرقلەر سەۋەپ بولغان، گەرچە ئەلچىخانىدىكى ك گ ب خادىملىرى ئۇنى ئامېرىكىدا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدا قېلىپ جايىدىن قاچمايدىغان خائىن بىرسى بولۇشىغا قاتتىق تۈرۈپ ئىشلىشىگە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىچېل دېگىنىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ مارتىن بىلەن سوۋېتكە كۆچۈپ كېتىشتىن بوشاشمايدۇ شۇنىڭدەك ئۇ ۋەدە قىلىپ سوۋېتكە بارغان ھامان، ئىگەللىگەن بارلىق ئامېرىكا دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى دەپ چىڭ تۇرغان.[286]

1960-يىلى25- ئىيۇندا، مىچېل بىلەن مارتىن ئىككىسى 3 ھەپتىلىك يازلىق تەتىلگە چىقىدۇ. ئۇلار ئاۋال ۋاشىنگتون دۆلەت ئايروپلان ئىستانسىدىن شەرق ئاۋاتسىيە ئايروپىلانى 307- نومۇرلۇق نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ يېڭى ئورلانغا، ئۇ يەردە قىسقا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنە مېكسىكا شەھەرلىك ۋىلىس مېھمانخانىسىدا بىر كېچە ياتقاندىن كېيىن كوبا نۆۋەتچى ئايروپىلانى بىلەن ھاۋاناغا بارىدۇ. ئىيۇلدا، ئۇلار يەنە كۇبادىن مەخپىي يولغا چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدۇ. ك گ ب شىفىر يەشكۈچىلىرى ئۇلارنىڭ كەلگىنىدىن ئۇنچە بەك ئۈمىتلىنىپ كەتمەيدۇ. ك گ ب دىكىلەر مىچېل بىلەن مارتىن ئامېرىكا بىخەتەر ئىدارىسىنىڭ شىفىر ئانالىز سىستېمىسىنىڭ تەپسىلى

مەزمۇنىدىن بەكلا ئاز نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى پەرق قىلىدۇ. مەركەزنىڭ قارىشىچە، مىچېل بىلەن مارتىن تەمىنلىگەن ئەڭ مۇھىم ئىستىخباراتىدىن بىرى ئۇلارنىڭ قايتا قايتا تەكىتلىگەن بىردىن بىر ئېنىق ئاخباراتى ئامېرىكا تېخىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك شىفىرلىرىنى يېشەلمەيدىغانلىقىنى، خۇددى شۇنىڭدەك، ك گ ب نىڭمۇ ئامېرىكىنىڭ ئالى دەرىجىلىك شىفىر سىستېمىلىرىنى يېشەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەش بولىدۇ.

ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى مېتربۇرگنىڭ باش شىتابىدا بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ بەكلا بوش ئىكەنلىكىنى، مىچېل بىلەن مارتىن ئىككىسى دەم ئېلىش كۈنىدىن 8 كۈن ئاشۇرىۋەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئۇلارنىڭ نەگە يوقالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا كىرىشىدۇ. دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئامانلىقىقا مەسئۇل خادىملىرى مىچېل قالغان ياتاقتا خەستەنگە ئۇنتۇلۇپ قالغان بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى تېپىۋالىدۇ. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى بىر بانكىدا مىچېلگە ۋە مايكىلغا تەۋە ئۇلارنىڭ ئىمزاسى بار بىر مەخپى ساندۇقتا ئۇلارنىڭ تاشلاپ قويغان ئىلتىماس خېتىنى كۆرۈدۇ. بۇ ئىلتىماس مىچېل بىلەن مايكىلنىڭ ئىمزا قويغان بىر ئىلتىماسى ئىدى. ئىلتىماستا بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارە ئېلان قىلىپ مىچېل بىلەن مارتىن بۇ خېتىدا بەكلا كۆپ بەتلىك قىلىپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمدە كاپىتالىزىمنىڭ بەت بەشىرە ھادىسىلىرىنى قاتتىق تەنقىت قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرگەن ھالدا ماختاپ كۆرسەتكەن، ھەتتا ئازات قىلىنغان سوۋېت ئاياللىرىنىڭ "جۈپ تاللاشتا تېخىمۇ ياخشى ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ماختاپ كەتكەن.

1960-يىلى 2-ئاۋغۇست كۈنى، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 295-نومۇرلۇق قارارى تەستىقىدا مىچېل بىلەن مارتىننىڭ سىياسى پانالىق تەلەپ قىلىش ئىلتىماسىنى تەستىقلەيدۇ .، ھەمدە ئۇ ئىككىسىگە ئېيىغا 500 روبلى مائاش بېكىتىشىنى تەستىقلايدۇ. بۇ پۇل ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئوخشاش مائاش بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئەمما سوۋېتنىڭ شۇ چاغلاردىكى مائاش ئۆلچىمى بويىچە ئالغاندا ئۆلچەملىك مائاش ھېساپلىنىدىكەن. شۇ يىلى كۈزدە، مىچېل لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا ئىنىستىتۇتىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مارتىن بولسا ئۇمۇ شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا دوكتورلۇق ئۇنىۋان ئوقۇشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلار سوۋېت ئاياللىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى جۈپ تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ بولمىغانلىقىنى بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا بولۇپ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرەشكە كىرىشكەن. مىچېل لېنىنگراد مۇزىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىيانو ڧاكۇلتېتىنىڭ ياردەمچى دوتسېنتى30 ياشلىق گالىنا ۋىلادىمىروۋنا ياكوۋلېۋا بىلەن توي قىلىشۋالىدۇ. مارتىن بولسا (ئۇ كېيىن ئىسمىنى سوكلوۋسكىغا ئۆزگەرتىۋالىدۇ.) قارا دېڭىزدا ساياھەت قىلىۋاتقاندا تونۇشۇپ قالغان رۇس ئايال بىلەن توي قىلىدۇ.[287] بىر قانچە يىلدىن كېيىن، مەركەز قارايدۇكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ مەركەزگە ئېلىپ كەلگەن ئاۋارىچىلىقىنىڭ ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ قېلىشنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى سېزىدۇ. شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىككى كىشى بەك تېزلا سوۋېت تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالغان، مەركەزنىڭ قارىشىچە مارتىننى گەپكە كۆندۈرمەك ئاسانىراق، شۇڭا ك گ ب ئۇلارنى قورقۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن مىچېل ئىككىسىنىڭلا ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆزلىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا 20 يىللىق ئېغىر ئەمگەك جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان. مارتىننى قايتىپ كېتىش خىيالىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن، ك گ ب يەنە ئۇلارغا بىر پارچە ئۇيدۇرۇلغان ھۆكۈم نامىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى كۆرسىتىپ قايتىشتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەيدۇ. ئەمما مارتىن بۇنىڭغا ئاسانلا ئىشىنىپ قالىدۇ، مىچېل ئۇنداق ئەمەس، بەكلا گۇمانخور بىرسى بولغاچقا، تا 70-يىللارغا كەلگىچىلا قەتئىي ئامېرىكىغا قايتىمەن دەيدىغان تەلىپىدىن يانمايدۇ. ك گ ب رەئىسى يۇرى ئاندىرىپوف بۇنداق يول قويىدىغانلا بولساق، بۇ ئىش باشقا غەرب ئەللىرىدىن خائىنلىق قىلىش ئېھتىمالى بولغانلارغا يامان تەسىر بېرىپ قويىشى مۇمكىن دەپ، ئۆزى بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مىچېل بىلەن مايكىل ئىككىسىنىڭ

ئامېرىكىغا قايتىشىغا قەتئىي ئۇنىمايدۇ. ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇتۇش ئۈچۈن ئاندرىپوف ئۇلارغا بىر يۈرۈش شىماۋنوفنىڭ يېزىپ چىققان دوكلادنى ئاندرىپوف مارتىنغا كۆرسىتىدۇ. بۇ دوكلاددا سوۋېت جاسۇسلىرىغا ئامېرىكا ئىستىخبارات خادىملىرى بىر تۈرلۈك زەھەرلىك ئوكۇل تەييارلىغانمىش؛ بۇلارنى مارتىننى بۇ زەھەرلىك ئوكۇلنىڭ ئۇلار ئىككىسى ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما مىچېل بۇلارنىڭ ك گ ب ئۇيدۇرغان يالغانچىلىق ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇمانى تەبىئىيكى توغرا ئىدى. كالىنا مىچېلمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئاۋۇستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، شۋېتسارىيە، شۋېتسىيە ۋە ئامېرىكىلارنىڭ تارقاتقان ۋىزا ئىلتىماسلىرى رەت قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، 1980-يىلى 29-مارت كۈنى، مىچېل يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كېتىش نىيىتىدىن يانمايدۇ.

سوغۇق ئۇرۇشنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا، ۋاشىنگتون بىلەن نيويوركتا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىدىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتى ھېچ بىر ۋاقىت ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى ئۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئامېرىكا فېدېراتىپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىستىخباراتقا ئېرىشكىنىدەك ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ئۇلاردىكى بۇ يېتەرسىزلىك سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دەۋرى 1962-يىلقى كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسىدەك، ئىككى يىل ئاۋال پاش بولۇپ قېلىشى شەكسىز ئىدى.

ك گ ب ئامېرىكا ئالى دەرىجىلىك سىياسىي ئىستىخباراتلاردىن كەلگەنگە قارىغاندا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن خەتەرلىك يالغان خەۋەرلەر مەلۇم دەرىجىدە بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇلاردىن بەزى ئىستىخباراتلار روشەن تۈردە سوۋېت ئىستىخبارات ئانالىزىدىكى ئۇنداق بىر تەرەپكە قېيىپ كېتىشتىن ساقلىنالمايتتى. 1960-يىلى 29-ئىيۇل [288] كۈنى، ك گ ب رەئىسى ئالېكساندىر نىكولايېۋىچ شېلېپىن بىۋاستە خروشىوپقا بىر پارچە ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ خەۋپلىك دېيىشىلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان دوكلاتىنى سۇنىدۇ. بۇ دوكلاد ن ئا ت ئو ـ

www.uyghurkitap.com

شىمالى ئاتلانتىك ئەھدىت تەشكىلاتى ـ ناتونىڭ ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ كىملىكى مەلۇم بولمىغان بىر ئالاقىلاشقۇچىسى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن خاتا ئىستىخبارات ئاساسىدا تەييارلانغان بولۇپ، بۇ دوكلادتا مۇنۇلار دېيىلىدۇ:

*مېنىڭچە (خرۇششېۋنىڭ دېيىشى) بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، "تۇڭگۇزلار قولتۇقى "(كۇبادىكى ئامېرىكا تەرەپكە يېقىن بىر دېڭىز قولتۇقى) ۋەقەسىدۇر. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ خىيالىدا تەجرىبىسىز ياش بىرسىلا بۇخىل ئاۋارچىلىققا كىرىشىپ قالالايدۇ. بۇنداق بىرسىگە تاقابىل تۇرۇشىمۇ ئاسان. شۇنىڭدەك بۇنداق بىر ئاۋارچىلىققا قېلىپ يەنە بىر تەرەپتىن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالمايدىغان جاسارەتسىز بىرسى، ئەنە شۇنداق بىرسىلا غەيرەت بىلەن ماڭا تەڭ كەلمەكچى بولىدۇ.*

1961-يىلى 29-ئىيۇل كۈنى، شېلېپىن سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭىدىن يۈرگۈزگەن "ئاساسلىق رىقابەتچىسى" ھۇجۇم قىلىشنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىق ستراتېگىيىسىنى خرۇششوپقا سۇنىدۇ، بۇ ستراتېگىيە دۇنيانىڭ ھەرخىل يەرلىرىدە ھەرتۈرلۈك مۇھىت يارىتالايدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ دىققىتىنى ھەمدە ھەربى كۈچىنى چېچىۋېتەلەيدۇ. ھەمدە گېرمانىيىنىڭ تىنچلىق شەرتنامىسىنى غەربى بېرلىن مەسىلىسىنىڭ جەريانىمۇ ئۇلارنى زورلىيالايدۇ. بۇ پىلاننىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا دۇنيا مىقياسىدا مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرپ بىلەن بولغان كۈرەشتە ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ك گ ب دىن پايدىلىنىپ بارلىق قوللىنىشقا بولىدىغان تەدبىرلەر بىلەن غەرپنىڭ ئەكسىلئىنقىلابى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرىنى كۈشكۈرتەلەيدۇ. شېلېپىن سوۋېتنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسىنى ئارقا ھويلىغا چىقىرىۋېتەلەيدۇ ـ ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىگە ـ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوبيېكتىۋىنى ئالدىنقى نىشانى قىلىپ تاللاتقۇزىدۇ. شۇنىڭدەك ئاۋال نىكىراگۇۋا مىللەتلىرىنى ئازاتلىق فرونتى بىلەن ئىنقىلابى بىرلىكسەپ قىلىپ بىرلەشتۈرىۋېتەلەيدۇ. ئۇ يەنە ناتو گۇرۇھىغا غەربى ياۋروپادىكى بازىلىرىدىكى تۈرغۇنلىقىغا بۇغۇنچىلىق قىلىۋېتەلەيدۇ. ھەمدە يالغان خەۋەر تارقىتىپ

غەرپ ئەللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاستا ئاستا ئۈلاردىن ئۆتۈپ كېتىشىنى پەيدا قىلالايدۇ. شۇ ئارقىلىق غەرپنىڭ جاسارىتىگە زەربە بەرگىلى بولىدۇ. 1-ئاۋغۇست كۈنى، ئۇنىڭ تەكلىپى، سوۋېت كومپارتىيىسى [290] مەركىزى كومىتىتى قارالىرىنى جىمجىت ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ يەردە بەزى مەزمۇنلارنى، بولۇپمۇ خەلقئارالىق مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق رەقىبىنى ئۇرۇشتۇرۇش شارائىتىنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ، كېيىنكى 25 يىلدا تىنماي سوۋېت ستراتىگىيە سىياسەتلىرى ئىچىگە سىڭىپ قۇيغىلى بولىدۇ.

كېنىدى ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ك گ ب نى ۋاشىنگتوننىڭ تەسىرىدىن باش ئىستىخبارات ئورنىچىلىكمۇ مۇھىم ئەمەس بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويالايدۇ. 1961-يىلى ماي ئېيىدا، باش ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ پولكوۋنىكى گېيورگى بولشاكوفنى تاسىس خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باشلىقى سالاھىتى بىلەن ئىقاپلاپ، ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى روبېرت كېنېدىنى ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى كۆرىشىدىغان قىلىدۇ. ئۇ ئوخشۇشلۇق تۈردە روبېرت كېنېدىنى ئىشەندۈرۈپ، ئۈلارنىڭ ئوتتۇرسىدا ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرسىدىكى دىپلوماتىك ئۇنداق مۇرەككەپ قائىدە يوسۇنلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سىياسىي پائالىيەتچىلەر ئىشلىتىدىغان ئۇنداق ئادەت بولۇپ كەتكەن تەشۋىقات تۈسىنى ئالىدىغان ئاشكارە بولۇش سۆھبىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، شۇنىڭدەك پىرىزدېنت كېنېدى بىلەن سوۋېت مەركىزى كومپارتىيىسى خىروششوۋ ئوتتۇرسىدا بىۋاستە سۆزلىشەلەيدىغان يىللارنى ئاختۇرىدۇ. روبېرت كېنېدى – پىرىزدېنتىنىڭ ئىنىسى. ئۇنىڭ دۈچ كەلگىنى مەخسۇس چېنىققان تەربىيە كۆرگەن، ھەمدە بۇيرۇق بويىچە ئۇنىڭغا بېسىم قىلالايدىغان ئىستىخبارات خادىمى بولشاكوف ئوتتۇرسىدا قەدىنناس سادىق دوستلاردەك يېقىنلىق تىكلىۋالغان ئىدى.

ھەر قېتىم ئۇ (ياكى خىروششوپ) ھەرقانداق بىر خەۋەرنى پىرىزدېنتقا يوللىماقچى بولغىنىدا، ياكى پىرىزدېنت ھەر قانداق بىر خەۋەرنى خېروششوپقا ئۇقتۇرماقچى بولغىنىدا بىز پۈتۈنلەي گېيورگى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىشاكوۋدىن پايدىلىنىمىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىنىمدە دېيەلمەيدىغان ھېچقانداق بىر گېپىمىز يوق.

گەرچە بولىشاكوۋ قازانغان بولسىمۇ، باش ئىستىخبارات ئىدارىسى يەنىلا ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى زادى نېمە قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى. 1962-يىلى مارت ئېيىدا باش ئىستىخبارات ئىدارىسى ئىككى پارچە خەتەرلىك خاتا يولغا باشلاپ ماڭىدىغان دوكلادنى سۇنىدۇ. بۇ ئىككى پارچە دوكلاد بۇرۇن ك گ ب ئوتتۇرغا قويغان 5 بۆرجەك بىنا لايىھەلەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا. ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ ئەدىۋنى بىرىپ قويۇش ئۇچۇن ئاۋال يادرو زەربىسى بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويماقچى بولىدۇ. ئومۇمى ئىستىخباراتلار شۇنى ئىشارەتلەيدىكى، بۇلتۇر 6-ئايدا ئامېرىكا يادرو قوراللىرى بىلەن ئاۋال ھۇجۇم قىلىشىنىڭ پىلاننى تۈزۈپ قويغان بولۇپ، سىنتەبىردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىپ بارغان بىر قاتار يادرو قوراللار سىناقلىرى 5 بۆرجەك بىنانى سوۋېت يادرو قوراللىرى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئىلگىرى كەتكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئاخىرقى بىر مىنوتتا كەلگىنىدە ئامېرىكىلىقلار پىلاننى ئۆزگەرتىدۇ. سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرى ۋاشىنگتونغا يادرو ئۇرۇش قوراللىرى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈلەرنىڭكىدىنمۇ كۆپ ئىلغار دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىلىقلارئاخىرغا كەلگەندە، بۇ پىلاننى ئۆزگەرتىشىدۇ. سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرى ۋاشىگتوننىڭ ئىسسىق يادرو ئۇرۇشىنى قوزغىشىدا پىلاننىڭ قىممىتىنى يوقۇتۇپ قويۇش ھەققىدىكى دوكلادىدىن يېنىپ، ئامېرىكا بىر قاتارھەقىقى ئەمما بەكلا ئەقىلسىزلىق [291] بولغان موسكۋانىڭ قېرىندىشى كاستىرونى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ياكى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنىشنى پىلانلىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق ھەربى ھەرىكەتنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا باشلىماقچى بولىشىدۇ. مانا بۇ سوۋېتنىڭ دېپلوماتىك سىياسەتلىرىدىكى نورمالسىز ئويلارغا كەلگەنلىكىنىڭ بىر ئاقىبىتى ئىدى.

1962-يىلى مارت ئېيىدا، كاسترو ك گ ب نى ھاۋانادا بىر ھەرىكەتچان بازا قۇرۇشقا ئالدىراتتى. لاتىن ئامېرىكا قىتئەسىگە ئىنقىلاپ چىقىرىش،

5-مايدا خروششېۋ كۇبادا يادرو باشقۇرۇلىدىغان بازا قۇرۇشقا قارار بېرىپ، سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە ئەڭ خەتەرلىك بىر قىمار ئوينىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى قىسمەن سەۋەپ ئامېرىكىغا سوۋېتنىڭ كۈچلۈك يادرو ھۇجۇم كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇختۇرۇپ قويۇش ئىدى. (ئەسلىدە بۇنداق بىر پىلان مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى). شۇ قاتاردا بۇ ئىش ئارقىلىق كۇبا ئىنقىلابىغا يار يۆلەك بولماقچى ئىدى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ۋاشىنگتوننىڭ دەماللىققا كۇبادىكى باشقۇرىلىدىغان بومبا بازىسىنى پەرق قىلالمايدۇ دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار قاچان بۇنى پەرق قىلغان ۋاقتىدا بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشقا كېچىكىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا بۇ ئىشنى دەرھال قىلىشىمىز كېرەك دەپ تەۋەككۈل قىلىشقا جاسارەت قىلغان ئىدى. تۆۋەندىكىچە ئىككى خىل ئانالىز سوۋېتنىڭ بۇنداق ئويىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بىرىنچى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئۇ-2 ئايروپىلانى تارتقان تۇتۇق بولسىمۇ رەسىملىرىدىن تۆۋەندىكى يەردىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق كۆرىۋېلىشقا بولاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئامېرىكىنىڭ ئىستىخبارات ئانالىز قىلىش خادىملىرى ئۇ-2 ئايروپىلانىدا تارتىلغان رەسىمدىن يەردە بولىۋاتقان ئىشلارنى ئوچۇق كۆرىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇلاردا پولكوۋنىك ئولگ ۋلادىمىرروۋىچ پىنىكوۋسكىنىڭ مەخپى تەمىنلىگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىدىن باشقا مۇھىم ئىستىخباراتلارمۇ بار ئىدى. پولكوۋنىك پىنىكوف ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋە ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىرلەشمە قوماندانلىقىدىن ئالغان باش ئىستىخبارات ئىدارىسىغا يوشۇرۇنغان جاسۇسلار بار ئىدى. كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى ۋاقتىدا، ئامېرىكىدا بار بولغان كوبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى مۇھىم ئىستىخبارات دوكلادىدا كېيىن كاۋچۇك دەرىخى دەپ نام بېرىلگەن بۇ پارولا بىلەن ئىپادىلەنگەن بۇ دوكلاد پىنىكوۋسكى تەمىننلىگەن ئىستىخباراتمۇ بار ئىدى.

سوۋېتلىكلەر كوبادا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى قۇرىۋاتقىنىدا، بولىشاكوف داۋاملىق ۋەدە قىلىپ بەلكىم ئالداش ستراتېگىيىسى

سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى بولىشىمۇ مۈمكىن ئىدى. خرۇششوپ بۇنداق بىر ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى قوللىماسلىقى مۇمكىن، دەيدۇ. ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئۇ 2 ئايروپىلان قۇرۇلۇش ئۈستىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى كۆرۈپ قالغىنىدا - بۇمۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسىنىڭ باشلانغان ۋاقتى -روبېرت كېنېدى، ئاخىرى سەگەكلىشىدۇ. ئۇ بولىشاكوۋنىڭ بۇ پاكىتلارنى ئىنكار قىلغىنىنى ئەيىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: "دوغا چىقىمەنكى، سىز چوقۇم كۇبادا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىدىن خەۋىرىڭىز بار" ئەمما بولىشاكوف بۇنى ئېتراپ قىلماي تۇرىۋالىدۇ. سورىسا مۇنداق دەيدۇ: "پىرىزدېنت كېنېدى بولىشاكوۋغا بۇرۇندىن تايىنىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنى بىۋاستە خروششوپتىن ئىككىلەنمەيلا ئەھۋاللارنى سورىيالايدۇ دەپ ئىشەنگەن ئىدى. ئەندى كېنېدى ئالدانغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. [292] بولىشاكوۋمۇ ھەقىقەتەن ئۇنى ئالدىغان ئىدى.

سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە كىرمىل سارىيى ۋاشىنگتوننىڭ ئىشەنچلىك ئاخباراتلىرىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغىنىدا، ك گ ب نىڭ ئۇ يەردىكى ئىستىخبارات پونكىتى ئۇلارغا بۇ ئىستىخباراتنى يەتكۈزەلمەي قالىدۇ. ئەمما 2-دۇنيا ئۇرۇشى ۋاختىدا، روزۋېلىت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر بىر مۇھىم ئورنىدا ئاساسەن سوۋېت جاسۇسلىرى يوشۇرۇنغان. مەركەز ئامېرىكىغا نىسبەتەن بەزى مۇھىم سىياسەتلەرنى قولغا ئالغان (مەسىلەن مانخاتتان پىلانى) ھەتتا روزۋېلىتنىڭ مۇئاۋىن پىرىزدېنتى ياكى باشقا ئىچكى كابېنېت ئەزالىرى تېخىمۇ تولۇق، ئەكسىنچە كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرزىسى ۋاقتىدا، سوۋېتنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات مەنبەسى پونكىتى پەقەتلا ئاخبارات ئورگانلىرىغا يوشۇرۇنغان ۋە چەتئەل ئەلچىخانىلىرى (بولۇپمۇ ئارگېنتىنا ۋە نىكاراگۇۋا) نىڭ جاسۇسلىرى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك. ھەتتا ئۇلاردىنمۇ تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىنچە كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى دەۋرىدە، سوۋېتنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مەنبەسى پەقەتلا ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە چەتئەل ئەلچىخانىلىرى (بولۇپمۇ ئارگېنتىنا بىلەن نىكاراگۇۋا) ئىستىخبارات جاسۇسلىرى بىلەنلا مۇناسىۋىتى بار. ئەمما

ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى فىكلىسوفنىڭ موسكۋاغا يوللىغان بىرقىسىم ئىستىخباراتلار پەقەتلا ئەملى ئاساسى يوق. ئۇلار "مەمورى كومىتىت" قا سىڭىپ كىرەلمەيدۇ. (كېنېدىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى) مەخپى پىلانلارنى بىلمىدى. 16 ئۆكتەبىردىن كىرزىس ئاخىرلاشقان بۇ 13 كۈن ئىچىدە كىنىدىنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئىچكى كابىنىت يىغىن زالىدا ھەر كۈنى ئۇچۇرشىپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ يىغىن ئۆتكۈزۈپ تۇردۇ. باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى ئەڭ جىددىيلەشكەن ۋاقتىدا، ك گ ب بىرىنچى باش ئىدارىسى باشلىقى ئالېكساندىر شاروۋسكى نۇرغۇن قېتىم فىكلىسوفقا تېلېگرام يوللاپ، ئاسانلا تەستىقلايدۇ: "بۇ دوكلادنىڭ قىلچىمۇ ئۇچۇر قىممىتى يوق ئىكەن"

باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىس دەۋرىدە ، ك گ ب خروششوۋنىڭ سىياسىتىنىڭ تەسىرىمۇ ئاز. بۇمۇ ك گ ب رەئىسىنىڭ چەكلىمىسىنى كۆرسىتەتتى. 1961-يىلى دېكابىردا، ۋىلادېمىر سېمىچاستنى ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە شېلېپىننىڭ ئورنىغا چىقىپ، ك گ ب نىڭ رەئىسى بولىدۇ. ئەمما سىمىچاستىنى ئۇنداق شېلېپىندەك قابىلىيەتلىك بىرسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىستىخبارات ئىشلىرىغا بولغان بىلىمى يوق دېيەرلىك بىرسى دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭدەك ئۇ بۇ يېڭى كەسىپكە قارىتا قىلچە ھەۋىسى يوق دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشىدىكى سەۋەب خروششوۋنىڭ بېسىمى بىلەنلا بولغان ئىش. خروشوۋ ئىلگىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ ئېنىق بىلدۈرگەن ئىدى. سىمىچاستىنىنى ئاتاشتىكى ئاساسلىق سەۋەب، ك گ ب نىڭ سىياسى جەھەتتە سادىق بولىشى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېپلوماتىك سىياسەتلەر ئۈچۈن قانداقتۇ بىرەر پايدىلىق تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش ئەمەس، مىتروخىنىنىڭ خاتىرىلىۋالغان ك گ ب ئارخىپىدا سىمىچاستىنىنىڭ بۇرۇنقى ئاتانغان رەئىس شېلېپىندەك ساداقەتلىك بىلەن خروششوۋنىڭ "ئاساسلىق رىقابەتچىمىز"گە قارىتىلغان قارا نىيەتلىك زور بىرەر ستراتىگىيە تۈزۈپ چىقىش ئەمەس. پۈتكۈل باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى جەريانىدا، سىمىچاستىنى ھېچقاچان

خروشېۋ بىلەن بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ باققىنى يوق. ھەتتا ئۇنى رەئىسلەر يىغىنىغىمۇ تەكلىپ قىلمىغان. (رەئىسلەر يىغىنى دېگىنىمىز كېڭەيتىلگەن سىياسىي بيورونىڭ بىر يىغىنى بولۇپ، [293] ئۆتكەن ئون يىلدا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسەت بەلگىلەيدىغان ئورگانلىرىدىن بىرى.)

خېروشوۋمۇ ھېچبىر زامان ك گ ب دىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۇبادا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرغىنىغا ئامېرىكا قاندا بىر ئىنكاس قايتۇرىشىغا بىرر باھالاشتا بولىشىنى تەلەپ قىلىپ باقمىدى. ياكى ئۇنداق بىرەر ئانالىز سۇنۇپ باقمىدى. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ساخارووسكى خۇدى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى چوڭقۇرلاپ چۈشەنمىگەندەك ئىدى. گەرچە روشەنكى،سوۋېت قېلىپى ئاستىدا ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلار، تاشقى دۇنيانىڭ بىۋاستە ھېسسىياتلىرى يالغۇز رومىنىيە ۋە باشقا شەرقى ياۋروپا ئەللىرىدىكى تەجرىبىلىرىگىلا تايىنىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ساخارووسكي ئەتىدىن كەچكىچە چىرايى تۆگۈكلا يۈرەتتى. بۇ ھالەتنى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر "بەلكىم ئۇنىڭ ئىش بېسىمى بەكلا ئېغىر بولغانلىقىدىن چىرايى شۇنداق ئېچىلمايىلا يۈرسە كېرەك دەپ ئويلايتتى." سىياسى جەھەتتە، ھەر قانداق بىر خاتالىق سادىر قىلىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بىرىنچى باش ئىدارە دېگىنى ھەر قانداق بىر ئىشنى باھالىمايتتى. دىپلوماتىك مىنىستىرى، مەركىزى كومىتېت خەلقارالىق ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى رەئىسلەر بيوروسىنىڭ ئېنىق تەلىپى بولماي تۇرۇپ باھالاش قىلالمايتتى، بىرىنچى باش ئىدارە دېگىنىنىڭ "ئانالىزى" ئەمەلىيەتتە بەزى مەسىلىلەرگە چېتىلغان ئىستىخباراتلار ئۈستىدە قىسقارتىلمىلارنى توپلاش بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەر قاندا بىر خۇلاسە چىقىرىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. چۈنكى بۇنداق چىقىرىلغان خۇلاسىلار يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ چىقىرىدىغان ھۆكۈملىرى بىلەن تەتۈر كىلىپ قالاتتى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ھوقۇقلۇق ئورگىنى خروششوۋ بولۇپ، ھەرگىزمۇ رەئىسىيەت بيوروسى بولالمايتتى. بەكلا كۆپ ۋاقىتتا، خروششوۋنىڭ ئۆزى ئاخبارات ئانالىزچىسى بولىۋالاتتى.[294]

شۇڭا ئۇنىڭ سىياسىي ئانالىز ھۆكۈملىرى بەزى تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.25-ئۆكتەبىر كۈنى خرۇششېۋ رەئىسلەر ئىتتىپاقىغا يولىيورۇق بېرىپ، كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئەڭ ئاخىردا كۇباغا ئورۇنلاشتۇرغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى سۆكۈپ ئېلىۋېتىشقا ئېھتىياجى بولغىنىدا، ئامېرىكىنىڭ كۇباغا باستۇرۇپ كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىغا تىگىشىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئەيى ۋاقىتتا خرۇششۇۋ يەنىلا بۇنداق بىر تەكلىپنى بېرىشكە جاسارەت قىلالمايدۇ. يېرىم كېچىدە، خرۇششېۋ پىكرىنى ئۆزگەرتتۇ. ئەسلىدە خرۇششۇۋ سوۋېتلىكلەرنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئامېرىكىدىن تۈركىيىدىكى قۇرۇلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى سۆكتۈرىۋېتىشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى كۇبادا قۇرۇلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى سۆكۈۋېتىشنىڭ جاۋابى قىلىۋالىدۇ. 26-كۈنى ئەتىگەدە، خاتا ھالدا ئامېرىكا دەرھال كۇباغا تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، خرۇششېۋ كېنېدىغا ئېغىزچە چاقىرىق قىلىدۇ. گەرچە گەپ سۆزلەرنىڭ بىرەر چېكى باردەك قىلمىسىمۇ يەنىلا شەخسى پۇراق كۈچلۈك ئىدى. ئۇ پەقەت ئامېرىكىدىن كۇبانىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئامېرىكىنىڭ تۈركىيىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى ھەققىدە بىرمۇ ئېغىز سۆز قىلمىغان ئىدى. پەقەت بىر كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ پىكرى ئۆزگىرىدۇ.. 27-ئۆكتەبىر كۈنى، خرۇششېۋ ئامېرىكىنىڭ دەرھال كۇباغا باستۇرۇپ كىرمەسلىكىنى ئۆيلاپ، ئۇ قايتىدىن كىنىدىغا مەكتۇپ يوللاپ ئامېرىكىنىڭ تۈركىيىدىكى باشقۇرۇلدىغان بومبا بازىسىنى سۆكۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇندىن كېيىن ئۇزۇنغا قالمايلا روشەنكى كومىتانلىق جەھەتتىكى خاتالىقلار سەۋەبىدىن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۇبادا يۇرۇشلۇق ھاۋا مۇداپىيە قىسىملىرى كۇبا ئاسمىنىدىكى بىر ئامېرىكا ئۇ-2 رازۋېتكىچى ئايروپىلانىنى ئۇرۇپ چۈشۈرىۋېتىدۇ،ھەمدە پىلوتىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېنېدى 28- ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن. مەملىكەت بويىچە تېلېۋىزور نۇتقى سۆزلىگەنلىك خەۋىرىنى بېرىدۇ. بۇ نۇتۇقتىن ئامېرىكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پارلامېنتى كۇباغا ھۇجۇم قىلغىدەك دېگەن خاتا ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ خىروششوۋ كېلىشىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. كېنېدىنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن كوبادىن بارلىق ھۇجۇم خاراكتېرلىق ھەربى كۈچلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كېنېدىنىڭ بۇ خەۋەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىروششوۋ موسكۋا رادىئو ئىستانسىغا بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ قارارىنى ئېلان قىلىشىنى قارار قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرزىسىنىڭ ئاخىرقى پەيتىگە كەلگىنىدە، ئامېرىكىغا بوي سۇنغانلىكتەك نومۇس ئىككى يىل كېيىن خىروششوۋنىڭ بىر قېتىملىق سارايدا يۈز بەرگەن كرىمل سارىيى سىياسىيى ئۆزگۈرۈشتە تەختىدىن چۈشۈشىگە سەۋەپ بولىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى سوۋېتقا سىڭىپ كىرىش ھەمدە ئۇلارغا سوۋېتنىڭ سىڭىپ كىرىشى شۇنىڭدەك سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ س ئى ئا غا خائىنلىق قىلىپ قېچىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىدۇ. مەركەزنىڭ تىخىمۇ بەكرەك يۈزىنى توكۇۋېتىدۇ. 1961-يىلى دېكابىردا، ك گ ب پولكوۋنىكى ئاناتولى مىخايلوۋىچ گېرىلىن ئامېرىكىنىڭ ھېلىنسىكى ئەلچىخانىسىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. ئۇ يەردىن ئامېرىكىغا قېچىپ بېرىۋېلىشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1962-يىلى سىنتەبىردە، ك گ ب مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدىن پولكوۋنىك ئولگېپىنكوۋسكىنى قولغا ئالىدۇ. ئۇ ئۆتكەنكى 18ئاي ئىچىدە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئالى ئىستىخباراتلارنى تەمىنلىگەنلىكى سېزىلگەن.

گېرىلىننىڭ قاچقانلىقى ھەققىدىكى دوكلادتا، ك گ ب يەنىلا شۇ كونا ئۇسۇلدا ئۆزلىرىنىڭ خائىنلىق قىلغان ئادىمىنىڭ نىيىتىگە زەربە بەرگەن. ك گ ب ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمىگە تەنقىت قىلىشقا بولمىغىنى ئۈچۈن، بارلىق خائىلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىچكى سەۋەبىنىڭ ھەممىسىلا قاچقۇنلارنىڭ ئۆزىدىكى ئەخلاقسىزلىقىدىن ئاختۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ غەرپ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ماختاپ قوللىنىلغان "داڭ چىقىرىشىنىڭ"

زەھىرىگە ئۇچرىغانلار:

*گىلىلىن بولسا قارا نىيەتلىك ھەددىدىن ئاشقان، ئۆزىنى ماختايدىغان ئابروي پەرەست بىرسى. ئۇنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى كوللېكتىۋىزىمچىلىق قىلغۇچىلار ئۇچۇن بىر ماھىيەتلىك ئۆلگىنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.50-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن قاتتىق ئازابلانغان، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن خاتالىقىنىڭ كۆرسىتىلىشىگە ياكى خاتالىقىنى مۇھاكىم قىلىنىشىغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپلا يۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ ستالىن دەۋرىدە ئالى دەرىجىلىك ھەربى ئەملدار بولالماي قېلىشىغا تەغدىرىم كەلمىگەن دەپ تەقدىرىگە ئارتىپ قويىدۇ. (196-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا،) نۇرغۇن قېتىم ئوغۇرلۇقچە ئۆزىنىڭ ئىپادىسى ھەققىدىكى باھالاش دوكلادلىرىنى ئوقۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر دوكلادنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغىنىدىن كېيىن، باشقىلارنىڭ بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، گېلىلىن ئۆزىنىڭ كادىرلار بۆلۈمى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ بىرىنچى قېتىم رەسمى تۈردە رىقابەتلەشكىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا دىرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بېرىلگەن. شۇنىڭغا چىدىمىغان ئۇ ئامېرىكىغا قېچىپ كېتىش بىلەن خائىنلىق قىلغان.*

باشقا ساتقىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەنلەرگە ئوخشاش. سوۋېتلىكلەر ئۇنىڭغا كەمسىتىلىدىغان بىر لەقەم قويىۋالغان، ئۆركەش. ئۇنىڭ ئابروينى قەستەن تۆكۈپ كۆرسىتىش ئۇچۇن ك گ ب قولغا ئېلىنغان بىر ئەتكەسچىنى قايىل قىلىپ، (پارولى مۇستاۋا)، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ۋېنلاندىيە چېگراسىدىكى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قناشقانلىقىنى ئېخراقىل دەپ تەلەپ قىلىدۇ، 1962-يىلى 27-سىنتەبىر كۈنى "سوۋېت ئىتتىپاقى رۇسىيىسى" گېزىتىدە گېلىلىنىنىڭ ئەتكەسچىلك جىنايىتىگە قاتنىشقانلىقىغا دائىر ئەيىپلەش ماقالىسى ئېلان قىلىدۇ.

گەرچە مەركەز ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە گېلىلىنىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىشىدىن كېيىن ئوتتۇرغا چىققان زىيان خۇلاسىسىدا مۇنداق دەيدۇ، ئۇ ئامېرىكا ئىستىخبارات ئىدارىسىغا ھېلىسىنكى بىلەن باشقا ئىستىخبارات پونكىتىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئورۇنلارنىڭ ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنى دوكلاد قىلىشىپتىدۇ. شۇنىڭدەك ك گ ب نىڭ جاسۇسلارنى مەشىق قىلدۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى مەلۇم قىلىشىپتىدۇ. 1962-يىلى 4-يانۋاردىن تارتىپ 16- فېۋرالغىچە، مەركەز يولىيورۇق بەرگەن 54 دانە ھېلىمۇ پائالىيەت قىلىۋاتقان ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ پونكىت باشلىقلىرىغا، بارلىق مۇھىم جاسۇسلارنىڭ كۆرۈشىشىنى كېچىكتۈرۈشىنى ۋە ئازايتىشىنى، شۇ ئارقىلىق ھازىرقى زىياننى ئازايتىشقا تىرىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇز ئارا مۇناسىۋەت باغلاشنىمۇ "كونا خەت ساندۇقى' دىن پايدىلىنىش قاتارىدىكى ئىنسان ئۇچىراشمايدىغان تەدبىرلەر بىلەن قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىغا تەمىنلىنىدىغان ك گ ب خىزمەت قىلىشىنىڭ مۇھىم بىر قىسىم مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇھىم ئىستىخباراتلىرى ۋە سوۋېت جاسۇسىرىنىڭ بەزى يىپ ئۇچلىرىدىن باشقا گېلىلىن ئۇلارغا تونۇتقان بىر قاتار مەركىزي ئىستىخبارات ئىدارىسى مەسئۇل بولىدىغان خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە بىلەلمەيۋاتقان جاسۇسلۇققا قارشى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئومىس ئاندىرىتونغا مەسئۇل بولىشىغا ئىشىنىش. ك گ ب نىڭ يەر شارى بويىچە ئالدامچىلىق ستراتىگىيىسىنى يولغا قويۇشى، ھەتتا خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭمۇ بۇزۇلۇشىمۇ غەرپلىكلەرگە ئويۇن قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. گېلىلى كېيىن مۇنداق دەيدۇ: چىخسلوۋاكىيىدە كۆرۈلگەن "پراگا باھىرى" ۋەقەسىنىڭمۇ ئەسلىدە ك گ ب رېژىسورلىقىدا ئوينالغان بىر ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەركەزنىڭ ئىسىگە كەلمىگىنى،[296] گېلىلىنىنىڭ ساختىكارلىق ئويۇنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەركىزي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋارىچىلىق تاپقۇچى خادىملار. ك گ ب 2-باش ئىدارىسىنىڭ (دۆلەت ئىچىدىكى بىخەتەرلىك ۋە جاسۇسلۇققا قارشى خىزمەتلەرگە مەسئۇل) ئالېكساندىر نىكولايېۋىچ شېرىپونوۋ ئالى مەخپى ھۆججەتلەر

سىلىنغان بىر پوسولكىنى بىر پارچە ئامېرىكا ئىستىخبارات ئىدارىسى ئىشلەيدىغان مەكتۇپ بىلەن بىرگە قوشۇپ، ئامېرىكىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ مۇتلەق مەخپى ھۆججەتلەر ك گ ب نىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق سوۋېت دىپلوماتىك خادىملىرى بىلەن سوۋېت ئىچىدىكى چەتئەللىكلەر ئۈستىدە كۆزىتىش ۋە جەلىپ قىلىشقا چېتىلىدىغان ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمما پوسۇلكا ئەلچىخانىغا يېتىپ بارغىنىدا، ئامېرىكا باش ئەلچىسى ئەلچىخانىدا يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن پوسۇلكىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى بۇ پوسولكىنىڭمۇ ك گ ب نىڭ ئوينىغان بىر ئويۇنىمىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما مەركەز ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ پونكىت باشلىقى بۇ ھۆججەتلەرنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ . ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەسلى نۇسخىسىنى پونكىت باشلىقىنىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي، ئەسلى نۇسخىلىرىنى رۇسلارغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىدۇ. شىرىپونوۋ ئامالسىز موسكۋادىن قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما 1963-يىلى 17-دېكابىردا، تۈركىستان چېگراسىدا يەنىلا ك گ ب نىڭ چېگرا ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. سوراق قىلىنىش جەريانىدا، ئۇ ئامېرىكىلىقلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇس تورغىقىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ بىر خىل شۆبھىلەنگەن بىرسىنىڭ ئاياق كىيىمىگە بۇ خىمىيىلىك تورغاقتىن سۈركەپ قويۇلسا، ئۇنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرغانلىقىنىڭ ئىزىغا چۈشكىلى بولاتتى. 1964-يىلى شىرىپونوۋ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مەركەزنىڭ تارتقان زىيىنىنى باھالىشىدا مۇنداق يېزىلغان:

*ئىنىشىقلى نامەلۇم ئامېرىكىلىقلار نېمىشقا شىرىپونوۋنى سېتىۋېتىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇلار بۇ ك گ ب لايىھەسىنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك قاپقىنىمىدى، ياكى بولمىسا ئۇلار ك گ ب نىڭ بۇ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن پوسولكىنى قايسى ئەلگە يوللانغانلىقىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئېغىر ئىش ئىچىگە كىرمەكچىمىدى.*

مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەر شىرىپونوۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشىدا گەرچە بىرەر مەسئۇلىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزۈنىغا قالماي بىر ئېغىر خاتالىق سادىر قىلىدۇ. 1964-يىلى يانۋاردا،

www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق ئەسكەر قىسقارتىش ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ك گ ب ئوفىتسېرى يۇرى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇچۇنىمىدى. نۇشەنكوۋنىڭ ئامېرىكىغا خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشى، ئوخشاشلا يەنە شۇ 1962-يىلى ئىيۇندىن باشلاپلا ئا ق ش س ئى ئاسىغا ئىشلەپ يۈرگەنلىكىدىنمۇ يا، ئەمما س ئى ئا خادىملىرى نۇشىيەنكوۋنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خاتا ھالدا نۇشىيەنكوۋ نى ك گ ب ئەۋەتكەن ئىشپىيون دەپ ھېساپلىغانمىدى نامەلۇم.[297]

مەركەز س ئى ئا نىڭ بۇ خىل ئېغىر خاتا باھالاشقا كىرىپ قالغانلىقىدىن، مەركەزنىڭ زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە نوشىنكوۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشى ك گ ب نىڭ بىر قېتىملىق ئېغىر مەغلوبىيىتىدىن بولغانمۇ-يا. زىيانىنى باھالاش دوكلاتىدا، يەنىلا نۇۇشىيەنكوۋنىڭ مىجەز خاراكتىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن باشلانغان ئىدى، ئېيتىلىشىچە ئۇ گېلىلىنغا ئوخشاشلا "ئابرويپەرەستلىك " نىڭ زەھەرلىنىشىگە ئۇچرىغان بىرسى ئىكەن،

*ئەگەر نۇشىيەنكوۋ ھوقۇققا قارىتا ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ھەۋىسى بولسا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى نىيىتىنى قەتئىي يوشۇرۇپ يۈرىدىغان بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك نىسبەتەن يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلگە ئېرىشكىنىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. مەركەزنىڭ 1-باش ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدىكى، نىيۇشىيەنكوۋقا ئۇنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىدىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈشنى پىلانلاۋاتقان ئۇ خۇشاللىق پەيتلىرىدە ئىپادىلىگەن ئەسەبىلەرچە يايراپ كېتىشتەك ھالىتىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ چاغدا ئۇ خۇشاللىقىدىن پو ئېتىپ جىم تۇرماي مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئىدارە باشلىقى ماڭا سەن چوقۇم ئىدارە باشلىقىغا ئۆسەلەيسەن دېگەن." ئەمەلپەرەستلىكنىڭ روھى ھالىتىنى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە يېرىدىن ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى باشقا بىر بۆللۈمنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستەرگىنىمىزدە، ئۇ ھەربى ئۇنۋانىغا بەكلا نارازى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ ئۇنۋان ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئەمىلىگە ماس كەلمەيدىكەن، تىگىشلىك بولغان ئۇنۋان دەرىجىسىدىن تۆۋەندە تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇ*

*"كاپىتان" دەپ يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىمزا قويماي قايتۇرىۋېتەركەندۇق. ئۇ پەقەت ئەقىللىق قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۇنىۋانىنى يازمىغان ھۆججەتلەرنىلا ئىمزالار ئىكەندۇق.*

سوغۇق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە، ك گ ب "ئاساسلىق رەقىب" دۆلىتىدىن توپلانغان ئىستىخباراتلار جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىڭىپ كىرىپ توپلىغان ئىستىخبارات نەتىجىلىرىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. 1963-يىلى 1-باش ئىدارە پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات باشقارمىسى ت ئىدارىسىغا يۈكسەلتىلدى، بۇ ئىدارىنىڭ كۆپ قىسىم ۋەزىپىسىنى سوۋېت ھەربىي ئىشلار سانائەت كومىتىتى چۈشۈرىدۇ. بۇ كومىتېت قورال ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل بولۇپ نازارەت قىلىدۇ. ئامېرىكا قورال ياراق ئەسلىھەلىرى ۋە ئىلغار تېخنىكىلىرىغا بەكلا قىزىقاتتى. ھەتتا ئۇلار بۇ قىزىقىشىدا بېرىلىپ كېتىپ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولىۋاتقان ئەھۋاللار بىلەنمۇ كارى يوق ئەھۋالغا كەلگەن ئىدى. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ھەربى ئىشلار سانائىتى 90%قىسىم ۋەزىپىسى سوۋېت ئېتىپاقىنىڭ "ئاساسلىق رەقىبى" گە قارىتىلاتتى. ئۇ يىللاردا، ك گ ب ئوغۇرلىغان ئامېرىكا پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتىغا ئايروپلان، راكېتا تېخنىكىسى، ئايلانما چاقپىلەكلىك گاز پۇركۈگۈچ ماتور (ئونىۋېرسال ئېلېكتىر شىركىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىستىخبارات مەنبەلىرى)، كۆرۈنمەس ئۇرۇش ئايروپلانى، يادرو تەتقىقات نەتىجىلىرى، كومپيۇتېر، كرىستال لامپىلار، سىمسىز رادىئو ئەسۋابلىرى، خىمىيە سانائەت ۋە مېتاللورىگىيە جەھەتلەردىكى تېخنىكا نەتىجىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، مىتروخىننىڭ خاتىرلىۋالغانلىرىدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇركى، ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان سوۋېت ئېتىپاقى پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتچى جاسۇسلار (گەرچە زادى قانچىلىك ئىتخباراتلارنى ئوغۇرلىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بولمىسىمۇ) دىن:[298] ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىدە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شوغۇللىنىدىغان ئالىملاردىن (بىر ئېھتىمالدا شىۋىستوندىكى م ۋ كلوگ تېخنىكا شىركتى) باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغۇچى كىشى: ئوربان بولۇپ، بۇ كىشى بىر ئېھتىمالدا 1940-يىلىدىن باشلاپ، سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىستىخبارات تارماقلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ كەلگەن؛ ئالى ئىنژېنېر بېك بىر ئىھتىمالدا شىيۈپپېل-لاندد شىركىتى (ئونۋېرسال ئاپتوماتىك كومپيۇتېر شىركىتى) دە ئىشلەيدۇ: خىمىيە مەھسۇلاتلىرى ياساش سېنتېز كاربون شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ۋېل: بىئو خىمىيە ۋە نېيفىت بىرلەشمە كارخانىسىدا، دۇپون شىركىتىدىكى جاسۇس فىكېر؛ نيۇيورك ئاپتونوم رايونىدىكى بىركخاۋېن دۆلەتلىك لابوراتورىيىدىكى، يادرو ئېنېرگىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى، يوقۇرى فىزىكا ۋە ئېلېكترو ساھەسىدە تەتقىقات بىلەن شوغۇللانغۇچى ئۇساك؛ ئېلېكترون، ئالاقىلىششىش ۋە باشقا دۆلەت مۇدپىيە ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرغۇچى ئامېرىكا سىمىسىز رادىئو شىركىتىگە يوشۇرۇنغان روتونلار بار.

سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە، سانى كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئامېرىكا كومپارتىيىسى ئەزاسى ۋە شۇنىڭدەك ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكىدەك، ئۇنداق ك گ ب گە بەك لازىملىق پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ك گ ب نىڭ ئامېرىكىدا كېڭەيتكەن نۇرغۇنلىغان ئىستىخبارات جاسۇسلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك، پۇل ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئامېرىكا ف ب ئا قولغا چققىدەك بىر نىمە چىققىدىغان ك گ ب نىڭ ئىككى نەپەر جاسۇسىنى قولغا ئالدۇ. خەلقارا تېلفون تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئاستىدىكى بىر ئامېرىكا ستراتېگىيىلىك ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىدا مەخپى ئىش قىلىدىغان بىر قۇرۇلۇشتا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان جون بۇ جەنكو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا شۇنىڭدەك يادرو قورالرى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان پولكوۋنىك ۋېلھېلم شۇلۇن ئىدى، 1967-يىلى بىر يىل ئىچىدىلا نيويورك ئىستىخبارات پونكىتىغا 114 پارچە ، جەمئىي 7967بەتلىك پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات تىپىدىكى ھۆججەت بىلەن تەمىنلىگەن. مەخپى بولمىغان ھۆججەتلەردىن 30131 بەتپارچە بولۇپ جەمئىي 181454 بەت شۇنىڭدەك 71 پارچە ئەڭ يېڭى تېخنىكا ئەۋرىشكىسى بىلەن ۋە باشقا ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلىگەن. ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتى مەركەزگە يوللىغان مەخپى ھۆججەت

سانى جەمئى 37 پارچە بولۇپ (جەمئىي 3944بەت) مەخپى بولمىغان هۆججەتتىن 1408 نۇسخا (جەمئى 34506 بەت) ئەۋەتكەن.

ئەمما بەزى قىممەتلىك ئامېرىكا پەن تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى سوۋېتلىكلەر باشقا ئەللەردىكى ئىستىخبارات پونكىتلىرىدىن توپلىغان. بۇلاردىن مۇھىم دەپ قارالغانلىرى كومپيۇتېر تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئىستىخباراتلار ئىدى. روزۋېلتنىڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى پايدىلىق تېخنىكا غەرپ ئەللىرىنىڭكىدىن بەكلا كەينىدە قالغان ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1953-يىلى ئىشلەپ چىقارغان سىناق ماشىنىسى ب ئې س م-1نى بىر غەرپ مۇتەخەسسىسى نىڭ باھالىشىچە ئۇنىڭ ھېسابلاش قابىلىيىتى غەرپنىڭ 1951-يىلى ئىشلەپ چىقارغان ئۇ ن ئى ۋ ئا س -1 كومپيۇتېرىغا قارىغاندا، يوقۇرى ئىكەن. ئەمما 1959-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ب ئې س م -2 كومپيۇتېرىدىن ھېساپلاش تېزلىكى ئارانلا 1955-يىلى ئىشلەپ چەقارغان ئى ب م – 7094 ھېسابلاش ماشىنىسى تېزلىكىنىڭ 3 تەن بىرىگىلا تەڭ كېلىدىكەن. 1959-يىلى [299] ئىشلەپ چىقارغان ئاي بى ئەم – 7090 نىڭ 16دىن بىرىگە تەڭ كېلەلەيدىكەن. پارىژ تەڭ دەرىجىلىك كومىتېت (ناتو ئەزاسى بىلەن ياپونىيەدىن تەشكىل تاپقان ئامبارگو كومىتېتى) سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلغار تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىگەن. غەرپتىن قانۇنلۇق بىر شەكىلدە كومپيۇتېر ئىمپورت قىلىش سوۋېتنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان كومپيۇتېر جەھەتتىكى ئىلغارلىقىدىن كۆپ پەرىق قىلىپ كەتمەيتتى. 60-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى غەرپنىڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسى جەھەتتىكى پەرقنى تولۇقلاپ تەڭ دەرىجىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاسۇسلۇق پائالىيەتلەرگە تايانماي بولمايتتى. ك گ ب قولغا كەلتۈرگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى كومپيۇتېر تېخنىكا ئىستىخباراتلىرى خەلقارا سودىدا ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر شىركىتىدىن كېلەتتى. 60-يىللىرى دۇنيادا ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ كومپيۇتېرلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگى، يەنە شۇ خەلقارا سودىدا ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتىنى قوللىناتتى، مىتروخىن خاتىرلىۋالغان خەلقارا سودىدا ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر

شىركىتىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان جاسۇس چار رۇسىيىدە تۇغۇلغان كېيىن فىرانسىيە گىراژدانلىقىغا ئۆتكەن ئارۋار ئىدى، كۆپ سانلىق ئامېرىكا پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات جاسۇسلىرىنىڭ ك گ ب مەخپى ئارخىپ 12 گە ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سوۋېت ئۈچۈن تەمىنلەيدىغان پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلار ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ تەرەققى قىلدۇرغان جاسۇسى ئارۋار بىر ئېھتىمالدا ك گ ب دا ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات جاسۇسى ھېسابلىنىدۇ. 50-يىللاردا ئۇ خەلقارا ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر شىركىتى پارىژغا قۇرغان ياۋروپا باش شىتابىنىڭ ئالى دەرىجىلىك خادىمى ئىدى. 1958-يىلى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىستىخبارات كەسپى نەتىجىسى سەۋەبىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قىزىل بايراق ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. 70-يىللىرى پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن، ئارۋار ئىزچىل تۈردە ك گ ب دا ئىشلەيدۇ، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئىستاندارت كومپيۇتېر شىركىتىدە ئۇنىڭغا پېنسىيە مائاشىنى بەرگىنىدىن باشقا، ك گ ب ھەر ئېيىغا ئۇنىڭغا يەنە 300 دوللار بېرىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ مەركەز ئۈچۈن بىلىمىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللار بېشىدا، سوۋېتنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىنىڭ كىرىستال تۈپى ياساش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئىستىخباراتىنىڭ ك گ ب ئارخىپلىرىدا خاتىرلىنىشىچە، بۇ تۈر ئىستىخباراتلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتىنى بىر يېرىم يىل ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار يەنە كومپيۇتېر تورلاشتۇرۇش سىستېمىسى جەھەتتە ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ تېخنىكىلار كېيىنچە، سوۋېت دۆلەت مۇداپىيەسىنىڭ تەقلىت قىلىنىشى ئۈچۈن پايدىسى تېگىدۇ، بۇ كىرىستال لامپىلارنىڭ ياسىلىش، ۋە كومپيۇتېرلارنىڭ تورلىنىش سىستېمىسى جەھەتتە ئىستىخباراتنىڭ تەمىنلىنىشى، پۈتۈنلەي دېگىدەك ئاۋاردىن كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. 1964-يىلىدىن

باشلاپ، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتى يەنە ئامېرىكىنىڭ دېكىساس سايمان شىركىتىگە بىر پارولاسى كىرود بولغان جاسۇسنى كىرگۈزۈۋېتىشكە سەۋەپ بولىدۇ. سوۋېت ئۈچۈن ستاندارت كومپيۇتېر شىركىتىدىن ئىستىخبارات ئوغۇرلاشتا جاسۇستىن يەنە بىرسى بىر نەپەر نېمىس بولۇپ ئۇنىڭ پارولاسى كۆن ئىدى. 1960-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە، خەلقارا ستاندارت كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ يەنە بىر ياۋروپا شىركىتىنىڭ ئاستىدا ئىشلەيدىغان كۆن يۆتكەش چەكلەنگەن بىر ماتېرىيالنى ۋە ئەۋرىشكىسىنى 124مىڭ دوللارغا سېتىپ ئالىدۇ. ھەمدە ئۇ نەرسىنى ك گ ب غا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. 1961-يىلىدىن 1962-يىلغىچە ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى ئۇنىڭ بۇ سايمانلارنى سېتىۋالغىنى ئۈچۈن ئىككى قېتىم سوراققا تارتىلىدۇ. ئەمما ھەر قېتىمدىلا باش ئەلچىخانىنى رازى قىلغىدەك جاۋابنى بېرىپ قۇتۇلىدۇ. ئاۋارنىڭ نىيىتى باشقا بولغىنى ئۈچۈن، كۆن، ك گ ب دىكى خىزمىتى ئاساسلىقى ئىختىسادى جەھەتتىكى سەۋەپلەر بولغاچقا، ھەر قېتىمدا ماسىراپىنىڭ 10% تىدىن 15%تىگىچە پايدا ئۈندۈرىۋالاتتى. كېيىن ئۇ، ب د ت ئۈچۈن ۋە باشقا نۇرغۇن ئەللەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 12 نەپەر يول كۆرسەتكۈچ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، سوۋېتلەر ئۇنى ئىنتايىن مۇھىم ئىستىخبارات مەنبەسى قىلىۋالغان. ئۇ پىنسىيىگە چىقىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1982-يىلى، ك گ ب ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاۋال، ك گ ب ئۇنىڭ بىلەن جەمئىي 150قېتىمدەك ئۇچرۇشىدۇ. سوۋېتلىكلەر ھەر دائىم ئامېرىكا كارخانىلىرىدىن كۆپ قىسىم نەرسىلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىيىسى بىلەن دېگۈارلاشقانلىقىنى ئۇلاردىن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى توپلاش، بۇ ئىستىخباراتلارنى توپلاشقا قارىغاندا قىيىن بولىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. 1965-يىلى ھۆكەت تەرەپ تەنقىتلەپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ. ھەر قېتىم ئوغۇرلاپ كەلگەن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلار دائىم پايدىلىنىشسىز ھېچ بولمىغاندا 2-3 يىل ئۈزىراپ كېتەتتىكەن. شۇندىلا ئاندىن ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا قويالايدىكەن. ۋاھالەنكى ك گ ب ئوغرىلاپ كەلگەن كومپيۇتېر

www.uyghurkitap.com

تېخنىكىسى بولغان ئىكەن، راسا رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ۋاقتىمۇ بەك بولۇپ كەتسە غەرىپتىن تولا بەك كېيىن قالمىغۇدەك، ئوتتۇرلۇقتا پەرق پەيدا بولىشىدىكى سەۋەب ھەرگىزمۇ سوۋېتلەردە ئالىم ياكى ماتىماتىك يېتەرسىزلىكىدىن بولمايدىكەن. ئاساسلىق سەۋەب خۇددى بىر كانادالىقنىڭ 1968-يىلى يازغىنىدەك،

*"سوۋېت كومپيۇتېر ئىلمىنى چۈشىنىدىغان غەرپلىكلەرنىڭ ھەممىسى شۇنى ئىسپاتلىيالايدۇكى، بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىمىز ئالاھىدە، بۇ ساھەدىكى بىلىمىمىز ئىنتايىن تولۇق بىلەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. سوۋېت ئىتتىپاقى، كومپيۇتېر ئىشلىرىدا ئۇزۇنغىچە كەينىدە قېلىپ كەلدى، سەۋەب، پىلانلىق ئىگىلىك سىستېمىمىزدىكى سەۋەبتىن كەلمەكتە. گەرچە سوۋېت ئالىملىرى ئالاھىدە يوقۇرى مەخسۇس كەسپلىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە. ك گ ب مۇ نۇرغۇن پەن تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى ئوغۇرلاپ كېلەلىدى. ئەمما سوۋېتنىڭ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ يېڭىلىق يارىتىش مۇرەككەپ مەمورى باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ. ئىنكاسى ئاستا بولغان بىيروكراتلاشقان مەمورلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىشى شەرت ئەسلىدە ھەربىي سانائەت كومىتىتى ئۆنۈملۈك بولمايدىغان غەرىپتىن ئوغۇرلاپ كېلىنگەن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلارنىڭ قوللىنىشىتىكى مەسئولىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى شەرت. ئەمما ئۇلار ھېچقاچان ئۇنداق قىلمىدى. دەل ئەكسىنچە بۇ كومىتىتنىڭ رەئىسى سىمىرنوف يەنە ك گ ب نى ئەيىپلەپ يېتەرلىك ماتېرال بىلەن تەمىنلىمىدىڭلار دېيىشىدۇ. 1965-يىلى ئاۋىرىلدا ك گ ب رەئىسى سېمىچاستنى خېتىدە مۇنداق دەيدۇ. ھەربى سانائەت كومىتىتى2 يىل ئاۋاللا ك گ ب غا چۈشەرگەن ئەڭ مۇھىم پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات ۋەزىپىسىنىڭ بىرىمىنى تاماملىيالمىدى.*

ئەسلىدە، ھەربىي سانائەت كومىتىتى ئۆنۈملىك پايدىلىنىشقا بولمايدىغان غەرىپتىن ئوغۇرلاپ كېلىنگەن پەن تېخنىكا ئىستىخباراتلاردىن تولۇق پايدىلانماسلىق جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۆستىگە ئېلىشى شەرت ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە بۇ كومىتىت رەئىسى سىمىرنوف يەنە تېخى ك گ ب نى ئەيىپلەپ يۈرىدۇ.

ئۇلار بىزگە يېتەرلىك پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى بىلەن تەمىنلىمىدى دېمەكتە. 1965-يىلى 4-ئاپرىلدا ك گ ب رەئىسى شېمىخاستىنىيغا يازغان خېتىدە، سېمىرنوۋ مۇنداق دەيدۇ. ھەربى سانائەت كومىتېتى 2-4 يىل بويىنچە ك گ ب غا چۈشۈرگەن ئەڭ مۇھىم پەن-تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمىنى ئورۇندىيالمىدى.[301] شېمىچاستىنىي يازغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق دەيدۇ، ك گ ب تەدبىر قوللىنىپ ھەربى سانائەت ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئۇ يەنە سېمىرنوۋنىڭ ئامېرىكىدىن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى توپلاشنىڭ قىيىنچىلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلىشىنىمۇ تەنقىتلەيدۇ. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە ۋە غەربى گېرمانىيىلەرنىڭ ھەممىسىلا پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئوخشاشلا ئۇزۇن مەزگىللىك مۇستەھكەم ئىلگىرلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەربى سانائىتى ئىشلار كومىتېتى بۇ ئەللەرگە تېخىمۇ كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئامېرىكىغا قارىتىلغان پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات جاسۇسلىرى ئارگېنتىنا، ئاۋۇستىرالىيە، برازىلىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، ھىندىستان، شۇنىڭدەك ئىسرائىلىيە، لىۋان، مېكسىكا، ماراكەش، نورۋېگىيە، شىۋىتسارىيە، تۈركىيە، ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىك جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۈچىنچى دۇنيادىكى بىر قىسىم ئەللەرگە ئادەم ئەۋەتتى.

گەرچە سىمورنوف تەنقىت قىلغىنى بىلەن، ئومۇمى جەھەتتىن ئالغاندا، ك گ ب نىڭ پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى يىغىش جەھەتتە ئالاھىدە ئۇتۇغلۇق بولغانلىقىنى ئېيتالايمىز، خۇددى سىمىرنوۋنىڭ ئېيتقىنىدەك، نۇرغۇن تۈرلەر بويىچە بىر قانچە يىل ئىچىدە، بىرىنچى باش ئىدارە ھەربى ئىشلار سانائەت كومىتېتى ۋەزىپە قىلىپ چۈشەرگەن ۋەزىپىلەرنىڭ يېرىمىنى ئورۇندىدى. ئەمما 20يىلنىڭ ئالدىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەر ـ مەركەز ئوخشىمايدىغان جاسۇس ئارقىلىق ئاتوم بومبىسى تەتقىقات پىلانىدىن ئىبارەت، دۇنياۋى خاراكتېرلىق ئاتوم ئېنېرگىيە پەن-تخنىكا مەخپىيەتلىكىنى ئوغۇرلىيالىدۇق. يەنە باشقا بىر قانچە جاسۇسلاردىن ئاتوم ئېنېرگىيىسىگە دائىر ئىستىخباراتىدىن مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مەركەز ئۆتكەن 20-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسىرنىڭ 60-يىللار باشلىرىشىچە بولغان ئارىلىقتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىمۇ يەنىلا كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يەرلىرى بار. چېرىكلىشىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. روزۋېلىت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىر مۇھىم تارماقلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىشلەرنىڭ كۆپۈنچىسىدە جاسۇسلار ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتىكى بىرلىك ئاساسىدا كىرگۈزۈلگەن ۋە ئۇلار شۇ ئاساستا سوۋېت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئىدى. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ئۇ كۈنلەردە دۇنيادىكى تۇنجى ئىشچى دېھقان ھاكىمىيىتى بولغاچقا، يېپ يېڭى بىر سوتسىيالىزىم قۇرۇش يولىنى ئېچىپ بەرگەن ئىدۇق. ئۇلار ستالىن رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيىنىڭ سىھىرلىك قىياپىتى تەرىپىدىن ئۇ ئۇرۇش يىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ غايىسى ئۈچۈن ئىستىخبارات خىزمىتى بىلەن ھەپىلەشكەن كىشىلەر مەخسەتلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرى ئىستەپ كېلىپ دۆلەت مۇداپىيىسىنىڭ چوڭ بېشى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ كەسپى مەخپىيەتلىكىنى چىرىگەن مەمۇرلار ئورنىغا دەسسىتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرىدىغان غايىلىك ئامېرىكىنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭغا ئىگە جاسۇسلىرىنىڭ ئىشلىيەلەيدىغان ئالتۇندەك دەۋرى بۈگۈن كەلمەسكە كەتتى. گەرچە ك گ ب دىكىلەر بۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ، بۇ بىر ئەمەلىيەت.[302]

# ئون ئىككىنچى باپ
# «ئابېل»دىن كېيىنكى ئىشپىيون

1966-يىلى ئامېرىكىدىن ئېلىنغان ئالىي دەرىجىلىك سىياسىي ئىستىخباراتلار بەكلا يېتەرسىز بولغاچقا، ك گ ب ئىجرائىيە كومىتېتى-يەنى ك گ ب رەئىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلەر قۇرۇلمىسى ـ "ئاساسىي رەقىب" كە قارىتىلغان ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئىجرائىيەت كومىتېتىدىكىلەر تەكلىپ قىلغان ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ ئاساسىي تەدبىرىنى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىكى مەغلوبىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەن ئۇ تەدبىرلەرنى: بۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە بىر قاتار مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، نيويورك، ۋاشىنگتون ۋە سان فرانسىسكو كونسۇلخانىلىرىدا ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىستىخبارات قابىلىيەتلىرىنى قۇرۇپ چىقىش بولىشى كېرەك.

تا "رۇدولف ئابېل" قولغا ئېلىنىپ 6 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ك گ ب ئاندىن ئامېرىكىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇردە بىر دانە مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنى قۇرۇپ چىقالىدى. گەرچە بەزى ئىشپىيونلار ئامېرىكا ياكى ئامېرىكا ئارقىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرالىغان بولسىمۇ، مىتروخىننىڭ خاتىرىلىگەن ئارخىپلاردا خاتىرلەنگەن تۇنجى مەخپىي پونكىت باشلىقى كنوف ئىدى. بۇ كىشى گېرمانىيىلىك بىر موسكۋالىق ئادەم ئىدى. ئۇ 1912-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، 1917-يىلى سودېتتىن رايوننىڭ لەيشىنبۇرگدا تۇغۇلغان (بۇگۈن ئۇ يەر چېخ جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بىر رايون) گېرخاد ماكس كېلى دېگەن نېمىس كىملىكىدە يۈرىدۇ. كنوف دېگىنى بىر ئۇرۇشتا مېڭىسى يۈيۈلغان پىشەدەم ئەسكەر بولۇپ، ئۇ يەنە بىر رادىئو مۇتەخەسسىسى. 1955-يىلى ئاپرېلدا ك گ ب غا

www.uyghurkitap.com

كېڭەيتىلىشىدىن ئاۋال ئۇ بىر لېنىنگرادلىق بىر تەجرىبىخانىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. جاسۇسلۇققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، كنوف گېرمانىيە كىملىكىنى چىقىرىش ئۈچۈن، شەرقى گېرمانىيىدە 4 يىل تۇرۇپ ئېنجېنېرلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ كېيىنكى نىشانىسى بولغان غەربى گېرمانىيە، يەنى ئاخىرقى نىشانى ئامېرىكىغا بېرىپ چوڭقۇر تەتقىقات بىلەن شوغۇللىنىدۇ. ئىشپىيونلارغا جۇپ تېپىشقا ماھىر بولغاچقا گېلى كنوفقا بىر نېمىس ئايالىنى تاپىدۇ.[303] ھەمدە ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى بولىدۇ. بۇ ئايال بۇرۇن دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ ئامانلىق مىنىستىرلىكىگە ياللىنىپ ئىشلىگەن، ئۇ يەردىكى پارولاسى ئەيما ئىدى. ئۇ 1928-يىلى 2-سىنتەبىر دە بىلىسلاۋدىكى (بۈگۈنكى پولشا ئىچىدىكى ۋروتسلاۋ دېگەن يەر) ئەيرنا خېرۋا مارىيا دېكىر دېگەن سالاھىيەت بىلەن يۈرىدۇ.

1959-يىلى ئۆكتەبىردە، كنوف بىلەن ئەيما شەرقى گېرمانىيىلىك قاپتىدە ياسىنىپ گېرمانىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە كېلىدۇ، غەربى گېرمانىيىدە كنوف سىمسىز رادىئو شىركىتىنى تېپىپ ئىنجېنېرلىك خىزمىتىگە كىرىدۇ. 1962-يىلىدىن باشلاپ، ئۇ ئامېرىكا رادىئو ۋە ئېلېكترون شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. نۇرغۇنلىغان شىركەتلەر ئۇنى ئىشقا ئېلىشقا ماقۇل دەيدۇ. ئۇ ساياھاتچى قىياپىتى بىلەن ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ بىر شىركەتنىڭ ئىشقا تەكلىپ قىلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ شىركەت 1963-يىلى ئۇنىڭغا ۋە ئەيماغا كۆچمەنلىك كىملىكىنى بېجىرىپ بېرىدۇ. كنوف ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئامېرىكىغا مەخسۇس پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى توپلاشقا ئەۋەتىلگەن ئىشپىيون ئىدى. ئېلېكترون ئۆلچەش ئاپاراتى جەھەتتە كەسپى خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ نۇرغۇن قېتىم خەلقارا خاراكتېرىدىكى يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىدۇ. شۇنىڭدەك — ئۇنىڭ ئارخىپىدا يېزىلىشىچە، — ئۇنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك كەشپىياتىمۇ بار بولۇپ، مەركەز كنوفنىڭ تەمىنلىگەن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنىڭ قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئىككى قېتىم ك گ ب نىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. كنوف بىلەن ئەما ئىككىسى گېرخاد بىلەن ئېرنا كلىنىڭ

كىملىكى بىلەن ئامېرىكىدا 7 يىل ياشىغاندىن كېيىن، 1970-يىلى20-يانىۋار كۈنى ئامېرىكا گراژدانلىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. نىيويوركتا ھۆكۈمەت ئورنى جايلاشقان يەردە ساداقەت قەسەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

1963-يىلى، كنوق ئامېرىكىغا يېتىپ بارغان ۋاقتىدا، مەركەز كاناداغا باشقا ئىككى نەپەر ئىشپىيون كىرگۈزۈپ بولغان ئىدى. مەركەز ئۇلارنى كېيىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىشنى پىلان قىلىدۇ. كانادادىكىلەرنىڭ بىرسى نىكولاي نىكولايېۋىچ بىتىنوف (پارولاسى ئېپوت) ، 1961-يىلى كاناداغا كەلگەن. ئۇنىڭغا يالغان كىملىك تەييارلاش ئىشى بەكلا مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. ئاۋال مەركەز بۇنىڭ ئۈچۈن ئولىپود لانپود دېربۇلۇك دېگەن بىرسىنىڭ ئىسمىنى تاللايدۇ. بۇ كىشى 1899-يىلى ئۆلگەن. ئاندىن مەركەز دېربۇلۇكنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ياساپ چىقىدۇ. مەركەز دېربلۇك ئۈچۈن لايىھىلىگەن ئايال بىر رومىنىيىلىك ئايال بولۇپ، ئۇلار گېرمانىيىنىڭ لېۋىچ (بۈگۈنكى پولشا چېگرىسى ئىچىدە)، 1931-يىلى دېربلۇك رومىنىيىدە ۋاپات بولىدۇ. ئۇ بار ۋاقىتلاردا بۇ ئەرخۇتۇن ئىككىسى ھامىلە قېلىپ "جان لېيوپولد دېربلۇك" ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ.[304] بىتېنوف ئىشلەتكەن ئىسىم دەل شۇ جان لېيوپولد دېربلۇكنىڭ سالاپىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى نىنا (پارولاسى گىلا)، ئۇلار ئىشلەتكىنى "ئۆلگەن ئىككى يۈزلىملىك سالاپەت بولۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى يانىنا باتالوۋسكايا بولۇپ، 1928-يىلى فىرانسىيىدە تۇغۇلۇپ، 1956-يىلى لىتىۋىيىدە ئۆلگەن.

1956-يىلىنىڭ باشلىرىدا، 30 ياشلىق بىتىنوف بىلەن ئايىلى رومىنىيىگە كېلىدۇ. رومىنىيىنىڭ بىخەتەرلىك ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنىدىغان سالاھىيىتى تۈزۈلىدۇ. 1957-يىلى ئاۋىرىلدا، مەركەز ئۇيىدۇرغان ھۆججەتلەر بىلەن ئۇلارغا ئوخشۇشلۇق تۈردە بىلگىيىدە تۇرۇشلۇق بوخارست دېپلوماتىك ئەلچىخانىسىنىڭ پاسپورتىغا ئېرىشىدۇ. 6 ئايدىن كېيىن، ئۇلار جەنۇەگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە بىتىنوف بىر سودا مەكتىۋىدە غەرپ ئەللىرىدە قانداق تىجارەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىدۇ. 1958-يىلىنىڭ كېينكى يېرىمىدىن 1961-يىلىغىچە، بىتىنوف لېپر كەنتىدە تۇرىدۇ. ئۇ يەردىن بىلگىيە

www.uyghurkitap.com

گراژدانلىقىنى ئالدۇ. ھەمدە بىلگىيە تارقاتقان يېڭى پاسپورتقا ئېرىشىدۇ. ئاندىن بۇخارىستتا بەرگەن پاسپورتقا ئوخشىمايدىغان يېرى، يېڭى پاسپورتتا ئۇلارنىڭ رومىنىيىدە ياشىغان ۋاقتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى تولدۇرۇلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ شىمالى ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىنكى يولۇققان ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ گۇمانلىنىش ئېھتىمالىدىن قۇتۇلىدۇ، 1961-يىلى مارت ئېيىدا لىر كەنتىدە تۇغۇلغان ئوغلى بىلەن بىتېنوف ئەر خوتۇن كاناداغا كۆچۈپ بارىدۇ.

مەركەز بەلكىم ئۇلارنىڭ كانادادا بىر قانچە يىل تۇرغىنىدىن كېيىن ئامېرىكىغا بېرىۋېلىشىنى ئويلايدۇ، ئەمما ئالدى بىلەن، 10 يىل بۇرۇنقى بۇلىك (پارولاسى خارت) قا ئوخشاش، ئۇ ئاۋال كانادادا سودا نىقابىغا پۈركۈنگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. گەرچە بىتېنوف ئىلگىرى جەنۋەدە سودا دەرسلىرىدىن بىلىم ئاشۇرغان بولسىمۇ، سودىگەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كەم كۆستىسىز بىر مەغلۇب بولغان بىرسى ئىدى. بىر قېتىمدا، ئۇ، ك گ ب ئۇنىڭغا بەرگەن 2000 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن بىر شىركەت قۇرغان بولۇپ، كان ئېچىش ھوقۇقى بار بىر يەر سېتىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ يەرنى كان قازغۇچى بىر كان شىركەتكە سېتىپ بېرىدۇ، ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شىركەت ۋەيران بولىدۇ، كېيىندىنلا ئۇ يەنە 2000دوللارلىق مەبلەغ بىلەن بىر ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ۋاكالەت شىركىتىنىڭ شىركەت باشلىقى بولىدۇ، ئەمما يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن بۇ ۋاكالەتەن شىركەتمۇ ئىلاجىسىزلىقتىن توختىتىلىپ تارىلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەبلەغ سېلىشىغا دەسمايە سەرىپ قىلىشىنى خالىمىغان مەركەز ئۇنىڭغا باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەشنى توختۇتۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ، بىتىنوف شۇندىن كېيى بىر مەزگىلگىچە ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى ئېلىش بىلەن بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما بىتىنوف ئاچچىغلانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ئىش ۋاقتى ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئېلىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئۇ ئاساسەن ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنالماي ئۆتىدۇ، 1969-يىلى بىتىنوف ئاخىرى ھېچ بىر ئىشنى قامالاشتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى موسكۋاغا چاقىرتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.[305] ئىككىنچى يىلى مەركەز ئۇنىڭغا بىر

مىقدار پىنسىيە پۇلى بېرىدۇ. ھەمدە ئۇ 45 ياش ۋاقتىدىلا مۇددەتتىن بۇرۇن پىنسىيىگە چىقىرىشىدۇ. مەركەز ئۇنىڭغا شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى زېرىكمەي كۈچ چىقىرىپ دەسمايە سېلىشىغا قاراپ، بىتىنوفنىڭ شىمالى ئامېرىكىدا ئالاھىدە ئىشپىيونلۇق تورى قۇرۇشقا كۆرسەتكەن غەيرىتىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرىدۇ.

بىتنوف 1962-يىلى يانۋاردا كاناداغا بارغىنىدىن كېيىنكى 7 ئاي كېيىن، يەنى بىر پارولاسى دوگلاس بولغان سوۋېت ئىشپىيونى ئايالى ۋە 4 ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ مونتىرىيال ئايرودرومىغا يېتىپ بارغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. دوگلاسنىڭ ھەقىقى ئىسمى كاربا ۋالۇشكىن بولۇپ، ك گ ب نىڭ چېخسلوۋاكىيىدىكى بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تەرەققى قىلدۇرۇلغان چېخ چېگرا مۇداپىيە ئەسكىرىنى ئىكەن، ئۇ بۇ يىل 33 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنى رۇدولف ئاربىت ھېرمان دېگەن كىملىك بولۇپ، بۇ ئادەم ئەسلىدە سۇدېتلاندلىق بىر نېمىس ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆلگەن. مەركەز خېرماننىڭ تەرجىمىھالىنى قايتىدىن تۈزغۇزۇپ، ئۇنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئەمەس بەلكى شەرقى گېرمانىيىگە يەرلەشكەن قىلىپ تەييارلايدۇ. كېيىن ئۇنى كومپارتىيىنىڭ دىكتاتۇرلىقىدىن قېچىپ غەرپى گېرمانىيىگە پانالىنىپ قېچىپ بېرىۋالغان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى يىڭگا (پارولىسى گېردا) سۇدىتلاندتا تۇغۇلغان بىر نېمىس ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھەممىسى گېرمانىيە دېموگراتىك رېسپۇبلىكىسىغا قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قۇللانغىنى "ئۆلگەن قوش تەرەپلىك ئادەم" سالاھىيىتىدە ئىدى، بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى گالور نورك بولۇپ، ستېتىنىڭ بومبادىمان قىلىنغاندا ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىكەن، 1957-يىلى ۋالوشكا ئائىلىسى بىلەن غەرپى گېرمانىيەگە قېچىپ بېرىۋالغىنىدىن كېيىن، بىز شەرقى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە بەكلا ئۆچمىز دەپ ھەدەپ داۋراڭ قىلىدۇ، ئۇلار غەرپى گېرمانىيىدە 4 يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كومۇنىزىمغا قارشى مۇساپىرلىق قىياپىتىنى كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ۋالۇشكا تىجارەت قىلىشتەك ئۇششاق سودا ئىشلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كانادادا ۋالۇشكىننىڭ تىجارىتى بىتونوفنىڭكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاشكارە خاتىرىسىدە (بۇ خاتىرىدە ئۇنىڭ ھەقىقى سالاھىيىتى يېزىلمىغان.) ئېيتىلغاندەك ئۇنچىۋالا ئۇتۇغلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. كاناداغا بېرىپ ئۇزۇنغا قالماي، ۋالۇشكىن بىلەن ئايالى (ئۇلارنىڭ ئاشكارە كىملىكلىرى خېرمان ۋە ئېڭكا خېرمان) تورونتو شەھەر مەركىزىدىن بىر "خالودىنامىد داڭلىق يېمەكخانا"دىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى كانادا رادىئو شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى دائىم يىغىلىدىغان يەرگە ئايلاندۇرىدۇ. ئىككى يىل كېيىن، ۋالۇشكىن بۇ كىچىك تاماقخانىنى سېتىۋېتىپ، كانادا رادىئو شىركىتىدىن بىر ئاۋاز تەڭشىگۈچ كەسپىدىن بىرگە ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. ھەمدە ئۇ يەردە فىلىم لېنتىغا ئېلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى مۇھىم ئەسىرى لىبېراللار پارتىيىسى ئۈچۈن تەشۋىقات فىلىمى ئىشلەش ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى ئوتتۇرلىرىدا، ئۇ قارشى ئېلىنىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك رېژىسورغا ئايلىنىدۇ. 1970-يىلى لىبېراللار پارتىيىسى رەھبىرى پيېر تىرودونىڭ نۇتۇق سۇپىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ[306] چاخچاق قىلغاندەك بىر تال ئۈزۈمنى "رودى خېرمان"نىڭ ئاغزىغا ئېتىپ كىرگۈزىدۇ. مۇنداق قارىماققا ۋالۇشكىننىڭ تىجارىتى بەكلا ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ك گ ب نىڭ ئارخىپىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ تىجارىتىدىكى زىيىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مەركەز ئۇنىڭغا 10 مىڭ دوللار تولۇقلىغان.

1967-يىلى، ۋالۇشكىن ك گ ب نىڭ كانادادىكى ئەڭ مۇھىم جاسۇسى شى خانبۇلتون (پارولاسى رادوف) نىڭ يېتەكچىسى بولىدۇ. 1961-يىلى خانبۇلتون بىخەتەرلىك سەۋەبىدىن ناتودىكى ئىشىدىن قالدۇرۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھېچقانداق بىر ئەيىپلىنىشكە ئۇچرىمايدۇ. شۇندىن كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە، خانبۇلتون لوندون ئىقتىسادى ئىنىستىتۇتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئوقۇيدۇ. 1967-يىلى ئۇ كانادانىڭ ۋېيبېك ئۆلكىسىگە بېرىپ لاۋار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىختىساد فاكۇلتېتىدا پروفېسسور بولىدۇ. ۋىنېكقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خانبۇلتوننىڭ ك گ ب بىلەن ئالاقىسى ئازىيىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇرۇن ئوتتاۋادا سوۋېت ئاشكارە

ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ بىر خادىمى بىلەن 3 قېتىم كۆرۈشىدۇ. ھەر قېتىم كۆرۈشۈشتە ئۇلار پوچتىخانا بىناسىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ماشىنىدا ئۇچرىشاتتى. ئەمما خانبۇلتون بۇ يېڭى يېتەكچىسىنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ يېتەكچىسى ھەردائىم ئۇنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدىن بىر ئىش تېپىۋالساڭ دەپ تۇرىۋالاتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خانبۇلتون ۋاقتىدا ئوتتاۋاغا بېرىپ ك گ ب خادىملىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگىنى ئۈچۈن، ۋالۇشكانى ۋېبېككە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە تىكلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ڤۇگەنشىنىڭ لاۋرىنس دەرياسىنىڭ ڤۇلۇڭتېناك داچىسىدا بىرلىكتە كەچلىك تاماق يەيدۇ. ئۇ ئىككىسى دوستانە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. خانبۇلتون داۋاملىق تۈردە ك گ ب ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى بىر قانچە يىلدا، خانبۇلتون بەكلا كۆپ يەرلەرگە بارغان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە بىر تەرەپتىن ئىلمى تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىنك گ ب ئۈچۈن ئىشلەيتتى. ۋالۇشكىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تا 1975-يىلغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار تېرىندا، خايدى، كانادا ۋە ئامېرىكىدا ئۇچرىشاتتى. ئەمما خانبۇلتوننىڭ بارغان يەرلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا كۆپ بولغاچقا، ك گ ب بەكلا كۆپ مەخسۇس دېلو خادىملىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىقلا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشالايتتى.

1968-يىلى، كانادا گراژدانلىق كېنىشكىسىگە ئېرىشىپ بىر يىل ئۆتكەندە، ۋالۇشكىنلار ئائىلىسى ئامېرىكىغا بېرىۋالىدۇ. ئۇلار نيويوركتا يېڭى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى بىرىنچى ك گ ب ئالاقىلاشقۇچىسى ئىۋانوۋا بولۇپ، بىر ياش ئۇرۇس قىزى ئىدى. ئىۋانوۋا ئىلگىرى ك گ ب 2-باش ئىدارىسىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى بىر جاسۇسى ئىدى. كېيىن ئۇنى بىر ئامېرىكىلىق بىلەن توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىپ (ھەتتا ئۇنى بۇ جەھەتتە قىزىقتۇرىدۇ) ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېتىشىگە رۇخسەت بېرىدۇ. ئىۋانوۋا ۋالوشكىنغا ئولتۇراقلىشىۋېلىشى ئۈچۈن 15000 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.شۇندىن كېيىن مەخپى تۈردە بىر قانچە قېتىم كۆرۈشۈپ،

مەركەزنىڭ يولىيورىقىنى يەتكۈزىدۇ. ھەمدە ۋالۇشىكىنغا چېختىكى يېقىن تۇغقىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن خېتىنىمۇ ئالغاچ كېلىدۇ. ئۇۋانوۋا ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلدىن ۋالۇشىكىن 12000ئامېرىكا دوللىرىنى ئۆي زاكالىتىگە ئىشلىتىدۇ.[707] بۇ بىر يۇرۇش ئۆي نيۇيورك شەھىرىدىن 15مىل يىراقتىكى خاسىدەيدە بولۇپ، مۇھىتى ئىنتايىن تېنچ بىر يەر. بۇ پۇلغا تايىنىپ ۋالۇشىكىن يەنە نيۇيورك مۇخبىرلار كلۇبىغا ئەزا بولۇپ قاتنىشىدۇ، ھەمدە ئەركىن رېسىم تارتىش سودا خاراكتېرلىق رەسىمچى ئىشىنى قىلىدۇ. ك گ ب نىڭ ئۇنىڭغا بۇيرىغان بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى، خادىسون جەمىيىتىنىڭ ئەزالار ئەھۋالىنى دوكلاد قىلىش. بۇ دېگەن مەركەزنىڭ ئەڭ ھاياجانلىق ئىشلىرىدىن بىرى. ھەمدە شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ جەمىيەت ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن يەر شارى بويىچە، ھەمدە دۆلەت مۇداپىيە سىيستىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرىدۇر.

1962-يىلى ماي ئېيىدا، يەنى ۋالۇشىكىننىڭ كاناداغا يېتىپ بارغانلىقىدىن 3 ئاي كېيىن باشقا بىر سوۋېت ئىشپىيونى بوگۇنمۇ كاناداغا يېتىپ كېلىدۇ. بوگۇننى خۇددى دوگلاسقا ئوخشاش كانادادا تۇرۇپ قېلىپ كېيىن ئۇ يەردىن ئامېرىكىغا ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بوگۇننىڭ ئەسلى ئىسمى گېناجى پېتروۋىچ بۇلىيابۇلىن بولۇپ 38ياشلىق موسكۋالىق بىرسى. ئۇنىڭ ئىشلەتكىنى پىدىد كار فىشېر ئىسمىدىكى بىرسى ئىدى. فىشېر 1929-يىلى سوۋېيەدە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى نېمىس، ئانىسى بولغار ئىدى. خۇددى ۋالۇشكاغا ئوخشاش گىنناجى ئاۋال شەرقى گېرمانىيىدە سالاھىيىتىنى تاماملاپ، 1959-يىلى مۇساپىر قىياپىتىدە غەربى گېرمانىيىگە كەلگەن. مەركەز ئۇنىڭغا 10 يىلغىچە يەرلىشىشىۋېلىشقا مۇھلەت بېرىدۇ. قانۇنلۇق سالاھىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنن ئىشقىمۇ ئورۇنلىشىۋالغىنىدى. كېيىن، ئاندىن ئۇنى كاناداغا يوللىماقچى بولغان. 1961-يىلى 9-مارت كۈنى، ك گ ب نىڭ تەستىقىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شېرىكى لىنا بىلەن بىرگە خانوۋىيدا توي قىلىشىنى تەستىقلىغان، دېكابىردا ئۇلارنىڭ غەربى گېرمانىيە پاسپورت تەلىپى تەستىقلانغاندىن كېيىن، 5 ئايدىن كېيىن ئىككىسى كاناداغا ئاتلانغان.

ۋالوشكا رېۋسورلۇق پائالىيىتى بىلەن ئىقاپلىنىپ، بوريا بۇرىندا ئەركىن رەسىم تارتىش مۇخبىرلىقىنى تالىنىۋالغان. بۇ كەسىپ سەۋەبىدىن ئۇنى برۇنقى ئايالى بىلەن كانادانى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش ۋە باشقا جايلارنى ئايلىنىپ كېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. 1965يىلى فېۋرالدا، مەركەزنىڭ تەلىماتى بىلەن بۇريا بۇنىڭ ۋەزىپىسى ئامېرىكىنىڭ ئىستىخبارات ھەربى ئىشلىرىنى ، پەن-تېخنىكا ۋە سانائەت نىشانلىرىنى رەسىمگە تارتىپ كېلىش ھەمدە بۇ نىشانلار ھەققىدىكى ئىسستىخباراتلارنى يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمما 1968-يىلى، ئامېرىكىنىڭ مۇھىم جايلىرىنى تەكشۈرۈپ يۈرگەن ۋاقتىدا، بۇريان بۇرى ئامېرىكا ف ب ئاي نىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىدۇ. شۇڭا موسكۋا ئالدىراشلىق بىلەن بۇ ئەر ئايال ئىككىسىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.[308] كېيىن مەركەز ئامېرىكىنىڭ بۇريا بۇرىننى ئىستىخباراتچى فىننىڭ مەركەزگە يوللىغان بەزى دوكلادلىرى ئارقىلىق سىچى‌فىننىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ كارلو خېسرىن دەيدىغان ئامېرىكىلىق بىر يەرلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان. ئۇ 1919-يىلى قىبرىس (سىپىروستا) تۇغۇلغانلىقىنى ئۇنىڭ بېيروتتا بىر ئۇنچە مارجان دۇكىنى بارلىقىنى ھەمدە بەكلا كۆپ ئىشپىيونلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغان. مەركەز تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1968-يىلى 7-ئافرېل بىلەن 27-ئىيۇلدا بۇريا بۇرىندا خېسىنرىدىن مەركەزگە ئەۋەتىپ بەرگەن خەتلىرىنىڭ باشقىلارتەرىپىدىن ھورلاپ قۇرۇتۇلغانلىقىنى ۋە قايتا چاپلانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ.

بۇريا بۇرىننىڭ تۇيۇقسىز موسكۋاغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن يىلىسىنىڭ ئالدىدا، يەنە بىر سوۋېت ئىشپىيونى چى روجەنكې، بۇرۇنلا بۇريا بۇرىن بىلەم ئوخشايدىغان بىر سەرگۈزەشتىنى بېشىدىن كۆچەرگەنلىكىنى بىلىپ قالغان. خۇددى بۇريا بۇرىنغا ئوخشاشلا لۇجىەنكېمۇ بىر موسكۋالىق ئىدى. 1924-يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن ساختا گېرمانىيە كىملىكى بىلەن بىر قانچە يىلدىن كېيىن شەرقى گېرمانىيىگە بېرىپ بىر قانچە يىل تۇرىدۇ. ئاندىن غەرپى گېرمانىيىگە بارىدۇ. مەركەز ئۇنىڭغا

ئىشلەتكەن كىملىك خەيىن ۋولتېر ئوۋگوۋستېيىن فەدېرنىڭ كىملىك تونۇشتۇرۇشلىرى ئىدى. خەيىنس 1927-يىلى 6-نويابىردا كالىسكتا تۇغۇلغان، شەرقى گېرمانىيىدىكى ۋاقتىدا، ئۇ رويال ئاۋاز تەكشۈرگۈچ ۋە رېمونت كورسى كۆرگەن ئىدى. 1961-يىلى ئافرىلدا غەرپى گېرمانىيىگە بېرىپ كومپارتىيە ھاكىمىيىتىدىن قاچقان بىر مۇساپىر ئىدىم دەيدۇ. ئۇ دۇنيادىكى داڭلىق خامبۇرگ ستەيىن رويال ياساش زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاخىرقى نىشانىسىنىڭ ئامېرىكا ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما 1964-يىلى ئۇ لوندونغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇ يەردە بىر مۇزىكا شىركىتىدە ئىشلەيدۇ. ياكى مەركەز ئۇنى ئېنگلىزچە بىلەن پىششىق تونۇش بولغان بىرەر دۆلەتنىڭ مۇھىتىغا ئەۋەتكەن ئىدى.

لۇجەنكوۋ ئەنگلىيىدىكى بۇ جەرياندا ئاز قالسۇن ئوت بالا ئىچىگە پېتىپ قالغىلى. بىر قېتىم ئۇ بۇرۇكسېلغە بېرىپ ك گ ب خادىمى نى تېپىپ تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى ئالغىنىدىن كېيىن، دوكلاد قىلىنمىغان 500 فوند ستېرلىڭ نەق پۇل بىلەن لوندون شىمس ئايرودرومىدا تۇتۇپ قېلىنىدۇ. تەلىيىگە ئۇ خەيرىخالىق قىلغۇچى تاموژنا خادىمىغا ئۇچراپ قالىدۇ. لۇجىنكوۋ بۇ خادىمغا يالۋۇرۇپ بۇ پۇللارنى مەن نۇرغۇن يىل ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمدىن يىغقانمەن دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ پۇلىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۆزىمۇ ھېچقانداق بىر ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

1966-يىلى ئۇ ساياھەت ۋىزىسى بىلەن نيويوركقا بارىدۇ. ھەمدە ئۇ يەردە غەرپ رايونىدىكى 57-كوچىدىكى ستەيىنۋېي تارماق شىركىتىدىكى مانخاتتان سىناق كۆرسىتىش مەركىزىنىنى كۆرىدۇ. بۇ مەركەزدە ئۇ ھەپتىسىگە 80 دوللارلىق ئىش ھەققى بېرىدىغان بىر ئىشقا ئېلىنىدۇ. ستېينۋېي نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش رۇخسەتن قەغىزىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1967-يىلى ئىيۇل ئېيىدا، گېرمانىيە پاسپورتى بىلەن ئامېرىكىغا بېرىۋالىدۇ. نيۇيوركتا لجەنكوۋ[309] كۆپلىگەن داڭلىق كىشىلەرئۇچۇن رويال ئاۋاز تەكشۈرگۈچىسى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا نيۇيورك شىتاتىنىڭ شىتات باشلىقى نارسۇن روكفىللېرمۇ بار ئىدى. گەرچە 1964-يىلى ئۇ جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىنىڭ پرىزدېنت نامزاتلىقىغا سايلىنالمىغان بولسىمۇ، كېيىن ئامېرىكا مۇئاۋىن

پرېزىدېنتى بولالايدۇ.كېيىنكىسى 1969-يىلى پرېزىدېنت نىكسوننىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە كاتىپى بولىدۇ. (كېيىن يەنە دۆلەت ئىشلار مەسلىھەتچىسى خۇددى تاشقى ئىشلار مىنىستىرىدەك). 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا موسكۋا روكىپېللېرنى ھېنرىگ كىسىنگېرگە ئىقتىسادى ياردىمىگە ئېرىشكەن بىرسى دەپ بىلىدۇ. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتىدا دەرس بەرگەن ۋاقتىدا يەنە بىر تەرەپتىن نارسوننىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە كاتىپى بولىدۇ. ئاندىن كىسىنگېر نىكسون ھۆكۈمىتىگە كىرىشتىن ئاۋال نارسون كىسىنگېرغا 50000 ئامېرىكا دوللىرى خوشلىشىش سوغىتى قىلغان، ئۇنىڭ كالىلىسى بەك ئىشلەيتتى، كىسىنگىر نارسوننى باھالىغاندا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ كاللام بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشلەيدىغان بىر كاللا، ئەمما كىشىلەرنى كۆزىتىشىمدە 3-دەرىجىلىك بىر كاللا، دەيدۇ.

مەركەزنىڭ قارىشىچە، قارىغاندا لۇجەنكي بورجۇئازىيە تۈزۈمىنىڭ ئەڭ يادرولۇق جەننىتىگە كىرىۋالغانەك قىلىدۇ. روكىپېللېرلار ئائىلىسى 3 ئەۋلادقىچە بىر تۈزۈمنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. نارسوننىڭ ئىككىنچى ئايالى خابى 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى ئوتتۇرسىدا نارسوننى مۇنداق دەپ باھالىغان ئىدى. "ئۇ ھەممىگە ئىگە بولالايمەن دەپ ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك راستىنلا بۇنى قىلالايتتى. " نارسوننىڭ ئىگەللىگەن 6 مېتىر كۇۋادراتلىق غەرپى چېست داچىسىدا دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك مۆلۈكلەر بار. بۇ يەردە سەنئەتنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك  شەخسى ئەسەرلىرى ساقلىنىدۇ. بىر قېتىمدا تيودور خۇۋېيت ئۆزىنىڭ مانخاتتان شەھەر مەركىزىدە شەرقىدىكى 64-كوچىدا بولغان تۇرالغۇ ئۆيىنى نارسوننىڭ ساقلاۋاتقان بىر رەڭلىك ئېتىغا تېگىشىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. گەرچە مەركەز لۇجەنكېنىڭ غەرپى چۇستقا بېرىش پۇرسىتى بار بولسىمۇ بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاسان بولمىغان بىر پۇرسەتتەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەن.

شۇنداقتىمۇ لۇجەنكېغا نىسبەتەن گەرچە نيويوركتىكى ئەڭ قىممەتلىك روياللار بىلەن يېقىنلىشالىشىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ئىستىخبارات پۇرسىتى ياراتمىغان. ئۇنىڭ ئەسلىدە بەزى كۆرۈنەرلىك

بايۋەتچىلەرنىڭ ھەشـــەمەتلىك داچىلىرىغا كىرەلىشـــىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ مەخسـەتكە يەتكەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسـى ئىدى. ئۇ داڭدار كىشـىلەرنىڭ رويال ئاۋازىنى تەڭشەپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، بۇلاردىن بەزىسى ھەتتا دۇنياغا ئەڭ داڭلىق رويالچى ۋلادىمىر خولوۋىتزۇ بـار بولۇپ، ئۇ رۇسـيـىدە تۇغۇلغان، ئۆتكەن 20 يىلدىن بېرى بۇ رويال ئۇسـتىسـى ئىزچىل تۇردە مەركىزى باغچىسـىنىڭ يېقىنىدىكى 94-كوچىدا تۇراتتى. 1965-يىلى روھى كېسـەللىك ۋە سـوقۇر ئۇچەي سـەۋەبىدىن 12 يىل ئارام ئالغان بولسىمۇ، شۇندىن كېيى 62 ياشقا كىرگىنىدە خولوۋىتزغا قايتىپ كېلىپ قايتا سەھنىگە چىققان. ئۇ لوسـىيانو پاۋارودى بىلەن دۇنيادا ئىش ھەققى ئەڭ يۇقۇرى بولغان كلاسسـىك مۇزىكىلارنى [310] ئورۇندايدىغان مۇزىكانتلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سـەھنىگە قايتىپ كېلەلىگىنىدە تاللىۋالغان مۇزىكا ئەسـۋابى شـتەيىن زاۋۇتىدا ئىشـلەنگەن س د 186 نومۇرلۇق رويال بولۇپ، بۇ رويال قەتئى تۇردە 440-ئا، كۇنوپكىلىرىنىڭ بېسىش كۈچى 48-52گرام ئارىسىدا تەڭشىلىشى كېرەك ئىدى.

لۇجەنكى نيويوركتىكى داڭدار كىشىلەرنىڭ رويالىغا يېقىنلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىك مەركەزگە قاتتىق تەسىر قىلغان. شۇڭا مەركەز بىر ئالاھىدە تەپسىلى پىلان تۈزۈپ چىقىپ ئۇنى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئاتايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ئوبيېكتى ئامېرىكىنىڭ ب د ت ئۆمىكىدىكى بىر نيويورك ئەقىل ئىسكىلاتىنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ئوبيېكتى مەخپى ماتېرىياللار بىلەن ئۇچرىشالايدىغان ياللاما خادىملار بىلەن يېقىنلىشىش ئىدى. بولۇپمۇ تۇرمۇشى ناچار ئەمما جىنسىي ئارزۇسى بار بويتاق ئاياللار ۋە مائاشى ئاز ئەمما باقىدىغان چوڭ بىر ئائىلىسى بار بولغاچقا ئاسانلا پۇلغا دوم چۈشىدىغان خىزمەتچىلەرنى جەلىپ قىلىش ئىدى.

ئەمما ئەنە شۇنداق بىر ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، مەركەز لۇجەنكىنىڭ ئارخىپىدىكى "توغرى بولمىغان ھەرىكەتلىرى" ۋە "شۈبھىلىك ھەرىكەتلىرى" گە دىققەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1970-يىلى ئاۋىرىلدا، مەركەز ئۇنىڭغا ئىش باشلاشنىڭ بۇيرۇقىنى بېرىشنىڭ

ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يولىيورۇقىنى بېرىدۇ. يەنى ئىمكان قىلىپ لۈجەنكېنى موسكۋاغا ئالداپ كەلتۈرۈۋېلىش. مەركەز ئۇنىڭ توغرىلىق زادى نىمە خەۋەرنى ئىگەللىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما مەركەزنىڭ لۈجەنكېي ئۈستىدىكى جىنايى ئىشلار سۈرۈشتۈرمە سوراق قىلىنىشىدىن مەلۇمكى، مەركەز ئۇنىڭ ئامېرىكا ف ب ئاي غا ئىشلەيدىغان قوش تەرەپلىك جاسۇس ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىكەن. 1961-يىلىدىن خامبۇرگقا بېرىشىدىن قىسقا ۋاقىت ئىلگىرى ئۇنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا قانداق بىر ئىستىخبارات تەمىنلىگەنلىكىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، قوش تەرەپلىك جاسۇس سالاھىيىتىنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشاتتى. بۇ ئۇنىڭ جاسۇسلۇق ھاياتىنى ئىغىرلاشتۇرۇشىغا يېتىپ ئاشاتتى. لۈجەنكېي تۆيۇقسىز بېرتا بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ ئايال 32 ياشلىق ئايال ساتىراش ئىدى. ئۇ بېرتانى سوۋېت جاسۇسلىقىنى قىلىشقا نۇرۇۋۇن تەكلىپلەرنى بەرگەن. ئەمما مەركەز بۇنىڭغا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بارلىق مۇناسىۋەتنى قەتئىي ئۈزىشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇيدۇ. 1970-يىلىدىكى سوراق قىلىش جەريانىدا، لۈجەنكېي ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىقا بوي سۇنماي، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى نيۇيوركقا بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەڭ يامان يېرى ئۇ يەنە بېرتانىڭ ئالدىدىلا مەخپى رادىئو ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلىدۇ، مەركەزگە رادىئو ئۇچۇرى يوللايدۇ. ھەمدە ئۇچۇر ئۆرۈشلەرنىمۇ بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. لۈجەنكېي يەنە ئۆزىنىڭ پېنسىلۋانىيەدە بىر ئايال كاسسىر بىلەن بولغان نورمال بولمىغان مۇناسىۋىتىنىمۇ ئېيتىپ قويىدۇ.

لۈجەنكېي پەيدا قىلغان زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن ، مەركەز لۈجەنكېيدىن بېرتا بىلەن مىراغا خەت يېزىپ ئۇلارنى ئىمكان قىلىپ، ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ف ب ئاي [311] غا خەت يېزىپ، تويىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئامېرىكىدىن ئايرىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى، لۈجەنكېينىڭ بېرتاغا بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىنى، بۇنىڭغا ۋىجدانىنىڭ يول قويالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويىشىنى شۇڭا ئۇنىڭ ۋاقتىنى زايا قىلىپ مېنى ئىزدەپ يۈرمەسلىكىنى زادىلا ئاختۇرۇپمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇختۇرۇپ قويىشىنى دەپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. مىلىتاغا يازغان خېتىدە ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەكلىكىنى ئايرىلىش دەردىنى ۋە ئازابىنى چىقىرىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ قەتئىي تۈردە، "يول قويۇش دائىرىسى ئىچىدە" (بۇلار ئۇنىڭ ئارخىپىدا ئۇچراتقىلى بولىدىغان غەلىتە سۆزلەر ئىدى.). ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئامېرىكىدىن ئايرىلىشى ئايالىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىن بىر چارىسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇنداق بىر ئىزاھات ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ ئىككى پارچە مەكتۇپ، ك گ ب نىڭ ئاۋۇستىرىيىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، مەخسەتتە لۇجەنكېنىڭ ئىزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

ماكايوف (پارولاسى خالى) ، بولىك (پارولاسى خارت)، خەيخانەن (پارولاسى ۋىك)، گېلىلىگكوف (پارولاسى كلودى)، بىتىنوف (پارولاسى ئېيبورت)، بولىيابولىن (پارولاسى بوگۈك)، ۋە لۇجەنكوۋ (پارولاسى شىباكوف) قاتارلىق كىشىلەر ئۇدا يېڭىلىپ يۈرۈشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شىمالى ئامېرىكىدا ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالايدىغان ئىشپىيونلار مەركەز ئۈنى ئېيتقاندا ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش. شۇنداقتىمۇ قويۇۋالغان ئىسمى "ئابېل" (پارولاسى ماك) بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمايدۇ.بۇنى ئۇزۇل يىللاردىن بۇيان غەربتە ياشىغانلىقىدىن جۇغلانغان تەجرىبىلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن. ئىلگىرى بولشېۋىك ئىنقىلابى دەۋرىدە يىغىلغان ئەقلى بىلەن 30 يىلدىن بېرى چەتئەلدە شوغۇللىنىشىدىن كەلگەن جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىدە چېنىقىشىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ ئىشپىيونلۇق سەرگۈزەشتىسى كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا ستالىنىنىڭ ھۆكمرانلىق قىلىش دەۋرلىرىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ جەريانلاردا " ئابېل نۇرغۇن مۇشەققەتلىك قىينچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇنداقتىمۇ كۈرەش جەريانىدا تەدرىجى پىششىپ يېتىلىدۇ. ئۇندىن كېيىنكى سوغۇق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە ئامېرىكا ئىشپىيونى بولغىنىدا ئۇنىڭدەك ئىدىيىۋى جەھەتتە تولۇق قوش تەرەپلىك ئىشپىيونلۇقنىڭ كەلتۈرگەن بېسىملىرىغا ئۇنىڭدەك تەييارلىقتا بولغان باشقا بىرى يوق. ئۇلار موسكۋانىڭ ئۇلارغا

سىڭدۈرگەن "ئاساسلىق رەقىپ"قىياپىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئامېرىكا ئەملىيىتى، ھەقىقى سالاھىيەتتىكى ئىپادىلەنگەن ك گ ب خادىملىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئىشپىيون ھەرگىزمۇ سوۋېت ئەلچىخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ يوقۇرقىدەك سەۋەپلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا.[312] لۇجىەنكوۋدەك نىكادىن سىرت مۇھەببەت سادىر قىلىدىغانلار ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى مەركەزدىن يوشۇرغىچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياكى بولمىسا، خەيخانەندەك، هاراققا، ئوغۇرلۇققا پېتىپ قالىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇغانلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ياكى بولمىسا، بىتىنوۋقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ بازار ئىگىلىكى مۇھىتىدا ھايات كۆچۈرۈشىنىڭ بەكلا مۈشكۈللىكىنى ھېس قىلىشىدۇ، ۋاھاككازا. شۇڭا بۇنداق ھادىسىلەرگە ھەيران قالغۇچىلىقى يوق.

ئىشپىيونلار يەنە مەركەز ئوتتۇرغا قويغان ھەقسىز، قەتئى ئەمەلگە ئېشىشى ئىمكانىيىتى بولمىغان ئارزۇلىرىغىمۇ دۈچ كېلىپ تۇرىدۇ. سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلىشىش ۋاقتىدا، تېخى بىرمۇ ئۇرۇشتىن كېيىن تۇغۇلغان سوۋېت رەھبىرى يوق ئىدى. ك گ ب رەئىسى بىلەن سېپولوماتىك ئىستىخبارات ئىشلىرىغا مەسئۇل تەييار بىر غەرىپ تۇرمۇشىنى بىۋاستە كۆرگەن ياكى، غەربنى ئەمەلى چۈشىنىدىغان بىرمۇ رەھبەر يوق ئىدى. مەركەز مەركىزىي ھۆكۈمەت كۈچلۈك ئادەتلەنگەن تۈردە كۆرسەتمىلىك قىلىدىغان ھەمدە پىلانلىق ئىقتىسادى مودېل بۇيىچە بىرەر رەھبەر يوق ئىدى. روشەنكى بۇنچىۋالا ئاز ئەھۋالنى تېزگىنلىيەلىگىدەك بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. ئامېرىكا بۇنچە يوقۇرى سەۋىيىلىك ئىختىسادى ۋە تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇردى بۇنى بىلمەك تەس. بۇ ئامېرىكا ئەپسانىسىنى ئىشقا ئاشۇرالىغالىقىنى چۈشىنىش ئىمكانسىز، شۇنداق بولغاچقا "سۇيىقەست نەزەرىيىسى"سوۋېتتە رۇناق تاپقان بىر ئەھۋالدا بۇرۇنقى دېپلوماتىيىلىك خىزمەتلەر، كېيىن ساتقۇلۇق قىلغان ئاركادى شېۋلىنكې سوۋېت كەسىپداشلىرىنى بۇنداق تەسۋىرلەش كېلىپ چىققان:

*نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ئاخماقانە نەزەرىيىنى قوبۇل قىلىشقا مايىل تۇرىدۇ. يەنى قانداقتۇ ئامېرىكىدا مەركەزنى مەخپىي تېزگىنلەپ تۇرىدىغاب*

www.uyghurkitap.com

*بەلگىلىك بىر كۆچ بار دېيىشكە ئىشىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئۆزلىرى يوشۇرۇنغان ھالدا مەلۇم يەردىكى مەخپى خىزمەتلەرنى قىلىدىغان بىر ئۇچۇم كىشىلەر سىستېمىسىنى تېزگىنلەپ تۇراتتى. ئۇنىدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا لېنىننىڭ ئۆلۈك قائىدىلىرىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشقان ئىدى. يەنى بۇرجۇئازىيە ھاكىمىيىتى دېگىنى مونوپول كاپىتالىزىمنىڭ "قولىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس" دېيىش. شۇڭا ئۇلار ئويلايدۇكى، دەل ئەنە شۇلار مەركەزنى مەخپى تۇردە تېزگىنلەپ تۇرمىغانمىدى؟*

گەرچە مەركەز نۇرغۇنلىغان غەرپ دۇنياسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ تۇرغىنى بىلەن. ئەمما ئۇلار بۇ ھادىسىلارنى ھەقىقى تۇردە چۈشىنىپ كېتەلىگەنلەردىن ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ ياما يېرى بىز بۇلارنى چۈشىنىمىز دەپ تۇرىۋېلىشاتتى.

20-ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدا ئۇچرىغان مەغلوبىيەتلەر بىلەن ئۈمىدسىزلىكلەر ھەرگىزمۇ مەركەزنىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكىنىڭ مەخپى ئىستىخبارات ھەركىتىگە بولغان ئەشەنچىنى تەۋرىتەلمىدى. 70-يىللارنىڭ باشلىرىدا، مەركەز يەنىلا كىنوق بىلەن دوگلاسقا بولغان چوڭقۇر ئۈمىدىنى ساقلاپ كەلدى. شۇنىڭدەك مەركەز كېيىنكى 10يىللىق ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى تۈزۈپ قويىدۇ. 60-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مەركەز بىر پىلان تۈزۈپ، [313] 1969-يىلىدىن 1975-يىلىغىچە بولغان ئارىلىق ئۈچۈن، ئامېرىكىدا 10، كانادا 2 دانە، مېكسىكىدا 2 ، ئارگېنتىنا، برازىلىيىدە، چىلىدا، ئورگىۋايدا ۋە ۋېنسۇئېلادا ھەربىرسىدە 1دىن مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇپ چىقىش غايىسىنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئىشقا چۈشۈرۈشنىمۇ ئويلاپ قويىدۇ. ئۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش ياكى باشقا چوڭ كىرزىسلارغا تاقابىلتۇرۇش ئۈچۈن، مەركەز يەنە 5 دانە "ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات پونكىتى" قۇرۇشنىمۇ پىلانلايدۇ. كونسۇلخانە ئەلچىخانە ئىچىدىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرالماي قالغىنىدا، بۇ بەش دانە ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات پونكىتلىرى" ئارقىلىق مەركەزنىڭ ئالاقىسىنى ساقلاشقا تىرىشىدىغان بولىدۇ. بۇ ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

تۆۋەندىكىچە: ئامېرىكىدا 2 دانە، كانادا 1 دانە، لاتىن ئامېرىكىسىدا 2 دانە پونكىت قۇرماقچى بولىدۇ.

كېيىن ئىسپاتلايدۇكى، بۇ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشىدىكى پىلانى نەقلا بالىلارچە بىر خىيال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 70-يىللار، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىن مەخپىي ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى يەنە بىر قېتىم ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ كوۋنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا ۋە دوگلاسنىڭ مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ۋەيران بولۇشقا ئۇچرايدۇ. 1970-يىلى، كىنوف بىلەن ئەيما قەسەم بېرىپ ئامېرىكا گراژدانى بولغان ۋاقتىدا، قوشنىلىرى تەرىپىدى ئۇلار بىر جۈپ ئىككىسى بىزگە ئۆرنەك تىكلەپ بەرگەن ئۈلگىلىك ئەرخوتۇنلاردىن بولۇپ بەردى دېيىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىدا كۈندىن كۈنگە كۆپ زىدىيەتلەر باش كۆتەرگەن بولۇپ. بۇ زىدىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئىش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىدى. 1971-يىلى، ئۇلار بېرىپ ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ كېلىشىدۇ. ئەمما پەقەت مەركەزلا ئۇلار بىلەن نيويوركتىكى ئادۋوكاتلىرىلا بۇ ئەهۋالنى چۈشىنەتتى. قايتىپكەلگىنىدىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا بىر جۈپ ئەر-خوتۇنلاردەك يەنىلا بىرلىكتە يېڭى بىنادىكى ئۆيىدە تۇرىۋېرىدۇ. ئەيما مەركەزدىن ئۆزىگەيېڭىدىن بىر هەمكارلاشقۇچى تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1972-يىلى ئۆكتەبىردە، كىنوف موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ، 3يىلدىن كېيىن ئۆلىدۇ. ئەيما بولسا ك گ ب دىن هەيدەپ چىقىرىلىدۇ.

ىرقانچە يىلدى كېين، ۋالۇشكا تېخىمۇ شەرەپسىزلىك بىلەن پارپلى دوگلاس بولغان جاسۇسلۇق بىلەن شوغۇللىنىش تارىخىنى تاماملايدۇ. ئۇ ئامېرىكىدىكى تۈنجى قېتىلىق ۋەزىپىسىدە خادىسۇن جەمىيىتىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بولۇپ، ئەگەر ئۇ راست سالاهىيىتىنى قوللانغان بولسا، هەمدە خادىسون جەمىيىتىدە هەمدە سارس ئۇنىۋېرسىتىدە، پراگ ۋە سايدى بۇرگ ئۇنىۋېرسىتىدە ئاسپراتورلۇقتا ئوقۇغان بولسا ئىدى، بەلكىم جەمىيەتتىكى يوقۇرى قاتلام كىشلەر بىلەن يېقىنلاشقانلىقىنى ئېيتقان بولسا ئەمما ئالى مائارىپ كۆرمىگەن رەسىم تارتقۇچى بولغانلىقىنىڭ هېچقانداق بىرى ئىمكانىيىتى بولمايتتى. 1970-يىلى، مەركەز هچ بىر

www.uyghurkitap.com

باھانىسى يوقلا ۋالۇشكانىڭ خىزنىتىدىن ئۇمىدسىزلىنىپ، بۇ قېتىمقى سىڭىپ كىرىش پىلانىنى ئەمەلدى قالدۇرىۋېتىدۇ.

ۋالۇشكانىڭ چوڭ ئوغلى 1957-يىلى تۇغۇلغان پېتر خېرمان - مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىكى ئوقۇش نەتىجىسى بەكلا ئەلا ئىدى. ھەمدە ۋالۇشكا ئەر ئايال ئىككىسىدە بولمىغان[314] ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتلىرىدە جاسۇس جەلىپ قىلىش پۇرسىتى بولىشى مۇمكىن ئىدى. 1972-يىلى ۋالۇشكا ئۆزىنىڭ راست سالاھىيىتىنى پېترغا ئېيتىپ، بۇنى مەركەزگە دوكلاد قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ يەنە ئوغلىنىڭمۇ ك گ ب غا قاتنىشىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. موسكۋا ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلاپ پېترنىڭ ئۇنىۋېرسىتىتتا ئوقۇش راسخوتىنى تۆلەيدۇ،1975-يىلى ياززدا، مونترئال مېيجىر ئۇنىۋېرسىتىگە كىرىشتىن سەل ئاۋال، پېتر موسكۋادا چېنىقتۇرۇلىدۇ. ھەمدە نېمىسچە پارولا بىلەن ئەيرىبى دەپ ئاتىلىدۇ (ئىزباسار مەنىسىدە). شۇنداق قىلىپ ئىشپىيونلۇق ھاياتىنى باشلىۋېتىدۇ. 1976-يىلى، ئۇ جورگىتون ئۇنىۋېرسىتىغا ئالمىشىدۇ. ھەمدە مەركەزگە دادىسىنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە خىزمەت قىلغان بىرسى ئىكەنلىكىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ (بولۇپمۇ مىجەز خاراكتىر جەھەتتىكى كەمتۈكلىكىنى، مەركەزنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى) . شۇنىڭدەك ئامېرىكا جاھانگىرلىكى سىياسىتىگە قارشى ئىلغار ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەۋالى. ئۇ يەنە گۇرگىتون ستراتىگىيىسى ۋە خەلقارا تەتقىقات مەركىزىدىن مۇقىم بىر ئىش تېپىۋېلىشنى ئويلايدۇ. خىتايلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ، شۇ ئوقۇش يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پېتر خوفمان ئون نەچچە ياشلىق بىرئىشپىيون بولۇش سۈپىتى بىلەن، جاسۇسلۇق ھاياتىنىڭ ئاخرغا كېلىدۇ. 1977-يىلى ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا، ۋالۇشكا ف ب ئا تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. ف ب ئا تاللاشنى ئۇنىڭ ئۆزگە تاشلاپ قويىدۇ. يا بولمىسا ئىككى تەرەپلىك جاسۇسلۇق بىلەن بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە سوتقا بېرىلىپ جاسۇسلۇق جىنايى ۋە بالىسى بىلەن بىرلىكتە سوتقا تارتىلىدۇ. كېيىن ئۇ جاسۇسلۇق رۇمان يازغۇچىسى جون بالۇنغا مۇنداق دەيدۇ: لۇدى (ۋالۇشكا) بىزگە ۋەدە بەرگەن

ئىدى ھەمدە ئۇ ۋەدىسىدە تۇردى. شۇڭا بىز چوقۇم ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە بوي سۇنىشىمىز كېرەك "1979-يىلى 23-سىنتەبىر كۈنى، پىلاكاتى بولمىغان بىر بېرزىنتلىق ئاپتوموبىل بىلەن خاسەدىير رايونى ئاندور كوچىسىدىكى :خېرمان" ئائىلىسىنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى بېسىپ كۆچۈرۈپ ماڭىدۇ. ۋالۇشىكا ئائىلىسى باشقا بىر يەردىن يېڭى بىر سالاھىيەت بىلەن ياشاشقا باشلايدۇ.

ئەمما ك گ ب ئارخىپىدا، ۋالۇشىكا بىلەن ف ب ئانىڭ مۇناسىۋەتتى توغرىلىق خاتىرىلەردە يوقۇرىدىكىدەك ئەھۋاللارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. قولغا ئېلىنىشتىن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئارىلىقىدا، ۋالۇشىكا مەركەزگە يازغان مەكتۇبىدابەزى خەستەڭگە پەرقلەرنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى قوشۇپ، مەركەزگە ئۆزىنىڭ ف ب ئا نىڭ تېزگىنلىشى ئاستىدا ئىشلىگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

ك گ ب نېمە خاتالىق كۆرۈلگەنلىكىگە دىققەت قىلمايدۇ. تا 1978-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىغىچە، يەنە بىر جاسۇس[315] ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ۋالۇشىكا ئېھتىمال ساتقۇن بولۇپ كەتتى، دېگىنىدىن كېيىنلا مەركەز دىققەت قىلىدۇ. مەركەز ۋالۇشكانى مېكسىكا شەھىرىگە كېلىپ ۋاشىگتۇندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ مۇئاۋى باشلىقى يورى كونىستانىۋچ لىنكوف (پارولاسى بۇلوف) بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ف ب ئا ئۇنىڭ داۋاملىق ئىككى تەرەپلىك جاسۇس بولۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ دەل ۋاقتىدا كۆرۈشۈش يېرىگە بېرىشىنى تەستىقلايدۇ. ۋالۇشكا، لىنكوف بىلەن كۆرۈشۈپلا، ئۇ بۇلتۇر باھاردىن باشلاپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ف ب ئا نىڭ تېزگىنى ئاستىدا قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە 1969-يىلى غەرپى گېرمانىيىدىن ساتقۇنلۇق قىلغان لۇلىن ئۇنى سېتىۋەتكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ۋالۇشىكا يەنە خاپا بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مەركەزگە ئاگاھلادۇرۇش بەرگەنلىكىنى، ئەمما ھېچكىم بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانلىقىنى دەيدۇ. كېيىن ك گ ب 1-باش ئىدارىسى ئىشپيونلار باشقارمىسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى بۆلۈمىنىڭ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ك گ ب خىزمەتچىلىرىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكتە كىشىنى

www.uyghurkitap.com

چۆچىتكىدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى پەرق قىلىدۇ. 1977-يىلى ماي ئېيىدىن باشلاپ، ۋالشىكا يوللىغان بىر قاتار ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ مەخسۇس خاتالىغىنىڭ سەۋەبىدىن ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ۋىيېنادا تۇرۇشلۇق ھەمدە مېكسىكادا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتلىرىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىغىمۇ كارى بولماي تاشلىۋېتىلگەن.

1978-يىلى ئۆكتەبىردە، ۋالۇشكا مېكسىكا شەھىرىدە ك گ ب غا ئاگاھلاندۇرۇش ئەۋەتكەندىن كېيىن، ك گ ب دەرھال كانادادىكى خانبۇلتونغا بىخەتەرلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشالمىغانلىقى ئېيتىدۇ. ئەمما ك گ ب ۋالۇشكانىڭ ساتقۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلمىغان، پەقەتلا خانبۇلتونغا چۈشىنىكسىز قىلىپلا مۇنداق دەپ قويغان: ئىلغار كىشىكەر بىلەن تەشكىل بارغانسىرى نازارەتكە ئېلىنغان. ك گ ب يەنە خەنبۇلتوندىن بىخەتەرلىككە زىيان كەلتۈرىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنى كۆيدۇرىۋېتىشىنى تەكلىپ قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلغان. شۇڭا ئەگەر سوراق قىلىنىپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، ھەرقانداق بىر ئىشنى قەتئى ئېتراپ قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇندىن باشقا ك گ ب يەنە ئۇنىڭدىن جىددى ئەھۋال ئاستىدا شەرقى گېرمانىيىگە كېتىشنى تەۋسىيە قىلغان. شۇنداقتىمۇ خەنبۇلتون ئۆزىگە قەتئى ئىشەچ قىلىپ ئۆزىگە دېلو تىكلەپ رازىۋېتكا قىلىشىغا ھېچقاداق بىر يىپ ئۇچى قالدۇرمىغانلىقىنى ئېيتقان. 1979-يىلى ئىيۇندا، ئۇ، ك گ ب غا بىر مەخپى ئۇچۇر يوللاپ، جىددىلەشكىدەك ھېچقانداق ئىش يوقلىقىنى بىلدۈرگەن.

1979--يىلى 4-نويابىر ئەتىگەن سائەت 7 دىن 15 مىنوت ئۆتكەندە، كانادا خانلىق ئاتلىق ئەسكەر ساقچىلىرى ئۆي تەكشۈرۈش بۇيرۇقىنى ئېلىپ ۋىبېك شەھىرىدە خەنبولتوننىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان. كېيىنكى ئىككى يېرىم يىل جەريانىدا، كانادا تەشۋىقات ئورۇنلىرى خەنبۇلتون ھەققىدىكى بەكلا نۇرغۇن قۇرۇق گەپلەرنى تارقىتىپ، كانادا پارلامېنتىمۇ خەنبۇلتۇننى نۇرغۇن قېتىم چاقىرتىپ ئاپىرىپ سوراق

قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلمىغان. 1980-يىلى 3-مارت كۈنى، يەنى ترودو ھۆكۈمىتى تەختىگە چىقىشىنىڭ تۇنجى كۈنى، ف ب ئا ۋالۇشكانى (يالغان ئىسىم قوللىنىپ) ف ب ئا شىتابىدا بىر قېتىم مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرغان.[316] يىغىندا ۋالۇشكا خەنبۇلتوننىڭ جاسۇسلۇق سالاھىيىتىنى ئاشكارە ئىسپاتلىغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى روشەنكى، كانادادا دائىرىلىرىنى ھەركەت قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن. ئەمما خەنبۇلتون يەنىلا ئۇنىڭ تېزگىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالدى. گەرچە خەنبۇلتون قەتئىي كەسكىنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسى ئارقىلىق موسكۋا بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىق ئەھۋالىنى ھەمدە باشقا بەزى ئەھۋاللارنى تەپسىلى تاپشۇرغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ بىر ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، خانبۇلتوننىڭ دېيىشىچە: "جاسۇس دېگەن قانۇنىيەتلىك بىر شەكىلدە مەخپىي ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋە ئۇنى يوللاش بىلەن شوغۇللىنىدىغان بىر ئادەم. بۇ ئىشلارنى ئۇ ئالغان تەلىماتلار بويىچە قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئالىدىغان بىر ئادەم. مەن ھېچقاچان ھەر قانداق بىرسىدىن بۇنداق بىر ھەق ئېلىپ باقمىدىم." ئەمما خەنبۇلتوننىڭ ئارخىپىدا يېزىلىشىچە، ئۇ پەقەت 1975-يىلى سىنتەبىردىن 1978-يىلى دېكابىرغىچە بولغان ئارلىقتىلا ك گ ب ئۇنىڭغا جەمئىي 18000ئامېرىكا دوللىرى ھەق بەرگەن. 1980-يىلى ماي ئېيىدا، كانادا ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىچە يېتەرلىك دەلىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سوتقا بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ ئېلان قىلغان.شۇندىن كېيىن تەشۋىقات ئورۇنلىرى بۇدېلوغا بولغان قىزىقىشىمۇ تەدرىجى غايىپ بولغان. ئەمما ئىككى يىلدىن كېيىن، خەنبۇلتون لوندون زىيارىتى ۋاقتىدا قولغا ئېلىنىدۇ ھەمدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ "مەخپىي سوتى" ئۇنى سوتلاپ 10يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىدۇ.

مەركەز ئەسلىدە كېلىمەنجى ئالېكسېيېۋىچ كېرساكوف (پارولاسى جىم) نى ۋالۇشكانىڭ ئورنىغا ئامېرىكا مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا قويماقچى بولغان. بۇ كىشى 1948-يىلى موسكۋادا

تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى ئۇرۇس، ئانىسى نېمىس. ئۇنىڭ ئانىسى (1971-يىلى ۋاپات بولغان.) مۇ بىر ك گ ب ئىشپىيونى ئىدى. (پارولاسى ئەيۋا.) كورساكوۋ كىچىك ۋاقتىدىلا ك گ ب تەرىپىدىن تەربىيىلىنىش نىشانى قىلىپ تاللانغان. خۇددى ئانىسىغا ئوخشاش شەرقى گېرمانىيە ئۇنىڭغا بىر يالغان كىملىك تەمىنلىگەن. كورساكوۋنىڭ ئىسمى كلىمىس ئوسكار گىدان بولۇپ، 1948-يىلى دارىگېخوۋتا تۇغۇلغان. بىر نىكاسىز تۇغۇلغان بالا ئىدى. باشقا نۇرغۇنلىغان سوۋېت ئىشپىيونلىرىغا ئوخشاش. 1953-يىلى ئانىسى بىلەن بىرلىكتە شەرقى گېرمانىيىلىك مۇسابىر قىياپىتىدە غەرپى بېرلىنغا قېچىپ ئۆتكەن. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇلار فېدېراتىپ گېرمانىيىگە بېرىۋالغان.1967-يىل 18 ياشلىق كورساكوف غەرپى گېرمانىيە پاسپورتىنى ئالغان. ئانىسى ۋاپات بولىۋىدى، كېيىن، ئۇ ۋىيېنادا بىر قانچە يىل تۇردۇ. ئۇ يەردە ئاۋال بىر سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ، ئاندىن يەنە رېكلام دەرسلىرىدىن بىلىم ئاشۇردۇ. شۇ قاتاردا يەنە ئىشپىيونلۇق ماھارىتى جەھەتتە مەشىق قىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى تۇرمۇشقا پىشىشىق بولۇش ئۈچۈن، ئۇ ئىككى قېتىم ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ 1978-يىلى نيۇيوركقا كۆچۈپ بارىدۇ.

ئەمما جاسۇسلۇق خىزمىتىگە كىرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كورساكوف ئۈمىدسىزلىنىدۇ. 1980-يانىۋاردا، موسكۋادا تېخىمۇ ئىلگىرلەپ مەشىق قىلغان ۋاقىتلاردا ئۇ مەخپى رەۋىشتە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا بېرىپ 317 ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق سالاھىيىتىنى بىلدۈردۇ. ھەمدە باشقا بەزى ك گ ب خادىملىرى (بۇلاردىن ۋاشىنگتون سېپى - ئىشپىيونلار ياردەملەشكۈچى باشقارمىسى مەسئۇلى ئارتۇر ۋىكتوروۋىچ پياجىن). مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان پونكىت ئۇنىڭغا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، قالايماقان سۆزلەپ يۈرمەسلىك بۇيرۇقىنى قىلىدۇ. چۈنكى، ئاتاقتا كورساكوف غەرپى گېرمانىيە گراژدانى، ئامېرىكا ئاۋال ئۇنى مەخپى تۈردە فېدراتىپ گېر مانىيە ئەلچىخانىسىغا يۆتكىۋېتىش زۆرۈر دەپ قارايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا قېچىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مىتروخىننىڭ خاتىرىسىدا كورساكوفنىڭ بۇرۇن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا بېرىپ بارمىغانلىقىنى ك گ ب بىلىدىغانلىقى توغرىلىق گەپ يوق. ئەمما

كورساكوف موسكۋا ئايرودرومىغا بېرىپ ئايروپىلانلىق غەرىپ ئەللىرىنىڭ بىرىگە مېڭىش ئالدىدا، ك گ ب ئادەملىرى ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇزۇنغىچە سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، كورساكوف كازانسكايا دېگەن بىر روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىلىدۇ. ئۇ يەردە باشقا نۇرغۇنلىغان ئاتاغلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ئوخشىمايدىغان سىياسىي قاراشتىكىلەر بىلەن ئوخشاش ئۇنىڭغا خاتا دېئاگنوز قويۇلۇپ،نېرۋاكېسىلى دەپ بېكىتىلىشىدۇ.

سوغۇق ئۇرۇش باشلانغىنىدىن كېيىنكى 30 يىل جەريانىدا، مەركەز نۇرغۇن ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئامېرىكىدا بىر قاتار كۆچلۈك مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇشقا تىرىشقان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق 2-دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ماھىيەتلىك نەتىجىلەرنى تېزگىنلىمەكچى بولغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللار ئاخىرىدا بىر قاتار ئۇلىشىپ كەلگەن مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن، ۋالۇشكانىڭ ئىستىخبارات پونكىتى يەنە قايتىدىن ف ب ئا نىڭ تېزگىنىگە ئېلىنىدۇ. (گەرچە تولۇق مەنىدىكى تېزگىنلىنىش بولمىغىنى بىلەن) كورساكوف يەنىلا قېچىش تەييارلىقىدىن يانمايدۇ.

مەركەزنى ھەممىدىن بەكرەك قىينىغىنى، سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە "ئاساسلىق رەقىبى" ئىچىگە ئوڭۇشلۇق كىرىۋالالىغانلار ھەرگىزمۇ ك گ ب نىڭ ئىشپىيونلىرى ئەمەس بەلكى ك گ ب نىڭ كىچىك ئىنىسى چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلىرى بولغان ئىدى. 1965-يىلى چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەۋەتكەن ئىككى نەپەر ئىشپىيونى ، كارل كېھېر بىلەن خانا كېھېر ئىككىسى رۇسچىنى سۇدەك سۆزلىيەلەيتتى. ھەمدە ئېنگلىزچىنىمۇ شۇنداق بىلەتتى. ھەمدە ڧىرانسۇزچىنى ۋە چېخچىنى سۇدەك بىلەتتى. ئۇلار "ئەركىن ياۋروپا" رادىئو ئىستانسىدا مەسلىھەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى تېپىۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئاۋال ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستېرئۇنۋانىنى ئالدۇ، ئاندىن يەنە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى كېيىن

www.uyghurkitap.com

پىرىزدېنت كارتېرنىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى قىلغان سىبىگېن بىرژېنسكى ئىدى. كارل كېھېر ئىنچىكە تۇردە ئۆزىنى كوممۇنىستىكە دۈشمەنلىك ساقلىغان كىشى قىلىپ كۆرسەتتى. ھەتتا تورتوپ يۈلتۈزى ئەۋان لۇندورنىڭ چىغ[318] ئېرى ئوخشىمايدىغان ئۆي سېتىۋېلىپ، يەنە ئولتۇرغان شەرقى نيۇيورك رايونىدىكى بىنا ئۆيلەردىن بىر يۈرۈش ئۆيىنى سېتىۋالدى. 1969-يىلى، ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان يىلىنىڭ ئالدىنقى يىلى كار كېھېرستىچ ئارىلىدىكى ۋاگنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا پەلسەپە لېكتورلۇقىغا تەيىنلىنىدۇ. خانا بولسا ئالماس تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەر دائىم ياۋروپاغا بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇ چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئالاقىچىلىقىنى قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئۇ ئىككىسى ئېھتىمال بارلىق سوۋېت گۇرۇھىدىكى دۆلەتلەرنىڭ جاسۇسلۇق تارىخىدىكى جىنسىي تۇرمۇشى ئەڭ يوقۇرى پەللىدىكى جۈپتىلەردىن ئىدى. ئۇلار جۈپ ئالماشتۇرۇش يىغىلىشىغا قاتناشقانلار بولۇپ، نيۇيوركتىكى پلاتو كۆڭۈل ئېچىش شەھىرىدىكى ئوپچىۋاي جىنسىي ئەسەبىلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭدەك جەھەننەم ئوتىدا جىنسىي كلوبىغا قاتناشقانلاردىندۇر. ئەيدىز كېسىلى تېخى كەشىپ قىلىنمىغان 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە 70-يىللاردا، بۇنىڭدەك كلوپلار بەكلا يامراپ كەتكەن بىر ۋاقىتلار ئىدى.

كېيىن، چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن. ئۇلار مەخسۇس جاسۇسلۇق ھاياتى ھەققىدىكى مەخپىي ئۇچۇرلار ۋاشىنگتون مۇخبىرى لونارد كېنسلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ مول ۋە رەڭگارەڭ جاسۇسلۇق ھاياتى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەمما كار كېھەرنىڭ ك گ ب ئارخىپلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ نۇرغۇنلىغان مۇھىم تەپسىلاتلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئېيتمىغان ئىكەن. پىراگقا چاقىرتىلىپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ چېخ كۆچمەنلىرى ئارىسىدا جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرىدۇ. ئەمما نيۇيوركتىكى چىرىك ھاياتلاردىن كاھىر ئەيشى ئىشرەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇشنى رەت

قىلىۋېتىدۇ. بەلكى كېيىنكى 4 يىل بويىچە چېخسلوۋاكىيە ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن مۇناسىۋىتىنى توختىتىدۇ. 1971-يىلى ئۇ ئامېرىكا گراژدانلىقىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. بىرىلدىن كېيىن. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئامېرىكا گراژدانلىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

كار كېھىر گۈيا چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىغا سىڭىپ كىرىشنى بالدۇرلا پىلانلىغاندەك ئىدى. 1973-يىلى ۋاشىنگتونغا كۆچكەندىن كېيىن مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى سوۋېت ئىشلىرى باشقارمىسىدا بىر كىشىلىك تەرجىمە خىزمىتى تېپىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەڭ مەخپى هوقۇقتا ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇ جاسارەتلىك تەۋەككۇلچى بولۇپ، پەقەت 3 ھەپتە بولمايلا باشقا تېخىمۇ ياخشىراق بىر ئىشقا ئالمىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ:

*مېنىڭ هازىر شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشىمغا بىر دوكتۇرنىڭ هاجىتى يوق. مەن ئىستىخبارات ئىشىغا بەكلا قىزىقىمەن. شۇڭلاشقا مەن مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىدا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەمما هازىر قىلىۋاتقان ئىشىمدىن تېخىمۇ مۇھىمراق بىرەر ئىشقا يۆتكەپ قويغان بولساڭلار ئاندىن ھەقلىق بولىدۇ دەپ قارايمەن....*[319]

ياكى بولمىسا ئۇنىڭ رەنجىشى تەسىرقىلدى دېيىشكە بولىدۇ. كار كېھىر كېيىن يېڭى بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز لېنتىسىگە ئاساسەن رۇسچە ۋەچېخچە تەرجىمە قىلىش، ئۇنى بۇنىڭغا كۆچۈرۈش شۇنىڭدەك چېخنىڭ ئەھۋالىنى ئىستىخبارات ئانالىزى قىلىپ يېزىش بىلەنلا ئۆتىدىغان بۇ ئىشى توغرىلىق قىلىۋاتقان ئىشىنى بىلگىلى بولاتتى.

كاھر ئۈچۈن ئېيتقاندا ۋاشىنگتوندىكى تۇرمۇش نيۇيوركتىكىدىنمۇ ھاياجانلىق ئىدى. 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇ سىبىنغاندەك "ۋاشىنگتون دۇنياۋى خاراكتېردىكى بىر پايىتەخت." ئۇ ئايالى خاننا بىلەن بىرلىكتە "چىبىت سىھىرلىك ئەرخۇتۇن ھەسسىدار" لىق تەشكىلاتىغا قېتىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى هەر شەنبە ئاخشىمى "ئالماشتۇرۇش مېھمانخانىسىدا بىرلىكتە كەچلىك تاماققا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن مېھمان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈش ياكى شەخسى ئۆيلەردە پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۇ يەر جىنسىي ئوچۇقچىلىقلار ئۈچۈن شەخسىي كلۇب. بۇ كلۇبتا تەخمىنەن 10 نەپەر ئەزا بار بولۇپ، ئۇلار مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى. تېرە رەڭگى ئاقپىشماق، قىزىل چاچلىق كۆك كۆزلۈك، قىياپەتلىرى ھەيۋەتلىك كىشىنى جەلپ قىلارلىق خارا يولدىشىدىن 10 ياش كىچىك. كېيىن ئۇ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كۆپلىگەن مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن، بەش بۇرجەك بىناسىنىڭ خادىملىرى، مۇھىم گېزىت ژورنال مۇخبىرلىرى ۋە بىر نەپەر ئامېرىكا پالاتا ئەزاسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىۋالىدۇ. "چېرىبىت سىھىرلىك جۈپتىلەرشىرىكلىك" تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى كېيىن ئەسلەپ كېلىپ "ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا كىلىشكەن بىرسى ئىكەن. يۇۋاش ئۇماق، چىرايلىق شۇنىڭدەك يەنە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك يوقۇرى پەللىلىك ھالەتنى پەيدا قىلالايدىكەن. " شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يولدىشى كار ئازىراق غەلىتە مىجەزلىك، بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان بىر ئايال ئۇنى باھالاپ كېلىپ "بەك قاملاشمىغان بىر جۈپتە بولىدىغان كىشى ئىكەن. ئازىراقمۇ ھېسسىياتى يوق. ئۇ ئايالى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر جۈپتى ئىكەن. " دەيدۇ.

1974-يىلى مۇۋەپپىقىيەت بىلەن مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، كار كاھېر چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىۋالىدۇ. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا. چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەر ئۇنى ك گ ب دىن سورىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى قايتا ئىشلىتىشقا قارار قىلغان ئىكەن. شۇندىن باشلاپ ئۇ بىر تەرەپتىن ك گ ب نىڭ جاسۇسىغا ئايلانغان. پارولاسى لىنو ئىدى. كاھىر ئەر ئايال ۋاشىنگتون كلۇبىدا پائالىيەت قىلىدىغان بولىدۇ. ئەمما چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن ك گ ب ئىككىسىگىلا ۋاشىنگتوندىكى خادىملارنىڭ سەلبىي جەھەتتىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى ۋە شاڭخۇلىرىنى تەڭ يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولىدىكەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىستىخباراتتا ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق

نەرسىلەردىن بولىدىكەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا كار كاھىرنىڭ ك گ ب غا تاپشۇرۇدىغان نەرسىلەر ئارىسىدا ف ب ئا دا تەرجىمە قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېخنىڭ مەخپى ئارخىپلىرىغا قارىغاندا بەكلا مۇھىم بولىدىكەن. ئاندروپوپ ئۇنىڭ ئىستىخباراتلىرىنى مۇھىم ۋە قىممىتى بار ماتېرىياللار دەپ بىۋاسىتە مەدھىلىگەن. 1975-يىلى ئىستىخبارات ئىدارىسى كارنىڭ مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشنى بىراقلا تاشلاپ چىققان. ئەمما بەربىر نيۇيوركتا ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ دېگۋارى بىلەن ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ يازغان باھالاش دوكلاتىدا، سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى[320] لەرنىڭ سىياسەت بەلگىلەش تەرتىۋىمۇ بار ئىكەن.

1975-يىلى كاھىر ك گ ب نىڭ نيۇيوركتىكى ئىستىخبارات پونكىتىغا تەمىنلىگەن 3-دۇنيا ئەللىرى ھەققىدە قانات يايدۇرغان سوۋېتكە قارشى پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئىستىخبارت ئىدارىسىغا بەرگەن مەخپى ئىستىخبارات دوكلادىمۇ بار ئىكەن. نيۇيوركتىن باشقا ئۇنىڭ ك گ ب يول كۆرسەتكۈچىسى ئاۋۇستىرىيە بىلەن فىرانسىيە ئىككىسىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرۇشىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان. كاھىر تەمىنلىگەن ئەڭ مۇھىم جاسۇسلۇققا قارشى يىپ ئۇچلىرى ئىچىدە ب ئا سېتىۋالغان بىر نەپەر سوۋېت دىپلوماتىيە خادىمىنىڭ پاكىتىمۇ بار ئىكەن، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ك گ ب ئاخىرىدا ئامېرىكا تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان دىپلوماتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئامېرىكا بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان ئالكساندر دېمىترىيوۋىچ ئوگلودىنىك ئىكەنلىكىنى ئاخىرى تېپىۋالغان. 1977-يىلى قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇنغا قالماي. دېمىترىيوۋىچ بىر پارچە ئىخرارنامە يېزىپ بېرىشكە ماقۇل بولغىنىدىن كېيىن ئۇ غەزەپلەنگەنلىكىدىن سوراقچىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن قەلىمىنىڭ بەكلا ناچار ئىكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغان. ئۇ قەلەمنى ئىشلىتىپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەرگىنىدىن كېيىن، ئۇ دەرھال قەلەم ئىچىدىكى يوشۇرۇپ قويغان زەھەرنى ئېلىپ كۆزەتچى ساقچىنىڭ توسىغانلىقىغا قارىماي ئىچىۋالغان، شۇنداق قىلىپ ئۇ سوراقخانىدىلا ئۆلگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، كاھىر ئەرخۇتۇن ئىككىسى چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىغا يوشۇرۇنغان بىر مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر جاسۇسىنى پاش قىلىپ بەرگەن. ئۇلار 1984-يىلى قولغا ئېلىنىدۇ. ئىككى يىلغا قالمايلا تۈرمىدە رۇسقا ئوخشىمىغان پىكىرلىك ئاناتولىشيارىنسكى ئىسرائىل كۆچمىنىنىڭ بىر شەرتى بىلەن، ئۇلار چېخسلوۋاكىيىگە قايتىشىغا يول قويۇلغان[320] بىر گېزىتنىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار گرونىكا كۆرىكىدىن غەربىي بېرلىندىن شەرقى بېرلىنگە كىرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر بەرگەن:

*ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، تېرە ياقىلىق جۇۋا كىيىۋالغان كاھىر بىلەن ى كاھىر بىر قارىماققا بىر تۈلكىگىلا ئوخشاپ قالغان. شۇنىڭدەك ئايالى خاننا، بىر قۇندۇز تېرىسى جۇۋا كىيىۋالغان بولۇپ، ئاق رەڭلىك قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن تىك قالپاق كىكىيىۋالغان. ئاقپىشماق تېرىلىك، سېرىق چاچلىق، ئاجىيىپ شوخ قىياپەتتە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر جۈپ چوڭ كۆزلىرى بىر كىنو چولپىنىنىڭ نەق ئۆزىلا ئىدى.*

كار كاھىر كېيىن لونارد كىنسىلىغا ماختىنىپ مۇنداق دەيدۇ: "ك گ ب ماڭا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى. " كاھىر ئەرخۇتۇنلارنىڭ غەربىي دۇنياسىدىكى جاسۇسلۇق ھاياتى ئاجايىپ غەلىتى تاماملىنىدۇ. 1922-يىلى خاننا ئەنگىلىيىنىڭ پراگادىكى باش ئەلچىسىخانىسىدا [322] سودا باشقارمىسىدا بىر كىشىلىك خىزمەت تاپقان. ئەمما ئىككى يىلدىن كېيىن، بىر چېخ مۇخبىرى ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى پاش قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىشتىن چىقىرىلىدۇ.

20- ئەسىرنىڭ 80-يىللار باشلىرىدا، مەركەز ئۆتكەن 30يىللىق ئەگرى توقايلىقلارغا قارىماي، يەنىلا "ئاساسلىق رەقىبى"نىڭ چېگراسى ئىچىدە ئىشپىيون تورلىرىنى كېڭەيتىش جاسارىتى بىلەن دەپدەبىلىك پىلانلار بىلەن، قىلچىمۇ بۆرۈنقى ھالىتىدىن قالماي خۇددى 10 يىل بۆرۈنقىسىدەك جاسارەت بىلەن ھەرىكەت قىلماقتا. مەركەز ئەسلى پىلانىدا 1975-يىلىدىن ئىلگىرى ئامېرىكىدا 10 مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى قۇرغان بولۇپ، ھازىر بۇنى1982-يىلىدىن بۇرۇن قۇرغان 6 مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىغا ئۆزگەرتىدۇ. مەركەز بۇ 6 ئىستىخبارات پونكىتىنى

بىرمۇنچە سىگنىپ كىرىش نىشانلىرى بولۇپ 3 بىلەن 4 ئىستىخبارات مەنبەسىگە تەرەققى قىلدۇرماقچى، بۇ سىگنىپ كىرىش مەنبەلىرى ئاق سارايى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، بەش بۇرجەك بىنا ۋە بەزىبىر مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇشلار، مەسىلەن خادىسون جەمىيىتى، لاند شىركىتى، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچىدىكى خەلقارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى، گىيورگ ئۇنىۋېرسىتېتى ستراتېگىيىلىك تەتقىقات مەركىزى ۋە ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ستراتېگىيىلىك تەتقىقات مەركىزى غەربىي گېرمانىيە بۆلۈمى، مەركەز يەنە كولومبىيەنيۇيورك ۋە گىيورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا جاسۇس بولۇشقا رازى بولىدىغانلاردىن ئاكتىپ جەلىپ قىلىشنى پىلانلايدۇ. 80-يىللاردا، ك گ ب ئاساسلىق رەقىب بويىچە ئىشپىيون كىرگۈزۈشتە رۇشەنكى بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئالايلۇق مىتروخىن كۆچۈرۈپ چىققان ئارخىپلار ئىچىدە 1983-يىلى بىر جۈپ ئىشپىيون گېت ۋە لويىشا ئىككىسى ئامېرىكىدا جاسۇسلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئەمما مىتروخىن خاتىرىلىرىدە بۇلار ھەققىدە كونكىرتنى نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ھەققىدە بىرەر گەپ يوق. ئەمما ك گ ب 6 دانە مەخپىي ئىستىخبارات پونكىتى قۇرۇشنى پىلانلىغان، ھەمدە ھەر بىر ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ھەممىسىدىلا رىگان ھۆكۈمىتى يادرولۇق ئورۇنلىرىدىكى ئورگانلىرىغا جاسۇس كىرگۈزۈش پىلانى يەنىلا ئەمەلىيەتكە بەك ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىرىدا مەركەز قارار قىلغان ئاساسلىق رەقىبىگە ئىشپىيون كېڭەيتىش نىيىتى بەكلا يامان غەرەزلىك بىر پىلان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ 80-يىللاردىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنىلا يېرىم ئەسىر بۇرۇنقىسىدەك "چوڭ ئىشپىيون" دەۋرىدىكى شانلىق غەلىبىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خام خىيالىنى كۆڭلۈك جەلىپ قىلىش ھەۋىسى ئىچىدە خىيال قىلىپ يۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باپ

# س ئى ئا بىلەن ك گ ب نىڭ بىر ـ بىرىگە سىڭىپ كىرىشى

1967 ـ يىلى، يۇرى ئاندروپوۋنىڭ ك گ ب رەئىسلىكىگە ئاتالغىنىدىن باشلاپ سىياسى ئىستىخباراتلاردىن ئىنتايىن زور ئۈمىدلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەلگە قارىتىلغان سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە، بولۇپمۇ ئامېرىكىغا قارىتا سىياسەت تۈزۈشلەردە يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغا قالماي، ئۇ ك گ ب تەركىبىدىكى پارتىيە ئەزاسى ئاكتىپلىرىغا بەرگەن دوكلادتىدا مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ، ك گ ب چوقۇم خەلقارا كىرىزىسلەرگە تەسىر كۆرسىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ يەنە بىر قېتىم "كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىس ۋاقتىدىكىدەك" ئۇنداق ھالەت كۆرۈلۈشىگە ھەرگىز يول قويۇلماسلىقى كېرەك. ئۇ چەتئەل ئىستىخبارت ئىدارىسىغا بۇيرۇق قىلىپ 3 ئاي ئىچىدە، "ئاساسلىق رەقىبىمىز" ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى كەلگۈسىدىكى سىياساتلىرىدە چوقۇم بىر نۇسخا زاپاس دوكلاد تەييارلاپ مەركىزى كومىتېتقا سۇنۇشى كېرەك. ئاندرېپوپنىڭ قارىشىچە نۆۋەتتە ئامېرىكىدىكى ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنىڭ دېگىنىدەك جانلىق قانات يايدۇرۇلمىغانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ك گ ب نىڭ ئامېرىكىدا ئەنگلىز جىم فېلبى گيورگ بۇلەك ۋە جون ۋاسار ھەمدە غەرپى گېرمانىيىلىك ھېنرىتز فېرفىغا ئوخشايدىغان ئېسىل جاسۇسلىرىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن كۆرۈلمەكتە. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ. پەقەت ئەنە شۇنداق جاسۇسلارنى كېڭەيتكەندىلا چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئاندىن ھەقىقى تۈردە ئالى دەرىجىلىك ئىستىخباراتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

1967 ـ يىلى سىياسي بىيرونىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان مىنوتتىن باشلاپ ئاندېرېپوپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى تىكلەش

جەھەتتە گېپى ئۆتمىدىغان ئادەم ھالىتىگە كېلىۋالغان ئىدى. 1968-يىلى ئۇ "كەسكىن چارىلار" دىن پايدىلىنىپ"پىراگا باھىرى"تەرەپنىڭ خىتاپنامىچىسىنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. پۈتكۈل 70يىللاردا، ئۇنىڭ بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئاندرى گرومىكوۋ بىلەن بىرلىشىپ سىياسىي بىيروغا سۇنماقچى بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ زور دىپلوماتىيە سىياسىتى تەكلىۋىنى يېزىشقا مەسئۇل بولىدۇ (1970-يىلى، ئۇلار ئىككىسىلا سىياسىي بىيرونىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە رەسمىي ئەزاسى بولىۋالغان ئىدى). [323] 1977-يىلى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىر بولغان دىمىتىرى ئۇستىنوفمۇ بەزىدە گرومىكوف قەلەمگە ئېلىپ تەييارلىغان تەكلىپ لايىھىسىگە ئىمزا قويۇپ قويىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان سوۋېتنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاناتولى دوبرىنىن مۇنداق دەيدۇ:

*ئاندرىپو ﯟ ك رگ ب نىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىستىخبارات مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، نىسبەتەن تولۇق دىپلوماتىك سىياسەت بىلەن ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى بار بۇ ئۇنىڭ بىرئالاھىدىلىكى ئىدى. .... گرومىكوف بىلەن ئوستىنوف ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ساھەسىدە مۇتەخەسسىس، ئەمما ئۇلارھېچقاچان قارشى تەرەپنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالمايتتى. ئەمما ئاندرىپوف بۇ ئىككى كىشىنىڭ ساھەسىدە شۇنچە تەپ تارماي ئارىلىشىۋېلىشى، ئارتۇقىنى كېسىپ تاشلىيالايدۇ.*

ئاندرىپوفنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىلگىرى يوقۇرى دەرىخلىك رەھبەرلەر بىلەن پىكىرى تەتۈر كىپ قېلىپ، ئىستىخبارات ئاپپاراتى ئورگانلىرى ئىسلاھات قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى. ئاندروپوف سىياسىي بىيرونىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن نۇر قېتىم سىياسى بىيروغا بىر تەرەملىلىك ئانالىز دوكلادلىرىنى سۇندى.

شۇداق قىلىپ ئاندروپوف بېرېژنوپنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك مەسلىھەتچىسىنىڭ بىرى بولىۋالدۇ. مەسىلەن، 1976-يىلى يانىۋاردا ئۇ باش سېكرېتارغا بىر پارچە 18 بەتلىك شەخسىي مەكتۇپ سۇنىدۇ. ئۇخېتنىڭ بېشىدا قىلچە مەدىھلىمەستىن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*بۇ ئۆزەم شەخسەن تەييارلىغان ھۆججەت يالغۇز سىز ئۈچۈنلا ئوقۇپ*

*چىقىشقا تەييارلاندى. ئەگەر سىز بۇ مەكتۇپتە بەزى قىممەتكە يارىغىدەك گەپلەرنى تاپالىسىڭىز، بۇنىڭدىن مەن ئىنتايىن شەرەپلىك ھېس قىلىمەن. ئەكسىنچە بولغىنىدا، سىز بۇ مەكتۇبىمنى ھەرگىز يېزىلمىغان دەپ قارىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.*

گەرچە ئاندرىپوپ ئۆزىنىڭ گەپ سۆزلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولسىمۇ، گەرچە ك گ ب يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بار مەيدانلاردىمۇ برېژنوپنى قەتئىي تەنقىلىمەس بولسىمۇ، ئۇ بەربىر برېژنوپنىڭ بىلىم جەھەتتەكى يېتەرسىزلىكى ۋە ھەربىر ئەھۋال ئاستىدا سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئۆزىنىڭ باش سېكرېتارنىڭ ئىزباسارلىق قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولاتتى. شۇنداقتىمۇ دوبولىدىڭمۇ تېزلا شۇنى پەرق قىلدىكى، برېژنوپ دىپلوماتىك ئىشلار جەھەتتە ھەقىقەتەن قىزىقىدىغان 324
ئۇددەبدەبىلىك ۋە قىزغىن مەيدانلار ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىپ قالىدۇ:

*....سالىيوت ئەترىتى، كىرىمىل سارىيى سىرتىدىكى چەتئەل دۆلەت رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتاقارشى ئېلىش مۇراسىمى، كىشىنى بىزار قىلىدىغانىن ئاشكارە ئوتتۇردا كۆرۈنۈش قاتارىدىكى. ئۇزىنىڭ ئالبومى ئۈچۈن ئىمكان بار كۆپىرەك رەسىم تارتىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئالبومىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشكە بەكلا ئامراق ئىدى. ئۇ يەنە ھۆججەتلەرگە قول قويۇش مۇراسىمىگە قاتنىشىشنى بەكلا خالايتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ لاھىيە تۈزۈش ياكى كېلىشىم سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىنى خالاپ كەتمەيتتى.*

بىر قېتىم برېژنوپ دولىلىدىنىنى قوبۇل قىلغىنىدا تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستىنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ بىنىنادىن قايتىپ چۈشىۋاتقىنىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشاللىق فورمىسىنى كىيىۋالغان ئىدى. كۆكرىكىنى مېداليونلار بىلەن تولدۇرىۋەتكەن ئىدى. ئۇ يېنىدىكى دولىلىدىنىن سورايدۇ، "قانداق بوپتۇ؟" دولىلىدىنىمۇ ئىنتايىن قايىل بولغان قىياپەتتە مۇنداق دەيدۇ: "قالتىس قاملىشىپتۇ" دەيدۇ. 1974-يىلىدىن باشلاپ برېژنوپ قان تومۇرلىرى قېتىشىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بىر قانچە قېتىم يېنىك شەكىلدە پارالىچ بولۇپ ساغلىقى

ياخشى بولماي قالدۇ. ئۇ مەيلى نەگە بارمىسۇن، ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن ھەر دائىم بىر قارارەڭلىك بىر ئېسىل زىل جىپ ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ماشىنىدا بىر سېستىرا بولاتتى.. 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئۇنىڭغا ئەڭ بەك يېقىن تۇرالايدىغان ئادەم ك گ ب نىڭ بىر سېستىراسى بولۇپ. بۇ سىسترا ھېچكىمدىن رۇخسەتمۇ ئالماستىن تىنىماي بىرېژنوپقا نۇرغۇنلىغان تابلېتكىلارنى ئىچىرىپ تۇراتتى.

گەرچە ئاندرىپوپ شەخسى ۋە ك گ ب نىڭ سوۋېت دىپلوماتىك سىياسىتىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زور كۈچ بىلەن "ئاساسلىق رەقىبى" گە ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغان سىياسى ئىستىخبارات ھەركىتىدىكى دەبدەبىلىك پىلانى ئىشقا ئاشمايدۇ. ك گ ب نىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق پ ر ئۇچى (سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسى) بەكلا يوقۇرى ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قالدۇ. 1968-يىلى، نيۇيوركتا تۇرۇۋشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى بىر مەيدان پونكىت باشلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەيدان ئۇيۇننى چىقاردى. ئالدىنقى چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ 1-باشقارمىسى (شىمالى ئامېرىكا قىتئەسى ئىشلىرى باشقارمىسى) باشقارما باشلىقى نىكولاي بۇجەنلېمونوۋىچ كوبىلىياجىنىنىڭ سەتچىلىكى ئورتىغا چىقىدۇ. مەركەز بىر پارچە نيۇيورك ئىستىخبارات ئىچكى قىسمىدىن كەلگەن بولىشى ئېھتىمال بولغان كوبىلىيا جىڭغا مۇناسىۋەتلىك دوكلاد ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇكى، ئۇنىڭ ك گ ب غا كىرىش ۋاقتىدا بەرگەن ئوقۇش تارىخى ئارخىبىنىڭ ئۇيدۇرۇلغان ئارخىپ ئىكەنلىكى پاش بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇ مەكتەپ ئوقۇشىنى تۈگەتمىگەن ئىكەن. شۇنىڭدەك يەنە ھەربىلىك ۋەزىپىسىددىنمۇ قاچقان ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ ئارخىپتىكى ماتىرىياللىرىغا توغرا كەلمەيدىكەن، مەركەز ئەگەر ئۇنىڭ بۇ جىنايەتلىرى ۋاشىنگتوندا ئاشكارىلىنىپ قالغىدەك بولسا، كوبىلىياجىڭنىڭ قېچىپ كېتىش ئېھتىمالىمۇ بولىدىكەن. شۇڭا ئۇنى چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكى خەۋەر قىلىنىپ. ئۇنى[325] دەرھال سوۋېتكە قايتىپ كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرىۋېلىشنى ئۇقتۇرغان.[256] ئەمما ئۇ موسكۋاغا كېلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن تەڭ، ك گ ب دىن قوغلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پارتىيىدىنمۇ چىقىرىلىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 60-يىللار ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا، ك گ ب نىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ سىياسىي ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكى ئىپادىسى نيۇيوركتىكىدىن كۆپ ياخشى بولغاچقا، بۇنى ئىككى نەپەر ئۆزلىكىدىن ئىزدەپ ئىشىككە كەلگەنلەر 1965-يىلى سىنتەبىردە، روبېرت لىپكا- ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىدىغان 20 ياشلىق ھەربىي - 16-نومۇرلۇق كوچىغا كېلىپ ئاق سارايدىن بىر نەچچىلا كوچا نېرىسىدا جايلاشقان سوۋېت ئەلچىخانىسىدىكىلەر ئۇنىڭ يوقۇرى مەخپىيەتلىكتىكى ھۆججەتلەرنى ئىزدەشكە مەسئۇللىقىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشقا بەكلا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پارولاسى سېن بولغان لىپكا بەلكىم دې خور - 1944-يىلى لوس ئالاموستا مانخاتتان پىلانىغا قاتناشقان ۋاقتىدىكى سوۋېتنىڭ نيۇيوركتىكى ئىستىخبارات پونكىتىدا ئىشلىگەن 19 ياشلىق ك گ ب جاسۇسى - دىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدا تەرەققىي قىلدۇرغان ياش مەخپىي ھۆججەتلەر بىلەن ئۇچرىشالايدىغان جاسۇس. لىپكانىڭ ئارخىپىدا دېيىلىشىچە ئۇ بەكلا تېز سىياسىي ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ ئىستىخبارات خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىگەللىۋالغان ئىكەن. كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇچراشقان ۋە كونا خەت ساندۇقى ئارقىلىق شۇنىڭدەك مەخسۇس دىپلو ئەمەلدارى بىلەن يېنىدى سۇركۇلۇپ ئۆتۈپلا ئالاقە ئورنىتىشتەك تېز مۇناسىۋەت باغلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ. ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن تەخمىنەن 50 قېتىمدەك مۇناسىۋەت باغلىغان.

ئۇلگ دانىلوۋىچ كاروجىن- بىر ياش ك گ ب سىياسىي ئىستىخباراتچى تەكشۈرگۈچى لىپكا تەمىنلىگەن زور مىقداردىكى ماتېرىياللار ئارىسىدىن ئەڭ مۇھىم بولغان مەزمۇنلارنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى تېلېگراممىا ئارقىلىق موسكىۋاغا يوللىۋەتكەن. شۇنداقتىمۇ لىپكا پۈتۈنلەي ئىختىسادى مەخسەت بىلەن سوۋېتلىكلەرگە ئىستىخبارات تەمىنلەيدىكەن. لىپكا سوۋېت ئەلچىخانىسىنى تېپىۋالغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل

جەريانىدا جەمئىي 27 مىڭ دوللارغا ئېرىشكەن. ئەمما ئۇ يەنىلا بۇ پۇلغا رازى ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن قېتىم سىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توختىتىمەن دەپ تەھدىت قىلغان. بولمىسا ماڭا يەنىمۇ كۆپىرەك ھەق بېرىڭلار دەپ تۇرىۋالغان. 1967-يىلى لىپكانىڭ ئەسكەرلىك ۋاقتى تولغاندىن كېيىن، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ پېنسىلۋانىيە شىتاتىنىڭ مىلىس ۋىلى ئۇنىۋېرسىتىگە بېرىپ ئوقۇغان. بەلكىم بۇندىن كېيىن ئىستىخبارات بىلەن ئۈچۈرشالمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن، داۋملىق سوۋېت ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ بىرەر ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ئويلىغىنى ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ئەندى مەنىسى قالمىغانلىقىنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ئاۋغۇستتا سوۋېت ئىستىخبارت پونكىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى توختىتىدۇ. لىپكا ك گ ب نىڭ ئۆزى بىلەن قايتىدىن ئالاقىلاشماسلىقىنى توساش ئۈچۈن، ئىستىخبارات پونكىتىغا ئاخىرقى بىر پارچە خەت يېزىپ، خېتىدا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ئىستىخبارات پونكىتىغا ئىشلەيدىغان قوش تەرەپلىك جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئەمما ئۆزىنىڭ تەمىنلىگەن مەخپى ھۆججەتلىرىنىڭ مۇھىملىقىدىن، ك گ ب دىكىلەر ئۇنى يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ قالىدۇ. ھېچ بولمىغاندا كېيىنكى[326] 11 يىل ئىچىدە، ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن بەزى ئىشپىيونلار ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىشقا ئارىلاپ ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. ئەمما ھەممىسىلا قۇرۇق ئاۋارچىلىقتىن باشقا بىر نەتىجە ئالالمان.

لىپكا جاسۇسلۇق پائالىيىتىنى توختىتىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن، ۋاشىنگىتون ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر يەنە بىر تېخنىكلىق ئىستىخباراتلار بىلەن يېقىنلىشالايدىغان ئۆزىلا ئىستەپ كەلگەن بىرسىنى تېپىۋالغان. ئوردىلىچ ئەيمىس 1985-يىلى ئۆزلىكىدىن ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىشتىن ئاۋال، ۋاشىنگتون ئىستىخپارات پونكىتى سوغۇق ئۇرۇش تەرەققى قىلغان ۋاقتىدا، ئۆزى ئىستەپ كەلگەنلەردىن جون ئانتونى ئوركنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇ ۋىجىنىيە نوفوك ئاتلاتىك ئوكيان شىتابىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوت قىسمىنىڭ ئالاقىلىشىش

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرىنچى دەرىجىلىك كاپىتان كاندىدات گىپپىدىن يانمايدىغان بىرسى ئىدى. 1967-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىر كۈنىسى، ئۇ سوۋېت ئەلچىخانىسىغا كېلىپ ئۇدۇللا قىلىپ : "مەن بىر دېڭىز ئارمىيە فلوتىنىڭ بىرئوفىسسىرىمەن. مەن ئازىراق پۇل تېپىشۋېلىش ئويىدىمەن. بۇنىڭ جاۋابى ئۈچۈن سىلەرگە ھەقىقى ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرنى بېرەلەيمەن، " گەرچە ئۇنىڭ ئۇنۋانى بەك يوقۇرى بولمىسىمۇ ئۇ ھامىنى ئىنتايىن يوقۇرى دەرىجىلىك مەخپى ئىستىخباراتلار بىلەن ئۇچرۇشالايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مەخپى ئەسلەھەلىرىمۇ بار ئىكەن. كاروگىن بىلەن ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى پاۋلىس ئالېكساندرووۋىچ سولوماكىن نۇسخا ئۈچۈن ئالدىن ئەكەلگەن بىر قانچە ھۆججەتنى ئېلىپ ئوقىغاندىن كېيىن ھەيران قىلىپ كۆزلىرى ئېچىلىپ مۇنداق دېگەن: ئورك دېگەن بۇ ئادەم ئۆمۈرىدە بىرلا قېتىم ئۇچرىشىپ قالىدىغان قىممەتلىك جاسۇس دېيىشكەن. بۇلار دەل مېنىڭ ئىزدىنىپ يۈرگەن نەرسىلىرىم! كېيىن ئۇلار مۇنداق قاراشقا كەلگەن، بۇ ئىستىخباراتلار سوۋېت شىفىر يەشكۈچىلىرىنىڭ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى قوللىنىۋاتقان شىفىرلەر. يەنى بۇ شىفىرلەر سوۋېت ئىتتىپاقى شىفىر يەشكۈچىلىرىنى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ئىشلىتىۋاتقان شىفىرلەرنى، يېشەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا سوۋېت بۇندىن كېيىن ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىپ تۇرالايدىغان بولىدۇ. بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىستىخبارات جەھەتتە بەكلا يوقۇر ئەۋزەللىككە ئىگە قىلالايدۇ.

ئورك 1972-يىلى ئامېرىكا ئارمىيىسى بۇ ئوفىسسىرىغا كوماندىرلار تەرىپىدىن قەتئىي سادىق ۋە شەرەپلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ۋەزىپىسىگە سادىق ئەسكەر دەپ باھالاش يېزىپ بېرىدۇ. ئورك شۇنى ھس قىلىدۇكى، ئاتلانتىك ئوكيان باش قوماندانلىق شتابى سۇ ئاستى قىسىم قوماندانلىق شتابى ئالاقە ئىشلىرىدا قوللىنىدىغان مىنتاكىس ماركىلەق رەسىم تارتىش ئاپاراتى ئارقىلىق ئوغۇرلۇقچە قەتئىي مەخپى ھۆججەت ۋە مەخپى ماتېرىياللارنى بۇنچە ئاسان تارتىۋېلىشقا

بولىدىغانلىقىغا ھەيرا قالغان. ھەتتا كېيىن بۇ ھەقتە مۇداق يازىدۇ: ئادەتتە تاللا بازىرىدىكى بىخەخەتەرلىك تەدبىرلىرمۇ بۇ يەردىكىدىن ياخشىراق. ئۇنىڭ كېڭەيتكەن ئىشپىيونى بىر سەبىدىشى جېل خۇيتىئوۋس، يەنە بىرسى ئۆز بالىسى ۋە ئاكىسى ئىدى. كالوجىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، لىپكا بىلەن ئۇلار ئىككىسىنىڭ دېلوسى ھەيران قالغىدەك بوشاڭلىق بىلەن پۈتكەن. ئۇلار ئاشكارلىغان ئامىرىكىدىكى بەزى مۇتلەق مەخپى ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى يەنىلا بەكلا بوش ئىدى. ئۇ يەردىكى بىخەتەرلىك دەرىجىسى كۆرگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە بوش قويۇۋېتىلگەن"[327]

1968-يىلى، مۇتلەق مەخپى 16-باشقارما (ئىستىخبارات ئىدارىسى پەن-تېخنىكا رازۋېتكا ئىستىخباراتلىرىنى توپلاش ئورگىنى) قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوركىنى تېزگىنلەشنى ئۈتكۈزۈپ ئالدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمى ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ جاسۇسلارتىزىملىكىدىن غايىپ بولدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئورك ئائىلىسى سوۋېت ئۈچۈن ئىشلىگەن18 يىل پەۋقۇللئاددە كۆنلەردە، سولوماكىن ئىمكان قىلىپ يۈرۈپ بۇ جاسۇسلۇق تورىنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن سولۇماكىن قىزىل بايراق ئوردىنىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك كېيىن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. لۇكاجىنمۇ شۇ سەۋەپتىن مەنپەتلىنىپ، 1974-يىلى ئۇ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تارىخىدا ئەڭ ياش گېنېرال بولۇپ قالدۇ.

كۆپ قىسىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىزدەپ كەلگەنلەر يورك ۋە لىپكالاردەك ئۇنداق تۈز ئەمەس ئىدى.20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا، ك گ ب سوۋېتنىڭ چەتئەل ئەلچىخانىلىرىدا قۇرغان ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرى، بولۇپمۇ مېكسىكا ئىستىخبارات پونكىتى، ھېچقانچە كۈچ سەرىپ قىلمايلا تېخىمۇ كۆپ تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنسۇرلار ـ ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ قۇماندانلىقىدا، كۆرۈنۈشتە سوۋېت ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىكى قوش تەرەپلىك جاسۇس ئىشلەيدىغان جاسۇسلار ئىدى. ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنسۇرلار تېكساس شىتاتىنىڭ بورىس بۆرگ قۇرۇغلۇق ئارمىيە بازىسىنىڭ ئون

uyghurkitap.com

بىشى، پارولاسى "مالىك" ئىدى. 1966-يىلى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەلچىخانىسىغا كىلىپ، ئۇلارنى بىر قىسىم ئامېرىكا قوللىنىۋاتقان ئېلېكترونلۇق ئەسۋاپلار ھەققىدىكى ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلىگەن. 1968-يىلى ماي ئېيىدا، ئۇ سوۋېت جاسۇسلىقىغا تەرەققى قىلىندى. شۇندىن كېيىنكى 8 يىل ئىچىدە، ئۇ مېكسىكا، غەربى گېرمانىيە، شىۋىتسارىيە، ياپون ۋە ئاۋۇستىرىيە بولۇپ جەمئى 26 نەپەر مەخسۇس دىپلو خادىمى بىلەن ئۇچراشقان. تا 1976-يىلى ماي ئېيىغىچە، ك گ ب ئاندىن بۇرۇنقى مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى فىلىپپ ھاجى (پارولاسى لوڭتىد) دىن ئىگەللىگەن. مالىك بىر ئامېرىكىلىق تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنسۇر بولۇپ، ئۇ بىر قېتىملىق ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن دۆلەت مۇداپىيە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىرلىشىپ قوزغىغان مەخپى ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. شۇنىڭدەك ھاجىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار.

70-يىللارنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە، بەش بۇرجەك بىنا بىر پەۋقۇلئاددە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، بىر قىسىم مۇتلەق مەخپى ھۆججەتلەرنى تاللاپ ئامېرىكا تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنسۇرلارغا بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق سوۋېت جاسۇسلىرىغا بولغان ئىشەنچىنى ئارتتۇرماقچى بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنسۇرلارنى كۆپ قىسىمنى دۆلەت مۇداپىيە ئىستىخبارات ئىدارىسى تاللىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى خالىس خاراكتېرىدا ئىدى. گەرچە تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنسۇرلار توقۇنۇش يۈز بەرگەن ياكى كىرىزىس پەيتلىرىدە يالغان ئىستىخبارات تارقىتىش بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ك گ ب ۋاقتىنى ۋە كۆپ دىققىتىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن [328] تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇنسۇرلارنىڭ ھەقىقى تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن سوۋېتقا خىزمەت قىلىدىغان جاسۇسلار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشىغا يادەم قىلماقچى. ئوردىلىچ ئەيمىس (بىر نەپەر ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەۋرىنىپ تۇرغان جاسۇس)كېيىن مۇنداق دەپ باھالايدۇ. قىزىل ئارمىيە مۇتلەق مەخپى ھۆججەتلەر بىلەن سوۋېت تەۋرىنىپ تۇرغان جاسۇسلىرىغا تەمىنلەشنى رەت قىلىپ، ئامېرىكىلىق كەسىپداشلىرى بۇيرۇق قىلىشقا قول قويغىلى ئۇنمايدۇ.

رىقابەتلىشىشنى ئىمكانسىز قىلىۋېتىدۇ:

*گەرچە ھۆججەتلەرنىڭ ئۆزى ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، بۇ ھۆججەتلەردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنى غەرىپ ئەللىرىگە بەرگىنىدە، سوۋېت ئارمىيىسى ئىچىدە بىرمۇ ئادەم بۇ ھۆججەتلەرنى ئېۋەرتىپ بېرىش بۇيرۇقىغا ھېچكىم قول قويۇشقا ئۇنىمايدۇ. ئۇلار بەلكىم بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ستالىنچى سوتچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىپ ۋەتەنگە خائىنلىق بىلەن سوتلىنىپ ئېتىپ تاشلىنىشىدىن قورقاتتى.*

پۆتكۈل سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە، ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ھەممىسىلا ئامېرىكافېدېراتىۋ ھۆكۈمىتى ئارىسىدىن جەلپ قىلالىغىدەك ئۇلارغا ئالى سىياسىي ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىگىدەك بىرەر جاسۇس بىلەن ئۇچراشمايدۇ. شۇنداقتىمۇ 60-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىستىخبارات پونكىتى يەنىلا بىر ئىنتايىن مۇھىم بولغان جاسۇسلۇق سىرتىدىكى ئىستىخبارات مەنبەسىگە ئېرىشىدۇ. ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىدىكى بورىس شېدوف (بىر نەپەر "بۇلتەن گېزىتى" يەنى خەۋەرلەر گېزىتى) مۇخبىرى سالاھىيىتىگە پۈركۈنگەن [329] بىر سىياسىي ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ ئەمەلدارى) ئەينى ۋاقىتتا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ھېنرىك كىسسىنگېر بىلەن ئالاقە تىكلىۋالىدۇ. كالۇگىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن ئىدى: "بىز ھېچقاچان كېسسىنگېرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ جاسۇس قىلىۋالىشىمىزنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز، ئۇ دېگەن پەقەتلا بىر سىياسىي ئىستىخبارات مەنبەسىدىنلا ئىبارەت. " 1968-يىلى ئۇ بىر نىكسوون پىرېزىدېنت سايلىمىغا كېسسىنگېر مەسلىھەتچى بولغان كىسسىنگېر شېدوفتىن پايدىلىنىپ موسكۋاغا مۇنداق چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ: نىكسۇننىڭ بەرپا قىلغان ئىدىيىسى كونىرىغان سوغۇق ئۇرۇش مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قىياپىتىدە ئوتتۇرغا چىقىشى راست ئەمەس ئىدى. نىكسون ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى خالىمايتتى. نىكسۇن پىرىزدىنت سايلام مۇسابىقىسىدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، شېدوف برېژنوپنىڭ شەخسەن ئۇنى تەبرىكلىگەنلىكىنى ئۇنىڭ نېكسۇن

بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. پىرېزىدېنت سايلاش جەريانىدا ئۇزۇن ۋاقىت سوۋېتنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاناتولى دوبرىنىن شېيدۈفنىڭ كىسسىنگېر بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىشىغا چىدايدۇ. گەرچە نىكسون ئاق سارايغا كۆچۈپ كىرىۋالغاندىن كېيىن، كىسسىنگېر دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىلىكىنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىسسىنگىر بىلەن ئالاقىلىشىشىغا چەك تۇردۇ.

1973-يىلى كىسسىنگېر ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىنى قىلغىنىدىن كېيىن، دوبرىنىن ۋاشىنگتوننىڭ بىردىن بىر[329] يەر ئاستى مەخپىي گەرەجگە كىرىپ چىقالايدىغان ئۇ يەردىن مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدىكى چەتئەل ئەلچىلىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىغا ئىگە بولىۋالىدۇ. سوۋېت ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باشقا ئىستىخباراتچىلىرى كىسسىنگىرنىڭ چەكلىمىسىدىن رەنجىپ ئىشخانا سىرتىدا سوۋېت ئەلچىسى خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە نارازى بولۇپ، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئامېرىكا باش مىنىستىرلىكىدە سوۋېت ئەلچىخانا خادىملىرى بىلەن كۆرۈشەلمەسلىكىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئامېرىكا مىنىستىرلىكىدىكى كىسسىنگېر ۋە دوبرىنىن بىلەن سۆھبەتلىشىش ئەھۋالىدىكى ھەقىقى ئويلىرىنى بىلەلمەسلىكىدىن رەنجىشىدۇ. ۋاشىنگتوندا ۋەزىپە ئۆتىگەن 23 يىل بويىچە (1963-يىلىدىن 1986-يىلىغىچە) دوبرىنىن بىر قانچە قېتىم ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى، بۇلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى دىيان لاسكى، رىگان دەۋرىدىكى گىيورگى شورسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرقانداق بىر ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا زادىلا تەڭ كېلەلمەيتتى.

ك گ ب نىڭ قول ئاستىدىكى سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ نيۇيوركتىكى ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەرمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىچىدە قىممىتى بار بىرەر جاسۇس جەلىپ قىلالمايدۇ. ئەمما ب د ت ئاسان يېقىنلاشقىلى بولىدىغان بىر ئوبىكتىپ. ب د ت كاتىۋات باشقارمىسىدا 300دىن ئارتۇق سوۋېتلىك خىزمەتچى بار. ئۇلارنىڭ كۆپى

ك گ ب ۋە باش ئىستىخبارات بۆلۈمىنىڭ ئوفىتسېرلىرى. جاسۇسلار يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان خادىملار. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى دىپلوماتىيە قىياپىتىگە پۈركۈنۈۋالغان ك گ ب خادىملىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى بۇرۇن ب د ت كاتىبىنىڭ ئەڭ ئىشىنىدىغان شەخسىي ياردەمچىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋۇدەن كاتىپ بولغان ۋاقىتلاردىكى ۋىكتور مىچىسلاۋۋىچ دىكۇنلىيار ۋاقتىدىكى گېناجى مىخايلوۋىچ يېفستافىيوف، ك گ ب نۇرغۇن قېتىم ۋاردىخېيىمغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن سوۋېت ژۇرنىلىدا ئۇنى ماختايدىغان ماقالىلارنى باساتتى. ئۇ سوۋېتنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا يەنە لېيشىيۇسكى بىلەن كېلىپوكگېرسكىنى ئۇنىڭغا بىر نەپەر سوۋېت گۈزەل سەنئەتچىسى يېڭىلا سىزغان سەمەرقەند مەنزىرە رەسىمىنى سوغات قىلدۇرغان.

ب د ت كاتىۋات باشلىقى 1978-يىلى يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتكەن ئاكاجى نىكولايىۋىچ شېپۇلىنكوفنى ئوتتۇرغا چىقارغان. ۋاردىخېيىم دائىم لېيسىيوسكى بىلەن كلىپوكي گېرسكىغا بىر قىسىم كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئالايلۇق چوڭ نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تەرتىۋىنى ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىپ سۆزلىگۈچى قۇمدەك دىپلوماتىك كۈتىۋېلىش مەيدانلىرىنى تەكشۈرۈش، ئەمما ئۇنىڭغا ب د ت نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازۇك ئىشلارغا ئۇنى ھەرگىز قاتناشتۇرمايتتى. لېيسىيوسكى بىلەن كلىپوكېرسكى بۇلار ۋاردىخېيىم قول ئاستىدىكى ئاۋستىرىيە قاراقول پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا. ئەمما، ۋاشىنگتون[330] ئارىسىدا تۇرغان ئامېرىكا فېدىراتىيىف ھۆكۈمىتىدىن پەرقلىق ھالدا نيۇيوركتىكى ب د ت كاتىۋات باشقارمىسى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇس كېڭەيتىشتىكى ئەڭ ئۇتۇغلۇق مەيدانلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى، شېفۇلىنكي ھەر دائىم لېيشىيوسكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ دەم ئېلىش زالىدا "قايسى بىر باش ئەلچىگە ئىچىملىك ئېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا يۇمۇر ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا بەكلا تەستە تېپىلىدىغان تىياتىر بېلىت ياكى ناخشا كېچىلىكلىرىنىڭ بېلىتىنى تېپىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا ئىمزا قويدۇراتتى ياكى ئۇنى ماختاپ بېرەتتى. " تەسىر كۆرسىتىش ياكى ئامال قىلىپ چەتئەلنىڭ ب د ت كاتىۋات باشقارمىسىدىكى خىزمەتچىلەرنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆزگە قارىتىۋېلىشقا تىرىشاتتى. كاتىپنىڭ ك گ ب شەخسىي ياردەمچىسىنى ئۆزگە تېخىمۇ كۆپرەك دىققىتىنى جەلىپ قىلىشقا تىرىشاتتى.

ئەمما مەركەز يەنىلا دائىم دېگۈدەك نيۇيورك پونكىتىدا ب د ت سىرتىدىكى ئىستىخبارات توپلاش ئىشلىرىدا يەنىلا رازى ئەمەس ئىدى. 1973-يىلى، نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى فېدىراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ بەزى خادىملىرىنىڭ پائالىيەت تەپسىلىي ئەھۋالى بىلەن 3 نەپەر ئالاھىدە ئۇنۇملۇق بار جاسۇس (پارولاسى ئايرىم ئايرىم ھالدا گېرىك، بۇلىستېر ۋە بۇلس) كۆزەتكىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمىتى بىر قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالاتتى. 1974-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دوكلادتاقا قارىشى، سىياسىي ئىستىخباراتلار بۇرۇنقى بىر مەزگىلدىكىدەك خىزمەتلىرى كىشىنى بەك قايىل قىلىپ كېتەلمەيتتى:

*بىر قانچە يىلدىن بېرى ئىستىخبارات پونكىتى بىرەرنى بولسىمۇ ئىستىخبارات خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر بۇنداق بىر نىشانغا بۇنداق بىر نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالمىدۇق. بىرمۇ ئىستىخبارات تورى قۇرۇپ چىقالمىدى. 1974-يىلى، گەرچە ئىستىخبارات پونكىتى بۇ جەھەتتە بىر قىسىم ئىلگىرلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز يەنىلا بۇ نىشانغا يېتەلمىدۇق. بىز بىر قانچە كىشىنى تەرەققىي قىلدۇرالىغان بولساقمۇ (سۇيالىس، دىۋ ۋە خېمىس) ھەممىدە ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ئۇچۇرۇشالىغان بولساقمۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تۈپكى مەخسىدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالىشىمىزغا بىرەر پايدىسى بولمىدى.*

بۇ 3 جاسۇسىمىزنىڭ ھېچ بىرسى مۇھىم تەسىر كۆرسەتكىدەك ئىش قىلالمىدى. سۇيالىس دېگىنى كولومبىيەلىك بىر مۇخپىر، بىر نەپەر "كومسومول ھەققىدە گېزىتى" نىڭ نيۇيوركتا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىقىغا يۆركىنىپ يۈرگەن ئاناتولى مىخايلوۋىچ ماناكوف ئىسىملىك ك گ ب خادىمى سېتىۋالىغان بىرسى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكا

ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتتۈۋالىدۇ. دىۋ بولسا ئامېرىكىلىق سودىگەر ئۇ ئۇنىڭ تەمىنلىگەن سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئانالىز دوكلاتى بار بۇ 3 جاسۇسنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا خېمىس بەلكىم ئەڭ مۇھىمى. ئۇنىڭ ھەقىقى ئىسمى ئوزدېمىر ئەخمەد ئۆز يول بولۇپ 1929-يىلى سىپروستا (قىبرىس) تۇغۇلغان. 1977-يىلى نيۇيورك ئىستىخبارات[331] پونكىتى ئاركادى شيېۋلىنكې ئارقىلىق ئۆزيولنى ب د ت نىڭ كاتىۋات باشقارمىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 1978-يىلى شيېۋلىنكوخائىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ك گ ب مەجبۇرى ھالدا ئۆز يول بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توختۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

1974-يىلى ئامېرىكىلىق سودىگەر دېۋ ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ جاسۇسلار تىزىملىكىگە قېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىدا يەنە 9 نەپەر جاسۇسنى تېزگىنلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پارولاسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنداق ئىدى: گرىگور، ماۋجۇر، مودۇن، نىك،رامزېس، لىم، رومىل، شىېۋ ۋە تويكا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گرىگورنىڭ ھەقىقى سالاھىيتى ئېنىقلانمىغاندىن باشقا، ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا ئۇ كانادادا پائالىيەت قىلىدىكەن. ماۋجۇر بولسا تىنچلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى ئىكەن. مودىن بولسا ئاتاغلىق ئادۋۇكات ئىكەن. ئۇ 1970-يىلى جاسۇسلۇققا تەرەققى قىلدۇرۇلغان. 1975-يىلى يېشى چوڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن پىنسىيىگە چىقىرىلغان. پىنسىيىگە چىققىنىدىن كېيىن ئۇنى ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىدا ئوغلى (ئىنتايىن داڭلىق بىر ئادۋۇكاتلار شىركىتىنىڭ شىرىكىدىن بىرسى ئىكەن.) بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن. نىك بولسا كولومبىيەلىك بولۇپ، ئىلگىرى ئامېرىكىلىق بىلەن كولومبىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پىلانىغا قاتناشقان. رامزىس بولسا بىر ئامېرىكا پروفىسورى بولۇپ، ئۇ پارلامېنتتا ، ئىلمى ساھەدە، ئاخبارات ساھەسىدە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىمۇ مۇناسىۋەتلىرى بار ئىكەن. رىم بولسا ب د ت كاتىۋات باشقارمىسىدا بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ئىتالىيە تەۋەسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن. رومىلى بولسا ب د ت كاتىۋات باشقارمىسىدا لاتىن ئامېرىكىسىلىق بىر دىپلومات ئىكەن. بۇ خانىم ب د ت بىلەن دىگۋارلىشىپ 1975-يىلىدىن بۇرۇن ك گ ب ياردەم قىلىپ ۋىزىسىنى ئۇزارتقۇزغان ئىكەن. ئۇ ك گ ب غا مەخپى ھۆججەت تەمىنلەش ۋە ئوبىكت سېتىپ بىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن، شىۋېق بولسا مېكسماست ئۇنىۋېرسىتىدە بىر پروفېسسور بولۇپ، 1974-يىلى لىتىۋانىيىنى زىيارەت قىلغاندا ك گ ب تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ئىكەن. ستويكا بولسا ب د ت كاتىۋات باشقارمىسىدا بىر لاتىن ئامېرىكىلىق دىپلومات ئىكەن. ئۇ خانىم بىك گ ب غا مەخپى ھۆججەتلەرنى تەمىلەپ تۇربىكەن ۋە ئوبىكتىپ سېتىۋالىدىكەن. نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى ئەھۋالىغا ئوخشاش، بۇ كىشىلەرگە يېقىن كەلگىلى بولمايدىغان ئامېرىكا ۋادراتىپ ھۆكۈمىتىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك خادىملار ئىكەن.

گەرچە نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى ئېلېكترونىك ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىش ۋە پەن تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى توپلاش جەھەتلەردە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەمما سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىدىن ئىستىخبارات تورى ئاساسلىقى ب د ت ۋە كۆچمەنلەر ئىتتىپاقىدا توپلانغان سوۋېت گراژدانلىرى ئارىسىدا، كۆپ قىسمى دەل ئائىلىلىكلەر رايونىدا تۇراتتى. ك گ ب نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1975-يىلى سوۋېت گراژدانلىرىدا 1366نەپەر سوۋېت يالالنما خىزمەتچىسى بار. 533نەپەر يالالنما خىزمەتچى ئارىسىدا 76 كىشى دائىرىلەر تەرىپىدىن جاسۇس دەپ ھېساپلانماقتا، يەنە 16 كىشى ئىشەنچىلىك مۇناسىۋەت قىلىشقا بولىدىغان دەپ قارالماقتا. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى[332] كۆپ قىسىم كىشىلەر پەقەتلا ك گ ب نىڭ قول ئاستىدىكى گراژدانلار باشقارمىسىغا ئىشداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلاد قىلىشقىلا مەسئۇل. 1974-يىلى، مەركەز باھالاش دوكلادىغا ئاساسەن شۇنى تەكىتلەيدۇكى، نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكى جاسۇسلارنىڭ ئارىسىدا ھەر تۈرلۈك چەكلىمىلەر ساقلانغان:

*بۇ ئىستىخباراتچى خادىملارنىڭ ھەممىسىلا مەخپىي ئۇچۇرلارغا ئۇچرىشالمايدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتى پەقەت ب د ت دىپلوماتىك يوللىرى ئارقىلىق بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلاردىن خەۋەر ئۇقۇشالىشى مۇمكىن (ئۇلار جاسۇسلاردىن ئەمەس).*

ئاز ساندىكى ئامېرىكا فېدېراتىپ ھۆكۈمىتى ئىچىگە يۇشۇرۇنۇۋالغان يوقۇرى دەرىجىلىك جاسۇسلار سەۋەبىدىن، كۆپىنچە ھاللاردا دىپلومات ياكى مۇخبىر قىياپىتى بىلەن نىقاپلانغان نيۇيورك ۋە ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكى خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتى پارلامېنت ياكى ئاخبارات سەھىپىلىرىدىن تارقالغان گەپلەرنى توپلاشقا سەرىپ قىلىنىدۇ. 1965-يىلىدىن 1970-يىلىغىچە، ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكى مەسئۇل كىشى كالۇگىن ئامېرىكا سەھىپە يازغۇچىسى ۋولت لىپمان، يونۇق كلافت ۋە دلو. پىرسۇن؛ ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ مۇخبىرى سامۇس روب س ۋە مورى مارد؛ خىرىستيان ئىلمى رىسالىسىنىڭ مۇخبىرى ھېنرگ بۇلەندىن. كاروگىنلار بۇ كىشىلەرگە تېلېفوندا ياكى ئۇلار بىلەن تاماق سۆھبىتىدە ئۇلتۇرۇپ سۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسى جاسۇس سېتىۋېلىش ماھارىتى بىلەن ئوتتۇرغا چىقمىغان. ئەكسىنچە، ئۇلار كۆپىرەك لاياقەتلىك مۇخبىر قىياپىتىدە نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيەتنى ئانالىز قىلىشىنى ئەستايىللىق بىلەن خاتىرلەپ كەلگەنلا خالاس. بىز ھېچقاچان سىياسى بيروغا ئالاھىدە خەۋەرلەرنى بېرىپ باقمىدۇق ياكى بەكلا ئاز بەردۇق. ئەمما بىز سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكىلەر سوۋېت رەھبەرلىرىگە ئامېرىكىنىڭ سىياسى قىياپىتىنى تېخىمۇ كۆپىرەك چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەمەلى ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلىمىدۇق. 1968-يىلى ئامېرىكا پىرىزدېنت سايلىمىدا كالۇگىن قولغا كەلتۈرگەن ئىستىخباراتلار شېدوفنىڭ كېسىنگىر سۆھبەتلىرىدىن خاتىرلىۋالغان دوكلادقا ئاساسەن تەييارلانغان ھەقىقى ئىسپاتلاردۇر. ئۇنىڭ دوكلادىدا ئەگەر نىكسون ئامېرىكا پىرىزدېنتلىقىغا سايلىنىپ قالغىدەك بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق سوۋېتنىڭ ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئاكتىپلىق بىلەن سوۋېتكە قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىياسەت يۈرگۈزمەيدۇ. كالۋگىننىڭ ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋىتى روبېرت كېنېدى بولۇپ، ئەگەر ئۇ كالىفورنىيەدە پرېزدېنت سايلىمىدىن كېيىن سۇيىقەستكە ئۇچرىمىغان بولسا ئىدى، كېنېدى يەنىلا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋال روبېرت كېنېدى كالۋگىنغا بىر گالۇستۇك قىسقۇچى ھەدىيە قىلغان. بۇ قىسقۇچنىڭ ئۈستىدىكى رەسىم بىر پ ت ـ 109 بەلگىلىك سۇئاستى پاراخوتىنىڭ شەكلى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاكىسى بۇ پاراخوتنىڭ كاپىتانى بولغانىكەن. سىياسى 333 ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن يەنە مېك مانسىفىرد، ۋىلھېلىم فۇبۇلەيت، ماك خاتفىرت، چارس پېرشى، يۈكىنجاۋىست ماكاسىن، گيورگ مېگىۋن ۋە ياكوب جاۋىست قاتارىدىكى مۇھىم پالاتا ئەزالىرى تىنماي ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان. مەركەز دائىم سىياسى بىيروغا پو ئېتىپ مۇنداق دەيتتى، ئامېرىكا سىياستى ئانالىزى ئامېرىكا پارلامېنتتىكى مەركىزدىكى كىشىلەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا ئانالىز قىلىنىۋاتىمىز.

ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتى تەمىنلىگەن كوپ قىسىم سىياسى دوكلادلارنىڭ ھەممىسى ئاشكارە ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان. سوۋېت دېپلوماتىيە خادىملىرى قولىدىكى ئۇ ئازغىنە ۋالىيوتا ماسىراپىنى ۋاشىنگتون مېھمانخانىسىدا ئۇ خېبردارلىرىنى مېھمان قىلىشىغا زادىلا ئىمكان يوق. بۇ ئىشىمۇ بەزى دېپلوماتلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغىۋېتەتتى، گەرچە دولىلىدىن كىسىنگېر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى مەن قىلىمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالىسىمۇ ئۇنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىدىكى خادىملار بىلەن بولغان قاراشلىرى بەكلا مەرھەمەتلىك ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ قارىماققا مۇناسىۋەتلىشىدىغان خېبردارلىرى ۋە جاسۇسلاردىن قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارغا بەكلا قىزىقاتتى. ئۇ ئاچچىغلىنىپ سوۋېتتىكى نۇرغۇنلىغان ئەلچىخانىلاردا ئىنتىزامدىن باشقا باش ئەلچى بىلەن ك گ ب ئوتتۇرسىدا نورمال شەخسى مۇناسىۋەت يوق دەپ قارايتتى. ئۇلار دائىم دېگىدەك ئەلچىخانىنىڭ غوجايىنى كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ياكى موسكۋاغا ئېسىل ئىستىخبارات مەنبەسىنى

كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئالايتىپ كېتىشەتتى.

1965- 1968-يىللار ئارىسىدا سولوماجىن ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇ دولىلىدىن بىلەن بەكلا ياخشى ئۆتەتتى. ئەمما 1971-يىلى ئۇنى نيۇيوركقا يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ياكوۋ مالىك بىلەن زىدىيەت پەيدا بولىدۇ. مالىك سۇلوماجىننىڭ داۋىد روكېفىللېر ئاكا ئۇكىلار بىلەن مۇناسىۋېتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن سۇلوماجىننىڭ داۋىد روكېفىللېر (نارسۇن روكېفىللېرنىڭ ئىنىسى، چوڭ مانخاتتان بانكىسىنىڭ باشلىقى) بىلەن مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىشىگە بەكلا ئۆچ ئىدى. چۈنكى مالىك بۇ ئادەمگە ئۆزى تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلايتتى. مالىك روكېفىللېرنىڭ ساقلىغان ئۇنىڭ يېقىنلاشقان ئادىمى 3 كىشىنىڭ داڭلىق ئىسىم كارتۇچكىسى ئارخىپى بەكلا جەلىپ قىلارلىق ئىدى. بۇ كارتۇچكا ئارخىپى دۆلەتلەر، شەھەرلەر ۋە مەنسۇپ بولغان كەسىپلەر بويىچە تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا روكېفىللېرنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇناسىۋەت تورلىرى خاتىرلەنگەن ئىدى. كېيىندىن سانىغاندا ئاممىباپ مانخاتتان بىناسىنىڭ 17-قەۋىتىدىكى روكېفىلېر ئىشخانىسىغا بېرىپ روكېفىللېرنى زىيارەت قىلغاندا، مالىك ئۇنىڭدىن كارتۇشكا ئارخىپ نۇسخىسىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى. نەتىجىدە روكېفىللېر خۇشۇۋۇنىڭ ئارخىپ كارتۇچكىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن. مالەك شۇنىڭدەك يەنە سولۇماجىننىڭ روكېفېلېر خالىمەن بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىنىمۇ خالىمايتتى. خالىمەن بولسا تەجرىبىلىك بىر دىپلومات ئىدى. موسكۋانىڭ قارىشىچە، ئۇ ئامېرىكا سوۋېت مۇناسىۋېتىنى ياخشىلاشنى ئويلايدىغان ئامېرىكىدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بىرسى. 1976-يىلى كارتېر ئامېرىكا پىرىزدېنتلىقىغا سايلانغىنىدىن كېيىن، [334] ئۆتكۈنجى دەۋر ئىچىدە، پىنسىيىگە چىقىپ كەتكەن خالىمەن يەنە بىر قېتىم ئوردىغا كىرىپ دولىلىدىن بىلەن بىرېژنوپ بىلەن، جىمى كارتېر بىلەن رەسمى بولمىغان مۇناسىۋەت تىكلىگەن ئىدى. سۇلوماجىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەركەزگە ئىنكاس قىلىپ مالىك ئۇنىڭ روكېفېللېر بىلەن خالىمانغا بېسىم قىلىشىنى چەكلەۋاتىدۇ دەپ ئىنكاس قىلىپ ئۇ مەخسۇس خىزمىتىمگە توسالغۇ پەيدا قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۇ مەركەزگە بۇ ئىككى كىشىنى ھەرگىز سوۋېت جاسۇسى بولالمايدۇ دەپ ئېيتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1975-يىلى سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى بورىس فېيودوروۋىچ لوموۋ - ك گ ب نىڭ ئىشەنچ قىلىشقا بولىدىغان مۇناسىۋىتى - نيۇيورك تا ئىستىخبارات پونكىتى ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئورگىنى بولىدۇ، 1976-يىلى مەركەز جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇشتا تۆھپىسى بارلارغا مۇكاپات بېرىش تۈزۈمىنى بېكىتىدۇ. مۇكاپاتلاش شەكلى مېدال بېرىش ۋە مۇكاپات بېرىش شەكلىدە بولۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆستۈرۈش، يېڭى ئۆي تەقسىم قىلىش ۋالىيوتا پۇلى بېرىش (خادىملار ۋەزىپە ئادا قىلىش مۇددىتى تاماملانغىنىدا. ئۇ پۇلغا غەرب تۇرمۇش بويۇملىرىنى سېتىپ ئېلىپ موسكۋاغا ئەكىتەلەيدۇ) قاتارلىقلار.

ك گ ب نىڭ رەئىسى بولغان ئاندروپوپ خۇددى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىگنىپ كىرىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگىنىدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار 20- ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا، ئۇنىڭ بەلگىلىگەن بىر قاتار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جاسۇس كېڭەيتىش پىلانلىرى، 1974-يىلى ئاۋغۇستتا نىكسون شاقىراتما دەرۋازا ۋەقەسى سەۋەبىدىن ئىستىپا بەرگىنىدىن كېيىن، ئاندروپوپ ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىغا يوليورۇق بېرىپ نىكسوننىڭ ئاۋالقى مەسلىھەتچىسى پات بۇكنەن، نىكسون نۇتۇقلىرىنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىسى ۋىكان سافىر، نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى يىلىدا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى بولغان رىچارد ئەيلون، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئىختىساتشۇناسى ۋىلەيد بىلىسچى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ پىشقەدەم سېناتورى ئەيۋىلىت گېرىسىن (نىكسون ئىستىپا بېرىپ بىر ئايدىن كېيى ۋاپات بولىدۇ)

قاتارلىق 5 نەپەر بۇرۇنقى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا سوۋېت تەرىپىدىن سېتىۋالغىلى بولمايدىغان كىشىلەر ئىدى. 1975-يىلى ئاندروپوپ بىر قاتار ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان پىلانلارنى تەستىقلايدۇ. بۇ پىلانلارنىڭ ھەممىسىلا گيورگ پاۋىل، رامۇچ كلارك، كېنىس جابۇبۇلس ئەيفىلېر خالىمەن تېد كىنىدى ۋە تيودور سولۇنسىن قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان جەمىيەتنىڭ ئىسىللار تەۋەسىگە سىڭىپ كىرگەن. 1976-يىلى ئامېرىكا مەملىكەتلىك سايلىمى جەريانىدا، ك گ ب دىكى ئەڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان جاسۇسى بىر نەپەر كارتېر گۇرۇھىغا يېقىنلىشالايدىغان دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ ئۇنسۇرلىرىدىن بىرسى، ئەمما چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ۋەقەنى چۇخچىلىماق تەس بىر ئىش، چۇنكى [335] بۇ ئادەم رۇسىيە زىيارىتى ۋاقتىدا 2-باش ئىدارە تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ئىدى.

ك گ ب نىڭ ئامېرىكا سىياسىتىنى تۈزگۈچىلىرى تەسىر پەيدا قىلىشتا ئەڭ كۈچلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىك ستراتېگىيىسى بەكلا داڭلىق بىر ئىلمى تەتقىقات ئورگىنى ـ موسكۋا ئامېرىكا- كانادا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئورگىنى تەرىپىدىن نىقاپلانغان. مەركەز ساقلىغان 1968-يىلى بۇ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەخپى قائىدىلىرىدە بەلگىلىنىشىچە، ك گ ب نىڭ تۈۋەندىكىچە ھەقلىرى بولىدىكەن: ك گ ب خادىملىرىدا سالاھىيەت ۋەزىپىسىنى يوشۇرۇش، ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنى ھەمدە ئىلمى خادىملىرىنى موسكۋاغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلىش، ۋە ئامېرىكىدا ئىستىخبارات بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەردە بولۇش قاتارلىق ھوقۇقلىرى بولىدۇ. ك گ ب بۇ ئورۇننىڭ خادىملىرىنىڭ يوشۇرۇنۇش بۇنىڭغا مۇئاۋىن ئىنستىتۇت باشلىقى پولكوۋنىك ۋلادېمىر بوگدانوۋنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئۇنىڭ پارولاسى ۋىلادىمىروف). بەزىدە ئۇنىڭ كەسىبدېشى كەينىدىن ئۇنى پاگونلۇق ئىلمى خادىم دەپ چاقىرىشقىمۇ ھەققى بار. ئىنستىتۇتتا يوشۇرۇنغان ئەڭ مۇھىم ك گ ب خادىمى بىر مەزگىل باشلىق بولغان گيورگى ئارباتوۋ. (پارولاسى ۋاسىلى) بولۇپ ئۇ ئامېرىكىدا چوڭ بىر يوقۇرى قاتلاملىق

مۇناسىۋەت تورى قۇرغان. ھەمدە ئامېرىكا يوقۇرى دەرىجىلىك خادىملارغا تەسىر كۆرسىتىش بىسىمى كۆرسەتەلەيدۇ. كىسىنگىر بىر ۋاقىتلاردا مۇنداق دېگەن ئىدى:

*(ئارباتوف) ئەسلىدىنلا نورمال بولمىغان ئامېرىكا زىيالىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ماھىر. ئۇ بۇ ئادەملەرنى ساداقەتلىك ئىشەنچىلىك كىشىلەر دەپ تونۇيدۇ. ھەمدە ئۇلارنى ئامىرىكا سوۋېت ئوتتۇرسىدىكى ئاۋارىچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاخماقانىلارچە يارىشىشىنى خالىمايدىغانلىقى پەيدا قىلغان دېگەنگە ئىشەندۇرەتتى. ئۇ ئىنتايىن مەنىلىك ئىجاتچانلىق بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيتتى. ئامېرىلىقلارنىڭ رەت قىلىشى كىرىمىل سارىيىدىكى تىنچلىقنى سۆيىدىغان ھەمدە بەكلا سەزگۈر سوۋېت رەھبەرلىرىنى ئۈمىدسىزلەندۈردۇ. ئامېرىكىلىقلاردا جانلىقلىق يېتەرسىز بولغىنى ئۈچۈن، سوۋېت رەھبەرلىرى تاقابىل تۇرۇش سىياستىنى يۇرگۈزمەي ئامالى يوق. ئەمما بۇلار ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشتىنلا كەلگەن كۆڭۈلچەكلىكى بىلەن يۇمشاقلىق تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدۇ.*

گەرچە ئارباتوف بىلەن ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ يېقىنلىشىشى ك گ ب نىڭ ئامېرىكا فېدراتىيىف ھۆكۈمىتىگە سىڭىپ كىرىش ئۈمىدىنى ئارتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما مىتروخىن جاسۇسلار ئارخىپى ئىچىدىن ھېچقاچان بۇنداق يول بىلەن ئەڭ مۇھىم جاسۇسلارنى جەلىپ قىلغانلىقىغا دائىر بىرەر پاكىت تاپالمىغان. مەركەزنىڭ قارىشىچە، ئارباتوف 20- ئەسىرنىڭ 70-يىللاردا ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەت قىلغان كىشىسى ئامېرىكا كونا دۆلەت مۇداپىيە يارىدەمچىسى سىيلىس ۋەنس (پارولاسى ۋەزىر) ئىدى. 1973-يىلى باھاردا، ۋەنس سوۋېت زىيارىتى ۋاقتىدا ئامېرىكا [336] سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۆز ئارا ئىشىنىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئارباتوف بىلەن بىرلىكتە كەلگەن پىكىرنى ئىمزالاشقان. بۇنىڭ ھېچقانداق بىر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى يوق. ئارباتوف مەلۇمات بېرىپ مەن ۋەنسكە چۈشۈندۈرۈپ قويىدۇمكى، موسكۋادىكى ئامېرىكا بۇلتەن مەتبۇئاتى، سوۋېتكە بولغان كۆرۈنۈش ھەققىدە تەتۈر تەشۋىقاتلار چوقۇم ئامېرىكا مىنىستىرلىكى سىرتىدىكى يەھۇدى

تىرىلىشچىلىرى تېزگىنىدە بولىۋاتقان ئىشلار. 1976-يىلى ئارباتوف يەنە بىر قېتىم ئامېرىكىغا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى نورمىدىن تاشقىرى ھەرىكەتچان مەبلەغدىن 200 دوللارغا ئىلتىماس قىلغان. ئۇنى ۋەنىس بىلەن باشقا بەزى كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىشقا ئىشلەتكەن. بۇنىڭدەك قىلچە مەنىسى يوق كۆرۈشۈشلەر گەرچە مەركەزنى ئاخماقانىلارچە ئۈمىدلەندۈرگۈجى جىمى كارتېرنى 1976-يىلى پىرىزدېنت چوڭ سايلىمىدا غەلىبە قىلدۇرۇپ، ۋەنىستىنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى قىلغان. شۇنداق قىلىپ سوۋېت جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى يېڭى بىر قېتىملىق ھۆكۈمەت ئىچىگە سىڭىپ كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. 19-دېكابىر كۈنى ئاندروپوپ شەخسەن ۋەنىستىنىڭ ھەرىكىتىنى تەستىقلايدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ مەخسىدى ۋەنىستىنى ھېچ بولمىغاندا ك گ ب نىڭ بىر ئىشىنىشكە بولىدىغان مۇناسىۋەت ئادىمى قىلىش ئىدى. ئەلىۋەتتە بۇ ھەرىكەت ئاخىرىدا مەغلوبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ۋەنىستىنىڭ ئارخىبىدىكىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە ئۇ كارتېر ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگىنىدىن كېيىن، ھەر قانداق بىرىنىڭ ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن شەخسى ئۇچرىشىشىنى ئىمكانسىز قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كېلىپ مەركەزنى تېخىمۇ بەكىرەك رەنجىتكەن تەرىپى باش ئەلچى دولىلىدىن ئەپەندى يەنىلا خۇددى بۇرۇنقى كېسىنگىر ۋەزىپە ئۆتىگەن يىللاردىكىدەك يەر ئاستى مەخپى يولى ئارقىلىق ئامېرىكا مىنىستىرلىكى مىنىستىر ئىشخانىسىغا بارالايدىغان بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. مەركەزمۇ بىر مەزگىل ئۆزىنى ئالدىغاندەك بۇ مەخپى يولنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ۋاقتى كەلدى دەپ قارىغان ئىدى.

مەركەز ئەڭ دەسلىۋىدە كارتېر ھۆكۈمىتىدىن ئۈمىد قىلىشى شۇنچىلىك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدىكى، ئۇلار ھەتتا كارتېر دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى سىبىگنوف بۇرجىنىسكى - بىر قاتتىق قول ئۇنسۇر – نى سوۋېت جاسۇسى قىلىشنىمۇ پىلانلىغان ئىدى. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇرجىنىسكى بىلەن كۆرۈشكەن، ئارباتوۋنىڭ ياردەمچىسى بوگانوۋنى ۋاشىنگتونغا ئەۋەتىپ بۇرجىنىسكى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ چىڭىتىش، ھەمدە ئۇنىڭغا بەزى ئەڭ يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ. 1977-يىلى 3-يانۋار كۈنى، ئاندروپوپ بۇرجىنىسكىگە پايدىسىز ماتېرىياللارنى توپلىتىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇنى بۇرجىنىسكىغا بېسىم ئىشلىتىشنىڭ بىر تەدبىرى قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ۋەنسىت دىپلوسىغا ئوخشاش، مەركەز بۇرجىنىسكىغا تەسىرنى كۈچەيتىش ئۈمىدى تېزلا يوقۇلىدۇ. نەتىجىدە، مەركەز قايتىدىن بۇرجىنىسكىنىڭ پائال تەدبىرلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن چارە تۈزۈشكە تىرىشىدۇ. [337]

1977-يىلى 26-مايدا، ك گ ب نىڭ 0017-نومۇرلۇق بۇيرۇقى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كارتېر ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىستىخباراتلىرىغا ئېھتىياجىمىز بار. 1977-يىلى بىلەن 1978-يىلى، مەركەز ۋاشىنگتون بىلەن نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىغا بەرگەن باھاسىدا، يەنە بىرقېتىم ئېنىق قىلىپ بۇ ئىككى ئورگاننىڭ مەركەز ئوتتۇرغا قويغان تەلەپكە يەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىدىكى ھۆكۈمەت ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق تورى يەنە بىر قېتىم يوقۇرنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلىقى ئۈچۈن تەنقىتلىنىدۇ. چۈنكى بىرمۇ مەۋجۇت بولمىغان جاسۇس مۇھىم سىڭىپ كىرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلارغا كىرەلمىگەن.

ك گ ب نىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىچىدە كام بولغان ئىشەنچىلىك يوقۇرى قاتلام ئىستىخبارات مەنبەلىرىگە كىرەلمىگىنى ئۈچۈن، مەركەز قايتىدىن سۇيىقەست نەزەرىيىسىنى تېپىپ چىقىدۇ. (بۇ بىر ئادەتكە ئايلانغان نورمال ھادىسە.) 1977-يىلىنىڭ باشلىرىدا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (بىر ھېساپتا ئاندروپوپنىڭ يېقىنى) ۋلادىمىر ياردوۋىچ كلىيۇچكوۋ ئاندرىپوپقا بىر "مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ سوۋېت گراجدانلىرى ئارىسىدا جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش" دېگەن دوكلاتىنى سۇنىدۇ. ئاشكارلىنىشىچە ئەمەلىيەتتە زادىلا مەۋجۇت بولمىغان، مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە، ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا ۋە ئىلمى تەتقىقات ئونۋېرسال پىلانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەققىدىكى بىر دوكلاد ئىكەن:

*..... بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگىنى*

*سوۋېت پۇخرالىرى ئارىسىدا جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش، پۇخرالار ئارىسىدا ئىستىخبارات مەشىق قىلدۇرۇشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ سوۋېت سىياسى، ئىقتىسادى، ۋە ئىلمى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا كىرگۈزۈشنى پىلانلىشىپ يۈرمەكتە. مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىر پىلان تۈزۈپ چىقىشى، جاسۇسلۇق ھۈنەر ـ ماھارىتى ـ جەھەتتە ئىستىخباراتچىلارغا ئايرىم ئايرىم يول كۆرسىتىدىغان، ھەمدە سىياسى ۋە ئالىي ساھە جەھەتتە جاسۇسلارغا قاتتىق مىڭە يۇيۇش ئېلىپ بارالايدىغان. .... مەركىزي ئىستىخبارات ئىدارىسى ئەنگىلىيە ئىستىخبارات قۇرۇلمىسىدا مۇستەقىل بىر قۇرۇلما تەشكىل قىلىپ بۇ ئورۇنلاردا بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇرمىلاش جەھەتتە يالغۇز جاسۇسلارغا (سوۋېتنىڭ) يوقۇرى يوليورۇق بېرەلەيدىغان قىلىش. مەركىزي ئىستىخبارات ئىدارىسى شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بۇنىڭدەك ئەستايىدىللىق بىلەن پىلانلانغان ھەرىكەت چوقۇم سوۋېت سىياسى تۈزۈمىدە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشۋېتىدۇ. سوۋېت ئىختىسادى تەرەققىياتىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ھەمدە سوۋېت پەن-تېخنىكا تەتقىقات خىزمەتلىرىنى يارغا قىستايدۇ.*

ئاندروپوپنىڭ قارىشىچە بۇ دوكلاد ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئىكەن. شۇڭا 1977-يىلى 24-يانۋار كۈنى، ئۇ ئۆزى ئىمزالىغان بۇ دوكلادنى سىياسى بىيروغا ۋە مەركىزى كومىتېتتىكى باشقا ئەزالارغا تاپشۇرىدۇ. [338]

ئەگەر 4 يىل ئاۋالقى كارتېر ھۆكۈمىتى داۋاملىق تۇتۇلغان بولسا ئىدى، ئازىراقلا ئۈمىد قىلىدىغانلا بولساق، ئۇ ھالدا مەركەز 1981-يىلى يانۋاردا تەختىگە چىقىدىغان رىگان ھۆكۈمىتىدىن ھېچقانداق بىر ئۈمىد كۈتەلمەيمىز. ئۇ ئۈمىدلەر رىگان سايلام مۇسابىقىسىدا سوۋېتكە قارشى نۇتقىدا سايلىنىش ئۈچۈن كۆرسەتمىلىك قىلغانلا بولۇپ قالاتتى. رىگان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇزۇنغا قالماي قەتئى ئۈمىدىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. 1981-يىلى ئافرېلدا، مەركەز شۇنى تەلەپ قىلىشى كېرەككى، ئارباتوف ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىدۇ. زىيارەت تامالانغاندىن كېيىن، يېڭى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى توغرىلىق ئاندرىپوپقا ۋە كلىيوتچكوۋغا بىر پارچە دوكلات سۇنىدۇ. ئاق سارايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق كەچلىك زىياپەتتە، ئارباتوف پۇرسەت تېپىپ رىگانغا 15 مېترلا يىراقلىقتىن

www.uyghurkitap.com

رىگاننى ئىنچىكىلىك بىلەن بىر يېرىم سائەتتەك كۆزىتىدۇ. گەرچە رىگان قارىماققا ئامېرىكا پىرېزدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ رولنى ئوينىغاندا ھەقىقى ھېسسىيادى بىلەن ئوينىغان ئىدى. ئامېرىكا 4 چوڭ ھەربىي تۈرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بايراقلار چوڭ زالغا ئېلىپ كىرىلگىنىدە، رىگان دۆلەت مارشىنى ئاڭلاۋېتىپ، دەرھال قولىنى كۆكسىگە قويىدۇ،بۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ تۇراتتى. ئەمما نانسىي كۆزلىرىنى بىر مىنوت بولسىمۇ يولدىشىدىن ئۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك روھى ئارباتوفنىڭ قارىشىچە ئۇ خۇددى 19 ياشلىق بىر قىزغىلا ئوخشاپ تۇيۇقسىزلا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ناخشا چولپىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالغىنىدەك كۆرىنەتتى. گەرچە رىگان مۇخبىرلارغا سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، ئىنتايىن سەمىمىلىك ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. ئەمما ئۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن دۆلەت ئاتىسىلىق رولىنى ئوينايدۇ. بىر سۈيۈملۈك روھ، چاخچاقچى تۇيغۇ ۋە ئاددى ھەممە كىشى يېقىنلىشالايدىغان خاراكتېرلىق ئاتاغلىق بىر داھى رولىدا ئىدى.

مەركەز بىلەن كېرىمىل سارىيىدىكىلەردە رىگانغا نىسبەتەن قىلچىمۇ ياخشى تەسىرات يوق ئىدى. ئۇلار روشەن ھالدا كېسەل قىياپىتىدىكى برېژنوپ 1981يىلى ماي ئېيىدا ك گ ب نىڭ بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىنىدىكى مەخپى نۇتقىدا، رىگان ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى دۇنيا تېنچلىقىغا ئەڭ ئېغىر تەھدىت دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا 18 ئايدىن كېيىن باش سېكرېتارنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئاندروپوپمۇ سۆزگە چىقىدۇ. كوپ قىسىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئاندروپوپ سىياسى بيرونىڭ قارارى بويىچە ك گ ب بىلەن باش ئىستىخبارات ئورگىنى تۇنجى قېتىم ھەمكارلىق ئاساسىدا بىر قېتىملىق يەر شارى خاراكتىرلىق ئىستىخبارات پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ پارولاسى "تۇنجۇقتۇرۇش" ـ يەنى باشقۇرۇلىدىغان ئاتوم بومبىسى بىلەن زەربە بېرىش دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپلىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئۇنىڭ نىشانى رىگان ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېتكە قارىتا ئاۋال قورقۇتۇپ ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىدىكى يادرو

قورالىرى بىلەن زەربە بېرىش ئىستىخباراتى (بۇ پىلان ئەسلىدە سوۋېت باشلاتقان بىر پىلان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق بىر پىلان زادىلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.). سوۋېتنىڭ بۇ خاتا تۇيغۇسى بىر تەرەپتىن ك گ ب نىڭ ئاساسلىق رەقىبىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىش پىلانىنىڭ تېخىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ك گ ب نىڭ يەنە بىر قېتىم سۇيىقەست [339] نەزەرىيىسىگە قېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئاندروپوپ سوۋېت چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان، دۇنيا ۋەزىيىتى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك پارتلاش خاراكتېرىنى ئېلىپ باقمىغان ئىدى. 1982-يىلى نويابىردا، ئاندرىپوپ بىرېژنوپنىڭ ئىز باسارى بولدۇ. ئەمما ئىزچىل تۆردە ك گ ب نىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك تېزگىنلەپ تۇتۇشتا چىڭ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دائىم دېگىدەك ك گ ب نىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ئوفىسىېرلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇراتتى. ئاندروپوپ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرتارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقىتتا، نەپىسىنى بۇغۇش ھەركىتى ئىزچىل تۆردە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى ۋەزىپىسى ئىدى.

بىر قانچە يىلدىن بېرى موسكۋا ئىزچىل تۆردە رېگان ھۆكۈمىتىنى "تەلۋىلەرچە ئىزاھلاپ كەلگەن ئىدى. (سوۋېتنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاناتولى دوبۇرلىدىن قىلچە كۆپتۈرمەي تەسۋىرلەپ بېرەتتى). ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسىم سوۋېتنىڭ غەرب ئەللىرى پايىتەختلىرىدە تۇرۇشلۇق ئىستىخباراتچىلار ھەرگىزمۇ ئاندرىپوپ بىلەن ك گ ب رەھبەرلىرىدەك ئۇنداق ئېغىر گۇماندا ئەمەس ئىدى. 1982-يىلى ئىيۇندا، ئولىگ ئانتونوۋىچ گيورجىيوفسكىدەك لوندون ئىستىخارات پونكىتىغا كىرگەن ۋاقىتىدا، بارلىق سىياسىي ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكى ھەممە كەسىپداشلار "نەپەس قىسىش" ھەركىتىدىن گۇمانلىناتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرمۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى خەتەرگە قويۇپ مەركەزگە ھۆكۈم قىلىشتەك بىر رىقابەتكە كىرىپ قېلىشنى خالىمايتتى. "نەپەس قىسىش" ھەرىكەت پىلانى بىر

www.uyghurkitap.com

تۇرلۇك خاتا ئىستىخبارات توپلاش ۋە ئانالىز قىلىش دائىرىسىگە كىرىپ قالغىلىقىغا ئۇنىمايتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەرقانداق بىر سوۋېت ئىستىخبارات پونكىتى بۇيرۇق بويىچە ئۇنداق "كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان" ئىستىخبارات توپلاش ئىشىغا ئاتلانماتتى. مەركەز ئۇلارغا تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلاردىن مەلۇم دەرىجىدە قورقاتتى، ھەممە ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئىستىخبارات توپلاشنى تەلەپ قىلىپ تۇراتتى. ۋاشىنگتون ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ستانىسلاۋ ئاندرىيوۋىچ ئاندرىسوف (كلىيۇچكوۋنىڭ يېقىنى) دەل شۇنداق كۆچ سەرىپ قىلمايلا بۇنداق ئىستىخباراتلارنى ئاسانلا تەمىنلىگۈچىلەردىن بىرسى ئىدى.

مەركەز 1983-يىلى مارت ئېيىدا ئامېرىكىنىڭ ئېلان قىلىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان س د ئى (يۇلتۇزلار ئارا ئۇرۇش) پىلانى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو ئۇرۇشى قوزغاشتىن ئاۋال ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنى روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشىنىڭ بىر قېتىملىق ئەسكەرتىشى ئىدى. 1983-يىلى 28-سىنتەبىر كۈنىسى، كېسەل كارىۋېتىدا يېتىپ مەلھەم بىلەن داۋالىنىۋاتقان ئاندرىپوپىنى سوغۇق ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئۇمىدسىزلەرچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن ئۇزۇر تىلىتىشتە قوللىنىلغان بىر ئەيىپلىنىشى ھېساپلىناتتى. (ئۇ مۇنداق دەيدۇ:) بۇ ئەھۋال كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان مىللەتارىست ئىدىيىنىڭ "پۈتۈن ئامېرىكىنى قاپلىغان" لىقىدۇر. بۇ "جاھانگىرلىك قارا نىيىتىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدىكى رىگان ھۆكۈمىتىنىڭ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدۇر. ھەتتا ۋاشىنگتوندىكى ھەرقانداق بىرسىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويغا سېلىپ قويىدىغان بىر مىنوتلۇققا بولسىمۇ ھەرىكەتلەنمەي جىم تۇرغۇزۇپ قويىدىغان بىر پىكىر دەيدۇ. 1983-يىلى نويابىردا ، "شىمالى ئاتلانتىك ئەھدىت تەشكىلاتى (ن ئا ت ئو) نى پارولاسى قابىلىيەتلىك ئاتقۇچى ـ 83" بولغان يادرو بومبىسى قويۇپ بېرىشنى مانېۋىر قىلىنىشى. بۇ مەزگىلدە، مەركەزنىڭ جىددىچىلىكىنى ئاخىرقى نوقتىغا يەتكۈزگەن ئىدى. ك گ ب نىڭ رەھبەرلىكى [340] بۇ قېتىمقى مانېۋىر بىر ئېھتىمالدا ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يادرو ھۇجۇم قىلىشىنىڭ بىشارىتى ئىدى، بۇ چاغدا، بىر قىسىم دۆلەتلەر

ئىستىخبارات ئىدارىلىرىنىڭ غەرىب ئەللىرىدە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى مەركەزنىڭ ھەربى ئۇچۇرلارنى يالغاندىن بېرىۋېتىشى، بولۇپ، ھەرگىزمۇ غەرىپ ئەللىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تەھدىتى ئەمەس ئىدى.

1984-يىلى، نەپەس كېسىلىش ھەرىكىتى تەدرىجى ھالدا بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغان ئىدى (گەرچە پۈتۈنلەي توختىتىلغان بولمىسىمۇ)، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەپچىسى ئاندروپوپ بىلەن دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ئوسجىنوف (بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىلىرىدىن بىرسى) ئىككىسىنىڭ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۆلۈپ كىتىشى. ئۇندىن باشقا، لوندون بىلەن ۋاشىنگتون دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتى ئىچىدە بىر تەرەپلىمە ھېسسىياتلار سوۋېت تەرەپكە شۇنى ئىشارەت قىلىدىكى، ناتو ھەرگىزمۇ يادرو ئۇرۇشى قوزغىمايدۇ. ك گ ب نىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى تەمىنلىگەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان نەپەس توختىتىش ھەرىكىتى دوكلادى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، سىياسى ئىستىخباراتلار باشقارمىسى موسكۋاغا ئاڭلاشنى خالايدىغان مەزمۇنلارنىلا يوللايدۇ. سىياسى ئىستىخباراتقا مەسئۇل بىر مەسئۇل خادىم كېيىن ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

*يوقۇرىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، بىز راستىنى يالغان قىلىپ كۆرسىتىپ ئىستىخبارات سۇنىمىز، ھەمدە "ھەممىنى ئامېرىكىلىقلارغا ئارتىپ قويۇشنىڭ ھەممىدىن تېنچ ئىش بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمىز. بۇنى ھەرگىزمۇ ئىستىخبارات دېگىلى بولمايتتى. بۇ ئەسلىدە ئۆزىنى ئۆزى ئالداشتۇر!"*

رېگاننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتىگەن دەۋرىدە، باشقا دەۋرلەردە بولغىنىغا ئوخشاش ئەگەر مەركەز جاسۇسلارنىڭ دوكلاتىنى ئەمەس بەلكى "نيۇيورك گېزىتى" بىلەن "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى" نىڭ مەزمۇنىدىن كۆپرەك پايدىلانغانلا بولىدىكەن، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق ۋە توغرا چۈشىنەلىگەن بولاتتى. 1985-يىلى گورباچېۋ سوۋېت كومپارتىيە مەركىزىنىڭ باش سېكرتارلىقىغا سايلانغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ "يېڭى تەپەككۇرى" نىڭ دىپلوماتىيە

سىياسەتلىرىدىكى ئەڭ ئېنىق بىشارىتى، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىغا سۇنغان سىياسى دوكلاتىدا نارازىلىقنى ئىپادىلىگەن ئىدى. 1985-يىلى دېكابىردا، 1985-يىلىدىن تارتىپ ك گ ب رەئىسلىكىنى ئۆتەپ كەلگەن ۋىكتور مىخايلوۋىچ سابۇلىكوف ك گ ب رەھبەرلىرىنى يىغىپ بىر يىغىن چاقىرىدۇ. يىغىندا گورباچېيېۋنىڭ كەسكىن توختالغان بىر مېمىراندۇمىنى مۇزاكىرى قىلىدۇ. بۇ مېمىراندۇمدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى "سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىغا ۋە باشقا رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا سۇنۇلغان ئىستىخباراتلار ۋە ئىستىخبارات دوكلادلىرىدا، ھەرگىز بۇرمىلانغان، پاكىتلارنى ئۆزگەرتىش ئەھۋاللىرى بولماسلىقى كېرەك." يىغىن سەممىلىك بىلەن بىردەك پىكىر ماقۇللاپ، بۇ ئورگانلار نادانلىق بىلەن مۇبالىغىلەشتۇرۇلگەن ھەمدە تەشۋىق قىلىنغان لېنىن ئورتىغا قويغان "بىز پەقەت بارلىق پاكىتلارغا ئېھتىياجلىقمىز" دېگىنىنى پىرىنسىپ قىلغان ھالدا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەربىر چىكاچىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلىشىمىز كېرەك.[341]

(خىتايچە ئەسلى مەنبەدە بۇ يەردىن ئۈچ بەت چۈشۈپ قالغان)

... شىركىتى بىلەن تامسون لام ۋۇردىلىچ شىركىتىدىكى ئالىملار، پەن -تېخنىكا ئىستىخبارات تورىدىمۇ ۋە بەزى ئامېرىكىدا داڭلىق تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىغان ھەمدە مۇھىم دۆلەت مۇداپىيە تۈرلىرىگە يېقىنلىشالايدىغان ئالىملار. بۇ ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرتۋاتقان تەتقىقات ئىنىستىتۇتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدىن مۇنۇلار بار: مانچېستېر (ماسىڭ) تەبىئى پەن سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ مېيك، چىكاكو ئۇنىۋېرسىتىنىڭ ئارگون دۆلەتلىك قىرائەتخانىسىدىكى تروپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات تورىدىن باشقا، ك گ ب جاسۇسلىرىمۇ ئامېرىكا ئەسكىرى پەن تەتقىقات ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىپ بولغان. ئۇلار سوۋېت ئۈچۈن ئەڭ يېڭى ئەسكىرى پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى تەمىنلەپ تۇرغان. بۇ جاسۇسلار ئوغۇرلىغان ئىستىخباراتلاردىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئېلېكترون سانائىتى ئېنجېنېرلىرىنى كۆزۈرۈك قىلىپ ھەربىي

ئىشلار ئالاقە "قىممىتى بار ئىستىخباراتلىرىنى " تەمىنلىگەن ئىرپو، 1977-يىلى ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ماددى ئەشيا تەرەققىياتى بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قوماندانلىق شتابىنىڭ تەرەققى قىلدۇرغان قورال تەتقىقات خىزمىتى ئىچىگە قاتناشقان.

مىتروخىن سوۋېت پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات توردىكى "ئاساسلىق رەقىب" ساھەسى بويىچە ئىستىخبارات توپلاش دائىرىسى ۋە ئوبىكتىپىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. گەرچە چېتىلغان مەزمۇنلار بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكى ماتېرىياللاردىن كەڭرى بولسىمۇ، بۇلار يەنىلا ئېنىق ئەمەس، مەسىلەن، مىتروخىننىڭ ئارخىپىدا كالىفورنىيە دورا تىجارەت سودىگەرلىرىدىن ئاندىرو دالتون لى قاتارلىقلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىلمىغان. بۇ ئادەم 1975- 1976-يىللار ئارىسىدا ك گ ب نىڭ مېكسىكا ئىستىخبارات پونكىتىغا "ليۇۋېيەن" رازنۇېتكا سۇنئى ھەمراسىنىڭ مەشغۇلات قوللانمىسى بىلەن باشقا سۇنئى ھەمرا سىستېمىسىنىڭ تېخنىكا سانلىق ماتېرىياللىرىنى تەمىنلىگەن. لىنىڭ ئىستىخبارات مەنبەسى دوستى كرىستوفىر بويىستىن كەلگەن ئىدى. بۇ ئادەم لىدوگدوبىچنىڭ تامپسون ۋىنمو ئۇردىلىچ شىركىتىنىڭ "ليۇۋېنىيەن" رازنۇېتكا سۇنى ھەمرا ياساش زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. تامپسون مو ئۇردېللىچ شىركىتىدىن ئوغۇرلىغان مەخپى ئىستىخباراتلار سىرتىدا بويىس يەنە ئامېرىكىنىڭ جاسۇسلۇق سۇنئى ھەمراسىنى سوۋېتنىڭ باشقۇرۇلدىغان بومبا تەجرىبە ئىستىخباراتلىرى ئۇچۇنمۇ بېرەتتى. 1977-يىلى، لى بىلەن بويىسىن قولغا ئېلىنىپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئۇمۇربويى قاماق جازاسىغا ۋە 40 يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىلىدۇ. كېيىن بۇ ئىككىسى بىر بازىرى ئىتتىك كىتاپنىڭ ئاپتورى بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ كىتاپ ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن "ئوۋچى بىلەن قار ئادەم" دېگەن كىنونىڭ باش قەھرىمانىغا ئايلىنىپ بىر مەزگىل داڭ چىقىرىدۇ. مىتروخىن كۆچۈرىۋالغان يەنە بىر ك گ ب ئارخىبىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئىككىسى قولغا ئېلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن ك گ ب تامپسون لارنىمو ئۇردىلىچ شىركىتىدە يەنە بىر ئۇ ئىككىسىدىنمۇ مۇھىم، پارولاسى زېنىت بولغان يەنە بىر جاسۇسنى يېتىشتۈرىدۇ. بويىس ئەسلىدە پەقەت ئاددى بىر

www.uyghurkitap.com

خىزمەتچىلا بولۇپ، (ئۇ مۇتلەق مەخپىي ھۆججەتلەرگە تېگەلىگىنى بىلەن،) زىيىنى ئەسلى بىر ئالىم ئىدى.

ت ئىدارىسى ئۆزلىرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن، بولۇپمۇ "ئاساسلىق رەقىپ" نىڭ نەتىجىسىلىرىدىن[343] پەخىرلىنەتتى. بۇ نەتىجىلەرنى سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. 1972-يىلى، برىژنوپنىڭ قولىغا تەگكەن دوكلادنىڭ ئىپادىلىشىچە، ئۆتكەن بىر قانچە يىل ئىچىدە پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۈز مىليارت روبلى دىن ئارتۇق پۇل تېجەپ بەرگەن. بېرژنوپقا سۇنۇلغان ئۇتۇغلۇق ئىستىخبارات دوكلادى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: ئامېرىكا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئالەم كېمىسى تەتقىقاتى بىلەن ئىنسانسىز راكېتا ئۇچۇرۇلىشى ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىق ئىشلىرى، بېرىژنوپقا خەۋەر قىلىنىپ، بۇ ئىستىخباراتلار نۆۋەتتىكى سوۋېت ئالەم پىلانىدا دۇچ كەلگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرەلەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەن-تېخنىكا جاسۇسلىرى يەنە نېترون زەررىچە تېخنىكىسىنى ئوغۇرلاپ بېرىدۇ. بەزىلەر برىژنوپقا مۇنداق دەيدۇ، بۇ تۆردىكى تېخنىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 2-3 ھەسسە ئارتۇرالىشى مۇمكىن ديدۇ. شۇنىڭدەك زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ۋاقتىنى قىسقارتىدىكەن، بۇ ئەمەلىيەتكە قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيتتى. 1973-يىلى، ت ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىدا بۇنداق ئىستىخباراتلاردىن 26000 پارچە ھۆججەت ۋە 3700 خىل "ئەۋرىشكە" توپلانغان، گەرچە بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا مۇتلەق مەخپىي ماتېرىيال بولغىنى بىلەن، بۇ مۇتلەق مەخپىي ماتېرىياللار ئىچىدە مارس راكېتاسى، ئاپوللو ئالەم قاتنىشى پىلانى، سىھىرلىك باشقۇرۇلىدىغان سۇ ئاستى دېڭىز بومبىسى، سىناق ئۇستىدىكى جون باشقۇرىلىدىغان بومبا، قىزىل كۆزلۈك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، كۆپ باشلىق ئىلان باشقۇرۇلىدىغان بومبا، بوئىن 747 تىپلىق چوڭ تىپتىكى رىئاكتىپ يولوچىلار ئايروپىلانىنىڭ مۇتلەق مەخپىي ئىستىخباراتلىرى، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەن مىنسىك 32تىپلىق ھېساپلاش ماشىنىسىدا پايدىلىنىش تا قوللىنىلغان بىر قىسىم ھېسابلاش ماشىنا

تېخنىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1977-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غالىبىيىتىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى يانىۋادا ئاچقان يىغىنىدا چېكا شەرەپ بۆلۈمى قۇرۇدۇ. بۇ يەردە زىيارەتكە تىزىلغانلار ئىچىدە سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا توپلاش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن تەڭداشسىز نەتىجىلىرى بار ئىدى. ت ئىدارىسىنىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا ئۆتكەن 5 يىل ئىچىدە، ئۇلار جەمئىي 140 مىڭ پارچە پەن-تېخنىكا ھۆججىتى بىلەن 20 مىڭ تۈردىن ئارتۇق ئۈلگە توپلىغان بولۇپ، بەزى ئۈچۈرلارنىڭ سوۋېت ئىگىلىكىگە بىر مىليارد روبلى ئىختىسادى قىممەت ياراتقانلىقىنى دېيىشىدۇ، شۇنىڭدەك بىر قىسىم پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىنى 2-6 يىلغىچە ئىلگىرلىتىۋەتكەن.

لىكۇنىد سىبىرگەيوۋىچ زائىسەۋىف دېگەن 1975-يىلى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كۆچكە تولغان تولۇپ تاشقان غەيرەتكە ئىگە ت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇنداق دەيدۇ، ت ئىدارىسى چەتئەل ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ ك گ ب نىڭ مۇستەقىل بىر ئىدارىسىغا ئايلاندى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ، ت ئىدارىسى ھەر يىلى سوۋېت يېزا ئىگىلىك ساھەلىرىگە تەمىنلىگەن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتىنىڭ قىممىتى 1% قىسمىنى ھەركەتچان مەبلەغ قىلىپ بەرسىلا يېتەتتى، شۇنىڭدەك چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى باشلىقى كلىيۇتچكوۋ ئۇنىڭ ئىستىخبارات پادىشالىقىدىكى ئابرويى ئالاھىدە يوقۇرى بولغان ئورۇن ئۇنىڭ تېزگىنىدىن ئايرىلغاندا، گەرچە ت ئىدارىسى مۇستەقىللىقىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى باشقا ئورۇنلار تەدرىجى مۇستەقىل ئىگىلىك
344 تىكلەپ قۇرۇلۇش سانائىتى كومىتېتىنىڭ ئەينى ۋاقتىدىكى ئامېرىكىدىن تاشقىرى نىشانلارغا سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدىكىدىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان. ئەمما بەرى بىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلىرىنى ئوغۇرلاشنىڭ ئاساسلىق نىشانىسى يەنىلا ئامېرىكا ئىدى. 1980-يىلى ھەربى سانائەت كومىتېتى ئىستىخباراتىنىڭ 61.5% قىسمى ئامېرىكىدىن (بەزىلىرى ئامېرىكىنىڭ سىرتىدىن)، 10.5% قىسمى غەرپى گېرمانىيەدىن، 8% قىسمى فرانسىيىدىن، 7.5% قىسمى

www.uyghurkitap.com

ئەنگىلىيىدىن، 3% قىسمى ياپونىيىدىن كەلگەن. 1980-يىلى ھەربى سانائەت كومىتېتى 3617 تۈر "ئىستىخبارات توپلاش ۋەزىپىسى" چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 108 تۈرى بىر يىلغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە تاماملاندى. پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتىنىڭ نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى 3396 تۈر تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا مەنپەت كۆردى. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىستىخباراتلارنى پەن-تېخنىكا ئىدارىسى تەمىنلىگەن .

ت ئىدارىسى ھەربى ئىشلار سانائىتى كومىتېتى چۈشۈرگەن نۇرغۇن تۈردىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلمى ساھەسىدە ساناقسىز ھەمكارلاشقۇچىسى بار ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا، سوۋېت ئىلمى ساھەسىدىن جەمئى 90 نەپەر كېڭەيتىلگەن جاسۇس بار بولۇپ، 900 نەپەر جاسۇس ھەمدە بۇلاردىن 350 نەپىرى بىلەن ئىشەنچىلىك مۇناسىۋەت تىكلىۋالغان. ئۇلاردىن بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆتكۈر پەن ئالىملىرى بولۇپ، ئۇلار پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات تارىخىدا ئەڭ چوڭ "ئىچكى رازۋېتكا" تورىنى تەشكىل قىلغان. ت ئىدارىسىدا "ئىستاخبارات يىغىش ۋەزىپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك غەرىپ ئالىملىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى ك گ ب نىڭ يوشۇرۇن نىشانىسى ئىچىدىكى ئادەملەردۇر. ئادەتتە سوۋېت ئالىملىرى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىكى ئوبىكتىپلار بىلەن، شۇنىڭدەك تەتقىقات ساھەسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان غەرپ ئالىملىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىشىدۇ. لېنىنگراد ئاكادېمىيىسى فىزىكا ۋە ئېنېرگىيە تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى (پارولاسى ۋىتوس) ئەنە شۇلاردىن بىرسى. ئىنىستىتۇت دەرىجىلىك (شىركەت مۇدىرى دەرىجىلىك) جاسۇسلارنى جەلىپ قىلىشىدۇ. 1973-يىلى، ئۇلار كېيىنكى تەرەققى قىلدۇردى. ماسساچۇسېت تەبىئى پەن سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ بىر نەپەر فىزىكا ئالىمى ساتىئىن دوستانە شىركىتىدىكى بىر مۇدىر، ئۇمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا لېنىنگرادنىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1978-يىلى سوۋېت جاسۇسلۇقىغا كېڭەيتىلگەن [345]

ك گ ب مۇ ئاكتىپلىق بىلەن سوۋېت ئوقۇغۇچىلىرىنى تاللاپ ئامېرىكا بىلەن ئىلمى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئاندىن ئىچىدىن بىر قىسىملارنى "ئىچكى كەسپى رازىۋېتچىك" قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا تاۋۇەندىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ستۇدېنتلىرى بىلەن ياكى تەتقىقات قۇرۇلۇشلىرى بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ. مەسىلەن نيۇيوركتا: بروكلىن گۈزەل سەنئەت مەكتىپى، ماسىڭ تەبئى پەن سانائەت ئىنىستىتۇتى لۇنسەيلى تەبى پەن ئىنىستىتۇتى، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتى، كانەي ئۇنىۋېرسىتى، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتى، نيۇيورك ئىنىستىتۇتى ۋە پىرىنسىتون ئۇنىۋېرسىتى قاتارلىقلار بار؛ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتى، كاتولىك ئۇنىۋېرسىتى، گيورگتون ئۇنىۋېرسىتى، گيورگ ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتى ۋە ئاريان ئۇنىۋېرسىتىتى قاتارلىقلار بار؛ سانفىرانسىكودا بىركىلىر ئۇنىۋېرسىتى، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتى، كالىفورنىيە شتاتلىق پەن-تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، جەنۇبى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتى ۋە ستانفورد ئۇنىۋېرسىتلىرى بار.

ت ئىدارىسى ئامېرىكىدىكى بەزى شىركەتلەرگە ۋە تەتقىقات ئىنىستىتۇتلىرىغا ئۇچۇقايلىقچە كىرىپ ئاالىشىدىكى سەۋەب، بىر ئېھتىمالدا بۇ ئورگانلارنىڭ ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ بىخەتەرلىكىنى بەكلا بوش قويۇۋېتىشى سەۋەب بولغان. 1985-يىلى كىرىستوف بويىس يۇقۇرى پالاتا تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆتكۈزگەن ئەھۋال ئۇقتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. بۇ كومىتېت ئاساسلىقى دۆلەت مۇداپىيە سانائىتىدىن ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرى ھەققىدە ئەھۋال ئۇقۇش ئېلىپ بارىدۇ. كىرىستوفىر بوويىس ئىسپاتلايدۇكى، ئۇ تامپسون لامو ئوردىلىچ شىركىتىدىكى كەسپداشلىرى بىلەن ھەر دائىم "ئىچىشىپ ئولتۇراتتى." ئۇ مۇنداق دەيدۇ، ئۇلار كادىلاكمۇ ھارىقىنى شىفىر ماشىنىسىنىڭ كەينىگە قويۇپ، شىفىر ماشىنىسىنى سۆكىدىغان سايمان بىلەن باناننى قوچۇپ تەڭشەلگەن ھاراق بىلەن كۆممە قۇناق ھارىقى ئىچكىسى تەييارلايتتى. باشقىلار بىخەتەرلىك ئۇسكىنىلىرىدىن بۇنداق ئىشلارغا قوللانمايتتى.

كۆپ ساندىكى ئامېرىكا شىركەتلىرى چەتئەللەردە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنىدا، ئۇ چەتئەلدىكى ئامېرىكا شىركەتلىرىگە چەتئەللەردە كەسىپ بىلەن شوغۇللانغىنىدا ياتلار ئاسانلا سىڭىپ كىرىۋالالايتتى. 70-

www.uyghurkitap.com

يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ك گ ب غەرپىي ياۋروپادىكى ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا 17 ئامېرىكا شىركىتى بىلەن تەتقىقات ئورنىنى سىڭىپ كىرىشنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ تاللىشاتتى: لوندا، پارىژدا، جەنۋەدە ۋە بوئىن ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا بۇ ئىش ئۈچۈن خەلقارا سودا ماشىنا شىركىتىنى، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر ئەسۋاپ ئۈسكىنە شىركىتىنى، لوندون بىلەن برۇكسېل ئىستىخبارات پونكىتى غەرپىي ساراي ئېلېكترون شىركىتىنى، پارىژ ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر تېكساس ئەسۋاپ شىركىتىنى، لوندون ۋە برۇكسېل ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر مىڭ ساد شىركىتىنى، برۇكسېل ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر غەرپىي ساراي ئېلېكترون شىركىتىنى. رىم ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر خانوۋېي شىركىتىنى، ستوكھولم ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر خەلقارا تېلېفون تېلېگرام شىركىتىنى، كوپىنخاگېن ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر ئامېرىكا دۆلەتلىك سەھىيە [346] تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنى كۆزگە تىكىپ ئۇلارنى ئىستىخبارات ئوغرىلاشقا سىڭىپ كىرىشنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋالاتتى. ھەردائىم ئىختىيارى ئىستەپ كەلگۈچىلەر سوۋېتنىڭ ياۋروپادا قۇرغان ئىستىخبارات پونكىتلىرىغا كېلىپ ياردەم تەمىنلەپ تۇراتتى، مەسىلەن 1974-يىل بىرنەپەر لوس ئانگېلىسنىڭ كانادالىق بىر ئادىمى (كېيىن قۇللانغان پارولاسى سىپولىنت) سوۋېتنىڭ ھېلسىنكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا كىرىپ مەن بىر ئېلېكترونلۇق ئوپتىك شىركىتىدە ئىشلەيمەن، بۇ شىركەت لازېر نۇرى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىدا قوللىنىلىدىغان زەمبىرەك- قورال،تانكا، ھەربى پاراخود ۋە ئايروپىلانلاردىكى ئىنفىرا قىزىل نۇرى نىشانغا ئېلىش ئەسۋابى ياسايدۇ. ئۇ كىشى بۇ ئىستىخباراتلارنى سېتىپ بېرەلەيمەن. يەنە سىپولىنتقا ئوخشاش ك گ ب نىڭ ئامېرىكىدىكى كوپ قىسىم پەن تېخنىكا جاسۇسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئىشنى پۇل ئۈچۈن قىلىدۇ دەپ قوشۇپ قوياتتى.

تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئىستىخباراتى پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلايدۇ. ۋاشىنگتون، نيۇيورك ۋە سانفىرانسىسكودىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرىدىكى تېخنىكىلىق رازۋېتكا

ئىستىخبارات بۆلۈملىرى (بۇنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالىنى 21-بابتا تونۇشتۇرىلىدۇ) بىرۇكخاۋىن دۆلەتلىك تەجرىبىخانا ۋە بىر قىسىم ئاساسلىق شىركەتلەردە ئوخشۇشلۇق تۈردە قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەمما، مىتروخىننىڭ ئارخىپىدا ئىنسان كۈچى بىلەن ئىستىخباراتلارنى ھېسابلىغىنىدەك تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئىستىخباراتلارنىڭ پەن-تېخنىكىلىق ئىستىخباراتلار ئىچىدە ئىگەللىگەن نىسبىتى ھېسابلانمىغان.

2-دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغىنىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتىنى توپلاش خىزمىتىنى ھەربى ئىشلار تېخنىكا ۋە قورال سىستېمىسىدىن چىقىرىۋېتىش غەرىپتىن كەينىدە قالغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى. مىتروخىننىڭ ئارخىپلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، 1979-يىلى سوۋېتنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇق دۆلەت مۇداپىيە سانائەت بۆلۈملىرى پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلارنى غەرىپكە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈپ كەلگەن. 1981-يىلى ئاندروپوپ مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ، ك گ ب غا ۋەزىپە قىلىپ چۈشۈرۈلگەن پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى توپلاش ئىشلىرى غەلىبىلىك ئورۇندالدى. بۇنىڭ مۇھىم ئىسپاتى 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ۋلادېمىر ۋىتىلوف (پارولاسى "خەير-خوش"، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ت ئىدارىسىنىڭ فرانسۇز گراژدانى بولغان جاسۇسى) تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن تەركىپ تاپقان ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

*مۆلچەرلىنىشىچە، ئامېرىكىنىڭ ف-18 ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرى، سوۋېت ئاۋىياتسىيە ۋە رادار سانائىتى ئۈچۈن 5 يىللىق تەرەققى قىلىش ۋاقتىنى تېجەپ بەرگەن. شۇنىڭدەك ئادەم كۈچى ۋە باشقا تەتقىقات جەھەتلەردە تەخمىنەن 35 مىليون روبلى تېجەپ بەرگەن. (1980-يىلى شۇنداق تەتقىقات پائالىيەتلىرىدە 55 مىليون ئامېرىكا دوللىرى لازىم قىلاتتى.) بۇ جەرياندا تېجەلگەن ئادەم كۈچى تەخمىنەن مىڭدىن ئارتۇق يىللىق ئىشلەيدىغان پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىدا ئىشلەيدىغان بىر تۈر ئۈچۈن غەرىپ پەن-تېخنىكا ساھەسىدە ئەڭ ئاتاغلىق شەخسى كەشپىياتچى لازىم.*

www.uyghurkitap.com

*ف-18 ئۈستىدە قوللىنىلغان ئوت كۈچىنى تېزگىنلەش رادارىنىڭ ماتېرىيالى سوۋېت[347] يېڭى نەسىل ئۇرۇش ئايروپىلانىدا ئىشلىتىلگەن ئىكران ـ تۆۋەنگە پۈركۈيدىغان رادار تېخنىكا ئاساسى ئامېرىكا باشلىق لايىھەلىگەن تېز سۈرئەتلىك بولىيې ھېسابلاش ئالماشتۇرۇش. يەر شەكلىدە ماسلىشىش تېخنىكىسى ۋە نەق ۋاقتىنى ئېنىقلاش دەرىجىسىنى كۈچەيتىش تېخنىكىلىرىنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ھەل قىلغۇچ ئامىل قاتارىدا سوۋېت ئىتتىپاقى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەھسۇلاتلىرىدا ئىشلىتىلگەن.*

پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات باشقا ھەربى تۈرلەردە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قوللىنىش مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى تەقلىت قىلىپ ياسىغان ئامېرىكا ئاۋاكس بوشلۇقتىكى رادارسىستېمىسى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ BI-B ستراتېگىيىلىك بومباردىمان ئايروپىلانىنىڭ تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىپ دېڭىز قاراقچىسى تىپلىق بومباردىمان ئايرۇپىلانىنى ياساپ چىقتى.

70-يىللارنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەن-تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشلاردا ئوينايدىغان رولىغا بارغانسىرى ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ت ئىدارىسى مۆلچەرلىرىدىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق ئاممىباب سانائىتىنىڭ غەرپ ئەللىرىنىڭكىدىن 10 يىل كەينىدە قالغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. 1980-يىلى يانۋاردا، ئاندروپوپ يولىيورۇق بېرىپ ت ئىدارىسىنىڭ بىر ئىستىخبارات توپلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك، مېتاللورگىيە، ئېلېكتر، ماشىنىسازلىق ۋە ئىلغار تېخنىكا ساھەلىرىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يولىيورۇق بېرىدۇ. 1980-يىلى يانۋاردا، ت ئىدارىسى توپلىغان 5456 تۈرلۈك ئەۋرىشكىدە (ماشىنىسازلىق. زاپچاس، مىكرو توك يولى قاتارلىق)، 44% قىسمى دۆلەت مۇداپىيە سانائىتىگە، 28% قىسمى دۆلەت پەن ۋە تېخنىكا كومىتېتى خەلق خەلق سانائىتىگە ئىشلەتكەن. قالغان 28%قىسمىنى ك گ ب بىلەن باشقا ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ئىشلەتكەن. بۇ ياكى بىر قىسىم ئاجايىپ غەلىتى يىللاردا، ت ئىدارىسى قولغا كەلتۈرگەن ئىستىخباراتنىڭ

يىرىمىدىن ئارتۇغىراقى سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ـ ئاساسلىقى شەرقى گېرمانىيە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن چېخسوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىن قولغا كەلتۈرگەن.

دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى پەن تېخنىكا ئىستىخبارات جەھەتتىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر قېتىملىق ھەرىكىتى خەلقارا سودا ماشىنىسازلىق شىركىتىگە سىڭىپ كىرىشى ئىدى. چەتئەل ئىستىخبارت ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى ماكوس ئورف مۇنداق دەيدۇ، شەرقى گېرمانىيە مىكرو ئېلېكترون شىركىتى روبلۇن شىركىتى "خەلقارا ماركا ئىشلەتكەن ماشىنىسازلىق شىركىتى" دىن ئوغۇرلاپ كەلگەن ئىلغار تېخنىكىلارغا بەكلا تايىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە بۇلار بۇ شىركەتنىڭ تېخنىكا تولۇقلاشتىكى مەخپى تەدبىرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان." گەرچە لوبلۇڭ شىركىتى خەلقارا سودىدا قوللىنىدىغان ماشىنىسازلىق شىركىتىنىڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسى جەھەتتە غەربىي بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ كەينىدە قالغانلىقى ھېسابلانسىمۇ ئەمما سوۋېتلىك كەسىپداشلىرىدىن يەنىلا كۆپ ئىلغار ئىدى. ك گ ب نىڭ ئىسىم قوغلىشىش سىستېمىسى "سۇڭدې" (ھېسابلاش ۋە سانلىق سىستېما تىكلەش جەھەتتە) قوللىنىلغانلىرى يەنىلا شەرقى گېرمانىيە ئىشلەپ چىقارغان كومپيۇتېرلارنىڭ ئۆزى ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا، پەن-تېخنىكا يىغىش خىزمىتى داۋاملىق تەرەققى قىلىپ باردى. [348] 1984-يىلىنىڭ باشلىرىدا چاقىرىلغان چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى يىغىنىدا، كلىيۇچكوف مۇنداق دەيدۇ: "يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە، خەلق ئىگىلىكى سانائىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن سانائەت ماتېرىياللىرى بىلەن ئەۋرىشكىلەر مىقدارى 50% ئارتقان." ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى "ھەقىقى ئەمەلى ئۈنۈم ياراتتى." بولۇپمۇ ئېنېرگىيە ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە بولۇپمۇ شۇنداق بولدى. ئەمما ئۇ يەنىلا شۇنى ئوتتۇرغا قويمىدى. قېتىپ قالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي قورالىرىنى تەقىت قىلىپ ياساپ چىقىشىدا يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرى بار. بۇنداق تەقلىت قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ياساش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار "تونجۇقتۇرۇش ھەرىكىتى" ئىچىگە پېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كلىيۇچكوف ت ئىدارىسىنىڭ تۈپلىغان رىگان ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو زەربە بېرىش پىلانىدىكى مەركىزى ئىستىخباراتلارنى توپلاش ئىشىدىن ئۇنچە بەك رازى ئەمەس. شۇڭا ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: "بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش، بىزدە ھەقىقەتەنمۇ يېڭى تىپلىق قوراللارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياسايدىغان ئەسۋاپلار جەھەتتىكى مەخپى ئىستىخباراتلار يېتەرلىك ئەمەس." تۆۋەندىكىلەر چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى 1984-يىلى خىزمەت پىلانىدىكى ت ئىدارىسى بەلگىلىگەن ئەڭ مۇھىم ئىستىخبارات توپلاش دائىرىسى بولىدۇ:

*ئاساسلىق رەقىپ بىرىنچى قېتىم يادرولۇق زەربە بېرىش جەھەتتە قوللانغان ھەربى تېخنىكا تەدبىرلىرى؛ يادرو ئوقىنىڭ دورىسى ۋە ئۇنى توشۇغۇچى ئەسۋاب (باشقۇرۇلىدىغانMX بومباسىستېمىسى, 3 ئاچىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئادەتتىكى 2 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئىز قوغلاپ ماڭغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ستراتېگىيىلىك بومباردىمان ئايروپىلان) نىڭ سانىنى ئارتتۇرۇش ئەھۋالى؛ يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئۆمۈرىنى ئالماشتۇرۇش (بۇنىڭغا خەلق ئەسكىرى باشقۇرۇلىدىغان بومبانىڭ 3 شاخلىق ئۇرۇش تىپلىق - 2تىپىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا) ئەھۋالى؛ يېڭى تىپتىكى قوراللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى (كۆپ خىللىق ئەسكىرى مۇددالاردا ئىشلىتىلىدىغان ئالەم ئەسۋابى، لازېر ۋە لازېر دەستىلىك قورال، ئاۋازسىز سۇ ئاستى كېمىلىرىنى قوغداش قورالى، ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش قورالى قاتارلىقلار).*

ئىستىخبارات توپلاشنىڭ ئىككىنچى مۇھىم نوقتىسى "سوۋېت پۇخرالىرىغا ئىشلىتىدىغان ئىقتىسادى ئورۇنلارنىڭ مۇھىم رولى ھەققىدىكى ئىستىخبارات".

باشقا سوۋېت رەھبىرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، گورباچىيېۋمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى ئىشلار تېخنىكا جەھەتتە غەرپنىڭ پەن-تېخنىكىسىغا ئېھتىياجى بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ نوقتىدىن قىلچى

گۇمان قىلمايدۇ. ئەمما ئۇ پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتلارنىڭ خەلىق ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بەكرەك قىزىقىدۇ. 1984-يىلى 15-دېكابىر كۈنىسى، گورباچېيېۋ سوۋېت باش سېكرتارلىقىغا تەيىنلىنىشىدىن 3 ئاي ئاۋۋال لوندون ئەلچىخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە قىلغان سۆزىدە، ت ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن چەتئەل ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىكى پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مەخسۇس تەقدىرلەيدۇ. روشەنكى گورباچېيېۋ يۈشۈرۈن تۈردە غەربىي تېخنىكىلىرىنى ۋە پەن-تېخنىكا تەتقىقاتلىرىنى ئىختىسادى ئىسلاھات نىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى دەپ قارايدۇ.[349]

80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدە دراماتىك ئۆزگۈرۈشلەر ت ئىدارىسىغا يېڭى بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىر يىل ئىچىدە، ئۇ جەمئىي 2.5 ـ 4 تۈمەن پارچە تېخنىكىلىق "ئىستىخبارات دوكلادى ۋە 1.2 ـ 1.3 تۈمەن پارچە ئەۋرىشكە يوللايدۇ. 1986-يىلى بىلەن 1989-يىلى، ئۇ ئەۋەتكەن بۇ ماتېرىياللارنىڭ تەخمىنەن قىممىتى 550 مىليون روبلى\يىلىغا توغرى كېلىدۇ. 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، غەربىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى 150 يۈرۈش قورال سىستېمىسى دەل شۇنداق غەربىي ئەللىردىن ئوغۇرلاپ كەلگەن تېخنىكىلار بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازانىلغان.

ت ئىدارىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى گورباچېيېۋغا بەكلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ كېڭەيتكەن سىياسى ئىستىخبارات توپلاش خىزمىتىنى تەنقىتلەپلا تۈرۈشىنى ئۆزگەرتكەن. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، كلىيۇچكوۋ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مۇھىم ئامېرىكا جاسۇسلىرىنى جەلىپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بەكلا ئاچچىقى كەلگەن، ئۇ بۇ جەھەتتە "چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەشنى" قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. 1985-يىلى فېۋرالدا، ئۇ ك گ ب نىڭ سوۋېت مۇھىم ئوبىكتىپلىرى ئۈستىدە قانات يايدۇرغان ھەرىكەتلىرىنىڭ "بەكلا سەۋىيىسى تۆۋەن" بولۇپ

كەتكەنلىكىنى " تەنقىد قىلغان". ئەمما ك گ ب نىڭ چەتئەلدىكى ئىستىخبارات پونكىتى يەنىلا ئامېرىكا پۇخرالىرى ئارىسىدىن جاسۇس كېڭەيتىش جەھەتلەردە "كىشىنى قايىل قىلغىدەك نەتىجە يارىتالمايۋاتىدۇ". دەيدۇ.

ئىككى ئايدىن كېيىن، كلىيۇچكوۋنىڭ دۇئاسى قوبۇل قىلىنىدۇ، بىر نەپەر ئامېرىكىلىق ئۆز ئىختىيارى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاشىنگتون ئەلچىخانىسىنى ئىزدەپ كېلىدۇ. بۇ كىشى دەل ئوردىلىچ ئەيمۇس بولۇپ، ئۇ ك گ ب غا خىزمەت كۆرسىتىشتىن بۇرۇن، ف ب ئا دا نەق 18 يىل ئىشلەپتىكەن. ئۇ ئىككى ئايغا بارماي تۇرۇپلا 20 نەپەر غەرب (ئاساسلىقى ئامېرىكا) جاسۇسىنى پاش قىلىدۇ: ك گ ب نىڭ لوندون ئىستىخبارات پونكىت باشلىقى: ئېلېكترون مۇتەخەسسىسى ئادولف توركاچېۋ، ئۇ ئىلگىرى غەربكە سوۋېت ئاۋاتسىيە ئېلېكترون سىستېمىسى جەھەتتە يوقۇرى مەخپىيەتلىكتىكى ھۆججەتلەرنى ئېلىپ بەرگەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھچ بولمىغاندا 11 نەپەر ك گ ب ۋە باش ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق جاسۇسىنى پاش قىلىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئېتىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ك گ ب نىڭ نازارىتى ئاستىدىكى گوردىيوفسكى ئەنگلىيە مەخپى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن روسىيىدىن ئوڭۇشلۇق قېچىپ چىقىۋالىدۇ.[350] بۇ جاسۇسلار روسسىيە بولشىۋىك ئىنقىلابىدىن بۇيان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن سوۋېت ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن غەرب ئىشپيونلىرى ئىدى. ئەيمۇس بۇ جاسۇسلارنى سېتىۋېتىشتىكى ئاساسلىق غەرىزى پۇل ئۈچۈن ئىدى. 9 يىلدىن كېيىن ئۇ قولغا ئېلىنغىنىدا، ك گ ب بىلەن ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۇنىڭغا جەمئى 3 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئۆتكەن. (بەلكىم روسسىيە تارىخىدا ئۇنىڭدەك كۆپ ھەق ئالغان باشقا جاسۇس يوق ئىدى،) شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا يەنە 2 مىليون دوللار بېرىدىغانغا ۋەدە قىلغان. گورباچېيېۋ يېڭىچە ئامېرىكا سىياسىتىنى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا، ك گ ب بىرىنچى قېتىم مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىدا بۇنىڭدەك مۇھىم جاسۇسنى تارتالىغانلىقى، شەكسىزكى گورباچېيېۋ ئۈچۈن بىر خوش خەۋەر ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە

گورباچېۋدىن ئاساسلىق رىقابەتچىسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ دوكلادلىرىدا پاكىتلارنى بۇرمىلاش تەركىپلىرىنىڭ ئازايتىلىشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ تەلەپكە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرغان. لىكۇنىد ۋلادىمىروۋىچ شبارشىن (ئۇ ۋاقىتتا كىليۇتچكوۋنىڭ ياردەمچىسى ئىدى) مۇنداق دەيدۇ: بۇندىن كېيىن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۇيدۇرۇلغان يالغان، سوبىكتىپ دوكلادلارنى قەتئىي يوللىمايدۇ. گەرچە نۇرغۇنلىغان خادىملار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۆمۈر بويى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋالغان يالغان مەزمۇنلارنى يوللاشنى تاشلاشقا ئادەتلەنمەك بەكلا تەسكە توختايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان.

1987-يىلى دېكابىردا، گورباچېۋ ئامېرىكا زىيارىتى ھەمدە پىرىزدېنت رىگان بىلەن چوڭ دۆلەتلەرنىڭ يادرو قوراللىرىنى قىسقارتىشنىڭ بىرىنچى ھەربى تەييارلىقلىرىنى تېزگىنلەش شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ۋاقتىدا، كىليۇتچكوۋنى بىرگە ئېلىپ باردۇ. ئۇندىن بۇرۇن دۆلەت ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھېچ قاچا پىرىزدېنتى بىلەن بىرلىكتە غەرب ئەللىرىنى زىيارەت قىلىشقا بارمىغا ئىدى. گورباچېۋ كىليۇتچكوۋغا قاتتىق ئىشەنچ قىلاتتى. (گەرچە كېيىن بۇنىڭدىن پۇشمان قىلغان) ئەمما ئەينى ۋاقتىدا، بۇ ئىشلار چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى كۆپ مىقتاردا پەن-تېخنىكا ئىستىخباراتى توپلاش ۋە مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىغا سىڭىپ كىرىش جەھەتتە نەتىجە قازىنىشلارغا قاتتىق مەمنۇن قالدۇ. ۋاشىنگتون زىيارىتى جەريانىدا كلىيۇچكوۋ بۇلەنچ قورۇق رېستورانتىدا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى مۇئاۋىن باشلىق (كېيىن س ئى ئا نىڭ رەئىسى بولىدۇ) روبېرت گەيس بىلەن كەچلىك تاماققا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار رېستوراندىكى باشقا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلمايدۇ. گېيس كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*شۇ چاغنى ئەسلىگەندە، س ئى ئا بىلەن ك گ ب بىرىنچى قېتىم ئالى دەرىجىلىك ئۇچۇرۇش ۋاقتىدا، كلىيۇتچكوۋ س ئى ئا نىڭ جان يېرىگە بىر جاسۇس كىرگۈزەلىگەنلىكىدىن ھېچنىمە بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدۇ. كىرگۈزۈلگەن ئۇ كىشى ئوردىلىچ ئەيمىس ئىدى. ئۇ شۇنىمۇ*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەتتىكى پىرىزىدېنتىمىز بىلەن قالغان خادىملار سوۋېت ئەھۋالى ھەققىدە دوكلاد قىلغىنىدا، سوۋېت [351] قانات يايدۇرغان ئادەم ۋە پەن-تېخنىكا ئىستىخبارات خىزمىتىنى بۈگۈن ئويلىسام بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەمنۇن قالدۇرىدىغا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلەيمەن.

1988-يىلى ئۆكتەبىردە، كلىيۇچكوۋ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. يەنى بىرىنچى چەتئەل ئىستىخبارات ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر خادىم ك گ ب نىڭ مەسئۇل رەئىسىگە ئۆستۈرلگەن. ئۇ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدىن ئايرىلغىنىدا قىلغان سۆزى كونا يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ تىپىك ئارىلاشمىسى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ. "دېموكراتلىشىش بىلەن ئوچۇق ئاشكارە بولۇشلار ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېنېرگىيىسى، بۇلار بولمىغىنىدا بىزنىڭ غەلىبە قازىنالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس":

ئەگەر بىز ئوبىكتىپ بىر شەكىلدە بۇ دۇنيانى تونىمىغىنىمىزدا، ئۇ ئۆزگەرمەس ئىدىيە ۋە مۇقىم تەپەككۇر چەكلىمىسىز بولىدۇ. ئۇنداقتا بىز مەدىھىلەپ تىلغا ئالغان ماشىنا ئۇنۇملۇك تاشقى سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر پارچە قۇرۇق قەغەز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ نۇتقى ئامېرىكىغا ئىنچىل گۇمان قىلىشىمىزنى "سۈيىقەست تەلىماتى"بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەرىكىتىمىزنىڭ پىرىنسىپىنى ئىنچىل تۈردە توغرا دەپ قاراشقا مەجبۇر بولىمىز:

(چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان) نۇرغۇنلىغان مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. مۇھىم نوقتا شۇكى، تۇيۇقسىز پارتىلاپ چىقىدىغان يادرو توقۇنۇشىغا سەل قارىيالمايمىز.

ئۇندىن باشقا، ئۇ يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ. غەرب ئىستىخبارات ئورگانلىرى داۋاملىق تۈگىمەس قۇتراتقۇلۇق ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانماقتا؛ ئۇ مۇنداق دەپ ئېيتىدۇ: 1989-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، غەرپ 900 تۈردىن ئارتۇق بۇنداق بىر ھەرىكەت بىلەن شوغۇللاندى. كلىيۇتچكوۋ دراماتىك بىر شەكىلدە 1989-يىلىغا كىرىپ كېلىدۇ (ئۇ تارىختىكى بىرىنچى قېتىم ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسىنى

قوبۇل قىلغان ك گ ب رەئىسى بولۇپ قالدى.)، بۇمۇ غەربپ بىلەن شەرقنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى بىر ھاۋا كېلىماتىغا كىرگەنلىكىنىڭ بىر سىمۋولى. شۇندىن كېيىن، ئۇ تۇتۇش قىلىپ غەرپ بىلەن سوۋېت خەلقىنىڭ ياخشى مۇناسىۋەت قىلىشقانلىقىنىڭ تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى كۆرسەتتىدۇ. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ك گ ب ئۆز دۆلىتىدىلا بىز بىلەن تورۇپ كەتمەيدىغان ئالىي غايىنى بىرتۇرلۇك نىشانىنى كۆزلىگەنلا بولۇپ قالماي، شۇنىڭدەك يەنە[352] دۇنيا مىقياسىدىمۇ بۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى تىكلىمەكچى.

جىددى ھوقۇق ئۈستۈنلىكىنى تالىشىشتىن كېيىن، 53 ياشلىق لىكۇنىد شىبارشىن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم سوۋېت گۇرۇھى سىرتىدىن ئىستىخبارات ھۆددىگە ئېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گورباچىيېۋ دەۋرىنىڭ دەسلىۋىدە، شىبارشىن مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا ئىستىخبارات دوكلاتى تەييارلاش بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا بىر قانچە ئۇنىڭدىن ئەملى يوقۇرى بولغان رىقابەتچىلەر ئارىسىدىن باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ بەلگىلىك بىر دەرىجىدە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتىكى، گورباچىيېۋ ئۇنىڭ دوكلاد قىلىش خىزمىتىگە بەكلا قايىل ئىدى. 1991-يىلى سىنتەبىر ئېيىدا، شىبارشىن ئىستىىفا بەرگىنىدىن كېيىن چەتئەل ئىستىخبارات خىزمىتى خادىملىرى "بۇلتەن گېزىتى" (قىسقا خەۋەرلەر گېزىتى) نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان شىبارشىن نەچچە ئون يىل مابەينىدە ئۇنى تۇنجى قېتىم چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ھەقىقى باشلىقى بولغان بىرسى دەپ تەبىر بېرىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشى بويىچە ئالغاندا، ئۇ گورباچىيېۋدىن ئېرىشكەن تۈلىمۇ مۇھىم يولىيورۇق "غەربىنىڭ قورال تېزگىنى مەسىلىسىدە ئالدامچىلىق تەدبىرىگە باش ئۇرماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش".

گەرچە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى سوۋېتنىڭ "ئاساسلىق رىقابەتچىسى" ئۈستىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى گورباچىيېۋغا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ستراتىگىيە جەھەتتىكى

مەغلۇبىيىتىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ت ئىدارىسى ئۇچۇشلۇق تۇردە ئوغۇرلاپ چىققان غەرب مۇتلەق مەخپىيەتلىرىمۇ سوۋېت ئىقتىسادى سىستېمىسىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھېچقانچىلىك ئوڭشىيالمىدى. گەرچە پەن-تېخنىكىنىڭ بىر يىللىق قىممىتى 1 مىليارد روبلىدىن ئارتۇق بولغان بولسىمۇ، شۇنىڭدەك سوۋېتتە نۇرغۇن ساندا ئالىم ۋە ئېنجېنېر بولۇشىغا قارىماي، سوۋېت بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى تېخنىكىلىق پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ بارماقتا. گورباچېۋ يولغا قويغان ئىسلاھات يەنىمۇ بىر قەدەم ئىقتىسادى ئىگىلىكنى ئاجىزلىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ بازار ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىمۇ تىكلەپ بېرەلمىدى. گەرچە 1990-يىلىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ يەنى مول ھوسۇللۇق يىل بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا ئاچارچىلىق يۈز بەردى. ھەرقانداق ئىختىساد ۋە سىياسى ئىستىخبارات سوۋېت تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە يوق بولۇشىنى كەينىگە چېكىندۈرەلمەيتتى.

سوۋېتنىڭ ئىقتىسادى مەسىلىسى 1990-يىلى تېخىمۇ بەكرەك گەۋدىلىنىپ چىققان ئىدى. بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن ئىدى. مەركەز سوۋېتنىڭ "ئاساسلىق تەقدىرى" نىڭ ئەنئەنىۋى گۇمانلىنىشى قايتىدىن تىرىلدى. كلىيۇتچكوۋ بارلىق سوۋېتتە بار بولغان مەسىلىلەرنى جاھانگىرلارنىڭ سۈيىقەستى دەپ تەنقىتلىمەيتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ، ك گ ب نىڭ قارىشىچە، بىز چوقۇم مەملىكەت ئىچىدىن بىز دۈچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى ئىزدىنىشىمىز لازىم. ئەمما ئۇ يەنىلا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن باش غەرب ئەللىرىنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ياردىمىنى تەنقىتلىشىمىز كېرەك. ئەمما بىز بۇنىڭلىق بىلەن سوتسىيالىزمغا قارشى [353] بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلدۇق. ھەمدە ئۇلارنى سوۋېتكە قارشى مەخپى كۈرەشنىڭ بىر قىسىم كۈچى قىلدۇق. شىبارشىن مۇنداق دەيدۇ، گورباچېۋ چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىغا دىققەت قىلمىدى.

# ئون تۆرتىنچى باپ
# سىياسى ساھەدىكى ئۇرۇشلار

ماركس مۇنداق دەيدۇ: "پەيلاسوپلار، ئوخشىمىغان بىر ئۇسلۇپتا دۇنيانى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندۇ. ئەمما مەسىلىنىڭ ماھىيىتى دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە. " (ماركس : فېرباخ تېزىسلىرى، 11-باب) ك گ ب ئىستىخبارات توپلاش ۋە سىياسى جەھەتتە توغرا ئىستىخبارات ئانالىزى ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە ھەر خىل "ئاكتىپ تەدبىرلەر" نى ئىشقا سېلىپ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇندۇ. بۇ تەدبىرلەر ئاخبارات ساھەسىنى تېزگىنلەش ۋە ھەر خىل دەرىجىدە زوراۋانلىق تەدبىرلىرىدىن پايدىلانغان "پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت" قاتارلىقلاردۇر. شۇ ئارقىلىق ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىسىدا قەھرىمانلارچە ئەكسىل ئىنقىلابى سۈيىقەستلەرنى مەغلۇب قىلىپ بۇ سۈيىقەستلەرنى مۇبالىغە قىلىش تەسىرىنى يوق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسى رەھبەرلىككە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش، ك گ ب دائىم ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈنۈمىنى ھەر دائىم ئاشۇردى دەپ ھېسابلايدۇ.

پۈتكۈل سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە، ئامېرىكا دائىم ك گ ب غا ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىدۇ" ۋە ئىستىخبارات توپلاشنى ئاساسى نىشان قىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ خىل ئەھۋاللاردا ك گ ب قۇللانغان زوراۋانلىقسىز "ئاكتىپ تەدبىر" ئارقىلىق "ئاساسى رەقىبىنى" يوق قىلىش ئىشەنچى بىلەن "ھەرىكەت تەسىرى" پەيدا قىلىدۇ. 1984-يىلى يانۋاردا ئۆتكۈزۈلگەن چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ئالى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا يەنە بىر قېتىم چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى قايتا بەلگىلەپ چىقىدۇ: "بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارانىيىتىنى مەغلۇب قىلىش ... بىز چوقۇم دۈشمەنىنىڭ ئاجىز نوقتىلىرىنى تىنماي تەكشۈرۈپ ئاشكارىلاپ تۇرىشىمىز شەرت." بۇ مۇھىم نوقتا 2-دۇنيا ئۇرۇشى

www.uyghurkitap.com

ئاخىرلاشقاندىن بىرى ھېچ قاچان ئۆزگەرمىدى. كۆپلىگەن "پاش قىلىش جەھەتتە ئىپادىلىگەن مەزمۇننى تەسۋىرلەش شەكلى ئەسلىدە ئا ئىدارىسى (چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدا "ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىشنى" ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان بىر ئورگان) خەستەڭگە يالغان ئىستىخبارات پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئىستىخباراتلار[356] پ ر يولى ئارقىلىق (سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسى) خادىملىرى تەرىپىدىن چەتئەل ئىستىخبارات پونكىتىغا يەتكۈزىلىدۇ. بەزىلەر مۆلچەرلىشىدۇكى، پ ر يولى (سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسى) خادىملىرىنىڭ "ئاكتىپ تەدبىر" جەھەتتە سەرىپ قىلغان ۋاقتى، ئۇلارنىڭ قىلغان گەرچە بىر قىسىملار بۇ دەرىجىگىچە كەلمىگەن بولسىمۇ. ۋاقتىنىڭ 25% ئىش قىسمىنى ئىگەللەيدىكەن.

ئا ئىدارە ئۆيدۇرۇپ چىققان يالغان ئىستىخباراتلار مۇرەككەپلىك دەرىجىسى جەھەتتە بەك كۆپ پەرىقلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ مۆلەرلىشىچە، ئا ئىدارىسىدىكى خادىملار "ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىش" ئۈچۈن پۈتۈن ۋاقتىنىڭ 25% قىسمىنى سەرىپ قىلىدىكەن.

ئا ئىدارىسىنىڭ ئۆيدۇرۇپ چىقارغان يالغان ئىستىخباراتلىرى مۇرەككەپلىك دەرىجىسىدە پەرىق كۆپ بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ سۈپەت جەھەتتە پەرىقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئا ئىدارىدىكى 50% قىسىم خادىملار "ئاكتىپ تەدبىر" نىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بولۇپ، قالغان 50% خادىملار ئىچىدىكى بەزىلىرى باشقا ئورۇنلاردىن تاللاپ ئەپكەس قىلىۋېتىلگەن كىشىلەردۇر. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ئەڭ قابىلىيەتلىك، ئەڭ مەسئۇلىيەتچان خادىملار ئاساسەن ئا ئىدارىسىغا بېرىپ ئىشلەشنى خالىمايدۇ، سەۋەبى ئا ئىدارىسىدا چەتئەلگە چىقىپ ئىشلەش پۇرسىتى بەكلا ئاز دەپ قارىشىدۇ، شۇنىڭدەك ئا ئىدارىسىدا ئىشلەش، كەسپىنىڭ قولدىن كېلىدىغان ئاخىرقى نوقتىسىغا بېرىپ قالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. يۇرى مودىن (5 نوچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يول كۆرسەتكۈچىسى) دەل شۇنداق "ئاكتىپ تەدبىر" جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلەردىن بىرى. ئۇ ئا ئىدارىسىنىڭ

مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغىنىدىن كېيىن، يەنە ھىندىستاندا سىياسى ئىستىخبارات خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ـ ئۇ يەردە يالغان ئىستىخبارات يېيىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ خىزمەتلىرى ئىنتايىن نەتىجىلىك بولۇپ، كېيىن ئۇنى ئاندروپوپ ئىنىستىتۇتىنىڭ سىياسى ئىستىخبارات پاكولتىتىنىڭ مۇدىرلىكىگە ئاتىغان. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن ئا ئىداره خادىملىرى بۇنىڭدەك قابىلىيەتلىك ئەمەس ياكى غەرپ ئەللىرىدە ياشاش تەجرىبىسى بەكلا ئاز بولغانلىرى، ئۇلارنىڭ غەرىپ ئەللىرىنى چۈشىنىشى بەكلا ناچار. ئۇلارنىڭ كاپىتالىستلار ۋە سىيونىست سۇيىقەستچىلەرنىڭ سۇيىقەست تەلىماتلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى، بۇ سۇيىقەستچىلەر ئامېرىكا يوشۇرۇن "قوماندانلىق مەركىزى" نى باشقۇرىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. تا 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغىچە، بىرمۇ ك گ ب رەئىسى ۋە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدىن بىرەرسىمۇ بىرەر چەتئەلدە ئىشلەپ باقمىغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ تەلىماتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان. شۇڭا بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىدۇ.

1963-يىلى 22-نويابىردا، پىرىزدېنت كېنېدى داللاستا سۇيىقەستكە يولۇقۇپ، لى خاۋى ئوسۋارت تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگىچە ئەگەر مەركەز بۇ ۋەقەنى بىر سۇيىقەست دەپ چۈشەندۈرمىسە ئىدى، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە توغرا كەلمەيتتى. ك گ ب مۇئاۋىن رەئىسى دېكابىردا مەركىزي كومىتېتقا دوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

*"پولەك دوستلار (پولەك ئىستىخبارات ئىدارىسى) نىڭ بىر ئىشەنچىلىك ئىستىخبارات مەنبەسىدە، بىر نەپەر جەنۇبى نېفىت ئىشلەپچىرىش ساھەسىدىكىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتى بولغان ئامېرىكا كارخانىچىسى ۋە كۆپ قىسىم شىركەتلەرنىڭ غوجايىنى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ، بۇ جىنايەتنىڭ ھەققىي پىلانلىغۇچىسى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى 3 چوڭ نېفىت غوجايىنى رىچاردسىن، موچىسىن ۋە خېرنت، بۇ جەنۇپتىكى نېفىت مەنبەسىنىڭ ئاساسلىق ئىگىدارچىلىرى، ئىرقچىل تۇردە جەنۇپتىكى فاشىستلار ۋە*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېرقچىلار تەشكىلاتى بىلەن چېتىشلىقى بار ئىكەن."

بۇنىڭدەك بەكلا ئاددىلاشتۇرۇلغان سوۋېيقەست نەزەرىيىچىلىرىنىڭ پاكىتلىرىنى تېپىپ قوللاش بولۇپمۇ نىۋت تىرىستلىرى بىلەن كومىنىزىمغا قارشى ھەزىلچى ھ ئى خۇنت بىلەن بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلارنى ئاختۇرۇش ھەرگىزمۇ تەس ئىش ئەمەس. خۇنت بىر ۋاقىتلاردا يالغاندىن مۇنداق دېگەن ئىدى: "كومىنىست ئۇنسۇرلارغا ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشقا ھەرگىز ئېھتىياج يوق. ئامېرىكىدا، بولشېۋىكلارغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان ھىسسىياتلار ئەينى يىللاردىكى بولشېۋىكلارنىڭ كىرېنسكى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىش، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنى تارتىۋېلىش ۋاقتىدىكىدىنمۇ كۈچلۈك."

خۇنتنىڭ ئوغلى بىر ئۆچىل بۆلگۈنچى، ئۇنىڭ باشقا بىر قىسىم ئۆچى بۆلگۈنچىلەر بىلەن كېنېدى زىيارەتكە كەلگەن كۈنىسى داللاستا (ئەتىگەنلىك گېزىتى) پۇل خەجلەپ يوشۇرۇن بىر ئېلان بېرىدۇ. ئۇنىڭدا كېنېدىنى كومىنىستلارنىڭ غالچىسى دەپ ئەيىپلەيدۇ. بۇ ئەيىپلەش، كېنېدىنىڭ 'مەن خۇددى ساراڭلار دۆلىتىگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك " تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم دېگەن مەشھۇر سۆزىنى دېگەن. دالاسنىڭ يالىڭاچلار كلۇبىنىڭ غوجايىنى جېك روبى ـ دەل ئۇ 24ـنويابىر ئوق چىقىرىپ ئوسۋاردقا ئەجەللىك بىر زەربە بەرگەن. بۇ ئىش كېنېدىگە سۇيىقەست قىلىنغانىنىڭ سەل ئاۋال بېرىپ خونتنى زىيارەت قىلغان.

ك گ ب نىڭ دوكلاتىدا، "بالتىمور قۇياش گېزىتى" نىڭ بىر مۇخبىرى " دېكابىرنىڭ باشلىرىدا بىر خۇسۇسى سورۇندا مۇنداق دېگەن، ھازىر قولغا ئېلىنغان جېك روبى ئوسۋاردقا كېنېدىنى ئۆلتۈرسەڭ بىر مۇنچە پۇل بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان. ئەمما روبى ئۆزى بىر مىليونېر بولغان خۇنتنىڭ رەھبەرلىكىدىكى تېكساس مالىيە ۋە سانائەتچىلەردىن تەشكىل تاپقان تەشكىلاتنىڭ يوللىشى بىلەن " كېيىن رۇبى يەنە ئوسۋاردنى جايلىۋېتىپ يىپ ئۇچىنى يوقاتقان. قارىغاندا بۇ تور ك گ ب نىڭ قاراشلىرىغا خروشوپمۇ ئىشىنىپ قالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە كېنېدى ۋەقەسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئۆچىل سۇيىقەستچىلەرنىڭ مۇدداسى سوغۇق ئۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈش، ھەمدە "ئامېرىكا دىپلوماتىيىلىك

سىياسىتىدىكى ئەكسىيەتچىل ۋە تاجاۋۇزچى تەركىپىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى كۆچەيتمەكچى ئىدى."

ك گ ب مۇ ئوسۋاردنىڭ كېنېدىنى ئۆلتۈرۈشى جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئورتاق ئىرىقچىلىق خاھىشىغا ئىگە نىيۇ ئورلېئان تىرىستلىرىنىڭ ئۈستىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشقا ئىشقا بۇرىۋەتمەكچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغان.[358] قارىغاندا بۇ ئىشنى كومپارتىيىنىڭ سوۋېتلەر دەپ ئىشىنىپ قالغان. مەركەز ئوسۋاردنىڭ سوۋېتلەر جىنايەت سوۋېتلەردىن تازىلىنىشىغا ئەلىۋەتتە ئۆزىنىڭ يېتەرلىك باھانىلىرى بار ئىدى، تۆۋەندىكى بۇ پاكىتلار ك گ ب نى بەكلا چۆچۈتىۋەتكەن: 1959-يىلى ئوسۋارت سوۋېتكە قېچىپ كېتىپ، مەن ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بەكلا يىرگىنىمەن، شۇڭا سوۋېت تۇزۇمىگە تەلپۈنىمەن دېگەن، بۇ ۋەقە مەركەزكە بەكلا چوڭ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەن. دەسلىۋىدە ئۇنى س ئى ئا ئۇنى يوشۇرۇن ۋەزىپە ئادا قىلىش ئۈچۈن يوللىغان دەپ گۇمان قىلغان. ئەمما كېيىن ئۇنىڭ كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان، يۇرۇش تۇرۇشى تۇراقسىز بولغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان، 1962-يىلى ئۇ رۇس ئايالىنى ئېلىپ تېكساسقا قايتىپ كەتكەن، شۇنداق قىلىپ ك گ ب مۇ بۇ ئاۋارىچىلىقتىن بەختلىك ھالدا قۇتۇلۇپ قالغان. ئۇ ئەندىلا ئامېرىكىغا قايتىپ كەتكىنىدە، ف ب ئا ئۇنىڭدىن ك گ ب جاسۇسى دەپ گۇمان قىلغان. ئەمما ئۇلارمۇ ئۇزۇنغا قالمايلا مەركەز بىلەن ئوخشاش بىر تەرەپلىمە خۇلاسە چىقارغان. شۇنىڭغا قارىماي، 1963-يىلى ئاۋغۇستتا ئوسۋارت ئامېرىكا كومپارتىيىسىگە خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ داۋاملىق تۇردە "يەر ئاستى" ئەزا سالاھىتىدە ئىسلاھاتقا قارشى كۈچلەر بىلەن "كۈرەش قىلىشنىڭ ئاشكارە كومۇنىزم غايىسىنى ھىمايە قىلىدىغان سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرغا چىقىشىم تېخىمۇ ياخشىراق بولارمۇ دەپ مەسلىھەت سورىغان. شۇنداق قىلىپ ك گ ب ئۇنىڭدىن قايتىدىن گۇمان قىلىپ قالغان. ئامېرىكا كومپارتىيىسى ك گ ب بىلەن بولغان ئاساسلىق ئالاقىلىشىش يولى بىلەن، ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئەزاسى جېك نېرىس (پارولاسى مالات) ئارقىلىق موسكۋانى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئوسۋارتنىڭ بۇ خېتىگە "ف ب ئا نىڭ

www.uyghurkitap.com

سۇيىقەستىمۇ قانداق دەپ قاراپ قالغان." تەبىئىكى، ك گ ب دىكىلەر نىرىسنىڭ ئۆزى بىر ف ب ئا جاسۇسى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش ئىدى.

پىرىزدېنت لىندىن ب جونسۇن كېنېدى سۇيىقەست ۋەقەسىنى تەكشۈرەش ئۈچۈن ۋولۇن كومىتېتىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، 1964-يىلى سىنتەبىردە بەرگەن دكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار "ئاجايىپ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە" پاكىت بىلەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوسۋارت كېنېدى سۇيىقەستى پۈتۈنلەي شەخسى ئىش بولۇپ، بۇ يەردە ھېچبىر سۇيىقەست مەسلىسى مەۋجۇت ئەمەس، گەرچە دوكلادتا بەزى شۆبھىلىك نوقتىلار بار بولسىمۇ، بىر ئېھتىمالدا ئۇلارنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى توغرا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئا ئىدارىسى شۇنىڭغا قەتئى ئىشىنەتتىكى، كېننېدى ئوغچىل كۈچلەرنىڭ سۇيىقەست قۇربابى بولغان. ھەتتا ئۇلۇن دوكلادى ئوتتۇرغا چىقىشىدىن ئاۋال، مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە بىرىنچى قول زەربە بېرىش ماتېرىيالىنى پىلانلىغان. بۇ ماتېرىيالنى باسقۇچى كارل ئوردۇ مارزانى (پارولاسى نود)، بولۇپ، ئۇ ئىتالىيەدىكى ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى. بىر ئېھتىمالدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋاللا سوۋېت جاسۇسلىقىغا تەرەقى قىلدۇرۇلغان ئىكەن. ك گ ب دائىم ئۇنىڭدىن ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىشتا پايدىلىنىپ كەلگەن. 20- ئەسىرنىڭ 60-يىللار بېشىدىلا نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى مەركەزگە تەۋسىيە قىلىپ [359] مارزانىغا ئۇنىڭ ئەركىن كىتاپچى نەشرىياتىغا سوۋېتكە يېقىنلىقنى تەسۋىرلەيدىغان كىتاپلارنى چىقىرىشى ئۈچۈن 6-7 مىڭ دوللار تەمىنلەشنى مەسلىھەت قىلغان:

ك گ ب ئوسۋاردنىڭ كېنېدىنى ئۆلتۈرۈشكە تاللانغىنىغا ئىشىنىدىكەن مەخسەت شۇ ئارقىلىق دىققىتىنى ئېرقچىلىق خاھىشى بولغان نيۇفېت چوڭلىرىنى بېشىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئىكەن. بۇنداق بىر سۇيىقەست ۋەقەسى [358] بىر قارىماققا راستىنلا كومىنىستلارنىڭ سۇيىقەستىدەك تۇرىدىكەن. مەركەزنىڭ ئوسۋارتنىڭ سۇيىقەست جىنايىتىنى تاللىشىدا ئۇنىڭمۇ تولۇق سەۋەبلىرى بار ئىدى. تۇۋەندىكى

پاكىستانلار ك گ ب نى ئالاھىدە غەمدە قويىدىكەن: بۇنداق باھالىنىشلار مەركىزى كومىتېتىنىڭ خەلقارا بۆلۈمىدىكىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. 1960-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا، خەلقارا بىيرو ئۇلارغا 15 مىڭ دوللار مەخپى مەبلەغ بېرىشىنى تەستىقلايدۇ. بۇ رەقەم نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ بەرگەن تەۋسىيىسىدىنمۇ ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق.

1961-يىلى سىنتەبىردە، سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى يەنە كېيىنكى ئىككى يىلدا [360] ... بىز بۇگۈن قارار قىلدۇقكى، مارزانىنىڭ نەشرىيات ئىشلىرىنى يۆلەش ئۈچۈن 55 مىڭ دوللار ئاجىرتىمىز، ئۇندىن باشقا مارزانىغا ھەر يىلى بىر تۈمەن دوللار رېكلام چىقىمى ئۈچۈن پۇل بېرىمىز. 60-يىلىنىڭ بېشىدا ياش ك گ ب خادىمى ئولگ كاروگىن- ئۇ 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا موسكۋا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى سۈپىتىدە نيۇيوركقا ئەۋەتىلىدۇ- ئۇ تۇنجى قېتىم مارزانىنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ مارزانىنىڭ ئۆيىدە "ھەممىلا يېرىدە ھەرخىل رەڭلەردە كومپارتىيە ئەزالىرى، لىبىراللار ۋە ك گ ب جاسۇسلىرى تولغان- ئەلىۋەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ف ب ئا كۈزىتىپ تۇرىدىكەن."

بۇ كىتاپتا جاستىنىڭ ئوسۋارتنى "ف ب ئا نىڭ جاسۇسى ھەمدە س ئى ئاي ئۈچۈنمۇ ئىشلەيدىغان بىرسى دەپ ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئوسۋارتنى يەنە س ئى ئا غا ئىشلەيدىغان جاسۇس دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنى قۇربان قىلىشقا بولىدىغان بىر مەخلۇق، بىر قۇربانلىق، شۇنىڭدەك سىرتقا مەلۇمات يەتكۈزگۈچى دەپ جايلىۋەتكەن. شۇنداق قىلىپ "ئوسۋارت: قاتىلمۇ ياكى تۆھمەتكە قالغۇچىمۇ" دېگەن بۇ كىتاپ ئۈچۈن [361] كېيىنكى 30 يىلدا سوۋېت ۋە رۇسىيە قوللانغان پائال تەدبىرلەردە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئاساسقا ئۇل تىكلەپ بېرىدۇ.

بۇ تۈردىكى تەسۋىرلەر مەركىزى كومىتېتىنىڭ خەلقئارا بۆلۈمىدىكىلەرنى تەسىرلەندۈرىۋېتىدۇ. 1960-يىلى ماي ئېيىدا، خەلقئارا بۆلۈم 15000دوللارلىق زور ھەجىمدىكى مەبلەغنى يۇشۇرۇن تۈردە مەبلەغ قىلىپ سېلىشنى تەستىقلەيدۇ. بۇ پۇل نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تەكلىپ قىلغان مەبلەغدىنمۇ ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپ ئىدى.

مارزانى 60-يىللاردا نەشىر قىلغان ئەسەرلەر ئۆزلىرى تەرجىمە قىلغان ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ يازدۇرغان بىر قىزغىن ئاستانىمۇ بار بولۇپ، ئۇ، سوۋېت تۈزۈمى مەدھىلەنگەن بىر ئەسەر ئىدى:

*سوۋېت ئىتتىپاقىنى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەر بىر سوتسىيالىزىمچىنىڭ، ھەربىر دېموكراتچىنىڭ ۋە ھەربىر زامانىۋى كىشىنىڭ ۋەزىپىسى، ... بۈگۈن بىز بۇ دۇنيانى توختىماي ئۆزگەرتىشكە كۈچىمىز يېتىدۇ. بۇنى سوۋېتنىڭ ئۇتۇغلىرىغا بېغىشلايمىز، ۋە باشقا بەزى دۆلەتلەرنىڭ نەتىجىلىرىگە بېغىشلايمىز. قىسقىسى بىز بۇ نەتىجىنى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۇ تۇپراقلاردىكى كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەرگە بېغىشلايمىز، بىز بۇنىڭغا قابىلىيەتلىكمىز، ھەمدە چوقۇم 1917-يىلى ئۆكتەبىردە دۇنياغا كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ روناق تېپىشىغا تىلەكداشمىز.*

1964-يىلى مارزانى نەشىر قىلغان ئەسەرلەردىن بىرسى مۇنداق ئىدى "ئوسۋارد: قاتىلمۇ ياكى قۇرۇق تۆھمەتكە قالغان بىرسىمۇ". بۇ ئامېرىكىدا ئوتتۇرغا چىققان تۇنجى كېنېدىنىڭ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىشى تەسۋىرلەنگەن بىر كىتاپ. ئۇنىڭ يازغۇچىسى گېرمانىيىلىك جۇئاشىم جوستاي ئىدى. كىتاپنىڭ بېشىدىلا جۇئاشىم ئۆزىنى كار مارزانى "كۆوڭلىدىن چچىققان رەخمىتىنى" ئىپادىلىگەن. ئۇ بۇ كىتاپقا بىر ئۆتكۈرلۈك ئاتا قىلغان، يوقۇرى ئۆنۈم بەرگەن. شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئېسىل كلاسسىك نەشرىيات خاراكتىرى بەرگەن. ئۇ بۇ كىتاپقا پۈتۈن قەلبىنى بەرگەن. مارزانى بۇ كىتاپنىڭ ئارگىنالىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدىن كېيىن، 5 ھەپتىدىن كېيىن بۇ كىتاپ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە دۇنياغا كەلتۈرگەن. يوسى چى موسكۋانىڭ قارىشىنى قۇۋەتلىگەن. بۇ سۈيىقەستنىڭ "نيۇفت زوراۋنى ھېنىرت باشچىلىقىدىكى ئوڭچىل ئېرىقچىلارنىڭ پىلانلىغان بىر سۈيىقەستى:

*كېنىدى ئەپەندى "يادرو سىناق شەرتنامىسىنى چەكلەشنى ئىمزالىغانلىقى ئۈچۈن، لائوس مەسىلىسىدە بىتەرەپ ئىپادە قوللانغانلىقى ئۈچۈن، لاتىن ئامېرىكىلىق مىللىتارىستلارنى رەنجىتىپ*

*قويغان. شۇنىڭدەك كاستروغا يارىشىپ ئۆتۈشنى سىناق قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ بىر مەيدان سوغۇق ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرارمىكىن دەپ قورققان. نەتىجىدە قورال سەرپىياتى پۇل ئايرىشنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىپ ھەربى سانائەت گەۋدىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇرۇش پادىشالىقى تىزگىنلىنىپ قالارمۇ دەپ قورققان. پىرىزدىنت ئىزنىخاۋىر ۋىدالىشىش نۇتقىدا كۈچلۈك ئەيىپلەپ ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بۇ دېگەن ئۇرۇش پاسكىنچىلىقىنىڭ ئوتىنى ياققانلىقىنى تىزلەشتۈرگەنلىك دەپ ئاگاھلاندۇرغىنى.*

*بۇ كىتاپتا، يوسىچى، ئوسۋارتنى قۇربانلىق قىلغان بىر نەرسە دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دەپ قارىغان. شۇنىڭدەك يەنە سىرتقا تارقىتىلغان دەلىللەرگە ئاساسەن ئۇجۇقتۇرۇلغان كىشى دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ "ئوسۋات؛ ئۇ بىر قاتىلمۇ ياكى تۆھەتكە قالغۇچىمۇ" دېگەن ئىسىم تۇرغۇزۇلغان.[361] كېيىنكى 30 يىل جەريانىدا رۇسسىيىگە قوللانغان ئاكتىپ تەدبىرلەردە دائىم ئوتتۇرغا چىققان ئىككى ئاساسلىق مەسىلە ئوتتۇرغا قويۇلغان: بىرىنچىسى، خونت بىلەن باشقا ئۇگچىل ئەسەبى ئۇنسۇرلار پىرىزدىنت كىنىدىگە سۇيىقەست پىلانلاشقان. ئىككىنچىسى، مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقان. شۇنداقتىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا، ئولۇننىڭ دوكلادى ئوتتۇرغا چىققانلىقى بۇ كىتاپنىڭ قىممىتىنى كۆپ ئازايتىۋېتىدۇ. ئەمما يوسىچىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىنىڭ ئاشكارلىنىشى بۇ كىتاپنىڭ زەيىپلىشىگە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.*

ك گ ب نىڭ قارىشىچە نيۇيوركتىكى ئادۋوكاد ماك لېيىن كېنېدى پىرىزدېنتنىڭ سۇيىقەستكە يولۇقىشى جەريانىدىكى سۇيىقەست نەزەرىيىچىسى قاتارىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك بىرسى. بۇنداق ھۆكۈم قىلىنىش ئەڭ توغرا ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ. بىر پارچە نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى قەلەمگە ئالغان بۇ كىشى ھەققىدىكى دوكلادتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

*ماك لېيىن ئامېرىكا دېموكراتلار بىلەن ئالاقىسى زىچ بولغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، ئۇ ئامېرىكىدىكى بىر قاتار سىياسى مەسىلىلەر*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئۈستىدە لىبېراللىزملىق دۇنيا قارىشىغا ئىگە، شۇنىڭدەك كېنېدىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى شەخسەن تەكشۈرۈپ چىققان.*

يوستىڭ لىيىننى بىر "ئەقىللىق ھەمدە ياشىغان بۇ كىتاپنى لىيىنگە ئارماغان قىلغان: مەيلى فېدراتىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى قوللانغان ساقچى دۆلىتىنىڭ تەدبىرى بولسۇن ، (لەيىننىڭ ئۆزدېگىنى بويىچە ئېيتقاندا) مەيلى مەتبۇئاتنىڭ بۇ ئىشتىكى ھەيران قالارلىق جىمىپ قېلىشى بولسۇن، ھېچ قايسى پاكىتلارنى ئويىنتىپ ئەمەلىيەتتە نىمە بولغانلىقىنى تېپىپ چىقىشىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. "لىيىئىن ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچى ياردەمچىسى بىلەن باشقا پىدائىلىرى بىلەن بىرلىكتە، 5-كوچىنىڭ جەنۇبىدىكى تارچۇق ئىشخانىسىدا خەلق تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە كىچىك بىر تىياتىرخانىنى ئىجارىگە ئالىدۇ. ئۇ يەردە بىر قانچە ئاي، ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇ يەردە كىشىلەر "نۇتۇق" دەپ ئاتىغان نۇتۇق سۆزلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۈيىقەست نەزەرىيىسىنىڭ ئىلگىرلەش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ. لىيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بۇ خىلدىكى ئالاھىدە نۇتۇق ئارقىلىق ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا قويۇش ئۇسۇلى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى بارلىق رادىئو تورلىرى ۋە تېلېۋىزىيە پروگراملىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ھەر قانداق بىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاراشلىرىغا بىر ئېغىزمۇ پەرقلىق سۆز سۆزلىمەيدۇ. " گەرچە نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى تەۋەككۈل قىلىپ لەيىئن بىلەن بىۋاستە باغلىنىپ قېلىشتىن قورقسىمۇ، ئۇ يەنىلا لىيىننىڭ ياخشى دوستلىرى ئۇنىڭغا 1500 ئامېرىكا دوللىرى بېرىپ، ئۇنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يار يۆلەكتە بولىدۇ. لىيىننىڭ ك گ ب ئارخىبى بۇ دوستىنى ئىشەنچ قىلىشقا بولىدىغان مۇنانىسۋەت دەپ قارايدۇ. گەرچە لىيىن بۇ پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر يەنىلا مۆلچەرلىيەلىشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر يەنىلا بۇ يوشۇرۇن مەبلەغنى بەلكىم فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى سەزگەن بولىشى مۇمكىن.[362]

1964-يىلى، يەنە ئەينى ئوتتۇرغا چۈشكەن بىرسى ئۇنىڭغا ياۋروپا زىيارىتى ئۈچۈن يەنە 500 ئامېرىكا دوللىرى بەرگەن. ياۋروپادا، لىيىن

موسكۋادىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىگەللىگەن بەزى ماتېرىياللىرىنى مۇھاكىمە قىلغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەمما مەركەز ئەپسۇس بىلەن ئۇنى رۇسسىيىگە تەكلىپ قىلىشىنىڭ بۇ ئىشقا سوۋېتنىڭ قول تىققانلىقىنى ئېنىق ئاشكارىلاپ قويغانلىق بولىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ موسكۋاغا كېلىش پىلانىنى "ئاجايىپ كېلىشكەن ئۇسۇلار بىلەن كېچىكتۈرگەن. ئەمما ك گ ب سوۋېت مۇخبىرلىرىدىن بىر قىسمى ئىشىنىشكە بولىدىغان مۇناسىۋەتلەر بىلەن لېيىننىڭ تەكشۈرۈش ئىشىنى قوللاپ بېرىدۇ. بۇ مۇخبىرلار ئارىسىدا ك گ ب جاسۇسى جېلىك بولوۋېك بار بولۇپ، بۇ كىشى كېيىن بۇيىن بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالىدۇ. 1966-يىلى بوئىن "ئالدىراقسانلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش" دېگەن كىتابىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يوقۇرى دەرىجىلىكلەر ئارىسىدىمۇ كېيىندىغا سۈيىقەست قىلىدىغان جاسۇسلار بار دەيدۇ. بۇ كىتاپ شۇ يىلى ئەڭ كۆپ سېتىلىدىغان كىتاپلار تىزىملىكى بويىچە قېلىن مۇقاۋىلىق قىلىپ تۈپلىنىدۇ. ھەمدە ئىككىنچى يىلى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ كۆپ سېتىلىدىغان كىتاپقا ئايلىنىپ ئامېرىكىدىمۇ قېلىن مۇقاۋىلىقى بېسىلىدۇ. شۇنىڭدەك خۇددى لېيىئىننىڭ ئۈيدۇرغىنىدەك تەسۋىرلىنىپ، دۇنيا بويىچە زور ئۇتۇققا ئېرىشىدۇ. ھەمدە كىشىلەرنىڭ سۈيىقەست ۋەقەسى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا دراماتىك بىر شەكىلدە ئۆزگۈرۈش ياسايدۇ.

60-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 70-يىللارنىڭ باشلىرىدا، لەيئىننىڭ ئۇتۇقى بۇرۇنقىسىدەك ئۇنچىۋالا زور بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەڭ بەك قىزىققىنى كېنېدىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى تەسۋىرلەنگەن كىتاپ، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق سۈيىقەست نەزەرىيىسىنى پاش قىلىدىغان ئەسەرگە ئايلىنىپ قالغان. 1971-يىلى، ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ رەھبىرى موسكۋانى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا، گەرچە "يەڭگىللىك بىلەن ھۆكۈم قىلىش" دېگەن بۇ كىتاپ، 'كومپارتىيىگە پايدىلىق كىتاپقا ئايلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا ئوتتۇرغا قويۇلغان لەيئىننىڭ ئاساسلىق مەقسىدى ئۆزىنى ماختاش ئىدى. شۇنداقتىمۇ 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، نىكسون دەۋرىدە ئاق سارايىنىڭ سۈيىقەستى دراماتىك بىر شەكىلدە ئوتتۇرغا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىر قانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەتئەل سىياسىيونلىرىنىڭ پىلاننى ئوتتۇرغا چىقىرىپ، سوۋېتقەستنەزىرىيىسىنى قايتىدىن ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنغا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنى ئويلىنىشقا بولىدۇكى، ك گ ب ھەرقانداق بىر ئاكتىپ قوللىنىدىغان پۈرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇ ئاكتىپ تەبىر ئارقىلىق بارغانسىرى كۆپ كىشىلەر نىكسۇننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ. ك گ ب نىڭ ئاساسلىق مۇدداسى شۇ پەردىسى ۋەقەسىنىڭ ئورتاق سوۋېتقەستچىلىرىدىن بىرى بولۇش. بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىمى خورد خېنت (بەزىدە تېكساس نېفىت چوڭ كاتىپبىشى خېنت بىلەن بىر ئادەم بولۇپ ئارىلىشىپ كېتەتتى.) بەزىلەر خاتا ھالدا كېنېدى ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىدا ئۇمۇ داللاستا ئىكەن دەپ خاتا ئەيىپلىشىدۇ.

خوخۋاد خونت (پارولاسى ئالىنتون) ئاكتىپ تەدبىر قۇللانغان ۋاقتىدا ئاساسلىق قورال قىلغىنى بىر پارچە ئۇيدۇرۇلغان ئوسۋاردنىڭ ئۇنىڭغا يېزىپ بەرگەن خېتى بولىدۇ. بۇ خەت دېيىشىلەردىن قارىغاندا، كىنىدى سوۋېتقەستكە ئۇچىرىغان[363] دىن ئىككى ھەپتە ئاۋال يېزىلغان ئىكەن. خەت ئوسۋاردنىڭ سوۋېتتىكى ئىككى يىل ۋاقتىدا يېزىلغان، ئىشلىتىلگەن قىسقا سۆزلەر ۋە ئىپادىلەش شەكلى، ماھارەت بىلەن ئۇنىڭ قول يازمىسىنى تەقلىد قىلغان، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلانغان، ئوسۋارد دائىم ئىشلىتىپ كەلگەن پوچىركىسى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۇقۇش ئەپسىز بىر شەكىلدە يېزىلغان ئىكەن:

*قەدىرلىك خونت ئەپەندىم،*

*مەن ئۆزەم تۇرغان ئورنۇم ھەققىدىكى خەۋەرگە ئېھتىياجىم بار.*

*مەن پەقەتلا ئۇچۇرغا ئېھتىياجىم بار. مەن شۇنداق تەۋسىيە قىلىمەنكى، مەن ياكى باشقا بىرسى ھەرىكەت قىلىشىدىن ئاۋال ئىككىمىز بۇ ھەرىكەت ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇزاكىرىلىشىمىز كېرەك.*

*رەخمەت. خونت خاۋى ئوسۋارد*

روشەنكى، خەتتە ئىشارەت قىلىنغان ئوسۋارد سۇيىقەست ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتىن ئاۋال خونتنى كۆرۈشىم كېرەك دەپ ئويلايمەن.

بۇ مەكتۇپتىن پايدىلىنىشتىن ئاۋال، ك گ ب تېخنىكىلىق ئىدارىسى

3-باشقارما ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىككى قېتىم سىپلىشتۇرىدۇ. 1975-يىلى بۇ مەكتۇپنىڭ فوتوگراف نۇسخىسى بىلەن ئاق كۆڭۈل بىرسىنىڭ يازغان ئاتاغلىق خېتى 3 نەپەر سۇيىقەست نەزرىيىسىگە ئىشتىياق باغلىغان كىشىلەرگە ئەۋەتىلىدۇ. بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر خەتتە ئوسۋارتنىڭ بۇ خېتىنى ئەسلى نۇسخىسى بويىچە فېدېراتىىف تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى كلالۇنسقا كېنىلىغا كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئەمما مۇدىر بۇ خەتنى باستۇرۇپ قويىدۇ. تەخمىنەن 2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يالغان خەتنى پىنسىيىگە چىققان پىئىن جىنس ھەممىگە ئاشكارە قىلىۋېتىدۇ. جىنس ئەسلىدە تېكساس ئائىلىسىنىڭ بىر ئاخبارات گېزىتچىلىگىنىڭ كەسىپى ئىگىسى، ئۇ ئۆزى يازغان 4 قىسىملىق كېنېدى سۇيىقەستىگە دائىر ۋەقەگە ئائىت كىتاپ چىقارغان. "نيۇيورك ۋاقتى گېزىتى" ئىيلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، 3 نەپەر پوچۇركاشۇناس مۇتەخەسسىس بۇ خەت ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پوچۇركىسى راس دەپ قارايدۇ. ئوسۋاردنىڭ پوچۇركىسىنىمۇ ئايالىنىڭ پوچۇركىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. ئاۋام پالاتاسى سۇيىقەست ئالاھىدە كومىتېتى يىغقان مۇتەخەسسىسلەر تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇپ، ئۇلار 1978-يىلى مۇنداق دەيدۇ، بۇ مەكتۇپنىڭ ئەسلىنى تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرالمىدۇق.[364]

شۇنداقتىمۇ، مەركەزنى ئاۋارە قىلغان ئىش، مەتبۇئات ساھەسى بۇ ئۇيدۇرۇلغان مەكتۇپنىڭ ئىپادىلىگەن ئاساسلىق خەتنىڭ ۋاپات بولغان دېكساسلىق نېفىت تىرىستى خۇنتقا ئەۋەتىلىپ ئەۋەتىمگەنلىكىنى بىلىش ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە مەركەز ئەڭ ئاۋال ئۇيدۇرۇپ چىقارغان سۇيىقەست نەزەرىيىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئادەمنىڭ شۇمۇ ئەمەسلىكى ئىدى) بۇ ھەرگىزمۇ ك گ ب ھازىر تاللىۋالغان نىشان ئەمەس. (سۇ پەردىسى ۋەقەسىنىڭ شېرىكى خۇنۋارد خونت) بۇ نوقتىدا، ئا ئىدارە مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى ك گ ب نى تارمار كەلتۈرۈش پىلانى بويىچە سىياسەت پىلانلاپ يۈرگەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. ك گ ب نىڭ دوكلادى كۆرسىتىدۇكى، ئامرىكىدا تەپسىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر مەيدان ئاخبارات ھەرىكىتى بۇ ئىشنى (مىليونېر) خونت ئۈستىگە ئارتىدۇ. شۇ

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق خەلقنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئوسۇۋارت بىلەن ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قېلىشىدىن چەتكە تارتماقچى بولىدۇ. 1977-يىلى ئاپرىلدا، بۇ خەت ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي، ك گ ب مەركىزى كومىتېتقا دوكلاد قىلىپ، بىز ئاكتىپ تەدبىر ئىجرا قىلماقتىمىز دەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاتالمىش "ئامېرىكا ئالاھىدە بۆلۈملىرىنىڭ " كېيىنكى سۈيىقەستكە ئۆچرىغاندىن كېيىن ئوينىغان رولنى ئوينايدۇ. خوخۋارد خونت 1980-يىلى غەزەپلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ بۇرۇن كېيىنكىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدە مەلۇم بىر خىل رول ئوينىدى دېيىشىم گويا مۇقىملىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ."

70-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ك گ ب قىلچە ئاشۇرىۋەتمەستىن شۇنداق دېيەلەيدۇكى، ئۇلار ئۇيدۇرۇپ چىقارغان كېنېدىغا سۇيىقەست قىلىش ۋەقەسى ئوۋچىل كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستى، ھەمدە ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ سانى يەنىلا ئولۇن كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق كەشىپ قىلغان ئادىمىدىنمۇ كۆپ. ئەمما سوۋېتنىڭ ئاكتىپ تەدبىرى ھەرگىزمۇ مەركەز ئويلىغىنىدەك ئۇنداق ئامېرىكىلىقلارنىڭ قاراشلىرىغا بەك چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى، مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن ف ب ئا باشتىن تارتىپلا ئوينىغان بىرەپ كۆرسىتىش خىزمىتى بەلكىم تۇيماستىن ئۇ سۇيىقەست نەزەرىيىچىلىرىگە يېتەرلىك باھانە كۆرسىتىپ بۇ ئىشتا چوقۇم سۇيىقەست بار دېگەنگە ئىشەندۈرۈپ تەسىر كۆرسەتكەن بولىشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى بەلكىم ك گ ب نىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدىن چوڭ بولغان بولىشى مۇمكىن. بەزىدە ھەتتا سىرلىقلىشىپ پەرق قىلالمىغىدەك ھالغا كەلگەن سۇيىقەستچىلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇرەككەپ ھەمدە كىشىنى بىلەلمىگىدەك كىنىدى سۇيىقەست ۋەقەسىنىڭ ئىسپاتى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. يېقىندا تېخى يېڭىلا پېنسىيىگە چىققان مەركەز ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇدىرىمۇ، ئولۇن كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئەيلۇن دولىس مەخسۇس كومىتېتتىن مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىلگىرى پىلان

قىلغان كاستروغا سۇيىقەستن پىلانىدىن كاستروغا سۇيىقەست قىلىش ئىشىنى يوشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى سۇيىقەستكە ئۇچۇرىغان كۇنىسىدە، مەركىزى ئىدارىسى بىر جاسۇسقا كاستروغا سۇيىقەست قىلىشنىڭ قورالىنى بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ج ئېدگار خۇۋېرمۇ مۇھىم ئۇچۇرلارنى يوشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شۇنى سەزگەنكى، گەرچە ئوسۋارد سوۋېتتىن قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ف ب ئا غا بىر خەت يازغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەمدە كېيىن مېكسىكىغا بېرىپ ك گ ب خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى پىلانلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما[365] ئۇنىڭ ئىسمى ف ب ئا نىڭ ساداقەتسىز گراجدانلار تىزىملىكىدا بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ كەشىپى ئۇنى بەكلا قورقىتىۋەتكەن. ئۇ بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلادىنىڭ تولۇق ئەمەس دەيدىغان دوكلادنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇۋېرنىڭ قارىشىچە ئەگەر بۇ دوكلاد ئاشكارىلىنىپ كەتكىدەك بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ف ب ئا نىڭ ئىناۋىتىنى ئېغىر زەدىلىگەن بولىدۇ.

دولىس بىلەن خۇۋېر يوشۇرغان بۇ ئەھۋالار ئولۇن كومىتېتىنىڭ چىقارغان خۇلاسىلىرىغا بەك تەسىر كۆرسىتىپ كەتمەيدۇ. ئوسۋارد ئېلىپ بارغان سۇيىقەستنىڭ شېرىكى يوق. ئەمما 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، بۇ ئەھۋاللار خەلىققە ئاشكارىلانغاندى كېيىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشىدىن ساقلىنالىشى ئىمكانى يوق. يەنە باشقا ئەھۋاللارنى يوشۇرۇپ قويۇشتى. بۇلار شۇنى بىلدۈرمەكتىكى ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا ئېتىمال كېيىنكى سۇيىقەست قىلىنىش ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكىنى بىلدۈرەتتى. شۇندىن كېيىن، سۇ شاقىراتمىسى رەزىلللىك بىلەن ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ كەسپى ھوقۇقىدىن قالايماقان پايدىلىنىش ئىشلىرىنىڭ ئاشكارلىنىشى ئىدى، بۇ سۇيىقەست نەزرىيىسىنىڭ تارقىلىشىغا بەرىكەتلىك تۇپراق بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدۇر. گەرچە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پىرىزدېنتنىڭ ھوقۇق بەرگەنلىكى ياكى پىرىزدېنتنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ. ئەمما كىشىلەر بارغانسىرى شۇنىڭغا ئىشەنمەكتىكى، فرانك چېرچىل پالاتا ئەزاسى (پالاتا ئەزاسىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن ئىستىخبارات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پائالىيەت ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئىش ھەرىكەتلىرى ئالاھىدە كومىتېت رەئىسى) نىڭ دېگەنلىرى، مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى "خۇددى كەلسە كەلمەس ئۈسۈپ يۈرگەن ۋەھشى چوڭ بىر پىلغىلا ئوخشايدۇ."

ئا ئىدارىسى ئاچ كۆزلۈك بىلەن چىرچىلىنىڭ بۇنداق بىر سۆز ئىشلىتىشتىكى قالايماقان ئوخشىتىشىغا چاڭ ئېسىلىۋالىدۇ. ك گ ب مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ پائال تەدبىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيالىنى خاراپ قىلىۋېتىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدا تۇرۇشلۇق ئىچى غەزەپكە تولغان بۇ بىر ھەرىكەت قىلغۇچى خادىمنى خاراپ قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى فىلىپىپ ھاجى (پارولاسى لوڭتى). 1968-يىلى ئۇ ھاراق ئىچىپ مەسچىلىك قىلغاچقا ماتېرىياللارغا ياخشى قارىماي ۋە ئامېرىكا دېپلوماتىنىڭ ئايالىغا شوخلۇق قىلىپ مەجبۇرى ھالدا خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگۈزۈلىدۇ. گەرچە ئۇ ئىزچىل تۆردە غەرىپتە قالدۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇ مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ئوتتۇرغا چىققان تۇنجى ساتقۇن ئىدى. 1973-يىلى ئۇ ك گ ب نىڭ مېكسىكىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىۋالغان. ھەمدە ئۇنىڭغا چەتئەل ئا جاسۇسلۇققا قارشى باشقارما باشلىقى ئولىگ كاروجىنىنىڭ ئاتالمىش "مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان پائالىيەت ئىستىخباراتلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. ئەمما بەكلا گۇمانلىق ك گ ب ئىستىخبارات پونكىتى بولسا ئاجىنىڭ تەمىنلىگەن ئىستىخباراتلىرىنى بەكلا نوچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىستىخباراتلارنىڭ ھەممىسىلا يالغان ئىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە خۇلاسە چىقىرىپ ئاجى مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى سۇيىقەستلەرنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. نەتىجىدە ئۇنى ئاخىرى يولغا سېلىۋېتىدۇ. كېيىن كالوجىنىنىڭ دېيىشىچە، (بۇ يەردىن بەش بەت چۈشۈپ قالغان)

.....نۇرغۇنلىغان ئاخبارات ئېلان قىلىش شۇنىڭدەك ئەسەبىلەشكەن شاھىدلارنىڭ ئۆتكۈزگەن نامايىشلىرىمۇ؟

گەرچە ھاجى ئەڭ ئاخىرى بەربىر1977-يىلى 3-ئىيۇن ئەنگلىيىدىن

ئايرىلىپ گوللاندىيىگە كەتكەن بولسىمۇ، ك گ ب يەنىلا ھاجىنى قوغلاش ۋەقەسىدىن كېلىپ چىققان "ئۇچغا چىققان رەھىمسىزلەرچە ئوخشىمىغان قارشىلار" دىن بوشىمىدى. لوندون ئىستىخبارات پونكىتىدىكىلەر ئۇ ئىشچىلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق سىياسىيونلىرى بىلەن باشقا ھاجىنى قوللىغۇچى ئەرباپلارنىڭ ھېچبىرى، ك گ ب بىلەن كۇبا ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئويلىمىغان ئىدى.

ھاجى كەڭ دائىرىلىك تالاش تارتىشلار ئىچىدە، ئەنگلىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغىنىدىن كېيىن، ك گ ب يەنىلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى شۇنىڭدەك ئۇنى قوللايدىغان كىشىلەر داۋاملىق تۇردە مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىغا قارىتا ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىشنى توختاتمىدى، ھاجى ئۇنىڭ دەۋالغان "ئىسىمسىز ئالاقىلاشقۇچى" دىن تاپشۇرىۋالغان ھۆججەتتە كېسىنگىر ئىمزالىغان بىر پارچە ئامېرىكا دۆلەت مىنىستىرلىكى مەخپى تونۇشتۇرۇشىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ 1975-مالىيە يىلىنىڭ ئىختىسادى، پۇل مۇئامىلە ۋە سودا ساھەسىدىكى توپلانغان مۇھىم ئىستىخبارات مەسىلىلىرى" ك گ ب نىڭ ھۆججەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە بۇ ھۆججەتنى ئا ئىدارە تەمىنلىگەن ئىكەن. 1977-يىلى يازغان بۇ ھۆججەت "سان تاغاڭ نېمىنى بىلمەكچى" دېگەن ماۋزۇلۇق كىچىك بىر بروشۇردا ئېلان قىلىنغان. ھەمدە ھاجى يازغان كىرىش سۆز قوشۇپ قويۇلغان. ئۇ كىرىش سۆزدە "بۇ ماقالە ھېچ قاچان دۇنيادىكى ئەڭ جەلىپ قىلىدىغان ھۆججەت ئەمەس، " دېيىش بىلەن بىرلىكتە، ھاجى يەنە بۇ ماقالە ئامېرىكا ئىستىخبارات بۆلۈمىنىڭ يوشۇرۇن ئامېرىكا چەتئەل شىركەتلىرىگە بېرىلگەن بەك ئۇچۇق يورۇق بولمىغان ياردەم ئىدى.

1978-يىلى باشلىنىشى بىلەن، ھاجى بىلەن بىر ئۇچۇم قوللىغۇچىلىرى نەشىر قىلغان "مەخپى ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى خەۋەرلىرى" دەيدىغان بىر ژورنال ئىدى. ھاجىنىڭ گېپى بىلەن دېگەندە بۇ ژورنال "مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنى پاش قىلىش مەخسەت قىلىنغان بىر ماقالە، شۇ ئارقىلىق دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىقياسىدا بىر قېتىملىق ئەركىن ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ هەرىكىتىنى قالايماقان قىلىۋېتىشنى مەخسەت قىلىش". مىتروخىن كۆچۈرىۋالغان ئارخىپلاردا ئىپادىلىنىشىچە، "بۇلتەن" (قىسقا خەۋەر) بۇ ژورنال "ك گ ب نىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئوتتۇرغا چىققان بولۇپ، شۇنىڭدەك چەتئەل ئىستىخارات ئىدارىسى ك ئىدارە (جاسۇسلۇققا قارشى ئىدارە) دېگىنى بۇ ژۇرنالنىڭ بېسىلىشىنى تەييارلىغان ئامىنى (كونكرېتنى پارولاسى لۇپور) تەشكىللەش. 1978يىل يىل بېشىدا بۇ كىشىلەر يامايكىدا تۇنجى قېتىملىق يىغىن ئاچىدۇ. ۋاشىنگتوندىكى ئاكتىپ ئۇنسۇر بېر شاپ (ك گ ب نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن پارولاسى روپى) ئايالى بىلەن بىرلىكتە، مۇخبىر ئەيلون لى هەمدە يەنە بىر پارولاسى ئاسپىنئو بولغان مۇخبىر لۇيىس ئورف قاتارلىق 3 كىشى بىرلىكتە بۇ ژرنالنىڭ تەهرىرلىك ئىشىنى بىرلىكتە ئىشلەيتتى.[370] هاجى بىلەن س ئى ئا غا كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كېلىۋاتقان باشقا ئىككى خادىم، جىم بىلەن ئەرشى ۋېركېت (ئىلگىرى س ئى ئا دا ئايرىم ئايرىم هالدا مالىيە خادىملىقى بىلەن كاتىپلىققا ياللانغان كىشىلەر)، "بۇلتەن" نى ماقالە ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. مىتروخىننىڭ خاتىرىسىدە بۇ هەقتە بىرەر دەلىل كۆرسىتىلمىگەن. هاجىدىن باشقا لۇپور گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالاردىن باشقا كىشىلەرمۇ كۇبا ئىستىخبارات باشقارمىسى ياكى ك گ ب نىڭمۇ بۇ ئىشقا قاتناشقانلىقىنى بىلەتتى.

"يوشۇرۇن ئىستىخبارات پائالىيەت بۇلتەنى" نىڭ تۇنجى سانى هاجى بىلەن روپور گۇرۇپپىسى 1978-يىلى يازدا هاۋانادا تەبرىكلەنگەن ئەسەبلەر بايرىمى ۋاقتىدا بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلگەن 11-نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بايرىمىنىڭ هارپىسىدىكى بىر قېتىملىق كۇبا مۇخبىرلار كۇتىۋېلىش يىغىنىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان. هاجى يەنە بىر "پاسكىنا ئىش بىرلىكى: س ئى ئا ئىدارىسى غەرپى ياۋروپادا" دېگەن ئەسىرىنىمۇ ئوتتۇرغا چىقارغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى هاجى ئۆزى بىلەن ئورف ئىككىسى ئىدى. بۇ كىتاپتا 700 نەپەر س ئى ئا نىڭ غەرپى ياۋروپاغا ياكى ئەينى ۋاقىتلاردا غەرپى ياۋروپادا پائالىيەت قىلىۋاتقان خادىملارنىڭ ئىسىم فامىلىسى بىلەن شەخسى هاياتىنىڭ تەپسىلى ئۇچۇرلىرى بېرىلگەن.

ھاجى مۇنداق دەيدۇ: ئاخبارات ساھەسىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىدى، شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈندە، ئامېرىكا بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دوستلار تېلېفون قىلىپ، كۆپ قىسىم نەشرىياتلار بۇلتەن بىلەن پاسكىنا ئىش بىرلىكى دېگەن ماقالىنى كۆچۈرۈپ باسقانلىقىنى ئېيتىپ. بۇ ماقالە بەك نوچى ماقالە بوپتۇ دېيىشتى. "

مەركەز ئا ئىدارىسى بىلەن ك ئىدارىسىدىن مەلۇم ئادەم ئاجرىتىپ ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىققان. بۇ گۇرۇپ ئا ئىدارە باشلىقى ياردەمچىسى ۋ ن كېسچىلىن ياردەملىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۇ "يۇشۇرۇن ئىستىخبارات پائالىيەتلەر بۇلتەنى" گە س ئى ئا نىڭ ماتېرىياللىرىنى ئىنكار قىلىش مەلۇماتلىرىنى بەرگەن. 1979-يىلى ئۇنىڭ تەمىنلىگەن بېسىلىشقا بەرگەن ماتېرىياللىرىدىن بىر پارچىسى 18 بەتلىك ئۇزۇن بىر ماقالە بولۇپ، ماۋزۇسى "س ئى ئا باشلىقى: 1976-يىلىدىن 1981-يىلىقى ئىستىخبارات خىزمەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى" دېگەن بىر ھۆججەت ئىدى. بۇ ھۆججەت دەسلىۋىدە ئىسىمسىز بىر شەكىلدە ك گ ب نىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى دىمىترى ئىۋانوۋىچ ياكوشكىننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىلگەن. ئەينى ۋاقىتىدا ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن مەركەز ئىككىسىلا بۇ خەت ئىشنى ئامېرىكا ئورگانلىرى بىزنى قارماققا ئىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن يەمچۈكمىكىن دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. ھاجى بۇ ماقالىنىڭ س ئى ئا جاسۇسلۇق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋېلھېلىم كروبىنىڭ ئاچچىقى ئىكەنلىكىنى ۋېلھېلىم كروبىمۇ، س ئى ئا جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى س ئى ئانىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر بالادىن بىرسى دەپ ئانالىز قىلىپ ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما كېسچىلى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە گۇرۇپ "بۇلتەن" گە يېتەرلىك مىقداردا مەخپى ماتېرىياللارنى تېپىش ئىشى بارغانسىرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتماقتا. شۇڭا بۇ ژۇرنالدا تېخىمۇ كۆپ ئاشكارە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن س ئى ئا غا گۇناھنى ئارتىپ قويغىلى بولىدىغان ئاشكارە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا يۈزلىنىش،

مەسىلەن كىتاپخانىلاردىن كېلىدىغان خەتلەر، شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن گۇنانى س ئى ئا غا دۆڭگەپ قويۇشقا بولىدىغان، چوڭ-چوڭ ئاپەت خاراكتېرلىق قىرغىنچىلىقلار قاتارىدىكى ئۆلۈم ۋەقەلىرى [371] مەسىلەن سانائەتتە يۈز بەرگەن كىنىستوندىكى چوڭ قىرغىنچىلىق، ھەمدە غەلىتى تەرىقەتچىلەر پەيدا قىلغان 900 كىشىلىك چوڭ تۈركۈمدە ئۆزىنى ئۆپچۈۋاي ئۆلتۈرىۋېلىش سۈنئىي ۋەقەلىرى قاتارلىقلارنى يېزىش ئارقىلىق سەۋەبچىسى ياكى ۋاستىلىق سەۋەبچىسى قىلىپ س ئى ئا نى كۆرسىتىدىغان ئاشكارە ۋەقەلەرنى كۆپرەك يېزىش كېرەك.

ئۇندىن كېيىن ئا ئىدارىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر دەپ قارىغان "پاسكىنا ئىش بىرلىكى: س ئى ئا غەربى ياۋروپادا" دېگەن كىتاپتىن كېيىن، ھاجى بىلەن ئورق بىرلىكتە بۇ ئەسەرنىڭ داۋامى بولغان "پاسكىنا ئىش بىرلىك: ئىككىنچىسى، س ئى ئا ئافرىقىدا" نى تەييارلايدۇ. 1979-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ك ئىدارىسىدىن ئولىگ ماكسىمووچ نوچىپولىيەنكوۋ بىلەن ئا ئىدارىسىدىن ئا ن ئىسكوۋ كۇبادا ھاجى بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭغا ئافرىقا قىتئەسىدە پائالىيەت قىلىدىغان س ئى ئا خادىمىنىڭ تىزىملىكىنى بېرىدۇ. يەنە شۇ "پاسكىنا ئىش بىرلىكى: ئۈچىنچىسى" نى يېزىپ پۈتتۈرۈشتىن سەل ئاۋال بۇنىڭ سەۋەبىنى گېرمانىيىدە ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالارمەنمۇ دەپ غەمدە قالىدۇ. شۇڭا ھاجى ئەندى ئاپتور ئىسمىنى ئاشكارىلىماي بۇ كىتاپنى چىقىرىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىنى "يوشۇرۇن ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى توغرىلىق قىسقا خەۋەرلەر" (بۇلتەن) دىكى باش تەھرىر دېگەن ئۇنۋانىنى ژۇرنال مەسلىھەتچىگە ئۆزگەرتىدۇ. كېيىن ھاجى بۇنداق قىلىش بىلەن مېنىڭ ئۆلتۈرۈش ھەققىمنى ساقلاپ قېلىشقا بولۇش بولماسلىقىنى يەنىلا ئېنىق بىلمەيمەن.... شۇنداقتىمۇ بەكلا ئەنسىرەيمەنكى، بۇ كۈنلەردە ئەقلىم بىلەن ئويلىيالماس بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىشتا شۇنداقمەن. "نوچىپولىيەنكوۋ، ئىسكوۋ. ۋە كۇبا ئىستىخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پېترو پوپۇ پرىس مۇنداق دەپ قاراپ كېلىۋاتقان ئىدى. "پاسكىنا ئىش بىرلىكى

ئىككىنچىسى" نىڭ نەشىر قىلىنىش ۋاقتىنى 1979-يىلى سىنتەبىرگە بەلگىلىسەك، 92 ئىتتىپاق تۈزىمگەن دۆلەتلەردىن كېلىدىغان رەھبەرلەر ھاۋانادا يىغىن ئاچىدىغان كۈنى، يىغىننى كاسترو باشقۇرىدىغان بولىدۇ.

ھاجىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن ئالغاندا، بۇنىڭغا "پاسكىنا ئىش بىرلىكى ئىككىنچىسى" نى قوشقاندا، بۇ كىتاپتا ئوتتۇرغا قويۇلغان، ئۇنىڭ بىلەن روپور گۇرۇپپىسى پاش قىلغان س ئى ئا ئىشپىيونلىرى جەمئىي 2000 كىشى بولىدىكەن. ك گ ب ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بىر زور ئۇتۇق قازىنىلغان پائال تەدبىر ھېسابلىنىدىكەن. 1980-يىلى پالاتا ئىستىخبارات كومىتىتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە:

*يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، پالاتانىڭ ئىككىسىدىلا ئىستىخبارات كومىتىتىنىڭ ئەزالىرى .... بىر ئۇچۇم ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەشكىللىك پائالىيەتلىرى.... ئۇلار ئاشكارىلىنىپ قالغان ئىشپىيونلىرىنىڭ ئىسىم ۋامىلىسى.... ھاجى بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ئەڭ مۇھىم بولغان بىرسىنى.... بۇ ئىشپىيونلار سالاھىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىقنىڭ تەسىرى ھەر تەرەپلىمىلىك ۋە كەڭ كۆلەملىك بولىدىكەن.....* [372]

تەسىرگە ئۇچرىغان خادىملارنىڭ ئىش ئۈنۈمى بەكلا ئېغىر ھەتتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولمىغىدەك دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئىلاجىسىز نازۇك يوشۇرۇنغان ئىستىخبارات مەنبەلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئازايتىشقا مەجبۇر قالغان. داۋاملىق ئۇچرۇشۇشلاردىمۇ تېخىمۇ ئېھتىياتچان ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى ئېلىشقا مەجبۇرلانغان، بۇ تەدبىرلەر تېخىمۇ كۆپ مەملەغ سەرىپ قىلىش ۋە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بەزى خادىملار ھازىرقى ئورنىدىن يوتكىلىشكە مەجبۇر قالغان. ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ چىقىم قىلىپ چەتئەلدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئۇلار تۇرىۋاتقان دۆلەتلىرىدە توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە چېنىقىپ قولغا كەلتۈرگەن تىل قابىلىيەتلىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتكەن.

تەسىرگە ئۇچرىغان بۇ خادىملارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېھتىمالىمۇ ئېغىر توسالغۇغا دۇچ كەلگەن. مەركەزدىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەجرىبىسى بار تەييار كىشىلەرنى چەتئەلدىن ئالماشتۇرۇپ كېلىشتىمۇ ئادەم مەنبەسى بەكلا قىيىنلاشقان. شۇڭا قايتۇرۇپ كەلگەن خادىملىرىمۇ ئۇ دۆلەت ھەققىدە توپلىغان تەجرىبىلىرى بىلەن تىل قابىلىيەتلىرىنىمۇ تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان.

شۇڭا بۇ تۆردىكى پاش بولۇپ قالغان خادىملارنى قايتىدىن يەنە ئىشقا سېلىش ئىشلىرىمۇ ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان. بۇلارنىڭ ئورنىغا س ئى ئا نىڭ ئورنىغا سەپلىگىدەك تەييار ئادەممۇ كۆنىدىن كۆنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئورنىغا تەييار بىرەرسىنى ئالماشتۇرۇشتىمۇ بەكلا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە ئىكەن. ھەتتا بەزىدە بۇنداق قىلىشقا پۈتۈنلەي ئىمكانسىز بولۇپ قالىدىكەن. چەتئەلدىكى كىشىلەرمۇ بۇنىڭ تەسىرىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ نەتىجىدە س ئى ئا نىڭ خىزمەتلىرى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەن.

ئاۋام پالاتاسى ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزا سانى 13 بولۇپ، ئۇلار بىردەك "ئىشپىيونلارنىڭ سالاھىيىتىنى قوغداش قانۇنى ئوتتۇرغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. يەنى ئادەتتە دېيىلگەن "ھاجىغا قارشى قانۇن" تۈزۈشكە مەجبۇر قالغان. بۇ قانۇن لايىھىسى 1982-يىلى ئىيوندا ئاران ماقۇللانغان. 1981-يىلى ھاجىنىڭ ئامېرىكا ۋىزىسى ئەپكەس قىلىنىۋېتىلگەن. كېيىنكى بىر قانچە يىل جەريانىدا، ئۇ ھۆكۈمەت ئىمزالاپ تارقاتقان پاسپورت بىلەن دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرگەن. ھازىر ئۇنىڭ تەسىرىمۇ بەكلا كامىيىپ كەتكەن. خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى تىرىكىپ دەپ يۈرگىنىدەك. "1983-يىلى ماي ئېيىدا، س ئى ئا غا قارىتا لاتىن ئامېرىكىسىدا تۇرۇشلۇق ئىشپىيونلارنىڭ پۈتكۈل قىتئە بويىچە ھەرىكەت قىلالايدىغان بىر سەپ قۇرۇشنى چاقىرىق قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ چاقىرىقىمۇ خۇددى قۇدۇققا تاشلانغان تاشتەك جىمىپلا قالغان. دەرۋەقە كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان باشقا تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ مۇھىم ئىشلىرى بار-دە!

خۇددى س ئى ئا غا ئوخشاش، ق ب ئا دىمۇ تەبئىي ھالدا ك گ ب يولغا قويغان [373] مۇھىم نىشانلىرى باردە. تا 1972- -يىلى ئېدگار خوۋى ۋاپات بولغاندا، ك گ ب نىڭ نۇرغۇن ھەركەتلىرى رۇسسىيە فېدراتىپ

تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بۇ ئۈزۈن يىللىق، ياشانغان ھەمدە مىجەزى چۇس ئىدارە باشلىقى بىلەن قانات يايغان ئا ئىدارىسى 3 خىل ئاددى، ھەتتا بەزىدە قۇپال تەدبىر قوللىنىدۇ. بىرىنچى خىل تەدبىر بولسا ئاشقىن ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش،بۆلگۈچى جەمىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەتتا بۇرۇنقى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پىرىزدېنتى دىۋايت ئەزىنخاۋرنى بىر كومپارتىيە سۇيىقەستچىلەر جاھىل قورالى دەپ قاراپ، ئا ئىدارىسى يالغان ئىسپات ئۇيدۇرۇش ئۇچۇن، بۇ جەمىيەتنىڭ كالىفورنىيە شىتابىدىن بۇ جەمىيەتنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئىش قەغىزىنى ھەمدە رەھبەرلىكىنىڭ ئىمزاسى بار ئالاقە قەغىزىنى تېپىپ كېلىپ بۇ خەتتە بۇ رەھبەر ئىگەللىگەن ف ب ئا نىڭ مەبلەغىنى جەمىيەتنىڭ بىر قانچە تارمىقىنى ئۇيدۇرۇپ ئۇلارغا ياردەم قىلغان قىلىپ تارقىتىۋەتكەن.

ئا ئىدارىسىنىڭ ئۇچىنچى خىل پائال تەدبىرى نىسبەتەن مۇرەككەپرەك، بۇ ھەرىكەت ف ب ئانىڭ دېگىنىدەك كىشىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق ھەركىتى ئىدى. "غىدىغلاش" ھەرىكىتى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ پاسپورت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تونۇلانشىس نەيت بولسا ف ب ئا نىڭ مەخپى جاسۇسى بولۇپ، بۇ بىر خانىش بولۇپ ئۇ خانىم خۇفىي ئۇچۇن ئەمەس بەلكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۈچۈن ئىشلەيتتى. 1967-يىلى ، ئا ئىدارىسى بىر پارچە نەيت خانىمنىڭ خۇفىيغا يېزىپ بەرگەن بىر پارچە خېتىنى ئۇيدۇرۇپ چىقىدۇ. ھەمدە بۇ خەتنى ئامېرىكىدىكى ئاتاغلىق سەھىپە يازغۇچىسى دېلو پىيېرسۇنغا ئەۋەتىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. پىيېرسۇن بۇ خەتنى 4-ئاۋغۇست كۈنى چىقىدىغان "ۋاشىنگتون پوچتىسى" گېزىتىدا باسىدۇ. بۇ خەتتە، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ف ب ئا ئۇلاردىن پروفىسور سۇتورت شىيۇس (بىر نەپەر خارۋارت ئۇنىۋېرسىتىدىكى دەرس بېرىۋاتقان، ئامېرىكىنىڭ ۋېتنام سىياسىتىگە تەنقىت بېرىدىغان بىر ئالىم) نىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىشلارنى بىلمەكچى بولغىنىدا، نۆۋەتتە كۆرۈلگەن ئالاھىدە جىددىي ۋەزىيەت كېلىپ چىققان":

*مەن بەكلا ئەنسىرەيمەن، بۇ بەلكى ئاخبارات ساھەسىكىلەرنىڭ تويتوغرا تارقاتقان بىرمەيدان ماگىلا نىشان قىلىنغان كەڭ دائىرىلىك بىر*

www.uyghurkitap.com

*تەكشۈرۈش ھەرىكى بولۇشىدىن بەكلا ئەنسىرەيمەن، بىز دۆلەت ئىشلار مەسلىھەتچىسىنىڭ دۆلەت ئىشلار مەھكىمىسى ف ب ئا نىڭ تەلىپى بويىچە تەكشۈرۈلىۋاتقان ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇسۇلى، ئەگەر مەن بۇلارنى ئاڭلاپ ھەددىدى ئارتۇق جىددىيلىشىپ كەتكىدەك بولسام، ئۇ ھالدا سىزنىڭ مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى تىلەيمەن. [374] ئەمما قولغا كەلگەن خەۋەرلەردىن شۇنى بەلگىلىيەلەيمەنكى، بىر ئىنتايىن مۇھىم پىرىنسىپ مانا ھازىر ئەپكەس قىلىنىش خەۋپى ئاستىدا تۇرماقتا. ...بۇ ئىش ھۆكۈمەتنىڭ پۈتكۈل ھەرىكەت ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ف ب ئا نىڭ خىزمەت ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.*

نەيت خانىم خۇۋىغا شۇنداق دەپتۇكى، مەن قەغەز يۈزىدە بەك كۆپ بىر نېمە دېيىشنى خالىمايمەن، شۇنىڭدەك مەن بىلەن جىددى كۆرۈشىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن، نەيت بىلەن خۇۋى ئىككىسىلا بۇ خەتنىڭ ئۈيدۈرۈلغان يالغان خەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ف ب ئا ۋە پاسپورت ئىشخانىسى بۇنداق مۇناسىۋەت قىلىشقانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۇ ك گ ب نى ئۇنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر قىسىم بوھتانلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىغا ئىشەندۈردۇ.

ئا ئىدارىسىنىڭ خۇۋىغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ 3-خىل چارىسى بولسا ئۇنى ئوخشاش جىنسلىقلار ئۇنسۇرى دېيىش. خۇۋىنىڭ جىنسى ھەۋەسىنى كۈچلۈك باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىق ئەمەلىيىتىنى مەڭگۈ ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. كېيىن، ئۇنىڭ ھەققىدە بەكلا كۆپ ئىگىز پەس سۆزلەر تارقىلىپ كەتكەن. مەسىلەن ئۇ ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشاش جىنسلىق ئاشىق. ئۇنىڭ بىر يۈرۈش قىزىل رەڭلىك ئاياللار تېرە شارپىسى بارلىقى ھەققىدىكى تۆھمەتلەر قاتارىدىكىدەك. خۇۋى ئۇنى ئارتىۋالسا خۇددى قېرى جۇۋانغىلا ئوخشاپ قالىدۇ دېگەندەك. ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ يەنە قارا رەڭلىك بىر يالغان چاش پوسىمىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ كىيىدىغان بىر قۇر قارا ئاياللار كىيىمىمۇ بار دېگەندەك. يۇڭ ياقىلىق رەشلىيەلىك، يەنە بىر رەشلىيە تۇتقان ئۇزۇن پايپىقىمۇ بارمىش، بۇلار ئەسلىدە يالغان

ئىسپاتلىرى تەييار پەقەتلا ئىشەنچە بولمىغان يالغانچىلىقنىڭ پىرى لوسىنسىدېرنىڭ ئېيتقان يالغانلىرى ئىكەندۇق. ئۇنىڭ ئۆيىدە مەن ئۇنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتكىنىنى كۆرگەن ئىدىم دەپ يالغان ئېيتقان، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىسپاتلايدىغان تۈزۈك بىر شاھىدىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان تۇرسۇن دەيدىغان بىر قوش جىنىسلىقنى كۆرگەن ھېچكىم يوق. خۇۋىينى قوش جىنىسلىق دەيدىغان گەپلەرگىمۇ زادىلا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئوخشاش جىنىسلىق بىرەر دوستىنى بىلىدىغانمۇ ھېچكىم يوق. خۇددى ف ب ئا نىڭ ئۇنى تېزگىنلەپ تۇرىدىغان 3- كىشى، خۇۋىنىڭ قەتئى قوللىغۇچىسى "دېكان" درۇچېسنىڭ دېيىشىچە خۇۋى ئۆمۈرىدە بىرلا ئايالنى ياخشى كۆرەتتىككەن. ئۇ ئايالمۇ ئۇنىڭ ئانىسى بولۇپ، خۇۋىنىڭ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشى ئۇ ئايال بىلەن سۈئاد مەيدانىدىن يىراق بولمىغان بىر كونا مەجلىس زالىنىڭ قەۋرىستانلىقىدا ئانىسى بىلەن قوشۇلۇپ كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىكەن.

كېيىن، خۇۋىنىڭ كىيىم كۆرسىتىش يىغىنىدا رەشلىيىلىك كوڭلەك بىلەن يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئەلىۋەتتە 60-يىللاردا خۇۋىنىڭ قاتناشقان كىيىم كەچلىكى دەۋرىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىختىسادى كىرىم ئەھۋالىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇ ئىدارە 60-يىللار دەۋرىدە خۇۋىنىڭ قوش جىنىسلىقى ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان خەۋەرلەر ئەمەلىيەتتە 375 ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا داغ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئويدۇرۇلغان بىر تۈرلۈك ئاكتىپ تەدبىرلەر ئىكەندۇق. دىراۋچى كېيىن بۇ ھېكايىلار كىشىلەرنىڭ ئۇۋغايلىق بىلەن ئىشەندۈرۈلۈشى، بۇئىشتا قەتئى گۇمانلانغىدەك يېرى يوق پاكىتلارنى كۆرسەتكىنىدە، ئۇ ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن مۇنداق دىگەن:

*"بىزگە خۇۋى بىلەن تۇرسۇننىڭ گۇمان قوزغىمىغىدەك ئىسپاتلىرىنى ئېيتىپ بېقىڭلار دېگىنىدە، كىشىلەر مۇنداق دېگەن، بۇلار يەنە يەتمىدىمۇ؟*

*كىشىلەر زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى تولۇق بىلەمدۇ؟*

شۇنداقتىمۇ، بەزىدە كۆرۈلۈپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئا ئىدارىسى بۇ

www.uyghurkitap.com

يالغان گەپنى ھەمدە تولۇق ھەقسىز يالغان گەپنى ئۇيدۇردۇ. ھەمدە بۇ يالغانلارغا بەكلا كۆپ سۈيىقەس نەزىرىيىسىنى قوشۇدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىشىنىشىكىمۇ ئىمكان يوق ھالغا كەلتۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە بۇ يالغان گەپنىڭ ئۆزىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئا ئىدارىسى ھەر قايسى چوڭ گېزىتلارنىڭ مۇھەررىرلىرىگە بەزى داڭلىق ئەقلىيە سۆزلىرىنى بېرىپ ئۆزىنى ئۆزى رازى قىلىشىدۇ. ئاندىن بۇ يالغان خەتلەرنى خۇددى كوكلوكىسكىلان پارتىيىسىنىڭ قولىدىن چىققاندەك قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى رازى قىلىشىدۇ. خۇۋى گ ب ئا دا مەخسۇس ئوخشاش جىنسلىقلارنى كۆپتۈرۈۋېتىدۇ. بەزى دېيىشلەردىن قارىغاندا، خۇۋى ف ب ئا نى تاياقخۇمارلار ماكانىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قانچە يىل ئىچىدە تېخىمۇ چوڭ ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى سۈيىقەستىنى پىلانلاپ ـ ف ب ئا بىلەن دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە ئوخشاش جىنسلىقلارنى كىرگۈزۈۋېتىپ، بۇ خەتلەردە ئامېرىكا بىخەتەرلىك كومىتېتىدا ئېغىر بوھران بار قىلىپ، ئا ئىدارىسى ھەر قايسى چوڭ گېزىتلارنى بۇ يالغانلارغا چوقۇم ئەستايىدىل قارايدىغان قىلىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ كوكلۇكىسكىلان نىڭ بۇ تۆردىكى يالغانلىرى ئىنتايىن تەسىرلىك قىلىپ ئا ئىدارىسىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتى تار قاراشلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ، شۇنداق بولىشىغا قارىماي بۇ ئۇيدۇرۇلغان خەتلەر تۈزۈك بىر ئۈنۈملۈك تەسىرمۇ قوزغىيالمايدۇ.

ف ب ئا ئۆزى ئىجرا قىلغان ئاكتىپ تەدبىرلەرنىڭ ئەڭ ئاتاغلىق زىيانكەشلىككە ئۇچۇرىغۇچىسى، ئۇلۇق كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى مارتىن لوتېر كىن ئىدى. خۇۋى جاھىللىق بىلەن مۇنداق دەپ چىڭ تۇرىدۇ، مارتىن لۇتېر كىن دېگەن بۇ ئادەم، شوخ ئەركەك مۈشۈكتەكلا بىر ئادەم. شۇنىڭدەك ئۇمۇ ف ب ئا نىڭ كىنىنى تەنقىت قىلىشىغا بەكلا ئۆچلۈك قىلىدۇ. بۇ ئۇنى 1964-يىلى بەزى مۇخبىرلارغا بايانات بېرىپ، "كىن دېگەن بۇ ئادەم، ئامېرىكىدىكى سېسىق نامى پۇر كەتكەن ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ئالدامچى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈڭلارنى كەڭ تۇتۇڭلار، مەن دېگەندەك يېزىڭلار. كىنگە قارىتا يولغا قويۇلغان جىددى تەدبىر ئېنىقكى خۇۋى ھېچ بىر ئىشتىن خەۋىرى يوق بىر ئەھۋالدا، ف ب ئا [376] باشلىقىنىڭ

ياردەمچىسى ۋىلھېلىم سالىۋېن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن. 1964-يىلى دېكابىردا سالىۋېن كىنغا ئۇنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىكى جىنسى دوستلىرى بىلەن ۋاشىنگون ۋىرادىر مېھخانىسىدا ئېلىنغان ياتاقتا ئېلىنغان لېنتا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالىنى ماگنىتىفۇنغا ئېلىپ، ئۇنى كىنغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. كىنىنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈدىغان يەنە بىر ئىش ئۇنىڭ بۇرۇنقى قوللىغۇچىلىرى يازغان ئىسمىسىز خەت بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن:

كىن ئۆزىڭىزدىن ئۆزىڭىز كۆڭلىڭىزدە سوراپ كۆرۈڭ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلىدىنلا سېپى ئۆزىدىن بىر يالغانچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز. سىز بارلىق نېگىرلارغا قەرزدار ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز، .... سىز ئەسلىدە بىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ داھىمىز بولۇشقا تېگىشلىك بىرسى ئىدىڭىز، ياش ۋاقتىڭىزدا، بىر ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، روھى نورمال بولمىغان بىر قاپاقباشقا ئايلانغان بىرسى ئىدىڭىز، ،،،، ئىشەنگۈسى كەلمىگىدەك رەزىللىكلىرىڭىز بۇ لېنتىغا كۆچۈرۈلدى.

كېيىن بەلكىم بىردىن بىر ف ب ئا بىلەن ك گ ب ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىشىنىڭ نىشانى قىلىپ تاللىۋېلىنغان ئاتاغلىق بىر ئامېرىكىلىقا ئايلىنىدۇ. ئامېرىكا كومپارتىيىسى شۇنداق دەپ باھالىغان. كىنىنىڭ يېنىدىكى يەر ئاستى كومپارتىيە ئەزالىرى كىنىنىڭ سىياسىتىنى تېزگىنلەپ تۇراتتى. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بۇ گەپلەر قىلچىمۇ ئاساسى يوق گەپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، مەركەزنى ئۈمىدسىز قىلىپ قويغىنى كىن ئىنسان ھوقۇق ھەرىكىتىنىڭ نىشانىنى ئامېرىكا چۈشى بىلەن "ئاساسى قانۇن بىلەن مۇستەقىللىق خىتاپنامىسىنىڭ جاراڭلىق خىتابلىرىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىپ، ئاتالمىش ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى دۇنياۋى كۈرەش بىلەن بىرلەشتۈرمىدى. 1963-يىلى ئۇ بىر پارچە كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان "بومىنخان تۈرمىسىدىن كەلگەن خەت" نى يېزىپ ئۇنىڭدا مۇنداق دەيدۇ:

مەن كەلگۈسىمىزدىن ئۈمىدسىز ئەمەسمەن.... بىز بومىنخام (ئالاباما شىتاتى) ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەركىنلىك مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇردۇق. مىللىتىمىزنىڭ قۇتلۇق ئەنئەنىسى بىلەن تەڭرىنىڭ قۇتسال ئىرادىسى بىزنىڭ توختاۋسىز ئارزۇيىمىزدا ئۆز ئەكسىنى نامايەن قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



كىنىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارزۇسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مەركەز تېخىمۇ ئاكتىپ، تېخىمۇ ئەۋرىشىم بولغان رەھبەر بىلەن بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، 1967-يىلى سىنتەبىردە، مەركەز "بەش نوچىلار"نىڭ بۇرۇنقى يول كۆرسەتكۈچىسىنى، ئا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىنغان يۇرى مودىننى بېكىتكەن ھەرىكەت پىلانى بىلەن لايىھىلەنگەن پىلانىنىڭ مەزمۇنى ئاۋرىقا ئاخبارات ژۇرنىلىدا بېسىلغان كىن ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسي بايان قىلىقنغان بۇ ماقالە بويىچە، ئاندىن ئامېرىكا گېزىتى كۆچۈرۈپ باسقان، بۇ ماقالىلار كىننى مەخپى تۈردە ھۆكۈمەتنىڭ ماددى ياردىمىنى ئېلىپ، كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىنى چەكلەش ئارقىلىق ئەسلىدە بوھران كەلتۈرمەيدىغان جونسۇن ھۆكۈمىتىنىڭ "توم تاغا"دېگەن ماقالىسىغا مۇنداق دەيدۇ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئالدىدا تېلېۋىزور پروگراممىسىدا قوللىغۇچىلىرىنى باشلاپ بېرىپ ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدىغان نامايىشقا رەھبەرلىك قىلغاندا، بۇ ئەركىنلىك ھەرىكىتىنىڭ داھىسى ئەسلىدە پىرىزدېنت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان.

بۇ پىلاندا يەنە بىر قاتار ئامېرىكىنىڭ "نېگىرلار مەسىلىسى"سىياسىتىدىكى ئاكتىپ تەدبىرىنى قارىلىغان. مەركەز مودىنغا ھوقۇق بېرىدۇ:

ك گ ب نىڭ ئامېرىكا ئىستىخبارات پونكىتى تەمىنلىيەلەيدىغان ماتېريال مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات بروشۇرلىرىنى، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى -ھەمدە مۇراجەتلەرنى توپلاپ نەشىر قىلدۇرىدۇ ۋە تەشۋىق قىلىپ تارقىتىدۇ. جونسۇن ھۆكۈمىتىنىڭ نېگىرلار مەسىلىسى ئۈستىدىكى سىياسەتلىرىنى، ھۆكۈمەت نېگىرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىنى باستۇرغانلىقى ھەققىدىكى رەھىمسىز تېرروررچىلىق تەدبىرلىرىنى پاش قىلىدۇ.

جاسۇسلار تەمىنلىگەن ماتېريال مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ قانۇن ساھەسىدىكى ئاتاغلىق كىشىلەرنىڭ ئېلان قىلغان ئاشكارە باياناتلىرىدىن پايدىلىنىپ، نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ نېگىرلار مەسىلىسى ئۈستىدىكى سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

بىر پارچە جون پوچ جەمىيەتتىگە مۇناسىۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى تۈزگەن ئامېرىكا نېگىرلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىگە سۇيىقەست قىلىش پىلانىدىكى ئۈيدۈرۈلغان ھەمدە مەخپى شەكىلدە تارقاتقان ھۆججەت لىرىنى تەنقىتلەيدۇ.

1965-يىلى ئاۋغۇستىن باشلاپ، لوس ئانگىلىسنىڭ نامىرات نېگىرلار رايونىدا يورسنىڭ ئىرقچى توپىلىڭى يۈز بېرىپ، كەينىدىنلا شۇ يىلىنىڭ بىر قانچە ياز كۈنى بەكلا ئىسسىق بولۇپ كېتىدۇ. 1965-يىلى سىنتەبىردىكى بۇ توپىلاڭدا 36 كىشى ئۆلۈپ، 1032كىشى يارىلىنىدۇ، ئىقتىسادى زىيان 40 مىليون دوللاردىن ئېشىپ كېتىدۇ. ك گ ب بۇ توپىلاڭنىڭ زوراۋانلىق ۋەقەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەركەز بۇ قېتىمقى زوراۋانلىق ۋەقەسى خۇددى ستوكلى كاۋنكېرغا ئوخشاش نېگىرلار ئاكتىپلىرى كىنىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تارتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. كاۋنكىر 1967-يىلى ياز كۈنى كۇبادا ئۆتكۈزۈلگەن 3-قېتىملىق دۇنيا ئىنقىلاب يىغىلىشىدا سۆزلىگىنىدەك، بىزنىڭ بىرلا ئورتاق دۈشمىنىمىز بار. بىزنىڭ كۈرىشىمىزنىڭ مەقسىدى بۇ تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، .... بىز ئارمىيىدا ئاشكارە تۈردە پارتىزانلىق ھەرىكىتى قوزغىشىمىز كېرەك. شىمالى ۋېتنامغا قىلغان سەپىرىدە، ئۇ خېنىدا بايانات ئېلان قىلىپ، بىز ئىسلاھاتچى ئەمەسمىز، بىز ئىنقىلاپچىمىز. بىز ئامېرىكا تۈزمىنى ئۆزگەرتمەكچى."

1968-يىلى 4-ئاۋرىلدا كىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېز ئارىدىلا زور كۆلەملىك زوراۋانلىق توقۇنۇش ۋەقەسى پارتلايدۇ. ك گ ب ئىلگىرى بۇ تۈردىكى ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى چەكلەيتتى. ئۇنى ئەيىپلەيتتى. ئەمما بۇ قېتىم بىر ھەپتە ئىچىدىلا يۈزدىن ئارتۇق شەھەردە زوراۋانلىق ھەرىكىتى يۈز بېرىپ، 46 كىشى توپىلاڭدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، 3500 كىشى يارىلىنىدۇ 20000 كىشى قامىلىدۇ. دېمەك، دراۋچىدا قارىغاندا بۇ دۆلەت ھۆكۈمەتسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان، شۇنداق بىر ھالەتكە يېقىن كېلىپ قالغان. شۇندىن كېيىن ئا ئىدارىسى كىننى "توم تاغا دېمەس بولىۋالىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنى ھازىرقىنىڭ دەل ئەكسىنچە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى ئاق تەنلىك ئىرقچىلارنىڭ ھۆكۈمەت

تەرپىدىن سوۋېت قىلىنىشى بىلەن ئىشلەنگەن بىر سۈيىقەست دەپ قارايدۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا مەركەز ئىبرىقچىلىق ئۆچمەنلىكىنى كۈشكۈرتىپ ئامېرىكا ئىچىدە ئىشلىگەن بىر سۈيىقەست دەپ قارايدۇ. مەركەز ئىبرىقچىلىق ئۆچمەنلىكىگە كۈشكۈرتۈپ ئامېرىكىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ خەلقارادىكى تەسىرىگە زىيان سېلىش ئۈچۈن پەيدا قىلغان ئاكتىپ تەدبىرلەرنىڭ بىر خىلى دەپ قارايدۇ. 1971-يىلى ئاندروپوۋنىڭ شەخسەن تەستىقلىشى بىلەن، باشقا ئىبرىق كىشىلىرىگە ھاقارەت قىلىدىغان زىيانلىق تىل تەشۋىقاتلىرىنى باشلىغان. بۇ ئىشلارنى يەھۇدىي قوغدىنىش ئىتتىپاقى ياراتقان قىلىپ كۆرسىتىشتى. ۋېل كاخن رەھبەرلىكىدە ئوتتىغا چىقىرىلغان چېكىدىن ئاشقان داشقال كىشىلەر تەشكىللىنىپ قوزغىغان بىر ھەركەت، ئەنە شۇ يەھۇدىيلارغا قارشى ھۇجۇم پەيدا قىلغان، بىروشۇرلار بىلەن قارا رەڭلىك داشقاللارغا قارشى ھەركەت پەيدا قىلىش كېرەك، دەپ غەزەپلەندۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، يەھۇدىيلارنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاڭ تالاڭ قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. 30 پارچە بىروشۇرنى بىر قىسىم نىگىر كېيىم مودا تەشكىلاتىغا ئەۋەتكەن. شۇ ئارقىلىق كاھىن بىلەن ئاساسلىق ھىمايىچىلىرىدىن ئۈچ ئېلىشىنى قوللىغان. بىر قانچە يىلدىن كېيىن خۇنمۇ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قاتىلى نىگىر ئەمەس بەلكى بىر ئەرەپ بولۇپ چىقىدۇ، بۇ ئىش مەركەزنى بەكلا ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىملىق مەركەز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پارتلاتقۇچ بىلەن نيۇيوركتىكى ئىبرىقلار ئارىسىدا [379] ئۆچمەنلىك مۇھىتىنى يارىتىۋەتكەن. 1971-يىلى 25-ئىيۇندا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى بىرىنچى باشقارمىسى (شىمالى ئامېرىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل باشقارما) باشلىقى ئاناتولى جىخونوۋىچ جىلىيوف نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتىغا "پاندورا" ھەرىكىتىنى باشلىتىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. نيۇيورك نىگىرلار ئولتۇرۇشلۇق رايونىغا مۇددەتلىك بومبا قويغۇزىدۇ. جىلىيوفنىڭ قارىشىچە نەق ئىدىيال يەر "بىر نىگىرلار مەكتىپى ئىكەن. پارتلاشتىن كېيىن

نيۇيورك ئىستىخبارات پونكىتى2ـ3 نەپەر نىگىرنى نامسىز تېلېفون بېرىشكە تەشكىللەپ، پارتلاشنى يەھۇدى ئامانلىق ساقلاش ئىتتىپاقى قىلغان ئىش دەپ تەلىمات بېرىدۇ.

سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا، ئامېرىكىدا ئېرقچى زىددىيەتنى ئۇلغايتىدىغانلارنىڭ يەنىلا ئا ئىدارىسىنىڭ بىر تۇرلۇك ئادەتتىكىدەك بىر ۋەزىپىسى ئىدى، ئالايلۇق 1984ـيىلى لوس ئانگىلىس ئولىمپىيات يىغىنىنىڭ ئالدىدا. ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ پ رلىنىيىسى (سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسى) ئەمەلدارى كوكلۇكسكلان پارتىيىسى ئافرىقا ۋە ئاسىيا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ خېتى بويىچە پەيدا قىلىنغانلىقى بولۇپ چىقىدۇ. خەتتە ئا ئىدارىسىنىڭ ئېرىقچىلىق تۇسىدىكى ھاقارەتلەر داۋراڭ قىلىنغان:

*ئولىمپىك كومىتېتى. ئاقتەنلىكلەرگىلا مەنسۇپ بىر ئورگان!*

*ئافرىقا مايمۇنلىرى!*

*بىر مەيدان داغدۇغىلىق بىر تەبرىكلەش مۇراسىمى لوس ئانگىلىستا سىلەرنى كۈتمەكتە!*

*بىزنىڭ ئولىمپىك يىغىنىدا قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۈچۈن قارا رەڭلىك نىشان لايىھىلىدۇق، لوس ئانگىلىستا بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەۋە ئولىمپىك باشلىنىش ئۈچۈن ياققان مەشئىلىمىز سىلەرنى كۆيدۇرۇپ كۈل قىلىۋېتىدۇ. بىر قېتىملىق ھەقىقى ئامېرىكا ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ ئەڭ ئالى مۇكاپاتى بىر ئافرىقا مايمۇنىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارالمايدۇ.*

*قارا ئالۋاستىلار، سىلەرنى لوس ئانگىلىس ئولىمپىك يىغىنىغا قاتنىشىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز!*

*ئۇ يەردە بىزنىڭ سىلەرنى كۈتىۋېلىشىمىز ئۆمرىڭلار بويىچە ئېسىڭلاردىن چىقماس بولىدۇ!*

بۇ خەتلەر باشقا بىرخىل مەقسەت ئۈچۈن ئاكتىپ تەدبىرلەردۇر. نۇرغۇنلىغان ئەللەردە بۇ ئىش ئەڭ كۆرىنەرلىك خەۋەر بولدى. ئەدلىيە مىنىستىرى ۋىلىيىم فىرونچى شىمىس ئەيىپلەپ بۇ گەپلەرنى ك گ ب ئۇيدۇرغان خەتلەر دەپ تەنقىتلەيدۇ. ئەمما شۇ چاغدا موسكۋا، ۋاشىنگتوننىڭ سوۋېتكە قارشى ھاقارەتلىرىگە يالغاندىن غەزەپلەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولىۋالدى.

70يىللارنىڭ باشلىرىدا مەركەز ئامېرىكىغا قارىتا ئۇلار "سوۋېتكە قارشى كۈچلۈك [380] ئۆزگىرىدۇ. 1968-يىلى كرېمىل سارىيى جاھىل كومىنىزم دۈشمىنى رىچارد نىكسوننىڭ ئامېرىكا پىرىزدېنتلىقىغا سايلانغانلىقىغا غەزەپلىنىپ، نىكسوننىڭ دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى رەقىبى شىيۇبوت خانفىلەينى مەخپى ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما نىكسون سايلانغاندىن كېيىن دەرھال سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەتنى سىلىغلاشتۇرۇشنى يولغا قويىدۇ. 1972-يىلىدىن 1973-يىلىغىچە سوۋېت ئامېرىكا ئىمزالىغان كېلىشىم موسكۋا بىلەن ۋاشىنگتون بىرلىكتە تۈزگەن شەرتنامىدىنمۇ ئارتۇق شەرتنامە تۈزۈشىدۇ. 1974-يىلى ئاۋغۇستتا سۇ پەردىسى ۋەقەسى بىلەن تەۋرىنىپ كەتكەن خەتەر ئاستىدا قالغان پىرىزدېنت نىكسون ئىلاجسىزلىقتىن پىرىزدېنتلىقتىن ئىستىفا بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال موسكۋانى بەكلا ئۈمىدسىز قىلىپ قويىدۇ. ھەمدە بۇ ۋەقەدىن ئۇلار چوڭقۇر پۇشايماندا قالىدۇ. كېرىمىل سارىيىنىڭ قارىشىچە، نىكسون سىياسىتىنىڭ پاسكىنا قولى ـ خۇددى دۆلىتىدىن كېيىن ئېيتقىنىغا ئوخشاش، ئەڭ نورمال بىر ئىش. بۇنى كىممۇ ئاساسى قانۇنغا خىلاپ دەپ ئېيتالايدۇ؟ مەركەزدىكى سۇيىقەست نەزىرىيە تەرەپبازلىرى شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، نىكسوننىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى كىشى بولۇپمۇ سوۋېت يەھۇدىلىرىگە چەكلىمە قويغانمۇ ئەركىن كۆچمەن ئىسرائىلىنىڭ ئۆزى، ئەمما يەھۇدىلەرنى قوغلىغانلار ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ھەربى تەييارلىقلار مەبلىغىنى ئازايتقانلار سانائەت كومبىناتسىيىسىدىكىلەردۇر.

مەركەزنىڭ قارىشىچە، سوۋېتكە قارشى كۈچلەرنى يىغقانلار ئەركىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ھېنرىگ، "سكوپ"، جېكسون ئىدى. كېسىنگىرمۇ جېكسوننى "سوۋېتنىڭ" كىشىلىك ھوقۇق ئەركىنلىكچىلەر كۈچلىرى ھەرقانداق سوۋېت بىلەن سۆھبەتتىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كونسىرۋاتىپلار ئوتتۇرىسىدا كام بولسا بولمايدىغان مۇناسىۋەتلەردىن خاتىرجەم بولالماي دىققەت قىلىدىغانلاردۇر. قايسى بىر ئوبزورچى مۇنداق يازىدۇ. "جېكسون ھەرگىزمۇ ئۇنداق بىرسىلىرىنىڭ

قانداق ئويلىنىش كېرەكلىكىنى دەپ بەرسە شۇپېتى قىلىدىغان قىزغىن رەھبەر ياردەمچىسى ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا دەل شۇنداق ئادەمدىن بىرسى بار. رىچارد پار ـ دەل شۇنداق سوۋېتكە پۈتۈن كۆچى بىلەن قارشى تۇرىدىغان ئاجايىپ يامان بىر ئادەم. گەرچە ئۇنىڭ پەرىزاتىنىڭكىدەك كۆلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان يۈزى بار بولسىمۇ، بىرەرسى بىلەن ئېيتىشىپ قالغىدەك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ قالغان بىرسى ئۇنىڭغا "قاراڭغۇلۇقتىكى شاھزادە دەپ لەقەم قويۇۋالغان. ك گ ب نىڭ قارىشىچە رىچارد پار يەھۇدىيلار قوراسى سىرتىدىكى بىر گۇروھنىڭ ئادىمى، - پارلامېنت تۆپىسىدىكى رەسمى بولمىغان بىر تەشكىلات يەنى ئالتۇندىن پايدىلىنىدىغان ئىسرائىل قوراسىنىڭ سىرتىدىكى پائالىيەت قىلىدىغان پارلامېنت خىزمەتچىسى ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىك كۆچلۈك بىر رەھبەر.

1972-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كۆچمەنلەردىن باج يىغىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، بۇنداق قىلىش كۆچمەنلەردىن ئەركىن ئوقۇتۇش ئۈچۈن سەرىپ قىلغان دۆلەت مەبلىقىنى قايتۇرىۋالغاندەكلا بىر ئىش. ئەمەلىيەتتە بولسا، 381 بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىدى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەھۇدى كۆچمەنلىرىنىڭ سانىنى ئازايتىشتۇر. بۇ سوۋېت قانۇن لايىھىسى جېكسۇننى جەڭ مەيدانىغا چىقىرىش مەقسەد قىلىنغان. ئۆكتەبىردە جېكسۇن "نىكسۇننىڭ تىجارەت ئىسلاھات قانۇن تەكلىپ لايىسىنى ئۈتتۈرغا قويىدۇ. كېيىنكى ئىككى يىلدا، كېسىنگىر موسكۋا بىلەن جېكسۇن ئارىسىدا قانات يايغان موكىدەك دىپلوماتىيىنى كېڭەيتىدۇ. مەخسەد سوۋېتنىڭ يەھۇدى كۆچمەنلەر مەسىلىسىدىكى يېتەرلىك يەل قويۇۋېتىش ئارقىلىق جېكسۇننىڭ كېلىشتۈرۈشىگە ھەسسە قوشۇشقا تىرىشىش. كېيىن كىسىنگىر مۇنداق دەيدۇ. "ئۇزۇن ۋاقىتقىچە، مەن جېكسۇننىڭ قايىل قىلىشقا بولمايدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماپتىمەن."

دوبولىدىن موسكۋاغا دوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

*جېكسۇننىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى، يېقىنقى 35يىللىق پارلامېبت ھاياتى جەريانىدا، ئۇ ھېچقاچان ھەرقانداق بىر سىياسى ياكى شەخسى*

www.uyghurkitap.com

*بۇزۇقچىلىققا كىرىپ قالمىغان. سۇ پەردىسى ۋەقەسىدىن كېيىنكى دەۋىرلەردىمۇ، غۇرۇر مۇقەددەسلىكى پىرىزدېنت نامزاتلىقىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىدى. بۇ پالاتا ئەزاسىنىڭ ھەر سوتكىلىق ئۆتمۈشىدە ھەرقانداق بىر داغ تاپالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەنە شۇنداق بىر داغنى بانا قىلىپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ تەدبىرىنى ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش پۇرسىتى دەپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز شەرت. شۇڭا بىز قەتئىي تۈردە بىزنىڭ ئامېرىكىلىق دوستلىرىمىزدىن (يەنى ئامېرىكا كومپارتىيىسىدىن) جېكسۇننىڭ ئامېرىكا پىرىزدېنتى بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىمىزنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىنى تېپىپ چىقىشىمىز زۆرۈر.*

مەركەزدىكى بەزى كىشىلەر، جېكسۇن ئۆزىنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ھەققىدە كامدىن-كام توختىلىدۇ. "ياكى ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ئائىلىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ مەخپى سىرلىرىنى تېپىپ ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشىرىشىمىز كېرەك". ك گ ب ئالاھىدە كەڭ دائىرىدە جېكسۇننىڭ نىگاتىۋ ئۇچۇرلىرىنى توپلىدى. گەرچە جېكسۇننىڭ ئاتا-ئانىسى 1885-يىلى نورۋېگىيدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ك گ ب 1974-يىلىسىلا ئۇسلوۋ ئىستىخبارات پونكىتى جېكسۇننىڭ نورۋېگىيدىكى تۇغقانلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان. ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى جېكسۇن ھەققىدە [382] ئۇزۇن سىياسى ھاياتىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىققان. قارىغاندا بىرەر ئىش چىقىرىمىز دەسەك يەنىلا ئۇنىڭ جىنسى تۇرمۇشى ئۈستىدە ئىش قىلىشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ. مەركەزدىكى جېكسۇننىڭ ئارخىبى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆرستىشىچە، ئۇ 49 ياش ۋاقتىدا، باشلىغان تويى نۇرغۇن جەھەتتىن بىر جاھىل بويتاقلىق ئەقىدىسىگە باغلانغان بولۇشى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ك گ ب ئېلىپ بارغان زور كۆلەملىك ئەخلاقى تەكشۈرۈشلەردە، ئۇنىڭغا كۆپ يىل ئۆزى بويتاق ۋاقىتلىرىدىكى بىر ئەركەك دوستى بىلەن بىرگە ۋاشىنگتوندا بىر ئۆيچە ياتاقتا بىرگە تۇرغانلىقىدىن باشقا، ئۇنى قوش جىنسلىق دەپ ئەيىپلەشكە بولىدىغان بىرەر ئىسبات يوق.

ئۇنى قوش جىنس دەپ ئەيىپلەشكە بولىدىغان يېتەرلىك پاكىت

بولمىسىمۇ، مەركەز يەنىلا ئەمىلى قوللىنىدىغان "پولوك" دېگەن ئاكتىپ تەدبىر ئىشلەتكەن. ــ جېكسۇنغا قوش جىنسلىلىق دەپ پاكىت ئۇيدۇرۇپ تۆھمەت قىلغان. 1976-يىلى، ئا ئىدارىسى 1940-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈندىكى فېدرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بىر مېمىراندۇمىنى ئۇيدۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭدا خۇفىۋ ئەدلىيە مىنىستىرى ياردەمچىسى جېكسۇن لوس ئانگىلىس ۋاقتى گېزىتى ۋە پايتەخت گېزىتىگە جىمى كارتېرنىڭ پىرىزدېنت سايلىمى ئەھۋالىنى شتابىقا دوكلاد قىلغان. ئا ئىدارىسى يەنە 1976-يىلىدىكى پىرىزدېنت نامزاتىنى تاللاش ۋاقتىدىكى بەزى ئىشلاردىن پايدىلىنىشقا تىرىشقان. مارت ئېيىدا جېكسۇن بىر نەپەر قوش جىنسلىقلار ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكەتچىسى بىلەن بىرقېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنىدىكى تېلېۋىزور نۇتقىدا مۇنازىرە قىلىپ، بۇ پائالىيەتچىگە مەن ئۇنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئېھتىياجىم يوق دېگەن. ئافرىلىكى بىر قېتىملىق تېلرۋىزور نۇتقىدا جېكسۇننى قوش جىنسلىق بىلەن ئائىلىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن دەيدۇ. ك گ ب ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھۆججىتىنى ئۇيدۇرۇپ ئۇنى جېكسۇن بىلەن شەخسى مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان پالاتا ئەزاسى ئېدۋارت كېنېدىغا يوللاپ بېرىدۇ، مەخسۇس ستون يازغۇچىسى جېك ئاندىرسون بىلەن "ھەشەمەتلىك شاھزادە"، "بالكون قەۋىتى" قاتارىدىكى ژۇرناللارغا بەرگەن.

نىكسون تىنماي سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەربى ھازىرلىقلارنى تېزگىنلەش شەرتنامىسىنىڭ ماقۇللىنىشىغا بېسىم قىلغان. "پولوك" ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ئۇنىڭ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پىرىزدېت نامزاتى كۆرسىتىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاندىن ئاخىرلاشتۇرغان. 1977-يىلى، بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى بولغان ئوخشاش جىنسلىقلار ھەرىكىتى گېزىت ژورنىللىرى جېكسۇنغا قوش جىنسلىقلارغا يېقىن دەپ ھۇجۇم قىلغان. مەقسەد شەخسى سىياسى ئىستىقبالىنى ئويلاپ ئاندىن، ئاشكارە سورۇنلاردا ئوخشاش جىنسلارغا ھۇجۇم قىلغان. ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا، ئا ئىدارىسىنىڭ نيۇيوركتا تۇرۇشلۇق بىر خادىمى بىر پارچە ئۇيدۇرۇلغان ھۆججىتىنى ف ب ئا نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كالىفورنىيەدە تارقىلىدىغان ئوخشاش جىنسلىقلار ۋاقتى گېزىتىگە يوللاپ بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتتە دېيىلىشىچە، 40-يىللارنىڭ باشلىرىدا شتاتلىق پروكروتور بولغان جېكسون بۇرۇن بىر ئاكتىپ قوش جىنسلىق ئىدى. بۇ ھۆججەتنىڭ تېمىسى لوندوندا يېزىلغان "بىز ئامېرىكا پالاتاسىدا قوش جىنسلىقلارنى ئاختۇرىمىز" "پلوك"ھەرىكىتىنىڭ باشقا ھەرىكەتلىرى، بۇ ئۇيدۇرۇلغان ھۆججەتتە ئەسلىدە جېكسوننىڭ كەسپى ھاياتىغا روشەن تەسىر كۆرسەتكەن. مەركەز 1977-يىلىدىن باشلاپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن كارتېر ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى، ئېرلاندىيىنىڭ سىبىگېنۇۋتا تۇغۇلغان، بۇرجىنىسكى. ئىلگىرى ك گ ب ئۇنى تەربىيىلەش نىشانىسى قاتارىغا كىرگۈزگەن ئىدى. ئەمما بۇ تاللاش روشەنكى بىر خاتا تاللاش ئىدى. بۇرجىنىسكى كېيىن ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇ چاغدا بۇرجىنىسكى دلەت مەھكىمىسى كاتىبى ۋانىس بىلەن سوۋېت سىياسىتى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمدە، ئىنتايىن شىددەتلىك تالاش تارتىش قىلىشىپ كېتەتتۇق دەيدۇ. ۋانسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە بۇ مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى بۇرجىنىسكىنىڭ ئىچىدىن قايناپ چىققان سوۋېتكە قارشى بىر ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر ئوتتۇرسىدىكى خەۋپلىك رىقابەتلەر ئۈستىدىكى تىرىشچانلىقى ئارىسىدا تۇراقسىز بىر تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرگەن دەپ قارايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى دوبىلىدىن غەزەپلىنىپ مۇنداق دەيتتى "كارتېر دېپلوماتىيىلىك خىزمەتلەرنى تىلغا ئالغان ئىدى. بىزمۇ بۇرجىنىسكىنىڭ سوۋېتكە قارشى ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتۇق." ئا ئىدارىسىنىڭ مەخسىدى، دەل بۇرجىنىسكىنىڭ سوۋېتكە قارشى ئۇنىنى قىسىش ئىدى. ئىمكان بولغىنىدا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماقچى ئىدى.

مەركەز بۈگۈنكى ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى بۇرجىنىسكىغا پايدىسىز ھەرقانداق بىر ئۇچۇرلارنى يىغىشنى ۋەزىپە قىلغان ئىدى، بۇ تور خىزمەتنىڭ قانات يېيىش دائىرىسى ھەرگىزمۇ

"پولوك" ھەركىتى جەھەتتە ئۇچۇر توپلاش ئىشلىرىدىن قېلىشمايتتى. بۇرجىنىسكى ئۆزىنىڭ يەھۇدى قېنىدىن بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرەمدۇ قانداق ئېنىقلاش ۋە ئۇنىڭ ئايال كىنو چولپىنى كاندىس پوگىن بىلەن ھەپىلەشكەن ئىشى بارمۇ يوق؟ ئۇ ئۇنىڭ ناخشىچىسى دېۋىت ئارون بىلەن، ئۇنىڭ ئالاھەدە ياردەمچىسى كار يىندىۋىس، رىچادرد ، گادنا باش ئەلچى ھەمدە، پولشالىق كۆچمەنلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۇلارغا ئائىد بولمىغان بىرەر ئەھۋال بارمۇ يوقلىقىنى بىلىش ئىدى.

گەرچە بۇرجىنىسكىنى ھەققىدە ئامېرىكادىكى توپلانغان ۋە پاش قىلىنغان سەتچىلىك ئىشلىرىدىن بىرەر نەتىجە چىقمىغان بولسىمۇ، مەركەز يەنىلا بولغارىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىن ئۇلارنىڭ قارشىچە ئىستىخبارات ئىدارىسىدە مۇتلەق تۈردە داغدۇغا پەيدا قىلىۋەتكىدەك ئۇنىڭ مەخپى خىزمەتلىرى ھەققىدىكى بەزى پاكىتلارغا ئېرىشىمدۇ. بىر نەپەر ئۆزىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولغارىيىلىك ئىقتىسادشۇناس ھېنرىك نادان شىپىت قىلغان ئېتىراپىدا (ياكى سوراقچىلارنىڭ بېسىم قىلىشى ئارقىلىق)[384] بىرپارچە بۇرجىنىسكىنىڭ 1963-يىلى بولغارىيە سەپىرىدە قىلغان يوقۇرى دەرىجىلىك بايانامىسىدا دېگىنىدەك ئۆز ۋاقتىدا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروپېسسورى ۋاقتىدا بۇرجىنىسكى بولغارىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بولغارىيىنى زىيارەت قىلغان. شىپىتنىڭ دېيىشىچە بورجىنىسكى مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى ئىكەنمىش. شۇ چاغدا ئۇ ئېغىزچە پارول ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشقان، ۋە ئۇنىڭ ئىستىخباراتىنى ئالغان. ھەمدە ئۇنىڭغا يەنىمۇ ئىلگىرلەپ ھەركەت قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن. شىپىيت يەنە مۇنداق دېگەن، ھەتتا 1963-يىلى بۇرجىنىسكى دەل شۇ پەيتتە ئامېرىكىنىڭ سوۋېت گۇرۇھىدا سىياسى جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان كىشى بولغان ئىكەن.

سىپتىنىڭ بەرگەن دەلىل سۆزىدە ئاددى قىلىپ ستالىن دەۋرىدە ئاشكارە سوتلاردا جىنايەتچىلەرنىڭ بىر ئېھتىمالدا قىلغان ئىقرارلىرىنىڭ

بەكلا ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرى بارلىقىنى ئېيتقان. ئەمما مەركەز بەكلا ئاسان يېتەكلەنگۈچىنىڭ سۇيىقست نەزەرىيىسىگە جىم تۇرۇۋالغان. شۇنىڭدەك شىپىيتىنىڭ غەلىتە ھېكايىسى ئاساسىدا، پارولاسى "مولۇن"دېگەن ئاكتىپ تەدبىرنىڭ ئىجرا قىلىنىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان ئىكەن. ئا ئىدارىسى يەھۇدى تىرىلىشچىلىرى تەشكىلاتى نامىدا بىر پارچە بۇرجىنىسكىنىڭ دوكلاتىنى لايىھىلەپ چىققان ئىكەن، بۇ دوكلادتا ئۇنىڭ سىپىدىنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيىتىنىڭ ئاتالمىش "پاكىتلار يېتەرلىك" دەيدىغان تەپسىلاتىنى تەييارلاشقا قاتناشقان. بۇ ئۇيدۇرما دوكلاد بۇرجىنىسكىنىڭ "بىر مەخپىي سىيونىزمچى" ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرسىتىدىكەن. شۇنىڭدەك بۇ تەشكىلات ئۇنىڭ ئابروينى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكىدەك شەخسىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگەللىگەن.

مەركەز بۇ غەلىتە ھۆججەتنى ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە غەيرەت قىلىدۇ. 1978-يىلى 20-ئاۋغۇست كۈنى بۇ دوكلاد ئىچىدىكى مەزمۇنلار كىشىنى شۈنچە جەلىپ قىلارلىق سۇيىقەست نەزەرىيىسى بىلەن تولغان بۇ ھۆججەت، دېرىزىسى يېرىم ئۇچۇق ماشىنىدىن بىر نەپەر ئامېرىكا دېپلوماتىنى شەرقى ئېرۇسالىم كوچىسىدا تۇرغان كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بىر ئېھتىمالدا، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ قارىشىچە بۇ ھۆججەت چوقۇم بەزى نېرۋىسى بۇزۇلغان سۇيىقەست نەزىرىيىچىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيتتى. شۇڭا ئا ئىدارىسى بۇ ھۆججەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە، بۇرجىنىسكىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا تەھدىت بولىشى مۇمكىن ئىدى. مىسىر ۋە ئىسرائىل قول قويغان "شېۋى لاگېرى كېلىشىمى" نىڭ ئالدى كەينىدىكى خەۋەر دوكلادىدىن قارىغاندا، ۋانس كارتېر دېپلوماتىك سىياسىتى جەھەتتە ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان، ئا ئىدارىسى مانا بۇنى بۇرجىنىسكىنى كارتېردىن يىراقلاشتۇرغان ئىسپات دەپ قارىغان. 1978-يىلى نويابىردا ئا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ل ف سۇسكوف ئەپچىللىك بىلەن ئاندروپوۋقا "مولىن"ھەرىكىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە تاماملىغانلىقىنى دوكلاد

قىلىدۇ. ئەمما ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا "مولۇن" ھەرىكىتىنىڭ مۆلچەرى ئېنىق ئۆزگۈرۈش ياسايدۇ. ئەمما بۇ ھەرىكەت بۇ ئارخىپتا تىلغا ئېلىنمىغان. ھەتتا 1979-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىدا [385] كارتېر ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت سىياستى بارغانسىرى قاتتىقلىشىپ كەتكەن.

سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە ياكى، ھېچ بىر ئامېرىكىلىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىسى پىرىدېنت رىگاننىڭ تۇنجى قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىدىكىدەك سوۋېتنىڭ چوڭ تېررورلۇقى بىلەن ئۇنىڭ ۋەھشىلىكىگە يېرگىنمىگەن. رىگانغا قارىتىلغان ئاكتىپ تەدبىر 1976-يىلى باشلانغان. يەنى ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پىرىزدىنت نامزات كۆرسىتىلمەي تۇرغىنىدا، شۇ قېتىمقى سايلامدا، مەركەز شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، رىگاننىڭ سوۋېتكە قارشى ھېسسىياتى ئەينى ۋاقتىدىكى ۋەزىپىدە تۇرىۋاتقان پرىزدېنتچىلاردىن فورت ۋە ئۇنىڭ رىقابەتچىسى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ جىمى كارتېرنىڭكىدەك ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئوبىكتىۋ جېكسۇن بىلەن بۇرجىنىسكىگە ئوخشاش ئا ئىدارىسىدىكىلەر بۇيرۇق بويىچە رىگاننىڭ پايدىلىق بولمىغان ماتېرىياللىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلايدۇ. مەركەز بىر قاتار ھەركەتلەر بىلەن "رىگاننىڭ سالامەتلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇ ھاراقكەش دادىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان" لىقى ھەقىدىكى دوكلادىنى تەكشۈرەيدۇ. رىگان كېيىن ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى روۋدېستۋا بايرىمى ھەققىدە توختالغىنىدا مۇنداق دەيدۇ:"رىگان ھەر ۋاقىت بىر تۈرلۈك خەتەر ئىچىدە قالغان. بالىلىق دەۋرىدىكى بۇ ئازاپلىق ئەسلىملىرى ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاكتىپ تەدبىرلەرنىڭ مەنبەسى ئەمەس ئىدى. رىگاننىڭ جاھىللىق بىلەن سوغۇق ئۇرۇش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرىدىغان كىشى بولغىنىدىن باشقا، ئا ئىدارىسىنىڭ قارىشىچە "رىگاننىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ نىسبەتەن يېتەرسىز بولۇشىدىن باشقا تېخىمۇ ۋەيران قىلىشچانلىق پاكىتىدىن باشقا بىرنېمە تېپىلمىدى، ئەمما ئۇ يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن دانىيە، فرانسىيە ۋە ھىندىستاندا رىگان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەققىدىكى پاسكىنا مۆلۈكلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىنىشىدىن باشقا
ئۇلار يەنە بۇ ئەللەردە مال بۆلۈش-ۋېلىشتا قولغا كەلتۈرگەن تۇپراقلار
ئامېرىكىدىكىلەرنىڭكىدىن كۆپ مۇنبەت ئىدى، ئەمما ئۇلار ك گ ب نىڭ
ئاكتىپ تەدبىرلىرىنىڭ رىگاننىڭ 1976-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا
پىرىزدېنت كۆرسىتىلىشىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە
ئېنىق مەلۇمات يوق.

1980-يىلى مەركەز 4 يىل ئاۋالقىدەك ئۇنداق ئامېرىكا پىرىزدېنتىنى
سايلاش نەتىجىسىگە تەسىر قىلىشتەك ئۇنداق قىزغىن ئەمەس ئىدى.
بۇرجىنىسكىنىڭ سوۋېت سىياسىتىگە تەسىرىنى كۆرسەتكىنىدەك كارتېر
ھۆكۈمىتى ۋە ئۇزۇندىن بېرى دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قاراپ كەلگەن
سوۋېت بىلەن رىگان ئوتتۇرسىدىكىنى موسكۋامۇ بىرسىنى قانداق
تاللىشىنى بىلەلمەيدۇ. دولىلىدىن مۇنداق دەپ يازىدۇ. "بىر تەرەپتىن
كارتېردىن زېرىكىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن رىگاندىنمۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ.
سوۋېت ئىتتىپاقى كۈزىتىپ بېقىش ئېپادىسىنى قوللىنىدۇ." رىگان
سايلانغاندىن كېيىن، موسكۋا تېزلا ئۆزىنىڭ كۈزىتىپ بېقىش يولىنى
توختاتقانلىقىدىن پۇشماندا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئامېرىكا يېڭى
ھۆكۈممىتى ئامېرىكا سىياسىتىدىكى " ئەڭ مۇتەئەسسىپ، ئەڭ بەك
شوۋېنىزىمغا يۈزلىنىپ ئۇرۇشقاق كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان
بولىدۇ. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ۋېتنامدا دۇچ كەلگەن مەغلوبىيىتىدىن كېيىن
دۇنيادىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ.
بۈگۈنكى كۈندە دولىلىدىنىنىڭ ئۈمىدسىز بولىشاتقىنى كرېملىل 386
سارىيى رىگان سىياسىتىنى بەكلا ئاشقىن چۈشۈنىۋېلىشىدىن قاتتىق
ئەنسىرەيتتى، بولۇپمۇ 1983-يىلى رىگاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يادرو
ھۇجۇم قىلماقچىلىقىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى، ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق
ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى ستانسلاۋ ئاندرىيوۋىچ ئاندرىسوۋ،
دولىلىدىن سوۋېتنىڭ ك گ ب ۋە باش ئىستىخبارات ئورگىنىغا چۈشەرگەن
زور كۆلەملىك "رۇيئەن" ھەرىكىتى بۇيرۇقىنى چۈشىنەتتى. سوۋېت
جاسۇسلىرىدىن ئامېرىكىنىڭ تۇيۇقسىز يادرو ھۇجۇم تەييارلىق ئەھۋالى
ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنى توپلاشنى تەلەپ قىلىدۇ."رۇيئەن"

ھەرىكىتى مەخپىيەتلىكى ئىنتايىن يوقۇرى بولغان بىر ھەرىكەت، سوۋېتنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىنىڭ كوپىنچىسى بۇنداق بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ.

بەلكىم مەركەز رىگان ھۆكۈمىتىنىڭ ئابرويىنى بۇزغۇنچىلىقىقا ئۇچرۇتۇشىنى ئالدىنى ۋەزىپە قىلغان، 1982-يىلى 12-ئاۋرىل كۈنى ئاندروپوۋ رەسمى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بارلىق چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىغا. ئۇلارنىڭ قايسى جەھەتتىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولىشىدىن قەتئى نەزەر، قايسى بۆلۈمگە قاراشلىق بولىشىدىن قەتئي نەزەر، ھەممەيلەن پائال تەدبىرگە قاتنىشىشى زۆرۈر دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ك گ ب رەئىسى بولغان 15 يىل بويىچە ئۇنىڭ چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە بۇيرۇقىدىن بىرى. شۇنداق قىلىپ، رىگان قايتىدىن سايلىنالمايدىغان بولۇپ، بۇ ئىش ئا ئىدارىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ، 1983-يىلى دېكابىردا، مەركەز سوۋېتنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق 3 ئىستىخبارات پونكىتىغا رىگاننىڭ 1984-يىلى نويابىردىكى چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولىشى ئۇچۇن ئاكتىپ ئىجرا قىلىنغان تەدبىر پىلانى ئىدى. ئۇلار بۇيرۇق بويىچە بارلىق ئىمكانىيەتلەر بويىچە پىرىزدېنت نامزاتلىرىنىڭ سايلام رىقابىتى گۇرۇھى ۋە ئىككى پارتىيە شىتاپلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش. ئامېرىكىدىن باشقا ئىستىخبارات پونكىتلىرىمۇ جاسۇس يوللاپ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتنىشىش ئېھتىماللىق ھەققىدىكى دوكلادلارنى يوللاشنى بۇيرۇيدۇ. مەركەز شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، ئىككى پارتىيە ھەر قانداق بىر نامزاتنى چوقۇم رىگاندىن بەكىرەك قارشى ئېلىنىدىغان قىلىشى كېرەك. ك گ ب نىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتلىرى بۇيرۇق بويىچە "رىگان دېمەك ئۇرۇش دېمەك" بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش بۇ 5 خىل ئاساسى تېما مۇنۇلاردىن ئىبارەت: رىگان ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك قىلماقتا، ئۇنىڭ ھەربى ھازىرلىقلارنى يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈشىگە چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزى مەسئۇل. رىگان دۇنيادىكى قاتتىق بېسىم يۈرگۈزىۋاتقان ھاكىمىيەتلەرنى قوللاپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى مىللى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرىۋاتىدۇ.

شۇنىڭدەك ئامېرىكا ن ئا ت ئو دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا جىددىي مۇناسىۋەتلەرگە شەخسەن مەسئۇل، ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسەتلەردە ئاكتىپ تەدبىر يۈرگۈزىدىغان "ئاساسلىق تېما" ئۆز ئىچىگە مۇنۇ مەزمۇنلارنى ئالىدۇ؛ رىگان ئازسانلىق مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ. رىگان ھۆكۈمىتى ئىچىدە چىرىكلىك بەك ئېغىر، رىگان ئامېرىكىنىڭ ھەربىي سانائەتنى كومبىناتىنى ئىنتايىن ئاشقىن بىر ھالغا كەلتۈردى.

1984-يىلى رىگان چوڭ سايلامدا بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىش خاھىشىنى كۆرسىتىپ غەلىبە قىلدى. بۇ ئۇنىڭ سوۋېت بىلەن ئامېرىكىدا يولغا قويغان ئاكتىپ تەدبىرىنىڭ [387] ئاكتىپ ئىجراچىسى بولغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى، بۇنىڭ چەكلىمىسى بەكلا يۇقىرى. ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەردە كىشىلەر رىگانغا بولغان ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى قوللاشنى ئىپادىلىمەكتە. (گەرچە بۇنداق ھېسسىياتلار بىر خىل بولمىسىمۇ). بۇمۇ رىگاننى بەكلا ھەيران قالدۇرماقتا: 80-يىللاردىكى ستۇدېنتلار بىلەن 10 يىل بۇرۇنقىلىرى مەن شتات باشلىقى بولغان ۋاقىتلاردىكى بىلەن ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. گەرچە ئا ئىدارىسى بۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ، ئەمما بىر ھۆرمەتلىنىشكە لايىق پىرېزىدېنتنى سۈيىدىغانلار ساناقلىقلا. ئەمما ك گ ب نىڭ رىگانغا قارىتا ھۇجۇملىرى ياۋروپادا، ۋە 3- دۇنيادا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك يەرگە ئېرىشتى. بۇ ئەللەردە، رىگاننىڭ ئامېرىكا تۇرمۇش ئادىتىگە بولغان خەلقچىلىقنى مەدھىيلىشى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مازاق قىلىپ كۈلىشىنى كەلتۈرمەكتە.

ئاساسلىق رىقابەتچىگە تەڭ كېلىشتىكى ئاكتىپ تەدبىرلەر باشقا ئەللەردە ھەر دائىم ئامېرىكىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك. ئا ئىدارىنىڭ ئەڭ ئۈگۈشلۈق تاكتىكىسى 3-دۇنيا ئەللىرى رەھبەرلىرى مەخپىي رەۋىشتە سوۋېتتە ياسىغان ھۆججەتنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى ئىستىخبارات بىلەن ئامېرىكىنىڭ باشقا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئۇلار ئۈستىدە قانات يايدۇرۇلغان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. كۆپ قىسىم ھۆججەتلەر ھەرگىز ئاشكارلانمايدىغان بولغاچقا، ئامېرىكا ھەر دائىم بۇ ھۆججەتلەرنىڭ راست يالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ بولالمايدۇ. مىتروخىن خاتىرلەپ چىققان ئارخىپلىرىنىڭ

تەمىنلىگەن تىپىك بىر مىسالدا، بۇنىڭ ئا ئىدارىسى 1975-يىلى گىۋىنىيە جۇمھۇرىيىتىدە ئىجرا قىلغان "كولبىت" ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەرىكەت 3 پارچە بىروشۇر بويىچە سەيگۇنغا ھۇجۇم قىلىدۇ. پىرىزدېنت تور رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەت فىرانسۇزچە بىروشۇرنى ئاساس قىلىپ، بۇ 3 بىروشۇرنى ق ب ئا نىڭ گېۋىنىيە پايتەختى پكوناكىلىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىدا تۈزۈلگەن، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئا ئىدارىسى موسكۋادا ياسىغان، بۇ ئۇيدۇرۇلغان ھۆججەتنىڭ تەسىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، 1975-يىلى 16-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىۋىنىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىدىن گىۋىنىيە بىخەتەرلىك مىنىستىرى مۇسا دىياجىغا تېلگرامما يوللاپ، ئۇنىڭغا موسكۋا بىر ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىلگەنلىكىنى پىرىزدېنت تورغا ئىنتايىن مۇھىم بىر مۇتلەق مەخپىي ئىستىخبارات ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئاخشىمى سائەت 9 دا، دىيارجىت باش ئەلچىنىڭ ۋە ئو ئا شېلىسكوۋ (چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى ك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ئارقىلىق پرزدېنت تورغا بېرىلىدۇ، بىرىنچى پارچە ھۆججەتنىڭ باشلىنىشى گىۋىنىيە يوقۇرى ئىشسىزلىقىغا زەربە بېرىدۇ. ك گ ب نىڭ ئالاقىدار "كوربىت" ھەركىتىنىڭ ئارخىپىدا خاتىرلىنىشىچە، ئىشسىزلىق مەسىلىسىگە چېتىشلىق مەزمونلاردىن قارىغاندا، پرىزدېنت تور بۇرۇلۇپ دىياجىتقا قارايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىروشۇرنى پولاڭشىتىپ تۇرۇپ غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: "چىرىك كاپىتالىزمچى ئۇنسۇر!" [388] ئاندىن شېلىسكوۋ ئۇنىڭغا ئاتالمىش س ئې ئا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ تۈزگەن تور ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ ھەر تۈرلۈك گۋىنىيە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئىگەللىگەن ئىستىخبارات پىلانلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ پىلانلارنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىشى ئۈچۈن شېلىسكوۋ پىلان ئىچىگە ھەر تۈردىكى ئىنتايىن ئېنىق گىۋىنىيە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئىگەللىگەن ئىستىخبارات مەزمۇنلىرىنىمۇ قوشۇپ دەيدۇ. بۇ چاغدا "جىددىلەشكەن" پرىزدېنت تور ئۈستەلگە تىرىنىپ تۇرۇپ ئېلان قىلىدۇ: "بىز سىلەرگە كۆرسىتىدىغان ئامېرىكا جاسۇسلىرىنىڭ ئىجرا قىلماقچى بولغان قەتئىي تەدبىرىنى ئېيتىپ

www.uyghurkitap.com

بىرەي. ئۇلار 24 سائەت ـ بىر سوتكا ئىچىدە چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ!" سەل تىنجىغاندىن كېيىن پرېزدېنت تورشىپلىسكوۋ تەمىنلىگەن ئىستىخبارات دوكلادىدا بەزى مەزمۇنلارنىڭ گىۋننىيە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئىگەللەپ بولغان مەزمۇنلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. بۇلار دەل ئا ئىدارىسىنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى ئىدى.

سەيگۇ تور ك گ ب تەمىنلىگەن يالغان ئىستىخباراتلارغا مىڭ شۈكۈر قىلىدۇ: "سوۋېتلىك يولداشلارنىڭ بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەخمەت، ئەمما بۇ يەر چىلى ئەمەس، بىز ئۆلارنىڭكىدەك ئىشىنى (پىرىزدېنتنى ئاغدۇرىۋېتىدىغان) قايتا يۈز بېرىشىگە قەتئى يول قويمايمىز [389] " ئۇ شىپلىسكوۋدىن سۈرۈشتە قىلىدۇ بۇ ئاتالمىش "ئامېرىكىدىن كەلگەن مۇھىم ھەمدە ئىشەنچىلىك مەنبە" نىڭ س ئى ئا جاسۇسلىرىنىڭ مۇتلەق مەخپى ئىستىخباراتلىرىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى سورايدۇ. شىپلىسكوۋ ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنى سىز بەلگىلەيسىز." شۇنىڭدەك ئۇ يەنە جاھانگىرلارنىڭ گىۋننىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە دائىر تەھدىت قىلغان ئىستىخباراتلىرىنى داۋاملىق تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلدۇ.

زىيانلىق ئۇيدۇرۇلغان ئامېرىكا ھۆججىتى بىلەن ياساپ چىقىلغان س ئى ئا جاسۇسلىرىنىڭ بۇنىڭدەك قىلمىشى تا گورباچېۋ دەۋرىگىچە داۋام قىلىدۇ. سەيگۇ تور ۋە دۇنيادىكى ئاسان ئالدىنىدىغان سىياسى داھىلارغا "باردەك قىلىپ تۈزەلگەن بۇنداق ئۇيدۇرۇلغان نەرسىلەر" دىن باشقا، ك گ ب يەنە يالغاندىن ئۇيدۇرۇلغان ماتېرىياللار بىلەن تەشۋىقات ھۇجۇمى قانات يايدۇرىدۇ. بۇلاردىن 1987 ـيىلى ك گ ب يەنە بىر پارچە س ئى ئا باشلىقى ۋىلىيىم كېيسى يازغان قىلىپ كۆرسىتىلگەن ھىندىستان مىنىستىررى راجىپ گەندىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلىغان خەتنى ئۇيدۇرۇپ چىقارغان. 1988 ـيىلى، ك گ ب يەنە جەنۇبى ئافرىقا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى "پىك" بودالەي يازغان بىر پارچە جەنۇبى ئافرىقا بىلەن ئامېرىكىنىڭ زىيانلىق (قەتئىي مەۋجۇت بولمىغان) ئامرىكا بىلەن كېلىشىم تۈزگەن مەخپى شەرتنامە خېتىنىمۇ ئۇيدۇرۇپ چىقارغان.

گورباچېۋ دەۋرىدىمۇ، ئا ئىدارە ئاشكارە تەشۋىق قىلغان مەخپى

ھەربىرىنىڭ بىرسى، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش بولۇپ، ئەڭ زور ئۈنۈملۈك ئېرىشكەن ئامېرىكىغا قارشى ئاكتىپ تەدبىرلەردىن بىرسى، ياكى يالغاندىن ئۈيدۈرۈلغان ئەيدىز ۋىرۇسىنى مارىيانا شىتاتىنىڭ دىتروئىت شەھىرىدىكى ئامېرىكا بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى "ياساپ چىققان" دېگەن[390] بۇ ھېكايىمۇ، بىر نەپەر رۇسىيىدە تۇغۇلغان شەرقى گېرمانىيىلىك بىئولوگ پروفېسسور ياكۇپ شىگېر ئىسىملىك بىرسى، "ۋاستىلىق پاكىتلار " بىلەن (كېيىن بۇلارنىڭ قىلچە ئاساسى بولمىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ)، ئەيدىز كېسەللى ۋىروسى ئەسلىدە دىتروئىت شەھىرىدە ۋ ئى س ن ئا ۋە خ ت ل ۋ-ئى دېگەندەك تەبىئىي ۋىروسىنى سۈنئىي قوشۇپ ئۈيدۈرغان ئىكەن (جانلىقنى سېنتىز قىلىش مۇمكىنمۇ؟ - ئا بوران تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى) ئۇ بىر قاتار يالغان ياۋداق ئىلمى ئاتالغۇلاردىن پايدىلىنىپ بۇ يالغانچىلىقنى بىر ئاڭلىماققا ئاجايىپ ئىشەنچىلىكتەك ھالغا كەلتۈرگەن. ئۇنى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە كەڭ تارقىتىپ، ھەتتا غەرپتىكى بەزى مەتبۇئاتلارنىمۇ ئالدىۋەتكەن. 1986-يىلى ئۆكتەبىردە، كلاسسىك رەڭلىك ئەنگىلىيەدە چىقىدىغان "يەكشەنبىلىك تېز گېزىت" بۇ خەۋەرنى ئەڭ ئۈستىدە ئېلان قىلغان. پەقەت 1987-يىلىنىڭ ئالدىنقى 6 ئاي ئىچىدە 40نەچچە ئۈچۈنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا بۇ خەۋەر بېرىلگەن.

ئەمما ك گ ب دەل شۇنداق كۆرەڭلەپ يۈرگەن پەيتلەردە، غەرپتىن كەلگەن نارازىلىقلار ۋە سوۋېتنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى "يېڭى تەپەككۇر" بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەيدىز ۋىروسى يالغانچىلىقى ئېچىپ تاشلاندى. 1987-يىلى گورباچېيېۋ موسكۋادا چاقىرىلغان بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، مەردانىلىق بىلەن شۇنداق ئېلان قىلىدۇ: "بىز ئەندى ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمىز، پەقەتلا راس گەپ قىلىمىز". ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ ئەيدىز ۋىروسى ھەققىدىكى يالغىنى ئۈستىدە بىلدۈرگەن نارازىلىق خەلقارالىق ئىلىم دۇنياسىنىڭ بۇ ھەقتىكى رەددىيەسىگە، كىرىمىل سارىيى تۇنجى قېتىم ئوڭۇشلۇق ئاكتىپ تەدبىرنى ئاقلىماق، ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، 1987-يىلى ئاۋغۇستتا ئامېرىكىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى، ئۇختۇرۇشنى

تاپشۇرۇپ ئالغىنىدىن كېيىن، ئەيدىس كېسىلى ۋىرۇسى ھەققىدىكى خەۋەر سوۋېت تەرىپىدىن رەسمىي رەت قىلىنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلىرى، ئۇنىڭ خەۋىرىدىن ھاڭ تاڭ بولۇپ قالدۇ.

ئەمما شۇنىدىن كېيىن ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى تېز ئارىدا خۇددى بۇ يالغانچىلىقىقا ئوخشاش پەسكەش ئامېرىكىغا قارشى ئاكتىپ تەدبىر يۈرگۈزىدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى يەنە غەرپ مەتبۇئاتلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، بۇنىڭدەك يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈش تەشۋىقاتلىرىدا، "بۇۋاقلارنىڭ ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش "ھەققىدىكى خەۋەرلەر ھەقىقەتەنمۇ مۇۋەپپاقىيەتلىك بولىدۇ. ئۇلار ئامېرىكا بايۋەتچىلىرى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىلىرىدىن بالا ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ بۇۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنىغا ئانچە كۆپ كىشى قېتىلمايدۇ. 1988-يىلى سىنتەبىردە، ياۋروپا دىكى بىر قېتىملىق يىغىنغىمۇ بەك كۆپ كىشى قاتناشمايدۇ. قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىپ قارارلاشتۇرۇشتىمۇ فرانسىيە كومپارتىيىسى كىشىلىرى (پارولاسى مەنپۇ) ئوتتۇرغا قويغان "بۇۋاقلار ئەزالىرىنى كۆچۈرۈپ ئۆلاشقا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ.

سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىمۇ 1988-يىلى سىنتەبىردە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىغىمۇ بەك كۆپ كىشى قاتناشمايدۇ. قول كۆتۈرۈپ ئەيپلەشتىمۇ ئەتكەسچىلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇشتىمۇ بەك قىزغىن بولۇپ كەتمەيدۇ.

سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدىمۇ 1988-يىلىدىن باشلاپ ك گ ب رەئىسلىكىگە ئاتانغان كلىيۇچكوۋ بىلەن ئۇنىڭ ئىز باسارى بولغان چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شىبارشىن "ئاكتىپ تەدبىر" گە يەنىلا قىزىقىدۇ. شىبارشىن 1977-يىلى ھىندىستان ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگىنىدە [390] داۋرىكى بەك قاتتىق چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ قىسمەنلىكتىكى سەۋبى ئۇنىڭ مۇۋەپەقىيەتلىك تۇردە بىر قاتار ئاكتىپ تەدبىرلەرنى ئەمەلگەئاشۇرغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭ ھەر دائىم ئەسلەيدىغىنى "ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش، ئۆتكەنكى يالغان ئىستىخباراتلارنى ئەسلەش، ئۇيدۇرما ھۆججەتلەرنىڭ قانداق قىلىپ ئاخبارات ساھاسىدىكىلەرنىڭ گۇلدۇرمامىسىنى پەيدا قىلىۋېتىشىنى

ئەسلەش."

ئەمما ك گ ب نىڭ بارلىق خادىملىرى خۇددى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاش پائال تەدبىرلەرگە قىزغىن مۇئامىلىدە بولىدۇ. 1990-يىلى سىنتەبىردە، كلۇتچكوۋ نەپرەتلەنگەن هالدا مۇنداق دەيدۇ، موسكۋا بىلەن چەتئەلدىكى بىر قىسىم ئەللەردىكى ئىستىخبارات ئىدارىلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدارلار " تەسىر پەيدا قىلىش ھەرىكەتلەرنىڭ مۇھىم خاراكتېرىنى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ رولىنى بەكلا تۆۋەن مۆلچەرلىشىدۇ." ئۇ بىر رەسمىي ك گ ب بۇيرۇقى ئىمزالاپ تارقىتىپ، چەتئەلدىكى ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئىستىخبارات جەھەتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى توختىماي يوقۇرى كۆتۈرۈشنى تەكىتلەپ تەلەپ قىلىدۇ.

*ئەمىلىيەتتە بولسا، سىياسىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئويلىنىشى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىنىڭ ۋە جەمىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئومۇمەن ك گ ب نىڭ چەتئەلدىكى ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئاكتىپ تەدبىر ئىجرا قىلىنىشىدا تېخىمۇ جانلىق بولىشىنى، ئىجاتچانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاندىلا چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىكى ھەرىكىتىنى كۈچەيتىشنى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشقا بولىدۇ... ئاكتىپ تەدبىرنى ك گ ب نىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورگانلىرىدىن بىرى قىلىشقا بولىدۇ.*

چەتئەلدىكى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەكتەپلىرى (ئاندروپوپ ئىنىستىتۇتى) بۇيرۇق بويىچە يېڭىدىن ئاكتىپ تەدبىر مۇتەخەسسىسلەر سىنىپى ئېچىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئاكتىپ تەدبىر ئەڭ مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى. يەنى قورقۇتۇش چارىسى ئارقىلىق غەرپ ئەللىرىنى بولۇپمۇ ئامېرىكىنى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى قىرغاقلاردىكى سوۋېتنىڭ ھەرقايسى ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىسى ۋە سوۋېتنىڭ قالغان رايونلىرىدىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوللىيالمايدىغان قىلىۋېتىش":

*مۇھىم بولغىنى غەرپ ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرىنى سىياسىي ساھەلەرنى ۋە تەسىرى كۈچلۈك كۆچمەن ئىتتىپاقلىرى، ھەرقانداق بىر*

www.uyghurkitap.com

*تەۋەككۇلچىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاش، بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى، شۇنىڭدەك مۆلچەرلىگۈسىز ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان ھەرىكەتلەر.*[391]

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللار ئوتتۇرلىرىدا، چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات ئىدارىلىرىنىڭ قانات يايدۇرغان ئاكتىپ تەدبىرلىرىدىكى، بىزنىڭ يەنە كۆزلىگەن ك گ ب قالدۇقلىرى دەۋرىدىكى ئىزلارنى كۆزىتەلەيمىز. 1994-يىلى غەرپتە نەشىر قىلىنغان لىكىن ئەسلىملىرى "كرىمىل سارىيىنىڭ بىر بۆلۈكىدا" دېگەن كىتاپنىڭ ئاخىرقى قوشمچىسىدا ك گ ب مەخپى ئارخىپلىرىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ئىككى پارچە سوۋېت رەھبەرلىرى ھەققىدىكى ھۆججەت، ئۇنىڭدا بىر پارچىسى كېنېدى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك. يىلىچىنىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلغان بۇ ھۆججەت بىر ئېھتىمالدا چەتئەل ئىستىخباراتى ئىدارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (ئەينى ۋاقىتدىكى باشلىق فۇگىنى پولىماكوۋ). بۇ ھۆججەت ئا ئىدارىسى ئۇ بىر يۇرۇش نەزەرىيە، "بىر ئۇچۇم مىليونىر خىنت باشچىلىقىدا تېكساس بۇ قېتىمقى سۇيىقەست ھەركىتى داۋراڭلىرىغا بەكلا چوڭ تەشۋىقات مالىيە ۋە سانائەت تىرىستلىرى" ئوسۋاردنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەست پىلانىغا تالىلىۋالغان.

كېنىدىگە قارىتا تېررورلۇق ھەرىكىتى يۈرگۈزۈشكە ئەڭ ئۇيغۇن كىشى قىلىپ تاللىۋالغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئارقا كۆرنىشى سوۋېتنى ئەيپلەيدىغان بارلىق گۇناھلار، كۇبا بىلەن ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى سۇيىقەست ھەرىكىتى داۋرىڭغا چوڭ تەشۋىقات ھەرىكىتىنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەمما .... رۇبى بىلەن كېنىدىگە سۇيىقەست قىلغان ھەقىقى پىلانلىغۇچى ئوسۋاردىنىڭ نىرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقىدەك بۇ ئەھۋالنى ھېچكىم ئويلىمىدى. رۇبى ماراتون مۇساپىقىسى شەكلىدىكى سوراقتا ئوسۋارت بارلىق پاكىتلارنى ئېتىراپ قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ دەرھال ئۇنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىدۇ.

سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە سۇيىقەست نەزىرىيىسىنى كەشىپ قىلغان ھادىسىدە بىرمۇ ئىش پىرىزدىنت جون كېنىدى سۇيىقەست قىلىنغاندىكى سۇيىقەست نەزىرىيىسىدەك ئۇنچىۋالا ئۇزۇنغا سوزۇلغا

تەسىر كۆچ پەيدا قىلىنۋەتكەن ئەمەس.[392]

# ئون بەشىنچى باپ
# «پراگا باھارى»نى باستۇرۇش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ك گ ب ۋە ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى سوۋېت ئىتتىپاقى گۇروھىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ئىنتايى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. بارلىق شەرقى ياۋروپادىكى كومپارتىيە تېزگىنلەپ تۇرغان بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى ك گ ب نىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە قۇرۇلغان. شۇنىڭدەك يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئالبانىيىدىن باشقا قالغان شەرقى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك سوۋېت ئىتتىپاقى "مەسلىھەتچى" لىرىنىڭ نازارىتى ۋە كۈزىتىشى ئارقىلىق ھەر قايسى ئەللەردىكى نامدا "خەلق دېموكراتىك تۈزۈم" لەر بۇ ھالەتكە ئۆتكەن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى شەرقى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سىياسى تەرەققىياتىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بىرلا خىل ئاساسلىق ئەندىزە بويىچە قۇرۇلغان. گېرمانىيە ئارمىيىسى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەللەر دەرھال بىرلەشمە ھۆكۈمەتلەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. گەرچە كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس بولغان مىنىستىرلەر خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغاندەك قىلسىمۇ، كومپارتىيە يېڭىدىن قۇرۇلغان بىخەتەرلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ باشقا مۇھىم قىسمىنى ئىگەللىۋالىدۇ. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ئايدىن تارتىپ 3 يىلغىچە بولغان ھەر خىل ۋاقىتلاردا، بۇ ھۆكۈمەتلەر كومپارتىيە تېزگىنىدىكى يالغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىلەشتۈرۈۋېتىلدى. بۇنداق بىرلەشمە ھۆكۈمەتلەر موسكۋانىڭ، تالىن قېلىپىدىكى بىر پارتىيىلىك ھۆكۈمەت دۆلىتى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

ئىزچىل تۈردە موسكۋادا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن گېرمانىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ۋارت بۇلىشتىن ئاۋال 1945-يىلى 30-ئافرىل كۈنى بېرلىنغا قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە ئۇرۇغ تۇققانلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: "چوقۇم دېموكراتىك قىياپەتتىكى ئەمما ئۇ چوقۇم

ھەممىنى بىزنىڭ تېزگىنلىشىمىز ئاستىدا بولغان بولىشى كېرەك. چۈنكى شەرقى گېرمانىيە كۆرۈنۈشتە چوقۇم دېموكراتىك بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولىشى كېرەك شۇڭا چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاشكارە تۈردە كۆرۈنمەيدىغان زوراۋانلىق كوممۇنىست بولمىغان پارتىيە تەرەپلەرنىڭ ئىگەللەپ تۇرغان ھوقۇقنى تارىپ ئېلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بىخەتەرلىك ئورگانلىرى قول[393] لانغان ۋېنگىرىيە نامىدا دېيىشىۋالغان "ئۇ چۈچىگىدەك ئىشنى ئۇزارتىش ھۈنىرىدىن پايدىلىنىپ" (يەنى بىر قاتلامنۇ بىر قاتلامدىن رەقىبلەر كۈچلىرىنى تازىلىۋېتىشىمىز لازىم.) باشلامچىلىق بىلەن تېررورلۇققا باشچىلىق قىلىپ ئەڭ ئاخىرى ئاشكارە بىلىنگەن بارلىق ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرنى تازىلاپ بولۇپ، كومپارتىيە بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ تېزگىنى ئاستىدا سايلام قىلىپ، يالغانچىلىق بىلەن بارلىق كۆپ سانلىقلاردىن ئۈستۈن كېلىدىغان بىر پارتىيە دىكتاتورلۇقى ئاستىدا چوڭ دېموكراتىيەنى قانۇنلاشتۇرىۋېلىشىمىز كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقى گۇروھلىرى شەكىللىنىشىنىڭ دەسلىۋىدە، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان بىخەتەرلىك ئورگىنىنى قاتتىق كونترول قىلىدۇ. شەرقى ياۋروپا ئەللىرىدىكى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى كومپارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئىتتونى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى ۋە يەھۇدى ئىرىلىشىچىلىرىنى (كوپىنچىسى ئۇيدۇرۇپ چىقىرىلغان)، تازىلىۋېتىش ئۈچۈن، بىر سەھنە سىياسى زىيانكەشلىك ئويۇنىنى ھەمدە ئاشكارە سوت ئويۇنىنى ئويناپ چىقىش، بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى موسكۋا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ رېژىسورلۇق قىلىشى كېرەك. ۋېنگىرىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى راسلوۋ لايىك ئەسلى مەۋجۇت بولمىغان تېتوچىلىق سۇيىقەستىنى 1949-يىلى ئويناپ چىقىپ ئۆلتۈرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ نامىدا شېرىكىنىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا قارىتا سوتلاش جەريانىدا، "رۇسسىيىلىكلەر ۋېنگىرىيە بىخەتەرلىك ئورگىنىدىكى تەشۋىقاتچىغا مۇنداق دەيدۇ: ۋېنگىرىيە ئەمەلدارىنىڭ تەلەتىدە قۇللارچە باش ئىگىشنى ئىپادىلەيدىغان ھېجىيىش پەيدا بولغان ئىدى." ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى (دۆلەتلىك بىخەتەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىنىستىرى) ئەمەلدارىغا ھەتتا قىلچە قىزىقى يوق بەكلا سەۋىيىسىز چاخچاق قىلغان بولسىمۇ، ۋېنگىرىيە ئەمەلدارى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭدىن رازى بولغان قىياپەتتە ئۇنى سىلاپ ماختايدىغان ئاۋازدا قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ. "

ستالىن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، سوۋېت گۇرۇھىدىكى ك گ ب خالىمايدىغان ئىستىخبارات ئەمەلدارى بەربىر گۇمانلىق زىيالى بولۇپ قالىۋەرەتتى. 1953-يىلى دىن1957يىلىغىچە دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ بىخەتەرلىك مىنىستىرى بولغان ئېرنىست ۋېرۋىبو ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ جاسۇسى، بۇرۇن مەخسۇس دېڭىزدا بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمما موسكۋادىن ئىختىيارى ھالدا بۇيرۇق بېرەلەيدىغان ك گ ب ئۇنى غەرپىي گېرمانىيىدىكى پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ قىلغانلىرى تەدرىجى ھالدا ئورۋىبونىڭ يىرگىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ. ك گ ب مۇ ئۇنىڭ ئايالىغا ئىشەنمەيدۇ. گېرمانىيە كومپارتىيىسى پارتىيە ئەزاسى كلارانى ئىتقا ئوخشاش ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان يولداشلىرىغا ئوخشاش ستالىنىڭ چوڭ تېررورلۇق دەۋرىگە ئوخشاش ئۇمۇ ئۇنى مەجبۇرى تۈرمىگە سولىتىۋېتىدۇ. شەرقى گېرمانىيىدە ك گ ب ئاپئاشكارە ھالدا ئۇنى ۋە قىزىنى (ئورۋىبىنىڭ بېقىۋالغان قىزى) كۆزىتىدۇ. 1956يىلى ئورۋىبىنىڭ ۋەزىپىسى يالاقچىلىق قىلىدىغان سوۋېتكە يېقىن ئۇنسۇر ئېلىك مىركىس بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. كېيىن قامىۋېتىلىدۇ. موسكۋانىڭ پەيلىشى بىلەن بۇ ئادەم دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرىدىكى ئورنىدا بىر ئولتۇرۇغىنىچە تا 1989-يىلىغىچە مىدىرىماي ئولتۇرۇپ، دۇنيادا ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا باشلىق ۋەزىپىسىدە ئولتۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر ئەمەلدار بولۇپ قالىدۇ.[394]

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 3 قېتىم (1956يىلى ۋېنگىرىيىدە، 1968-يىلى چېخىسلوۋاكىيىدە، 1979-يىلى ئافغانىستاندا) گەپ ئاڭلىمايدىغان كومپارتىيە دۆلىتىدە سوۋېتنىڭ ئەنئەنىۋى ھۆكمرانلىقى ھەركىتىگە يىتەكلىنىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇ يەردە ك گ ب بەكلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. 1956-يىلى ئۆكتەبىردە، "ۋېنگىرىيە ئىسيانى" غا ئەگىشىپ، ئەركىن

سايلام ۋە سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ كەڭ كۆلەملىك نامايىش باشلانغىنىدا، ك گ ب رەئىسى گېنېرال ئىۋان ئالېكساندروۋىچ شېرىپ بۇداپېشتقا ئۇچۇپ بېرىپ، ك گ ب نىڭ ھەرىكىتىگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىخەتەرلىك ۋە ساقچى مىنىستىرلار يىغىنىدا، نامايىشچى ئاممىغا ئوق چىقىرىشنى خالىمىغان ئەھۋاللارغا قاتتىق نارازىلىق قىلىپ قاتتىق تەنقىتلەيدۇ: "فاشىست ۋە جاھانگىر ئۇنسۇرلار ئۇلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىسمىنى بۇدا پېست كوچىلىرىغا تىزىۋېتىدۇ. سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردىكى ئارمىيە ئىچىدە يەنە قورال ئىشلىتىشتىنباش تارتىدىغان كىشىلەر بار ئىكەن!" ئۇزۇن ئۆتمەي ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ تەرىپىنى ئالغان بۇدا پېست ساقچى باشلىقى ساندور كاپوچى، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغان بىر قىياپەتتە مۇنداق دەيدۇ:

*ئېنىقكى، موسكۋادىن كەلگەن مەسلىھەتچى يولداشلار تېخىچە ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى ۋە ئادەملىرىنى چۈشەنمەيدىكەن. شۇڭا بىز ئۇلارغا ئۇختۇرۇپ چۈشەندۇرۇپ قويىشىمىز كېرەك، نامايىشنى تەشكىللىگەنلەر ھېچقاچان فاشىستلار ئەمەس، ياكى بولمىسا، باشقا قانداقتۇر جاھانگىر ئۇنسۇرلارمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتلەردىن كەلگەن ستۇدېنتلار، ئىشچىلارنىڭ، دېھقانلارنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ زىيالىلىرى ئارىسىدىكى گۈزەل غۇنچا گۈللەر، بىزنىڭ ئۆز ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن تىرىشقان ياش زىيالىلار...*

25 يىلدىن كېيىن، كاپوچى يەنىلا قىزغىنلىق بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى شېرىفۇنىڭ ئۆلۈكىنىڭكىدەك كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا ئالايغىنىچە سەت ئالىيىپ تىكىلىپ قارىغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. كاپوچ غەرب دۇنياسىغا قېچىپ بېرىۋېلىشتىن سەل ئاۋال، شېرىپ ئۇنىڭغا "مەن سېنى بۇداپېشتتىكى ئاڭ ئىگىز دەرەخقە ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن!" دەيدۇ. 1956-يىلى 3-نويابىر كۈنى كېچىدە، دۆلەت مۇداپىيىسىنىڭ مىنىستىرى پار ماۋلىتار يىتەكلەپ ماڭغان ۋېنگرىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى توكاردىكى سوۋېت ھەربىلەر گازارمىسى قوماندانلىقىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ يەردە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرقى تەپسىلاتلىرىنى مۇزكىرە قىلىشىمىز دەيدۇ. يېرىم كېچىدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تەبرىكلىشىپ رۇمكا سوقۇشتۇرۇۋاتقىنىدا، سېرىپ ماۋزۇر تاپانچىسىنى كۆتەرگىنىچە ھەيۋە قىلىپ كىرىپ كېلىدۇ. تاپانچىسىنى شىلتىغىنىچە بىر ئەترەت ك گ ب ئوفىتسېرلىرىنى باشلاپ بېسىپ كىرىپ، ماۋلىتار بىلەن باشقا سەبداشلىرىنى قولغا ئالىدۇ. ئاندىن كېيىن نەچچە سائەت داۋام قىلغان قەبىھ ئويۇن كۆرسىتىلىدۇ.[395] ئادەتتىكىچە ئۆلۈم جازاسىدىن كېيىن ۋېنگرىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بۇ ئاپەتتىن بىرسىنىڭ ساق چىقمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. 4-نويابىر سەھەر سائەت 4 تە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋېنگرىيە قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. شېرىپوۋ بىلەن ئۇنىڭ يارەمچىلىرى، گېنېرال گېلىبىننىڭ (ئۇ ئەندى بۇداپېستتە ھەربى ئىشلار ئەمەلدارى بولۇپ بۇداپېستتىكى نازارىتىدە" ئىزچىل تۇرۇپ بېرىدۇ.) ئۇ يەردە "نورمال تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش" ھەرىكىتىنى ئىزچىل نازارەت قىلىدۇ.

گەرچە تا 1968-يىلى "پىراگا باھارى" ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاندىن يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى ئاڭ ھەرىكىتىنى مەجبۇرى ئىجرا قىلىشقا قاتنىشىدۇ. ئەمما 60-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، موسكۋا غەربىي دۇنياسىنىڭ سوۋېت گۇرۇھى ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىشىدىن بارغانسېرى ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. ك گ ب نىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، غەرب ئەللىرى سىياسى ھەرىكەتلىرى ۋە "سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭ تۈزۈلۈش ساھەسى ئۈچۈن ھەر خىل ھەرياڭزا ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىشىدىن قورقىدىكەن. كىشىلەرنى غەرب پاسونىدىكى ئەۋزەللىك، بۇ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلەر كۆپ خىل شەكىللەردە، رادىئو، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى، كونسۇللۇقتىن تارقىتىلغان ئۇچۇرلار، شەرق غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئىلمى ئالماشتۇرۇش، ساياھەت، ۋە كىتاپ گېزىت خەت قاتارلىقلار، مەركەزنىڭ قارىشىچە، ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى بىلەن ئەركىن رادىئو ئىستانسى دېگەندەك بۇنداق غەرب رادىئو سىياسىيونلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرقى

ياۋروپا سوتسيالىسىيك دۆلەتلەر قېرىنداشلارچە دوستلۇق تەشۋىقاتلىرى بىر ئېھتىمالدا "ئەڭ زور زىيانغا سەۋەب" بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ك گ ب نىڭ ئەڭ بەك قورقىدىغىنى "بۇ رادىئو ئىستانسىلىرى زىيالىلارنىڭ ۋە ياشلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىشى مۇمكىن". ستاتىستىكىلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ـ بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئېھتىمال ك گ ب نىڭ ۋېنگىرىيىدىكى سەبداشلىرى ۋېنگىرىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى ـ ۋېنگىرىيىدە 20% دىن ئارتۇق ياشلار غەرپ رادىئو ئىستانسىنىڭ رادىئوسىنى ئاڭلايدىكەن. 1964ـيىلى بۇنىڭغا يەنە 8 مىليون كىشى قوشۇلغان. ك گ ب مۇ بارغانسىرى كۆپ غەرپ دۇنياسىغا زىيارەتكە بارغان شەرقى ياۋروپالىق كىشىلەر بەلكىم ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرنى ئالغاچ كېلىشى مۇمكىن. 1964ـيىلى 168مىڭ نەپەر ۋېنگىرىيىلىك ۋە 150 مىڭ چېخسلوۋاكىيىلىك غەرپ دۇنياسىغا ساياھەتكە چىققان. تېخىمۇ يامان يېرى مەركەزنىڭ قارشىچە نۇرغۇن كىشىلەر غەرپتىكى ۋاقتىدا ھېچقانداق بىر نازارەتكە تۇتۇلمىغان. ك گ ب تىرىككەن ھالدا ئۇلارنىڭ پولشالىق كەسىبداشلىرى ـ پولشا بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكىلەردىن چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتلىرىدا پولشالىقلارنىڭ چەتئەل زىيارىتى ۋە چەتئەلدە ئوقۇشىنى نازارەت قىلىدىغان بىرمۇ ئادىمى يوق ئىكەن. ـ 1964ـيىلى 34500 نەپەر پولشالىق شەخسى نامىدا ھېچقانداق بىر ئۇمەك بىلەن بىللە بولماي، غەرپكە خۇسۇسى ساياھەتكە پاسپورتمۇ ئالماي چىقىپ كەتكەن.

ك گ ب سوۋېت گۇرۇھى ئىچىدە كۆرۈلگەن "زىيانلىق ئىدىيىلەر بىلەن دۈشمەنلىك بىلەن [396] شوغۇللانغانلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇمات تىزىملىكى بار ئىكەن. بۇ مەلۇماتلارنىڭ بەزىلىرى بەكلا غەلىتە بولۇپ، غەرپنىڭ مودېرن ناخشىلىرىنى ۋە سوتسىيالىزىم ئىدىيىۋى ئاڭلىرى بىلەن زىت كېلىدىغان كونا ئىدىيىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، 1965 ۋە 1966ـيىلى ۋېنگىرىيە ياشلىرىدىن زىيانلىق ئىدىيىدە بولغانلىرى ۋە دۈشمەنلىك ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانغانلاردىن ھەر يىلى تەخمىنەن 87 مىڭ ۋاراق، بۇ ئۆزگىرىشلەر ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە غەلىتى تۇيۇلىدىكەن، ئەمما

www.uyghurkitap.com

سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىمۇ يىلدىن يىلغا ئارتىپ بارغان، شۇنىڭدەك كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە بەكلا زور ئۆزگۈرۈش كۆرۈلگەن. گەرچە كىشىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلمايدىغىنى ئارخىپى بارلار نىڭ 30% دېلوسى "كومسومول" دېگەن (كومىنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دېگەن) بۇ ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ك گ ب نىڭ بىر پارچە دوكلاتىدا نەپرەت بىلەن مۇنداق دېيىلگەن: "غەربىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى" سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھىدىكى ئەللەردە "سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زىيان سېلىش بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ شەرقى ياۋروپا ئەللىرىدىكى مىللەتچىلىك ھېسسىياتلىرىغا كۈشكۈرتكىچىلىك قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. بۇ ئەللەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىلار بىلەن ياشلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولماقتا. ك گ ب يەنە شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلماقتىكى، يازغۇچىلار ئارىسىدا "بىر تۈرلۈك ساغلام بولمىغان يۈزلىنىش مەۋجۇت بولماقتا. ئۇ دېمەكلىك غەرپىنىڭ "ھەرخىل ئىدىيىۋى سىستېمىلارنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇش" خاھىشى يامراپ، شۇنىڭدەك ئۇلاردا كومپارتىيە ئەدەبىيات سەنئەت ساھەسىگە ئارىلىشىۋالماسلىقى دەيدىغان بىر خىل خاھىش بارغانسىرى ئېغىرلاپ بارماقتا. ئوقۇغۇچىلاردىمۇ ك گ ب ئەنسىرەيدىغان يۈزلىنىش ئەنسىزلىكى ئىپادىلەنمەكتە. ئۇلاردا مۇستەقىل، پارتىيىسىز تەشكىلاتقا قىزىقىش خاھىشى ئېغىرلاپ، "ئەنگىلىيە كلوب تىپىدىكى ئەركىن مۇزاكىرىلەر' ئېلىپ بېرىلماقتا. ك گ ب كۆنى بەلگىلەنمىگەن بىر پارچە دوكلاتىدا ئەينى ۋاقىتىدا "كىشىلەرنىڭ بارغانسىرى قىزىقىشىنى قوزغاپ كېتىۋاتقان" بىر خىل ئەكسىيەتچىل كىتاپنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتمەكتە، ئۇنىڭ بىرسى يۈز ئۆرۈشىنى تەرغىپ قىلىدىغان يۇگسلاۋىيە كومپارتىيە ئەزاسى مىلوۋان گۆلاس يازغان "يېڭى سىنىپلار" دېگەن كىتاپ بولۇپ، يەنە بىرسى گېرمانىيىلىك 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتتۈرغا چىققان پەيلاسوپ ۋىرىدېرىخ نىتزىنىڭ ئەسەرلىرى ئىدى.

جىلاسنىڭ دېيىشىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈلمىسى بىر ئۇچۇم ئالاھىدە مەنپەئەتكە ئېرىشكەن پارتىيىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇق تۇتقان سىنىپىدىكىلەر باشقۇرىۋاتقان بېشى يوق سىياسەت، كىشىلەر، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى دېگەن بۇ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى پاش قىلىشىنى ئاغدۇرمىچىلىق ئىكەنلىكىنى ئاسانلا سېزىۋالالايدۇ. 1962-يىلى، ئەندىلا 20 ياشقا كىرگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوخشىمىغان كۆزقاراشتىكى كىشى بولغان ۋلادىمىر بۇكوۋۇسكى "يېڭى سىنىپ" دېگەن كىتابى ئۈچۈن نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ياتقۇزۇلغان ئىدى. گەرچە ك گ ب خادىملىرىغا نىسبەتەن بۇ كىتاپ ھامىنى يۇشۇرۇن زىيىنى بار بىر كىتاپ ئىدى. 1981-يىلى "يېڭى سىنىپلار" غەرپتە 24 يىل نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن گېنېرال ئولگ كاروجىن ك گ ب كىتاپخانىسىدا بۇ كىتاپنى ئوقۇغان. ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يۇشۇرۇن ھالدا بۇ كىتاپتىكى قاراشلارنى ھمايە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇ نىتزى بىلەن جىلاسنى ئوخشاش قاراشتا ئىكەن دەپ قارىغان. [397] ئۇ ئىككىسىنىڭ يازغانلىرى بىر بىرىگە شۇنداق ئوخشايدىكى ئادەم ھەيران قالىدىكەن، نىتزى تەرغىباتىدا "پەقەت بارلىق قىممەتلەرنى قايتىدىن باھالىغاندىن كېيىن، "ئاندىن ئادەتتىكى كۈچلۈك شەيئىلەر ھاياتى كۈچى كۈچسىز شەيئىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالايدىكەن." دەيدۇ. گەرچە بۇنداق دەپ قاراش ستالىنىزمنىڭ ئەملى پايدىلىنىشچانلىقى بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى بولىدىكەن. ئەمما ئاڭ ھالىتىدىن قارىغاندا بۇنداق قاراش قاتتىق ئازغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئەمما جىلاسنىڭ ئەسەرلىرىدىن پەرقلىق ھالدا نىتزىينىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھى ئەللەردىكى ياشلارنى سىستېمىغا قارشى چىقىشقا ئۈندەش رولى بولىدىكەن. جىلاسۇن ئەسلىدە ك گ ب دوكلاتىنىڭ كۆرسىتىشىچە ئۇلۇغ گېرمانىيە پەيلوسوپى نىتزي ئەشەددى ماركسىزم دۈشمىنى ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچنىمىنى بىلمەيدىغان بىرسى ئىكەن.

نىسبەتەن ئالغاندا، چېخسلوۋاكىيە 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ دولقۇنىنى قانات يايدۇرۇپ. مەركەزنىڭ

www.uyghurkitap.com

بەك كۆپ دىققىتىنى قوزغىيالمىغان ئىدى. ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئاساسلىق نىشانىسى يېشى چوڭقۇيۇپ كەتكەن ھەمدە بەكلا قوپال ۋە تەرسا چېخسلوۋاكىيە كوپارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئاندۇنىسكو نوۋۇتنىغا قاراتقان ئىدى، موسكۋا بارغانسىرى ئۇنى ئاسان تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان يېڭى ستالىنىزمچى دەپ قارايتتى. ئۇنى ھەرگىزمۇ سوتسىيالىزمنى ئۆزگەرتكۈچى بىر توساق دەپ قارىمايتتى. 1967-يىلى دېكابىردا، نوۋۇتنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بېرىژنوپ ئاۋال پىلان قىلمىغان بىر ئەھۋال ئاستىدا، پاراخادا بىر كۈنلۈك زىيارەت قىلىدۇ. نوۋۇتنىنى ئىزچىل تۈردە پىرىزدېنتلىق بىلەن بىرىنچى سېكرېتارلىقنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە يىغىۋېلىپ، مانا ئەندى بىرىنچى سېكرېتارلىقنى تاپشۇرۇپ بېرىشتەك زور بىر بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا برېژنوپ ئارىلىشىشنى رەت قىلىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭغا كەسكىن قىلىپ بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نوۋۇتنىنى سوۋېتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگىنىدىن كېيىن، ئامال قىلالماي ئىسلاھاتچىلارغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

1968-يىلى 5-يانۋاردا، 46 ياشلىق ئالېكساندىر دۇپچېك چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا ئاتىلىدۇ. دەسلىۋىدە دۇبچېك كرېمىل سارىيىنىڭ ۋە مەركەزنىڭ بەك غېمىنى پەيدا قىلىۋەتمىگەن ئىدى. دۇپچېك ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆپ قىسىم بالىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. 1958-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن موسكۋا ئالىي پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرىدۇ، ك گ ب بىر تۈرلۈك ھۆكۈمەتكە بوي سۇنۇش ئىپادىسى بىلەن ئۇنى "بىزنىڭ ساشا" دەپ ئاتايدۇ. چېخسلوۋاكىيەدە "ئىنسانپەرۋەرلىكچە سوتسىيالىزم" نى سىناق قىلغىنىدا، ك گ ب نىڭ بىرىنچى باش ئىدارىسىنىڭ 11-باشقارمىسى (ياۋروپا باشقارمىسى) دەسلىۋىدە "بىزنىڭ ساشا" نى چېخسلوۋاكىيىدىكى كومپارتىيىدىكى بۇرجۇئاز ئۇنسۇرلىرى ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ كەتتى دەپ قارىغان ئىدى. كېيىن، ئۇلار دۇبچېكنىڭ ئۆزىلا ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى سەزگىنىدە، مەركەز ئۆزلىرىنىڭ دۇپچېك تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتكى ئەھۋالنى ئەسلىگىنىمىزدە، دۇپچېك نوۋۇتىنىڭ ئورنىغا چىققانلىقىغا ئەندىلا 2 يىل بولغىنىدا[398] موسكۋا مەخپى قارار قوبۇل قىلىپ قىزىل ئارمىيەدىن پايدىلىنىپ "پراگا باھىرى" نى باستۇرماقچى بولىدۇ:

*نوۋۇتىنى ھەمدە ئاۋالقى سىياسەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن چېخسلوۋاكىيە ئارمىيىسى بىلەن مەخپى ساخچىلىرىنى تېزگىنلىشىگە يول قويغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار "ھوقۇق" لارنى ئاتىشىنىمۇ سۈكۈت قىلغان ئىدى. تا مارتنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىچە ئۇلار ئاندىن ئۇلارغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇق ھاسىسىنى ئىلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇلار بۇ ئىشقا ئارلىشىشنى قارار قىلىدۇ.*

ئەمەلىيەتتە بولسا، تا ئاۋغۇست سوۋېت ئىتتىپاقى چېخسلوۋاكىيىگە بېسىپ كىرىشنىڭ ھارپىسىغىچىلا برېژنوپ ئەسكىرى مۇداخىلە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەقىللىق بىر ئىش بولىدىغانلىقىغا كېسىپ بىر نىمە دىيەلمەي تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاشلا سوۋېت مىنىستىرلار يىغىنى رەئىسى ئالىكسى كوسىگىنمۇ ھەربى مۇداخىلە قىلىش تەدبىرىنىڭ كارغا كېلىپ كەلمەسلىكىدىن گۇمان قىلاتتى. ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا سىياسى بىيرودىكى قاتتىق قوللار بىلەن بۇ ئىشتا كېلىشىدۇ.

ھەربى مۇداخىلە ھەركىتى قوللىنىش ھەركىتى 21-مارت كۈنى سىياسىي بىيرو يىغىنىنىڭ بىرىنچى يىغىنىدىلا چىقىرىلىدۇ. يىغىندا ئۇكرائىن كومپارتىيە سېكرېتارى پىتىر يېفىموۋىچ شېلېست پۈتكۈل "سوتسىيالىزم سېپى" نىڭ تەغدىرى بۇ پراگا باھىرى سەۋەبىدىن تەھدىتكە ئۇچرىدى دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ تەكىتلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ھەل قىلغۇچ مەسىلە تېخىمۇ پائالىيەتچانلىق بىلەن چېخسلوۋاكىيىدە ئىلغار (سوۋېتكە يېقىن كۈچلەرنى) تېپىپ چىقىش دەپ قارايدۇ. ئەمما ھەربى تەدبىرمۇ كام بولسا بولمايدۇ، شېلېست ك گ ب رەئىسى يۇرى ئاندروپوۋنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاندىرپوۋ "كونكىرىتنى تەدبىر قوللىنىشتا ھەربى مۇداخىلىگە تەييارلىنىمىز قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا ئۇ پەقەت سىياسىي بىيرونىڭ بىر كانددات ئەزاسىلا بولسىمۇ، چېخسلوۋاكىيە بوھرانىدا ئۇ بارغانسىرى تەسىرى كۆرسەتكەن بىرسىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ كوسىگىن قاتارىدىكى ئەملى ئۈنۈمكىدىن يوقۇرى بولغان، ئەمما قورال كۈچىدىن پايدىلىپ باستۇرۇشنى خالمايدىغان كىشى ئىدى.

1956-يىلىسى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋېنگىرىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن ئاندروپوۋ، ۋېنگىرىيە ئىسيانىنى باستۇرۇشنىڭ مۇھىم شەخسلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارنىڭ تەھدىتى ئىنتايىن ھەل قىلغۇچ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن دەپ قەتئى چىڭ تۇرىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلىرى ئەسلىدە قوراللىق ئارلىشىشنى خالمايدىغان خىروششوۋنىمۇ كەڭ كۆلەملىك ھەربى كۈچى بىلەن باستۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋېنگىرىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا بىر نەپەر ئىنتايىن ھورمەتلىك بولغان ئاندىرپوۋنىڭ قول ئاستىدىكى دېپلوماتىك خادىمى[399] كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ، ئاندروپوپ ئىسلاھاتچى مىنىستىر ئەمەلدارى بولغان ناجى دېگەن بۇ ئادەمنىڭ سوۋېت تانكىلىرى بۇداپېستقا كىرىپ كەلگىنىدە ئاندىرپوۋ ۋەزىيەتنى بەربىر تېزگىنلىيەلەيمىز دېگەنگە تۈنجى قېتىم قاتتىق ئىشەنگەن ئادەم ئىدى. "گەرچە ئۇق سىپاپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئەلچىخانىدىكى باشقا كىشىلەر گۇيا بەدىنى قەلئە ئىچىدە قاپسىلىپ قالغىنىدىمۇ ئۇلار يەنىلا قەتئى ئىرادىلىك ئىدى". ئاندروپوۋ قوراللىق باستۇرۇشنى قەتئى تەشەببۇس قىلغان كىشى ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە ئالدامچىلىق قىلىشىنىڭمۇ ئۇستىسى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ناجى ھۆكۈمىتىگە مۇداخىلە قىلىشىنى پىلانلايتتى. ۋېنگىرىيە قوراللىق كۈچلىرى باش قوماندانى 4-ئاۋىرىلدا سەھەردە مىنىستىر ناجى ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ ھۆكۈمەتكە بېسىپ كىرگىنىدە، ناجى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: "ئاندروپوپ باش ئەلچى مېنىڭ يېنىمدا. ئۇ ماڭا بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق، سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋېنگىرىيىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى بەرمىدى. باش ئەلچى ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىز موسكۋاغا بۇ

ھەقتە تېلېفون قىلماقچىمىز ."

1956-يىلى ۋېنگرىيىدىكى ئىشلارغا ئوخشاش ، 1968-يىلى چېخسلوۋاكىيىدىمۇ ئاندىرىپوۋ باش ئەلچى ئوخشاشلا ئالدامچىلىق بىلەن قورال كۈچى ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللاندى. "پراگا باھىرى" ۋاقتىدا، غەرپ ئادەملىرى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان ك گ ب ئالاھىدە خادىملىرى ئالدامچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق قورالى قىلىندى. كېيىن "ئىلغارلىق ھەرىكىتى" دەيدىغان بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ بېشىدا، چېخسلوۋاكىيىگە كۆپلىگەن ئىشپىيون يوللىدى. بۇمۇ ك گ ب نىڭ ئىشپىيوندىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى يېڭى بىر يېڭىلىق يارىتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشپىيونلارنىڭ ئاساسلىق ئەۋەتىلىش ئوبىكتىۋى غەرب ئەللىرىنىڭ ئادەملىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، شەرق ئەللىرىگە ئەمەس ئىدى. كوپ سانلىق سوۋېت ئىتتىپاقى گۇروھى ئەللىرىگە يوللىنىدىغان ئىشپىيونلارنىڭ ۋەزىپىسى (ھەرىكەت پارولاسى بايقال) ياكى بولمىسا غەرب ساياھەتچىلىرى ئارىسىدا ئىشپىيون ئوبىكتىپلىرىنى تەربىيلەش بولۇپ، بولمىغاندا سوۋېت گراجدانلىرى بىلەن غەرپ كىشىلىرى ئوتتۇرسىدا ئۇچرۇشۇشقا نازارەت قىلىش ئىدى. مەسىلەن 1966-يىلى دىن 1967-يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە، نۇرغۇن جاسۇسلارنى بولغارىيە چېگراسى ئىچىدىكى قارا دېڭىز ساياھىتى رايونلىرىغا يوللاپ، بۇ يەرگە ساياھەت قىلىشقا كەلگەن كۆندىن كۆنگە كۆپىيىۋاتقان غەربىلىكلەر ئارىسىغا كىرگۈزىۋېتىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن، رەڭدار جاسۇسلار ئوبىكتىۋىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىدى. ئىلگىرى غەرپ مۇخبىرى قىياپىتىگە پۈركەندۈرۈپ ئوكرائىناغا، بولغارىيىگە ، رومىنىيىگە ۋە چېخسلوۋاكىيىگە ساياھەت نۇقتىلىرىغا بارغان ستانسلاۋ ھايئودورىۋىچ مالولىنكوۋ ئەنە شۇنداق بىر ئىشپىيون ئىدى، ئۇنىڭ باشقا ۋەزىپىلىرىن تاشقىرى يەنە "ك گ ب نىڭ يول قويۇشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئايال جاسۇسلار چەتئەللىكلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قىلىشىنى خالىمايتتى،[400]

"پراگا باھىرى" دەۋرىدە، ك گ ب بىرىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇروھىدىكى ئەللەر ئىچىدە خېلى كۆپ مىقتاردا جاسۇس ئىشلەتكەن ئىدى. ئۇلار غەرب ساياھەتچىلىرى، مۇخبىر، سودىگەر ۋە ئوقۇغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، پائال تەدبىر قوللىنىشقا مەسئۇل بولاتتى. مەركەزنىڭ قارىشىچە، چېخسلوۋاكىيىنىڭ ئەكسىل ئىنقىلاپچىلىرى ئۇلارغا "غەربكە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار" بولۇۋېلىپ، شەرقى ياۋروپا خوشنىلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق پىلانلىرىنى ئاڭلىتاتتى. گەرچە بىرىنچى باش ئىدارىدىمۇ بەكلا ئاز بىر قىسىم ئالى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار چېخسلوۋاكىيىدە قانات يېيىۋاتقان "ئىلغارلىق ھەرىكىتى" دىن خەۋىرى بولاتتى. دەسلىۋىدە، "ئىلغارلىق ھەرىكىتى" گە مۇناسىۋەتلىك ئارخىپلار س ئىدارىسىنىڭ (ئىشپيونلار ئىدارىسى) نىڭ باشلىقى گېنېرال ئاناتولى ئىۋانووىچ لازاليېفنىڭ ئىشخانىسىدا ساقلىناتتى. چېخسلوۋاكىيە ھەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىدارىدىكى بۇ ئىشنىڭ سىرىدىن خەۋىرى بولىدىغانلارنىڭ سانىمۇ بارغانسىرى ئارتىپ كېتىدۇ.

1968-يىلى مەركەز دەسلىۋىدە "تاللانغان 20 نەپەر ئىشپيوندىن ئەڭ بولمىغاندا 5 نەپىرى (گروم، سادىق، شېۋىدوۋ، ۋىلادىمىر،ۋە ۋلاسوۋ) لار غەربى گېرمانىيە ئادىمى قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئۇندىن باشقا يەنە ئېھتىمال 2 نەپەر كىشىمۇ بار بولۇپ، (گۇلىيېۋ،ۋە يېفدوموجىموف) ئۇلارمۇ غەربى گېرمانىيىلىق پاسونىدا ياسانغان. ئۇندىن باشقا يەنە 3 نەپەر كىشى (ئارچىموۋا، جىم ۋە ۋېكتور) ئەنگلىيىلىك پاسونىدا ياسانغان، يەنە ئىككى نەپەر كىشى (ئالا بىلەن سەيپ) شىۋىتسارىيىلىكچە ياسانغان. يەنە بىرسى (يېفلات) لىۋانلىق پاسونىدا ياسانغان. يەنە بىرسى (لويى) مېكسىكىلىق شەكلىدە ياسانغان. بىر ئېھتىمالدا مارت ئېيىدا، ئاندروپوف12-ماي كۈنىدىن بۇرۇن ئىشپيون ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ سان بۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېچ بولمىغاندا چېخلوۋاكىيەدە 15 نەپەر ئىشپيون ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇق قىلغان. ھەر بىر ئىشپيوننىڭ ئايلىقى 300 دوللار ياردەم پۇلى بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كاماندروپكا پۇلى، ۋە يېتەرلىك مىقتاردا بىر ئۆي ئىجارە ئېلىش نەرقىمۇ بار.

ئاندروپوف يەنە ك گ ب نىڭ پراگادىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ سانى . م گ كوتوف مەسئۇللىقىدا، بۇرۇنقى 20يىلدىن

بىرى ئىزچىل چېخسلوۋاكىيە ئالاقىلىشىش باشقارمىسىنىڭ سىرتىدا، ئاندروپوف يەنە سوۋېت باش ئەلچىخانىسىدا مەخپى تۈردە سىرتقا ئاشكارىلانمايدىغان 26-ئاۋىرىلدىن باشلاپ بۇ ئىستىخبارات پونكىتىنى رەسمى ھەرىكتتى بىرىنچى باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گ ف بورزوف رەتكە كەلتۈرىدۇ. يەنە بىر ن لىنىيىسىدە (ئىشپىيۇن ياردىمى ئۈچۈن) ئالى ئەمەلدار [401] ۋ ۋۇمۇنوۋنى بۇ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ماسلىشىپ خىزمەت قىلىدىغان كىشىسى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئىستىخبارات پونكىتى سېپىدىكى (سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسى) بىلەن ك گ ب نىڭ چېخسلوۋاكىيىدە بىخەتەرلىك بىلەن ئىستىخبارات ئىدارىسى ئالاقىلىشىش باشقارمىسى ئورتاق مۇھىم ۋەزىپە قىلىنغانلارنى ئەۋەتىدۇ. چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى ئىچىدە ئىشەنچىلىك سوۋېتكە يېقىن كومپارتىيە ئەزاسىدىن بىرنى تېپىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېخسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە بىر ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىدىغانغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ك گ ب نىڭ تىزىملىكىدە چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەئىسىيەت ھەيئىتى ئىچىدە 4 نەپەر قاتتىق قوللۇق كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئالويىس ئىندىرا، يوخانوف رىيناد، دېلاخۇمېركورد، ۋاسىلى بىلاك ھەمدە 1962-يىلى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ھەمدە ھۆكۈم قىلىنغان بۇرۇنقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى رۇدولف بلاك ئەڭ ئالدىغا تىزىلغان. ئۇچاغلاردا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بلاكنىڭ سوتلىنىش سەۋەبىنىڭ پارتىيىنىڭ مەبلىغىنى ئېلىۋالغان، ئەمما ھەقىقى سەۋەب ئۇ چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ تالونى بىلەن نوۋۇدنى ئەيىپلىگەن ماتېرىياللار ئىدى.

سوۋېت باش ئەلچىخانىسىغا كىرىپ چىقالىشى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئىندىرا، لەينارد، كېۋردى ۋە بلاك قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش، پاراگادا تۇرۇشلۇق ك گ ب ئەمەلدارى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنچىۋالامۇ تەس ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما ماي ئېيىدا جازاسى توشقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن بلاكنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋەت تىكلىشى بەكلا چوڭ خەتەرلىك بىر ئىش ئىدى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ك گ ب بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىر نەپەر گالىنا لىيوندوفنا لېنىنسكايا ئىسىملىك بىر ئايال

www.uyghurkitap.com

ئىشپىيونغا بۇيرۇق بېرىپ (پارولاسى ئەنلا) ئاۋال ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. ليوندوفنا لېنىنسكايا نۇرغۇن يىلدىن بېرى، جانلىق ئەنلا ك گ ب قىزىقىدىغان سوۋېتكە كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان چەتئەللىكلەرنى بەكلا ياخشى بىلىدىغان ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى ياخشى بىلىپ كەتكەن ئىدى. ك گ ب ئۇنىڭ ئارخىپىدا ئۇنى رەسمىي تەنقىتلەپ، "جىنسىي ھېسسىياتى ئارتۇق" دېيىلگەن، گەرچە ئۇنىڭ بىر قىزى بولسىمۇ، ئەمما "ئۇ ئايال ئۆي ئىشلىرىغا قىزىقمايدىغان بىرسى ئىدى" (ئەگەر بۇنداق بىر باھالاش باشقا بىر ئەركەك ئىشپىيوننىڭ ئارخىپىدا ئۇچراپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، بۇنى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە بىر تەنقىت دېيىشكىلا بولمايتتى.)1961-يىلى ئەللا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بلاكنى كۆرگەن. ئۇ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي ك گ ب ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ب س ئىۋانوۋ بىلەن كۆرۈشىدۇ.

ئىندرا، لېنارد، كورد ۋە بلاكلارنىڭ ھەممىسىلا يېڭى ستالىنىزم سىياسىتىنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك ھىمايە قىلغۇچىلىرىدىن ئىدى، مانا بۇلاردىن تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت كېيىن "ئىنسانپەرۋەرلىك سوتسىيالىزم" نى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بلاك پراگا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا كېرەككە كېلىدىغان بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى ھەتتا چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىر قىسىم سوۋېتكە يېقىن ئۇنسۇرلاردەك[402] ئۇ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرىغا بەكلا ئۆچ ئىدى، ھەمدە بىخەتەرلىك بىلەن ئىستىخبارات ئىدارىسىغا ئاساسلىق مەسئۇل بولغىنىدىكىدەك رەھىمسىزلىكىگە ئۆچلۈك قىلاتتى. تا 1975-يىلى، يەنى تۇرمىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى 7 يىل كېيىن، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەملى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

ئۇ ك گ ب چېخسلوۋاكىيىنىڭ ئىشپىيونى قىلىپ ئەۋەتىلگىنىدە مۇنداق ئىككى مۇھىم ۋەزىپە بىلەن كەلتۈرۈلگەن ئىدى. "پراگا باھىرى" ئىچىگە شۇ چاغدا قورۇلغان ئەكسىل ئىنقىلابچىلار ئىچىگە كىرگۈزۈلۈش، ئۇلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق نىيەتلىرىنى دوكلاد قىلىش، يەنە بىرسى، بىر قاتار بۇ تەشكىل ئىچىدىكى ئىشەنچسىزلەشكەن كىشىلەرگە ئاكتىپ

تەدبىر قوللىنىش، ئاندىن ئەكسىل ئىنقىلابى تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسىنى يېفرات، گۇلىيېف، يېدوجىموۋ، گروموف ۋە سادىقلارنىڭ ئاساسلىق نىشانىسىنى مەركەز ئاغدۇرمىچىلىق ئىدىيە دەپ قارىغان قاراشلارنىڭ مەنبەسىدىكى ئورگانلار بىلەن كىشىلەرنى بىلىش:

*يازغۇچىلار ئىتتىپاقى (بولۇپمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئېدىۋارد گېردىسىدىق، مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ پروخاسكا ۋە شۇنىڭدەك ئاتاغلىق يازغۇچى پاۋىل كوخۇت ۋە مىلان كوندرا)؛*

*كومپارتىيە تېزگىنلىشىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ژۇرناللاردىن مەسىلەن يازغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ "مەدەنىيەت گېزىتى" ۋە سوتسىيال پارتىيىنىڭ "قىزىل ئەركىنلىك گېزىتى" شۇنىڭدەك يەنە بەكلا يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان كومپارتىيە ئورگان گېزىتى "قىزىل هوقۇق گېزىتى" "ئەركىن سۆز گېزىتى" ۋە ئۇلاردىن بارغانسىرى يىراقلىشىپ ساتقۇن بولۇپ كېتىۋاتقان "قىزىل هاكىمىيەت گېزىتى"؛ تېلېۋىزىيە ئىستانسى ۋە ت ۋ ئىستانسىسىدىكى ئاساسلىق ئىسلاهاتچىلار تەرەپپازى "بولۇپمۇ چېخسلوۋاكىيە ت ۋ ئىستانسىسىنىڭ باش مۇهەررىرى ئىر پىلىكىن)؛*

*سارىس ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ (چۈنكى ئۇ ئىلىلمى ئەركىنلىك يېڭى قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن تۈزۈپ چىقىرىلىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ)، شۇنىڭدەك ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتچى بومىر خۇلەيچېك ۋە ئۇنىڭ ئىرى مورىل؛*

*ك- 231 كلوبى، بۇ ئەسلىدە ئىلگىرى چېخىسلوۋاكىيىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى 231-ماددىسى بويىچە هۆكۈم كەيگەن سىياسى جىنايەتچىلەر تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بىر كلۇب؛*

*كائىن كلوبى، بۇ كلۇب پارتىيىسىز پائالىيەتچىلەردىن ئاۋىرىل ئىېيدا قۇرۇلغان، مەقسىدى پارتىيىسىزلەرگە جەمىيەت تۇرمۇشىغا "بىر خىل بۇگۇنگىچە ئەمەلگە ئاشمىغان يېڭى سىياسى تۈزۈم- دېموكراتىك سوتسىيالىزم بېرىش ئىنتىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى مەقسەد قىلىدىغان بىر كلوب؛* [403]

*سوتسىيالىستىك خەلق پارتىيىسى، ئۇلار 1948 -يىلى كومپارتىيە سىياسىي هوقۇقنى ئۆتكۈزىۋالغىنىدىن كېيىن، زەيىپلەشكەن*

www.uyghurkitap.com

*مۇستەقىللىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىدىغان بىرپارتىيە.*

1-ماي كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان پايتەختنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ نامايىشنى ئىپادىلەيدىغان سىياسىي ئەركىنلىكنىڭ يېڭى (ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىشنى ئاسا قىلىدىغان "پاراگا باھىرى"دىن باشلانغان. پۈتۈن مەملىكەتلىك كۆرگۈچىلەر تېلېۋىزور قانىلىدىن كۆرگەن بۇ قېتىمقى نامايىش تەنتەنىسىنى كۆرۈدۇ. بۇرۇنقى نامايىشلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ قېتىمقى نامايىشتا پارتىيە رەھبەرلىرىنى مەدھىلەيدىغان زىرىكەرلىك ئوركېستىرا يوق، شۇنىڭدەك سوۋېتلىك دوستلارنىڭ دوستلۇقىنى مەدھىلەيدىغان پىلاكاتلارمۇ بولمىغان بىر نامايىش، ئۇنىڭ ئورنىغا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوللايدىغان، ئىستىخىيىلىك تەبرىكلەش پائالىيىتى بىلەن موسكۋاغا قارىتا چىقىرىلغان رەھىمسىزلەرچە ئۇچۇرلار بولغان، مەسىلەن مۇنداق پىلاكاتلار بار "سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەڭگۈ ئىتتىپاقلىشىش ئەمما بۇنىڭ ۋاختى بىركۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك" "ياشىسۇن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ئەمما ئۆزىنى ئۆزى بېقىپ كېتەلەيدىغان بولسۇن!" "ئۇ كۈنلەردىكى مەنزىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، " كلوبنىڭ پارتىيىسىزلەر ھەرىكىتى مەسئۇللىرى دۇبچېك ھەردائىم چوڭقۇر ھېسيادلىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇلار ك- 231 كلوبىنىڭ بۇرۇنقى سىياسى جىنايەتچىلىرى ۋە شۇنىڭدەك كائىن كلوبىنىڭ پارتىيىسىزلەر پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنى تەسىرلەندۈرىۋەتتى. ئەمما موسكۋا ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇلار ئاساندا كۆتۈرۈلگەن ئەكسىل ئىنقىلابى ئېپىتىشىش ئىدى. ئۇلار چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرلىقىدىكى ھۆكمەتنىڭ نىمە دېگەن زەئىپلىكىنى كۆرسىتىدۇ)

مەركەزنىڭ قارىشىچە، چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى ئەسلىدىنلا بارغانسىرى ئىشەنچىسىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئەھۋالمۇ بارغانسىرى ۋەھىم ئىچىگە پېتىپ قېلىۋاتاتتى. بەلكىم ئاۋىرىلدا تەختىگە چىققان ئوردىخ چېرنىك ھوكۈمىتىدىكى موسكۋانى ھەممىدىن بەكىرەك زىرىكتۈرۈۋەتكىنى يەنىلا شۇ

چېخوسلوۋاكىيىە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەسئۇل بولىۋاتقان[404]
لار ئىدى. پاۋۋل 50-يىللارنىڭ بېشىدىلا بىر قانچە يىل تۈرمىدە ياتقان
بولغاچقا، سىتېلاۋكار پاۋېلنى ساقچىلار قوشۇنى بىلەن بىخەتەرلىك
ئىستىخبارات ئورنىدىكىلەر قالايماقان ھوقۇقىدىن پايدىلىنالمايتتى. بۇ
جەھەتتە، پاۋېلغا ئىشىنىشكە بولاتتى. دېيىشلەردىن قارىغاندا، يولداش
چېرنىك ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلغان ئىدى. ئاۋرىلنىڭ ئاخىرىدا تېخى
يېڭىلا مىنىستىرلىككە تەيىنلەنگەن پاۋىل مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ،
بۇندىن كېيىن، سىياسى پارتىيە ئەمەس بەلكى ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار
مىنىستىرلىكىنى ھەمدە چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات
ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىنى تېزگىنلىيەلەيدۇ. شۇنىڭدەك بىرمۇنچىلىغان
ئالى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئالماشتۇرىلىدۇ. ئۇلاردىن بىخەتەرلىك ۋە
ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سوۋېتكە يېقىن ئۇنسۇرلاردىن يونۇف
پوۋسكارمۇ بار. ئۇ ئىيۇندا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ۋەزىپىسىدىن
قالدۇرۇلۇشتىن بىر قانچە ھەپتە ئاۋال، ئۇ چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە
ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى خادىملارنىڭ ئارخىپلىرىنىڭ نىگاتىۋىنى ك
گ ب غا تاپشۇرۇپ بەرگەن بىرسى ئىدى.
10-ماي كۈنى سوۋېت سىياسى بىيرو يىغىنىنىڭ رەئىسى ئالىكىسى
كوسىگىن چېخسلوۋاكىيە باش مىنىستىرى چېرنىكوفقا بىر پارچە خەت
يېزىپ، بۇ خېتىدا مۇنداق دەيدۇ، ئۇ چېخنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلەپ،
چېگرا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، غەرپ
ئەللىرىنىڭ قىياپىتىدە ياسانغان ساياھەتچىلەر جاسۇس ۋە بۇزغۇنچى
ئۇنسۇرللار بولۇپ ئەركىن بىر شەكىلدە چېخسلوۋاكىيىگە كىرەلەيدۇ.
ئەمما مۆلچەرلەشكە بولىدىكى، ئۇ قايىسى غەرپ پاسپورتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ
جاسۇس ۋە بارلىق بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار ك گ ب ئەۋەتكەن ئىشپىيونلار
ئىدى. ئۇ بۇ خەتنى يوللىغان كۈنىسىنىڭ ئۆزىدە، غەرپى گېرمانىيىلىك
قىلىقىدا ياسانغان گروموۋ (ۋاشىلى ئانتونوۋىچ گوردىيېۋسكى) بىلەن
گۆلىيېۋ (ۋاسىلى ئانتونوۋىچ گۇجىن) ئەڭ بەك كۈشكۈرتكۈچىسى بولغان
خەلق ئامىمىسىنىڭ داھىسىنى قاچۇرۇپ كېتىشكە تەييارلىناتاتتى.
گروموۋ يېقىندىن بېرى بىر قېتىملىق ئادەم قاچۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن

شوغۇللىنىش ئۆتمۈشى بار ئىدى. پەقەت بىرلا ئاي ئاۋال ئۇ شىۋىتسىيىدە يەنە بىر ئادەم قاچۇرۇشقا قاتنىشىپ، بىر نەپەر ك گ ب ئىشپىيونى (فوستنى) چېگرادىن ئېلىپ قېچىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، مەركەزنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىدى. مەركەزنىڭ قارىشىچە، فوست ئەسەبىلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىكەن. فوست سوۋېتكە قايتىپ كېتىشى هامان، نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ. ئۇ يەردە بىر يىل ياتىدۇ. دوختۇردىن چىققاندىن كېيىن ئۇ ك گ ب دىن چىقىرىلىدۇ.

1968-يىلى ماي ئېيىدا،گروموۋ بىلەن گۆرىيېۋ چېگرادىن ئېلىپ قېچىشقا تاللىۋالغان ئوبيېكتىۋى ۋاتسلاۋ چېرنى بىلەن يىروفېسسور ياڭ پولۇخازكا ئىدى. چېرنى (پارولاسى چېمنىي) بىر چېخسلوۋاكىيىلىك رومانتىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسىنىڭ ئاساسلىق مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرى ئىدى. 1948-يىلىقى سىياسى ئۆزگۆرۈشتىن كېيىن، ئۇ سارىس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ."پراگا باھىرى"دەۋرىدە قايتىدىن ئوتتۇرغا چىقىرىلىدۇ. ئۇ چاغدا "كائىن" كلوبىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى بولىدۇ. ھەمدە ئىلمى ئەركىنلىكنى پائال تەشۋىق قىلىپ چىقىدۇ. 1967يىلى ئىيۇندا ئۆتكۈزۈلگەن 405 يازغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىنىدا پروخازكا باشلامچىلىق بىلەن دائىرىلەرنىڭ شەھەر تەكشۈرۈش تۈزۈمىدىكى يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ چېرنىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گۆلىيېۋ ئامال بار چېرنىغا ئۆزىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىدىن قاتتىق تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. (تەھدىت تەبىكى ئىسلاھاتچىلىقىقا قارشى قاتتىق قوللاردىن كېلىۋاتقان ئىدى.) ھەمدە بىر مەزگىل ئۆزىنى يوشۇرۇپ تۇرۇشىغا بىر ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. گروموۋ مۇ پروخازكاغا شۇنىڭدەك بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر چېرنىنى قايىل قىلىپ ئۇنى يوشۇرىدىغان بىرەر زۆرۈر يەر تېپىشىغا قايىل قىلالىسا بۇ كىشىلەر شەرقى گېرمانىيىدىكى ۋاقتىدا تەكشۈرۈشكە تۇتۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى ئۇلار ۋ باشقارمىسىغا زوراۋانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (بىرىنچى باش ئىدارىنىڭ

مەسئۇلى "ئالاھىدە ھەرىكەت" بۆلۈمى) بۇ كىشىلەر ئۇنى تەكشۈرۈشمەيلا ماشىنا سايمىنى دەپ تەكشۈرمە ئۆتكۈزىۋېتىشى مۇمكىن. شەرقى گېرمانىيىگە كىرگۈزۈۋەتكىنىدە، ك گ ب ھەرىكەت ئارخىپىدىكى ئىچىدە ئەگەر ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرىۋالغىدەك قىلسا، ك گ ب دىكىلەر ھەرىكەت ئارخىپىدىن كىرىۋاتقان نەرسىنى ئالاھىدە نەرسە دەپ ئۆتكۈزىۋېتەلىشى مۇكىن.

ئەمما بۇ پىلان ئاخىرى ئىچىنىشلىق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. گۈلىيېۋ20يىللىق ئىچىنىشلىق زىيانكەشلىك قىلىپ كەلگەن چېرنىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىدىنمۇ خەتەرلىك ئەھۋال بار ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك گرومۇۋنى ئۈمىتسىزلەندۈرگىنى، پاۋېل پروخازكاغا بىر قوغدىغۇچى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتە، مەركەزمۇ ھەرىكەت جەريانىدا دۈچ كېلىدىغان تىل مەسىلىسىگە بەكلا سەل قارىغان ئىكەن. گەرچە چېرنى بىر ئېسىل تىلشۇناس بولسىمۇ، ئەمما پروخازكا پەقەتلا چېخسلوۋاكىيىچىنىلا بىلەتتى. چېخچىنى بىلمەيدىغان بىرسىنى غەرپىي گېرمانىيىلىك قىلىپ ياساندۇرۇلغان گرومۇ پروخازكا بىلەن سۆزلىشىشى ھەقىقەتەن مۇشكۇل بىر ئىش ئىدى. گەرچە ئۇ پروخازكا ئۇرۇسچە بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنداق قىلغاندا بېپروۋسورنىڭ ھەقىقى سالاھىتى ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، گرومۇۋ بىلەن گۈلىيېۋ بۇ ئادەم قاچۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ.

"پراگا باھىرى"دەۋرىدىكى باشقا ۋەزىپىلەر، ك گ ب ئىشپىيونى بۇيرۇق بويىچە پارولاسى "ئارىلىقتىكى ئادەم" دېگەن ئاكتىپ تەدبىر ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مەقسىدى چېخسلوۋاكىيە "ئوڭچى" لىرى بىلەن غەرپ ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ سۇيىقەست قىلىپ ئەكسىل ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرنىڭ پاكىتى قىلىپ، سوۋېت ھەربىلىرىگە چېخسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن بىر باھانە تېپىش ئىدى. ئۆزلىرىنى پراگا باھارىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار قىياپىتىگە كىرگۈزىۋالغان غەرپلىك قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان سوۋېت ئىشپىيونلىرى ئىمكان قىلىپ چېخسلوۋاكىيەلىك تەھرىرلەر بىلەن مۇخبىرلارنى قايىل قىلىپ ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە باشچى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئوت قويرۇقچىلىق سۆزلەرنى تارقىتىشقا كۈشكۈرتىدۇ. ئۇلار يەنە چېرنى بىلەن ك-231 كلوبىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلغان يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىگە قىزىقتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا يەنە ئۇلار غەرپنىڭ [406] تەمىنلىگەن قورال ياردىمىگىمۇ ئېرىشكەنلىكىنى ئۇيدۇرىدۇ. مەركەز "ئوتتۇرلۇقتىكى كىشى ئارقىلىق ھەركىتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى 6-ئايدىكى ئەملى ئىلىپ تاشلانغان چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خاۋسكارغا مەخپى ئوختۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەمكارلىشىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەتكۈزىدۇ.

7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، "ئارا بولغۇچى بولۇپ" پائالىيەت قىلغان بىر قىسىملار، سوۋېت ئىشپىيونلىرى ئۇيۇشلۇق تۈردە ئۇيدۇرۇلغان قوراللىق سىياسىي ئۆزگۈرۈشنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنىڭ پاكىتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 7-ئاينىڭ 19-كۈنى، "پراۋدا — ھەقىقەت گېزىتى مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ، غەربى گېرمانىيىنىڭ چېگراسى يېقىنلىرىدا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن قوراللارنىڭ ساقلانغان مەخپى ئۆۋىسى تېپىلدى دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى قوراللار ئاددىلا قىلىپ "ئامېرىكىدا ياسالغان" دېگەن خەتلەر بېسىلغان پېچەتلەش ساندۇقلىرىغا قاچىلانغان ئىدى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، بۇ قوراللار "قىساس ئېلىش ۋە كونا تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەش مەخسەت قىلىنغان ئىكەن. بۇ قوراللار ئەتكەس قىلىنىپ چېخسلوۋاكىيىنىڭ تېرتورىيىسىگە ئېلىپ كىرىلگەن ئىكەن. خەۋەرلەردىن قارىغاند، سوۋېت ھۆكۈمىتى يەنە ئامېرىكا تۈزۈپ چىققان پراگا ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ "مەخپى پىلانىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنىمۇ بىرلىكتە تېپىۋاپتۇمىش. قالغان سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھىغا تەۋە بارلىق ئاخبارات ئورگانلىرى ھەقىقەت گېزىتى خەۋىرىنىڭ ئۈنىمىنى ئارتتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بۇ خەۋەرنى بەس- بەستە ئېلان قىلىشىپ، چېخسلوۋاكىنىڭ بارلىق جايلىرىدا بۇنىڭدەك يوشۇرۇپ قويغان غەرب قوراللىرى تېپىلغان دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ك-231 كلوبىنى ئىشارەت قىلغان ھەمدە، "كائىن" كلوبى بىلەن غەرب ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئورتاق پىلانلىغان ئەكسىل ئىنقىلابى

سۇيىقەسىت يالغان ئىستىخباراتلىرىنى چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىغىمۇ ئەۋەتكەن.

قوللىنىلىدىغان ئىككىنچى قەدەمنى مۇزاكىرە قىلىشقان. يىغىن باشلىنىشتا، برېژنوپ ئەڭ ئاخىردا بىر قېتىملىق چېخسلوۋاكىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشىم تۈزسەك، شۇ ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىشنى كېلىشسەك دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇنداق تىرىشچانلىقىمىز ئوڭۇشلۇق بولماي قالغان ئەھۋالدىلا ئاندىن "ھەددىدىن ئاشقان تەدبىر قوللانساق دەيدۇ. ئەمما ئاندروپوف دەرھال ھەددىدىن ئاشقان تەدبىرقوللانساق دەيدىغان تەرەپتىكىلەرگە ۋاكالەتەن سۆز قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ سوھبىتىدىن بىرەر نەتىجە چىقىشى ناتايىن، ئەمما ھەرقانداق بىر كەينىگە سوزۇشلار "ئوڭچىلارنىڭ" تەھدىت يارىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن، "بىز بۇ يەردە ھايات-ماماتلىق ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتىمىز، شۇڭا بۇ ئىشتا جان تىكىپ تىركىشىشىمىز لازىم بولماقتا. ... ئۇلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى مۇقەررەر. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تەييارلىقى ئومۇم يۈزلۈك ۋە ئۈزۈل كېسىل بولىدۇ. ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىدىن پايدىلىنىدۇ، ئىشچىلار قوراللىق كۈچلىرى (توقۇنۇش ئۇچۇن) تەييارلىق قىلماقتا، "بۇ قېتىمقى يىغىندا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قوپال ئىپادە بىلدۈردى. ئاندىرىپوف بىلەن كوسىگىن بەكلا قاتتىق مۇنازىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ كوسىگىنىنى ئۇنىڭ دەرھال ھەربىلەرنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرايلى دېگىنىنى ئەيىپلەپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتە كوسىگىنغا ھۇجۇم قىلىدۇ. كوسىگىنمۇ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ؛ "مەن ھېچ بىر زامان سىزگە ھۇجۇم قىلمىدىم، ئەمما سىز توختىماي ماڭا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىۋالدىڭىز. "سىياسىي بيرونىڭ رەسمى ھەيئەتلىرى ئارىسىدا پەقەت [407] ك ت مازلوفلا ئاندىرىپوفنىڭ چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىغىن ئېچىش پىكرىنى قوللاپ چىقىدۇ. ئاندروپوپ بىلەن ئوخشاشلا كاندىدات ئەزا بولغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، كېيىن ئاندروپوپنىڭ سادىق غالچىسىغا ئايلانغان ئاندىرى گرومىكوۋ مۇنداق دەيدۇ: دۇپچېك بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىشداشلىرى يىغىن چاقىرىپ بىسىپ قىلىشتىن ئاۋال چوقۇم تەييارلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىش مۇمكىن. روشەنكى ئۇلار بىزنىڭ تەكلىۋىمىزنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىزمۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ھەددىدىن تاشقىرى تەدبىر قوللىنىشىمىز شەرت،.... " بۇ بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پىكرى بولىشى مۇمكىن.

خۇددى گروميكوۋ مۆلچەرلىگىنىدەك، 7-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن ئاۋغۇستنىڭ 1-كۈنىگىچە چېگرا شەھەر دىسا دەرياسىنىڭ بويىدىكى چېرنادا ئۆتكۈزۈلىدىغان چېخسلوۋاكىيە رەئىسىيەت ئىتتىپاقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسى بىروسى يىغىنىدا بىرەر كېلىشىمگە كىلەلمەيدۇ. چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى تەكشۈرەشتىن كېيىن، پاۋېل چېخسلوۋاكىيە رەئىسىيەت ئىتتىپاقىغا دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئاتالمىش ئەكسىلئىنقىلابى قورال ئۇۋىسى دېگىنى پەقەتلا بىر تاخلاش تاختىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. گەرچە بۇ قورالالار ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياسىغان قورالالار بولغىنى بىلەن، ئەمما ئۇلارنىڭ پىچەتلىنىش ماتېرىياللىرى سوۋېتنىڭ ئىدى. ئۇندىن باشقا ك-231 كلوبى بىلەن "كاخىن" كلوبىنى غەرپ مەخپى ئورگانلىرى بىلەن باغلىنىشلىق قىلىۋالغانلىقى ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارمۇ ئۆيدۇرۇلغان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما "ئارا بولغۇچى كىشى" نىڭ ھەرىكىتى كەينىدىكى ئىشپيون تېخى تېپىلمىدى. چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى بىر خائىنىنىڭ دېيىشىچە، ك گ ب ئاۋغۇستتا بىرقانچە چېخسلوۋكىيە گراژدانىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئايالىغا سۇيىقەست قىلىشقا تەييارلىق قىلماقچى ئىكەن. شۇنىڭدەك بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويماقچى بولغان. مىتروخىن خاتىرلەپ چىققان ك گ ب ئارخىبى بەلگىلىك دەرىجىدە بۇنداق دېيىشنى ئىسپاتلىماقتا. شۇنداقتىمۇ بۇ خىلدىكى ئىسپاتىن تېخى خۇلاسە چىقىرىلمىغان.

ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا چاقىرىلغان چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ پارتكوم يىغىنىدا، چەتئەل ئىستىخبارات

خىزمىتىگە مەسئۇل سىلائوي ۋلاۋسىز (پارولاسى ۋاركاچى) مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ، ك گ ب چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى ئەۋەتكەن مەسلىھەتچى چېخسلاۋاكىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات ئالاقىلىشىش پىرىنسىپى، چوقۇم موسكۋادىن قايتۇرۇپ كېلىنىشى كېرەك. قالغان بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىملىرىمۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى شەرت. بۇ قېتىمى يىغىننىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاد تېزلا ك گ ب نىڭ قولىغا يېتىپ باردۇ. سوۋېتلىكلەر چېخسلوۋاكىيىگە بېسىپ كىرگىنىدىن كېيىن، بارلىق قايتۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلغان ك گ ب مەسلىھەتچى خادىملىرىنىڭ ھەممىسىلا قولغا ئېلىنىدۇ، پەقەت ۋلاۋزلا سىرتتا قالىدۇ. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپى بويىچە بولغان ئىدى، مەقسىدى سوۋېت كىشىلىرىنىڭ چېخسلوۋاكىيىگە بېسىپ كىرىشى ئالدىدا بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدا [408] ئاساسلىق سوۋېتكە قارشى ئۇنسۇر بولغانلىقىدىن بولىشى مۇمكىن.

غەرپنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق پىلانىنى ئاشكارە تەشۋىق قىلغانلىق پاكىتىنى ئۇيدۇرغانلىقىدىن باشقا، بوھران ۋاقتىدا، ئاندروپوپ يەنە سىياسى بىيروغا سىياسى بىيرونىڭ ھەربىي مۇداخىلە قىلىشىنى كۈچەيتىشكە غەيرەت قىلىدۇ، ھەمدە بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەيدۇ، "پراگا باھىرى" دەۋرىدە مەركەزنىڭ ئامېرىكىن كەلگەن باشقا ئىستىخباراتلار ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتوندىن كەلگەن ئىنتايىن ئىشەنچىلىك ئىستىخباراتلار بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان چېخسلوۋاكىيەنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئارىلاشمىغان. بۇ دوكلادنى 34 ياشلىق ئەقلى ئۇرغۇپ تۇرغان سىياسى ئىستىخبارات باشقارمىسىدىكى مەسئۇل خادىم ئولىگ كاروجىن تەمىنلىگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئىستىخبارات مەنبەسىنى "قەتئى ئىشەنچىلىك ھۆججەتتىن كەلگەن دەيدۇ. بۇ ھۆججەت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى ياكى ئامېرىكىنىڭ باشقا ئىستىخبارات ئورگانلىرى چېخسلوۋاكىيىنىڭ سىياسى ھەرىكىتىگە قارىتا ئارلاشمىغان دەيدۇ. ئەمما بۇ ئىستىخباراتلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاندروپوپ ئوتتۇرغا قويغان جاھانگىرلار سۈيىقەستى بار دېگەن سۈيىقەست نەزەرىيىسىگە توغرا كەلمەيتتى، شۇڭا بۇ ئىستىخبارات يوقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ سىياسىي ئىدارىسىغا يوللانمايدۇ. موسكۋاغا قايتىپ كەلگىنىدە كاروگىن سېپىنىڭ ئىستىخباراتلىرىغىنى ھېچكىم بىلمىسۇن ھەمدە بىر يەرگە چىڭ سولاپ ساقلانسۇن دېگىنىگە ھەيران قالغان، ئاندروپوۋنىڭ بۇيرۇقى بويىچە "ك گ ب سىياسىي بىيرونىڭ چېخسلوۋاكىيىنىڭ بەلكىم ناتونىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ياكى بىر مەيدان[409] سىياسىي ئۆزگۈرۈشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىش قورقۇنچىسىغا كىرىپ قالغان."

18-سىنتەبىر چاقىرىلغان يىغىندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شۇنىڭدەك ۋارشاۋا گۇروھىدىكى 4 ئىشەنچىلىك ئەزا دۆلەت ـ بولغارىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە، ۋېنگىرىيە ھەمدە پولشا- نىڭ رەھبەرلىرى چېخسلوۋاكىيىگە رەسمىي بېسىپ كىرىشنى مۇھاكىمە قىلغان. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا قانات يايدۇرۇلغان كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر ھەربى ھەرىكەت بولۇپ قالىدىكەن. 20-ئاۋغۇست كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە، پاۋېلنىڭ مۇئاۋىنى سوۋېتپەرەست نىلئەن سارگېۋچ چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى "ئىشەنچىلىك" ھەيئەتلەرنى يىغىپ يىغىن ئاچقان. ئۇلارغا شۇ كۈنى ئىجرا قىلىنىدىغان باستۇرۇپ كىرىش ھەرىكىتىنىڭ پىلانىنى ئۇلارغا ئۇختۇرغان. ھەمدە ۋارشاۋا قىسىملىرىغا ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تەخسىم قىلىپ بەرگەن. ئىككى ئاي ئىلگىرى پاۋېل تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان خاۋسكا قايتىدىن بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىگە قايتا قويۇلغان.

21-چىسلا ئەتىگەن سائەت 9 ئەتراپىدا، سوۋېت قوشۇنلىرى پىراگانىڭ ھالقىلىق ئورۇنلىرىنى تېزگىنىگە ئالغاندى كېيىن، چېخسوۋاكىيە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ پىشقەدەمى پودپولكوۋنىك بوخمىر مورنا ك گ ب تاللاپ چىققان چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىملىرىغا دۇبچېك بىلەن چېخسلوۋاكىيە

كومپارتىيە رەئىسلەر بىيروسىنىڭ ئىسلاھاتچى تەرەپ رەھبىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان. ۋە قولغا ئېلىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن، مورنا 1956-يىلىي سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋېنگرىيە ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ياردەملەشكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن [409] ك گ ب رەئىسى ئىۋان شېروۋنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئۆزگىچە گۈل ئۈيۈلغان ئاپتوماتىك تاپانچا ك گ ب خادىملىرىنىڭ ھەمرالىقىدا بۇ كىشىلەر مەركىزى كومىتىت بىناسىنىڭ دۇبچېك ئىشخانىسى بار يەرگە كېلىپ، ئۇلاردىن بىرسى دۇبچېكنىڭ قارشىچە قابىلىيەتسىز بىر ئىشتىن سىرتقى ئەرتىسىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازدا "مەن يولداش ئىندرانىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى دېھقان ھاكىمىيىتىنىڭ نامىدا سىزنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىمەن، دەپ ئېلان قىلىدۇ. بىر ئاز تۇرىۋالغاندىن كېيىن بەلكىم كېيىنكى سەھنە سۆزىدە نىمىنى سۆزلەيدىغانلىقىنى تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. دۇبچېك بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پات يېقىندا ئالويس ئىندرانىڭ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابى سوت تەرىپىدىن سوتقا تارتىلىدۇ.

ئىندرا قاتارىدىكى موسكۋا تاللاپ بېكىتكەن قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ھەيئەتلىرى، سوۋېت باش ئەلچىخانىسىدا ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈزىۋېلىش ئىشىنى پۈتتۈرگەن ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، باستۇرۇپ كىرىش پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە بولمايتتى. ئىندىرا بىلەن بىر سەپتىكى پىلانلىغۇچىلار ئارىسىدىمو موسكۋاغا كاپالەت بېرىپ ھەربى مۇداخىلە چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قاتلىمىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، شۇنىڭدەك ئاما ئارىسىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوللاشقا ئېرىشتى، بۇ ئەھۋال موسكۋانى بۇرۇنقى پىلانىدىكى قورچاق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ھەمدە دۇبچېك بىلەن ئۇنىڭ بىر يولدىكى كىشىلىرىنى ـ ك گ ب خادىملىرىنىڭ قوغداپ مېڭىشى بىلەن كرېمىل سارىيىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارنى قورقۇتۇش ئارقىلىق باش ئىگىشكە مەجبۇرلاش ئىدى. برېژنوپ  ك گ ب ئۇيدۇرغان سوتسىيالىزمغا قارشى كۈچلەر سىياسى ئۆزگۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ دېگەن تۆھمەتكە بەكلا ئىشىنەتتى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

*يەر ئاستى قوماندانلىق ئورنى بىلەن قورال ئىسكلاتىنى تاپتۇق، بىز ھەرگىز شەخسلەر بويىچە سىبىرنىڭ جىنايىتىنىڭ بار دەپ سوتلاشنى خالىمايمىز. بەلكىم سىلەرمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. ...*

ئەمما كېيىنكى بىر قانچە كۈنلۈك مۇھاكىمىلەردە، سوۋېت سىياسىي بىيروسى تەدرىجى ھالدا بېسىپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئاقلاش تىرىشچانلىقىنى شۇنىڭدەك يالغاندىن ياساپ چىققان يولداشلار ئارا ئىتتىپاقلىق دېگىنىنى بىر ئۆرلىمپلا تەھدىت ۋە مەجبۇرلاشقا ئۆزگەرتىۋالدى. دۇپچېك سوۋېتنىڭ ئورتىغا قويغان ئاساسلىق تەلەپلىرىگە يول قويغىنىدىن تاشقىرى، ماڭغىدەك باشقا يولىمۇ قالمىغان ئىدى: "باشقا چارىلەر ئاقمايدۇ. بىزنىڭ ھەل قىلماقچى بولىۋاتقىنىمىز بېسىۋېلىنغان بىر دۆلەت ئىشى، بىزنىڭ ھەر باسقان قەدىمىز سوۋېتنىڭ قورال تەھدىتى ئاستىدا بولىۋاتىدۇ. [410] 26-ئاۋغۇست، چېخسلوۋاكىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى مەخپىي بىر شەرتنامىغا ئىمزا قويۇپ ۋارشاۋا قوشۇنلىرىنىڭ چېخسلوۋاكىيەنىڭ "ۋاقىتلىق" ئىشغال قىلىنىش ھالىتىنى قوبۇل قىلغان. 22-ئاۋغۇست كۈنى ئالدىراشلىق بىلەن چاقىرىلغان چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى 14-پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتىيى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيىپلەش ئۈچۈن چىقارغان قارارمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسىدىكىلەر ئىلگىرى موسكۋاغا نەپرەتلىنىپ بولسىمۇ، بىر قىسىم ئاساسلىق ئىسلاھاتچى ھەيئەتلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان ئىدى.

كرېمىل سارىيى موسكۋا شەرتنامىسىنى پەقەتلا "تەرتىپنى نورماللاشتۇرۇش" ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى دەپلا قارىغان ئىدى. بۇ ھەرىكەت تېزلا "پراگا باھىرى" دىن پىراگا قىشىغا ئۆزگىرىپ كەتتى. سوۋېت تەرەپ خۇددى چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا چىقارغان بىر پارچە ھۆكۈمەت تارىخى خاتىرىسىدىن رەنجىگىنىدەك بولدى:

*ئوڭچىلار ... يەنىلا پارتىيە ھۆكۈمەت ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى*

*ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرماقتا.... پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم كۈچلىرى 1968-يىلى ئاۋغۇستتىن 1969-يىلى ئاپرېلغىچە، بىر مەيدان مۇشكۈل ۋە جاپالىق مۇرەككەپ بىر كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. ئوڭچىلار تەدرىجى ھالدا بېسىمغا دۇچ كەلدى.*

ئاندروپوپنىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، گەرچە خاۋسكا بەزى مۇھىم ئىسلاھاتچى ئەزالارنى قولغا ئالغان بولسىمۇ، چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى "ئوڭچىل" كۈچلەر يەنىلا بەكلا كۈچلۈك. پراگادىن كەلگەن ك گ ب دوكلادلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇنداق ئەھۋاللار چەتئەل ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا يەنىلا بەك كۈچلۈك:

*(چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى) بىرىنچى باشقارمىسى (چەتئەل ئىستىخارات باشقارمىسى) ئىچىدىكى مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنى يالقۇنجىتىۋېتىپ، بەزى سوۋېتكە قارشى خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەر كۆرۈلدى: سوۋېت دۆلەت بايرىقىنى يىرتىش، بىر قىسىم دۇشمەنلىك خاراكتېرىدىكى پىلاكاتلارنى چاپلاش، ئەۋەتىلگەن بىرىنچى باشقارمىنىڭ قوغدىغۇچى سوۋېت ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ پائالىيەتلىرى يەر ئاستىغا كۆچۈپ پائالىيەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇش، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن تونۇشتۇرۇشلىرىنى يىغىۋېلىش، ھەمدە سوۋېت ئارمىيىسى بارغاندا ئىش تاشلاپ نارازىلىق بىلدۈرۈش قاتارلىقلار كۆرۈلدى.*

چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخارات ئىدارىسى بىرىنچى باشقارمىسى پارتىيە ئومۇمى يىغىنى [411] نىڭ بىر قاتار قارارلىرىدىن مەركەز بەكلا خاپا بولغان. بۇ قارارلار مۇنۇلار ئىدى:

*1. بىرىنچى باشقارما پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى موسكۋادىن قايتىپ كەلگەن چېخسلوۋاكىيە ۋەكىللەر ئۇمىكىدىكىلەردىن بەكلا خۇشال، يەنى دۇبچېك، سىموركوفسكى، چېرنىكوف، كىبىلگىر، سىئوبۇدا ۋە باشقا يولداشلىرىنىڭ ئاساسى قانۇن ۋە پارتىيە ئۇلارغا بەرگەن ۋەزىپىسىدىن بەكلا خۇشال ئىدى. (ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چاڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن، كىبىلگىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان ئىدى).*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ يولداشلارغا قارىتا ئىشەنگەنلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرىنچى باشقارمىنىڭ پارتىيە تەشكىلىدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ بەلگىلىگەن (ئىسلاھات) ھەرىكىتى پىلانىنى ئورۇندىشىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتى.

2. بىرىنچى باشقارما پارتىيە تەشكىلى موسكۋا سۆھبىتىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ سۆھبەت تەڭسىز شارائىت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان: ئۇچاغدا بىز تەرەپ ۋەكىللىرىمىز بېسىم ئاستىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشغالىيەتچى قوشۇن چېخسلوۋاكىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەسىدە تۇرىۋاتقان ئىدى.

3. بىرىنچى باشقارمىدىكى بارلىق كوممۇنىستلار يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىپادىلەيدىكى قانۇنلۇق سايلىنىپ ئوتتۇرغا چىققان چېخسلوۋاكىيە ئىستىخبارات ئورگىنى رەھبەرلىكىنى قوللايمىز، ھەمدە ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشىنى بىردەك قارشى ئالىمىز (ئۇلار موسكۋانىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىدى.) بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئىدارە رەھبىرى ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىر ياۋېلنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىق بۇيرۇقىنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىنى دەرھال تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب خادىملىرىنىڭ بۇ ئىشتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىنىشى كېرەك.

پارتىيە تەشكىلىنىڭ قارىشىچە، 14-قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئالغان قارارلار قانۇنلۇقتۇر، ھەمدە بۇ قېتىمقى بوھران ۋەقەسىنىڭ مەسئۇلىيىتى سوۋېت ئارمىيىسىگە مەنسۇپتۇر.

ك گ ب دىكىلەر چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ نيۇيوركتا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى، پاۋلاسى پاتېر سەۋەبسىز شەكىلدە چېخسلوۋاكىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئىر خايوك موسكۋا شەرتنامىسىغا ئېتىبار قىلماي، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇز قىلىش قىلمىشىنى ب د ت بىخەتەرلىك[412] كاتىۋات يىغىنىغا مۇھاكىمە قىلىشىغا سۇنىدىغان بولغان. پاۋېل بۇ توغرىدا گېپىدە چىڭ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر بىز بىخەتەرلىك كاتىۋات ئىشخانىسىغا چېخسلوۋاكىيە مەسىلىسىنى سۇنمىساق، خەلقىمىز بىزنى خائىن دېيىشى مۇمكىن. " چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقىمۇ كۆزلىرى ياشانغان ھالدا ئۇلىگ كالوگىنغا مۇنداق دېگەن: "باللىرىمىز كېيىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە قىلغان بۇ ئىشلار ئۈچۈن سىلەردىن قەتئىي نەپرەتلىنىمىز، بىز سىلەرنى بۇ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن مەڭگۈ ئەپۇ قىلالمايمىز دېيىشى مۇمكىن. " چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى سوۋېت پەرەستلەر، يەنى ك گ ب نىڭ دېيىشىدە "ئىلغار كۈچلەر" نۇرغۇن يىل سەرىپ قىلىپ ئاندىن ماركسىزىمنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ ئاقىبىتىنى تەلتۆكۈس يوقىتالىغان ئىدى.

سوۋېتلىكلەر چېخسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلغىنىدىن كېيىن، ك گ ب ئىشپىيونلىرى يەنىلا ئاندروپوپ تۈزۈپ چىققان تەۋرىنىپ تۇرغان "ئوڭچى" كۈچلىرىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئوتتۇردىكى تەۋرىنىپ تۇرغان كۈچلەر ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈشنى يولغا قويماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقى چېخسلوۋاكىيىنىڭ "ئىلغارلىق ھەرىكىتى" مۇ سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھىنىڭ باشقا ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. "پراگا باھارى" دەۋرىدە، مەركەز دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ ئىشپىيونلىرىنى چېخسلوۋاكىيىگە ئەۋەتكەن ئىدى. 25-ئاۋغۇست كۈنى ئۇ مەركەزگە دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، يەنە پراگاغىمۇ بىر كىچىك ئەترەت ئۈۋەرتتۇق. ھەممە بۇ ئەترەتنىڭ ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولىدىغان ھەممە ك گ ب ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ دۆلەتلىك بىخەتەرلىك خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتتۇق. سىنتەبىردە، ئاندروپوپ بىلەن بىرىنچى باش ئىدارە باشلىقى ساخاروۋسكى ۋارشاۋاغا كېلىپ، پولشا بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى (پولشانىڭ ك گ ب سىغا تەڭ)

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىر پىلان تۈزۈشكە قوشۇلىدۇ. بۇ پىلان جاسۇس ۋە ئىشپىيونلاردىن پايدىلىنىپ چېخسلوۋاكىيىنىڭ "يەر ئاستى ئەكسىل ئىنقىلابى تەشكىلاتى"، سەرگەردان ئىتتىپاقلارغا ۋە يامان نىيەتلىك ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغان.

مىتروخىن كۆرۈپ چىققان ئارخىپلارنىڭ خاتىرلىشىگە ئاساسلانغاندا، ك گ ب چېخسلوۋاكىيىنىڭ "ئەكسىل ئىنقىلابى تەشكىلاتى" نىڭ ئادەتتىكى ئەزالىرىدىكى ئەڭ قىممىتى بار ئەمما ئۆزلىرى نىمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىستىخبارات مەنبەسى لىيو لاپ (پارولاسى ۋىرىدېر)، لاپ ئەسلىدە بىر سىياسى جىنايەتچى بولۇپ، ھەم ك-231 كلۇبىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. گەرچە چېخسلوۋاكىيە گراژدانى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئەسلىدە گېرمانىيە ۋەتەندىشى بۇ ئۇنىڭ غەرپ تىللىرىنى دېگەندەك بىلمەيدىغان كۆپ سانلىق چېخسلوۋاكىيىلىك گراژدانى تېخىمۇ ئاسان ئىستىخبارات مەنبەسىگە تەرەققى قىلاتتى، ئالا دېگىنى لاپ بىلەن ئۇچرىشىدىغان بىرسى، 1968-يىلى، ئۇنىمىسچە بىلىدىغان شىۋتسارىيىلىكچە ياسىنىپ، لاپ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچۇرۇشىدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇپ ئىشىنى يەنە بىر ئايال ئىشپىيون ئارچېمووۋاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاشكارە سالاھىتى بىر ئاۋستىرىيىلىك ئايال سودىگەر ئىدى. 1969-يىلى يانىۋاردىن باشلاپ، مەخسۇس لاپىن بىلەن ئۇچۇرۇشىدىغانغا مەسئۇل [413] پارولاسى ۋىئودوروۋ دېگەن ئىشپىيون بولىدۇ. ئۇنىڭ قوللانغىنى گېرمانىيە پاسپورتى بولۇپ، ئاشكارە ئىسمى ۋارت بۇلىد ئىدى. شۇندىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە، ئۇ چېخسلوۋاكىيە جاسۇسلىقىغا ماھىر جاسۇسلۇق پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئىشپىيونىدىن بىرسىگە ئايلىنىدۇ. ئالا بىلەن ئارچاۋمۇۋا ئىككىسىلا مەركەزگە لاپىنىڭ چەتئەللىكلەرگە ئۆي ئىجارە بېرىدىغان ئەھۋالىنى دوكلاد قىلىدۇ. شۇڭا ۋىئودوروۋ ئۆزىنى بىر سودىگەر دەپ قاراپ، پراگادىن بىر ئۆي تېپىشىم كېرەك دېگەننى سەۋەب قىلىپ، لاپىن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان.

لاپىن ئاللا، ئارچېمووۋا ۋە ۋىئودوروۋ دېگەن بۇ 3 كىشىنىڭ ك گ ب ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى قەتئى بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ كېلىشى

"ئىنسانپەرۋەرلىك سوتسىيالىزم" قالدۇق كۈچلىرىنى يوقۇتۇش ۋەزىپىسىگە كەلگەن. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىشەندۈردىكى، ئۇلار "پراگا باھىرى" نى قوللايدىغان كىشىلەر بولىۋېلىپ، بۇ ھەرىكەتكە ياردەم قىلىپ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ كۈچ چىقىرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا غەرىپلىكلەر ئومۇمىي يۈزلۈك دېگەندەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخسلوۋاكىيىنى بېسىۋېلىشىغا قارشى ھېسسىياتلىق كىشىلەردىن ئىدى. پلوت بۇ شىۋىتسارىيىدىن، ئاۋۇستىرىيىلىك ۋە گېرمانىيىلىك 3 كىشىنىڭ قىلغىنىنى چۈشىنىشكە بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىگە خاتا ھالدا ئىشىنىپ قالغان. ئۇنىڭ بۇ خاتالىشىشى دەل فېردولوف تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە پايدىلىنىلغان. لاپو فېيودوروۋقا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ قالغان. لاپو يەنە فېيودوروۋقا تولۇق ئىشەنگەن، ھەتتا رومىنىيىگە دەم ئېلىشقا بارغان ۋاقتىدا ئۇ يەنە ئۆز ئۆيىنى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشى ئۈچۈن بېرىپ تۇرغان. شۇنىڭدەك يەنە لاپو فېيودوروۋنى ك-231كۇلۇبىنىڭ پائالىيەتچىسى ۋە خرىستىيان دېموكراتلار پارتىيىسى، سوتسىيالىستىك خەلق پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىگە تونۇشتۇرغان. بۇ پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىلا "پراگا باھىرى" ۋاقتىدا قايتىدىن ئۆز تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىشىنى ئويلىغان. فىررودوروۋ تەمىنلىگەن زور مىقداردىكى ئۆزىنىڭ ۋە بۇ ئەكسىل ئىنقىلابچىلار بىلەن كۆرۈشۈش ھەققىدىكى بەزى دوكلادلار مەركەزنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغىغان. ھەمدە ئۇنى سىياسى بىيروغا يوللىغان.

تەبىئىكى، ك گ ب نىڭ ئارخىۋىدا ئىشپىيونلارنىڭ خائىنلىق قىلغان ۋاقتىدىكى قەھرىمان دېيىشكە بولىدىغان "پراگا باھىرى" نىڭ ساق قالغانلىرى ھەققىدىكى تەسىراتى خاتىرىلەنمىگەن. ئۇلار سوۋېت گۇرۇھى سىرتىدىكى خىزمەت قىلىۋاتقان بىۋاسىتە بۇ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سوۋېت دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، بۇ جاسۇسلار غەرپ ئەللىرى بىلەن چېخسلوۋاكىيىنىڭ تۇرمۇش ئەمىلىيىتى ئەھۋاللىرىنى تولۇق بىلەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئىشەنمەيتتى. ئۇلار بىر مەيدان سوتسىيالىزم قىممەت قارىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان غەرىب

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جاھانگىرلىرىنىڭ قۇتلۇق ئۇرۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دەپ قارىشىدىغان كىشىلەر ھېساپلىشاتتى. بىرىنچى باش ئىدارىنىڭ س ئىدارىسىدىكى كىشىلەر دائىم غەزەپلىنىپ، چەتئەلگە چىقىرىلغان جاسۇسلار ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگىنىدە، دائىم سوۋېت ئىتتىپاقى[414] تۇرمۇشىغا "توغرا بولمىغان قاراشلارغا كېلىپ قالاتتى. بەزىدە، ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ھەقىقەتەنمۇ كىشى قوبۇل قىلالمىغىدەك دەرىجىدە خاتا بولاتتى. نەتىجىدە ئۇلار جاسۇسلۇق ھاياتىنى بالدۇرلا ئاخىرلاشتۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋالاتتى. 1966-يىلى، ك گ ب نىڭ بۇداپىشت ئالاقىلاشقۇچى باشقارمىسى مەركەزگە مەلۇمات بېرىپ موسكۋادا دەم ئېلىشقا كېلىپ كاناداغا قايتىپ كېتىپ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان ئايال جاسۇس ئەرنانىڭ بىر قاتار سىياسىي جەھەتتىكى خاتا قاراشلىرى، ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى ھەتتا ئۇلارنىڭ ك گ ب كەسپداشلىرىنىمۇ "چۆچىتىۋەتكەن ئىكەن". بۇلار مۇنداق گەپلەر ئىدى:

*موسكۋادا مەن بەزى ئىشلار ئۈستىدە پىكىرلىرىمنى ئوچۇق ئورتىغا قويالمايمەن. ھەرنېمە دېگەن بىلەن مەن شۇنى پەرەز قىلالايمەنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە مېنىڭ ئىدىيەمدە بىر قىسىم بۇرجۇئازىيە ئىدىيىسى بار ئىكەن.*

*نېمە ئۈچۈن پارتىيىمىز بۇ قېتىم ئوتتۇرغا چىققان خىروشىۋوننىڭ شەخسىگە چوقۇنۇشىغا يول قويغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكى ئەمەس، نېمە ئۈچۈن خىروشىۋوننىڭ ئۆزىلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ سىياسىي قارارلىرىنى بەلگىلىيەلەيدۇ؟ بۇ چاغدا باشقا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى نەدە قاپتۇ؟ ستالىننىڭ شەخسىگە چوقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر ئۇلارنىڭ ئېنىق ئېسىدە قالمىغانمۇ؟*

*بۈگۈنكى كۈندە بۇنچىۋالا كۆپ سۇنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟ يەر شارىدا يۈز بەرگەن تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمىدى؟ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىلى 20 يىلدىن ئاشتى. ئەمما پۇخرالىرىمىز تېخىچە ئۇلار لازىم بولىدىغان نەرسىلىرىگە، يەنى ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك ۋە كېرەكلىك بولغان ماددىي بايلىققا تېخىچە ئېرىشەلمىدى. ئەمما غەرىپتە بولسا، ئەڭ ئاخماق*

*كىشىلەردىن تارتىپ بۇ مەنپەتلەرگە ئاللىبۇرۇنلا ئېرىشىپ بولدى!*

ھېچ بولمىغاندا قايسى بىر ئىشپيون بۇ تۆردىكى كۆشكۆرتكۆچى خاراكتېردىكى سۆزلەرنى قىلالايدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا نۇرغۇن كىشىلەردە بۇنداق ئىدىيىلەر مەۋجۇت. پەقەت بۇلارنى ئېيتالمايدۇ. مانا بۇلار ئۇلاردىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېيتىشىنىڭ بىر سەۋەبى. بەزىدە ئۇلار چېخسلوۋاكىيىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەر ئۇلاردىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەكتە.

1963-يىلىدىن 1972-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن كوپىنخاگىن ئىستىخبارات پونكىتى ن يولى (ئىشپيونلار بىلەن ھەكارلىشىش باشقارمىسى) دا ئىشلەيدىغان ئولېگ ئانتونوۋىچ گوردىيوفسكى ئۇنىڭ ئاكىسى گروموف - "پراگا باھىرى" دەۋرىدە ئەڭ بۇرۇن بۇيرۇق بويىچە بىر كىتاپ يېزىپ، [415] "ئوڭچىل" تەشكىلاتلارغا سىڭىپ كىرگەن 5 ئىشپيوندىن بىرى. نىڭ ئەسلىمىسىنى يازىدۇ، بۇ كىتاپتىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، گروموفنىڭ بەزى قاراشلىرىنى كۆرەلەيمىز. 1933-يىلى تۇغۇلغان گروموف، ئولېگنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق دەيدۇ، "ئۇرۇش دەۋرىدە رەھىمسىز ھېسسىياتسىز بولۇپ كەتكەن ئوغۇل باللار" نىڭ بىر قىسمى چوڭ بولغىنىدا دۇنيانى چۆگىلىتىپ ئوينايدىغان ماددى مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ. چېخسلوۋاكىيىنىڭ كەمبەغەلچىلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداق بالا غەرپ دۇنياسىدا ياشاشنى تېخىمۇ ئارزۇلايدىغان بولىدۇ. ئولېگ تەربىيە مەشىقى كۆرىۋاتقىنىدا ئۇنىڭغا چېخسلوۋاكىيە تىلى بىلەن شىۋىتسارىيە تىلىدىن بىرنى تاللاشقا توغرا كەلگىنىدە، ئۇنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: بىر ئاخماقمۇ شىۋىتسارىيە تىلىنى تاللىمايدۇ. 'ئەگەر سەن چېخسلوۋاكىيە تىلىنى تاللايدىغان بولساڭ، ئۇنداقتا سەن ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن سوۋېت ئەلچىخانىسىنىڭ پراگادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىدە ياشىغاندەك بولىسەن، ياكى بۇلاسلاۋا كونسۇلخانىسىدا ھاياتىڭنى ئۆتكۆزگەندەك بولىسەن، ... (ئەمما) شىۋىتسارىيە ئىنتايىن ياخشى بىر دۆلەت ... ئۇ يەردىن سەن ياۋروپانىڭ خالىغان يېرىگە بارالايسەن. "ۋئودورروف مەركەزگە

يوللىغان دوكلاتىدا چېخلار سوغۇق مازاق قىلىنغان، گەرچە ئۇ كىشىنىڭ ئىپادىسى ئۇنچىۋالا ئاشكارە بولمىسىمۇ. ئۇ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى چېخسلوۋاكىيىدىكى رولىنى ئىپادىلىگەندە، مۇنداق دەپ يازىدۇ: "سوۋېتنىڭ قورallıq كۆچى بىر قاتناش زىچ توسۇلۇپ قالغان. 4 كوچىدا قىستىلىپ تۇرۇغان بىر ساقچىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ساقچىنى ھەممە ئادەم كۆرەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن قاتناشمۇ ئۆزلىكىدىن راۋانلىشىپ كېتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا چېخسلوۋاكىيە خەلقى قورقىنىدىن ئۇ ساقچىغا بوي سۇنىدۇ.

ئاز ساندىكى ئىشپىيونلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، چېخسلوۋاكىيەدىكى بېشىدىن ئۆتكەن تەسىرلەر يالغۇز ئۇلارنىڭ ئۇمىدسىزلىكىنى پەيدا قىلىشىدىن كۆپ ئېغىر ئىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئالا ئۆزىنى ئۇلتۇرىۋېلىشقىمۇ ئۇرۇندى. گەرچە ئۇنىڭ ك گ ب ئارخىپىدا بۇ ئىشى توغرىلىق چۈشەندۈرۈشى پەقەتلا بۇ خانىمنىڭ ھەمراھى ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىكىدىن بولغان دەپلا چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمما بۇ گەپكە ئىشىنىش بەكلا تەس بۇ ئايالغا خائىنلىق قىلغان ئۇنىڭ بىلەن مەخپى مۇناسىۋىتى بولغان چېخسلوۋاكىيەلىكلەر ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر ھېسسىياتى جەھەتتە چوڭقۇرلىماي ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان. ئەكسىنچە ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلغان ئۇنىڭ بىلەن زىچ ئالاقىدا بولغان چېخسلوۋاكىيىدىكى خىزمەت تەجرىبىسى بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىشپىيونلىرى بولغان تېخىمۇ ئومۇمىي ئىنكاس بولسا ھاراقتا بېرىلىپ زابويلۇق ـ ئالكاشلىق بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىشلا ئىدى. گروموۋ شەرقى جەنۇبى ئاسىياغا ۋەزىپە ئۆتەشكە بارغىنىدا ب تىپلىق جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تۇرۇغلۇقمۇ بەربىر ھاراقنى تاشلىيالمىغان. 1972-يىلى ئۇ ۋاپات بولغىنىدىمۇ ئارانلا 39 ياشلىق بىر چوكان ئىدى. بوگۇمۇك بىلەن ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئاخىرى ھاراقكەش بولۇپ كەتكەن. 1976-يىلى، ئۇنى بۇرجەنكى گوسپىتالىغا ياتقۇزۇپ 'ئومۇمىيۈزلۈك ھاراقنى تاشلاتقۇزۇش داۋالىشى قىلغان نولسىمۇ ئۇنىڭ ئايالى ك گ ب مەركىزى دوختۇرخانىسىنىڭ روھى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە، ھاراق تاشلىتىش داۋالىشى قىلغان بولسىمۇ، بىر قانچە يىل ئاۋال چېخسلوۋاكىيە ۋە باشقا

شەرقى ياۋروپا ئەللىرىدە ئېغىر دەرىجىدە 'ئىلغارلىق ھەرىكىتى" [416] ۋەزىپىسى بوگۆڭنى پىسخولوگىيىلىك زەربە سەۋەبىدىن ئامېرىكىدا ئىشپىيون بولغىنىدا ئىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي روھى بېسىمى بەك ئارتىپ كەتكەن.

چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىدا يەنە بىر خىزمەتچى خادىمنىڭ ئەھۋالى شۆبھىسىزكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخىسلوۋاكىيىگە باستۇرۇپ كىرگىنىدە، بەزى كىشىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىر ھىساپتا ئاختۇرۇش خاراكتېرىدە ئىدى. گروموۋنىڭ ئىنىسى، ئەينى ۋاقىتدا كوپىنخاگىندا ئىشلەيدىغان ئولىگ گوردىيوۋسكىدا ئۇ بىر قېتىملىق قورقۇنۇشلۇق بىر تەسىرات ئىدى، ئۇ قورقۇنۇشلۇق بىر كۈن  ماڭا نىسبەتەن كېيىنكى تۇرمۇشۇمغا بەكلا ئېغىر تەسىر قالدۇرغان "پراگا باھىرى" نى باستۇرۇشتا ئۇ سوۋېت بىر پارتىيە دىكتاتۇرلىقىدىكى دۆلەتنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ئىنسانىيەت ئەركىنلىكىگە قىلىنغان بىر بۇزغۇنچىلىق، ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. كېيىنكى بىر قانچە يىلنىڭ كۆپ ۋاقتىلىرىدا ئۇنى يۇشۇرۇن قىيناپ بولماي، ئاخىرى بۇ بىر پارتىيە دىكتاتۇرلىقىدىكى دۆلەتنى ماھىيەتتە ئاخىردا ك گ ب ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ بىر ھېساپتا ئەنگلىيە جاسۇسى قىياپىتى بىلەن يوشۇرۇن قەتئى بەل باغلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باپ
# «ئىلغارلىق» ھەرىكىتى

## — سوۋېت گۇروھى ئىچىدىكى دۆلەتلەرگە قارىتا جاسۇسلۇق پائالىيەتلەر[418]

دۇپچېك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلغىنىدىن كېيىنكى 8 ئاينى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ "بىرقېتىملىق تەشكىللىك ئاساستىكى چېكىنىش، ھەربىر ئىلىك تۇپراقنى بېرىۋېتىش ئۈچۈن ئەستايىدىل پىلان تۈزۈلۈپ قارشىلىق كۆرسىتىلدى". ئەمما، بۇ بىر قېتىملىق ھامىنى مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ئېنىق بىر چېكىنىش. سوۋېتتىن كەلگەن بېسىم، چېخسوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كونسېرۋاتىپلار ھەمدە بۇرۇن ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلىدىغان ئەمما ئۆزىنىڭ ئابرويى كىشىلەر بىلەن تاجاۋۇزچىلار بىلەن بىر يولدا بولۇپ ئۆز ئابرويىنى بۇلغىۋېلىش جەھەتتىكى ئامىللار دۇبچىقكوە قالغان ئىسلاھاتچىلارئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئورنىنى ئاستا ئاستا تەۋرىتىپ قويىدۇ.

1969-يىلى مارت ئېيىدا ستوكھولۇمدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋىيمۇز توپى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدا، دۇبېك ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىنىدىغان كىشىنىڭ بىۋاستە باھانىسىنى تېپىۋالىدۇ. دوبچېك كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: مارتنىڭ 21-كۈنى، 'پۈتكۈل دۆلەت تېلېۋىزوردىن چېخسلوۋاكىيىنىڭ دولەت كوماندىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقكوماندىسى بىلەن بولغان مۇسابىقىدا، بۇ مۇسابىقە بىر قېتىملىق مۇز توپى مۇسابىقىسىنىلا ئىبارەت ئىدى. دۇبچېكنى تەختىدىن چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغان كىشىلەرگە بىر بىۋاستە باھانە تېپىش ئۈچۈن ئوينالغان بىر قېتىمق مۇز تېيىلىش مۇساقىسىنىلا ئىبارەت ئىدى.دۇبچېك كېيىن بۇ ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ. 21-مارت كۈنى، "پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى تېلېۋىزور ئارقىلىق چېخسلوۋاكىيە دۆلەت كوماندىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىغا چۈشىدۇ.

تەبىئى، بۇ بىر قېتىملىق مۇز توپ مۇسابىقىسىلا ئەمەس، ئەلۋەتتە ئۇ بىر مەيدان مەغلۇپ بولغان ئۇرۇشنىڭ ئىپادىسى ئىدى...." پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چېخسلوۋاكىيە كوماندىسىنىڭ غالىبىيىتىنىقىزغىنلىق بىلەن تەبرىكلىشى ئىدى. بۇ مۇسابىقە ك گ ب نىڭ 28-مارت كۈنىسى چېخسلوۋاكىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىپ بارغان 418 ئىككىنچى قېتىملىق مۇسابىقىدىن كېيىن، چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى سوۋېتپەرەسلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق پەيدا قىلىنغان بىرلىكتە پەيدا قىلىنغان سوۋېتكە قارشى توپىلىڭى، مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئاۋال. بىر قىسىم ئۆزىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشچىلىرى قىلىپ گرىم قىلىشقان ساقچىلار ۋاسلاف مەيداندىكى سوۋېت ئاۋاتسىيە شىركىتىنىڭ ئىشخانا بىناسى ئالدىغا بىر ماشىنا تاش تۆكۈۋېتىدۇ. پراگا ساقچىلىرىنىڭ ئارخىپىدا كۆرسىتىلىشىچە، پۈتكۈل ھەرىكەت چېخسلوۋاكىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يۆشۈرۈنغان بىر نەپەر سوۋېت ئىشپىيونى بۇ ئىشقا بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان. دەل چېخسلوۋاكىيە دۆلەت كوماندىسى بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم سوۋېت دۆلەت كوماندىسىنى يېڭىۋالغاندىن كېيىن، كېيىنىشى چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئۇۋىتسېرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان كىشىلەر غالىبىيەتنى تەبرىكلەشكەن نامايىشچىلار قېتىغا قوشۇلۇۋېلىپ، ئالدىن دۈۋىلەپ قويغان ۋىنسەيلوس مەيداندىكى تاشلار بىلەن سوۋېت ئاۋاتسىيە شىركىتىنىڭ ئىشخانىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىنا ئىچىدىكى ئۈستەل ئورۇندۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ.

بۇ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلانغان ھەرىكەت موسكۋالىقلارغا لازىملىق پاكىتلارنى پەيدا قىلىپ بېرىدۇ. "ئەكسىل ئىنقىلاپچىلار بولىدىكەن قەتئىي تۈردە باستۇرۇلۇشى كېرەك". دۇبچېكنىڭ قارىشىچە ئىستىپا بېرىشىمدىن باشقا چارەم يوق ئىكەن "بولمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بىر قېتىم جىددى ئىش چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ، يەنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك بىر ۋەقە چىقىرىدىغاندەك قىلىدۇ. ھەتتا قان تۆكۈشتىنمۇ يانمايدىغاندەك.17-ئاپرىل كۈنى سلوۋاكىيىنىڭ بىرىنچى

www.uyghurkitap.com

سېكرېتارى گۇستاف يىڭساك دۇبچېكنىڭ ئورنىغا چىقىرىلىدۇ. دۇبچېك مەملىكەت بويىچە رادىئو نۇتقى سۆزلەپ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ ئۆزىنى تېزگىنلىيەلمەي كۆز يېشىنى تۇتالمىدى. چېخسلوۋاكىيىدە يولغا قويۇلغان "ئىلغارلىق ھەرىكىتى" ھېلى ھەم داۋام قىلماقتا. بىرىنچى ئىدارىنىڭ س غا مەسئۇل يوقۇرى دەرىجىلىك باشلىقى دمىترى جىلىلوۋىچ ۋىترىف پراگاغا كىڭىلىپ، جاسۇسلارنىڭ جاھىل ئۆزگەرمەس ئىسلاھاتچىلارغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكەت نازارەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزگۆرۈشىگە ھەمكارلىشىدۇ. گالىناشۇيىبوۋىچ (پارولاسى كائىن) تەسىر كۆرسىتىشكە بېسىم قىلىپ تۇردۇ. مەركەز چېخسلوۋاكىيە مۇز توپى كوماندىسىغا چوڭقۇر گۇمان قىلىدۇ. يەنە بىر ئاۋسترىيىلىكچە ياسانغان  يورى لېنوف ئىسىملىك، پارولاسى كلاۋچىنكي دېگەن ئىشپون خەلقارا دەرىجىلىك شاخمات ماھىرى تەنتەربىيە سەھىپىسىنىڭ يازغۇچىسى لۇدىك پاخماننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. پاخمان بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، قانۇنسىز رادىئو ستانسى قۇرۇشقا قاتناشقان. لېنوف پاخماننىڭ بىر قىسىم "سوۋېتكە قارشى كىغەشتە چىڭ تۇرىدىغان دوست ۋە خىزمەتداشلىرىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، پاخمان قولغا ئېلىنىدۇ ھەمدە تۇرمىگە قامىلىدۇ.[419]

كگ ب نىڭ پراگادر تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش باشقارمىسى، گەرچە دۇبچېكنىڭ ئەمىلىنى ئېلىنغانلىقىغا بەك خۇشال بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئىز باسارىغا نىسبەتەن، 1952-يىلى تروتسكىچى ۋە بۇرجۇئازىيە مىللەتچىسى دېگەن قالپاق كەيگۈزۈلگەن، ھەمدە تۇرمىگە قامىۋېتىلگەن گۇستاف خۇساكمۇ بۇنىڭدىن بەك رازى ئەمەس، ئالاقىلىشىش باشقارمىسىنىڭ دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، "9 يىللىق تۆمۈر تور ئىچىدىكى ھايات، گۇستاۋنىڭ پسىخولوگىيىسىدە چوڭقۇر نۇقسانلارنى قالدۇرغان، شۇڭا ئۇ چېخسلوۋاكىيىنىڭ كومپارتىيىنىڭ يولىنى تۇتقان كىشىلەرنى مەسئۇل بولماسلىقتەك بەكلا ئادەتتىنچە قارايدىغان بولىۋالغانىدى." ئالاقىلاشقۇچى خادىم يەنە مەركەزگە دوكلاد قىلىپ مۇنداق دېيدۇ،چېخ كومپارتىيىسىرەھبەرلىك قاتلىمىدا "ھەقىقى ئىچكى ئىتتىپاقلىق

يوق" ئۇلار 'ئىنتېرناتسىيونالىزمچىلار" بىلەن رىئالىزچىلاردىن ئىبارەت " ئىككى تەرەپكە بۆلىنۋالۇغان. 'ئىنتېرناتسۇيونالىزمچىلار"، بىلاك بىلەن ئىندىرا ۋەكىللىكىدىكى، ھەر ئىككىسىلا 1968-يىلى ئاۋغۇستتا سوۋېتنىڭ چېخسلوۋاكىيىگە مۇداخىلە قىلغان كىشىلەردۇر. رىيالىستلار ستېلاۋگار نى ئاساس قىلغانلار بولۇپ، بۇ كىشىلەر گەرچە ئەينى ۋاقىتدا سوۋېتنىڭ چېخسلوۋاكىيىگە مۇداخىلە قىلغانلىقىغا قارشى چىققانلار بولۇپ، ئەمما بۇگۈن بۇ ئەمەلىيەتنى قوللايدىغان بولىۋالغان. ئىككىنچى 7يىلى بۇ ئىككى تەرەپلا بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1970-يىلى يانىۋاردا، ستىلاۋگار چېركىنىڭ ئورنىغا چىقىپ مىنىستىر بولغان. ئەمما شۇڭ بىلە بىرگە بلاك يېڭى پارتىيە كىنىشكىسىنى تارقىتىش ھوقۇقىغا مەسئۇل بولىدىغان ھووقنى قولغا كىرگۈزىۋالغان ۋاتىدا، پارتىيە ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھوقۇقنى تازىلىۋەتكەن. مەركىزى كومىتىت كومىتىت رەئىسى نى باشۇرىدىغان ۋە تەكشۇرىدىغان كىشى قاتتىق قوللار دىن بولغان مىلوش ياكىش بىلاكنىڭ ئىشەنچىلىك يارەمچىسى بولىۋالغان، شۇنداق قىلىپ مۇددەت بويىچە ك گ ب نىڭ پراگادا تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش باشقارمىسىغا تازلىنىش ھەركىتىنىڭ ئىلگىرلەش ئەھۋالىنى دوكلاد قىلىپ تۇرغان. 7 يىلدىن كېيىن، ئۇ گۇساكىنىڭ ئورنىغا چىقىپ *چېخسلوۋاكىيىيە كومپارتىيىسى باش سېكرېتارلىقىغا ئاتانغان،*

*مەركەز پراگادا تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش ۋە ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇنداق باھالىغان:*

*چېخسلوۋاكىيە سوتسىيالىزىم رېسبوپلىكىسىدىكى قىساسچىلار بىلەن سوتسىيالىزمگە قارشى كۈچلەربىر قېتىملىق سىياسى مەغلوبىيەتكە ئۇچۇرىغان. ئوڭچىل كۈچلەر نىڭ قانۇنلۇق ئىدىيۋى ئىسكىلاتى تازىلىۋېتىلدى: چېخسلوۋاكىيە تىرىلىشىنىڭ ئاساسلىق ئىدىيولوكلىرى سىياسىي سەھنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ھەمدە پارتىيىدىنمۇ قوغلاپ چىقىرلدى؛ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئەڭ ئاكتىپ ئوڭچى خەتەرلىك ئۇنسۇرلار تازىلاندى. ئەمما پارتىيە كىنىشكىسىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى بىلانلا چېخسلوۋاكىيىنىڭ كومىنىستلىرى*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدىكى بارلىق دۈشمەن ئۇنسۇرلار بىلەن ئوخشىمىغان قاراشتىكى ئۇنسۇرلارنى تازىلاپ بولدۇق دېيەلمەيمىز. [420]

ئەسلىدە، موسكۋا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئىندرانى "ئىشچى-دېھقان ھۆكۈمىتى" نى باشقۇرۇشقا قويماقچىكەن. ئالاقىلاشقۇچىلار باشقارمىسىدىكىلەرنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ، "ئۇ ھازىر پېيت كۈتۈپ تۇرىدۇ" ئۇ باش سېكرېتار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تىلكى قىلچە نەتىجىسى بولمايدىغان بىر تىلەك ئىدى.

ك گ ب جاسۇسى بىلەن چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى ئىچىدىكى سوۋېتپەرەستلەر ھامىنى داۋراڭ قىلىدۇ، شتىبلاۋ گار بىلەن باشقا بۇرۇنقى ئىسلاھاتچىلار رەھبەرى يەنىلا ئالاھىدە زور تەسىر كۆچىگە ئىگە، ئەمما سوۋېتنىڭ ھەقىقى دوستىنىڭ مەنپەتى بولسا زەيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بىر ئىچكى جاسۇس بار بولۇپ، ئۇ يارۇسلاۋ ئىدى. زىمان شتىبراۋسگار ئىنتېرناتسىيونالچىلارنى مەنسىتمەيتتى: "شتراۋۇسگار نىمىدى ئۇ؟ 1968-يىلى ئۇ كۆچمەن بولۇپ غەرىپكە كەتمەكچى بولغان ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن كىرەكلىك پۇل ۋە ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ قويغان ئىدى. " خائىنلىق قىلىش شتراۋۇسگارنىڭ ئۆلك تەرىپىدە يغىلىشقا باشلايدۇ، ئەمما "سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلاشقان خادىملار بولسا، كۆرەلمەيتتى، ئۇلار مەڭگۈ باش كۆتۈرەلەيدىغان كۈنى بولايدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆستۈرۈلمەيدۇ، ئۇ ھەرگىز بۇنداق مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ. "

1971-يىلى يانۋاردا، 310 نەپەر ئىستىخباراتچى خادىم ئىشتىن چىقىرىلىدۇ. 170 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلىدۇ. چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى بارلىق يوقۇرى دەرىجىلىك خادىملار بىلەن كۆپلىگەن دەسلەپكى دەرىجىلىك خادىملارمۇ ئالماشتۇرۇلدى. ئەمما مەركەز يەنىلا رازى ئەمەس. بۇ بىر يىل ئىچىدە، ئالاقىلىشىش باشقارمىسى بۇيرۇق بويىچە چېخسلوۋاكىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى "مۇۋاپىق شەكىلدە" چېخسلوۋاكىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا تەل تۆكۈس يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. بەلكىم يەنە "مەركىزى ئورگانلار

يەرلىكلەر تەرىپىدىن كىرلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك يەنە ئىچى تارلىقلار بىلەن دۈشمەنگە ئىشلەيدىغان جاسۇسلار كىرىپ قالغان بولغاچقا " مەركەز ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەندىن كېيىنكى چېخوسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى پەن- تېخنىكا ئىستىخبارتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ توپلىغاچقا، ئىشپىيون ئەۋەتىش ۋە باشقا جاسۇسلار ھەرىكىتى جەھەتلەردە ك گ ب غا بىرىنچى باش ئىدارىسىغا ئاكتىپ ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالاقىلىشىش باشقارمىسى چېخوسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بەزى خىزمەتچى خادىملىرىدا شۆبھىلەر ھازىرمۇ ئېغىر بولسىمۇ يەنىلا دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. چېخوسلوۋاكىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى رادىك كاشكا ئاستا ئاستا كىشىنى قايىل قىلىدىغان ۋە ماھىيەتلىك ھەمكارلىق ئىپادىلەيدۇ: بىز كاشكا تەرەپتىن ھېچقانداق بىر ناتوغرا ياكى ئوبىكتىپ بولمىغان بىرەر ئىستىخبارات ئالمىدۇق. ھازىرغىچىلا بىزنى ئەنسىرىتىدىغان، ئىنچىكىلىق بىلەن چېخوسلوۋاكىيە ئىچىدىكى سىياسى تەرەققىيات ھەمدە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تونۇشتۇرمىدى.

چېخوسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى ھەرىكەت بۇيرۇقى بىلەن دوكلادلىرىنىڭ ھەممىسىلا ك گ ب غا بېرىلدى. ئىچكى جەھەتتىكى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ تەڭشەش لايىھەسىمۇ ك گ ب نىڭ تەستىقىنى ئېلىشى شەرت. كاشكا، خۇساكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۇشۇرۇن تۈردە "مۇھىم ئوڭچىلار" نىڭ ماتېرىيالىنى توپلاشقا باشلايدۇ. شۇ ئارقىلىق قانچە كىشىنىڭ دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەيىپلەشكە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش مۇمكىن. 1971-يىلى مارت ئېيىدا، كاشكا ك گ ب دىن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دالى بور خاناس شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن بۇرۇن غەرب بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان "پايدىسىز ئىستىخبارات" بولۇپ بولمىغانلىقى بۇنىڭدىن ك گ ب نى بەكلا مۈشكۈل ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئىگەللىگەنلىكىنى سورايدۇ. مەركەز غەم قىلىدۇكى، ئەگەر ئۇلار جاۋاب بەرسە، بۇنىڭ كىشىگە مۇنداق بىر (ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرا) تەسىرات قالدۇراتتى. "ك گ ب دوست ئەللەرنىڭ قېرىنداش پارتىيە گۇروھلارنىڭ خادىملىرىنىڭ ئىستىخباراتلىرىنى توپلىغان بولىدۇ." ك گ ب نىڭ پراگا مۇناسىۋەت باغلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يو شىنلىن بۇيرۇققا بىنائەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "خاناس بىلەن چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دوكلادقا ئېرىشەلمىدۇق." شۇنداقتىمۇ، ئىنتىپاقداش ئەللەردىن قانات يايدۇرغان جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا بۇندىن كېيىن ك گ ب بۇنىڭدەك مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرمەيدۇ. مەركەز يالغۇز يەردە شىنلىنغا شۇنداق دەيدۇ، بىلاك ئىلگىرى سوۋېت باش ئەلچىخانىسىغا پاش قىلىپ، "پراگا باھىرى" ۋاقتىدا خاناس "توغرى بولمىغان مەيداندا تۇرۇپ؛ھەمدە ئۇنىڭ دادىسى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلاردا "سلوۋاكىيە ئىشچىلار نامايىشىنى باستۇرۇشقا قېتىلغان." ۋەقەگە پۈتۈنلەي مەسئۇلىيىتى بار. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خاناس مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى نىڭ ۋەزىپىسىدىن كاشال چىقىرىمەن دېسە ھېچقانداق باھانە تاپقىلى بولمايدۇ. توغرا يولدىكى كىشى ئىندىرا ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈپ ئالىدۇ. 1971-يىلى 4-ماي كۈنى كاشكا ك گ ب مۇئاۋىن رەئىسى شىم كونىستانتىنوۋىچ سۋىگون بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭغا "تەرتىپ نورماللاشتى" قانلىق ھەرىكىتىنىڭ يۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلاد قىلىدۇ. سۋىگوڭ بۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرالىغان بولىشىنى سەۋەبى ئۇ بېرىژنوپىنىڭ كونا ھاراقكەشلىك ئۈلپەتلىرىدىن بولغانلىقىدىندۇر. كالوگىنىنىڭ بۇ ئادەمگە بېرىدىغان باھاسى، "مۇتلەق ئاخماقانىلىق ئەمما نىسبەتەن ئالغاندا زىيىنى يوق " بىرسى ئىدى. كاشكانىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۋىگوڭ رۇشەنكى پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئۆتكەن ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا، كاشكا ئۇنىڭغا تەخمىنەن 450 مىڭ چېخسلوۋاكىيىلىك كومپارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىرىلغان. ياكى پارتىيىدىن چېكىنگەن. "شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش پارتىيە بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەكلا قىيىنلاشتۇرىۋەتكەن". بىرلا كىشى بۇنىڭ سىرتىدا، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى قول ئاستىدىكى بارلىق ئىدارە باشلىقلىرى ئالماشتۇرۇلغان.

چېخىسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى ۋە باشقا ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىكى تەخمىنەن 3000 نەپەر خادىم ئىشتىن ئېلىپ تاشلانغان. ئەمما بۇ ئورگانلاردا يەنىلا ھەممە يەردە سوۋېتكە قارشى ھېسسىياتلارنى سەزگىلى بولاتتى، سوۋېت كىنولىرى بىلەن تىياتىرلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك چەكلەنگەن. "كېرىمىل سارىيىدىكى داڭ ئاۋازى" چېخىسلوۋاكىيىدە يېڭى قويۇلغاندا كىنوخانىدا ئارانلا 5 تاماشىبىن بار ئىدى. ئىككىنچى قېتىم قويۇلغاندىمۇ ئارانلا 10 تاماشىبىن بار ئىدى. ھەممىلا يەردە تەھدىتلەر ۋە يامان غەرەزلىك سۆزلەر تارقالغان ئىدى، تۆمۈر يوللارمۇ پات-پاتلا بۇزىۋېتىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئوڭۇشلۇق بولغان خەۋەرلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. "پراگا باھىرى" نىڭ يوشۇرۇن قوللىغۇچىلىرىنى ئوتتۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن چېخىسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى يالغاندىن "ئىنسانپەرۋەرلىك سوتسىيالىزىم"غا ئۆزىنى بېغىشلىغان يالغان ئۇيدۇرۇلغان تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئاخىردا، كاشكا سۋىگوڭغا كاپالەت بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورگىنى باشتىن ئاخىرى ك گ ب ئالاقىلىشىش باشقارمىسى باشلىقى گېنېرال شىنىلىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ تۇراتتى.

1972-يىلى باھاردا، ئاندرىيوپ بىلەن كاشكا بىر قېتىم يوشۇرۇن كۆرۈشىدۇ. بىر يىل ئاۋال سۋىگوڭنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشىمايدىغان بىر شەكىلدە ئاندرىيوپ تېخىمۇ كەسكىن بولۇپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇ شۇنىڭدا چىڭ تۇردىكى، گەرچە ھازىر چېخىسلوۋاكىيە بەكلا "تىنىچ" كۆرۈنسىمۇ، كومپارتىيە ھاكىمىيىتىمۇ كۈچىيىۋالغان ئىدى، شۇنداقتىمۇ قارشى تۇرغۇچىلار تەرىپىگە سىڭىپ كىرىپ بولغان. شۇڭا قارشى تۇرغۇچىلار تەرىپىگە غۇچىلارنىڭ كۈچىمۇ يەنىلا بەكلا كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىمۇ بۇ قارشى ئېقىمدىكىلەر ئارىسىغا سىڭىپ بولغان. شۇڭا بۇنىڭدەك قارشى تەرەپتىكىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كىرىش ئىشى يەنىلا ئىنتايىن زۆرۈر. ئاندروپوپنىڭ قارىشىچە ئەڭ مۇھىم بولغان قارشى تۇرغۇچىلار تەرىپى ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ ئىستىخبارات مەنبەسىگە ئېرىشىشتە ئەڭ مۇھىم بولغىنى يەنىلا لىيو لاپى (فىرىدى). "پراگا باھىرى"غا يالغاندىن ھېسداشلىق قىلىدىغان بولىۋالىدىغان

www.uyghurkitap.com

غەرپلىكلەرنىڭ ئىشپىيونى فېيودورروف مۇددەت بويىچە پراگا بىلەن شەرقىي بېرلىندە لاپى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردۇ. 1972-يىلى 25-يانۋاردا، بىرىنچە باش ئىدارىنىڭ باشلىقى ساخارووسكىنىڭ ئىز باسارى فېيودور كونستانتىنوۋىچ "يالغان بايراق"بىلەن ئالدامچىلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق (ك گ ب لىكىنى يوشۇرۇپ) لاپونى سوۋېتكە جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىشقا قىزىقتۇردۇ، 29-يانۋار كۈنى، ئاندرېپوپ بۇ ھەرىكەتنى تەستىقلايدۇ. شۇنداق قىلىپ فېيودوروپبۇ جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى باشلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۆزىنى فېدېرال گېرمانىيىنىڭ چەتئەل ئىستىخپارات ئىدارىسىنىڭ بىر ئىشپىيونى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.مەركەز لاپىنغا قىزىققانلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئۇنىڭ ئىنىسى كارل بىر شەرقىي گېرمانىيە گراژدانى ئىكەنلىكى بولۇپ ، يېزىلىشىچە فېدرال گېرمانىيىنىڭ ئىككى نەپەر ئاتاغلىق سىياسىيونى بىلەن بەك يېقىن ئالاقىسى بار ئىكەن.

يەنە شۇنىڭەك ك گ ب نىڭ ئارخىبىدا كاشىكا نىڭ ئۆزى ك گ ب مەسلىھەتچىسى بىلەن قالتىس قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىدۇ. ھەمدە چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتىنى ئۆزى نازارەت قىلىپ تۇردۇ. شۇنداقتىمۇ مەركەز يەنىلا چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى ئاڭ سىستېمىسى جەھەتتىكى ساپلىق دەرىجىسىدىن بەك رازى ئەمەس. 1972-يىلى ئاۋغۇستتا، ئاندرېپوپ سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىغا دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ "ئىچكى دۈشمەن" لىرى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ "تەرتىپنى نورماللاشتۇرۇش" ھەرىكىتىنىڭ تاماملىنىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن توسالغۇلۇق قىلماقتا. نويابىر ئېيىدا، بىر پارچە مەركىزى كومىتېتقا سۇنغان دوكلاتىدا چېخسلوۋاكىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىكە يوشۇرۇنغان جاسۇس بىلەن ئىچىگە يوشۇرۇنغان كىشىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرى يەنىلا "بىر قىسىم سىياسى جەھەتتە ئىشەنچىلىك بولمىغان كىشىلەر"

تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان. ك گ ب ئىچكى يىپ ئۇچى تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان نارازىلىقلارنى ئالدۇ، بۇ نارازىلىقلار "پراگا باھىرى" دا ئەمەلدىن چۈشكەن رەھبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيانكەشلىكى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى 1968-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربى ئىشلار ھەرىكىتى بىلەن ھەمكارلاشقانلار 1970-يىلى چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتىتىدا ئۆستۈرۈلگەن ۋىلىم شارگېۋىچ غەزەپلەنگەنلىكىدىن مۇنداق دەيدۇ، "ئوڭچىل رەھبەر" نىڭ پەرزەنتلىرى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىشقا يول قويۇلغان. تېخىمۇ يامان بولغىنى، دۇبچېك، ستېپان ئىدى سادوفۇسكى بىلەن جۇلىيېس تۇرچېكتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ كىشى نامى رەزىل بولغان بۇرۇنقى رەئىسلەر كاتىۋات ھەيئەتلىرىنىڭ ئەزالىرىنىڭ قىزلىرى ئالى مەكتەبكە كىرگىنىدە يەنە "ئالاھىدە يوقۇرى نومۇر قويۇلغان".

شارگېۋىچنىڭ ئاچچىقى سوۋېتپەرەست يالاقچىلار ئۆزلىرىنى قىساسچى مىجەزلىك دەپ تونۇشى ئىدى، ھەرگىزمۇ ئالى مەكتەپتە تازىلىنىش ھەرىكىتىدىكى مەغلوپ بولغانلار دەپ قارىمايتتى. 1969-يىلىدىن 1970-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا3500 نەپەر ئالى مەكتەپ پروفېسورى ئىچىدىن 900 نەپىرى ئىشتىن چىقىرىلغان. بارلىق چېخسلوۋاكىيە مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈر ژۇرناللىرى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلگەن. ئىشسىز قالغان ئالىملار بىلەن يازغۇچىلار ئامال يوق ھاجەتخانا تازىلىقچىلىقىنى قىلىشقا، قۇرۇلۇش ئىشچىلىقىنى ۋە كاتول ئىشچىلىقىنى قىلىشقا مەجبۇر قالغان. ھېنرىك بور 1972-يىلى نوبېل مۇكاپاتىنى ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چېخسلوۋاكىيىنى "ھەقىقى مەدەنىيەت مازارلىقىغا ئايلاندى" دەپ تەرىپلىگەن.

"تەرتىپ نورماللىشىش" ئارىلىقىدا، مەركەز تاپشۇرۇۋالغان نۇرغۇنلىغان دوكلادلار چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدا داۋاملىق ھەمدە ئاستىرتىن ھوقۇق كۈرىشى بولۇپ تۇراتتى. 1972-يىلى ياكۇش ك گ ب خادىملىرىغا دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، خۇساك بۇيرۇق قىلىپ رەئىسلەر ئىتتىپاقىدىكى بارلىق ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېلېپونلىرىنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. ھازىر مەركىزى كومىتېتنىڭ ئىچىدىكى خىزمەت مۇھىتى بەكلا ناچار، نىسبەتەن ئالغاندا، ئۆز ۋاقتىدا نوۋوتنىنىڭ سەھبىدىكى كۈنلىرى ئۇنىڭ كۈنلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئىكەندۇق. 1973-يىلى فېۋرالدا ئۇنىڭ بىلەن باشقا 3 نەپەر ئاساسلىق سوۋېت پەرەستلەر مۇنۇلار: خوفمان، ئانتونىنكاپېك ۋە پارتىيە سېكرېتارى مىلوسلاۋ. خروشكېۋىچ ك گ ب غا [424] يەنە بىر قېتىم نارازىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن "بەزىلەر كومپارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئىنتېرناتسىيونالچىلارنى مۇھىم ۋەزىپىلەردىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەن". 1973-يىلى ك گ ب موسكۋاغا يەتكۈزگەن چېخسلاۋاكىيە كومۇنىستلىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئاشكارە كۈرەش يوشۇرۇن كۈرەش ئەھۋالىدىن مۇنداق ئىشلار بار: بەزىلەر رىياللىست ۋەكىللىرىدىن سىترىراۋۇسكا مىنىستىر، ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خۇساكقا ياخشى كۆرنىمەن دەپ چارىلىرىنى تۈگەتكەن، ئىنتېرناتسىيونالىزىمچى بىلاك ۋە ئۇنىڭ قىزىغا بىر تال ئۇن مىڭ كاراتلىق بىر سوغات بەرگەن. ئەمما بۇ پۇلنى چېخسلوۋاكىيە رادىئو ئىستانسى غا ئايرىلغان پۇلدىن ئېلىپ ئىشلەتكەن.

1973-يىلى 28-فېۋرال كۈنى، كاشكا پولشاغا زىيارەتكە ماڭغىنىدا يولدا ئايروپىلان ھادىسىگە يولۇقۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. يالومىر ئوبىرنا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. تەختتىگە چىقىپلا ئۇ دەرھال قەتئىي ئىرادىلىك قىياپەت ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىنتېرناتسىيونالچى ئىكەنلىكىنى جىددى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. ئۇ، ك گ ب ئالاقىلىشىش ئەمەلدارىغا مۇنداق دېگەن: "سوۋېت كومپارتىيىسى ئۈچۈن، يولداش بىرىژنوپ ئۈچۈن، ماڭا تاپشۇرغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا رازىمەن". ئەمما دەرھاللا خۇساك ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش ھىلىمىكىرى ئىچگە كىرىپ قالىدۇ. خۇساكمۇ خۇددى نوۋوتنىنىڭ "پراگا باھىرى" دىن بۇرۇنقىسىدەك ، دۆلەت باشلىقلىقى بىلەن چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە تويلاشقا ئۇرۇندۇ. 1973-يىلى ئاخىرىدا، بەلكىم خۇساكنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئوبۇرنامۇ پىرىزدېنت خۇساكقا قارشى تۇرىدىغان

ئىنتېرناتسىيونالىزمچىلارغا قارشى تۇردۇ. پراگا ك گ ب تەمىنلىگەن دوكلادلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، خوپمان، ئىندىرا، ياكۇش ۋە بىلەك باشچىلىقىدىكى سوۋېتپەرەست رەھبەرلەر (بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ك گ ب بىلەن، سوۋېت باش ئەلچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار) پارتىيە ھوكۇمەت چوڭ ھوقۇقىنى بىرلا كىشىنىڭ ئۈستىگە توپلاشقا قەتئىي قارشى تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ 1968-يىلى نوۋۇتنىنىڭ پىرىزدېنتنى لۇدىۋىك ئۈتكۈزۈپ ئالدۇ. سىۋوبانىڭ يېشى ئېشىپ كەتكەچكە، دەل خۇساك ئۇنىڭ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ياخشى بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. 1975-يىلى ماي ئېيىدا، خۇساك روھى بۇزۇلغان پىئوئوبودانىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. بۇ پەيتنى تەبرىكلەش ۋاقتىدا "قىزىل ھاكىمىيەت گېزىتى" خۇساكنىڭ 5 پارچە 1968-يىلى ئاۋغۇستتىكى چېخسلوۋاكىيىگە باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقىتدىكى ۋارشاۋا گۇرۇھىنىڭ 5 نەپەر ئەزا دولەتلەر رەھبىرى بىلەن بىرگە تارتىلغان چوڭ بىرلىكتە چۈشكەن رەسىمنى باسىدۇ.

خۇساك سىھىرلىك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى مەدھىلىشىۋاتقان پەيتتە، دۇبچىك سىلوۋاكىيىنىڭ ئورمانچىلىق كومىتىتىدە مېخانىكنىڭ بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ چاغدا چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ھەر دائىم ئۇلارنىڭ كاشىلا قىلىشىغا دۇچ كېلىپ تۇراتتى. 1975-يىلى 2-ئۆكتەبىر كۈنى، مەركەز بىرىژنوپقا دوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ 1968-يىلى ئاۋغۇستا، دۇبچىك غەرپ مەتبۇئاتلىرىغا بىر قىسىم خۇساكنىڭ [425] قىياپىتىگە تەسىر قىلىدىغان ماتېرىياللارنى يوللايدۇ. غەرپى گېرمانىيە بىلەن ئاۋۇستىرىيە يېڭى خەۋەرلەر گېزىتى خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇرۇش دەۋرىدە، خۇساك بىر قىسىم ناتسىستلار مۇخبىرلىرى بىلەن يېتىلىشىپ سىمولىنىسكى ئەتىراپىدىكى كاتىن ئورمانلىقىنى زىيارەت قىلىشقا بارغان. نېمىسلار ئۇ يەردە نەچچە كىشىنىڭ مېيىتىنى كولاپ چىقىرىدۇ (موسكۋا نېمىسلارنى ئەيىپلەپ بۇ پولەك ئوفىسېرلارنى نېمىس ۋاشىستلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەيدۇ). بۇنىڭ ئۈچۈن دۇبچىك ئىككى قېتىم سىمولىنىسكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا چاقىرتىلىپ چېخسلوۋاكىيە ئىچكى ئىشلار بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىنىڭ سوراق قىلىنىشىغا دۇچ كەلگەن. ك گ ب سوراق نەتىجىسىگە بەكلا نارازى بولغان. ئۇ بىرىژنوپقا دوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

سوراق جەريانىدا، دۇبچېك غەزىپىدىن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى ئۇدۇللا رەت قىلغان، ھەمدە ئەگەر كەلگۈسىدە يەنە بىر زىيانكەشلىككە دۇچ كەلگىنىمدە، نارازىلىق ئىپادىلەيمەن دەپ بىلدۈرگەن". دۇبچېك يەنە خۇساك ھەققىدە ئەھۋال بەرگەنلىكىگە ھەمدە غەرپ مەتبۇئاتلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بەرگەن ئىككى پارچە باياناتقا ئىمزا قويغانلىقىنى رەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك تەھدىت قىلغان ئاساستا ئەگەر يەنە ئۇنىڭغا "ئېغىر بېسىم قىلىدىغان بولىدىكەن" ئۇ بۇ ھەقتە كەسكىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئوبزورىناغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئاقلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

گەرچە خۇساك ئوغۇشلۇق تۈردە پىرىزدېنت تەختىگە چىقىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ئەمەل 10 يىل ئاۋالقى نوۋۇتنىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن كۆپ چەكلىمىلەرگە ئىگە. ئىنتېرناتسىيونالىزمچىلار، خۇساكنىڭ ئىككىنچى قولى بىلاك شەرقى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ھەر قانداق بىر مۇئاۋىن پىرىزدېنتىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ۋە تەسىر كۈچكە ئىگە. كىرىمىل سارىيى ئابرويى چۈشۈپ كەتكەن قاتتىق قول رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ. گەرچە خۇساك-بىلاكدەك بۇنداق بىرلەشمىدىن يامان غەرىزىنى يوق دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇلار مۇمكىن بولغان ئەڭ ياخشى تاللىشى ھېسابلىناتتى. 1979-يىلى پراگادىن كەلگەن ك گ ب ئورگىنىنىڭ دوكلادىنى ھېچقانداق بىر بىزەشتىن ئۆتكۈزمىسىمۇ، شۇنىڭدەك خۇساك بىلەن بىلاك ئوتتۇرىسىدىكى چاك بارغانسىرى ئېچىلىپ كەتسىمۇ، ئۇلارنى ھېچكىممۇ ئاغدۇرۇۋېتىشنى ئويلىمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار موسكۋانىڭ ھېچكىمنىڭمۇ بۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى: چېخسلوۋاكىيە رەھبەرلىكى ئارىسىدىكى ئىدارىنىڭ ئىشىنى قايىدە بويىچە ئىشلەش مۇناسىۋىتى ئىزچىل تۈردە چىڭ

تۈتۈلغانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەب، خۇساك، بلاك ۋە چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيە رەئىسىيەت سەھنىسىنىڭ قالغان ھەيئەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، سوۋېت كومپارتىيە مەركىزىنىڭ ئەڭ يوقۇرى رەھبەرلىك قاتلىمى خۇساك بىلەن بلاكقا تولۇق، تەۋرەنمەس، قىلچە كامايتىۋەتمەستىن قوللاپ بېرەتتى. ئۇ ئىككىسىگە نىسبەتەن ئالغاندا، بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمال خىزمەت مۇناسىۋېتىنى تېزگىنلەپ تۇرشىنىڭ مۇھىم ئامىلى. چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيە رەئىسىيەت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىمۇ زور جەھەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە باغلىق ئىدى.

گەرچە سىياسىي رەھبەرلىك قاتلىمىدا بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت بولسىمۇ، ك گ ب نىڭ پراگادا تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش باشقارمىسىنىڭ ئوبۇرنا بىلەن چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى پاتان كۆچى بىلەن ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇش خىزمەت ئېپادىسىدە بولۇشىدىن يەنىلا ئىنتايىن رازى. ئالاقىلىشىش باشقارمىسىنىڭ دوكلاتى مۇنداق دەيدۇ، ئوبۇرنا "ئوبيكتىپ تۆردە چۈشىنەلەيدۇ" چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى رەئىسىيەت سەھنىسىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار بىلەن خۇساكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان رەئىسلەر سەھنىسى ھەيئەتلىرىنىڭ ھەربىر ئىش ھەرىكىتىنى 1977-يىلى، شىنىلىڭ دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ك گ ب بىلەن چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى 26 دۆلەتنىڭ ئىستىخبارات پونكىتى بىلەن "كەسپى ئالاقىسى بار" . ك گ ب شۇنى ھېس قىلىدۇكى، ئالبانىيەگە سىڭىپ كىرىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش. شۇڭا 1976-يىلى، بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى، چېخسلوۋاكىيەنىڭ ب د ت مائارىپ مەدەنىيەت تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر، دۆلەت پەن-تېخنىكا ئەدەبىيات سەنئەت نەشرىياتىنىڭ باش تەھرىرى يانووگروما بىر غەرپى گېرمانىيە جاسۇسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوبۇرنا مەركەزنىڭ "نىسبەتەن يوقۇرى سەۋىيىلىك " ك گ ب خادىمىنى پراگاغا تەكلىپ قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. 1977-يىلى شىنىلىڭ پراگادىن يوللىغان يىللىق دوكلاتىدا خۇلاسىلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

دوستىمىز ئۇلارنى ئىستىخبارات بىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى شىئىرلىق ئالاقە. مەيلى ئىستىخبارات خاراكتېرىدىكى ئالاقە بولسۇن ياكى ھەرىكەت پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدا بولسۇن، ھەممىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار يەنە باش ئالچىلەرنىڭ يوللىغان تېلېگراممىلىرىنىمۇ بىزگە تاپشۇردى. ئۇلار ئەسلىدە بىزگە قارىتا ھېچنېمىنى سىر تۇتمىدى.

"پراگا باھىرىنى" بېسىقتۇرغاندىن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قانات يايدۇرۇلغان "تەرتىپنى نورماللاشتۇرۇش" ھەرىكىتىدە. ك گ ب نىڭ شەرقى ياۋروپا سىياسىتىدىكى بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولغان ئىدى. بۇرۇنلاردا ئىشپىيونلار چېخسلوۋاكىيە تۇنجى قېتىم ئەمىلىلەشتۇرگەن "ئىلغارلىق ھەرىكىتى" ـ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ يۈزلىنىشى، ئاغدۇرمىچىلىق تەشكىلاتلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى، شۇنىڭدەك غەرپ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ "ئىدىيۋى ئاڭ سىستېمىسى ساھەسىدىكى بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى" نىڭ ئۇششاق ئىزلىرىنىمۇ باشقا شەرقى ياۋروپا ئەللىرىگە كېڭەيتىشتى. 1969-يىلىدىن كېيىن، ك گ ب يەنە بارلىق سوۋېت گۇروھىدىكى ئاللە ئىچىدە جاسۇس كېڭەيتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشقا ۋە ئىشەنچىلىك ئالاقىلاشقۇچىغا تايىنىپ، مەركەز يەنە خۇددى چېخسلوۋاكىيىدىكىگە ئوخشاش بۇ دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت باش ئەلچىخانىسىدا دېپلوماتىيە نىقابى ئاستىدا مەخپى ئىستىخبارات پائالىيىتى بىلەن شوغۇللىنىدىغان پونكىتلارنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

1968-يىلى مارت ئېيىدا، "پراگا باھىرى" نىڭ تەسىرىدە، ۋارشاۋادىكى ئوقۇغۇچىلار ساقچىلار بىلەن بىر قانچە ھەپتىگىچە تىركەشتى. بۇ جەرياندا يېشى چوڭىيىپ قالغان پولەك رەھبەر ۋادىسلاۋ گېموركا شۇنىڭدەك بۇرۇن كۆرۈنۈشتىكى تېزگىنلەشنى يوقۇتۇپ قويغان خەتەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخسلوۋاكىيىگە ھەربى مۇداخىلە قىلىشىنى قەتئى قوللاش مەيدانىنى ساقلاپ قالىدۇ. يەنە سىپوۋېت ئىتتىپاقى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھىدا يەنە بىر دۆلەتتە قوزغىلاڭ پەيدا بولىشىنى قەتئى خالىمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئورنى ئېدۋارت گىرېك (بۇ كىشى كېيىن ئۇنىڭ ئىزباسارى بولىدۇ.) نىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالىدۇ. ك گ ب نىڭ ۋارشاۋا ئالاقە باشقارمىسىنىڭ دوكلاتىغا

قارىغاندا، پولشا بىخەتەرلىكى بىلەن ئىستىخبارات ئىدارىسى (پولشانىڭ ك گ ب سى)غا تەڭ دېگۈدەك بىر ئورگان) نىڭ ئىيەھۇدىلارغا قارشى قاتتىق قوللاردىن .بىچىكى ئىشلار مىنىستىرى مىچىسىۋاف موسار ئەگەر گەيلىك ھوقۇق تۇتۇپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئورنىمۇ خەتەر ئىچىدە قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا يۇشۇرۇن بىر شەكىلدە ئۇنىڭ ھوقۇق تۇتىشىنى توساش ھىلىمىكىرىنى قىلىش ھەركىتى بىلەن شوغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە گىرىكنىڭ ماتېرىيالىنى پولشا بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشچىلار پارتىيىسى (يەنى پولشا كومپارتىيىسى) نىڭ بىر قاتار رەھبەرلىرىنىڭ تېلېپونلىرىنىمۇ ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاتقۇزىدۇ.

1970-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەنە بىر قېتىملىق ئاشكارە نارازىلىق ھەرىكىتى گومۇركانىڭ ئورنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. 14-دېكابىردا گدانسىك، گدىنىيە ۋە شىچېچىنىڭ دىن ئىبارەت 3 رايوندىكى بالتىق پاراخوت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى يېمەكلىكلەر باھاسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆسۈپ كېتىشىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىش تاشلايدۇ. ئامانلىق ساخلاش قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشتا 300 نەپەر ئىش تاشلىغان ۋە نامايىش قىلىۋاتقان ئىشچىلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئېتىپ ئۆلتۈرىلىدۇ. ك گ ب نىڭ ۋارشاۋادىن ئىگەللىگەن دوكلاتىدا، پاراخوت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىغا ئوق چىقىرىش بۇيرۇقى بەرگەن كىشى زىنوئىن كېلىشكوپ (گمۇركانىڭ پولشا ۋەزىيىتىدىكى ئەڭ يېقىن قوللىغۇچىلاردىن بىرسى) گىرىكنى قوللىغۇچى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گىرىگىركېرچىنىسكى بۇيرۇق بەرگەن. ك گ ب يەنە موسكۋاغا 19- دېكابىر پولشا سىياسىي بىيروسى بوھراننى ھەل قىلىش ئۈچۈن يىغىن چاقىرىپ خاتىرە قالدۇرغان. گومۇركا روھى جەھەتتىن بەكلا چارچاپ كەتكەچكە، بالىنىسقا كىرىپ قالىدۇ. يىغىن [428] نى مىنىستىر يورېنفۇ شىلونكېنۇىز باشقۇرىدۇ. دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى گېنېرال ئويىچېخ ياروزرېسكىشىلون كېنۇىز تەلىپى بويىچە يىغىن ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىدۇ.

ياروزېرسكىنىڭ ئانالىزى گومۇركانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ

دوكلات قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. پەقەت گىدانسىك بىلەن گېدىنىزىيە ئىككى يەردىلا 350 تانكا ۋە 600 دانە ئەسكەر توشۇش ئاپتوموبىلى ئورۇنلاشتۇردۇق. ئەگەر ۋارشاۋادىمۇ شۇنداق ۋەقە كۆرۈلگىدەك بولسا، ئۇ چاغدا پايتەختنىڭ ئامانلىقىغا ئامالىم بولماي قالىدۇ. گەرچە ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بىنالىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلگىنىدىمۇ، بەربىر پايتەختنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندىمۇ، بۇنداق قىلساق ئەسكەرلەرنىڭ غورۇرىغا سوغۇق سۇ سەپكەن بولۇپ قالىمىز. پولشانىڭ دېڭىز قىيىلىرىدا، ئارمىيىنى كىشىلەر "گېستاپو!" ۋە "قاتىللار!" دەپ تىللىماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىن، موسار كېيىنكى پولشا بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن باشقا مىنىستىرلىكلەرنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرىدىغان دوكلادنى بېرىدۇ. ئۇۇنداق دەيدۇ، پارتىيە ھېچقاچان بوھران قارشىسىدا ئۆزىنى بۇگۈنكىدەك چارىسىز ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدى. بۇرۇنلاردا، ئەڭ قىيىنچىلىق شارائىتلاردىمۇ كومىستلار ئۆزلىرىنى "ھەققانىيەت ئىشلىرى" ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ھازىر ئەھۋال باشقىچە، پارتىيە يىغىنىدا، سىياسى بىيرو مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ئۈچۈن بەرگەن خەتنى ئوقىغىنىدىن كېيىن، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى كۆزىدىن ياش ئېقىتقان ھالدا يىغىنىدىن ئايرىلمىدى. ھەر بىر ئائىلىگە بېرىلىدىغان تولۇقلىمىنى 15 زىلوتىدىن 25 زىلوتىغا ئۆستۈرۈپ بېرىش تەلىپى ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى كۆلدۈرۈۋەتتى. ئۇلار رەھبىرى خادىملارنىڭ ئاددى پۇخرالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى شۇنچە بىلمەسلىكىدىن بەكلا ھەيران بولۇشتى، جىددى تالاش تارتىشلاردىن كېيىن، سىياسى بىيرو گرېكنىڭ گۈوركانىڭ ئورنىغا قويۇلۇپ بىرىنچى سېكرېتار بولۇشىغا قوشۇلۇشتى. بۇ خەۋەرنى كىمنىڭ گومۇركانىڭ ئىستىپانامىسىنى بېرىپ ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى سۇنۇشقا قاتتىق تالاش تارتىش قىلىپ كېتىدۇ. ئاخىرى يىغىن شىلونكېۋىز نى ۋە ھازىرغىچە گومۇركاغا سادىق بولۇپ كېلىۋاتقان كىلىشكېنىڭ بېرىپ بۇ ۋەزىپىنى پۈتتۈرسۇن دەپ بېكىتىشىدۇ.

گۈوركانىڭ تەختتىن چۈشۈشى ئەككەنچى دۇنيا ئۇرۇشى

ئاياغلاشقاندىن بۇيان ياۋروپادىكى ئىشچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن نارازىلىق هەرىكىتى قوزغاپ رەھبەرلىكنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇنجى ئەھۋال. شۇنداق دەپ ئويلىنىشقا بولىدىكى، بۇقېتىمقى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى مەركەزنى قاتتىق چۆچىتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار دەرھال :بىر قېتىملىق ئىلغارلىق ھەرىكىتى بىلەن بۇنداق بىر ھەرىكەتنى قانچىلىك دەرىجىدە قىسقىلى بولىدىغانلىقىنى باھالاپ مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. بىر گۇرۇپپىدىكى ئىشپىيونلار ـ ئۇلار يەنىلا غەربچە ياسانغان ساياھەتچىلەرقىياپىتىدە بولۇپ، بۇيرۇق بويىچە كاتولىك چىركاۋىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بۇ نارازىلىق ھەرىكىتىدىكى ئوينىغان رولىنى، ئۇلارنىڭ گىرىك ھۆكۈمىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە ئامىمىنىڭ تۇيغۇلىرىنى تەكشۈرىدۇ. بۇ ئىشپىيونلار ئارىسىدا غەرپى گېرمانىيىلىك قىلىقىدا ياسانغان ۋە ئۇلارنىڭ خەۋەر مۇخبىرى قىياپىتىدە ياسانغان، مول تەجرىبىلىك گىناجى بۇرىيا بورىن (پارولاسى بىلىمدان) مۇ مەركەز ئۇنىڭغا
429 كىشىلىك بىر تىزىملىك بەرگەن بولۇپ، ئۇنى بۇ كىشىلەرگە مەجبۇرى تەسىر كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. ھەمدە ئۇلارنى ئۇلاردىن 2ـ3 كىشىنى يالغان بايراق ئاستىدا قايىل قىلىپ ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلغان. يەنى ئۇلارنى ك گ ب نى ئەس ئىككى گېرمانىيىنى ياخشى كۆرىدىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا پىكىرىنى سورىغان. بۇ 5 كىشى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى بەلكىم كلارك رايونىدىكى قىزىل يەكتەكلىك چوڭ پوپ كالور ئۇئىدىۋانىڭ شەخسى ياردەمچىسى ئەندېيى باداچېك ئېكسپوپ بولۇپ، مەركەز ئۇدىۋانى پولشا چىركاۋلىرىنىڭ ئەڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغىنى بولۇپ، ئەلىۋەتتە ئۇنى كۆرمەي قالغان ئىدى. 8 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇئىدىۋاپولشانىڭ يىراقنى كۆرەرىبىرىنچى دەرىجىلىك پوپى ئىدى. دەل بۇ ئادەم كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ يۇشۇرۇن خەۋپى بولغان بىرى ئىدى.

1971ـيىلىدا، چېخسلوۋاكىيە بىلەن پولشاغا ئەۋەتىلگەن "ئاكتىپ ھەرىكەت" نىڭ ئىشپىيونى بولۇشتىن تاشقىرى، ك گ ب نىڭ يەنە باشقا شەرقى ياۋروپا ئەللىرىگە ئەۋەتىلگەن نۇرغۇن ئىشپىيونلارنىڭ بىرى ئىدى.

رومىنىيىدە 13 نەپەر، يۇگوسلاۋىيىدە 9 نەپەر، دېموكراتىك گېرمانىيىدە 7 نەپەر، ۋېنگرىيىدە 4 نەپار، بولغارىيىدە 3 نەپەر. گەرچە بۇ ئىشپىيونلارنىڭ ھەرىكەت مۇداسى كۆپ پەرق قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئوخشىمىغان ھۆلەتتە ك گ ب نىڭمۇ ئۆزىگە خاس دىققىتىنى بەرگەن مۇھىم نۇقتىلىرى بار ئىدى. 1971-يىلى ئۆلارنىڭ رومىنىيىدىكى خىزمەتلىرىنىڭ ئېغىرلىق نوقتىسى، سوۋېتنىڭ رومىنىيە رەھبەرلىرىگە قارىتا نىكولاي چېيوسېسكوو نىڭدېپلوماتىك سىياسەتلىرىدىن بارغانسىرى رازى بولماي كەلمەكتە ئىدى. چېيوسېسكو ئىچكى قىسىمدا يولغا قويىۋاتقان ھەر قانداق كىشىنى يېقىن كۆرىدىغان يېڭى ستالىنىزم سىياسىتى، سىرتقا قارىتا ئىجرا قىلىغان ۋارشاۋا گۇرۇھىدىن يىراقلىشىش ستراتېگىيىسى . ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىشىنى تەنقىتلىگىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ مۇكاپاتى بولۇپ ئامېرىكا پرېزدېنتى رىچارد نىكسۇن 1969-يىلى رومىنىيىگە قارىتا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى قىلىدۇ. بۇ زىيارەت ئامېرىكا پرېزدېنتىنىڭ تۇنجى قېتىم شەرقى ياۋروپا كومپارتىيە ئەللىرىگە زىيارەت قىلىشى ئىدى، 1970-يىلى چېيوسېسكو ئامېرىكىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكىنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلىدۇ. 1971-يىلى، چېيوسېسكو بېيجىڭنى زىيارەت قىلىدۇ. موسكۋا رومىنىيىنىڭ چېگراسىدا ۋارشاۋا گۇرۇھىنىڭ ھەربى چوق مانېۋېرىنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ تۇر زىيارىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ك گ ب رومىنىيىنىڭ دوكلاتىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئاچچىقىنى بىلدۇرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭقۇربىگۇمانلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ:

رومىنىيە رەھبەرلىكى "خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېتكە قارشى يولىنى قوللىنىپ ئاتالمىش ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىنى ئىشلەتتى ھەمدە سوۋېتتىن ئايرىلىش يولىنىمۇكۆرسەتتى، ......[430]

مىللەتچىلىك بۇ دۆلەتتە يامراپ كەتتى. بۇنىڭ ئاپتورى بەرىبىر رومىنىيە كومپارتىيە رەھبىرىنىڭ ئۆزى."

رومىنىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ھېچ قاچان ئاشكارە تۇردە زىمىن

www.uyghurkitap.com

تەلىپىدە بولۇنغان بولسىمۇ، ھەر خىل ئۇسۇللاردا شۇنى ئىپادىلىمەكتىكى، مەيلى تارىخى، مىللىي، جەھەتتە بولسۇن ياكىباشقا جەھەتلەردە بولسۇن، مولداۋىيە بىلەن چېرنوۋىي شىتاتىنىڭ ئەسلى رومىنىيە گە مەنسۇپ يەرلەر، ماۋزېدوڭ ياپونىيە سوتسىيال پارتىيىسىنىڭ كىشىلىرى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە، ئېلان قىلغان قانۇنسىز ئىشغال قىلىنغان بىسسارابىيە (مولداۋىيە) ھەققىدە بەرگەن باياناتىدا، يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا جارى قىلدۇردى. فىرانسىيە گېزىتى "دۇنيا" رومىنىيەنىڭ بىسسارابىيە زېمىنى ئۆز تۇپراقلىرىغا قوشىۋېلىشىغا شۇبھىلىك قارايدىغانلىقىنى ئىككى قېتىم باسىدۇ. سوۋېتلەر تەرەپ بۇ ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ مۇددىئاسىمۇ يەنە شۇ رومىنىيەسەۋەبچى بولغان.

غەربلىكلەر قىياپىتىدە رومىنىيگە كىرىپ كەلكەن ئىشپىيونلار، بۇيرىق بويىچە تويلىغان ئىستىخبارات دائىرىسىغا مۇنۇلار كىرەتتى: رومىيە بىلەن ئامېرىكا ۋە خىتاي مۇناسىۋەتلىرى؛ رومىنىيەنىڭ سوۋېتئىتتىپاقىنىڭ ئورتىغا قويغان بىسسارابىيە بىلەن شىمالى بوكېۋىنىيەزېمىن تەلەپلىرى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادى ئاساسلىرىغا قارشى تۇرۇشى؛ گېرمانىيە بىلەن ۋېنگىرىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسى؛ چيوسىسكونىڭ شەخسىگە چوقۇنۇشى ھەمدە رومىنىيە كومپارتىيىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى. بۇ ئىشپىيونلارنىڭ ئاساسلىق ئىستىخبارات كېلىش مەنبەسى رومىنىيە ئورگان گېزىتى "ئۇچقۇن گېزىتى" ۋە نېمىس تىلىدا بېسىلىدىغان "ئاما ۋە مەدەنىيەت" گېزىتى گېزىتخانىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار.

1948-يىلىدىن باشلاپ تىتو بىلەن موسكۋانىڭ بۇزۇلىشىدىن كېيىن يۈز بەرگەن يۇگسلاۋىيەدە يۈز بەرگەن ئەڭ ئېغىر بىر قېتىملىق ئىچكى بوھران، ك گ ب نىڭ 1971-يىلى يۈرگۈزۈلگەن "ئىلغارلىق ھەرىكىتى". 1971-يىلى پارتىلىغان "كرودىيە باھىرى" ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللەتچىلىك ئېقىنىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇيغۇنىشى، شۇنىڭدەك ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا مۇناسىبەتنىڭ جىددىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

چىقىرىشى، شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلىشى: تىپتونىڭ بۇيرۇقى بىلەن كرودىيە كومپارتىيە رەھبەرلىرى ۋە 400 نەپەر كرودىيە مىللەتچىلىرىنى قولغا ئېلىش، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قايتىدىن كرودىيە مەخپى ساقچىلىرى قىسىملىرىنى قولغا ئېلىشى. يۇگسلاۋىيە سوتسىيالىزمىنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرسىدىكى دۈشمەنلىشىش ھالىتىنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشى. ئىشپىيونلار بۇيرۇق بويىچە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئورگانلار ئوتتۇرسىدا "مۇناسىۋەت تىكلەش". [431] بۇ تەشكىلاتلار بىلەن ئورگانلار مۇنۇلار ئىدى: پەنلەر ئاكادېمىيىسى، بېلگراد ئاممىۋي چۈشەنچە تەتقىقات جەمىيىتى، "كومىنىستلار"، "سىياسەت"، ۋە "كۈرەش" قاترلىق گېزىتلارنىڭ تەھرىراتى، يۇگۇسلاۋ خەۋەر ئاخباراتى، بېلگرات ئۇنىۋېرسىتى خەلقارا سىياسى ۋە ئىقتىساد تەتقىقات يۇرتى، زاگرېپ ئۇنىۋېرسىتى، يۇگسلاۋىيە سودا ئىتتىپاقىشۇنىڭدەك مۇخبىرلار جەمىيىتى (بولۇپمۇ تىپتولەن زى مۇناسىبەتلىك دەپ قارالغان يازغۇچىلار دۇبرېيكا چىاۋشىز) قاتارلىقلار. ئىشپىيونلارئالاقچىلىرى، تېلېۋىزىيە ۋە پوچتا ئىدارىسى مەركەزگە يوللىغان دوكلادلاردا بىر قىسىم بەكلا مۇھىم دەپ قارىپ ك گ ب ھەمدە بىرىنچىلا يوللانغان دوكلادلار.

بارلىق شەرقى ياۋروپا ئەللىرى ئىچىدە، ك گ ب ئەڭ كۆپ جاسۇس يوللىغان ئەللەر يەنى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك گېرمانىيە. ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىن باشلاپ، بېرلىنشەھار ئەتراپىدىكىكارسخوستىكى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ باش شتابىدا چوڭ بىر ك گ ب نىڭ ئىگەللىگەن يېرى بار، دېموكراتىك گېرمانىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ك گ ب ئىزچىل تۈردە گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىشغالىيىتىكى رايون ئىچىدە ھەر قايسى سىياسى پارتىيە گۇرۇھلار، دىنى جەمىيەتلەر، تىجارەت ئىتتىپاقلىرىنىڭ ئىدىيۋى يۈزلىنىشىنى ئىزچىل كۈزىتىپ تۇراتتى. دېموكراتىك گېرمانىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، گەرچە ك گ ب بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ كارسخوست بازىسىنىڭ ۋەزىپىسى غەربى گېرمانىيە ۋە باشقا غەرپ ئەللىرىنىڭ

ھەرىكەتلىرىنى ھەمدە دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ دولەت بىخەتەرلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار يەنىلا غەرقى گېرمانىيە ئىچىدىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆزەتتى. 1971-يىلى، ئالاقىلاشقۇچى خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن، ك گ ب نىڭ كارسخوستدىكى ئىستىخبارات خادىملىرىدىنلا 404 نەپەر كىشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سالاھىتىنى نىقاپلاپ يۈرىدىغان ھەرىكەت خىزمىتى بىلەن شوغۇللىنىدىغان خادىملارمۇ بولاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە47 نەپەر ەرىكەت قىلىش خادىملىرىدېموگراتىك دۆلىتىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئەۋەتىلىپ تۇرغۇزۇلاتتى.

1969-يىلى، ۋىلىيىم بۇلەنت باشچىلىقىدىكى سوتسىيال پارتىيىسى بىلەن ئەركىن پاتتىيە بىرلىكلىرى، غەرپى گېرمانىيىدە ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىدىن كېيىن، شەرق ۋە غەرپ مۇناسىۋەتلىرىدە مۇتىدىللىشىش ۋى كېلىشىشلەر كۆرۈلۈپ، موسكۋا ياشانغان ھەمدە جاھىل دېموگراتىك گېرمانىيە رەھبىرى، يېڭى ستالىنىزمچى ۋارت ئۇبۇلىش بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا بەكلا ئالدىرايتتى. كرس خوستدىن كەلگەن ك گ ب دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى چېخسلوۋاكىيىگە ئەسكەر چىقارغاندىن كېيىن، ئۇبۇلىش سوۋېت گۇروھىدىكى باشقا ھەرقانداق بىر رەھبەردىنمۇ ئەقىللىق ۋە تېخىمۇ يىراقنى كۆرەر سىياسەتچى قىياپىتىنى ئىپادىلەپ يۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دېمەكچى بولىدىكى (ياكى بولمىسا ئەسلى شۇنداق) ئۇ بىرىژنوپتىن بالدۇرلا دۇبچېك ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى پەرەز قىلغان ئىدى. ئۇ "بىرلەشكەن سوتسىيالىستىك گېرمانىيە "قۇرۇش ۋەدىسىدىن ۋاز كەچكەن، شۇڭا ئۇ بۇلەنت بىلەن ئىككى گېرمانىيىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزئارا ئېتراپ قىلىش كېلىشىمنامىسىنى خالىمايتتى،[432]

1969-يىلى ياكى بۇنىڭدىن بالدۇرىراق بىر ۋاقىتلاردا، دېمكراتىك گېرمانىيە باش مىنىستىرى ۋېلىيام سىدوف بىلەن بىر زامانلاردا بېرلىن تېمىنى سوققان ئېلىش كۇناك ك گ ب ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى پېتىر ئاندرويوۋىچ ئابلاشىموۋ بىلەن سۆھبەتلەشكىنىدە، سوۋېت

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقىنىڭ ئوبۇلىشقا بارغانسېرى غەزەپلىنىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوت
ئۈستىگە ماي چاچقاندەك بىر كۈشكۈرتكۈچىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇلار
دوكلادلىرىدا ئۇبۇلىش سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرقى گېرمانىيە دىن ئۇران
ئىمپورت قىلىش باھاسىدا " شەرقى گېرمانىيە خام ئەشيالىرىنى
بۇلاڭتالاڭ قىلغانلىقى دەيدۇ. ئابۇلاشىم مۇنداق دەيدۇ، ئۇبۇلىشنىڭ
يېشى چوڭۇيۇپ قالغانلىقىنى ئويلىغاندا، (1969-يىلى 76 ياشقا كىرىپ
قالغان ئىدى) ئۇبۇلىشىۋا سەل كەڭ قوللۇق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك
ئىدى. ئەمما سىدوۋېلەن ۇناك بۇنداق قىلىشقا رەددىيە بېرىپ، ئۇ
ئەسلىدە 70 ياش ۋاقتلىرىدىلا پېنسىيىگە چىقىۋېلىشى كېرەك ئىدى.
1971-يىلى، ئۇبۇلىشى، كۆرۈنۈشتە ماختاپ كەينىدىن پەس كۆرۈپ،
يېڭىدىن لايھىلەنگەن پارتىيە رەئىلىك تەختىگە چىقىۋالىدۇ. ئۇنىڭ
پارتىيە ئىچىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى كۇنناك چىقىدۇ. ئىككىنچى يىلى
، دېموگراتىك گېرمانىيە بىلەن ڧېدېراتىيڧگېرمانىيە بىر-
بىرسىنىمۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلىشىدۇ.

گەرچە دېموگراتىك گېرمانىيىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمى ئىچىدە
يەنىلا نۇرغۇن تالاش تارتىشلار بولسىمۇ، ك گ ب نىڭ بۇگۇن ھەممىدىن
بەكىرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى غەرپ رادئوسى ۋە غەرپى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ
زىيارەت قىلىپ كەلگەندە ئالغاچ كېلىدىغان "ئەكسەتچى ئىدىيىلەر بىلەن
دېموگراتىك گېرمانىيە خەلقىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرلەردۇر. "
مەركەزنىڭ مۆلچەرىدە 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، 500 مىڭ دېموگراتىك
گېرمانىيە گراجدانى ھازىرقى ھۆكۈمەتكە نەپرەت بىلەن قارايدىكەن.
شۇنىڭدەك دۈشمەن دېموگراتىك گېرمانىيىدەئۈزۈن يىلغىچە قوللاپ
كۈۋەتلىنىدۇ. بىر پارچە ئۈزۈنغىچە قانات يايدۇرۇلغان پارولاسى
"لۇچپ"بولغان ك گ ب ھەرىكىتى شەرقى گېرمانىيە خەلقىنىڭ ۋە ھەر
قايسى پارتىيە گۇرولارنىڭ ئىدىيىسىنى، شەرق غەرىب گېرمانىيە
كىشلىرىنىڭ ئوتتۇرسىدىكىيېقىنلىشىش ۋە ئاتالمىش لائامېرىكا بىلەن
گېرمانىيە ڧېدراتىيڧ رېسبوپلىكىسىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىغا
ئۇرۇنۇشلىرىغا دىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش لىرىغا دىققەت قىلىش ۋە
ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش ئىدى. 1974-يىلى كارسخوستتا تۇرۇشلۇق ك گ

ب چىلار "لۇكا"ھەرىكىتى باشقارمىسىنى ئىدارىغا ئۆستۈرمەكچى بولىدۇ.

مەركەزنىڭ قولغا چۈشۈرگەن مۇتلەق كۆپ قىسىمشەرقى گېرمانىيە ئىستىخباراتلىرىنىڭ دېموگراتىك گېرمانىيە بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى، دېموكراتىك بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى ئىگەللىگەن ئىچكى جاسۇس توردىن ئىگەللىگەن بولۇپ، ك گ ب دىن ئىگەللىگەن لەردىن 6 ھەسسە كۆپ، 1875-يىلى مەركەز تاپشۇرۇپ ئالغان سوۋېتبېئىتتىپاقى گۇروھلارنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكلىرىدىن ئالغان دوكلاتلىرىنىڭ 65% قىسى دېموگراتىك گېرمانىيە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكىدىن ئالغان . بۇ دوكلاتلار ئارىسىدىكى بىر قىسىملىرى ئەملى مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، مەخپى شەرقى گېرمانىيە خەلق رايىنى تەكشۈرەش نەتىجىسىدۇر. مەسىلەن، 1974-يىلى زاۋۇتتىكى ئىشچىلاردىن بىر قېتىملىق تەكشۈرەشتە كۆرۈنۈدىكى، 20.6% تەكشۈرۈلگۈچى سوۋېتنىڭ دوستلىقى دېموگراتىك گېرمانىيىنىڭ ئاپتونومىيىسىنى قىسىپ قويغان، شۇنىڭدەك، سوۋېتنىڭ مەنپەتىگە بەرگەن شەرقى گېرمانىيە[433] نەرسىسى كۆپ. چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنغان "ئىشچىلار سىنىپىنى ھوقۇقلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش" دېگەن سۆزچىگى ۋاقتىدا، كۆپىقىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مەركەزگە سۇنۇلغان دوكلادتا "ئازاق قىلىنىش، زىدىلەش، ھاقارەت قىلىش قاتارىدىكى سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىشىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ سۆزنى باھالىغاندا، بۇ باھالاشلاردا "ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھوقۇقى" يامان سۆز ئەمەس، (نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا شۇنداق) ئەمما ئەملى قوللىنىشلاردا قانداق ئىشلىتىلىدۇ؟ "بۇ دېگەن پەقەت بىر شۇئاردىن باشقا نەرسە ئەمەس!" ھەر بىر ئىشچى تەڭ بارابەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېچقاچان مەلۇم بىر يېڭى قۇراشتۇرۇلغان ئالاھىدە تەشكىلاتنىنىڭ تەڭلىكىنىلا تەلەپ قىلمايدۇ. تەكشۈرۈلگۈچى بۇنداق سىياسى جەھەتتىكى خاتا مەيداننى ئىپادىلىگىنىدە، كىشىلەر يەنىلا ھەسسىلەپ ئېھتىيات قىلىشىدۇ.ھەقىقى نارازى بولغۇچىلار بۇ مەسىلىدە كۆپ ئېغىر خاتالىشىدۇ. مەلۇم بىر كەڭ دائىرىلىك كارسخوست ئىدارىسى ھەمدە دېموگراتىك گېرمانىيە بىخەتەرلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىنىستىرلىكمەركەزگە يوللىغان زور مىقتاردىكى ئىستىخباراتىدا، مەركەز شەرقى گېرمانىيە ئەللىرىدىكىدەك ئۇنداق، ئىشپىيونلارغا تايىنىپ "ئىلغارلىق" ھەربىكىتىگە تايىنىپ ئىستىخبارات قولغا كەلتۈرمەيدۇ.

ۋېنگىرىيىدە، ك گ ب نىڭ ئەڭ بەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەھۇدىلارنىڭ پارتىيە ئىچىدە ۋە ۋېنگىرىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى (ۋېنىرىيىنىڭ ك گ ب سىغا تەڭ) دىكى تەسىرىگە ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەركەز 1969يىلى ۋېنگىرىيىدە بۇداپېستتەبىر قېتىملىق ئىلغارلىق ۋە ئىسرائىل سىياسىتىگە قارشى يەھۇدىيلار قاتناشقان يەھۇدىي تىرىلىشچىلىرى قۇرۇلتىيىغا قارشى تۇردۇ. ھەمدە ك گ ب غا ياردەملىشىپ بىر نۇسخا ۋېنگىرىيەيەھۇدى تىرىلىشچىلىرى بىلەن ھتلېرنىڭ ھەمكارلىشىدا تىرىلىشچىلىقا قارشى ھېلىمىكىر تېمىسىدا بىر كىنو ئىشلەش كە ھەمكارلىشىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنداق بولغىنىدا، تىرىلىشچىلىق ۋە يەھۇدىچىلىققا قارشى سۈيىقەست بالىقىغا ئىشىنىدىغان مەركەز نى بەكلا خاتىرجەمسىز قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مەركەز نىڭ قارىشىچە، "ۋېنگىرىيىنىڭ بىخەتەرلىكى ئورۇنلىرى يەھۇدى تىرىلىشچىلىرىغا چېتىشلىق مەسىلىلەرگە بەكلا ئېھتىيات قىلىدۇ. 434 پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالى رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى يەھۇدى مىللەتچىلىرى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە بەكلا سەگەك مۇئامىلە قىلىدۇ. "ك گ ب مۇ ۋېنىرىيەئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە يەھۇدىلارنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن بەك خۇشال بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دوكلاتىدا ۋېنگىرىيە ھۆكۈمىتىدىكى ئىككى نەپەر مۇئاۋىن مىنىستىر، ۋېنگىرىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ 1-ۋە 3-ئىدارىسى (ئايرىمئايرىم ھالدا چەتئەل ئىستىخبارات قا مەسئۇل ۋە مەملىكەت ئىچى سىياسى قارشى گۇرۇھتىكىلەرنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەئۇل)

باشلىقىساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە ھەربى ئىشلار بويىچە جاسۇسلۇققا قارشى خىزمىتىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىقلار نىڭ ھەممىسىلا يەھۇدىي. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بەك ناچار بولغىنى چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئەھۋالى. ك گ ب نىڭ ستاتىستىكىلىرىغا

ئاساسەن، ۋېنگرىيىدىكى 17 چەتئەل ئىستىخبارات ئورنىدا 13بۆلۈمنىڭ باشلىقى يەھۇدىي.

1971-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشپىيونى ۋېنگرىيەگە "ئىلغارلىق ھەرىكىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن [434] غەرپ ساياھەتچىلى پاسونىدا ياسانغانلاردىن ئۈستىگە ئالغان ئاساسلىق ۋەزىپىسى يەھۇدى تىرىلىشچىلىرىنىڭ تەسىر قىلىش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش ئىدى. ئۇلار بۇيرۇق بويىچە ۋېنگرىيە گۇرۇپپىلىرى ياكى شەخسى ۋە يەھۇدى تىرىلىشچىلىرى گۇرۇپپىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش "شۇنىڭدەك يازغۇچىلار جەمىيىتىۋە باشقا ئىجادىيەت گۇرۇپپىلىرى (بۇ تەشكىلاتلاردىمۇ نىسبەتەن ئېغىر يەھۇدىلارنىڭ تەسىرى بار) ئەھۋالىنى ئېنىقلاش. ئىشپىيونلارمۇ بۇيرۇق بويىچە "يەھۇدىلارغا قارشى ھېسسىياتلارنى تەكشۈرەيدۇ. بۇلارمۇ چوقۇم ۋېنگرىيىدە خەلق ئارىسىدا ئومۇمىي يۈزلۈك بار بولغان "بىك ئارتۇق يەھۇدىلار يوقۇرى رەھبەرلىك قاتلاملىرىنى ئىگەللىگەن دېگەن ھېسسىياتلارنى تەكشۈرەيدۇ. شۇنداقتىمۇ مەركەز ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى بىر پارچە دوكلاتىدا، "پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئورگانلىرىدايەھۇدى تىرىلىشچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا ئىكەنلىكى بىر ئەمىلى پاكىت، بۇنى ئۆزگەرتىش بەكلا تەس بىر ئىش ئىدى.

1972-يىلى "ئىلغارلىق" ھەرىكىتىنىڭ ئەمىلى ئىجرائىيە دائىرىسى سوۋېت ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتچىلىك ھېسسىياتلىرى يامىرىغان جايلارغىچە كېڭىيىپ كەتكەن ئىدى. 4- ئۆكتەبىر كۈنى، ك گ ب نىڭ 150|3-10807نومۇرلۇقبۇيرۇقىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىرىنچى باش ئىدارە بالتىق دېڭىزى بويلىرىدىكى ھەر قايسى ۋىدراتىيې رىسبوبلىكىلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن غەرپ ساياھەتچىلىرىنىڭ بۇ يەرلەردىكى پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرەش. مەركەز ئارچىياۋم ۋىئودوروۋ، شېۋىدو ۋە ۋلاس يوللاپ بەرگەن دوكلادنىڭ ئانالىزى ئەھۋاللار پۈتۈنلەي كىشىنى بەكلا ئەنسىرىتىدىغان ئىكەن. غەرپچە ساياھەتچى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان بۇ ئىشپىيونىنىڭ ھەممىسىلا شۇي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەيدۇكى، بۇ رېسپۇبلىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا پەقەتلا باشقۇرۇش قابىلىيىتى بولمىغانئەمگەكچىلىرىنىڭ قىلچىمۇ خىزمەت قىزغىنلىقى يوق، شۇغۇللانغان كەسپلىرىدىمۇ قىلچىمۇ مەۋرۇرلىنىش ئالامىتى يوق ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كۆن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا كىرىۋالغان،".ھەر ايسى مىللەت توپلۇمىنىڭ ئوتتۇرسىدكى زىدىيەتلەر ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالماس ھالغا كېلىپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭدەك ئالكاشلىق ئەھۋالى ئىنتايىن ئومۇملاشقان ئىكەن. ھالبۇكى بۇ رېسبۇبلىكىلارنىڭ خەلقلىرى "غەرپ ئەللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىپ تۇرىدىكەن." بەزىلىرى غەربىنىڭ كىشىلىرى بىلەن ئالدىراپلا توي قىلىۋېلىپ كۆچمەن بولۇپ بۇ دۆلەتتىن چىقىپ كېتىشنى،ئۇلارغا كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ ئۇلارغا تىنماي خەت يېزىپ تۇرىدىكەن، بۇ خەتلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنى چەتئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن پوچتىغا سېلىۋېتىشنى ئۆتۈنۈپ ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويىشىدىكەن. "بەكلا كۆپ كىشى مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ سەۋەبتىن يەھۇدىلار بىلەن نىكاھلىنىشىۋالىدىكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزى قەتئى يەھۇدىي بولمىسىمۇ توي قىلىۋېرىدىكەن. مەقسەت بالدۇرىراق سوۋېتتىن چىقىپ كېتىشنىلا مەقسەت قىلىدىكەن. "خۇددى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارتىكىلەرنى ئانالىز قىلغانلىرىدەك، يەھۇدىلار بۇ ئىشلاردا بىر گۇناۋزلىرىچە ئىسرائىل بىلەن ئامېرىكا قاتارلىق ۋەرب قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەخلاقىنى قوللايدىغانلاردىن بولىۋالىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆزلىرىنى باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ھۆرۈن ھېساپلىشىدىكەن. ئۇلا ئىشپىيونلارغا ئېتراپ قىلىپ مۇنداق دېيىشىدىكەن، "بىز بۇ يەردە ئىشتىن چىقىرىلمىغىدەكلا بولىۋالساق مەيلى دەيمىزقالغىنى نېمە بولسا مەيلى ئەمەسمۇ." [435]

پۈتكۈل شەرقى ياۋروپادا ئىشپىيونلار تەمىنلىگەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىپادىسىئۈستىدىكى ئانالىزلار ھەر دائىم ك گ ب ئالقىلىشىش باشقارمىسىدىكىلەرنىڭ ئىستىخبارات پونكىتلىرى تەمىنلىگەن ئىستىخباراتپونكىتلىرىكۈچۈك .ەكىس تەسىرلەر ك مىڭ ياخشى ھەمدە

راستتۆتۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن.چۈنكى ئۇلار يەرلىك خەلقلەرسوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىدىنھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق يالغان گەپلەر كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كوپ قىسىم كىشىلەرمۇ سوۋېت رۇسسىيەنىڭ گەرچە بولغار بولغىنى بىلەن كۆپ قىسىم كىشىلەر سوۋېت رۇسلىرىنىڭ ئىسلاۋىيان قانداشلىقى بولۇپ ئەنئەنىۋى ئوخشاشلىقلار بولسىمۇكىشىلەر ئەندى ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپىگىمۇ ئىشەنمەس بولىۋالغان. مەلۇم بىر دوكلاتنىڭ دىيىشىچە،

*بولغارلارنىڭ سوۋېتكە قارشى ھېسسىياتلىرىنى تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرگەندىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇرىدىكەن. گەرچە بۇ ئىدىيىنى ئاشكارە تەرغىپ قىلىشمىغان بولسىمۇ .... ئەمما ئۇلار بۇ يەردە بۇنداق مىجەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇنبەت تۇپراقتا ئىبرىشكەن. بۇنداق يەرگە ئۈنىڭدەك "ئۇششاق نومۇرلارنى تېرىيدىغان بولسا، دەرھال سوۋېت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى كىنو فىلىمى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن. نەتىجىدە كىشىلەر بۇنداق نومۇرلارنى ئىنتىۋېتىپ كۆرمەيدىكەن.*

1974-يىلى، ساياھەت قۇللانما بىرىشورىنى يېزىش ئۈچۈن كەلگەن بىرسىنىڭ قىياپىتىدا ياسىنىپ كەلگەن غەرىپلىك بىر مۇخبىرنىڭ تانوف بولغارىيىگە ئەۋەتىلگەن. ئىككى ئايلىق "ئىلغارلىق ھەرىكىتى" نى ئىجرا قىلىشقا يوللانغان. مەركەز بۇ ئىشپىيۇنغا سوۋغات بېرىش ئارقىلىق ئۇ سۆزلەشمەكچى بولغان بۇلغارىيىلىك نىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىۋالغان. شۇڭا ئۇ نەگىلا بارسا خەلقنىڭ بولغارىيە ساقچىلىرىنىڭ ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق چوڭ ئىكەنلىكىنى سەزگەن. ئەمما خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تۆۋەن بولۇپ نارازى ئىكەن. شۇنىڭدەك خەلق يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر بولغارىيىنى مەجبۇرلاپ ئۆز تەبىئى مەنبەلىرىنى ئىسراپ قىلىپ كۇباغا ياردەم قىلدۇرغان. ھەمدە باشقا قايسى بىر ئۆكتەم چەتئەللىك دوستلارغا ياردەم قىلىشقا مەجبۇرلايدىكەن. بۇنداق ئۇي ھەقىقەتەنمۇ ئاساسى بار بىر ئىش. مەركەزنىڭ قارىشىچە تانوفنىڭ بۇ كۆلرەڭ دوكلاتىدا بىرلا ئوچۇق نوقتا باركى، بولغارلار ۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ (بولغارىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى) ئاشكارە ئاچچىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىيەلمەيدۇ.

چېخسلوۋاكىيىدىن كەلگەن بىر پارچە دوكلادتا، سوۋېت گۇرۇھىغا مۇناسىۋەتلىك. مەركەزنىڭ 70-يىللارا تاپشۇرۇپ ئالغان سوۋېت گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىغا تەۋە بارلىق ئەخۋاللارنىڭ ئىستىخباراتىدا ئۇنىڭ ئەڭ بەك كۆڭۈلسىز بولغان بىر پارچە دوكلادتۇر. 1976-يىلى، مەلۇم بىر ئىشپىيون "ئىلغارلىق" ھەرىكىتى ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىنكى دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

*بۇ دۆلەتتىكى خەلقلەر رۇسلارغا ئۆچ. چېخلار ھەتتاچېخسلوۋاكىيىنى ئاپلىنىپ ئويىنغان سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئەتچىسىنىڭ تېخنىكىسىغا ئوبىكتىپ*[436] *باھا بېرەلمەيدۇ. تۆۋەندىكى بىر تۈرلۈك تىپىك باھالاشتۇر، ئەمما ئۇ دېگەن بىر رۇس، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆرگىم كەلمەيدۇ".*

1969-يىلى چېخسلوۋاكىيە دۆلەت كوماندىسى ستوكھولم دۇنيا مۇز توپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە سوۋېت دۆلەت كوماندىسىنى يېڭىۋالغىنىدىن كېيىن، كىشىلەر خۇشاللىقىدىن تەلۋىلەرچە تەبرىكلەشكەن ئىدى. 1979-يىلى پراگادا ئۆتكۈزۈلگەندۇنيا چېمپيونلار مۇسابىقىسىنىڭ ئالدىدا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى بەكلا ئەنسىرىتىۋەتكەن. چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيە رەئىس ھەيئىتى، مۇھىم بولغان ئىنتېرناتسيونالىزمچى ئانتونى كاپېك رەھبەرلىكىدىكى پەۋقۇلئاددە گۇرۇپپا بىر قاتار بىخەتەرلىك تەدبىرلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئېپسىل قىلمىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلماقچى بولىدۇ. بۇ تۈر تەدبىرلەر كىرىش بېلىتىنى پارتىيە تەشكىلىگە تارقىتىپ بېرىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن تاماشىبىنلارغا "تەربىيە" بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىدۇ. ئەمما بۇ تىرىشچانلىقلار نىڭ كۆپ قىسمى قەت.ى ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

ئاۋىرىلنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە جەريانىدا، بىرىژنوپ مۇددەت بويىچە ك گ ب بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پراگادا تۇرۇشلۇقئەلچىخانىسىغا دوكلاد قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ دوكلادلار بەكلا ناچار ئىدى. مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتوماندىسىنىڭ رەقىبى كىم، چېخسلوۋاكىيە تاماشىبىنلىرى قارشى تەرەپكە كۆچەڭلار دەپ مەدەت

بېرىدۇ. ھەمدە سوۋېت دۆلەت كوماندىسىغا ۋارقىرىشىپ ھۇجۇم قىلىشىدۇ. ئەكسىچە، ئامېرىكا، كانادا ۋە گېرمانىيە فېدىراتسىيىنىڭ توپچىلىرى قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. ك گ بىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ. ھەتتا ھۆكۈمەت ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان شىتلاۋگا بىلەن باشقا مىنىستىرلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخسلوۋاكىيە كوماندىسىنىيېڭىۋېلىشىغىمۇ "سوغۇق بولىدۇ". مۇسابىقە ئاخىرلاشقىنىدا چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيەسىئىچىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ سوۋېتئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

ئەمما، ك گ ب ئوخۇشلۇق تۈردە بىر قېتىملىق بەكلا مۇشكۈل بىر ۋەزىيەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت كوماندىسى بىلەن دېموكراتىك دۆلەت كوماندىسى تۇتۇشقىنىدىن كېيىن، بىر نەپەر چەكلەنگەن دورا قۇللانغان سوۋېت تەنھەركەتچىسى دورا تەكشۈرتۈشنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگىنىدە (تەبىئىكى ئۇ ھەرگىزمۇ تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەيدۇ.) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەتىجىسى بىكار قىلىناتتى. ك گ ب بېرىژنوپقا مەغرۇرلانغان ھالدا مۇنداق دەپ دوكلاد بېرىدۇ. "(پراگا ئىستىخپارات پونكىتى تەدبىرقۇللانغانلىقى ئۈچۈن)" كېيىن بۇ تەنھەركەتچى تەكشۈرتكۈزۈشنى قوبۇل قىلدى دېگەن گەپ يوقكەن.

پراگادىن كەلگەن ك گ ب دوكلاتىدا دېيىشىچە، سوۋېت دۆلەت كوماندىسى دۇنيا چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشكىنىدىن كېيىن، مېدالىيون تارقىتىش مۇراسىمىدا رۇسچە ئىشلەتمەي ئەنگىلىزچە قۇللانغان، بۇنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلمىغان.[437] شۇنىدىن كېيىنكى تەبرىكلەش مۇراسىمدارۇسلار سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. سوۋېت دۆلەت بايرىقى سوۋېت كوماندىسى ئولتۇرغان ئاپتوۋۇزدىن سۆكۈپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ھەتتا چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى "قىزىل ھاكىمىيەت گېزىتى" كانادا، شىۋتسىيە ۋە فىنلاندىيە قاتارلىق كوماندىلارھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ، ھەتتا ئۇلار توغرىلىق دۇنيا چېمپىيونى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىنمۇ ئارتۇق خەۋەربەرگەن.

www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز بېشىغا ئۆتكۈزگەن ھۆكۈمەت تەرەپ چېخسلوۋاكىيە تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە، چېخسلوۋاكىيە ۋەكىللىرى بەزەن ئاشكارە قىياپەتتە قىزغىنلىق بولمىغان ئىپادىدە بولىدۇ. بۇمۇ ك گ ب نى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. 1978-يىلى 7-ئايدا، موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى9- نۆۋەتلىك يىغىنىدا، ك گ ب چېخسلوۋاكىيىگە ۋەكىللەر ئۈمىكى ئۈمەك باشلىقى مىلوسلاۋ ۋاشىكنىڭ ئەقلىنى جايىدىن ئالغىدەك ئېغىر ھۇجۇم قىلىدىغان دوكلاد بېرىدۇ. بۇ يىغىندا كىشىنىڭ ئەقلىنى قالايماقان قىلىۋېتىدىغانىيغىن ئاخىرلاشقىنىدا،ۋاشىكنىڭ مىڭىسى قىزىپ كېتىپ ھەتتابەزى نەرسىلىرىنى مىل مېھمانخانىسىدىكى ياتقان ياتىقىدا ئۇنتۇپ قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنتىغان نەرسىلىرى ئارىسىدا يىغىن خاتىرسى بولغان يىللىق خاتىرە دەپتىرىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىتاپ دەپتەرلەر ئارىسىدا "لېنىننىڭ ئىنقىلاپ ۋە سەنئەت"، "برېژنوپ تەرجىمە ھالى دېگەندەك كىتاپلىرىمۇمبار ئىدى. يەنە "60-يىللاردىكى چوڭ خاتىرەلەش سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت سەنئەت ئۇتۇقلىرى خاتىرىسى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئەسارە ئەتىقىلىرىنى قوغداش"مۇ بار ئىدى. ك گ ب نىڭ دوكلاتى تۈردە بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرمەخسۇس ئۇنتۇلۇپ ياتاقتا تاشلاپ قويۇلغان" دەپ قەتئى چىڭ تۇرىۋالىدۇ. مەركەز بۇنداق يەڭگىللىك بىلەن قىلىنغان غەزەپلىنىش ھەرىكەتلىرىنى ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلى دوكلاتى ئاندرىپوپقا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ ك گ ب نىڭ پىراگادا تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش باشقارمىسىغا بىر نۇسخا قالدۇرۇلۇدۇ.

ك گ ب دىكىلەر چېخسلوۋاكىيەنىڭ جەمىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن سۆزلىرىدىن ۋە جاھىل چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى رەھبەرلىرىدىن قاتتىق نارازى بولغاچقا، چېخسلوۋاكىيە كومپارتىيىسى بىر پارتىيە ھاكىمىيەتيۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا شەكىلسىز تەھدىت بولىدۇ. 1977-يىلىنىڭ باشلىرىدا، بىر قىسىم كىچىك دائىرىلىك ئوخشىمىغان سىياسى قاراشتىكى تەشكىلاتلاربىرلىكتە

"77يىلى ئاساسى قانۇنى"تەشكىلاتىنىھەركىتىنى قوزغايدۇ. بۇ تەشكىلات ئۆزىنى "ئوخشىمىغان ئەقىدىلىكلەر، ئوخشىمىغان ئېتىقات ۋە ئوخشىمىغان كەسىپكىشىلىرىنى ئاساس قىلىپ پۇخرالار ھوقۇقىنى ۋە كىشىلىك ھەقلىرىيگە ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق شەخسى ۋە كوللىكتىپ كۈرەش قىلىش ئورتاق غايىسى بويىچە تەشكىللەنگەن ئەركىن ھۆۋمەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئاشكارە ئىتتىپاق" تەشكىل قىلغان. 6 ئايغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە، 750 نەپەر جەسسۇر بۇ قانۇنغا قول قويۇدۇ. قول قويغان بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاشكارە تۆھمەتۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى كوچىلاردا ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى قاماققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بەزىلەرنىمەجبۇرى ئاساستاساراڭلار دوختۇرخانىسىغا مەجبۇرى قامىۋېتىلىدۇ. بۇتەشكىلاتنى قۇرغۇچىلاردىن بىرسىبولغان پروفېسسور ياڭ پاتوچىكا چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر قېتىملىق ۋەھشىيانىلارچە سوراق قىلىنىشىدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ تېزگىنى بىلەن "تەرتىپنى نورماللاشتۇرۇش "ھەرىكىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە، بەرداشلىق بېرىشكە بولمىغىدەك ھېسسىياتلار شۇنىڭدەك 9 يىل بۇرۇن "ئىنسانى سوتسىيالىزم"بەرگەن ۋەدىلەر بىلەن قوزغالغان ئاممىۋى قىزغىنلىقنىڭ بارلىق پۇرسەتلىرىنى قوزغايدۇ.

"پراگا باھىرى"دىن كېيىنكى 10يىل ئىچىدە، مەركەزنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، بارلىق سوۋېتئىتتىپاقى گۇرۇھىدىكى بارلىق شەرقى ياۋروپا دىكى ك گ ب غا ئوخشاپ كېتىدىغان ئورگانلار مەدەنىيەت بىر خىللىقى ۋە جانسىز ئىجتىمائى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە ئايلىنىدۇ. "77ـئاساسى قانۇن" تەشكىلاتىنىڭ قوزغۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋاسلاۋ خاۋېر كېيىن بۇ بىر بۆلۈم تارىخنى ئەسلەپ كېلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*ماڭا قىلغان تەسىرىدە، 70ـيىللاردىن بۇرۇنقى 5يىلدا، چېخسلوۋاكىيىدە گۇيا تارىخ يالغان بىلەن ئالمىشىپ قالغاندەكلا ئىدى، خاتىرلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا بىر-بىرسىگە ئۇلىنىپلا ھۆكۈمەتنىڭ*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*خاتىرلەش پائالىيەتلىرى، پارتىيە يىغىنلىرى، بايراملارۋە چوڭ كۆلەملىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىلا بولۇپ تۇرغاندەك، .... ھاكىممۇتلەق ھۆكۇمەت تارىخنىڭ ئۆزىگە خاس "قالايمىقانلىشىشى"گە بىرەر "تەرتىپ ئەكەلگەندەك، تارىخنىڭ ھاياتى كۈچىنى تارتىپ ئېلىۋالغاندەكلا ئىدى. ھۆكۈمەت گۇيا ۋاقىتنىمۇتۇرغۇزۇپ قويغادەكلا ئىدى، شۇڭا، باشقا قاتۇرۇپ قويۇلغان ەرسىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئوخشاش، ۋاقىتمۇ قۇرۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.*

19يىل كېيىن، پولشالىقلارنىڭ ۋاتىكان پاپىسىغا سايلانغىنىدك، شەرقى ياۋروپا ئەللىرى 1968-يىلى "پراگا باھىرى" باستۇرىلغاندىن كېيىنۋاقىتىڭ مىاياتىنىكى قايتىدىن مېڭىپ كەتكەندەلا بىر ئىش ئىدى.

# ئىككىنچى قىسىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئون يەتتىنچى باب
# ك گ ب بىلەن غەربىي ئەللىرىنىڭ كومپارتىيىلىرى

پىروتوكول سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە، دۇنيادىكى بارلىق كومپارتىيىلەرنىڭ ھەممىسىلا سوۋېتنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقىنى ئەيىپلىگىنىدەك، ھالبۇكى گ ب نىڭ ئارخىپى ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىشىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يالغان گەپ. 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ، غەربىي دۆلەتلىرىنىڭ كومپارتىيە تەشكىللىرى دائىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى ھەمكارلىشىش ئۈچۈن تەمىنلەنگەن، ئۇلارمۇ پات-پاتلا بۇنداق ھەمكارلىقنى قېرىنداشلار ئارا ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىنى دەپ قارايتتى، غەربىتىكى بىر نەچچە چوڭ كومپارتىيىنىڭ كۆپ قىسىم رەھبەرلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ھەرىپلىقى ك گ ب ئارقىلىق ئۇلارغا پائالىيەت راسخوت بېرىشىنى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ قېرىنداش پارتىيىلىرىگە قىلغان قېرەنداشلارچە مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلايدۇ. گەرچە ئۇلار بۇنداق ماددى ياردىمى بارلىقىنى كەسكىنلىك بىلەن ئىنكار قىلىشىمۇ. ك گ ب نىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتىۋە مەبلەغ جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنى پەقەت پارتىيە ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم مۇھىم كىشىلەرلا بىلىسىمۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يېقىنلا ئاخىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇس كېڭەيتىش خىزمىتى 4 نەپەر غەربىي دۆلەتلىرىنىڭ كومپارتىيىلىرى تەرىپىدىن ئەڭ ئاكتىپلىق بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى، بۇ دۆلەتلەر فىرانسىيە كومپارتىيىسى، ئىتالىيە كومپارتىيىسى، ئاۋۇستىرىيە كومپارتىيىسى ۋە فىنلاندىيە كومپارتىيىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، ئۇلار يەنىلا ئۆز دۆلەتلىرىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتلار ئىچىدە يەنىلا ئازسانلىق بولسىمۇ.

فىرانسىيە ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى فىرانسىيە ئىستىخبارات تارماقلىرىغا 25 يىلغىچە سىڭىپ كىرىشى پائالىيىتى جەريانىدا فىرانسىيەكومپارتىيىسىنىڭ ھەمكارلىقىغا ئېرىشكەن. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى 9-باپتا [441] تونۇشتۇرغان ئىدۇق. 1946-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن تارتىپ 1947-يىلى 6ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتى مەركەزگە جەمئىي 1289 پارچەفىرفىرانسىيە ھۆججىتى بىلەن تەمىنلىگەن. 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ك گ ب فىرانسىيە كومپارتىيىسى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ھەمكارلاشقۇچى كىشى گاستون پولىسۇنىيوۋ ( پارولاسى كۆك). پولىسونىيوۋبىر ئۆمۈر بويى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سادىق بىر كىشى ئىدى، 1970-يىلى ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق كىشى بولۇپ قالىدۇ. گەرچە فە فىرانسىيىلىكلەر ئۇنى بەك تونىمىسىمۇ، شۇنىڭدەك بىر قۇيۇق يەرلىك شىۋىدىكىسۆزلەيدىغان بىر ناتىق، ئەمما ئۇ سىرلىق "دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تەرتىپ تۈزۈمىدە ئۇنى قابىلىيەتلىك بىرى دېيىشكە بولاتتى. كومپارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمى دەل بۇنداق بىر تۈزۈم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىتىنى پارتىيە ئىچىدىكى باشقا ئەزالارنى كۆچەيتىپ بېرىدۇ. فىرانسىيە كومپارتىيىسى ئىچىدىكى ئۇچۇرلارنى تەمىنلەش بىلەن بىرلىكتە، ئۇ يەنە ك گ ب ئۈچۈن جاسۇس تەرەققى قىلدۇرۇش ئوبىكتىپلىرىنى تېپىپ بېرەتتى. شۇ ئارقىلىق ئىستىخبارات ھەرىكىتىگە ھەمكارلىشاتتى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، پۇلىسۇنىيوۋيەنە ئالجىرىيە پىرىزدېنتى بۇۋانتىنىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەپەر جاسۇسنى ك گ ب نىڭ دوكلاتىغا يوللاش قاتارلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

فىرانسىيىنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاش، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپ تا 1947-يىلى باھارغىچە، ئىتالىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتىئىچىدىمۇ بەزى مىنىستىرلار كومىنىست ئىدى. 1945-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىتالىيە كومپارتىيىسىدە جەمئىي 176 تۈمەن پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى، بۇ سان فىرانسىيە كومپارتىيە ئەزا سانىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئىدى. پۈتكۈل

www.uyghurkitap.com

ئىتالىيەبويىچە زاۋۇتلارنىڭ تاملىرىدا ۋە ماشىنىلارنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن 'ساقال"دەپ ئاتىلىدىغانستالىنىنىڭ رەسىمى چاپلاغلىق ئىدى. "بىزدە مۇنداق بىر تەسىرات بار،" بىر نەپەر كومپارتىيە مىنىستىرى ۋۇست گاۋوستۇ گالو كېيىنكى ئەسلىشىدە مۇنداق دەيدۇ، "بىز بوران چاپقۇنلار ئىچىدە ئالغا ئىلگىرلىمەكتىمىز." ۋاشىنگتون گالوبىلەن سەبداشلىرىنىڭ تەخمىنلىرى بەلكىم توغرا بولىشىدى ئەنسىرەيدۇ.ئامېرىكە دۆلەتلىك بىخەتەرلىككومىتىتى1947-يىلى نويابىردا خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ، "ئاڭ سىستېمىسى جەھەتتە غەرپ دېموكراتىيىگە تۈزۈمگە مايىل بولغان ئىتالىيە ھۆكۈمىتى بەك ئىشەنچىلىك ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇلار ئىزچىل تۈردە كۈچلۈك كومپارتىيە تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. " مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى قانات يايدۇرىۋاتقان بىرىنچى مەخپى ھەرىكەت 1948-يىلى چوڭ سايلامدا كاتولىكدېموكراتلار پارتىيىسى كومپارتىيىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئۇلار ئوق مەركىزى دۆلەتلەردىن مەبلىغىدىن ئون نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاجىرتىپ سايلامغا ئىشلىتىدۇ.

خۇددى فىرانسىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش، ئۇرۇشتىن كېيىن خەلقنىڭ كومپارتىيىنى تەبرىكلىشى ھەمدە كومپارتىيە بىر مەزگىلدە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئىگەللىگەن ئورنى، ك گ ب ئىستىخبارات ئورگىنى ئۈچۈن [442] تارىختىن بۇيانقى ئەڭ پايدىلىق پۇرسەت، ئۇلارنى ئىتالىيىگە سىڭىپ كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر رورنى ئۇرۇشتىنكېيىن ك گ ب نىڭ فىرانسىيەجەلىپ قىلغان ئەڭ مۇھىم جاسۇس، ئەڭ قىممەتلىك ئىتالىيە جاسۇسى بولغىنىدا، ئۇ ھالدا ئىتالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان دارىئونى ئىشلىگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ئەڭ قىممەتلىك ئىتالىيە جاسۇسى دېيىشكە بولىدۇ. دارىئۇس 1908-يىلى تۇغۇلغان، ئادۋوكاتلىق تەلىماتىنى ئالغان، ۋاشىسىزم ئىتالىيىگە ھۆكۈرانلىق قىلان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ مۇخبىرلىق قىلغان. شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق ئورۇنلىرىدا ھۆكۈمەت خادىملىكىنى قىلغان. 1932-يىلى ، "ئاڭ سىتېمىسىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ بىر سوۋېت جاسۇسلۇقىغا تەرەققى قىلىدۇ، ئۇ يول كۆرسەتكۈچىسىنىڭ

تەلىماتى بويىچە مۇسسۇلىنىنى قوللىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. 1937-يىلى ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ڤاشىستلار پارتىيىسىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ. ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇن، ئۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئىنتايىن كۆلكىلىك يېرى، ئۇنىڭ مەسئۇل بولغىنىئۇنىڭ مەسئۇل بولغان تارمىقى ئىنتېرناتسىيونالغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە 3 نەپەر دېپلوماتىك مىنىستىرىنىڭ خەت باسقۇچىسىنى جاسۇس قىلىپ تەرەققى قىلدۇرۇۋېلىشى ئىدى. (پارولاسى ئايرىم ئايرىم ھالدا دارىيە، ئاننا،ۋە مارتا) بۇ خانىلار ئۇنىڭغا مۇددەت بويىچە مەركەزنىڭ قارىشىدا قىممىتى بار دەپ قارالغان " مەخپى ھۆججەتلەر ئىدى. ئەمما تەخمىنەن 40 يىل ۋاقىت ئىچىدە دارىئۇس ك گ ب ئۈچۈن بەكلا كۆپ تاشقى ئىشلار مەخپى ھۆججەتلىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. 1942-يىلى، ئىتالىيە ساقچىسى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئىستىخبارات مىنىستىرىنىڭ بىر مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ. بۇ ئىستىخبارات پونكىتى بىلە مۇناسىۋىتى بار دارىئوسىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە گېرمانىيىنىڭ بىر ئەسىرلەر لاگىرىدىن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.

كېيىن ئىتالىيىگە بارغىنىدىن كېيىن، دالىرۇس دەرھال دارىيە بىلەن مارتا لار بىلەن قايتىدىن مۇناسىۋەت تىكلەيدۇ. ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ھۆججەتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇل بولىدۇ. ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىماتى بويىچە ئۇلار ئىتالىيە كومپارتىيىسىگە كىرمەي، پىتروۋ نانىنى رەھبەرلىكىدىكى ئىتالىيە سوتسىيال پارتىيىسىگگ ئەزا بولىدۇ. ئەمما 1946-يىلى ئۇنىڭ بىر ڤاشىست ئىكەنلىكى بىلىنىپ ئۇ بۇ پارتىيىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. رىم ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ تەلىپى بىلەن، ئىتالىيە كومپارتىيە رەھبىرى پارمىلو تولىيات نەننى بىلەن مەخپى كېلىشتۈرگەندىن كېيىن، دارىئوقايتىدىن پارتىيىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئەمما نىمە سەۋەپلىكى بىلىنمەيدۇتولىياتتىنى ئارىغا كىرگەنلىكى خەۋىرى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، شۇنداق قىلىپ كىشىلەر دارىئوسنىڭ سوۋېت

ئەتتىپاقى باش ئەلچىخانىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ يەنىلا ئوڭۇشلۇق تۈردە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىككى نەپەر خەت بېسىش خادىمىنى تارتىپ كىرىدۇ: توپۇ بىلەن ئىنگا ئىككىسىنى تارتىپ كىرىدۇ. توپۇ (كېيىن ئۇ رىتا دەپ ئاتىلىدۇ) كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە مەركەزگە كۆپلىگەن "قىممەتلىك بولغان هۆججەتلەر" بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ؛ نىكىر (كېيىن ئۇ يىگگا دەپ ئاتىلىدۇ) مۇ بەكلا كۆپ [443] مەركەزنىڭ قارىشىچە "ئىزچىل قىممىتى بار" ئىستىخباراتلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بەلكىم دارىئۇس "يالغان بايراقتار لىق بىلەن نىكىرنى جاسۇسلۇققا كېڭەيتكىنى سەۋەبىدىن ئۇزۇن ئۆتماي (مىتروخىننىڭ خاتىرىلىرىدە زادى قانداق بايراقتارلىقنى قوللانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق)، توپۇ بىلەن دارىئوس توي قىلىشۋالىدۇ. 1975-يىلى مارت ئېيىدا، 43 يىل جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللانغان دارىئۇس ئايالى بىلەن بىرلىكتە قىزىل بايراق ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. 1979-يىلى ماي ئېيىدا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى تارىخىدا خىزمەت قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بۇ جاسۇس ئاخىرى پېنسىيىگە چىقىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تاماملانغان كۈنلەردە، رىم ئىستىخبارات پونكىتىمۇ ئاجايىپ ئىتالىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە سىڭىپ كىرىشنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرىۋالىدۇ. بۇنى ئاساسلىقى بىر نەپەر كوممۇنىزم ئېتىقاتىغا چوقۇنىدىغان پارولاسى گېمىت ئىسىملىك بىر دۆلەت مەمورىغا مەنسۇپ دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ك گ ب غا جاسۇس كېڭەيتىش. 1944-يىلى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ يولىيورىقى بويىچە يېڭىلا جاسۇسلۇققا كېڭەيتىلگەن، گېمىد كوممۇنىستلىقتىن چېكىنىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىتالىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بىرىنچى قېتىم كېڭەيتكەن ئوبيكتىۋى كونسىتال بولۇپ، گېمىد كونسىتال مەخپى ئىشخانىدا بىر ئىش تېپىۋالىدۇ. 1955-يىلى، گېمىد ئىتالىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى بەكلا مۇھىم ئىدى. بۇ تۈر ھەرىكەتنىڭ تېزگىنلەش هوقۇقى رىمدا يېڭىدىن قۇرۇلغان مەخپى ئىستىخبارات پونكىتى، پونكىت

باشلىقى ئابۇگالوۋچ ئاكوپويان، باكۇدىن كەلگەن 40 ياشلىق ئەرمەن، پارولاسى يېڤلات ئىدى.

ئۈچىنچى دۆلەت ئاۋستىرىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسىنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىمۇ ئۇرۇشتىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە ئاۋۇستىرىيە كومپارتىيىسىنىڭ ھەمكارلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. گەرچە تا 1955-يىلىغىچە، بۇ دۆلەت ئىزچىل تۆردە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە ڧرانسىيە بىرلەشمە ئىشغالىيىتى ھالىتىدە ئىدى (ئۇرۇشتىن كېيىن بىرىنچى تەيىنلەنگەن ھۆكۈمەت يۈرگۈزگەن كىشى كارل لۇنا بۇ ئاۋارىچىلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇشى خۇددى "4 چوڭ پىلنىڭ بىرلا قولۋاققا قويۇلغىنىدە" ئىدى.) ئاۋۇستىرىيە بىلەن گېرمانىيە دىن پەرقى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى (ئاپتونومىيە) بېرىلىشى ئىدى.19450يىلى ئاڧىرىلداقۇرۇلغان لۇنا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە، كومپارتىيە ئەزاسى 3 مىنىستىرنىڭ مىنىستىرى بولىدۇ. بۇلاردىن ڧرانشىس خۇننا ئىنتايىن مۇھىم ئىچكى ئىشلار مىنىستىرنى قولغا ئالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ 1945-يىلى نويابىردا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا خۇددى ڧرانسىيە كومپارتىيىسىگە ئوخشاش ئالاھىدە ئىپادە كۆرسەتكىنىدەك ئاۋۇستىرالىيە كومپارتىيىسى ئارانلا 5% ئاۋازغا ئېرىشىدۇ، شۇڭا يېڭىدىن قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە كومپارتىيە ئارانلا بەك ئەھمىيەتلىك بولمىغان مىنىستىرلىققاا ئېرىشەلەيدۇ[444] يەنى ئېلىكتىرلەشتۈرۈش مىنىستىرىگە ئېرىشىدۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كومپارتىيە ھۆكۈمەت تەركىبىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلىدۇ. 1947-يىلى ۋە 1950-يىلى، ئاۋستىرىيە كومپارتىيىسى ئىككى قېتىم سىياسى ئۆزگۈرۈش قوزغىماقچى بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىلا قېتىمدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنغان بولسىمۇ، سكۆۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەستايىدىل لىق بىلەن قوللىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

ڧرانشىس خۇنا 1945-يىلى 7 ئايلىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدە، زورىبىر قىسىم كومپارتىيە ئەزاسىنى ئاۋستىرىيە سىقچى ئەترىتىگەسەقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرگۈزگەن ئىدى. سوتسىيال پارتىيە ئەزاسى ئوسكار خېرمو خۇنانىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، گەرچە كوپ قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرىنى تازىلىۋەتكەن ياكى سىقىپ چىقىرىشقا ئۇچراتقان بولسىمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئاۋىستىرىيە ئورگەنلىرىغا قىستۇرالىغان ئىدى. بولۇپمۇ بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىغاسىڭىپ كىرىشىيەنلە تا 80-يىللارغىچە داۋاملىشىدۇ. خېرمۇۋنىڭ تازىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ساقچى ئەترەتلىرىدىكى كومپارتىيى ئەزلىرى بۇيرۇق بويىچە ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلى مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىشىدۇ ياكى يوشۇرۇشىدۇ. مىتروخىن خاتىرلىۋالغان ئارخىپلارداخاتىرلىنىشىچە، ك گ ب ساقچى ئەترەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان جاسۇس تەرەققى قىلدۇرغان ئىدى. ئۇلاردىن1945-يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغان ئېدىۋارت، 1946-يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغان ۋىنلەيسىيوف، 1952-يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغان پىتېر، 1955-يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغان باشقا ئىككى نەپەر جاسۇس، 1974-يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغان ساك ۋە 1978-يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغان ناجىرىگىنلار بار ئىدى. تەبىئىكى بۇلاردىن باشقىمۇ ئادەملەر بار ئەلىۋەتتە. مىتروخىننىڭ خاتىرلىرى ئۈنچىلىك تەپسىلى بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئازىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋىسرترىيە سەقچى باشلىقىنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن مەخپى ھۆججەتلەرنى ئوغۇرلاشقا قاتناشقان بولىشى مۇمكىن، (ئۇلاردىن بىر قېتىملىق بۇنداق ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ پارولاسى ئېدىرۋس). 1973-يىلى، ئاندروپوپىېۋاستە تەستىقلاپ بەرگەن بىر ئاۋۇستىرىيە ساقچى ئىدارىسىدىكى جاسۇسقا 30 مىڭ ئاۋۇستىرىيە شەنلىڭىمۇكاپات بەرگەن.

سكاندىناۋىيىدىكى 4 كىچىك دۆلەتتىن 3 دانىسى (دانىيە، نورۋىگىيە ۋە فىنلاندىيە)كومپارتىيىلىرى ئۇرۇشتىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىدۇ. بۇلاردىن فىنلاندىيە كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان. فىنلاندىيە گېرمانىيىنىڭ شەرقىدىكى ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئىچىدە بىردىن بىر مەجبۇرىتۇردە سوۋېت گۇرۇھىغا قاتنىشىشقا

زورلانمىغان بىر دۆلەت. تا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىنىدا، ستالىن يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى تاللىشىنى بەرمىگەن ئىدى. 1945-يىلى ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن، فىنلاندىيە كومپارتىيىسىگە ھۆكۈمەتتەئىنتايىن مۇھىم ئورۇن بېرىلگەن ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر پارچە "ئالاھىدە يول ئارقىلىق "ئۇلارغا "بۇرژۇئازىيە سىياسى پارتىيە" مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر يوليورۇق بېرىدۇ، ھەمدە ئۇلارنى سىياسى ئۆزگۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى قىلىشقا تەييار تۇرۇشىنى تاپىلايدۇ. ئاخىرىدا، فىنلاندىيە بەربىر خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈم يولىدا ماڭمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى [445] سوۋېت ئىتتىپاقى 1939-1940-يىلقى قىش مەۋسۇمىدىكى ئۇرۇشتىكى ئەھۋاللارنى تېخى يېڭىلا يۈز بەرگەندەك ئېسىدە تۇتقانلىقىدىن بولغان دېيىش مۇمكىن. ئۇ چاغدا سان جەھەتتە ئۇچۇق ئاجىز تۇرغان فىنلاندىيە قوشۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنى ئېغىر يارىلىغان ئىدى. ستالىن سېس قىلىدۇكى، ئەگەر فىنلاندىيىنىمۇ مەجبۇرى تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھى ئىچىگە قوشىۋالغىنىدا بەلكىم بىرقېتىملىق قانلىق بەدەل تۆلىشى مۇمكىن. ئەمما ، فىنلاندىيە يەنىلا 12%لىك تۆپرىقىنى قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ھەمدە چوق مىقتاردا ئۇرۇش چىقىمى تۆلىتىۋالىدۇ (بۇ رەقەم ئىتالىيىنىڭ تۆلىگەن ئۇرۇش چىقىمىدىن 5 ھەسسە كۆپ)، 1948-يىلى يەنە ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق توغرىلىق بىر پارچە شەرتنامىنىمۇ قول قويغۇزىۋالىدۇ.

خۇددى ئاۋۇستىرالىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش، فىنلاندىيە كوممىنىستلىرى 1945-يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە فىنلاندىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى نىڭ مىنىستىرى ئورنىنى ئىگەللىۋالىدۇ. ئاۋۇستىرىيە كومپارتىيە ئەزاسى فرانز خۇنا بۇ ئورۇندا ئارانلا 7 ئاي ئولتۇرالايدۇ. ئەمما فىنلاندىيە كومۇنىستى يۇرياۋ لەيئىنو بولسا بۇ ئورۇندا 3 يىل مىنىستىرلىق قىلىدۇ. لەيئىنونىڭ نىشانى بىلەن خۇننانىڭ نىشانى ئوخشاش بولۇپ، "بۇرژۇئازىيەنىڭ قولىدىن ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى ھىمايە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم قورال- ساقچى ئەترىتىنى تارتىۋېلىش ئىدى." 1945-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تازىلانغان ساقچى ئەترىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قايتىدىن يېڭى بىر ئەترەت قىلىپ تەشكىللىنىدۇ، ئادەتتە ۋالپو دەپ ئاتىلىدۇ. لېينو كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "يېڭى ئەزا جەلپ قىلىش ۋاقتىدا، تەبىئى ھالدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كومپارتىيە ئەزالىرىدىن كۆپرەك تاللاشقا دىققەت قىلىنىدى،" ۋاھالەنكى تازىلاش ۋاقتىنىڭ مۇددىتى بەكلا قىسقا بولۇپ قالىدۇ. ھەمدە يېڭى ئەزالارنىڭ تەجرىبىسىمۇ بەكلا يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ ئەترەتتە بەكلا نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار كۆرۈلدى. لېينونىڭ دېيىشىچە "فىنلاندىيە كومپارتىيىسى ئىگەللەپ تۇرغان ۋالپوباشتىن ئاخىرغىچە ئۇنداق ئاررۇ قىلغىنىمىزدەك ئۇنداق بىر قورالغا ئايلانمىدى. ... فىنلاندىيە كومپارتىيىسى بۇ ئەترەتتىن پايدىلىنىپ بىرەر ئىش بېجىرەلمىدى، 1947-يىلى، ئۇ رەسنى بىر ئالكاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ھەتتا بەزى كۈنلىرى ئۇدا نەچچە كىنلەپ ئىشقا كەلمەيتتى. يىل ئاخىرىدا، ئۇ وسكۋاغا چاقىرتىلىپ كېتىدۇ، سىياسي بىيرودىكى ئىككى نەپەر يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئۇنى قاتتىق تەنقىتلەيدۇ. ئۇنى فىنلاندىيە ھۆكۈمىتىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىفا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن سوۋېتكە كېلىپ داۋالىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستىف بېرىشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پىرىزدېنت پوشىن جىۋى ئۇنىڭغا قايتا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى باھانەقىلىپ، 1948-يىلى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىدىن ئايرىلىشىبىلەن تەڭ، فىنلاندىيە ھۆكۈمىتىدە كومپارتىيىنىڭ مەۋجۇت بولىشىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. 10 يىل كېيىن پۈتتۈرگەن لەيئىنو ئەسلىمىسىدىن موسكۋا قاتتىق خاتىرجەم بولالماي كېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىرسىنىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن نەش قىلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان بارلىق باسما تاۋاقلىرى كۆيدۈرەۋېتىلىدۇ. پەقەت ئاز بىر قىسىم نۇسخىلىرىلا ئوتتۇرلۇقتا تارقىلىپ يۈرىدۇ.

1948-يىلى، ئۇرۇشتىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان بارلىق غەرپ دۆلەتلىرىدىكى كومپارتىيىنىڭ ھەممىسى[446] تەختتىن چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ئىشلار بۇ ئاللەردىكى كوممۇنىستلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى

جاسۇسلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلەرگە سىڭىپ كىرىش قابىلىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تۈر قابىلىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەيدۇ. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە، مەركەز غەرب ئەللىرى بىلەن قېرىنداش پارتىيە مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئۈمىتسىزلىك، ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتىۋېتىدۇ. 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ سوغۇق ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ھەرىكەت كۈچى، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ لىبېراللار گۇرۇھىنىڭ مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلى، يەنى مىڭلىغان تۈمەنلىگەن ياش ئاكتىپلارنىڭ روھىي تۈرتكى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا كومپارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ روزۋېلت ھۆكۈمىتىگە، مانخاتتان قۇرۇلۇشىغا (يادرو قوراللىرىنىڭ تەتقىقات قۇرۇلۇشىغا) ۋە ئىستىخبارات قۇرۇلمىسىغا سىڭىپ كىرىشىگە ئۈنۈملۈك ھەمكارلىقلارنى تەمىنلەپ بەرگەن ئىدى. ئەمما سوغۇق ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدا، ئامېرىكا كومپارتىيىسىگە ئېغىر زەربە بەردى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇلار زادىلا بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كېلەلمىدى.

1940-يىلى، ئامېرىكا باش سېكرېتارى گىئىن داننىس ۆكۈمەتنى ئاشدۇرۇپ تاشلاشنى تەرغىپ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن سوتقا تارتىلىدۇ. داننىس بىلەن 9 نەپەر رەھبىرى 5 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قالغان بىرسىنىمۇ 3 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇلارنى نىڭ ئادۋوكاتلىقىنى قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى سوتنى قالاماقان قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھەممىسى سوتلىنىدۇ. 1951-يىلى، ئالىي سوت بۇلارنىڭ سوتىنى تەستىقلاپ، كومپارتىيىدىكىلەرنىڭ قالغانلىرىنىمۇ ئوخشاش جىنايەت بىلەن  سوتلىنىدۇ. 50-يىللارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا ئامېرىكا كومپارتىيىسى ئاساسەن يەر ئاستى پائالىيەتلەرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەكلا ھەزىل قىلىش شەكلىدە بولغىنى، مېكاسىنىزملىقنىڭ ئەڭ روناق تاپقان يىللىرىدا ، ئامېرىكا كومپارتىيىسى بىلان باشقا غەرپ ئەللىرىنىڭ كومپارتىيىلىرى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلچە ياردەم قىلغۇدەك كۈچى قالمايدۇ. تا 1957-يىلى ئالىي سوت ئۆزلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1967-يىلىقى ھۆكۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا كومپارتىيىسى ئاندىن تەشكىللىنەلەيدۇ. 1958-يىلى قايتىدىن پارتىيە ئەزالىرىنى تىزىملىتىش ۋاقتىدا، ئارانلا 3000 نەپەر ئاشكارە پارتىيە ئەزاسى قالىدۇ. ئەمما يوشۇرۇن پارتىيە ئەزا سانى بۇ رەقەمدىن كۆپ ئازىيىپ كەتكەن.

ئەگەر بۇنچىۋالا ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچۇرمىغان بولسا، ئامېرىكا كومپارتىيىسىمۇ خۇددى كانادا كومپارتىيىسىگە ئوخشاش 50-يىللاردا بىر مەيدان نەتىجە قازىنىشى مۇمكىن بولاتتى. 1951-يىلىدىن 1953-يىلىغىچە، كانادا كومپارتىيىسى ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتىغا ياردەملىشىپ ئۇتتۇغلۇق شەكىلدە 11 نەپەر جاسۇس جەلپ قىلالىغان ئىدى. بۇلاردىن لىن خانبۇلتون، ئۇنى سوغۇق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كانادا نىڭ ئەڭ مۇھىم جاسۇسى دېيىش مۇمكىن. خۇددى كۆپ قىسىم غەرپ ئەللىرىنىڭ باشقا پارتىيە گۇرۇھلىرىغا ئوخشاش كانادا كومپارتىيىسىمۇ جاسۇسلارغا تۇنۇشتۇرۇش ھۆججەتلىرىنى بېرىپ ھەمكارلىشاتتى. بۇلاردىن كېنون تروۋىموۋىچ مولود (پارولاسى بېن)[447] - ئۇ سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە ئەڭ داڭلىق ئەنگىلىيەگە يوشۇرۇنغا بىر جاسۇس. 1957-يىلى، كانادا كومپارتىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ئامېرىكىغا ئەۋەتكەن جاسۇس "ۋىلى" فىشېر(ئەدەتتە كىشىلەر تەرىپىدىن رۇدولف ئابېل دەپ ئاتالغان) يېڭى بىرپاسپورت تېپىۋالىدۇ. بۇ پاسپورتتا قوللىنىلغان ئىسىم، روبورت كالون بولۇپ، بۇ كىشى 1903-يىلىدىن بۇرۇنلا قولغا ئېلىنغان. 1957-يىلى 6-ئايدا "ئابېل" قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئوتتاۋا ئىستىخبارات پونكىتپاسپورتنى بەرگەن خادىمنىڭ گېزىتلاردا ئابېل دەپ بېسىلغان كىشىنىڭ دەل روبېرت كالون دەپ خاتا تونۇپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. ۋاھالەنكى، بۇ مەمورى خادىم بۇنىڭغا زادىلا دىققەت قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، ئۇ ھەر كۈنى بەكلا كۆپ پاسپورتنى كۆرۈپ تۇرغان بولغاچقا، بۇ پاسپورتتىكى رەسىمگە ئانچە بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ.

يەنە ئاز بىر قىسىم غەرپ ئەللىرىنىڭ كومپارتىيىلىرى سوۋېت جاسۇسى ئۇيۇدۇرۇپ چىققان سالاھىيەت كىنىشكىسىئىشىنى ئامىمغا

ئاشكارىلىنىپتىدۇ. رىنو خەيخانەن (پارولاسى ۋىك) ئەنە شۇنداقلاردىن بىرسى. فىنلاندىيە ئولاۋى ئوۋمان (پارولاسى ۋېرتانىن) نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ بىر فىنئىن ئوۋرېن مىگى دېگەن ئىسىملىك بىرسىنىڭ سالاسىيىتى ئىشلىتىدۇ. 1957يىلى ۋىك يۈز ئۆرۈپ ئامېرىكا فېدىراتىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئومەن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى يوشۇرۇن تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يوشۇرنۇالىدۇ. تەخمىنەن 20 يىل ۋاقىت بويىچە ئوۋمەن ئىزچىل تۈردە فىنلاندىيىگە قايتىپ كەتسەم دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ۋاھالەنكى فىنلاندىيە كومپارتىيىسى ئۇنى رۇسىيىدە قال دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ دۆلىتىگە كەلگەندىن كېيىن پارتىيىسى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ "كومۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات بولۇپ بېرىشىدىن قورقاتتى. 1957-يىلى ، انىلاندىيە كومپارتىيىسى رەھبىرى ۋىلەي بىشى (پارولاسى بارانوف) ئاخىرى مەرھەمەت كۆرسىتىپ ئومەننىڭ ۋەتىنىگە قايتىشىغا يول قويىدۇ. ھەمدە ئۇ ئېيىغا 200 روبلىدىن ك گ ب نىڭ پېنسىيە پۇلىغىمۇ ئېرىشىدۇ.

بەزى غەرپ ئەللىرىنىڭ كومپارتىيىلىرىك ك گ ب ئىشپىيونلىرىدىن ھەر تۈرلۈك ياردەملەرنى بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 1957-يىلى، فىرانسىيەكومپارتىيەرەھبىرى بىر قىسىم يوشۇرۇن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رادىئو قوبۇللىغۇچ مەشغۇلاتى مەشقىنى مەسلىھەت بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشنىمەسلىھەت قىلىدۇ. دەسلىۋىدە كورسانتلار مەركەز رادىئو ئارقىلىق سىناق قىلىپ تارقاتقان رەقەملەشتۈرۈلگەن سانلار گۇرۇپپىسىنى كۆچۈرۈشنىڭ بەكلا تەس ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما يىل ئاخىرىغا كەلگىنىدە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىنتايى مۇۋەپپىقىيەتلىكبىلەن مەشىق دەرسلىرىنى ئۇتۇۇلۇق تاماملىۇغانلىقىنى كۆرىدۇ.

مىتروخىن كۆرگەن ئارخىپلاردا مەركەزنىڭ سوغۇق ئۇرۇش يىللىرىدا غەرپ ئەللىرى كومىنىست پارتىيىلىرىدىن تەلەپ قىلىنغان ياردەملەرنىڭ ئازايغانلىقىنى كۆرمەيدۇ. ئەكسىنچە 70-يىللاردا ك گ ب نىڭ دوستلىرىغا بەرگەن تەلەپلەرنىڭ بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا كۆپ ئىكەنلىكىنى پەرق

قىلغان. "پراگا باھىرى ۋەقەسىدىن كېيىن [448] غەربىي ياۋروپاغا يوللانغان تەجرىبىلىك ئىشپىيونلارنىڭ سانى ئارتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئالماشتۇرۇشىقا بولىدىغان بۇ جاسۇسلارنىڭ لاياقەتلىك ساپ ئىنتىلىشلىك كىشىلىرىنى تېپىش بارغانسىرى تەسلىشىپ كەتكەن. شۇڭا مەركەز "چوڭ ئىشپىيونلار دەۋرىدە يېگىسىنى تېپىشتىكى ئىلھاملىرىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان.چوڭ ئىشپىيون لار ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ تولۇق ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنىئۇلارنىڭ ياۋروپا ئەللىرىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى كوممۇنىستلار ئارىسىدىن كېلىدىغانلىقىنى، مەسىلەن ئاۋۇستىرىيە نىڭ ئارنولت دويىچېبلەن گېرمانىيىنىڭ رىچارد زورگلار ئەنە شۇنداقلار ئارىسىدى، ئالاھىدە ماھارەتلىكلىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەمما، دويىچنىڭ جاسۇسلۇق ھاياتى تا بۈگۈنگە كەلگىچە يەنىلا مەخپىي تۇتۇلماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى نۇرغۇن جەھەتتىن ئۇلار تەرەققى قىلدۇرغان ئىككى ئىنتايىن مۇھىم جاسۇس سەۋەبىدىن بولغان. (ئانتون بۇلۇت ۋە جون كروس) بۈگۈنگىچە غەربتە پائالىيەت قىلماقتا. ئەكسىنچە، بىر نەپەر سوۋېت ئىستىخباراتچىسى بولغان زورگى نىڭ سالاھىتىنى ھەممە بىلىپ كەتكەن. 1964-يىلى ئۇ ۋاپات بولغىنىدىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپتىن تولۇقلاپ سوۋېت قەھرىمانى دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ جاسۇسلۇق كۆرۈنۈشى پوچتا ماركىسى بېسىش دولقۇنى قوزغىلىدۇ. "رومانتىك سۆيگەن ئادىمى" بولغان گۈزەللىكى ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىكى يېگى بىر نەسىل سوۋېت گراژدانى بولغان ك گ ب ئىشپىيونى بۇلۇش قىزغىنلىقى ئۈچۈن بىر ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ.

جاسۇس جەلىپ قىلىش ھەرىكىتى 1971-يىلى ئاپرىلدا سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 24-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ ئالدىداباشلانغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان غەرب ئەللىرىنىڭ قېرىنداش پارتىيىلىرى نىڭ موسكۋاغا يىغىلغانلىقى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭئالى دەرىجىلىك خادىملىرىدىن يېگى بىر ئەۋلاد "زورگلار" نى تېپىپ چىقىشىنى تېپىپ

www.uyghurkitap.com

چىقىشىنى تەلەپ قىلدى، مىتروخىننىڭ خاتىرلىۋالغان ئارخىپلىرىدا خاتىرلىنىشىچە، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك خادىملىرى بىلەن 6 نەپەرنىغەرىپ ئەللىرىنىڭ كومىنىست رەھبەرلىرى يىغىن ئۆتكۈزۈشتى، يىغىندا 'ىشپيۇنلارنى جەلىپ قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتى، بۇنىڭدەك باش قوشۇش يىغىنلىرى يەنە نۇرغۇن قېتىم ئۆتكۈزۈلىشى مۇمكىن.

ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلىشتىن بۇرۇنىراق، كوپىنخاگىنىدا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقى لىكۇنىد سېرگېيىۋىچ زايىتسەي سوۋېت مىھمانخانىسىدا دانىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەئىسى كنۇد يوسىبىسىن بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇتلەق سادىق ئىشەنچىلىك، سوۋېت ئىتتىپاقىغا سادىق، "دانىيە رىچارد زورگىسى" قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغان،كومپارتىيە ئەزاسىدىن 2ـ3 نەپەرنى تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئەر كىشى بولىشى، يېشى 20 بىلەن 40 ياشلار ئارىسىدا بولىشى، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان مەخپى پارتىيە ئەزاسى بولغانلىرىدىن بولسا بەكلا ياخشى بولاتتى. ئەگەر توي قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئايالىمۇ چوقۇم يۇقۇرىقى شەرتلەرگە مۇۋاپىق كېلىشى لازىم. دانىيلىك زورگلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولىشى مۇۋاپىق بىرەر كەسپى بوشى، مەسىلەن مۇخبىر، تىجارەتچى، ياكى چەتئەل كەسپى مەكتىبىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولىشى كېرەك. زېيتسەينىڭ دېيىشىچە يۇسىپسېننىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن قىزغىن بولۇپ، سىلەرنىڭ بۇ تەلىپىڭلارنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنتايىن ئېنىق چۈشەندىم ۋە بۇ ئىشنىڭ مەخپىلكىنىمۇتولۇق چۈشىندىم، شۇنىڭدەك كاللامدا [449] بۇنىڭغا لايىق بەكلا ئۇيغۇن بىر نامزات بار، مەن ئۇ كىشىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى كوپىنخاگىن ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ هازىرقى باشلىقى ئاناتولىيە ئالېكساندىرىۋىچ دانىلوۋقا ئەۋەتىپ بېرىمەن. دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئۇكرائىنا مىھمانخانىسىدا تۇرۇشلۇق گرېتسىيىنىڭ ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ بۇرۇنقى ھەرىكەت خادىمى ئىۋان پېترووۋىچ گىسلىياكمۇ گىرېتسىيە كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرتارى كوستاس كېلىئەننىستىن 1ـ2 نەپەر "گىرېتسىيە رىچارت

زورگىسىنى تېپىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەمدە زايىتسېۋقا ئوخشايدىغان گىسلىياك تەكتىلىگەن نامزاتنى "ئىدىيىسى پۈتۈنلەي ئىشەنچىلىك " بولۇشتىن تاشقىرى يەنە كۆرۈنۈشىمۇ ئاجايىپ جەلىپ قىلارلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن سىپرۇس (قىبرىس) كومپارتىيە باش سېكرېتارى ئەيزىياس پاپايۇئەننۇر بىلەن سۆزلىشىشتە، گىسلىياك تىن تەلەپنى سەل پەل چۈشۈردى. گەرچە ئۇ سىپرۇسلۇق جاسۇس نامزاتى چوقۇم ئەخلاقى، سىياسىي ۋە كەسپىي جەھەتلەردە يوقۇرى ئۆلچەملىك بولىشى، ئەمما بۇنداق بىرسىنىڭ "رىچارت زورگىغا ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ كېتىشىنىڭمۇ شەرت ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ قويىدۇ".

زايىتسېۋ بىلەن گىسلىياك بىرلىكتە دانىيە، گىرتسىيە ۋە سىپرۇس كومپارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلەشكىنىدە، چەتئەل ئىستىخبارات ئىشپىيونلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئاناتولى ئىۋانوۋىچ رازالىۋمۇ دەل ۋرانسىيە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى قول مەسئۇلى كاستون پولىسۇنىيوف بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. پولىسۇنىيوفمۇ 3 نەپەر ۋرانسىيىنىڭ زورگىغا ئايلىنالايدىغان يوشۇرۇن پارتىيە ئەزاسىنى تاللاپ چىقىشقا ماقۇل بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئىككى نەپەر نامزات كۆرسىتىدۇ. ك گ ب يەنە ئۇنىڭدىن ۋرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئاز ئىش ھەققى ئالىدىغان (يەنى سېتىۋېلىشقا بولىدىغان دېمەكچى) ، كوپىيەلەش ماشىنىكىسىداھۆججەت كۆچۈرىدىغان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچىنىڭ ئىسىم ۋاملىسىنى بېرىشنى تەلەپقىلىدۇ.

چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 24-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان يەنە بىر قېرىنداش پارتىيە ۋەكىللەر ئۇمىكىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بىلەن ئۈچرىسۇس دوختۇرخانىدا بولىدۇ. بۇ كىشى ئاۋۇستىرىيە كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىدىن خېيىلىش ۋلىس ئىدى. بۇ كىشى قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن سەل ئاۋال ئېغىر قازان سۆڭىكى نېرۋىلىرى قاتتىق ئاغرىق قوزغىلىپ كىنلەيوۋدىكى سوۋېت كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىسىغا كەلتۈرۈلۈپ داۋالاشقا ياتقۇزۇلغان ئىدى. ئۇ 103-نومۇرلۇق بالىنىس ياتىقىدا داۋالىنىۋاتقىنىدا 4-باشقارما (گېرمانىيە بىلەن

ئاۋۇستىرىيە ئىش بىجىرىش باشقارمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ يېلوفىيوفمۇ كېلىپ ئۇنى يۇخلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا "بىر ئىككى نەپەر ئاۋۇستىرىيە زورگىسىدىن بىرنى تېپىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويغىنىدا، فىلىس مۇنداق دەيدۇ، ئاۋۇستىرىيە كومپارتىيە سېكرتارى، فرانسىز مورىئىن چى پارتىيە ئىچىدىكى ئورنى تۇراقلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىستىخباراتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىشنى رەت قىلىدۇ. ئەمما فىلىز ئۇنىڭغا بىنداق بىر نامزات تېپىپ بېرىشقا قوشۇلىدۇ.[450] شۇنىڭدەك ۋىيېننا ئىستىخبارات پونكىتىدىكى پ ر سېپىدىكى مەسئۇل خادىم ن ۋ گىرلىيەنكوفبۇ ئىشنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلاد بېرىدىغان بولىدۇ.

مىتروخىننىڭ خاتىرلىشىگە ئاساسەن، 1971-يىلى جاسۇس جەلىپ قىلىش ھەرىكىتىگە قارىتا ئىنكاسى ئېھتىياتچان بولغىنى كانادا كومپارتىيە باش سېكرېتارى ۋىلىيىم كاستەن ئىدى. گەرچە كاستەن كەسكىن كونا قاراشتىكى ھەمدە سوۋېتكە ئەستايىدىل ساداقەت كۆرسىتىدىغان بىر رەھبەربولۇپ، ئەمما ئۇ نۇرغۇنلىغان ئەملى مەۋجۇت قىيىنچىلىقلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.كانادا كومپارتىيىسىقەتئى تۈردە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ك گ ب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشىدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ، 1945-يىلى گۇسىنكوكوپ ۋەقەسىنى كىشىلەر تېخى تۈنۈگۈن بولغان ئىشلاردەكلا ئۇنۇتمىغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتىدا " كانادا كومپارتىيىسى بىردىن بىر پارلامېنت ئەزاسى فرىدىر روس ھەمدە پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك تەشكىلات باشلىقى سام كار بولغان سوۋېت جاسۇسى سالاھىيىتى پۈتۈنلەي پاش بولۇپ قالغان. سوۋېت تەرەپ كاشتەنگە ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىشەنچىلىك نامزات تېپىشلا بولىشىنى ئاررزۇ قىلاتتى، تەمىنلىگەن ئالاقىدار ماتېرىياللاربىلەن بۇ كىشى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە، ەسلىھەتتە بولۇپ، قالغان ئىشلارنى ك گ ب ئۆزە ھەل قىلىدۇ. گەرچە مۇرەككەپ ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالغىدەك بولسىمۇ ئۇنى بۇ ئىشنىڭ ئارىسىغا سۆرەپ كىرمەيدۇ. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، كاشتەن بۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتۇرۇشنى "ئىنتايىن مۇۋاپىق" دەپ قارايدۇ.

سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 24-قۇرۇلتىيىدا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ھېچ بولمىغاندا 8 نەپەر لاتىن ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشكەن. ئۇلارنىڭ مەخسىدى يېگى ئەۋلاد لاتىن ئامېرىكىسلىق زورگى تېپىش ئەمەس، بالكى ئارخىپخانىداتەرەققى قىلدۇرۇشقا بولىدىغان جاسۇس ئوبىكتىۋنى ئىزدەش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيىتى ئۈچۈن كېرەكلىك سالاھىيەت ماتېرىيالى تېپىش. بىر يىلغا قالماي، مەركەز لاتىن ئامېرىكىسىدا جاسۇس ئاختۇرۇشنى ئاكتىپلىق بىلەن باشلىۋېتىدۇ. شۇ ئارقىلىق شىمالى ئامېرىكىدا پائالىيەتنى قانات يايدۇرىۋېتىدۇ. 1975-يىلى كلىيۇچكوۋئارگىنتىنا كومپارتىيىسىنىڭ سېكرىتارى ئارۋالىس ئاندونى بىۋاستە تېپىپ "ئارگىنتىنالىق دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ." . بۇ قېتىملىق سۆزلىشىشنىڭ ك گ ب خاتىرىسىدە دېيىلىشىچە، ئاندو بۇنى پۈتۈنلەي چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ بىرىيىل ئىچىدە، ئەرەپ ئەللىرى ئارىسىدىن ئىشپيون كېڭەيتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاندرىپوپ يەنە بىۋاستە سۈرىيە، ئىراق ۋە لىۋان قاتارلىق ئەللەرنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرۇشىدۇ.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، فىرانسىيە، ئىتالىيە، ئاۋۇستىرىيە ھەمدە سىكاندىناۋىيە يېرىم ئارال ئەللىرىدە [451] بىرلەشمە ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلىدۇ. كېيىن بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەتلەر كەينى كەينىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما 'شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتلەردىكى كومپارتىيىلەر بەلگىلىك دەرىجىدە مەمورى تەجرىبىگىمۇ ئېرىشىدۇ. 25يىلادىن كېيى، بۇ غەرپ ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدە كومىنىستارنىڭ مىنىستىرلىكنى ئۈستىگە ئالىدىغان ۋەزىيەتمۇ ئوتتۇرغا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك بۇلار ئىنتايىن چوڭ دەرىجىدە 1974-يىلى ئاۋرىلدا پورتىگالىيىدە پارتلىغان "قىزىل ئانار ئىنقىلابى"نىڭ ئاقىبىتىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا

ئاكتىپ ياش ئوفىتسېرلار دىن تەشكىل تاپقان "قوراللىق ھەرىكەت ھەرىكىتى" 40 يىللىق پۇخرالارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدەك دېمكراتىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەدىسىنى بېرىدۇ. نەتىجىدە پورتىگالىيەنىڭ ئافرىقىدائېلىپ بارغان مۇستەملىكە كۆرەشلەرنىڭ داۋام قىلىشىنىمۇ ئاخىرلاشتۇردى. بىر قانچە كۈن ئىچىدە، چەتئەلگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن كومپارتىيە بىلەن سوتسىيالىزمچى رەھبەرلەردىن ئارۋالو كۇنىيار بىلەن رىيو سۇيالىس دۆلىتىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەسەبىلەرچە قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ بىر قېتىملىق ئانار گۈلى پەيدا قىلىدۇ. سۇيالىسئۇنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىسى كۇنىيارنى قوللايدۇ. ئۇنى مەدھىلەپ "ئاجايىپ ئادەم دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆكۈرۈۋە كەسكىن قاراشلىرى كۈچلۈك روھىي كغچنى ئىپادىلەيدۇ. " ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۇنىيار مۇ سوۋېتپەرەست قاتتىق قوللۇق بىرسىگە ئايلىنىدۇ. 1968-يىلى غەرب ئەللىرى كومپارتىيە رەھبىرى ئىچىدىكى بىرىنچى بولۇپ "پراگا باھىرى" نى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلغۇچىدىن بىرى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ سۇيالىس ئوتتۇرسىدىكى كېلىشەلمەسلىك بارغانسىرى چوڭقۇرلاپ كېتىدۇ. ئەمما 1975-يىلى ياز ئايلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنىلە بىر قاتار بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە بىرلىكتە ئىشلەيدۇ.

1974-يىلى 6-ئايدا، پورتىگالىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى "ئۆكتەبىر ئىنقىلابى" اى كېيىن تۇنجى قېتىم رەسمى دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. 6 ئايدىن كېيىن، كۇنىيار بىلەن ك گ ب نىڭ لىسسابوندا تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى سۋيياتوسلاۋ فىئودوروۋىچ كوزنوزوف ئىككىسى تۇنجى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. كۇزنىزوف ئەينى ۋاقىتتا يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىنى دېپلوماتىك سالاھىيىتى بىلەن نىقاپلاپ جاسۇسلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ئىككىسىلا سۆھبەتلىرىنىڭ ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىنىشىدىن بەكلا ئەنسىرىشىدۇ، گەرچە سۆھبەتلەر پورتىگالىيە كومپارتىيىسىنىڭ مەخپى بۆلۈمىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا قەغەز قەلەم بىلەن ئاۋازسىز سۆھبەت قىلىشقان . ھەر ئىككى تەرەپ

ك گ ب كومپارتىيىسىنىڭ ئىككى نەپەر ئىشەنچىلىك پارتىيە مەئۇلىنىڭ ئاڭلاش ئەسۋاپلىرىنى تەكشۈرۈپ بەرگەنلىكىدىن، كېيىنكى قېتىملىق سۆھبەتلەر ئاۋازلىق سۆزلىشەلەيدۇ. كۈنىيار يەنە ك گ ب تەمىنلىگەن پورتىگالىيە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا ناتو (پورتىگالىيە ناتونىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى) بىلەن باشقا ك گ ب قىزىقىدىغان ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ.

1974-يىلى ئاپرېلدا ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغانلىقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر تەكشۈرۈش كومىتېتى [452] ئاۋالقى ھۆكۈمەتنىڭ قويغان ئادىمىنىڭ دوكلاد قىلغان بىخەتەرلىك بۆلۈمى (ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، "پورتىگالىيە خەلقئاراۋە ساقلىقنى ساقلاش ساقچىسى" ۋە "پورتىگالىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى") نىڭ ئارخىپلىرىنى اشكارىلىۋەتكە، پورتىگالىيە چوڭ مەخپى تەكشۈرۈش تورى ئاساسەن سوۋېت گۇروھىدۆلەتلەر بىلەن دۈشمەنلىشەلىگىدەك كۆچتە ئىدى. بۇ ئورگاننىڭ ئاساسلىق نىشانىسە پورتىگالىيە كومپارتىيىس22نىڭ نەپەر ئەزاسى تۈرمىدە ياتقان كۈنلىر قوشساق 308 يىلغا بارىدۇ. يەنى ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق بىر غەلىتىلىك يوق. پورتىگالىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئارخىپلىرىدا (بۇلاردىن غەرب ئىستىخبارات ئورگانلىرىبىلەن ھەمكارلاشقانلىق ئەھۋالى) دىن تاشقىرى، پورتىگالىيە كومپارتىيىسىيەنە لىسبون ئىستىخبارات پونكىتىغا پورتىگالىيە ھەربى ئىشلار ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن قۇرۇلغان بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىدىن توپلىغان ماتېرىياللارنى تەمىنلەيدۇ. مىتروخىن خاتىرلىبالغان بىر ئارخىپتا كۆرسىتىلىشىچە، 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، پورتىگالىيە كومپارتىيىسى لىسبون ئىستىخبارات پونكىتىغا تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنىڭ جەمئى ئېغىرلىقى 474 كىلوگرامغا يېتىدىكەن. 1976-يىلى يانۋاردا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارى 5-باشقارمىسى بىر ئالاھىدە ئورۇن قۇرۇپ، پورتىگالىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى مەخسۇس بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلىنغان. بۇ ھۆججەتلەرنى مىكرو لېنتىغا تارتقىنىدا جەمئى 68138 غالتەك نىگاتىپ قۇللانغان. مىتروخىن مەركەزنىڭ بۇ ھۆججەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قىسقىچە خۇلاسىلاپ كېلىپ.

مۇنۇلارنى يازغان:

*ھۆججەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئىستىخباراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇلار مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن: ئامېرىكىنىڭ، فرانسىيىنىڭ، گېرمانىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ۋە ئىسپانىيىنىڭ پورتىگالىيە چېگراسى ئىچىدىكى، بولۇپمۇ (ئالاھىدە ئىستىخباراتلار) ئورۇنلىرىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى، خىزمەت ئۇسلى ۋە جاسۇسلار تورى بار ئىكەن. بۇ ئورگانلارنىڭ بىلەن پورتىگالىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى نىڭ ھەمكارلاشقانلىق ئەھۋاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. پورتىگالىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالى؛ پورتىگالىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىدۆلەت ئىچىدە ۋە پورتىگالىيە بۇرۇنقى مۇستەملىكىلىرى بىلەن قۇرغان جاسۇسلۇق تورلىرىبار ئىكەن؛ بولۇپمۇ ئالاھىدە ئورۇنلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن باشقا سوتسىيالىزم ئەللىرى بىلەن خىزمەت ئۇسۇللىرىمۇ بار ئىكەن. پورتىگالىيە بىلەن ك گ ب نىڭ قىزىقىدىغان نىشانئورۇنلىرىدا قانات يايدۇرۇلغان جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ شەرتلىرى؛ شۇنىڭدەك ك گ ب نىڭ ئىستىخبارات جەھەتتە قىزىقىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بار ئىكەن.*

بۇ ھۆججەتلەر ياكى ئۆزگەرتىشتىن كېيىنكى كىتاپ نۇسخىسى، ئا باشقارمىسىنىڭ قانات يايدۇرغان مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋەيران قىلىۋەتكەن، فرانسىيە ۋە غەرپى گېرمانىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ "ئاكتىپ تەدبىرلىرى"نىڭ ئاساسلىرى بار ئىكەن.

1975-يىلى ئاپرېلدا، پورتىگالىيىدە ئۆرۈشتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئەركىن سايلام ئېلىپ بېرىشىمۇ بار ئىكەن. بۇ قېتىمقى[453] سايلامدا، كومۇنىستلار ئارانلا 12.5% ئاۋازغا ئېرىشكەن. بۇ پەقەتلا سوٗيالىسرەھبەرلىك قىلىۋاتقان سوتسىيال پارتىيىنىڭ ئېرىشەكەن قوللاشىنىڭ ئاران 3تىن بىرىگە تەڭ. ۋاھالەنكى، كۇنىيار بۇ پەرقنىڭ مورىنى مورىگە تىرەپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ھەقىقى ھوقۇق يەنىلا بىر يىل ئاۋال قوزغالغان ئىنقىلابنىڭ "قوراللىق كۆچلەر ھەرىكىتىنىڭ قولىدا. ئۇ بىر مۇخبىرغا مۇنداق دەيدۇ، "بۇ

قېتىمقى سايلام بىلەن ئىنقىلاپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بىرلا مۇناسىۋىتى يوق، ھەتتە مۇناسىۋەتتىنى بەكلا ئاز دېيىشىمىز مۇمكىن. ... بىز سىزگە شۇنداق دەپ كاپالەت قىلىمىزكى. پورتۇگالىيىدە ھەرگىزمۇ پارلامېنت ئوتتۇرغا چىقمايدۇ. " ئەمما ئۇنىڭ پەرىزى پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. نويابىردا سولچىل ئۇنسۇرلار ھەرىكىتىنىڭ قوزغىغان سىياسىي ئۆزگۈرۈش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۇنيار "قوراللىق كۈچ ھەرىكىتى"نىڭ ئۇنى قوللىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. 1976-يىلى ئاپرېلدا ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى چوڭ سايلامدا، كومپارتىيە ئارانلا 14.5% ئاۋازغا ئېرىشىدۇ. ئەمما 35%كىشىلەر سوتسىيال پارتىيىنى قوللايتتى. سۇيالىس باش مىنىستىر سايلانغىنىدىن كېيىن، كۇنيار رەھبەرلىكىدىكى كومپارتىيە رەقىپ پارتىيىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

پورتۇگالىيە كومپارتىيىسى يەنىلا ك گ ب جاسۇس تاللاش بىرتىيە بولۇپتاللىنىشىنى قوللىمايدۇ. 1977-يىلى 7-ئايدا موسكۋادا، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى پورتۇگالىيە كومپارتىيىسى سىياسىي بىيروسى ھەيئىتى پاترىك پارتىيەتەشكىلىدە مۇۋاپىق بىرسىنى تاللاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ناتوغا قارىتا ھەرىكەت قىلىدىغان ئىشپىيون قىلماقچى بولىدۇ. تەجرىبىلىك پارتىيە ئەزاسىنى تاللاپ بەزى ئالاھىدە ئىستىخبارات ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداتماقچى بولىدۇ. بۇ پاترىككقا نىسبەتەن ئۇنچە بەك تەس ئىش ھېسابلانمايتتى. ئەمما ئۇ ئۆلارنى ئۆزۈنغىچە ئىشپىيون قىلىشىنى خالىمايتتى. ئۇنداق قىلىنسا دېمەك ئۆلارنىڭ پورتۇگالىيە كومپارتىيىسىدىكى ئىشىنى تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر قالاتتى. ئەمما ئۇ لىسبونغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ئۇ يەنىلا 5 نەپەر پارتىيە ئىچىدە مۇھىم خىزمىتى بولمىغان نامزاتنى تاللاپ بېرىدۇ. ھەمدە تولدۇرۇلمىغان بوش گوللاندىيە پاسپورتنى بېرىدۇ. ۋە ئىشپىيونلارغا لازىملىق ئىسپات تونۇشتۇرۇشنىمۇ بېرىدۇ.

1977-يىلى7-ئايدا پاترىك بىلەن قايتا كۆرۈشكىنىدە، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسى يەنە فىنلاندىيە كومپارتىيىسىنىڭ چوڭقۇر تۈجرىبىلىك رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇ كۈنلەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا تەتىل قىلىۋاتقان فىنلاندىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەئىسى

ۋىيلەي پىشى (پارولاسى بارانوف) بىلەن يۇقۇرقىلارغا ئوخشاش شەكىلدە ئۇچۇرۇشىدۇ. پىشى مۇ 4-5نەپەر فىنلاندىيە كومپارتىيە مەخپى پارتىيە ئەزاسىنى ياكى ئىشىنىشكە بولىدىغان ئوخشاش يولدىكى كىشىلەرنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلارنىمۇ مەشىق قىلدۇرۇپ ئىشپيون قىلىپ چىقىشىغا ماقۇل دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئامېرىكا ۋە ناتودا قۇرۇلغان ئامېرىكا، نورۋېگىيە، دانىيە ۋە باشقا ئويمان ئەللەر (ياۋروپانىڭ غەرپى ئوتتۇر قىسىم ئەللىرىنى شۇنداق دەيدۇ) ئورگانلىرىغا ئىشپيون قىلىپ كىرگۈزۈپ ھەرىكەت قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە ئارخىپ بۆلۈملىرىدە ۋە باشقا ئىشپيونلارغا سالاھىيەت ھۆججەتلىرى تەقلىد قىلىدىغان ھۆججەتخانىلاردا ئىشلىگەن كىشىلەردىنمۇ بىر نەچچىسىنى ئىشپيون قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغان نامزاتلاردىن بىر ئىككىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاساسەن پاترىك بىلەن بارانوۋ موسكۋادا سۆھبەتلەشكىنىدە،[454] ئاندرىپوپ دۇبلىندا تۇرشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى مىخايىل كونىستانتىنوۋىچ سادىلىن (پارولاسى كاۋىلىن) ۋە بىر نەپەر قانۇنى جەھەتتە ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان ئىرلاندىيە كومپارتىيىسىنىڭ مۇھىم رەھبىرى (پارولاسى گروم) بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. گروم ئىككى نەپەر مەخپى پارتىيە ئەزاسىنى تاللاپ ئىرلاندىيە بىرىنچى ئەۋلاد ئىشپيونى قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ماقۇل بولىدۇ.

سوۋېت گۇرۇھىدىن بولمىغان ئەللەر كومۇنىست پارتىيە ئالاقىلىشىش بىلەن بىرلىكتە، چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كىلچكوف چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ ن سىپپى (ئىشپيونلار ھەمكارلىق باشقارمىسى) نىڭ خىزمەت مەسىلىسى بىر قاتار يولىيورۇقلارنى چۈشۈردۇ. غەرپ جاسۇسلۇققا قارشى ئورگانلار سوۋېت باش ئەلچىخانىسىدىكى ئاشكارە ئىستىخبارات پونكىتىغا بارغانسىرى قاتتىق كۆزىتىش قويىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەخپى ئىستىخبارات تورىنىڭ مۇھىملىقى كۆندىن كۆنگە رۇشەنلىشىدۇ. ھالبۇكى كلىيۇچكوف ھەر تۈرلۈك ئىستىخبارات پونكىتلىرىنىڭ غەرپ ئەللىرىدىكى كومپاتىيە ۋە باشقا ئورگانلارغا تەمىنلىگەن ئىشپيون تەرەققىيات ئوبىكتىپلىرى دىن

www.uyghurkitap.com

قانات يايدۇرغان كەيىندىن داۋاملاشتۇرۇش خىزمەتلىرىدىن ئۈنچىۋالا رازى ئەمەس. ئۇ 1978-يىلى ئاپرىل دا بىر پارچە ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ تەنقىتلىنىدۇ:

*نۇرغۇنلىغان ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقلىرى ن فىرونتتا خىزمەتلىرىدە ئىككىلىنىپ قېلىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. مەخپى ئىستىخبارات خىزمىتىگە سىڭىپ كىرگەن بولۇپمۇ ئالاھىدە (مەخپى)جاسۇسلار ئۇستىدىكى تەكشۈرۈشلەر تولۇق بولمىغا، چوڭقۇر بولمىغان، نىشانىمۇ كۈچلۈك بولماي قالغان.*

70-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، مۇتلەق كۆپ قىسىم غەرپ، لاتىن ئامېرىكىلىق ئەللەرنىڭ ۋە بەزى ئوتتۇرا شەرق ، شىمالى ئافرىقا ئەللىرىنىڭ كومىنىستلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى ئەۋلد ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىنى تېپىۋالغان. ئەمما بۇنىڭغا ھېچ بىر پاكىت يوقكى، ك گ ب بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ قېرىنداش پارتىيىلىرى قانات يايدۇرغان پۈتۈن يەرشارى خاراكتېرلىق ئىشپىيون جەلىپ قىلىش ھەركىتىدە ئانود دويىچ ياكى رىچارد زورگىلەردەك بۇنداق ئالاھىدە جاسۇسلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. غەرپ ئەللىرىنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىرى تەمىنلىگەن جەلىپ قىلىش يىپ ئۇچلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىتروخىنىنىڭ خاتىرلىۋېلىشىدىن قارىغاندا، ھېچقانداق زور بىرەر ئۇتۇقنى ئېرىشەلمەيلا قالغان بولماي، ئەكسىچە، بىر قىسىم مەغلۇبىيەت خاتىرلىرىنى كۆرۈلمەكتە.

پورتىگالىيە كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتىتى پاتىرىكنىڭ ئىشپيونتەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن سۇنغان ئوبىكتىپلىرى پورتىگالىيە تىل ئوقۇتقۇچىسى ئىشىنى قىلدىغان كومپارتىيە ئەزاسىمارىيە دەل شۇنداق مەغلوبىيەتلەرنىڭ مىسالىدىندۇر. ئەسلىدە، مەركەز مارىيەنى ئالىكسادىر نىكولايېۋىچ كۇنولىنكوف [455] (پارولاسى يېفلېموف دېگەن بۇ كىشى ك گ ب نىڭ بىر مەخپى خادىمى، برازىلىيىگە بېرىپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ تەربىيىلىنىشىنى قوبۇل قىلماقچى ئىدى.) نىڭ ياردەمچىسى ۋە ئايالى، ۋاھالەنكى ، ئۇلار ئىككىسى غەرقى گېرمانىيىدىكى

تۈنجى قېتىملىق پۈتۈشۈشتىلا ئىشنى بۇزىۋالىدۇ. مارىيەنىڭنىڭ ھېس قىلىشىچە كۈنولىنكوۋنىڭ كۆرۈنۈشى بەكلا سەت بولۇپ قىلچىمۇ جەلىپ قىلغىدەك يېرى يوق. شۇڭا ئۈنىڭ بىلەن بىر يوتقانغا كىرىشنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مارىيەنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىشى يېرىمىدا توختاپ قالىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ياردىمى بولماي تۇرۇپ كۈنولىنكوۋنىڭ پورتىگالىيە تىلىدىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە مەشىق قىلىنمايدۇ. 1981-يىلى ، مەركەز ئۇنى برازىلىيىگە ئەۋەتىش پىلانىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى س ئىدارىسىغا ئىشلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

فرانسىيە كومپارتىيىسى كۆرسەتكەن لىم بىلەن ئۇنىڭ ئايالى تانا بولسا غەرپ ئەللىرىنىڭ كومپارتىيىسى سۇنغان ئىشپىيونلىرى ئارىسىدىن تاللانغان بىر قەدەر ئىستىقباللىق بولغان ئىككى كىشى ئىدى. ئۇلار 1973-يىلى تەرەققى قىلدۇرۇلغانلاردىن ئىدى. فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ باھالىشىچە، لىم "كومۇنىزىم ئەقىدىسىگە" ئۆزىنى بېغىشلىغان بىرسى بولسىمۇ، ئۇنى ھەرگىزمۇ فرانسىيىنى نىشان قىلىنغان ھەرىكەتلەرگە يېقىن يولىتىشقا بولمايدۇ دەپ تەۋسىيە قىلىنغان ئىدى. ئىككى يىللىق چېنىقىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، لىمنىڭ بىرىنچى پارچە خاتىرلەنگەن تۆھپىسى يەنە بىر جاسۇس قىلىپ كېڭەيتىشكە بولىدىغان بىر فرانسىيىلىكنى تاللاپ بېرىشى ئىدى. ئۇ كىشى ماسەير . ئۇ پارىژ شەھەر ئەتىراپىدىكى بىر رايونلۇق ناھىيەلىك مەمورى بىنادا ئىشلەيتتى. بەلكىم ك گ ب ئىشپىيونلۇقى ئۈچۈن سالاھىيەت تونۇشتۇرۇشى نىڭ ئېھتىياجىدىن، 1975-يىلى ك گ ب ئۇنى سوۋېت جاسۇسلۇقىغا كېڭەيتكەن ئىدى. 1975-يىلى دېكابىردا، لىم (ئۇ يىلى 36ياشتا ئىدى)ئۇ تانا بىلەن بېلگىيىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلار ياۋروپا ئىتتىپاقداشلار ئالى قوماندانلىق شىتابىنىڭ باش قوماندانلىق يېقىنىدا بىر باغاق بېسىش بىلەن بىزانتىرىيە كىچىك دۇكىنىدىن بىرنى ئېچىۋالىدۇ. كېيىنكى يىلىسى، ئۇلار ئىزچىل تۈردە ناتو خادىملىرىدىن بىرەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنىدۇ. ئەمما قىلچىلىكمۇ ئىلگىرلەش بولمايدۇ ياكى بەكلا ئاز ئىلگىرلەش بولىدۇ. 1976-يىلى ئاخىرىدا، ئۇلار

www.uyghurkitap.com

فرانسىيىگە قايتىپ كېتىپ، پوردو رايونىدا ماكانلىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ
قىسقا مەزگىللىك ك گ ب جاسۇلۇق ھاياتىغا بىر نوقتا قويىدۇ.
456ئەگەر 30ـ40ـيىللارنىڭ ئالدىدا بولسا ئىدى،

# ئون سەككىزىنچى باب
# ك گ ب بىلەن ياۋروپا كومىنىزمى

1960-يىلى موسكۋادا چاقىرىلغان 85 دۆلەت كومپارتىيىسى قاتناشقان قۇرۇلتايدابىردەك ئىلان قىلىندۇ،مەيلى شەرق بولسۇن ياكى غەرپ بولسۇن ئۇ دۆلەتلەرنىڭ كومپارتىيىلىرى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ساداقىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي بىر پىرىنسىپ قىلىپ چىڭ تۇرىدۇ:

*ئىنتېرناتسيونالىزم ھەرىكىتىدىكى ئەڭ تەجرىبىلىك قوزغالماس بىر قوشۇن بولغان، سوۋېت كومپارتىيىسىئىزچىل ۋە داۋاملىق ھەممە ئېتىراپ قىلىنىدىغاندۇنيا كومىنىزمھەرىكىتىنىڭ داھىسى بولۇپ كەلمەكتە.*

ۋاھالەنكى 60-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، سوۋېت كومپارتىيىسى ئىنتايى نەپەرەت بىلەن شۇنى سەزدىكى، ئۇنىڭ ئەزەلدىن توغرىلىقى كېيىنچە "ياۋروپا كومىنىزمى" دېيىلگەن ئىدىيىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى بىلەن گۇماندا قالىدۇ.

*كومىنىستىك ئىنتېرناتسيونال ھەرىكىتىدە ئەڭ تەجرىبىلىك كۈچلۈك قوشۇن بولغان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىزچىل تۇردە ۋە داۋاملىق تۇردە ھەممە ئېتىراپ قىلىغان دۇنيا كومۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ داھىسىدۇر.*

ۋاھالەنكى، 60-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت كومپارتىيىسىبەكلە غەلىتى بىر شەكىلدە شۇنى سەزدىكى، ئۇنىڭ ئەزەلى توغۇرىلىق ئالاھىدىلىكى كېيىن "ياۋروپا كومۇنىزم"ئىدىيىسىنىڭ ئورتىغا چىقىشى بىلەن شۈبھىدە قالىدۇ. ياۋروپا كومىنىزم ئىدىيىسى تۇنجى قېتىم ئاشكارە تۇردە 1968-يىلى "پراگا باھىرى"ۋەقەسىدىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتلاردىكى كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ كومپارتىيىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن مۇتېدىل بىر شەكىلدە تەنقىتكە ئۇچرايدۇ. كېيىن ياۋروپا كومىنىزمىنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان ئىتالىيە كومپارتىيىسى، بىر تەرەپتىن شۇنى تەكىتلەيدىكى، "ئىتالىيە

www.uyghurkitap.com

كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ئارىسىدا چوڭقۇر قېرىنداشلىق يېقىنلىق مۇناسىۋەت " تىكلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ "باشقا بىر دۆلەتنىڭ كومپارتىيىسىنى ياكى يەنى بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى"غا قوراللىق مۇداخىلە قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى رەت قىلىدۇ.

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى تانكىلىرى پراگاغا كىرىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ئىتالىيە كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ئارىسىدا[469] بۇ تۈر "چوڭقۇر قېرىنداشلىق يېقىنلىق مۇناسىۋەت" بۇ ئىككى پارتىيىنى زىچ باغلاپ تۇردۇ. بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ يېقىنلىق تەرىپىنى، ئىتالىيە كومپارتىيە تەئسىلەر ھەيئىتىدە بەكلا ئاز كىشى خەۋەردار ئىدى. 1967-يىلى ئاۋىرىلدا، ئاۋىنا "پولكوۋنىكنىڭ سىياسى ئۆزگۆرۈشى" يۈز بەرگىنىدىن كېيىن، ئىتالىيە كومپارتىيە باش سېكرېتارى لويىجى لوڭگى بىلەن باشقا بىر قىسىم پارتىيە ئىچىدىكى رەھبەرلەر ئىتالىيەدىمۇ گىرىتسىيە تىپىدا بىر ھەربى سىياسى ئۆزگۈرۈش يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارەپ ئاگا ھلاندۇرىدۇ.1967-يىلى ياز كۈنلىرى، جورج ئامىن ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەئىسىيەت سەھنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رەسمى ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق سىياسى ئۆزگۆرۈشكە تەييارلىقتا بولۇپ، ئىتالىيە كومپارتىيىسى مەخپى يەر ئاستى تەشكىلاتىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. سوۋېت كومپارتىيىسى سىياسىي بىيروسى 15-ئاۋغۇست كۈنى پ 50 / پ نومۇرلۇق قارارى بويىچە چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىغا بىر پىلان تەييارلاش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئىتالىيە كومپارتىيىسىگە ياردەم قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىستىخبارات تەشكىلاتلاتىنى قۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بېرىش، ھەمدە ئومۇمي يۈزلۈك تەربىيلەنگەن خادىملار بىلەن مەخپى رادىئو ئالاقە سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش. ئىتالىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلى ئاندرىيا بىلەن سوۋېت كومپاتىيەمەركىزى كومىتېتىئالى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بىلەن بىرگە ك گ ب ئەمەلدارى موسكۋادىكى سۆھبەتى جەريانىدا بۇ پىلان ھەققىدە تەپسىلاتلىرى ھەققىدى بىردەك پىكىرگە كېلىشىدۇ. 1967-يىلى ئۆكتەبىردىن تارتىپ 1968-يىلى ماي ئىيىدا 3 نەپەر ئىتالىيە رادئو

مەشغۇلاتچىسى بىلەن 4 ئايدا ك گ ب نىڭ مەشىق قىلىش دەرسلىرىنى تاماملاش، ئىتالىيە پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ باشلا ئەزالىرى يالغان سالاھىيەتتونۇشتۇرۇشنى ياساش كورسىنى تاماملاش، مەشىق پىلانىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇلار 96 سائەت ئىچىدە رېزىنكە تامغا ئويۇش ۋە ھۆججەتنى پىچەتلەشنى ئۆگىنىش، 6 سائەتلىق ئۆگۈنۈش ئارقىلىق سېلىلوزادىن بارماق ئىزىنى بېسىپ چىقىرىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋېلىش،6 سائەتتە سالاھىيەت ھۆججىتىدىكى رەسىمنى ئالماشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئىگەللەش، يەنە 6 سائەتتە ھۆججەت تولدۇرۇشتىكى قەلەم پوچىركىسىنى ئۆگىنىۋېلىش، ئاخىرىدا يەنە 12 سائەت "نەزەرىيە مۇھاكىمىسى قىلىش. بۇ كۇرۇسلار بىلەن باشقا بەزى مەخپى كورۇسلار ھېچ بولمىغاندا تا 70-يىللارغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئىتالىيە كومپارتىيىسى رەھبەرلىكى يەنە ك گ ب دىن باش شتاپتا ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش ئاپاراتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرمىغانلىقى تەكشۈرۈپ بېرىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

گەرچە ئىتالىيە كومپارتىيىسى 1968-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى "پراگا باھىرىنى باستۇرۇش"ھەركىتىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ،ئەمما تېزلا ئاشكارە تەنقىتلەر تىنجىپ قالىدۇ،1969-يىلى فېۋرالدا ئىتالىيە كومپارتىيىسى 12-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنى چاقىرىستىن ئاۋال، سوۋېت كومپارتىيە كومىتېتى خەلقارا بىيروسىنىڭ باشلىقى واۋلىس پونوماخوۋبىلەن ك گ ب ئالى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لويىجىرۇڭگې ۋە باشقا رەھبەرلەر گە بېسىم قىلىپ ئۇلارنى قۇرۇلتايدا چېخسلوۋاكىيە ۋەقەسى توغرىلىق باھالاش تونىنى پەسەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە نۇتۇقلاردا يەنىلا بەزىلەر يۇمشىتىلغان سۆزلەر بىلەن[470] سۆزلەيدۇ. ئەمما "مۇداخىلە"، "ئىشغال " قاتارلىق سۈپەت سۆزلىرىنى سوۋېت ئۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىدۇ. ئىتالىيە كومپارتىيىسى مۇ ۋارشاۋا شەرتنامىسى دۆلەتلەرنىڭ چېخسلوۋاكىيىدىن ئەسكەر چېكىندۇرۇش تەلىپىنى قايتا تىلغا كەلتۈرمەيدۇ. 1970-يىلى ماي ئېيىدا، ئىتالىيە بىر يىل بالدۇر چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، بۇ چاغدا لوڭگې ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىۋاتقىنى چىقىمغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈدۇ.1972-

ئۇيغۇر كىتاب تورى  www.uyghurkitap.com

يىلىقى سىيلام يىلىدا، سوۋېت كومپارتىيىسىدەسىلىۋدە لوڭگېۋە 520 مىليون ئامېرىكا دوللىرى پۇل بېرىدىغان بولىدۇ. 1971-يىلىغا قارىغاندا 200مىڭ ئارتۇق ئىدى. كېيىن لوڭگېنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، سوۋېت كومپارتىيىسى يەنە 500 مىڭ دوللار قوشۇپ بېرىدۇ. ئەمما لوگى بۇنى يەنە يەتمەيدۇ دەپ يەنە كۆپەيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ خەت يازىدۇ. برېژنوپ 4-ئاۋرىلدا بىۋاستە لوڭگېغا خەت يېزىپ رىمانىكى ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى گېناجىۋىيودورېۋىچ بورزوف (پارولاسى بېسرروف) ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ، بۇ خەتتە مۇنۇلار يېزىلان ئىدى:

*قەدىرلىك يولداش لوڭگې: بىز يازغان مەكتۇبىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئادۇق. خېتىڭىزدا ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن سايلام ھەرىكىتىگە قاتنىشىشىنى تىلىگەن ئىكەنسىز.يارەدەمنى كۆپەيتىپ بېرىشىنتەلەپ قىلغان ئىكەنسىز،*

*بىز چوڭ سايلامنىڭ جىددى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىمىز شۇڭلىقدەك سىلەرنىڭمۇ ئاكتىپلىق بىلەن سايلام ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ چوڭ سايلامدا ئۇتۇپ چىقىشىنى ۋە رىقابەتچىكۇچلەرنى يېڭىپ چىقىشىڭىزنى چۈشىنىمىز. سىزگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك يولداش لوڭگې ، بىز يەنە 50مىليون دوللارئاجرىتۇرۇپ بېرىپ ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ سايلامغا كىرىشىنى قوللاپ بەردۇق. ھازىرغا كەلگىچە بۇ يىلقى سايلىمىڭىزلارغا يەنە يېرىم مىليون دوللار ئاتتۇرۇپ بېرىپ بۇ يىلقى سايلامغا بەرگەن ياردىمىمىز جەمى 5مىليون700 مىڭ دوللارغا يەتتى،*

*سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە كەلسەك، بىز قايتىدىن تەپسىلى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ئالدىمىزدىكى ھەرخىل ئېھتىماللىقلارنى كۆتىپ چىقىپ سىزلەرگە يەنە يېرىم مىليون دوللار ياردەم قىلىشىنى بېكىتتۇق. ئەپسۇسكى بىز ھازىرچە بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى قىلالمايمىز،*

*ھۆرمەت بىلەن*

*كومىنىستىك سالام يوللايمىز*[471]

*سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېت باش سېكرېتارى*

(ئىمزا) بېرېژنوپ

مەكتۇپ لوڭگېنىڭ قولىغا تەگكىنىدىن كېيىن بوزوف مەركەزگە

دوكلاد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

*باش ئەلچى شۇنداق دەيدۇكى، (نىكىتا لىنوۋ) بىز ئۇنىڭغا تايىنىپ پەئالىيەت قىلماقتىمىز، ئۇمۇ بۇ ئىشنى تېلېگرامما ئارقىلىق يولداش بېرېژنوپقا ئۇختۇرۇپتۇ. لىنوۋنىڭ تەڭ تۇرغىلى بولمايدىغان مىجەزى ۋە بۇنىڭدەك ئىشلاردا بەكلا سەزگۈرلۈك بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدىغان بىر كىشى. بۇ ئىش باش ئەلچى بىلەن بىزنىڭ ئىپادىمىزنى بەكلا چوڭ ئېغىرلاشتۇرىۋېتىپتۇ.*

مەركەزبورزوۋنىڭ ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە باش ئەلچىنى پەپىلەپ قويسۇن دەيدۇ:

لىنوۋقا دەپ قويۇڭلار، سىزچە ئۇ موسكۋادىكى ۋاقتىدا سوۋېت كومپىرتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ قارارىنى ئاڭلىدى دەپ ئويلامسىز. سىزنىڭچە ئۆزنامىڭىزدا يولداش لىنوۋتىن كۆپرەك ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم دەپ ئويلامسىز، بۇ ئىشنى كۆۋڭلەڭىزگە ئالماڭ، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىز بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل ۋۇناسىۋەتنى ساقلايمىز، ھەمدە ئۇنىڭ دوستىمىز (ئىتالىيە كومپارتىيىسى) بىلەن ئۇمۇۋى يۈزلۈك بىزنى چەشىنىشى ئۈچۈن ئۇچرۇشۇش ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىشىنى ساقلايمىز.

1972-يىلى ئۆكتەبىردە، بورزوۋدوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، "دوستلىرىمىز" 3 پارچە 100 دوللارلىق پۇلنى قايتۇرىۋەتتى، ئادەم ئىشەنگىدەك تەرىپى، بۇ 3 پارچە پۇلنىڭ ھەممىسىلا يالغان پۇل ئىكەن.

تە 1976-يىلى، رىمدا پۇل ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە ئامېرىكا ياكى دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە بىۋاستە ئالماشتۇرىلىدۇ، ئىتالىيە كومپارتىيىسىدىكى ئاساسلىق كىشى دائىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى،شۇڭا تېز ئۇچرىشىشبىلەن ئۆلۈك نوقتىدا مەخپى ۋە مۇرەككەپ شەكىلدە ئۇچرىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئىتالىيە كومپارتىيىسىرەئىسلەر سەھنىدىسىدىكى بىر قىسىم بەكلا ئىشەنچىلىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا ساداقەت بىلەن ئەگىشىدىغان ئادەم بار. ئۆلار ك گ ب بىلەن دائىملىق مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدۇ، بىز پەقەت بىر قانچە مورتىنى تاللىۋالساقلا بىرەرسىنىڭ پىيىغا چۈشىۋالمىغانلا

بولىدىكەن، [472] ئاپتوموبىلنى ئەلچىخانىغا ئاپىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بېرىدىغان پۇلنى ئېلىپ كېتەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ك گ ب ئىستىخبارات پونكىتىدىكى غىژ غاژرادىئو ستانسىنى كۆزىتىپ تۇرغاب ئىتالىيە ساقچىلىرى بىلەن بىخەتەرلىك قىسىملىرى ئىشلەتكەن ئالاقىلىشىش دولقۇن ئۇزۇنلىقىنى تېزگىنلىسەكلا ھەر قانداق كۆزىتىش ھادىسىسىنى دەرھاللا سېزەلەيمىز. يەنە بىر بىخەتەرلىك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى بولسا،ئەلچىلەر ئەلچىخانىغا كىرىپ چىققىشتا، كەينىدە ھەر دائىم ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ ماشىنىسى ئەگىشىپ يۈرىدۇ. موسكۋا يەنە ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ تېزگىنىدىكى شىركەت بىلەن ئىتالىيە تەرەپكە پايدىلىق سودا دېگۋارئىمزالىشىپ. ئىتالىيە كومپارتىيىسىگە ئىختسادى ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ. دېگۋارچېتىلىدىغان دائىرىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەمپورت قىلىنىدىغان نېفىتكە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سېلىۋاتقان مېھمانخانىلارغىمۇ بېرىپ چېتىلىدۇ.

1973-يىلى ئاۋغۇستتا، چىلى ئارمىيىسى سالۋادور ئالىيەنت رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە خلق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئوڭچىلارغا قارىتا ھەربىلەر سىياسى ئۆزگۆرۈشى قوزغاش ئەندىشىسىنى بارغانسىرى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇ يىلى دېكابىردا، ك گ ب ئىتالىيە كومپارتىيىسىگە مەخپى تۈردە 3 تۈرلۈك سېرىكا تىپىدىكى رادىئو ئىستانسىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىتالىيە كومپارتىيىسى مەجبۇرى تۈردە يەر ئاستىغا ئۆتۈپ باش شىتابى بىلەن پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى مۇناسىۋەت قىلىش ئىمكانىيىتىنى ساقلايدۇ. ئىتالىيە كومپارتىيىسى نىڭ رادىئو تېخنىكلىرى رۇسىيىدە بۇ يېڭى تىپتىكى ئالاقىلىشىش سىستېمىسىنىڭ ئىشلىتىشىمەخسۇس مەشىقىنى قىلىدۇ. ئەگەر سىياسى ئۆزگۆرۈش بولۇپ قالغىدەك قىلسا، سېرىنكا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئاندىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلۈك قۇۋۋەتلىك تارقاتقۇچى ئارقىلىق ئىستىخباراتلارنى ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىغا ئۇلاپ ئاڭلىتىپ بېرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ قايتىدىن كۆچىيىپ كېتىدىغان سىياسى ئۆزگۈرۈشتىن ئەنسىرەشمۇ ئىتالىيە كومپارتىيىسىنى باشقا تەرەپلەرگە تەرەققى قىلدۇرۇش يۆزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.بۇمۇ موسكۋانى بۇ غەرپ ئېلىدىكى ئەڭ چوڭ كومپارتىيىنىمۇ تەدرىخ ھالدا ئاشقىن تەلىماتلارنى قوبۇل قىلىشقا بۇرىۋېتىشىدىن ئەنسىرتىپ قويىدۇ. تېمىسى "چىلى ۋەقەسىدىن كېيىن ئىتالىيە نىڭ قايتا ئويلىنىشى" ھەققىدىكى ماتېرىيالدا. ئىنلىك بېرنىگ (1972-يىلى رۇڭگېنىڭ ئورنىغا چىقىپ ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرىتارى بولغان) نىڭ ھەسلىھەتى بىلەن سوتسىيال پارتىيە بىلەن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى خرىستىيان دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن تارىخى يارىشىش قىلىدۇ. كېيىن، بېرنگنىڭ بۇ سۆزىنى ھەممە دېگىدەك بىلىپ كېتىدۇ. بېرنگ بىلەن ئىلگىركى كرېمىل سارىيى بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرگەن ئاساسلىق كومپارتىيە رەھبىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ئايالى لېدىچىيە بىر سادىق خرىستىيان مورتى ئىدى. شۇڭا ئۇ بالىلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپلا خرىستىيان ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. رۇڭگ پۈتۈن ئىمكانىيەت بىلەن موسكۋانى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇناتتى، گەرچە بېرنگ نىڭ بىر خرىستىيان ئېتىقاتىغا ئىگە بىر ئائىلىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى ئەڭ مۇۋاپىق ئىز باسار نامزاتى بولالايتتى، ئەمما ئۇنىڭ 3 نەپەر مۇھىم رىقابەت رەقىبى، گيورگ ئامىندولا، جىئەن بايتا ۋە پېترو ئىنگىلاۋلارنىڭ ھېچقايسى باش سېكرتارلىقنى ھۆددىسىگە ئالالايدىغان مۇۋاپىق كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى.[474] رۇنگ بۇ 3 كىشىگە بەرگەن باھاسى ئايرىم ھالدا، ئامىندولادا بەكلا كۆپ بۇرجۇئازىيە دېموگراتلىرىنىڭ خاركتىرى بار ئىدى. ھەمدە ھەر دائىم رېۋىزونىست خاتالىقنى سادىر قىلىپ تۇراتتى، بايتا نىڭ ئىناۋىتى كۇنساتىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىجەزىمۇ بەكلا يامان ئىدى، شۇڭا ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى زادىلا ئىلگىرى سۈرەلمەيتتى، ئوگىلاۋغا كەلسەك، ئۇنىڭ تۈزۈكرەك سەۋىيىسى يوق ئىدى، ئۇ ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان نەزىرىيىلەر بىلەن باش قاتۇرۇپ يۈرىدۇ. ئەمما بېرنىگ بولسا 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېتىشكەن يېڭى ئەۋلاد

www.uyghurkitap.com

پارتىيە رەھبەرىدۇر، ئەمما موسكۋا ئۇنىڭغا بولغان گۇمانلىنىشىنى قوتۇلالمىغان ئىدى.

بېلىنگ لېنىننىڭ ئىنقىلابچىلار قايسى ۋاقىتتا چېكىنىدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىشى شەرت، دېگەن داڭلىق سۆزى بويىچە "تارىخ كېلىشىش" دېگەن بۇ مەسىلىچەتى بويىچە ئەڭ دەسلەپكى مەقسىدى ئاساسلىقى ئوتچىلئۇنسۇرلارنىڭ سىياسى ئۆزگۈرۈش قىلىشىدىن ساقلىنىشنىڭ بىر چارىسى قىلىنىشى لازىم. ۋاھالەنكى، بۇ تەۋسىيە تەدرىجى تەرەققى قىلىپ، قاپ يۈرەكلىككە تەرەققى قىلدۇ. موسكۋانىڭ قارشىچە بۇ بىر يولدىن چىقىپ خائىنلىق قىلىش بولۇپ، تاكتىكىدا ئاساسلىقى خىرىستىيانلىقنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئەنئەنىسى بىلەن، كومىنىزمنىڭ كوللىكتىپ ھەرىكىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىدۇر. شۇ ئارقىلىق يېڭىچە بىر سىياسى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈمنى شەكىللەندۇرگەن. 1975-يىلى بېلىنگ ياۋروپا كومىنىزمنىڭ ئاساسلىق باياناتچىسى بولدۇ، ئىتالىيە كومپارتىيىسى بىلەن ئىسپانىيە ۋە فرانسىيە كومپارتىيىسى بىلەن بىرلىكتە ماھىيەتتە ياۋروپا كومۇنىزمىنىڭ خىتابنامىسى نىڭ باياناتىنى ئېلان قىلىپ، سوۋېت سوتسىيالىزمى مودىسىدىن ئايرىلىپ، ئەركىن سايلام، ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە پارلامېنت يولى بىلەن كۆپ پارتىيىلىك سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچە بولدۇ.

1975-يىلى 12-دېكابىر كۈنى ئىتالىيە كومپارتىيىسى رەئىسىيەت ھەيئىتى ئىچىدە، بىر نەپەر ك گ ب يوشۇرۇنغان جاسۇسى، لىنوق بىلەن كۆرۈشكىنىدە، بېلىنگ بىلەن ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرىنى"نومۇسسىزلارچە لېنىنىزمغا خائىنلەق قىلدى دەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغانسىرى دۈشمەنلىك بىلەن قاراشقا باشلايدۇ. ئۇ سوۋېت كومپارتىيىسىگە قارىتا ئاشكارە بايانات ئېلان قىلىشىغا چاقىرىق قىلىپ،ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ يولىنى تەنقىت قىلىشقا چاقىرىدۇ: "بۇ بەلكىم پارتىيىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىگە يول ئېچىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ۋەزىيەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن بىر چارىسى. بۇ ئىچكى يوشۇرۇنغان دشمەن يەنە مۇنداق دەيدۇ، ئىتالىيە كومپارتىيىسى رەھبىرى 1976-يىلى يازدا شەرقى بېرلىندا چاقىرىلغان ياۋروپا كومۇنىزمچىلىرى

قۇرۇلتىيىدا، قۇرۇلتاينى ئۇلارنىڭ رىۋىزونىستلىق مۇھاكىمە سۇپىسىغا ئايلاندۇرىۋالماقچى بولىدۇ.

بېرلىن قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق كۆنلىرىدە، كىرىمىل سارىيى ياۋروپا كومىنىزمچەلىرىغا چاقىرىق قىلىپ، بىر قاتار قىلچە يوشۇرۇلمىغان ئاشكارە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرىدۇ. ئۇلارنى قالايمىقانلىق پەيدا قىلماڭلار، بولمىسا بىلىگ قىلچە قورقۇپ تىز پۈكمەيدۇ. 6-ئايدا ئېلىپ بېرىلغان ئىتالىيە مەملىكەتلىك چوڭ سايلىمىدا ئۇ موسكۋا ھەرگىزمۇ[474] ماقۇل كۆرمەيدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلەيدۇ، بېلىنگ مۇنداق دەيدۇ، ئىتالىيىنىڭ ناتو ئەزالىق سالاھىيىتى ئومۇمەن ئالغاندا بىر يۈزلىنىش: "ئۇ بىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈمىدى. شۇنىڭدەك ئۇ كونكرېتنى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، يەنى بۇ دېگەنلىك ئەركىن بىر سوتسىيالىزم، كۆپ خىللىق سوتسىيالىزم." كىرىمىل سارىيى كەسكىن سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بىر خەت بىلەن بىلىنگ ئورتىغا قويغان نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. تېخىمۇ مەنىلىك بولغىنى ئىتالىيە كومپارتىيىسى سايلامدا 34.5 % ئاۋازغا ئېرىشكەنلىكىدەك بۇ ئەمەلىيەت (1972-يىلىدىن بۇيان 7.3 نوقتا ئارتقان.) 6-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە شەرقى بېرلىندا چاقىرىلغان ياۋروپا ئەللىرى كومپارتىيە قۇرۇلتىيىدابىر قۇرۇق گەپ بىلەن تولغان بىرلەشمە دوكلات ئېلان قىلىپ، "خەكلارا ئىتتىپاقىقا چاقىرىق قىلىدۇ، ئەمما بۇنداق بىر ئۇقتۇرۇشسوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ياۋروپا كومىنىزمچىلىرى ئوتتۇرسىدىكى توقۇنۇشنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. بېلىنگ بىلەن باشقا ئاساسلىق يولدىن چىقىپ خائىنلىق قىلغانلارنىڭ قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن سۆزىدە كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر يولغا قويۇلىۋاتقان سوتسىيالىزم تۈزۈمى (يەنى سوۋېتنىڭ يولغا قويىۋاتقان مودا) دا مەۋجۇت بولغان بىر تەرەپلىمىلىك ئۇلارنىڭ نۇتقى تەكشۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگىنىدىن كېيىن ئاندىن "پراۋدا" گېزىتىدا ئېلان قىلىندى.

1976-يىلى دېكابىردا، كىرىمىل سارىيىنىڭ سادىق كارنىيى بولغارىيە رەھبىرى تيودور ژىفكوۋ ياۋبوپا كومۇنىزمچىلىرىنى بۇرجۇئازىيىنىڭ تەشۋىقات ماشىنىسى دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئاڭ سىستېمىسى ساھەسىدە

www.uyghurkitap.com

پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىزمىغا ئاغدۇرمىچىلىق قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم تەدبىرى. كىرىمىل سارىيى بىلىنگىنىڭ بىۋاسىتە ئۆدۈل ھۇجۇم قىلىشى ئۇنىڭ بەكلا زور ئابرويىغا بەكلا ئاز پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. چارسىز ئاندرىپوپ ئامالسىز چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كىليۇتچكوۋنى "ئاكتىپ تەدبىر" قوللىنىپ ئۇنىڭ ۋە باشقا ياۋروپا كوممۇنىزمچى چاقىرىقلىرىغا. چەتئەل ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەركىزى كومىتېتقا سۇنغان بىر پارچە دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ، بىلىنگىنىڭ ساردىن ئارلىدا بىر پارچە يەرنى ھەمدە قىممىتى نەچچە مىليونلۇن لىرالىق قۇرۇلۇش قىلغىلى بولىدىغان قۇرۇلۇش دېگۋارى بىلەن چېتىشلىقى بارئىكەن.

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا بولىدىغىنى، موسكۋا بىر تەرەپتىن بىلىنگىنىڭ چەكلىك ھەرىكىتىنىڭ بىر ئىسپاتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئورنىنى تەۋرىتىۋىيەلىشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتە، ئىتالىيە كومپارتىيىسىگە ئىزچىل تۇرده ماددى ياردەم بېرىپ تۇرۇپ، 1976-يىلى ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ بېرىلىدىغان ياردەمنى جەمئىي 650 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆستۈرىمىز. ئەمما ك گ ب نىڭ ئارخىپىدا خاتىرلەنگىنىدەك، رىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئىقتىسادنىڭ "ھەرىكەت مۇھتى" بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەكلا ناچارلىشىپ كەتتى، يېڭىدىن ۋەزىپىگە چىققان ئىستىخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى پاۋلىس سۇلوماجىن (ئۇنىڭ ئالدىدا نيۇيوركتا ئىشلەيتتى) [475] 1976-يىلىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئەلچىخانىدا پۇل تاپشۇرۇش بەكلا خەتەرلىك ، سۇلوماجىن بىلەن ئىتالىيە كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى مەورى ئورۇنلىرى مەسئۇلى گۇدو كاپىلومانى (پارولاسى ئاربىتو)ئەزەلدىن شۇنداق دەپ قارايتتى، ئەڭ بىخەتەر چارە يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە رىم شەھەر ئەتراپىدا ئاۋال بەلگىلەپ قويغان ھەمدە ئىستىخبارات پونكىتىبىلەن ئىتالىيە كومپارتىيىسى ئاۋال ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىققان يەردە پۇل ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئىتالىيە كومپارتىيىسى پۇل ئالىدىغان بۇ يولداشنىڭ ھەرىكەت قىلىش ماشىنا يولىنى كەسكىن كۆزىتىش ئارقىلىق پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، پۇلنى يەنە بىر ماشىنىغا يۆتكەپ ئاندىن بۇ ماشىنا

بىلەن پۇلنى پارتىيىنىڭ بىر مەخپى ئىشخانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان قىلىشقا بولىدۇ.

گەرچە بىلىنگ بىلەن ياۋروپا كوممۇنىزمچىلىرىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارالسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي بىيروسى يەنىلا ك گ ب نىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان ئىتالىيە كومپارتىيە ئەزاسىنى يەر ئاستى ھەرىكەت جەھەتتىكى مەشىق قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. ئالايلۇق، 1979-يىلى، ئىتالىيە كومپارتىيىسى رەئىسلەر بىيروسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى گۇرۇھى ئەللەر كومپارىيىسى ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاشكارە ئەمەس ئىدى. 70-يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئەڭ ئېغىر يۇشۇرۇن ئىختىلاپلار شەرقى ياۋرۇپا دىكى بىر قىسىم ئەللەرنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرى غەرپ تېررورلۇق تەشكىلاتى تەمىنلىگەن ياردەم مەسىلىسىدىكى بۇ مەسىلىدە ئىپادىلەنمەكتە. ۋاپات بولغان كومۇنىست بولمىغان شەرقى گېرمانىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى پېتېر مىسائىيېر دېستېرنىڭ دېگىنى بويىچە ئاللىغاندا، دېموگراتىك گېرمانىيە "تېررورىزىمچىلارنىڭ جەننىتى". بۇ چاغدا ئىتالىيە كومپارتىيەسى رەھبەرلىكى ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغىنى چېخسلوۋاكىيىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىتالىيە قىزىل باتالىيونىنىڭ قوللىشىدا ئىدى. 1978-يىلى 16-مارت كۈنى ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى كۆرۈلدى. شۇ كۈنى، قىزىل باتالىيونىنىڭ ئادەملىرى رىم شەھەر مەركىزىدەخىرىستىيانلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئالدور مورونىڭ ماشىنىسا، زەربە بېرىدۇ، مورونىڭ شوپۇرى بىلەن قوغدىغۇچىسى ئېتىپ ئۆلتۈرىلىدۇ، ئەمما مورونىڭ ئۆزىنى يەنە بىر تەييار تۇرغان ماشىنا بىلەن قاچۇرۇلىدۇ، كېيىنكى 54 كىندە، مورو بىر مەخپى جايغا سولاپ قويۇلىدۇ. ئەمما ھۆكۈمەت قىزىل باتاليون بىلەن قاچۇرۇلغان ئادەمنى قۇتۇلدۇرامدۇق يوق دېگەن مەسىلىدە قاتتىق تالاش تارتىش ئىچىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

گەرچە ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئاشكارە سورۇنلاردا تېررورچى ئۇنسۇرلار بىلەن قەتئى سودىلاشمايمىز دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئەمما ئاستىرتىن چېخسلوۋاكىيە بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات

www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىنىڭ ىزىل باتالىيوننى قوللاپ بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. رەئىسىيەت باشقارمىسىنىڭ باياناتچىسى[476] ئاتۇرو كېلون بى چېخسولوۋاكىيىنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋىلادىمىر كاۋۇتىسكىغا غەزەپلىنىپ مۇنداق دەيدۇ، ئىتالىيە كومپارتىيىسى پراگا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى زىيارەت قىلغىنىدا ئۇلار چېخ دائىرىلىرىنىڭ قىزىل باتالىيوننى قوللايدىغانلىق ئىكتىنى ئوتتۇرغا قويغان ۋاقتىدا ئۇلار ئۆتكەنكى ئىشلارنى يوشۇرۇپ بىر نېمە دېمەيدۇ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. سىلەر قىزىل باتالىيوندىكىلەرنى قوللاۋاتىسىلەردەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بەزى قىزىل باتالىيون ئەزالىرى چېخسلوۋاكىيىگە تەكلىپقىلىنىدۇ. 1978-يىلى 4-ماي كۈنى ئامىندورا كاۋۇتىسكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ، ئەگەر مورونى تۇتۇپ كېتىپ سوتلىغان بولىدىكەن، ئۇنداقتا چېخنىڭ قىزىل باتولىيون تەشكىلاتىنى قوللىغانلىق ئىشى ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ قېتىم سوۋېت باش ئەلچىسى رىنوف بىلەن ئىتالىيە بىر سەوتە تۇرىدۇ. ئۇ كاۋۇتسكىغا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئەمما ئۇلار رىنوۋنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ. "رىنوف چېخ بىخەتەرلىك ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق ئىستيخبارات پونكىتىيەنىلا قىزىل باتالىيون بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. " ئۇلار بەلكىم قىزىل باتالىيونلاردىن ئازغىنە مەنپەت ئالغان بولىشى مۇمكىن. ئۇ كاۋۇتسىغا مۇنداق دەيدۇ، ئەمما سىلەرنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنىڭلار ئېرىشكەن مەنپەتىڭلاردىن يۈز ھەسسە ئارتۇق."

ئىتالىيە مورونى سولاپ قويغان يەرنى ۋاقتىدا تاپالمايدۇ. 1978-يىلى 9-ماي كۈنى

# ئون توققۇزىنچى باب
# ئىدىيىۋى ئاڭ ساھەسىدىكى ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى

1965-يىلى سوۋېت ئاساسىي قانۇن كۈنى (5-دېكابىر) بۇ كۈنى، سوۋېتنىڭ "ئوخشىمىغان كۆزقاراشتىكى كىشىلەر تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئىپادىلىشىدۇ. تەخمىنەن 200 نەپەر ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكى كىشىلەر موسكۋانىڭ پوشكىن مەيدانىدا نامايىش قىلىپ، يازغۇچى ئاندرى شىنىيافوسكى بىلەن يۇرى دانىل (بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ ئىككىسىلا سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەسەرلىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىجتىمائى تۈزۈمىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەي سوتقا تارتىلىدۇ). بەزى نامايىشچىلار ئاساس قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋالغان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# يىگىرمىنچى باپ
# گورباچېۋنىڭ ساخاروۋنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىشى

1975-يىلى 1-ئاۋغۇست كۈنى، سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر ئوخشىمىغان قاراشتىكىلەر بىلەن كۆرەشتە كېيىن ستراتېگىيىلىك خاتالىق دەپ ئىسپاتلانغان بىر خاتالىق سادىر قىلىدۇ. [515]

# ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى

ئابلىز ئابدۇلھەق— 1951- يىلى تۇرپاننىڭ توخسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى توخسۇندا، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۈرۈمچى 5- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1972- يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ خېمىيە پاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1976- يىلى پۈتتۈرگەن. 1983- 1984 يىلى تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى خېمىيە پاكولتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئۇنۋانى لېكتور.

ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىدىكى كىچىك ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاخبارات تەتقىقات يۇرتى، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى... قاتارلىق جايلاردا ئىشلىگەن.

1989- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدا تۇتۇلغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىقتىن مەنئى قىلىنغان. 1993- يىلى يېشۆيەننىڭ يېنىدىكى ساقچى ئىدارىسىدىكى نوپۇسىنى سەنشىخاڭزىغا يۆتكەپ، پاسپورت ھەل قىلىپ قازاقىستانغان قېچىپ چىققان. 1994- يىلى 5- ئايدا تۈركىيەگە كېلىپ ئىستانبۇلدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئۇ 1996- يىلىدىن 2010- يىلىغىچە ئىستانبۇل سۇ ئىدارىسى ھامىدىيە بۇلاقسۇلىرى لابوراتورىيەسىدە لابىرانت (تەھلىلچى) بولۇپ ئىشلىگەن. 2000- يىلى تۈرك ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتكەن. 2010- يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن دەمئېلىشقا چىققان. شۇ يىلىدىن باشلاپ ئىستانبۇلنىڭ ئاسىيا قىتئەسىدىكى «ئىستانبۇل دارىلئاجىز مۇدۈرلۈكى»دە قالدۇ.

ئابلىز ئابدۇلھەق تۈركىيەگە كەلگەن 1994- يىلىدىن 2019- يىلى 9- ئايغىچە بولغان 25 يىل ئىچىدە «گېتلېرنىڭ بىيوگرافىيەسى» (2 قىسىم)، «تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەشلەر»، (گىتلېرنىڭ) «كۆرەشلىرىم»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«چېرچىل»، «ناپالېئون»، «فروئىد»، «ماسلوۋنىڭ بىيوگرافىيەسى».. قاتارلىق كىتاپلارنى تەرجىمە قىلغان. بۇ «گ ب نىڭ مەخپى تارىخى» قاتارلىق باشقا كىتاپلارمۇ بار.

ۋەتەن ئىچىدە «ياغاشچىلىق ساۋادى» دېگەن كىتاپنى يازغان. (1983)